سەمەت دۇگايلى

# هايات شاماللىرى

2

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ISBN 7-228-04252-2

ISBN7—228—04252—2

I. 1555(民文) 定价:25.00 元

سەمەت دۇگايلى

# هايات شامالللىرى

(رومان)

2

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى : مەمتىمىن شىپە
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى : جالالىدىن بەھرام
مەسئۇل كوررېكتورى : ئايگۈل سابىت

هايات شامالىرى ( 2 )

( رومان )

سەمەت دۇگايلى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 № )
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى
تىيەنىيىڭ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1168 × 850 مىللىمېتر 32 / 1
باسما تاۋىقى : 19.5 قىستۇرما ۋارىقى : 3
1998 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى
1998 - يىل 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى : 5,000 ——— 1
ISBN7 - 228 - 04252 - 2/I • 1555
باھاسى : 25.00 يۈەن

ئىككىنچى كىتاب

# ئاققۇنلۇقتا

ۋىژىلداپ تۇرغان شۋىرغان بىر ھەپتىدىن بۇيان ھېچ بېسىقماي چىقىۋاتىدۇ. بۇ شىۋىرغان ئويمان ـ چوڭقۇرلارنى قار بىلەن توشقۇزۇۋەتكەن، تالاغا چىققىلى بولمايدۇ. ھاجەت ئۈچۈن تالاغا چىقىدىغان بولساق، ئىنس ـ جىن ياشمايدىغان باشقا بىر ئالەمگە بېرىپ قالغاندەك تەسىراتقا چۆمىمىز. كۆز يەتكۈدەك دائىرىدە نە ئادەم، نە باشقا جانلىقتىن ئەسەر يوق...

بىزگە گۈمبەزدىن چىقالماي ياتقىلى بىر ھەپتە بولدى. گۈمبەزنىڭ چەتلىرى بۇزۇلغان كىچىككىنە كۆزنەكلىرىدىن، ئىشىكنىڭ پاخالدىن قىلىنغان قېلىن، قوپال پەردىسىنىڭ ئارىلىقلىرىدىن كىرگەن سوغۇق شامال يەڭ ئارىلىقىدىن كىرىپ، بىلەك ۋە جەينەكلەرنى چاقىدۇ، ياقىدىن كىرگىنى بويۇندىن يەلكىگىچە يالاپ ئۆتىدۇ. گۈمبەزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يانتاقتىن يېقىلغان گۈلخان بارغانسېرى لاۋىلداپ كۆيۈشتىن قېلىپ تۈتەپلا تۇرىدۇ. گۈمبەز ئىچىگە توشۇپ كەتكەن ئىسلارنى بىزنىڭ چىقىرىۋەتكىمىزمۇ كەلمەيدۇ. قۇرۇق يانتاقلار ئاللىقاچان تۈگىگەن، ئەمدى قالغانلىرى قار تېگىدە قېلىپ ھۆللەشكەن يانتاق بولۇپ، ئۇ كۆيگۈدەك قۇرۇۋالغۇچە ئۆزىمۇ پىشىلداپ قىينىلىدۇ. بىزنىڭمۇ كۆزىمىزنى ئېچىشتۇرۇپ، ياش تۆكۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ...

بىر دۆۋە ھۆل يانتاق ئاخىر لاپپىدە ئوت ئالدى. مەن كەينىمگىرەك قاتايدىم.

— يەر يۈزىدىكى ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئەكسىسى، سەن جىنىڭدا بىزنى بوزەك قىلىسەنا؟ — شا جۇمە شۇنداق دېگىنىچە ئوتتىن بېشىنى كۆتۈردى. خېلىدىن بېرى كۆيمەيۋاتقان يانتاقلارنى تولا پۈۋلەپ ئۇنىڭ يۈزلىرى ئېسىلىپ كەتكەنىدى. چاراسلاپ يېنىۋاتقان ئوتقا تىكىلگەن كۆزلىرىدىن تېخىچە ياش ئاقماقتا ئىدى، — يانتاقنى

ئاللاھ ئىگەم ئوت يېقىشقا ياراتقان ، ئۇنداق بولمىسىزە ، يانتاقنىمۇ ئېرىشەلمەي ئۆتۈپ كېتەر كەنمىز . . .

ئۇ سۆزلىگەچ كىردىن قارىيىپ كەتكەن يۇڭلۇق مەيدىسىنى ئالدىغا چىقىرىپ ئوتقا قاقلىدى . توڭۇپ كەتكەنلىكىدىن بولسا كېرەك ، مەيدىسىدىكى يۇڭلارنىڭ پېژىلداپ سۇس ئىس ۋە قاڭسىق پۇراق چىقىرىپ كۆيۈۋاتقىنىنىمۇ سەزمەيتتى .

— قازاننى ئېسىپ قويسام بولارمىكىن ، — شۇنداق دېگىنىمچە ئورنۇمدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقتىم .

تالادا شىۋىرغان توختىغان ، ھاۋا ئېچىلغانىدى . لېكىن ، سوغۇق سۆڭەك - سۆڭەكلەردىن ئۆتۈپ ، جاننى قاقشىتاتتى . مەن ئالدىراپ - سالدىراپ گۇمبەز تېمىغا دۆۋىلىشىپ قالغان قارغا كۆمۈپ قويغان يۇلغۇن تاياقلىرىنى ئالدىم . بۇ ئۈچ تاياقنى چېتىپ ياسىغان ئوچاق بولۇپ ، ھۆل تۇرۇشى ، كۆيۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئىشلىتىپ بولۇپلا قارغا كۆمۈپ قوياتتۇق . شۇ تاپتا بۇ تاياقلارمۇ مۇزدىن قاتۇرۇپ ياسىغاندەك سوغۇق ئىدى . گۇمبەز ئىشىكىنىڭ پاخال پەردىسىنى كۈچ بىلەن سىڭايان قايرىپ ئېچىپ ، گۇمبەز ئىچىگە كىرىۋالدىم . گۇمبەزدىن سىرتقا چىقماي ئولتۇرىۋەرسە گۇمبەزنىڭ ئىچى ناھايىتى سوغۇق بىلىنگىنى بىلەن ، سىرتتىكى سوغۇقنى كۆرۈپ گۇمبەزگە كىرسە ، بۇنىڭ ئىچى ناھايىتى ھوزۇر ، ئىسسىق بىلىنەتتى .

— شىۋىرغان بېسىقىغا چۈشۈپتۇ ، — دېدىم لەيلەپ يۈرگەن ئىستىن قېچىپ ئېگىشىپ ، يۇلغۇن تاياقچىسىنى ئوچاق قىلىپ ، گۈلخاننىڭ ئۈچ تەرىپىگە سانجىپ تۇرۇپ .

— شىۋىرغان پەسەيسە تېخىمۇ سوغۇق بولىدۇ - دە ! — دەپ قويدى شاجۇمە ئوتتىن كۆزىنى ئۈزمەي .

تالاغا يەنە بىر چىقىشىمدا ئۈچ پۇتىدىن ئىككىسى سۇنغانلىقتىن يەرگە دەسسىيەلمەيدىغان ، تۆمۈر سىم بىلەن ئىككى يېرىدىن ئىلىپ ، ئۈستى تەرىپىگە تۇتقۇچ قىلىنغان داڭقانىغا قولۇمنىڭ كۈچى يەتكۈدەك قار بېسىپ قايتىپ كىردىم . مەن بىلەن بىرمۇنچە سوغۇق ، ئۆتمىتۆشۈك پىيى-



مام بىلەن يېرىم زەمبىلچە قار بىللە كىردى . ئىسسىپ خېلى جان كىرىپ قالغان شاجۇمە قايتىدىن شۈمشەيدى . مەن ئوت ئۈستىگە كېرىپ توختىتىلغان تاياق ئوچاققا قازاننىڭ تۇتقۇچىدىن ئېسىپ قويدۇم . شاجۇمە ھۆل يانتاقتىن ئاز - ئازدىن ئېلىپ گۈلخانغا تاشلاپ تۇردى . قازاندىكى قار ئېرىپ سۇ بولسا ۋە قاينىسا ، ئىككىمىز ئۈچۈن ئىچىدىغان قايناق سۇغا ئايلىناتتى .

— باي ئۈچۈنمۇ ، گاداي ئۈچۈنمۇ ئوخشاش يەنە بىر تاڭ ئاتتى ، — دېدى شاجۇمە گۇمبەز كۆزنىكىدىن تالاغا قارىۋېتىپ ، — ئازاب - ئوقۇبەت ، دەرد - ئەلەم ، گۇناھ ، جىنايەتلەر بىلەن بېزىلىدىغان بىر كۈن باشلاندى .

— قار سۈيى قاينىسا سىلە شۇنىڭ بىلەن ناشتا قىلغاچ تۇرسىلا ، مەن شەھەرگە بىر كىرىپ چىقاي ، — دېدىم .

— بۈگۈن مەن كىرىپ چىقاي ، — شاجۇمە ئورنىدىن تۇرۇپ ، يالىڭاچ بەدىنىگىلا كىيىۋالغان جۇل - جۇل جۇۋىسىنىڭ پەشلىرىنى تارتىپ ئۆتۈشتۈرۈپ ، بېلىدىكى كولا ئارغامچىسىنى چىڭ تارتىپ باغلىدى ، — سىلە ئولتۇرىۋەرسىلە ئوكام ، ھېلىمۇ ئۈچ كۈنىگىچە ئۇدا سىلە كىردىلە . . .

— تۆتىنچى كۈنىمۇ بولۇپ كەتمىسۇنمۇ ؟ سىلە ئىسسىنالمايلا - دە !

— مەن ئوت ئىچىدە ياتسامۇ ئىسسىمايدىغان ئوخشايمەن . مېڭىپ يۈرۈپ ئىسسىپ قالسام ئەجەب ئەمەس ، بامداتتىن يېنىشىغا ئۈلگۈرۈپ كىرەي . . .

ئۇ گۇمبەز تېمىدىكى قوزۇققا ئىلىنلىق خالتىسىنى بېلىگە قىستۇرۇپ ، ئۈستىگە قېلىن بىر قەۋەت پاخال يۆگەلگەن يىرتىق مەسىنى تارتىپ قويۇپ گۇمبەزدىن چىقىپ كەتتى . مەن كەينىدىن چىقىپ ، خۇداغا ئامانەت دەپ ئۇنى يولغا سېلىپ قويدۇم - دە ، ئىشىككە يۆلەكلىك تاياق بىلەن گۇمبەز ئىچىگە بىر - ئىككى يۇدۇم يانتاق ئىتتىرىپ ، پاخال پەردىنى ھەم ياپتىم .

گۈمبەز ئىچى تېخى قاراڭغۇ بولسىمۇ، ئوت يورۇقى چۈشۈپ، ئىسسىپ كەتكەنىدى. مەن سوغۇقتا تۈزۈك ئۇخلىيالمىغانلىقتىن، ئەمدى ئىسسىقتا بەدەنلىرىم بوششىپ، داق يەرگە سىڭايان يېتىپ ئوتقا تىكىلدىم. مۇنداق يالغۇز قالغاندا ئادەمنى خىيال باسىدۇ. مەنمۇ نەچچە ئون، بەلكى نەچچە يۈزىنچى رەت سۈرگەن خىياللىرىمنى يەنە خاتىرەمگە ئېلىپ، گاھ ئۆرلەپ، گاھ پەسىيىۋاتقان ئوت بىلەن مۇڭدىشىمەن. ھۆل يانتاق دەم قاپقىنى تۇرۇۋالغاندەك قاراڭغۇلىشىپ ئىس چىقىرىدۇ، دەم كۈلگەندەك پاللىدە يانىدۇ.

... نىھايەت، قەشقەر شەھىرىدىكى قىزىل دەرياسىغا چېرىكنى بىللە سۆرەپ چۈشۈپ، ئۇنىڭدىن ئاجرىلالماي ئېقىن بىلەن خېلى ئاياغلارغا كەتكەنىدىم. ئۇ مەندىن ئايرىلدىمۇ، ياكى مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلدىممۇ، بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ غەرق بولماي قىرغاققا چىقتىم. سۇنىڭ ئىچى نېمىلىكى بولسا قىرغاقتىكىدەك سوغۇق بىلىنمىگەنىدى. قىرغاققا چىقىپلا بېشىمدىن ئايىغىمغىچە مۇزدىن كىيىم كىيگەندەك بولۇپ قالدىم. بېشىمدىكى تۇماق دەريا ئىچىدە چۈشۈپ قالغان بولۇپ، ئۆسۈپ كەتكەن چاچلىرىمدىكى سۇ مۇزلاپ چېكىلىرىمنى قىساتتى. ئۇستۈمدىكى كۆرەك جۇۋا مىڭ جىڭ ئېغىرلىقتىكى يۈكتەك دولامدىن پەسكە باساتتى، ئۇنىڭ سىرتى مۇزلاپ قېتىپ كەتكەن بولۇپ، يۇڭلىرىدىن بولسا توختىماي سۇ ئاقاتتى. نەچچە ئايلاپ سالمىغان ئۆتۈك ئەمدى توساتتىن بوشاپ قالغانىدى. ماڭا پاقالچىقىمغىچە سۇ ئىچىدە تۇرغاندەك بىلىنەتتى.

تۇرسام ياكى ئولتۇرسام مۇزلاپ قالىدىغانلىقىمنى چۈشەندىم. ماڭاي دېسەم قورساق ئاچ، يۈگۈرۈش، سۇ ئىچىدە جان تالىشىپ ئۈزۈش تۈپەيلىدىن تېرىقچىلىكمۇ ماغدۇرۇم قالمىغانىدى. لېكىن، ياشاشقا ئىنتىلىش مېنى ئۆزۈمنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىش دەرىجىسىگە ئەكەلگەنىدى. ئۆلمەسلىك ئۈچۈن مېڭىش لازىملىقىنى، زادى ماڭالماي قالغاندىمۇ ئۆمىلەپمۇ بولسا ئىلگىرىلەش كېرەكلىكىنى ھېس قىلاتتىم. ھەرىكەت قىلىپ تۇرۇشلا مېنى مۇزلاپ قېلىشتىن ساقلىيالايتتى.

نەگە بارىمەن، قايسى تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلەيمەن؟ بۇلار



ھەققىدە باش قاتۇرمىدىم. ئارقامدا دەريا، دەريانىڭ نېرىقى يېقىدا مېنى ئۆلتۈرۈش بىلەن ئارام تاپماقچى بولغاندەك بىلىنىدىغان قەشقەر شەھىرى بار ئىدى، پەقەت ئالدىمغا مېڭىشىم لازىم ئىدى. شۇنداق، ئالدى تەرەپىمنى ئۇدۇللاپ كېتىۋەردىم. شېغىللار، توڭلاپ كەتكەن كاللەك-كاللەك چالمىلار، ئاندىن پەملىشىمچە ئاغدۇرۇپ سۇ قۇيۇۋېتىلگەن شاللىقلار (ئېتىزلارنىڭ يۈزى قېلىن مۇز تۇتۇپ كەتكەنىدى) ئارقىدا قېلىۋەردى. كانجىلانغان بۇغداي ئېتىزلىرى، كۆتۈشەكلىرى كولاپ ئېلىنمىغان قوناقلىقلارمۇ بىر-بىرلەپ كەينىمدە قېلىۋەردى.

ماغدۇرۇم تۈگەپ، يەرگە گۈپپىدە يىقىلىپ چۈشكۈدەك ھالغا كەلگىنىمدە تارغىنا بىر يېزا يولىغا چىقىپ قالدىم. يول ماڭا يېڭىدىن ئۈمىد، كۈچ بەرگەندەك ۋە يەنە شۇنىڭ بىلەن تەڭ ۋەھىمە، ئەنسىزلىك ئېلىپ كەلگەندەك تۇيۇلاتتى. ئادەملەر ئارىسىغا يېقىنلاشقانلىقىمدىن خۇشال ئىدىم، شۇنداقلا بۇ ئادەملەرنىڭ قايسىبىرىنىڭ مېنى تۇتۇپ بېرىشىدىن ياكى ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىغا خەۋەر قىلىپ قويۇشىدىن ئەندىشە قىلاتتىم.

يولدىن چىقماي مېڭىۋەردىم. ئەمدى چېچىمدىن تارتىپ تاپىنىمغىچە چىلىق-چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەنىدى. بۇ سۇ بەدىنىمنىڭ ئىسسىقىدىن ئېرىپ كەتكەن مۇز سۈيى ئەمەس، تەر ئىدى. تەلىيىمگە ماڭا ئادەم ئۇچرىمىدى. قانداقتۇر بىر مەھەللىلەردىن ئۆتكىنىمدە ئىتلار ئۇچرىغان بولسىمۇ، نېرىدىن قاۋاپ قويۇپ يېقىن كەلمىدى ياكى تالاشقا ئۇرۇنمىدى. شۇ ھالىمدا مېنى ئىتلار ئەمەس، توخۇلار بولسىمۇ چوقۇلاپ بوزەك قىلسا تامامەن كۈچى يېتەتتى.

ساراڭدەك، مەست بولۇپ قالغاندەك دەلدەڭشىپ يۈرۈپ تاڭ ئاتقۇچە ماڭدىم. كۈن چىقىش تەرەپ بېلىق قورسىقىدەك ئاقىرىشقا باشلىغاندا، ئۇ چەت-بۇ چېتى غىلاڭ سايلىق بىر تۈزلەڭلىككە ئۇلاشتىم. بۇ يەرنىڭ نامى نېمە، سايلىقنىڭ ئۇ تەرىپى قايسى جاي، سول تەرىپىدە قانداق يۇرت بار، مېڭىۋەرسەم نەگە بارىمەن؟... بىلمەيتتىم. بىراق، توختاپ قېلىشقا بولمايدىغانلىقىنى، مېڭىش كېرەكلىكىنىلا چۈشىنەتتىم.

ئايىغىمنىڭ تېگى ئېگىز - پەس ئىدى. قاچان يولدىن چىقىپ كەتكىنىمنىمۇ ئاڭقىرالمىدىم. «ماڭ، بىر قەدەم بولسىمۇ شەھەردىن يىراقراق كەت!...» دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە ھەيدەكچىلىك قىلاتتىم.

ئەتراپتىكى ئۈنى - بۈنى پەرق ئەتكىلى بولىدىغان دەرىجىدە يورۇق چۈشكەندە، بىر ئادەم بويى ئېگىزلىكتە توپا قاڭداپ سوقۇلغان قۇرۇق تامغا دوقۇرۇشۇپ قالدىم. شۇ يەرگە يەتكەندە ماغدۇرۇم قۇرۇغان، تىنىقىممۇ بىر - بىرىگە ئۇلاشماي قالغانىدى. ئەگەر ئالدىمنى تام توسمىغان بولسا يەنە ماڭاتتىممىكىن. ئەمما، ئەمدى كەينىمگە ياكى ئىككى يېنىمغا بۇرۇلغۇدەك كۈچ قالمىغانىدى. ھەرقانچە تىرىشىپ باقساممۇ، تامغا يۆلىنىۋالاي دېسەممۇ دەسسەپ تۇرالماي «گۈپپىدە» يىقىلىپ چۈشتۈم...

«ھەي، ئۆلۈپ قالارمەنمۇ؟ — دەيتتىم ئىچىمدە، — ئېتىلىشتىن قېچىپ دەرياغا سەكرىدىم. مۈزلاپ ئۆلۈشتىن قورقۇپ بىر كېچە يول ماڭدىم. ئەمدى ئىنس - جىن يوق مۇشۇ تام تۈۋىدە ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ؟...»

ئاشۇ دەھشەتلىك سېزىم ھوشۇمنى يوقىتىپ قويۇشتىن ساقلاپ تۇراتتى. مىدىرلىيالمىساممۇ، كۆزۈمنى ئاچالمىساممۇ، ئىت قاۋىغان ئاۋازنى، ئارقامدا كىملەرنىڭدۇر سۆزلەشكىنىنى ئاڭلاپ تۇردۇم. مەن مەھەللە ئىچىدە ئەمەس ئىدىم. ئۇنداق بولسا بۇ ئىت، ئادەملەر نەدىن كېلىپ قالدى؟

ئادەملەر بىر - بىرى بىلەن خېلى ئۇزۇن سۆزلەشتى، بىر نېمىلەرنى دەپ تالاشتى. ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرساممۇ، گېپىنىڭ مەنىسىنى پەرق ئېتەلمەيتتىم. ئاخىر ئۇلار مېنى ئاغدۇرۇپ ئوڭدا قىلىشتى. ئەمدى گېپىمۇ ئوچۇق ئاڭلاندى:

— تىرىك ئىكەن، — دېدى بىرى. ئۇنىڭ نەپەس ئېلىشىنى، تىنىقىغا چىلە پۇرىقى ئارىلىشىپ كەتكەنلىكىنى تۇيدۇم، — جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغاندەك تۇرىدۇ...

— ئەپتىدىن ئوغرىدەك قىلمايدۇ، قەلەندەر بولسا كېرەك، نېمە،



جىمى يېرى سۇدىن ھازىر چىققاندەك ھۆلغۇ؟ — دېدى يەنە بىرەيلەن.

— قانداق قىلىمىز، يەنە بىردەم ئۆتسە شېھىتتەك قېتىپ قالىدىغۇ؟

— ئەكىرىپ كېتەيلى، بىر ئادەم ئۆلۈۋاتسا كارى بولماسلىق مۇسۇلمانچىلىققا دۇرۇس ئەمەس. نېمە ئادەملىكىنى ھوشىغا كەلگەندە سوراپ باقمايمىزمۇ؟

ئۇلار مېنى ئۇنداق قىلىپمۇ، مۇنداق قىلىپمۇ كۆتۈرەلمىدى. ئورنۇمدىن تۇرالمىغانىدىمۇ يەڭگىللىشىپ، ئۇلارغا ماسلىشىپ بەرگۈم بار ئىدى، ئەمما، بۇنداق قىلىش قولۇمدىن كەلمىدى. ئاخىر ئۇلار ئىككى قولتۇقۇمدىن تۇتۇپ سۆرەپ مېڭىشتى. مەن قۇلىقىم بىلەن ئۇلارنىڭ ھاسىرىغىنىنى ئاڭلاپ، كۆزۈم بىلەن ئاقىرىپ بېرىۋاتقان ئاسماننى، خىرە نۇرىنىمۇ يوقىتىپ ئۆچۈۋاتقان يۇلتۇزلارنى كۆرەتتىم، ئايىغىم ئاستىدا توڭلاپ قېتىپ كەتكەن داڭگاللارنى سېزەتتىم...

مېنى سۆرەپ پەس بىر يەرگە ئەكىردى. قۇلىقىمغا يانتاقنىڭ پاراسلاپ يېنىۋاتقانلىقى ئاڭلاندى. ئۈستۈمدە قارىداپ، ئىستىن پەيدا بولغان تورلار ساڭگىلاپ تۇرغان چەللىدەك تورۇس كۆرۈنەتتى. بۇرنۇمغا قىغ - چەل پۇرىقى ئۇرۇلاتتى. ئەزايى بەدىنىم سۇ ئىچىدە تۇرغاندەك ھۆل بولسىمۇ ئوتنىڭ ھارارىتىنى سېزىپ تۇراتتىم.

ئىككى كىشى ھۆل كىيىملىرىمنى سالدۇرۇش - سالدۇرماسلىق ئۈستىدە ئازراق تالىشىپ، بىرىنىڭ، سالدۇرۇۋەتسەك ئۆپكىسىدىن قۇرۇق قالىدۇ، دېگەن گېپى بىلەن سالدۇرمايدىغان بولۇشتى. ئاندىن بىرى چۆچەكتە قايناقسۇ ئىچۈردى، يەنە بىرى بېشىمنى ئۆرە قىلىپ يۆلەپ تۇردى. ئاچ قورساققا ئىچكەن قايناق سۇ كۆڭلۈمنى ئاينىتىپ تۇرسىمۇ، ئىچىمگە ئىسسىق ئۆتۈپ، بەدىنىمدە خېلى راھەت سەزگىنىمچە ئۇيقۇغا كەتتىم...

ئويغانغىنىمدا يەنىلا شۇ پېتىم ياتاتتىم، يەنىلا ئوت كۆيۈپ تۇراتتى، ئۈستۈمدە چەللىدەك تورۇس قارىيىپ كۆرۈنەتتى. بۇرنۇمغا قىغنىڭ پۇرىقى كېلەتتى. جۇۋامنىڭ ئوت كۆيگەن تەرەپتە تۇرغان ئوڭ تەرىپى يېڭىم بىلەن قوشۇلۇپ قۇرۇپ كەتكىنىنى، ئۆتۈكۈمنىڭمۇ ئوت

تەرەپتىكى ئوك يېنى قۇرۇپ ، ئوتنىڭ ئىسسىقى پاقالچىقىمغىمۇ تەسىر قىلىۋاتقىنىنى تۇيدۇم . بۇلار ھەرگىز ئاز - ماز ئۇخلىمىغانلىقىمنى بىلدۈرەتتى . بېشىمنى كۆتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلدىم .

— ئويغاندى ! — دېدى بىرەيلەن .

— ھە ، ئەمدى ئۆرە بولۇپ ئولتۇرۇڭلا بۇرادەر . . . ، — دېدى يەنە بىرەيلەن .

جەينىكىمگە تايىنىپ تۇرۇپ ئۆرە بولدۇم ۋە تۆت تەرىپىمگە ھەيران بولۇپ قارىدىم . بۇ كىگىز ئورنى كەڭلىكىدىكى گەمە ئىدى . بۇنى يەرنى ئويۇپ ياسىغانلىقى ، يەرنىڭ ئۈستىگە بادرا سالغانلىقىدىن بىلىشكە بولاتتى . تورۇسنىڭ ئوتتۇرىسىدا ، شۇ تاپتا كۆيۈۋاتقان گۈلخاننىڭ دەل ئۈستىدە تۈڭلۈك بار ئىدى . بۇ تۈڭلۈك گەمىگە يورۇقلۇق ، ھاۋا يەتكۈزۈپ بېرىش ھەم ئىس چىقىرىۋېتىش رولىنى ئوينايتتى .

ئوك تەرىپىمدە چاچ - ساقاللىرى ئاقىرىپ كەتكەن ، يۈزىگە تاتۇققا ئوخشاش چوڭقۇر قورۇقلار ئىز سالغان ، مۈكچىيىپ قالغان بىر بوۋاي يانپاشلاپ ياتاتتى . ئۇنىڭ ئاستىغا يۇڭلۇق ئۆچكە تېرىسى سېلىنغان بولسىمۇ ، بوۋاي ئاشۇ يانپاشلىشىدا تېرىدىن داق يەرگە چىقىپ قالغانىدى . سول تەرىپىمدە تېخى بۇرۇتى خەت تارتمىغان بىر يىگىت ئوت چۇخچىلاپ ئولتۇراتتى . ئۇ ماڭا قارايمەن دەپ قولىدىكى كۆسەي كۆيۈپ كېتىۋاتسىمۇ سەزمەيتتى . بوۋاي بىلەن ياش يىگىتنىڭ ئۈچىسىدا تاشلانمىغان جۇۋا ، بېشىدا ئاق تۇماق ۋە پۇتىدا چورۇق بار ئىدى . ئۇلارنىڭ كىيىملىرىلا ئوخشاش بولۇپ قالماي ، كىرلىشىپ ، قارىداپ كېتىش دەرىجىسىمۇ ئوخشاش ئىدى .

— بىرەر يىل ئۇيقۇسىز قالغان ئوخشىمامسىلە ، بۇرادەر ؟ — ياش يىگىت كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدى . ئەمما ، گەپ ئاھاڭىدا مېنى مەسخىرە قىلىۋاتقانلىقى بىلىنەتتى ، — پۈتۈن بىر كۈن ، يەنە بىر كېچە ئۇخلىدىڭلا ، ھازىر تۈنۈگۈن سىلە كەلگەن ۋاقىت بولدى . . .

مەن ھاڭ - تاڭ بولۇشقا ئۈلگۈرمەي ، بوۋاي ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى :



— كۆمىچىڭنى ئال بالام ، ئۆزۈڭدىن چوڭ ئادەم بار يەردە گەپنى ئاز قىل . . .

يىگىت ئارپا ئۇننى خېمىر قىلىپ پىشۇرۇلغان كۆمەچنى ئالدى . كۆمەچ سەل كۆيۈپ كەتكەن بولسىمۇ ناھايىتى مەززىلىك تېتىدى . مېنى تەئەججۇپلەندۈرگىنى كۆمەچ ئارىسىغا ئېلىنغان يۇمشاق گۆش ئىدى .

بوۋاي ئۆزلىرىنىڭ پادىچى ئىكەنلىكىنى ، قىش - ياز مۇشۇ جاڭگالدا پادا باقىدىغانلىقىنى ، ئىككى يۈزدىن ئارتۇق قوي ۋە مۇشۇ جاڭگالنىڭ سەمەر ھاجى ئىسىملىك بىر بايغا قارايدىغانلىقىنى ، بۇ جاڭگالنىڭ « قاقۇللانىڭ سېيى » دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى . يىگىت بوۋاينىڭ نەۋرىسى ئىكەن ، بوۋاي ئاشۇ يىگىتتىن كىچىكرەك چېغىدا سەمەر ھاجىنىڭ دادىسىغا يىلىغا بىردىن قوي بېرىش توختامى بىلەن پادىچىلىققا ياللانغانىكەن . ئاتمىش يىلنىڭياقى قوي بېقىپتۇ . ياشىنىپ قالغانلىقتىن يىراق - يېقىنغا بارالماي ، ئۈچ يىلدىن بېرى نەۋرىسىنىمۇ يانداشتۇرۇۋاپتۇ . كۆمەچ ئارىسىغا ئېلىنغىنى ئۈچ كۈن ئىلگىرى ئۆلۈپ قالاي دېگەندە ھالال قىلىۋالغان قوزىنىڭ گۆشى ئىكەن .

— ئۆزلىرى كەم بولىلا ، نېمە بولۇپ بۇنداق چۆپ - چۆپ سۇ بولۇپ كەتتىلە ؟ — دەپ سورىدى بوۋاي سۆزىنىڭ ئاخىرىدا مەندىن ، — كىيىم - كېچەك ، چاچ - ساقاللىرىغا قارىسا تىلەمچىدەك ، ياش قۇراملىرىغا قارىسا ئۇنداقمۇ ئەمەس كۆرۈنىلا . . . يا ھەپسىدىن قاچىلىمۇ ؟

مەن نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي بىردەم ئولتۇرۇپ ، بوۋايغا ماسلىشىش ئۈچۈن ئۆزۈمنى بىر باي سودىگەرنىڭ يىللىقچى چاكىرى دېدىم . سودىگەرنىڭ دۇكىنىغا ئوغرى كىرگەنلىكتىن ، مېنى ياخشى قارىمىدىڭ ، دەپ ئۈچ ئاي سولاپ قويغانلىقىنى ، كېيىن يىتكەن نەرسىلەرنى تۆلەيسەن دەپ خەتكە قول باستۇرۇشقا ئۇرۇنغاندا قاچقانلىقىمنى ، كەينىمدىن قوغلاپ كەلگەنلەردىن قۇتۇلىمەن ، دەپ يولدىن ئېزىپ كېتىپ ، قاراڭغۇدا بىر كۆلگە چۈشۈپ كەتكەنلىكىمنى ، يەنە شۇ قېچىش ۋەسۋەسىسىگە بېرىلىپ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىمنى

بىلمەيدىغانلىقىمنى . . . سۆزلەپ ، ھەر كىم ئاڭلىسا ئىشەنگۈدەك چۆچەك توقۇدۇم .

بوۋاي بىلەن نەۋرىسى چۆچەكىمگە ئىشىنىپ ماڭا ئىچ ئاغرىتىشتى .

— يېتىكەن - قاچقان نەرسىلىرىگە « سەن ئىگە بول ، تىلخەت ئالاي » دېگەن بولسا بالا - قازانى باشلىرىغا تاڭاي دەپتۇ ئۇ ، — دېدى بوۋاي ئاشۇ « باي سودىگەر » گە غەزەپلىنىپ ، — ئۆمۈرۋايەت ، ھەتتا يەتتە ئەۋلادلىرىغىچە قۇل قىلاي دەپتۇ . . . بىراق ، — ئۇ سەل ئويلىنىۋېلىپ تەشۋىشىنى يوشۇرمىدى ، — باي دېگەننىڭ قولى ئۇزۇن ، پۇتى چەبدەس بولىدۇ . قېچىپ نەگە بارالايلا ؟ ئۇ يامۇلغا ئەرز قىلىپ ھەر يەردە بولسىلىرىمۇ تۇتتۇرۇپ ئاپىرىدۇ - دە !

مەنمۇ ئۇنىڭ سۆزلىگىنىدەك ئويلىغىنىمنى ، شۇنداقتىمۇ باشقا يول تاپالماي تەۋەككۇل دەپ قاچقانلىقىمنى ئېيتىپ بەردىم . ئۇ ئاتا - ئانام يوق يېتىملىكىمنى ئاڭلاپ ئېغىر تىندى - دە :

— ھەر نېمە بولسا بالا - قازانى دۆڭگەيدىغان يېقىنلىرى يوق ئىكەن ، — دەپ خاتىرجەم بولغاندەك بولدى ، — سىلە توغرا ئويلاپلا ، ھازىرچە قەشقەر دوتيىي تەۋەلىكىدىن چىقىپ كەتسىلە ، ئاقسۇ ، كۇچا تەرەپكە بولامدۇ ، يەكەن ، خوتەن تەرەپلەرگە بولامدۇ ، نېرى كەتسىلە . مەنغۇ ئەل ئۆمرۈمدە قەشقەرنىڭ شەھەر ئىچىگىمۇ ئۈن يېتىم ئارىلىق يېقىنلىشىپ تۇرۇپ كىرىپ باقمىغان . ئاڭلىغىنىم بار ، ئاڭلىشىمچە ، بىر دوتەيلىك تەۋەسىدىن يەنە بىر دوتەيلىك تەۋەسىگە قېچىپ كەتسە ، ئۇ يەرگە بىر دوتەينىڭ يازغان گۇگۇسىنىڭ كۈچى ئۆتمەيمىش . . .

بوۋاي شۇنداق مەسلىھەت بەرمىسىمۇ ئۆزۈمنىڭمۇ شۇنداق قىلغۇم بارئىدى . ھازىر ئەدەپ ساقلاپ ، « خوش ، شۇنداق » دەپ ئولتۇردۇم .

پادىچى بوۋاينىڭ گەمىسىدە يەنە ئىككى كۈن تۇردۇم . مۇشۇ ئارىلىقتا كىيىملىرىمنى قۇرۇتتۇم . بوۋاينىڭ مەسلىھىتى بويىچە مىغىلداپ كەتكەن پىتلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھەممە ئېگىن - ئاياغلىرىمنى گەمە تېشىدا توڭغا سالدىم . گەمىنى تونۇردەك قىزىتىپ نەچچە ئايدىن بېرى سۇ تەگمىگەن بەدەنلىرىمنى راھەتلەندۈرۈپ غۇسلى قىلدىم . بوۋاي بىلەن



نەۋرىسى ئەتىسىگەندە قويلىرىنى ھەيدەپ چىقىپ كەتسە كۆز باغلانغاندا قايتىپ كېلەتتى . يالغۇز قالغان ئىككى كۈنۈم ئەنە شۇنداق ئۆتتى . مېنى بىئارام قىلغىنى پايتىمام بولدى . بىقسىپ ، پىتلاپ كەتكەن بۇ پايتىمىنى باشقا نەرسە بولمىغانلىقتىنلا ئوتقا تاشلىيالمىدىم ۋە ئۇنىمۇ توڭغا سالدىم . كۆمۈش تەڭگىلەرلا بۇزۇلماي ، سېسىماي ، پىتلىماي ئۆز پېتى تۇراتتى . مەن ئىككى سەر تەڭگە ئايرىۋېلىپ پادىچى بوۋايغا بېرەي دېدىمۇ ، كېتىدىغان چاغدا بېرىش ئۈچۈن قالدۇردۇم . ئالدىن بەرسەم بوۋاي « يىللىقچى چاكار » ئىكەنلىكىمدىن گۇمانلىنىشى مۇمكىن ئىدى .

يولغا چىقماقچى بولغانلىقىمنى ئېيتقىنىمدا بوۋاي مېنى تۇرۇشقا زورلىمىدى . ئۇ دۇئا بېرىشتىن ئىلگىرى گەمە تورۇسىنىڭ بىر يېرىگە تىقىقلىق ئۇستىرا بىلەن كاپلىغۇچىنى ئېلىپ ، نەۋرىسىگە چېچىمنى يۇمشىتىشنى بۇيرۇدى . كېيىن ئۇ بىر كېچە دەريادىكى سۇغا چۆشۈپ مۇزلاپ كەتكەن تۆكلەر ئىچىدىمۇ يەنە ياشاپ قالالىغان ئاق قوناقتەك پىتلار قىمىلداپ كەتكەن چېچىمنى پاكىز چۈشۈرۈپ ساقىلىمنى قالدۇردى .

— چىرايلىرىنى خەقلەرنىڭ تونۇمىغىنى ياخشى ، — دېدى ئۇ ساقال قويۇپ قويۇشنىڭ سەۋەبىنى ئىزاھلاپ .

ماڭا بەرىبىر ئىدى . شۇڭا « رەھمەت » دېدىم . بوۋاي شۇنىڭدىن كېيىنلا ماڭا رۇخسەت بەردى . ئۆزىنىڭ كىيىپ ياتىدىغان يەنە بىر تۇمىقىنى كىيگۈزدى . بۇ تۇماق قىرسا بىر ئىلىكچە كىر ۋە ياغ ئالغىلى بولغۇدەك دەرىجىدە قاسماقلىشىپ كەتكەن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممە تەرىپى ئۆتمەتۆشۈك ئىدى . شۇنداق بولسىمۇ ئۇ يالاڭ بېشىم ئۈچۈن زۆرۈر ئىدى ۋە دەريادا ئېقىپ كەتكەن تۇمىقىمغا قارىغاندا ھازىرقى جۇۋامغا تولىمۇ ماس كېلەتتى . بوۋاي يەنە داڭقانغا تۇۋاق بولغۇدەك چوڭلۇقتا ئىككى كۆمەچ پىشۇرۇپ يوللۇق تۇتتى . شۇنىڭدىن كېيىن نەۋرىسىگە مېنى يېڭىسار يولىغا ئاپىرىپ قويۇشنى بۇيرۇدى :

— كۈندۈزلىرى بىرەر مازار - گۆرىستانلىقلاردا كۈن ئۆتكۈزۈپ ، كېچىسى ماڭسىلا ، — دەپ جېكىدى ئۇ ماڭا ، — چوڭ يول ، دەڭ - ئۆتەڭلەرگە يېقىن يولىماي چەتلەپ يۈرسىلە . . . تاڭ سەھەرلەردە تارتىنماي

ئىشىك تېشىدا تۇرۇپ، ئاڭلاپ باقمىغان، خېلى يېقىملىق ناخشىغا قۇلاق سالدىم. قايسىبىر ئايال يالغۇز باشلاپ ئېيتىۋاتاتتى:

يورۇڭغاشىنىڭ بويلىرىدا گۈل ئېچىلدى،
ئۆز يارىمنىڭ زىنىقىدىن نۇر چېچىلدى.
باشقا ئاياللار ئەگىشىپ ئېيتىۋاتاتتى:
گۈللىرىڭنىڭ غۇنچىسىنى قىسىۋالسام،
زىناقلارغا لەۋلىرىمنى يېقىۋالسام.
يالغۇز ئېيتقان ئايالنىڭ ئاۋازى ئايرىم ئاڭلاندى:
چەكمەن تونلۇق قەشقەرلىك ئەر ئېپ كەتمىدى،
يول يىراقى ئۆز يۇرتلۇقنى كۆرسەتمىدى.
باشقىلار قوشۇلدى:
ئەر كىشىنىڭ گېپى يالغان، باغرى تاشكەن،
ۋاپاسى بار بىزگە ئوخشاش قەلەمقاشكەن.

ناخشىدىن كېيىن شىۋىرلىشىشلار باشلاندى. ئاياللار نېمىنىدۇر بىر نەرسىنى تالىشىۋاتاتتى. شۇ ئارىدا چولپانخاننىڭ ئۈنى ئاڭلاندى:
— شۇ نەرسىنى قىلمىساڭلارچۇ جېنىم چوكانلار، ناخشا ئېيتىشىپ ئولتۇرساقمۇ كۆڭۈل ئېچىلىدىكەنغۇ؟
— سەن ھېلىقى بۈگۈن كەلدى دېگەن دىۋانە بىلەن كۆڭلۈڭنى ئېچىۋالغانسەن ھەقىچان؟ — ئۈنى بومراق چىقىدىغان بىر ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، — بايىتىن بېرى نېمىشقا بۇ چولپاقنىڭ پۇت-قولى تېتىك دەيمەن...
— تۇۋۋا دە ئاچا، قاراپ تۇرۇپ قارا چاپلىساڭ يامان بولىدۇ...، — بۇ يەنە چولپانخاننىڭ ئاۋازى ئىدى.
— ئۆزۈڭ ئاغزىڭ بىلەن دېدىڭ! — باشقا بىر ئاۋاز لوقما تاشلىدى، — كەلگەن چېغىدا ئادەمنىڭ قورققۇسى كېلەتتى، ھامامدىن چىقىپ، يېڭى ئۈستۋاش كىيىپ، ئايدەك ئېچىلىپ كەتتى، دېدىڭ...
— دېگىنىم بىلەن ئۇ دەرۋىش ئىكەن، يەردىن ئۈستۈن قارىماي-



دىكەن... ئۇنداق يىگىتكە ھارام كۆز بىلەن قارىغىلى بولامدۇ؟
— چولپانخان، راستىڭنى دېگىنە، — باشتىكى بوم ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى، — ئۇنى كۆرۈپ كۆڭلۈڭ بىر قىسما بولدىمۇ، قانداق؟
— ئەتە ئۇنى ھەممىڭلار كۆرىسىلەر، — چولپانخان قىينالغاندەك بوغۇلۇپ سۆزلەيتتى، — شۇ چاغدا سىلەر قانداق بولساڭلار مېنىمۇ شۇنداق بوپتىكەن دەرسىلەر. ئۇ ناھايىتى تەقۋادار، يۈزى تۆۋەن، ئادەمنىڭ كۆڭلىدە ھۆرمەت قوزغايدىغان يىگىت ئىكەن. ئۇدۇل قاراشقىمۇ تەپ تارتىدۇ كىشى...
— مەن ئۇنى چوقۇم بۈگۈن كۆرىمەن...
— ھەممىمىز بىللە كۆرەيلى...
— ناخشا ئېيتىڭلار بالىلار، — دېدى باشقىچىرەك بىر ئاۋاز. ئاۋاز ئاۋۇشىدىن قارىغاندا، بۇ يېشى چوڭراق ئايال ئىدى.
— شۇنداق قىلايلى، ناخشا ئېيتايلى، — دېدى يەنە بىر ئايال، — قايسىسىنى ئېيتىمىز؟
— سەن باشلاۋەرمەمسەن؟
قايسىدۇر بىر ئايال:
— ھەممەيلەن بىرلىكتە «ئەزىز جانىم»نى ئېيتايلى، — دېدى.
— ئېيتتۇق ئەمىسە، — قوشۇلدى كۆپ ئاۋاز.

ئەزىز جانىم غورۇلايچىلىك ئەمەسمۇ؟
ئەيىب دەيسەن، بەندىچىلىك ئەمەسمۇ؟
ئۇ سۆيگەندە ئېرىندىم راست، ناۋاتتەك،
سېنىڭ ئىشقىڭ يوق قىلچىلىك ئەمەسمۇ؟
ئىشقى يوقتىن ساقلا ئاللاھ، ئايارەي،
پاناھىڭدا ئاسرا ئاللاھ، ئايارەي.

غۇنچە ئىدىم ئېچىلمىغان شېخىمدا،
بۇلبۇل ئىدىم، سايرار ئىدىم بېغىمدا.
ئەمدى قۇرۇپ قاقشال بولدۇم ئوتۇندەك،

رەڭلىك لاتا ـ پىتىلەردىن سۇنئىي ياماق سالغان، بەزىلىرىنىڭ بەلبېغىغا ساپايىلەر قىستۇرۇلغانىدى. ئۇلارنىڭ تۇرقۇمغا قاراپ، مېنىمۇ ئەل كېزەر قەلەندەر تائىپىسىدىن، دەپ قاراۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. دەرۋىشنىڭ مېنى «دىۋانىخان» دەپ مۇراجىئەت قىلىشى شۇنى ئىسپاتلايتتى.

دەرۋىشلەر توپىغا ئۇچرىشىپ قالغىنىمغا شۈكۈر قىلىپ، مەندىن سوئال سورىغان دەرۋىشنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئورنۇمدىن تۇردۇم. شۇ كۈنلەردە ماڭا دەرۋىشلەر توپى ئەڭ بىخەتەر بولۇپ، باشقا ھەر قانداق ئادەملەردىن كەم تەشۋىشلەندۈرەتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — دېدىم ئىككى قولۇمنى كۆكسۈمگە ئېلىپ. ئەمما، ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمىدىم.

دەرۋىش «دىۋانە» لىكىمگە ئىشەنگەن بولسىمۇ، سىناپ باقماقچى بولغاندەك يەنە سورىدى:

— نەگە بارىسەن، ھەمراھلىرىڭ قېنى؟

— نەگە بېرىشىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، — دېدىم دادىللىق بىلەن، — ئاخشام بىر توغراقلىقتا تۈنىگەنىدۇق، ئەمدى شۇ يەرگىچە كەلدىم. ھەمراھلىرىمنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ...

— ئىمامىڭ كىم ئىدى؟

مەن بۇ سوئالنى «باشلىقىڭ كىم ئىدى» دېگەنلىك دەپ چۈشىنىپ قارىسىغىلا، ئاغزىمغا چۈشۈپ بەرگىنى بويىچە جاۋاب بەردىم:

— ھاجى مەخسۇم شەمشىدىن تۆرەم...

دەرۋىش بېغىشىدا قامچىسى بار قولىنىڭ ئۈزۈك سېلىنغان بارمىقىنى كۆتۈرۈپ، گۆشلۈك مەڭزىنى تاتىلاپ ئويلاندى. بىرىنى ئەسلىگەندەك كۆزىنى قىسىپ يىراققا قارىدى. ھېچكىمنى ئەسكە ئالالمىدى بولغاي، ماڭا قاراپ سورىدى:

— نەچچە ئادەم ئىدىڭلار، ئۇيۇشقىلى قانچىلىك بولدى؟

— تۆت ئادەم ئىدۇق، — قارىسىغىلا سۆزلەۋەردىم، — ئۈچ يىلدىن ئاشتى...

دەرۋىش كۈلۈپ كەتتى:



— ئۈچ يىلدىن ئاشقىچە تۆتتىن ئاشالمىغان بولساڭلار، ئىمامىڭنىڭ ھالى چاغلىق ئىكەن، شۇڭا سېنى تاشلاپ تىكۋەتكەن گەپ. قەسەم ئىچىمەنكى، ئىككى ئايغا قالماي ئۇ ئىمامىڭ كەسپىنى ئۆزگەرتىدۇ... نەلىكسەن؟

ھېلىغىچە داۋام قىلغان سوئال ـ جاۋاب چانمىغانىدى... «قەشقەرلىك» دېسەم بۇ دەرۋىش قەشقەردىكى ئاللىقانداق شېرىكلىرىنى ياكى تونۇشلىرىنى سورىسا «دىۋانىخان» لىقىم پاش بولۇپ قالمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ، پادىچى بوۋاي ئېيتقان يۇرتنىڭ ئىسمىنى دېدىم:

— قاقۇللادىن تەقسىر...

دەرۋىش كۈلۈۋەتتى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ كۈلكىسىگە باشقا ھەمراھلىرىمۇ جور بولدى.

— دېمىدىممۇ... — دېدى ئۇ، — قاقۇللا دېگەن دوپپامچىلىك يېزا تۇرسا، ئۇ يەردىن قانچىلىك ھالقا تۈزگىلى بولىدۇ؟... — ئۇ ماڭا شۈبھىلىك قاراپ، — تەرىقەت يولىغا كىرگىلى راست ئۈچ يىلدىن ئاشتىمۇ ساڭا؟ — دەپ سورىدى.

— ئارى...

— تەكشۈرۈپ باق!

ئۇ پىيادىلەر ئىچىدىكى بويى ئېگىز، سالۋار تۇماقلىق، تونىنىڭ ئىچىدىكى بەلبېغىغا تاغ تېكىسىنىڭ مۈڭگۈزىدىن ساپ قىلىنغان ساپايە قىستۇرۇۋالغان بىرىگە بۇيرۇدى.

ئۇ نېمەمنى تەكشۈرۈپ باقىدۇ؟ بىلمىگەنلىكىمدىن تۇرۇپ قالدىم. ئۇ ئىككى چامداپلا يېنىمغا كېلىپ، ئاۋۋال ئەسكى تۇمىقىمنى يۇلۇپ ئالدى. پادىچى بوۋاي چۈشۈرۈۋەتكەن، ھېلى تېخى تازا ئۆسمىگەن چېچىمغا نەپرەت بىلەن قاراپ، تۇمىقىمنى بېشىمغا قوندۇرۇپ قويۇپ، كۆرەك جۇۋامنىڭ ياقىسىنى قايرىدى. ئىچىمدىكى يىرتىق چاپاننىڭ ياقىسىدا لۆمۈلدەپ يۈرگەن پىتلاردىن ئىزا تارتىپ يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇم. پادىچى بوۋاينىڭ گەمىسىدە توڭغا سالسامۇ ئۆلمىگەن بۇ ئەبلەخ پىتلار جۇۋىنىڭ تۈكلىرىدىمۇ سىكىلەپ، مىغىلداپ كەتكەنىدى.

سالۋار تۇماقلىق ئوڭ قولىنىڭ بارماقلىرى بىلەن پىتلارنى چىمدىپ - چىمدىپ ئېلىپ سول ئالقىنىنى توشقۇزدى - دە ، كەينىگە يېنىپ بىرىپ دەرۋىشكە كۆرسەتتى . دەرۋىش بېشىنى رازىمەنلىك بىلەن لىڭشىتقاندىن كېيىن ، ئۇ پىتلارنى يولغا تاشلىۋېتىپ ، ئالقىنىنى تونىنىڭ پېشىگە سۈر-تۈپ قويدى . ئۇنىڭ پىت تەكشۈرگەنلىكىنى شۇ چاغدا بىلدىم .

— خۇدانىڭ جانىۋارلىرى بەدىنىڭدىن رىزقى ئېلىپ ياشىغىنىدىن قارىغاندا گېپىڭگە ئىشىنىشكە بولىدىغاندەك تۇرىدۇ ، — دېدى دەرۋىش ماڭا ، — بىراق ، چېچىڭنىڭ يوقلۇقى نېمە گەپ ئۆزى ؟ چاچ ئۆسۈك بولۇشى ، ساقال - بۇرۇت ۋە چاچلار ئارىلىقىدىنمۇ خۇدانىڭ جانىۋارلىرىغا جاي تېپىلىشى كېرەك ئەمەسمۇ ؟ سېنىڭ ئۇ بىر نېمە ھاجى ، بىر نېمە تۆرە دېگەن ئىمامىڭ بۇلار توغرىسىدا بىلمەمدىكىنە ياكى سەن . . .

ئۇنىڭ گۇمانلىنىۋېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئالدىراپ :

— ئىمام ھاجى مەخسۇم شەمشىدىن تۆرەم چاچتا بولمىسىمۇ بولىدۇ ، ساقالدا كۆپرەك بولغىنى ياخشى دېگەنىدى ، — دەپلا ساقىلىمغا قول سوزۇپ بىر نەچچە پىت تاپتىم . دەرۋىشنىڭ ئالدىغا بارغۇچە يەنە بىر قولۇمغىمۇ بىرنەچچىنى ئالدىم .

ئۇ پىتلارغا قاراپ « بولدى » دېگەندەك باش لىڭشىتتى .

— سېنىڭ ئىمامىڭ ئىسمىغا لايىق مەخسۇم ئىكەن . شۇڭا ، روناق تاپالماپتۇ . چاچتىمۇ بولۇشى لازىم . قولۇڭدىكىنى جايىغا قوي ، — بۇيرۇدى ئۇ .

مەن ئىككى قولۇمدىكى پىتلارنى ساقىلىمنىڭ ئارىسىغا سېلىپ قويغاندىن كېيىن ، ئۇ مېنى ماختاپ قويدى :

— بەدەنلىرىڭنى قىمىرلاتمايدىكەنسەن ، جانىۋارلارنى يامان كۆرمەيدىكەنسەن ، بۇ ساڭا ئىشىنىشكە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ ، — ئۇ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ سورىدى ، — مېنىڭ ھالقامغا قوشۇلامسەن ؟

مانا مەن ئەسھابۇل كەئبدىن چىقىپ كېلىۋاتقىلى ئالتە ئاي بولدى ، توققۇز كىشىلىك ھالقا بولدۇق ، مۇشۇ سەپىرىمىزنىڭ ئاخىرى ئىمامى جەئفىرى سادىق بولىدۇ . ھەزرىتى غەۋسىل ئەزەم ئابدۇقادىر جىلانىنىڭ يولى بو-



يىچە ماڭىمىز . مەن ھالقامنى بىريۈز ئون بىرگە ، بىرمىڭ بىر يۈز ئون بىرگە يەتكۈزمەكچىمەن . ئۇنىڭغىچە ئاز بولساقمۇ ساز بولغاچ تۇرايلى . نى - نى مۆجىزىلەرنى يارىتىمىز . . .

مەندە ئۇ سۆزلەۋاتقاندەك غايە ، ئىستەك بولمىسىمۇ ، شۇ كۈنلەردە كەينىمدىن قوغلاۋاتقان خەتەردىن قۇتۇلسام دەيدىغان ئارزۇ بار ئىدى . بۇ ئارزۇغا يەككە - يېگانە پېتى يېتەلىشىمگە كۆزۈم يەتمەيتتى . شۇڭا ، نېرى - بېرىسىنى قويۇپ ، مۇشۇ دەرۋىشلەر توپىغا قوشۇلۇۋالاي ، بۇلار تاپىدىغىنىنى تاپسىلا ئادەمسىز جايلاردا يۈرىدۇ . مەن چېرىك ۋە يايىلارنىڭ كۆزىدىن نېرى بولىمەن ، دەپ ئويلىدىم . شۇڭا :

— قوبۇل قىلسىلىلا خۇداغا شۈكۈر قىلاتتىم ، — دېدىم .

— رەسمىي قوبۇل قىلىش كېيىن بولىدۇ ، — دېدى ئۇ ، — بىز تېخى سېنى ئىشقا سالىمىز ، سىناپ كۆرىمىز . . . ھازىرچە كەينىمىزدىن ماڭ !

مېنى قانداق ئىشقا سالىدۇ ، قانداق سىناپ باقىدۇ ؟ بۇلار خىيالىمغا كەلمەيتتى . مېنى « يوقال » دېمىسىلا بولاتتى . مەندە ئۇلارغا يېتىشىپ ماڭغۇدەك ماغدۇر يوق ئىدى . شۇنداقتىمۇ ئىلاجىم قانچە ؟ ئالدىمىزدا ئۈچ ئېشەكلىك ئۈچ بۇرجەك بولۇپ يولغا چۈشتى . قالغان يەتتەيلەن قاتارلىشىپ ئېشەك تۇيىقى ئاستىدىن پۇرقىراپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئاچچىق شور توپىنى يۇتۇپ يۈرۈپ كەتتۇق .

ھەممىنىڭ كەينىدە كېتىپ باراتتىم . تەلىيىمگە يېشى مەندىن چوڭراق ، كېيىنىشى باشقا دەرۋىشلەردىن ناچارراق ، ئوتتۇرا بوي بىرەيلەنمۇ ئارقىدا قالغانىدى . ئۇ پۇتىغا يۇمشاق چورۇق كىيىۋالغان بولسىمۇ نېمىشقىدۇر ئاقسايتتى .

— بۇ قەيەر ، بىز نەگە كېتىۋاتىمىز ؟ — ئاۋازىمنى پەس چىقىرىپ سورىدىم ئۇنىڭدىن .

ئۇ سوئالىمدىن ئەجەبلەنگەندەك بولۇپ ماڭا بىر قاراپ قويدىيۇ ، يەنە جاۋاب بەردى :

— بۇ ياقلارنى بىلمەيلا ؟ بۇ نېمە بولغىنى . . .

— بېشىم گەرەخ بولۇپ قالدى، — چېنىپ قالماسلىق ئۈچۈن توغرا جاۋابتىن ئۆزۈمنى قاچۇردۇم، — بۇرۇنغۇ بۇ تەرەپلەرگە نەچچە كەلگەن...

ئۇ سۆزۈمدىن گۇمانلانغان بولسىمۇ، شۇنداق بولۇشى كېرەكتەك ئاسماقچىلاپ سۈرۈشتۈرمەي:

— بۇ جايلار پىسەنگە تەۋە. بىز ئوردىخان پادىشاھىمغا كېتىۋاتىمىزغۇ؟ — دېدى.

ھەيران قېلىشىم ئاشۇ گەپ ئۈچۈن ئىدى. «ئوردىخان پادىشاھىم» دېگىنى يېكەنسارغا يېقىن بىر قۇملۇقتىكى مازارنىڭ ئىسمى ئىدى. بۇ يەرگە كېلىپ باقمىغان بولسامۇ، خەلقنىڭ ھەر يىلى ھوشۇر ئېيىنىڭ ئونىنچى كۈنى مۇشۇ ئوردىخان پادىشاھىمغا كېلىپ تاۋاپ زىيارىتىدە بولىدىغانلىقىنى ئاڭلايتتىم. مېنى ھازىر ئەجەبلەندۈرگىنى مۇشۇ كۈنلەر ھوشۇر ئېيىمۇ، ئەمەسمۇ؟ دېگەن مەسىلە ئەمەس، ئالتە كېچە يول مېڭىپ تېخىچە يېكەنسار تەۋەسىگە كېلەلمىگەنلىكىم ئىدى.

— ناندەك بىر نېمە يوقمىدۇ؟ — ئىزا-نومۇسىمۇ قايرىپ قويۇپ، تۇنجى قېتىم تىلەمچىلىك قىلدىم. قورسىقىم ئېچىپ زادى بولالماي قېلىۋاتاتتىم.

— بىرەر ئەپلىك جاي بولسا ناشتىغا توختايمىزغۇ دەيمەن، — دېدى ھەمراھىم سوئالىمدىن ئەجەبلەنمەي، — شۇ تاپتا ھەممەيلەننىڭ قورسىقى ناغرا چېلىۋاتىدۇ تايىنلىق...

ئۇنىڭ سۆزى راست چىقتى. ئېشەكلىكلەر بىر نەچچە تۈپ يۇلغۇن بار بىر قۇم دۆۋىسىنىڭ يېنىدا ئېشەكتىن چۈشتى. پىيادىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئۇلارغا يېقىنراق ماڭغان ئىككى-ئۈچەيلەن تېز بېرىپ ئېشەكلەرنىڭ نوختىسىنى ئېلىپ، يېتىلەپ بېرىپ يۇلغۇن شېخىغا باغلىدى. قايسىبىر خۇرجۇنلاردىن تورۋا ئېلىپ ئېشەكلەرنىڭ بېشىغا كىيدۈردى. باشقىلار شۇ يەرگە يېقىن يەرگە چوڭ تېرىلەردىن ئۇلاپ تىكىلگەن داستىخان سېلىپ، خۇرجۇنلاردىن يېمەكلىكلەرنى، تۇلۇمدىن ئىچىدىغان سۇنى ئېلىشقا باشلىدى.



بىز ئىككىمىز كېچىكىپ بارغان بولساقمۇ ئىككىنچى داستىخاندىن ئورۇن تەگدى. يەنە بىر داستىخان ئەتراپىدا ئېشەك مىنگەن ئۈچەيلەننىلا ئولتۇرۇشتى. مەن ئۈچەيلەن بۇ «ھالقا» ئىچىدە ئالاھىدە ھۆرمىتى بار كىشىلەر بولۇپ، پەرقلىق ياشايدىغانلىقىنى پەملىدىم.

داستىخان مول، باياشات ئىدى، يېمەكلىكلەرمۇ مۇنداق چۆل قۇملۇقتا ماس كەلمىگۈدەك ئالىي ئىدى. ئىچىگە گۆش ئېلىنىپ، سىرتىغا قوي يېغى سۈرتۈلگەن قاتلىما، سوغۇق گۆش، سامسا، گۆش گىردە، ئۆرۈك ۋە ياڭاق مېغىزى، ھەتتا مۇراببالارمۇ بار ئىدى. «بەگدەك ياشايدىكەنغۇ بۇ دەرۋىشلەر، — ئويلىدىم ئىچىمدە، — بۇنچە ئېسىل يېمەكلىكلەرنى تىلەپ تاپامدىغاندۇ، پۇلغا ئالامدىغاندۇ؟...»

تېز-تېز، چوڭ-چوڭ ئالسام باشقىلار نېمە دەر، دەپ ئويلاشلىرىمنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى ئاشۇلارنىڭ ئۆزى ئىسپات ئەتتى. ئۇلارنىڭ ھېچبىرى بىر-بىرىگە ياكى ئەتراپىغا قاراپ يۈرمەي، بىر قولىدىكىنى ئاغزىغا سېلىپلا يۇتماي تۇرۇپ، ئىككىنچى قولى بىلەن يا گۆشتىن، يا قاتلىمىدىن سىقىمىغا پاتقۇچە ئېلىپ تەييارلىنىپ تۇراتتى. يېگىنىم قانچە كۆپ بولغاندىمۇ ئۇلارنىڭ قورسىقىغا كىرگىنىنىڭ ئۈچتىن بىرىگىمۇ بويلىمايدىغانلىقىنى ھېسابلاپ ئۈلگۈردۈم.

نېمىلىكى بولسا قازىخانا ھويلىسىدىكى سولاقتا ياتقان چېغىمدا مۇھەممەت ئاقچى باققانغا ئوخشايدىغان بىر ۋاخلىق غىزاغا ئېرىشىپ، پۈت-قولۇمغا جان كىردى، روھىممۇ كۆتۈرۈلۈپ قالدى. چۆچەك ئىككى بولغانلىقتىن، سۇ ئىچىشكە كەلگەندە نۆۋەتلىشىشكە توغرا كەلدى. ماڭا نۆۋەت ئازراق، كېيىنرەك تەگكىنى بىلەن ھەرھالدا سۇنىمۇ تويغۇدەك ئىچتىم. يېمەكلىكلەر، سۇ توغرىسىدا سوئال سورىغۇم بار ئىدى، بۇنى «تېگىم» ئېچىلىپ قېلىشتىن قورقۇپ سورىمىدىم. يەنە بىر قىزىق ئىش، بۇلار ئۆز ئارا چاقچاقلىشىش تۇگۇل، زۆرۈرىيىتىدىن ئوشۇق بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايتتى.

دەرۋىشلەرچە دۇئا قىلدۇق، يەنى ھېچكىم دۇئا باشلىمىدى، ھەركىم ئۆز ئالدىغا ئالقانلىرىنى ئېچىپ، ھېچقانداق ئايەت ئوقۇمايلا

ئالىقانلىرىنى يۈزىگە سۈردى. بۇ ساقال – بۇرۇتلارغا چاپلاشقان، ئېغىز چۆرىلىرىدە قالغان يېمەكلىكلەرنىڭ يۇقىنى سۈرتۈۋېتىش رولىنى ئوينىدى. شۇنىڭدىن كېيىن خۇرجۇندىن يېمەكلىك چۈشۈرگەنلەر ئاشقان نەرسىلەرنى داستىخانلارغا يۆگەپ، يەنە خۇرجۇنلارغا قاچىلىدى. مەن بۇ ئىشنىمۇ ئۇتتۇر كەلگەن بىرى قىلمايدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم.

بىز مېڭىپ كەتتۇق. ئەمدى قەدەملىرىم تېتىكلىشىپ قالغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ تاماقتىن ئىلگىرى بىللە ماڭغان ئاقساق ھەمراھىمنى ئارقىدا قويغۇم كەلمەي، ئۇنىڭغا يانداشىپ ماڭدىم. ئۇ بۇ ئىشىمدىن رازى بولغاندەك بىر ئىپادىنى كۆز قارىشى بىلەن ئىپادىلىدى. ئەمما، ھېچنېمە دېمىدى...

چۈشكە يېقىن بىز بىر كەنتكە يېقىنلاشتۇق، نېرىدىن قارىغاندا بۇ كەنت ئانچە چوڭ ئەمەس، ئۆيلىرى تارقاق، كۆرۈمسىز ئىدى. شۇ يەردە ئارام ئالساق كېرەك، دەپ ئويلىۋىدىم، ئۇنداق بولمىدى. كەنتكە كىرىشكە بىر – ئىككى يۈز قەدەمچە ئارىلىق قالغاندا ئېشەكلىكلەر پەسكە چۈشتى، پىيادىلەر ئۇلارغا يېتىشىپ باردى. دەرۋىش بىز ئىككىيلەن يېتىپ بارغۇچە ساقلاپ تۇرۇپ:

— ئىككىڭلار نېمىشقا ھە دېسە كەينىدە سۆرىلىپ قېلىشىسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

— پۇتۇمنىڭ يارىسى زادى ماڭغىلى قويمايۋاتىدۇ، تەقسىر... — دېدى ھەمراھىم چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ.

ئۇ مەندىنمۇ سورامدىكىن دېسەم، كۆزىنى ماڭا بىر قېتىم تىكتىيۇ، باشقىلارغا قارىدى.

— كەنتكە كىرىمىز دىۋانىخانىلار، — دېدى ئۇ جاراڭلىق ئاۋازدا، — كەنت كەمبەغەل، نەپ چىقمايدۇ، ئەمما، ئالالىغىنىمىزچە ئالىمىز. قۇشقاچمۇ گۆش، پاختەكمۇ گۆش... ئۇنىڭغا قوشۇپ داڭقىمىزنى تاراتساقمۇ ھېساب، — ئۇ شۇ يەردە ئاقساق ھەمراھىمغا ئايرىم بۇيرۇدى، — سەن خالتاڭنى يېڭى كەلداخۇنغا بېرىپ،



ئۆزۈڭ مۇشۇ يەردە ئېشەكلەرنى باقاچ ساقلاپ تۇر.

ئاقساق ھەمراھىمنىڭ ماڭا بەرگىنى تىلەمچىلەرنىڭ تىلەپ تاپقان نەرسىلىرىنى سالىدىغان، بۆزدىن تىكىلگەن خالتا ئىدى. مەنمۇ باشقىلارنى دوراپ خالتىنى بوينۇمغا ئېسىۋالدىم، بۇ ماڭا شۇنچىلىك ئېغىر كەلدىكى، خورلىنىش، ئەلەم ھېس قىلىشتىن يۈزۈم لاۋۇلداپ ياناتتى. « خۇدايا خۇداۋەندە، ئۆتكەن ھاياتىمدا تىلەمچى، دىۋانىلەر توغرىسىدا ئۇلۇغ سۆزلىگەن بولغىيمىدىم؟ — دەپ ئۆكۈنەتتىم ئىچىمدە، — تىرىكلىكىمدە تارتقان جاپالىرىم ئاز كېلىپ، ئەمدى بۇ كۈنلەرگىمۇ قالدىممۇ؟... » مەن شۇ يەردە يەنە پادىچى بوۋاينىڭ مېنى ئۇزىتىۋاتقۇچە ئېيتقان: « تاڭ سەھەرلەردە تارتىنماي ئىشىك قېقىپ نان تىلەۋەرسىلە... ئوغۇل بالىغا ئوغرىلىق قىلىشتىن باشقا ئىش نومۇس ئەمەس، گۇناھ بولمايدۇ... » دېگەن سۆزىنى يادىمغا ئالدىم. « ئاغزىدىن سائەت چىقىپتىكەن بوۋاينىڭ... » دەپ ئويلىدىم. بىراق، نومۇس قىلغىنىم بىلەنمۇ ئاللىقاچان تىلەمچىگە ئايلىنىپ قالغىنىمنىمۇ ئەسلەپ قالدىم. ئۆز رازىلىقىم بىلەن دەرۋىشنىڭ « ھالقىسى » غا قوشۇلغان، ئۇنىڭ داستىخىنىدىن سىقىمىم تولغۇچە ئېلىپ، قورسىقىم تويغۇچە ئوزۇقلانغانىدىم.

كەنت ئاغزىغا كېلىپلا دەرۋىش:

– ئەنتەلھادى ئەنتەلھەق، لائىلاھە ئىللەللاھ... — دەپ ۋارقىرىدى.

توققۇزەيلەن رىتىملىق، بىر خىل ئاۋازدا ئاشۇ سۆزلەرنى تەكرارلىدۇق. ساپايىلەر، بىلەيدەك ئۇزۇن، نېپىز تاشلار بىز توۋلىغاندا رىتىمنى تەڭشەپ، تاۋۇش پەسلىگەندە جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى.

مەن ھەقىقىي تىلەمچىگە ئايلانغانىدىم. كەنت ھەقىقەتەن كەمبەغەل، ئادەملىرى ئاز، ئۆيلىرى شالاڭ ئىدى. بىزنىڭ ئاۋازىمىزنى ئاڭلاپ بوۋايلاردىن تارتىپ شۇنداق سوغۇقتىمۇ ئىشتانسىز يۈرگەن باللارغىچە كۆرگىلى چىقىشتى. مەن بۇ يەردە ھېچكىمنى تونۇمايتتىم، مېنىمۇ ھېچكىم تونۇمايتتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، توپتىن قېچىپ

كەتكۈم كېلىپ، يەردىن ئۈستۈن قارىيالماي بىر مۇنچە يول ماڭدىم. . .

كەنتتىن ئېشەك بار جايغا كەلگەندىلا ھوشۇمغا كەلدىم. ھەممەيلەن خالتىمىزدىكىنى داستىخانغا ئالدۇق. مېنىڭ خالتامغا كىم قانداق قىلىپ سالغان، ئىشقىلىپ، بىر پۈتۈن، ئىككى پۇچۇق زاغرا، بىر سىقىمچە ئاق قوناق ۋە بىر تاۋاق كەلگۈدەك تېرىق بار ئىدى. باشقىلارنىڭ خالتىسىدىنمۇ ئاشۇنداق نەرسىلەر چىقتى. «ئولجا» ئومۇمنىڭ مۈلكى بولىدىغانلىقىنىمۇ تۇنجى قېتىم ھېس قىلدىم. سەپىرىمىزدىكى ئەڭ چوڭ ئۇتۇق بىر ئوغلاق بولغانىدى. دەرۋىش نارازىلىق بىلدۈرۈپ شۇنداق دېدى:

— ئىنساپسىز ئوۋلار ئىكەن بۇ. خەير، قوناق، تېرىق، پارچە-پۇرات زاغرىلارنى ئېشەكلەرگە بېرىڭلار. پۈتۈن ناننى ئېھتىيات ئۈچۈن ئايرىم ساقلاڭلار. مۇنۇ چىچقاق ئوغلاقنى ئاخشاملىققا كاۋاپ قىلارمىز...

بىز ئاشۇنداق تىلەمچىلىك بىلەن يەنە بىرمۇنچە كەنتلەرنى ئارىلاپ چىقتۇق. «ھوسۇل» دەرۋىشنى ھامان خۇشال قىلالمايتتى.

ئاخىر بىز «ئوردىخان پادىشاھىم» غىمۇ يېتىپ باردۇق. بۇ ئاددىيلا بىر مازار ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ھېچيېرىدە گۈمبەز، مازار، مەسچىت يوق. ئۇ يەر-بۇ يەرلەردە قۇم دۆۋىلىرىلا بار ئىدى. بىراق، ئاشۇ قۇم دۆۋىلىرى ھەر قانداق ھەشەمەتلىك گۈمبەزلەردىنمۇ سۈرلۈك ۋە ئۆزىدە ھەقىقىي مازارلىق خۇسۇسىيەتنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. قۇم دۆۋىلىرىگە بايراق خادىلىرى قادالغان، نۇرغۇن بادىرلارغا ھەيۋەتلىك قوشقار مۈڭگۈزلىرى ئېسىپ قويۇلغانىدى.

بىز «ئوردىخان پادىشاھىم» غا بارغان كۈنلەر تاۋاپ ئايىمى بولمىسا كېرەك، شۇنداقتىمۇ تاۋاپچىلار ئاز ئەمەس ئىدى. قۇم دۆۋىلىرىنىڭ ئەتراپلىرىدا ھەر خىل ياشتىكى ئەرلەر ۋە يۈزىنى ياپقان ئاياللار، قىزلار ئۆز ئارزۇ-ئارمانلىرىنى، تىلەك-ئەرزلىرىنى بايان قىلىشىپ يىغلىشاتتى.

بىز بېرىپ ئۈچىنچى كۈنى بولغاندا كەچلىك تاماقتىن كېيىن دەرۋىش مېنى چاقىرىپ، بىر قۇملۇقنىڭ كەينىگە ئەگەشتۈرۈپ ئاپاردى.



يىراقتا كۆيۈۋاتقان گۈلخانلاردىن بەلگە بېرىپ يورۇق كۆرۈنەتتى. بۇ چاغدا ئاسماندا ئاي چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ يورۇقى جىمجىت قۇملۇقتىكى سۇر-ھەيۋىنى كۈچەيتىپ تۇراتتى. نېرىراقتىكى قۇم دۆۋىسىگە سانچىلغان خادىلار، بادىرلارغا قاداپ قويۇلغان قوشقار مۈڭگۈزلىرى ئوردىخان پادىشاھىمنىڭ ئەينى چاغدىكى لەشكەرلىرىنى ئەسكە سالاتتى. ئايمۇ سوغۇق، قۇم دۆۋىلىرىمۇ سوغۇق، ئاشۇ تىكلەكلىك خادىلارمۇ سوغۇق كۆرۈنىدىغان بۇ كېچىدە دەرۋىش مېنى قانداق ئىشقا سالىدىغانلىقىنى ئېيتمايلا ئەگەشتۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىدىن يۈرىكىم ئەنسىز سوقاتتى.

بىز بىر كىچىكرەك قۇم دۆۋىسىنىڭ يانباغرىغا كەلگەندە توختىدۇق. بۇ يەرگە كىم ئوت ياققان، بىلگىلى بولمىسىمۇ ئوت كۆيگەنلىكى قوقاس ۋە كۈل ئىزناسىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. دەرۋىش بۇ يەرگە ئوت يېقىلغىنىنى بىلىدىغاندەك مېنى دەل مۇشۇ يەرگە ئەكەلگەنىدى.

ئۇ گەپ-سۆز قىلمايلا ئولتۇرۇشۇم كېرەكلىكىنى ئۇقتۇردى. قول كۆيگۈدەك قىزىپ كەتكەن قۇمغا ئولتۇرغىنىمدىن كېيىن ئۇ ئەتراپقا تازا زەن قويۇپ قارىۋېلىپ، ئاندىن زوڭزىيىپ ئولتۇردى ۋە:

— مەن ساڭا باشتا سېنى ئۇچراتقاندا نېمە دېگەن؟ — دەپ سورىدى.

— مېنى ئىشقا سالىدىغانلىقلىرىنى، مېنى سىناپ باقىدىغانلىقلىرىنى ئېيتقانىدىلە. . .

— توغرا، يادىڭدا بار ئىكەن، — دېدى ئۇ، — بۈگۈن سېنى ئىشقا بۇيرۇيمەن، بۇ ساڭا يەنە سىناق بولىدۇ، ئۇقتۇڭمۇ؟

— ئۇقتۇم تەقسىر. . . — تېخى ئاڭلاپ باقمىغان «ئىش» ۋە «سىناق» تىن تېنىم ئەيمەنمەكتە ئىدى.

دەرۋىش شۇنى تۇيغاندەك:

— بىر ھەپتىدىن بۇيان گۆش بەردىم، يېدىڭ؛ پولو، مانتا بەردىم، يېدىڭ؛ پادىشاھتەك بولمىسىمۇ بايدەك يېدىڭ، ئىچتىڭ، كېكىردىڭ، ياق دېمىدىڭ. ئەمدى ئىشقا بۇيرۇسام «ياق» دې-

مەيدىغانسەن ؟ — دېدى.

— ياق دېمەيمەن تەقسىر . . . — مەن شۇنداق جاۋابنىلا بېرەلەيتتىم.

— ئىشنى ئورۇنلىساڭ ئۇچىنچى ياردەمچىم بولسەن، ئورۇنلىيالمىساڭ ياكى چاندۇرساڭ جېنىڭنى ئالىمەن ! — ئۇ قوپاللىق بىلەن تەھدىت سالدى، — بۇ ئۇلۇغ مازارنىڭ تەقسىراتىغا كەتكەنلەر قاتارىدا تېخى كۆمۈلگىلى جايمۇ تاپالمايسەن. بۇلارنى يادىڭدا تۇت !

— خوپ تەقسىر، يادىمدا تۇتىمەن . . . — دېدىمىيۇ، ئەمما پۈتۈن بەدىنىم تىترەپ كەتتى.

— بىزنىڭ تاپاۋىتىمىز يۇرۇشمەيۋاتىدۇ، — دەپ باشلىدى ئۇ گېپىنى، — بىز تاۋاپچىلار ئىچىدە ئوردىخان پادىشاھىمىنىڭ ئۇلۇغلۇق كارامىتىنى بىر كۆرسەتمىسەك بولمىدى. شۇڭا، سەن بىر ئايالنى ئۆلتۈرىسەن، ئۆلىدىغىنى بەك كىچىك بولسىمۇ، بەك قېرى، ياشانغان موماي بولسىمۇ بولمايدۇ. ئەڭ ياخشىسى، يىگىرمە بەش ياشلار ئوتتۇرىسىدىكى چوكان بولسۇن. ئېپىدە كەلمىسە ئوتتۇز ياشلار ئەتراپىدىكى جۇۋان بولسىمۇ بولىدۇ. ئۇنى بوغۇپ ئۆلتۈرەلىسەڭ تېخى ياخشى، بولمىسا پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈپ، مۇشۇ يەرگە ئەكىلىپ ياتقۇزىسەن. ئىشتىنىنى سالدۇرۇپ، ئۆزى خالاپ زىنا قىلغان قىياپەتكە كەلتۈرىسەن. مۇشۇ ئىشلارنى بەك بالدۇر قىلساڭمۇ، بەك كېيىن قىلساڭمۇ بولمايدۇ. ئىككىنچى توخۇ بىلەن ئۈچىنچى توخۇ چىللىغىچە ئارىلىقتا بېجىرىپ، يېنىمغا بېرىپ خەۋەر قىلىسەن. مەن سېنى كۆرۈپ ئاندىن ھېلىقى كارغا كەلمەس ئاقساقنى جايلايمەن. سەن تىغ ئىشلەتكەن بولساڭ، ئۇمۇ تىغ يەيدۇ. سەن بوغۇپ جايلىغان بولساڭ ، ئۇمۇ تىنالماي تۇگەيدۇ. ئاندىن ئۇنى بۇ يەرگە ئەكىلىپ سەن ئۆلتۈرگەن ئايال بىلەن چۈپلەپ قويىمىز . . . تاڭ ئاتقاندا كىشىلەر مۇشۇنداق ئۇلۇغ مازار ئەتراپىدا گۇلخان يېقىپ قۇمنى قىزىتىپ، زىنا قىلىشقان بۇ گۇناھكار ئەبلەخلەرنى ئوردىخان پادىشاھىمىنىڭ روھىناتى قانداق ئەدەپلىگەنلىكىنى كۆرۈشىدۇ. ئاللاھ يولىدا، ئوردىخان پادىشاھىم ھۆرمىتى ئالدىدا مۆمىنلەرنىڭ قانداق



سەدىقە بېرىدىغانلىقىنى نەچچە كۆنلەپ تاماشا قىلىسەن . . . مە، تۇت پىچاقنى ! قايسى دۆۋىنىڭ ئەتراپىغا بارساڭ ئايال دېگەن تولۇپ يېتىپتۇ . . .

ئۇ پىچاقنى ئالدىمغا تاشلاپ قويۇپ، ئورنىدىن شاققىدە تۇردى - دە، چوڭ - چوڭ قەدەملەر بىلەن كېتىپ قالدى. تاشلاپ قويۇپ كەتكەن پىچىقى ئىنچىكە، ئۇزۇن تىغلىق بولۇپ، ئاي نۇرى بىسىدا يالت - يۇلت قىلاتتى. قۇلاقلىرىمغا ئىشەنمەي قېتىپ ئولتۇراتتىم. كېيىنكى بىر نەچچە ئايدىن بۇيان نۇرغۇن قان كۆرگەنىدىم. مېنىڭ تۆپەيلىمدىن يۇسۇپ قادىرخان مازىرى ئالدىدا بىر بىگۇناھ موماي ئۆلگەنىدى، گۈمبەز ئىچىدىن چىقىقانلار ئىچىدىمۇ چالا ئۆلۈكلەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنىدىم. سازايى قىلىشتىن كېيىن قاچقىنىمدىمۇ ھېلىقى چېرىكنىڭ دەريادا غەرق بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. لېكىن، ئۆزۈم خالاپ ئادەم ئۆلتۈرمىگەنىدىم. باشقىلارغا كالتەك ئىشلەتكەن بولسام بۇمۇ ئۆزۈمنى ۋە بۇۋىسارەمنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن بولغان، چېرىككە كەلسەك، ئۇنى سۇغا تارتىپ چۈشۈشۈم ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، ئېتىلىپ كەتمەسلىكىم ئۈچۈن قېچىش جەريانىدا يۈز بەرگەن تاسادىپىيلىق ئىدى.

ئەمدى مۇنۇ دەرۋىش مېنى بىگۇناھ، تەلەپ - ئەرز ئۈچۈن كەلگەن بىر ياش ئايالنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇۋاتاتتى. ئۇ سەدىقە دەپ يىغقان شۇنچىۋالا نەرسىلەر كۆزىگە ئاز كۆرۈنۈپ، تېخىمۇ كۆپ يىغىش ئۈچۈن قان تۆكۈشتىن، جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىن يانمايۋاتاتتى. بۇ جىنايەتنى مېنىڭ قولۇم بىلەن قىلسا، ئۇنىڭغىمۇ مال - دۇنيا كېرەك ئىكەن، ماڭا نېمە كېرەك ؟ ناتونۇش، گۇناھسىز بىر بىچارە ئايالغا قانداقمۇ تىغ ئۇرىمەن ؟ قانداقمۇ ئۇنىڭ ئىشتىنىنى سالدۇرۇپ « ئۆزى خالاپ » زىنا قىلغان ھالغا كەلتۈرەلەيمەن ۋە تۆپىلەپ بېرىپ، بىر ھەپتىدىن بۇيان ماڭا ئۇن - تىنسىز ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقان يەنە بىر گۇناھسىزنىڭ جەسىتىنى بۇ يەرگە كەلتۈرەلەيمەن ؟ ئەگەر رەت قىلسام ئەتە « تەقسىراتقا كېتەمدىمەن ؟»

« خۇدا، ئېي ئۇلۇغ خۇدا، — دەپ ئۈنلۈك تۈۋلىۋەتتىم، — بۇ جىنايەتنى قىلمىسام ماڭا بىر نىجادلىق بارمىدۇ ؟ . . »

— بار، بار . . . ! — شۇنداق بىر ئاۋاز كەلدى يېقىنلا يەردىن.

قورقىنىمدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتىم. ئەتراپتا ھېچكىم يوق ئىدى. ئاۋاز نەدىن كەلدى؟ ئۇردىخان پادىشاھىمنىڭ كارامەتلىرى كۆزۈمگە كۆرۈنمەي، قۇلىقىمغا ئايان بولۇۋاتامدۇ يا؟

بۇ يەردىن كېتەي دەپ بۇرۇلۇشۇمغا يەنە ئاۋاز ئىشىتىلدى:

— توختاپ تۇرسىلا، مەن قوپۇۋالاي . . .

ئاۋاز چىققان تەرەپكە قورقۇپ قارىدىم. قۇمنىڭ ئىچىدىن بىر ئادەمنىڭ قولى، بېشى، ئاندىن بېلىنىڭ ئۈستى كۆتۈرۈلدى. مېنى قورقىتىپ ئۇ ئادەم تىك بولدى-دە، يېنىمغا كەلدى.

— ئۆزلىرى شېھىت . . .

— ياق، مەنمۇ سىلىدەكلا تىرىك ئادەم، — دېدى ئۇ سۆزۈمنى بۆلۈپ، — قۇمغا ئوت قالاپ قىزىتىپ يېتىۋالغاندىن كېيىن، ئىككى تەرىپىمدىكى قۇملار بىلەن كۆمۈلۈۋالدىم. يېپىنچىسى يوق كىشى ئۈچۈن بۇ سوغۇقتا بۇنىڭدىن ئوبدان چارە يوق. بەدەننىڭ ئالدىمۇ، كەينىمۇ، پۇتمۇ، باشمۇ ئىسسىق تۇرىدۇ . . .

تېخىچە كۆزۈمگە ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. ئۇ كەيپىياتىمنى سەزگەندەك:

— سىلىنىڭ قىزىق قۇملىرىغا ئولتۇرايلى. مەن بىر تىلەمچى، ئىسمىم شاجۇمە، — دېدى ۋە ئۆزى باشلاپ ئولتۇرۇۋېتىپ قوشۇپ قويدى، — باياتىن بولۇنغان گەپلەرنىڭ ھەممىسىدىن خەۋىرىم بار. سىلىنى جىنايەتلىك «كارامەت» كۆرسىتىشتىن توساي دەپ ئويلاپتىم تېخى . . .

ئۇنىڭ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇشى ۋە سۆزلىرى مېنى ئۇنىڭ شېھىت ئەمەس، تىرىك ئادەملىكىگە ئىشەندۈردى. ئۇ مېنى ئولتۇرغۇزۇپ بولۇپ ئۆزى قوپتى-دە، دۆۋىدىن پەسكە چۈشۈپ كېتىپ بىردەمدىلا بىر قۇچاق يۇلغۇن شېخىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. بۇرۇنقى قوقاس ئۈستىگە شاخلارنى تاشلاپ، بىر يەرلىرىدىن چاقماق تاش چىقاردى. ئۇنىڭدىن ئۇچقۇن چىقىرىپ، پاختىلىق تونىنىڭ يىرتىق يېڭىدىن چىقىپ قالغان



مازغا تۇتاشتۇردى. مازنى پۈدەپ ئوت قىلىپ ئوتۇننى ياقتى.

— بىردەم ئىسسىق ئولتۇرايلى. ھېلىقى نائەھلى سىلىگە بەلگىلەپ بەرگەن ئۈچىنچى توخۇ چىللىغىچە ئۇزاق ۋاقىت بار. ئاڭغىچە بىز نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى دېيىشىۋالايمىز، — دېدى ئۇ تەمكىن، خاتىرجەملىك بىلەن، — ئۇنىڭ گېپىچە، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقانلىرىغا بىر ھەپتە بولغان ئوخشايدۇ-ھە؟

ئۇنىڭغا ئەمدى ئوت يورۇقىدا يېقىندىن نەزەر تاشلىدىم. ئۇ بېشىغا تېشى يىرتىلىپ كەتكەن، جىيىكىگە تۇتۇلغان تېرىنىڭ تۈكلىرى چۈشكەن كونا تۇماق كىيىۋالغانىدى. كۆڭلەكسىز بەدىنىگىلا كىيىۋالغان پاختىلىق چەكمەن تونىنىڭ ساق يېرى يوق ياكى ھەر خىل رەڭلىك لاتا-پىتىلەردە نېرى-بېرىلا يامالغان ياكى مازلىرى چىقىپ قالغانىدى. پۇتىغا لاتا، تېرە پارچىلىرىنى يۆگەپ، ئۈستىدىن شوينا ۋە چىگىلەر بىلەن باغلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ يېشىنى بىر قاراپلا مۆلچەرلىگىلى بولمايتتى. ئۆسكىلەك قاشلىرى تېگىدىكى چوڭ-چوڭ كۆزلىرى مۇغەمبەرلەرچە چاقنايتتى. شالاڭ ساقال-بۇرۇتلىرى ئۇزۇندىن بۇيان ئۇستىرا كۆرمىگەن، تارالمىغانلىقتىن ھەر تەرەپكە ئۆسكەنىدى ۋە دىڭگىيىپ تۇراتتى. مەن ئۇنى ئەللىك بىلەن ئاتمىش ياشلار ئارىسىدا دەپ پەرەز قىلدىم.

ئۆز ئىسمىنى شاجۇمە، كەسپىنى تىلەمچى دەپ تونۇشتۇرغان، تۇرقىدىنمۇ شۇنداقلىقى چىقىپ تۇرغان بۇ كىشى باياتىن دەرۋىش بىلەن ئوتتۇرامدا بولۇپ ئۆتكەن پاراڭنى ئاڭلىغىنى بىلەنلا مېنى ئېسەنكىرىتىپ قويۇۋاتاتتى. گەرچە ئۇ قانداق قىلماقچى ئىكەنلىكىمنى بىلمىسىمۇ، دەرۋىشتىن قۇتۇلۇش توغرىسىدىكى تەكلىپى مېنى سەگەكلەشتۈرۈپ قويدى. بۇمۇ ئاشۇ دەرۋىشتەك يەنە بىر «ھالقا» نىڭ ئىمامى بولۇپ يۈرمىگىدى، دەپ ئەنسىرەيتتىم. ئۇنىڭ مەندىن سورىغىنىغا بولسا راستىنى ئېيتىپ جاۋاب بەردىم:

— شۇنداق، بىر ھەپتىچە بولدى . . .

— ئادىمى كۆپمۇ ئۇنىڭ؟ — سورىدى ئۇ ۋە بىردەم ئولتۇرۇپ

جاۋابىمنى كۈتمەيلا سۆزلەپ كەتتى، — قارىغاندا، ئادىمى كۆپ ئەمەس ئوخشايدۇ، كەينىگە سىلىپ يۈرگىنىگە ئەمدى بىر ھەپتە بولغان تەجرىبىسىز ئادەمنى قاتىللىق قىلىپ، كارامەت كۆرسىتىشكە قاتناشتۇرىمەن دېگىنىگە قارىغاندا، ئۇ ياكى قارا تەلۋە ياكى پىشىپ خوردا بولۇپ كەتكەن قاراقچى ئوخشايدۇ...

— مەندىن باشقا تۇققۇز ئادىمى بار... — دېدىم، — «زىنا قىلدى» قىلىپ جايلايمىز دېگىنىمۇ ئۆز ھالقىسىدىكى ئادەم...

— بۇرۇندىن تارتىپ شۇنداق بولۇپ كەلگەن، — ئۇ ئەزمىلىك، بىپەرۋالىق بىلەن سۆزلەيتتى، — ئوغرى ئوغرىلاشقا مال تاپالمىسا ئۆزىنىڭ تۇمىقىنى ئوغرىلىغاندەك ئىش... خانىقالاردا «ھالقا» تەشكىللەپ، سوپى توپلاپ، مۇرىت ئاۋۇتۇپ «كارامەت» كۆرسىتىدىغان ئىشانلاردىن تارتىپ بۈگۈن سىلىنى ئادەم ئۆلتۈرۈپ «كارامەت» چىقىرىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان دەرۋىشلەرگىچە ھەممىنىڭ نەپسانىيىتىنى ئىماندىن يۇقىرى كۆرىدىغان دىن دۈشمەنلىرى، بۇ مۇناپىقلار ئىسلامىيەتنىڭ ئىچىدىن چىرىتىدىغان ۋابا قۇرتلىرى. كارامەت كۆرسىتىش، مۆجىزە يارىتىش ئاللاھقىلا خاس. ھەر بىر مۇسۇلمان ئىمان ئېيتقاندا شۇنداقلىقىغا قەسەم قىلىدۇ. ئەمما، قارىسىلا، پۇل تاپىمەن، مال ـ دۇنيا ئاۋۇتىمەن، دەپ بۇ نەپسى ئاۋارىلىرى ئۆزلىرىچە «كارامەت» كۆرسەتكۈسى كېلىپ، ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن يانمايدۇ... ھەقىقىي دەرۋىشلىكنىڭ يولى باشقا. ئاللاھنىڭ يولىغا بېرىلگەن دەرۋىش ئۈچۈن شۇ كۈنلۈك روزانىسىدىن ئوشۇق مال ـ دۇنيا — ھەتتا ئۇ بىر چىشلەم نان بولغاندىمۇ — ساقلاش دۇرۇس ئەمەس...

دەرۋىشلەرنىڭ يەنە بىر تىپىنى كۆرۈپ ئولتۇرغىنىمغا شەك كەلتۈرمىدىم. بىلىشىمچە، ئۇ كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسىدىكى دەرۋىشلىك يولىنى، «ئاللاھنىڭ ئاشىقى» لىق ئۆلچىمىنى تەرغىب قىلماقتا ئىدى. بۇنداق بولغاندا، شاجۇمە ئاتلىق بۇ كىشىنىڭ «ھالقا»، «توپ» دەيدىغان گۇرۇھى يوق ئىدى.

— سىلە بۇ توپقا ئارىلىشىپ قېلىشتىن ئىلگىرى نېمە ئىش قىلاتـ



تىلە؟ — ئۇ دەرۋىشلىك يولىنى چۈشەندۈرۈشنى ئۈزۈپ قويۇپ، توساتتىن سورىدى.

بىردەم شۈك ئولتۇرۇپ قالدىم. شاجۇمەنىڭ تېگى ـ پېيىنى تېخى تولۇق بىلمىسەممۇ، ئۇنىڭ ئىشان ـ سوپىلارغا، مازايى ـ ماشايىقنى مەبۇد تىكلەپ، گۇرۇھ بولۇۋېلىپ، مال ـ دۇنيا تېپىشقا جان ـ جەھلى بىلەن ئۆچ يېگانە دەرۋىش ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ قالغانىدىم. شۇڭا «ھاجى مەخسۇم شەمشىدىن تۆرەم» توغرىسىدا توقۇغان ئەپسانىنى ئېيتقۇم كەلمىدى. ئۆز ئەھۋالىمنى راستلىقى بىلەن سۆزلەپ بېرىشتىنمۇ ئەيمەندىم. ئاخىرى قاقۇللا سېپىدىكى پادىچىغا ئېيتقان چۆچەكىمنى سۆزلەپ بەردىم.

— قورقۇنچلۇقتا قەشقەردىن چىققانچە مېڭىپ ـ مېڭىپ، پىسەن دېگەن يۇرتقا كېلىپ قاپتىمەن، شۇ يەردە ھېلىقى توپقا ئۇچرىشىپ قالدىم. قورساق ئاچ، مېڭىشقا ماغدۇر يوق، يولنى تېخىمۇ بىلمەيمەن. شۇڭا، ئۇلارنىڭ تامىقىغا داخىل بولۇپ قالمىدىمەن...

شاجۇمە ماڭا بىر قارىۋېلىپ ئوت ئۈستىگە شاخ تاشلىدى. قارىشىدىن تېنىم ئەيمەندى. ئۇ سۆزلىرىمنىڭ قانداقتۇر بىر يەرلىرىگە ئىشەنمىگەندەك ئىپادىنى كۆرسەتكەنىدى.

— دۇكانلارغا ئوغرى چۈشۈش، بايلار «ئېشەككە كۆچۈك يەتمىسە ئۇر توقۇمىغا» دېگەندەك چاكارلىرىغا ئېسىلىۋېلىش ئىشى بولۇپ تۇرىدۇ، — دېدى ئۇ پەرۋاسىزلىق بىلەن، — تېگىدىن ئېيتقاندا، باي ئۈچۈنمۇ پۇل ـ بايلىق دېگەننىڭ ئۆزى ئاشۇنداق دىشۋارچىلىق ئېلىپ كېلىدىغان ئاپەت! غەمسىز، ئەندىشىسىز ھېچكىم يوق. ئەگەر بار دېيىلىدىكەن، ئۇ ھەقىقىي دەرۋىش. يالغان، ساختىپەز دەرۋىش ئەمەس، چىن، راست دەرۋىش. ئۇ بارلىقىنى خۇداغا ئاتىۋەتكەنلىكتىن جېنىدىنمۇ ۋايىم يېمەيدۇ. غەم قىلمايدۇ... مەن قەشقەردە بىر ئاي تۇردۇم، ئوردىخىنىمغا كەلگىلى بۈگۈن تاڭ ئاتسا ئىككى كۈن بولىدۇ...

قۇلىقىمنى دىڭ تۇتتۇم. ئۇ قەشقەردىن چىققانلىقىنى بىكاردىن بىكار دېمىگەندەك، گېپى ئاستىدا گېپى باردەك قىلاتتى. ئۇنداق بولمىسا، مۇقەددەس بىلىدىغان دەرۋىشلىك توغرىسىدىكى سۆزنى توخـ

جاۋابىمنى كۈتمەيلا سۆزلەپ كەتتى، — قارىغاندا، ئادىمى كۆپ ئەمەس ئوخشايدۇ، كەينىگە سىلىپ يۈرگىنىگە ئەمدى بىر ھەپتە بولغان تەجرىبىسىز ئادەمنى قاتىللىق قىلىپ، كارامەت كۆرسىتىشكە قاتناشتۇرىمەن دېگىنىگە قارىغاندا، ئۇ ياكى قارا تەلۋە ياكى پىشىپ خوردا بولۇپ كەتكەن قاراقچى ئوخشايدۇ...

— مەندىن باشقا توققۇز ئادىمى بار... — دېدىم، — «زىنا قىلدى» قىلىپ جايلايمىز دېگىنىمۇ ئۆز ھالقىسىدىكى ئادەم...

— بۇرۇندىن تارتىپ شۇنداق بولۇپ كەلگەن، — ئۇ ئەزمىلىك، بىپەرۋالىق بىلەن سۆزلەيتتى، — ئوغرى ئوغرىلاشقا مال تاپالمىسا ئۆزىنىڭ تۇمىقىنى ئوغرىلىغاندەك ئىش... خانىقالاردا «ھالقا» تەشكىللەپ، سوپى توپلاپ، مۇرىت ئاۋۇتۇپ «كارامەت» كۆرسىتىدىغان ئىشانلاردىن تارتىپ بۈگۈن سىلىنى ئادەم ئۆلتۈرۈپ «كارامەت» چىقىرىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان دەرۋىشلەرگىچە ھەممىسى نەپسانىيەتنى ئىماندىن يۇقىرى كۆرىدىغان دىن دۈشمەنلىرى، بۇ مۇناپىقلار ئىسلامىيەتنىڭ ئىچىدىن چىرىتىدىغان ۋابا قۇرتلىرى. كارامەت كۆرسىتىش، مۆجىزە يارىتىش ئاللاھقىلا خاس. ھەر بىر مۇسۇلمان ئىمان ئېتىقادىدا شۇنداق قىلىشقا قەسەم قىلىدۇ. ئەمما، قارىسىلا، پۇل تاپىمەن، مال - دۇنيا ئاۋۇتىمەن، دەپ بۇ نەپسى ئاۋارىلىرى ئۆزلىرىچە «كارامەت» كۆرسەتكۈسى كېلىپ، ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن يانمايدۇ... ھەقىقىي دەرۋىشلىكنىڭ يولى باشقا. ئاللاھنىڭ يولىغا بېرىلگەن دەرۋىش ئۈچۈن شۇ كۈنلۈك روزانىسىدىن ئوشۇق مال - دۇنيا — ھەتتا ئۇ بىر چىشلەم نان بولغاندىمۇ — ساقلاش دۇرۇس ئەمەس...

دەرۋىشلەرنىڭ يەنە بىر تېپىنى كۆرۈپ ئولتۇرغىنىمغا شەك كەلتۈرمىدىم. بىلىشىمچە، ئۇ كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسىدىكى دەرۋىشلىك يولىنى، «ئاللاھنىڭ ئاشىقى» لىق ئۆلچىمىنى تەرغىب قىلماقچى ئىدى. بۇنداق بولغاندا، شاجۇمە ئاتلىق بۇ كىشىنىڭ «ھالقا»، «توپ» دەيدىغان گۇرۇھى يوق ئىدى.

— سىلە بۇ توپقا ئارىلىشىپ قېلىشتىن ئىلگىرى نېمە ئىش قىلاتتىلە؟ — ئۇ دەرۋىشلىك يولىنى چۈشەندۈرۈشنى ئۈزۈپ قويۇپ، تۇساتتىن سورىدى.

بىردەم شۈك ئولتۇرۇپ قالدىم. شاجۇمەنىڭ تېگى - پېيىنى تېخى تولۇق بىلمىسەممۇ، ئۇنىڭ ئىشان - سوپىلارغا، مازايى - ماشايىقنى مەبۇد تىكلەپ، گۇرۇھ بولۇۋېلىپ، مال - دۇنيا تېپىشقا جان - جەھلى بىلەن ئۆچ يېگانە دەرۋىش ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ قالغانىدىم. شۇڭا «ھاجى مەخسۇم شەمشىدىن تۆرەم» توغرىسىدا توقۇغان ئەپسانىنى ئېيتقۇم كەلمىدى. ئۆز ئەھۋالىمنى راستلىقى بىلەن سۆزلەپ بېرىشتىنمۇ ئەيمەندىم. ئاخىرى قاقۇللا سېيىدىكى پادىچىغا ئېيتقان چۆچەكنى سۆزلەپ بەردىم.

— قورقۇنچلۇقتا قەشقەردىن چىققانچە مېڭىپ - مېڭىپ، پىسەن دېگەن يۇرتقا كېلىپ قاپتىمەن، شۇ يەردە ھېلىقى توپقا ئۇچرىشىپ قالدىم. قورساق ئاچ، مېڭىشقا ماغدۇر يوق، يولنى تېخىمۇ بىلمەيمەن. شۇڭا، ئۇلارنىڭ تامىقىغا داخىل بولۇپ قالمادىمەن...

شاجۇمە ماڭا بىر قارىۋېلىپ ئوت ئۈستىگە شاخ تاشلىدى. قارىشىدىن تېنىم ئەيمەندى. ئۇ سۆزلىرىمنىڭ قانداقتۇر بىر يەرلىرىگە ئىشەنمىگەندەك ئىپادىنى كۆرسەتكەنىدى.

— دۇكانلارغا ئوغرى چۈشۈش، بايلار «ئېشەككە كۈچۈك يەتمىسە ئۇر توقۇمىغا» دېگەندەك چاكارلىرىغا ئېسىلىۋېلىش ئىشى بولۇپ تۇرىدۇ، — دېدى ئۇ پەرۋاسىزلىق بىلەن، — تېگىدىن ئېيتقاندا، باي ئۈچۈنمۇ پۇل - بايلىق دېگەننىڭ ئۆزى ئاشۇنداق دىشۋارچىلىق ئېلىپ كېلىدىغان ئاپەت! غەمسىز، ئەندىشىسىز ھېچكىم يوق. ئەگەر بار دېيىلىدىكەن، ئۇ ھەقىقىي دەرۋىش. يالغان، ساختىپەز دەرۋىش ئەمەس، چىن، راست دەرۋىش. ئۇ بارلىقىنى خۇداغا ئاتىۋەتكەنلىكتىن جېنىدىنمۇ ۋايىم يېمەيدۇ. غەم قىلمايدۇ... مەن قەشقەردە بىر ئاي تۇردۇم، ئوردىخىنىمغا كەلگىلى بۈگۈن تاڭ ئاتسا ئىككى كۈن بولىدۇ...

قۇلىقىمنى دىڭ تۇتتۇم. ئۇ قەشقەردىن چىققانلىقىنى بىكاردىن بىكار دېمىگەندەك، گېپى ئاستىدا گەپ باردەك قىلاتتى. ئۇنداق بولمىسا، مۇقەددەس بىلىدىغان دەرۋىشلىك توغرىسىدىكى سۆزىنى توخ-

تىتىپ قويۇپ ، قەشقەردە بولغانلىقى ۋە بۇ يەرگە كەلگەنلىكى توغرىسىدا
سۆزلەپ يۈرمەيدىغاندەك تۇيۇلاتتى . ئۇنىڭ قەشقەر توغرىسىدا بىر نېمە
دېيىشىنى تەمە قىلساممۇ ، مەن توغرۇلۇق بىرەرتە خەۋەر چىقىپ تارقىلىپ
يۈرگەنمىدۇ ، دەپ ئەنسىزلىشىپ شۈك ئولتۇرىۋەردىم . شاجۇمە بەرىبىر
ئېغىز ئاچتى :

— قەشقەر باغرى كەڭ ، ئادىمى جىق شەھەر ، شۇ كۈنلەردە
يامۇلنىڭ ، قازىخانىنىڭ ، ئەتراپتىكى يۇرت بەگلىرىنىڭ ئادەملىرى پىتتەك
مىغىلداپ يۈرۈشۈپتۇ . قايسىدۇر بىر كاتتا كىشىنىڭ قىزىنى ئېلىپ قېچىش
يولىدا خۇن دەۋاسىغا قالغان بىر يىگىت يامۇلنىڭ شەھەر تېشىدىكى
تۈرمىسىگە كېتىۋاتقىنىدا بىر چېرىكنى ئۆلتۈرۈپ ، مىلتىقنى ئېلىپ جە-
سەتنى دەرياغا تاشلىۋېتىپ قېچىپ كېتىپتۇدەك . چېرىكنىڭ جەسىتى
تېپىلىپتۇ . يىگىتنىڭ مىلتىق بىلەن قايسى تەرەپكە كەتكەنلىكى مەلۇم ئە-
مەس ئىكەن . هازىر باغرى كەڭ قەشقەر تارلىشىپ قاپتۇ . دەڭ -
سارايلارنى ئاختۇرۇپ يۈرۈشىغۇ مەيلى ، مازار ، گۈمبەز ، گۆرىستان-
لىقلاردا ياتقان تىلەمچى - دىۋانىلەرنىمۇ هەر كۈنى تەكشۈرۈپ
تۇرىدىكەن . كوچا - كوچىلاردا هېلىقى يىگىتنى تۇتۇش توغرى-
سىدا جاكارچىلار سۆزلەپ هارمايدىكەن . . . — ئۇ شۇ گەپلەرنى ئوتقا
قاراپ ئولتۇرۇپ سۆزلەيتتى . پۈتۈن بەدەنلىرىم مۇزلاپ ، تىترەك ئولىشىپ
كەتتى . ئالدىمدا كۆيۈۋاتقىنى ئوت ئەمەس ، سوغۇق تارقىتىۋاتقان مۇز
بولۇپ تۇيۇلدى . شاجۇمەنىڭ گېپىدىن قارىغاندا ، دەريادىن ئۆتۈپ تارت-
قان بىر كېچىلىك جاپا - مۇشەققىتىم بىكار كەتمىگەنىدى . لېكىن ،
چېرىكنىڭ ئۆلۈشى تۇيەيلىدىن قەشقەر ماڭا مەڭگۈلۈك ئېتىك شەھەرگە
ئايلانغاندەك ، بۇۋىسارىدىن جۇدا بولغىنىم تاشقا بېسىلغان مۆهۈردەك
بىكىپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى . بىر پەس جىمىپ قالغان شاجۇمە يەنە
شۇنداق دېدى ، — هازىر بولۇۋاتقان ئالتوپىلاڭنىڭ ئالدىدا سىلىنىڭ
ماجىرالىرى ئەرزىمەس بىر ئىش ... مېنىڭچە ، دەرۋىشلەرنىڭ « هالقا »
سىدىن قۇتۇلاي دېسىلىرى ، قەشقەرگە قايتىپ كەتكەنلىرى تۈزۈك .
سودىگەر تىلخەت بەر دېسە ، بېرىۋەرمەملا ؟ تىلخەتسىزمۇ كۆرگەن كۈن-



لىرى چاغلىق ئىكەن . تىلخەت بەرگەندىن كېيىنمۇ شۇ كۈننى كۆرىلا ،
سىلىدىن ئالىدىغان نەرسە بولمىغاندىكىن ئۇمۇ قۇرۇق قەغەزنى سىقىمداپ
ئولتۇرىۋېرىدۇ . . . « هالقا » دا تۇرىمەن دېگەنلىرى بىلەن بۇلارنىڭ
« كارامىتى » تۈگىمەيدۇ . ئۇلارنىڭ ئاشۇ نەپسى تېگى يوق قۇدۇققا
ئوخشايدۇ . نەپسى بولىدىكەن ، « كارامەت » مۇ توختاپ قالما-
يدۇ . « ياق » دېسىلە ، « كارامەت » سىلىنىڭ ئۈستىلىرىدە سادىر
بولۇشقا باشلايدۇ . بۇ ئىشلارغا ۋىجدانى بار ، ئەقلى بار ئادەمنىڭ چىداپ
تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس . . . ئەمدى « هالقا » دىن چىقىشنىڭ بىردىنبىر
يولى يۇرتلىرىغا كېتىپ ، باي سودىگەرگە داۋاملىق چاكار بولۇش . بۇ
هېلىقى نابۇكار دەرۋىشكە چاكار بولغاندىن تۈزۈك . . .

گەپ قىلمىدىم ، قەشقەرگە قايتىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى
كۆرۈنۈپلا تۇرغان گەپ . كۆز ئالدىمدىكى خەۋپ - خەتەردىن ، باياتىن
مېنى ئىشقا بۇيرۇدۇم ، دەپ قاتىللىق قىلىشقا زورلىغان ئەبلەخ دەرۋىشتىن
قۇتۇلۇش كېرەك ئىدى . تۆت ئەتراپى قۇم ، شور بىلەن قاپلانغان بۇ
چۆلنىڭ قايسى تەرىپىنى كۆزلەپ ماڭسام هەم قەشقەردىن ، هەم هېلىقى
دەرۋىشتىن قۇتۇلغىلى بولار ؟ بۇنى بىلمەيتتىم .

— قەشقەرگە كېتەلمەيمەن ئاتا ، — دېدىم بىردەم شۈكلەپ كەت-
كەندىن كېيىن گەپ قىلىشىم كېرەكلىكىنى هېس قىلىپ ، — قاچماستىن
ئىلگىرى تىلخەت بەرسەممۇ بېرىپ ، چاكارچىلىقىمنى قىلىۋەرمەپتىمەن .
ئەمدى قايتىپ بېرىپ تىلخەت بېرەي دېسەممۇ تەس ھەقچان . . . ئوغرى
بىلەن شېرىك ئىكەنسەن ، ئوغرىلىغان ماللارنى سۇ قىلىپ بولۇپ قايتىپ
كەپسەن ، دەپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتمىگەندىمۇ پاچىقىمنى چاقىدۇ . . .

— توغرا ، بۇ يېرىمۇ بار ، — دېدى ئۇ ، — ئۇنداقتا هېلىقى
نابۇكار ئالدامچىدىن قانداق قۇتۇلىلا ؟

— بېشىم قاتتى ئاتا . . . هېچ يەرنى بىلمەيمەن . . . مەن ئەسلى
يۇرت كېزىپ ، ئىشلەمچىلىك - مەدىكارچىلىق قىلىپ كۈنۈمنى ئالارمەن
دەپ ئويلاپتىكەنمەن . . .

— ئۇمۇ تەس ، — شاجۇمە ئېغىر تىنىپ قويدى ، — تونۇمىغان ،

بىلمىگەن ئادەمگە خەق ئىش بەرمەيدۇ. ياقا يۇرتتىن كېلىپ قالغانلارغا بىرەر ئادەم كېپىللىك قىلمىسا مەدىكارچىلىققىمۇ ئالمايدۇ...

ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن كېيىن كەلگۈسۈم تېخىمۇ قاراڭغۇلاشتى. شاجۇمە بىئىلاج ھالىتىمنى كۆرۈپ ئىچى ئاغرىدىمۇ نېمە:

— تىلەمچىلىك قىلسىلا، — دېدى مەسلىھەت بېرىپ، — كالتە ساياق ئالدامچىلارنىڭ توپىغا قوشۇلماي، يېگانە تىلەمچىلىك قىلسىلا، دەرۋىشلىكنىڭ ھەققىي، چىن يولىغا ئاتلانسىلا، ئاللاھ ھەمىشە سىلىگە يار بولىدۇ. رىزقىلىرى ئۆكسىمەيدۇ، بايلىق، ھەسەت، ئىچى قارىلىق ۋەسۋەسلىرىدىن خالىي ھالدا پۈتۈن ئالەمنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ ياشايلا. ھېچكىمدىن ئېلىشلىرى ياكى بېرىشلىرى بولمىغاندىكىن، خۇشامەتتىن نېرى يۈرىلا. بايلىق توپلاش ۋەسۋەسىسى بولمىغاندىكىن، سىلىگە خەقنى ئالداشنىڭ، ھىيلىگەرلىك قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ. دۇنيا پەقەت سىلە بىر ئادەمنىڭكىدەك كۆرۈنىدۇ، خۇدادىن ئۆزگە خوجايىن سەزمەيلا... سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا بۇ ئالەم بىلەن ئۇ ئالەمنىڭ ئۆلۈمدىن باشقا چېگرىسى قالمايدۇ...

ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى چوڭ، بىر يۈرۈش ئاساسقا ئىگە پەلسەپە ئىدى. مەن ئۇ دېگەندەك كامالەتكە يەتكەن دەرۋىش بولالمايتتىم ۋە بولغۇممۇ كەلمەيتتى. لېكىن، ھازىر ماڭا نان تېگىدىغان، باياتىنقى دەرۋىشنىڭ تەھدىتىدىن قۇتۇلىدىغان بىر يول كۆرسىتىش كېرەك ئىدى. شاجۇمە بولسا بۇلارنى ئۇنتۇپ قالغاندەك مەۋجۇتلۇق ۋە روھىيەت توغرىسىدا قىزىشىپ سۆزلىمەكتە ئىدى.

— نەگە بېرىپ، كىملەردىن تىلەيمەن؟ بۇ ئىشنى پەقەت قىلىپ باقمىغاندىم، — ئەدەپسىزلىك بولسىمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدۈم. شاجۇمەگە دەل مەن سورىغان سوئال كېرەكتەك تېخىمۇ روھلىنىپ كەتتى:

— نەگە بېرىپ، كىملەردىن تىلەيمەن، دېگەنمۇ گەپ بولدىمۇ؟ نەگىلا بارسىلا بولىۋېرىدۇ، تىلەشكە كەلگەندە ئاللاھتىن تىلەيلا. دەرۋىشلىك يولىغا كىرگەن كىشىنىڭ رىزقىنى ئاللاھ ئىگەم پەرىشتىلەر ئارقىلىق يەتكۈزۈپ بېرىدۇ... لېكىن، قانائەت بابىدا يۇقىرى مۇقامغا



يەتمەككە تىرىشىش لازىم. قانائەت يەتتە مۇقامغا بۆلۈنگەن، يەتتىنچى مۇقامغا يېتەلىگەن ئىنسان تېخى يوق. چۈنكى، شۇ مۇقامغا يەتكەندە ئادەم بارلىق بىلەن روھىيەت ئارىسىدا ياشايدۇ، ئۇنىڭغا يېمەك-ئىچمەكمۇ، كىيىم-كېچەكمۇ كېرەك بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆي بىلەن تالا، يىراق بىلەن يېقىنلىقنىڭ پەرقى تۈگەيدۇ...

ئۇ يەتتىنچى مۇقام ئۈستىدە يەنە بىر مۇنچە سۆزلەپ بولۇپ ئالتىنچى مۇقامغا ئۆتتى. بۇ مۇقامغا يەتكۈچىنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە يېتىش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى.

ماڭا مۇقام بالداقلىرىنىڭ ھازىرچە زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى، ھېلىقى دەرۋىشتىن قېچىپ، قەشقەرنىڭ قارشىسىدىكى بىر يۇرتلارغا بېرىۋېلىشىم ئۈچۈن قايسى تەرەپكە مېڭىش كېرەكلىكىنى سورىيالماي يەنە بىر ھازا ئولتۇردۇم. ئاخىر بولالماي ئۇنىڭ سۆزىنى يەنە بۆلدۈم:

— خاپا بولمىسىلا ئاتا، ھېلى سىلە: «ئۈچىنچى توخۇ چىللىغۇچە ئەبلەخ دەرۋىشتىن قۇتۇلۇشلىرى ئۈستىدە بىر نېمە دېيىشۋالارمىز...» دېگەن ئىدىلە، شۇ تاپتا...

— قەشقەرگە بارغىلىرى يوق ئىكەن، دەرۋىشلىك قىلىشنىڭ يولىنى تېخى بىلمەيدىكەنلا ئەمەسمۇ؟

— دەرۋىشلىك قىلاي، — ئالدىراپلا ماقۇللۇقۇمنى بىلدۈردۈم، — گەپلىرىچە بولغاندا، ئۇنى ئۆگىنىش ئۈچۈنمۇ ۋاقىت كېرەك بولغۇدەك. ئاڭغىچە ھېلىقى قانخوردىن يىراقراق كېتىشىم ئۈچۈن ماڭىدىغان يولنى كۆرسىتىپ قويسىلا ئىكەن...

— تېخى بىرىنچى توخۇمۇ چىللىمىدى ئەمەسمۇ؟

— يول بىلمەيمەن، ئالدىرىماي مېڭىشىم مۇمكىن، شۇڭا توخۇلارغا قاراپ تۇرماي ماڭغاچ تۇرسام دەيتىم... ئۇلارنىڭ ئىشەكلىرى بار، قوغلاپ قالسا...

— قوغلىمايدۇ، — پەرۋاسىزلىقىنى، ئەزمىلىكىنى يەنە كۆرسەتتى شاجۇمە، — قوغلىسىمۇ ئۇلار يېتەلمەيدىغان يول بىلەن ئېلىپ كېتىمەن سىلىنى...

ئەسلىدە ئۇ مېنى بىللە ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن ئالدىرىمىغان ئىكەن ـ دە ! بۇ سۆز مېنى خېلى خاتىرجەم قىلدى. ئۇنى ئەمدى قانائەت مۇقاملىرى ئۈستىدىكى سۆزىنى داۋاملاشتۇرىدىغان بولدى، دەپ ئويلىغانىدىم، ئۇنداق بولمىدى. ئۇ بۆلۈنگەن گېپىنىڭ باش ـ ئۇچىنى تاپالمىدىمۇ ياكى كۆڭلىگە باشقا خىيال كەچتىمۇ، بىر چاي قاينىغۇدەك ۋاقىت ئۆتكۈچە جىمىپ كېتىپ، كېيىن ئورنىدىن تۇردى ـ دە:

— يۇرسىلە، ئاللاھ بىزگە يار بولغاي ! — دېدى.

ئورنۇمدىن ئىرغىپ تۇردۇم. شاجۇمە دەرھال ماڭماي نېمىلەرنىدۇر ئويلاپ، سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن:

— پىچاقنى ئېلىۋالسىلا، ئۇ بۇنداق پىچاقنى يەنە تاپالايدىغۇ، شۇنداقتىمۇ ئاز ـ پاز ئاۋارە بولسۇن، كۆرسىتىدىغان كارامىتى بىردەملىككە بولسىمۇ كېچىكسۇن . . . — دېدى.

پىچاقنى ئېلىپ ئۆتۈكۈمنىڭ قونچىغا تىقىپ قويدۇم ـ دە، شاجۇمەگە ئەگىشىپ يولغا چۈشتۈم. بۇمۇ ئۆز ئىختىيارىمچە بولمىغان بىر سەپەر بولۇپ، يەنە بىر قېتىملىق قېچىش ئىدى. مۇشۇنى ئويلاش بىلەنلا كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ كەتتى. دەسلەپ بۇۋىسارىنىڭ ھويلىسىدىن ئۇنى ئېلىپ موللا بەشىرنىڭ ئۆيىگە، ئاندىن نىغمەتۇللا قارىنىڭ ئۆيىگە، ئۇ يەردىن قازانچىلار مەھەللىسىدىكى بوۋاينىڭ ھويلىسىغا قاچقانىدىم. بۇ قېچىش پېشانەمگە پۈتۈلۈپ كەتكەندەك، يايلارنىڭ تۇتۇۋېلىشىدىن قېچىپ، يۇسۇپ قادىرخان مازىرىغىچە داۋام قىلغان، ئاخىرىدا چېرىكلەردىن قېچىپ قەشقەرنىمۇ تەرك قىلغانىدىم. مانا ئەمدى مۇشۇنداق چۆل ـ جەزىرە ئىچىدىكى ئوردىخان پادىشاھىمدىنمۇ بىر مۇناپىق دەرۋىشنىڭ تۇپەيلىدىن كېچىلەپ قېچىپ كېتىۋاتىمەن. شاجۇمەنىڭ گېپىچە، قېچىپ قۇتۇلالىشىم مۇمكىن. ئەمما، يەنە نەگە، قانداق قاچارمەن، ئەمدىكى ھاياتىم قېچىپلا ئۆتەرمۇ ياكى ئارامچىلىق بولىدىغان ۋاقىتلارمۇ كېلەرمۇ ؟

شاجۇمە بىر دۆمبەلدىن ئۆتكەندىن كېيىن كەينىگە بۇرۇلۇپ دۇئاغا قول ئاچتى. مەنمۇ ئاڭسىز تەرىزدە ئۇنىڭغا ئەگەشتىم.



— ئوردىخان پادىشاھىمنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن دۇئا قىلدۇق، — دېدى ئۇ يولغا چۈشكەندىن كېيىن، — بۇ زات خوراپىي موللىلار ئەسىرلەردىن بۇيان تەرغىب قىلىپ كەلگەندەك تىرىك، ھايات مازار ئەمەس، ئۇ مىڭ يىللارچە ئىلگىرى تېخى ئىسلام دىنىنىڭ شاراپىتىگە مۇيەسسەر بولمىغان بۇددىست ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان جەڭدە، مۇشۇ قۇملۇق ئىچىگە قاپسىلىپ قېلىپ شېھىت بولغان. بۇنىسى راست بولسىمۇ موللىلار ئۇنى ئىلاھ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈۋەتتى. ئادەملەرنى ئىلاھلاشتۇرۇش ئىنساننىڭ تۇراقلىق، كۆچمە توپىنى چېچىۋېتىدۇ، ئىنىم. بۇ ناھايىتى قەبىھ، خەتەرلىك ئىش. كىشىلەر نېمە قىلىشنى بىلمەيلا قالىدۇ. نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالغان خەلق ئىلاھلاشتۇرۇلغان ئادەمنىڭ كۈچىدىن باشقا ھەممە نەرسىگە گۇمان بىلەن قارايدۇ. ئۆز كۈچىگە ئىشىنىشتىن مەھرۇم قالىدۇ. زۆرۈرىيىتى بولسۇن ـ بولمىسۇن، ئىككى پۈكلىنىپ تەزىم قىلىشتىن باشقىغا يارىمايدۇ . . . مۇشۇ ئۇيغۇرلار بۈگۈنكىدەك ھالغا چۈشۈپ قالىدىغان خەلقلەرمىدى ؟ ئەنە، ئەتراپقا بىر قاراپ باقسىلا، مۇشۇنداق چۆل ـ باياۋاندا، يەنە كېلىپ جاڭگىرلاپ تۇرىدىغان سوغۇقتا مۇزدەك قۇمنى كۆرپە، سوغۇق ئاسماننى يوتقان قىلىپ يېتىشىپتۇ، نېمە ئۈچۈن ؟ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي: ئۇلار ھۆرمىتىنى قىلسا ئەرزىيدىغان ئوردىخان پادىشاھىمنىڭ مازىرىغا دۇئا قىلغىلى ئەمەس، ھەل بولمىغان تەلەپ ـ ئارزۇلىرىنى ئېيتىپ، ھاجىتىنى راۋا قىلغىلى كەلگەن. ئۇلار تىلەكلىرىنى تىلەيدىغان ئاللاھنى ئۇنتۇپ بىر زىيان تارتسا، ئۆي ئىچىنى، روزىغارىنى تاشلاپ، ئىككى زىيان تارتىدۇ. بۇ يەردە يەنە ئىشان، سوپى، دەرۋىشلەرنىڭ دەھشەتلىك ئالدامچىلىق بىلەن يۇلۇپ ئالىدىغىنىمۇ بار. سىلە ئۆزلىرى يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان بىر جىنايەتتىن قېچىپ كېتىۋاتىدىلا . . . لېكىن ئۇ جىنايەت بۈگۈن كېچە يۈز بەرمىگىنى بىلەن ئەتە، ئۆگۈن ياكى ئىندىن يۈز بېرىدۇ. بۇ ئاي يۈز بەرمىسە يەنە بىر ئايدا يۈز بېرىدۇ. مەن بۇ قۇملۇقتا ئاشۇنداق قاتىللىقنىڭ ھەر يىلى نەچچە قېتىملاپ يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلىمەن . . . جاپاكەش خەلقىمىز شۇنچىلىك ساددىكى، ئەينى چاغدا ئۆزىنىڭ بېشىنى مۇرىسىدە

تۇتۇپ تۇرۇشقا قۇربى يەتمىگەن بىر كىشىنىڭ مىڭ يىللىق مازىرىدىن
چىقىپ، ئۆزىگە ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلارنى بوغۇپ ياكى تىغ بىلەن ئۆل-
تۈرەلىشىگە گۇمان قىلماي ئىشىنىدۇ. بۇنىڭ تېگىدە ساختىلىق،
كاززاپلىق، مەككارلىق بارمۇ - يوقمۇ، دەپ شەك كەلتۈرۈشكىمۇ قورقى-
دۇ... سىلە ئۇلارغا مۇشۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىپ باقسىلا قېنى؟ ئۇلار
ھېلىقىدەك ئەبلەخ دەرۋىشكە ئەمەس، ئالدى بىلەن سىلىگە ئېسىلىپ،
ھەش - پەش دېگۈچە يەرلىكلىرىگە قويۇپ بولىدۇ... مانا، ئىشان،
سوپى، يالغان دەرۋىشلەرنىڭ خەلققە بەرگىنى ئەنە شۇ! كاپىرلارنىڭمۇ
قولىدىن كەلمەيدىغان دۈشمەنلىكنى ئۇلار ئاشۇنداق ۋابا قۇرتىدەك
سىڭدۈرۈپ، ئىسلامىيىتىمىزنى ئەسىرلەر جەريانىدا ئاجىزلىتىپلا كەلدى.
. ئادەملەرنى ئىلاھلاشتۇرۇش، ئۇلارنىڭ ئەڭ قەبىھ، ئەڭ ۋەھشي
ئۇسۇللىرى ئىچىدىكى ئۇچىغا چىققان مۇناپىقلىقى...

ئۇنىڭ سۆزلىرىدە ناھايىتى نۇرغۇن ھەقىقەت بارلىقىنى چۈشىنىپ
تۇراتتىم. ئۇ ئۆزى كۆرسەتكەن مىساللارنىڭ نەچچە - نەچچە
ئەسىرلەردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، بەزىلىرىنىڭ خەلقنىڭ
تۇرمۇشىغا ئۆزلىشىپ، ئۆرپ - ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى ئېتىراپ
قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ئۇ يەنە خەلقنىڭ بىر كېچىدىلا ھەقىقي
ئىسلام يولىنى قوبۇل قىلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

ئەتراپلارغا قاراپ كۆزىتىشىمچە، ئوردىخان پادىشاھىمنى ئارقىمىزدا
قالدۇرۇپ، كۈن چىقىش تەرەپكە كېتىۋاتاتتۇق. ئالدىمىزدا، ئىككى تە-
رىپىمىزدە قۇم دۆۋىلىرى، قۇرۇپ كەتكەن يۇلغۇنلاردىن باشقا ھېچنېمە
كۆرۈنمەيتتى. ئايىغىمىز ئاستىدا يول دېگەن نەرسە بىلىنمەيتتى. ئەمما،
ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا قىزىشىپ سۆزلەۋاتقان شاجۇمە ئوي - چوڭقۇر،
يۇقىرى - تۆۋەننى پەرق ئەتمەي جېدەللەپ ماڭماقتا ئىدى. قارىغاندا، ئۇ
ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بېرى مەندەك قۇلىقى «يۇمشاق» ئادەمنى تاپالماي
يۈرگەن بولسا كېرەك، ئۆزىنىڭ ئەقىدىسى ۋە غايىسىنى تەرغىب قىلىدى-
غان ئوبدان بىر پۇرسەتكە ئېرىشكىنىگە خۇش ئىدى. ئۇنىڭ گەپلىرى
مەن ئۈچۈن يېڭى تۇيۇلسىمۇ، تولىراق يولنىڭ ئاۋۋاتقىنىغا كۆڭۈل بۆ-



لەتتىم. خىيالىمدا تۇرۇپ - تۇرۇپ ئوردىخان پادىشاھىم ئەتراپىدىكى
ئۇچۇقچىلىقتا ياتقان تەلەپكار ھاجەتمەن بوۋاي - موماي، ئەرلەر ۋە ئا-
ياللار، يېلىڭ - يوپۇق باللار ئەكسىلىنەتتى. ئۇلار توغرىسىدا
شاجۇمەنىڭ ئېيتقانلىرى خاتا ئەمەس. بۇ يەرگە كەلگەن كىشىلەرنىڭ
ئوندىن توققۇزى دېھقان ۋە ھەممىسى دېگۈدەك كەمبەغەللەر ئىدى. ئۇلار
ھوسۇلسىزلىقتىن، ئىلگىرى كەلمىگەنلىكتىن، زۇلۇم كۆرگەنلىكتىن، بالا
يۈزى كۆرمىگەنلىكتىن، كېسەل چىرمىۋالغانلىقتىن... نۇرغۇن - نۇرغۇن
سەۋەبلەردىن بۇ يەرگە كېلىپ ھوسۇل، راۋاج، رەھىمدىللىك، پەرزەنت
ۋە ساغلاملىقنى تىلەيتتى. ئۇلار ئۆز ئۆيلىرىدە تىلەپ ئاللاھقا يەتكۈزەلمى-
گەنلىكتىن، بۇ يەرگە كېلىپ تىلەيتتى. ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىدە
ئوردىخان پادىشاھىم ئاللاھقا يېقىن، ئۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا تىلەكچىلەرنىڭ
تەرىپىنى ئېلىپ قويۇشى كېرەك ئىدى. شاجۇمەنىڭ تازا ئادالەتلىك بول-
مىغان تەپسىراتى بويىچە ئېيتقاندا، ئوردىخان پادىشاھىم تىلەكچى بىلەن
ئاللاھ ئالدىدا «سالاچى»لىق قىلىشى لازىم ئىدى...

شاجۇمەگە ھەمراھ بولۇپ ئۇن بىر كۈن يول ماڭدىم. مۇشۇ جەر-
ياندا ئۇ يېمەك - ئىچمىكىمدىن خەۋەر ئالدى، كېچىلىرى توڭدۇرۇپ
قويمىدى، ھەممىدىن مۇھىمى، ئۆزىنىڭ تۈگىمەس - پۈتمەس نەزەرىيە-
سىنى ھارماي سۆزلەپ، ۋاقتىنىڭ نېمىلىكىنى ئۇنتۇلدۇرۇۋەتتى. بىز
شاجۇمە قاتتىق ئېتىقاد قىلىدىغان دەرۋىشلىك يولىدىن چەتلىمەي ياشى-
دۇق. ئىككىمىزنىڭ بىر كۆڭلۈك ئۇزۇقىمىزنى تىلەپ تېپىۋالساقلا چەت -
ياقىلارغا، بىرەرتە گۆرىستانلىقلارغا كېتىپ، قورساقلارنى تويغۇزاتتۇق -
دە، شاجۇمە سۆزلەشكە چۈشەتتى، مەن ئاڭلاشقا تەييارلىنىپ
يۆكۈنەتتىم. بىز ئالدىرىمايتتۇق. بارىدىغان يېرىمىز، كۆزلىگەن نىشانىمىز
بولمىغاندىكىن، ئالدىراشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. يېزا - كەنتلەر،
بازار - مەھەللىلەر بىز ئىككى دەرۋىش دىۋانىنىڭ تۈگىمەس - پۈتمەس
ئۇزۇقلۇق مەنبەيىمىز ئىدى.

مۇشۇ شەھەرگە كەلگىنىمىزدىن كېيىن شاجۇمە داۋاملىق ئىلگىرى-
لەشنى رەت قىلدى.

ئۇ ناھايىتى جىق بىلەتتى، ئوقۇغان كىتابلىرى شۇنچە كۆپ ئىدىكى، ئۇلارنىڭ ئىسمىنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغانىدىم. ئۇنىڭ ئاندا – مۇندا سۆزلىگەنلىرىدىن خوتەندىكى ناھايىتى باي بىر ئائىلىنىڭ ھاللىق پەرزەنتى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغانىدىم. ئۇ باشلانغۇچ ساۋاتىنى ئىلچى ۋە قارىقاشتا چىقارغان، كېيىن قەشقەرگە بېرىپ خانلىق مەدرىستە ئوقۇغان، ئون سەككىز يېشىدا بۇخاراغا بېرىپ داۋاملىق بىلىم ئالغان. خوتەنگە قايتقاندىن كېيىن، دادىسى ئۇنىڭ ئىلىمپەرەسلىكىدىن خۇش بولۇپ، ھىندىستانغا ئەۋەتكەن. شاجۇمە بومبايدا ئەنۋەر پاشا تەرىپىدىن ئېچىلغان ئىسلام دارىلفۇنۇنىدا بەش يىل تىل، مەنتىق ۋە-پەلسەپە ئۆگەنگەن. شۇنچىۋالا بىلىم ئۇنىڭغا ئازلىق قىلىپ، مىسىرغا كەتكەن. قاھىرەدىكى ئەزھەر دارىلفۇنۇنىدا ئۈچ يىل سىرتتىن دەرس ئاڭلاپ، قۇرئان تەپسىرى بىلەن ئىلمي فىقھ تەھسىل قىلغان.

شاجۇمە خوتەنگە قايتىشىدا باغدات، شىرازلاردا بىر يىلدىن تۇرۇپ، ئالىملارنىڭ بەھس – سۆھبەتلىرىدە بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇمۇ ئۆز تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا باشلىغان ۋە جۇشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن قالاق – نادانلاشتۇرۇلغان، قاششاقلىق دەستىدىن ئېزىلگەن يۇرتلۇقلىرىغا ئۇلار ھېچقاچان ئاڭلاپ باقمىغان ۋە ھەتتا يەرلىك موللىلارمۇ چۈشەنمىگىنىنى ئىقرار قىلىش ئورنىغا «ئىلىم پۇچەكلىشىدۇ» دېگەن باھانە بىلەن خەلقتىن سىر تۇتۇپ كېلىۋاتقان ھەقىقەتنى چۈشەندۇرۇش ئۈچۈن يۇرتىغا كېلىپ يەتكەن، ئۇ ئۆز نۇتقىنىڭ ئاۋۋال موللىلارغا، ئاندىن خەلققە كۈچلۈك تەسىر قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئويغىنىشىغا گۇمان قىلمىغان.

ئەمما، ئەمەلىيەتتە خوتەندە ئۇ ئۇچرىغان قىسمەت ئۇنى قاتتىق ئۈمىدسىزلەندۇرۇۋەتكەن. دادىسى ئالللىقاچان ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭغا قالدۇرۇلغان ۋەسىيەتتە ئەل بىلەن باراۋەر مېڭىش، تاپتىن بەك چىقىپ كەتمەسلىك تەكىتلەنگىنى ئۇنىڭ ئوغسىنى قايناتقان. ئۇ ئەسلىدە يەرلىرىنى يەرسىزلەرگە بۆلۈپ بېرىپ، جىمى زېمىندارلارغا ئۈلگە بولۇپ، ھەممە مۆمىنلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى باشلايمەن،



دەپ خۇش بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۆزىدىن بۇرۇن تەشەببۇسى ۋە داڭقىنىڭ كېلىپ بولغانلىقىنى، دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىدە ئېيتقانلىرى دەل ئاشۇ تەشەببۇسلارغا قارىتىلغانلىقىنى دەرھال ھېس قىلالمىغان. ھەجگە، سودىگەرچىلىككە ياكى باشقا ئىشلار بىلەن چەت ئەلگە چىققان يۇرتلۇقلىرى ئاللىقاچان خوتەندە ئۇنى «ھىندىلاردا ئوقۇپ، ھىندىلارنىڭ دىنىغا كىرىپ كېتىپتۇ...» دەپ گەپ تارىتىۋەتكىنى ئۇنىڭ ئېسىگىمۇ كەلمىگەن.

ئۇنىڭ: ئەرلەر چاچ قويسا، قىز – ئاياللار يۈزىنى ئېچىپ يۈرسە بولىۋېرىدۇ. چۈنكى، نىيەت ئەلا. ئادەم ئۆلسە جىنازىنىڭ ئالدىدا بېلىگە ئاق باغلاپ ۋارقىراپ يىغلاپ ماتەم تۇتۇش بۇتپەرەسلەرنىڭ ئادىتى، بۇتپەرەسلەر ئادەم ئۆلسە باشقا مەخلۇقلارغا ئايلىنىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىغاچقا، يېقىنلىرىنىڭ قايتا تىرىلگەندە ئەسكى مەخلۇقلارغا، سەت ياكى جاپاكەش ھايۋانلارغا ياكى كەمبەغەل ئادەملەرگە ئايلىنىپ قېلىشىدىن قورقۇپ ۋارقىراپ يىغلايدۇ. مۇسۇلمانلار ئۇنداق قىلسا گۇناھ بولىدۇ، ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە نارازىلىق بىلدۈرگەنلىك بولىدۇ. قۇربانلىق قىلىشنىڭ، يەنى پىچاق سۇرۇشنىڭ ئۆزىلا ساۋاب، قۇربانلىق قىلىنغان ھايۋاننىڭ گۆش ۋە تېرە، ئىچ باغرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش — قۇربانلىق قىلغۇچىنىڭ ھال – كۈنىگە باغلىق. تېرىسىنى ئىمامغا، كاللا – پاقالچىقىنى مەزىنگە بېرىش شەرت ئەمەس... قاتارلىق كۆپلىگەن – كۆپلىگەن تۇرمۇش توغرىسىدىكى تەشەببۇسلىرى كىشىلەر تەرىپىدىن رەت قىلىنغان. موللىلار، ئىماملار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن «ھىندى قاراجى» دېگەن يېڭى ئىسمىنى تارقىتىپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى دەھرى، مۇرتەدلىكتىنمۇ ئېشىپ، كاپىرلىققا يەتكەن تەرغىبات، دەپ قارىلاشقان. ھەممە مۆمىنلەرنىڭ باراۋەر ياشىشى كېرەكلىكى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن يەر – زېمىن ئىگىلىرى يەرلىرىنى يەرسىزلەرگە بۆلۈپ بېرىش توغرىسىدىكى چاقىرىقىنى ئاڭلايدىغان ئادەم چىقمىغان.

بارا – بارا بېرىپ، شاجۇمەنىڭ چەت ئەلدىن كىيىپ كەلگەن زاۋۇت رەختىدىن تىكىلگەن كىيىملىرى بىلەن ماڭسا «غىس – غىس»

ئاۋاز چىقىرىدىغان خورۇم بەتىنكىسىمۇ موللىلارنىڭ « شەيتان رەختى » ، « غىرىسلىغىنى شەيتاننىڭ كۈلكىسى » دېگەندەك غەيۋەتلىرىگە ئاساس بولۇپ قالغان. مەسچىتتە نامازغا تۇرغاندا ئۇنىڭ بىلەن بىر سەپ بولىدىغان ئادەم چىقمىغان، ئۇنىڭ كەينىدىن تا مەسچىت ئىشىكىگىچە بىر ئادەملىك ئورۇن بوش قالغان. چۈنكى، ئىماملار ئۇنىڭ بىلەن بىر سەپتە تۇرۇش ياكى ئۇنىڭ كەينىدە تۇرۇش ئىسلام بىلەن ھىندى دىنىنىڭ ئارىلاشمىسىدىن ھاسىل بولغان ئەبجەش دىنىنىڭ تەسىرىگە يولۇقۇش بولىدۇ، دەپ ئۆسەك تارقاتقان.

بايلار، موللىلار، سودىگەرلەر ئۇنى ئالدى ـ ئارقىسىدىن تىللاپ، سۆكۈپ ئابرويسىزلاندۇرغان. ئىشان ـ سوپىلار مۇرىتلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئۇنىڭ شەنىنى بۇلغاپ ئىغۋا تېرىشتىن توختىمىغان. ئۇ ھەممىدىن ئاۋۋال غېمىنى يەپ، كۆيۈنگەن كەمبەغەللەرمۇ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرغان. ئاخىر بېرىپ « ھىندى قاراجى » لەقىمىنى ئالغان شاجۇمە بىلەنمۇ « كارامەت » لەر سۇركىلىپ يۇرۇشكە باشلىغان، دەسلەپ ئۇنىڭ شەھەر ئىچىدىكى ئىككى دۇكىنىغا قارغىش تېگىپ ئوت كەتكەن، ئاندىن ئۈچ ئېتى « تەقسىراتقا كېتىپ » ئۆلۈپ قالغان، ئاخىر ئۇنىڭ ئۆزىمۇ « ئەلنىڭ نەزىرىدىن يىقىلىپ » ، ئىشىكىنىڭ ئالدىدىكى كۆۋرۈكتىن ئۆتكۈچە كۆۋرۈك ياغىچى « سۇنۇپ كېتىپ » ئۆلگىلى تاس قالغان...

ھەممە ئورۇنۇشلىرىدا مەغلۇپ بولغان شاجۇمە ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن يەرلىرىنى يەرسىزلەرگە، ئۆيلىرىنى ئۆيسىزلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپ، يۇرتىنى تەرك ئېتىپ، دەرۋىشلىك يولىغا مېڭىشقا قەسەم قىلغان. ئەمما، ئۇنىڭ يېرىنى ئالىدىغان دېھقان، ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇشنى خالايدىغان ماكانسىز چىقمىغان. شاجۇمە موللا ـ ئىشانلارنىڭ: « كىم ھىندى قاراجىنىڭ يېرىنى ئالسا، ئۆيلىرىدە ئولتۇرسا ئىمانى سۇسلىشىپ، قارغىشقا قالىدۇ... » دېگەندەك تەھدىتىنى ئاڭلاپ غەزەپكە كەلگەن ـ دە، ئۇستىدىكى كىيىمدىن باشقا بىر تال يىڭنە چاغلىق نەرسە ئالماستىن، بىر كېچىدىلا خوتەندىن چىقىپ كەتكەن...

ئۇ مەن بىلەن ئۇچراشقۇچە دەرۋىشلىك يولىنىڭ يىگىرمە بەش



يىللىق مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتكۈزگەن. ئۇ قۇمۇل، تۇرپان، ئىلى، كۇچا... ھەممە جايلارغا بارغان. ئەمما، خوتەنگە قايتا ئاياغ باسمىغان.

ئۇنىڭغا ھەم ئىچىم ئاغرىدى ھەم ئىخلاسىم ئاشتى. ئۇنىڭ يېگانە ۋىشلىكىنى ماختاپ: « مەن ئەركىنمەن، ئالەمنىڭ خوجىسىمەن، خۇدادىن باشقا ھېچكىمدىن قورقمايمەن، تارتىنمايمەن، يېلىنمايمەن. چۈنكى، مەندىن تارتىۋالىدىغان نەرسە يوق، ئېرىشەي دەپ كۆزلەيدىغىنىممۇ يوق. تەمەگەر بولماسلىق خوجىلىق تۇيغۇسىنىڭ ئانىسى... ئېرىشىشنى كۆزلەش خۇشامەتچىلىكنى كەلتۈرىدۇ. كىم ئەڭ شەخسىيەتچى بولسا شۇ ئەڭ پەس يالاقچى بولىدۇ... مەن بۇلاردىن پۈتۈنلەي خالىي. ئۇ ئالەم بىلەن بۇ ئالەمدە كۆچۈپ يۈرىمەن... » دېگەنلىرى توغرىدەك، ئەمەلىيىتىگە ناھايىتى ماس كەلگەندەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئۆزى ياشلىقىدا تەشەببۇس قىلغان « ھەقىقەت » نىڭ ئەمەلگە ئاشمىغىنىغا ئىچى ئېچىشماي قالمايدۇ، خوتەندىن رەنجىپ قايتا ئاياغ باسمىغىنى بۇنىڭ ئىسپاتى، دەپ ئويلايتتىم. شۇڭا، « ھەقىقەت » توغرىسىدىكى پىكرىنى بىلگۈم كېلىپ سوئال سورىغىنىمدا، ئۇ خىياللىرىمنىڭ تېگىگە شۇڭغۇپ يەتتى:

— ئۆز تەشەببۇسلىرىمنى خاتا دېمەيمەن، — دېدى ئۇ، — ئۆز قابىلىيىتىم، شارائىتىم يار بەرگەن دائىرىدە تىرىشتىم، كۈرەش قىلدىم. بۇ كۈرەشتە جاھالەت، قاششاقلىق ئۈستۈن كېلىپ، ھەقىقەت بېسىلدى، مەغلۇپ بولدۇم. لېكىن، ئۆزۈمنى يېڭىلگۈچى دەپ قارىمايمەن. مەن پەقەت مەغلۇپلا بولدۇم. مەغلۇپ بولۇش قىماردىكى « ئۇتتۇرۇش » دېگەن ئاتالغۇغا تەڭ كېلىدۇ. ئۇتتۇرغانلارمۇ ھامان بىر قېتىم ئۇتقاندەك، مەغلۇپ بولغۇچىلارمۇ ھامان بىر غەلىبە قىلىدۇ. بۇنداق دېگىنىم ھامان غەلىبە قىلىش ئۈچۈن يەنە ئېلىشسام بولاتتى، دېگەنلىكىم ئەمەس. چۈنكى، مەن باشقىچە يولنى تاللاپ بولغان ئادەممەن، بۇ يولنى قايتا تاللىمىدىم. بۇنداق قىلغۇچە شۇ ۋاقىتتا بىر ـ ئىككى ئاي گەپ ـ سۆز قىلماي جىم يۈرسەملا جاھالەتنىڭمۇ ھۇجۇمى پەسلەيتتى. مېنىڭ خوتەنگە بارمىغانلىقىم قېيىداش، بۇتناشتىن ئەمەس، يەنە بىر

ھەقىقەت ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچىنىڭ چىقىدىغانلىقىنى كۈتكەنلىكىمدىن . بۇنداق كۈرەشچى مەن بارغاندىن كېيىن چىقسا ، جاھىل ئىشانلار ھېلىقى تەشەببۇسنى بىرلا مەن چىقىرىدىغاندەك تونۇپ قالمىسۇن ، دېگىنىم . بۇ كۈرەشچى ھامان چىقىدۇ . قاچان چىقىدىغانلىقىنى خۇدا بىلىدىغۇ ، لېكىن چىقىدىغىنى راست . ئۇنىڭ مەغلۇپ بولماسلىقىمۇ مۇمكىن ئەمەس . شۇنداقتىمۇ ، ئۈچىنچى كۈرەشچى چىقىدۇ . . . مېنى مەغلۇپ قىلغۇچىلار قايىل قىلىدىغان كۈچ بىلەن مەغلۇپ قىلىشقا قادىر بولالمىغانىكەن ، ئاخىرقى ھېسابتا مەغلۇپ بولغۇچىنىڭ دەل ئاشۇ جاھالەتچىلەر ئىكەنلىكىدە شەك يوق . مەن تەشەببۇس قىلغان ھەقىقەت ئاللاھنىڭ ھەقىقىتى ، رەسۇلۇللانىڭ تەشەببۇسى . پۈتۈن مۆمىنلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى تەشەببۇس قىلىشتەك ھەقىقەتنىڭ نەرى يامان ، ئۇنىڭ قانداق يېرىدىن مەغلۇبىيەت پۇرىقى كېلىدىكەن ؟ شۇڭا ئۇنى بېسۋەتكەن بىلەن يوق قىلغىلى بولمايدۇ . ئۇنى ھامان باشقىلار تېپىۋالىدۇ . كېيىن جىمى كىشىلەر بۇ ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىپ توغرا يولدا مېڭىشقانلىرىدا بولسا ، ئاندىن بۇرۇنقىلارنىڭ ، بىزنىڭ ئېيتقانلىرىمىزنىڭ توقۇلما گەپلەر ئەمەس ، بەلكى ھەقىقەتلىكىگە ئىشىنىدۇ . بۇ ئۇلۇغ ھەقىقەت قەدىرلىنىپ تېخىمۇ زور قىممەتكە ئىگە بولىدۇ . . .

نەزەرىدە ئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك سانايدىغان بۇ ئادەم ماڭا ھەم ئۇلۇغ ، ھەم بەختسىز كۆرۈنەتتى . ئۇ جىمى ئادەملەرنىڭ باي بولسا تەڭ باي بولۇپ ، كەمبەغەل بولسىمۇ تەڭ كەمبەغەل بولۇپ ياشىشى كېرەكلىكىنى تەشەببۇس قىلىپلا قالماي ، ئەمەلىيەتتە ، ئۆزى ئېيتقاندەك كۈرەشمۇ قىلغانلىقى بىلەن ئۇلۇغ ئىدى . لېكىن ، ئۇ ئاخىر بېرىپ ئۆزىنى جىمى ئادەملەرنىڭ تېشىدا قويۇپ ، ئۆلۈك كىلوك بىلەن تىرىكلىك ئارىلىقىدا ــ ئۆز تىلى بىلەن ئېيتقاندا ، بۇ ئالەم بىلەن ئۇ ئالەم ئارىسىدا ياشايدىغانلىقى بىلەن بەختسىزدەك بىلىنەتتى . مېنىڭچە ، ھەممىنى ياراتقان ، ھەممىگە قادىر ئاللاھ بۇ ھەقىقەتنى ئۆزى جارى قىلدۇرۇشى ، شاجۇمەدەك ئاق كۆڭۈل كىشىلەرگە ئادەملەرنى ، ھاياتنى سۆيۈش ،



قەدىرلەش ، ئۇلاردىن كەچمەسلىك تۇيغۇسىنى ئاتا قىلىشى كېرەك ئىدى . مەن ئۆزۈمنىڭ ھاياتىغىمۇ كېيىللىك قىلالماي يۈرۈۋاتقىنىمدا ، شاجۇمەدەك دۇنيانىڭ يېرىمىنى ئايلىنىپ ، نۇرغۇن ئىلىم تەھسىل قىلغان كىشى بىلەن بەسلىشىپ يۈرۈشنى خالىمايتتىم ، ئۇنى قايىل قىلالمايدىغانلىقىمنى بىلەتتىم .

ــ خوتەنگە سىلە بېرىپ كەلسىلە ، ــ تەكلىپ قىلدى ئۇ بىر كۈنى ، ــ خوتەن ئوبدان يۇرت ، مولچىلىق ، مەمۇرچىلىق ، ئادەملىرى ياۋاش ، مېھماندوست ، باغرى كەڭرى . . .

ۋاقىت قىسقا بولسىمۇ ، بۇ ئادەمگە ئىچەكىشىپ قالغانلىقىمدىن ، ئاندىن بۇ يېڭى « كەسىپ » كە مۇستەقىل كىرىشىشكە كۆزۈم يەتمىگەنلىكتىن ، ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلغۇم كەلمىدى :

ــ سىلىگە ئۆگىنىپ قاپتىمەن ئاتا ، يالغۇز ــ يېگانە نەلەردە يۈرەرمەن ؟ قوغلىمىسىلا يانلىرىدا يۈرسەم . . .

ــ قوغلاش دېگەن قانداق گەپ ؟ سىلە ئۆيۈمدە تۇرمايلا ــ دە ؟ دۇنيادىكى تامىنىڭ تېشى خۇدانىڭ يېرى . لېكىن ، مەن كەچۈرىدىغان تۇرمۇشقا چىدىماي قالارلىمىكىن . . . تۇتقان دەرۋىشلىك يولۇم ئۈچۈن مەجبۇرىيەت تۇيغۇسىنى سىزىش كۆپايە قىلمايدۇ ، ئىشتىياق ۋە چىن دىلىدىن بېرىلىش ، ئۆزىنى ، ھەتتا بۇ دۇنيانى ئۇنتۇش غەيرىتى بولۇشى كېرەك . . .

ئۇنىڭ ماقۇل دېگۈسى كەلمەيۋاتاتتى . ئاخىر يىگىرمە بەش يىلدىن بۇيان يېگانە ياشاپ ، يېگانە ئۆيلاپ كۆنۈپ قالغان بۇ كىشىگە راستىمنى ئېيتىشقا مەجبۇر بولدۇم :

ــ مەن سىلىنىڭ يوللىرىدا ئۆمۈرۋايەت مېڭىشقا ھۆددە قىلالمايمەن ئاتا . شۇڭا ھازىر سىلىگە ۋەدە بېرەلمەيمەن . سەۋەبى ، مەن يالغۇز ئەمەس . مېنىڭ نىكاھىمدا خوتۇنۇم بار ئادەم . ئىككىمىزنى دەل سىلىنىڭ « ھەقىقەت » لىرىنى مەغلۇپ قىلغان جاھالەت ، قاششاقلىق ۋە مەنسەپپەرەسلىك ، شۆھرەتپەرەسلىك كۈچلىرى ئايرىۋەتكەن . ئىلاجىمنىڭ يوقىدىن ئىككى ھەپتىدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بېرى مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈپ

قالغان بولسامۇ، بۇ ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمەيمەن. چۈنكى، دىلىمنىڭ تۆرىدە ئاللاھ بولغىنى بىلەن يەنە مەشۇقۇمغىمۇ تەئەللۇق جاي قالدۇرمىسام بولمايدۇ، بۇ ھالدا سىلە تەلەپ قىلغان دەرىجىگە ئۇلىشالمايمەن، يەنە بىر جەھەتتىن، مەن مەلۇم ۋاقىت ھۆكۈمەت كۆزىدىن يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ، قۇلاق سەل تىنچىغاندا خوتۇنۇمنى قەشقەردىن ئاچىقىۋېلىش كويىنى قىلمىسام بولمايدۇ...

شا جۇمە بۇرۇن مېنى كۆرمىگەندەك باشتىن-ئايىغىمغا ئەستايىدىل سەپسىلىپ قاراپ چىقىپ:

— ئۇنداق بولسا بىز تېخىمۇ بىر قازاندا قاينىيالمايمىز، — دېدى.

— ياردەم قىلسىلا ماڭا ئاتا...، — دېدىم ئۇنىڭدىن ئۈمىدىمنى ئۈزمەي، — مەن ئۆزۈم يالغۇز كۈنۈمنى ئالالمايمەن. قەشقەر شەھرىدىن باشقا ھېچ يەرگە چىقىپ باقمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە زاتىمدىن باي سودىگەرنىڭ بالىسى بولۇپ ئۆسكەنلىكىمدىن ھېچ ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمەيمەن. ھېچ بولمىسا، مەن جاھاننىڭ ئەلمى-تەلمىنى ئېلىۋالغۇچە يول كۆرسەتسىلە. ئوردىخنىمدىكى دەرۋىشنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇشىمغىمۇ ياردەم قىلىلىغۇ؟

شا جۇمەنىڭ خۇنسىز كۆزلىرىدە بىلىنەر-بىلىنمەس ئۇچقۇن پەيدا بولدى. سەل ئۆتكەندىن كېيىن بۇ كۆزلەرگە ياش پەردىسى يېپىلدى. ئۇنى كۆزىتىشىم ۋە خۇلاسەم توغرا بولۇپ چىققانىدى: شا جۇمە ئۆزىنى ئۆز نەزەرىيىسىگە يىگىرمە بەش يىلدىن بېرى لايىقلاشتۇرالمىغانىدى، ئۇنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئېيتقانلىرى ھېسسىياتىدىكى دولقۇنىنىڭ ئارتۇقچە مەۋج ئۇرۇپ كېتىشىنى ئاز-تولا باسقان بولسىمۇ ئۇنى يوق قىلالمىغانىدى. شۇنداق، ئۇ يەنىلا ئادەملەر ئىچىدە، ئادەملەر بىلەن بىللە ياشايتتى. زالىملارغا، كاززاپ ھىيلىگەرلەرگە ئۆچلۈك قىلىپ، ئاجىز، نامرات، بوزەكلەرگە ھېسداشلىق قىلاتتى.

— مەن گەپلىرىنى تازا ئاڭقىرىپ كېتەلمىگەندەك قىلىمەن، — ئۇ شۇنداق دېدى. ئەسلىدە گەپلىرىمنىڭ ھەممىسىگە چۈشەنگەن، پەقەت ئىچكى ھېسسىياتىنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈنلا ۋاقىتنى سوزۇپ مېنى گەپكە



سالماقچى بولۇۋاتاتتى. بۇمۇ مەنىۋىيىتىدىكى ئۆز نەزەرىيىسىگە خىلاپ ئاجىزلىق ئىدى، — سىلە قانداقتۇر ئايال، مەشۇقە ئۈستىدە سۆز ئېچىپ قالدىلىغۇ؟ سىلە بىر سودىگەرنىڭ چاكىرىمەن، دەۋاتاتتىلە، ئەمدى سودىگەرنىڭ بالىسى بولۇپ چىقىۋاتىدىلىغۇ؟...

— سىلە قەشقەردە ئاڭلىغان، چېرىكنى سۇغا غەرق قىلىپ قېچىپ كېتىپتۇ، دېيىلگەن يىگىت شۇ مەن بولىمەن... — دېدىم تېخىمۇ راستچىللىق بىلەن. كۈتكىنىمگە قارشى ئۇ چۆچۈپ كەتمىدى. كۆزلىرىدە مۇغەمبىرانە ئوت يېنىپ ئۆچتى، «سۆزلەۋەر» دېگەندەك قىلىپ ماڭا قادىلىپ قارىدى.

بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى يىپىدىن-يىڭنىسىگىچە سۆزلەپ بەردىم. ئەمدى ئۇ مېنىڭ ئورنۇمنى ئېلىپ، ئىخلاس بىلەن تىڭشىغۇچىغا ئايلاندى. سۆزۈمنىڭ ئاخىرىدا:

— مېنى يانلىرىدا ئېلىپ يۈرسىلە دېگىنىم، ھەرگىز مېنى يۆك قىلىۋېلىپ باقسىلا، دېگىنىم ئەمەس، — دېدىم ئاستاغىنا، — تىلەمچىلىك قىلسامۇ قىلاي، سەل كۆنۈۋالغۇچە يانلىرىدا يۈرۈپ تۇرسام...

شاجۇمە ئۇزۇنغىچە ئۈندىمىدى. سەبرىم پۈتۈپ، بۇ ئادەم يەنە ئۈنىمايدىغان بولدى، بوپتۇ، ئۆز ئالدىمغا مېڭىپ باقاي، باشقا كەلگەننى كۆرەرمەن، دەپ ئويلىغاندىم، ئۇ ئېغىز ئاچتى:

— سىلە توغرا مۆلچەرلىگەن، — ئۇ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — يىگىرمە بەش يىللىق دەرۋىشلىكىمدە يۈرىكىمنى، ھېسسىياتىمنىڭ ئەڭ نازۇك جەۋھىرىنى ئىنسانىيەتكە بىپەرۋالىق قىلغۇدەك تاشقا ئايلاندۇرالمىدىم. مەن ئىنسانىيەتنى يامان كۆرگەندىلا بۇنىڭغا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى خۇلاسىلىگەن بولسامۇ، خۇدا ماڭا ئادەملەرنى ھامان ياخشى كۆرىدىغان ھېسسىياتنى ھەمراھ قىلىپ كەلدى. ھايات ئىلمى چوڭ، تېگىگە شۇڭغۇپ يەتكىلى بولمايدىغان ئىلىم ئىكەن. مەن بۇ ئىلىمنىڭ قانچىلىك بابىنى ئۆگىنەلىگىنىمنىمۇ بىلمەيمەن... بۇنداق بولغاندا مەن تەشەببۇس قىلىدىغان دەرۋىشلىك يولۇم بىلەن مەن ماددىي جەھەتتىن

ماسلاشقىنىم بىلەنمۇ مەنىۋىيىتىمدە زور پەرق ساقلىنىپ تۇرغان بولىدۇ . . .

— سىلىنىڭ « ھەقىقەت » لىرىدىمۇ مۇكەممەللىك ۋايىغا يەتمىگەن تەرەپلىرى بارمىكىن دەيمەن . . . — ئۇ سەل توختىغاندا لوقما سالدىم .

— قانداق ؟ — ئۇ ماڭا نارازى بولغاندەك قارىدى .

— سىلە ھەممىنى تەڭ قىلىمەن ، دەپ يەر ، مۇلۇكلىرىنى باراۋەر بۆلۈپ بەرگەنلىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ تىرىشچانلىقلىرى ، ئىشچانلىقى ۋە ئەپچىللىكىدىكى پەرق ئۇلارنى مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن يەنە ھەرخىل ياشايدىغان قىلىپ قويىدۇ . . .

شاجۇمە بۇنىڭغا ئۇنىمىدى :

— شۇ چاغدا يەنە بۆلۈش كېرەك . بۇ « ھەقىقەت » نىڭ نۇقسانى بارلىقىغا ئىسپات بولالمايدۇ . . .

— قېنى ، مېنىڭ ئىشىمنى نېمە دەيمىز ؟ — مەن پايدىسىز مۇنازىرىدىن كۆرە ئەمەلىي مەسىلىنى ئويلىنايلى ، دېگەن يەرگە كەلدىم .

— سىلە دېگەندەك بولسۇن دېدىمغۇ ؟ — ئۇ ماڭا كۆتۈرۈلۈپ قاراپ داۋام قىلدى ، — بايىقى مەنىۋىيەت ھەققىدىكى سۆزۈمنىڭ مەنىسى شۇ . بوپتۇ ، مەشۇقلىرىنىڭ ۋىسالىغا يېتىشلىرى ئۈچۈن مەنمۇ تەڭ تىرىشىپ باقاي . دەرۋىشلىكىمنىڭ يىگىرمە ئالتىنچى يىلىنى ئادەملەرگە ياخشىلىق تىلەش بىلەنلا ئۆتتۈشتىن ئەمەلىي ئىش قىلىپ ، ساۋاب تېپىشقا ئاتلىنىش بىلەن باشلاي .

خۇش بولۇپ كەتتىم . ئۇ ئاز بولغاندا بىرەر يىلنى ئۆتكۈزۈپ قەشقەرگە بېرىپ ياكى موللا بەشرى ، ياكى نىغمەتۇللا قارىنى تاپىدىغان ، ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن بۇۋىسارىدىن ئۇچۇر ئېلىپ ماڭا يەتكۈزىدىغان پىلاننى ئويلاشتۇق .

— بىراق ، ئۇ نازاكەتلىك خېنىملىرىنى دىۋانىگە ئايلاندۇرۇشقا بولمايدۇ ئەمەسمۇ ؟ — ئىككىمىز ئۇچراشقاندىن بۇيان تۇنجى قېتىم ھىجايدى شاجۇمە ، — ئۆزى ئۇنىغاندىمۇ ئۇنىدى ، دەپلا ئۇنى بۇ يولغا ئەكىرمەيلى ، ئۇنداق قەيسەر ، جان كۆيەر ئايالنى ، بولسا تەختىراۋان



بىلەن كۆتۈرۈپ يۈرۈش كېرەك ئىكەن . . . — ئۇ بىر نېمىنى ئويلىغاندەك قوشۇپ قويدى ، — سىلەر بىرەر جايدا ئۆي تۇتۇشۇڭلار كېرەك . سىلىگە بۇنىڭ ئۈچۈن پۇل تېپىلىش زۆرۈرىيىتى چىقىپ قالدى . . . شۇنداق ، سىلە ئۆزلىرى دېگەندەك دەرۋىشلىك يولىغا ماڭمايلا ، ئىشقمۇ خۇدا سالغان كوي ، دەرۋىشلىكمۇ خۇدا سالغان كوي . ھەر ئىككىلىسى ئۇلۇغ . . . — ئۇ يەنە ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك غودۇڭشىپ قويدى ، — باشتا سودىگەرنىڭ مالىيمەن ، دېگەنلىرىدە كۆڭلۈم بىر نېمىنى تۇيغاندەك قىلغانىدى . شەكلەنگەنىدىمۇ ، لېكىن . . . ھەي . . . ئىشقىلىپ ، بىر نېمىسى بىر قانداق ، كەمتۈك بىلىنگەنىدى . . .

شۇنىڭدىن كېيىن مەن رەسمىي تىلەمچى بولۇپ كەتتىم ، شاجۇمەنىڭ دەرۋىشلىك تۇرمۇشىمۇ ئۆزگىرىپ كەتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ تۈپ نەزەرىيىسىدىن كەچمەيتتى ۋە بۇنى پات - پات تەكىتلەيتتى . ئەمما كۆن ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلىدا بۇرۇنقىدەك « شۇ كۈنلۈك روزىنىسىدىن ئارتۇق تىلىمەسلىك » مىزانى بۇزۇلغانىدى . بىز قەشقەر ھاكىمىيىتىدە ئۆزگىرىش بولۇشنى كۈتەتتۇق ھەم كەلگۈسى ئۈچۈن پۇل يىغماقچى بولاتتۇق .

بىزنىڭ ئۇرۇنۇشلىرىمىز پىلان پېتىچە قېلىۋەردى . قەشقەردە ھېلىمۇ شۇ تىنچى ، دوتەي ۋە شەتەيلەر ھۆكۈمران ئىدى . بۇلارنى قەشقەر تەرەپتىن كەلگەن كۆچمەن قەلەندەرلەر بىلەن جاھانكەزدى دەرۋىشلەردىن شا جۇمە ئاڭلاپ ئۇقۇشۇپ تۇراتتى . يوشۇرۇنۇپ يۈرگەنلىكىمنى پاش قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن بۇنداق قەلەندەر ، دەرۋىشلەر بىلەن ئۇچرىشىشتىنمۇ قاچاتتىم .

بىزنىڭ پۇل جۇغلاپ بۇۋىسارىنى قەشقەردىن ئېلىپ چىقىپ كېتىپ ، باشقا بىر يەرلەردە ئۆي تۇتۇش توغرىسىدىكى خىيالىمىزمۇ خام پېتى تۇراتتى . بۇنىڭ ئۈچۈن مەن قانۇن ئىچىدىكى ئادەم بولۇشۇم ، قەشقەر يامۇلى مېنى تۇتۇش توغرىسىدىكى جاكارىسىنى بىكار قىلىشى كېرەك ئىدى . ئۇنداق بولمىسا مېنى شەھەرلەردە ساقچى - يايىلار ، يېزىلاردا بەگلەر سۈرۈشتۈرۈپ ، تېگى - پېيىمنى بىلمەي تۇرۇپ ئۆي تۇتقىلى قويمايتتى . بۇنىڭغۇ جىق پارا بېرىپ ھەل قىلىش مۇمكىن . لېكىن ،

پارا ئۈچۈن پۇل ، ئۆي تۇتۇش ئۈچۈنمۇ پۇل ، بۇۋىسارە بىلەن ئىككىمىزنىڭ تىرىكچىلىكى ئۈچۈنمۇ پۇل زۆرۈر ئىدى . بىساتىمدا بار سەككىز تەڭگە ھېچنېمىنى ھەل قىلالمايتتى . ئاخىر بېرىپ بۇ سەككىز تەڭگىمۇ شا جۇمە بىلەن ئىككىمىزنىڭ خەجلىمىسەك زادى بولمايدىغان زۆرۈرىيىتىمىز ئۈچۈن — شا جۇمە قاتتىق ئاغرىپ يېتىپ قېلىپ دورا ئېلىش ۋە تىلىگىلى بولمايدىغان ئۆتۈك ، ئىچ كىيىم سېتىۋېلىش . . . دېگەندەك ئىشلارغا خەجلىنىپ تۈگىگەنىدى .

تىلەمچىلىك بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشكىلا بولاتتى ، ئېشىنغىلى بولمايتتى . شەھەر ، بازارلاردا تىلەمچىلەر كوچا - رەستىلەرنى ، دوقمۇش - گۇزەرلەرنى بۆلۈشۈۋالغانىدى . ئۇلارنىڭ ئاددىي باشلىقلىرى ۋە چوڭ يېتەكچىلىرى بولاتتى . يېڭى قوشۇلغان تىلەمچىلەرگە ئاشۇ باشلىقلار كوچا - رەستە ، دوقمۇشلارنى ئايرىپ بېرەتتى . بۇلار تىلەپ تاپقان نەرسىلەرنىڭ ئاساسىي ۋە مۇھىم بۆلىكىنى ئاشۇ باشلىقلىرىغا بەرمىسە ئۈچ كۈندىن كېيىن « كارامەت » نى كۆرەتتى . شا جۇمەدەك دەرۋىش ۋە ماڭا ئوخشاش « ئادەملەردىن ، كۈندۈزدىن قورقىدىغان » تىلەمچى ئۈچۈن شەھەر ، بازارلاردا كۈن ئۆتكۈزۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . بىز شەھەر تېشىدىكى مەھەللىلەردە ۋە يېزا - كەنتلەردىلا ئاز - تولا « ئوقەت » قىلالايتتۇق .

— مەن نەچچە ئون يىللاپ جاھان كېزىپ ، ئىنسانلارنى تەتقىق قىلىپ ، سودىگەرلەرنىڭ ، ھۆكۈمدارلارنىڭ ، بايلارنىڭ ، ئىشان - سوپىلارنىڭ ، موللا - ئىماملارنىڭ ، دەرۋىشلەرنىڭ گۇرۇھى ، تەرەپدارلىرى ، گۇپپاڭچىلىرى ، ھالقىلىرى ۋە خاس قوۋمى بولىدىغانلىقىنى بىلگەن بولساممۇ ، جەمئىيەتتىن تاشقىرىدا قالغان تىلەمچىلەرنىڭمۇ ئۆز تەۋەسى ، ئۆز ئۇيۇلمىسى بارلىقىنى بىلمەپتىكەنمەن ، — دەيتتى شاجۇمە مۇلاھىزە قىلىپ ، — مەن ئۇلاردىن يەككە ياشاشنى ، ئوشۇق مالغا ھېرىسلىق قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىپ خاتالاشقان ئوخشايمەن . ئەسلىدە بۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىكەن - دە ؟ توغرا ، قاراقچى ، ئوغرىلارنىڭمۇ شايكىسى بولىدۇ ، بىزچۇ ؟ بىزمۇ بىر قوۋم پەيدا قىلايلىمۇ ؟ — ئۇ



شۇنداق دېگىنى بىلەن يەنە ئۇنىمايتتى ، — قوۋم پەيدا قىلساق ، بىزمۇ باشقىلارنىڭ ھەققىنى شىلىۋالساق ، كىم ماڭا نېمە ئېلىپ كېلىدىكىن ، دەپ تەمە قىلساق بولىدۇ . . . جىق بەرگەنگە يۆلىنىۋېلىپ ، ئاز بەرگەننى بوزەك قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . . . خۇدا ساقلىسۇن بۇ كۈندىن !

كۈنىمىز تەستە ئۆتەتتى . تىلەمچىلەر تەبىقىسىگە يېقىن يولىمىغىنىمىز ئۈچۈن ، بىزگە خۇددى بىزدىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان كەمبەغەللەرلا ئاز - تولا بىر نەرسىلەرنى سەدىقە قىلىپ دۇئا ئالاتتى .

ماڭا ھاكىمىيەت ئۆزگىرىپ گۇناھسىزلىقىمنى ئېتىراپ قىلىشنى كۈتۈشتىن باشقا چارە يوق ئىدى .

ئايلار يىللارنى قوغلاپ ئۆتتۈۋەردى . مېنىڭ تىلەمچىلىكىم ئونىنچى يىلىغا قەدەم قويدى . شا جۇمە بىلەن بىز قەشقەرنى چۆرىدەپ ، يېڭىسار ، يەكەن ، پوسكام ، قاغىلىق ، گۇما ، قارىقاش ، لوپ ، كېرىيە ، نىيىلەرنى چۆگىلەپ يۈرۈۋەردۇق . شا جۇمە خوتەنگە كىرگىلى ئۇنىماي چەتلەپ ماڭاتتى .

— كەلگۈسىدە سىلە خېنىملىرى بىلەن ئىلچىدا ئۆي تۇتۇشسىلا . . . ، دەپ قوياتتى ئۇ مېنى خوتەنگە كىرمەسلىكىنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيدۇ دەپ ئويلاپ ، — سىلىنى ئاڭغىچە ئىلچىنىڭ ھېچقانداق ئادىمى كۆرمەي تۇرسۇن . ئەكسى ھالدا ، قانداقتۇر بىر ئەقلىدىن ئازغان تەلۋە : « ۋاھ ، بۇ پالانچى ۋاقىتتا تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرگەن بىر جۇلدۇر كېپەن ئىدى ، ئەمدى ئايىدەك بىر خېنىمنى قۇشلاپ كېلىپ ئۆي تۇتۇۋاپتىغۇ . . . » دەپ جۆيلۈگىلى تۇرىدۇ . . .

بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرى شا جۇمە ئىلتىماسىم بويىچە ئۆزى يالغۇز قەشقەرگە بېرىپ كەلگەنىدى . بۇنداق سەپەرگە ئاقسۇدىن خوتەنگىچە بولغان نۇرغۇن كاتتا يۇرتنىڭ ئۈستىدىكى چوڭ ھاكىمى ماتتەيىنىڭ ئۈچتۇرپاندىن كەلگەن ما دوتەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ، قەشقەر دوتەيلىكىدە ئەمدى مۇشۇ يېڭى دوتەيىنىڭ ھۆكۈمدار بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر سەۋەبچى بولغانىدى . شا جۇمە كېتىپ ، مېنى تازا تېلىقتۇرۇپ بەش ئايدىن كېيىن قايتىپ كەلدى . ئۇنى يەركەندە كۈت-

مەكچى بولۇپ « چىلتەنلىرىم » مازىرىدىن بىر پوتەي يىراقلىقتىكى نامى
مەشھۇر ئەمەس بىر گۆرىستانلىقتا ياتقانىدىم . يەركەندە كاتتا مازارلار كۆپ
ئىدى . سەئىدىيلەرنىڭ خان جەمەت قەبرىستانلىقى ، خوجا مۇھەممەت
شېرىپ بۇزرۇكۋار مازىرى ، چىلتەنلىرىم قاتارلىق جايلار مەندەك
تىلەمچىلەرنى يېقىن يولاتمايتتى .
شا جۇمە كەلدى . لېكىن ، ئۇ ھېچقانداق خۇش خەۋەر ئېلىپ كې-
لەلمگەنىدى . ئۇ تىلەمچىلىكنى باھانە قىلىپ ، مەن ئېيتىپ بەرگەن يول
بويىچە نىغمەتۇللا قارىنى ئىزدەپ ئۈچ قېتىم بارغان بولسىمۇ ، نىغمەتۇللا
قارى ئولتۇرغان ئۆيدىن باشقىچە بىر ئادەملەر چىققان . كېيىن ئۇ باشقا
قوشنىلاردىن نان تىلىگەن بولۇپ ، نىغمەتۇللا قارىنى سۈرۈشتۈرگەن .
گۇمانلانغان قاراشلارغا بولسا بەش يىلدىن ئىلگىرى ئاغرىپ يىقىلىپ
قالغاندا شۇ نىغمەتۇللا قارى دېگەن كىشىنىڭ خەۋەندىخاھلىق قىلىپ
داۋالاتقانلىقى ھەققىدە گەپ توقۇپ ، دۇئا قىلىپ قويماقچى بولغانلىقنى
باھانە قىلغان . قوشنىلار بۇ قېرى دىۋانىنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ ، شۇ بەش
يىل ئىلگىرى نىغمەتۇللا قارىنىڭ قوم دەرۋازىسى تېشىدا ، تاش بازىرىنىڭ
ئايىغىدا يامۇل چېرىكلىرى بىلەن ئېلىشىپ ئېتىلىپ كەتكەنلىكىنى ، ئانىسى
بىلەن خوتۇنىنىڭ شەھەردىن پالاندى قىلىنغانلىقىنى ، ئەمدى بۇ قېرى
دىۋانە مەرھۇمنىڭ روھىغا ئاتاپ ، قەيەردىلا دۇئا قىلىۋەرسىمۇ
بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان . شا جۇمە ئۆزى بىلمەيدىغان بۇ نىغمەتۇللا قارى-
نىڭ روھىغا ھەقىقەتەن كۆپ دۇئا قىلىپ ، موللا بەشىرنى ئىزدىگەن .
سورايدىغان قوشنا تاپالمىغاچ ، ئۇن نەچچە كۈنلەپ ئاۋارە بولۇپ ، يەرلىك
دەرۋىشلەر بىلەن تونۇشۇپ ، شۇلار ئارقىلىق موللا بەشىرنىڭ بەش يىل-
دىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان ھەپسىدە ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىغان . خەۋەرنىڭ
راست - يالغىنىنى بىلىش ئۈچۈن گۇندىخانىغا موللا بەشىرى ئۈچۈن ئاتاپ
يېمەكلىك كىرگۈزگەن ۋە ئاخىر كۆرۈشۈشكىمۇ مۇۋەپپەق بولغان .
چېرىكلەر دېۋەيلەپ تۇرۇۋېلىپ گەپ قىلدۇرمىغان بولسىمۇ ، موللا بە-
شىرى ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى ، مىر بىلال ئىسىملىك بىر يىگىتنىڭ قىز
ئېلىپ قېچىشىغا ھەمدەملەشكەن ، دېگەن ئەيىب بىلەن سولىنىپ ياتقى-



نىنى ، شۇ يىگىت تۇتۇلمىسا گۇندىخانىدىن چىقالمايدىغانلىقىنى ئېيتقان .
ئۇ شا جۇمەنىڭ يوقلاپ كېلىشىدىن ئۆزىچە بىر مەنە چىقىرىپ ، ئۇ يىگىت
بىلەن قىيامەت كۈنى كۆرۈشەرمىز ، دېگەن ۋە خۇشال بولۇپ ياش
تۆككەن . شا جۇمە بۇنى مەن ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئەيىبنى بوينۇمغا ئالماي-
مەن ، دېگىنى دەپ چۈشەنگەن .
شا جۇمە قازانچىلار مەھەللىسىگىمۇ بارغان . ئىككى - ئۈچ كۈن
ئىزدەپ ، بىزگە هويلىسىنى بېرىپ تۇرغان بوۋاينىڭ دېرىكىنى ئالغان .
بوۋاي ئىككى يىلچە ئىلگىرى ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلۈپ كېتىپ ، هويلا -
ئاراملىرىغا بۇرۇنقى يۇرتىدىكى بىر تۇغقىنى كېلىپ ئىگىدارچىلىق قى-
لىۋاتقىنىنى بىلگەن .
ئۇ بىزنىڭ ئۆيگىمۇ بارغان . مەيكەش ئارقىلىق دادامنىڭ بىر قىزغا
ئۆيلەنگىنىنى ، بۇرۇن بۇ قورۇدا ئاينۇر ئىسىملىك بىر ئايالنىڭ
ئۆتكەنلىكىنى ۋە كېيىن ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەنلىكىنى ،
بايۋەچچە مىر بىلالنىڭ خۇن دەۋاسى بىلەن تۇتۇلغاندىن كېيىن ، يەنە
چېرىك ئۆلتۈرۈپ قېچىپ كېتىپ ، دېرىكىنى ئالغىلى بولمىغانلىقىنى ئۇق-
قان .
بۇۋىسارە ھەققىدە بولسا ئۇ ھېچقانداق خەۋەر ئالالمىغان . ئابلەھەت
مىرزىنىڭ ھېلىمۇ باش مىرزا ئىكەنلىكىنى ، ئابلەھەق بەگنىڭ ھېلىمۇ بەگ
ئىكەنلىكىنى بىلگەنۇ ، مىرزامنىڭ هويلىسىغا يېقىنمۇ بارالمىغان . قوش-
نىلاردىن ، چاكارلاردىن خەۋەر ئۇقۇشمەن ، دېگەن ئۇرۇنۇشلىرى ئىشقا
ئاشمىغان . ئاخىر ئۇ بۇچىغىمۇ چىققان . ئېتىكى كەڭ يېزىدا چاندۇرماي
سوراشتۇرۇپ يۈرۈپ ، يىمىش خېنىمنىڭ باغلىق هويلىسىنى تاپقان .
بىراق ، مەزكۇر خېنىمنىڭ تۆت يىل ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەنلىكىدىن باشقا
بۇۋىسارىگە ئائىت خەۋەر ئۇقۇشالمىغان .
مەن نىغمەتۇللا قارىنىڭ ئۆلۈمىگە هازا ئاچتىم ، يىغلاپ قاقشىدىم ،
موللا بەشىرنىڭ تەقدىرىگە ئېچىندىم ، بۇۋىسارىنىڭ دېرىكىنىڭ
يوقلۇقىدىن تەشۋىش يېدىم . لېكىن ، قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيتتى .
— خېنىملىرى توغرۇلۇق ئۇچۇق ئۇچۇر ئالالمىغان بولسامۇ ئۇ-

نىڭ ساق ـ سالامەت تۇرۇۋاتقانلىقى شۈبھىسىز ، ــ دېدى شاجۇمە ، ــ مەن كىمنىلا سۈرۈشتۈرمەي ، ناھايىتى ئېھتىيات قىلدىم . بىرىنچى بېرىشىمدىلا سۈرۈشتۈرمىدىم ، شۇڭا چاندىمىدى . بۇچى دېگەن يۇرتتا قېيىنانىلىرىنىڭ يىللىقچىلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ ۋاپاتىنى ئاڭلىمايمەنمۇ ؟ ئۇلار بۇۋىسارە خېنىم توغرىسىدا ئۆزىنى كۆرمىگەن بولسىمۇ ، تەرىپىنى ئاڭلىغانىكەن . ئەگەر خېنىملىرىنىڭ تۇرمۇشىدا ئۆزگىرىش بولسا ئۇلار ئاڭلىغان بولاتتى . خاتىرجەم بولسىلا . . .

شا جۇمەنىڭ « تۇرمۇشىدا ئۆزگىرىش بولسا » دېگىنىدە نېمىنى كۆزدە تۇتىدىغىنى ئېنىق ئىدى . مەن بۇۋىسارەم بىلەن تېخى قېنىپ ئۆتۈشكۈدەك ۋاقىت بىللە بولمىغان بولساممۇ ، ئۇنىڭ « تۇرمۇشىدا ئۆزگىرىش بولۇشى » غا قەتئىي ئىشەنمەيتتىم . شۇنداق ، ئۇ بۇچىدا ئەمەس ، قەشقەردە ، زالىم دادىسىنىڭ چارسۇدىكى ھويلىسىدا قاماقلىق ئىدى .

ــ بۇ گەپلەرچە قەشقەردە دوتەي ئۆزگەرگەن بىلەن سىياسەت ئۆزگەرمەپتۇ ـ دە ؟ مەن يەنىلا « قاتىل » ، « قاراقچى » ، « بۇلاڭچى » ئىكەنمەن ـ دە ؟

ــ شۇنداقتەك تۇرىدۇ . . . ــ دېدى شا جۇمە ، ــ شۇنچە جىق ۋەقەلەر يۈز بەرگەن قەشقەردە سىلىنىڭ « قىز ئېلىپ قاچقان » ھېكايىلىرىنى ، « سازايى » قىلىنغان شان ـ شەرەپلىرىنى ، « چېرىك ئۆلتۈرگەن » باتۇرلۇقلىرىنى ھېچكىم ئۇنتۇپ قالمىغاندەك تۇرىدۇ . نىغمەتۇللا قارى ، موللا بەشرى ، ئابلەھەق مىرزام ، يىمىش خېنىم ، قابىلجان باي . . . لارنى كىمدىنلا سورىسا ، « ھە ، ھېلىقى بىر چاغدا قىز ئېلىپ قاچقان ، سازايى قىلىنغان ، كېيىن چېرىك ئۆلتۈرۈپ غايىب بولغان يىگىت » نىڭ دوستى ، قېيناتىسى ، قېينانىسى ، دادىسى دېيىشىدىكەن . سىلىگە يەنە بىر مەزگىل كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ . . .

كۈتتۈم ، مانا ئون يىل بولاي دېدى ، زېمىننىڭ ، ئاسماننىڭ ، دەريا ـ ئۆستەڭلەرنىڭ ، دەل ـ دەرەخ ، ئۇچار قاناتلارنىڭ يېشىدا ئون يىل دېگەن يوقلا بىر گەپ . ھەر كۈنى ئەتىگەندە قۇياش چىقىپ كەچتە



پاتىدۇ ؛ ئاينىڭ ئون بەشىدە ئاي چىقىپ ، ئون بەشىدە ئارام ئالىدۇ ؛ سۇلار بىر خىل ئاقىدۇ ؛ دەل ـ دەرەخ ، ئوت ـ گىياھلار ئەتىيازدا كۆكىرىپ ، كۈزدە سولىشىدۇ . . . ئادەملەرنىڭ بېيىمۇ ، گادىيىمۇ ئالدىراشلا يۈرىدۇ . بىز تۈنەپ ياشاپ ئۆتكەن گۆرىستانلىقلاردىن ئايرىلىپ ، يەنە بىر يۇرتلارنى كېزىپ قايتىپ كەلسەك ، يېڭى قەبرىلەر كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ . . .

بىز ئادەملەرنىڭ بېيىنى كۆرمەي ، غۇربەتچىلىكتە قالغانلىرىنىلا كۆرۈپ ياشاۋاتقىلى ئون يىل بولدى ، تۇغۇلغىنىنى كۆرمەي ئۆلۈۋاتقىنىنى كۆرۈپلا ياشاۋاتقىلىمۇ ئون يىل بولدى ، كۈلگەننى كۆرمەي يىغلاۋاتقىنىنى كۆرۈپلا ئۆتكىنىمىزگىمۇ ئون يىل بولدى . . .

قەشقەردىن ئايرىلغان چېغىمدا قاقۇللانىڭ سېيىدا پادىچى بوۋاي چېچىمنى چۈشۈرۈپ قويغىنىغىمۇ ئون يىل بولدى . ھازىر ساقىلىم ئۆسۈپ گېلىمنى كۆرسەتمەيدىغان ، چېچىم ئۆسۈپ دولامنى ياپقۇدەك بولدى . چاچ ـ ساقاللىرىمنىڭ يەنىمۇ ئۆسۈپ ، ئۇزىراپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئىچىم پۇشسا ئۇلارنى ئۇستىگە ياتقۇزۇپ چىگىشلەشتۈرۈشكە ئۆرۈنىمەن . بېرىپ ـ بېرىپ بۇ ئادىتىمگە ئايلىنىپ قالدى . مېنى بۇ ئەپتىم بىلەن كۆرسە يات ئادەملەرغۇ ياتلىقى ئۈچۈن تونۇماس ، ھەتتا تونۇش ـ بىلىشلىرىممۇ ، دادامۇ تونۇماي قالار ، بۇۋىسارەمچۇ ؟ ئۇ قورقۇپ ھوشىدىن كېتىپ قالار . . . ئۇ قانداقراق تۇردىكىن ؟ ئۇ بەلكىم زېرىكىش ، ئىچى سىقىلىش ، سېغىنىش تۈپەيلىدىن سولۇپ قالغاندۇر ، بىراق ئۇ يەنە ئاۋۋالقىدەكلا چىرايلىق ، نازۇك ۋە لاتاپەتلىك . . .

. . . . . . . . . . . . . . .

قار ئېرىپ سۇ بولۇپ قايناپ تۈگىگەنىدى . ئوتمۇ ئاللىقاچان ئۆچتى ، كۈل ئارىسىدا بىرەر ـ بىر ئۇچقۇنلار سۇس پارقىرايتتى . قوپقۇم كەلمەي بۇۋىسارە توغرىسىدىكى خىياللارنى داۋاملاشتۇرغۇم كېلەتتى . لېكىن ، قوپۇشۇم كېرەك ، ھېچ بولمىسا ئوتنى ئۆچۈرمەسلىكىم لازىم ئىدى . ئورنۇمدىن تەستە تۇرۇپ ، يىرتىق پىيىمنى سۆرەپ گۈمبەزدىن چىقتىم . خېلى ئېگىز ئۆرلەپ قالغان كۈننىڭ قاردىكى ئەكسى كۆزنى ئاچۇرمايتتى .

پاخال پەردىنى قايرىپ، گۈمبەز تېمىغا يۆلەپ قويۇلغان يانتاقلارنى ھۆل-قۇرۇق دېمەي گۈمبەز ئىچىگە خېلى جىق كىرگۈزۈۋالدىم. كەچكۈزدە يانتاق دۆۋىلەپ، قىشنىڭ غېمىنى قىلىش بىزنىڭ ئادىتىمىز بولۇپ، ئادەتتە ھاۋا ئوچۇق بولۇپ بەرسە كۈندۈزى ئانچە ئوت ياقمايتتۇق.

گۈلخانغا دۆۋىنىڭ تېگىدە قالغان قۇرۇق يانتاق تاشلاپ، ئۇ تۇتاشقۇچە داڭقانغا يەنە بىر قېتىم چىڭداپ قار قاچىلاپ قايتىپ كىردىم. پاخال پەردىنى ئوڭشاپ، ھىمراق ياپاي دەۋاتقىنىمدا يان تەرەپتىن:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

مەن ئاۋاز ئىگىسىگە قارىدىم. ئۇ بىزنىڭ گۈمبەزنىڭ نېرىسىدا ئىككى يۈز غۇلاچچە يىراقلىقتىكى بىر گۈمبەزدە قىشلايدىغان دىۋانە ھۈسەيىن ئىدى. ئۇنىڭ لەقىمى پوكانچى بولۇپ، ئۆزى بۇ لەقەمنى دادامدىن قالغان، بوۋام پوكانچى ئىكەن، دەيتتى. بۇ ئادەم ئېگىز، گەۋدىلىك، سېمىز ئىدى. ئۇستۇۋېشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا دىۋانىدەكمۇ كۆرۈنمەيتتى. لېكىن، ئۇ ئۆزىنى تۇغما دىۋانە، ئانام مېنى ئۆزىدەك باشقا بىر دىۋانىدىن تىلەپ ئالغانىكەن، دەپ سۆزلەيتتى. ئۇ گەپدان، بىغەم بولۇپ، ئەللىك ياشقا كىردىم دېسىمۇ، قارىماققا ئوتتۇز بەش بىلەن قىرىق ياش ئارىلىقىدىكى كىشىدەك كۆرۈنەتتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — مەن سالىمىغا جاۋاب بېرىپ، ئۇنىڭدىن گەپ كۈتتۈم.

ئۇ يانتاق دۆۋىسىگە، گۈمبەز ئىشىكى ئالدىدىكى چېچىلغان يانتاقلارغا بىر قارىۋېتىپ:

— ئوت قالىغان ئوخشىمامسەن ؟ — دەپ سورىدى ۋە جاۋابىمنى كۈتمەيلا، — شەھەردىن چىقىشىم، توڭۇپ كەتتىم. ئوتۇڭدىن ئازراق سەدىقە قىل، — دېگىنىچە گۈمبەزگە كىردى.

ئۇنىڭ كىرىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك تۇتەپ تۇرغان يانتاق گۈپپىدە ئوت ئالدى. ھۈسەيىن پوكانچى خېلىلا ئېغىرلاشقان قاسماق خالتىسىنى بىر چەتكە قويۇپ، داڭقاندىكى قارغا بىر قارىۋالغاندىن كېيىن ئوتقا مەيدىسىنى قاقلاپ ئولتۇردى ۋە:



— شا جۇمەكام قېنى ؟ تېخى ناشتىمۇ قىلماپسىلەر-دە ؟ — دەپ سورىدى.

— بامداتتىن ئىلگىرى چىقىپ كەتكەنىدى، تېخى كەلمەيدىغۇ...

— تىلەمچى دېگەن قىلىن بولۇشى كېرەك ئىنى، — ئۇ سۆزلەۋېتىپ قارىمايلا خالتىسىدىن بىر گىردىنى ئېلىپ ماڭا تەڭلىدى، — بەرگىنىنى ئالىمەن، دەپ ئولتۇرماي نىدا قىلىپ، سازا قىلىپ، ئاچمىغان ئىشىكنى ئاچقۇچە قېقىپ تۇرۇپ تىلەش لازىم. يولدا كېتىۋاتقانلارمۇ ئۆزىنى سوراپ بەرمىسە، ئالدىنى توسۇۋېلىپ، يېڭىگە، پېشىگە ئېسىلىۋېلىپ تۇرۇپ تىلە. شاجۇمە بىلەن سەن نازۇك، خېنىمسىمان دىۋانىلەر. سىلەردەك دىۋانىلەرگە ئۇ قەلەندەرلەر سەدىقە بېرەمتى ؟

ھۈسەيىن پوكانچى ھەممە ئادەمنى « قەلەندەرلەر » دەيتتى. مەن ئۇنىڭ گېپىگە كۈلۈپ قويۇپ، گىردىنىڭ يېرىمىنى ئوشتۇپ قۇرۇق يېيىشكە باشلىدىم. ئۇ يېرىم گىردىنى شا جۇمەگە سىقىنىۋاتقىنىمنى كۆرۈپ:

— يەۋەر، ھەممىنى يە، شا جۇمەكامغىمۇ بار، — دەپ خالتىسىنى ئۇرۇپ قويدى، — بۈگۈن قاق سەھەردە بىر قەلەندەرنى بابىلدىم دېگىنە، — ئۇ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ خۇشال سۆزلەيتتى، — ئەپتىدىن كەچكىچە ئىچكەن ياكى بىرەر سەتەڭنىڭ دامىغا چۈشكەن بايۋەچچىگە ئوخشايدۇ، چىرايى سولغۇن، كۆزىدىن پەرىشانلىق چىقىپ تۇرىدۇ. « ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئاللاھنىڭ ئاشىقىمەن » دېسەم، خىيالىدىن بوشىنالمىغاچقا چۆچۈپ توختاپ قالدى. سۆزۈمنى تەكرارلىۋېتىپلا ئارقىدىن: « ئۇلۇغلاردىن ماڭا بېشارەت بولۇشىچە، ئۆزلىرىگە سەل-پەل پېشكەللىك چاپلاشقاندەك تۇرىدۇ... » دېدىم. ئۇ قەلەندەر مېنى بېشارەتچى، تاپقۇر كۆردىمۇ نېمە، « شۇنداق، تاپىلا تەقسىر. كېچىدىن بۇيان تەلىيىمىز كەينىنى قىلىۋالدى... » دېدى. « تەلەي دېگەن ئاللاھنىڭ بۇيرۇغىنى ئەمەس، — دېدىم، — تەلەي دېگەن تۇراقسىز، يۈزسىز بولىدۇ. سىلىگە كەينىنى قىلغان ئۇ تەلەينى سىلىگە يېنىنى،

ھەتتا ئالدىنى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. پىرلىرىمىزنىڭ دۇئاسىنىڭ كۈچىنى كۆرگىلىرى كېلەمدۇ؟ » ئۇ قەلەندەر ئىبسەنكىرەپ تۇرۇپ قىلىپ: « دۇئا قىلسىلا تەقسىر » دېدى ۋە يېرىم سەرلىك بىر تەڭگە بېرىپ، ئۇستىگە ئەمدىلەتىن نان قومۇرۇۋاتقان ناۋايخانىنىڭ تونۇرىدىن ئۇن گىردە ئېلىپ خالتامنى توشقۇزدى. دۇئا نەدە تۇرۇپتۇ؟ تەلىيىڭ كەينىنى قىلىشتىن ئېشىپ يۈزۈڭگە دەسسىسۇن، دېدىم ئىچىمدە. كېيىن زاسۇيپەزخانىغا بېرىپ ئىككى گىردىنى دۆمبەدەك چىلاپ، ئۇستىگە بىر نوگاي زاسۇي سۇيى تىلەپ قۇيغۇزۇپ، قورساقنى پوملىدىم ـ دە، ئەمدى سەدىقە بېرىدىغانلار ئۈچ كۈن ساقلاڭلار، دېگىنىمچە بۇ ياققا ياندىم... يولدا كېلىۋېتىپلا ئىككىڭلارغا ئىككى گىردە ئاتاپ قويغانىدىم. شۇنداق بولغاندا يەنە ئالتە گىردە قالدۇ. ئۇلار بىلەن يەنە ئۈچ كۈنگىچە شەھەرگە ئاياغ باسمايمەن...

— ئالتە نان ساڭا ئۈچ كۈن يەتمەيدۇ، رەھمەت، ياخشى گېپىڭگە، — دېدىم ئۇنىڭغا، — مەن يېرىم گىردە بىلەن نەپسىمگە ئارام بەردىم. شا جۇمەكامنىڭ نېسىۋىسى دەپ يېرىمىنى ئېلىپ قويدۇم. ئۇمۇ قۇرۇق يانمايدۇ...

— ئاتىغاننى بېرىۋەتمىسە يامان بولىدۇ، — ئۇ يەنە بىر گىردىنى تەڭلەپ تۇرۇۋالدى. مەن ئالغاندىن كېيىن يەنە بىر يېڭىلىقى باردەك ئوتقا ئېڭىشىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ھېلىقى يېرىم تەڭگىنى بىر چەرچىنچى تونۇشۇمغا ساقلىغىلى بەردىم، شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ بايلىقىم ئۈچ تەڭگە بولدى. ئۇ بەشكە يەتكەندە سەھرادىكى ئىنىمغا بېرىمەن. ئىنىم مېنىڭ ھېسابىمغا دەپ مال ئېلىپ قويىدۇ. تىرىك بولسا ئىشلىتىدۇ، ئىشلىيەلمەيدىغىنىنىڭ يۈڭىنى، قىغىنى كىرىم قىلىدۇ، بالىلىرى ئۇنىڭغا تەۋە، ئۆلۈپ قالسا يەيدۇ... ھازىر مېنىڭ ھېسابىمدا ئۇن ئىككى قوي، ئىككى توپاق، بىر ئىنەك بار. ھارام مالنى ياقتۇرمايدىغان بىر مىجەزىم بار...

ئۇنىڭ ھازىرقى ئۈچ تەڭگىدىن باشقا مال ـ مۈلكى ماڭا مەلۇم ئىدى. ئۇ نەچچە قوي، توپاق، ئىنەكنىڭ بارلىقىنى ھەمىشە سۆزلەپ



بېرەتتى، بىر ئات ئالماقچى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ئارزۇسىمۇ ماڭا سىر ئەمەس ئىدى.

ئۇ چىقىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ تىرىك تۇرۇپ گۆرگە كىرىۋالغىنىدىن خۇشال ۋە ئالدىراش ئىدى.

شا جۇمە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن سۇرگەن خىياللار ۋە ھۇسەيىن پوكانچى بىلەن بولغان بىردەملىك سۆھبەت دىلىمنى ئېزىپ، كەيپىمنى قاچۇردى. ماڭا بۇ تىلەمچىلىك، دەرۋىشلىك ھايات ئەسلىدىنلا يات ئىدى. شا جۇمەنىڭ نەزەرىيىسى ئۇن يىلدىن بۇيان مېنى قايىل قىلالىغىنى يوق. ھۇسەيىن پوكانچىنىڭ مەن تونۇشقاندىن كېيىنكى ئەمەلىيىتىدىن ئېلىپ سۆزلىگەنلىرىمۇ مېنى بۇ « كەسىپ » كە قىزىقتۇرالمىغانىدى. لېكىن، مەن شۇغۇللانمىسا بولمايدىغان بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ قېلىپ، بۇ كەسىپتىكىلەرگە ھېسداشلىق قىلىش ئورنىغا بىزارلىق سېزىپ كېلىۋاتاتتىم. شاجۇمە، ھۇسەيىن پوكانچىمۇ بۇ ئىشنى ئالەمدە ھەممىدىن ئەۋزەل، دېگەنلىرى بىلەن، تۇرمۇشنىڭ بويۇنتۇرۇقىنى تارتىپ ماڭالماي قالغىنىدا ئۆزلىرىمۇ كۈچسىز، بىچارە ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىپ قويۇشاتتى. ھايات تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان، تۇرمۇشنىڭ ئۈمىدسىزلىك كىشەنلىرىگە پۇتىنى ئۇزۇن سۇنۇپ تۇتۇپ بەرگەن، ئۆلمەي تۇرۇپ ئۆلۈكتەك ياشايدىغان بۇ تىلەمچىلەر ۋە دەرۋىشلەرنىڭ ئارىسىدا يۈرۈپ ئۆزۈممۇ چۈشكۈنلىشىپ بىر يەرگە بارغانىدىم. مۇشۇنداق كېتىۋەرسەم، يەنە بەش يىل ئۆتەر، ئۇن يىل ئۆتەر، ئاندىن مەنمۇ گۆمۈرۈلۈپ چۈشكەن بىرەرتە شام گۆرنى ئۇچراتقىنىمغا خۇشال بولۇپ، ئىتتىكرەك ئىچىگە كىرىۋېلىشقا ئالدىرايدىغان بولامدىمەن؟ شا جۇمە، ھۇسەيىن پوكانچىدەك كىشىلەرنى ئۆز غايىسى، ئەقىدىسى بولغانلىقى ئۈچۈن كەچۈرۈشكە بولار، مېنىچۇ؟

ئەقىدەم بۇنداق ئەمەس ئىدى. ماڭا ھازىرقى تۇرمۇشۇمنى بويسۇندۇرۇش، مېنى چەتكە چىقىرىپ قويۇۋاتقان ھاياتقا قارشى جەڭ ئېلان قىلىش ۋە يەنە ھايات مەندىن تارتىۋالغان ھەقىقىي ئادەمنىڭ تۇرمۇشىنى، شۇ تۇرمۇشنىڭ ئىچىدىكى خۇشاللىقلارنى، قايغۇلارنى، لەززەتلەرنى ۋە

مۇشەققەتلەرنى قايتۇرۇۋېلىش كېرەك ئىدى. ھازىرقىدەك ھەممىگە رازى بولۇپ، خۇشاللىقنى قايرىپ قويۇپ قايغۇنىلا، لەززەتلەرنى شاللاپ تاشلىۋېتىپ مۇشەققەتنىلا ئېلىپ قېلىپ ئۆتتۇەرگىلى بولمايتتى. گۈلنى ئۈزسە تىكىنى بىللە چىقىدۇ. مېغىزنى بولسا شاكال ئوراپ تۇرغان بولىدۇ. نېمىشقا مەن تىكەننىلا، شاكالنىلا قانائەت قىلىمەن؟ كىشىلەر تۇسقۇنلۇق قىلدى، دەپمۇ؟ ئۇ كىشىلەر بۇرۇنقى خۇشلۇقلىرىمنىڭ قايسىبىرىنى پەتنۇسقا ئېلىپ ئالدىمغا قويۇپتىكەن؟ مەن شۇ چاغدىمۇ تىرىشقان، كۈرەش قىلغان ئەمەسمىدىم؟

ھېلىمۇ شۇ يولدا مېڭىشىم كېرەك. غەلبىنىڭ بېرىدىغان لەززىتى شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىگە يېقىملىق تەسىر ۋە ھاياجانلاندۇرغۇچى يارقىن تۇيغۇلارنى تەقدىم قىلىدۇكى، غەلبىگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇ كىشى تىرىشقان، جاپا چەككەن بولىدۇ. چېكىلگەن جاپا تىرىشىش يولىدىكى جاپا بولۇپ، ئۇ قانچە كۆپ بولسا، غەلبىنىڭ لەززىتى شۇنچە شېرىن بولىدۇ. تۇيغۇلارمۇ شۇنچە ساپ ۋە ئالىي بىلىنىدۇ، غەلبىنىڭ ھېسسىي قىممىتى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. ئۇ كىشى مەن بۇ غەلبە ئۈچۈن تىرىشقانمەن، دەپ پەخىرلىك خىتاب قىلغىنىدا، تاۋۇشلارنى ئۇنىڭ يۈرەك تارىلىرىدىن چىققان سادا ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

ھازىرقى چېكىۋاتقان جاپا - مۇشەققەتلىرىم كۈتۈش جەريانىدىكى جاپا ئىدى. دۇرۇس، مەن ئۆزۈمنى يوشۇرۇپ يۈرۈۋاتقانلىقىم بىلەن ئاقلىنالمىسامىمۇ، ئاخىرى كۆرۈنمەيدىغان، چېتى بىلىنمەيدىغان كۈتۈشنىڭ بېرىۋاتقان ھوسۇلى يەنىلا ئۈمىدسىزلىك ئىدى؛ ماتەتەي ئۆلتۈرۈلۈپ، ماشاۋۇ دوتەي بولغاندىن كېيىن ھېچنېمە ئۆزگەرمىگەنىدى. ئاللىقانداق دوتەيلەر ئالماشقىنى بىلەن تەقدىرىمدە قانچىلىك ئۆزگىرىش بولۇشىغا كۆز يەتمەيتتى. خۇددى شاجۇمە كۆتۈرۈپ كەلگەن خەۋەردىكىدەك، قازى يەنە شۇ قازى، مىرزا يەنە شۇ مىرزا، بەگ يەنە شۇ بەگ ئىدى. بۇۋىسارە ئىككىمىز بولساق ئۆزگەرگەنىدۇق، بىز جۇدالىقتىن بارغانسېرى يىراقلاپ، دىدارلىشىشىمىز قىيامەتكە باقى قالىدىغان مەنزىلگە كېتىۋاتاتتى. مېنى ساقلاۋاتقان، ماڭا زارىقىپ تەلمۈرۈۋاتقان، مەندىن



ئۈمىد كۈتۈۋاتقان بۇۋىسارەم ئۈچۈن قانداق جاۋاب بېرىشىم كېرەك؟ يوشۇرۇنۇپ يۈرىمەن، خەقلەر مېنى تونۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۆزۈمنى قاچۇرىمەن دەپ، مازار - گۆرىستانلىقلاردا تىرىك تۇرۇپ گۆرگە كىرىپ، ئون نەچچە ۋە بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ يىللارنى ئۆتكۈزدۈم، جېنىم...، دەيمۇ؟ ياق، يېتەر بۇ تىرىك مۇردىلىق!...

— نېمە بوللا ئۆزى؟

يېنىمدىنلا چىققان ئاۋازدىن چۆچۈپ بېشىمنى كۆتۈردۈم. يېنىمدا شاجۇمە ماڭا ھەيران بولۇپ قاراپ ئۆرە تۇراتتى. ئۇنىڭ قولتۇقىدا خالتا، قولىدا چۆچەك تۇرغىنىغا قارىغاندا ئۇ كىرگىنىنى سەزمىگىنىمنى كۆرۈپ تۇرۇپ قالغانىدى.

— قايتىپ كەپلا؟ — دېدىم مەن.

— نېمە بوللا، يىغلاپلىغۇ؟ — سورىدى ئۇ، — قورساقلىرىنى ئاچۇرۇپ قويغان ئوخشايمەن...

— ياقەي، قورسىقىم توق، ھۆسىين پوكانچى ئىككى گىردە ئەكىرىپتىكەن، سىلىنىڭ نېسىۋىلىرى بار تېخى...

مەن يانتاق ئۈستىگە قويۇپ قويغان گىردىنى كۆرسەتتىم. يىغلىغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. يۈزۈمنى سىلىغىنىمدا، ساقىلىمدىكى ياشلاردىن ئالىقىنىم ھۆللەندى.

شاجۇمە خالتىنى قويۇپ، چۆچەكنى ماڭا تەڭلىدى. چۆچەكتە پولومۇ، مانتىمۇ، چۆچۈرىمۇ، موندەكمۇ بار ئىدى، ئۇلارغا تېخى يېرىك قوناق ئۇنىدا چېلىنغان زاغمۇ ئارىلاشقانىدى. ھەقىقىي تىلەمچىنىڭ بۇ تېپىك تاماقنى شاجۇمەنىڭ: «قورساقلىرىنى ئاچۇرۇپ قويدۇممۇ؟» دېگىنى ئۈچۈنلا يېيىشكە باشلىدىم.

شاجۇمە ئۆچەي دەپ قالغان گۈلخانغا يانتاق تاشلاپ ئوتنى ئۇلغايتتى. داڭقاننىڭ تېگىدە قالغان سۇغا بىر قاراپ، داڭقاننى ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، يەنە قار بېسىپ كىردى. شۇنىڭغىچە مەنمۇ چۆچەكنى بىكار قىلىپ بولدۇم. ئۇ ھۆسىين پوكانچى بەرگەن گىردىنى خالتىغا سېلىپ، قوزۇققا ئېلىپ قويدى ۋە جايىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن كۆزۈمنىڭ

ئىچىگە تىكىلىپ :

— ئۆتكەن ئىشلارنى ھەدەپ ئەسلەۋېرىش ئادەمنىڭ ئۆمرىنى چىرىتىدۇ ، — دېدى .

ئۇ بايامتىن ئۆزۈممۇ سەزمەي ياش تۆككىنىمگە قارىتىپ ئاشۇنداق دېگەنلىكىنى چۈشەندىم . بۇلار توغرىسىدا بىز بۇرۇنمۇ سۆزلەشكەن ، مەن بۇ سۆزلەرگە قارشى ئەمەس ئىدىم . بىراق ، ھازىر « ئۈمىدسىزلىك ئادەمنىڭ ئۆمرىنى چىرىتىدۇ » دېگۈم كەلدىيۇ ، دېمىدىم . ھەممىشە ئالدىغا ئەبەدىي ئالغا قاراش كېرەك ، كەلگۈسىگە ئۈمىد خەنجىرىنى ئېتىش لازىم . كەلگۈسى يا شۇ خەنجەر بىلەن ئۆز سىرلىرىنى ئاشكارا قىلسۇن ياكى تەسلىم بولسۇن ! ناۋادا بۇ خەنجەر كەلگۈسىنىڭ كۆكرىكىدە سۇنۇپ قالسىمۇ مەيلى ، شۇ ھالدىمۇ ئۈمىد خەنجىرىنىڭ ئۇرۇلغاندا چىققان جاراڭلىق ساداسى بىر دەملىك بولسىمۇ ئۈمىدسىزلىكتىن بىخسىغان ھاۋانى تولدۇرۇپ ياڭرايدۇ . بۇ نېمىلا بولمىسۇن ، كەلگۈسىنىڭ نامەلۇم سىرلارنى يوشۇرۇپ تۇرغۇچى دەرۋازىسى ئالدىدا يىغلاپ ، قاقشاپ ، ئۈمىدسىزلىك يوكى ئاستىدا ئېزىلىپ مۈكچەيگەندىن كۆپ ياخشى ۋە ئالىيجانابلىق ئىدى .

جىمىپ قېلىپ خىيال سۈرۈۋاتقىنىمنى كۆرگەن شاجۇمە ئۇتنى ئۇلغايتىپ قويۇپ :

— ئۆتكەنلەرنى ئويلاشتىن قېچىش ھېچكىمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ . بۇ دۇنيا كىشىگە ھەر قانچە سۆيۈملۈك بولغىنى ۋە ئادەملەر بۇ دۇنياغا ھەر قانچە باغلىنىپ قالغىنى بىلەن ، ئادەمنىڭ قايغۇلىرى نامەلۇم كەلگۈسىدىن تونۇش بولغان ئۆتمۈشكە بەكرەك يېقىن بولىدۇ . . . — دېدى .

مەن ئۇنىڭ گەپىنى ئاپىرىپ ئۆز پەلسەپىسىگە ياتقۇزماقچى بولۇۋاتقىنىنى تۇيدۇم - دە ، ئەتىگەندىن بېرىقى خىياللىرىمنى قويماي تۆكۈۋەتتىم . مېنىڭ دېگەنلىرىم بۇرۇن دېگەنلىرىمدەك بىر پەسىلىك چۈشەنچە ۋە دائىملىق چۈشەنچىلىرىمنىڭ ئارىلاشمىسى ئىدى . بۇلارنىڭ بەزىلىرى شاجۇمەگە ياقاتتى ، ئۇنىڭ پەلسەپىسىگە ئۇيغۇن كېلەتتى ؛



بەزىلىرى ئۇنىڭ ئوي - پىكرى بىلەن چىقىشالمايتتى . باشقا چاغلاردا ئۇ ئادەمنىڭ چۈشەنچىسى ۋە پىكرى شارائىتقا ، ھېسسىياتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئېقىپ ئۆزگىرىدىغانلىقىغا ، قايتىلىنىدىغانلىقىغا ، ھەتتا يېڭىلىنىدىغانلىقىغا ئىقرار بولاتتى . « تۇپ چۈشەنچە ، نېگىزلىك پىكىر ، ئەقىدىگە بېرىپ تاقىلىدىغان ھېسسىياتلا ئۆزگەرمەيدۇ . . . » دەيتتى ئۇ . شۇ تاپتا ئۇ مېنىڭ دېۋانىلىك ، دەرۋىشلىكتىن بىزار بولغانلىقىنى ئېيتىپ ، سەسكىنىشكىچە بېرىپ يەتكىنىمنى ئاڭلىغىنىدا چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى ۋە پۇشۇلداپ تىنىغلى تۇردى . مەن گەپ قىلغاندا سەل چەكتىن ئاشۇرۇۋەتكىنىمنى ھېس قىلدىم . ئەسلىدە بۇنداق يېتىۋەرمەي ، تىرىشىش نىيىتىگە كەلگەنلىكىمنى ، قەشقەرگە ئاتلىنىپ ، بۇۋىسارىنى قولغا كەلتۈرۈشكە يەنە بىر قېتىم ھەرىكەت قىلىپ باقماقچى ئىكەنلىكىمنىلا ئېيتسام بولغىكەن . ئەمدى ئىككىيلەن ئۇزاققىچە جىم ئولتۇرۇپ كەتتۇق .

— خوش ، نېمىشقا ئۆز يوللىرىغا مېڭىۋەرمەي يەنە بۇ گۇمبەزدە ئولتۇرىلا ، نېمىشقا ئۆزلىرى نىيەت باغلىغان ئىشقا ئاتلىنىۋەرمەي ماڭا ئېيتىپ يۈرىلا ؟ — دېدى ئۇ . شۇ سۆزلەرنى دېگۈچە ئۇ ماڭا قارىماي ئوتقىلا قارايتتى .

« توغرا ، — دېدىم ئىچىمدە ، — نېمىشقا ئۆز ئەركىم ئۆز قولۇمدا بولغاندىكىن ، ئۆز يولۇمغا مېڭىۋەرمەي ئۇنىڭغا سۆزلەپ يۈردۈم . بۇ ماھىيەتتە ئۇنىڭ ھېسداشلىقىنى ، قوللىشىنى ۋە ياردىمىنى كۈتكىنىم ئەمەسمۇ ؟ »

— سىلىگە ئۆگىنىپ كېتىپتىمەن ئاتا . . . — بوغۇزۇمغا يانتاق كەپلىشىپ قالغاندەك ، گېلىم ئاغرىپ ، تامىقىمنى بىر نېمە تاتىلىغاندەك بولدى ، — گەپ - سۆزسىز ، جىمجىتلا كېتىپ قالالمايمەن . . . ئاندىن شۇ تاپتىلا ھەرىكەت قىلاي دەۋاتقىنىممۇ يوق . . .

— ھەببەللى ، لىللا گەپ قىللا ، — ئۇ تېز ئىنكاس قايتۇردى ، — ئەگەر سىلە راستىنلا جىمجىت كېتىپ قالغان بولسىلىرى ، جاھانىنى بىر تىيىنغا ئالمايمەن ، ھېچنېمىگە پەرۋا قىلمايمەن ، دەپ يۈرگىنىم بىلەن مېنىڭمۇ كۆڭلۈمگە كەلگەن بولاتتى . سىلە ماڭا ئۆگىنىپ قالغانلىرىدەك ،

مەنمۇ سىلىگە ئۆگىنىپ قالدىم. مېنىڭ مۇقەددەس نەزەرىيەمنىڭ نېگىزىدە ئۆزگىرىش بولمىغاندەك تۇرغىنى بىلەن ئۇ سىلىنى ئۇچراتقاندىن تارتىپلا ئۆزگىرىشكە باشلىغانىدى. مەسىلەن، سىلە ئۇردىخان پادىشاھىمدا قاتىللىق قىلىپ، ھېلىقى مۇناپىق دەرۋىشنىڭ «كارامىتى» نى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولۇۋاتقانلىرىدا مەن ئۆز نەزەرىيەم بويىچە كارىم بولماسلىقى، پەرۋا قىلماسلىقىم كېرەك ئىدى... مەن سىلىنى ئاددىي ھالدا بىر جىنايەتتىن توسۇپلا قالغىنىم يوق، بەلكى سىلىنىڭ باياتىن دېگەن «تىرىشىش»، «كۆرەش قىلىش»، «كەلگۈسىگە خەنجەر ئۇرۇش» لىرىغا ئاللىقاچان قاتناشتىم. باشقىسىنى قويايلى، قەشقەرگە سىلىنىڭ ئىشلىرىنى دەپ بېرىپ كەلمىدىممۇ؟... مەن بۇلارنى مىننەت ئۈچۈن ئەمەس، مىسال سۈپىتىدىلا ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىمەن، — ئۇ ماڭا ئەستايىدىل بىر قارىۋېلىپ داۋام قىلدى، — نەزەرىيە، پەلسەپە... دېگەنلەرنى سۆزلىشىۋەرمەيلى. قېنى، قانداق تىرىشىپ، قانداق كۆرەش قىلماقچى، ئېيتىپ باقسىلا؟

مەندە ئېيتىپ باققۇدەك تەييار پىلان نەدە؟

— مەن تېخى ئىشنى شۇنداق قىلسام بولامدىكىن، دەپ ئويلاپ...

— ھە، سىلىمۇ ئاۋۋال ئىشنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىن پۇت دەسسەپ تۇرىدىغان ئاساسىنى تېپىپ چىقىپلا - دە؟... بۇمۇ مۇھىم، — دېدى ئۇ بىر دەم ئويلىنىپ، — ھاسىل كالام، ھەرقانداق ئىشتا بىر ئاساسقا يۆلىنىشكە، ھېسسىي جەھەتتىن مەلۇم بىر پىكىرگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ بىز جىق دېيىشكەندەك «نەزەرىيە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمەلىي تەدبىرگە كېلەيلى، دەرۋىشلىك، دىۋانىلىكتىن بەزگەن، سەسكەنگەن بولسىلىرى نېمە ئىش قىلسىلا بولار؟ قەشقەرگە بۇگۈن - ئەتىنىڭ ئىچىدىلا ماڭمايدىغانلا؟ مۇشۇ پېتى ماڭسىلا بەربىر تىلەمچىلىك قىلىشقا توغرا كېلىدۇ...

ئۇنىڭ دېگەنلىرى توغرا ئىدى. ئويلاشنىغۇ ئويلىدىم، ئويلىغىنىمغا لايىق تەدبىر كېرەك ئىدى، تەدبىرنى نەدىن تېپىش كېرەك؟



— ئۆزى سەسكەنگەن ئىشنى قىلىش ئۆزىگە زۇلۇم سېلىش بولىدۇ، — دېدى شاجۇمە جاۋاب بېرەلمەي ئولتۇرغىنىمنى كۆرۈپ، — مېنىڭچە، قەشقەرگە بارسىلا مەنمۇ بىللە باراي. سىلە مۇرادىلىرىغا يېتىشەلمىمۇ، يېتەلمىسىلىمۇ (خۇدايىم ساقلىغاي بۇنداق بولۇشتىن) مەن سىلىنى ئەگىشىپ يۈرەي.

خۇشلۇقۇمدا چاچراپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئېسىلىپ بىر يىغلىۋالغۇم ۋە رەھمەت ئېيتقۇم كەلدى. لېكىن، مەن ھاڭۋېقىپ ئولتۇرىۋەردىم. چۈنكى، ھاياجان ئىسكەنجىسگە ئېلىۋېلىپ، دېمىمنى بوغماقتا ئىدى.

— ئەمما، — ئۇ سۆزىنى داۋام قىلدى، — سىلە بېرىپمۇ خېنىملىرىنى تاپالامسىلىچۇ؟

— تاپىمەن، — ئىشەنچ بىلەن دېدىم، — ئۇ سىلىنى زادى يېقىن يولاتمىغان چارسۇدىكى ھويلىنىڭ ئىچىدە، ئۇ ھويلا ئۈچ، بۇۋىسارە ئەڭ ئىچىدىكىسىدە بولماي مۇمكىن ئەمەس. مەن موللا بەشىرنىڭ ئۆگزىسىگە كوچا تەرەپتىن چىقىش ئىمكانىيىتىنى قىلىمەن. شۇ ئۆگزىگە چىقىۋېلىۋالسام ئۇ ھويلىغا كىرىش - چىقىش قولۇمدىن كېلىدۇ. بۇرۇنمۇ بىز شۇنداق يول بىلەن قېچىپ چىققان...

— خېنىم سىلىنىڭ مۇشۇ ئەپتىلىرىنى كېچىدە كۆرسە نېمە بولۇپ كېتەر؟ ماقۇل، ئۇ تونۇدىمۇ دەيلى، ئاندىن سىلەر قانداق قىلىسىلەر؟ قەشقەردىن قانداق چىقىسىلەر؟ چىققاندىن كېيىن نەگە بارىسىلەر؟ نېمە كىيىپ، نېمە يەيسىلەر؟

يەنىلا شۇ گەپ، لېكىن ئويلاشمىسا بولمايدىغان گەپ!

— مەن سىلىنىڭ رايىلىرىنى ياندۇراي دېگىنىم يوق، — شاجۇمە كۆسەي بىلەن قوقاسىنى مالتىلاپ ئولتۇرۇپ ئالدىرىماي سۆزگە كىرىشتى، — بۇرۇن ئىككىلىرى قاچالىغاندا سىلە ياردەمچى ئاينۇر خېنىمغا، موللا بەشىرگە، نىغمەتۇللا قارىغا، ئۇنىڭ ئانىسىغا تايانغان، قېچىپ چىقىۋېلىپ قورقماي يوشۇرۇنۇپ ياشىيالىغانلىرىدىكى سەۋەب، سىلىنىڭ ئەتراپىلىرىدا كۈچلۈك رەقىبلەر بولسىمۇ، ئىشەنچلىك دوستلارمۇ بار ئىدى. سىلە كېيىن قانداق قىلارمىز، دەپ غەم قىلمايتتىلە، چۈنكى خېنىم

بىلەن ئىككىلىرىدە ئالتۇن ـ كۈمۈش جىق ئىدى . . . هازىر سىلىدە دوستلارمۇ يوق ، ئالتۇن ـ كۈمۈشمۇ يوق ، ھەتتا ئۆزلىرىنى ساقلىيالىغۇدەك ئىمكانىيەتمۇ يوق . ئۇ چاغدا خەۋپ ـ خەتەر بىر بولسا ھازىر ئىككى ـ ئۈچ ئەمەس ، بەلكى نەچچە ھەسسە ئارتۇق . . .

— مېنى ھېچكىم تونۇيالمايدۇ . . .

— بىراق ، خېنىمنى تونۇيالايدۇ ، — قارشى چىقتى شاجۇمە ، — سىلەر يەنىلا قەشقەردىن چىقالمايسىلەر .

— مەن ھېچ بولمىسا ئۇنىڭ بىلەن بىر كۆرۈشسەم بولاتتى . . .

— شۇ ۋەجىدىن قەشقەرگە بارسىلا ، مەنمۇ بىللە باراي دېدىم ـ دە ؟ بىز ئازراق پۇلنىڭ يولىنى قىلايلى . . . ، — شاجۇمە بۇرنىنىڭ ئۇچىنى تاتىلاپ بىردەم ئويلاندى ، — سىلە دېۋانىچىلىق قىلمىسىلا ، بىرەر ئىش تېپىشنىڭ يولىنى قىلايلى . يازغىچە ئىشلەپ ، تۆت ـ بەش داچەن جۇغلىسىلا ، چاچ ـ ساقالغا تەگمىسەكمۇ ، ئۇستىۋاشلىرىنى ئوڭشايلى . قۇرت ـ قوڭغۇزلار ئىنىدىن چىقسا ، بىزمۇ « رەببىم » دەپ يولغا چىقايلى . مەن تىلەمچى سىياقىدا ئاۋۋالقىدەك ئۇچۇر تاپاي . . . قالغان مەسلىھەتنى شۇ چاغدا قىلىشارمىز . . . قارىغاندا ، قەشقەرگە بىر بارمىسىلىمۇ بولمايدۇ . . .

ماقۇل بولدۇم . شاجۇمەنىڭ كۆرسەتكەن ئەقلى بويىچە بۇۋىسارىگە قايتا ئېرىشىش تولۇق ئاساسقا ئىگە بولمىسىمۇ ، ئۇ دېگەندەك قىلمايمۇ باشقا چارە يوق ئىدى . مەندىن قۇرۇق قىزغىنلىقتىن باشقا ھېچنېمە چىقمايتتى .

كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن شاجۇمە شەھەر ئەتراپىدىكى مەھەللىلەرنىڭ بىرىگە بېرىپ ، شۇ يەردىكى تىلەمچىلەر « باشلىقى » بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ گۈمبەزدىن چىقتى .

— سىلىنى بىرەرتە ئىنساپلىقراق ھۈنەرۋەنگە كېپىل بولۇپ ئاپىرىپ بەرسۇن ، — دېدى ئۇ ، — ئاشپۇزۇل ، ناۋايخانا بارمۇ ، دەڭ ـ سارايلاردا ئوتتۇن يارىدىغان ، سۇ توشۇيدىغان ئىش بارمۇ ، ئىشقىلىپ تونۇشتۇرۇپ قويسۇن . . . كەچرەك قالسام ئەنسىرىمىسىلە . . .



يالغۇز قالغىنىمدىن كېيىن ئۆزىچە غېرىبلىق بېسىپ ئولتۇرغۇم كەلمىدى . دېۋانىچىلىقنى تاشلاشنى قارار قىلمىغىم ئاساندەك تۇرغىنى بىلەن ، شۇ قارارغا كېلىش ئۈچۈنمۇ ھېسابسىز ھېسسىي ئازابلارنى تارتقانىدىم . قارارغىمۇ كەلدىم . ئەمدى نېمە ئىش قىلىمەن ؟ شاجۇمە تونۇيدىغان ئۇ دېۋانە قايسى سارايۋەن ، قايسى ھۈنەرۋەنلەرنى تونۇيدۇ ؟ ئۇنىڭ گېپى تور يەمدۇ ، خەق ئىشىنەمدۇ ؟ ئۇنىڭغا ئىشەنگىنى بىلەن ماڭىمچۇ ؟ ماڭا كىم ئەپكىشنى بېرىپ ، كۆلدىن سۇ ئەكەل ، پالتىسىنى بېرىپ ، كۆتەكنى يار ، دەر ؟ . . . بۇلارنى ئويلاشمۇ ئازاب ئىدى . دېمەك ، قەلەندەرلىك قىلماقمۇ ئاسان ئەمەس ، ئۇنى تاشلىۋەتمەكمۇ ئاسان ئەمەس ئىدى .

مەن ھۈسەيىن پوكانچىنى ئەسلەپ قالدىم . ئۇ پۇللىرىنى ساقلىغىلى بېرىدىغان بىر چەرچىنچى تونۇشى بارلىقىنى دېگەن ئەمەسمۇ ؟ پۇلنى ساقلاپ ، ئاۋۇتۇپ بېرەلىگەندىكىن ، ئۇ تونۇشى ئىشەنچلىك ، بۇمۇ چەرچىنچىگە ئىشەنچلىك ئىدى . مەن نېمىشقا ھۈسەيىن پوكانچىنى تاپمايمەن ؟ ئۇ چۈشتىن بۇرۇن مېنى ئۆز « گۆرىگە » تەكلىپ قىلغان تۇرسا . . .

قاراڭغۇلۇق قاپلىغان ، لېكىن قارنىڭ يورۇقى بىلەن كۆز ئالدىدىكى نەرسىلەرنى پەرق قىلغىلى بولىدىغان گۇگۇم پەيتىدە ھۈسەيىن پوكانچى ياتقان گۈمبەزگە قاراپ ماڭدىم . ھېچكىم ماڭمىغانلىقتىن ، ھۈسەيىن پوكانچىنىڭ پىيمىسىنىڭ ئىزى شۇ پېتى تۇراتتى . بۇ ئىز مېنى ئۇنىڭ گۈمبىزىگە ، ئاندىن گۈمبەزگە يېقىن جايدىكى شام گۆرگە ئېلىپ باردى . گۆرنىڭ سىرتىدىن قارىغاندا تاش گۆردە ئادەم يوق . ئىچ گۆردىن سۇس يورۇقلۇق ۋە ئىس چىقىپ تۇراتتى . تاش گۆرگە چۈشۈشۈم بىلەنلا ئۈستىدىكى بىر كېسەكنىڭ ئۆرۈلگەن ، قارنىڭ غارسىلدىغان ئاۋازى بىلەن ئىچ گۆردىكى ھۈسەيىن پوكانچى :

— قايسىڭ سەن ؟ — دەپ تووۋلىدى .

— مەن ، تەكلىپكە ئاساسەن كەلدىم ، — دەپ تونۇشلۇق بەردىم .

— توختاپ تۇر ، كېسەكلەرنى ئېلىۋالاي ، — دېدى ئۇ ئىچ

تەرەپتىن ۋە گۆر ئاغزىدىكى كېسەكلەرنى ئېلىۋېتىپ تۇرۇپ ئىزاھلىدى ، — ئىچ تەرەپكە ئالسام كېسەكلەرگىمۇ ئىسسىق ئۆتكەچ تۇرىدىكەن ھەم تالاغا قول سوزۇپ سوغۇق يېمەيدىكەنمەن . . . قېنى ، تېز كىر . بىر ـ ئىككى ھارۋا مۇزنى باشلاپ كىردىڭ ـ دە .

مەن ئېگىشىپ ئىچكىرى كىردىم . گۆر ئىچىدىكى يورۇق ئوتتىن چىقىۋاتاتتى . ئۇ نەدىن تاپقانكىن ، قۇرۇق ئوتۇن قالاۋاتاتتى .

— ئەمدى « ئىشىك » نى بېكىتىۋەت ئىنى ، مەن ئۇياققا ئۆتەلمەيمەن ، تارچىلىق ، گۆركار قەلەندەرلەر كەڭ ، ئېگىز كولىماپتۇ . ئۆزىنىڭ گۆرىدە پۈكۈلۈپ ياتار ئىلاھىم . . . ئەزبىرايى خۇدا ، يىڭنە تۆشۈكىچىلىك يوچۇق قالدۇرماي ئېتىۋەت . ھاۋا ، شامال دېگەن نەرسە سىرتتىن كىرمىسىمۇ يەرنىڭ تېگىدىن چىقىۋېرىدىكەن . ھازىر ئوتنىڭ ئىسسىقىدىمۇ بەرىكەت يوق . . . ھە ، سەن جۇۋىلىق بولغاندىكىن ، « ئىشىك » نى توسۇپ ئولتۇر . . .

گۆر كەڭ ، ئېگىز كولانغانىدى . مەن ئولتۇرغاندا بېشىم ئۈستىگە تاقاشمىدى . ھۈسسىين پوكانچى بولسا ئانىدىن تۇغما ھالدا سىڭايان يېتىپ تەتۈر ئۆرۈلگەن پاختىلىق ئىشتىنىنىڭ مازلىرى ئارىسىدىكى پىتلار بىلەن جەڭ قىلىۋاتاتتى . گۆر ئىچى شۈنچىلىك ئىسسىق ۋە دىمىق ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاللىقانداق بىر پۇراققا تولغان بولۇپ ، ئادەمنىڭ دېمى سىقىلاتتى . ئىسلاردىن كۆز ئاچقىلى بولمايتتى .

— پادىشاھتەك ياشاۋاتىمەن ، — ئۇ « غىرىس » قىلىپ بىر پىتنى ئۆلتۈرۈپ ، ئىككىنى ئوتقا تاشلىدى . بەدىنىم قىچىشمايدىغان بولۇپ كۆنۈپ كەتكىنىگە قارىماي ، ئېغىز مانلىرىمدا ھەرىكەت سېزىپ قالدىم ، — دادام رەھمىتى بەدۆلەتنى كۆرۈپتىكەن . بىز كىچىك چاغدا ئۇنىڭ گېپىنى قىلىپ بېرىدىغان . بەدۆلەت ھەرقانچە چوڭ پادىشاھ بولغىنى بىلەن جاڭگىرلاپ تۇرغان سوغۇقتا قېپىالىغاچ ئولتۇرالمىغان بولغىيدى . . .

ئۇ بىرىنەچچە پىتنى تىرنىقىدا سىيرىپلا ئوتقا چۈشۈردى ۋە چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ كەتتى .

مەن شۇ پۇرسەتتە ئۆز گېپىمنى باشلىۋالدىم :



— مەن بىر مەسلىھەت بىلەن كىرگەنىدىم . . .

— نېمە مەسلىھەت ؟

— ئەسلى تەكتىم قەشقەردىن . . ، — ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدۈم .

— بىلىمەن ، — ئۇمۇ سۆزۈمنى بۆلدى .

— قەشقەردە ئاتا ـ ئانام ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم بار ئىدى . . .

— ھازىرچۇ ، ھازىرمۇ باردۇ ؟ . . . يەنە بىرنى تاپتىم ، نەق قوناقتەك بار ، ئەبلەخ ، قېنىمنى ئىچىپ يوغىنىغان بولغىيدىڭ ؟ — ئۇنىڭ كېيىنكى گېپى پىتقا قارىتىلغانىدى .

— سەن گېپىمنى بۆلمەي ئاڭلىمامسەن ؟ — ئاۋازىمنى سەل كۆتۈردۈم ، — ئۇلار ھازىرمۇ بار بولسا كېرەك . مەن ئۇلاردىن ئايرىلغىلى ئون يىلدەك بولدى . . . ھېچ بولمىسا ئۇلاردىن بەزىسى ھايات . . .

تىلەمچى ، دىۋانىلەرنىڭ ھەننىۋاسى ئۆزلىرىنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىنى كاتتا ئادەملەر ، باي مۆتىۋەرلەر ، دەپ تەرىپلىشەتتى . شۇڭا ، ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ ئەجدادى ، نەسەبىگە قىزىقمايتتى . ھۈسسىينمۇ مېنىڭ سۆزۈمگە ئاشۇنداق ئېتىبارسىزلىق بىلەن قاراۋاتاتتى .

— شۇنداق ، — دېدى ئۇ ئىشتىنىنىڭ يەنە بىر پاچىقىنى ئۆرۈۋېتىپ ، — ئاتا ـ ئاناڭ ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭنىڭ ھەممىسى تۈگەپ كېتەمتى ؟ ھېچ بولمىسا ئۇلاردىن ئىككى ـ ئۈچى ھازىر شەھەر سېتىۋالغۇدەك كاتتا سودىگەر ، بىرەرى بەگ . . .

— ياق ، ئۇلار كەمبەغەل ئادەملەر ئىدى . كەمبەغەل بولغاچقا مېنى لاداقتا ماڭىدىغان كارۋاننىڭ خىزمىتىگە تۇتۇپ بەرگەن . مەن قاغىلىقتا — بۇ ئون يىلدىن بۇرۇنقى ئىش ـ كارۋاندىن ئايرىلىپ قېلىپ ، يۇرتۇمغا كېتەلمەي ھازىرقى يولغا كىرىپ قالدىم . . .

— ياخشى قىپتىكەنسەن ، — دېدى ئۇ يەنە سۆزۈمنى بۆلۈپ ، — تېجىمەل كارۋانلارنىڭ كەينىدىن تاغ ئېشىپ ، چۆل كېزىپ يۈرگەندىن كۆرە ھازىرقى كۈنۈڭ مىڭ ھەسسە ياخشى . قېنى داۋام قىل !

— مېنىڭ يۇرتۇمغا قايتىپ ئاتا ـ ئانام ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم ئالدىدا تۇرغۇم بار ئىدى . . .

— كىرىپلا مۇشۇنداق دېمەمدىغان ؟ — ئۇ پىت بېقىشنى قويۇپ، ئىشتىنىنى ئاياغ تەرەپكە تاشلىۋەتتى - دە، بىر تال چۇچۇلنى ئوتنىڭ ئىچىگىرەك ئىتتەردى، — قەشقەر دېگەن يۆتەلسە ئاڭلىنىدىغان يەرغۇ ؟ ئۇقەت قىلماقمۇ ئوڭاي. شۇڭا، ئەزىزانە قەشقەر، دەيدۇ . . . ئادەملىرى ئىچى پۇختا بولغىنى بىلەن خۇداجۇي كېلىدۇ . . . قەشقەرگە بارغۇچە يەيدىغان - ئىچىدىغانغا ياردەم قىل، دەيدىغاندەك تۇرىسەن، بۇنىڭغا ئىزا تارتىش كەتمەيدۇ. بۇنىڭ يولنى قىلىشىپ بېرەلەيمەن. لېكىن، ئىنى، هازىر قىش - زىمىستان، سوغۇق. يازغا يۆلەپ يولغا چىق. يا شۇ چاغدا مەنمۇ چۆگىلەپ كەلگەچ ئاپىرىپ قويىدىغانىنىڭ ئامالىنى قىلارمەن . . .

— سەن گېپىمنى تولۇق ئاڭلاپ ئاندىن بىرنېمە دېگىن. سەندىن سورايدىغان مەسلىھىتىم قاچان يولغا چىقىش توغرىسىدا ئەمەس !

— هە، هە، ماقۇل. سەن دەيدىغىنىڭنى دەپ بولمىغۇچە مەن قوشۇق سالماي تۇراي.

— تىلەمچىلىكنى ئون يىل قىپتىمەن. يۈز يىل قىلساممۇ بىر نېمە ئېشىنالمايدىغان ئوخشايمەن، — دېدىم ئالدىرىماي، — يۇرتۇمغا قۇرۇق قول بارسام ئۇرۇق - تۇغقان، ئەهلى - مەهەللە، دوست - دۈشمەنلەر: «ياقا يۇرتتا ئون يىل تۇرۇپ، ئىككى قولنى بۇرنىغا تىقىپ قايتىپ كەپتۇ. چاپىنى تىزىدىن ئاشماپتۇ . . . » دېگىلى تۇرار هېلى . . . غەيۋەتكە ئورۇن قالدۇرماسلىق ئۈچۈن تۆت - بەش تەڭگە پۇل - پۇچەك زۆرۈردەك تۇرىدۇ، سەن بۇ يۇرتقا يەرلىك، تونۇش - بىلىشلىرىڭ بار. يازغىچە ئاز - تولا پۇل تاپقىلى بولغۇدەك بىر ئىش - پىش ئۇقۇشۇپ بېرەمدىكىن، دېۋىدىم . . .

ئۇ گەپ قىلىشى كېرەك ۋاقىتتا ئۈن چىقارماي جىمىپ كەتتى. ئۇنىڭ گەپ قىلىشىنى تاقەت بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرىۋەردىم. بىر هازادىن كېيىن ئۇ سەل كۆتۈرۈلۈپ، گۆر ئاستىغا جەينىكىنى تىرەپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— تونۇمىغان، بىلمىگەن ئادەمگە كىممۇ ئىش بېرەر ؟ يەنە



كېلىپ، سەن بىلەن مېنىڭ ئۇستىۋېشىمىز ۋە رەڭگىروپىمىزنى كۆرسە، خەق سەدىقە بەرگىنى بىلەن ئۆي - هويلىلىرىغا كىرگۈزەمدۇ ؟

— ئوغرى - يالغان ئەمەسلىكىمنى چۈشەندۈرسەك . . .

— كاۋىسىغا ئەمەس، بارىڭغا قارايدىغان دۇنيا بۇ ئىنى، — دېدى ئۇ كىملەرگىدۇر تېرىكىپ، — شۇڭا بازاردا ئۈستىرىدىن كاپلىغۇچ قىممەت. ئەۋلىيا، دەپ تونۇشتۇرساڭ سەللەڭنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە، قەلەندەر، دەپ تونۇشتۇرساڭ پىتىڭنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قارايدىغان خەق بۇ . . .

ئۇنىڭ دېگەنلىرى مەن ئۈچۈن سىر ئەمەس ئىدى. ئەمما، ئۇ ماڭا بېرىدىغان ماقۇل ياكى ياق دېگەن جاۋابنى تېخى بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن كۈتۈپ ئولتۇرىۋەردىم. ئۇ بىردەم ئوڭدىسىچە يېتىپ، گۆرنىڭ ئۈستىگە قاراپ لەۋلىرىنى قىمىرلىتاتتى. بىردەم ئوتۇنى كۆيۈپ تۈگەپ قوقاسقا ئايلىنىۋاتقان گۈلخانغا قاراپ يېتىپ، بىر نەرسىنى خاتىرىسىگە چۈشۈرمەكچى بولغاندەك قىلاتتى. بۇلاردىن ئۇنىڭ ماڭا بىر يەرلەرنى تاپماقچى بولۇۋاتقىنىنى پەرەز قىلىشقا بولاتتى.

— ئىشلىسەم پۇل تاپقىلى بولارمىكىن دەپ قاپسەن ئىنى، — دېدى ئۇ بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە، — شۇنىڭدىمۇ تەس. بۇ دۇنيادا ئالداشتىن باشقا يول بىلەن پۇل تاپقىلى بولمايدۇ. مەدىكارچىلىق قىلغانلارنىڭ پېشىمۇ تىزىغا يەتمەي ئۆتۈپ كېتىدۇ. هەتتا قورسىقىمۇ بىزنىڭكىچىلىك تويمايدۇ. مالاي - چاكار بولساڭ قۇللۇققا چۈشتۈم، دەۋەر . . . ئۆلىمالار نىيەت ئەلا، دەپتىكەن، نىيەت قىلىپ قاپسەن، بولمىسا تىلەمچىلىكتىن ياخشى ئۇقەت يوق ئىدى. خەير، ساۋابلىق ئۈچۈن يولۇڭنى ماڭساممۇ مېڭىپ قوياي . . . باياتىنىڭىزى بىر يەرلەرنى ئويلىدىم. مۇۋاپىق كۆرمىدىم. يەنە بىر يەرلەر سېنى ئالمايدۇ . . . — ئۇ ئورنىدىن قوپۇپ ئولتۇردى. تېگىگە سېلىۋالغان يىرتىق چاپىنىنىڭ پېشىنى قايرىپ چاترىقىنى ياپتى ۋە چوڭ ئىشقا هۆددە قىلغاندەك ئىپادە بىلدۈردى، — ئۈچ كۈن دېگەن بولساممۇ بىر هەپتىدە چىقارمەن، دېگەنىدىم. خەير، ئەتە گۆردىن چىقىپ،

شەھەرگە كىرەي، يولۇڭنى ماڭاي...

رەھمەت ئېيتىپ چىقىپ كەتتىم. ئۇ گۆر ئاغزىنى «يىڭنىنىڭ تۆشۈكچىلىك يوچۇق قالدۇرماي» ئېتىۋېتىپ كېتىشىمنى تاپىلىدى. تىزىلغان كېسەكلەر ئارىسىدا بەرىبىر نۇرغۇن يوچۇقلار قالاتتى.

گۈمبەزگە قايتقىنىمدا شاجۇمەمۇ كەلمىگەنىدى. ھۇسىيىن پوكانچىنىڭ گۆرى ئالدىدا بۇ گۈمبەز مۇزخانىنى ئەسلىتەتتى. مەن كۆمۈپ قويغان قوقاسنى ئېچىپ ياشلاپ، خېلىدىن بېرى قىزىق قوقاس ئۈستىدە تۇرۇپ قۇرۇپ قالغان يانتاقلارنى تۇتاشتۇردۇم. ئوت ئۇلغىيىپ، گۈمبەز ئىچى خېلى ئىسسىپ قالدى. ئىسسىقنى قاچۇرماسلىق ئۈچۈن گۈمبەز كۆزنەكلىرىگە كېسەك قاپلاۋاتقىنىمدا شا جۇمە قايتىپ كەلدى.

ئۇمۇ خۇش خەۋەر ئېلىپ كېلەلمىگەنىدى. ئۇ ئۇچراشقان دىۋانىلەرنىڭ «ساھىبى» مېنى ئۆز توپىغا قوشۇلۇشنى تەكلىپ قىپتۇ، باشقا جايلارغا تونۇشتۇرالمايدىكەن. شاجۇمە ئۇ توپقا قوشۇلۇپ تىلەمچىلىك قىلىپ، تاپقىنىدىن «كەپسەن» ئايرىپ بەرگۈچە، ھازىرقىدەك مۇستەقىل تىلەمچىلىك قىلغىنى ياخشى، دەپ قايتىپ كەپتۇ.

ھۇسىيىن پوكانچىنىڭ گۆرى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغان سۆھبەتنى ئېيتىپ بەردىم. شاجۇمە قىزىقىپ ئاڭلىدى، نېمىلەرنىدۇر دېگۈسى كەلدىيۇ، يەنە نېمىلەرنى ئويلىدىكىن، ئېغىز ئاچمىدى.

ئەتىسى ئىككىمىز ھېچ يەرگە بارمىدۇق. شاجۇمە تىلەپ كەلگەن پارچە - پۇرات نانلار بىزگە يەنە بىر كۈنمۇ يېتەتتى. چۈشكە يېقىن شاجۇمەنىڭ گۆرىستانلىقتا يانتاق يىغقاچ ھۇسىيىن پوكانچىنىڭ گۆرىنى كۆرگۈسى كېلىپ قالدى.

— مۇسۇلمان كىشى تىرىك تۇرۇپ گۆرنى ماكان قىلسا گۇناھ بولاتتى، — دېدى ئۇ ۋە گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى.

مەن ئۇنى باشلاپ باردىم. شاجۇمە گۆر ئاغزىدىكى كېسەكلەرنى ئېلىۋېتىپ، ئىچىگە بېشىنى تىقىپ قاراپ قويدى، ئىچىگە كىرمىدى. ھۇسىيىن پوكانچىمۇ يوق ئىدى، ئۇ سېسىق پۇراقتىن تەرىنى تۈرۈپ:

— ئاۋۋالقىدەك ئېيتىپ قويارلا، — دېدى. مەن كەينىدىن



يېتىشىپ بارغاندىن كېيىن، — مەشھۇر كىشىلەر ئىچىدە تىرىك تۇرۇپ گۆر ئىچىدە ياشىغانلارمۇ بار، مەسىلەن، كاتتا شائىر خوجا ئەخمەت يەسەۋىي، — دېدى ۋە لەۋلىرىنى قىمىرلىتىپ ئاستا داۋام قىلدى، — ئۇ رەسۇلۇللانىڭ ئۆمرى ئاتمىش ئۈچ يىل بولغان، ئاتمىش ئۈچ يىلدىن ئوشۇق ياشاش رەسۇلۇللانىڭ ئۈممەتلىرى ئۈچۈن راۋا ئەمەس، دەپ گۆرگە كىرىۋېلىپ ئارزۇسىغا يەتكەن... لېكىن، بۇ...

شاجۇمە گۈمبەزگە قايتىپ كىرگەندىن كېيىن توساتتىنلا دەرۋىشلىكى تۇتتى - دە، سوپىلار توغرىسىدا سۆزلەپلا كەتتى. ئۇنى «سوپى» دېگەن ئىسىم چىقىسىلا ئۆچلۈكى تۇتامدىكىن دېسەم، ئۇنداقمۇ ئەمەس ئىكەن. ئۇ ئاشۇ خوجا ئەخمەت يەسەۋىينى سوپى، دېدى ۋە تەپسىلىي توختالمايلا باھا بەردى. ئۇنىڭ سوپى، سوپىزم ھەققىدىكى پىكىرلىرىنىڭ ئاڭلىغۇچىلىكى بار ئىدى. بىراق، كۆزۈم گۈمبەز ئىشىكىدە، قۇلىقىم سىرتتا بولۇپ قېلىپ كۆڭۈل بېرەلمىدىم. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ھۇسىيىن پوكانچى مېنى داغدا قويۇپ قايتىپ كەلمىدى.

ئېغىر ئەل ياتقۇ مەھەلدە مەن ئۇنىڭ گۆرىنى يوقلاپ باقتىم، ئۇ يوق بولۇپ چىقتى. ئەتىسى كەچكىچە قارىساقمۇ كەلمىدى. ئۆگۈنى شاجۇمە يەنە تىرىكچىلىك ئۈچۈن «ئوقەت» كە ماڭدى. «سىلە پوكانچىنى ساقلاپ ئولتۇرسىلا...» دەپ بۇيرۇدى ئۇ.

ھۇسىيىن پوكانچى ھارامزادە ئوخشايدۇ، مېنى ئالداپ قويۇپ بۇرۇتۇمغا چاڭگا تىزغۇچە تاپالمىدىم، دېسىلا بولمىدىمۇ؟ دەپ ئويلاپ ئولتۇرغىنىمدا، كەچلىكى ئۇ شاجۇمە بىلەن بىللە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولتۇقىدا ئەپچىل بىر داستىخان بار ئىدى. داستىخانىنى يايغاندا، ئىچىدىكى نەرسىلەرنى كۆرۈپ شاجۇمەنىڭمۇ كۆزى چەكچەيدى. داستىخاندا غالتەك گۆشى، تەڭنە گۆشى، يۇمشاق ئاق نان ۋە ئۈچ دانە ئانار بار ئىدى. بىر قاراپلا بۇ نەرسىلەرنىڭ تىلەنگەن ئەمەس، سوۋغات قىلىنغان نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى.

— ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام، دەپتىكەن، قېنى ئېغىز تېگىشسىلە، — ھۇسىيىن پوكانچى شاجۇمەنى «سىلە» دەيتتى. ھازىر مېنىمۇ

شۇ قاتارغا قوشۇۋېتىپ باراتتى، — گەپنى تائامدىن كېيىن دېيىشەيلى.

مەن ئۇنىڭ سەپرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغىنىغا، ماڭا ئىش ۋە ئورۇن تېپىلغىنىغا ئىشەندىم. داستىخاننىمۇ مېنى ئىشلىتىدىغان كىشى ئەۋەتكەن بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلىپ شاجۇمەگە قارىدىم. شاجۇمە قارىشىمنى سېزىپ:

— ئىككىمىز زاراتكارلىقنىڭ دوقمۇشىدا ئۇچرىشىپ قالدۇق، — دېدى ۋە هۇسسىين پوكانچىغا قاراپ — دەيدىغان گەپنى دېيىشكەچ غىزالىنايلى، نېمە گەپ ئۆزى؟ — دەپ سورىدى.

— ماڭا بىر ئورۇن: ئۆزى يەرلىك بولمىسۇن، مېڭىشقا يول تاپالماي، جېنىدىن تويغۇدەك هالغا كەلگەن يېتىمچى بولسۇن، تارتىشىدىغان ئادىمى يوق بولسۇن، مۇشۇنداق بىر بېشى قاتقان ئەر كىشى تېپىپ بەر، دەپ بۇيرۇغىلى ئۈچ - تۆت ئاي بولغانىدى، — دەپ گېپىنى باشلىدى هۇسسىين پوكانچى، — ماقۇل دەپ قويۇپ يۈرۈۋەرگەنىدىم. سەن، — ماڭا قاراپ خىتاب قىلدى ئۇ، — هېلىقى ئاخشىمى «ئورۇن» دېگەندە مۇشۇ جاي يادىمغا كەلدىيۇ، سايە قىلغۇم كەلمىدى. تۇنۇگۈن، ئۇلۇشكۈنىڭياقى جىق ئورۇنلار بىلەن ئۇقۇشتۇم، بىر مۇنچە ئادەملەر بىلەنمۇ كۆرۈشتۈم، ئوبدانراق ئورۇن سەن - مەندەكلەرنى ئالمايدىكەن، شۇڭا ئويان بېرىپ، بۇيان بېرىپ سايە قىلغۇم كەلمىگەن شۇ جايغا بارماي ئىلاجىم بولمىدى.

— بۇ يېمەكلىكلەر شۇ ئورۇننىڭمۇ؟ — شاجۇمە بىر پارچە تەڭنە گۆشنى ئاق نان بىلەن قوشۇپ ئاغزىغا سالغاچ سورىدى.

— شۇنداق، — جاۋاب بەردى هۇسسىين پوكانچى، — ئامال يوق شۇ جايغا باردىم. ئەهۋالىڭنى ئېيتتىم. ئۇلار سېنى ئەتىلا كېلىپ ئىشلىسۇن. هەققىنى يۈز تۇرانە سۆزلىشىمىز، دەپ بۇ داستىخاننى ئەۋەتتى...

— قانداق ئورۇن ئۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— كوچىدا ئاچ - زار يۈرگەنلەر ئىش تاپالماي يۈرسە، ئۇلارنى ئالماي، ئىگە - چاقىسىز، يېتىم دىۋانىنى ئۇستەك بېرىپ ئالغىنىغا قارىغاندا، تېگىدە بىر گەپ بار ئوخشىمامدۇ؟ — شاجۇمە يەۋاتقان گۆشنىمۇ چايناشتىن توختىدى، — «بىر بالاسى بولمىسا سايىدا ياتامدۇ قۇيرۇق ياغ» بولۇپ يۈرمىسۇن، يەنە؟

— شۇڭا مەن دەرهال سايە قىلمىغان - دە؟ — هۇسسىين پوكانچى ماڭا خىجالەت بولغاندەك قاراپ قويدى. شاجۇمە بىلەن ئىككىمىزنىڭ توختاپ قالغىنىنى كۆرۈپ، «شەك» چۈشمىسۇن دېگەندەك قىلىپ، ئۆزى بىر چاڭگال قېرىننى ئېلىپ ئاغزىغا سالدى، — ئېلىپ يەۋېرىڭلار، بۇ نەرسىلەرنى كۆزۈمچە بازاردىن سېتىۋېلىپ بەردى...

— قانداق ئورۇن ئۇ، نېمە ئىش قىلىدىكەنمەن؟ — دەپ سورىدىم تەقەززا بولۇپ.

— بىلىشىمچە، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مۇسەللەس، غەيرىي دىندىكىلەر ئۈچۈن هاراق چىقىرىدىغان يەر ئىدى.. خوجايىن باشقا دىندا، خوتۇنى بىزنىڭ مىللەتتىن، مۇسۇلمانغا هېساب...

شاجۇمەگە قارىدىم ۋە ئۇنىڭ بىر نېمە دېيىشىنى كۈتتۈم. شاجۇمە بولسا پەسكە قاراپ ئولتۇرغىنىچە هېچنېمە دېمەيتتى.

— مەسلىهەت قىلىپ، ئەتە ئەتىگەندە جاۋابىنى بەرگىن، — دەپ ئورنىدىن تۇردى هۇسسىين پوكانچى، — مەن ئەتە ئەتىگەندە ئۇ تەرەپكە ئۇچۇرنى بېرىمەن...

ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئىككىمىز ناهايىتى ئۇزۇنغىچە گەپ - سۆز قىلىشماي ئولتۇرۇپلا ئولتۇردۇق. مەنمۇ ئۆزۈمچە خىياللار بىلەن بەند ئىدىم. شاجۇمە بىرنېمىلەرنى ئويلايتتى.

— قانداق قىلىلا، ئۆزلىرى بىر نېمە دېسىلە، — دېدى شاجۇمە ئالاهەزەل خۇپتەندىن يانغۇدەك ۋاقىت بولغاندا.

خېلىدىن بېرىقى ئوي - خىياللىرىم بويىچە كەلگەن قارارىمنى ئېيتتىم:

— بارايمىكىن دەيمەن، — بىردەم تۇرۇپ شۇنداق نىيەتكە كەلگىنىمگە ئاساس قويۇشقا باشلىدىم، — مېنى هاراق چىقىرىدىغان ئىشقا ئارىلاشتۇرماي، مۇسەللەس ئېچىتقىلى سالار، ياكى ئىككىلا ئىشقا سال-

سىمۇ، مېنىڭ هازىرقى ئەھۋالىمدا بىر يارماق تاپقۇدەك قۇربىم بولمىغاندىكىن ئەتيازغىچە لېۋىمنى چىشلەرمەن... مۇسۇلمان تۇرۇپ هاراق، مۇسەللەس ئىچىدىغان، زىناغا بېرىلىپ، بەچچىۋازلىق قىلىدىغانلار ئازمىدى؟... مەن بارسام ناهايىتى كەلسە بىر چاكار بولىمەن، هاجىتىمنى راۋا قىلىش ئۈچۈن كۈچۈمنى ساتىمەن...

هاياجانلىنىپ كېتىپ جىق سۆزلەپ كەتتىم... شاجۇمە ئاخىر ئېغىز ئاچتى:

— بارسىلا، مەن توسىغىنىم بىلەن باشقىچە ئورۇن تېپىپ بېرەلمەيمەن. ئاندىن، سىلە دېگەن مىساللار قۇمدەك، مېنىڭ كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىم ئەنئەنە، مېنى ئۆز تەشەببۇسلىرىم ئۈچۈن هىندى دىنىنىڭ تەرغىباتچىسى، دېگەن ئەنئەنە، سىلىنى مۇۋاپىق نىكاھ ئۈچۈن شەرىئەتنىڭ ئاسىيسىغا چىقارغان ئەنئەنە — ئاددىي، ئادەتتىكى كۈچ ئەمەس. سىلىنىڭ هاراق ئىچىشكە ئەمەس، ئاشۇنداق بىر نېمىنى ئىشلەپ ساتىدىغان يەرگە بېرىش - بارماسلىقلىرى ئۈستىدە شۇنچىۋالا دېلىغۇلدا تۇرۇۋاتقىنىمىزنىڭ ئۆزىمۇ ئاشۇ ئەنئەنىنىڭ بىزدىكى تەسىرى. بېرىپ ئۆزلىرى دېگەندەك مۇسەللەس بىلەنرەك بولىدىغان ئىشلارغا ئۇلىشىپ قالسىلا ئەجەب ئەمەس...

ماڭا شاجۇمەچە بولسا مەيلى «ئەنئەنە — كۈچ» نىڭ تەسىرىدىن بولسۇن ياكى باشقىچە سەۋەبتىن بولسۇن، «بارما» دەيدىغاندەك، ئۇنىڭ «بارساڭ بار» دېيىشى، مېنىڭ خالىغانلىقىمنى بىلگەندىن كېيىن، توسقۇسى كەلمەي بېرىلگەن رازىلىقتەك تۇيۇلدى. ئۆزۈمگە بولسا بەربىر ئىدى. ئون يىلنىڭ ئالدىدا مەنمۇ مۇسەللەس كۈپىگە چۆمۈلۈپ يۈرمىگەنمىدىم؟ ئەمما، مەن ئۆزۈمنى بىرمۇنچە مۇناپىق مۇسۇلمانلاردىن — باشقىلارنىڭ ئاھ - زارى، كۆز يېشى بەدىلىگە ۋەز ئېيتىدىغان دادامدەك، ئابلەھەت مىرزىدەك، ئوردىخان پادىشاھىمدىكى هېلىقى دەرۋىشتەك ۋە ئاشۇلارنىڭ خىلىدىكىلەردىن مىڭ هەسسە پاك مۇسۇلمان هېسابلايتتىم.

ئەتىسى كۈن بىلەن تەڭ هۈسىين پوكانچى گۈمبەزگە كىردى. ئۇنىڭ سورىشىنى كۈتمەيلا:



— شۇ تاپتا ماڭامدۇق؟ — دەپ سورىدىم.

ئۇ بېرىشقا ماقۇل بولغانلىقىمنى ئۇقۇپ خۇش بولغاندەك قىلدى ۋە:

— مەسلىھەتىڭلار پىشىپ، قەتئىي ئىرادىگە كەلگەن بولساڭ ماڭايلى، مەن باشلاپ ئاپىرىپ قويساملا بولىدۇ، قالدى گەپنى بارغاندىن كېيىن ئۆز قۇلىقىڭ بىلەن ئاڭلارسەن، — دېدى.

شاجۇمەگە قارىدىم، ئۇ گەپ - سۆز قىلمايلا قاپىقىنى تۈرگىنىچە ئورنىدىن تۇردى. بۇ ئۇنىڭ مېڭىشىمغا ئىجازەت بەرگىنى ئىدى. مەن قانچىلىك ۋاقىت ئايرىلىشىمىزنى بىلمىسەممۇ، ئون يىل بىللە بولغان بۇ هامىيىم، شەپقەتچىم ۋە سۆھبەتدىشىمنىڭ يېنىدىن كېتىشىنىڭ ئاسانغا چۈشمەيدىغانلىقىنى سەزدىم. ئايرىلىش ئالدىدا كۆز ياشلىرىم يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلدى. شاجۇمە تەتۈر قاراپ هاياجىنىنى باستى ۋە:

— خۇدا سىلىنى ئۆز ئارزۇلىرىغا يەتكۈزەر، — دەپ دۇئا قىلدى.

بىز سىرتقا چىقتۇق، قار يېغىۋاتاتتى. مەن مېڭىش ئالدىدا شاجۇمەنىڭ ئالىقانلىرىنى قىسىپ تۇتۇپ:

— بوش ۋاقىت تاپالىساملا كېلىپ يوقلايمەن، سىلىمۇ هۈسىينكام بىلەن بىللە يوقلاپ تۇرالا، تاشلىۋەتمەسلا... باشقا جايلارغا بارارمەن بولۇپ قالسىلا خەۋەر قىلىپ قويارلا، — دېدىم.

— ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە، — دېدى ئۇ كۆزىنى نەزەرىمدىن قاچۇرۇپ، — خۇدايىم بۇيرۇسا...

هۈسىين پوكانچى ئالدىمدا، مەن ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىپ كەتتۇق. قەبرىستانلىقتىن چىقىپ بولغۇچە ئىككى قېتىم كەينىمگە ئۆرۈلۈپ قارىدىم. شاجۇمە تېخىچە گۈمبەز ئالدىدا مەن تەرەپكە قاراپ تۇراتتى. بىز قەبرىستانلىقتىن ئايرىلىپ يولغا چۈشكەندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم كەينىمگە ئۆرۈلۈپ قارىدىم. ئەدەۋاتقان قار توزانلىرى ئارىسىدا گۈمبەز تۇتۇق كۆرۈنەتتى. گۈمبەز ئالدىدا تۇرغان شاجۇمەنى قار بېسىۋالغانىدى، ئۇ قۇرۇپ قالغان دەرەختەك قىمىرلىماي تۇراتتى. يەنە يىگىرمە - ئوتتۇز قە-

دەمچە مېڭىپ بۇرۇلغىنىمدا گۇمبەزمۇ ، شاجۇمەمۇ كۆرۈنمىدى . ھەدەپ
چۇشۇۋاتقان قار ئەمدى قەبرىستانلىقنىمۇ پەرق ئەتكۈزمەيتتى .
ماڭا ، ئۇنى تاشلاپ كېتىشىم ئادىللىق بولمىغاندەك تۇيۇلدى . ئۇ
مېنى ئون يىل تاشلىمىغانىدى . ئەمدى مەن دىۋانىچىلىق ، دەرۋىشلىكتىن
سەسكەندىم . ئىشلەپ پۇل تېپىپ قەشقەرگە كېتىمەن ، دەپلا ئۇنى يالغۇز
قالدۇرۇۋاتاتتىم . پۇل تاپالىسامغۇ بىر نۆرى ، ئۇ چاغدا ھەتتا شاجۇمەنىڭ
ۋەدىسىنى ئېسىگە سېلىپ ، قەشقەرگە بىللە بېرىشقا تەكلىپ قىلغىلى
بولار . تاپالمىسامچۇ ؟ . . . بۇلار توغرىسىدا ھازىرچە ئويلىيالمايتتىم . مەن
شۇ تاپتا ئۈمىدۋار ئىدىم .
— سەن سەل توختا ، ئىنى . . . ، — ھۆسىيىن پوكانچى
تۇيۇقسىز توختىدى ، — مەن داستىخانىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن ،
ئەكىلىۋالاي . . .
— بارمىساڭا بولدى ، بىر ئەسكى لاتا . . .
— خوجايىننىڭ ئىدى ، — دېدى ھۆسىيىن پوكانچى بىر نېمىدىن
قىسىلغاندەك بولۇپ ، — سېنىڭ خوجايىنىڭ . . .
— بولدى ، جاۋابىنى مەن بېرەي . . .
ھۆسىيىن پوكانچى ماڭا قىزىقىپ قارىدى . ئۇ مەردلىكىمنىڭ
تېگىنى بىلدىمۇ ، نېمە :
— بوۋاي كۆڭلىگە ئالمىسۇن ، دەۋاتامسەن ؟ — دەپ سورىدى .
— ياق ، داستىخان ئۇنىڭ بولمىغاندىكىن كۆڭلىگە ئېلىپ
يۈرمەيدىغۇ ، لېكىن . . . ، — مەن دۇدۇقلاپ كەتتىم ، نېمە دەپ چۈ-
شەندۈرۈشنى بىلمەيتتىم ، — ئۇ شۇ داستىخانىنى كۆرسە ، بەلكىم ، مەن
ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىدىغان چاغدا ئۇنتۇلۇپ قالىدىغان داستىخان
ئىدى ، دەپ ئويلاپ قالار . . . ئەگەر ئەتىگىچە ساڭا قايتۇرۇپ بېرىپ
قالسىمۇ ئالمىغىن . . . ئۆتۈنۈشۈم . . .
ھۆسىيىن پوكانچى كۈلۈپ كەتتى .
— بوۋايغا بەك ئۆگىنىپ كېتىپسەن - دە ؟ — دېدى ئۇ ، —
بوۋاي ئۇلۇغ ئادەم بولالايتتى . ئەمما ، ئەقلى جايىدا ئەمەس . . .



داستىخان . . . بوپتۇ . . .
— نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن ؟ — ئەجەبلىنىپ سورىدىم
رەنجىپ ، — ئۇ دانىشمەن كىشى !
— ئەقلى جايىدا ئەمەس ، دېيىشىمmu ئاشۇ دانىشمەنلىككە قارى-
تىلغان . بۇ دۇنيادا دانىشمەنلىكنىڭ پايدىسى يوق ، ئىنى . تەدبىرلىك
بولۇش لازىم . يۈز دانىشمەننى يىغساڭمۇ بىر توغرام نان تېپىشنىڭ يولىنى
دەپ بېرەلمەيدۇ . . .
ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشىشنى خالىمىدىم . ھۆسىيىن
پوكانچىنىڭمۇ ئۆزىگە لايىق ، ئۆزىگىلا خاس نەزەرىيىسى بار ئىدى .
ئۇمۇ بۇ « نەزەرىيە » سىنى ئوتتۇز يىللىق تىلەمچىلىك قىلىپ ياشىغان
ھاياتىدىن خۇلاسىلىگەنىدى . ئۇ مېنى ، مەن ئۇنى قايىل قىلالمايدىغان
بەس - مۇنازىرىنىڭ نېمىگە پايدىسى بار ؟
كەينىمىزدىن بىرەر يۈزچە ئادەم چىقىپ كەلدى . ئۇلارنىڭ يېرىمى
ئاتلىق ، ئېشەكلىك ، قالغانلىرى ھارۋىغا ئولتۇرۇشقانىدى . سەپنىڭ ئالدىدا
بىر جىنازا ۋە ئۇنى كۆتۈرگەن تۆت كىشى ، ئالمىشىش ئۈچۈن شاپاشلاپ
تەك مېڭىۋاتقان ئون نەچچە كىشى بولۇپ ، بىز بىلەنمۇ ، قار بىلەنمۇ ،
يولنىڭ ئوي - چوڭقۇرى بىلەنمۇ كارى يوق كەلمەكتە ئىدى . ھېچكىم
يىغلىمىغان ، جىنازا ئالدىدىمۇ مەرھۇمنىڭ يېقىنلىرى ھازا ئاچمىغانىدى .
مېنى بۇلاردىن بەكرەك ئۇلار نېمىشقا مېيىتنى كەينىمىزدە قالغان
قەبرىستانلىققا قويمىغاندۇ ؟ دېگەن سوئال قىزىقتۇراتتى .
— ئون يىل گۆرىستانلىقنى ماكان قىلىپ يېتىپمۇ شۇلارنى بىلمى-
گىنىڭنى قارا ، — دېدى ھۆسىيىن پوكانچى ، — ئۆلۈكلەرمۇ نام - نەسەبى
كاتتا ، شەيخلىرى بار گۆرىستانلىقنى ياقتۇرىدىغان بولۇپ قېلىشقان .
شەھەرنىڭ قەشقەر دەرۋازىسى يېنىدا سەن بىلەن بىزدەكلەر يېقىن
يولىيالمايدىغان ئۇلۇغ مازار بار ، بۇلار تايىنلىق شۇ يەرگە با-
رىدۇ ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى شۇ يەرگە ئەللىك - ئاتمىش قەدەم قالغاندا
ھازا ئاچىدۇ . . . مېنى دېسە توپتوغرا جەھەننەمگە بېرىشسۇن ، — قوشۇپ
قويدى ئۇ ، — « بىزنىڭ » قەبرىستانلىقىمىزغا ئېسىل مېيىتلار كەلگىلى

تۇرسا، شاجۇمە بىلەن مەندەكلەرگە قىشلاش ئۈچۈن جاي چىقمايدۇ، غېرىبانىراق تۇرغىنى تۈزۈك...

مۇز تۇتۇپ كەتكەن خەندەكنىڭ قار باسقان، لېكىن ئۆتكۈنچىلەرنىڭ ئاياغ ئىزىدىن قار چۈشمىگەندەك كۆرۈنىدىغان كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ سېپىلدىن كىردۇق. شەھەر ئاللىقاچان جانلىنىپ كەتكەن، سودا - سېتىق، ئېلىم - بېرىمنى قاتتىق قارمۇ سۇسلاشتۇرالمىغانىدى. كوچىلاردا بىزگە ئوخشاش تىلەمچىلەر تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتكەنىدى ۋە ئۇلاردىن بىر - ئىككىسى ھۆسىين پوكانچى بىلەن مېنىڭ ئالدىمغىمۇ كېلىشتى. بىزنىڭ ئۈستىمىزنى قار بېسىۋالغان ۋە بىز قول سوزماي، ئىندا قىلماي كېتىۋاتقانلىقىمىزدىن ئۇلار بىزنى تىلەمچىلەر ئەمەس، بەرگۈچىلەر، دەپ بىلگىنى ئېنىق ئىدى.

— يوقال كۆزۈمدىن! — ۋارقىرىدى ھۆسىين پوكانچى ئۇلارغا. ئەمما، ئۇ كۈلەتتى، — بەگ ياكى سودىگەر كۆرۈشۈۋاتامسەن؟ بىزدە پىت دېسەڭ خۇرجۇنلاپ تېپىلىدۇ. لېكىن چوڭ كوچىدا ئىشتان - كۆڭلەكنى سېلىپ يۈرەمسىز؟

بىر كوچا، ئىككى ئاۋات رەستىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ھۆسىين پوكانچى ماڭا چۈشەندۈردى:

— ۋاقىت بىر يەرگە بارغىنى بىلەن ئىككىلىمىز ناشتىسىز. خەق بىزنى ئېچىرقاپ كەتكەن ئەرۋاھلار ئىكەن، دەپ قالماسلىقى ئۈچۈن قورساقنى ئەستەرلەپ، روھلۇق قىياپەتتە بارايلى. ھازىر مەن بىر چايخانىغا باشلاپ كىرەي، رىزقىمىز چېچىلغان چايخانىلار چىقىپ قالار.

كوچىنىڭ ئىككى يېقىدا چايخانىلار ئاز بولمىسىمۇ، ھۆسىين پوكانچى بەزىسىنى كىچىك، بەزىسىنى نامرات كۆرۈپ كىرمىدى. ئۇنىڭغا ياققۇدەك چايخانا مۇزلاپ كەتكەن بىر كۆل بويىدىن تېپىلدى. ئۇ كاچكۇل ئەتراپىدا چۈشۈپ كەتكەن چېلەكنى ئالالمايۋاتقان بىر توپ كىشىلەرگە ئېرەنسىزلىك بىلەن قارىۋېتىپ:

— ئەخمەق قەلەندەرلەر، تاپالمايدۇ، — دېدى ۋە پاختىلىق پەردىنى ئېچىپ، چايخانا بوسۇغىسىدىن پۈتىنى تىقىپلا تۇۋلاشقا



باشلىدى، — ياخشى مۆمىنلەر، ئاللاھ يولىدا ئىككى غېرىبنى يوقلاپ قويۇڭلار. تالاغا چىقساڭلار ئاللاھنىڭ رەھمىتى قار ساڭرى ئۈستۈڭلەرگە ياغقاي، ئۆيگە كىرسەڭلار ئەۋلىيا - ئەنبىيالارنىڭ ھىممىتى چاينىڭ ھورىدەك ئەتراپىڭلارنى ئوراپ تۇرغاي...

ئۇنىڭ ئىشارىتى بويىچە ئالىقانلىرىمنى ئېچىپ كەينىدىن ماڭدىم. تاختاي ۋە كارىۋاتلاردىن بۆگۈلۈك قىلىنغان چايخانىنىڭ ئادەم ئۆتۈشكۈدەك ئارىلىق يولى بار ئىدى. بۆگۈلۈكلەرگە كىگىز، پالاس سېلىنغانىدى. بۇلارغا ۋە ئولتۇرۇپ چايخورلۇق قىلىۋاتقانلارغا قارىغاندا، چايخانىنىڭ ئوتتۇرا ھال، ئالسىراق چايخانا ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. ھۆسىين پوكانچى خالتىسىنى ئېچىپ بۆگۈلۈكلەر ئارىلىقىدا توختىماي سۆزلەپ ماڭاتتى:

— شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىدۇكى، سىلەر سەدىقە قىلاي دېسەڭلارمۇ ئۈلگۈرەلمەيسىلەر. بىرمۇ قەلەندەر — دىۋانە بولمايدىغان شۇ كۈندە بېشىڭلار ئۈستىدىكى كۈننىڭ ھارارىتىنى قىلغان خەير - سەدىقەڭلار سايىۋەن بولۇپ توسۇيالايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ قالغىنىڭلاردا «ۋاي ئىسىت!» دەيسىلەر، مۆمىنلەر... ئاللاھ ئىگەم: بىرنى بەرسەڭ ئوننى، ئوننى بەرسەڭ يۈزنى، يۈزنى بەرسەڭ مىڭنى بېرىمەن، مىڭنى بەرگەنگە قىيامەتتە دىدارىمنى بېرىمەن، دەپ ۋەدە قىلغان، ئېي مۆمىنلەر... ئۇلۇغ كىتابلاردا: موللىلار جەننەتتى بولىدۇ، ئۆلىمالار جەننەتتى بولىدۇ، ھاجىلار جەننەتتى بولىدۇ، دەپ يېزىلمىغان، سېخىيلار جەننەتتى بولىدۇ، دەپ يېزىلغان. قېنى سېخىيلار سېپىدىن چۈشۈپ قالماڭلار...

بىز ئىككى ئايلىنىشتا تويۇپ ئاشقۇدەك پارچە - پۇرات نانلارغا ئېرىشتۇق. ھۆسىين پوكانچى قايسىبىر چايخورنىڭ ئالدىدىكى بوشىغان پەتنۇسقا نانلارنى تۆكۈپ، ئىشىككە يېقىن بىر بۇلۇڭغا ئولتۇردى - دە:

— قېنى چايخانىچى، شۇ خەيرلىك ئەتىگەننىڭ بېخىلىدىن بولۇپ قالمىغىن. سېخىيلار سېپىگە سەنمۇ ئىككى چىنە ۋە ياخشى دەملەنگەن بىر

چەينەك چاي بىلەن ۋاقتى قەرەلىدە قوشۇلۇپ قال ! — دەپ توۋلىدى.

چايخانىچى ئۇنىڭ « بۇيرۇق » نى كېچىكىپ بولسىمۇ ئورۇنلىدى، ئىككى تاۋاق ۋە بىر نوگاي قايناقسۇ ئەۋەتىپ بەردى. بىز بەك روهلىنىپ كەتمىگەن بولساقمۇ قورساق غېمىدىن خالاس بولۇپ كوچىغا چىقتۇق.

— بىز بارىدىغان ئۆي ئىگىسى دۇكاندار، يالغۇز هاراق چىقىرىپ، مۇسەللەس ئېچىپىلا ئولتۇرمايدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى هۇسيىن پوكانچى كېتىۋېتىپ، — ئۇنى تونۇمىغان خەقلەر « جاڭگۇيدى » دەيدۇ، تونۇيدىغانلار « گۇ سوزا » دەيدۇ. « جاڭگۇيدى » دېگىنى « خوجايىن » دېگەن گەپ، « گۇ سوزا » دېگىنى ئىسمى بولسا كېرەك. ئۆزى ئۇيغۇر، باي، جەگىسى بار خوتۇن. مەن سېنى ياش، كۈچى بار، ئەقلى - هوشى جايىدا، ئوغرىلىق قىلمايدۇ، قېچىپ كەتمەيدۇ، دەپ تونۇشتۇرغان. ئۆزۈڭ خالاپ، ئىختىيار قىلىپ بارغانىدىكىن، ئۆزۈڭنىمۇ تۇتۇپ يۈر، مېنىمۇ كېيىن يەرگە قاراتما، ئۇ خوتۇننىڭ يامۇل، مەهكىمە، بەگ - بايلار بىلەن باردى - كەلدىسى قويۇق. شۇڭا قولى ئۇزۇن. يەرلىك ئادەملەرگە ئىشەنمەيدۇ، يەرلىك ئادەملەرمۇ ئەل - جامائەتنىڭ يامان كۆزدە قارىشىدىن قورقۇپ، ئۇ يەردە ئىشلىگىلى ئۇنىمايدۇ... قالغان تەرەپلىرىنى مەنمۇ تازا بىلىپ كەتمەيمەن، ئاستا - ئاستا كۆنۈپمۇ قالارسەن...

ئۇنىڭ نەسىهەتلىرىگە يا ئاق، يا كۆك دەپ ئىنكاس بىلدۈرمىدىم. ئاخشاملا هەممىنى ئويلاپ بولغانلىقىمدىن، بېشىم پاتقۇدەك جاي، قورسىقىم تويغۇدەك بىر چىشلەم نان بولسا، ئاز - تولا پۇل - پۇچەك قىلىۋېلىپ يازغا ئۇلىشىۋالسىملا بولاتتى.

بىز بىر چوڭ رەستىگە كەلدۇق. تۆت كوچىلارنىڭ دوقمۇشلىرىدىكى دۇكانلار تامامەن ئېچىلىپ كەتكەنىدى. شۇ دۇكانلارنىڭ بەزىسى خەنزۇلارنىڭ ئىدى. مەن گۇ سوزا ئىسىملىك بۇ ئايالنىڭ دۇكىنىنى قايسىدۇ، دەپ سەپسېلىپ ماڭدىم. ئەمما، دۇكاندا ئولتۇرغانلار ئىچىدە مۆلچەرىمگە باب كېلىدىغان ئايال يوق ئىدى. هۇسيىن پوكانچى بولسا مېنى دۇكانلارنىڭ بىرەرىگە ئەمەس، خېلى كەڭ، ئىككى قاناتلىق بىر



ئىشىكنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدى. بۇ ئىشىك دۇكانلارغا يېقىنراقمۇ ئەمەس ئىدى تېخى.

هۇسيىن پوكانچى ئىشىكنىڭ هالقىسىنى ئۇزۇنغىچە قاقتى. ئاچىدىغان ئادەم چىقمايتتى. مەن بۇ كوچىنىڭ بىرلا ئادەم پىلانلاپ، بىرلا تامچى ۋە ياغاچچىنىڭ قولىدىن چىققاندەكلا ئوخشاش كۆرۈنىدىغان ئۆيلىرىگە سەپسالدىم. ئۆيلەر كېسەكتە سېلىنغان، تالاغا قارايدىغان دېرىزىسى يوق ئىدى. ئۇستىنىڭ بەزىلىرى قەشقەرنىڭ ئۆيلىرىدەك سىرەج تامىلىق، كۆپى ئۇنداق بولمىسىمۇ ئېگىز ئىدى. ئىشىكلىرىنىڭ هەممىسى دېگۈدەك ئىككى قاناتلىق بولۇپ، كەڭ - تارلىقىلا پەرقلىنەتتى. ئىشىكلەرنىڭ ئۈستىدە ئويۇپ گۈل چىقىرىلغان ياغاچ كۆزنەكلىرى بار ئىدى. بىز ئالدىدا تۇرغان بۇ ئىشىك باشقا هەممە ئىشىكلەردىن كەڭ، ئېگىز بولۇشى بىلەن پەرقلىنەتتى. يەنە ئۇنىڭ ئىككىلا قانىتىغا تۆمۈردىن هالقا بېكىتىلگەنىدى.

ئىشىك ئاخىر ئېچىلدى. ئۇستىگە خەنزۇچە پاختىلىق ئىشتان ۋە ياندىن ئىزمىلىنىدىغان پاختىلىق جۇيازا كىيگەن، ئەمما چىرايىدىن ئۇيغۇر ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرغان بىر ئايال بىزگە خۇش ياقماسلىق بىلەن قاراپ قويۇپ:

— بازارغا بېرىپ تىلەڭلار ! — دېگىنىچە ئىشىكنى ياپماقچى بولدى.

هۇسيىن پوكانچى خالتىسىنى ماڭا تۇتقۇزدى - دە، ئالدىراپ:

— بىز گۇ سوزامنىڭ چاقىرىشى بىلەن كەلگەن، هۇسيىن پوكانچى ئىزدەپ كەپتۇ، دېسىلە، ئۆزى بىلىدۇ، — دېدى.

ئايال باش ئۇستىگە تۈرمەكلىۋالغان چېچىنى بېسىپ قويۇپ، بىزگە يەنە بىر قارىدى - دە، ئىشىكنى يېپىپ غايىب بولدى.

— غالچا دېگەن ئاشۇنداق بولىدۇ، — دېدى هۇسيىن پوكانچى قولىنى سوزۇپ. مەن ئۇنىڭ سۇنغان قولىغا خالتىسىنى ئۇزاتتىم، — هالىنى قارا ئۇ يۇندىپۇرۇش چالا تەتەينىڭ...

ئۇنىڭ گېپى تۈگىمەي تۇراتتى، « چالا تەتەي »

ئىشكنى ئېچىپ :

— كىرىڭلار ، — دېدى .

بىز بۇسۇغىدىن ئاتلىدۇق . « چالا تەتەي » ئالدىمىزدا باشلاپ ماڭدى . بۇ بىر ئۇزۇن دالان بولۇپ ، ئوڭ تەرەپتە ئىككى ، سول تەرەپتە ئۈچ ئۆينىڭ ئىشكى بارلىقى بىلىنەتتى . سىرتتىكى ئىشكنىڭ ئۈستىدىكى كۆزنەكتىن چۈشكەن نۇر دالاننى تازا يورۇتالمايتتى . ئەمما ، دالاننىڭ نېرىقى تەرىپىدە يەنە بىر ئىشىك بولۇپ ، ئۇنىڭ تېشى هويلا بولسا كېرەك ، شۇ تەرەپتىن كىرگەن يورۇقلۇق دالاننى خېلى يورۇق قىلىپ تۇراتتى .

« چالا تەتەي » سول تەرەپتىكى ئىشكلەرنىڭ ئۈچىنچىسىنى ـ ئاخىرقىسىنى ئېچىپ ، بىزنىڭ كىرىشىمىزنى ئىشارەت قىلىپ ، ئۆزى بىر چەتتە تۇردى . هۈسيىن پوكانچى ئالدىدا ، مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كىرىپ بولغاندىن كېيىن ئىشىك يېپىلىپ قالدى .

بۇ ئۆي يورۇق ئىدى . چوڭ ئېچىلغان تۆگۈلۈككە پەنجىرە قويۇلۇپ ، سامان قەغىزى چاپلانغىنىغا قارىماي ، ئۆينىڭ ھەممە تەرىپى ئېنىق كۆرۈنەتتى . ئىشكنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئادەم بويى ئېگىزلىكىدىكى قارا سىرلانغان رامكىغا ئېلىنغان تاشئەينەك توختىتىلغان ، ئۇنىڭ نېرىسىدىكى بۇلۇڭدا تامغا ھىم كەلتۈرۈپ ئۈچ بۇرجەك ئۈستەل قويۇلغانىدى . ئۇدۇلىمىزدا چاسا ئۈستەل ، ئىككى تەرىپىدە بىردىن ئورۇندۇق بار ئىدى . ئۈستەل ئۈستىدە بىر مۇنچە چوڭ ـ كىچىك قۇتىلار تۇراتتى .

سول تەرەپتىكى ئىشىك ئېچىلىپ ، ئېگىز بويلۇق ، خۇش پىچىم ، ئۈستىگە گۈللۈك خاڭدەندىن جۇيازا ، قارا مەخمەلدىن پاختىلىق ئىشتان ، پۇتىغا پاختىلىق لاتا خەي كىيگەن قىرىق بەش ياشلاردىكى بىر ئايال ئارقا تەرىپىگە يۆگەپ تور بىلەن ئورىۋالغان چېچىنىڭ چازىسىنى ئوڭشىغاچ بىز تۇرغان ئۆيگە چىقتى .

— گۇ سوزام ، تىنچ تۇرلىمكىن ؟ . . . — دېدى هۈسيىن پوكانچى گەۋدىسىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئېگىشتۈرۈپ .

ئايال ئېغىز ئۇچىدىلا :



— ھە ، كەلدىڭلىمۇ ؟ — دەپ سوراپ قويدى . ئۇ ئىشكتىن چىققاندىن تارتىپ قولى چازىسىدا ، كۆزى مەندە ئىدى ، — كېچىكىپ قالدىڭلارغۇ ؟

— ماۋۇ نەس باسقان قارنى دېمەملا . . . يوللار تىقما ـ تىقماق . . . ئۆزلىرىنى ساقلىتىپ قويدۇققۇ دەيمەن ؟

گۇ سوزا ئۇنىڭ سۆزىگە ئېتىبار بەرمىدى . ئۇ بىزگە ئارقىسىنى قىلىپ ، ئۇششاق چامداپ بېرىپ ئورۇندۇققا ئولتۇردى . پۇتىنى مىنگەشتۈردى ۋە شۇ چاغدا چازىسىنى ئوڭلاپ بولدى بولغاي ، قولىنى چۈشۈرۈپ هۈسيىن پوكانچىدىن :

— مۇشۇ شۇمۇ ؟ — دەپ ماڭا قارىماي تۇرۇپلا سورىدى .

— شۇنداق ، دەل ئۆزى . . . ، — جاۋاب بەردى هۈسيىن پوكانچى .

گۇ سوزا ئوڭ قولىنىڭ باشمالتىقى ۋە كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن سول قولىنىڭ تىرنىقىنى تاتىلاپ ، ماڭا قارىمايلا :

— ئېتىڭ نېمە ؟ — دەپ سورىدى .

مەن ئون يىلدىن بۇيان قوللىنىپ كېلىۋاتقان ، شا جۇمە ھەققىي ئەھۋالىمنى بىلگەندىن كېيىن قويۇپ بەرگەن ئىسمىمنى ئېيتتىم :

— ئاللاھبەردى . . .

گۇ سوزا بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قىزىقىپ قارىدى :

— بىز ئۇيغۇر خەق خۇدايىم بەرسۇن دەپ « خۇدا بەردى » ، « ئاللاھبەردى » دەپ ئات قويىمىز ، قارىغاندا ، ساڭا خۇدايىم بۇنىڭياقى بەرگۇدەك ، — ئۇ يەنە تىرناقلىرىغا ئېگىشتى ، — نەلىكسەن ؟

مەن هۈسيىن پوكانچىغا ئېيتىپ بەرگەنلىكىمدىن سەل پۇشايمان قىلغان بولسامۇ ، ئەمدى شۇ بويىچە جاۋاب بەردىم :

— قەشقەرلىك .

— قەشقەردە مەن ئۇزۇن تۇرغان ، قەشقەرنىڭ نەرىدىن ؟

مەن سەل تېڭىرقاپ قالدىم . بۇ ئايال قەشقەردە ئۇزۇن تۇرغان بولسا ، بۇ تۇرقى بىلەن شەھەر ئىچىدە تۇرۇشى مۇمكىن ، دەپ ئويلىدىم .

شەھەر ئىچىدىكى بىرەر كوچىنىڭ ئىسمىنى ئېيتسام، بەلكىم ئۇ شۇ يەرلەرنى بىلسە، مېنى تېخىمۇ سوراشتۇرۇپ، ئالىلىكىملەرنى بىلىش - بىلمەسلىكىمدىن تارتىپ ئىگىلىگىلى باشلىسا، چېنىپ قالمىسامۇ تۇتۇلۇپ قالاتتىم. شۇڭا دەرھال ئېسىمغا كەلگىنى بويىچە:

— قاقۇللادىن، — دېدىم.

گۇ سوزا بېشىنى كۆتۈردى. ئالمۇۋالغان پۇتىنى چۈشۈرۈپ، بادام قاپاقلىرىنى سۈزۈپ قارىدى - دە:

— قاقۇللا... ھە، ئاڭلىغان، ئۇ يېزىغۇ؟ — دېدى. مەن يېنىكلەشكەندەك بولۇپ، بىر ئۇھ تارتىۋالدىم. ئۇ كەيپىياتىم بىلەن كارى بولماي ئەسلەشكە كىرىشتى، — مەن قەشقەردىن چىقىپ كەتكىلى ئۇزۇن بولدى. ئۇ قىز چاغلىرىم ئىدى... ئۇ چاغدا مىنگومۇ قۇرۇلمىغان، شىۋەنتۇڭخان ۋاقتى ئىدى. كېيىن مېنى ئوغرىلار ئېلىپ قېچىپ... — ئۇ بىردىنلا ئەسلىمىسىنى توختىتىپ، سورىقىنى داۋام قىلدى، — نەچچە ياشقا كىردىڭ؟

— ئوتتۇزغا كىرىپ قالدىم...

— گەپ مۇنداق، — ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، يەنە چازىسى بىلەن ھەپىلىشكەچ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ماڭا ئوغرىلىق قىلمايدىغان، قېچىپ كەتمەيدىغان، قولىقى يۇمشاق، سەن قۇراملىق بىر چاكار كېرەك ئىدى. پوكانچى سېنى سايە قىلدى. ھازىرچە قارىسام، بولىدىغاندەكمۇ تۇرىسەن. ئەگەر خالىساڭ ئىشلەپ قال، ياتىقىڭ، يېمىكىڭ، ئىگىنىڭ مەندىن بولىدۇ، ئايلىقىڭغا يېرىم سەر تەڭگە بېرىمەن. بۇ ھازىرقى بازاردا ئاز پۇل ئەمەس... خالىساڭ گېپىڭنى ھازىر قىل، يولۇڭغا ماڭ. سېنى مەن كۆرمىدىم، مېنى سەن...

ئۇنىڭ بېرىدىغان ھەققى راستىنلا ئاز ئەمەس ئىدى. ھەممىنى بېرىپ، يەنە يېرىم سەر تەڭگە بېرىدىغان قانداق ئىش ئىكەنلىكىنىلا ئۇقسام بولاتتى.

— ئوشۇقۇڭ سىيا چۈشتى، — دېدى ھۆسىين پوكانچى، — نېمىدېگەن ئەپلىك ئىش بۇ، گەپ قىلە...



— نېمە ئىشقا سالىدىغانلىقلىرىنى بىلسەم بولارمۇ؟ — ئەدەپ بىلەن سورىدىم ۋە ئاۋازىمنى پەسەيتىپ، ئېھتىيات بىلەن قوشۇپ قويدۇم، — ئاتا - ئانىمىز مۇسۇلمان...

— ئەپلىكلىكىڭنى قارا، — قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى گۇ سوزا. ئۇ كۈلگەندە سۇۋارى ئالتۇن قاپلانغان چىشلىرى ۋاللىداپ كەتتي، — نېمە دەيدىغىنىڭنى بىلىپ بولدۇم... ھاراق چىقىرىدىغان يەرگە سالامدىكىن دەپ قاپسەن - دە؟ ئۇ يەرگە سېنى بۇيرۇغىلى بولامدۇ؟ قىلاي دېسەڭمۇ ئەپلەشتۈرەلمەيسەن... ئىشىنىڭ نېمىلىكىنى دەپ بەرسەم، ئوتتۇن يېرىش، سۇ توشۇشتىن تارتىپ مال چۈشۈرۈش، مال يۆتكەش، ھويلا - ئاراملار، تالا - تۈزنىڭ ئىشلىرى...

— ئىشلەپ قالاي، — دېدىم كۆڭلۈم ئىزىغا چۈشۈپ.

— ماقۇل ئەمىسە، ھازىر چىقىپ، ئەتىجانىڭنى يۇيۇپ تازىلا، چاچ - ساقاللىرىڭنى ياسات، ياقاڭدىن تارتىپ تاپىنىڭغىچە كىيگەن جالدىرۋاقلىرىڭنى ئوچاققا تاشلا. مۇشۇ تۇرقۇڭ، ئاشۇ كېپەنلىرىڭ بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆزۈمگە كۆرۈنسەڭ، مېنى ئادەمگەرچىلىكى يوق خوتۇن ئىكەن دېمە! — ئۇ ماڭا قارىتىلغان گېپىنى توختىتىپ، ئىشىك تەرەپكە قاراپ ۋارقىرىدى، — قايسىڭلار بار، ھاي تالادا قايسىڭلار بار؟

« چالا تەتەي » شۇ يېقىن ئارىدا بولسا كېرەك، ھايالسىز كىرىپ كەلدى. گۇ سوزا مېنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا بۇيرۇدى:

— ماۋۇ ئاللاھبەردىنى ھامامغا باشلاپ قوي، ئامباردىكى كىيىم - كېچەكلەرگە قاراپ باق. باب كېلىدىغانراق تۇماقتىن ئۆتۈككىچە تېپىپ بەر... ئاندىن ئۆمەراخۇنغا ئېيتىپ قوي، بۇنىڭ چاچ - ساقاللىرىنى چۈشۈرۈپ، ئادەم سىياقىغا كىرگۈزسۇن...

« چالا تەتەي » لەۋلىرىنى بوش مىدىرلىتىپ:

— ماقۇل، — دېدى ۋە ماڭا قارىدى.

— ھامامنىڭ ئوچىقىغا ئاۋۋال ئۈستۈڭدىكى جالدۇرۋاقلىرىڭنى تاشلايسەن، — گۇ سوزا ماڭا قاراپ يەنە تەكرارلىدى، — ئاخشاملىققا ساڭا ياتاق ئورۇنلاشتۇرىمەن...

مەن «چالا تەتەي» نىڭ كۆزلىرى ئارقىلىق باشلىشى بىلەن دالانغا چىقتىم. شۇ ئارىلىقتا گۇ سوزىنىڭ ھۇسىيىن پوكانچىغا:

— سىنىڭ قورسىقىڭ قانداق ئىدى؟ ئاچ بولسا ئېيت، ساڭا تاماق ئەكەلدۈرۈپ بېرىمەن، — دېگىنىنى ئاڭلىدىم.

ھۇسىيىن پوكانچى تاماق يېمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى بولغاي، كەينىمدىنلا دالانغا چىقتى.

— خۇدايىمغا ئامانەت ئۇكام، نېرى - بېرى، قاتتىق - يىرىك گەپ - سۆزلەر بىلەن دىلىڭنى چىگكەن يەرلىرىم بولسا كۆڭلۈڭدىن چىقىرىۋېتەرسەن، — دەپ قوللىرىمنىڭ بېغىشىنى تۇتۇپ قىستى، — سېغىنسام يوقلاپ تۇرىمەن، سەنمۇ بىكار چاغلىرىڭدا بېرىپ تۇرغىن...

ئۇنىڭ ياشلانغان كۆزىگە قاراپ، مېنىڭمۇ كۆڭلۈم بۇزۇلدى. ئاغزى تورۇك - تورۇك بۇ ئادەمنىڭ كۆڭلى تۈزلۈكىنى بىلەتتىم، جىق ياخشىلىقلىرىنىمۇ كۆرگەن. شۇ تاپتا مەن ئۇنىڭ بىلەن تېخى بىر شەھەردە تۇرىدىغانلىقىم ئېنىق تۇرسىمۇ، ئەمدى مەڭگۈ كۆرۈشەلمەيدىغاندەك بىر خىل جۇدالىق تۇيغۇسى نەپسىمنى قىسماقتا ئىدى. مەنمۇ گېپىگە يارىشا لايىقىدا خوشلىشىش سۆزلىرىنى ئېيتىپ، شا جۇمەگە سالام دەپ قويۇشنى تاپىلىدىم.

«چالا تەتەي» نىڭ كەينىدىن ھويلىغا چىقتىم. بۇ ھويلا تۆت چاسا بولۇپ، تام چۆرىدەپ قاتار ئۆي چۈشكەن، ئوتتۇرىدىكى سەيناسىمۇ خېلى كەڭرى، يوغان ھويلا ئىدى. ھويلىنىڭ نېرىقى چېتىدە بايىتىن بىز قېقىپ كىرگەندەك چوڭلۇقتىكى يەنە بىر ئىشىك بارلىقى كۆرۈنەتتى. ئۇ ھەم يېپىلغانلىقتىن، نېرىسى كوچىغا تۇتىشامدۇ، ياكى يەنە بىر ھويلىغا ئۆتۈشەمدۇ، بىلگىلى بولمايتتى. بۇ ھويلىنىڭ كىشىگە غەلىتە بىلىنىدىغان يېرى ئاجايىپ غەلىتە پۇراق ئىدى. بۇ پۇراق دەماللىقتا ئاچچىقسۇچىلارنىڭ ئېچىتقان كېپكى چىقارغان پۇراقتەكمۇ تەسىر قىلاتتى، لېكىن ئۇنىڭدىن قاڭسىق ۋە ئاچچىق ئىدى. «قايسىبىر ئۆيلەردە ھاراق ئېچىتسا كېرەك...» دەپ ئويلىدىم ئادەمسىز كەڭرى ھويلىغا كۆز يۈگۈرتۈپ.



— مۇشۇ ھامام، — «چالا تەتەي» ھويلىنىڭ نېرىقى بېشىدىكى بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى كۆرسەتتى، — تاشقىرىدا قازان بار، ئوتۇنمۇ بار، ئەۋرىقلار ئىچىدىكى ئۆيدە...

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا كەينىگە بۇرۇلۇپ يۈرۈپ كەتتى. قار يېڭىلا توختىغان بولسىمۇ، ھويلىدىكى قار ئۈستىدە ئۇنىڭ پاختىلىق لاتا خېيىنىڭ تاپىنىدىن غىرىسلىغان يىرىك تاۋۇش چىقىپ تۇراتتى.

ھامامغا كىردىم. «چالا تەتەي» دېگەندەك، كىرىشكىلا ئۆرە ئوچاق ۋە ئۈستىگە بېكىتىلگەن يېگىرمە سوغا سۇ سىغقۇدەك يوغان قازان كۆزگە چېلىقاتتى. شۇ تاپتا ئوچاقتا ئوت يوق، پەقەت ئۆچەي دەپ قالغان بىر نەچچە تال چوغ كۈل ئارىسىدا پارقىراپ تۇراتتى. سول قول تام - تورۇسقىچە زەيلەپ كەتكەن، تامنىڭ سىرتتىن كىرىشتىكى بۇرجىكىدە پەس، قېلىن تاختايدىن قوپال ياسالغان بىر ئىشىك تۇراتتى. مەن ئۇنى ئېچىپ ئىچىگە كىرىپ باقتىم. بۇ خېلى چوڭ، تار ئۆي ئىدى. پەس يېپىلغان تورۇسنىڭ جەگىلىرىگە چىگىلگەن قىل تانىلارغا ئۈچ - تۆتچە ئەۋرىق ئېسىلغانىدى. ھەر ئەۋرىق تېگىدىكى ئەۋرەزلەرنىڭ ئارىلىقىدا بورىدىن تىكلەپ تۇرغۇزۇلغان توساق بار ئىدى. يورۇقلۇق ئىشىككە يېقىن تۈڭلۈكتىن چۈشۈپ تۇراتتى. تۈڭلۈك ئوچۇق بولسىمۇ، كىچىك بولغانلىقتىن، ئۆي ئىچى گۇگۇم ۋاقتىدىكىدەك يېرىم قاراڭغۇ ئىدى.

مەن ھەيران بولغان ھالدا قازان بېشىغا قايتىپ چىقتىم. قازاننىڭ چوڭلۇقى، ئەۋرىقلارنىڭ كۆپلۈكى، ئەۋرەزلەرنىڭ ئارىلىقىدىكى توساق بورىلار بۇ ھامامنىڭ ئائىلە ئىچىدىلا پايدىلىنىدىغان ھامام ئەمەس، بازاردىكى جامائەت سەرراپلىرىغا ئوخشايدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. «بىرلا ۋاقىتتا تۆت - بەش ئادەم غۇسلى قىلىدىغان ئوخشامدۇ؟ — ئويلىدىم ئىچىمدە، — گۇ سوزىنىڭ چاكارلىرى شۇنچە كۆپمىكىنە!؟»

تام تۈۋىدىكى يېرىپ دەستىلىۋېتىلگەن ئوتۇنلارنىڭ قۇرۇغان شېشىقلىرىنى چىقىرىپ، چوغ بىلەن تۇتاشتۇردۇم. ئوتۇننى بولۇشىغا تىقىپ ئوتنى ئۇلغايتقاندىن كېيىن ئاۋۋال بويۇمنى سۇغا سالماقچى، ئاندىن كىيىمنى كۆرۈپ بېقىپ، كيونلىرىنى ئوتقا تاشلىماقچى بولدۇم. ئۇن

يىلنىڭياقى يازدا ئېرىق - ئۆستەڭلەردە سۇغا چۆمۈلگەننى ھېسابقا ئالمىغاندا قىشتا سېسىپ، كىرلىشىپ يۇرىۋەرگەنىدىم. ئەمدى ھامامنىڭ ئۆزىگە خاس پۇرىقى، سوپۇن پۇرىقى ۋە ئەۋرەزدىن ئۆرلەۋاتقان غەلىتە زەي پۇرىقى قوشۇلۇپ ماڭا غەلىتە تەسىر قىلىۋاتاتتى. ئۇ ئۆتمۈشنى ئېسىمگە سالاتتى ۋە كەلگۈسىنى يېقىنلاشتۇراتتى. مەن كىيىم - كېچەك كىيىپ، تاماق يەپ، يەنە ھەر ئايدا يېرىم تەڭگىگە ئىشلەپ، بۇ خىلۋەت ئىچكىرى ھويلىدا قانچىلىك ۋاقىت تۇرىدىغانلىقىمنى مۆلچەرلىيەلمىسەممۇ، تىلەمچىلىك، دەرۋىشلىكتىن خالاس بولغىنىمنى، «ئەركىنمەن» دەپ تۇرۇپ بىر توغرام نان ئۈچۈن ھەررەك - سەررەك ئادەملەرگە يېلىنىپ، قول ئۇزىتىشتىن قۇتۇلغىنىمنى ئەمەلىيەت، بۇ چۈشۈم ئەمەس دېيەلەيتتىم...

«چالا تەتەي» ئىشىكنىڭ تېشىدا تۇرۇپ:

— ئېگىن ئەكىلىپ قويدۇم، — دەپ تووۋلىغاندا، مەن تېخى ئوچاق ئالدىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتىم.

تالاغا چىقىشىمغىلا ئىشىك ئالدىغا قويۇپ قويۇلغان بىر دۆۋە ئېگىنگە كۆزۈم چۈشتى. «چالا تەتەي» يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى. مەن بۇ ئېگىنلەرنى قۇچاقلاپ، ھاماغا ئەكىردىم ۋە بىر - بىرلەپ ئوتتۇن ئۈستىگە قويۇپ تەكشۈرۈپ باقتىم. تۇماق قارىداپ كەتكەن، يۈڭلىرى كۆيە يېگەن بولسىمۇ يىرتىقى يوق ئاق تۇماق ئىدى. پاختىلىق چاپان چېرىكچە چاپان بولۇپ، تېشى بىر نەچچە يېرىدىن يامالغانىدى، ئەستەر تەرىپى قاسماق كىردىن پارقىراپ تۇراتتى. پاختىلىق ئىشتانلا كونا بولسىمۇ ئىچى - تېشى يىرتىلمىغان، پاختىسى قېلىن، كىيىملەر ئىچىدىكى تۈزۈكرەكى ئىدى. پۇتۇمغا كىيىدىغىنىم پىيما بولۇپ، ھازىر كىيىۋاتقان پىيمامدىن ئاز - تولا تۈزۈك بولمىسا، قونچى، تاپىنى يىرتىق، يەكپاي، ۋە بىرى كۆيۈپ قورۇلۇپ قالغان پىيما ئىدى. بۇرۇن تىقىپ قويۇلغانمۇ، ياكى «چالا تەتەي» نىڭ غەمخورلۇقىمۇ، ئىشقىلىپ، پىيمىنىڭ قونچىدا ئىككى پۇتقا بىر نەچچە يۆگەپ ئورىغۇدەك پايتىما بار ئىدى. تاپان ئاستىدىكى يىرتىقلارغا ئىچ تەرىپىدىن پاخال



تىقىلغانىدى.

مەن ئىچكىرى ئۆينىڭ تام تەكچىلىرىدىن بىر نەچچە يالاندا تېرىۋىلىپ، ئۇزاق، ئەزمىلىك بىلەن يۇيۇندۇم. ئېتىمدىن يېرىمى سويۇلۇپ چۈشۈپ كەتكەندەك يەڭگىللەپ، چاچ - ساقاللىرىم ۋە بەدىنىمدىكى سۇنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن ئوچاق ئالدىدا ئولتۇرغىنىمدا ئىشىك زەرب بىلەن ئېچىلدى - دە، سالۋار تۇماق، پاختىلىق قىسقا چەكمەن چاپان، يىرتىق چورۇق كىيگەن، چاچ - ساقاللىرى چارلاشقان، ئات يۈز، قاشلىرى ئۇزۇن، بۇرنى يۈزىگە ئوشۇق كەلگەندەك پولتىيىپ چىقىپ تۇرىدىغان پاكار بىر كىشى كىرىپ كەلدى. مەن قول ئۇزىتىپلا سېلىپ تاشلىۋەتكەن، ئوچاقنىڭ ئوتى سەل پەسلىسە قالىۋەتمەكچى بولۇپ تەييار قىلىپ قويغان كونا كىيىملىرىمنى ئېلىشىمنىمۇ، ياكى ئورنۇمدىن يالىڭاچ تۇرسامىمۇ تۇرۇپ، يەڭگۈشلىمەكچى بولغان يېڭى كىيىملىرىمنى ئېلىشىمنىمۇ بىلەلمەي تۇگۇلۇۋالدىم. ئۇ مەڭدەپ قالغىنىمنى كۆرۈپ، قاپىقىنىمۇ ئاچماي:

- ئىچكىرى كىرسىلە، — دېدى.

شۇ چاغدىلا مەن ئۇنىڭ قولىدا ئۇستىرا، قىسقا چەكمەن چاپىنىنىڭ ئۈستىدىن باغلىۋالغان شوينا بەلۋېغىدا كاپلىغۇچ كۆرۈپ، باياتىن گۇ سوزا تىلغا ئالغان ئۆمەراخۇن شۇ بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلدىم. ئۆزۈمدىن چوڭ ئادەمنىڭ ئالدىدا يالىڭاچ ئولتۇرۇش ناھايىتى بىدەپ بولسىمۇ، ئىلاجسىز ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ ئىچكىرىگە كىرىپ، بايا مەن يۇيۇنغان ئەۋرەزنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردۇم. كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتقاندا، چاچ - ساقاللىرىمنى ئالدۇرغۇم يوق ئىدى. بۇ ئۇن يىللىق ھەمرىھىم بولۇپلا قالماي، يازغا ئۇلىشىپ قەشقەرگە بارارمەن بولۇپ تۇرۇۋاتقىنىمدا، قەشقەرلىكىنىڭ كۆزىدىن مېنى يوشۇرىدىغان نىقاب ئىدى. لېكىن، گۇ سوزا ئۇلارنى يوقىتىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەرگەن تۇرسا قانداق قىلاي؟

ئۆمەراخۇن ھۆل چېچىمغا ئۆرىقتىن ئىسسىق سۇ قۇيۇپ، يالاندا سۈرۈۋېتىپ:

— دولىلىرىدىن ئېشىپتۇ بۇ چاچلار، — دېدى ۋە مەن

بىلمەيدىغاندەك بىر تۇتام چىچىمنى كۆز ئالدىمدا پۇلاڭشىتىپ قويدى، — نېمە قىلىمەن، دەپ ئۆستۈرگەن تۇك بۇ؟

— دەرۋىش ئىدىم ئاتا . . . ، — دېدىم ئاستاغىنا .

— دەرۋىش بولغاندىمۇ شۇنچىۋالا ئۆستۈرۈك بارمۇ؟ — ئۇ ئۇستىرىسىنى كاپلاۋېتىپ يەنە غودۇڭشىدى، — كىگىز بولۇپ كېتىپتۇ، تېگىگە سۇمۇ ئۆتمەيدۇ. ئاندىن نېمىدېگەن جىق جانىۋارلار ئۇ؟ بېقىپ ئاۋۇتۇپ ئۇچۇرما قىلماقچىمىدىڭلە؟ — مەن جاۋاب بەرمەي كۆزۈمنى يۇمۇپ ئولتۇرىۋەردىم، — جانىنى ئۆزۈك بەرگەن خۇدايىم، ئۆزۈك بىر نېمە قىلارسەن دېگەندەك ئۆزىنى شۇنچىۋالامۇ تاشلىۋەتكەن بارمۇ؟ قىچىشتۇرمىدىمۇ؟ . . . كۆنۈپ قالامدىكەن يا؟ . . .

مەن يەنىلا گەپ قىلماي ئولتۇرىۋەردىم . ئۇ « بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم » دەپ ئۇستىرىنى باش ئۇستۇمگە ئېلىپ كەلدى ـ دە، شۇنداق دېدى :

— بۇ چاچلار ھەم ئۇزۇن، ھەم يىرىك . تېگى ئېرىنمىگەنلىكتىن بىردەم جان قىينايدۇ، چىداپ ئولتۇرسىلا . ئۆز ئاياغلىرى بىلەن بۇ ھويلىغا كەلگەندىكىن « ۋايجان » دېسىلىمۇ ۋاقتى ئۆتتى . ھازىرقىسى تېخى باشلانمىسى، خۇدايىم بۇيرۇسا نى ـ نى « ۋايجان » قىنچقىرىلا . . .

بوۋاينىڭ سۆزىدىن قانداق مەنە چىقىرىشىمنى بىلەلمەي قالدىم . تۈنۈگۈن كەچتە ۋە بۈگۈن كېلىۋاتقۇچە ھوسىيىن پوكانچىمۇ ماڭا شۇنىڭغا يېقىنراق گەپ قىلغانىدى . تۈنجى كۆرۈشۈشىمىزدە ئىسمىلىرىمىزنى سوراشماي تۇرۇپ، بۇ بوۋاينىڭ مۇنداق گەپلەرنى قىلىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ گۇ سوزا بايا « خالىساڭ قال، خالىمىساڭ كەت . . . » دېدى . شۇنداق دېيىشىدە مېنى پۇشايمان قىلدۇرىدىغان بىر ئىشلارمۇ بارمىدۇ؟

بوۋاينىڭ ئۇستىرىسى گالمۇ، ياكى چېچىم ئۇنىڭ دېگىنىدەك كاجمۇ، ئەيتاۋۇر، باش ئۇستۇمگە بېدە تېرىلىپ، گال ئورغاقتا ئورۇۋاتقاندەك كارتىلدىغان ئاۋاز قۇلىقىمنى يېسە، ئۇستىرا بىسى تەگكەن يەر چىداپ بولمايدىغان دەرىجىدە ئاغرىيتتى، ھەقىقەتەن جان قىينىلىدىغان چاچ ئالدۇرۇش بولۇۋاتاتتى .



— قولۇم قاپىرىپ كېتىدىغان بولدى، — دەپ غودۇڭشىيتتى بوۋاي پات ـ پات ئۇستىرا كاپلاپ، — چاچىڭ تېگى سېكىنىپ كېتىدۇ . قوي يېغىدا ياغلاپ، ياتقاندا تۇماقنى ئالمىسلا .

ئۇ بېشىمنى ئېڭىزلاپ بولۇپ، ساقاللىرىمنى يۇمشىتىش ئۈچۈن ئىككى چېكەمنى ئۇۋۇلاۋاتقاندا :

— ساقىلىمنى چۈشۈرتمەيمەن، — دېدىم قەتئىي قىلىپ .

— گۇ سوزام . . .

— بولدى، جاۋابىنى ئۆزۈم بېرەرمەن . . . ، — مەن چېچىم بولمىسىمۇ مەيلى، ساقىلىم قەشقەردە لازىم بولىدۇ، دەپ ئويلايتتىم .

— ئەمىسە ياساپ قوياي، چىرايلىق كەتمەن ساقال نۇسخىسىدا ئەپلەپ قويىمەن .

بۇنىڭغا ياق دېيەلمىدىم . ئۇ ئېڭىكىمنىڭ ئاستىنى كالپۇكۇمنىڭ تېگى ـ تۆپىسىنى ۋە مەڭزىمنى قىرىپ قويدى . شۇ پۇرسەتتە :

— مېنى پارچە ـ پۇرات ئىش قىلسەن، ھاراق ئېچىدىغان يەرگە يولىمايسەن دېدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدىم .

— شۇنداق، توغرا دەپتۇ، — ئۆمەراخۇن تەستىقلىدى، — ئاشۇ پارچە ـ پۇرات ئىش دېگەن چاتاق ـ دە، ئۇھ دېگۈچىلىكى قالمايدۇ كىشىنىڭ . ئۇنىڭ ئورنىغا ھاراق ئېچىشقا سالسىمۇ مەيلى دەپ قالىلا . . .

— ئايدا يېرىم تەڭگە بېرىدىكەن، ئىشقا ئۆلۈپ قالماسمەن، — دېدىم قورقۇنچلۇق بىر گەپ يوق ئىكەنغۇ، دېگەن يەرگە كېلىپ، — ماڭا يازغا ئۇلىشىۋېلىش لازىم ئىدى . ئاندىن قولۇمغا تۆت ـ بەش تەڭگە يىغىمىسام . . .

— جىقراقمۇ يىغىپ قالارلا، — دېدى ئۇ گېپىمنى بۆلۈپ .

مەن بۇ سىرلىق سۆزلەردىن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدىم . ئۆمەراخۇن باش ۋە ئېڭىكىمنى سىلاپ قويۇپ، ئېغىر ئۇھ تارتتى ـ دە :

— خۇداۋەندە كېرەمم بەندىسىنى بۇ دوزاختا يېقىن يولاتمىغاي . . . ، — دەپ قويۇپ خوش دېمەيلا چىقىپ كەتتى .

مەن توڭغاننىڭ ئۇستىگە ئېچىشىپ ئاغرىۋاتقان بېشىمغا ئاۋۋال ئاق

تۇماقنى كىيىۋالدىم، كۆڭلەك بولمىغانلىقتىن چاپاننى گالڭ ئېتىم ئۈستىگە كىيىپ، ئىشتان ۋە پىيما كىيگۈچە كونا ئېگىنلىرىمنى كۆيدۈرۈش - كۆيدۈرمەسلىك ئۈستىدە ئويلىنىپ قالدىم. ئەگەر ھۈسىيىننىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى مۇسۇلمانلىقىمنى كۆزدە تۇتۇپ، ھاراق ئېچىشقا يېقىن كېلىپ قالامدىكىن، دېگەن ئەنسىرەشكە ئاساسلانغان بولسا، ئۆمەراخۇننىڭ «ھاراق ئېچىشقا سالسىمۇ مەيلى، دەپ قالىلا» دېگىنى قانداق گەپ؟ ئەگەر مېنى ئىنساننىڭ ئەخلاقى ئۆلچىمى ۋە ۋىجدانى كۆتۈرمەيدىغان ئاللىقانداق بىر ئىشلارغا سالسا، ئىسسىقىدا كېتىۋالغىنىم تۈزۈك ئىدى. ئۇ چاغدا پىت بولسىمۇ، سىركە بولسىمۇ، كىر - قاسماق بولسىمۇ كونا ئېگىنلىرىم ئەسقاتاتتى. لېكىن، ھۈسىيىن پوكانچى بىلمەسلىكىنى ئېيتتى. مۇنۇ ئۆمەراخۇن بىلىدىغاندەك تۇرۇپ ئېيتىپ بەرمىدى ۋە تېخى بۇ يەرنى «دوزاخ» دېدى. سىرنى كىمدىن ئېنىقلاي؟

گۇ سوزىنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈپ، «ئاۋۋال ئون - ئون بەش كۈن ئىشلەپ باقاي، سىلىمۇ مېنى كۆرسىلە، مەنمۇ ئىشنىڭ ئەلمى - تەلمى بىلەن تونۇشاي. دائىم ئىشلەپ قالسام، ھېساب - كىتاب سىلە دېگەندەك بولسۇن، كېتىپ قالسام، ئىشلىگىنىمگە ھەق ئالماي، ھەققىم يېگىنىم ۋە ياتقىنىمغا ھېساب بولسۇن...» دېمەكچى بولدۇم. كونا ئېگىنلىرىمنى كۆيدۈرۈۋېتىشتىن يالتىيىپ، تالاغا ئېلىپ چىقتىم - دە، ئانچە ئېگىز يېپىلمىغان ھامامنىڭ ئۆگزىسىگە تاشلىۋەتتىم. بۇ توگىغا سالغانلىق بولۇپ قالار، دېدىم ئىچىمدە.

ھويلا سەيناسىدا ئادەم يوق ئىدى. ھامامغا كىرىشتىن ئىلگىرى چىققان دالانغا كىردىم. گۇ سوزىنىڭ ئىشىكىگە قۇلۇپ سېلىقلىق ئىدى. ھۈسىيىن پوكانچى بىلەن دەسلەپ كىرگەن ئىشىككە كەلدىم، بۇ ئىشىكتىمۇ قۇلۇپ بار ئىدى.

مەن ھويلىغا قايتىپ كىردىم. سەينادا «چالا تەتەي» بىر داسنى يۇيۇپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قايسى ئۆيدىن چىققانلىقىنى ئاڭقىرىغىلى بولمايتتى. ئۇ مېنى كۆردى، ئۆزگەرگەن تۇرقۇم، ئۈستۈبېشىمغا سەپسېلىپ قارىدى. ئەمما، ھېچنېمە دېمەي يەنە دېسىغا ئېڭىشىۋالدى. مەن



ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— گۇ سوزام يوق تۇرىدىغۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— ۋاي تاڭ...، — بېشىنىمۇ كۆتۈرمىدى ئۇ.

— سىلىنىڭ ئاتلىرى نېمە؟ — ئۇنۇمگە مېھرىبانلىق تۈسىنى بېرىشكە تىرىشىپ سورىدىم.

— چولپانخان، — قىسقىلا جاۋاب بەردى ئۇ ۋە ئەمدى گەپ سورىسىما دېگەندەك قىلىپ، ئالدىنى مەندىن بىلىنەرلىك بۇراپ، ھامام تەرەپكە يۈزلەندى. ئىچىمنى تاتىلاۋاتقان «سىر» نى بىلەلمەي تىت - تىت بولۇۋاتقىنىمدا، قىلىدىغان ئىشىم بولمىغانلىقتىن، خاپا بولساڭمۇ بولارسەن، دەپ يەنە سورىدىم:

— سىلى ئەسلى مۇشۇ شەھەردىنمۇ؟

— ياق، سېرىقبۇيىدىن.

— ئۇبدان يۇرتتىن ئىكەنلا، — بىلمىسەممۇ خۇشامەت قىلىپ قويۇشقا ئۇرۇندۇم، — بۇ يەرگە كەلگىلى خېلى بولدىمۇ؟

— ئۈچ يىل...

— كۆنۈپ قالغاندەك تۇرىلا...

— كۆنمەي نېمە چارە؟

چولپانخان ئەمدى يەنە مەن تەرەپكە سەل بۇرالدى. ئۇنىڭ داسنى يۇيۇپ بولغانلىقىنى، سۇنى تۆكۈۋەتمەي، داسنى سىلاپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ، گەپ قىلىشقۇسى بارلىقىنى بايقىدىم.

— مەن قەشقەردىن، — شۇنداق دەپ باشلىدىم گەپنى، — ياقا يۇرتتا جىق يۈرۈپ قېلىپ، باياتىن سىلە كۆرگەندەك ھالغا چۈشۈپ قالغانىدىم. تۆت - بەش تەڭگە پۇل قىلاي دېسەم، مەن بىلەن كەلگەن ھېلىقى كىشى مۇشۇ يەرنى سايە قىلدى. ساقلىنىم بېدىدەك بولغىنى بىلەن مازار - زاراتكارلىقلاردىن چىقماي يۈرگەچكە بۇ يەردە ئىشلەشكە تازا كۆڭۈل توختىتالمايۋاتىمەن. سىلىنىڭچە مېنى نېمە ئىشقا سالار؟

چولپانخان دەرھال جاۋاب بەرمىدى. ئۇنىڭ ھەقىقەتەن چولپانغا ئوخشايدىغان كۆزلىرى داسنىڭ تېشىدىكى نامەلۇم بىر نۇقتىغا

تىكىلگەندى. كېيىن ئۇ ماڭا لەپپىدە بىر قارىۋېتىپ، ئېغىر تىنىپ قويۇپ:

— سوزامىنىڭ هاراق دۇكىنى، مۇسەللەس ساتىدىغان دۇكىنى، گۆرۈخانىسى، چىلىمخانىسى، ئەسكى - تۈسكى كىيىم - كېچەك، لاقا - لۇقىلارنى ئېلىپ ساتىدىغان ئىككى يايمىسى بار، — دېدى ۋە ئويلىنىۋېلىپ داۋام قىلدى، — هاراق ئېچىتىدىغان، مۇسەللەس چىقىرىدىغان، كونا ئېگىنلەرنى ئۆرۈپ تىكىدىغان، كاسىنا كىر يۇيىدىغان ئىشخانىلىرىمۇ بار... هەقىچان دۇكانلارغا هاراق، مۇسەللەس توشۇغىلى سالار، ئەسكى - تۈسكى، لاقا - لۇقىلارنى يۆتكىتەر. يەنە ئوتۇن يارىدىغان، سۇ توشۇيدىغان، هويلا سۈپۈرىدىغان، يىقىلغان - بۇزۇلغاننى تۈزىتىدىغان ئىش دېگەن چاچتىن تولا... بۇرۇندىن تارتىپ چاكار توختىمايدىكەنمىش. مەن كەلگەندىن بېرىمۇ سىلىدىن باشقا تۆتەيلەن ئىشلىدى. ئىككىسى سولاققا چۈشتى، بىرى ئۈچ - تۆت ئاي ئىلگىرى ئۆلۈپ قالدى، يەنە بىرىنى بىلمەيمىز، يوق بولۇپ كەتتى...

— تالادىكى خەقلەر، بۇ مۇسۇلمان كىشىگە لايىق جاي ئەمەس، دەيدىكەنغۇ؟ — تېخىمۇ ئاسماقچىلاپ سوراپ باقتىم.

— بولمىسىچۇ؟ — چولپانخان مەن ئەيىبلىكتەك هومىيىپ قويدى، — سوزامىنىڭ هاراق قايىنىتىپ سېتىشى، گۆرۈكەشلىك قىلىشى مۇسۇلمانچىلىققا توغرا كېلىدىغان ئىشمۇ؟ ئاندىن، ئۇنىڭ تونۇمايدىغان ئادىمى يوق، ئۇ لوزۇڭ، يايى، چېرىك بېشى، بەگ، چەكەدىدىن تارتىپ قىمارۋاز، ئوغرىلارغىچە ئالاقە قىلىدۇ. كېچە - كېچىلەپ مەستلەر، نەشىكەشلەر كوچىنى بېشىغا كىيىپ ۋارقىراپ چىقىدۇ. نەرسىلىرىنى گۆرۈگە قويغانلار ۋاقتىدا ئاجرىتىپ ئالالماي، كېيىن كېلىپ تاپالماي ماجىرا چىقىرىدۇ، قانداقتۇر ئادەملەر دۇكىنىڭدىكى پالانى نەرسەمنى مانچە ئاي ئىلگىرى ئوغرىلىتىپ قويغانمەن، دەپ كېلىپ پوپاڭ سالىدۇ... يەنە بىر مۇنچە ئەسكى ئىشلىرى بار تېخى، دېيىشكە ئىزا تارتىدۇ كىشى...

مەن چۈشەندىم. كىشىلەرنىڭ نېمىشقا گۇ سوزىنىڭ ئۆيىدە



ئىشلىگىلى ئۇنىمايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى، چولپانخان دېگەن دائىرىدە بولسا ئېنىق بولۇپ قالغانىدى. قانداق قىلىشىم كېرەك؟ ئەگەر ئۇ دېگەن، گۇسوزىنىڭ ئۆزى باشتا ئۇقتۇرغان ئوتۇن يېرىش، سۇ ئەكىلىش، دۇكانلارغا مال يۆتكەش، هەتتا هاراق توشۇش بولغاندىمۇ ماڭا قىلسا بولمايدىغان ئىش بىلىنمەيتتى. بۇرۇن ئۇنداق ئىشلارنى قىلىپ باقمىغان بولسامۇ، قىلىشنى ئۆگىنىۋالالايدىغانلىقىمغا، ئادەم ئىش قىلغانغا هېچنېمە بولۇپ كەتمەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. ئۇنىڭ ناشايان، ئەسكى ئىشلىرى بولسا ئۆزىگە هېساب، شۇنداق ئىشلارنى مۇشۇ شەهەردە، شەهەر ئىچىدىكى ئاۋات رەستىدە قىلسا، ئەتراپتىكى شۇنچىۋالا جىق ئادەم ئارىلاشماپتىغۇ ئەجەب؟ ئاشۇ ئىشلىرىغا مېنى سالمىسا، مېنى ئارىلاشتۇرمىسا، پەرۋايىم نېمە؟

— نېمە ئىشقا سالىدىغىنىنى ئۆزى ئېيتار بەلكىم، — دېدى چولپانخان ۋە داستىكى سۇنى ئاغدۇرۇپلا تۆكۈۋېتىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئورنىدىن تۇرغاندا تېخى ياپياشلا تۇرقىغا ماس كەلمەيدىغان هالەت بىلەن ئېگىشىپ بېلىنى تۇتۇپ قالدى. مەن داسنىڭمۇ ئەرزان قارا تۇنىكىدە سوقۇلغان، ئۇنچە ئېغىر ئەمەسلىكىنى پەرەز قىلدىم. قارىغاندا، ئۇنىڭ بېلى ئاغرىيتتى، — ساقلاپ تۇرسىلا، ئۆزى ئىزدەيدۇ، — دېدى ئۇ ۋە ئۇدۇلدىكى بىر ئىشىكنى كۆرسىتىپ تەكلىپ بەردى، — ئاشۇ ئىشىكتىن كىرسىلە ئۆمەرانىكامنىڭ ئىشخانىسى. پاراڭ سېلىشقاچ تۇرسىلىمۇ بولىدۇ، ياندىكى ئىشىكتىن كىرسىلە ئىش تىكىۋاتقان ئاياللاردىن تۆت - بەشى بار، ئۇلارمۇ زېرىكتۇرمەيدۇ...

ئۇ يېقىمسىز كۈلۈپ قويۇپ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۆمەراخۇنىڭكىگىمۇ، ئاياللارنىڭكىگىمۇ كىرمەي، باشقا بىر ئىشىكتىن كىرىپ كەتكىنىنى كۆزىتىپ تۇردۇم. يالغۇز تۇرغۇچە دەپ چاچقۇنراق بولسىمۇ ئۆمەراخۇنىڭكىگە كىرىپ، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى كۆرگەچ، پاراڭلىشىپ ۋاقىت ئۆتكۈزمەكچى بولدۇم.

ئۆمەراخۇنىڭ ئىشخانىسى دېگىنى مۇسەللەس ئېچىتىدىغان ئۆي ئىدى. ئىشىكنى ئېچىشىمغىلا مەن ئون يىل ئىلگىرىكى تونۇش پۇراقنىڭ

ئۇرۇلغانلىقىنى سەزدىم . بۇ ئۆي ئىچكىرى - تاشقىرى بولۇپ ، تاشقىرىدا خوتەننىڭ چوڭ ئۇرۇقلۇق يېمىشى چىلانغان ئوتتۇز سوغدىن سۇ بارىدىغان ئىككى ئىدىش تۇراتتى . يېمىشلەر تېخى ئېچىپ پىشمىغان بولسىمۇ ، ئىدىشتىن چۇلدۇڭشىغان ئاۋاز چىقىپ تۇراتتى . ئۆينىڭ يەنە بىر تەرىپىدە يەردىن تورۇسقىچە يېمىش قاچىلانغان تاغارلار بېسىلغانىدى . ئىچكىرى ئۆيدە تام ياقىلىتىپ قويۇلغان ، بىر ئادەم سىغقۇدەك يەتتە - سەككىز كۈپتە تەييار بولغان مۇسەللەس بارلىقىنى بىلگىلى بولاتتى . ئۆمەراخۇن ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ، يوغان تەشتەككە قالاپ چۈشۈرۈلگەن چوغقا مەيدىسىنى قاقلاپ ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ دۈمبىسى تەرەپتىكى يەردىن مەيدە بويى ئېگىزلىكتە ئېچىلغان ، گەۋدىلىك بىر ئادەم بەخۇدۇك ئۆمىلەپ ئۆتەلىگۈدەك كۆزنەك بار ئىدى . مەن كۆزنەكنىڭ نېرىسىنىڭ چولپانخان دەپ بەرگەن مۇسەللەس ساتىدىغان دۇكان ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردۈم . پوكەي ياكى ساتقۇچى كۆرۈنمەيتتى . لېكىن ، كىشىلەرنىڭ ئىچىپ ئولتۇرۇپ قىلىشىۋاتقان گەپلىرى ، بىر - ئىككىسىنىڭ جېدەللىشىۋاتقان ئاۋازى بەخۇدۇك ئاڭلىنىۋاتاتتى . پەرىزىمچە ، دۇكان كىچىك ئەمەس ئىدى .

ئۆمەراخۇن كەلسىلىمۇ دېمىدى ، ئەھۋالمۇ سورىمىدى . قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن ئالقىنىنى ئۇرۇپ ، نۆۋەتلەشتۈرۈپ قاقلاپ ئولتۇرغىنىچە ئولتۇرىۋەردى .

— ئوتسىنىۋاتامىلا ؟ — مەن باشلاپ ئېغىز ئېچىپ ، بىردەم پاراڭلاشقۇم بارلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ، تەشتەكنىڭ بىر يېقىدا زوڭزىيىپ ئولتۇردۇم .

— تېتىپ باقامىلا ؟ — سورىدى ئۇ ۋە ئېڭەكى ئارقىلىق كۈپ تەرەپنى ئىشارە قىلدى .

— رەھمەت ، شۇنى تېتىپ باقماپتىكەنمەن ، — راستىنى دېمىگەن بولسامۇ ھازىر ھەققەتەن تېتىغۇم كەلمەيتتى .

— كۇسوزا دېگەن پۇلغا ئىمانىنى تېگىشكەن مىكىجىن خەقنى تېز مەست بولسۇن دەپ نەشە ، كەندىر يېغى ئارىلاشتۇرغۇزىدۇ . ئەسلى



مۇسەللەس دېگەن ھالال نەرسە . . .

— مەنمۇ شۇنداق ئاڭلىغان ، — دېدىم .

— لېكىن ، سىلە ئۇنىڭ قانداق ياسىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىمىغان . . .

مەن ئۇنى گەپكە سېلىش ئۈچۈن :

— راست ، ئۇ تەرىپىنى ئاڭلىمىغان ، — دېدىم .

ئۆز ھۈنىرىنىڭ مۇقەددەس ئەنئەنىسى بۇزۇلغىنىغا ئىچى پۇشقان ئۆمەراخۇن سۆزلەپ كەتتى :

— مۇسەللەس دېگەن « ئۈچتىن بىر » دېگەن بولىدۇ . يەنى ، مەسىلەن ، ئوتتۇز جىڭ مەي باغلىغان ئۈزۈمنى تىكەنگە ئۇرۇپ ، سۈيىنى قازانغا ئون جىڭ قىلىپ چۈشۈرىمىز ، ئوتتۇز جىڭدا ئون جىڭ چۈشمىسە قىرىق جىڭدا ، ھەتتا ئەللىك جىڭدا چۈشسىمۇ مەيلى . لېكىن سۈيى چوقۇم ئون جىڭ بولۇشى كېرەك . ئۇنىڭغا يىگىرمە جىڭ سۈزۈك سۇ ئارىلاشتۇرۇپ ئوتتۇز جىڭ قىلىمىز . بوش ئوتتا ئون جىڭ قالغۇچە ھورلاندۇرۇپ قاينىتىمىز ، ئۈزۈمنى تىكەنگە ئۇرۇشنىڭ سەۋەبى ، ئۈزۈمنىڭ تېلىپى سۈيىگە چۈشمىسۇن ئۈچۈن ، بوش ئوتتا ھورلاندۇرۇشىمىز پىتنىقلاپ قايناپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن . ئون جىڭ سۈيىنى ئۈچكە بولۇپ ، ھەر بۆلىكىگە ئون جىڭدىن سۈزۈك سۇ ئارىلاشتۇرۇپ بوش ئوتتا ئۈچ جىڭ قالغۇدەك ھورلاندۇرىمىز . « ئۈچتىن بىر » دېگەن شۇ ، يەنى مۇسەللەس . ئاشۇ قالغىنىغا قوينىڭ ئارقا سان لوق گۆشىدىن ئۈچ جىڭنى كاۋاپ قىلىپ سالىمىز ، كۆك كەپتەرنىڭ باچكىسىدىن ئۈچنى پاكىز تازىلاپ سالىمىز ، ئالتۇندىن يۇمشاق كاسۋالدا ئۈستىگە ئۈچ پۇڭ ئېكەيمىز . ئاقمۇچ ، زەنجىۋىل ، پىلپىل ، كاۋاۋىچىن . . .

مەن ئۇ دەۋاتقان مەخپىيەتلىكنى ئالىقاچان بىلەتتىم . بىراق ، ھازىر ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلمىدىم . مۇبادا ئىمكانىيەت بولسا ئاشۇنداق قىلالىغان ھالەتتىمۇ بازارنى تەمىنلىگىلى بولمايتتى . باھاسىمۇ قىممەت توختايتتى . ئۆمەراخۇن دەۋاتقان ئۆلچەملىك مۇسەللەسنى قول ئىلكىدە بارلار ئۆزى ئايرىم ياساپ ئىچەلەيتتى .

— نە ئېچىتقۇ ، نە خېمىرتۇرۇچ سېلىنماي ، قېلىن ماتادا ئاغزى

پۇختا يۆگىلىپ، ئۈستىدىن كاكىلدا سۇۋالغان كوزا خۇدانىڭ ئاپتىپىنى قىرىق كۈن كۆرسە ئۆزلۈكىدىن ۋاراقشىپ قايناىدۇ، — قىزىشىپ داۋام قىلاتتى ئۇ، — ئاندىن بىر ھەپتە تىنچىيدۇ. ئالتۇن، كاۋاپ، كەپتەرلەر ئېرىپ، ئۈزۈم سۈيى بىلەن ئارىلىشىپ شىنە بولۇپ كېتىدۇ، شىنە. شۇنىڭدىن ئوتتۇرا پىيالە ئىچسە ئۈچ كۈن شىر كەيپ قىلىدۇ، مەست قىلمايدۇ، شىر كەيپ قىلىدۇ... مانا شۇندىقىنى مۇسەللەس دەيدۇ...

— ئۇندىقىنى تەييارلاش تەس ئىكەن - دە؟

— پۇلغا ساتقاندىكىن تەس بولسىمۇ راستىنى قىلىش كېرەك. ئىمان ئوغرىلاپ، نەشە سۈيى سېتىشمۇ كەسىپمۇ؟ — ئۇ يەنە ئېڭىكى بىلەن قايسىدۇر بىر كۈپنى كۆرسەتتى، — ئۈچ خىل ياسايمەن، ساقراق ۋاقتىدا ئىچىدىغانلارغا نەشىسى بىلەن خېمىرتۇرۇچى ئازراق، بىر ھەپتىدە ئىچىغانلىرىنى ساتىدۇ. ئۆگىنىپ قالغان خۇمارىلار بار، ئۇلار يەنە بىر خىلىنى ئىچىدۇ، كاللىسى قوشۇقلۇققا چىقىپ قالغانلار ئۈزۈم چايقىغان سۇغا ئېرىشىدۇ. بۇ سۇغا داكىغا يۆگىگەن بىر كاللەك نەشە تاشلىۋەتسەك مەست قىلىۋېرىدۇ...، — ئۇ ئوڭ قولىنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن چوغلارنى نېرى - بېرى قىلىپ ئولتۇرۇپ زەردە قىلاتتى، — ماڭا نېمە، نەچچەن - نەچچەن گۇيتۇزىلارغا ئىچمەڭلار، بۇنى ئىچكەندىن زەھەر ئىچكەن ياخشى، دەپ پىچىرلاپ باقتىم. ھە، دەيدۇيۇ، يەنە كېلىشىدۇ...

— گۇسوزىغا «ھە» دەپ قويۇپ، ياخشىراق ياسىسىلمۇ بولامدۇ يا...

— ئۇ شەقىقى نەشە بىلەن كەندىر يېغىنى كۈپكە ئۆزى سېلىپ تەڭشەيدۇ. ئاندىن ساتىدىغان شەللەگزىسىمۇ تۆت - بەش مىللەت شوپاڭكەشكە تېگىپ چىققان ئاق يەر يىلىنى — بوۋاي بېشىنى لىڭشىتىپ ئېغىر خورسىندى، — گۇ سوزا دېگەن بۇ شەقىقى يىگىرمە يىل ئىلگىرى مېنى بىر باينىڭ دۇكىنىدىن بوغۇلغان قەرزىم بىلەن قوشۇپ ئۆتكۈزۈۋالغان. يىگىرمە يىلنىڭياقى ئۇ دۇكان كېڭىيىپ، يوغىناپ باشقىچە بىر



ساراي بولۇپ كەتتى. ئۇ ئاۋۇ كۆلنىڭ سول دوقمۇشىدا، — ئۇ بېشى بىلەن نامەلۇم بىر تەرەپنى ئىملاپ قويدى، — مەن بولسام تېخىچە شۇ قەرزدىن قۇتۇلالمايۋاتىمەن... كۆزۈمنى يۇمۇپلا بىر يانغا كېتەي دېسەم باللىرىم بار، بالايىمغا قالىدۇ. شۇڭا، سىلىگە ھەيرانمەن...

— مەنمۇ ئۇزۇن تۇرماسمەن. يازغا ئۇلىشىپلا يۇرتۇمغا كېتەي، دەپ ئويلايمەن.

— ئويلاشقا بولىدۇ، خالىغانچە ئويلىيالايلا... لېكىن، ھەيتاڭەي، بۇ دوزاخ كۆچۈكى قېرى چوتۇسى جىق مىكىجىن...

تاشقىرىقى ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلغاندەك قىلدى. كەينىمگە ئۆرۈلۈپ چولپانخاننى كۆردۈم. ئۇ گەپ قىلمايلا مېنى تالاغا چىقىشقا شەرەت قىلدى. ئۆمەراخۇن ئېغىر تىنىپ:

— سىلىنى قىچقىردى بولغاي، چىقسىلا. ھەر ھالدا ئوبدانىراق ئويلىنىپ باقارلا، — دېدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ قوشۇمچە قىلدى، — سىلىغۇ مەندىن مەسلىھەت سورىمىلا، ئۆزۈمچە كەتۋاللىق قىلىپ ۋالاقشىپ يۈرۈۋاتىمەن. بىزنىڭ كۈنىمىزگە قالمىسۇن، دېگىنىمغۇ بۇ، چاكارلىقتا سىلىدىن بۇرۇنمۇ جىق يىگىتلەر كەلگەن، يىغلاپ چىقىپ كېتەلىگەنلىرىمۇ يوق...

ئۇنىڭ ياخشى نىيىتىگە رەھمەت ئېيتىپ ھويلىغا چىقتىم. چولپانخان مېنى ساقلاپ تۇرغانىكەن.

— سوزام قىچقىرار، دېۋىدى، — دېدى ئۇ ۋە بېشى بىلەن گۇسوزىنىڭ ئۆيى تەرەپنى ئىشارە قىلىپ قويۇپ ئۆزى كەينىمدە قالدى.

گۇسوزا چۈشتىن بۇرۇنقى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، غاڭزا بىلەن تاماكا چېكىۋاتاتتى. ئۇ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرغان، بېشىغا قارا تاۋار پوسما، ئۇچىسىغا چېكىم گۈللۈك نىل رەڭ تاۋاردىن ياندا ئىزمىسى بار ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئايىغىدا ماتادىن تىكىلگەن پايپاق بولۇپ، پۇتىغا ئۆي ئىچىدە سېپىپ كىيىدىغان يۇمشاق شاۋرۇن پۇپۇچ سېپىۋالغانىدى. ئۇ كىرگىنىمنى كۆرۈپمۇ نەزەرىنى غاڭزىسىدىن ئالالمىدى. دۇت بەرمەيۋاتقان موخۇركىسى ئۈستىگە تارىشا گۇگۇتنى

تەگلەپ شورىغاندا ئىككى قوۋۇزى بىردىن ئىككى چىلان پاتقۇدەك چوڭقۇرلىشاتتى.

ئۇ غاڭزىسىنى چېكەلمەي ئۇستەلگە تاشلاپ قويدى. سەيخانىدىن تۆكۈلگەن موخۇركا ئىسلىنىپ تۇتەۋاتاتتى. پەسكە چۈشۈپ كەتكەن تارىشا گۇگۇتنىڭ بىر سويامچە ئۇزۇنلۇقتىكى پارچىسى بولسا ئېچىلىپ كۆيمەكتە ئىدى.

ئۇ يېڭى تۇرقۇمنى كۆرۈپ ياراتمىدى، موخۇركا چېكەلمىگىنىنىڭ دەردىمۇ ياكى ساقىلىم جېنىغا تەگدىمۇ، ئەيتاۋۇر بىرىنچى ھۇجۇمنى ساقىلىمغا قاراتتى:

— نېمە ئۇ؟ — ئۆزىنىڭ ئېڭىكىگە پاقشىتىپ ئۇردى ئۇ، — نېمشقا ئۇنى ئايرىپ قويدۇڭ؟

نېمە دەپ جاۋاب بەرسەم ئەپلىك بولاركىن، دەپ بىردەم ئويلىنىپ گەپ ياسىدىم:

— بۇرۇن مەن مۇرىت بولۇپ قول بەرگەن پىرىم ئۆز قولى بىلەن قويۇپ بەرگەن ساقال ئىدى، شۇ زاتنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن...

— ئۇ زات شۇنچە ئۇلۇغمىدى؟ — سۆزۈمنى بۆلدى ئۇ، — ئېتى نېمە؟

— ھاجى تۆرەم كاتتا خان مەخسۇم، — ئاغزىمغا كىرىپ بەرگىنى بويىچە جۆيلۈۋەردىم.

ئۇ ئويلىنىپ ئەسلەپ ئولتۇرۇپ كېتىپ دېدى:

— كاتتا ئۆلىما، ئىشان، خوجىلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىمەن، ئەجەب ئاڭلىمىغانلا بىر ئىسىم ئىكەنغۇ بۇ؟

— ئۇ كىشى ۋاپات بولۇپ كەتتى، — ئىزاھات بەردىم، — بۇ ئون يىلنىڭ ئالدىدىكى گەپ. ئۇ ماڭا ساقال قويۇپ بېرىپلا ئالەمدىن ئۆتكەن...

— كاتتا بولمىسا كېرەك... ياق، كاتتا ئەمەس ئوخشايدۇ، — قانداقتۇر بىر ئىشان، خوجىلارنى بىلىش گۇ سوزا ئۈچۈن ئالاھىدە ئەھمىيىتى بار ئىشتەك ئۇ شۇنىڭ بىلەنلا قالدى، — كاتتا زاتلارنىڭ مۇرىتى



بولساڭ چاكار بولمايتتىڭ، ئۇلار ۋاپات بولغاندىمۇ ئىزىنى باسىدىغان شاگىرتلىرى قالىدۇ ئەمەسمۇ؟

— مېنىڭ خوجام يېگانە، مەخپىي دەرۋىش ئىدى...

— ھە بوپتۇ، بۇنى قويايلى، — گۇ سوزا ئورنىدىن تۇرۇپ، ماڭا ئىككى-ئۈچ غېرىچچە يېقىن كەلدى، ئىنچىكىلەپ سەپسېلىپ ساقىلىمنى تەكشۈردى. مەن ئۇنىڭ ساقىلىمدىن پىت ئىزدەۋاتقىنىنى سەزدىم. ئۇ پىت تاپالمىدى بولغاي، كەينىگە يېنىپ بېرىپ جايىدا ئولتۇردى، — بوپتۇ، ساقىلىڭ قالسۇن. ھويلامدا سەن يەيدىغان، ئىچىدىغان، كىيىدىغان نەرسىلەرگە ئارىلىشىپ يۈرسەن. شۇڭا سەندە پىت تۇگۇل، سىركىمۇ بولماسلىقى كېرەك. ساقىلىڭنى يۇيۇپ، تاراپ تۇر. ئاندىن قۇرۇق ئەتكە چاپان كىيىۋالغىنىڭ نېمىسى؟ كۆڭلەك، كالتە ئىشتان كىيىپ، ئىككى-ئۈچ كۈندە بىر ئالماشتۇرۇپ تۇر. ھاممام كېچە-كۈندۈز ئوچۇق، بولسا ھەر كۈنى، بولمىغاندىمۇ ئىككى-ئۈچ كۈندە بىر بويۇڭنى سۇغا سېلىپ يۈر. كاتتا زاتنىڭ مۇرىتى بولغاندىكىن، نامازنى مەن دېمىسەممۇ ئوقۇيدىغانسەن بەلكىم، ئوقۇيدىغانسەن؟

— ئوقۇيمەن، — ئالدىمدا تولىمۇ تەقۋادار بىر بوۋىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك بولدۇم.

— بۇلارنى ئەزۋەيلەپ كېتىشىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، خېرىدارلىرىم سېنىڭ قاسماقلىقىڭ، پىتلىرىڭنىڭ تەسىرىدىن تېزىپ كېتىدىغان بولسا، مەندىن يامانلىما. مەن خېرىدارلارنى ھالاللىق بىلەن، پاكىزلىق بىلەن جەلپ قىلىمەن...

مەن تېخى باياتىن بېرى ئۆمەراخۇندىن ئاڭلىغان «خېرىدار جەلپ قىلىش» ئۇسۇلىنى ئۇنىڭ ئېسىگە سېلىش زۆرۈرىيىتى بار ئوخشايدۇ، دېگەنلەرنى ئەسلىدىم. گۇ سوزا نەسىھىتىنى داۋام قىلدى:

— مېنىڭ يىگىرمە-ئوتتۇزدەك نىمكارلىرىم بار، ھالال بولسا، قولىقى يۇمشاق بولسا مەنىمۇ ياخشى. ھارامزادە بولسا، پېتىر قولاق بولسا مەنىمۇ ئەسكى. ساڭا دەيدىغان جىق گېپىم يوق، ھالال ئىشلە. نىمكارلار بىلەن چاكارلار ئىككىسى بىر گەپ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇستۇن-تۆۋەن

تۇرىدىغىنى يوق . لېكىن ، هالال ئىشلەيدىغان ـ ئىشلىمەيدىغانلىرىنى دەمال ئايرىۋالغىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ . شۇڭا ، هالاللىرى بىلەن مۇڭداش ، ھۆرۈنلىرىدىن قاچ . . .

ئۇ شۇ تەرىقىدە ئىككى ئاش پىشىم سۆزلىدى . ئۇنىڭ هالال دېگىنى بىلەن هالال ئەمەس دېگىنىنىڭ پەرقىنى ئۇققىلى بولمايتتى . ئۇنىڭ تەبىرى ئىچىدە ئۆلچەممۇ يوق ئىدى . ئاخىر ئۇ ماڭا مۇناسىۋىتى بار ، گەپنىڭ نان تېگىدىغان يېرىنى ئېيتتى :

— بامدات نامىزىڭنى ئەزەندىن بۇرۇن ئوقۇپ تۈگىتىپ ، هاراق ئېچىتىدىغان ئىشخانىلارنىڭ كۆپ ـ ئىدىشلىرىنى لىقلايسەن . ئاندىن گۆرۈخانىغا قويىدىغان ماللارنى ئەكىرىپ بېرىپ ، ئەسكى ـ تۈسكى ساتىدىغان يايمىلارنىڭ ماللىرىنى ئاپىرىپ تاپشۇرىسەن . قايتىپ كېلىپ تىكىش ئىشخانىسىنىڭ ئىگىن ـ ئاياغلىرىنى ئاچقىپ بېرىسەن ، ئاشخانىغا سۇ توشۇپ ، ئوتۇن يېرىپ بېرىپ بولۇپ ، هويلا ـ ئارامىلارنى سۈپۈرۈپ تازىلايسەن ، شۇنىڭ بىلەن ئەتىگەنلىك چاي ۋاقتى بولىدۇ . چايدىن كېيىن هاراقخانىغا ئاتاپ ئوتۇن يارىسەن ، مۇسەللەسخانىنىڭ ئۈزۈم يېمىشلىرىنى يۇيۇسەن ياكى ئىدىش ـ كۆپلەرگە سۇ قاچىلايسەن . تۆگەتسەڭ ئۈزۈم تىلپىلىرى بىلەن قوناق تىلپىلىرىنى يامۇل چېرىكلىرىنىڭ توڭگۇزخانىسىغا ئاپىرىپ بېرىسەن . ياناشىڭدا ئۇلار بەدىلىگە بەرگەن ئوتۇنىنى ئالغاچ كېلىسەن . مۇشۇ ئىشلار ئارىلىقىدا ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارمۇ چىقىپ تۇرىدۇ . بويۇنتاۋلىق قىلمايسەن ، كەچلىك تاماقتىن كېيىن تىكىش ئىشخانىسىدىكى ، گۆرۈخانىدىكى ۋە يايمىلاردىكى ماللارنى قايتۇرۇپ كېلىسەن . ئۇلارنى دۇكاندا قويغىلى بولمايدۇ ، ئوغرى ئالىدۇ . ئاۋارىچىلىكتىن قېچىپ ھەر دۇكانغا بىردىن ئادەم ياتقۇزغىلى بولمايدۇ . . . شۇلارنى قىلىپ تۈگەتسەڭ قازا نامازلىرىڭنى ئوقۇپ دەم ئالساڭمۇ بولىدۇ ، ئەتىسىنىڭ غېمىنى قىلساڭمۇ بولىدۇ . . .

قۇلاقلىرىم غوڭۇلداپ ، بېشىم ۋاڭشىپ كەتتى . ئۇ دېگەن ئىشلارنى بىر تەرتىپ بىلەن ساناپمۇ بېرەلمەيتتىم . قايسىسىنى قانداق قىلىش ، قايسىسىنى بالدۇر قىلىشنىمۇ ئايرىۋالالمايتتىم . ئۇ بۇنى بىلگەندەك :

— ئەتە ـ ئۆگۈن چولپانخان ساڭا دۇكانلارنى ، يايمىلارنى كۆرسىتىپ قويسۇن ، ئۇ بىر ھەپتىلىك ئاشپەز ، بىزدە ئاياللاردىن ئالتە ـ يەتتە نىمكار بار ، بىر ھەپتىدىن ئاشپەزلىك قىلىدۇ ، — دېدى ۋە ئەمدى يادىغا كەلگەندەك ئالدىراپ قوشۇپ قويدى ، — ئۇنى چاقىرىۋەت ، مەن ساڭا ئىچىڭگە كىيىدىغان كۆڭلەك ـ ئىشتان ئالدۇرۇپ بېرىشكە ، ئەتە ـ ئۆگۈن بارىدىغان يەرلىرىڭنى كۆرسىتىپ قويۇشقا بۇيرۇۋېتەي . . .

— سىلىگە دەيدىغان بىر ئەرزىم بار ئىدى . . .

— نېمە گەپ ؟ — قاشلىرىنى كۆتۈردى ئۇ ، — كەچلىك تامىقىڭنى يەپ كىر ، سەن بىلەن دېيىشىدىغان يەنە بىر مۇھىم گەپ بار ، ئۇنى شۇ ۋاقىتتا دېيىشكە قالدۇرۇپ قويغان تېخى . . . ياتاق مەسىلەڭمۇ بار . . .

مەن مەيۈسلىنىپ چىقىپ كەتتىم . هويلىغا چىقىشىمغىلا چولپانخان ئۇچرىدى . ئۇ قولى ئۇن يۇقى هالدا بايا كىرىپ كەتكەن ئىشىكتىن چىقىۋاتاتتى . مەن ئۇنىڭ كۆزىنى ئۇچرىتىپ ، گۇسوزىنىڭ چاقىرىۋاتقىنىنى ئىشارەت بىلەن ئۇقتۇردۇم . ئۇ بېشىنى « ماقۇل » غا لىڭشىتىپ ، كېلىۋاتقىنىچىلا قولىنى پەشتامىسىغا سۈرتتى . ماڭا يېقىنلاپ كېلىپ ، پەشتامىنى ماڭا تەڭلەپ :

— ئالغاچ كىرىپ كەتسىلە ، تاماق يېيىشكە كىرىدىغان ۋاقتىمۇ بولدى ، — دېدى ۋە ، — چاقىراي دەپ تۇرغانىدىم ، — دەپ قوشۇپ قويدى .

مەن ئۇيان ـ بۇيانغا قاراپ تۇرۇپ قالدىم . تۇتۇق هاۋا كەچ بولغانسېرى تېخىمۇ سەتلىشىپ ، سوغۇق كۈچىيىۋاتاتتى . شامال نەم ئىدى ۋە يەنە قار ياغىدىغاندەك پەيلى بار ئىدى . مېنى پەرىشان قىلىۋاتقىنى يالغۇز ئىشىنىڭ جىقلىقىلا ئەمەس ، چولپانخان بىلەن ئۆمەراخۇنىنىڭ گۇسوزا ھەققىدە ئېيتقانلىرى ، ئۇن ـ ئون بەش كۈن ئىشلەپ كۆرۈپ بېقىش توغرىسىدىكى پىكرىمنى ئېيتالمىغانلىقىممۇ كۆڭلۈمنى غەش قىلىۋاتاتتى . چولپانخان تېزلا قايتىپ چىقتى . تېخىچە تۇرغىنىمنى كۆرۈپ

قولۇمدىكى پەشتامىسىنى ئالدى ـ دە :

— يۇرسىلە، تاماق يەۋالسىلا، — دەپ باشلاپ ماڭدى، — سىلىگە كۆڭلەك ـ ئىشتان ئېلىپ بېرىدىغان، ياتاقلىرىنى راسلاپ بېرىدىغان گەپ ئىكەن. بۇلارنى ئەمدى كەچتە بىراقلا ئەپلەپ بېرەي. ئەسكى ـ تۈسكى ساتىدىغان يايمىچىلارمۇ قايتىدىغانغا ئاز قالدى.

— بۇ يەردە جىق ئادەم تاماق يەمدۇ؟ — سورىدىم كېتىۋېتىپ.

— يەتتە ئايال ئىدۇق، سىلە بىلەن سەككىز بولدۇق، — دېدى ئۇ، — باشقىلار ئۆيىگە كېتىدۇ. سوزامىنىڭ گۆرۇ دۇكىنىدا يېرىم كۈن ئىشلەپ، قالغان يېرىم كۈندە تامقىنى ئېتىدىغان بىر تۇڭگان ئايال ئاشپىزى بار، ئۇ چۇشلۇك، كەچلىك تاماق ئېتىدۇ.

ئاشخانا ئۆي كىچىك ئىدى. بۇ ئۆيدە ئوچاق، تۆشۇك سايمانلىرى قويۇلىدىغان بىر سۇپا ۋە ئولتۇرۇپ تاماق يەيدىغان يەنە بىر سۇپا بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا بىر ئادەم بىمالال ئۆتكۇدەك ئارىلىق بار ئىدى. سۇپىغا كىگىز سېلىنغان، ئۈستىگە يۇملاق پاكار شىرەدىن بىرى، ئۇزۇنچاق تۆت چاسا شىرەدىن بىرى قويۇلغانىدى. مەن يەتتە ئايالغا ئارىلىشىپ ئاشۇ سۇپىدا ئولتۇرۇپ تاماق يەيدىغانلىقىمنى ئويلاپ غەلىتە بولۇپ قالدىم. ئەمدى «نامەھرەم» لىك چۈشەنچە ۋە ھەرىكەتلەرمۇ بۇرۇنقىغا تەئەللۇق نەرسىدەك بىلىندى. بۇ يېرىنى سۈرۈشتۈرسە، مەن مانا بۈگۈن يېرىم كۈن ئىچىدە «نامەھرەم» لىك سېزىمىنىمۇ بىلمەيدىغان ئىككى ئايال بىلەن پاراڭلىشىپ يۈرەتتىم.

— سىلى يەۋەرسىلە، — چولپانخان يوغان بىر تاۋاقتا دۆۋە زاڭ ئەكىلىپ، يۇملاق پاكار شىرەگە قويۇپ قويدى، — خوتۇنلار ئىشنى يىغىشتۇرۇپ، بوغچا ـ خالتىلىرىنى كۆتۈرۈپ كەلگۈچە خېلى ۋاقىت ئۆتىدۇ...

— مېنى ئاشۇ نەرسىلەرنى ئاپىرىپ، ئەكىلىپ بېردسەن دەيدىغۇ؟ — سورىدىم، — ئۇلار ئۆزلىرى ئەكىلىدىكەنغۇ؟

— ماڭىمۇ شۇنى دېدى. ئەتە سىلىگە ھەمراھ بولىدىكەنمەن، ـ دېدى چولپانخان ئۇھ تارتىپ، — چاكار بولمىغاندى-



كىن، چاكارغا ئادەم تاپالمىغاندىكىن، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە ئەكەلدۈرمەي قانداق قىلىدۇ؟

— ئۇلار جىق ۋە ئېغىرمۇ؟

چولپانخان ئۆزىمۇ بىر تاۋاق زاڭ بىلەن ئۇدۇلۇمغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ئېغىر تىنىدى ـ دە، ئاستا، پەس ئاۋازدا:

— ئېغىر ئەمەس، كۆپلىكىغۇ كۆپ، ئالتە خوتۇن كۆتۈرەلمىگۇدەك ئەمەس، — دېدى ئاندىن دەيمۇ ـ دېمەيمۇ، دېگەندەك ماڭا بىر قاراپ قويۇپ ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك غۇدۇراپ قويدى، — جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا. سىلىگە بۇنى ھازىرلا چۈشەندۈرۈپ بولالمايمەن. ئاخشاملىقتا ياتاقلىرىنى راسلىغىلى كىرگەندە ئېيتىپ بېرەي...

تامقىمنى يەپ بولۇپ، ھويلىغا چىقىپ كەتتىم.

ئىشچى ئاياللار كۆز باغلانغاندا قايتىپ كېلىشتى. ئۇلار ھاممام تەرەپتىكى يەنە بىر ئىشىكتىن قۇرۇق قول كىرىشتى. مەن شۇ تەرەپتە ئامبارلار بار يەنە بىر ھويلا بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلدىم. قاراڭغۇدا ئاياللارنىڭ چىرايىنى پەرق ئېتىشكە بولمىسىمۇ، ھەممىسىنىڭ كۆڭلەكسىز، پاختىلىق ئىشتان ۋە چاپان كىيىشۋالغانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى. ئۇلارنىڭ سىرتتىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلۇق كۈلكىلىرى بۇ ھويلىغا كىرىش بىلەنلا ئۆچتى. قاتارلىشىپ مېڭىپ، جىنچىراغنىڭ يورۇقى ئىشىك ئاراشلىرىدىن چىقىپ تۇرغان ئاشخانا ئۆيىگە كىرىپ كېتىشتى. كەڭ ھويلىدا يالغۇز قالدىم. ئۆمەراخۇننىڭ مۇسەللەسخانىسىنىڭ نېرى تەرىپىدىن ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئاۋازلار ئاڭلىناتتى. ئۇ ئاۋازلار باشقا تەرەپلەردىمۇ بار ئىدى. بۇلار چولپانخان داس يۇيۇۋېتىپ دېگەن ئەھۋاللارنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايتتى.

خېلىدىن كېيىن ئاشخانا ئۆيدىن بىر ئايال چىقىپ مەن تەرەپكە كەلدى. يېقىنلاشقاندا ئۇنىڭ چولپانخان ئىكەنلىكىنى تونۇدۇم:

— ئاشخانىدا ئولتۇرۇپ تۇرسىلا بولمامدۇ؟ — دېدى ئۇ ئالدىمغا كېلىپ، — تالا سوغۇق تۇرسا، مۇزلاپ كەتمەملا؟

— ھېچقىسى يوق، گۇ سوزا كەچتە گېپىم بار دېگەنىدى، شۇ

يەردىرەك تۇرۇپ تۇراي، — ئىسسىق ئۆيگە كىرگۈم بار ئىدى. ئەمما، تونۇش بولمىغان ئالتە ئايالنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرۇشنى بىئەپ ھېس قىلدىم.

— ئۇ ئاياللارمۇ بۇ شەھەرگە مۇساپىر، ھېچ گەپ بولمايتتى، — چولپانخان شۇنداق دېدىيۇ، كىرگۈم يوقلۇقىنى سېزىپ قايتا زورلىمىدى، — مەن سوزام بىلەن كۆرۈشۈپ چىقاي، ئۆزىمۇ تاماقتىن كېيىن كىرگىن دېگەن...

مەن تولۇق بىر كۈننى ئۆتكۈزمەي تۇرۇپلا بۇ ھويلىدا غەلىتە بىر ھالەت ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغانلىقىنى سەزمەكتە ئىدىم. بۇ قانداق ھالەت؟ ئۆزۈممۇ ئېنىق ئايرىيالمايمەن، ئۇنى ۋەھىمە، ئەنسىزلىك دېيىشكىمۇ بولار، ئىشەنچسىزلىك، قورقۇنچ دېسىمۇ بولار... مۇبادا ئەمدىلەتىن تونۇشقان ئاشۇ چولپانخان بولمىسا، مەن بۇ كەڭرى تۇرغاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن بۇرۇقتۇرمىلىقتا دەم سىقىلىدىغان ھويلىدا يېرىم كۈندىن كۆپرەك ۋاقىتنىڭ كەلتۈرىدىغان ئازابىنى قانداق كۆتۈرەلەيدىغىنىمنى تەسەۋۋۇر قىلالمايۋاتاتتىم. يالغۇزلۇق، يېگانىلىك قاراڭغۇلۇق قويۇقلاشقانسېرى يۈرىكىمنى ئەزمەكتە ئىدى.

چولپانخان يېنىمغا كېلىپ ئاۋۋال:

— ھە راست، سىلىنى نېمە دەپ چاقىرىمىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئاللاھبەردى، ئىسمىم ئاللاھبەردى، — دېدىم مەن سەل ھەيران بولۇپ.

— ھەي، دەپ چاقىرىش ھۆرمەتسىزلىك، ئاكا دەي دېسەم تېخى بىئەپ تۇيۇلىدۇ. شۇڭا، سورىغىنىم، — چۈشەندۈردى ئۇ، ئاندىن، — سوزام كىرسۇن، دەيدۇ، — دەپ گۈ سوزىنىڭ ئۆيى بار تەرەپكە بېشىنى ئىرغىتىپ قويدى.

گۈ سوزىنىڭ مەن كىرگەن ئۆيى قاراڭغۇ ئىدى، ئەمما، ئېتىلمىگەن نېپىز تاۋار پەردە تارتىپ قويۇلغان ئىچكىرىكى ئۆينىڭ ئىشىكىدىن چىقىۋاتقان چىراغ يورۇقىدا گىرىمسەن كۆرۈنەتتى. ئىشىكنىڭ ئېچىلىپ - يېپىلغانلىقىنى ئاڭلىغان گۈ سوزا ئىچىدە تۇرۇپلا:

— ئاللاھبەردى بولساڭ كىرىۋەر، ئىچكىرى كىر، — دېدى.



مەن ئىچكىرى كىردىم. پەنەر يوپيورۇق قىلىۋەتكەن بۇ ئۆي ئۇنىڭ ياتاق ئۆيى ئىدى. بىر تەرەپتىكى گىلەم تارتىلغان تامغا تاقاپ پۇتلىرى نەقىشلىك كارىۋات قويۇلغان، يەنە بىر تامغا ئۇزۇن، تار، قارا سىرلانغان شىرە تاقاپ قويۇلغان بولۇپ، شىرەنىڭ ئوتتۇرىدا تاشئەينەك، بىر چېتىدە تارغاق، سۈزگۈچ، ھەرخىل قۇتىلار تۇراتتى. شىرە بىلەن كارىۋاتنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى ئارىلىققا يۆلەنچۈكلۈك، پۇتى بۆشۈكنىڭ ئاستىدەك ئەگمە تاختا كۇرسى قويۇلغان بولۇپ، بۇ كۇرسىدا ئولتۇرۇپ ئۆزىنى ئالدى ـ كەينىگە مىدىرلىتىشقا بولاتتى. كۇرسىنىڭ بېرىسىگرەك تۆت چاسا تۈنۈكە مەش توختىتىلغان، ئۇنىڭدا كۆيۈۋاتقان ئوتۇندىن چىقىۋاتقان ئىسسىقتىن تىن ئالغىلى بولمايتتى. ئۆيدە يەنە قويۇق كۆجە پۇرىقى ئۇيۇپ يۈرەتتى.

گۈ سوزا شۇ تاپتا چاچلىرىنى قويۇۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ شالاڭلاپ قالغان چېچى يەلپۈگۈچتەك دولىلىرىغا يېيىلغان، يۈزىگە چۈشۈۋالماسلىقى ئۈچۈن ئىككى چېكىسى چازىلار بىلەن ئۈستىگە كۆتۈرۈپ قويۇلغانىدى. ئۇ ئۈستىگە خوتەن ئەتلىسىدىن ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىپ، يوتقان سېلىقلىق كارىۋىتىدا ئولتۇراتتى، پۇتىنى كارىۋاتنىڭ قىرىغا قويۇۋالغانىدى. كارىۋات ئاستىدىن تەشتەكنىڭ گىرۋىكى كۆرۈنەتتى.

— ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ كېلىپ ئولتۇر، — دېدى ئۇ ماڭا قارىماستىنلا.

ئوتتۇرا ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ تۇرىۋەردىم. ئۆي ئىچىدە مەن ئولتۇرىدىغان كۇرسىدىن باشقا ئورۇندۇق يوق ئىدى. شۇ يەرگە بېرىش ئۈچۈنمۇ مەش يېنىدىن ئۆتۈش كېرەك ئىدى.

— ئولتۇر، نېمىشقا ئۆرە تۇرىسەن؟ — دېدى ئۇ ماڭا بۇرۇلۇپ قاراپ. ئۇنىڭ ئولتۇرۇشقان كۆزلىرىدىن، سولاشقان بولسىمۇ قىزىللىق كەتمىگەن يۈزلىرىدىن ۋە ئاۋازىدىن مۆلچەرلىمىگەن بىر مۇلايىملىقنى سەزدىم. ئۇ نەدە ئولتۇرۇشۇمنىمۇ كۆرسەتتى، — كەل، كەل، ئولتۇر، — دەپ كارىۋىتىنى كۆرسەتتى، يوتقىنىنى قايرىپ تام تەرەپكىرەك يىغدى. مۇشۇ ھەرىكىتى جەريانىدا ئۇنىڭ ئىشتىنىنىڭ كەينىگە قاراپ قويغانلى-

قىنى سېزىپ قالدىم .

ماڭا ئولتۇرۇشقا توغرا كەلدى ۋە شۇ ئارىلىقتا ئۇنىڭ باياتىندىن بېرى نېمىشقا بىر تەرەپكىلا قاراپ ئولتۇرغىنىنى بىلىپ قالدىم : كارىۋاتنىڭ باش تەرىپىدە يېشىل نۇر چىقىرىپ كىچىككىنە بىر چىراغ سۇس كۆيۈۋاتاتتى . چىراغ قويۇلغان پاكار ، كىچىككىنە ئۈستەلدە يەنە ئىككى ـ ئۈچ قۇتا ، ئۇزۇن، بىر نەيچە تۇراتتى . « يېتىپ تۇرۇپ ئەپيۇن چېكىشكە تەييارلىق قىلىۋېتىپتىكەن ـ دە . . . » دېدىم ئىچىمدە .

— ئۇخلاشتىن ئىلگىرى ئازراق چېكىمەن ، — ئۆزىمۇ تارتىنماي شۇنداق دېدى . گۇ سوزا ئەمدى پۈتىنى مىنگەشتۈرۈپ ، ماڭا ئۇدۇل ئولتۇردى . ئۇنىڭ تىنىقىدا هاراقنىڭمۇ پۇرىقى بارلىقىنى سەزدىم ، — خوش ، سېنى سوغۇق ، قۇرۇق هويلىدا تەمتىرەپ يۈرىدۇ ، دەيدۇ . ئاۋۇ خوتۇنلارنىڭ يېنىغا كىرىپ ئىسسىق ئولتۇرساڭ بولمامدۇ ؟

— ئۇلارنى تاماق يەۋالسۇن ، دەپ . . .

— يەيدىغىنىنى يەۋەرمەمدۇ ، يېسەڭ ساڭىمۇ بار ئەمەسمۇ ؟ مەندە تاماقنىڭ نورمىسى ، ئۆلچىمى يوق . ئىككى ۋاخلىق بولغىنى بىلەن تويغۇچە يەيدۇ . ئەتىگەنلىكى موما ، كەچلىكى ئاش .

— چولپانخانمۇ شۇنداق دەيدۇ ، — دەپ قويدۇم بىر نېمە دېيىشىم كېرەكلىكىنى هېس قىلىپ .

— چولپانخان قانداقراق ئىكەن ؟ — ئۇنىڭ كۆزلىرى قىسىلىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ بۇ « قانداقراق » دېيىشى چولپانخانىنىڭ مىجەزىگە ، مۇئامىلىسىگە قارىتىلغانلىقىنى ياكى ئىش قىلىشىغا قارىتىلغانلىقىنى بىلمىگەنلىكىمدىن ئولتۇرىۋەردىم . ئەمما ، ئۇ كۆزىنى مەندىن ئالماي جاۋاب تەلەپ قىلىپ تۇرىۋەرگەنلىكتىن :

— خېلى ئوبدان كۆرۈنىدىغۇ ، — دېدىم .

— ئوبدان ، ياۋاش ، يېشىمۇ كىچىك ، — دېدى گۇ سوزا تونۇشتۇرۇپ ۋە توساتتىن ، — ئۆيلەنگەنمۇسەن ؟ — دەپ سورىدى .

ئۇنىڭغا مەلۇملۇق تەرجىمىھالىمغا ماس كېلىش ئۈچۈن :

— ياق ، كىچىكىمدىلا دەرۋىشلىك يولىغا مېڭىپتىكەنمەن ، —



دېدىم .

— ئۇ كونا گەپ ، — گۇ سوزا قاپتىلىغا ئالمدى ، — ئوتتۇز ياشقا كىرىپمۇ خوتۇن ئالمىسا بولامدىكەن ؟ چولپانخان ياققان بولسا شۇنى ئال . بولمىسا يەتتە خوتۇننىڭ ئىچىدىن بىرىنى تاللا . هۆددىسىدىن چىقالىساڭ ئاشۇلارنىڭ قاتارىدا يات . . . ساڭا خوتۇن پايدا ، ماڭا ئوتتۇن . . . ئۆمەراخۇنغا دېسەك نىكاهلاپ قويىدۇ . مۇسۇلمانچىلىقتا بىر ئەرگە تۆت خوتۇن راۋا . . . قانداق ؟

ئۇنىڭ گەپلىرىدىن تېنىم ئەيمىنىپ ، نېمە دېيىشمنى بىلەلمەي قالدىم . گۇ سوزا بۇ « خوتۇن ئېلىش » لارنى « ئولتۇر » ، « ماڭ » دېگەندىنمۇ ئوڭاي دەيتتى . ئۇ تۇرمۇشۇمغا كۆيۈنگىنىدىن كۆرە ، مېنىڭ ئايرىم ئۆيدە قالايدىغان ئوتۇنۇمغا بەكرەك كۆيۈنگەندەك ئىپادىنى بىلدۈرۈۋاتاتتى . ئۇ گەپ قىلمايۋاتقىنىمنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئەزۋەيلىدى :

— گېپىمگە كىرىپ ، سىزنىڭمىدىن چىقمىساڭ ئىشلىمىسەڭمۇ بولىدۇ . ئوتتۇن يېرىش ، سۇ ئەكىلىش ، مال توشۇشلارنى سەنسىزمۇ قىلىشىۋاتىدىغۇ ئەنە ! ناهايىتى كەلسە مەن تۆت ـ بەش يارماق ئوشۇق بېرىمەن شۇ . . . گەپ قىل ، هويلامدا ساڭا ئاش ـ تاماق ، كىيىم ـ كېچەك ، ئورۇن ـ كۆرپە هەممىسى كەڭرىچىلىك ، خوتۇن دېگەن تېخىمۇ جىق . ساڭا بۇلارنى دەۋاتقىنىم . . .

— سىلى ئاۋۋال ئەرزىمنى ئاڭلىسىلا سوزام ، — ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدۈم .

گۇ سوزا چەكچىيىپ قارىدى . تەكيىسىنىڭ تېگىدىن غاڭزا ئېلىپ يېنىدا تۇرغان گۈللۈك خالتىدىن موخوركا ئېلىپ باستى . ئەپيۇن چىرىغىنىڭ قېشىدا تۇرغان تارىشا گۈگۈتنى چىراغقا تۇتۇپ ياققاندىن كېيىن غاڭزىسىنى تۇتاشتۇردى ، تازا كۆچەپ ئىككى شورىۋېلىپ :

— باياتىنمۇ شۇنداق دەۋاتاتتىڭ ، ئېيتە ، نېمە گەپ ئۆزى ؟ — دەپ سورىدى .

— مەن تۆت ـ بەش تەڭگە پۇل قىلىپ ، يۇرتۇمغا بىر بېرىپ كېلەي دېگەن ، بۇگۈن كېلىپلا بىر مۇنچە ئىلتىپاتلىرىنى كۆردۈم ، —

شۇنداق باشلىدىم گەپنى ، — قارىسام يەنە بىر مۇنچە شەپقەتلىرى باردەك تۇرىدۇ . . . تاپشۇرغان ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ ، ئىلتىپاتلىرىغا جاۋاب بېرەلەمدىمەن ، يوقمۇ ، بۇنى ھازىر بىلمەيمەن . شۇڭا ، ئون - ئون بەش كۈن ئىشلىتىپ كۆرۈپ باقسىلا . سىلىمۇ مېنى ، مەنمۇ قىلىدىغان ئىشىمنى چۈشىنەي ، مەن سىلىنىڭ پىسەنتلىرىگە سىغىپ ، مەنمۇ كۆڭلۈم چۈشۈپ ئىشلەپ قالسام ، ھېساب - كىتابىمىز ئەتىگەن دېيىشكەندەك بولسا ، ئۇنداق بولماي قالسا ئىشلىگىنىم ئۈچۈن ھەق تەلەپ قىلمايمەن ، ئۇ ياتقان ، يېگىنىمگە ھېساب بولسا . . .

— نېمانچە جىق ھېساب بۇ ؟ — غاڭزىسىنى يەنە شورىدى ئۇ ، — « ھېساب » ، « ھېساب » دەپ قاپسەن ، ئون - يىگىرمە سەر تەڭگىگە دۇئا ئالىدىغانمۇ مىجەزىم بار تېخى . سەن ئاۋۋال غىدىلىك - پىدىڭنى قويۇپ ، سىزىقىمدىن چىقماي ئىشىڭنى قىل . كېيىن يۇرتۇڭغا بارار بولساڭ ئايلىقىڭ يېرىم سەر ، دەپ ئولتۇراتتىمۇ ؟

نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم . ئىشنى قىلسامۇ قىلاي ، دېدىم . لېكىن ، بۇ خوتۇن توختىماي دەيدىغان « سىزىقىمدىن چىقما » دىكى « سىزىق » نىڭ نېمىلىكىنى دېمەيتتى . شۇڭا ، سوراشقا جۈرئەت قىلدىم :

— سىلى باياتىن تاپشۇرغان ئىشلاردىن باشقىمۇ بىر ئىشلار بارمۇ ، مەن قىلىدىغان ؟

— ئاۋۋال ھېلىقى سوئالغا جاۋاب بەرسەڭ ئاندىن ئېيتىمەن ، خوتۇن ئالامسەن ، قانداق ؟

— مەن خوتۇن ئالمايمەن ، تۆت - بەش كۈندىن كېيىن يۇرتۇمغا كېتىدىغان تۇرسام ، — رەت قىلدىم .

— تالاق قىلىۋېتىپ كېتىۋەرمەمسەن ؟

— تالاق قىلماق ئاسان بولغان بىلەن ھەققى مېھرى قىيامەتكە قەرز بولۇپ بارىدۇ ئەمەسمۇ ؟ — شۇ باھانىنى كۆرسەتتىم .

— راست دەرۋىش ئىكەنسەن ، — ئۇ قېيىداپ ماڭا يېنىنى قىلدى ، يالىڭاچ پۇتلىرىنى ساڭگىلاتتى ، — گۆرىستانلىقلاردا ئۆلۈكلەر بىلەن بىر گۆردە يېتىپ - قوپۇپ ئۆلگەن نېمىكەنسەن ، بوپتۇ ، چىقىپ ئۇخلا ، ئەتە



سەھەر تۇرۇپ ، مەن دېگەن ئىشلارنى قىل ! . . .

ئىلتىماسىمغا جاۋاب ئالالمىغان بولسامۇ ، ئۇنىڭ بىلەن غىجىرلىشىپ يۈرمەي ، چىقىپ كېتىش ئۈچۈن قوزغالدىم . ئىشىك تۈۋىگە بارغاندا ئۇ :

— چولپانخاننى چاقىرىۋەت ! — دەپ بۇيرۇدى ، — جىندەك تۇرۇپ كىرسۇن !

دالانغا ، ئاندىن ھويلىغا چىقتىم . ھاۋا يەنىلا تۇتۇق ، سۇس قار يېغىۋاتاتتى . مۇسەللەسخانا تەرەپتىكى ئۆيلەرنىڭ نېرىسىدىن مەستلەرنىڭ ئالىلىچۇقان ۋە ناخشىلىرىنىڭ ئاۋازى كېلەتتى . قازىخانا ، مەھكىمە شەرئىينىڭ بۇنداق ئوچۇق - ئاشكارا بەد قىلىقلارغا سۈكۈت قىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئىدى . توغرا ، قەشقەردىمۇ مۇسەللەسخانىلار بار ، خۇپپىيانىرەك ئىدى . قۇمدەرۋازىنىڭ تېشىدا ، يار باغدا ، دۆڭباغلاردا شاڭ تەتەي ، لو تەتەي ، ۋاڭ جىرىك ئاق ئوسما ۋە تەنسۇرۇق پاشا دەيدىغان گۇ سوزىدەك ئاياللار ئاچقان شوپاڭخانىلار بولسىمۇ ، بىرى ، سېپىل دەرۋازىسىنىڭ تېشىدا بولغاچقا ، يەنە بىرى ، ھاراقكەشلەر شەھەر ئىچىدە ئالىتاغىل ۋارقىراپ - جارقىراپ يۈرمىگەنلىكتىن شەرئىي مەھكىمە : « باشقا دىندىكىلەرنىڭ ئىشى » دەپ قۇلاق يوپۇرۇپ يۈرۈۋېرەتتى . ئەلۋەتتە ، شەھەر ئىچىدە مۇسۇلمانلارنىڭ مەست بولۇپ يېتىپ قالغىنى ، دەلدەڭشىپ يۈرگىنى سېزىلسە تۇتۇپ قازىخانا سولاقخانىسىغا قامايتتى ۋە جازالايتتى . بۇ يەردىكى كارى بولماسلىقنى چېرىكلەر چۈشكۈنىنىڭ قەشقەردىكىدەك شەھەر تېشىدا ئەمەس ، بەلكى يامۇل بىلەن بىللە شەھەر ئىچىگە جايلاشقانلىقىدىن بولسا كېرەك ، دەپ پەرەز قىلدىم .

گۇ سوزىنىڭ چىقماسلىقىم كېرەك بولغان « سىزىقى » نى دېمەسلىكىدىن ئىچىم تىتىلداپ ، ئاشخانا ئۆي تەرەپكە كەلدىم . مېنى ھەيران قالدۇرۇپ ھەممە ئاياللار شۇ ئۆي ئىچىدە ئىدى ۋە پەس ئاۋازدا ناخشا ئېيتىشىۋاتاتتى . مەن ئۇلارنىڭ ياتاق ئۆيىمۇ شۇ ئاشخانا ئىكەنلىكىنى پەملىدىم . ئىشىكنىڭ ئاراشلىرىدىن چىقىۋاتقان چىراغ يورۇقى ئۇلارنىڭ يېتىپ قالمىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى . مەن چولپانخاننى چاقىرىشتىن ئاۋۋال

ئىشىك تېشىدا تۇرۇپ، ئاڭلاپ باقمىغان، خېلى يېقىملىق ناخشىغا قۇلاق سالدىم. قايسىبىر ئايال يالغۇز باشلاپ ئېيتىۋاتاتتى:

يورۇڭقاشنىڭ بويلىرىدا گۈل ئېچىلدى،
ئۆز يارىمنىڭ زىنىقىدىن نۇر چېچىلدى.

باشقا ئاياللار ئەگىشىپ ئېيتىۋاتاتتى:

گۈللىرىڭنىڭ غۇنچىسىنى قىسىۋالسام،
زىناقلارغا لەۋلىرىمنى يېقىۋالسام.

يالغۇز ئېيتقان ئايالنىڭ ئاۋازى ئايرىم ئاڭلاندى:

چەكمەن تونلۇق قەشقەرلىك ئەر ئېپ كەتمىدى،
يول يىراقى ئۆز يۇرتلۇقنى كۆرسەتمىدى.

باشقىلار قوشۇلدى:

ئەر كىشىنىڭ گېپى يالغان، باغرى تاشكەن،
ۋاپاسى بار بىزگە ئوخشاش قەلەمقاشكەن.

ناخشىدىن كېيىن شىۋىرلىششلار باشلاندى. ئاياللار نېمىنىدۇر بىر نەرسىنى تالىشىۋاتاتتى. شۇ ئارىدا چولپانخاننىڭ ئۈنى ئاڭلاندى:

— شۇ نەرسىنى قىلمىساڭلارچۇ جېنىم چوكانلار، ناخشا ئېيتىشىپ ئولتۇرساقمۇ كۆڭۈل ئېچىلىدىكەنغۇ؟

— سەن ھېلىقى بۈگۈن كەلدى دېگەن دىۋانە بىلەن كۆڭلۈڭنى ئېچىۋالغانسەن ھەقىچان؟ — ئۈنى بومراق چىقىدىغان بىر ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، — باياتىن بېرى نېمىشقا بۇ چولپاقنىڭ پۇت - قولى تېتىك دەيمەن...

— تۇۋۋا دە ئاچا، قاراپ تۇرۇپ قارا چاپلىساڭ يامان بولىدۇ...، — بۇ يەنە چولپانخاننىڭ ئاۋازى ئىدى.

— ئۆزۈڭ ئاغزىڭ بىلەن دېدىڭ! — باشقا بىر ئاۋاز لوقما تاشلىدى، — كەلگەن چېغىدا ئادەمنىڭ قورققۇسى كېلەتتى، ھامامدىن چىقىپ، يېڭى ئۇستىۋاش كىيىپ، ئايدەك ئېچىلىپ كەتتى، دېدىڭ...

— دېگىنىم بىلەن ئۇ دەرۋىش ئىكەن، يەردىن ئۇستۈن قارىماي-



دىكەن... ئۇنداق يىگىتكە هارام كۆز بىلەن قارىغىلى بولامدۇ؟

— چولپانخان، راستىڭنى دېگىنە، — باشتىكى بوم ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى، — ئۇنى كۆرۈپ كۆڭلۈڭ بىر قىسما بولدىمۇ، قانداق؟

— ئەتە ئۇنى ھەممىڭلار كۆرىسىلەر، — چولپانخان قىينالغاندەك بوغۇلۇپ سۆزلەيتتى، — شۇ چاغدا سىلەر قانداق بولساڭلار مېنىمۇ شۇنداق بوپتىكەن دەرسىلەر. ئۇ ناھايىتى تەقۋادار، يۈزى تۆۋەن، ئادەمنىڭ كۆڭلىدە ھۆرمەت قوزغايدىغان يىگىت ئىكەن. ئۇدۇل قاراشقىمۇ تەپ تارتىدۇ كىشى...

— مەن ئۇنى چوقۇم بۈگۈن كۆرىمەن...

— ھەممىمىز بىللە كۆرەيلى...

— ناخشا ئېيتىڭلار باللار، — دېدى باشقىچىرەك بىر ئاۋاز. ئاۋاز تاۋۇشىدىن قارىغاندا، بۇ يېشى چوڭراق ئايال ئىدى.

— شۇنداق قىلايلى، ناخشا ئېيتايلى، — دېدى يەنە بىر ئايال، — قايسىسىنى ئېيتىمىز؟

— سەن باشلاۋەرمەمسەن؟

قايسىدۇر بىر ئايال:

— ھەممەيلەن بىرلىكتە «ئەزىز جانىم» نى ئېيتايلى، — دېدى.

— ئېيتتۇق ئەمسە، — قوشۇلدى كۆپ ئاۋاز.

ئەزىز جانىم غورۇلايچىلىك ئەمەسمۇ؟
ئەيىب دەيسەن، بەندىچىلىك ئەمەسمۇ؟
ئۇ سۆيگەندە ئېرىدىم راست، ناۋاتتەك،
سېنىڭ ئىشقىڭ يوق قىلچىلىك ئەمەسمۇ؟
ئىشقى يوقتىن ساقلا ئاللاھ، ئايارەي،
پاناھىڭدا ئاسرا ئاللاھ، ئايارەي.

غۇنچە ئىدىم ئېچىلمىغان شېخىمدا،
بۇلبۇل ئىدىم، سايرار ئىدىم بېغىمدا.
ئەمدى قۇرۇپ قاقشال بولدۇم ئوتتۇندەك،

دەرد ـ پىغانىم يالقۇنلايدۇ ئوتۇڭدا .
غۇنچە تۇرۇپ كۆيگەن يامان ، ئايارەي ،
ۋاقتى كەلمەي ئۆلگەن يامان ، ئايارەي .

مەزلۇم قىلىپ يارىتىپسەن ، خۇدايىم ،
موھتاجلىققا قارىتىپسەن ، خۇدايىم .
كۆڭۈلدىكى يارغا قوشماي بىر كېچە ،
ياش تۇرغۇزۇپ قېرىتىپسەن ، خۇدايىم .
يارىم كەلسە كۆرۈۋالسام ، ئايارەي ،
كۆزلىرىمگە سۈرۈۋالسام ، ئايارەي .

ناخشا ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېزىپ مەيۈسلەندۈرەتتى . قانداق سەۋەبلەردىن كېلىپ قېلىشىدىن قەتئىينەزەر ، بۇ مۇساپىر ئاياللار ئاشۇ ناخشىلار بىلەن ئۆز يۇرتىنى ، بەلكىم ئاللىقەيەرلەردە قالغان ئېرى ياكى كۆڭلىگە پۈككەن كىشىلىرىنى ياد ئېتەتتى ھەم ئۆزىنىڭ بۇ ھويلىدىكى مەنىسىز ، قۇرۇق ئۆتۈۋاتقان تۇرمۇشىدىكى ئازابلىق ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيتتى . ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە قەيەردىن ، قانداق سەۋەب بىلەن كېلىپ قالغانلىقىنى بىلمىسەممۇ ، بۇ يەردىن ئايرىلالماسلىقىدا گۇ سوزىغا باغلىنىپ قالغان ئىقتىسادىي سەۋەبتىن باشقىمۇ بىر تۈگۈن بارمىدۇ ؟ دەپ گۇمانغا چۈشتۇم . شۇ ئارىدا چولپانخاننىڭ تازا بىر ئۇھ تارتىۋېلىپ سۆزلىگىنى ئاڭلاندى :

— سەل شوخراق ناخشا ئوقۇساقمۇ بوپتىكەن ، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى بەك ئېزىۋەتتى . . .

— ئەجەب باشقا چاغلاردا شوخ ناخشىدىن قاچاتتىڭغۇ ، بۈگۈن ئامراق بولۇپ قاپسەنغۇ ؟ — سورىدى ئۇنى بوم چىقىدىغان ئايال .

— ئۇنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ قالدى ئەمەسمۇ ؟ — باشقا بىر ئايال چاقچاق قىلدى ، — ھەم كۆرۈۋالدى ، ھەم سۈرۈۋالدى . . .

— يامۇلنىڭ سېسىق چېرىكلىرىدىن مىڭ ھەسسە ياخشىدۇ ھېلى . . .



— ئەجەب تەلىيىڭ بار جومباق ئىكەنسەن ، بۇ ھەپتە سېنىڭ ئاشپەزلىك نۆۋىتىڭ كەلگىنىنى دېسە . . .

— بۇ ھەپتە توشۇشقا نەچچە كۈن قالدى ؟ . . .

شۇ چاغ چولپانخاننىڭ غەزەپلىك ۋارقىرىشى ئىشتىلدى :

— بەردىم ئۇنى ، ھازىرلا ئېلىشە !

— ھازىر سوزامنىڭ يېنىدىدۇ ؟ — بوم ئاۋازلىق ئايال چولپانخاننىڭ ئاچچىق قىلىشى بىلەن كارى يوق ئۆز گېپىنى قىلاتتى .

— سوزامغىمۇ چولپانخاندىن ئېشىپ ، يېرىم كۈندىن كېيىن تەگدى . . .

. . .

ماڭا مۇناسىۋەتلىك بۇ تېتىقسىز چاقچاقلاردىن ھەم ئاچچىقىم كەلدى ، ھەم كۈلگۈم كەلدى . لېكىن ، گەپ مېنىڭ كىمدىن ئېشىپ ، كىمگە تېگىشلىك بولۇشىچە يەتكەندە ، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقانلارنىڭ چاقچاق ئەمەسلىكىنى ، بۇنداق گەپلەرنىڭ قىياس ئەمەس ، ئاساسىمۇ بارلىقىنى پەملەپ قالدىم . ئەسلىدە ، گۇ سوزا ئېيتقان « جىندەك ئۆتۈپ كىرسۇن . . . » نىڭ قەرەلىمۇ ئېشىپ كەتكەن ، مەن سىرتتا تۇرۇپلا چولپانخاننى چاقىرىپ ، گۇ سوزىنىڭ گېپىنى يەتكۈزۈپ قويماي ، دەپ ئويلىغانىدىم . ئاياللارنىڭ چاقچىقى چىڭغا چىقىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ، « پەردىشەپ » ، « نامەھرەم » دېگەنلەرنىمۇ يادىمغا كەلتۈرمىدىم . ئەتىسى بەرىبىر كۆرۈشىدىغان ئىش بولغاندىكىن ، ھازىر كىرىپ كۆرۈشۈۋېرەي ۋە ئۇلارنىڭ گۇمانخورلۇق بىلەن توقۇۋاتقان گەپ ـ سۆزلىرى شۇ يەردىرەك قالسۇن ، دېدىم ـ دە ، تازا قاتتىق بىرنى يۆتەلدىم . ئۆي ئىچىدىكى پاراڭ ، كۈلكىلەر قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيغاندەك شىپپىدە بېسىلدى . مەن يەنە بىرنى يۆتىلىۋېتىپ ، ئىشىكنى ئاچتىم ـ دە :

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، — دەپ سالام بەردىم .

ئاياللار ھەرقانداق ئىش بولۇشىنى كۈتكەن بولغىدىيۇ ، كىرىشىمنى كۈتمىگەنلىكىنى ئىپادىلەپ ، سۈپىدىكى كىگىزدە قانداق ئولتۇرغان ، ياتـ

قان بولسا شۇ پېتى قېتىپ قېلىشتى. ھەتتا مەن بىلەن تونۇشۇپ بولغان چولپانخان جىنىدا بايا تۇرغان جايىدا — ئۇ ئوچاق ئالدىدا يالاڭ ئاياغ ئۆرە تۇراتتى. پەمىمچە، باياتىنقى ئاچچىقلىشىدا شۇ پېتى سۇپىدىن چۈشكەندى — قىمىرلىماي تۇرۇپ قالغان، « كەلسىلە » مۇ دېمىگەندى.

— مەن ئىشىك ئالدىغا كەلگىلى بىرەر ئاش پىشىم بولدى، — مەن ئاۋۋال ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى مېنى ھېلىغىچە گۇ سوزنىڭ ياتىقىدا، دېگەن پەرىزىدىن خالاس قىلماقچى بولدۇم، — ئىككىلا ناخشىنى تولۇق ئاڭلىدىم. ئۇبدان ناخشىلار ئىكەن، — دېدىم. ئاندىن چولپانخانغا بۇرۇلۇپ قوشتۇم، — گۇ سوزا سىلىنى كىرسۇن دېگەن، مەن ناخشىغا مەغلى بولۇپ ۋاقتىدا يەتكۈزەلمىدىم...

چولپانخان بىرىنچى بولۇپ ئۆزىنى قولغا ئالدى. ئۇ باشقا ئاياللارغا ئەيىبلەش نەزەرى بىلەن بىر قارىۋالدى. بۇ قاراشتا « ناخشىنى تولۇق ئاڭلىغان ئادەم گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلىماي قالامدۇ ؟ » دېگەن مەنە بار ئىدى. ئاندىن ئۇ سۇپىنىڭ پەس تەرىپىدىكى بىر مۇنچە پاختىلىق لاتا خەيلەر ئارىسىدىن ئۆزىنىڭكىنى تېپىپ كىيىپ سىرتقا چىقىۋاتقۇچە:

— سىلى تالادا سوغۇقتا تۇرماي، مۇشۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپ تۇرسىلا، — دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

مەن بايىقى گەپلەردىن ئىزا تارتىپ ھەم بىر مۇنچە ئاياللارنىڭ ئارىسىدا قوي پادىسى ئىچىگە كىرىپ قالغان ئۆچكىدەك تۇرغۇچە سوغۇق بولسىمۇ تالادا تۇراي، دەپ تەرەددۇتلىنىۋىدىم، يېشى چوڭراق بىلىنگەن ئايال گەپ قىلىپ قالدى:

— ئولتۇرۇپ تۇرسىلا، ئولتۇرسىلا، بۈگۈن قاچقان بىلەن ئەمدى قېچىشىۋېرەلمەيمىز، ئەتىدىن تارتىپ بىللە تاماق يەيمىز، بىللە ئىش قىلىمىز، ئېگىن - ئاياغ كۆتۈرۈپ چوڭ كوچىلاردا بىللە ماڭىمىز، — دېدى ۋە ئارقىدىنلا ھەسرىتىنى بايان قىلدى، — مۇشۇ چوكانلارنىڭ ھەنىنىۋاسى ئۇ يۇرت - بۇ يۇرتلاردىن كېلىپ قالغان مۇساپىرلار، بەزىسى كەلگەن چاغدا قورچاق ئوينايدىغان، تەشتەمەك ئوينايدىغان سېكىلەكلەر ئىدى... جىمىسىمىز ئەلھەمدۇلىللا مۇسۇلمانىنىڭ پەرزەنتلىرى ئىدۇق.



ئەمدى بۇ پانىي ئالەمنىڭ دوزىخىدا تىرىك كۆيۈۋاتىمىز، بىزنىڭ پېشانىمىزگىلا پۈتۈلۈپتىمىكى دېسەك، مۇشۇ شەھەردىكى ئۆز يۇرتلۇق چوكان - جۇۋانلارنىڭمۇ ھالى بىزدىن بەتتەر. ئۇلارنىڭ ئۆيى مۇشۇ يەردە بولغاچ ئاخشىمى كەلمەيدۇ... بېشىمىزنى ئېلىپلا بىر ياققا چىقىپ كېتەيلى دېسەك، شەھەرگە چىقساق « گۇ سوزنىڭ چالا تەتەيلىرى » دەپ خەق يامان ئالىدۇ، ئىشقا سالمايدۇ، خوتۇن قىلمايدۇ. نېرىغا كېتەيلى دېسەك، چالا قۇيرۇق ئېگىنلەر بىلەن كۆرسە، يامۇلدىن قاچقان چېرىك تەتەيلەر ئوخشايدۇ، دەپ تۇتۇۋالىدۇ... ھەممىمىزنىڭ كۆتۈرۈپ قويغۇسىز قەرزلىرىمىز بار دېسىلە...

ئاياللارنىڭ بەزىلىرى يىغلاشقا باشلىدى، بەزىسى ئىككى تىزى ئارىلىقىغا يۈزىنى يوشۇرۇپ، يەرگە قاراپ ئولتۇرۇشاتتى.

— جەننەتخان ئاچام راست دەيدۇ، — دېدى بىر ئايال ئېسەدەپ.

بۇ ئاياللارغا ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى. باياتىن گەپ قىلغان جەننەتخان ئىسىملىك ئايال زەن قويۇپ قارىسا ئوتتۇز ياشلاردىن ئاشقاندەك كۆرۈنەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ چېكە چاچلىرىغا ئاق سانجىلغان، كۆز چۆرىلىرى ۋە پېشانىسىگە قورۇق چۈشكەن، قوۋۇزلىرى ساڭگىلاپ قالغانىدى. مەن ئۇمەرراخۇننىڭمۇ « قەرزدار » لىقىنى ئاڭلىغانىدىم. ئۇغۇ ئائىلىسى بار، قەرزدار بولۇپ قالسۇن، بۇ يالغۇز ئاياللارنىڭ نېمە قەرزلىرى بولغىيدى ؟ دەپ ئويلىدىم.

— بىز ئون ئۈچ ئايال ئىش تىكىمىز، — بىر دەمدىن كېيىن داۋام قىلدى جەننەتخان، — يەتتىمىز مۇشۇ ئۆيدىكى مۇساپىرلار، ئالتەيلەن شەھەردە ئۆيى بار ئاياللار. ئەسكى - تۈسكى نەرسىلەرنى يىغىپ، يۇيۇپ ئەپلەيدىغان يەنە بەش ئايال بار. ئۇلارمۇ يەرلىك، ئەسلى نامەھرەم دەپ ئەركەكلەردىن قاچساق بولاتتى، ئەمدى ئۆزىمىزمۇ ئەر قانداق، ئايال قانداق بىلمەس بولۇپ كەتتۇق. ئەتىدىن تارتىپ سىلى ھەممەيلەنگە ئارىلىشىپ كېتىلا، ئون بەش - يىگىرمە كۈن ئۆتسە سىلىمۇ بىلمەس بولۇپ قالىلا...

— ھەر بىرلىرى ئىش تىكىپ، باقىدىغان بالا، سۇغىرىدىغان كالا بولمىسا قەرزدار بولۇپ قېلىشقانلىرى نېمىسى؟ — دەپ سوراشقا جۈرئەت قىلدىم.

— سوزام: كىيىم مەندىن، تاماق مەندىن، دېگىنى بىلەن كىيىمنىڭ بىر قۇرىنى بېرىدۇ-دە، كېيىنكىسىنى پۇلغا چاقىدۇ، — جەننەتخان چۈشەندۈردى، — تاماق بېرىدۇ، ئەمما، ئۇنىنى ھېسابلىمىغىنى بىلەن سەي-كۆكتاتنى پۇلغا چاقىدۇ... ئىش تىكىدىغانغا بېرىدىغان ئويماق، يىڭنىنىڭ باشتىكىسى ئۆزىگە ھېساب، كېيىن سۇنغان، يىتكەنلىرىگە پۇل چاقىدۇ. بىرىنچى ئېيىنى شىلاپ ئۆتكۈزىۋالسا، ئىككىنچى ئېيىدىن باشلاپ قەرز ھېسابلىغىلى تۇرىدۇ...

— ئۇنىڭ يىڭنە، ئويمىقى بازاردىكى ھايانكەشلەردىنمۇ قىممەت، — گەپكە ئارىلاشتى ئۇنى بوم چىقىدىغان ئايال. مەن ئۇنىڭ يېشىنىڭ ئون يەتتە-ئون سەككىزلەردە بارلىقىغا، ئاق پۇسمىلاق، كالا سۆڭەك ئېتىگە قاراپ ھەيران قالدىم. ئاۋازى بىلەن يېشى ئوتتۇرىسىدا ئاسمان-زېمىن پەرق بار بۇ كىچىك چوكان يەنە شۇنداق دېدى، — ياتىقىنىڭ مەندىن دېگىنى بىلەن كىگىز-كېچەك، يوتقان-كۆرپىگە؛ تامىقىنىڭ مەندىن دېگىنى بىلەن قازان-قومۇچ، قاچا-قۇچىلارغىمۇ پۇل چاقىدۇ. جەننەتخان ئاچام بۇلارنى دېمىدى تېخى. شۇنداققۇ زۇمرەت؟

— زەينەپنىڭ دېگىنى توغرا...، — ئۇنى بوم چىقىدىغان زەينەپنىڭ گېپىنى تەستىقلىدى زۇمرەت ئىسىملىك يەنە بىر چوكان. بۇنىسى يىگىرمە ياشلاردا بار، بۇغداي ئۆڭ، قاڭشارلىق ئىدى. تىلى سەل سېمىز بولغانلىقتىن، گەپ ئارىلىقىدا بەزى تاۋۇشلارنى سۆرەيتتى، — بۇ سوزام ھېساب-كىتاب قىلىشنى جىن-شاياتۇنلاردىن ئۆگىنىپتىكى...

— ئۇنىڭ خەقنى قەرزدار قىلىش ئۇسۇلى ھەققەتەن ساق ئادەمنىمۇ ساراڭ قىلىدۇ، — جەننەتخان تامغا يۆلىنىپ، تۇرۇۋسقا قاراپ تۇرۇپ دېدى، — بىزنى قەرزدار قىلىدىغان يەنە تاغاق-سۈزگۈچ، يىلىم، ئۇسمىلارمۇ بار. چاچنى چۈشۈرۈۋېتىپلا يۈرگىلى بولمىغاندىكىن، تاغاق-سۈزگۈچ ئىشلىتىپ، يىلىم چاپىمىز، ئىككى كۈندە



بىر زورلاپ سۇغا چۈشۈرسە، ئەجەب پاكىزلىقنى خالايدىكەن، دەپ قالغان بىلەن، ھاممام بىكارلىق دەپ تۇرۇپ، ئىۋرىقنى، قازاننى پۇلغا چاقىدۇ... سىلى ئەركىشى، بەزى گەپلەرنى دېگىلى بولمايدۇ، بىز خوتۇن خەقنىڭ ئانچە-مۇنچە ھاجىتىمىزگە لازىملىق لاتا-پاتىنى ئۇ بىر ئىشتان-چاپاننىڭ پۇلىغا سۇندۇرۇپ ھېسابلايدۇ...

— «سەللەمنا، — دېدىم ئىچىمدە —، بۇ يەردە راستتىنلا تۇرغىلى بولمايدىغان ئوخشىمامدۇ؟»

— مەنمۇ قەرزدار بولۇپ بوپتىمەن-دە؟

— ياق تېخى، سىلىنىڭ ئايلىقلىرى يېرىم تەڭگە ئەمەسمۇ؟ — جەننەتخان شۇنداق دېدى. ئۇ يېرىم تەڭگە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلگىنىگە قارىغاندا، بۇ يەرگە كەلگەن ھەرقانداق ئىشلەمچىگە گۇ سوزا ئاۋۋال يېرىم تەڭگە دەپ نوختا سالىدىغانلىقى مەلۇم بولدى، — بىر قېتىم ھاممامغا چۈشۈپلا، بىر قېتىم چاچ چۈشۈرۈپلا، بىر تاۋاق زاك يەپلا... بۇ يېرىم تەڭگىگە توشمايدۇ. ئاي ئاخىرى بولغاندا ئاندىن سىلىنى قىچقىرىپ ھېساب قىلىپ بېرىدۇ. شۇ چاغدا بىلىلا... ئۇ چاغدا سىلى گۇ سوزىغا يېرىم تەڭگە قەرزدار بولۇپ قالىلا...

— ۋاقتىدا كېتىۋالسىلا ئاكا، — دېدى زەينەپ بېشىنى ئىرغىتىپ، — ئەتە سىلىنى كوچا-رەستىلەردىكى ھەممەيلەن كۆرىدۇ، ئاندىن كېتىمەن، دېگەنلىرى بىلەنمۇ كېتەلمەيلا. سوزام سىلىنى خەقلەرگە بىر كۆرسىتىۋېتىپلا ئۇستىلىرىدىن ئەرز قىلىدۇ، شۇنىڭ گېپى ئۆتىدۇ.

— قازىخانىمۇ، يامۇلمۇ سوزامنىڭ گېپىنى قىلىدىكەن: «ئۆزۈڭ خالاپ ئىشقا كىرگەنمۇ؟»، «ھەئە»، «ھەققىڭنى بەردىمۇ، بەرمىدىمۇ؟»، «بەرمىدى» دىن كېيىن سوزامدىن سورايدىكەن. سوزام قەرزلىرىمىزنى بىر دېگىلى تۇرسا ئاغزىمىز ئېچىلىپ قالىدىكەن. «ئۇسما قويۇپسەن بىر ئايدا تۆت قېتىم، پالانچى پۇل، ھاممامغا چۈشۈپسەن، پۇستانى پۇل، يىتتۇرگەن ئويماق مۇنچە، سۇنغان يىڭنە مۇنچە...» يالغان دېگىلى بولمىغاندىكىن، «راست» دەپ قول قويۇپ بېرىپ،

قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تايىقنى يەپ ئىشلەيدىكەنمىز . . . ، — زۇمرەت شۇ سۆزلەرنى دەۋاتقىنىدا كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى ، — زەينەپنىڭ گېپى راست ، ئەتىگە قالماي تامدىن ئارتىلىپلا كېتىۋالسىلا .

— بىز كۆرمىدۇق ، بىلمىدۇق ، دەپ ئولتۇرىۋېرىمىز ، — دېدى تېخى ماڭا گەپ قىلىپ باقمىغان بىر ياش چوكان . ئۇنىڭ ئىسمى نېمىلىكىنىمۇ ئاڭلىمىغاچقا بىلمەيتتىم ، — ئىشتىن كېلىپلا چولپانخاندىن ئاڭلاپ ، سىلىگە بەك ئىچىمىز ئاغرىغانىدى . تىلەمچى دەرۋىش ئىكەن ، دېگەننى ئاڭلاپ « ئەجەب ياخشى ئەركىن ئىكەندۇق . ئون كۈندە بىر چىشلەم نان يېسىمۇ ئۆزى خالىغاندا يەپ ، ئۆزى خالىغاندا ياتىدىغان ئىشتىن نېمىشقا بەزگەندۇ ؟ » دېيىشكەندۇق . . .

بۇ گەپلەر ئىچىمنى ئېچىشتۇرۇپ ، بېشىمنى قايدۇردى . باياتىن گۇ سوزىنىڭ ئالىجۇقا گەپلىرىدىنلا بۇ ھويلىدىن رايىم يانغانىدى . ئاياللارنىڭ تۇشمۇ تۇشتىن ئېيتقان ئەرزىيەتلىرىنى ئاڭلىغىنىمدا بەدىنىم تىكەنلىشىپ ، يەر يۈزىدە ھەقىقەتەن مۇشۇنداق بىر زۇلمەتلىك جاي بارلىقىغا ئەقلىم يەتمەي قالدى . مەن دادامنى زالىم ، ئاينۇرغا ، مەپكەشكە ۋە خىزمەتچىلەرگە زۇلۇم سالىدۇ ، دەيتتىم . ئۇ پۇلنى ، ھاكىمىيەتكە يېقىن بولۇشنى كۆزلەپ ، ئاينۇرنىڭ ئائىلىسىنى ۋەيران قىلغان ، ئاخىر بېرىپ ئۆز ئوغلى بولغان مېنىمۇ ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىشتىن يانمىغانىدى . ئابلەھەت مىرزىنى زالىم ، دەيتتىم . ئۇمۇ بەگ ئىنىسىنىڭ سايىسىدىراق تۇرۇش ئۈچۈن يامۇلغا يېقىنلىشىۋالغان ، دادام بىلەن ئۈزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ ، قىزىنىڭ بەختىنى قۇربان قىلغانىدى . مۇھەممەت ئاقچى دېھقان تۇرۇپ ، يۇرتىدىكى باينىڭ خورلىشى بىلەن خوتۇنىدىن ، بالىسىدىن ، زېمىنىدىن ئايرىلىپ ، سەرسانە ئوغرى بولۇپ كەتكەنىدى . ئەمدى بۇ يەرگە كەلگەندە گۇ سوزىدەك يەنە بىر يالماۋۇزنى كۆرۈپ تۇراتتىم . قانداق دۇنيا بۇ ئۆزى ؟ يامۇلمۇ زۇلۇم سالسا ، قازىخانىسىمۇ زۇلۇم سالسا ، بەگ ، باي ، سودىگەر ، ئىشانلارمۇ زۇلۇم سالسا ، سودا قىلاي دەپ ئاينۇرنىڭ دادىسى سودىگەر بولالمىسا ، موللا بەشىرى ، كالتا مەسچىتكە ئىمام بولالمىسا ، مۇھەممەت ئاقچى دېھقانچىلىق قىلالمىسا ، مۇنۇ ئاياللار قول ھۈنىرى قىلاي



دەپ ، قىلالمىسا . . . بۇ دۇنيا پۇلى بارنىڭ ، مىلتىقى بىلەن قامچىسى بارنىڭلا دۇنياسىمۇ ؟ ئۆمەراخۇن بىلەن مۇنۇ ئاياللار دېگەندەك مېنىڭ ئۈچ - تۆت تەڭگە پۇل تېپىپ قەشقەرگە باراي ، دېۋانىچىلىق ، تىلەمچىلىكنى تاشلاي ، دېگىنىم قۇرۇق خىيال بولۇپ قالىدىكەن - دە ؟ ئىسمىنى مەن تېخى بىلمەيدىغان ئايال بايا دېگەندەك ئون كۈندە بىر چىشلەم نان يەيدىغان ، ھۈسىين پوكانچىدەك تىرىك تۇرۇپ شام گۆرگە كىرىپ ياتىدىغان يولدىن باشقا مەن ماڭغۇدەك يەر قالمىغاندىمۇ ؟

نەزەرىيە گۇمبەز ئىچىدە تويغۇدەك دېيىلگەن بىلەن « كۆرەش قىلىش » ، « تىرىشىش » ، « كەلگۈسىگە پىچاق ئېتىش » دېگەنلىرىم ئەمەلىيەتتە ئاقمايدىغانلىقى ئايدىڭ بولۇۋاتاتتى . رەھىمسىز ئەمەلىيەتنى ئۆمەراخۇن ، جەننەتخان ، زەينەپ ، زۇمرەت ، چولپانخانلار تۆپە - تۆپىلەپ چۈشەندۈرۈۋاتقاندا ، گۇ سوزىنىڭ ئۆزى پەسكەشلىكىنى ئەتىگە ئېلىپ قويماي ، شۇ بۈگۈنلا ئاشكارىلاۋاتسا ، مەن ئۈمىد قىلىدىغان نېمە قالدى ؟ ئەگەر شۇ يېرىم تەڭگە راستتىن قولۇمغا تەگكەندىمۇ ئالتە ئايدا ئاران ئۈچ تەڭگە يىغىلسا قايسى ئىشىم ھەل بولۇپ كېتەر ؟ . . .

ئەسكى جۇۋا ، ئىشتان ، پىيمىلىرىمنى ھامامنىڭ ئۆگزىسىگە تاشلاپ قويۇپ ناھايىتى دانالىق قىلغانلىقىمنى چۈشەندىم . گۇ سوزىنىڭ بۇ كىيىملىرىنى سېلىپ قويۇپ ، ئۆزۈمنىڭكىنى كىيسەم ، ئىشىك - دەرۋازىلار ئېتىك بولسا ئۆگزىدىن سەكرەپ چۈشۈپ كەتسەم ، گۇ سوزىغا ناھايىتى كەلسە بىر ھاماملىق ، بىر ساتىراشلىق ۋە بىر تاۋاق زاڭغىلا قەرزدار بولاتتىم . قايتىپ بېرىپ ھۈسىين پوكانچىغا ئەھۋالنى ئېيتسام ئۇنىڭمۇ مېنى ئۆزىنىڭ يۈزىنى قىلمىغانلىقتا ئەيىبلىشى ناتايىن ئىدى . شا جۈمە بەلكى خۇشال بولار ، دەرۋىشلىكتىن باشقا يولنىڭ ئايىغى ئېتىك ، دەپ نەزەرىيىسىنى داۋاملىق سۆزلىشىمۇ مۇمكىن .

— ھەر بىرلىرىگە رەھمەت ، — دېدىم قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ ، — كەتمىسەم بولمايدىكەن ، دېگەن يەرگە كەلدىم .

ئاياللار چۇرقىرىشىپ كەتتى :

— ئەقىللىرىگە كەپلا .

— ئىككىنچى بۇ تەرەپكە يولىمىسىلا، ھەممە ئادەمگە گۇ سوزنىڭ زىندىنى ۋە بىزنىڭ توغرىمىزدا سۆزلەپ بەرسىلە. قارغىش ئالغان باشقا بىرلىرىمۇ ئېزىپ - تارتىپ كېلىپ يۈرمىسۇن...

— ئاتا - ئانىلىرى جىق دۇئا قىلغان، پېشانىسى ئوچۇق يىگىت ئىكەنلا...

— چىقىسىلا بارىدىغان بىرەر جايلىرى بولسىمۇ، بىرەر - ئىككىمىزنى ئالغاچ كېتەردىلە ئىگەكىم...

— ئۆزىنى سىغدۇرسىمۇ خۇدايىمغا مىڭ قەتلى شۇكرى دەڭلا...

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋاتقاندا جەننەتخان توستى، بايا ئايالالار كېتىشىم ھەققىدە تەكلىپ بەرگەندە، مەن كېتىش قارارىمنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئايالالار ماقۇللاپ چۇرقىراشقىنىدا ئۇ شۇك ئولتۇرغانىدى.

— سەل ئولتۇرۇپ تۇرسىلا، چولپانخان كىرسۇن، ئەجەب يوقاپ كەتتىغۇ ئۇ؟

— ئەپيۇنكەش سوزام تىرنىقىنى ئالغىلى، قولتۇقىنىڭ تۈكىنى تەرگىلى، ئۇچىسىنى تۇتقىلى سېلىۋاتقاندۇ؟

— ئاشپەزلىك نۆۋىتىدىن شۇڭا قاچىدۇ كىشى...

— مۇنداق ۋاقىتتا چىقىپ كەتكىلى بولمايدۇ، — دېدى جەننەتخان باشقىلارنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — كوچىلاردا جېسەكچىلەر بار، كوچىغا چىقىۋالغان بىلەنمۇ سېپىل دەرۋازىسىدىن چىققىلى بولمايدۇ. چولپانخان كىرسە، ئۇنىڭدا ئالدى - كەينى ئىشىكلەرنىڭ ئاچقۇچى بار، تاڭغا يېقىن چىقىپ، سوزام ئۇيقۇسىنى ئېچىپ بولغۇچە سېپىل دەرۋازىسىدىن بىرىنچى بولۇپ چىقىپ كەتسىلە.

— چولپانخاندىن گۇمان قىلىپ يۈرەرمۇ؟ — سورىدى زەينەپ.

— چاكارنىڭ سەھەردە مال توشۇيدىغان ۋەزىپىسى بار ئەمەسمۇ؟ گۆرۈخانىغا ياكى ئەسكى - تۈسكى يايمىغا مال ئاپىرىمەن دەپ چىقىپ كەتكەن، دەپ ئولتۇرىۋەرمەمدۇ؟ — دېدى زۇمرەت.

جەننەتخان چۆچۈپ:

— بۇ مەسلىھەت بولمايدىكەن چوكانلار، — دېدى، — بۇ



بولمايدىكەن، — دەپ يەنە بېشىنى چايقىدى، — چاكارنىڭ تاڭ سەھەردىكى ۋەزىپىسى ھاراقخانا بىلەن مۇسەللەسخانىغا سۇ، ئوتۇن توشۇش... مال يۆتكەش كۈن چىققاندىن كېيىنكى ئىش...

— باش قاتۇرۇشمىسىلا، ئۆزۈم ئامال قىلىمەن، — دېدىم، — ئەتە ماڭا چولپانخاننى ھەمراھ قىلىپ ئىش ئورنى ۋە دۇكان كۆرسىتىشكە بۇيرۇغان، تاڭ سەھەرگە قالسام ئۇ بالايىمغا قالىدۇ...

— قانداق قىلغۇلۇق؟ — زەينەپ ئەتراپتىكى ئايالالارغا قاراپ قويدى، — بۇ مۇشۇنداق زىندان ئەمەسمۇ، كىرسە چىققىلى بولمايدىغان؟...

— ئۆگزىنىڭ پەسرەك يېرىدىن سەكرەپ چىقىپ كېتىۋېرىمەن. ئازراق ئىز قالدۇرۇپ قويسام ھېچكىمدىن گۇمان قىلالمايدۇ.

— بۇمۇ بولىدۇ، شۇنداق چىقىپ كەتسىلىمۇ بولىدۇ، — جەننەتخان ماقۇللىدى، — تاماق يەۋاتقاندىلا بىللە يېسەك بولغانىكەن، بۇ چاغقىچە چىقىپ كېتىۋالالايتتىلە، ھازىر بەك كەچ بولۇپ كەتتى...

مەن ئولتۇرغان يەر تۈگۈلۈكنىڭ تېگى بولۇپ، شىرقىراپ قار چۈشتى. مەن تۈگۈلۈككە قارىدىم. ھاۋانىڭ تۇتۇقلۇقىدىنمۇ، جىنچىراغنىڭ يورۇقى تالانىڭكىدىن كۈچلۈكمۇ، ئەيتاۋۇر بىر نېمىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. چولپانخاننىڭ كىرمەسلىكى ئىچىمنى سىققىلى تۇردى. مەن كەچكىچە ئىشلەپ ھارغان ئايالالارنىڭ دەم ئېلىشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلاتتىم. چولپانخان كىرسە، ياتاق كۆرسىتىپ بەرسە — گەرچە يېتىشىم سۇغا چىلىشىپ، كېتىشىم مۇقىملاشقان بولسىمۇ، مەن ئۇ يەردە تاڭغا يېقىنلاشقۇچە ئولتۇرۇپ تۇرسام بولاتتى.

— ھەربىرلىرى يېتىشسىلا، مەن ئۇخلاشلىرىغا كاشىلا بولماي، كەچكىچە ئىشلەپ ھارغاندا يەنە مەن گەپكە تۇتقان ئاز كېلىپ...

— ئولتۇرىۋەرسىلە، — قوپقىنىمنى كۆرۈپ قولى بىلەن ئىشارەت قىلدى جەننەتخان، — ئولتۇرىۋەرسىلە. تالا سوغۇق، تۈگۈلۈكتىن پات - پات قار چۈشۈۋاتامدۇ، نېمە... تالادا نەدە تۇرىلا؟ — ئۇ ئوچاققا بىر قارىۋېتىپ، پەسكە بىر قاراپ زۇمرەتكە بۇيرۇدى، — قوپ ئوكام، بۇ-

گۈنكى نورما ئوتۇن تۆگەپتۇ، هاماماممدىن بىر قۇچاق يېرىندى ئوتۇن ئاچىققىنا...

مەن ئولتۇرمىغان، زۇمرەت قوپۇپ خېيىنى كىيىۋاتقان چاغدا چولپانخان كىرىپ كەلدى. ئۇ ماڭا، زۇمرەتكە، ئاندىن سۇپىدىكىلەرگە بىر ـ بىرلەپ قاراپ چىقىپ:

— بىر ئىش بولمىغاندۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۆزۈڭگە نېمە ئىش بولدى، يوقاپ كەتتىڭغۇ؟ — سورىدى جەننەتخان ئۇنىڭدىن.

— ھەي، شۇ سوزىنىڭ ئىشلىرى بولمامدۇ؟ — چولپانخان ماڭا بىر قاراپ قويۇپ، — جەننەتخان ئاچا، دىككىدە مەيەرگە چىقسىلا، — دېدى.

چولپانخاننىڭ كىرىشمۇ تازا تەمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ كىرگەندىن كېيىنكى چىرايى ۋە گەپ ـ سۆزلىرىدىنمۇ ئاللىقانداق ئەنسىزلىك چىقىپ تۇراتتى. جەننەتخان ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى ئاڭلاپ، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ بىردەم ئولتۇردىيۇ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ سۇپىنىڭ لېۋىگە كەلدى. پەستىكى خەيلەردىن ئۇدۇل كەلگەن بىر جۇپىنى پۇتىغا سېپىپ، چولپانخان بىلەن چىقىپ كەتتى.

باشقا ئاياللار بىر ـ بىرىگە ئەجەبلىنىپ قاراشتى. بۇنىڭغا قارىغاندا، بۇرۇن بۇنداق ئىش سادىر بولمىغانلىقىنى بىلىشكە بولاتتى. چولپانخاننىڭ ئەنسىزلىكنى يوقتۇرۇپ جەننەتخاننى ئېلىپ چىقىپ كېتىشى مەن بىلەن مۇناسىۋەتلىكتەك ئاياللار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ بولغاندىن كېيىن تەڭلا ماڭا تىكىلىشتى. مەنمۇ ھېچ نېمە چۈشىنەلمەي تۇرۇپ قالدىم.

ئۇلار ئىككىسى ئىشىكنىڭ تېشىدا تۇرۇشاتتى. نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمىسىمۇ، پىچىرلاشلاردىن جىددىي بىر ئىشنى مەسلىھەت قىلىشىۋاتقىنى ئېنىق ئىدى. پىچىرلىشىشلار تۈگىمەي، ئۆرە تۇرۇپ ھارغان زۇمرەت سۇپىنىڭ لېۋىدە ئولتۇردى ۋە:

— ئولتۇرۇپ تۇرسىلا، — دەپ مېنىمۇ تەكلىپ قىلدى.



ئولتۇردۇم. ئۆيدىكى ئاياللار ئىشىكنىڭ تېشىدىن بىر ئېغىز ـ بىر پەس ئاڭلىنىپ تۇرغان ئاۋازلارغا قۇلاق سېلىشىپ جىمجىت ئولتۇرۇشاتتى. ئوچاقتىكى ئوت ئۆچكەنلىكتىن، ئۆي ئىچى سوۋۇپ كەتكەچكە، ئۇلار يالىڭاچ پۇتلىرىنى بۇ ئۆيدىكى بىردىنبىر يوتقاننىڭ ئاستىغا تىقىشاتتى. گۇ سوزىنىڭ «ئورۇن ـ كۆرپەڭ مېنىڭدىن» دېگەن ئورۇن ـ كۆرپىسى ئاشۇ، يەتتە ئايال بىرلا يوتقاننى توغرىسىغا يېپىنىپ، داق كىگىزنىڭ ئۈستىدە ياتاتتى.

— بۇنداق تاسادىپىي چاقىرىپ چىقىپ كېتىش ئىشلىرى بۇرۇن بولمامتى؟ — دەپ سورىدىم ئادەمنىڭ ئىچىنى پۇشۇرىدىغان جىمجىتلىق ئورنىغا گەپ ـ سۆز بولغاچ تۇرسۇن دەپ، — ئۆيدە دېيىشمەيدىغان گەپلەر بولغىيمىدى ئۇ؟

— چاقىرىدىغان ئىشلار پات ـ پات بولۇپ تۇرىدۇ، — دېدى زەينەپ ئىنتىزا تارتقاندەك قىلىپ بوش ئاۋازدا، ـ سوزامنىڭ مېھمانلىرى كەلسە چاقىرتىدۇ، بەزىدە مەيگە سېلىپ يامۇلغا، چېرىك چۈشكۈنگە ئەۋەتىدۇ. قەرزىڭدىن مۇنچىلىكنى تۆلەپ كېلىسەن، دەيدۇ. ئۇنىماي ھەددىمىز ئەمەس، قارىساق قەرز قەرز پېتى تۇرىۋېرىدۇ. نەپىنى سوزام ئالامدىكىنتاڭ...

— بۇگۈنكىدەك ئىككىيلەن تالاغا چىقىپ خۇپىيانە گەپلىشىدىغان ئىش بولمايدىغان... — زۇمرەت ئىشىك تەرەپكە بىر قاراپ قويۇپ ماڭا بۇرۇلدى، — ئېھتىمال، سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا دېيىشكە تارتىنغان بولسا كېرەك.

شۇ ئارىدا جەننەتخان ئۆزى يالغۇز كىرىپ كەلدى.

— چولپانخان قېنى؟ — سورىدى زەينەپ.

— ئۇ چاي قاينىتىدىكەن، كەتتى، — جەننەتخان مەيۈس، تېخىمۇ سولاشقان ھالدا سۇپىغا چىقتى.

— نېمە گەپ ئىكەن؟ — زۇمرەت زارىقىپ ئېغىز ئاچتى.

جەننەتخان ماڭا بىر قاراپ قويدى. مەن ماڭا مۇناسىۋەتتى بار گەپ بولسا كېرەك، دەپ ئويلاۋاتاتتىم، ئۇ:

— مۇنداق گەپ ئىكەن چوكانلار ، — دېدى يەردىن ئۈستۈن قارىماي ، — سوزام باياتىنىڭىزى شوپاڭخاندىكى ئالتۇن چىشنى ئەۋەتىپ ، چېرىك باشلىقى بىلەن بازار بېگىنى باشلاپ كەپتۇمىش . شۇنداق بولسىمۇ سوزام : ئۇلار تاسادىپيي كىرىپ قالدى ، دېگۈدەك . يەنە ئىككى چېرىكمۇ بار ئىمىش . زۇمرەت ، خېنىمخان ، رىسالەت ، سائادەت بىلەن مەن شۇ يەرگە چىقىدىكەنمىز .

— تۆت ئادەمگە ئالتە ئايال ؟ — دېدى زەينەپ .

— چولپانخان بىلەن مەن چاي قايناتتىمىشىمىز ، سۇ ئىسسىتىمىشمىز ، — جەننەتخان ھالىتىنى بۇزماي سۆزىنى داۋام قىلدى ، — بۇ ئىشنىڭ سىلىگە مۇناسىۋىتى باردەك قىلىدۇ .

ئۇ ماڭا قاراپ قويدى . باشقا ئاياللارمۇ چۇشىنەلمەي ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭا قارىدى .

— ماڭا نېمە مۇناسىۋىتى بار ؟

— بايا چولپانخان بىلەن مۇشۇنداق دېيىشتۇق ، — جەننەتخان ئۆز ھۆكۈمى بويىچىلا سۆزلەيتتى ، — ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدىمۇ مۇشۇنداق ئىش يۈز بەرگەن . ئۇ ياز ۋاقتى ئىدى تېخى . شۇ چاغدىكى چاكارنى ئىشقا بۇيرۇپ ، يېرىم كېچىدە كەلگۈزۈپ ، سوزامنىڭ ئۆزى : « تامىقىنىڭ ئاشخانىدا ئاچىقىپ يە ! » دەپتۇ . ئۇ ئاشخانىغا پۇتىنى تىقىپ بولغۇچە ، ئۆگزىدىن تۆت يايى چۈشۈپ ئېسىلىۋالدى . سوزام يامۇلدا بىرىنچى بولۇپ : « ئايال ئىشچىلىرىمنىڭ ياتىقىغا يامان غەرەز بىلەن باستۇرۇپ كىردى . . . » دەپ ئەرز قىلىپ سولىتىۋەتتى . ئۇ شور پېشانە ھازىرمۇ ھەپسىدىغۇ ، دەيمەن . ئۇ شۇنىڭدىن ئىلگىرى : « ياخشىلىقچە قويۇپ بەرمىسەڭ قېچىپ كېتىمەن » دەپ سۆزلەپ يۈرگەنىدى .

— بۇ ئاكىمىزنىڭ قەرزى بولمىسا ، — دېدى زەينەپ مېنى كۆزى بىلەن كۆرسىتىپ .

جەننەتخان بېشىنى لىڭشىتىپ شۇنداق دېدى :

— بۇ ئۆيدە زەينەپ يالغۇز قالىدىكەن ، — ئۇ ماڭا قاراپ ، — چولپانخاننىڭ دېيىشىچە سىلى مۇشۇ ئۆيدە كۆزلىرىنىڭ ئاچچىقىنى



چىقارغاچ تۇرارمىشلا ، — دەپ چىرايىنى پۈرۈشتۈردى ، — بۇ نېمىدېگەن گەپ ؟ ياكى سىلىنى « باستۇرۇپ كىردى » قىلىدۇ ياكى ئىككىلارنى « تۇتۇۋالدۇق » قىلىدۇ .

— ئەمدى پۇتىنى تىققان ئادەمگە نېمانداق زەھەرلىك قىلىدۇ ؟ — سورىدى زۇمرەت ، — باياتىنقى گەپلەرنى تېخى ئۇ ئاڭلاپ قالغۇچىلىك بولمىغاندۇ ؟ . . .

جەننەتخان ماڭا قاراپ :

— سوزامنىڭ غىلجىڭلىشىغا ماسلاشمىغان ئوخشايلا . ئەسلى ئۇ سىلىنى يېنىدا قوندۇرۇۋالاي ، دەپمىدىكىن ، چولپانخانغا ياتاق راسلىمىساڭمۇ بولىدۇ ، دەپ سىلىنى قىچقارتىپتىكەن بولغاي ، — دېدى . سەل ئۆتكەندىن كېيىن يەنە داۋام قىلدى ، — سىلىنى « باستۇرۇپ كىردى » قىلسا ئالىدىغان نەپ يوق . شۇڭا زەينەپ بىلەن ئىككىڭلارنى يالغۇز قويۇپ « ئۈستىگە كىرىپ تۇتۇۋالدۇق » قىلىدىغاندەك . . . ئۇ چاغدا سىلىگە « خوش ـ خوش » دەپ تەزىم قىلىپ ئىشلىمەكتىن باشقا چارە يوق .

— ماشائاللا ، — دېدىم تەئەججۇپلىنىپ ۋە زەينەپكە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى . ئۇ ھەر قانچە « قېلىن » گەپلەرنى قىلىپ ، چولپانخاننى تە قىلغىنىنى بىلەن ، شۇ تاپتا شەلپەردەك قىزىرىپ ، يەردىن ئۈستۈن قارىماي ئولتۇراتتى .

— ئىككىڭلار قانداق مەسلىھەتكە كېلىشتىڭلار ئاندىن ؟ — سورىدى زۇمرەت .

— بېشىمىز قاتتى . زەينەپنى بىللە ئاچىقىپ كەتكىلى تېخى بولمايدۇ . ھەربىرىڭلار بىر نېمە دەڭلار . مېھمانلار ئىچىپ تەڭشەلگەندە چولپانخان چاقىرغىلى چىقماقچى . ئاڭغىچە خېلى ۋاقىت بار .

— بۇنىڭغا نېمە باش قاتۇرماق ؟ — غەزەپلىنىپ شۇنداق دېدىم ، — مەن ئۇلارنىڭ يالا چاپلاپ بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرماي ، ھېلىقى ئۇسۇل بىلەن چىقىپ كېتىۋېرىمەن . تاڭ ئېتىش شەرتمىدى ؟ ئاشپۇزۇللارنىڭ ئوچىقى ئالدىدا ، تالادىكى تونۇر بېشىدا ، گۆلەخلەردە تاڭ ئاتقۇزۇپ ، قىشنى چىقىرىدىغانلار كۆرمىگ بولماي . . .

— بازار بېگى بۇ يەرگە كەلسە كوچىلارغا ئادەملىرىنى مۆكتۈرىدۇ، — قارشى چىقتى جەننەتخان، — بۇ ئىشتا تۇتۇۋالمىغان بولسا « ئوغرىلىققا كىرىپ، تامدىن ئارتىلغاندا تۇتۇۋالدۇق » قىلىۋېرىدۇ.

— بىرەر ئايدىن ئىلگىرى بىر بىچارىنى « ئوغرى ئىكەن » دەپ تۇتۇۋېلىپ، ئۇر - ئۇر قىلىۋەتكەن، راست —، زەينەپ جەننەتخانغا قاراپ دېدى، — ئۇ : « مەن ئوغرى ئەمەس، تام تۈۋىدە ياتقان. . . » دېسىمۇ ئۇنىماي ئەكەتتىغۇ جەننەتخان ئاچا ؟

جەننەتخان ئۈندىمىدى، باشقا ئاياللارمۇ شۈك بولۇپ قېلىشتى. مەن جەننەتخاننىڭ بايىقى گەپ - سۆزلىرى ۋە تەھلىلىنى رەت قىلالمايتتىم. گۈسوزا شۇنداق تۇزاق قۇرغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ۋاستە تاللىمايدىغان بۇ خوتۇن مېنى « قەرزدار » قىلىش ئۈچۈن ئاشۇنداق پىلان تۈزگەن بولسا، قانداق ئۇسۇل بىلەن بۇ تۇزاقتىن قۇتۇلالايمەن ؟

— مەن هاماممىنىڭ ئوچىقى ئالدىدا تاگىنى كۆتسەمچۇ ؟

— سەل سوغۇقراق - دە ؟ — زۇمرەت شۇنداق دېدى.

— هامامدا ئوتۇن جىق، — زەينەپ ئەقىل كۆرسەتتى، — ئوچاقىمۇ قالاپ، پەسكىمۇ هولا سېلىپ، ئوتتۇرىدا ئولتۇرسا توڭۇپمۇ كەتمەس. . .

ئاياللاردىن باشقا ئەقىل چىقمىدى. جەننەتخانمۇ قوشۇلدى :

— بوپتۇ، شۇنداق قىلىسىلىرىمۇ قىلىسىلا. . .

ئۇنىڭ گېپى ئاخىرلاشمايلا چولپانخان كىردى. ئۇ بىزگە تۇتاش بىر قارىۋېلىپ :

— نېمە مەسلىھەتكە كەلدىڭلار ؟ — دېدى.

جەننەتخان ئېيتىپ بەردى. چولپانخان جەننەتخانغا :

— باياتىنقى مۆلچەرىمىز توغرا ئىكەن، — دېدى ۋە ماڭا قاراپ قويۇپ داۋام قىلدى، — چېرىك باشلىقى ئىچىپ كاللىسى قوشۇقلۇققا چىققاندا : « ئۇ دېۋانىلىرىنى مۇنچىلا ئەتىۋارلىمىسىلىمۇ بولاتتى. ئۆلۈكىمۇ چىقالمايدىغان قىلىپ ئىشلەشكە ماقۇل كەلتۈرۈپ بېرىش دېگەن تەس



گەپمۇ ؟ » دەۋاتىدۇ.

— قايىسىنىڭ يېنىدا بولساڭلار شۇنىڭغا ئۈچ كۈن قوپالمىغۇدەك ئىچۈرۈڭلار ئۈكىلىرىم، — دېدى جەننەتخان ئاياللارغا قاراپ.

— قېنى ئەمىسە چىقايلى. تېخى ئېگىن يەڭگۈشلەيدىغان ئىش بار، — دېدى چولپانخان ۋە ئۆزى باشلاپ چىقىپ كېتىۋېتىپ ماڭا، — هازىرلا هە - هۇ دەپمۇ كىرمەيدىغاندەك، سىلىنى سەل بىخۇد بولسۇن، دەۋاتىدۇ، بەك تەمتىرەپ كەتمىسىلە، — دەپ تاپىلىدى.

زەينەپتىن باشقا ئاياللار ئۇھ تارتىپ، بىر نېمىلەرنى دەپ غودۇڭشىپ، ئارقا - ئارقىدىن چىقىپ كېتىشتى. جەننەتخان ھەممىنىڭ كەينىدىن چىقىۋېتىپ :

— خۇدايىمغا ئامانەت، — دېدى.

ئىككىمىز يالغۇز قالغاندىن كېيىن زەينەپ :

— هامامغا ئوت قالاپ ئولتۇرسىلا سىرتتىن كۆرۈنۈپ قالامدۇ نېمە ؟ — دېدى.

شۇ چاغقىچە مەنمۇ ئۇ چارىنى ياخشى ئەمەسكەن، دەپ ئويلاپ قالغانىدىم. هاماممىنىڭ ئىشىكىنى يېپىپ قويغاندىمۇ ئىشىك ئاراشلىرىدىن ئوت يورۇقىنى كۆرگىلى بولاتتى. مېنى زەينەپ بىلەن « تۇتۇۋالمىغان » گۈسوزا « ئوغرىلىققا كىردى » قىلىپ تۇتۇۋېلىۋېرەتتى. شۇڭا، كاللامدا باشقىچە پىلان، ماڭا تونۇش، بىر قېتىم تەجرىبىدىن ئۆتكەن ئۇسۇل قەد كۆتۈرمەكتە ئىدى : ئۆگزە ئاتلاش !

— كىرىپ مېنى سوراپ قالغانلارغا « ئاشۇ ئاياللار بىلەن تەڭلا چىقىپ كەتكەن » دەپ قويارلا، — دېدىم زەينەپكە.

زەينەپ سەكرەپ تۇرۇپ ماڭا ئۆزىنى ئاتىدىغان قىياپەت بىلەن سۇپىنىڭ لېۋىگىچە كەلدى. كېيىن يەنە چىپپىدە توختاپ سالپايدى - دە :

— تۇتۇلۇپ قالسىلىرى بەك ئۇرۇۋېتىدۇ، ناكا بولۇپ قالسىلىرى ئۆزلىرىگە بولمىسۇن يەنە. . . ياتمىسىلىمۇ ئاشۇنداق ئولتۇرۇپ بەرسىلە، مەنمۇ بۇلۇڭدا ئولتۇراي، — دېدى ئاۋازى تىترەپ، — ئولتۇرغانىنى « تۇتۇۋالدۇق » دېسە دەر، « هە » دەپ قويۇپ، « قەرزدار » دېسە « ما-

قۇل » دەپ نەچچە كۈننى ئۆتكۈزۈپ قېچىپ كەتسىلە بولماسمۇ ؟

ئەمدى مەن ئۆمەراخۇننىڭ سۆزىنى تەكرارلىدىم :

— بۇ دوزاختا بىر سائەتمۇ تۇرغۇم يوق ، خەير . خۇدا سالغان كوينى تارتارمەن . . .

ئۇ « خۇدايىمغا ئامانەت » دېگىنىچە قالدى . مەن ھويلىغا چىقىپ ئەتراپقا قارىدىم . گۇ سوزنىڭ ئۆيى تەرەپتىن ئالىتاغىل ۋارقىراشقان ئاۋازلار كېلەتتى . بۇ تەرەپنى كۆزىتىپ تۇرغان ئادەم بار - يوقلۇقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن شۇ ياققا ئاستا مېڭىپ كەتتىم . ھاۋا تۇتۇق ، بۇلۇتلار باش ئۇستىدە تۇرغاندەكلا كۆرۈنەتتى . لېكىن ، قار يوق ئىدى . مەن باياتىن ئاشخانا ئۆيىنىڭ تۈڭلۈكىدىن چۈشكەن قارلارنىڭ ئەمدى توختاپ قالغىنىغا ھەيران بولدۇم . چۈنكى ، ئۇنداق چوڭ - چوڭ قار تۇزۇندىسىنىڭ بىر پەستىلا توختاپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى ، ئاياغ ئاستىدىكى قارمۇ مۇنداق ئاۋاز چىقىرىپ غىچىلدىماسلىقى كېرەك ئىدى .

پىكىرىمنى چېچىپ ، ئاياللارنىڭ قىي - چۇسى ۋە قاقاقلىغان كۈلكىسى ئاڭلاندى . ئەگەر باياتىن ئاشۇ ئاياللار بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ مۇڭداشمىغان ، ئۇلارنىڭ ئەرز - ھالىنى ئاڭلىمىغان بولسام ، شۇ تاپتىكى كۈلكە - نازلىرىغا قاراپ تۇكۇرگەن بولاتتىم . ئۇلار جەننەتخانىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئورۇنداپ ، ئامانلىقىم ئۈچۈن « مېھمان » لارغا ئاشۇنداق ناز قىلىۋاتامدۇ ياكى ئادەتلەنگەن مەجبۇرىيەت يۈزىسىدىن ، ئەمدى ئاشخانا ئۆيدىكىگە ئوخشمايدىغان ئاياللارغا ئايلىنىپ قېلىۋاتامدۇ ، ئىشقىلىپ ، بىرلىرىنى ئىچىشكە زورلاۋاتاتتى .

كۆزىتىۋاتقان ئادەم يوقلۇقىغا ئىشەنگىنىمدىن كېيىن ، كەينىمگە يېنىپ ھاممامنىڭ ئالدىغا كەلدىم . ئۆگزە پەس بولسىمۇ ئارتىلىپلا چىقىۋالغىلى بولمايتتى . ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىز قالدۇرۇپ قويسامۇ بولمايتتى . ئۆگزىگىلا چىقىۋالسام بىر چاغلاردا بۇۋىسارىنى يېتىلەپ ، ئۆگزىمۇ ئۆگزە سىرەج ئاتلاپ قاچقان ئۇسۇل بىلەن ھويلىدىن چىقىپ كېتەلىشىمگە ئىشىنەتتىم . سىرتتا قويۇپ قويغان ئادەم بولغاندىمۇ ماڭا قاراپ تۇرغان ياقتىن چىقماي ، ئۇلارنىڭ چۈشىگىمۇ كىرمىگەن ، بۆلەك بىر كىشىلەرنىڭ



ھويلا تېمى ئارقىلىق باشقا كوچىغا چىقالىشىمغا توسقۇن بولالايدىغان كۈچ يوق ، دەپ ئويلايتتىم .

ماڭا ئۆزۈمنىڭ بويى ئېگىزلىكىدىكى شوتا كېرەك ئىدى . شوتا بولمىغاندىمۇ ، ئۇستەل ياكى ئورۇندۇق بولسىمۇ بولىۋېرەتتى . بۇ نەس ھويلا شۇنچە كەڭ بولغىنىغا قارىماي ، ئىچىدە غېرىچ ئېگىزلىكتە بىر نەرسە كۆرۈنمەيتتى . ھاممامغا كىردىم ، ئوچاقتا سۇس ئوت كۆيۈۋاتاتتى . تامدا كەسلەكلىك ئوتۇنلار تىزىقلىق ئىدى . ئىچكىرىسى قاراڭغۇ بولۇپ ، مەن بىر تال چالا كۆيۈۋاتقان چۇچۇلىنىڭ يورۇقىدا ئۇنىمۇ تەكشۈرۈپ چىقتىم . ئەۋرەزلەرنى توسۇپ تۇرغان بورىلار تورۇستىن ساڭگىلىتىپ چۈشۈرۈلگەن شوينىلار بىلەن تېك تۇراتتى . ئۆگزىگە چىقىشقا ياردەم بېرىدىغان بادرا چاغلىق بىر نېمە يوق ئىدى .

« قۇرۇپ كەتسۇن ، ئوت كەتسۇن بۇ ھويلىغا ، — دېدىم ئىچىمدە قارغاپ ، — ئۆگزىگە چىقمايدىغان شەقىقىمىدۇ بۇ گۇ سوزا دېگەن . . . »

بۇ شەقىقىنى يادىمغا ئېلىپ ، ئۇنىڭ دالىنىنىڭ بىر يەرلىرىدە ياكى تاختا شوتا ، ياكى ۋاخىنلىق شوتا بولماي قالماس ، دەپ ئويلىدىم . دالانغا كىرىش خەتەرلىك ، چېرىكلەرگە ياكى ئاياللارغا ئۇچرىشىپ قېلىش مۇمكىن ئىدى . لېكىن ، باشقا چارە بولمىغاندىكىن ، كىرمەيمۇ بولمايتتى . مەن ھەممىشە خەتەرگە ئۇچرىسام ، تەقدىر ماڭا قېچىشنىلا نېسىپ قىلىۋاتقىنىغا كۈلگۈم كېلىپ ، دالانغا قەدەم تاشلىدىم . « بۇ قېتىممۇ قۇتۇلۇپ كېتەرمەن . . . » دەپ ئويلىدىم . دالان قاراڭغۇ بولسىمۇ ، مەن بىر نەچچە قېتىم كىرىپ - چىققاچقا ، بىر تەرەپتىكى ئۈچ ئىشىك ، يەنە بىر تەرەپتىكى ئىككى ئىشىكنى ئاڭقىرالايتتىم . گۇ سوزنىڭ تاشقىرىقى ئىشىكى يېپىقلىق بولغىنى بىلەن ئۆي ئىچىدە يورۇق بارلىقىنى بىلگىلى بولاتتى . قىيا - چىيا ، ئالىتاغىل توۋلاشلار بېسىققان بولۇپ ، مېھمانلار بىلەن ئايالار ئۆيلەرگە تاراپ كەتكەندەك قىلاتتى . چۈنكى تۆت ئۆينىڭ ئىچىدە ئادەم ئاۋازى بار ئىدى . ئالدىمدا ئەمدى ئاخىرقى ئىككى ئىشىك قالغانىدى . ئۇدۇلدىكىسى مەن ھۇسىين پوكانچى بىلەن كىرگەن تالانىڭ ئىشىكى ، يان تەرەپتىكىسى ئۆي ئىشىكى ئىدى .

مەن شۇ ئىشىككە يېقىنلىشىپ ئىچىنى تىڭشاپ باقاي، دەپ ئېگىلىشىمگىلا ئىشىك ئېچىلىپ «ۋايجان» دېگەن قىسقا، چۈس، بوش پىغان ئاڭلاندى. بۇ ئايالنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇمۇ، مەنمۇ قېتىپلا تۇرۇپ قالدۇق. ئەمما، ئايال بىرىنچى بولۇپ ئۆزىنى قولغا ئالدى:

— كىرسىلە تېز، — دېدى ئۇ قولۇمدىن تارتىپ. مەن چولپانخاننىڭ ئۈنىنى تونۇدۇم. بوسۇغىدىن ئاتلىغاندىن كېيىن بۇ ئۆينىڭ ئىچىدە ئىشىكى ئۇدۇل يەنە بىر ئۆي بارلىقىنى بايقىدىم. ئاشۇ ئۆينىڭ ئىشىكىنىڭ كەڭ ئاراشلىرىدىن چىقىۋاتقان يورۇقلۇق تۇپتوغرا تاشقىرىقى، باياتىن چولپانخان ئاچقان ئىشىككە چۈشۈپ تۇراتتى.

— يۈرەكلىرى قاپتەك بار ئىكەن، ۋاي يۈرىكىم... بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسىلا؟ — سورىدى ئۇ ئاغزىنى قۇلىقىمغا يېقىپ دېگۈدەك پىچىرلاپ.

— كىم بار؟ — دېدىم مەنمۇ بوش ئاۋازدا ئىچكىرىنى ئىملاپ.

چولپانخان بۇ تۇرقىدا ئاشخانا ئۆيدىكى چولپانخانغا زادى ئوخشىمايتتى. غۇۋا يورۇقتىن ۋە قاراڭغۇغا كۆنگەن كۆزلىرىمنىڭ كۆزىتىشىدىن قارىغاندا، ئۇ ئۈستىگە ياندىن ئىزمىلىنىدىغان، ئىككى تەرىپى چوك يوتىسىغىچە ئوچۇق تاۋار كۆڭلەك كىيگەن بولۇپ، يۈزىدىن گۈل يېغى ۋە ئۇپىنىڭ پۇرىقى كېلەتتى.

— جەننەتخان ئاچام بار، كىرىۋەرسىلە، — دېدى ۋە تورۇسنى ئىشارەت قىلىپ، — پەخەس بولسىلا، ئۆگزىدە ئادەم بار. مەن ھازىر كىرىمەن، — دەپ پىچىرلىدى.

يۈرىكىم «شۇررىدە» ئاققاندەك بولدى. مەن تامغا يېقىن تۇرغان تاختا شوتىنى كۆرۈپ قالغانىدىم. شوتىنىڭ چىقىش ئېغىزىدىكى قاپقاق يېپىپ قويۇلغان بولسا كېرەك، ئۈستى تەرەپ قاراڭغۇ ئىدى. ئۆگزە ئاتلاپ قېچىپ كېتىش پىلانىممۇ سۇغا چىلاشقانىدى. چولپانخان دېگەندەك بولسا، ئۆگزىگە چىقالىغان بىلەنمۇ تۇتۇلاتتىم.

ئىچكىرىكى ئۆيدە چۆگۈنگە ئوت قالاپ ئولتۇرغان جەننەتخان ۋارقىرىمىغان بولسىمۇ، ھەيرانلىقى چولپانخاندىن كەم بولمىدى.



مەن ئوي-خىياللىرىمنى سۆزلەپ بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ بېشىنى چايقاپ:

— زادى قايسى پىلان بولسىمۇ بولمايدىكەن، — دېدى، — ئۇلار كوچىغا ئادەم ئورۇنلاشتۇرماپتۇيۇ، ئۆگزىگە ئادەم چىقىرىپتىكەن. بۇ سىلىگىلا قارشى قويۇلغان ئادەم ئەمەس، چېرىك باشلىقى كەلسە بۇرۇنمۇ ئامانلىقنى قوغدايمىز، دەپ ئاشۇنداق قىلاتتى. بۈگۈن بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقماقچى ئوخشايدۇ، ھەي...

— قانداق قىلغاننىڭ ئېپى بار؟

— باياتىن بىز چولپانخان بىلەنمۇ سۆزلەشكەندۇق، سىلىگە خەۋەر قىلغۇدەك پۇرسەت بولمىدى. تېخى سەن-پەن دېيىشكۈدەك يەرگە بېرىشمىغاندىكىن، سىلىمۇ چاندۇرماي «ھە» دەپ قويسىلا بولارمىكىن...

— قانداق «ھە» دەپ قويىمەن؟

— سىلى تېخى سوزام بىلەن «ئىشلىمەيمەن، قانداق قىلاتتىڭ؟» دېيىشكۈچە بولمىدىلا. ئۇلار كىرىپ «تۇتۇۋالغان» بولىدۇ شۇ، سىلى «ئىشلەيمەن، كېتىمەن دېمەيمەن» دەپ بىر ھۆججەت بېرىلا. زەينەپنى يالغانۇ راستتىن نىكاھ قىلىپ قويغان بولۇپ ئىشنى تۈگىتىدۇ. سىلى بىلەن سۆزلەشكەندە ئۆيلەپ قوياي دېمىگەنمۇ؟

— دېگەن...

— ئۇ ھەممە چاكىرىنى شۇنداق قىلىپ قاپقانغا دەسسىتىپ كەلگەن، نىكاھلاپ قويسا چاكارمۇ خوتۇنلۇق بولدۇم، دەپ خۇش بولىدۇ، چوكانمۇ ئەرلىك بولدۇم، دەپ خاتىرجەم بولىدۇ. ئۇ تويۇڭلارنى قىلىپ قويىدۇم دەپ بىر پاتمان ھېساب يازىدۇ. بۈگۈنكىدەك مېھمىنى كەلسە، دەسلەپ تېخى ئاشۇ نىكاھلىق چوكاننى چاقىرىدۇ. چاكار ئۈچۈن «تالاق» دېمەي نېمە ئامال؟

— سىلىمۇ ئەمدى زەينەپنى نىكاھىڭغا ئېلىپ، قەرزدارلىقىڭ بولۇپچە قال، دەيدىكەنلا-دە؟ — غەزىپىم كەلگەندىن كېيىن ئۈنۈمنى قويۇۋەتكىنىمنى بىلمەيلا قاپتىمەن. ئۇ ئاغزىمنى قولى بىلەن ئېتىۋېلىپ

تورۇسنى ئىملاپ قويدى .

— چىقىپ كەتكىلى بولمىغاندىكىن دەۋاتقىنىم ، — پىچىرلىدى ئۇ ، — سوزامغا يالغاندىن « تۇتۇلۇپ » بېرىپ ، قول باغلاپ تۇرسىلا ، ئەيۋەشكە كەلتۈرۈدۈم ، دەپ ئويلايدۇ . نېرىسى بەش ، بېرىسى ئۈچ كۈن ئىچىدە لەپپىدە تىكىۋېتىلا ، سىلى بىزگە ئوخشمايلا ، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ يۇرتتا تارتىشىدىغان بىر كىملىرى يوق ئەمەسمۇ ؟

— بۇنداق ئىشنى ۋىجدانىم كۆتۈرمەيدۇ . . .

— بىر ئورۇندا ياتسىلا دېگەن گەپ ئەمەس ، — جەننەتخان يەنە شۇ چارە تەرەپتە ئىدى ، — كۆڭۈللىرى كۆتۈرمىسە ئارىلىق قويۇپ ياتسىلا . بىز سىلنى بۇ تۆۋى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كەتمىسۇن ، دېگىنىمىز . بۇرنىمىزغا تولا يەپ پىشىپ قالغانلىقتىن قاتۇرۇۋاتقان باش بۇ ! بولمىسا ، قېنى قانداق قىلالايلا ؟

ئۇنىڭ مەسلىھەتىگە كۆنمەي ئامال يوقلۇقىغا كۆزۈم يەتتى .

« ئوغرى » ، « باسقۇنچى » دېيىلىپ « تۇتۇلۇپ » قالغۇچە ، زەينەپ بىلەن « تۇتۇلۇپ » قالغان بولۇپ ، تۆت ـ بەش كۈندىن كېيىن تىكىۋەتسەممۇ تىكىۋېتەي ، دەپ ئويلىدىم .

— شۇنداق قىلاي ، — دېدىم ئاخىر .

جەننەتخانمۇ ئويلىغىنىمنى تەكىتلىدى :

— مۇشۇ ئۇسۇل ئەپىدە . ھازىر سىلنى ھامامدىن تۇتسىمۇ ، ئۆگزىدىن تۇتسىمۇ « ئوغرى » دەيدۇ . تېخى يامۇلغا سولىتىۋېتىشىمۇ مۇمكىن . ئۇنىڭدىن كۆرە « ئەمدى سوزام . . . » دەپ يەرگە قاراپ تىرناقلىرىنى تاتىلىغان بولۇۋالسىلا ، راست ئىكەن ، دەيلا .

— مەيلى ، — بىر قارارغا كېلىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم .

— زەينەپ كىچىك ، شوخ ، كۆڭۈللىرىدىكىنى بىلمەي راستىتا ئېلىپ يۈرمىسۇن يەنە ، — جەننەتخانمۇ ئورنىدىن تۇردى ، — مۇنداق ـ مۇنداق ئىش دەپ چۈشەندۈرسىلە ئۆزىنى تارتىشى مۇمكىن . بېشىدىن ئىش ئۆتمىگەن ئەمەسمۇ ؟

— ياق ، ئۇمۇ چۈشىنىدىكەن . ئەسلى ئۇ مېنى ئاشۇ ئۆيدە



ئولتۇرۇۋەرسىلە ، دېسە ئۇنىماپتىكەنمەن .

— ئۇنچىلىك بولسا تېخى ياخشى . سىلى جىندەك تەخىر قىلسىلا ، مەن دالانغا قاراپ باقاي .

ئۇ تاشقىرىقى ئۆيگە چىقىپ كەتتى . ئۆگزىدىن توڭغان ئاياغلار-نىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازى كېلەتتى . بۇ ئۆي گۇ سوزىنىڭ ئاشخانىسى بولسا كېرەك ، مورىلىق يەرلىك ئوچاق ۋە ئۆرە شالالىق ئوچاق سېلىنغانىدى . جەننەتخان مورىلىق كۈلۈكى بار ئوچاقتا چاي قايناتقانىدى . ئۆرە ئوچاق-نىڭ ئۈستى كەڭرى بولۇپ ، قازان ، چۆمۈچ ، ساپلىق ، بىر قوشۇقلۇقتا چوكا ۋە قوشۇقلار ، ئاچچىقسۇ قاپىقى ، كۆيدۈرۈلگەن مۇچ چۆچەكى تۇراتتى . ئوچاقنىڭ بىر تەرىپى بىلەن يان تامنى كەڭ ، ئۇزۇن پەشخۇن تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى . پەشخۇننىڭ ئۈستىدە ئۇن ، گۈرۈچ بولسا كېرەك ، بىرى تىك ، بىرى يېرىمىراق ئىككى خالتا ، بىر چەتتە چىنە ، چەينەك دېگەندەك نەرسىلەر تۇراتتى . تۆتلا تامغا قوزۇق قېقىلغان بولۇپ ، ئاش-تاختا ، نوغۇچ توغرا قويۇلغان ، ئەگلەك ئېسىپ قويۇلغان ۋە بىر مۇنچە خالتىلار ئىلىقلىق ئىدى .

بىر ئوبدان تۇرغان ساق بېشىمنى ئۆزۈمچە ئاغرىتىۋېلىپ ، ئەمدى داۋا ئىزدەپ تاپالماي ۋاتقىنىمغا ئۆكۈنۈپ تۇرسام ، ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە چىقىپ تەپكەندەك ئىش بولۇپ ، گۇ سوزىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى . ئۇ:

— ھەممە ئىش ئىنساپ بىلەن بولغىنى ياخشى ، — دەپ كىرىپ كەلدى تاشقىرىقى ئۆيگە . ئۇنىڭ گەپ قىلىش ئۇرانىدىن قارىغاندا خېلىلا ئىچكەن ، تەڭشەلگەندەك تۇراتتى ، — ئۆگزىدە تۇرۇۋاتقانلار باشلىقى بار « غىلىڭ » دېمىگىنى بىلەن ، كېيىن بىر ئىشنى باھانە قىلىپ دۇكانلىرىمنى قۇرۇقدىغىلى قويىدۇ . سەن ئەمدى ئاۋۇلارنى قويۇر ، بېرىپ خۇدايىم بەرگەن ساقالنى ئالدىمغا ئېلىپ كىرسۇن . . .

پۇت ـ قولۇمدا جان قالمىدى . گۇ سوزا قىياسىمچە جەننەتخانغا گەپ قىلغاچ تۇپتوغرا مۇشۇ ئاشخانىغا كىرىپ كېلىۋاتاتتى . مەن نېمە قىلارىمنى بىلمەي تۇرۇپ قېلىپ تۆت ئەتراپىمغا قارىدىم . تۇرۇۋەرسەم ، « ھە ، نېمە تۇرىسەن ؟ » دېسە ، « چاي

قايىنىتىشقا ياردەملەشتىم ...» دېسەم ... دەپمۇ ئويلىدىم . لېكىن ، بۇ گۇ سوزىنىڭ مېنى « قەرزدار قىلىش » پىلانىغا ماس كەلمىگەنلىكتىن ، قىيا - چىيا كۆتۈرۈپ « يات ئادەمگە » چىقىرىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى . چاقماق تېزلىكىدە خىيالىمدىن كەچكەن بۇ پىكىردىن پېيىم سىرقىرىغىنىچە ، كىرىۋالىغۇدەك بىرلا جاي — پەشخۇنىنىڭ تېگىنى كۆردۈم .

پەشخۇن بەك ئېگىز قويۇلمىغاچقا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ قالدىم . بۇ يەرمۇ كەڭ - كۇشادە بولماستىن ، بىر چەتتە يوغان - يوغان ياغ قاپاقلىرىدىن ئىككى - ئۈچى ، بىر چاناچ ، بىر تەشتەك تۇراتتى . يەنە بىر تەرىپىدە تىكەنلىك غەلۋىر ، ئۇزۇنسىغا قويۇلغان تارتقۇ بار ئىدى . مەن تېز ، لېكىن پەخەسلىك بىلەن تارتقۇنى تام تۈۋىگە تىكلەپ قويدۇم . شۇنىڭ بىلەن بىر غېرىچچە ئىچكىرى كىرىۋالدىم . تەلىيىمگە سۇ يېغى ياندۇرۇلغان قارا چىراغ تام مورىسىنىڭ ئۈستىدە بولۇپ ، خېلى بەك ئېڭىشمىسە مېنى كۆرگىلى بولمايتتى . مەن بولسام ھەممىنى ئوچۇق كۆرەلەيتتىم .

بىچارە جەننەتخان گۇ سوزىنى بوسۇغىدا كەگەنلەپ توسۇۋالدى :

— كىرمىسىلە سوزام ، مورا ئىس ياندۇرىدىكەن ، چىراغنىڭ ئىسى قوشۇلۇپ بىر نېمە بولدى بۇ ئاشخانا ، چىرايلىق جىلىتكىلىرى ...

— گەپنى ئاز قىلىپ ، ئويغات ئاۋۇ قانجۇقلىرىڭنى ، — گۇ سوزا جەننەتخاننى بىر يانغا ئىتتىرىۋېتىپ ئاشخانىغا كىردى ، — ئاناڭنىڭ يېنىدا ئىس بارمۇ ؟ — تورۇسلارغا قاراپ تىللىدى ئۇ ، — ماڭە ، مەن دېگەننى بېجىر ! ئەمدى ئۆگزىدىكىلەر ئالمىشدۇ ... ئاڭغۇچە مەن ساقاللىق دىۋاننى بىر كۆرۈپ باقاي ... ئېرىڭمۇ ئۇنداق كىيىم بىلەن كۆرۈنمىگەن بولغىيدىم ... بېشىڭنى يەيدىغان دىۋانىدىن بۇت ياخشى ، بۇت ... بۇت گەپ قىلالمايدىغان بولغىنى بىلەن كۇلىدۇ ... ئەمدى زەينىپىڭ بىلەن ئىككىسىنى چېتىپ ، خوتۇنىنى قويىنىدىن سۇغۇرۇپ ئاچىقىپ نېملەرگە بۇيرۇيمەنكىن ، بار ... ئويغات قانجۇقلىرىڭنى ...

چىرايى تامدەك ئاقىرىپ كەتكەن جەننەتخان ئاشخانا ئىچىدە مېنى



كۆرمىگەندىن كېيىن ، چېنىپ قالارمۇ دېمەي يۈرىكىنى قاماللاپ تۇرۇپ قالدى . كۆزىنىڭ قىرىدا تۆت بۇلۇڭغا بىر سەپسېلىۋېتىپ ، نەگە تىقىلىۋالغىنىمنى پەملىدى - دە ، ئۆزىنى ئورۇنسىز شۇبھە ئاستىغا قويۇپ ، پەشخۇنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇردى .

— چولپانخاننى بۇيرۇسىلىمىغۇ بوپتىكەن ئوبدان سوزام ... ئاۋۇ چېرىكلەر ئازار بەرسە ، يۈرىكىم ئاجىز مەزلۇم ...

— چولپاننى ئاۋۇ ئادەم ئەسكىسى زاڭ مېنى ئىتتىرىۋېتىپ يوتقىنىغا سولىۋالدى ... بۇ مۇشۇنداق ئالەم جەننەتخان ... شۇڭا ئەركىشى دېگەننى ھەرگىز ئېرىم دېگۈلۈك ئەمەس ، كەھ - كەھ قىلىۋېلىپلا تاشلىۋەتكۈلۈك ... بارە ، بول ...

جەننەتخان تېخىمۇ چاندۇرۇپ ، بىر گۇسوزىغا ، بىر پەشخۇنغا قاراپ قىيپاش دەسسەپ ئىشىكتىن چىقتى . چىقىپ بولۇپمۇ پەشخۇنغا بىر ، گۇ سوزىغا بىر قارىدى . « ئېڭىشىپ قارا ، — دەيتتىم ئىچىمدە ، — بولسا تېخى ماڭا بىرەر ئېغىز گەپ تاپىلاپ قويۇپ ماڭ ... »

گۇ سوزىنىڭ پەشخۇنىنىڭ تېگىگە قارىغۇدەك ھالى يوق ئىدى . ئۇ ئۆزى دېگەندەك يوتقاندىن چىققان پېتى بولۇپ ، تۈزۈكرەكمۇ كىيىنمىگەنىدى . ئالدىراپ ئۇشلاپ تەتۈر كىيىۋالغان جىلىتكىسىنىڭ مۈرىسىدىن ، مەيدىسىدىن ئوچۇق بەدىنى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . جىلىتكىسىمۇ قىسقا بولۇپ ، تېگىدە پۈرلەشكەن قورسىقى ۋە ئەمچىكىنىڭ تۈگمىسى سىلكىنىپ تۇراتتى . ئۇ كالتا تاۋار ئىشتىنىنىڭ نېمە بولۇشى بىلەن كارى بولماي ، ئۆرە ئوچاقنىڭ سۇپىسىغا چىقىپ ئولتۇرۇپ ، بىر پۇتىنى سۇپىنىڭ گىرۋىكىگە قويۇپ ، ساڭگىلاپ تۇرغان يەنە بىر پۇتىنى گىلدىڭلىتىپ باشتا بىر نېملەرنى دەپ غىڭشىدى ، كېيىن ئۇنىنى قويۇپ بېرىپ :

لاڭتىرلاڭ ، لاڭ ، لاڭتىرلاڭ ،
مېنى زارلىتىپ ، سىز ئويناڭ ...

دەپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى .

جەننەتخان تېزلا قايتىپ كىردى . ئۇ ئاشخانىغا بىر نەزەر

سېلىشىۋېتىپ، ھېچ ئىش يۈز بەرمىگىنىگە قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، بىر ئۇھ تارتىۋېلىپ:

— چېرىكلەر تىللىدى مېنى، — دېدى.

گۇ سوزا ئوچاق بېشىدىن سەكرەپ چۈشمەن دەپ سەنتۈرۈلۈپ كېتىپ، قىيپاش دەسسىگىنىچە پەشخۇنغا يۆلىنىپ قالدى. جەننەتخان ئاجايىپ چاققانلىق بىلەن بىر تاقلاپلا يېتىپ كەلدى-دە:

— بىرەر يەرلىرى ئاغرىمىغاندۇ سوزام؟ — دېگىنىچە مېنى توسۇپ تۇردى.

گۇ سوزا دەردىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ شاپىلاق بىلەن بىرنى قويدى. جەننەتخاننىڭ تېنى ئاجىزمۇ ياكى گۇ سوزا شۇنداق كۈچلۈكمۇ، شاپىلاقنىڭ زەربى بىلەن جەننەتخان كەينىگە مۈدۈرۈپ تام تۈۋىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

— قوپۇڭلار ئەمدى، دەيدىغان گەپنى ئەپلەشتۈرەلمەي، ئۆپكەڭ چۈشۈپ قالغۇدەك بولۇپ يۈگۈرۈپ كىرىسەن بىكار نان يەيدىغان قانجۇق... — گۇ سوزا ئۇنى يەنە تۆپىلەپ تىللاپ چىقىپ كەتتى، — ئۆزۈڭگە ئەر چاقىر دېسەمتى ھېلى، يۆتىلىپ بولغۇچە ئۇننى چاقىرىپ كېلەتتىڭ...

ئۇنىڭ ئۇنى ئۆچۈپ، تاشقىرىقى ئۆينىڭ ئىشكى يېپىلىپ بولۇشىغىلا جەننەتخان ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى. مەن ئۇنىڭدىن بالدۇرراق پەشخۇن تېگىدىن چىقىپ، ئۇنىڭ تۇرۇشىغا ياردەملەشتىم.

— نېمانچە ھودۇقۇپ كېتىلا؟ — سورىدىم مەن.

— بالاكەنلا غوجام، بالا... — ئۇ ئېغىر ھاسىرايتتى، — قورقۇپ يۈرىكىم يېرىلاي دېدى. ئەمدى غىپپىدە زەينەپلىرىنىڭ يېنىغا بېرىۋالسىلا... ئاۋۇ مىكىجىننىڭ نېمە دېگىنىنىمۇ ئاڭلىلا.

— بولىدۇ، شۇنداق قىلاي، — دېدىم ۋە مەندىن ئىلگىرى مېڭىشقا تەمشىلىۋاتقان جەننەتخاننى توستۇم، — بولدى، سىلى چىقمىسىلا، ئادەم كۆپ بولسا شەپە ئاۋۇيدۇ، ئۆزۈم قانداق چىقىپ كېتىشنى بىلىمەن.



ئۇنىڭ ھودۇقۇپ، تەمتىرەپ، چاندۇرۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيتتىم. ئەگەر باياتىن گۇ سوزىنىڭ كاللىسى جايىدا بولغىنىدا، جەننەتخاننىڭ قىلىقلىرىدىن گۇمانلانغان ۋە مېنى تېپىۋالغانمۇ بولاتتى.

جەننەتخان چىقمىغىنى بىلەنمۇ ئىشىم ئەپلەشمىدى، مەن تاشقىرىقى ئۆينىڭ ئىشىكىگە بارا-بارماي، سىرتتىن گۇ سوزا سۆزلىگىنىچە يېتىپ كەلدى:

— ھالىغا باقماي ئىچىپ، ئەمدى توڭگۇزدەك ياتىدۇ نائەھلىلەر، — ئۇ ئىشىكنى ئىچىپ ئۆيگە كىردى، مەن قايتىدىن ئاشخانىغا كىرىپ، پەشخۇن ئاستىغا كىرىۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمەيتتىم. شۇڭا، قاراڭغۇ ناھايىتى قويۇق بولغان تاختا شوتىنىڭ تېگىگە ئاران بېرىۋالدىم، — قېنى سەن جەننەتخان، ئۆگزىدىكى چېرىكلەرنى «ھايت» دەپ قوي، ئۆزلىرىنىڭ ئادىمىنى ئۆزلىرى ئويغاتسۇن، موخو موخونى قاراڭغۇدىمۇ تونۇيدۇ ئەمەسمۇ؟

بۇ قېتىم ئۇ ئاشخانىغا كىرمىدى. جەننەتخان باياتىن بېرى بوسۇغىدا تۇرغانلىقتىن، تاختا شوتىنىڭ ئاستىغا كىرىۋالغىنىمنى كۆرگەنىدى. ئۇ گۇ سوزىنىڭ بۇيرۇقىغا دەرھال ماقۇل بولۇپ، ئۇنى چىقىرىۋېتىشكە ئالدىرىدى:

— ماقۇل سوزام، سىلى چىقىپ كېتىۋەرسىلە، مەن ھازىرلا چاقىراي.

— ئىتتىكرەك بول، ئۆزۈم چىقاي دېسەم ئۇستۇم يېلىڭ...

گۇ سوزا جەننەتخان ئۆگزىگە چىققۇچە قاراپ تۇردى. پەستىكى گەپ-سۆز، تاختا شوتىنىڭ غىچىر-غىچىرلىرى ئۆگزىگە ئاڭلىنىپ، ئۇ يەردە سوغۇق يەپ جېنى ئاز قالغان چېرىكلەرنى چاقىرمىسىمۇ چۈشۈۋېرىدىغان دەرىجىگە ئەكىلىپ قويغانلىقتىن، جەننەتخان شوتا ئېغىزىغا بېرىپ بولغۇچە ئۇستىدىكىلەر قاپقاقنى كۆتۈردى.

— ھەممەڭ چۈشۈۋالماي، ئىككىڭ چۈش! — دەپ توۋلىدى گۇ سوزا ۋە يېرىم يالىڭاچ بەدىنىدىن ئىزا تارتقاندەك ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ قوشۇپ قويىدى، — ئوڭ تەرەپتىكى ئىككى ئۆيدە

دوستلىرىڭ بار، شۇلارنى ئويغىتىش، سول تەرەپتە باشلىقىڭ بىلەن بەگ
بار.

تاختا شوتىنىڭ بىر نەچچە باسقۇچىدىن چۈشكەن چېرىك گۇ
سوزىنىڭ سۆزىنى ئۆگزىدىكى ھەمراھلىرىغا يەتكۈزۈپ قويۇپ ئۆزى
چۈشىۋەردى. جەننەتخان كەينىگە يېنىپ چۈشۈپ، ئاشخانىنىڭ
بوسۇغىسىغا بېرىپ تۇردى.

تۆپىدىن چۈشكەن ئىككى چېرىك دالاندا ۋاتىلداپ، ئىشىك قې-
قىپ يۈرگەنلىكتىن سىرتقا چىقالمىدىم. ئاشخانا ئۆيگە قايتا كىرىشنىڭ
پايدىسى يوق ئىدى. بىردىنبىر ئۈمىد ئاۋۋال ئاخشام ئىچكەن مەست چې-
رىكلەر بىلەن ئۈستىدىن چۈشكەن چېرىكلەر ئالماشقان چاغدا دالاندىن
چىقىۋېلىش پۇرسىتى بار-يوقلۇقىدا ئىدى. لېكىن، سىرتتىكى شاۋقۇن
ھېچ بېسىلاي دېمەيتتى.

گەپ-سۆز قىلىشقان ئاۋاز ئۆچتى. ئىشىكلەرنىڭ ئېچىلىپ-
يېپىلىۋاتقانلىقى ئاڭلىناتتى. مەن نېمىلا بولمىسۇن، بۇ يەردە تۇرىۋەرگەن-
نىڭ ئورنىغا دالانغا چىقاي، ئۇپۇر-تۇپۇردىن غىپپىدە ھويلىغا
چىقىۋېلىشنىڭ كويىنى قىلاي دەپ ئويلىغىنىمچە، ھاڭۋېقىپ قاراپ قالغان
جەننەتخانىنمۇ شۇ پېتى — ئاغزىنى ئېچىپ تۇرغىنىچە قالدۇرۇپ دالانغا
چىقتىم.

ئوڭ تەرەپتىكى ئىككى ئۆينىڭ بىرىنىڭ ئىشىكى ئوچۇق، بىرىنىڭ
يېرىم ئوچۇق ئىدى. يېرىم ئوچۇقنىڭ ئىچى يورۇق، پۈتۈن ئوچۇقنىڭ
ئىچىدە ئاۋازلىق پاراڭ بار ئىدى. مەن تام تۈۋى بىلەن مېڭىپ گۇ
سوزىنىڭ ئىشىكىگە كەلدىم. ئىشىك ھەم يېپىلمىغان، قارىغاندا، ئىچىدىن
ئېتىلمىگەندەك تۇراتتى. ئاشۇ كىچىككىنە بوشلۇقتىن تاشقىرىقى ئۆينىڭ
قاراڭغۇ ئىكەنلىكىنى، ئىچكىرى ئۆيدە چىراغ يېقىقلىقلىقىنى بىلگىلى
بولاتتى. يەنە ئىككى قەدەم يۇرۇپلا دالاندىن ھويلىغا چىقىدىغان ئوچۇق
ئىشىككە يەتكىلى بولاتتى.

ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىغا پۇتۇمنى قويۇشۇم بىلەنلا ھويلىنىڭ نېرىقى
تەرىپىدىن مەن تۇرغان تەرەپكە تېز-تېز كېلىۋاتقان قەدەم ئاۋازىنى



ئاڭلاپ قالدىم. بۇ چاغدا ئۇ تەرەپتىن كىمنىڭ كېلىشىنى مۆلچەرلىگىلى
بولمايتتى. مەن ئۇنى ئاياللاردىن بىرەرىدۇر دەپمۇ پەرەز قىلدىم. ئەمما،
كېلىۋاتقان ئادەم ئالتە-يەتتە قەدەم قالغاندا، ئۇنىڭ گۇ سوزا ئىكەنلى-
كىنى تونۇپ قالدىم. باياتىن بېرى ئۈستىگە ئۇزۇن جۇۋا كىيىۋالغان گۇ
سوزا نېمىشقا بارىدىكىنتاڭ، ئاشخانا ئۆيگە بېرىپ كەلگەندەك تۇراتتى.
ئۇنىڭ غىڭشىپ ناخشا ئېيتىۋاتقىنىدىن قارىغاندا، مېنى تېخى
بايقىمىغاندەك ئىدى.

كاج تەلىيىم يەنە تەتۈر كېلىپ، كەينىمدىكى ئوچۇق قالغان ئى-
شىكتىن بىر چېرىك كەينىچە مېڭىپ چىقىپ، ئىچىدىكى چېرىك بىلەن
تىللاشقىلى تۇردى. ئەمدى ئالدىمغا ماڭسام گۇ سوزىغا دوقۇرۇشۇپ
قالاتتىم، كەينىمگە يانسام ھېلىقى چېرىك قارىماي قالمايتتى. شۇ ئەسنادا
گۇ سوزا:

— ۋالاقلاۋەرمەي ھەمراھىڭنى چاقىرىپ مەيەرگە كەل! — دەپ
تووۋلىدى.

گۇ سوزا بوسۇغىنىڭ نېرىسىدا چېرىكنىڭ چىقىشىنى ساقلاپ
تۇرۇپ قالدى. چېرىك بىرلىرىنى تىللاپ، بىرلىرىنى چاقىرىپ تۇراتتى.
مەن چېرىكلەر كېلىپ دوقۇرۇشۇپ قالغۇچە، دەپ پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا
دەسسەپ كەينىمگە بىر قەدەم يېنىپ، پاناھ بولالايدىغان ئاخىرقى
تۆشۈك — گۇ سوزىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتىم. ئىشىكنى ئاۋۋالقى ئىسكەتىگە
كەلتۈرۈپ ياپا-ياپماي، ئىككى چېرىك دالان ئىشىك تەرەپكە ئۆتۈپ
كەتتى.

— ئاۋۇ ئىشىك، سولدىن سانىغاندا ئۈچىنچى ئىشىك، — گۇ
سوزىنىڭ ئاۋازى ئوچۇق ئاڭلىناتتى، — ئۆيدە ھازىر بىر ئەر، بىر ئايال
ئەسكى ئىش قىلىشىۋاتىدۇ، قانداق ھالەتتە ياتقان بولسا شۇ پېتى تۇتۇپ
ئەكىلىڭلار. ئېگىن كىيىۋالايلى، دېسىمۇ ئۇنىماڭلار، ئاۋۋال ئاخشام
باشلىقىڭلار بىلەن دېيىشكەنغۇ؟ ھازىر ئۇلار قېچىپ ئۇخلاپ كېتىشىپتۇ،
ماراپ باقتىم...

چېرىكلەر كېتىپ قالدى. گۇسوزا بولسا غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ

تۇرىۋەردى. مېنى تازا نەس باسقانىدى. ئەمدى تۇتۇلغىنىم بىلەنمۇ ئوخشاش تۇتۇلۇش ئىدى. چېرىكلەر قايتىپ كېلىپ ئاشخانىدا يوقلۇقۇمنى ئېيتسا، گۇ سوزا «بوپتۇ ئەمىسە» دېمەيدىغانلىقى ئېنىق. ئۇ كىچىكلىتىپ ئېيتقاندا، ئۇ يەر - بۇ يەرنى ئاختۇرغۇزاتتى. چوڭراق بولغاندا، هويلىنى بېشىغا كىيىشمۇ مۇمكىن ئىدى. شۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە: «ئاشخانىدا تۇتۇلاي» دەپ ئويلىدىم. ئۇ يەردە جەننەتخان بولغاندىكىن، بىر گەپلەرنى ياسىسام، قورسىقىم ئېچىپ ياكى ئۇسساپ كىرگەنىدىم، دېسەم ياكى زەينەپنىڭ جەننەتخانغا بىر گېپى بار ئىكەن، چاقىرىپ بېرىشكە كەلگەن دېسەم مۇۋاپىق بولىدىغاندەكمۇ تۇيۇلۇۋاتاتتى.

ئىشىكنى ئاچاي دەپ تەمشىلىۋاتقاندا گۇسوزا دالان تەرەپكە بۇرۇلدى. چىقىپ كېتىشىمگىمۇ بولمىدى. بۇ يەردە سېزىلىپ قالسام ياسىغۇدەك گەپمۇ يوق ئىدى. كاساپەت گۇسوزا مېنى ئويلاشقىمۇ قويماستىن، دالانغا كىردى ۋە ئەپتىدىن ئۆيگە كىرىدىغان بىر ئىپادىنى كۆرسەتتى.

كەينىمگە ئۆرۈلدۇم. تاشقىرىقى ئۆيگە بۇرۇنمۇ كىرگەن، يوشۇرۇنغۇدەك جاي، مۆكۈنگۈدەك ئەپلىك يەر يوق ئىدى. ئىچكىرىكى ئۆينىڭ قىيا ئوچۇق ئىشىكىدىن تورۇسنى ئېچىۋەتكۈدەك خورەك ئاۋازى چىقىپ تۇراتتى. ئۆي ئىچىدىكى چېرىكلەر باشلىقى ئۇخلىغانۇ، چىراغنى ئۆچۈرمىگەنىدى. گۇسوزىنىڭ كارىۋىتىنى ئېسىمگە ئالدىم - دە، گۇسوزا تاشقىرىقى ئۆينىڭ بوسۇغۇسىغا كەلگەندە ئىچكىرى ئۆيگە كىرىۋالدىم. گۇسوزا ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ قالغانلىقتىن، مەن ئىچكىرى ئۆينىڭ ئىشىكىنى يېپىۋالالماي قالدىم. شۇنداقتىمۇ، پەردە بولغانلىقتىن مېنى يوشۇرۇشقا ئاز - تولا دال بولالايتتى.

چېرىك باشلىقى يۈزىنى تام تەرەپكە قىلىپ كارىۋاتنىڭ ئىچ تەرىپىدە ئۇخلاۋاتاتتى. چولپانخان بولسا تېشى تەرەپتە ئولتۇرغانچە، ئۇ كۆزلىرىنى ئوچۇق بولۇپ، مېنى بۇنداق تاسادىپىي كۆرگىنىگە هەيران بولغىنىدىن قوپۇپ كېتىشكە تاس قالدى. كۆرسەتكۈچ بارمىقىم بىلەن لېۋىمنى كۆرسىتىپ، «گەپ قىلما» دېگەن مەنىنى ئۇقتۇردۇم. ئۇ



ئەمدى ئېسىگە كېلىپ، يوتقانىنى ئېڭىكىگىچە كۆتۈرۈپ تارتتى. مەن هايالسىزلا كارىۋاتنىڭ ئاستىغا كىرىپ كەتتىم.

كارىۋاتنىڭ تېگىدە يىرتىق خەي، تاهارەت كەشى، كەسلەكلىك، قىسقا، مەشكە قالاش ئۈچۈن لايىق يېرىپ تىزىپ قويغان ئوتۇندىن باشقا نەرسە يوق ئىدى. كارىۋاتنىڭ باش تەرىپىدە تامغا يېقىن يەردە خېلى چوڭ ئورۇس ساندۇقى تۇراتتى. گۇسوزا كىرىپ، ئالىمادىس مەشكە ئوتۇن سالىمەن دەپ ئېگىشسە كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ، ئاشۇ ساندۇق تەرەپكىرەك تۈگۈلۈۋالدىم. ئەمدى دېمىمنى ئېلىشىم، هويلىدىن چىقىپ كېتىشىنىڭ ئەمەس، بۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشىنىڭ ئامالىنى ئويلىشىم كېرەك ئىدى. بۇنىڭغىمۇ ئىمكانىيىتى بولماي گۇسوزا كىرىپ كەلدى. ماڭا ئۇنىڭ پۇتلىرى تىزىغىچە كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— ئۇخلىماپسەنغۇ، مەن هازىر پەردىنىڭ نېرىقى يېقىدىن بىر كىمنىڭ ماڭغاندەك قىلغانلىقىنى كۆردۈما؟ — گۇسوزا چولپانخاندىن سورىدى.

تىنىقىمنىمۇ چىقارماي چولپانخاننىڭ جاۋابىنى كۈتتۈم. ئەگەر ئۇ جەننەتخاندەك هودۇققان بولسا، گۇسوزا هازىر مەستلىكتىن يېشىلگەن، كاللىسى جايىدا چاغدا كارىۋاتنىڭ تېگىگە قاراپ بېقىشتىن يانمايتتى. بىراق، چولپانخان تەمتىرىمەي جاۋاب بەردى:

— ئۇيقۇم كەلمەي مەن قوپقانىدىم، بىر يۇتۇم چاي ئوتلىدىم...

سەل جىملىقتىن كېيىن گۇسوزىنىڭ ئاچچىق قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئۇيقۇڭ كەلمىگەن بولسا قوپۇپ كەتسەڭ بولمامدۇ؟ قوپە، ياتىقىمنى ئېغىل قىلىشۋەتتىڭ، سىيرىپ - سۈپۈرۈپ ئادالاپ قوي. مەشنىڭ ئوتى ئۆچەي دەپ قاپتۇ، ئوتۇن سېلىپ قوي. ئاندىن ئىچ كىيىمىڭنى كىيىپ كىر، تاماشا كۆرىسەن، ماۋۇ توڭگۇزنى ساقلىمىساڭمۇ بولىدۇ ئەمدى...

گۇسوزا شۇ گەپلەرنى دەپلا تاشقىرىقى ئۆيگە چىقىپ كەتتى. ئارقىدىنلا دالان تەرەپتىن:

ــــ سوزام بارمۇ سىلى ؟ ــــ دېگەن ئاۋاز كەلدى .

ــــ كىرىۋېرىڭلار ، چىراغ يېقىپ قويدۇم ، ــــ دېدى گۇسوزا .

ــــ كىرىپ ئاختۇرۇپ مالىماتاڭ قىلىۋەتتۇق ، ــــ دېدى بىر چېرىك ، ــــ ئۇ ئۆيدە بىر ئايال يالغۇز يېتىپتۇ . . .

ــــ نېمە يوق يېيىشىسەن ؟ ــــ گۇ سوزىنىڭ ۋارقىرىشى ، بىر نېمىنىڭ تاراقلىشى ئاڭلاندى . قارىغاندا ، ئۇ ئورۇندۇقتىن تۇرۇپ كەتكەندى .

ــــ يېنىڭدىكى ئەر كىشى قېنى ؟ دەپ سوراپ باقتۇق ، ــــ باشقىراق ، بوغۇقراق بىر ئاۋازلىق چېرىك سۆز قىلدى ، ــــ مەن ھېچقانداق ئەركىشى كۆرگىنىم يوق ، دەيدۇ .

ــــ ئاشۇ جومباقنى چاقىرىپ كېلىڭلار ، ــــ بۇيرۇدى گۇ سوزا غەزەپلىك ئاۋازدا ، ــــ بىر يەرگە تىقىپ قويغىنى ئۇنىڭ . . .

ئاياغلارنىڭ دۈپۈرلىگىنى ، ئىشىكنىڭ ئېچىلىپ ـ يېپىلغىنى ئاڭلاندى . چېرىكلەر چىقىپ كېتىشتى . گۇ سوزا تېشىدىن :

ــــ چولپانخان ، بۇ يەرگە چىققىنا ، ــــ دەپ چاقىردى .

چولپانخان ئورنىدىن تۇرۇپ بولغانىدى ، ئۇ پۇتىغا بەتىنكىسىنى كىيىۋاتاتتى . ئۇ چىقىپ كېتىشى بىلەنلا گۇ سوزىنىڭ :

ــــ ھېلىقى ساقاللىق ئالۋاستىغا : « مۇشۇ ئاشخانىدا بىردەم كۆزۈڭنى يۇمۇپ تۇر ، مەن بىردەمدىن كېيىن چىقىپلا ياتاق كۆرسىتىپ بېرىمەن » دەپىمىدىڭ ياكى باشقىچە گەپلەرنى قىلىپ يۇرگەن بولغىيمىدىڭ ؟ ــــ دېگەن سورىقى ئىشتىلدى .

ــــ سىلى تاپىلىغاندەك دېگەن . . .

ــــ نەگە تىقىلىۋالغاندۇ ؟

ــــ ۋايتاڭ . . .

ــــ بوپتۇ ، ئىشىڭنى قىلىۋەر !

چولپانخان قايتىپ كىردى . ئۇ كىرىپ ئەڭ ئاۋۋال كارىۋاتنىڭ تېگىگە ئېڭىشىپ ، مەشنىڭ تېگىدىكى كىچىك ، چاسا سۇپىچاققا ئوتتۇن دۆۋىلىگىلى تۇردى . مەن ئۇنىڭ ئوتتۇن ئېلىشقا سوزغان قولىنىڭ لا-



غىلداپ تىترىشىنى كۆرۈپ تۇردۇم . بىچارە ئايال يوشۇرۇنۇۋالغىنىمدىن ئاشۇنداق قورقۇپ تۇرسىمۇ ، گۇ سوزىنىڭ مەشكە ئوتتۇن سالىمەن دەپ كارىۋاتنىڭ ئاستىغا ئېڭىشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتاتتى .

بۇيەردىن قانداق چىقىپ كېتىشىمنى بىلمەيتتىم . بۇ يەردىن تالاغا چىقماق بۇياقتا تۇرسۇن ، ھويلىغا چىقىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر گەپ . تېخى كارىۋاتنىڭ ئۈستىدە چېرىك باشلىقى ئۇخلاۋاتىدۇ ، تاشقىرىقى ئۆيدە گۇ سوزا ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىۋاتقاندۇ ، دالاندا بولمىسىمۇ ھويلىدا زەينەپنى ئالدىغا سېلىپ ئىككى چېرىك كېلىۋاتقاندۇ . . .

تاشقىرىقى ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ خىيالىم بۆلۈندى . چېرىكلەردىن بىرى :

ــــ باشلاپ كەلدۇق ، سوزام ، ــــ دېدى .

ــــ مەيەرگە كىرەۋە راخىنا ، ــــ گۇ سوزىنىڭ توۋلىشى ئاڭلاندى ،

ــــ ھېلىقى ساقاللىق قەلەندەرنى نەگە تىقىپ قويدۇڭ ؟

ــــ ئايالار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇمۇ كەينىدىنلا چىقىپ كەتكەن ، ــــ بۇ زەينەپنىڭ ئاۋازى ئىدى .

ــــ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەمسەن ؟

ــــ مەن بىلمەيمەن سوزام . . . ئايالارنىڭ ھەممىۋاسى چىقىپ كەتتى . ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئۇمۇ چىقىپ كەتتى . . .

ــــ چولپان نەدىسەن ؟ ــــ توۋلىدى گۇ سوزا ئەمدى .

چولپانخان قولىدىكى سۇپۇرگىنى قويۇپ ، تاشقىرىقى ئۆيگە چىقتى :

ــــ مەن بار سوزام . . .

ــــ سەن زەينەپ بىلەن بىللە ماۋۇ ئەسكەرنى باشلاپ ھويلىنى ئاختۇرۇپ چىقىڭلار ، ئۇ ھېچ يەرگە كېتەلمەيدۇ .

ــــ ماقۇل ، مەن ئېگىنىمنى يەڭگۈشلىۋالاي .

چولپانخان چىقىپ كەتتى بولغاي ، تاشقىرىقى ئۆينىڭ ئىشىكى يېپىلدى . ئەمما ، ئىككى چېرىك گۇ سوزىنىڭ بۇيرۇقىغا قارشى چىقتى :

ــــ يوق بولۇپ ئۇچۇپ كەتمىگەندىكىن ، تاڭ ئاتقاندا ئىزدىۋالسىلا

سوزام، ھېلىمۇ ئىككى قېتىم بىرىپ كېلىپ سوغۇق يېدۇق...

— نېمە، مېنىڭ گېپىم ئۆتمەيدىكەن-دە؟ — گۈسوزا بوغۇلۇپ ۋارقىرىدى، — ئەجەب ئاۋۋال ئاخشامدا «گۈلدەك سوزام»، «ئايدەك سوزام» دېيىشۋاتاتتىڭ، «گەپ تۈگۈل، قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ قويسىلا دەريايى شورنىڭ تېگىدىن ئوت سۈزۈپ چىقىشقا تەييار بىز...» دەپ مەيدەڭگە مۇشتلىشۋاتاتتىڭ، ئەمدى...

— ئىچىپ ئولتۇرغاندا نېمىلەرنى دېيىشمىدۇق؟ — ئۇنى بوغۇق چىقىدىغان چېرىك غودۇڭشىدى، — بىز سىلىنىڭ گەپلىرىنى يۈزلىرىگە سالمىغاندىكىن، سىلىمۇ ئۇنداق تايىنى يوق گەپلەرنى ئىسسىتىپ ئىچمەيدىغان...

ئىككىنچى بىر چېرىكمۇ سۆز قاتتى:

— ئۆزلىرىنى سورىغانلىرى تۈزۈك سوزام، ئىككى قېتىم ئىشقا بۇيرۇپتىلە، غىڭ قىلماي ماڭدۇق، بولدى، ئەمدى بىز سىلىنىڭ مالايلىرى ئەمەس، ھۆكۈمەتنىڭ لېڭنى يەيدىغان ئادەم.

گۈسوزىنىڭ خۇيى تۇتتى بولغاي، ۋارقىراشقا باشلىدى:

— ھۇ تۇزىنى يەپ، تۇزلۇقنى چاقىدىغان نائىنساپلار، چىقىش ئۆيۈمدىن. ماڭە زەينەپ، سەن بىزنىڭ ئايالارنى ئويغىتىپ چىق. سەن نېمىلەرسىز ئۆزۈممۇ تاپالايمەن ئۇ ئەبگانى!

سىرتقى ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلدى. زەينەپ چىقىپ كەتتىمۇ، چېرىكلەر چىقىپ كەتتىمۇ، بىلەلمىدىم. ئىچكىرى ئۆيگە گۈسوزىنىڭ ئۆزى پايپاسلاپ كىرىپ، ئۇخلاۋاتقان چېرىك باشلىقنى ئويغىتىشقا باشلىدى:

— تۇرە قاپاق باش، ئۇخلاۋەرمەي قوپ! قوپسىلا دەيمەن، ھەي...

چېرىك باشلىقى ئۇ يېنىدىن بۇ يېنىغا ئۆرۈلدى، خورىكى توختىدى. ئەمما، ئويغانمىغان بولسا كېرەك، گۈسوزا ئۈنىنى تېخىمۇ يوغان چىقىرىپ قوللىرىدا تۇرتۇپ، ئېغىنىتىپ بىر نېمىلەرنى قىلدى:

— قوپسىلا دەيمەن، چوڭ ئىش چىقتى. سىلى بىر نېمە دېمىسىلە



مېنى تىرىك تۇرغۇزۇپ يەيدىغان گەپ-سۆز بولۇۋاتىدۇ مايەردە...

چېرىك باشلىقى ئويغاندى بولغاي، ئۇيقۇلۇق ئاۋازدا:

— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى.

— ھېلىقى ئەبگا مالىيىم يوق تۇرىدۇ.

— ئۇ يوق تۇرسا قانداق قىلىمەن؟ — چېرىك باشلىقنىڭ ئۇيقۇسى تولۇق ئېچىلىپ، ئۈنى سۈزۈكلەشتى.

— سىلىنى بىر نېمە قىلسىلا دېمىدىم، ئۇنى ئەسكەرلىرىگە ئىزدىتىپ بەرسىلە.

— شۇ ئىشقىمۇ ئۇيقۇنى ھارام قىلغان بارمۇ؟ — چېرىك باشلىقى خاپا بولۇپ چېچىلدى، — بۇ ئۆيدە بولمىسا نېرىقى ئۆيدىدۇر، ئۆيدە بولمىسا ھويلىنىڭ بىر يېرىدىدۇر. ئەتە ئىشلىرىغا ئۈلگۈرۈپ ئالدىلىرىغا ھازىر بولمىغاندا گەپلىرىنى قىلمامال؟

گۈسوزا تېرىكتى:

— ئاخشام دېيىشكىنىمىز بويىچە ئۇنى قەرزدارلىقىغا ماقۇل قىلىپ تىلخەت ئالىدىغان بولغان...

— مەن بولمىسامۇ تىلخەت بېرىۋېرىدۇ... بەرمىگەندە ئاندىن خەۋىرىنى بېرەرلا، دودەنلىك قىلسا ئۆزۈم بار...

— ھۇ تۇزكورلۇق قىلىدىغان يۈزسىزلەر، — گۈسوزا ئاغزىنى بۇزغىنىچە چىقىپ كەتتى، — بىز تېخى ھەر-ھەر لازىم بولۇشىمىز...

گۈسوزىنىڭ تاشقىرىغا چىقىپ كېتىشى بىلەن ئىچكىرىكى-تاشقىرىقى ئۆيلەر جىمىپ قالدى. ئەگەر چېرىك باشلىقى ئويغاق بولمىغىنىدا مېنىڭ چىقىپ كېتەلىشىممۇ مۇمكىن ئىدى. ئۇيقۇسى ئېچىلىپ كەتكەن چېرىك باشلىقى شۇ ئارىدا كارىۋاتتىن پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇردى، ئېغىر پۇشۇلدىدى ۋە ئېغىر بەستى بىلەن كارىۋات ئۈستىدە تولغىنىۋاتقاندەك بىر ھەرىكەت قىلدى.

— سىرتتا قايسىڭلار بار؟ — تووۇلدى ئۇ.

سىرتتىن جاۋاب ئورنىغا خېلى جىق ئادەملەرنىڭ ئاياغ تىۋىشى كەلدى. تاشقىرىقى ئۆيگە بىر مۇنچە ئادەم كىردى. گۈسوزىنىڭ ئاۋازى

ئالاھىدە جاراڭلىق چىقاتتى:

— نېرىقى ھويلىدىكى ئامباردا پانۇس چىراغلار بار، چولپانخان شۇنى ئاچىقسۇن، ھويلىنىڭ ھېچ يېرىنى قالدۇرماي ئاختۇرۇڭلار!

ئۇنىڭ ئىشچى ئايااللارنى سەپەرۋەر قىلغانلىقىنى چۈشەندىم. ئايااللار دۈكىرلىشىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، كارىۋاتتىكى چېرىك باشلىقى:

— سوزام، ھەي گۇ سوزام، — دەپ توۋلىدى.

— خوش، خىزمەت!؟ — دېگىنىچە كىرىپ كەلدى گۇ سوزا. ئۇنىڭ سۆز ئاھاڭىدا ئاچچىق، تەنە بار ئىدى.

— ئۆتۈكۈم نەدىدۇ؟

— مانا ئۆتۈكلىرى، — گۇ سوزا ئىشىكنىڭ كەينىدىن بىر جۈپ ئۆتۈكنى ئېلىپ كارىۋاتنىڭ ئالدىغا تاشلىدى، — مەن بۇ ئۆتۈكلەر مەشىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ قورۇلۇپ قالمىسۇن، دەپ ئاشۇ يەرگە ئاپىرىپ قويغان. ئۆتۈكلىرىگە شۇنچىۋالا كۆيۈپ كېتىپتىمەن...

— نېمانچە چېچىلىدىغانلا سوزام؟ — چېرىك باشلىقى ئۆتۈكنى چېرىكلەرچە تېزلىك بىلەن ھەش - پەش دېگۈچە كىيىپ بولدى، — ئۇ مالاي ئوغرىلىق قىلماپتۇ، دودەنلىك قىلماپتۇ، ئىشلەي دەپتىغۇ... گەپنى ئاستا دېيىشسەكمۇ بولىدىغۇ؟...

— بەش - ئون كۈن ئىشلەپ كۆرۈپ باقمەن، دەۋاتامدۇ؟ — ۋارقىرىدى گۇ سوزا، — بەش - ئون كۈن ئەمەس، ئۈچ كۈن ئىچىدە قالغان ئىش بۇزدىلار قۇلىقىنى تولغاپ بولىدۇ... بىر مالايغا ئېرىشتۈرۈپ قويار، دەپ ئارزۇلىرىنى يېگىنىمگە جاق تويغازلا. تېخى ئاۋۇ قۇيرۇق چۆرىگۈچ ئەسكەرلىرىنىڭ ھالىنى كۆرمەمدىغان؟ « لەڭ يەيدىغان » ھۆكۈمەت ئادەملىرىمىش، ۋاي قوۋۇرغام...

— ھويلىنىڭ بىر يەرلىرىدە باردۇ، ئادەم باي بولۇپ كەتسە نەرسە - كېرەكلىرىنى قويغان يېرىنىلا ئەمەس، ئادىمىنىمۇ تاپالماي قالىدۇ... بولماي نەگە كېتىدۇ...، — چېرىك باشلىقى لىڭشىما ئورۇندۇق ئۈستىدىكى پاختىلىق چاپىنىنى كىيگەچ گۇ سوزىنى بەزلەپ،



خاتىرجەم قىلىشقا تىرىشاتتى، — بىزنىڭ ئاقىنانچىلارغا بۇيرۇپ تاپتۇرۇپ بېرەي. تىلخەت ئېلىپ بەرگەندىن كېيىن كەتسەم رازى بولارلا؟

— كۆڭلۈمدىكى پىلانىممۇ شۇ، — دېدى گۇ سوزا ۋە يېلىنغاندەك داۋام قىلدى، — سىلە ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن، ئۇنىڭدەك ياش، قاۋۇل، مۇساپىر مالايىنى يەنە نەدىن تاپىمەن؟ ئۇنىڭ بۇ يەردە ئۆيى يوق ئىكەن، ئاتا - ئانىسى، ئەل - ئاغىنىسى يوق ئىكەن. بوسۇغامغا چېتىۋالسام، ئەتىگىنى قوناق مومىسىدىن بىرنى، كەچلىكى بىر تاۋاق زاڭ يەپ ئىشلەۋەرمەمدۇ؟

— پەملىرى بار جۇمۇ سوزام ئۆزلىرىنىڭ، — كۈلگىنىچە تاشقىرىغا ماڭدى چېرىك باشلىقى، — مەن تاپتۇرۇپ بېرەي. ئەگەر سىلى دېگەندەك قاۋۇل بولسا، كۆڭۈل يېقىنلىقىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ماڭا ئىلتىپات قىلىۋېتەملا تېخى... مۇشۇ كۈنلەردە چېرىك تۇتماق تەس، تۇتۇلغانلىرىمۇ قېچىپ كېتىپ ئارام بەرمەيدۇ...

— ھە، شۇنداق قىلارلا، — گۇ سوزا چېرىك باشلىقىنىڭ كەينىدىن تاشقىرىقى ئۆيگە چىقىپ دېدى، — بۇرۇنمۇ ئىككى مالىيىمنى « سولاپ قويىمەن » دېگەن قىلىپ چېرىك قىلىۋاللا ئەنە!

— ئەسقاتمىدى ئۇ دەيۇزلەر، بىرى قېچىپ كەتتى، ئىز - دېرىكىنى ئالالمايۋاتىمىز. يەنە بىرى كېسەل كۆرپىسى نېمە ئىكەن، دەم كۆتەمە بولۇپ ئۆلىمەن، دەپ ياتىدۇ.

— مەن قاچۇرماسلىق ئۈچۈن ئالدىن ئىش كۆرىمەن ئەمەسمۇ؟

چېرىك باشلىقىنىڭ بۇ گەپلەرنى توختاتقۇسى كەلدى بولغاي:

— خاپا بولمىسىلا، بىزنىڭ نانقېپىلاردىن بىرەرىنى « ھايت » دەپ قويىملا؟ — دېدى ۋە، — بەگ قېنى، بەگ؟ — دەپ سورىدى.

— مانا مەن، ماڭىمۇ ئۇيقۇ ھارام بولدى، — دېگىنىچە بەگ ئاتلىق بىرى كىردى. مەن ئۇنىڭ چىرايىنى، تەقى - تۇرقىنى كۆرمىگەن بولساممۇ، ئاۋازىدىن قاراپ ئەللىك ياشلاردا بار ئادەم ئوخشايدۇ، دەپ پەرەز قىلدىم. ئۇ گۇسوزىغا دوقۇرۇشۇپ قالدىمىكىن، — ئۆزلىرى نەگە سوزام؟ — دەپ سورىدى.

گۇ سوزىنىڭ:
— سەيسگە! — دېگىنى ۋە ئىشكىنىڭ يېپىلغىنى ئاڭلاندى.
ماڭا ئەمدى چېرىك باشلىقى بىلەن بەگنىڭ سۆھبىتى ئاڭلىنىشقا باشلىدى:
— سوزامىنىڭ مىجەزى قوداڭشىپ قاپتىغۇ؟
— شۇنى دېمەملا بېگىم، ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىپ ئۇخلىغىلى قويمىغىلى نېكەم؟
— نېمە، بىر نېمىسى يوقاپ كېتىپتىمۇ؟ سىلىنىڭ چېرىكلەر چېقىشىپ بىر نېمىسىنى «قوينۇم - قونجۇم» قىلىپ يۈرمىگەندۇ؟
— چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمايدىغان شەللەگزىنىڭ ئۆيلىرىدىن قويۇن بىلەن قونجىغا لايىق بىر نېمە چىقامدۇ؟ ھېلىقى، بىز تېخى كۆرمىگەن يېڭى مالىيى ياتقان يېرىدە يوق ئىمىش.
— قىپقىزىل ساراڭ ئىكەن - دە؟ پۈتۈن سۇرۇك ئادەممۇ يوقالغان بارمۇ؟ بىر بۇلۇڭدا ئۇخلاپ ياتقاندۇ. تاڭ ئاتقاندا چىقامدۇ ئۇۋىسىدىن؟
— شەللەگزىنىڭ ئىچى ئېچىشقۇدەك بەستى بار، قاۋۇل، ياش دېۋانە ئىمىش...
— ھەي، ئۇنداق بولسا مەن ئىلىپ كەتمەيمۇ؟ كۆكيارىدىكى چېرىك چۇشكۈنىنىڭ ئالۋېڭىغا ئادەم تاپالماي سەرسان بولۇپ كەتتىم. بايىلىرى پولو بىلەن شورپا سېلىپ: «ئەمدى بېگىم... بىزدىن ھاشار چىقماسمىكىن...» دەپ چىشىنىڭ ئىقىنى چىقىرىپ تۇرغان، چەندازا قويۇنغا كىرىپ قالغان، گال ياغلىنىپ بولغاندا «چوقۇم تېپىپ بېرىسەن» دېگىلى يۈز چىدىمايدىكەن. كەمبەغەل، كالتا ساياقلار «بارىم مۇشۇ، مەندىن مۇردا ياخشى» دەپ تىترەپ تۇرىدىكەن...
— مەن قاچقان، ئۆلگەن چېرىكلىرىمىنىڭ ئورنىغا سەپلىۋالايمىكىن دەۋاتاتتىم. دەپتەردە ئۈچيۈز چېرىك بار، دەپ تەمىنات بېرىدۇ، قولۇمدا بارى ئىككى يۈزگە يەتمەيدۇ. ۋاقتىنۋاق كېلىپ تەكشۈرۈلۈپ قالسا بالانىڭ چوڭىغا قالىمەن - دە!
— ئاۋۋال ماڭا ئىلتىپات قىلسىلا تەقسىر. بازارغا بەگ بولۇپ



ئىككى يىلنى ئۆتكۈزۈپتىمەن. بىر باغلىق ھويلا بىلەن ئىككى ئات ئاۋۇتقاندىن باشقا بىسات قىلالمىدىم...
— ئۇ قەلەندەر بىسات قىلىشىپ بېرەمدۇ؟
— مەمەتجان باينىڭ ئۈچ ئوغلى بار، بىرىنى ھاشارغا بېرىسەن ياكى ئەللىك سەر تۆلەيسەن، شۇ پۇلغا ئادەم ئالىمەن، دەيمەن... ئۇنايدۇ كىسپۇرۇش!
— ئەمسە گېپىمىز گەپ. يۈز سەر ئالىلا، ئەللىك سەرى مېنىڭ!
— يۈز سەر جىق بولۇپ كېتەرمىكىن...
— جىق دېسە بالىسىدىن بىرىنى بەرسۇن، ھازىر ئۆزلىرى دېدىلىغۇ؟
كارىۋاتنىڭ ئاستىدا ئولتۇرغان، قولىغا چۈشمىگەن نېسى ئادەمنىڭ سودىسىنى قىلىۋاتقان بۇ ئىككى خۇمپەرگە غەزىپىم ئۆرلەپ، ئۆزۈمنى قويالماي قالدىم. «تىرىك قولۇڭغا چۈشمەسمىنا، — دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە، — ئون كۈن ئىزدەشسەڭمۇ چىقماي ياتىمەن. چولپانخانلا دەپ قويمىسا...»
چولپانخان بىلەن تونۇشقىلى بىر كۈنمۇ بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئېيتىپ قويمايدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل. مەيلى گۇسوزا، چېرىك باشلىقى ياكى بەگنىڭ مېنىڭ بۇ يەردىلىكىمگە ئەقلى يەتمەيتتى. شۇ تاپتا جەننەتخانمۇ مېنىڭ بۇ يەردىلىكىمنى بىلمەيتتى.
گۇ سوزا بىر چېرىكنى باشلاپ كىردى.
— ھەممىڭ بىر نىيەت، بىر دىل بولۇپ چاشقان تۆشۈكى چاغلىق كامار قالدۇرماي ئاختۇرۇپ چىقىش! — باياتىنقى سودىدىن روھلانغان چېرىك باشلىقى گۇ سوزىغا كۆرسەتكەن سۇسلۇققا ئوخشىمايدىغان ئاھاڭدا گۈركىرىدى، — نەدىن بولمىسۇن ھېلىقى ئوغرىنى تېپىش!
— تۇتۇپلا ئەكىرىڭلار، ئەدىپىنى ئۆزىمىز بېرىمىز. نېرى تۇر - بېرى تۇر دەپ تارتقۇشلاپ بىر يېرىنى بىر قانداق قىلىپ قويماڭلار، — دەپ تاپىلىدى بەگ «مال» نىڭ ناكا بولۇپ قالماسلىقىغا كۆڭۈل بۆلۈپ.
چېرىك چىقىپ كەتكەندىن كېيىن گۇ سوزا بۇ ئىككىيلەننىڭ

« ئەستايىدىل » لىقىنى ماختاپ ، خۇشامەت قىلىپ يۇيۇنۇش ، يۇيۇنماسلىقنى سورىدى .

— هە ، ئەلۋەتتە غۇسلى تاھارەت زۆرۈر ، — دەپ قوشۇلدى بەگ ، — بىردەمدىن كېيىن بازار ئەھلى ئالدىدا بامداتتا كۆرۈنۈش بەرمىسەك بولمايدۇ .

چېرىك باشلىقى يۈزىنى يۇسىلا بولىدىغانلىقنى ئېيتتى . گۇ سوزا بەگنى باشلاپ چىقىپ كەتتى .

مېنىڭ زادى ئامىتىم قاچقانىدى . چېرىك باشلىقمۇ چىقىپ كېتىشى كېرەك ئىدى . شۇ چاغدا ماڭا پايدىلىق ئىش يۈز بېرەرمىدى ؟ بۇ مەلۇم بولمىسىمۇ ، پاتىپاراقچىلىق ئىچىدە تاختا شوتا بىلەن ئۆگزىگە چىقىۋالسام بىر گەپ بولار ئىدى . يا چېرىككە يولۇقار ئىدىم ، « سەن تۇرامسەن ، مەنمۇ . . . » دېيىشەر ئىدىم . يا ئېگىز - پەسلىكىگە قارىماي كوچىغا سەكرەر ئىدىم ، قۇتۇلار ئىدىم . . .

قىلىشقان پاراڭلاردىن گۇ سوزا بىلەن ئاياللار كىرىشكىنىنى بىلدىم . گۇ سوزا قايناپ ، تىللاپ ، ئۇلارنى دالاندا كۈتۈپ تۇرۇشقا بۇيـرۇدى . ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن چېرىك باشلىقىغا :

— بۇ راخىنىلار بىلمەي قالمايدۇ ئۇ ئوغرىنى ، — دەپ شىكايەت قىلدى ، — ئۆگزىدە سىلىنىڭ ، تالادا بەگنىڭ ئادەملىرى تۇرسا ، هويلـنىڭ ئاچقۇچلىرىنى مەن ئېلىۋالغان تۇرسام ، غايىب بولۇپ كېتەمدۇ ؟

— سەۋر قىلىپ باقايلى قېنى . . .

ئۇنىڭ گېپى تۈگىمەيلا چېرىكلەر كىرىپ :

— يوق ئىكەن ، هاممىنىڭ ئۆگزىسىدىن ئېگىنلىرىنى تاپتۇق ، — دېدى .

پالاقىدە تاشلانغان نەرسىلەرنىڭ مەن تاشلاپ قويغان كونا كىيىملىرىم ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى . گۇ سوزا تەكشۈرۈپ كۆردى بولغاي :

— بۇ يەرگە كىيىپ كەلگەن دىۋانىلىكىدىكى ئېگىنلەر . مەن يېڭى ئېگىن - ئاياغ بېرىپ ، بۇلارنى كۆيدۈرۈۋەت ، دېگەنىدىم . بۇ ئەبگا بايىزە كۆيدۈرمەپتىكەن - دە ، يەنە شۇ ئېگىنلەر بىلەن قېچىپ كېتەي ،



دەپتىكەن - دە ؟ — دېدى .

— ئۇنداق بولسا ، مۇشۇ هويلىنىڭ بىر يېرىدە بار ئۇ ، — چېرىك باشلىقى شۇنداق دېدى ، — ئاختۇرۇلمىغان يەنە قانداق يەر بار سوزام ؟

گۇ سوزا چېرىكتىن نە - نەلەرنى ئاختۇرغانلىقىنى سوراپ بولۇپ ، دېدى :

— مۇشۇ دالاندىكى ئۆيلەرلا قاپتۇ . . .

— ئاختۇرۇڭلار ! — بۇيرۇدى چېرىك باشلىقى ، — تاڭ ئېتىپ كوچىغا ئادەم چىقىپ « نېمە ۋەقە » دەپ بولغۇچە تۇتۇپ بولمىساق بولمايدۇ . ئېغى بىلەن بېغى يوق ئىش شەھەرگە يېيىلىپ غوۋغا چىقسا يامۇلنىڭ ، ئامبالنىڭ دىققىتى قوزغىلىدۇ ، — ئۇ چېرىك چىقىپ كەتكەندىن كېيىن گۇ سوزىغا ئالدىراپ تاپىلىدى ، — سىلىمۇ ئاۋۇ رەپ - رەپ خوتۇنلارنىڭ بۇغدىيىكىنى سىققاچ تۇرارلا ، سىلى دېگەندەك شۇلار بىلىشى مۇمكىنىدەك تۇرىدۇ . مەن بارغانسېرى سىلى تەرەپكە ساقىيىدىغاندەك تۇرىمەن ، دېمىسىمۇ ئۇ ئەبگا جىنمىدى غىپپىدە يوقاپ كېـتىدىغان ؟ سۇ نەدە ، يۈزۈمنى بىر سىپپىۋەتكەچ تۇراي . . .

— يۈرسىلە ، مەن كۆرسىتىپ قوياي ، — گۇ سوزا ئىشكنى ئېچىپ توۋلىدى ، — جەننەتخان ، يۈز يۇيىدىغان سۇيۇق تەييار بولغان بولسا تەڭشەپ بېرىپ ، بۇ ياققا كىر . قالغانلىرىڭمۇ كىرىشە ئۆيۈمگە !

ئۇ ئاياللارنى تاشقىرىقى ئۆيگە يىغدى . سوئال - سوراقلار تەكرار - تەكرار ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ ، ئاياللار نەگە كەتكەنلىكىمنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ چىڭ تۇرۇشتى . دېمىسىمۇ ئۇلار مۇشۇ هويلـنىڭ قايسىدۇر بىر يېرىدە بارلىقىمغا گۇمان قىلالىغاندىمۇ ، قايسى بۇلۇڭدا ئىكەنلىكىمنى چولپانخاندىن باشقىسى بىلمەيتتى .

شۇ ئارىدا بازار بېگى بىلەن چېرىك باشلىقى كىرىشتى . ئاڭلاپ پەملىشىمچە ، گۇ سوزا تاشقىرىقى ئۆيدىكى ئىككى ئورۇندۇقنى ئۇلارنىڭ ئولتۇرۇشى ئۈچۈن بوشىتىپ بېرىپ ، ئۆزى ئۆرە تۇرغىنىچە ئاياللارنىڭ جاۋابلىرىنى ئۇ ئىككىيلەنگە مەلۇم قىلدى .

ئەمدى گۇ سوزىدىن تولىراق چېرىك باشلىقى بىلەن بەگ مېنى

تۇتۇشقا ئالدىرايتتى .

— چىرىكلەرمۇ ئاختۇرۇپ بولدى . ھېچ يەردە كۆرۈنمەيدۇ ، دەيدىغۇ ؟ — دېدى چىرىك باشلىقى ، — مۇشۇ رەپ - رەپ خوتۇنلاردىن كولاپراق سورىسىلا . . .

بەگمۇ ئۇنى قۇۋۋەتلىدى :

— ئاشۇلارنىڭ ئۆيىدە قالغان تۇرسا ، شۇلار بىلمەي كىم بىلىدۇ ؟ بۇلارغا « ۋاي ئاقپاشا خېنىم ، كۆكپاشا خېنىم . . . » دەپ تۇرغۇلۇق ئەمەس . . .

ئىككىيلەننىڭ سۆزلىرى ، ئۇلارنىڭمۇ مېنى تۇتۇشقا جان كۆيدۈرۈشلىرى گۇ سوزىغا كۈچ بەردى . ئۇ يېڭىباشتىن قۇتراپ ، زەينەپنى قىستىدى :

— ھەممەيلەن چىقىپ كەتكەندە ئۇ سەن بىلەن قاپتىكەنغۇ ، ئېيت پاسكىنا ، ئۇ نەگە كەتتى ؟

زەينەپ دەسلەپكى گېپىنى تەكرارلىدى .

گۇ سوزا زەينەپنى كاچات بىلەن ئۇردىمۇ ياكى مۇشتى بىلەن ئۇردىمۇ ، زەينەپ « ۋايجان » دەپ ئىڭرىۋەتتى . لېكىن ، سورىغان سوئاللارغا زەينەپ يەنىلا ئاشۇ بۇرۇنقى جاۋابنى تەكرارلىدى .

ئۇنىڭدىن باشقىچە جاۋاب چىقىشقا كۆزى يەتمىگەن گۇ سوزا ئاياللارنىڭ قايسىسى بالدۇر ، قايسىسى كېيىن چىققانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ ، ھەممىنىڭ كەينىدىن چىققان جەننەتخانغا ئېسىلدى :

— سەن بىلىسەن قېرى جەددال ، نېمىشقا ھەممىنىڭ كەينىدە قېلىۋىدىڭ ؟ ئۇسىنىڭ كەينىڭدىنلا چىقىپتىكەن ، سەن كەينىڭدىن كېلىۋاتقان ئادەمنى كۆرمىگەندىمۇ ئاياغ ئاۋازىنى ئاڭلىماي قالمايسەن . سۆزلە ، ئۇ قايسى تەرەپكە ماڭدى ؟

— مەن ئىشىكتىن كەينىدە چىققىنىم بىلەن ھويلىدا ھەممەيلەن بىلەن بىللە ماڭدىم سوزام ، — جەننەتخان ئاشۇنداق جاۋاب بەردى ، — دالانغا كىرگەندىن كېيىن باشقىلار كىيىم يەڭگۈشلىگىلى كىرىپ كېتىشتى ، مەن سىلىنىڭ ئاشخانىلىرىغا كىردىم . . .



— دالاننىڭ ئىشكىدە ئۆزلىرىمۇ بىزگە قاراپ تۇرۇپتىكەنلىغۇ ؟ — زۇمرەتنىڭ ئاۋازى چىقتى . ئۇ ھەم جەننەتخانغا ھەممە ئاياللار ئۈچۈن گۇۋاھلىق بەردى ، ھەم گۇ سوزىنىڭ ئۆزىنىمۇ گۇۋاھلىققا تارتتى .

— ساڭا گەپنىڭ پارچىسى يوق ، چۈپرەندە گاچا ! — گۇ سوزا شۇنداق دېگىنىچە زۇمرەتكە كاچات سالدى بولغاي ، زۇمرەت « ۋايجان » دەپ تووۋلىغىنىچە سۆزدىن توختىدى .

قۇتراپ كەتكەن گۇ سوزا جەننەتخاننى تىللىغاچ ئۇرۇشقا چۈشتى :

— سەن ھەممىدىن چوڭ قېرى جادۇگەر ، دېسەم - دېمىسەم جىنىسىنىڭ كاللىسىنى بۇراپ ، يېڭى كەلگەن دىۋانىگىمۇ ئەقىل ئۆگەتكەنسەن . . .

— ئۇنىڭ نەدىلىكىنى بىلىسەن . . . ھېچ بولمىسا نەگە يوشۇرۇنۇۋېلىشىنى كۆرسىتىپ قويغانسەن . . .

جەننەتخان ۋايجانلايتتى ، قاقشايتتى ، يىغلايتتى . لېكىن ، ئۇ نەدىلىكىمنى راستتىنلا بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ نالە قىلاتتى . گۇ سوزا ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمەي تىللاپ ئۇراتتى . شۇ ئارىدا ئۇنىڭ قولىغا نېمە چىقىپ قالدىكىن ، ئېغىر بىر نەرسە بىلەن جەننەتخاننى ئۇردى بولغاي ، « گۇپپىدە » قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ، ۋايجانلاپ ، يىغلاپ نالە قىلىۋاتقان جەننەتخاننىڭ ئۈنى ئۆچتى .

ئاياللار قىسقا ئۇھ تارتقاندەك بوغۇلۇپ ، ئۈنىنى ئىچىگە تارتقانلىقى ئاڭلاندى . مېنى دەپ تاياق يېگەن زەينەپنىڭ ، كاچات يەپ ئۆزىنى قويالمايۋاتقان زۇمرەتنىڭ ، ئەمدى يىقىلىپ ياتقان جەننەتخاننىڭ قاتارىغا يېڭى بىر بىگۇناھ ئاجىزەنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەلمەيتتىم . ئۇلارنىڭ ئۆز دەردىنى تارتىپ بولالمايۋاتقىنىدا ، مېنىڭ تۈپەيلىمدىن تۆپىلەپ ئازاب تارتقۇچىلىكى يوق ئىدى . تىرىكلىكىمدە بەگ بىلەن چىرىكلەرنىڭ قولىغا چۈشمەسمەن دېگەن ئەھدىمنى بۇزۇپ ، ئۆزۈمنى ئاشكارىلاش نىيىتىگە كەلدىم . گۇ سوزا ئۇ ئىككى ئادەم بىدىكىنىڭ غەرىزىنى چۈشەنمەي ، ئۆزىچە شۇلارنىڭ كۈچىگە يۆلىنىپ ، مېنى

قۇل قىلىمەن دەپ چۆشەكەپ ، گۇناھسىز ئاياللارغا ئازار بەرمەكتە ئىدى .

مەن كارىۋات تېگىدىن ئەمدى چىقاي دەپ تەمشىلىۋاتقاندا ، گۈ سوزا بۇ ئۆيگە يۈگۈرگەندەك كىرىپ ، مەشىنىڭ ئالدىدىكى ئوت چۆخچىلايدىغان بارماق تومۇلۇقىدىكى بىر گەزدىن ئوشۇقراق تۆمۈرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى . ئۇ بوسۇغىدىن ئاتلاپلا ۋارقىرىدى :

— قېنى سەن چولپان دېگەن بېشىڭنى يەيدىغان ئالۋاستى ؟ مەن ئۇ گادايىنىڭ غايىب بولۇپ كېتىشىدىكى سىرنى ئەمدى بىلدىم . ئۇنى سەن قاچۇرۇۋەتتىڭ . ئەتتىگەننىڭكىياقى شۇنىڭ كەينىدىن يۈرمەپمىدىڭ ؟ نېمىلەرنى دەپ مۇقۇلداشتىڭ ؟ . . .

— مەن ئۇنى بىلمەيمەن سوزام ، — چولپانخاننىڭ تىترىشىنى مۈشۈ يەردە يېتىپ مەنمۇ سېزىپ تۇردۇم ، ھامامغا باشلاپ قويۇش ، كىيىم ئاچىقىپ بېرىش ، تاماقتا باشلاش ئۆزلىرىنىڭ كۆرسەتمىسى ئىدى . . . كەچكە يېقىن مەن سىلىنىڭ خىزمەتلىرىدىلا بولدۇم . . .

— سەن دەرۋازىغا قۇلۇپ سالغان بولۇپ ، قۇلۇپنى ئېلىپ قويۇپلا ئاچقۇچلارنى ماڭا بەرگەنسەن . . . ، — گۈ سوزا قارىسىغىلا ۋالاقشىۋاتاتتى ، — ئۇ ئەبگا دىۋانىنى چىقىرىۋېتىپ بولۇپ ، بىر ئىشنى باھانە قىلىپ سىرتقا چىققاندىن كېيىن قۇلۇپلارنى رەسمىي سېلىۋالغانسەن . . .

— مۈشۈ خوتۇندا بىر گەپ باردەك تۇرىدۇ ، زادى ، — بازار بېگى ئوتقۇيرۇقلۇق قىلدى ، — ئاشۇنداق قىلمىسا ئۇ دەيۈز قەلەندەر ئۇچۇپ چىقىپ كېتەلەمدۇ ؟

— گەپ قىلە ! گۈ سوزىنىڭ ۋارقىرىغىنى ئاڭلاندى .

— مەن قۇلۇپلارنى كۈن بىلەن تەڭلا ئېتىۋەتكەن سوزام . . .

« ۋاق » قىلغان ئاۋاز ئىشىتىلدى . گۈ سوزا تايىنلىق قولىدىكى تۆمۈر بىلەن چولپانخاننى ئۇرغاندى . ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق چىرقىرىشى ئاڭلاندى . مەن چىدىيالماي كارىۋات تېگىدىن چىقتىم . گۈ سوزا شۇ چاغدا يەنە كاپىشتىن توختىمىغاندى :

— ھەممىڭنىڭ گېپى بىر سېسىق جالاپلار ، بۇگۈن ئاشۇ قوتۇر بېسىپ كەتكەن قاسماق دىۋانىنىڭ نەدىلىكىنى ئېيتىپ بېرىشمىسەڭ . . .



— بولدى قوي گۈ سوزا ، — مەن تاشقىرىقى ئۆيگە چىقىدىغان ئىشىكنىڭ بوسۇغۇسىدا تۇردۇم . يەردە چولپانخان بىلەن جەننەتخان سۇنايلىنىپ ياتاتتى . چولپانخاننىڭ پېشانىسىدىن ئاققان قان قۇلىقىنىڭ ئالدىنى يالاپ ، ئېڭىكىنىڭ ئۈستىدىن پەسكە تامچىلاۋاتاتتى . جەننەتخاننىڭ ئاغزى ، بۇرنى قان ئىدى . زەينەپ بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ قالغان بولۇپ ، ئۇنىڭمۇ يېرىلغان لەۋلىرىدىن قان چىققاندى . باشقا ئاياللار دىر - دىر تىترىشىپ تۇراتتى . زۇمرەت سول ئالقىنى بىلەن مەڭزىنى قاماللىۋالغانىدى ، — سەن ئۆزۈڭ خېلى بالدۇرلا مېنى ياتاق ئۆيۈڭگە يوشۇرۇپ قويۇپ ، ئەمدى ھېچنېمىدىن خەۋىرى يوق ئاياللارنى بوزەك قىلساڭ بولامدۇ ؟ — مەن گۈ سوزىنى بەگ بىلەن چېرىك باشلىقى ئالدىدا ئوسال بولسۇن ئۈچۈن شۇنداق دېدىم .

جەننەتخان بىلەن چولپانخاندىن باشقا ھەممىۋاسى ماڭا قاراپ قېتىپ قېلىشتى . ئوگدىسىچە ئولتۇرۇپ قالغان زەينەپ كۆتۈرۈلۈپرەك ئولتۇردى . زۇمرەت مەڭزىدىكى قولىنى ساڭگىلاتتى . گۈ سوزىنىڭ قولىدىكى تۆمۈر چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ ، ئۇ بۇنى سەزمىدى . چېرىك باشلىقى بىلەن بازار بېگى كېرىلىپ ئولتۇرۇشلىرىدىن تىكلىنىپ ئولتۇرۇشقا ئۆزگەردى ، ئاندىن ئالدىغىراق ئېڭىشتى .

— ئۆزۈڭ يوشۇرۇپ قويۇپ ، ئۆزۈڭ ئىزدىگەن بولۇپ ، مېنى تاپساڭ قانداق قىلاتتىڭ ، دېمەمسەن ؟ — سورىدىم گۈ سوزىدىن .

— بۇ . . . بۇ . . . سەن . . . سەن ، — دۇدۇقلاپ كېپىمۇ قولاشمىدى گۈ سوزىنىڭ ، — سەن قاچان كىرىۋالدىڭ ؟

— زىياپەتتىن ئىلگىرىلا ئەكىرىپ كارىۋاتنىڭ تېگىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويمىدىڭمۇ ؟ — ئۇنىڭ ئۆزىنى گۇناھكار قىلىپ ، ئاياللارنى تىل - ھاقارەت ۋە تاياقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالاي ، دەپ ئويلايتتىم .

— سەن ، — گۈ سوزا ئېغىر - ئېغىر ھاسىراپ تىنىدى . ئاندىن بەگ بىلەن چېرىك باشلىقىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ، مېنى كۆرسىتىپ ، — بۇ قوڭالتاق ئەبگا يالغان سۆزلەۋاتىدۇ . . . ئۇ . . . — دەپ توختاپ قالدى .

باشتىن - ئاخىر كۆزىتىپ ، كۆڭلىدە بىر چەنلەرنى سوقۇپ بول-

غان چېرىك باشلىقى باشقىلاردىن ئاۋۋالراق ئېسىنى يىغدى:

— سىلى سوزام چاڭچىلىكەشلىكنىمۇ بىلىدىكەنلا، بۇنىڭغىمۇ ماقۇل، — دېدى ۋە ماڭا قاراپ، — نېمىشقا ئۇ ئۆيدە يوشۇرۇنۇپ ياتتىڭ، بالدۇرراق ھاڭرىساڭ بولمامدۇ، ئېشەك؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

— سوزام ئۆزى شۇنداق ئۆگەتكەن تۇرسا، — كۆزۈمنىمۇ يۇماي يالغان سۆزلىدىم، — ئۇ بەگ بىلەن چېرىك باشلىقىنى بىر كولدۇرلىتاي، مەن «چىق» دېمىگۇچە مىدىرلىماي ئولتۇر دېگەنىدى.

— يالغان، يالغان گەپ قىلىۋاتىدۇ، — گۇ سوزا بىر ماڭا، بىر بەگ بىلەن چېرىك باشلىقىغا قارايتتى.

بەگ بېرىپ جايىغا ئولتۇرۇشىغىلا چېرىك باشلىقى قوپتى، ھېچنېمە دېمەيلا ئالدىمغا كەلدى ۋە كاچىتىمغا بىرنى سالدى.

— ئوبدان قىللا، ناھايىتى ياخشى بولدى، — گۇ سوزا ماقۇللىدى خۇشامەتگۇيلۇق بىلەن ۋە ماڭا بۇرۇلۇپ، — قانداق، ئەدىپىڭنى يېدىڭمۇ! ھويلامدا گەدەنكەشلىك قىلىشقا بولمايدۇ. بۇنىڭياقى ياۋاش - يۇمشاق بولۇپ ئىشلەيسەن، — دېدى.

— بۇنى يامۇلغا ئەكىتىشكە توغرا كېلىدۇ، — دېدى چېرىك باشلىقى، — پۈتۈن بىر ھويلىنى، بىر بازارلىق بەگنى ۋە بەش چېرىك بىلەن ئۇنىڭ باشلىقىنى بىر كېچە ئەخمەق قىلغان بۇ رودىپاينىڭ ئوبدانراق ئادەم بولۇشى ئۈچۈن يامۇل گۇندىسىنىڭ ئۇمىچىنى بىر تېتىتىپ قويساق بولغۇدەك.

— زادى شۇنداق قىلىش كېرەك، — ھەمدەملەشتى بەگ.

بۇ ئىككىسىنىڭ مېنىڭ ئۈستۈمدە سوققان چوتىنى ئاڭلىۋالغاچقا، ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەي تۇرىۋەردىم. مەن ئەمدى گۇ سوزنىڭ ئىسكەنجىسىدىن چىقىپ بولغان، بەگ بىلەن چېرىك باشلىقىنىڭ ئالقىنىغا چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ يولدىن تېپىۋالغانىدەكلا ئاسان يانچۇق پومپايتىدىغان پۇلى بولۇپ قالغانىدىم.

بۇ ئىشنىڭ تېگى - پېيىنى بىلمەيدىغان گۇ سوزا مېنى قولدىن چىقىرىپ قويۇۋاتقىنىغا ئىشەنگۈسى كەلمىگەنىدەك چېرىك باشلىقىغا:



— بۇ مۇناپىق قەلەندەرنى گۇندىغا ئاپىرىپ ھاۋا تاپان قىلىپ، ئون كۈن قۇرۇق سامان بىلەنلا باققۇدەك پېشكەلچىلىك تېپىپ بەرگەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ مەن تىلىۋالاي، — دېدى ۋە ماڭا قاراپ داۋام قىلدى، — تىزلىنىپ تۇرۇپ كەچۈرۈم سورا قەلەندەر. قېچىپ كەتمەيدىغانلىقىڭ، ئوبدان ئىشلەيدىغانلىقىڭ ھەققىدە تىلخەت ياز...

مەن گەپ قىلماي تۇرىۋەردىم. بەگمۇ ئورنىدىن تۇردى:

— بۇ گەدەنكەش سىلىگە بويۇن بەرمەيدۇ سوزام، — دېدى ئۇ گۇ سوزىغا، — ئادەم يەيدىغاندەك ئەلپازىغا قارىمامىلا ئۇنىڭ؟ بۇنداق ئىت ئەمگەن قۇلاق كەستىلەرگە گۇندىنىڭ ئىشكەللىرىدىن باشقىسى بەۋا كەلمەيدۇ.

— مەن ئۇنى ئىشلىتەلەيمەن، ئۇنىڭ تېخى كۈچىنى كۆرگىنىم يوق، — چالۋاقىدى گۇ سوزا، — ئۇ كىيىمىمنى كىيدى، ئاش - تامقىمنى يېدى...

— ئىشلىتىلا، ئۆلگۈچە ئىشلىتىلا سوزام، — دېدى چېرىك باشلىقى، — يامۇلنىڭ گۇندىسىدا ئېشىپ - تېشىپ تۇرىدىغان لەك يوق بۇنداق بىكارچىلارغا. بىز ئەدىپىنى بېرىپ، نوخۇلىسىنى ئېلىپ، ياۋاشلىتىپ قايتۇرۇپ بېرىمىز.

— مۇنچە كۈن ياتتى، ئانچە پۇل، مۇنچىلىك تاماق يېدى، مۇنچە پۇل، مانچە ئەسكەر باقتى، پالانچى پۇل دەپ كۆكسىنى سېتىشارلا ھەقىچان؟

— ئۇنداقمۇ بولماس، ئۇنچىۋالامۇ بولماس...

— بىزمۇ ئارىلىشىمىز، — قوشۇپ قويدى بەگ.

گۇ سوزا مېنى ئېلىپ قالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ:

— ئۆزۈڭنىڭ جالدىرۋاقلىرىڭنى كىيىپ ئېگىنلىرىمنى قايتۇرۇپ بەر، دىۋانە، — دەپ ماڭا ئېسىلدى.

چېرىك باشلىقى بىلەن بەگ ئىشكىنىڭ كەينىدىكى بۇلۇڭغا تاشلاقلىق ئۆتمىتۆشۈك جۇۋا، مازلىرى تىتىلىپ كەتكەن ئىشتان ۋە پاخال يۆگەككىلا ئوخشاپ قالغان، پىيما دېگۈچىلىكى قالمىغان پىيمامغا

نەپرەت ۋە يىرگىنىش بىلەن قارىۋېتىپ يەرگە تۈكۈرۈشتى.

— بولدى، بولدى، مۇشۇ كىيىملىرى بىلەن قايتۇرۇپ بېرىمىز. ئەگەر ئۇ تېرە، پاخاللىرىنى يامۇلغا ئېلىپ بارسا، پىتلىرى گۆندىنى قاپلاپ كېتىدۇ، — دېدى چېرىك باشلىقى.

— مەن ئادەمدىن زىيان تارتقىنىمنىمۇ بولدى دەي، ئاش-تاماق، ئېگىن-ئاياغقىچە زىيان تارتامدىمەن؟ ۋاي خۇدايىم، بۇ ماڭا نېمىدېگەن جىق دىشۋارچىلىق؟ كەلگۈلۈكنىڭ ھەممىسى ماڭا يېپىشامدىغاندۇ؟...، — گۇ سوزا دەسلەپ ئۆرە تۇرۇپ، كېيىن زوڭ ئولتۇرۇپ يوتىسىغا شاپىلاقلاپ يىغلاشقا باشلىدى.

بەگ چېرىك باشلىقىغا كۆز ئىشارىتى قىلدى. ئۇنىڭ سېمىز، گۆشلۈك لېۋىدە گۇ سوزىغا قارىتىلغان مەسخىرىلىك ھىجىيىش بەلگىلىرى كۆرۈنەتتى. چېرىك باشلىقى:

— يىغلىمىسىلا سوزام، بىر تال قىلمۇ زىيان تارتمايلا، — دېدى ۋە ماڭا قاراپ قوپاللىق بىلەن بۇيرۇدى، — ئالدىمىزغا چۈشۈپ ماڭە ئەبگا!

مەن تېخىچە بىر جان، بىر تىنىق ياتقان چولپانخان بىلەن جەننەتخانغا، تام تۈۋىدە تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان زەينەپكە، كۆز ئالدىلىرىدا بولۇپ ئۆتكەن بىر پەسىلىك پاجىئەگە ھاڭۋېقىپ قاراپ قېلىشقان باشقا ئاياللارغا بىر قارىۋېتىپ، ئىشىكنى ئېچىپ دالانغا چىقتىم. دالاندا چېرىكلەر دېۋەيلەپ تۇرۇشاتتى.

كوچىغا چىقىدىغان ئىشىك يېنىغا كەلگەندە چېرىك باشلىقى ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ:

— سوزام، ئىشىكنى ئېچىپ بەرسىلە، بىزنىڭ بەگۋاش چېرىكلەر قولۇپنى چېقىپ قويمىسۇن يەنە! — دەپ توۋلىدى.

ئۇنىڭ تەھدىتى دەرھال ئۈنۈمىنى كۆرسەتتى. قولۇپنىمۇ زىيان تارتىشتىن قورقتىمۇ نېمە، گۇ سوزا غىڭشىپ نالە قىلغىنىچە پايپاسلاپ يۈگۈرۈپ چىقتى. ئىشىكنى ئېچىپ بەرگەندىن كېيىن ئۇ دۇمبەمگە بار كۈچى بىلەن بىرنى مۇشتلاپ:



— چىقە ھويلامدىن سېسىق قەلەندەر، ھۇ ئايىغى ياراشمايدىغان دوملە، — دەپ تىللىدى.

ئۇنىڭ ئۇنچىۋالا ئەخمەق ئەمەسلىكىنى چۈشەندىم. ئۇ چېرىك باشلىقى بىلەن بەگنىڭ «قايتۇرۇپ ئەكىلىپ بېرىمىز» دېگىنىگە ئىشەنمىگەنىدى. ئەمدى بۇ غالجىر سوزا پۈتۈن دەرد-ئەلىمىنى ئاياللاردىن ئالىدىغان بولدى، دەپ ئەنسىرەپ قالدىم.

تالا تامامەن يورۇپ كەتمىگەن بولسىمۇ، كوچىدا ئادەملەرنىڭ مېڭىش-تۇرۇشلىرى باشلانغانىدى. چايخانىلارنىڭ مورىسىدىن قويۇق ئىس كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. بەزى دۇكانلارنىڭ ئالدىدا بىر كۈنلۈك سوۋدىدىن ئاۋۋال بازارنىڭ ئاۋاتلىقى ئۈچۈن ئىسرىق سېلىش باشلانغان بولۇپ، ئادراسماننىڭ قويۇق يېغى ئارىلاشقان پۇرىقى دىماغنى ئېچىشتۇراتتى. مەن بۇ كېچىنى ئۇيقۇ كۆرمەي، جىددىيلىشىپ، كارىۋات تېگىدە دۈم يېتىپ ۋە مەڭزىمگە كاچات، دۇمبەمگە مۇشت يەپ ئۆتكۈزگەنىدىم. شۇنىڭغا لايىق گۇ سوزىنىڭ لەنەت ياغقۇر ھويلىسىدىن قۇتۇلغان بولسامۇ، بەگ بىلەن چېرىك باشلىقىنىڭ مېنى نەگە ئاپىرىپ «سېتىشى» نى بىلمەيتتىم.

بىز يۆتەل، تۈكۈرۈش، تاھارەت ئېلىش ۋاقتىدا ئوقۇلىدىغان ئايەت ئاۋازلىرى ئاۋات قىلىپ تۇرغان ئۈچەيدەك تار ۋە ئەگرى-بۈگرى كوچىلار بىلەن خېلى ئۇزاق ماڭدۇق. ماڭا چېرىك باشلىقى بىلەن بەگ ئاتايىتەن ئارقا، خىلۋەت كوچىلار بىلەن كېتىۋاتقاندەك، چوڭ يول، كوچا-رەستىلەردىن ئۆتۈشتە بىر نېمىدىن ئەنسىرەۋاتقاندەك بىلىندى. بازار بېگى ئالدىمىزدا يول باشلاپ كېتىپ باراتتى. چېرىك باشلىقى ئارقامدىن چېرىكلەرنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار گۇ سوزىنىڭ ھويلىسىدىن چىققاندىن تارتىپ بىرەر ئېغىزمۇ گەپلەشمەي ئۈنسىز ماڭاتتى.

يادىمغا بىر چاغلاردا قەشقەر كوچىلىرىدا سازايى قىلىنىپ چىققاندىن كېيىن ئىككى چېرىكنىڭ نازارىتى ئاستىدا قۇمدەرۋازىنىڭ تېشىدا كېتىۋاتقان كۆرۈنۈش كېلىپ قالدى. شۇ چاغدا مەن نىغمەتۇللا قارى بى-

لەن مۇھەممەت ئاقچىنىڭ ياردىمىدە قېچىپ كەتكەنىدىم. ئەمدى يەنە بىر پۇرسەت بولسا ئىككىنچى قېتىم قېچىپ كەتكۈم كېلەتتى. ئەمما، ئۇنداق پۇرسەت بۇ يەردە يوق، بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

تار كوچىلاردا مېڭىش ئاياغلىشىپ بىر چوڭ يولغا چىقتۇق. يولنىڭ بىر تەرىپى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئۆيى، يەنە بىر تەرىپى سېپىل ئىدى. شۇ يەردە چېرىك باشلىقى توختاپ، ئارقىسىدا كېلىۋاتقان بازار بېگىنى توختاتتى:

— بېگىم، توختىسىلا، — دېدى ئۇ ۋە سەل ئويلىنىپ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ توختىغان بەگنىڭ ئالدىغا ئۆزى باردى، — چېرىكلەرنىڭ مەش قىلىدىغان ۋاقتى بولۇپ ئېشىپ كەتتى. مەن ئەمدى قايتاي، بۇ ئەبگانى سىلى ئۆزلىرىمۇ ھۆددىلەپ كېتەلەيلا. باشقا گەپلەرنى ئاخشاملىقتا كۆرۈشكەندە دېيىشەرمىز...

— بۇنىڭدا ئەپلەشمەسمىكىن، — بەگ گېپىنى ئاڭلاپ قېلىشمىدىنىمۇ ئەنسىرىمىدى، — بۇ قاۋۇل بىر نېمە ئىكەن، ئاندىن كۆچىدىن كۆرە چۇتۇسى جىقراقتەك تۇرىدۇ...

چېرىك باشلىقى بىردەم تۇرۇۋېلىپ غودۇڭشىدى:

— مۇشۇ يەرگىچە ئەكىلىپ بەرسەممۇ يەنە غىڭ-غىڭمۇ؟ ماقۇل، چېرىك قوشاي، بۇنىڭ ھېسابىنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا...

بازار بېگى گەپ قىلماي كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ قاراپ تۇردى. چېرىك باشلىقى ئىككى چېرىكنى مېنى ئاپىرىپ قويۇشقا بۇيرۇپ، ئۆزى باشقىلارنى باشلاپ كەتتى.

بازار بېگىنىڭ ئەنسىرىشىدىن قېچىپ كەتكىلى بولىدىغان كاۋاك بارمۇ نېمە، دېگەنلەرنى ئويلاپ قالدىم. ئىككى چېرىك ئىككى تەرىپىمدە سەگەكلىك بىلەن كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلار باياتىنقى گەپ-سۆزلەردىن قارىغاندا ماڭا ھەمىشە ھەمراھ بولالمايتتى. نەگە بېرىشىمنى بىلمىسەممۇ، بارىدىغان يېرىمدە قېچىپ كېتىش پۇرسىتى يارىتىشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم.

سېپىلدىن چىقىپ خەندەك كۆۋرۈكىدىن ئۆتتۇق. يولنىڭ ئىككى



تەرىپىدە سەھەرلەپ شەھەر بازىرىغا چىققان دېھقانلار ۋە يېزا ھۈنەرۋەنلىرى ھارۋىلىق، ئېشەكلىك ۋە پىيادە كېلىشىۋاتاتتى. ئۇلار بىر ئالىپتە كىشى بىلەن ئىككى ھۆكۈمەت چېرىكىنىڭ مېنى يالاپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئەجەبلىنىپ، ھەيران بولۇپ قاراپ ئۆتۈپ كېتىشەتتى.

بىز توساتتىن ئوڭ تەرەپكە بۇرۇلدۇق. ئىككى تەرەپكە تېرەك قويۇلغان ھارۋا يولىنىڭ ئاخىرىدىكى چوڭ دەرۋازىلىق باغ ھويلا ئوچۇق كۆرۈنەتتى. دەرۋازا چوڭ ئىككى قاناتلىق، قېلىن شالدىن ياسالغان دەرۋازا ئىدى. دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئىككى تەرەپكە قېلىن كۇمۇلاچ لاي تامدىن ياسالغان توققۇز قاتارلىق ئەنجان تېمى سوزۇلغانىدى. بەگ دەرۋازىنى قاقتى. ئۇنى كۆپ ساقلاتمايلا بىر قانىتى يېرىم ئېچىلدى. بەگ مېنى ئىچىگە كىرگۈزۈۋېتىپ، ئىككى چېرىكنىڭ قايتىپ كېتىشىنى ئۇقتۇردى.

— بىز قايتىپ بېرىپ بولغۇچە ئەتىگەنلىك چاي ئېچىلىپ بولىدۇ، — دېدى بىر چېرىك، — بۇنىڭ ئامالىنى سىلى قىلسىلا بېگىم.

چېرىكلەرنىڭ «چاي پۇلى» بېرىش تەلىپىنى بەگ رەت قىلدى:

— يېنىمغا بىر نېمە سالماي چىقىپتىمەن، ئەمەسمۇ؟ — ئۇ شۇ گەپلەرنى دەۋېتىپ تۇرۇپ دەرۋازا ئىچىگە كىرىۋالدى، — سىلەر باشلىقىڭلارغا چاي ئىچەلمىدۇق، دەۋېرىڭلار...

چېرىكلەر ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاشقا باشلىدى. بەگ قاپىقىنى تۈرۈپ دەرۋازا ئاچقان قوپال، ئېگىز بوي، ئوتتۇز بەش-قىرىق ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى گۈپسە بىر كىشىگە:

— كاپشىسا كاپشىۋەرسۇن، يۈزى قېلىن دىۋانىلەر، دەرۋازىنى چىڭ تاقا! — دەپ بۇيرۇق بەردى ۋە مېنى كۆرسىتىپ تاپىلىدى، — ھازىردىن باشلاپ ماۋۇ ئەبگانىمۇ دەرۋازىغا يېقىن يولاتما، قاچىدىغان پەيلى باردەك قىلىدۇ.

— ئۇچۇپىمۇ كېتەلمەيدۇ بېگىم، خاتىرجەم بولسىلا، — دېدى گۈپسە باشتىن-ئايىغىمغا يەپ كەتكۈدەك سەپسېلىپ قاراپ.

بەگ مېنى مېڭىشقا بۇيرۇدى. ھويلىنىڭ سول تەرىپى باغ ئىدى.

باغ بىلەن سەينانىڭ ئوتتۇرىسىغا سوقۇلغان ئالتە قەۋەتلىك ئەنجان تېمىنىڭ نېرىسىدىن ھەرخىل مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ شۇ تاپتا يالىڭاچلىنىپ قالغان شاخلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سەينانىڭ ئوڭ تەرىپىمۇ شۇنداقلا باغ بولۇپ، تام سوقۇلغانىدى. ئۇدۇلدا ئاددىيلا يېپىلغان، كېسەكلىرى سۇۋالمىغان بىر قاتار ئۆيلەر بولۇپ، ئىشىكى نېرىقى ياقتىدەك قىلاتتى.

بەگ مېنى باشلاپ، يان تەرەپتىكى تار يول بىلەن ئاشۇ ئۆيلەرنى ئايلاندۇرۇپ، يەنە بىر تېخىمۇ چوڭ سەيناغا باشلاپ چىقتى. دەرۋازا ئاچقان گۇپسە كەينىمدىن تاپانباستى قىلىپ ئەگىشىپ كېلەتتى.

سەينادا ئوتتۇز - قىرىقتەك ئادەم بار ئىدى. ئۇلار ھەرخىل ياشتا ۋە خىلمۇ خىل كىيىنگەنىدى. بىر قاراپلا ئۇلارنىڭ بەگ گۇ سوزنىڭ ئۆيىدە چېرىك باشلىقىغا ئېيتقان «ھاشارچى» لار ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلدىم. شۇ تاپتا ئۇلار ھەرخىل توملۇقتىكى ياغاچلارنى ئۇياقتىن - بۇياققا يۆتكەش بىلەن شۇغۇللىناتتى. بىر چەتتە يېڭىدىن ياسالغان كۆتەك ھارۋىلىرى، چالا پۈتكەن يار - يار ھارۋىلار تۇراتتى.

— زۇنۇن پاناق قېنى سەن؟ — بەگ ئۈنىنى قويۇپ بېرىپ توۋلىدى، — زۇنۇن پاناق!

ھەممەيلەن قىلىۋاتقان ئىشىنى قويۇپ بەگ بىلەن ماڭا، تولىراق ماڭا قاراپ قېلىشتى. توپنىڭ ئىچىدىن ئورۇق، ۋىجىك، يېلىك كىيىنگەن بولسىمۇ، پېشانىسىدىن تەر تامچىلىرى ئېقىۋاتقان كىچىككىنە بىر ئادەم بىز تەرەپكە كەلدى، ئۇ كوسا ئىدى. قاڭشىرى ناھايىتى پەس بولغانلىقتىن، بۇرنىنىڭ ئۇچى ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى ۋە بۇرۇن تۆشۈكلىرىمۇ يۇقىرى قاراپ تۇراتتى. ئۇ ھەقىقەتەن پاناق ئىدى.

— خوش بېگىم، — دېدى ئۇ ماڭا مۇنداقلا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن بازار بېگىگە سەل ئېگىلىپ، پاناق بولغانلىقتىن تاۋۇشلارنى ئېنىق، سۈزۈك چىقىرالمايتتى.

— ماۋۇنى، — بەگ مېنى ئېڭىكى ئارقىلىق كۆرسەتتى، — قوشلاپ، تۇتۇپ ئوبدانراق ئىشقا سال!



— ئوبدان...، — دېدى پاناق ۋە كەينىگە بۇرۇلۇپ كىمدۇر بېرىگە، — چاپما ھەرىنىڭ تېگىكى تەرىپىدە تۇرسۇن! — دەپ ۋارقىرىغىنىچە «ساڭا تەۋە گەپ تۈگىدى، ئەمدى ئىشىڭغا بار» دېگەندەك قىلىپ ماڭا بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

مەن ئىشلەۋاتقانلار قاتارىغا مېڭىشقا تەمشىلىۋاتقاندا، بەگ يەنە مۇنداق دەپ تاپىلىدى:

— ھارامزادىلىك، گەدەنكەشلىك قىلماي ئوبدان ئىشلە، گەپ ئاڭلىمىساڭ قولىقىڭغا شىنا قېقىلىپ كېتىدۇ، ماڭە ئەمدى.

ھاشارچىلار قاتارىغا بېرىپ، ماڭا قارىشىپ تۇرغان كىشىلەرگە:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — دەپ سالام بەردىم.

ئۇلار سالىمىمنى «ئىش قىلىڭلار» دېگەن بۇيرۇقتەك چۈشىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىشىغا بېرىلدى. ساقىلى چالا ئاقارغان ئېگىز بويلۇق بىر كىشى:

— مەيەرگە كېلىڭلا، كەلداخۇن، — دەپ چاقىردى.

ئۇ ئىككى غولاچچە چوڭقۇرلۇق ئۆستەڭگە ئۇزۇنىسىغا قويۇلغان ۋە ئىككى تەرەپتىكى توغرى ياغاچلار بىلەن ئىسكاپ ئارقىلىق چىڭىتىۋېتىلگەن ئىككى تال ياغاچ ئۈستىدە پۇتىنى كېرىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ ئارىلىقىدا ئادەم بېلىدەك بىر تال ياغاچ تۇراتتى. ياغاچنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەرە قىسىلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستۈنكى تۇتقۇچى ھېلىقى كىشىنىڭ مەيدىسىگە ئۇدۇل ئېگىزلىكتە تۇراتتى.

— پەسكە چۈشۈپ، ھەرىنىڭ نېرىقى بېشىنى تۇتۇڭلا، قارا سىزىقتىن قاچۇرماي تارتىسىلەر، — دېدى ئۇ.

ئازگالنىڭ نېرىقى چېتىدىن پەسكە چۈشتۈم. تېخى ساقال - بۇرۇت چىقمىغان ياپياشلا بىر يىگىت ماڭا قىزىقىپ قاراپ قويۇپ، ھەرىنىڭ تۇتقۇچىدىكى قوللىرىنى كىرلەشكەن قىسقا چەكمەن پاختىلىق چاپىنىنىڭ پېشىگە سۈرتىۋېتىپ ماڭا تەڭلىدى ۋە ئالقىنىمنى قىزىق، قاتتىق بارماقلىرى بىلەن چىڭ سىقىپ، ئورنىنى ماڭا بېرىپ چىقىپ كەتتى.

قىلىپ باقمىغان بۇ ئىش بىردەمدىلا مېنى ھاسىرىتىپ قويدى. ئۈستى تەرەپتىكى كىشى ھەرىنى ئالدىغا تارتىپلا ماڭا قارايتتى. مەن ئېغىر ھەرىنى پەسكە تارتىپ ئۈستى تەرەپكە ئىتتىرىپ بېرەتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزىقنى ئۇدۇللاپ، ھەرىنى ئىككى تەرەپكە قاچۇرماسلىقمۇ كې-رەك ئىدى. بىر كېچىلىك ئۇيقۇسىزلىق، قورساقنىڭ ئاچلىقى ئۈستىگە بۇ ئېغىر ئىش ماغدۇرۇمنى قۇرۇتماقتا ئىدى. خېلىدىن كېيىن زۇنۇن پاناق يېنىمغا چۈشۈپ مېنى بىر دەم كۆزەتتى، ياغاچقا قارىدى ۋە:

— بولمايدىكەنسەن بۇرادەر، بۇ ئىشقا يارىمايدىكەنسەن، — دېدى.

مەن ھەرىنى قويۇپ بېرىپ، ھاسىرىغىنىمچە:

— بۇنداق ئىشنى قىلىپ باقماپتىكەنمەن، — دېدىم.

ئۈستۈمدە تۇرغان كىشىمۇ:

— بۇ مېنىمۇ كېرەكتىن چىقاردى، — دېدى غولىنى قىمىرلىتىپ تۇرۇپ، — ئىككى تاغىقىم تېلىپ كەتتى. بۇنداق بولمايدىغان...

— باشقا ئىش قىل، — دېدى زۇنۇن پاناق، — ھازىر بېرىپ چاي ئىچىمىز. چايدىن كېيىن ياغاچ توشۇغىن.

چاي دېگىنى قايناق سۇغا بولدۇرۇپ يېپىلغان ئاق قوناق زاغرى-سىنى چىلاپ يېيىش ئىكەن، چاينى ھەممەيلەن بىللە ئىچمەي، بەش-ئالتىدىن نۆۋەتلىشىپ ئىچىدىغان ئىش ئىكەن. مەن بەگنىڭ مېنى تاپ-شۇرۇپ بەرگىنىگە ۋە ئىش تەقسىم قىلغىنىغا قاراپ، زۇنۇن پاناقنى بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئىش بېشى ئوخشايدۇ، دەپ قارىغانىدىم. ئەمەلىيەتتە، ئۇمۇ بىز بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ ئوخشاش چاي ئىچتى. ئۇ ئىسمىنى ۋە قانداق بولۇپ بازار بېگىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغىنىمنى سورىدى. مەن گۇ سوزىغا ئېيتقان « تەرجىمھال » نىمنى ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى سۆزلەپ بەردىم. زۇنۇن پاناق:

— تەلىيىڭ تەتۈر ئىكەن بۇرادەر، خوپتەندىن قېچىپ تەرەۋىگە، تەرەۋىدىن ئېشىپ بالاغا ئۇچراپسەن، — دېدى بېشىنى چايقاپ، — يۇرتۇڭغا كېتىدىغان ئادەم بۇرۇنقى كەسپىڭنى قىلىپ،



شەھەردىن شەھەر، يېزىدىن يېزا ئاتلاپ كېتىۋەرسەڭمۇ بولغانىكەن، پۇلنى قانداق تاپالايتتىڭ؟ — ئۇ بېشىمنى سىلىپ ئولتۇرغىنىمغا قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — بوپتۇ، بۇ يەردە يەيدىغان رىزقىڭ بار ئوخشايدۇ. بەگ ھاشار دەپ يىغىۋالغان بۇ ئادەملەرنى ھاشارغا سالمايدۇ. ئۆزىنىڭ يانچۇقىنى تومپايتىش ئۈچۈن، ھاشار دەپ قويۇپ هارۋا ياسى-غىلى سالىدۇ. ئىش ئېغىر.

بەگ بىلەن چېرىك باشلىقى دېيىشكەن گەپلەرنىمۇ ئېيتىپ بەردىم. زۇنۇن پاناق بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ كەتمىدى.

— مۇشۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇ باي، بۇ باينىڭ ھېسابىغا دەپ تۇتۇۋېلىنغان كەمبەغەللەر، — دېدى ئۇ ۋە سەل تۇرۇۋېلىپ، — بەگ باياتىن سېنى قېچىپ كېتىش خەۋپى بار، دىققەت قىل دەپ تاپى-لىدى. قاچاي دەيدىغان ئويۇڭ بارمىدى؟ — دەپ سورىدى.

— گۇ سوزىنىڭ ھويلىسىدا يېرىم كۈن تۇرۇپلا شۇنداق ئويغا كەلگەنىدىم. ۋۇجۇدقا چىقىرالمىدىم، — دەپ راستىمنى ئېيتتىم.

— ھە، گۇ سوزىدەك يالماۋۇزنىڭ ھويلىسىدا بىر سائەتمۇ تۇرۇشقا بولمايدۇ. ۋۇجۇدقا چىقىرالمىساڭمۇ قۇتۇلغىنىڭ ئوبدان بوپتۇ. گەرچە بۇ يەرمۇ زۇلۇمنىڭ ئوچىقى بولسىمۇ، ئىشلەمچىلەرنىڭ تولىسى ئائىلىسىنىڭ قىيىنچىلىقى، قەرزى ئۈچۈن پۇلغا سېتىلىپ كەلگەچكە، ئاستا-ئاستا مۇڭداش تېپىۋالالايسەن. مۇڭداش بولسا جاپا-مۇشەققەت، دەرد-ئە-لەممۇ يەڭگىلرەك بىلىنىدۇ، — ئۇ تۆت تەرەپكە قاراپ قويۇپ، ئۈنىنى پەسلىتىپ ئاگاھلاندۇردى، — قاچىمەن، پاچىمەن دەپ ھەرىكەت قىلىپ تاشلىما. بۇ يەردە ئوتتۇز يەتتە ئادەم بار. ئۇنىڭ ئىچىدە ئون ئىككىسى بەگنىڭ پايلاقچىلىرى. بىز بىلەن ئارىلىشىپ يۈرىدۇ. ئەمما، بىزنى نازا-رەت قىلىدۇ. بۇ يەردىن قاچقانلىقنى ھۆكۈمەتنىڭ ئالۋىڭىدىن قاچقانلىق دەپ قاراپ خالىغىنىنى قىلىشىدۇ. سەن باشقا يۇرتلۇق بولساڭمۇ، سېنىڭ ھېسابىڭغا پۇل ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ساڭا پۇل تۆلىگەن ئادەمنىڭ ئىلكىگە ئۆتكەن سانىلىسەن... باشقىلارنىغۇ بىر نېمە بولسا، ھېچ بولمى-غاندا مۇشۇنداق بىر ئادەم بار ئىدى دەيدىغان ئاتا-ئانىسى، ئۇرۇق-

تۇغقىنى چىقىدۇ. سىنىڭ شۇنچىلىك سورىقىڭمۇ بولماي قالدۇ. . .
ئۇنىڭ سۆزلىرىگە نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم. گەپ
ئۇرانىدىن، سۆز قىلغاندىكى قىياپىتىدىن قارىغاندا، ئۇ ماڭا
كۆيۈنگەندەك، راست ئېيتىۋاتقاندەك سەممىيلىك چىقىپ تۇراتتى. بەگ
مېنى ئەكىلىپلا ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەرگىنىدىن، مەن يوق يەردە ماڭا
نازارەت قىلىشنى جېكىلىگىنىدىن قارىغاندا، ئۇ ئۆزىنى بەگنىڭ پايلاقچى-
لىرىنىڭ قاتارىغا قوشمىسىمۇ، ئاشۇلارنىڭ تىپىدىكى ئادەمدەك بولۇپمۇ
كۆرۈنەتتى. مەن يېڭىياچى تونۇشقان بۇ كىشىگە نېمە دېسە «ھەئە» دې-
يىش بىلەنلا چەكلەندىم. ئۇ ئورنىمىزدىن تۇرغاندا:
— بىر - ئىككى ئاي بېشىڭنى ئىچىڭگە تىقىپ، مەتۇ بولۇۋېلىپ
يۇرسەڭ سىرتلارغا ئىشقا بۇيرۇيدىغان پۇرسەتكىمۇ ئېرىشىپ قالىسەن، —
دەپ قويدى.
ئۇنىڭ بۇ سۆزى مېنى تېخىمۇ قايمۇقتۇرۇپ قويدى. چۈنكى، ماڭا
بىر - ئىككى ئاي ئەمەس. بىر - ئىككى كۈننى ئۆتكۈزۈشمۇ مۇمكىن بول-
مايدىغان ئازاب بولۇپ تۇيۇلاتتى.
ئادەم نېمىگە كۆنمەيدۇ؟ مەن زۇنۇن پاناقنى ۋاقىتنى جىق
دەۋەتتى دېگىنىم بىلەن نەق تۆت يېرىم ئاينى ئاشۇ توققۇز قاتار ئەنجان
تېمى ئىچىدە ئۆتكۈزدۈم. زۇنۇن پاناقنىڭ دېگەنلىرى پۈتۈنلەي راست
بولۇپ، بۇ قورۇدىن قېچىپ چىقىپ كېتىش تۇگۇل ئۆز ئىختىيا-
رىچە ئۇياق - بۇياققا بېرىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئاخشىمى خۇپتەن
نامىزىدىن كېيىنلا «پايلاقچى» دېگەنلەر ئىشىكنى كەگەنلەپ قاتارمۇ قاتار
يېتىشاتتى. بىر - ئىككىسىدىن ئاتلىغلى بولسىمۇ، ھەممىسىدىن ئاتلاپ
ئۆتكىلى بولمايتتى. كۈندۈزىغۇ ھېچكىمنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلغىلى
بولمايدۇ، كېچىسىمۇ ئاشۇلاردىن ئۆتكەن بىلەن ئەركىن قويۇۋېتىلگەن
موزايدەك - موزايدەك تۆت ئىت ئەتراپتا چۆرگىلەپ يۈرەتتى.
مەن كۈتۈشكە، «مەتۇ»، «دەلتە» بولۇۋېلىپ سىرتقا چىقىش
پۇرسىتىنى كۈتۈشكە باشلىدىم. سىرتقا چىقىدىغانلار زۆرۈر لازىمەتلىك
نەرسىلەرنى ئەكىرىشكە ۋە پۈتكەن هارۋىلارنى ئاپىرىشقا چىقاتتى. ئۇلار



بىلەن «پايلاقچى» لارمۇ بىللە چىقىپ كىرەتتى.
كۈنلەر، ئايلار ئۆتكەنسېرى بۇ يەرنىڭ ئەلمى - تەلمىنى ئاز - تولا
ئۇقۇپ قالدىم. بازار بېگى ھۆكۈمەت ئادىمى سۈپىتىدە ھاشار، ئالۋاڭ سې-
لىپ، پۇلى بارلاردىن پۇل ئېلىپ، ئاجىز، كەمبەغەللەرنىڭ پۇلى بارلارغا
ۋەكالىتەن ھاشارغا بېرىشى ئۈچۈن ئاز - تولا ھەق بېرىدىكەن. پۇل ھې-
سابىغا ياللانغان ھاشارچىلارنىڭ بىرقىسمى يول، ئۆستەڭ ياساپ،
چېرىكلەرگە ئاشلىق ۋە ئوتۇن - سامان توشۇسىمۇ قاۋۇل، ياش، قول-
دىن ئىش كېلىدىغانلار بەگ ئۈچۈن ئىشلەيدىكەن. ھاشارنىڭ ۋاقتى ئۈچ
ئاي، ئالتە ئاي دەپ ئىككى خىل بولىدىكەن. ۋاقتى توشقانلار كېتىپ
بولغاندىن كېيىن، يېڭى ھاشارچىلار بىلەن تولۇقلاش ئاۋارىچىلىكى يوق
ئىكەن. چۈنكى، ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈننىڭ ھەممىسىدە بەگ ھاشار تۈتى-
ۋېرەلەيدىكەن. . . بۇ چوڭ ھويلىدا ئىككى قېتىم تاماق بېرىلىدىكەن:
خۇدانىڭ كۈنى ئەتىگەنلىك چايدا زاغرا، كەچتە ئۈماچ. زاك ئەڭ ئالىي
تاماق ھېسابلىنىپ، جۈمە كۈنى بىر قېتىم ئېتىلىدىكەن.
مەن تۇرغان تۆت يېرىم ئايدىن بېرى بەگنىڭ «پايلاقچى»
ھاشارلىرىدىن باشقا، زۇنۇن پاناق ۋە مەندىن بۆلەك ھەممەيلەن ئالمىشىپ
بولدى. ئۇلاردىن قالغىنى ئاخىرى چىقمايدىغان ئېغىر ئەمگەك بىلەن زاك
تۇغرۇلۇق توقۇلغان قوشاق ئىدى. بۇ قوشاقنى كىم توقۇغان، قاچاندىن
تارتىپ ئوقۇلۇۋاتقىنىنى ھېچكىم، ھەتتا يېشى ھەممىدىن چوڭ، تۇرغان
ۋاقتى ھەممىدىن ئۇزۇن بولغان زۇنۇن پاناقمۇ بىلمەيتتى. ھەر جۈمە كۈنى
ئەسىردىن يانغاندىلا تۇتقۇنلۇقتىكى ھاشارچىلار بىرى ئۆگىنىپ قويغان-
دەك، ئاشخانا تەرەپكە تەلمۈرۈپ قاراپ شۇ قوشاقنى ئوقۇيتتى:

سەيچى دېھقان بىلەر ئىكەن تېرىشنى تۇرۇپ،
ئىچى - تېشى پورلىشىپتۇ ئېتىزدا تۇرۇپ.
سېخىي بېگىم تۇرار ئۇنى باغقا ماڭدۇرۇپ،
ئەتسۇن ئۈچۈن بىزگە ئاشپەز ئالىي تاماق زاك.

زاك ئەمەسمۇ، شۇنداق ئېسىل دەيسەن بىر كۆرۈپ،

يېمەي تۇرۇپ قارىغانغا كېتەر ئىچ سۇرۇپ.
موللا بېگىم قازان بېشىغا دېمىدە ھۇرۇپ،
پولۇغىمۇ بەرگىسىزدۇر، دەيدۇ بۇنداق زاڭ.

قورۇق ئوماچ ئىچىۋەردۇق تەندە مادار يوق،
ھەپتىدە بىر زاڭغا تەشنا بولماي ئامال يوق.
تېز بولمىساڭ شۇنىڭدىنمۇ قالىسەن قورۇق،
ئاشقىلارنىڭ مەشۇقىدەك تاتلىق شۇنداق زاڭ.

ئاللاھ ئىگەم بىرەر ۋاخلىق سۈيۈقئاش بەرسىكەن،
ئىنساپ بېگىم كۆڭلىگىمۇ يېقىن كەلسىكەن.
زاڭ بولسىمۇ تۇرۇپتىن باشقا سېپى بولسىكەن،
كۆرمىگەندۇر ئۇن سەككىزمىڭ ئالەم مۇنداق زاڭ.

تۈزۈكرەك ئاھاڭغا سېلىنمىغىنى بىلەن ھەممىلەن ئوقۇۋەرگەچكە ھەممىگە يېقىن بولۇپ كەتكەن بۇ قوشاق ئوقۇلغاندا، بەگنىڭ «پايلاقچىلىرى» قوشۇلۇپ ئوقۇمىغىنى بىلەن قارشىلىقمۇ قىلمايتتى. زۇنۇن پاناقنىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، بەگنىڭمۇ بۇ قوشاقتىن خەۋىرى بار ئىكەن. ئەمما، چارىسىزلىقىدىن كارى بولمايدىكەن. لېكىن ئۇ زاڭنى ئۆزگەرتىش، ھېچ بولمىسا ئۇنىڭ سېپىنى ياخشىلاشنىڭ ئامالىنىمۇ قىلمايتتى.

بىز ھارۋا ياسايتتۇق. پۈتكەن ھارۋىلارنى بەگ بازاردا ئۆلگۈچە ساتاتتى. مەن بارا-بارا ھەرە تارتىش، چاق ئېگىش، شوتا رەندىلەشلەرگىمۇ سېلىندىم. بۇ يەردە زۇنۇن پاناق ئۇستام ئىدى. ئۇمۇ «پايلاقچى» لاردەك بەزىدە بېگىم بىلەن بىللە تاماق يېيىش ۋە ھەپتىدە ئاز-تولا ئالىقىنىغا پۇل كۆرۈشتەك ئىمتىيازغا ئىگە ئىدى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئىككىمىز خېلى چىقىشىپ قالغاندۇق. ئۇ ماڭا:

— ئىشقا بەك ئۆزۈڭنى ئۇرما، بۇ يەردىن ئاسان چىقىپ كېتەلمەيسەن، شۇڭا تۈگىشىپ كەتمەسلىكىڭ ئۈچۈن ئۆزۈڭنى ئاسرا. چىقىپ



كېتىش نېسىپ بولغاندىمۇ جان بىلەن تەننىڭ لازىمى بولىدۇ، — دەيتتى.

ئۇنىڭ نەسىھەتلىرىنىمۇ جان بىلەن تەننىڭ ماڭا لازىم بولىدىغانلىقىنى بەك چۈشىنەتتىم. بەرگەن نانلىرىنى تولا چاغلاردا ئىتلارغا بېرىپ، ئۇلارنى كۆندۈرۈۋېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلاتتىم.

قىرىق-ئەللىك موچە كەلگۈدەك باغقىمۇ ئىشلىدۇق. ئۆرۈك، شاپتۇل، نەشپۈت چېچەكلەپ غورىمۇ بولدى. ماڭا بولسا تېخىچە قېچىپ كېتىدىغان پۇرسەت چىقمايتتى. باغقا سۇ باشلايدىغان، پۈتكەن ھارۋىلارنى بازارغا ئاپىرىدىغان ئىشلار ئانچە-مۇنچە بولۇپ تۇرسىمۇ، مېنى ھامان بۇيرۇمايتتى. بىر قېتىم زۇنۇن پاناق بازارغا ھارۋا ئېلىپ بارغاندا مېنى بىللە ئېلىۋالغانىدى، دەل شۇ چاغدا بەگ كېلىپ قېلىپ مېنى گېپىم بار دەپ ئېلىپ قالدى. بىر قېتىملىق پۇرسەت قولدىن كەتكەن بولسىمۇ بازارغا بېرىش نۆۋىتى كېلىشكە ھامان ئىشىنەتتىم. مەن بۇ قېتىم بازارغا زۇنۇن پاناق بىلەن بىللە بارغان بولسام قېچىپ كەتمەيتتىم. ئەگەر قېچىپ كەتسەم قۇتۇلۇشۇمغا كۆزۈم يەتمەسلىكى بىر گەپ، زۇنۇن پاناقنى بالاغا تىقاتتىم. مەن پەقەت بۇ بازارغا بېرىشنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى سىرتقا چىقىشنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قېلىشىنىلا، بەگ ۋە «پايلاقچى» لىرىنىڭ ماڭا نىسبەتەن «ئىشەنسەك بولىدىغان ئادەم ئوخشايدۇ...» دېيىشىنىلا قولغا كەلتۈرمەكچىدىم.

بەگنىڭ ماڭا دەيدىغان گېپى مۇنداق باشلاندى:

— قەلەندەرچىلىك بىلەن ئۆتىنىڭ كۈنىنى كۆرۈپ يۈرگىنىڭدىن ھازىرقى كۈنۈڭ ياخشىدۇ؟

— شۇنداق تەقسىر، — دېدىم ئەدەپ بىلەن، — ھازىرقى كۈنۈم ناھايىتى ياخشى...

— گۇ سوزا دېگەن شوپاڭكەش، گۆرۈكەش، ئۆلۈكنى ئىت يېمەيدىغان شەقىنىڭ مالايلىقىدىن ئازاد قىلىپ قويغىنىمغا خۇش بولغانسەن؟

— ناھايىتى خۇش بولدۇم بېگىم...

— شۇنداق ، خۇش بولساڭ ئەرزىيدۇ . مەن شۇنداق كۆڭلى تۈز ، باغرى يۇمشاق ئادەم . . . ئەمدى سەن كاللىپەزخانىنىڭ ئۇچىقىنىڭ ئالدىدا ، گۇلەخنىنىڭ كۈللىرى ئارىسىدا ياتمايسەن ، ياتاي دېسەڭ يۇمشاق پاخال سېلىنغان ئۆي بار ، تامىقىڭدىن غەم قىلمايسەن ، ۋاقتى - قارايىدا ئىسسىق ئىچەلەيسەن . بۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى ، ھۈنەر ئۆگىنىپ قالدىڭ . هارۋا قېقىش — ھۈنەرلەر ئىچىدىكى قىيىن ، ئالىي ھۈنەر . بۇنداق ھۈنەرنى بىلىدىغان ئادەم ئاسانلىقچە خەققە ئۆگەتمەيدۇ . . .

ئۇنىڭ تەرىپلىشىچە ، مەن ھەممە جەھەتتىن غەمخورلۇققا ئېرىشىپ ، ياغ ئىچىدىكى بۆرەكتەك ياشاۋاتاتتىم . ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق گەپلەرنى ماڭا دەپ بېرىۋاتقىنىنى بىلمىسەممۇ ، بۇ سۆھبەتنىڭ بىكاردىن بىكار ئەمەسلىكىنىلا ئاڭقىراتتىم .

— ياخشى ئىشلە ، پاناق بىلەن بىزنىڭ ئادەملەردىن ئاڭلىغىنىم بىلەن بۇرۇن خەقتىن ئاڭلىغىنىم ئوخشاش چىقمىدى ، — ئۇنىڭ « خەق » دېگىنىدە گۇ سوزىنى كۆزدە تۇتىدىغانلىقىنى پەرەز قىلدىم ، — مەن سېنى جېنىدىن تويغان ، قۇلاق كەستى ، هارامزادە ، گەدەنكەش كۆرەتتىم ، ئۇنداق ئەمەسمۇ ئوخشايسەن . . .

شۇنىڭدىن كېيىن ئوبدان ئىشلىشىمنى ، ئۇنىڭ كەينىدىن گەپ قىلىدىغان ، قېچىپ كېتىش تەرەددۇتىنى قىلىپ يۈرگەن هاشارچىلارنى سېزىپ قالسام مەلۇم قىلىشىمنى تاپىلاپ سۆھبەتنى تۈگەتتى .

— سېنى بىر خۇپىيانە ئىشلىرىغا سالىدىغان ئوخشايدۇ ، — دېدى كەچقۇرۇن زۇنۇن پاناق سۆزلىرىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، ئۇ بەگنىڭ مېنى ئېلىپ قېلىپ نېمە دېگەنلىكىنى سورىغانىدى ، — ياكى سېنى « هاشارچى پايلاقچى » قىلىۋالىدىغان ئوخشايدۇ ، « پايلاقچى » لارنىڭ ئىچىدە ئاشۇنداقلىرىدىنمۇ بار .

مەن نېمە ئىشقا سالسا بىر سالسا بولاتتى ، دەپ تەقەززا بولغىنىمغا قارشى ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى . ئەكسىچە ، مېنى ئاشكارا نازارەت قىلىپ باشقا هاشارچىلار بىلەنمۇ كۆپ ئارىلاشقىلى قويمىدى . ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈرسەم ، ئۇلار بىلەن پاراڭلاشسام ، مېنى چاقىرىۋالىدىغان



« پايلاقچى » لار چىقتى .

— بىلمىدىم ، سەۋەبىنى ئۇقمايمەن ، — دېدى زۇنۇن پاناقمۇ يۇقىرىقى ئەھۋال توغرىسىدا ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ ، سەۋەبىنى سورىغىنىمدا ، — هازىر سەن يېڭى كەلگەن ۋاقتىڭدىكىدىنمۇ ئىشەنچسىز بولۇپ قالغاندەك قارىشىۋاتىدۇ . . . مەن پەرەزمۇ قىلالمىدىم .

شۇنىڭدىن تازا ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ، بىر ئاخشىمى خۇپتەن نامىزىغا تۇرۇشنىڭ ئالدىدا ، مەن دەسلەپ بۇ هويلىغا كىرگەن چاغدا ئىشىك ئاچقان گۇپسە مېنى چاقىردى ۋە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ئالدىغا سالغىنىچە دەرۋازىدىن ئېلىپ چىقتى . مەن كەينىمگە قارىدىم . توقۇز قاتار ئەنجان تېمى ئەسلىدىكىدەك ئېگىز ، سۇرلۇك كۆرۈنەتتى . ئۇنىڭ سۈرىنى ئاشۇرۇپ ، تامنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى دەرەخلەر قاراڭغۇلىشىپ كەتكەنىدى . تالادا نېمە ئۆزگىرىشلەر بارلىقىنى بىلمەيتتىم . مەن كەلگەن چاغدىكى يالىڭاچ دەرەخلەر هازىر قېلىن ، قويۇق يوپۇرماقلىرى بىلەن بىر نەچچە قەدەم نېرىدىكى نەرسىلەرنى كۆرسەتمەيتتى .

گۇپسە مېنى بىر ئەگمىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، ئانچە ياسىداق ئەمەس بىر هويلىغا باشلاپ كىرىپ ، ئوچۇق ئىشىكتىن چىراغ يورۇقى چۈشۈپ تۇرغان ئۇدۇلدىكى ئۆيگە كىرىۋېرىشىمنى بۇيرۇپ ، ئۆزى دەرۋازىدا قالدى . مەن ئۆيگە كىردىم . ئۆيمۇ هويلىدەكلا ، ياسىداق ئەمەس ، تاملىرى تەكچىسىز ۋە مورىسىز ئىدى . ئەمما ، ۋاسا دەميان قىلىپ ئېگىز يېپىلغانلىقتىن ئۇنچە ئىسسىق ئەمەس ئىدى . تامغا قېقىلغان چىراغپايدا سۈيىغى بىلەن ياندۇرۇلغان قارا چىراغ سېسىق بۇس چىقىرىپ يېنىپ تۇراتتى . مېنى ئۆي ئىچىدە ئەجەبلەندۈرگىنى ، مەن ئىلگىرى گۇ سوزىنىڭ ئۆيىدە كۆرگەن ۋە مېنى بەگكە تۇتۇپ بەرگەن چېرىك باشلىقى شىرداق سېلىنغان سۇپىنىڭ گىرۋىكىدە بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇراتتى . سۇپىنىڭ پەگاسىدا بازار بېگىمۇ ئولتۇراتتى . چېرىك باشلىقىنىڭ ئېگىنلىرى يازلىققا ئالماشقىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئۇ پەقەت ئۆزگەرمىگەنىدى .

كىرىشىم ئۇلارنىڭ ئولتۇرغان هالىتىنى ، رەڭگىرويىنى ئۆزگەرتەل-

مىدى. چېرىك باشلىقى بېشىمدىن-ئايىغىمغىچە مەنسىتمەسلىك بىلەن بىر نەزەر سېلىۋېتىپ بەگكە سىگايان قاراپ:

— بولىدىغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى. لېكىن ئۇ مېنى تونۇغان-تونۇمىغانلىقىنى بىلەلمىدىم.

بەگ بېشىنى «شۇنداق» ئىشارىتىگە لىڭشىپ قويدى. چېرىك باشلىقى سول قولىنى شىلتىپ مېنى چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇدى. كەينىمگە ئۆرۈلۈپ ئىشىكنىڭ يېنىغا بېرىشىمغا بەگ:

— ئەتە ئىشقا چىقمىساڭمۇ بولىدۇ، ئوخلاپ ئوبدان ئارام ئال! — دەپ قويدى.

ئۇلارنىڭ ماڭا تۇتقان مۇئامىلىسى مال بازىرىدىكى سېتىقچى بىلەن بىدىكىنىڭ سېتىشقا ئېلىپ بېرىلغان كالا ياكى قوي-ئۆچكىنى باھالاپ كۆرۈۋاتقىنىغىلا ئوخشايتتى. مەن بۇلارنى چۈشىنەتتىم. شۇ تاپتا مېنى ھەيران قالدۇرغىنى ئۇلارنىڭ ماڭا قارىتىلغان پوزىتسىيىسى ئەمەس، قىلىشقان گەپلىرى ئىدى. چېرىك باشلىقىنىڭ مېنى «بولىدىغاندەك تۇرىدۇ» دېيىشى بىلەن بەگنىڭ «ئىشقا چىقماي ئوبدان ئارام ئېلىش» قا بۇيرۇشى يېقىن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بۇ مېنى زۇنۇن پاناق پەرەز قىلغاندەك بىرەر مۇھىم ئىشقا بۇيرۇيدىغانلىقىدىن ياكى ئۆزۈمنىڭ قىياسىچە، يەنە بىر «سودا» غا ئۇچرايدىغانلىقىمدىن بېشارەت بېرەتتى.

ھويلىنىڭ دەرۋازىسىدا گۇپسە مېنى ساقلاپ تۇراتتى. كىرىشىمدىن قايتىپ چىقىشىمنىڭ تېزلىكى ئۇنىمۇ خېلى ئەجەبلەندۈردى. ئەمما، ئۇ ئۆز ئادىتى بويىچە لام-جىم دېمەي، مېنى يانداپ ماڭغىنىچە ئەسلىدىكى ھويلىغا ئەكىرىۋېتىپ، ئۆزى يەنە دەرۋازىدا قالدى.

ياز كىرگەندىن بۇيان بىز ئۆي ئىچىدىكى ئىسسىقتىن قېچىپ ئۆگزىدە ياتاتتۇق. مېنىڭ ئورنۇم بىلەن زۇنۇن پاناقنىڭ ئورنى يېقىن بىر يەردە بولۇپ، تىنتىلىپ كەتكەن كونا كىگىز ئۈستىگە سوزۇلۇشۇمغىلا، زۇنۇن پاناقنىڭ خىڭىلدىغان پەس ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ھە، قايتىپ كەپسەنغۇ؟

مەن بولۇنغان گەپنى ئېيتىپ بەردىم ۋە ئۇلارنىڭ دېيىشكەن شۇ



بىر ئېغىز گېپىدىن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىگىنىمنى قوشۇپ قويدۇم.

زۇنۇن پاناق قانداق قىلىپ نەدىن ئاڭلىغانكىن، مېنىڭ قىچقىرىلىشىمنى، ئەتە ئارام ئېلىشىمنى چېرىك باشلىقى بىلەن بازار بېگىنىڭ بىر بەگدىن قىساس ئېلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دەپ قىياس قىلدى.

ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بىرەر ئايلارچە ئىلگىرى بەگ سايلىمى بوپتۇ، بەگ سايلىمى دېيىلگىنى بىلەن پۇلى جىق بايلار ۋە نۇرغۇن زېمىنى بار يەر ئىگىلىرى ئامبالغا پارا بېرىپ بەگلىكنى سېتىۋالىدىكەن. بەزى بايلار بەگلىكنى سېتىۋېلىش يولىدا ناھايىتى كەمبەغەللىشىپ كېتىشتەك خەۋپكىمۇ تەۋەككۈل قىلىدىكەن. چۈنكى، ئۇلار بەگلىك قولغا كەلسە بەرگەن پارا، خەجلىگەن پۇللىرىنى پۇقرالاردىن ھەسسىلەپ يىغىۋالالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدىكەن. ئۇتتۇپ چىقىپ بەگ بولۇۋالغانلار يەنە ئۆزى بىلەن رىقابەتلىشىپ، «ئۈزەڭگە سوقۇشتۇرغان» لاردىن ئۆچ ئېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمايدىكەن. ئۇلارنىڭ قۇرۇپ قالغان ساندۇقىنى توشقۇزۇشتا ئاشۇنداق رىقابەتچىلەر بىر مۇھىم مەنبە ئىكەن.

— سېنى ئۇلار بۇلاڭچىلىققا ئەۋەتىدىغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى زۇنۇن پاناق قۇلىقىمغا ئاغزىنى يېقىپ دېگۈدەك سۆزلەپ پەس ئاۋازدا، — بىر بەگنىڭ خېلى كۆپ پۇلىنى يېدى بۇلار. شۇنىڭ بەدىلىگە ئاشۇ بەگنىڭ نامىدا يەنە بىر بەگدىن قىساس ئېلىپ بۇلاشقا ئەۋەتىدۇ.

مەن شۇنچىلىك تىۋىشنى ئۇقۇپ قالدىم. ئەمما، قىساس ئالىدىغىنى ئۇتتۇپ چىققان، بۇلاڭغا ئۇچرايدىغىنى ئۇتتۇرۇۋەتكەن بەگمۇ ياكى تەتۈرىسىچىمۇ، بۇنى بىلمەيمەن.

— مەن قانداق بۇلىيالايمەن؟ — سورىدىم ئەجەبلىنىپ.

— سەن يالغۇز بارمايسەن-دە! پۇلنىڭ جىقراقىنى يېگەن چېرىك باشلىقىمۇ ئادەم چىقىرىدۇ. سەن بىزنىڭ بەگنىڭ ئادىمى بولۇپ قاتنىشىسەن...

— بۇنداق ئىشقا ئەجەب مېنى ئارىلاشتۇرىدىكىنا؟ — چۈشىنەلمىگەنلىكىمدىن ئەجەبلىنىپ سورىدىم.

— ئۆي ـ ۋاقىلىڭ، ئۇرۇق ـ تۇغقىنىڭ بولمىغانلىقتىن، بەگ ئۈچۈنلا بولايسەن. ئۆزۈڭگە ئاشۇنالمايسەن. ئاندىن قالسا، ئىش تەتۈرىسىگە مېڭىپ، قولغا چۈشۈپ قالىدىغان پالاكەت يۈز بەرسە، سېنى «بىز تونۇمايمىز» دەۋېلىشقىمۇ ئەپلىك...، — ئۇنىڭ كېيىنكى سۆزى بازار بېگىگە قارىتىلغان تەنە ۋە مەسخىرە ئىدى. ئەمما، بۇ سۆزدىن ئەنسىزلىككە چۈشتۈم.

بۇلاڭچىلىققا قانداق بېرىش، نېمىنى بۇلاش، قانداق بۇلاش ۋە ئاندىن كېيىنكى ھەرخىل نەتىجىلەر ھەققىدىكى قىياسلار مېنى ئۇخلاتمىدى. بۇلاڭچىلىققا مېنى قاتناشتۇرۇشتا بەگنىڭ كۆزدە تۇتقان مۇددىئاسى مەيلى زۇنۇن پاناق پەرەز قىلغاندەك بولسۇن ياكى باشقىچە بولسۇن، بۇنىڭ ماڭا كەلتۈرىدىغان پايدىسى بىلەن زىيىنى يۈرىكىمنى مۇجۇيتتى. پايدا دېگەندە، بۇ پايدا ماڭا تەئەللۇق ئەمەس ئىدى. زىيان بولسىچۇ، بۇ ئەلۋەتتە ئۆزۈمگە ھېساب بولاتتى. بۇلىنىدىغان تەرەپ مېنى قولغا چۈشۈرۈۋالسا ئۇرامدۇ، ئۆلتۈرەمدۇ ياكى يامۇلغا ئەكىلىپ سولىتىۋېتەمدۇ، بۇنى ئالدىن بىر نېمە دېيەلمەسەممۇ، تەقدىرىمدە باشقىچە ئۆزگىرىش بولۇشىنى پەرەز قىلىش قىيىن ئەمەس ئىدى. بۇ ئىشنى رەت قىلالمايتتىم. شۇنىڭ ئۈچۈن رەت قىلالمايتتىمكى، نېمە ئىشقا بۇيرۇشىنى بىلمەي تۇرۇپ «مەن بۇيرۇغان ئىشقا بارالمايمەن» دېگىلى بولمايتتى.

ئۇيان ئويلاپ ـ بۇيان ئويلاپ، ئەتە كۈندۈزدە بولسىمۇ قېچىپ بېقىش قارارىغا كەلدىم. «تۇتۇۋالسۇن ئۈچۈنلا قاچاي، — دەپ ئويلايتتىم ئىچىمدە، — باغقا كىرىپ، قېرى ياڭاقنىڭ ئەنجان تېمىغا ساڭگىلىغان شېخى ئارقىلىق تام ئۈستىگە چىقىۋالىمەن. ئۇ يەردىن نېرىقى تەرەپ ئېگىز بولسىمۇ تامدىن سىيرىلىپ چۈشۈشكە ھەرىكەت قىلىمەن. مېنى تۇتۇۋېلىشى چوقۇم. شۇ ھالدا ماڭا ئىشەنمەيدىغان بولۇپ، بۇلاڭچىلىققا ئەۋەتمەسلىكلىرى مۇمكىن... ئەگەر تۇتۇۋالمىسا تېخى ياخشى، ھازىر ياز، ئېتىزلارنى ئارىلاپ قېچىپ بىرەر مازار ـ گۆرىستانغا ئۆلىشىۋالسام قالغىنىغا خۇدا پادىشاھ...»

ئەتىسى قوپقىنىمدا زۇنۇن پاناق ياتقان يېرىدە يوق ئىدى. ئۇنىڭغا



كېچىچە ئويلىغان پىلانىمنى ئېيتىپ، مەسلىھەت سوراپ بېقىش نىيىتىگە كەلگەنىدىم. تاڭغا يېقىن ئۇخلاپ قالغانلىقىمدىن، ئۇنىڭ قاچان ئورنىدىن تۇرۇپ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيتتىم. باشقا ھاشارچىلارمۇ ئەمدىلەتىن ئورنىدىن تۇرۇۋاتقاچقا، بىرەرىدىن سوراپ بېقىشقىمۇ ئۇرۇنمىدىم. پىلانىمنى ئۆز ئالدىمغا ئورۇنداۋېرىش نىيىتىگە كېلىپ، بامدات نامىزى ئۈچۈن تاھارەت ئېلىشقا ماڭدىم.

بامداتتىن كېيىن ئىشقا چۈشەتتۇق. ئەتىگەنلىك چاي — كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە بېرىلەتتى. مەن ئاشۇ چاي ۋاقتىدا ھەرىكەت قىلىشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ، گەرچە بەگ ئاخشام بۈگۈن ئىشلىمەي ئارام ئېلىشىمنى ئۇقتۇرغان بولسىمۇ، چاندۇرماسلىق ئۈچۈن ئىشلەۋەردىم. ئىشىمىز توغام ئېگىش ئىدى. توغام دېگىنىمىز ھارۋا چاقى ئۈچۈن ئېگىلىدىغان سېرىق سۆگەتنىڭ بونجىرى ئىدى. بۇنداق بونجا بىرەر ھەپتە سۇغا چىلىنىپ يۇمشىشى كېرەك. ئاندىن ئۇنى سۇس ئوتتا قىزىتىپ، ئاستا ـ ئاستا ئېگىپ، يۇملاق چەمبەر ھالىغا كەلتۈرەتتۇق. مەن بۇ ئىشتا خېلى تەجرىبىلىك «ئۇستا» بولۇپ قالغانىدىم.

چاي ۋاقتىغا ئاز قالغاندا زۇنۇن پاناق يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بولدى ۋە مېنى چاقىرىۋېلىپ:

— مېنى بەگ ئەتىگەن قاقپۇدا بىر ئىش بىلەن چاقىرتىپتىكەن، بامداتتىن يېنىشىغا ئۈلگۈرۈپ دەرۋازا تېشىدىكى ھويلىسىغا بېرىپ، سېنىڭ گېپىڭ بولۇۋاتقىنىنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپتىمەن، — دېدى ۋە ھېچكىم بولمىسىمۇ ئەتراپقا بىر قارىۋېتىپ ئۈنىنى پەسلەتتى، — سەن بىلەن يەنە ئىككى چېرىك بىللە بارىدىكەن، ئاشۇ ھويلىنىڭ ئاتخانىسىدىن ئات ئالىدىكەنسىلەر. بۇنى بەگ ئات باقارغا تاپىلاۋاتقىنىدىن پەم ئەتتىم...

— مەن قېچىپ كېتەيمىكىن، دەپ ئويلىۋىدىم...

— مەنمۇ شۇنى دېمەكچى، — ئۇ گېپىمنى بۆلۈۋەتتى، — ئاتلىق يولغا چىققىنىڭلارغا قارىغاندا، سەپىرىڭلار قىسقا ئەمەستەك قىلىدۇ. چېرىكلەرنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ، ئاتنى «چۇھ» دېسەڭ بولىدىغا-

مايماق ئىدى.

— نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىڭنى ئۇقتۇرغانمۇ؟ — بۇرۇتلۇق چېرىك سورىدى مەندىن قادىلىپ قاراپ.

— خەۋىرىم يوق، — جاۋاب بەردىم.

— بىز دېگەننى قىلساڭ ھەممىدىن خەۋەردار بولۇپ قالىسەن، — دېدى ئاغزى مايماق چېرىك ئۇتتۇر چىشى بولمىغانلىقتىن تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا ھۇشقىتقاندەك چىقىرىپ.

ئۈندىمىدىم. بىزنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغىنىمىزنى زۇنۇن پاناقنىڭ قىياسى بويىچە پەرەز قىلسامۇ، ماڭا بىرى ئېنىق ئۇقتۇرمىغانلىقتىن، چېرىكلەر بىلەن سۆھبەتلىشىپ يۈرۈشنى خالىمايتتىم.

بىردەمدىن كېيىن سودىگەر سىياق، ئەللىك ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى ئۆچكە ساقال، پاكار بىر ئادەم خېلى چوڭ بىر بوقچىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، سۇپا ئۈستىگە قويدى ـ دە، قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ، ئىشىككە يېقىنراق بېرىپ تۇردى. چېرىكلەر بوقچىنى يەشتى. ئۇنىڭدىن ئىككى تونىنى ئېلىپ ئۆزلىرىگە چاغلاپ باققاندىن كېيىن، چېرىكچە تاشقى چاپىنىنى سېلىۋېتىپ تونلارنى كىيىپ، ئۈستىدىن بەلۋاغ باغلاشتى.

— سەنمۇ شۇنداق قىل! — دەپ بۇيرۇدى ئىشىك يېنىدا تۇرغان كىشى ماڭا.

بوقچىدا يەنە ئىككى تون بار ئىدى. قېلىن چەكمەندىن ئەستەرسىز تىكىلگەن بۇ تونلار نىمكەشرەك بولسىمۇ يىرتىلمىغانىدى. مەن ئۈستۈمدىكى يەتتە ئاي بۇرۇن گۇ سوزىنىڭ ھويلىسىدا كىيىۋالغان پاختىلىق چاپاننى سالدىم. ئىشتانىمۇ شۇ چاغدىكى ئىشتان ئىدى. ئەمما، ئەتىيازدا زۇنۇن پاناقنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئۇنىڭ مازلىرىنى سۆكۈپ ئېلىۋەتكەن، ئەمما چاپان يەنە شۇ پاختىلىق پېتى ئىدى. چاپان ئىچىدە مۇددىتى ۋۇتۇپ چىقىپ كەتكەن ھاشارچىلاردىن بىرى ھەدىيە قىلغان خام كالتە كۆڭلەك بار ئىدى. ئۆزۈمگە بابراق كېلىدىغان توندىن بىرنى خام كۆڭلەكنىڭ ئۈستىگە كىيىپ، مەنمۇ چېرىكلەردەك بەلۋاغ باغلىۋالدىم.

— بۈگۈن بەدەنلىرىڭ بىر يايرىۋالدىغان بولدى ـ دە، بومبۇر



ساقال قەلەندەر؟ — دېدى بۇرۇتلۇق چېرىك مېنى مەسخىرە قىلىپ.

— كېچىچە جىق يايرايدۇ تېخى، — ئاغزى مايماق چېرىك ماڭا قىيا قاراپ مەسخىرە قىلغىنىنى يوشۇرمىدى.

— بولۇڭلار يىگىتلەر، — بوقچا ئەكىرگەن كىشى ئىشىك يېنىدا تۇرغىنىچە ئالدىراتتى، — ھاۋانىڭ ئەپتى كاشىلىدەك تۇرىدۇ، يول ئۇزۇن...

چېرىكلەر مىلتىقلىرىنى تونىنىڭ ئىچىگە ئېسىپ، چاپان سىرتىدىن چانىمايدىغان قىلىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ھېلىقى كىشىنىڭ سۆزىگە ئۇلار ھومىيىپ قويۇش بىلەن ئىنكاس قايتۇرغان بولسىمۇ ھەرىكىتىنى تېزلەشتۈردى. مىلتىقلار تومپىيىپ تۇرغان بولسىمۇ، مەيلى دېيىشىپ ئۈستىدىن باشقىدىن بەلۋاغ باغلاشتى. ئەڭ ئاخىرىدا بىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىمىز بوقچىدا قالغان قاغىلىقنىڭ چوڭ بادام گۈللۈك دوپپىسىدىن بىردىن كىيىش بولدى.

— چاپىنىڭ بىلەن تۇمىقىڭنى ئۆزۈڭ ئاچىقىپ بىر يەرگە جايلا ساقال، — دېدى قېرى كىشى ماڭا. ئۇنىڭ مەن سېلىپ قويغان چاپان بىلەن تۇماقىقا تىكىلگەن كۆزلىرىدىن يىرگىنىش ئۇچقۇنلىرى چىقاتتى، — يېنىپ كەلگىنىڭدە ئىزدەپ تاپالايدىغانراق يەرگە قوي. ھويلا كەڭرى.

«خۇدا بۇ دەرگاھىڭنى قايتا كۆرسەتمەس، — دېدىم ئىچىمدە چاپان بىلەن تۇماقنى كۆتۈرۈپ چىقىۋېتىپ، — بۇلارنى سەن يادىكار سۈپىتىدە بېشىڭغا ئېسىپ ساقلارسەن، ئىلاھىم...»

ئۇلارنى تامنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى كونا تونۇرنىڭ ئىچىگە تىقىۋەتتىم ۋە مېنى ساقلاپ ھويلا ئىشىكى ئالدىدا تۇرۇشقان ئىككى چېرىككە يېتىشىۋالدىم. بىز شۇنىڭدىن كېيىن يۇمشاق توپىلىق يولدىن تېز يۈرۈپ كەتتۇق. توپا يالاڭ ئاياغ پۇتلىرىمنىڭ ئوشۇقىغىچە چىقاتتى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى سۇۋادان تېرەكلەر قاراڭغۇلۇقنى يەنىمۇ قويۇقلاشتۇرۇپ، بەش ـ ئون قەدەم نېرىنى كۆرسەتمەيتتى. مەن بۇ يولدىن قارا قىشتا، بەگنىڭ باشلىشى ۋە ئىككى چېرىكنىڭ يالىشى بىلەن بىر نۆۋەت

ماڭغانلىقىمنى ئېسىمگە چۈشۈردۈم. ئەتراپنى ياخشى بىلمەيدىغانلىقىم ئۈچۈن تازا ئۈركۈندۈم، بولمىسا، جېدەللەپ كېتىۋاتقان چېرىكلەر ماڭا ھەرقانچە ھېزى بولغاندىمۇ، يولنىڭ قايسىلا تەرىپىگە ئۆزۈمنى ئاتسام قېچىپ كېتەلەيدىغانلىقىمغا كۆزۈم يېتەتتى.

بىز قەدەملىرىمىزنى تېزلىتىپ بىر بوشلۇققا چىقتۇق، بۇ يەرنى مەن تونۇدۇم. سول تەرەپتە تۆت يۈز غۇلاچچە نېرىدا سېپىل خەندىكى بار ئىدى. ئوڭ تەرەپ چوڭ يول ئىدى. ئۇدۇلدا خەندەك ياقىلاپ قىڭغىر - قىيسىق ئۆي - ھويلىلار جايلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى دەڭ - ساراي ۋە دۇكانلار ئىدى. چېرىكلەر بۇ يەرگە كەلگەندە پۇتۇشۇۋالغاندەك قەدەملىرىنى ئاستىلىتىپ مەن بىلەن قاتارلىشىپ ماڭدى. بىزنىڭ تەقى - تۇرقىمىزنى نېرىدىن كۆرگەنلەر كەچ قېلىپ شەھەرگە كىرەلمەي، قونالغۇ ئىزدەپ يۈرگەن مەدىكارلار دېيىشى مۇمكىن ئىدى.

بىز خەندەك بويىدىكى ئۆيلەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ، باشقا بىر يېزا يولىغا بۇرۇلدۇق. ئانچە ئۇزۇن ماڭمايلا بىر ھويلىنىڭ ئارقا دەرۋازىسى ئالدىدا توختىدۇق. بۇرۇتلۇق چېرىك دەرۋازىنىڭ ھالقىسىنى شاراقشىتىشىغىلا دەرۋازىنىڭ بىر قانىتى ئېچىلدى. بىز كىرىشىمىز بىلەنلا يەنە تاقىلىپ قالدى. «ھەممە ئىش ئالدىن پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىكەن...» دەپ ئويلىدىم مەن.

ھويلىنىڭ ئاتخانا ئىكەنلىكىنى ئات قىغى بىلەن بېدە - سامانىنىڭ ئارىلاش پۇرىقىدىنلا بىلىۋالغىلى بولاتتى. دەرۋازا ئاچقان كىشى بىزنى يورۇق چىقىپ تۇرغان بىر ئىشىكتىن باشلاپ كىردى. بۇ ئاتخانا بولۇپ، كەڭ، ئېگىز سېلىنغان، ئوتتۇرىغا ئۇزۇن ئوقۇر ياسالغان، ئوقۇرنىڭ ئۈستىدە ئات سويۇتقاندا باغلاشقا لازىملىق توغرا ياغاچ قويۇلغانىدى. ئاتخانىنىڭ تورۇسىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان تۈۋرۈكلەرگە قېقىلغان چىراغپايلاردا قارا چىراغلار يېنىپ تۇراتتى. شۇ تاپتا ئۇندىن ئارتۇق ئات كاراسلىتىپ قوناق يېمەكتە ئىدى.

— ئەنە ئاتلار، — بىزگە دەرۋازا ئاچقان كىشى ئاتلارغا قارىماي



تۇرۇپلا كۆرسەتتى. ئۇ يېشى بىر يەرگە بارغان، چار ساقال، ئورۇق، پاكار بوۋاي ئىدى، — بېگىم تاللىۋالغىنىنى ئىگەرلەپ بەر، دېگەنىدى. تاللاشسىلا...

چېرىكلەر بولاڭچىلاردەك ئاتلارغا ئېتىلىشتى. ئۇلار قايسىبىر ئاتنىڭ يايلىنى سىلاپ، قايسىبىرىنىڭ ساغرىسىغا شاپىلاقلاپ، مال بازىرىدا ئات ئالىدىغان قىياپەتتە كۆرۈپ ئايلىنىپ يۈرۈشتى. ئۇلارنىڭ قىلىقلىرىغا غەزەپ بىلەن قاراپ تۇرغان بوۋاي جىم تۇرغىنىمنى كۆرۈپ:

— ئۆزلىرىگە يارىمايدىغاندەك تۇرامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

كىچىكلىكىمدىن تارتىپ دادامنىڭ مەپىسىگە قوشۇلىدىغان ئاتلارنى يېتىلەپمۇ، مىنىپمۇ ئوينىغانىدىم. لېكىن قانداق ئاتنىڭ ياخشى، يۈگۈرۈك ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم. بۇرۇن بىزنىڭ مەپىكەشلەر ھارۋا ئېتى باشقا، مەپە ئېتى باشقا، يۈگۈرۈك ئات باشقا، ھەتتا ھارۋا ئاتنىڭمۇ شوتا ئات بىلەن يانداق ئاتنىڭ چېپىش خۇسۇسىيىتى ئوخشىمايدۇ دەپ سۆزلىشىدىغان. مەن بۇ بىر مۇنچە ئاتلارنىڭ نامۇخالىسى يوق، بەلەن، سېمىز ئىكەنلىكىنى كۆرگەن بولسامۇ، پىلانىمغا ماس كېلىدىغانراقى قايسى ئىكەنلىكىنى ئايرىيالمايتتىم. شۇڭا، ئىككى چېرىك تاللاپ ئاشقاندا، ئاندىن تەۋەككۈلىسىگە بىرنى تۇتاي دەپ ئويلاۋاتاتتىم. بوۋاينىڭ مەسخىرىلىك سوئالىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي:

— ئاتلار بىر - بىرىدىن ياخشى ئىكەن بوۋا، ئات مىنىشتە چولتا ئىدىم. قايسىسىنى تۇتۇشنى بىلەلمەيۋاتىمەن، — دېدىم.

— ئات مىنەلمىگەن ئادەم بولاڭچىلىق قىلىشقا نېمىدەپ چىقاتتىڭ رەزگى؟ — دېدى ئۇ ئاچچىق بىلەن، — تۇرغان - پۈتكىنىڭ قاراقچىنىڭ ئۆزى، قاراقچىلىقنىڭ نېنىنى يېگەن ئادەمزە ئاتنى بىلمەمدىكەن؟...

بوۋاينىڭ سۆزى مېنى خاپا قىلالمىدى. ئۇ مېنى خاتا چۈشەنگەنىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزى باققان ئاتلىرىغا ئىچ ئاغرىتىۋاتقاندەك قىلاتتى.

— مەن نەدە قاراقچى بولاي؟ — ئاتلار بىلەن بولۇپ كەتكەن

چېرىكلەرگە بىر قاراپ قويۇپ ئۈنۈمنى پەسلەتتىم، — بەگ ھاشارغا دەپ تۇتۇۋالغان بىر مۇساپىرمەن. بۇلار بىلەن تەڭ ماڭالمىسام ياكى ئاتتىن يىقىلىپ چۈشسەم، گەجگەمدىن ئىس چىقىرىدىغان پەيلى بار ئاۋۇلارنىڭ...

بوۋاي ئەمدى يىرتىق، جۇلجۇل ئىشتىنىمغا ۋە يالاڭ ئاياغ پۇتلىرىمغا، چىرايلىق يېڭى بادام دوپپا كىيىۋالغان بولسامۇ ئۆسۈك چاچلىرىمغا بىر باشتىن قاراپ چىقىپ، دېگەنلىرىمگە ئىشەندى بولغاي:

— مۇنداق دېسىلە، — دېدى بېشىنى چايقاپ.

ئۇ بىزگە يېقىنلا ئوقۇردا قوناق يەۋاتقان يۇڭلۇق، پاكار، ماڭلىيىدا ئالىقان چوڭلۇقىدا قارىسى بار بوز ئاتنى ئىشارەت قىلدى. بۇ ئات باشقا ئاتلاردەك كۆرۈملۈك بولمىغاچقا ئىككى چېرىك ياراتماي نېرى كەتكەنىدى.

— مۇشۇنى مىنىسىلە، — دېدى بوۋاي، — يورغىسى سىلىق، قامچا-تاياق كەتمەيدۇ. قايسى تەرەپكە مېڭىشقا توغرا كەلسە شۇ تەرەپتىكى پۇتلىرىنى ئۈزەڭگىگە بەكرەك ئۇرۇپ قويسىلا ئۆزى يول تاللاپ كېتىۋېرىدۇ. ئاندىن ئۆزى تېخى ياش، مىنىكتىمۇ، مەپىدىمۇ چېنىقمىغان.

مەن ئاتنى يېشىپ چەتكە ئېلىپ چىقتىم. تامدىكى تەكچىلەردە قاتار تۇرغان ئېگەر، يۈگەنلەرنىڭ قايسىبىرىنى ئېلىشنى بىلەلمەيۋاتقىنىمدا بوۋاي ئۆزىلا ئېگەرلەپ بەردى ۋە:

— يەنە تاپىلايمەن، ئۇرۇپ تاشلىمىسىلا، — دېدى ۋە ئاران مەن ئاڭلىغۇدەك پەس ئاۋازدا قوشۇپ قويدى، — ئىشىڭلار ئاقماي قالسىمۇ مېڭىشنى بۇ ئاتنىڭ ئىختىيارىغا بەرسىلە، مۇشۇ يەرگە ئەكىلەلەيدۇ...

مەن بوۋايدىن نەگىرەك بارىدىغانلىقىمىز، قانداق بولاڭچىلىق قىلىدىغانلىقىمىز، نېمىشقا بۇ چېرىكلەر پوقراچە ياسىنىدىغانلىقى، «ئىشىمىز» نىڭ ئاقماي قالىدىغان قانداق يېرى بارلىقى... ھەققىدە نېمىلا بولسۇن بىر سوراپ باقاي دەپ تەمشىلىۋاتاتتىم، ئاتلارنى تاللاپ، ئېگەرلەپ بولغان چېرىكلەر كېلىپ، مەن تۇتۇپ تۇرغان ئاتنى زاڭلىق



قىلىشقا باشلىدى. مايماق ئېغىز خىرىلداپ كۈلۈپ:

— ھەي، سەن بۇ يۇڭلۇق ئېشىكىڭ بىلەن بىزنىڭ يولىمىزنى ئۇزارتىۋېتىدىغان بولدۇڭ-دە؟ — دېدى.

— ئەگەر سۆرىلىپ ئاۋارە قىلىدىغان بولسا، ئېشىكىنى قويۇپ ئۆزىنى ساۋايمىز، — دېدى بۇرۇت مايماققا، — شۇ چاغدا ئۆزىلا يەرگە چۈشۈپ تۆت پۇتلۇق بولۇپ يۈگۈرمىگىنىنى مەن كۆرەي...

بوۋاي ئۇلارغا نەپرەت بىلەن كۆز سېلىپ، ئۇلار يېتىلەپ چىقىپ كېتىۋاتقان ئاتلارغا ئېچىنىش بىلەن قاراپ تۇردى. مەن ھەممىنىڭ كەينىدىن ھويلىغا چىقتىم.

دەرۋازىدىن چىقىۋاتقاندا بوۋاي ئېتىمنىڭ ساغرىسىدىن سىلاپ قويدى. چېرىكلەر:

— سەن بومبۇر ساقال، ئاتقا باناقاپ كەينىدە قالىمەن دېمە، يېتىشىپ ماڭمايدىغان بولساڭ ئەدىپىڭنى يەيسەن. ياخشى ئات تاللىمىغان گۇناھىڭ ئۆزۈڭگە، — دەپ يەنە بىر ھازا ۋالاقلاشتى.

— ئاۋۋال مېڭىپ باقمايمىزمۇ؟ — دېدىم ھەم پەندى-نەسىھەتلەر تۈگىسۇن دەپ، ھەم ئاتقا ئىشىنىپ.

— ماڭىمىز، تويغۇچە ماڭىمىز، — بۇرۇت شۇنداق دېدى-دە، بىرىنچى بولۇپ ئېتىغا قامچا سالدى.

بىز بىر-ئىككى غۇلاچچە ئوڭ قولنى بېسىپ، ئاندىن سول تەرەپتىكى توپا يولغا چۈشتۇق. ئاستىمدىكى ئات مېنى خىجالەت قىلمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىدە مەن ھەقىقەتەن يورغا ئات قوشۇلغان مەپىدە ئولتۇرغاندەك سىلكىنمەي تىنچ، سىلىق ئولتۇراتتىم. تىزگىنىنى بەكرەك تارتىپ ماڭمىسام، ئىككى چېرىكنىڭ ئېتىدىن ئۆزۈپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. «ماڭا بىر قانات بولىدىغاندەك تۇرىسەن، — دەپ خۇشال بولۇپ ئويلايتتىم ئىچىمدە ئات توغرۇلۇق، — قېنى، نەگىچە، نېمە ئىش قىلىشقىچە بارىدىغانلىقىمىز ئاشكارىلانسۇن، قالغىنىنى ئاستا-ئاستا كۆرەرمىز...»

ئىككى چېرىك ئەمدى تېز كېتىۋاتقىنىمدىن ۋايساشقا باشلىدى:

— سەن ساقاللىق قەلەندەر، ئاستىراق ماڭمامسەن؟ — دېدى

بۇرۇت ھاسىراپ، — بىزنى كەينىدە تاشلاپ قويۇپ تىكىۋېتىمەن دەيدىغان بولساڭ مۇشەك مانتىسى يەپ قالىسەن...

— ئات تالالاشنى نەدىن ئۆگەنگەن بولغىيدىڭ؟ — مايماق ئېغىزمۇ قوشۇلدى، — قانداق ئاتنىڭ يورغىسى سىلىق، يۈگۈرۈك ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ئەبگا تۇرۇپ، بىزگىمۇ ھايت دەپ قويىمادىغان؟ كىچىككىدىنلا ئات ئوغرىسىمىدىڭ يا؟...

ئۇلار شۇنداق دېيىشكەچ ئۆز ئاتلىرىنى توختىماي قامچىلايتتى. قولۇمدا قامچا تۇگۇل بىر تال شىشقىنىڭمۇ يوقلۇقى ئۇلارنىڭ تېخىمۇ جېنىنى چىقىراتتى.

يەنە بىرەر پوتەيدەك ماڭغاندا نامازشام بىلەن تەرىنى تۇرۇۋالغان ھاۋا تېخىمۇ نەملىشىپ، يازغا ماس كەلمەيدىغان سوغۇق شامال ئېسىشكە باشلىدى. ئارقىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا يامغۇر تامچىلىغىلى تۇردى.

— ھەي، يامغۇر چۈشىدىغان بولدى. بۇ ھاۋا دېگەن كاساپەت دېگىنىنى قىلدى-دە؟ — بۇرۇت ئېتىنى ھەدەپ قامچىلاپ، تىزلىرى بىلەن دىسلايتتى، — بۈگۈن بىزگە بىر نەسلىك ياماشقاندەكلا تۈيۈلىدۇ، كۆڭلۈم تارتمايلا تۇرىدۇ.

— چېرىك باشلىقى دېگەن ھۆكۈمەت بەرگەن لەگنى يەپ، ئۈچ يۈز چېرىككە دەپ ئالغان مائاشنىڭ ئىككى يۈز چېرىكلىكىنى چەندازىسىغا سېلىپ ياتسىمۇ يەتمەمدۇ؟ — مايماقمۇ غودۇڭشىغىلى تۇردى، — قايسى بەگنىڭ قايسى بەگدە غۇمى بارلىقىغا ئارىلىشىپ چېپىپ يۈرگىنى نېمىسى؟

— ئالتۇن-كۈمۈشنىڭ ئولتۇرغۇزمايدىغان مىجەزى بار-دە؟ بەرسە ئېلىپ يەۋەرگەن گەپ.

— بىزگە نېمە جاپا؟ ئۇلار بىر-ئىككى خوتۇن، بىر-ئىككى مىڭ سەر پۇلغا قانائەت قىلمايدۇ. بىز ئىتقا ئوخشاش قىرچاڭغۇ ئاتتا سوكۇلداپ يۈرىمىز. يامغۇر بەكرەك ياغىدىغان بولسا ئىت ئۆۋىسچىلىك كامارغىمۇ ئۇلىشالمايمىز...

— شامال سەل ئەدىسە يامغۇر ياغالمايتتى...



ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋاب تەرىقىسىدە گۈلدۈرلەپ چاقماق چاقتى. دەقىقە ئارىلىقتا ئەتراپ كۆز يېتىم يەرگىچە يوپيورۇق بولۇپ كەتتى. ئىككى-ئۈچيۈز قەدەم نېرىدا پاكار-پاكار، رەتسىز يېزا ئۆيلىرى چوقچىيىپ تۇراتتى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا مېۋىلىك، مېۋىسىز دەرەخلەر سۇس شامال تەسىرىدە لەرزان ئىرغاڭلايتتى. بىزنىڭ كېتىۋاتقىنىمىز غېرىچ چوڭقۇرلۇقتىكى توپىغا كۆمۈلگەن، ھارۋا تولا مېڭىپ كاتاڭلىشىپ كەتكەن ئېگىز-پەس، ئەگرى-بۈگرى يېزا يولى ئىدى. شۇ ئارىلىقتا يىراق بىر جايدا قۇرۇپ كەتكەن دەرەخنىڭ قاقشال ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ يەنە بىر قېتىم چاقماق چاقتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەتراپ جىمجىت بولۇپ قالدى. ھاۋانى نەم، لاي پۇرىقى قاپلاپ كەتتى. بىز ھېر ئىككى يۈز قەدەمچە مېڭىۋىدۇق، تارسىلداپ يامغۇر چۈشۈشكە باشلىدى.

— بولمىدى، بەك يېغىپ كېتىدىغان پەيلى بار، — دېدى مايماق.

— قانداق قىلىمىز، ھۇسەننىڭكىگە بېرىۋالايلىمۇ يا؟

— قانداق بارالايمىز؟ يامغۇر بەك يېغىپ كەتسە يول پاتقاقلىشىدۇ، نېرىنى كۆرەلمىسەك ئېزىپ قېلىشىمىز مۇمكىن...

— ئەمىسە مۇشۇ يېزىدىكى بىرەر باينىڭ ئۆيىنى تاپمايلىمۇ؟ — دېدى بۇرۇت مايماقنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشىنىپ، — لېكىن كېچىنى بۇ يەردە ئۆتكۈزسەك بارىدىغان يېرىمىزگە بارغۇچە تاڭ ئېتىپ قالار؟

— نېمە بولسا بولار ياكى يامغۇر ئەتىمۇ يېغىپ قالار...

ئۇلار كېتىۋاتقان يولنى تاشلاپ ئوڭغا بۇرۇلدى ۋە مېنى كۆزدىن نېرى قىلماسلىقتا تىرىشىپ ئىككىسى ئىككى يېنىمغا ئۆتتى. بۇ چاغدا يامغۇر بەكلا ئەدەپ كەتكەنىدى. بىر نەچچە ئون قەدەم ماڭغا-ماڭماي ئۈچىلىمىزنىڭ ئۈستۈۋېشى چىلىق-چىلىق سۇ بولۇپ كەتتى. مەن بىر چاغدا بۇۋۇسارە بىلەن ئۇنىڭ ھويلىسىدىن ئۆگزىگە چىقىپ، سىرەج تاملاردىن ئارتىلىپ موللا بەشىرىنىڭ ئۆگزىسى ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرگەن، نىكاھىمىز بولغان ۋە كېيىن نىغمەتۇللا قارىنىڭ ئۆيىگە كۆچكەن كېچىنى ئەسلىدىم. شۇنىڭدىن بۇيان ئون يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتتى. تالاي قېتىم كېچىسى يامغۇردا قالدىم. ئاشۇنداق كېچىلەردە ھە-

مىشە چۈشۈۋاتقان ھەربىر تامچە يامغۇر، جىمجىت كېچە ماڭا تونۇشلۇق بولۇپ تۇيۇلاتتى ۋە ئاشۇ بىرلا خاسىيەتلىك كېچىنى يادىمغا سالاتتى.

— ئۇتتۇر كەلگەن ئىشىكنى قاقساق، جېنىنى باقالمىغان گادايلارغا يولۇقۇپ قالمايمىز، دېگىلى بولمايدۇ. كىرىپ دالدىلىنايلى، دېسەك پاتمايمىز، ئاتلار بار تېخى، — دېدى مايماق ئۇھ تارتىپ، — يولغا چىقىشنىڭ ئالدىدا ھاۋانىڭ زۇكمى بارلىقىنى بىلگەندىكىن «ھەئە» دەپ قويۇپ ماڭمىساقمۇ بوپتىكەن...

— ئەمدى تاپا-تەنىنىڭ نېمە پايدىسى؟ يەنە ئەپلىكرەك بىر ھويلا بولسا دوقۇرۇپ باقمايلىمۇ؟

بۇرۇت شۇنداق دەپلا ئالدىدا يول باشلاپ، يېزا كوچىلىرىغا سەپسالغاچ پۇزۇرراق ئىشىك-دەرۋازىلارنى قېقىشقا باشلىدى. بىر مۇنچە ئىشىكلەرنىڭ ئىچىدىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى، بەزى ئىشىكلەرنىڭ ئىچىدىن سادا چىقتىيۇ، يامۇل، ھۆكۈمەت ئادىمى دېگەن گەپلەرنى ئاڭلاپلا ئۇرۇن يوق، دەپ ئىشىك ئاچمىدى. ئۇلار ئامالسىز ئىشىك ئاچمىغانلارنى تىللاپ، غودۇڭشىپ يولغا چۈشتى. مەنمۇ ئۇلارغا ئەگەشتىم.

بىز يامغۇرغا چىلىشىپ ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن يامغۇر سەل پەسكويغا چۈشۈپ، كۈنچىقىش تەرەپ بىر ئاز سۈزۈلگىلى تۇردى. شۇنىڭ تەسىرىدىن يولنى ۋە يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئېتىزلارنى ئىلغا قىلغىلى بولاتتى.

— يەنە ئون بەش كۈنلەردە بۇغدايغا ئورغاق تېگەتتى، — دېدى بۇرۇت ئۆزىچە مۇلاھىزە قىلىپ، — لەنىتى يامغۇر ئورما ۋاقتىنى كەينىگە سۈرۈۋېتىدىغان بولدى.

— نېمە ئۆزۈڭچە بۇغدايلار بىلەن قالدىڭ؟ — مايماق ئاچچىق قىلدى، — ئورما يۈز كۈن كېچىكسىمۇ نېنىڭ كەملەپ قالمايدۇ. تارتىۋاتقان جاپايىمىز ئۈچۈن ئىچىڭنى ئاغرىتە!

بۇرۇت گەپ قىلمىدى. ئاتلار تۇۋاقلىرىنى چۆكۈرگۈدەك پاتقاقتا پۇتلىرىنى تەستە يۆتكىسىمۇ خېلى تېزلىك بىلەن ماڭماقتا ئىدى. ئىككىسى يولنى، پاتقاقنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ھەدەپ ئاتلىرىغا قامچا سالاتتى.



يامغۇر پۈتۈنلەي توختاپ، خېلى كۈچلۈك شامال چىقىشقا باشلىدى. بۇلۇتلارمۇ بارغانسېرى سۈرۈلۈپ، ئالدىمىز تەرەپتىكى ئاسمان يۈزىدە ئاخىرقى يۇلتۇزلار سۇس پارقىراشقا باشلىدى ۋە ئۇمۇ بارغانسېرى ئۇخچۇپ ئۆرلەۋاتقان شەپەق نۇرى بىلەن كۆمۈلۈپ غايىب بولماقتا ئىدى. بىز بىر يېزىغا كىرگەندە مەسچىت تەرەپتىن بامداتقا ئېيتىلغان ئەزەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— قانداق قىلىمىز؟ — سورىدى مايماق ئەزەن ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتقان تەرەپنى بېشى بىلەن ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ.

— قانداق قىلىمىزىڭ نېمىسى؟ كېتىۋېرىمىز-دە!

ئۇلارنىڭ ئىككىسىنىڭ قاپاقلىرى ئىششىغان، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن، زىناق تېرىلىرى لىپىلداپ قالغانىدى. روھىمۇ تۆۋەن بولغانلىقتىن، ئات ئۈستىدىمۇ ئاران ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلاردىكىدەك بوشىشىش مەندىمۇ غالىب كەلمەكتە ئىدى. بىر كېچە ئۇخلىمىغانلىق ھېچقانچە گەپ ئەمەس، ئېغىر كېلىۋاتقىنى يامغۇردا قېلىش ئىدى. خۇپتەندىن يانغان ۋاقتتىن تاڭ سۈزۈلگۈچە مەنمۇ ئاشۇ ئىككى چېرىكتەك سۇ ئىچىدىلا يول يۈرگەنىدىم. بىزلا ئەمەس، ئاتلارمۇ ئەمدى تېتىكلىكىنى يوقاتقان، قامچا بەۋا كەلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى.

بىز يېزىدىن ئاتلارنى قاتتىق دىسلاپ، نامازغا ئالدىراپ تام ياقىلاپ كېتىۋاتقان كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرۇپ ۋە ئۇلارنىڭ كېيىملىرىگە لاي چاچرىتىپ مېڭىپ ئايرىلدۇق. پېشاي دەپ قالغان، يامغۇر ۋە شامالدا يېتىپ كەتكەن بۇغداي ئېتىزلىرى ئارىسىدىكى يولدىن ئاش ۋاقتىغىچە مېڭىپ، بىز بېسىپ ئۆتكەن يېزىلاردىن ئاۋات بىر يېزىغا كىرىپ كەلدۇق. ئۆيلىرى زىچ، يولى تۈز ۋە خېلى كەڭرى بولغان بۇ يېزا نېمىشقىدۇر جىمجىت ئىدى. دۇكانلىرى خېلى جىق بولسىمۇ، ھارۋا چاقىغا تۆمۈردىن چەمبەر قېقىۋاتقان ئۈچ كىشى ئولتۇرغان بىرلا تۆمۈرچىلىك دۇكىنى ئوچۇق ئىدى. ئاشۇ ئۈچەيلەننىڭ تۆمۈر چەمبەرگە ئۇرۇۋاتقان بولقا ئاۋازى يېزىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى.

بىز تۆمۈرچىلىك دۇكىنىنىڭ ئالدىدىن ئۆتتۇق. تۆمۈر چەمبەر

قېقىشۋاتقان ئۈچەيلەن بىزگە مۇنداقلا بىر قاراپ قويدىيۇ، ئالاھىدە ئېتىبار قىلىپ كەتمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىزگە ئالتە - يەتتىدەك كۈچۈكنى ئەگەشتۈرۈپ، بىر دوقمۇشتىكى دۆۋىلەپ قويغان ئەخلەت ۋە قىغلار چۆرىسىدە يۈرگەن يوغان بىر قارا قانجۇق ئۇچرىدى. ئۇ قىغلارنى تاتىلاۋەردى. كۈچۈكلەردىن بىر - ئىككىسىلا بىزگە ئۆتۈپ كەتكۈچە قاراپ تۇردى.

ئىككى چېرىك ئالدىمدا بەش - ئالتە غۇلاچچە ئۈزاپ مېڭىپ، ئانچە ياسداق بولمىسىمۇ قەدىمىي ۋە ئويما نەقىشلىك بىر دەرۋازا ئالدىدا ئاتتىن چۈشتى. مەنمۇ يېتىشىپ بېرىپ ئاتتىن چۈشتۈم. ھارغان، ئاچقان ئاتلار ئېغىر پۇشۇلدايتتى ۋە يامغۇردا قالغان چاغدىكىدەك چىپ - چىپ سۇ بولۇپ كەتكەنىدى. لاي - پاتقاقلار ئاتلارنىڭ تىزىغىچە چاپلىشىپ كەتكەنىدى.

— ئۆلگۈدەك ھاردىم، — دەپ ۋايسىغىنىچە بۇرۇت ئاۋۋال ئوچۇق دەرۋازىدىن كىردى.

مايماق، ئۇنىڭ كەينىدىن مەن ئەگىشىپ كىردۇق. دەرۋازىنىڭ ئۈستىدىكى مەنزىر ئون - ئون بەش غۇلاچچە ئۇزۇنلۇقتىكى جاينى قورۇق ساقلىغانىدى. بۇ يەر يەنە پاكىز سۈپۈرۈپ قويۇلغان بولۇپ، بىزنىڭ ئاتلارنى يېتىلەپ كىرىشىمىز بىلەن لاي - پاتقاقلارنىڭ چاچراندىسىغا تولۇپ كەتتى.

— بۇ ھويلىدىكىلەر ئۆلگەنمۇ نېمە؟ — دېدى مايماق ئالدىغا بويۇنداپ قاراپ، — ئۈچ ئادەم بىلەن ئۈچ ئاتنىڭ دۈكۈرلىشىپ كىرگىنىنىمۇ تۇيمايدىغۇ؟

بىز يەنە ئىلگىرىلەپ، ئاستىغا خىش ياتقۇزۇلغان ئوچۇق ھويلىغا چىقتۇق. ئىچى خېلى كەڭ بولغان ھويلا ۋە ئىشىكلىرى ھويلىغا قارىتىپ سېلىنغان پېشايۋانلىق ئۆيلەرگە سەپسېلىپ قارىدىم. ئۆيلەرگە ئەينەكلىك دېرىزىلەر قويۇلغان بولۇپ، ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى قاناتلىق چوڭ ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككىدىن دېرىزە بار ئىدى. پېشايۋان ئاستىدىكى خىشلىق سۇپىدىن ئون قەدەمچە يىراقلىقتا كۆڭگۈرلىق خىش تام سېلىن-



غان، خىش تامنىڭ ئۈستىدىن پېشايۋاننىڭ پېشانىسىگىچە ياسالغان بىدىشكە تال بارىڭى ياماشتۇرۇلغانىدى. باراڭدا ھازىر تېخى پىشمىغان بولسىمۇ، كىشىنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلتۈرۈپ، ئۈزۈم شىڭگىللىرى ساڭگىلىشىپ تۇراتتى. كۆڭگۈرلىق خىش تامنىڭ ئالدىغا تېرىلغان گۈللەر ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن بولۇپ، بۇنىڭ تەسىرىدىن ھويلا ئىچى خۇشبۇي پۇراققا تولغانىدى. گۈللەرنىڭ ئۈستىدە كېپىنەكلەر بىلەن چېچەك ھەرىلىرى غۇژۇلدىشىپ ئۇچۇپ يۈرۈشەتتى. ھويلىنىڭ چىرايلىق بۇ قىسمى پاكىز سۈپۈرۈلگەن. كېچىچە ياغقان يامغۇر قېلىن سۇ سەپكەندەكلا كۆرۈنەتتى. بىزنىڭ پاچاقلىرىغا لاي يېپىشقان، ئەمدى ئۇ لايلار قۇرۇپ، ھويلىغا چاچراپ، مەينەت قىلىۋېتىپ بارغان ئاتلارنى يېتىلەپ كىرىشىمىز تازا مۇۋاپىق بولمىغاندەك بىلىنەتتى. لېكىن، بىزنىڭ ئالدىمىزغا بىرەر كىشىنىڭ «نېمە ئادەم سىلەر؟» دەپ چىقماسلىقىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىدى.

— چاقىرمامسەن بىرەرىنى، — دەپ بۇرۇتقا ھومايدى مايماق، — قەلەندەردەك تۇرۇپ كەتتۇققۇ؟

— قايسىڭلار بار، ھەي؟ — تۇۋلىدى بۇرۇت ئۆي تەرەپكە قاراپ، — ھۇسەن ئاخۇن، ھەي ھۇسەن ئاخۇن!

بۇلار بىر نەچچە قېتىم گېپىنى قىلغان ھۇسەن دېگەننىڭ ھويلىسى مۇشۇ بولسا كېرەك، دەپ قىياس قىلدىم ۋە ئۇنىڭ باي ئادەم ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردۈم. بۇرۇت تۇۋلىغاندىن كېيىنمۇ بىر نەچچە مىنۇت ئۆتۈپ يەنە ھېچكىم چىقمىدى. مەن شەھەردىكى ئېسىل ئۆيلەر سىياقىدا ياسالغان پېشايۋانغا، نەقىشلىرى كۆركەم دېرىزە راملىرىغا، ئىشىكنىڭ كىشەكلىرىگە ۋە پېشايۋاننى كۆتۈرۈپ تۇرغان تۈۋرۈكلەرگە قاراپ، شۇلارنىڭ ئىچىدىكى قايسىبىر جايلارنىڭ بۇۋىسارىنىڭ ھويلىسىدىكىگە ئوخشايدىغانلىقىنى سەزمەكتە ئىدىم. بۇ ھويلىنىڭ بۇنداق يېرى بۇۋىسارىنىڭ ھويلىسىنىڭ مۇنداق يېرىگە ئوخشايدىكەن دەپ كېسىپ ئېيتالمىسامۇ، ماڭا ئاشۇنداق تۇيۇلاتتى.

بۇرۇت يەنە بىر - ئىككى قېتىم تۇۋلىغاندىن كېيىن كۆڭگۈرلىق

خىش تام بىلەن هويلا ئارىلىقىدىكى تارچۇقتىن ئەپتىدىن خىزمەتكار ئىككەنلىكى چىقىپ تۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشى چىقتى. ئۇ پۇتىنى يەرگە تېپىپ خىش يېيىتىلغان، پاكىز سۈپۈرۈلگەن هويلىنى ئېغىلغا ئوخشاش قىلىۋېتىپ بارغان، ئېغىزدۇرۇقلىرىنى قاراسلىتىپ چايناۋاتقان ئاتلارغا، ئاندىن ئۈچىمىزگە غەزەپ بىلەن ئالىيىپ قاراپ:

— نېمە ئادەم سىلەر؟ كىمدىن رۇخسەت سوراپ كىردىڭلار؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

— هۇسەن ئاخۇننى ئىزدەپ كەلدۇق، — دېدى بۇرۇت هارغىن ئاۋازدا چۈشەندۈرۈپ، — هۇسەن باينى ئىزدەيمىز، قېنى ئۇ؟

— بىز يامۇلدىن چىقتۇق، هۆكۈمەت كىشىلىرى، — تولۇقلاپ قويدى مايماق «يامۇل»، «هۆكۈمەت» دېگەن سۆزلەرنى ئالاهىدە تەلەپپۇز قىلىپ.

— هۇسەنباي يوق، — قىسقىلا دېدى خىزمەتكار، — ئۇنى ئىزدىسەڭلار ئېتىزغا بېرىڭلار، هويلىنى مەينەت قىلماي دەرهال چىقىپ كېتىڭلار!

— ئېتىنىڭ بالىسى مالاي، هاكاۋۇرلىقىنى قارىمامدىغان، باغلاڭلار! — مايماق باشلاپ ئېتىنى پېشايۋاننىڭ تۈۋرۈكىگە باغلىدى.

بۇرۇت خىزمەتكارغا بىر قاراپ قويۇپ، ئۇمۇ ئېتىنى يەنە بىر تۈۋرۈككە باغلىدى. ئىككى چېرىك شۇنداق قىلغاندىن كېيىن مەنمۇ بېرىپ ئېتىمنى ئۈچىنچى تۈۋرۈككە باغلىدىم.

خىزمەتكارنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ، بىزنىڭ ئات باغلىشىمىزغا قاراپ تۇردى. ئۈچىمىز پېشايۋان ئاستىدىكى سۇپىدا ئولتۇرۇشىمىزغىلا ئۇ:

— ياخشىلىقچە ئاتلىرىڭنى ئاچىقىپ تالاغا باغلاش، هويلىنى پاكىز سۈپۈرۈۋېتىپ كۆزۈمدىن يوقىلىش! — دېدى.

— خوجايىنىڭنى چاقىر، — دېدى بۇرۇت ئاچچىقى بىلەن ۋە تونىنى سېلىۋېتىپ ملتىقىنى كۆز - كۆز قىلغاندەك يېنىغا قويۇپ قويدى. مايماقمۇ ئۇنىڭ هەرىكىتىنى تەكرارلىدى، — خوجايىن بىزنىڭ كىملىك-



مىزنى بىلىدۇ.

— بۇ يەردە خوجايىن مەن، — خىزمەتكارنىڭ ئۈنى چىڭ، پوزىتسىيىسى قاتتىق ئىدى، — كۆسىيىڭ بىلەن مېنى قورقۇتمەن دېمە! — ئۇ مىلتىقلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ قويدى، — دېگىنىمنى قىلىشمىساڭ مەندىن يامانلاشما!

ئۇنىڭ بۇنچىلا قوپاللىق قىلىشىدا ۋە چېرىكلەردىن قورقماسلىقىدا قانداق ئاساس بارلىقى مەلۇم بولمىسىمۇ، پۇقرالارنىڭ باش ئېگىشى بىلەن قورقۇپ تىترىشىنىلا كۆرۈپ ئۆگەنگەن چېرىكلەرنى هەرهالدا خېلى تەمتىرىتىپ قويدى.

— بۇ هۇسەنباينىڭ هويلىسىمۇ؟ — دېدى بۇرۇت ئۆي، پېشايۋانلارغا بىر قارىۋېتىپ. ئۇ خاتالىشىپ باشقا بىرىنىڭ هويلىسىغا كىرىپ قالدىممۇ نېمە؟ دەپ ئەجەبلىنىۋاتقاندەك تۇراتتى، — مەن بۇلتۇر ئىككى قېتىم كەلگەن، بۇ هۇسەنباينىڭ هويلىسى...

— هۇسەنباينىڭ هويلىسى بولغاچ چىقىپ كېتىش دەۋاتىمەن، — دېدى خىزمەتكار مۇئامىلىسىنى ئۆزگەرتمەي، — قانداق قاشاڭ نېمىلەرسەن؟

«بىر جېدەل چىقىدىغان بولدى» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. مايماقنىڭ پېشانىسىدىكى تومۇرلار قوشۇقنىڭ سېپىدەك بۆرتۈپ چىققان بولۇپ، ئاغزى سول تەرەپكە تېخىمۇ قىيسىيىۋاتاتتى. ئۇ قاپىقىنى سىلىپ، مىلتىقنىڭ نورى تېگىدىن ئىنچىكە بىر تۆمۈر سىمنى سۇغۇرۇپ ئالدى - دە:

— دەرهال چاي بىلەن نان ئەكەل ئىت ئەمگەن غالچا! — دەپ هۆركىرىدى، — ئاندىن ئاتلارنى ئوبدان بېقىپ سۇغۇرۇپ قوي. بولمايدىغان بولسا بۇيرۇق بېرىشنىڭ قانداقلىقىنى كۆرسىتىپ قويىمەن هېلى...

— هۇ ياخشى گەپنى بىلمەيدىغان يۇندىخورلار، — خىزمەتكارمۇ تىل سالدى، — ئۆزلۈكۈڭدىن چىقىپ كېتىشمىسەڭ، ئۆملەپ قېچىپ چىقىدىغانغا كامارمۇ تاپالماي قېلىشىسەن...

بۇرۇتمۇ مايماققا ئەگىشىپ مىلتىقنىڭ نورى تېگىدىن تۆمۈر سىم ئالغانىدى. خىزمەتكار ئىككى چېرىككە مەنسىتمەسلىك بىلەن بىر قارىۋېتىپ، ئۆزى چىققان تارچۇققا بۇرۇلدى. مەن ئۇ ياكى باشقا خىزمەتكارلىرىنى باشلاپ چىقىدۇ ياكى جىقراق ئىتلىرى بولسا قويۇۋېتىدۇ، دەپ پەرەز قىلدىم. ئەمما، خىزمەتكار تارچۇققا بۇرۇلۇشىغىلا دەرۋازىدىن كىرگەن بىر كىشىنى كۆرۈپ توختاپ تۇرۇپ قالدى.

كىرگەن كىشى قىرىق ياشلاردا بولۇپ، ئېگىز بويلۇق، قاڭشارلىق بۇرنى بىلەن قېلىن كالپۇكى ئارىسىدىكى نېپىز بۇرۇتى تازا ياراشمىغان، قاتاڭغۇ يۈزىنى دانىخورەك باسقانىدى. ئۇ ناھايىتى كۆن ئۆتۈك كىيگەنلىكتىن، قەدەم باسقاندا خىش ئۈستىدە تاقىلدىغان ئاۋاز چىقىراتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئېمىشقىدۇر قاپىقى سېلىنغان، تۆۋەنكى لېۋىنى ھىمىرىۋالغان، بۇ قىياپىتىدىن بىر نېمىدىن قاتتىق نارازى ئىكەنلىكى بىلىنەتتى. ئۇ ئوچۇق ھويلىغا كىرگەندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاۋۋال خىزمەتكارىغا، ئاندىن تۈۋرۈكتىكى ئاتلارغا، ئاخىرىدا ئىككى چېرىك بىلەن ماڭا قاراپ چىقتى. چىرايىدىكى نارازىلىق ئاچچىققا ئۆزگەردى. بۇرۇت ئالمان-تالمان سۇپىدىن چۈشۈپ، ئىككى قولىنى سۇنۇپ ئالدىغا باردى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم تەقسىر، بارمۇ سىلى؟

— ۋەئەلەيكۇم، ھارماڭلار، — دېدى ھۇسەنباي ئىككىنچى قېتىم مايماق بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈۋېتىپ.

مەن ئالىمادىس كۆرۈشۈپ قالسا سەت بولمىسۇن دەپ ئورنۇمدىن قوپۇپ قول باغلاپ تۇرغانىدىم، ھۇسەنباي ماڭا نەزىرىنىمۇ سالمىدى ۋە چېرىكلەردىن:

— خېلى كېچىكتىڭلارغۇ؟ — دەپ سورىدى. بۇنىڭدىن بىزنىڭ قايسى چاغدا بۇ ھويلىغا يېتىپ كېلىشىمىزدىن خەۋىرى بارلىقىنى بىلگىلى بولاتتى.

— يامغۇردا قالدۇق ئەمەسمۇ؟ چۆپ-چۆپ سۇنىڭ ئىچىدە كەلدۇق دېسىلە، — دېدى بۇرۇت.

— ئېشەك ئۆلۈۋاتسا كۆتى غىجەك تارتىپتۇ دېگەندەك، بىر كېچە



ئۇيقۇسىز، ئاچ، چارچاپ كەلسەك، ئاۋۇ غالچىلىرىنىڭ ھەيدەپ چىقىرىدىغىنىنى قارىمامدىلا، — مايماق جايىغا كەلتۈرۈپ شىكايەت قىلىشىنى ئۇنتۇمىدى.

ھۇسەنباينىڭ كۆڭلى جايىدا ئەمەسمۇ نېمە، بۇرۇت بىلەن مايماقنىڭ گېپىنىمۇ پەرۋاسىزلىق بىلەن ئاڭلىدى. ئەجەبلىنىپ، ۋاي دەپمۇ كەتمىدى. ئۇ تېخىچە قاراپ تۇرغان خىزمەتكارغا:

— ئاتلارنى بېقىپ قويغىن، — دەپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

خىزمەتكار بېرىپ دەرۋازىدىن كىرىشتە سولدىكى بىرىنچى ئىشىكنى ئېچىپ قويۇپ قايتىپ كەلدى ۋە ئاتلارنى بىر-بىردىن يېتىلەپ ئاشۇ ئىشىكتىن ئەكىرىپ كەتتى. بۇرۇت بىلەن مايماق بىر-بىرىگە بىر، ھۇسەنباي كىرىپ كەتكەن ئۆيگە بىر قاراپ قېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى. ھۇسەنباينىڭ ئادەملەرگە چاي بېرىشنى تاپىلىماي، ئاتلانى بېقىشنى تاپىلىشى، بىز ئۈچىمىز ئۇنىڭ نەزىرىدە ئادەم ئەمەسلىكىمىزنى ئىسپاتلايتتى. مەنغۇ بۇنداق مۇئامىلىلەردىن غەيرىيلىك سەزمەيتتىم. لېكىن، مايماق بىلەن بۇرۇت باينىڭ مۇئامىلىسىنى قاتتىق ھار ئېلىشتى.

— بۇ گەپچە، بىز بەگنىڭ قوتۇر ئىتىچىلىك ئېتىبارىمىز يوق ئەسكەرلەردىن ئىكەنمىز-دە؟ — دېدى غەزىپىنى باسالمىغان مايماق.

— تىنىچ، — بۇرۇت ئۇنىنى پەسلەتتى، — باي، بەگ دېگەنلەرگە بىزنىڭ باشلىقىمىزلا ئادەم، باشقىسى ئۇلارنىڭ چاكىرىدەك مالاي كۆرۈنىدۇ. سەل چىداپ كۈتۈپ باقايلى قېنى...

ھۇسەنباي ئۆيدىن چىقىشى بىلەن بۇرۇتمۇ پىچىرلاشنى توختاتتى. باي بۇلارنى ئۇنتۇپ قالمىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، شۇ تاپتا ھويلىدا پەيدا بولغان خىزمەتكارغا:

— بۇلارغا چاي بەرگىن، — دەپ بۇيرۇدى ۋە خىزمەتكار تارچۇققا كىرىپ غايىب بولغاندىن كېيىن بىزگە يۈزلىنىپ، — چاي-پاي ئىچىپ، ئۇخلاپ ئارام ئېلىڭلار، بۈگۈن ئازراق ئىشىم چىقىپ قالدى. ئۆيدە بولالمايمەن، — دېدى.

ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئىشىككە قۇلۇپ سېلىپ دەرۋازا تەرەپكە

كەتتى. شۇ يەردە خىزمەتكارى كۆرۈنگۈچە تۇردى. ئاندىن:

— چاينى ئۇلار ئۆزى ئىچىۋېرىدۇ، سەن كەينىمدىن يېتىشىپ چىققىن، گېپىم بار، — دېدى.

خىزمەتكار بىر چۆگۈن، ئۈچ چۆچەك، قولتۇقىدا داستىخانغا يۆگەلگەن ئۈچ - تۆت زاغرا بىلەن سۇپا يېنىغا كەلدى. ئەكەلگەن نەرسىلەرنى پەستە قويۇپلا خوجايىنىنىڭ كەينىدىن چىقىپ كەتتى. دەرۋازىنىڭ ئېتىلگىنى ئاڭلىنىپ، باشقا ئاۋاز ئۆچتى.

بۇرۇت بىلەن مايماق چالا پىشقان كۆممىقوناق زاغرىسىنى ياراتماي، چۆچەكنى پۇتى بىلەن نېرى ئىتتىرىپ قويدى. مايماق:

— ئىت يېمەيدىغان زاغرىنى بىزگە يېگۈزگىنى نېمىسى؟ — دەپ چالۋاقىدى، — بىزنى ئوغرى كۆرگەندەك ئىشىكنى قۇلۇپلاپ چىقىپ كېتىۋاتىدۇيا؟ مومىگۇل خوتۇنلىرىنى قورۇمدىغاندۇ بىزدىن؟

— خوتۇنلىرى باشقا هويلىدا، — دېدى بۇرۇت چىشىنى غۇچۇرلىتىپ، — بۇ هويلىدا قورۇغۇدەك بىر نېمىسمۇ يوق بەچچىغەر پىخسىقنىڭ.

— قايتىپ كەتمەيلىمۇ؟ بىزنى مالايچىلىك كۆرمەيۋاتىدىغۇ بۇ سەهرالىق تومپاي...

— باشلىققا نېمە دەيمىز؟

— راستىنى دەيمىز - دە؟ قورساققا نانمۇ تېپىپ يېيەلمىگىنىمىزنى دېمەيمىزمۇ؟

— بەرسەڭ يەيمەن دەپ قاراپ ئولتۇرۇشتۇقمۇ، دېمەمدۇ؟ — بۇرۇت مايماقنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدى.

— ئۇنداقتا...

— توختا، گېپىم تۈگىسۇن، — بۇرۇت ئۇنىنى پەسلىتىپ دېدى، — ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ قىلىمىز، جاپا تارتقانغا لايىق نەپمۇ ئۈندۈرىمىز...

ئۇ قانداق نەپ ئۈندۈرۈش، قانداق چۆمۈچ قىلىش توغرىسىدىمۇ سۆزلىگۈسى بار ئىدىيۇ، مېنىڭ بارلىقىمنى ئەمدى كۆرگەندەك، مېنى



ئىشارەت قىلىپ قويۇپ، نېرى تېپىۋەتكەن چۆچەكنى ئالدىغا تارتىپ، زاغرىنى چىلىغىلى تۇردى. مايماقمۇ ئۇنىڭدىن ئۈلگە ئېلىپ چاي ئىچكىلى تۇردى.

مەن ئىلمان چاينى ئىككى قېتىم قۇيۇپ زاغرىنى يەپ بولغانىدىم. قورساق تازا تويۇپ كېتەلمىگىنى بىلەن هەر هالدا چالا پوكان بولۇپ ئارام ئالغانىدى. هۇسەنباينىڭ باياتىنقى گېپىدىن بۈگۈن كۈندۈزدە قىلىدىغان باشقا ئىش بولمايدىغانلىقىغا كۆزۈم يېتىپ، تونۇمنى سېلىپ بېشىمغا قويدۇم ۋە سۇپىنىڭ تام تەرىپىگىرەك سۈرۈلۈپ، پالاس ئۈستىگە ئۆزۈمنى تاشلىدىم.

ئويغانغىنىمدا ئەسىردىن ئۆتكەنىدى. بېشىم ئېسىلىپ كەتكەن، بەدەنلىرىم ئۇرۇپ چېقىۋەتكەندەك ئاغرىيتتى. ئۆزۈم ئۇيقۇغا قېنىپ ئويغانغىنىمغا قارىماي، كۆزلىرىمدە يەنە ئۇيقۇ باردەك ئېچىشاتتى. بۇلار ئاتتا بۇنچە ئۇزۇن سەپەر قىلىپ باقمىغانلىقىنىڭ، يامغۇردا قالغانلىقىنىڭ سەۋەبى ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى. بۇرۇت بىلەن مايماقمۇ ماڭا ئوخشاش تونلىرىنى بېشىغا قاتلاپ قويغان، مىلتىقلىرىنى بىقىنىغا چاپلىغان هالدا جاقاڭدا يېتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. مايماق خورەك تارتاتتى ۋە ئاغزىنىڭ سىڭايان تەرىپىدىن كىشىنىڭ ئىچىنى ئېلىشتۇرغۇدەك شۆلگىيى ئېقىپ قالغانىدى. مەن ئۇ ئىككىسىنىڭ جىسمانىي جەهەتتىن هېچكىمدىن ئارتۇقچە ئالاهىدىلىكى يوقلۇقىنى كۆرەتتىم. ئۇلارنى يوغان گەپ قىلغۇزىدىغان، باشقىلاردىن ئۆزىنى ئۈستۈن چاغلىتىدىغان نەرسىسى يېنىغا يېقىن چاپلاپ، تاسمىسىنى بويىنىدىن ئارتىلدۇرۇپ قويۇۋالغان، شۇ تاپتا يامغۇرنىڭ تەسىرى بىلەن قىپقىزىل دات بېسىپ كەتكەن مىلتىقى ئىدى.

هويلا جىمجىت ئىدى. بۇ ئىككى چېرىك مېنى نېمىشقا ئۆزلىرى ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن، قېچىپ كېتەر دەپ ئويلىمىغاندۇ، دەپ خىيال قىلدىم ۋە هايال ئۆتمەي بۇنداق غەم قىلمىسىمۇ بولىدىكەن، دەپ ئويلىدىم: دەرۋازا ئىچىدىن لوكا بىلەن چىڭ تاقالغان، بۇنى ئاز دەپ زەنجىرلىنىپ قۇلۇپ سېلىنغانىدى. خىزمەتكار ئاتلارنى ئېلىپ كىرىپ كەتكەن ئىشىكمۇ قۇلۇپلاقلىق ئىدى. مەن ئىشىككە قۇلىقىمنى يېقىپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاتلار

بارلىقىدەك تىۋىش سەزمىدىم. قارىغاندا، ئاتخانا بۇ ئىشىكنىڭ ئىچىدىلا ئەمەس ئىدى.

كەينىمگە يېنىپ، باياتىن خىزمەتكار كىرىپ كەتكەن تارچۇقنىڭ ئالدىغا كەلدىم. تارچۇق ئىككى ئادەم قاتارلىشىپ ماڭغىلى بولىدىغان خېلى ئۇزۇن ئارىلىق ئىدى. ئىككى تەرىپى تام بولۇپ، بۇ تاملار ئۆينىڭ ئارقا تەرىپىدەك قىلاتتى. مەن شۇ ئارىلىقتىن مېڭىپ ئۇنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە چىققىنىمدا، بۇ يەردە يەنە بىر هويلا بارلىقىنى كۆردۈم.

هويلا، پەمىمچە ئىككى مودىن كەگرەك ئىدي. ئۇنىڭ دەرۋازىسى بىز دەسلەپ كىرگەن دەرۋازا بىلەن بىر تامدا بولۇپ دەرۋازىنىڭ ئىككى يېقىدا قاتار كەتكەن ئۆيلەر بار ئىدى، ئۆيلەرنىڭ ئالدى باستۇرما، ئۈستى لاپاس ئىدى. هويلىنىڭ يەنە بىر تەرىپى كېسەك بىلەن ئېتىلگەن كۆك-گۈرلىق تام بولۇپ سىرتى باغ ئىدى. دەرۋازىنىڭ مەن كىرگەن تارچۇق تەرىپىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئاتخانا ئىكەنلىكى هويلىغا قارىغان تەرەپتىكى كەڭ ئىشىكتىن، ئىشىك ئالدىدىكى توغراپ قويۇلغان بېدىلەردىنلا چىقىپ تۇراتتى. ئاشۇنداق قۇرۇپ كەتكەن بۇلتۇرقى بېدىلەر لاپاس تۆپىسىدىمۇ ئىككى ئادەم بويى ئېگىزلىكتە بېسىلىپ كەتكەنىدى. مەن ئاتخانىنىڭ كىچىكرەك يەنە بىر ئىشىكى ئالدىنقى هويلىدا، خىزمەتكار ئاتلىرىمىزنى يېتىلەپ كىرىپ كەتكەن تەرەپتە ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم.

مەن هويلىغا كىرگەندە خىزمەتكار باغ تېمىغا يېقىن يەردىكى قۇدۇقتىن سۇ تارتىۋاتاتتى. ئۇ مېنى كۆرمىدى ۋە بىر سوغا سۇنى يېنىككىنە كۆتۈرۈپ ياسىداق بىر مەپە، ئىخچام ياسالغان بىر هارۋا تىكلەپ قويۇلغان تەرەپتىكى ئۆيلەرنىڭ بىرىگە كىرىپ كەتتى. بۇ هويلىدا ئېغىل، لاپاسلار، كونا چاقلار ۋە بۇلۇڭلاردا ئەسكى ئېگەر، ئۇچۇلۇق، خامۇتتەك نەرسىلەر دۆۋىلەگىلىك تۇرغىنى بىلەن سەينا ناهايىتى پاكىز سۈپۈرۈلگەنىدى. كېچىچە ياغقان يامغۇر ئاللىبۇرۇن سىڭىپ كەتكەن، پەمىمچە، خىزمەتكار بىز ئۇخلاپ قالغاندا مەينەت بولۇپ كەتكەن ئالدىنقى هويلىنى تازىلاپ بولۇپ، بۇ هويلىغىمۇ تەكشى سۇ سېپىپ چىققانىدى.

مەن نېرىدىن تۇرۇپ، بۇ هويلىنىڭ دەرۋازىسىنى كۆزەتتىم.



قېلىن شاللاردىن ياسالغان قوش قاناتلىق دەرۋازا ئېگىز بولۇپ، بوسۇغا تەرىپىمۇ يەرگە چاپلىشىپ تۇراتتى. تام ياقىلاپ سېلىنغان ئۆيلەر بولسۇن، ئېغىل بولسۇن، ئېگىز يېپىلغانىدى. بېدە ئېلىشقا ئىشلىتىدىغان بولسا كېرەك، بىر ئادەم كۆتۈرەلمىگۇدەك تومۇلۇقتىكى ياغاچتىن ياسالغان ۋاخىنىلىق شوتا يەرگە ياتقۇزۇپ قويۇلغانىدى. بۇ هويلىدىن دەرۋازىسى ئېتىك هالدا سىرتقا چىقىش ئۈچۈن ئەپلىكرەك، پاكارراق تام باغنىڭ كۆكگۈرلىق تېمى ئىدى. ئەمما، باغنىڭ باشقا تېمى قايسى تەرەپكە پاسىل ئىكەنلىكىنى، يول تەرەپلەرگە تۇتىشىدىغان جايى بار- يوقلۇقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

مەن ئاتخانىغا كىرىپ، ماڭا تازا ئەسقاتقان ۋە هېلىمۇ ئەسقېتىشى مۇمكىن بولغان ئېتىمنى يوقلاپ قويماقچى بولۇپ قەدەم بېسىشىمغىلا خىزمەتكارنىڭ قوپال ئاۋازى ئاڭلاندى:

— نېمە قىلىپ يۈرىسلە؟

ئارقامغا ئۆرۈلۈپ، مەپىنىڭ تىكلەكلىك شوتىسى يېنىدا ماڭا قادىلىپ قاراپ تۇرغان خىزمەتكارغا سالام بەردىم. ئۇ ئىلىك ئالمىدى ۋە يەنە:

— نېمە قىلىپ يۈرىسلە دەپ سوراۋاتىمەن؟ — دېدى.

— ئاتلارغا قاراپ باقاي، دېۋىدىم...

— كىرمىسەڭلىمۇ بولىدۇ، لازىم بولغاندا ئۆزۈم ئاچىقىپ بېرىمەن، — دېدى ئۇ قوپاللىق بىلەن.

قەدىمىم توختىغان يېتى قالدى، كەينىمگە يېنىپ چىقىپ كېتىشنى بىئەپ بولىدىغاندەك سېزىپ، ئۇ تۇرغان تەرەپكە باردىم.

— ئۆيگە كىرىڭلا، — دېدى ئۇ خۇشياقمىغاندەك ۋە ئۆزى باشلاپ ئىشىكى ئوچۇق بىر ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ئۇنىڭ كەينىدىن كىردىم. ئۆي كىچىك بولۇپ، زەي پۇرىقىغا تېزەك پۇرىقىمۇ قوشۇلغانىدى. ئىشىك ئوچۇق ۋە تۈڭلۈككىمۇ بىر نەرسە يېپىلمىغىنىغا قارىماي، ئۆي ئىچى ئانچە يورۇق بىلىنمەيتتى. بۇ، ئۆينىڭ ئالدى تەسكەي، ئىشىكنىڭ پەسلىكىنىڭ سەۋەبىدىن ئىدى. ئۆي ئىچىدە شۇ تاپ چېۋىنلەرنىڭ ئادەمنى گەرەخ قىلغۇدەك غۇژۇلدىغان ئاۋازى ئاڭ-

لىنىپ تۇراتتى.
— ئولتۇرۇڭلا، — دېدى ئۇ مېنى زەي ئۇستىگىچە ئۆرلەپ چىققان سۇپىغا سېلىنغان بىر يىرتىق كۆرپىگە تەكلىپ قىلىپ.

مەن ئولتۇرۇپ دۇئا قىلدىم. ئۇ قىزغىن بولمىسىمۇ قوشۇلدى. تىنچلىق سورىشىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ كولۇڭدىكى چۆگۈننى قولىغا ئېلىپ ئەتراپقا قاراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ چاي قويۇش ئۈچۈن تاۋاق ئىزدەۋاتقانلىقىنى سېزىپ:

— ئاۋارە بولمىسىلا، چاي ئىچمەيمەن؛ — دېدىم، — ئاۋۇ ئىككىسى ئۇخلاۋاتىدۇ، يالغۇز ئولتۇرۇپ زېرىكتىم...

— مەن باشتا سىلىنىمۇ ئاشۇ بۇلاڭچى چېرىكلەردىنمىكىن دەپ ئويلاپتىكەنمەن. دەسلەپ باي سىلىگە كۆز - قۇلاق بولۇشۇمنى تاپىلاپ قويۇپ كەتتى. سىلى ئۇخلاپ كەتكەندىن كېيىن، شاپىۇروت چېرىك يەنە ئالاھىدە تەكىتلەپ ھېزى بولۇشۇمنى بۇيرۇدى. شۇنىڭغا قاراپ سىلىنى ئۇ ناكەسلەر بىلەن بىر يولدىكى ئادەم ئەمەس ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدىم...

مەن گۇ سوزىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ قالغىنىمدىن كېيىنكى كەچمىشلىرىمنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردىم.

— شۇ چاغقىچە مەن ئۆزۈمنى دۇنيادىكى ئەڭ تەلەيسىز، خۇدا ئۇرغان ئادەم دەپ ئويلايتتىم، — دېدى ئۇ خورسىنىپ، — گېپىڭلاردىن قارىغاندا، سىلى مەندىنمۇ بىتەلەي ئىكەنسىلە... مەن يەتتە ئاتنى باقىمەن، ئىككى ھويلىغا قارايمەن، باغدا موزايدەك چوڭلۇقتا تۆت ئىت بار، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىمەن... ھۇسەنباينىڭ خۇسۇسىي مېھمانلىرى كېلىپ قالسا — بۇنداق مېھمانلار ئۈزۈلمەيدۇ — ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنىڭ بوغۇزىدىن ئۆزىنىڭ گېلىغىچە ماڭا كۆتۈرە... ئەمما، مەن ھەر ھالدا مۇشۇنداق بىرەر - يېرىمدەم ئارام ئالىدىغان پۇرسەتكىمۇ ئېرىشىپ قالىمەن. سىلىزە...

ئۇنىڭغا قېچىپ كېتىشىمگە ياردەم قىلىشنى سوراي دېدىمۇ، يەنە بۇ توغرىدا ئېغىز ئاچماي، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ



بېقىش ئۈچۈن:

— باشلىرىنى ئېلىپلا تاشلاپ كەتسىلە بولامدۇ؟ — دەپ سورىدىم، — مەنغۇ مۇساپىر، ھېچ يەرنى بىلمەيمەن. بىئىلاج...

ئۇ تازا ئۇزۇن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋېتىپ:

— نەگە كەتكىلى بولىدۇ؟ ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت ئىكەنلىكىنى دېمەيرەك تۇرايلى، بۇ يەردىن چىققىلى بولمايدۇ، چىققان بىلەنمۇ ھۇسەنباينىڭ قولى ئۇزۇن، يامۇل بىلەن، چېرىك باشلىقى بىلەن ياغ - گۆشتەك يېقىن، نېرىسى ھەپتە - ئون كۈن، بېرى ئۈچ كۈندىلا تۇتۇپ ئەكىلىدۇ... — دېدى.

ئۇ بۇ گەپلەرنى مېنىڭ ئاڭلىشىم ئۈچۈن، قېچىپ كېتىش نىيىتىدە بولماسلىقىم ئۈچۈن دەۋاتقاندەك بىلىنگەنىدى. سۆزىنىڭ داۋامىنى ئاڭلىغانسېرى، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئىسكەنجىدە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ دادىسىنىڭ ھېچكىم بىلمەيدىغان قەرزى ئۈچۈن بۇ ھويلىغا يىللىقچى ھېسابىدا باغلىنىپ قالغىنىغا ئون ئۈچ يىل بوپتۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر ئانىسى بولۇپ، ئۇلار ئىككىسى يېزىنىڭ ئىككى بېشىدا ئولتۇرىدىكەن، ئانىسى ھازىر مەزگىلدىن ئىلگىرى قېرىپ كەتكەن، شۇنداق تۇرۇقلۇق ھۇسەنباينىڭ يېرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىقچىلىق قىلىدىكەن. گەپ شۇنداق دېيىلگىنى بىلەن، يەرنى مۇشۇ ئوغلى ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ تېرىپ، چاغلاپ، سۇغىرىپ، يىغىشتۇرۇپ بېرىدىكەن. ئۇ دادىسىنىڭ قەرزى قانچىلىك، ئۇنىڭ قانچىلىكى تۆگىگەنلىكىنىمۇ بىلمەيدىكەن.

ئۇ خوجايىنى ھۇسەنباينىمۇ تەرىپلەپ بەردى. ھۇسەنباينىڭ دادىسى ياسىن بەگ دېگەن كىشى بولۇپ، دادا - بالا ئىككىسىنىڭ قولىدا مۇشۇنداق يېزىدىن ئۈچى بار ئىكەن. ھۇسەنباينىڭ بۇ ھويلىسى، ئەمەلدە ئاتخانا ھېسابىدىكى ھويلا بولۇپ، ئۈچ خوتۇنى بىلەن ئۇ قوشنا يېزىدىكى ئاساسلىق ھويلىسىدا تۇرىدىكەن. ھۇسەنباي بۇ ھويلىسىدا بەزىدە مېھمان كۈتىدىكەن، بەزىدە ئاشنا - ئويناشلىرى بىلەن قونىدىكەن. شۇلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇ تولىراق خوتۇنلىرى بار ھويلىدا تۇرىدىكەن. بۇ

يېزىدا ئۇنىڭ ئۆزىگە تەۋە تۆت يۈز ئەللىك مو، دادىسىغا تەۋە ئالتە يۈز مو يېرى بار ئىكەن...

مەن بۇرۇت بىلەن مايماقنىڭ ھۇسەنبايدىن رەنجىپ: «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ قىلىمىز» دېگىنىنى يادىمغا ئالدىم. ئۇلار باينىڭ يەنە بىر ھويلىسىنىمۇ بىلىدىغاندەك قىلاتتى.

— ئاۋۇ ئىككى چېرىك بۇ يەرگە دائىم كېلىپ تۇرامدۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— چېرىكلەر پات - پات كېلىپ تۇرىدۇ، يامۇلدىنمۇ كاتتا بارداڭ قورساقلار چىقىپ تۇرىدۇ، مەن قايسىبىرىنى تونۇپ بولاي؟ — دېدى خىزمەتكار، — ئۇ ئىككىسىمۇ بۇ ھويلىنى بىلگەنگە قارىغاندا بۇرۇن كەلگەن بولسا كېرەك... ئەمما باي ئەتىگەن ماڭا ھېچكىمنى كىرگۈزمە، دېگەنىدى، — دېدى ئۇ يەنە، — بىرىنىڭ كېلىدىغانلىقىنىمۇ ئەسكەرتمىگەن. قارىسام سىلەر لاي - پايلارنى يۈكلەپ كىرىپسىلەر، ئەگەر باي يەنە بىردەم كەلمىگەن بولسا تۆت ئىتنى قويۇۋېتەتتىم...

مەن ئۇلارنىڭ يولدىلا ھۇسەنئاخۇن دەپ بىر نەچچە قېتىم ئاغزىغا ئالغانلىقىنى، ئالدىرىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردىم.

— ئۇنداق بولسا، باي بۇ ئىشتىن خەۋىرى بولسىمۇ، ئۆزىنى تارتقۇسى كېلىۋاتقان ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ.

— نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلا؟ — سورىدىم.

— سىلىنى نېمە ئىش قىلىشقا بۇيرۇغان؟ — قايتۇرۇپ سورىدى ئۇ.

مەن راستىمنى ئېيتىپ بەردىم ۋە:

— بىلىسىمۇ چېرىكلەر بىلەمدىكىنتاڭ، مەندىن يوشۇرۇشىدۇ، — دەپ قوشۇپ قويدۇم.

— مۇنداق گەپ دەڭلا، — دېدى ئۇ، بۇ ئىش توغرىسىدا سۆزلەش ئۇنىڭغا ياقمىسا كېرەك، قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، ياڭاق مۇسكۇللىرى تارتىشتى، — بۇلارنىڭ بەزى سۆھبەتلىرىگە چاي توشۇش باھانىسىدە قۇلىقىم چۈشۈپ قالىدۇ. گەپ قىلساق گەپ ئۇزۇن...



بۇ ئىشنىڭ بېشى بەگلىك تالىشىشتىن چىققانىكەن. ئەسلىدە ئاياغدىكى بىر يېزىدا ئابلىمىت داموللا ئىسىملىك بىر ئادەم بولۇپ، بۇرۇندىن مۇشۇ يېزا قوشۇلۇپ بەش يېزىنىڭ بەگلىكىگە بەگ ئىكەندۇق. تۆت - بەش يىلدىن بۇيان ھۇسەنباي بىلەن دادىسى ياسىن باي بىرلىشىپ، بىر تەرەپتىن، يەر ئاۋۇتۇپ تەسىرىنى ئۈچ يېزىغىچە كېڭەيتىپتۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، يامۇل، چېرىك چوشكۇنىگە قاتراپ يۈرۈپ ھىممات كۆپەيتىپتۇ. بۇ يىلقى بەگ «سايلاش» تا ناھىيىنىڭ ئامبىلى، قازىخانا مەھكىمى شەرئىي ئابلىمىت داموللا تەرەپ بولۇپ، ئامبال بىر قېتىم، قازى ئىككى قېتىم شۇنىڭ ھويلىسىدا قونۇپ، ئەل ئىچىگە سۆز كۆرسەتكەن بولسىمۇ، خەقنىڭ كۈتكىنىنىڭ تەتۈرىچە ئىش بولۇپ، ئابلىمىت داموللا بەگلىكتىن قېلىپ، ياسىن باي بەگ بولۇپ «سايلىنىپتۇ»، بەزى يۇرت چوڭلىرى، ئامبال ياسىن باينىڭ ئۈچ يېزىدىكى تەسىرى ئابلىمىت داموللا بەگنىڭ ئىككى يېزىسىنىڭكىدىن ئارتۇق ئىكەنلىكىنى ھېسابقا ئېلىپ، ئەسلىدىكى پىكرىنى ئۆزگەرتتى، دەيدىكەن. يەنە بەزى يۇرت چوڭلىرى بولسا، ئامبالغا كىمنىڭ بەگ بولۇشى بەرىبىر، ئۇ: «سېنى بەگ قىلىمەن» دەپ بىرىنى شىلىدۇ، «سېنى بەگ قىلىمەن» دەپ يەنە بىرىنى شىلىدۇ، شۇنداق قىلىپ باز - بازغا سېلىپ، قايسىسى جىق پارا بەرسە شۇنى سايلايدۇ، دېيىشىدىكەن.

نېمە قىلسا قىپتۇ، ياسىن باي بەگ بوپتۇ. ئۇ بەگ بولسىمۇ ئابلىمىت داموللىنىڭ تەسىرىنىڭ چوڭلۇقىنى، ئامبالنىڭ ئاز - تولا مايىللىقى بارلىقىنى، قازىخانا ھېلىمۇ ئۇنى قوللايدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماپتۇ. بۇ ھال كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئابلىمىت داموللىنىڭ يېڭىۋاشتىن بەگلىككە دەسسەش ئېھتىمالىنى ياسىن بەگنىڭ ئالدىغا تەھدىت تەرىقىسىدە تەڭلەپ تۇرىدىغانلىقى ھەققىدە گەپ - سۆز كېمەيمەپتۇ. يېڭىلگەن ئابلىمىت داموللا شۈك ياتماپتۇ، ئۇمۇ ئۆزىگە تونۇش يوللار بىلەن يامۇلنىڭ ئىشىكىنى قېقىشتىن توختىماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ياسىن بەگنىڭ شەنىگە قارىتىپ ناھايىتى سەت بىر خەۋەرنى تارىتىشقا باشلاپتۇ. بۇ خە-

ۋەر بويىچە ئېيتقاندا، ياسىن بەگ يامۇلنىڭ كاتتىلىرىغا، چېرىك باشلىقلىرىغا قىز «سوۋغا» قىلغانمىش . . . بۇ خەۋەر يېزىمۇ يېزا تارقىلىشتىن باشقا شەھەرگىمۇ يامراپ كەتكەن. بەزى بەگلەر ئولتۇرۇشىدا ياسىن بەگنىڭ رەقىبلىرى ئۇنىڭ يۈزىدىن يۈزىگە: «سىلىنىڭ بەگلىكلىرى تەۋەسىدە مالغا ئوخشاش ئايرىم بېقىلىپ بوردىلىۋاتقان قىزلار بار، دەپ ئاڭلايمىز، راستمۇ؟» دەپ سوراشقان. شۇنداق گەپ ـ سۆزلەر جىنىغا تەگكەن ياسىن بەگ ئابلىمىت دامولللىدىن قىساس ئېلىش، ئۇنىڭ ئابرويىنى تۆكۈش ۋە ئەل ئىچىدە شەرمەندە قىلىپ باش كۆتۈرگۈزمەسلىك ئۈچۈن، ئۇنىڭ قىزىنى بۇلاپ كېتىش ئويۇنىنى پىلانلاپ چىققان.

— ئاڭلىغىنىم بويىچە ئۇنىڭ رەسىدە بولۇپ قالغان بىر قىزى بار ئىمىش، — دېدى خىزمەتكار سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، — سىلەر شۇنى بۇلاپ قېچىپ، شەھەردىكى بىر شوپاڭخانىغا ئاپىرىپ قويارمىشسىلەر. ئۇ شوپاڭخانىدا ھەررەڭ ـ سەررەڭ قىز ـ چوكانلار بولارئىمىش، ئابلىمىت دامولللىنىڭ قىزى ئۇ يەردە بىر كۈن، يېرىم كۈن ئەمەس، بىرەر ـ ئىككى سائەت تۇرسىلا داڭقى تارىلىۋېرەرمىش. ياسىن بەگ ئاندىن: «مانا كۆرۈڭلار، دامولللىنىڭ قىزى شوپاڭخانىدىن چىقىپتىغۇ؟» دەپ يۇرتمۇ يۇرت گەپ تاراتماقچى ۋە قازىخانىدىكىلەرنىڭمۇ ئاغزىنى تۇۋاقلىماقچى. كۆردىڭلىمۇ، ئىت بىلەن ئىت تالاشسا، بىر ـ بىرىنى كاڭشىتىپلا بولدى قىلمايدۇ . . .

ئۇ ئاڭلىغان شوپاڭخانا چوقۇم گۇ سوزىنىڭ ھويلىسى دەپ پەرەز قىلدىم. مېنىڭ بىلىشىمچە، شەھەردە بىر نەچچە شوپاڭخانا بولسىمۇ، «ھەررەڭ ـ سەررەڭ قىز ـ چوكانلار بار» شوپاڭخانا شۇ گۇ سوزىنىڭ ئىدى. ئۇ يەردىكى چولپانخان، جەننەتخانلارنىڭ ئېيتىشىچىمۇ، ئۇ يەرگە كىرىپ قالغان قىز ـ چوكانلار «چالا تەتەي» نامىنى ئېلىپ، بىردەمدىلا داڭق چىقىراتتى. شۇنداق پەرىزىمنى چېرىك باشلىقى بىلەن بازار بېگىنىڭ گۇ سوزا بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە ئىكەنلىكى تەستىقلايتتى.

— سىلىنىڭ خوجايىن نېمىشقا ئۆزىنى قاچۇرۇپراق يۈرىدۇ؟ — سورىدىم بۇنىڭغىمۇ قىزىقىپ.

— ئالىمادىس پىلان ئاقماي قالسا بىلمەس كىشى بولۇۋالماقچى. ئۇلا ئەمەس، ياسىن بەگمۇ تۈنۈگۈن ئەتىگەندىن بېرى يوق، ئۇ سىلەرنى بىر كۈن يوشۇرۇپ ساقلاشنى ئوغلى ھۆسەنبايغا تاپشۇرۇپ قويۇپ مەكتىكە كەتتى. ھۆسەنبايمۇ ئۆزىنى دالدىلايدىغان يەر پەملەپ يۈرىدىغۇ دەيمەن.

— ئاقماي قالىدىغان تەرىپىمۇ بار ئىكەن ـ دە، تېخى . . .

— ئابلىمىت دامولللىنىڭمۇ مالاي ـ چاكارلىرى جىق، ئالدى ـ كەينىدە ھىماتى بار ـ دە؟ شۇڭا چېرىكلەرنىمۇ پۇقراچە ياساندۇرۇپ چىقارغان گەپ! ئىش تەتۈرىگە ئۆرۈلۈپ قالسا سىلەرنى ئەۋەتكەنلەرمۇ «بىزنىڭ خەۋىرىمىز يوق ئىكەن، بۇلار ئۆز بېشىمچە قىلغان ئىش ئوخشايدۇ . . .» دەپ تۇرۇۋېلىشقا ئەپلىك، — خىزمەتكار سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ سۆزىنى مۇنداق تۈگەتتى، — جاھان شۇنداق جاھان بۇرادەر. باي، بەگ دېگەنلەر بىر ـ بىرىگىمۇ ئىشەنمەيدۇ، ھەتتا دادا بالىغا، بالا دادىغا ھۆل خىش قويۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا، ئۆزلۈڭلىغا ئۆزلۈڭلا ھېزى بولۇپراق يۈرۈڭلا. كونىلاردىن قالغان تەمسىل بىكار ئېيتىلمىغان: دۆ غېرىبىنى ئۇرار، ئۆمۈچۈك مۇساپىرنى . . .

مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن يېشەلمىگەن بىرمۇنچە چىگىشلەرنىڭ تۈگۈچىنى بىلىپ قالغاندىم. بۇ خىزمەتكار بىلەن تونۇشقانلىقىمىزغا تېخى بىر كۈن بولمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاغزىنى قويۇپ بېرىپ ماڭا ئۆز خوجايىنىدىن تارتىپ ئۇنىڭ رەقىبلىرىنىڭ سىرلىرىغىچە سۆزلەپ بەرگەنلىكى ماڭا ئىشەنگەنلىكى ئىدى. مەنمۇ ئۇنىڭدىن قورقمايلا كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتتىم:

— مەن بۇلارنىڭ تالىشىش، ئۇرا كولاشلىرىغا ئارىلاشماي ئۆزۈمنى دالدىغا ئالسامچۇ؟

— بۇ ئىشنى قىلىش ـ قىلماسلىق ھەققىدە بىرنېمە مەسلىھەت بەرگۈلۈك ئەمەس، — دېدى ئۇ بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن، — مېنى كۆڭلۈڭلىگە يېقىن تۇتۇپ مەسلىھەت سورىغانىكەنسىلە، مەنمۇ كۆڭلۈمـ

دىكىنى ئېيتاي: ياخشى ئويلاپسىلە. قايسى ئۇسۇل بىلەن دالدىلىنىشقا كەلسەك، بۇنىڭغا مەنمۇ بىر نېمە دېيەلمەيمەن. مۇساپىر ئېكەنسىلە، ئالدى ـ ئارقاڭلىنى ئويلاپ بىر ئىش قىلارسىلە. بىزنىڭ خوجايىن بىلەن بۇرۇتلۇق چېرىكنىڭ كەينى ـ كەينىدىن تاپىلىشىغا قارىغاندا، بۇلار سىلىنى قاچۇرۇپ قويمايدىغاندەكمۇ تۇرىدۇ... ئاندىن قاچقاندىمۇ نەگىچە قاچالايدىغانلىقىڭلىنى، تۇتۇلۇپ قالساڭلا قانداق بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ قويۇڭلا...

ئۇنىڭ مېنى قوللىشى شۇنچىلىك بولدى. ئۇ قېچىپ كېتىشىمگە قارشى تۇرمىغان بولسىمۇ، قورقىتىشىدىن قارىغاندا، ياردەم بېرىدىغان ئەپادىمۇ بىلدۈرمىدى. ئۇ ئاشۇنداق ئېھتىيات قىلىۋاتقاچقا مەنمۇ بۇ ھەقتە ئىلگىرىلەپ بىر نەرسە دېيىشنى لايىق كۆرمىدىم.

ئارىلىقتا داۋام قىلغان قىسقا جىملىقتا ئۇ ئۆز ئادىتى بويىچە بىرەر شەپە سەزدىمۇ نېمە، ئورنىدىن تۇرۇپ:

— جىندەك ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلا، مەن تاشقىرىقى ھويلىغا چىقىپ كىرەي، — دېگىنىچە چىقىپ كەتتى.

ئۆيدىكى چېۋىنلەرنىڭ دەستىدىن ئولتۇرالماي كېتىۋاتاتتىم. ئۇنىڭ چىقىپ كېتىشى بىر باھانە بولدى ـ دە، مەنمۇ سىرتقا چىقتىم. كۈن ئولتۇراي دەپ قالغان، ھاۋا دىمىق بولۇشقا باشلىغانىدى. مېنىڭ باغ تەرەپكە بېرىپ باققۇم بار ئىدى. خىزمەتكار كىرىپ قالسا، باشقىچە بىر خىياللارنى قىلىپ يۈرمىسۇن دەپ ئۆزۈمنى تىيىدىم. شۇ چاغدا خىزمەتكارمۇ پەيدا بولدى ـ دە، مەن تېخى كۆرۈپ باقمىغان خۇشاللىق بىلەن كۈلۈپ:

— ئاۋۇ ئىككى چايان ئويغىنىپتىكەن، سىلىنىڭ يوقلۇقۇڭلىنى كۆرۈپ ئۆزىنى قويالماي قېلىشىپتۇ، — دېدى، — مەن ماڭا ياردەملىشىپ ئات بېقىۋاتىدۇ، دەپ خاتىرجەم قىلىپ قويدۇم. چىقىپ بېقىڭلا...

ئەمەلىيەتتە ئىككىمىز تەڭ چىقتۇق. بۇرۇت بىلەن مايماق بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇلار مېنى كۆرۈپ گەپ قىلمىدىيۇ، ھومىيىپ قويۇشتى. ئۇلار ئۇخلاپ قوپقاندىن كېيىن مىلتىقلىرىنى تازىلاشقان



بولسا كېرەك، مىلتىقلاردىكى دات كۆزگە چېلىقمايتتى. مەن بېرىپ سۇپىنىڭ بىر تەرىپىدىكى لېۋىگە ئولتۇردۇم. ئىككى چېرىك ئاسمانغا قاراپ قويۇپ شۈك ئولتۇرۇشتى. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ زېرىككىنىنى، پاتراق قاراڭغۇ چۈشۈشنى كۈتۈۋاتقىنىنى بىلىش مۇمكىن ئىدى.

خىزمەتكار بىلەن ھۇسەنباي دېيىشۋالغان بولسا كېرەك، كۈن پۈتۈنلەي ئولتۇرۇپ كەتكەن چاغدا خىزمەتكار دەرۋازىدىكى قۇلۇپنى ئېچىپ لوكىنى چۈشۈردى. سەل ئۆتۈپلا ھۇسەنباي كىرىپ كەلدى.

— ئۆيگە كىرىڭلار، — دېدى ئۇ خاپىلىقىنى ئېيتىش ئۈچۈن ئاغزىنى ئۆمەللەۋاتقان بۇرۇت بىلەن مايماقتىن ئىلگىرىرەك. ئىشىكنى ئاچقاچ ئۇ يەنە سۆزلەپ تۇردى، — باي بولماق، پۇل تاپماق، يەر يىغماقمۇ ئاسان ئەمەس... ھەممىگە كۆز ـ قۇلاق بولۇپ تۇرمىسا بولمايدۇ، بۇغدايلار پىشىپ قالدى. ئېتىزلارنى ئارىلاپ تۇرمىساق ئوتاقچىلار، يىللىقچىلار بۇغداينىڭ بېشىنى ئۈزۈۋالىدۇ. ھېچ بولمىسا سىيرىۋالىدۇ.

بىز كىرگەن ئۆي يەرگە سېلىنغان يوغان پالاستىن باشقا ھېچقانداق جاھاز يوق، قۇرۇق ئۆي ئىدى. ئۆي ۋاسا جۈپ بولۇپ ئېگىز يېپىلغانىدى. دېرىزە ۋە ئىشىك يوق تاملارغا قاتارلاشتۇرۇپ ئېگىز تەكچىلەر چىقىرىلغان بولسىمۇ تەكچىلەر بوش ئىدى. ھۇسەنباي باشقىلاردىن ئاۋۋال ئۆزى ئولتۇرۇپ ئاندىن ئۈچىمىزنى ئولتۇرۇشقا قول ئىشارىتى قىلدى. بۇرۇت بىلەن مايماق ھۇسەنباينىڭ ئوڭ تەرىپىدە، ئۇنىڭغا يېقىن ئولتۇرۇشتى. مەن پالاسنىڭ قىرىغا — ئىشىككە يېقىنراق ئولتۇردۇم. ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن دۇئا قىلىش، تىنچلىق سورىشىشلارمۇ بولمىدى. ھۇسەنباي ھېچ بولمىسا، ئىككى چېرىكنى مېھمان قاتارىدىمۇ كۆرمىدى. ئىككى چېرىكنىڭ خېلىدىن بۇيانقى تۇرۇك قاپىقى تېخىمۇ سېلىندى. شۇ ئارىدا خىزمەتكار داستىخان ئېلىپ كىردى. خىزمەتكار جىنىدا ئىككى چېرىكنى كۆزگە ئىلمىغاندەك قول چايقاشقا سۇ ئەكەلمىدى.

— سىلەرنى ئاخشام كېچىلەپ كۈتكەنىدۇق، كەلمىدىڭلار، — ھۇسەنباي داستىخان يېيىلغاندىن كېيىن قېتىپ كەتكەن ھەمەك ۋە ھەر خىل توقاچلارغا بىر قارىۋېتىپ داۋام قىلدى، — بىر قازان ئاش قىلغان،

ئارىراق بىر ئوغلاقنىمۇ قان قىلغانىدۇق. سىلەر كەلمىگەندىكىن كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئىسسىقتا بۇزۇلۇپ قالمىسۇن ئۈچۈن ئەتىگەن مەسچىت ئەھلىدىن دۇئا ئېلىشقا توغرا كەلدى. ئەتىگەندىن بېرى بىزنىڭ ئوتاقچىلار بىلەن قوشنا يېزىلىقلارنىڭ خامان ئورنى تالىشىپ چىقارغان ماجىراسىنى ئاجرىتالماي، شۇ ھەلەكچىلىكتە يۈرۈپ قارىيالمىدىم. ئەمدى بىكار بولۇپ بۇ تەرەپكە ماڭغىلىۋاتسام، بىر تاغىمىزنىڭ ھالى پەسلەپ قالغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ چاپار كەپتۇ...، — ئۇ قىيىن ئەھۋالدا قالغاندەك ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويدى، — ھەر بىرىڭلارغا دېمەيلا ئۇ تەرەپكە ئاتلىنىشقا رايىم بارمىدى... قېنى چاي بولسىمۇ كەڭ ـ كەڭ ئېلىڭلار...

ئۇنىڭ يالغان سۆزلەپ ئولتۇرغىنىنى ئىككى چېرىكمۇ سەزدى. مەن خىزمەتكارنىڭ «ھۇسەن بايمۇ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشنىڭ كويىدا...» دېگەن سۆزلىرىنى ئەسلىدىم.

خىزمەتكار ئۈچ چۆچەك بىلەن بىر چۆگۈننى قويۇپ قويۇپ چىقىپ كېتىۋاتقىنىدا، ھۇسەنباي ئۇنىڭغا:

— ئاتلارغا قوناقتىن كەڭرەك بەرگىن، — دەپ بۇيرۇدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككى چېرىككە، — مەن ئاشۇ چاقىرغان يەرگە بېرىپ باقاي، — دېگىنىچە ئاستا قەدەم تاشلاپ چىقىپ كەتتى.

داستىخاندا ئىككى ھەمەك بىلەن تۆت توقاچ بار ئىدى. ئىككى چېرىك قاتتىق ناننى چىشلەپ كاراسلىتىپ يېگەچ چۆچەكلىرىگە نان چىلاشقا باشلىدى. مەن كىچىكرەك، نېپىز توقاچتىن بىرىگە ئاران ئېرىشەلىدىم. چىلانغان نان ئۈستىگە قۇيۇلغان قايناق سۇمۇ ئىلمان ئىدى.

— بىزنى ئەجەب بوزەك قىلىپ كەتتىغۇ بۇ ھۇسەك؟ — مايماق قاتتىق ناننى ئەپلەپ يېيەلمەي ئاچچىق قىلاتتى، — بىزنى «ھەق شەيدۇللاھ» دەپ كەلگەن دىۋانىچىلىكمۇ كۆرمەيۋاتىدۇ يا؟ ئەتىگەنلىكياقى ئاچ تاشلاپ قويغىنىنى ئاز كېلىپ، ئەمدى بەرگەن نېمىسىنى قارىمامدىغان...

— چىدا بۇرادەر، چىدا. بىز ئەسكەر، بىز بۇيرۇق تېشىغا چىقىپ



كېتەلمەيمىز...

— بىز ئەسكەر بولساقمۇ ھۇسەكنىڭ ئەسكىرىمىدۇق؟

— شۇڭا چىدا دەۋاتىمەن. ھۇسەك دېگىنىڭنى ھۇسەك بولغىنىغىمۇ تويغۇزۇپ قويىمىز تېخى...

— قانداق قىلىپ؟

بۇرۇت مېنىڭ بارلىقىم ئۈچۈن گەپ قىلالمايۋاتقاندەك:

— نەپسىڭمۇ ئارام ئالدى، ئاتلارنى قانداق باقتى بىر قاراپ باققىن، — دەپ بۇيرۇدى مېنى، — ئاتلار ئوبدان تويسۇن...

ئورنۇمدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقتىم. گۇگۇم يېپىلىۋاتقان بولسىمۇ تالا ئۆي ئىچىدىن يورۇقراق ھەم دىمىقلىقىمۇ تۆۋەنرەك ئىدى. ھۇسەن باينى چىقىرىپ قويغان بولسا كېرەك، دەرۋازىنى ئېتىۋاتقان خىزمەتكار مېنى كۆرۈپ:

— يالغۇز چىقىۋاپسىلىغۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ماڭا ئاڭلاتمايدىغان گېپى بار ئوخشايدۇ، — دېدىم بېشىم بىلەن ئۆينى ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ ۋە ھۇسەكنى ھۇسەك بولغىنىغا تويغۇزىمىز دېيىشىۋاتقىنىنى سۆزلەپ بەردىم.

ئۇ مېنىڭ تويغان ـ تويمىغانلىقىمنى سورىدى. مەن بىر نېپىز توقاچقا ئاران ئۇلاشقىنىمنى ئېيتىپ بېرىۋىدىم، ئۇ:

— خوجايىنىنىڭ بۇيرۇقى شۇ ئىدى، شۇ پېتى ئەكىردىم. سىلىگە ئىككى توقاچ ئاتىغان، بەرمىگەن بولسا يۈرۈڭلا، قاتتىق ـ قۇرۇق بولسىمۇ زاغرا بار، ئوبدانراق تويۇۋېلىڭلا، — دېدى.

ئۇ مېنى باشلاپ باياتىن ئىككىمىز ئولتۇرغان ئۆيگە ئەكىردى. قارا چىراغنى ياققاچ:

— باينىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن ئاتلىرىڭلارغا بىر غەلۋىردىن ئارپا بەردىم. ئۇ ئىشىڭلارنىڭ ئەپلىشىپ قېلىش تەرەپدارى، ئۆزى غىپپىدە قاچقىنى بىلەن، — دېدى مەسخىرىلىك كۈلۈپ ۋە، — بۇ جۇلدۇر چېرىكلەر كۆسەي مىلتىقىغا بەك ئىشىنىپ كېتىدىكەن، — دېدى خىزمەتكار مەنسىتمەسلىك بىلەن، — ھۇسەنباي ھەممىنى ئويلاپ قويغان ئوخشايدۇ،

ئۇ مېنىڭ تۆت تايغانغا تايىنىپ ئۇلارغا ھېزى بولۇشۇمنى، يېزىدىن چىقىپ كەتكۈچە ئۇلارنى پايلاپ يۈرۈشۈمنى ئاتايىن تاپىلىغان. مەيلى بۇ ھويلىدا ياكى باينىڭ يەنە بىر ھويلىسىدا تۈگمە چاغلىق نەرسىنى ئوغرىلىتالمايمەن، بولمىسا بالاسىغا مەن قالىمەن...

— ئەدىپنى يەيدىكەندە بۇ قاراقچىلار ؟

— بەك ئەدەپلىشىپ كەتتىمۇ ئۇنىمايدىكەن باي، — دېدى خىزمەتكار مىيىقىدا كۈلۈپ، — ئۈركۈتۈپ قويۇشقىلا بولىدىكەن، — ئۇ مەنىلىك قىلىپ قوشۇپ قويدى، — باينىڭ پىلانى ئۈچۈن بۇ چېرىكلەر لازىم ئەمەسمۇ ؟ قاچقىنى بىلەن، — دېدى. چىراغنى مورا بېشىغا ئېلىپ قويۇپ، تامدىكى قوزۇقتا ئىلىقلىق بىر خالتىنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ داۋاملاشتۇردى، — خوجايىن سىلەرگە « تاغام پالان ... » دېگىنى بىلەن دادىسىنىڭ يېزىسىدىكى باراۋەتكە بارىدۇ. ياسىن بەگ بولمىسىمۇ يۈرت چوڭلىرى بۈگۈن سورۇن تۈزۈشۈپتىكەن، ھۆسەنباي ئۇ يەردە تاڭ ئاتقۇچە ئولتۇرىدۇ-دە، كېيىن: « مەن كېچىچە باراۋەتتە ئىدىم، بۈنىڭغا پۈتۈن يېزا گۇۋاھ... » دېيىشكە ھازىردىن قازان ئېسىپ قويۇۋاتىدۇ.

ئۇ سۆزلىگەچ ماڭا تاۋاق بەردى. سىرتقا چىقىپ كېتىپ، قىزىق بىر چۆگۈننىڭ بېغىنى چاپىنىنىڭ پېشىدا تۇتۇپ كۆتۈرۈپ كىردى:

— باياتىن بېرى ئويلاپ باش قاتۇرۇپ باقتىم، — دېدى ئۇ مەن زاغرىنى چىلاپ، چاي ئىچىپ بولۇپ، ساقال-بۇرۇتلىرىمنى ئېرتىپ « رەھمەت » دېگىنىمدىن كېيىن ئۈنىنى پەس چىقىرىپ، — داموللامنىڭ ئۆيىدىن ياناشىڭلىدا قېچىپ كەتسەڭلا كېتەلەيدىغاندەك تۇرىسىلە. ئىشىڭلار ئاقماي قالسا پاتىپاراقچىلىق بولىدۇ، شۇنىڭدىن پايدىلىنىپ تىكۋېتىڭلا. ئېقىپ قالسا، ئاۋۇ ناكەسلەر قىز بىلەن قالىدۇ، سىلىگە يەنىلا پۇرسەت چىقىدۇ... ئېتىڭلا كۆرۈمسىز بولغىنى بىلەن يارايدىغان ئۇچقۇر ئاتلاردىن ئىكەن ئەمەسمۇ ؟

— قايسى تەرەپكە ماڭسام ئەپلىكرەك ؟ — سورىدىم مەن ئەمدى ئۇنىڭدىن خېلى سۆيۈنۈپ.



— نەگە بارساڭلا جېنىڭلىنى سىغدۇرالايسىلە ؟ — ئۇ مەندىن قايتۇرۇپ سورىدى.

مەن ئويلانمايلا:

— قەشقەرگە كېتىش ئويۇم بار ئىدى، — دېدىم ۋە، — قەشقەر بۇ يەرنىڭ قايسى تەرىپىگە توغرا كېلىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيمەن، — دەپ تولۇقلاپ قويدۇم.

ئۇ بىر ھازا پېشانىسىنى تاتىلاپ ئويلىنىپ:

— قەشقەرگە مەن بېرىپ باقمىغان، بۇ يەردىن قەشقەرگە قانداق بارىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيمەن، — دېدى. ئاندىن يادىغا ئالغاندەك قوشتى، — بىر يول بار، موغال تەرەپكە بارىدۇ...

— موغالغا كېتىۋالسامۇ بولىۋېرىدۇ، — ئۇنىڭ سۆزىنى تارتىۋالدىم. چۈنكى، شاجۇمە بىلەن تىلەمچىلىك قىلغان يىللاردا موغالغا ئىككى قېتىم بارغانىدىم، — موغالغا بېرىۋالسام قەشقەر يولىنى ئاسانلا تېپىۋالىمەن.

ئۇنداقتا، داموللامنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ، سول تەرەپتىكى يولدىن چىقماي مېڭىۋېرىڭلا، — چۈشەندۈردى ئۇ، — يۈرت تۈگەپ، جاڭگال ئىچى بىلەن يېرىم كۈندەك ماڭغاندا يول ئىككىگە بۆلۈنىدۇ، ئوڭ تەرەپتىكىسى مەكىتكە، سول تەرەپتىكىسى موغالغا ئاپىرىدۇ. ئىشقىلىپ، سول قولنى بېسىپ ماڭساڭلىلا بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى موغالغا بارىسىلە. مەنغۇ بېرىپ باققان ئەمەس، ئاڭلىغان...

مەن رەھمەت ئېيتتىم. ئىچىمدە بولسا: « موغالغا بولمىسىمۇ مەيلى، ئىشقىلىپ چېرىك باشلىقى بىلەن بازار بېگىنىڭ قولى يەتمەيدىغانلا يول بولسا كېتىۋېرىمەن. كېتىۋەرسەم ھامان بىر يەردىن چىقىمەن... » دەپ ئويلىدىم.

ئىككىمىز قاراڭغۇلۇق باسقان ھويلىغا چىقتۇق. خىزمەتكار:

— سىلە ئەمدى ھەمراھىڭلارنىڭ يېنىدا بولۇڭلا، چاندۇرماڭلا. مەن ئىتلارنى قويۇۋېتىپ چىقىمەن، — دەپ قېپقالدى.

مەن ئالدىنقى ھويلىغا چىققاندا ئىككى چېرىك بىر نېمىلەرنى دەپ

كۇسۇرلىشىۋاتقانىدى، مېنى كۆرۈپلا ئۇلار جىم بولۇشتى. بۇرۇت مەندىن:

— ئىككى غالچا تېپىشىپ، ئاپاق - چاپاق بولۇپ كېتىشتىڭمۇ دەيمەن، قېنى ئۇ گەدىنى قاتتىق يۇندىپۇرۇش؟ — دەپ سورىدى.

— ئۆزۈم يالغۇز هويلىغا قاراپ يېتىشەلمەيدىكەنمەن، ئىتلارنى قويۇپ بېرىمەن، دەپ باغقا كىرىپ كەتتى.

— ئىتلارنى؟ — ئەجەبلىنىپ سورىدى مايماق، — بۇ هويلىدا ئىتلار بارمىكەن؟

— باردەك قىلاتتى، — دېدى بۇرۇت.

— يۇندىخورنىڭ گەدىنىنى قوپۇرۇپ يوغان سۆزلەشلىرى شۇنىڭدىن ئىكەن - دە؟ مەن تېخى...

— تۆتى بار ئىكەن، هەربىرى كىچىكرەك موزايدىن يوغان، — دېدىم ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسى ئاشسۇن دەپ.

هەر ئىككىلىسى جىمىپ كەتتى. قاراڭغۇدا ئۇلارنىڭ چىرايى ئۇچۇق كۆرۈنمىسىمۇ، دەككە - دۈككىگە چۈشكەنلىكى ئېنىق ئىدى.

— قويۇپ قويايلىمۇ يا، — دېدى بۇرۇت مايماققا، — ساق باشنى ئاغرىتىپ نېمە قىلىمىز؟ هېلى ئاۋۇ غالچا چىقىپ ئۇقۇپ قالسا، ئۆزىنىڭ كۈچى يەتمەي ئىتلىرىنى قويۇپ بېرىپ ئاۋارە قىلىدۇ.

— بوزەك بولۇپ، دەرد يۇتۇپ كېتىمىزمۇ؟

— ئۇنچىلىك بىر نېمىگە دەردىمىزمۇ يەڭگىللەپ كەتمەيدۇ. بەربىر يەنە بىر پىلانىمىز بويىچە ئىش تۇتىمىز ئەمەسمۇ؟

مايماق يان بەردى. ئۇ تازا ئۇلۇغ - كىچىك بىر تىنىۋېتىپ، قولتۇقىدىكى خېلى ئېغىر بىر نەرسىنى كۆتۈرگىنىچە قاراڭغۇ ئۆيگە كىرىپ كېتىپ قۇرۇق قايتىپ چىقتى. مەن ئۇ ئەكىرىپ قويغان نەرسىنى ئاشۇ ئۆيدىكى بىردىنبىر بىسات بولغان پالاس دەپ پەرەز قىلدىم. ئۇلارنىڭ دەردىنى ئېلىش ئۇسۇلى ئوغرىلىق ئىكەنلىكىمۇ مەلۇم بولغانىدى. يەنە بىر پىلانى نەدە، قانداق ئورۇندىلىدىغانلىقىلا مەن ئۈچۈن هازىرچە سىر ئىدى.



— چاقىر ئاۋۇ غېرىب كېپەن ئادىشىڭنى! — ۋارقىرىدى بۇرۇت ماڭا، — قاراڭغۇ هويلىسىنى بىزگە ساقلىتامدىكەن ئۇ؟

مەن بۇرۇلۇپ تارچۇقىقا يېقىنلاشقاندا، بىر قولىدا قارا چىراغ كۆتۈرگەن خىزمەتكارمۇ نېرىقى ياقتىن چىقىپ كەلدى. ئۇ بۇرۇتنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان بولسا كېرەك، تارچۇقتىن چىقىپ، چىراغنى دەرۋازىغا يېقىنراق تامدىكى قوزۇقىقا ئوخشاش قېقىلغان چىراغپايىغا قويۇپ، بۇرۇت ئولتۇرغان تەرەپكە قاراپ:

— ساڭا هېلى كېپەنمۇ تېپىلماي قالارمىكىن؟ — دېدى.

بۇرۇتمۇ، مايماقمۇ گەپ قىلمىدى. گۇمانىمچە، ئۇلار ياكى باياتىن گېپى بولغان ئىتتىن قورقتى، ياكى غىجىلىشىپ ئولتۇرغۇسى كەلمىدى. خىزمەتكار ئەتىگەن ئاتلارنى ئېلىپ كىرىپ كەتكەن ئىشكتىن كىرىپ، تويغان، يېتەرلىك هاردۇق ئالغان ئاتلارنى بىر - بىرلەپ ئاچىقىپ ياكى باغلىماي ياكى قولىمىزغا بەرمەي دەرۋازا ئىچىدىكى ئارىلىققا قويۇپ بەردى - دە:

— ئۆزۈڭنىڭ ئاتلىرىغا ئۆزۈڭ ئىگە بولۇش! — دېدى، — ئات هويلىنى خاراب قىلسا خىيال ئەيلەشمىگىنكى، ساق قويۇپ بەرمەيمەن.

ئۇ مېنىڭ ئېتىمنى هەممىنىڭ كەينىدىن ئېلىپ چىققانىدى. ئۇنىڭغا يېقىنراق تۇرغانلىقىمدىن، ئۇنىڭ كۆز ئىشارىتىنى چۈشەندىم - دە، ئالدىراپ بېرىپ ئېتىمنى قولۇمغا ئالدىم. بۇرۇت بىلەن مايماقنىڭ جېنى چىققۇدەك ئاچچىقى كەلگەنلىكى ئەلپازىدىنلا بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار خىزمەتكارنىڭ بۇ سۆزلىرىگە سۆكۈت قىلغۇسى يوق ئىدىيۇ، ئۇلارنى ياۋاش قىلىشقا مەجبۇر قىلىدىغان ئىش يۈز بەردى: تارچۇقتىن قاتارلىشىپ بىر قانجۇقنىڭ بالىلىرى ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدىغان، سالپاڭ قۇلاق، تۇم قارا، مەن دېگەندەك موزاي چوڭلۇقىدا بولمىسىمۇ ئادەتتىكى ئىتلاردىن يوغان تۆت تايغان چىقىپ قاتىرىسىغا ئولتۇردى.

ئىتلارنىڭ ئادەمگە ئېتىلمايدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ سۈرى ئىككى چېرىكنى ئورنىدىن تۇرغۇزدى. ئۇلار بېرىپ ئاتلىرىنى تۇتتى. ئاڭغىچە خىزمەتكار هېلىقى ئىشىكتىن ئىگەرلىرىنى

ئاچىقىپ يەرگە تاشلىدى.

— ئىشەكلىرىڭنى ئېگەرلىشىۋال، — دېدى ئۇ.

چېرىكلەرنىڭ بىر كۆزى ئىتلاردا، بىر كۆزى ئاتلاردا ئىدى. بۇ خىزمەتكارنىڭ ئېتىمنى ئېگەرلىشىپ بېرىشكە باھانە بولدى. ئاتلارغا مىنىش ئالدىدىن خىزمەتكار يەنە بىر قېتىم چېرىكلەرنى بوزەك قىلىۋالدى:

— چاپانلىرىڭنى سېلىپ قولۇڭنى كېرىپ تۇرۇش، ئاختۇرۇپ بېقىپ دەرۋازا ئاچىمەن. ئۆيدىن بىر نېمىلەرنى ئوغرىلاپ كېتىشسەڭ جاۋابىنى مەن قانداق بېرىپ بولالايمەن؟

چېرىكلەر يولدا دەردىنى مەندىن ئالماسلىقى ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئۇ مېنىمۇ ئاختۇرغان بولدى، شۇنىڭدىن كېيىنلا دەرۋازىنى ئېچىپ:

— يوقىلىش كۆزۈمدىن بەدزەڭ قاراقچىلار! — دېدى.

بىز ئاتلارغا مىنىپ دەرۋازىدىن چىقتۇق. كۆزلەر قاراڭغۇغا ئۈگەنگۈچە بىر ئاز جىم ماڭدۇق. كېيىن مايماق زادى بولالماي قالدى:

— ئى كارامەتلىك خۇدا، نېمە كۈنلەرگە قويۇۋاتىسەن بىزنى؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

— ئاستىراق! — بۇرۇت ئاگاھلاندۇردى.

— ھەممىسى سېنىڭ قورقۇنچاقلىقىڭنىڭ كاساپىتى، — مايماق بۇرۇتقا قاتتىق تەگدى، — مىلتىق تۇرۇپمۇ تىترىگەن بارمۇ؟

— مەن كېيىنكى ئىشىمىزنى ئويلاۋاتىمەن بۇرادەر. « شىرنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر »، كىم ۋايجان قىچقىرىدىغانلىقى كېيىن مەلۇم بولىدۇ...

مايماق ئۈندىمىدى. بىز جىمجىت توپا يولدا ئالللىقەيەرلەرگە كېتىۋاتاتتۇق. مەن قاراڭغۇدا ھېچ تەرەپنى پەرق قىلالماي، مېڭىشنى ئاتنىڭ ئىختىيارىغا بېرىپ ئولتۇراتتىم. ئېتىم تۈنۈگۈن ئاخشام يولغا چىققان چاغدىكىدەك شوخ، ئويناقلاپ، شاشىپ كېتىۋاتاتتى. مەن ئىككى چېرىكنىڭ ئۆرلەپ تۇرغان غەزىپىگە ياغ چاچقاندەك بولمىسۇن دەپ، ئاتنىڭ بەك شاپاشلاپ، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئېتىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىشكە ئۇرۇنۇشىنى تىزگىنىنى چىڭ تارتىپ تۇرۇش ئارقىلىق توسۇپ قويۇۋا-



تاتتىم.

بىر چوڭقۇرلۇققا كەلگەندە ئاتلار ماڭماي ئېڭىشىۋالدى. قاراڭغۇغا كۈنگەن كۆزلىرىم بىلەن كۆۋرۈكى يوق، دۆڭ ئېرىقتىن ئۆتۈۋاتقىنىمىزنى بايقىدىم، ئاتلار سۇ ئىچىۋاتاتتى.

— سۇغىرىپمۇ قويماپتۇ، — دېدى بۇرۇت.

— بۇ قەستەن قېرىشىپ قىلىۋاتقان ئىش، — دېدى مايماق يەنە قايناپ، — خەپ، بۈگۈن بۇ توڭگۇزنىڭ كۈچۈكىدىن تازا ئۆچ ئالمىساق...

ئۇلارنىڭ قانداق ئۆچ ئېلىشى ماڭا نامەلۇم ئىدى. ئاچچىقى ئەقلىنى يەپ كېتىۋاتقان چېرىكلەرنىڭ يادىدىن ئابلىمىت داموللىنىڭ ئۆيىگە بېرىش، قىزىنى بۇلاش دەيدىغان « ئاساسلىق ۋەزىپە » كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى. بۇ ھەقتە مايماق تاسادىپەنلا:

— بارىدىغان يەرگە بارغۇچە تاڭ ئېتىپ قالماس؟ — دەپ ئەسكەرتىۋىدى، بۇرۇت:

— تاڭ ئېتىپ قالسا ئەتە كەچ بارىمىز! — دېدى.

— بىزنىڭ كىرگىنىمىز بىلىنىپ قالماس؟

— بىلىنمەيدۇ، ھۇسەك « تاغام ئاغرىق » دېگەننى باھانە قىلىپ قاچتى. ئۇ ئىككى - ئۈچ كۈنسىز قايتمايدۇ. خوتۇنلىرىنىڭ مىجەزىنى بۇرۇندىنلا بىلىمەن، ئاران تۇرىدىغان جومباقلار ئۇ...

ئىككى چېرىك خىرقىرىشىپ كۈلۈشتى. ئۇلارنىڭ قانداق « قىساس » ئالىدىغانلىقىنى پەملەپ بولدۇم.

— ئوڭغا بۇرا ئېتىڭنى، — دېدى بۇرۇت مايماققا، — ھە، ئەنە، ئاشۇ دەرۋازا شۇ!

— دەرۋازىسى ئوچۇق ئىكەن تېخى، — دېدى مايماق خۇشال بولۇپ.

لېكىن بىز ئاتتىن چۈشۈشىمىزگىلا دەرۋازا يېپىلىشقا باشلىدى. بۇرۇت ئاتنىڭ يۈگىنىنى تاشلىۋېتىپ، پالاقلاپ بېرىپ يېرىم يېپىلىپ بولغان دەرۋازىنىڭ بىر قانىتىنى ئىتتىرىپ تۇرۇۋالدى. ئىچكىرىدىن:

— ۋاي خۇدايىمەي، كىملەر بۇ؟ — دېگەن ئايالنىڭ ئۈنى ئاڭلاندى.

ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەيلا مايماق ئېتنى يېتىلەپ دەرۋازىدىن كىردى. ئۇ بۇرۇتنىڭ ئېتىنىمۇ يېتىلىۋالغانىدى. بۇرۇت مېنى كىرگۈزۈپ بولۇپ، ئاندىن ئۆزى كىردى ۋە دەرۋازىنى تاقاپ، لوكىسىنى سىلىپ قىرىق ياشلاردىن ئاشقان، بولۇۋاتقان ئىشلارغا ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرۇپ قالغان ئايالنىڭ قولىدىن يوغان، مىستىن ياسالغان قۇيما قۇلۇپنى تارتىپ ئېلىپ دەرۋازىنى قۇلۇپلىدى، دەرۋازىنىڭ ئىچىدە، تامدىكى چىراغپايدا يوغان قارا چىراغ يورۇپ تۇراتتى، تېخىچە نېمە ئىش يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى بىلەلمىگەن ئايال:

— كى... كىم سى... سىلەر؟ — دېدى دۇدۇقلاپ.

— ھۆكۈمەت كىشىلىرى، — دېدى بۇرۇت ۋە ئايالنىڭ قولىدىكى بىر باغلام ئاچقۇچنى ئېلىۋالدى.

— باي يوق ئىدى...

— ھە، خەۋىرىمىز بار. ئۇ بىزنى بۇ ھويلىنى ساقلاشقا ئەۋەتتى، — مايماق راست شۇنداقتەك خاتىرجەم سۆزلەيتتى، — بول، بىزنى باشلا... ئاتخانا نەدە؟

مىلتىقلىق چېرىكلەرنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەن بىچارە ئايال غال-غال تىترەپ تۇرسىمۇ، قارا چىراغنى ئېلىپ، ئالدىمىزغا چۈشۈپ، پۈتىنى سۆرەپ ماڭدى ۋە ئون-ئون بەش قەدەمچە مېڭىپ، سول تەرەپتىكى بىر ئىشىكتىن كىردى، ئۇ يەردە ئاتخانا بار ئىدى. بۇرۇتنىڭ ئىشارىتى بىلەن بىز ئاتلارنى تامدىكى توغرى لىمغا باغلاپ قويدۇق.

— ئەمدى ئىچكىرى باشلا! — دەپ بۇيرۇق بەردى بۇرۇت.

بىز يەنە بىر ھويلىغا كىردۇق. بۇ ھويلا كىچىك، ئەپچىل بولۇپ ئاستىغا خىش يېيىتىلغان. ئۈستى بېدىش ئىدى. بۇ ھويلىدىن ئۇدۇل تامدا يەنە ئۈچ ھويلىغا ئۆتىدىغان ئىشىك بارلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى. ئاشۇ ئۈچ ئىشىكنىڭ ئىچىدىكى چىراغپايلاردا ئوخشاش چىراغلار يېنىپ



تۇراتتى.

بۇرۇت بۇ ھويلىنىمۇ ئىچىدىن قۇلۇپلىۋېتىپ، ئايالدىن:

— باينىڭ ئۈچلا خوتۇنى بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ب... ار، — دېدى ئايال دۇدۇقلاپ.

— بىزنى مېھمان كۈتىدىغان چوڭ ئۆيگە باشلا! — بۇرۇت يەنە قوپال بۇيرۇدى، — ئاغىچا-خېنىملىرىڭنى چاقىر، ئالدىمىزغا كىرىپ كۆرۈنۈش قىلسۇن، ئۆزۈڭ قورساقنىڭ غېمىنى قىل!

ئايال بىزنى ئوتتۇرىدىكى ئىشىكتىن باشلاپ كىردى. بۇ ئىشىكنىڭ ئىچىمۇ چاغراق ھويلا بولۇپ، تام تۈۋىلىرىگە تەشتەكلىك گۈللەر تىزىۋېتىلگەن. ھويلا ئىچى گۈللەرنىڭ خۇش پۇرىقىغا تولغانىدى. بىز ئىككى دېرىزە ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى قاناتلىق ئىشىكتىن ئاۋۋال دەھلىزگە، ئاندىن ئوڭ تەرەپتىكى تازىمۇ چوڭ بىر ئۆيگە كىردۇق. ئايال دەھلىزگە كىرگەندىلا تامدىكى شامدانلارغا قولىدىكى قارا چىراغنى تەگلەپ شام يېقىپ ماڭغاچقا، ئۆي ئىچى بۇلۇڭ-بۇلۇڭلىرىدىن تارتىپ ئېنىق كۆرگىلى بولغۇدەك يورۇپ كەتتى.

ئۆي ئىچى تۆت چاسا ياسىلىپ، ۋاسا جۈپ قىلىپ يېپىلغان، تاملىرىنىڭ ھەممىسىگە تەكچە چىقىرىلغانىدى. تاملارغا تۇخۇمنىڭ ئېقى سۇرۇلگەچكە، شامنىڭ يورۇقىدا ۋاللىداپ تۇراتتى. تەكچىلەرگە ھەر خىل فار-فور تەخسىلەر، تۇچ، مىس لىگەنلەر تىكلەپ تىزىپ قويۇلغانىدى. ئۆيگە ئۆلچەپ توقۇلغاندەك چىپپىدە كەلگەن ئانارگۈللۈك زىلچا سېلىنغان بولۇپ، ئىككى چېرىك بىلەن مەن شۇ تۇرقىمىز بىلەن ئېسىل كىيىم ئۈستىگە سۇنئىي چاپلاپ تىكىپ قويغان پۇرۇچ ياماققا ئوخشاپ قالغاندۇق.

ئىككى چېرىك ئۆز ئۆيىگە كىرگەندەك خاتىرجەملىك بىلەن چوڭ-چوڭ دەسسەپ گىلەمنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ، ئالدىنى ئىشىك تەرەپكە قىلىپ ئولتۇرۇشتى. مۇرىلىرىدىن مىلتىقنى ئېلىپ، بىرى كۆرسۇن دېگەندەك بىرى ئوڭ، بىرى سول مۇرىسىگە تىك قويۇۋالدى. مەن ئۇلارنىڭ سۇرلۇك ئەلپازىنى شۇ تاپتا ھەقىقىي كۆردۇم ۋە پەگاغا،

گىلەمنىڭ ئىشىككە يېقىن گىرۋىكىگە كېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇردۇم.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئاۋۋال ھويلىدا پەسرەك، كېيىن دەھلىزدە ئۈنلۈكرەك پىچىرلىشىشلار ئاڭلاندى. ئاياللار كەلگەن، لېكىن ئەيمىنىپ كىرەلمەيۋاتقىنىنى تۇيدۇم.

— كىرىۋېرىڭلار، كىرىۋېرىڭلار، — دېدى بۇرۇت ئەمدى خېلى مۇلايىملىق بىلەن.

ئۆيگە بېشىغا ئاق ياغلىق سېلىپ، يۈزىنى يېرىم توسۇپ تۇرغان ئۈچ ئايال قاتارلىشىپ كىردى. ئىشىكتىن بىر قەدەم ئىلگىرى بېسىپ توختىدى ۋە ئالدىن مەشىق قىلىۋالغاندەك تەك ئاۋازدا:

— ئەسسالام، بۇيان كېلىشىپلا، — دېدى.

ئۇلار ئوخشاش بولمىسىمۇ ئۆي ئىچىلىك كىيىم بىلەن ئىدى. يېشى چوڭراق، يىگىرمە سەككىز - ئوتتۇز ياشلار ئارىسىدىكى بىرىنىڭ بويى ئېگىز، ئۇستىخىنى مىقتا بولۇپ، قالغان ئىككىسىنىڭ بوي - بەستى تەڭ، يېشىمۇ ئۈچ - تۆت ياش پەرق قىلغۇدەك، — بىرى يىگىرمە بەشلەردە، يەنە بىرى يىگىرمىدىن ئاشقاندەك كۆرۈنەتتى. چوڭى ئاق سېرىق بولۇپ، ئىككى ئۆرۈلگەن چېچى بېلىدىن ئېشىپ تۇراتتى. قالغان ئىككىسى گويا ئاچا - سىڭىللاردەك ئوخشاشلا بۇغداي ئۆڭ، قارا چاچلىق ئىدى.

— بىز يامۇلدىن چىققان ھۆكۈمەت كىشىلىرى، — مايماق سول مۈرىسىگە تىكىلىۋالغان مىلتىقىنىڭ قونداقىغا پاقىلداتىپ ئۇرۇپ قويدى، — مۇھىم ئىش بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بۇ ھويلىغا دەم ئالغىلى كىردۇق...

— مەن بۇرۇنمۇ نەچچە كەلگەن، مېنى تونۇيدىغانسىلەر ئاپئاق خانلار؟ — سورىدى بۇرۇت ھىجىيىپ.

ئاياللار ئۇلارغا ئەيمىنىپ قاراپ قويۇشتىيۇ، تونۇيدىغان - تونۇمايدىغانلىقى ھەققىدە ئېغىز ئاچمايلا يەنە باشلىرىنى سېلىشتى.

— سىلىنىڭ ئىسمىلىرى خەيرىنسا خېنىم، — بۇرۇت چوڭ ياشلىق ئېگىز ئايالنى قولى بىلەن كۆرسەتتى، ئىككىلىچىسىنى ئىملاپ، — سىلىنىڭ ئىسمىلىرى پاشا بۈۋىم، — دېدى. ئۈچىنچىسىنىڭ ئىسمىنى ئەسلىيەلمەي سەل تۇردى. كېيىن ئەسلەشتىن ۋاز كېچىپ ھاۋادىكى قولىنى چۈشۈرۈپ، يېقىنچىلىق قىلغاندەك سۆزىنى داۋام قىلدى، — مەن سىلەرنى ئاشۇنداق تونۇيمەن، سىلەر تونۇمايۋاتىسىلەر...



خەيرىنسا خېنىم، پاشا بۈۋىم دېگەن ئاياللار ئىككى چېرىككە يەنە قارىدىيۇ، گەپ قىلمىدى.

— ئەسكە ئالالمىغان بولۇشىلىرى كارايىتى چاغلىق. ئالدىنقى قېتىم كەلگىنىمىزدە يامۇل كاتتىلىرى بىلەن بىزنىڭ باشلىقىنىڭ قولتۇقىدىن ئاشمىغان، — بۇرۇت شۇ قېتىمقى ئەپسۇسىنى ئەمدى بىلدۈرۈۋاتقاندەك ئېغىر تىنىپ قويدى، — ئەمدى بىزدىن چوڭى يوق. ئوبدانىراق كۈتۈشەرلا...

— سىلىنىڭ تەۋەدە مېھمانلارنى ناھايىتى قوپال قارشى ئالىدىكەن، — دېدى مايماق ئالدىراپ، — بىزنى ئاشۇنداق بۇتەك تۇرۇپ كۈتۈشەملا؟

— مېھمانغا ئوخشاپراق كېلىپ، مېھمان بولغىلى كەلدۇق، دېيىشسىلە مېھمان تەرىقىسىدە كۈتمەمدۇق؟ — دېدى پاشا بۈۋىم ئىسملىك ئايال ئەمدى ئېچىلىپ.

— مىلتىق تىكلەپ ئولتۇرۇشىلىرى يۈرىكى قوزغىلىپ كېتىدىكەن كىشىنىڭ، — خەيرىنسا خېنىممۇ قوشۇلدى.

— ھەر بىرلىرىنى كۆرۈپلا بىزدىكى يۈرەكنىڭ تەڭدىن تولىسى ئېقىپ بولغان، — دېدى مايماق.

ئاياللار بىلەن چېرىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەردىشەپ ئېچىلىپ، ئۇلار قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

— ئاۋۋال قورساقلارغا بىر كۆيۈنۈپ قويۇشقان بولۇشسىلىرى، — دېدى بۇرۇت، — ئاشقازانلار تاماق تارتىپ تۇرىدۇ.

— ھەر بىرلىرىدىن تاماق ئايلانسۇن، — خەيرىنسا خېنىم ئىرغاڭلاپ تۇرۇپ دەيتتى، — بەك كەچ بولۇپ كەتمىگەن بولسا پولو قىلاتتۇق، چاي - پاي تەييار قىلالايمىز.

— قېنىقراق دەملەنسە چايمۇ بولىۋېرىدۇ ، — دېدى مايماق .

ئاياللار شوخلۇق قىلىشىپ ، ناينىقلاپ چىقىپ كېتىشتى .

— بىلىق ئىكەن ، بىلىق ، — دېدى مايماق مىلتىقىنى قويۇش ئۈچۈن ئەتراپقا قاراۋېتىپ . ئۇ قوپۇپ ، بۇرۇت تەگلىگەن مىلتىقنىمۇ ئېلىپ ، تامنىڭ بۇلۇڭىغا قويۇلغان يوغان كاتىقا يۆلەپ قويۇپ ، قايتىپ جايىدا ئولتۇردى ، — بەدەنلىرى لىغىرلاپ تۇرىدىكەن كاساپەتلەرنىڭ . . .

— بىردەم تۇرۇپ ، جىلۋىلىرىنى كۆرسەڭ ، تاڭلىيىڭنى چېكىپ قالىسەن ، — دېدى بۇرۇت بۇرۇتىنى تولغاپ تۇرۇپ .

ئاياللار قاتارلىشىپ كىرىشتى . ئۈچىلىسىنىڭ قولىدا بىردىن كۆرپە بولۇپ تام ياقىلىتىپ سالدى . خەيرىنسا خېنىم :

— داستىخان بىردەمدىن كېيىنلا تەييار بولىدۇ ، — دېدى .

ئۇلار يەنە چىقىپ كېتىشتى . بۇرۇت بىلەن مايماق بىردىن كۆرپىگە نېرى - نېرى ئولتۇرۇشۇپ ، يېنىدىكى بوش ئورۇننى ھەمراھ بولۇشى كېرەك بولغان ئايالغا ئاتاپ قويۇشتى . شۇ يەردە ئۇلار ئۈچىنچى كۆرپىنى ۋە مېنى يادىغا ئېلىشتى .

— ھەي ساقال ، سەن قانداق قىلماقچى ؟ — دەپ سورىدى بۇ-رۇت .

— بۇ قەلەندەرگە كۆرپە ئوشۇق كېتىدۇ ، پاقلاندەك خېنىملارنى كۆرۈۋالغىنىمۇ چوڭ غەنىيمەت - دە ، — دېدى مايماق .

بۇرۇت بۇرۇتىنى تولغاپ قويۇپ :

— قانداق قىلغۇلۇق ؟ — دېدى ئۆزىچە ، — خېنىم ئۈچ ، بۇنى قوغلاپ چىقىرىۋەتسەك ، ئۈچ خېنىم ئىككىمىزنى تالىشىپ . . .

— كىچىك ئىككىسى ئىككىمىزنىڭ بولسۇن ، چوڭ خېنىم خالاپ ، كۆڭلى كۆتۈرسە بۇ دىۋانىنىمۇ ئەركىلىتىپ قويىمامدۇ ؟ — مايماق شۇ مەسلىھەتنى بېرىۋېتىپ تۇرۇپ ئىچى قارىلىقىنى يوشۇرمىدى ، — تاياق يېيىش بىلەن دەشنام ئىشتىشكە يارالغان ، نېگى پەس بۇ قەلەندەر بىزنىڭ باھانىمىزدا بىر ئاخشام دەۋران سۈرۈۋالىدىغان بولدى - دە !



— ئوتتۇرىدىكى ھويلىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بېرىڭلار ، — دېدىم مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ، — مەن ئاتلارغا قارىغاچ تۇراي .

— بولىدىغان گەپ ، — مايماق قوشۇلدى ، — ئەسكى كەشىنىڭ پەگادا تۇرغىنى تۈزۈك .

مايماقنىڭ تەتۈرىچە ، بۇرۇت مېنى كۆزدىن يىراق قىلىشقا ئالدىراپ كەتمىدى . ئاڭغىچە ئاياللار داستىخان كۆتۈرۈپ كىردى . كىچىكى ئىككى چېرىكنىڭ قولىغا سۇ بەردى . پاشا بۇۋىم داستىخان سالدى . خەيرىنسا خېنىم داستىخاندىكى يېمەكلىكلەر قاتارىغا قولىدىكى پەتنۇسنى تىزدى . شۇ چاغدا ئۈچلا ئايال تۇرۇپ قالغان ماڭا قارىدى .

— بۇياق ، — دەپ توختاپ قالدى خەيرىنسا خېنىم ماڭا بىر ، چېرىكلەرگە بىر قاراۋېتىپ .

— مىجەزى شۇنداقراق ، — مايماقتىن ئاۋۋال ئېغىز ئاچتى بۇ-رۇت ، — ياۋا ، مۆك . . .

— بىزنىڭ خىزمەتكارىمىز ئىدى ، بۇنداق كاتتا سورۇننى بۇرۇن كۆرمىگەچ كۆزلىرى ئالىچەكمەن بولۇۋاتىدۇ ، — دېدى مايماق بۇرۇتىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ ، — ھويلا ئىچىدە بۇنىڭغا لايىقراق ھۇجرىلار يوقمۇ ؟

— مېنىڭ قورسىقىم توق ، چىقىپ ئاتلارغا قاراپ باقاي ، — دېدىم مەن يەنە .

— سىلىنى ئۆزۈم مېھمان قىلىمەن ، — خەيرىنسا خېنىم كۈلۈپ ئالدىمغا كەلدى ۋە قولۇمنىڭ بېغىشىدىن تارتىپ كىچىك ئايال تەگلەپ تۇرغان ئاپتىۋۇسنىڭ ئاستىغا تۇتۇپ بەردى . ماڭا قول يۇيۇشقا توغرا كەلدى .

شۇ ئارىدا بىز دەرۋازىدىن كىرىشتە كۆرگەن ئايال چوڭ بىر چۆ-گۈننى كۆتۈرۈپ كىرىپ ، ئىشىك يېنىدا قويۇپ چىقىپ كەتتى . خوتۇنلارنىڭ كىچىكى پىيالىلەرگە چاي قۇيدى . ھەممەيلەن داستىخانغا تۇتۇش قىلدى .

داستىخان مول ئىدى . كاكچا توقاچلار يۇمشاق ، يۇزىگە كۈنجۈت ، سىيادان سېپىلگەن ۋە جىگدە سۈيى سۈركەلگەنلىكتىن مەززىلىك ،

يېپىشلىك ئىدى. داستىخاندىكى كاللەك قەنت - ناۋاتلار پىيالىلەرگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ياڭاق مېغىزى، بادام، ئۆرۈك مېغىزىنى بولسا خوتۇنلار ئىچ پۇشۇقى قىلىپ يەپ ئولتۇراتتى.

ئاۋۇ ئىككىسىگە قارىغاندا قورسىقىم توق بولغانلىقتىن داستىخانغا ئانچە ئۆزۈمنى ئۇرۇپ كەتمىدىم. خەيرىنسا خېنىم ۋەدىسىدە تۇرۇپ پىيالەمگە ناۋاتنى سېلىپ تۇردى. بۇرۇت بىلەن مايماق بۇنىڭدىن بارغانسېرى غەزىپى ئۆرلەپ، ماڭا ھەدەپ ھومىياتتى. ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، چىقىپ كېتىدىغان پۇرسەت بولمىغانلىقى ئۈچۈنلا ئولتۇرۇۋاتاتتىم. ئەگەر ئولتۇرۇش بۇنىڭدىن ھالقىپ كەتسە قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىمنى، بۇنداق ئەيش - ئىشرەت ماڭا ئاللىقاچاندىن بېرى — دېيەرلىك، تۇغۇلغىنىمدىن بېرى يات ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتىم.

— قورساقلارمۇ ئارام ئالدى، ئەمدى كۆڭلىمىزگىمۇ ئاز - تولا ئارام نېسىپ بولارمىكى؟ — دېدى بۇرۇت ھىجىيىپ.

— قانداق ئارام خالىشىلىكى؟ — خەيرىنسا خېنىم سورىدى.

— بۇ... بۇنى... — مايماق كېكەچلەپ كەتتى، — نېمە دېسەك بولار؟

— نەغمە - ناۋا قىلىپ بېرەيلى، — پاشا بۇۋىم تەكلىپ قىلدى.

— ئەجەب ياخشى تەكلىپ بولدى، شۇنداق بولسۇن، — دېدى بۇرۇت.

خوتۇنلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ «داستىخانغا دۇئا قىلىپ بېرىشسىلە» دېيىشتى. بۇرۇت بولار - بولماس دۇئا قىلدى. باشقىلىرىمىز ئەگەشتۇق. ئاياللار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مايماق:

— ھى، ھى قىلىشقىنى بىلەن تۇتۇق بەرمەمدۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— يامۇلدىكىلەر بىلەن بىزنىڭ باشلىقلارنىڭ قۇچىقىغا چىقىپ ئولتۇرۇۋېلىشقىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن...

— ئۇلار دېگەن، ئۇلار...

— قېنى ئاۋۋال نەغمە - ناۋاسىنى تىڭشاپ باقمامدۇق، كېيىن بىر



گەپ بولار...

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، «نېمە گەپ» ئىشارىتىدە قارىغان بۇرۇتقا:

— ئەدەپ! — دەپ قويدۇم.

— ھاجەتخانىنى بىلەمسەن؟ — سورىدى مايماق.

— سورارمەن.

سىرتقا چىقتىم. ئاندىن ئارا ھويلىدا توختاپ قالدىم. بۇ ھويلىدىن چىقىش ئۈچۈن قۇلۇپلاقلىق ئىشىكنى ئېچىش كېرەك ئىدى. مېنىڭ «ئەدەپ» دېگىنىم بىر باھانە بولۇپ، بىر دەم بولسىمۇ ئىككى چېرىكنىڭ تېتىقسىز گەپ - سۆزلىرىدىن قۇلىقىم، قىلىقلىرىدىن كۆزۈم نېرى بولسۇن، دېگەنىدىم.

نېرىقى كىچىك ھويلىدىن ئۈچ ئايال چىقىپ كەلدى. مەن ئۆزۈمنى تامنىڭ بۇرجىكىگە چاپلاپ تۇرۇپ، ئۇلار دېيىشىۋاتقان گەپكە قۇلاق سالدىم.

— بۇ بۇلاڭچى ئوغرىلار دەرۋازا بىلەن چوڭ دەرۋازىغا قۇلۇپ سېلىۋالمىغان بولسىغۇ بۇ چاغقا ئەدىپىنى يەيتتى، — دېدى بىرى. بۇ پەرىزىمچە، تېخى گەپ قىلىپ باقمىغان كىچىك خوتۇننىڭ ئاۋازى ئىدى.

— ھېچقىسى يوق، ئۇيان تارتىپ - بۇيان سۆرەپ تاڭ ئاتقۇچە ئەخمەق ئەتسەكلا كېيىن بىر گەپ بولىدۇ، — بۇ خەيرىنسا خېنىمنىڭ ئاۋازى ئىدى. كېيىن ئۇ تەھدىت خاراكتېرىدە ئاگاھلاندۇردى، — سۇيۇلۇپ ئىش تېرىشساڭ، بايدىن ئاۋۋالراق جازايىڭنى ئۆزۈم بېرىمەن!

— ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرمىسىلا خېنىم، — پاشا بۇۋىم ئەركىشىگە نازلانغاندەك دېدى، — گۈلەختە قالغان قوڭالتاق چېرىكلەرگە قاپتىمۇ كۆنىمىز؟

ئۇلار مەن ھازىر چىققان ھويلىغا كىرىپ كېتىشتى. خەيرىنسا خېنىم بىلەن كىچىك خوتۇننىڭ قولىدا دۇتار، پاشا بۇۋىمدە داپ بار ئىدى. مەن مايماقنىڭ باياتىنقى پەرىزىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى بۇ خوتۇنلارنىڭ سۆزلىرى ئارقىلىق يەنىمۇ چۈشىنىپ، كۆز ئالدىمدا بولىدى-

غان رەسۋاچىلىقنىڭ گۇۋاھچىسى بولمايدىغانلىقىمدىن ناھايىتى خۇشال بولدۇم. ئەمما، تاڭ ئاتقۇچە بۇ ھويلىدا قېلىش كۆڭلۈمگە ئەنسىزلىك سالدى. ماڭا تېزرەك ئابلىمىت داموللا دېگەن ئادەمنىڭ ئۆيىگە بېرىۋېلىش كېرەك ئىدى. شۇ يەردىلا مەن سول قولنى بېسىپ مېڭىۋەرسەم نەچچە كۈندە بېرىشىم مەلۇم بولمىسىمۇ، ئىشقىلىپ، بارالايدىغان موغال پولىغا ئۇلىشالايتتىم. پاراكەندىچىلىك بولامدۇ، پاتىپاراقچىلىق بولامدۇ، نېمە بولسا شۇ ئابلىمىت داموللا دېگەننىڭ يېزىسىدا بولۇشى، بۇ يەردە بولماسلىقى كېرەك ئىدى.

شۇ ئارىدا دەسلەپ بىزگە ئۇچراشقان ئايال چىقتى. ئۇ مېنى كۆرۈپ قالدى ۋە ئەنسىز ئاۋازدا:

— كىم، كىم بۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مەن ئاچا، — دېدىم ئاۋازىمنى مۇلايىم چىقىرىشقا تىرىشىپ، — خالىي جاي نەدىكىن دەپ يۈرۈپتىمەن...

— تاشقىرىدا ئىدى، ئاچقۇچ ئۆزۈڭلاردىغۇ؟ — دېدى ئۇ.

— ئاۋۇ ئىككى چېرىك مېنى قېچىپ كېتىدۇ دەپ قورقىدۇ. ئاچقۇچنى ماڭا بەرمەيدۇ، — دېدىم.

— ھە، سىلە چېرىك ئەمەسما؟ — ئايال ھەيران قالدى.

— مەن بىر بەگنىڭ چاكىرى ئىدىم، مۇشۇلارغا قوشۇپ قويغانىدى. ئۇمۇ، بۇلارمۇ مەندىن پەخەس بولۇپ يۈرىدۇ.

— ھە، مۇنداق دېسىلە، — ئايال قول ئىشارىتى بىلەن مېنى بىر بۇلۇڭغا باشلىدى، — مۇشۇ يەرگە كىرسىلە. بۇ خېنىملارنىڭ ھاجەتخانىسى. ئۇلار ھازىر بولمىغاندىكىن...

مەن قاراڭغۇ ھاجەتخانىغا كىردىم. بۇ يەردىن چىقىپ كەتكۈدەك يەر-يوچۇق تېپىلمايتتى. ئادەم ئولتۇرىدىغان يېرىمۇ پىششىق خىشتا ئەگمە قىلىپ كۆتۈرۈپ ياسالغانىدى. تۆگلۈكمۇ يوق ئىدى. تامدىكى كۆزنەككە بىر قول ئاران سىغاتتى. مەن قايتىپ چىقىپ، بايىقى ئايالنىڭ شۇ جايدا تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ قولىدا ئىشرىق تۇتۇپ تۇراتتى.

— قوللىرىنى چايقىسىلا، — دېدى ئۇ.



— ئاچقۇچ بولمىسا دەرۋازىدىن باشقا يەردىن چىقىپ كەتكىلى بولمايدىكەن-دە، — سورىدىم قولۇمنى يۇيۇۋاتقاچ.

— ئۇچۇپ چىققىلى بولمىسا باشقا ئىلاج يوق، — دېدى ئۇ نىيىتىمنى بىلىپ قالغاندەك ئېغىر تىنىپ، — باي خوتۇنلىرىنى قورۇپ، ئاسمان پەلەك تام توسۇۋالغىنى بىلەن ئاغىچىلىرىنىڭ ئەھۋالى ئەنە...

مەن باياتىن ئۈچ خوتۇننىڭ دېيىشكەن گېپىنى ئېيتىپ بېرىپ:

— قىنىدا يۈرىدىغان خېنىملارمىكىن دەپتىمەن، — دېدىم.

— ئۈچ كۈندەش بىر بولسا بەز يېمەيدىغان مۈشۈك بولۇۋېلىشىدۇ. بولمىسا ئىتتىن يانمايدىغان رەسۋالار ئۇ...، — دېدى ئايال غەزەپ بىلەن، — بايمۇ پەردىشەپنى بىلمەيدۇ، بولارمۇ مانا ئەمىسە دەپ قولدىن بەرمەيدۇ. «توگرىلىقتا مەرەزدار» دېگەندەك، تازا تېپىشقان نېمىلەر ئۇ. بىردەم ئۆتسە سىلىنىمۇ كۆرۈپ قالارلا...

— خۇدايىم ساقلار، — دېدىم ۋە ئۇنى ئىچىمدە يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدىم.

ئايال بېشىنى لىڭشىتىپ، يالاڭ ئاياغ پۇتلىرىنى سۆرەپ چەتتىكى ھويلىغا كىرىپ كەتتى. مەن دۇتار بىلەن داپ ئۈنى چىقىۋاتقان ئۆي بار كىچىك ھويلىغا كىردىم. ئۆيگە كىرەيمۇ-كىرمەيمۇ دەپ تېڭىرقاپ تۇرغىنىمدا بۇرۇت چىقىپ قالدى. ئۇنىڭ مەندىن خاتىرجەم بولالماي يوقلاپ چىققىنى ئېنىق ئىدى. ئەمما، چاندۇرمىغاندەك قىلىپ:

— نېمىنىڭ غېمىنى قىلىپ تۇرۇپ كەتتىڭ؟ — دەپ سورىدى، — خوتۇنلار قىزىپ ئوت قويۇۋەتكۈدەك يەرگە يەتتى. بىر چەتتە ئولتۇرۇپمۇ بولسا ئاڭلاپ ئىچ پۇشۇقۇڭنى چىقار...

مەن شۇ تاپتا كەلگەن ئەقىل بويىچە ئۇلارنى سەپەرگە ئاتلىنىپ قالار، دېگەن ئۈمىد بىلەن، باياتىن ئاڭلىغان گەپلەرنى ئېيتىپ بەردىم.

— ئۇلارنى ئەخمەق قىلىپ تاڭ ئاتتۇرۇۋالساقلا كېلىشتۇرۇپ بابلايمىز، — دېيىشتى، — دېدىم چېقىمچىلىق قىلىپ، — تېخى بىرەرىگە خىزمەتچىنى ئېرىنى چاقىرىشقا ئەۋەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئىسسىقىدا يولغا چىقىۋالساقمىكىن...

بۇرۇت سەل ئويلىنىپ :

— مەنمۇ شۇنداقمىكىن دەپ گۇمانلىنىۋاتاتتىم ، — دېدى بۇرۇتنى تارتىپ تۇرۇپ ، — قېنى ئاۋۇ هولولۇپ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقايلى ، — ئۇنىڭ هولولۇپ دېگىنى مايماق چېرىك ئىكەنلىكىنى سەزدىم ، — كىرە سەنمۇ ! — دېدى ئۇ ۋە ئۆزى كەينىگە يېنىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى .

ماڭا ئۆيگە كىرمەكتىن باشقا يول قالمىغانىدى . بۇرۇت تەرىپلىگەندەك ، ئۈچ ئايال ساز چېلىپ ناخشا ئېيتىپ چاڭ چىقىرىۋەتكەنىدى :

يىراقلاردىن كېلىدۇ بىزنىڭ يارلار ،
تەشنالىقنى قاندۇرۇپ ، يارەي .
ئاتتىن چۈشمەي باغرىغا مەھكەم باسار ،
كۆيگىنىنى چاندۇرۇپ ، يارەي .

— ياشاڭلار چوكانلار ، ئۆلمەڭلار ، — دەپ ۋارقىرىدى مايماق شۆلگىيىنى يېڭى بىلەن ئېرتىۋېتىپ ، — بىرەرىڭلار ئۇسسۇل - پۇسسۇل بىلمەمتىڭلار - هە ؟

خەيرىنسا خېنىم دۇتارنى قويۇپ ، گىلەم ئۇستىدە يۇمشاق دەسسەپ ئۇسسۇلغا چۈشتى . ئۇ مايماق بىلەن بۇرۇتنىڭ ئالدىدا توختاپ ، گىرەلەشتۈرۈۋالغان بارماقلىرىنىڭ ئۇستىگە قويۇۋالغان بېشىنى بويىنى مىدىرلاتماستىنلا ئىككى تەرەپكە چايقايتتى ۋە نازلىق قاراش بىلەن كۆز تاشلاپ پىرقىرايتتى ، بۇرۇتنىڭ مايماق بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقىمىز دېگىنى نەلەردە قالدى ، ئۇ مايماقتىن بەكرەك ئىشتىياق بىلەن خەيرىنسا خېنىمنىڭ پىرقىراشلىرىغا بېرىلىپ كەتكەنىدى .

خەيرىنسا خېنىم گىلەم ئۇستىنى ئۈچ - تۆت قېتىم ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن ، قالغان ئىككى خوتۇن تېز پەدىگە ئالماشتۇرۇپ چالدى ۋە باشقىچە بىر ناخشىنى باشلىدى :



دوپپا تىكسەم دوپپامنىڭ ،
گۈلى يېشىل يىپەكتىن .
يار ئىشقىدا جىق كۆيۈپ ،
قۇرۇپ قالدىم يۈرەكتىن .

يارىم بىلەن تېپىشساق ،
ناخشا - ئۇسسۇل ساز بولۇر .
ناخشا - ئۇسسۇل ساز بولسا ،
باشقا گەپ - سۆز ئاز بولۇر .

بۇ غىدىقلىغۇچى ناخشا بۇرۇت بىلەن مايماقنى ئولتۇرالمايدىغان قىلىۋەتتى . خەيرىنسا خېنىم بەللىرىنى تېخىمۇ تولغاپ ، مەيدىسىنى ئالدىغا چىقىرىپ ، چېرىكلەرنىڭ هوشىنى ئېلىۋاتاتتى . ناخشىچىلار ئەمدى ئوچۇق - ئاشكارا چاقىرىق قىلدى :

بېلىقمۇ ئاق بولامدۇ ،
بىزنىڭ ياردەك ئاق ئەمەس .
مېنىڭ كۆڭلۈم تارتقاندا ،
يارمۇ هەرگىز ياق دېمەس .

بۇرۇت بىلەن مايماق چىدىيالماي كەتتى . ئۇلار يوتىلىرىغا پاقشىتىپ ئۇرۇپ ، ئۆزلىرىنى كەينىگە بىر ، ئالدىغا بىر تاشلاپ كۈلۈپ ، كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كەتتى . مايماق ئېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولاتتىيۇ ، ئاغزى تېخىمۇ قىيسىيىپ كەتكەچكە گەپ قىلالمايۋاتاتتى . بۇرۇت بىر دەم كۈلۈپ بېقىپ ، ئۆزىنى تۇتالماي يۈگۈرۈپ قوپۇپ خەيرىنسا خېنىمنى بازلاپ ئۇسسۇلغا چۈشتى . ئۇ قىزىقچىلىقتا پۇتى كەلگەن - كەلمىگىنى بىلەن هېسابلاشماي ، خەيرىنسا خېنىمنىڭ ئەپچىل تولغاۋاتقان بېلىنى تۇتۇۋېلىش كويىدا ئىدى . بۇنىسى بولسا يىلاندەك سويلاپ ، بويۇن بەرمەي ئەگىيتتى .

ناخشىچىلار ئېيتىمۇ دەي ــ دېگە سالغىلى تۇردى :

ئالتۇن تاتقان تارازاڭدا ،
كۈمۈش تارتايمۇ ؟
كەلمەي ــ كەلمەي بىر كەلگەندە ،
ئۆزۈمنى ئاتايمۇ ؟

مايماقنىڭمۇ سەۋر ــ تاقىتى پۈتتى . ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ خەيرىنسا خېنىم بىلەن تاشلىشىپ ئۇسسۇل ئويناشتىن قوغلىشىشقا ئۆتكەن بۇرۇتىنىڭ قولتۇقى ئاستىدىن شۇڭغۇپ ئۆتۈپ ، داپ چېلىۋاتقان پاشا بۇۋىمنى قۇچاقلىۋالدى . ئۇ شۇڭغۇپ ئۆتكۈچە تەگكۈزۈلگۈنى يوقىتىپ پىرقىراۋاتقان بۇرۇتنى ئىتتىرىپ ئۆتكەنىدى ، بۇرۇت بېشى قايغانمۇ نېمە ، ئۆزىنى باشقۇرالماي خەيرىنسا خېنىمنىڭ پۇتىنىڭ ئارىلىقىغا يىقىلىپ چۈشتى . خەيرىنسا خېنىم ئۇنىڭغا پۇتلاشقاندەك بولۇپ يېنىغا يەڭگىل يىقىلىپ بەردى . ئۆزىنى قاچۇرغىنىغا ئۇنىماي پاشا بۇۋىمنى سۆيۈشكە ئۇرۇنۇۋاتقان مايماقنى كۆرۈپ ، كۆزىگە قىزىلچىلىق تىقىلغان بۇرۇتمۇ خەيرىنسا خېنىمنى ئورنىدىن قوپقىلى قويماي سۆيمەكچى بولاتتى . پاشا بۇۋى بىر ياقتىن ، خەيرىنسا خېنىم بىر ياقتىن :

ــ ۋاي ئەسكىلەر ، نېمە قىلىشىۋاتىسەن . . . قويۇۋەت !

ــ ئۇنداق سەتلەشمە قاراقچىلار ، ئادەم قىچقىرىمەن ! ــ دەپ ۋارقىراشتى .

مەن ئىشىك يېنىدا ئولتۇرغانلىقىمدىن لەپپىدە قوپۇپلا سىرتقا چىقىپ كەتتىم . باياتىن خىزمەتچى ئايالنىڭ دېگەن گەپلىرى يادىمغا كەلدى . مەنمۇ خىزمەتكار ئايالدەك « هاپتىغا شاپتى ، توگرىلىققا مەرەزدار ، ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ ئىكەن ، بۇ باي ۋە ئۇنىڭ ئاغىچىلىرى . . . » دېدىم ئىچىمدە .

مەن ئارا هويلىغا چىقىشىمغىلا بىر تەرەپتىن كۈلۈپ ، بىر تەرەپتىن ، « ۋاي ئەسكى ، لۈكچەك ، قاراقچى . . . » دەپ تىللاپ خەيرىنسا خېنىم يۈگۈرۈپ چىقتى ۋە ئوڭ تەرەپتىكى كىچىك هويلىغا



كىرىپ كەتتى . بۇرۇت ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كىرىپ كەتتى . بىر نەچچە تىنىق ئۆتمەي ، پاشا بۇۋىمۇ خەيرىنسا خېنىمدەك هەم قاقاقلاپ كۈلۈپ ، هەم « كەينىمدىن كىرىپ زورلايدىغان بولساڭ ئۆلۈۋالىمەن . . . » دېگەن بولۇپ ، يۈگۈرگىنىچە سول تەرەپتىكى كىچىك هويلىغا كىرىپ كەتتى . مايماق سولغا بۇرۇلىمەن دەپ ، تامنىڭ گىرۋەكىگە ئۇسسۇپ تاشلىدى . ئەمما ، ئۇ پېشانىسىنى سىلاپ ــ سىلاپ قويۇپلا پاشا بۇۋىمنىڭ كەينىدىن ئېتىلدى . ئەمدى قىيا ــ چىيا ، ساراڭلارچە كۈلكە ئىككى تەرەپتىن تەڭ چىقىشقا باشلىدى .

مەن ئارا هويلىدا نېمە قىلىشىمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم . ئاسمان ئاي قاراڭغۇسى بولغاچقا سان ــ ساناقسىز يۇلتۇزلارغا تولغانىدى . هاۋا خېلى سالقىنلاپ قالغان ، دىمىقنى قوغلاپ بىلىنەر ــ بىلىنمەس سالقىن شامال ئېسەتتى . شۇ چاغدا يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك يېنىمدا ئۇچىنچى ئايال پەيدا بولدى .

ــ بىزنىڭكىگە كىرەيلى ، ــ دېدى ئۇ تارتىنمايلا .

ــ ئۆزلىرى كىرىپ كېتىۋەرسىلە خېنىم ، ــ دېدىم مەن ئەدەپ ساقلاپ ، ــ مەن شۇنداق يوللاردا مېڭىپ باقماپتىكەنمەن . . . نىكاھتىكى خوتۇنۇم بار ئادەممەن . . .

شۇنداق دەپلا بۇ سۆزنى ئۆزۈمدىن بۇيان ئاغزىمدىن چىقارماي كەلگەنلىكىمنى يادىمغا ئالدىم . هازىر دېگىنىم بىلەن ئالدىمدىكى بۇ خوتۇن ماڭا خەۋپ توغدۇرالمايتتى . ئۇ مېنى ناهايىتى سەت بىر گەپ بىلەن تىللىدى ۋە قەددىنى تىك تۇتۇپ خەيرىنسا خېنىمنىڭ هويلىسى بار تەرەپكە كېتىپ غايىب بولدى .

« خوتۇنۇم بار . . . » بۇ سۆز بىلەن يۈرىكىمگە ئاغرىق كىرىپ كەتتى . تېخى هازىرلا مەن شۇنداق دېگەندە ، ئالدىمدىكى ئايالنىڭ ماڭا خەۋپ يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم . ئەمما ، خەۋپ يەتمىگەنلىكى ئۇچۇنلا ئىككى ئۆيدىكى تۆت هايۋاننىڭ سۈرەتلىرىنى ئاڭلاپ تۇرىمەنمۇ ؟ بىر دەمدىن كېيىن ئۇلار « تونۇشۇپ ، چىقىشىپ » مۇ كېتەر . مەن ئۇلار ئېرىشىدىغىنى ئۇچۇن تىرىشىۋاتقىنىدا تاماشىبىن بولۇپ

قاراپ تۇراي . . . ئۇلار مېنىڭ ئېرىشىشىمگە توسقۇنلۇق قىلسا، پۇتلىكاشاڭ بولسا مەن « غىڭ » دېمەيمەن، ئەكسىچە، ئۇلارغا ماسلىشىپ بېشىمنى ساڭگىلىتىپ تۇرىمەن. نېمىشقا مەنمۇ ئېرىشىدىغىنىمغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇلارغا توسقۇنلۇق قىلىپ، ئۆز قەدىمىمنى تېزلىتىش يولىدا ئاز - تولا ھەرىكەت قىلمايمەن؟ نى - نى خەتەرلەردىن، ئۆلۈم ئالقىنىدىن قۇتۇلۇپ كېتىشتە تايانغان جۈرئىتىم نەگە كەتتى؟ مەن نېمە ئۈچۈن مايماق بىلەن بۇرۇتنىڭ ئارزۇسى ئۈچۈن قېچىپ كېتىش مەقسىتىمنى قۇربان قىلىدىكەنمەن؟

« ئىشقىلىپ كەينىمگە يانمىسام بولمىدىمۇ؟ — قەتئىي قارارغا كەلدىم ئىچىمدە، — ئابلىمىت داموللىنىڭ ھويلىسى بىلەن نېمە كارىم. ئالدى تەرەپكە، سول قولنى بېسىپ مېڭىۋېرەي . . . »

مەن بىر ەر خىش قومۇرۇپ قۇلۇپنى چېقىش ھەلەكچىلىكىگە چۈشكەندە خىزمەتچى ئايال دوقۇرۇشۇپ قالدى.

— تاشمۇ، تۆمۈرمۇ، ئىشقىلىپ قۇلۇپنى چاققۇدەك بىر نېمە تېپىپ بەرسىلە، — دېدىم مەن ئالدىراپ.

ئايال ئالدىرىمىدى. ئۇ:

— قۇلۇپ چېقىلمايدۇ، قويما قۇلۇپ ئۇ، — دېدى ۋە مېنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىمنى چۈشەنگەندەك ئۇنىنى پەسلىتىپ شۇنداق دېدى، — ئاۋۇ ئەسكىلەرنىڭ پەسكەشلىكلىرىگە چىدىمىغان بولسىلىرى باشقىچە ئىش قىلسىلا . . .

— قانداق ئىش؟

— شوتا قويۇپ بېرەي، ئۆگزىگە چىقىپ تالاغا سىيرىلىپ چۈشسىلە، ئاندىن تاشقىرىقى دەرۋازىنى قېقىپ بەرسىلە، چېرىكلەرمۇ ھوشىغا كېلىدۇ.

— بالدۇرراق دېمەمدىغان؟ — دېدىم ئالدىراپ، — بالدۇرراق دېسىلە، مەن كېتىۋېرەتتىم ئەمەسمۇ؟ ئۇ ئىككى قاراقچى بىلەن ئەمچىكىم قوشمىدى؟

— ئاتنى قانداق قىلىمىز؟ ئات بولمىسا ھېچ يەرگە بارالمايلا - دە؟



بۇمۇ راست گەپ ئىدى. ئات بولمىسا پىيادە يول مېڭىپ تاڭ ئاتقۇچە ئېزىپ قالمىسام، ئاران مۇشۇ يېزىدىن چىقالىشىم مۇمكىن. « بۇنداق قاچقاندىن قاچمىغان ياخشىراق . . . » دەپ ئويلىدىم ۋە خىزمەتچى ئايالنىڭ مەسلىھەتىگە ماقۇل دېيىشكە مەجبۇر بولدۇم. ئۇنىڭ ئېيتقىنىنى بويىچە تاشقىرىقى دەرۋازىنى قاقىمەن، ئايال ئىچى تەرەپتىن ۋارقىرايدۇ، بەگلىكنىڭ جىسەكچىسى: « بۇ ھويلىدا يات ئادەم بار، نېمە ئادەملەر ئۇ، ھۇسەنباي يوق تۇرسا يېرىم كېچىدىن ئاشقاندىمۇ چىقماي ئولتۇرىدىغان گەپ بارمۇ؟ . . . ھۇسەنباي ماڭا شۇنداق تاپىلىغان . . . » دېگەندەك گەپلەرنى قىلىدۇ. چېرىكلەر يولغا چىقماي ھەددى ئەمەس!

ئايال ئۆز نۇقتىسىدىن — بۇزۇقچىلىقنى كۆرگۈسى، ئاڭلىغۇسى كەلمىگەنلىكتىن ياكى ئىككى چېرىك بىلەن مەن بولمىسام ئارام ئالىدىغان ۋاقتىنىڭ ئاز - تولا كۆپىيىشى مۇمكىنلىكىدىن چىقىپ، تېزرەك كېتىشىمىز ئۈچۈن ئەقىل كۆرسىتىۋاتاتتى. مەن ئابلىمىت داموللىنىڭ ئۆيىگە بارساق تېزرەك بېرىپ، يۈز بېرىدىغان نېمە ئىش بولسا شۇ جايدا كۆرۈپ، ئاندىن « سول قولنى بېسىپ مېڭىۋېرىش » نىڭ تەقەززاسىدا ئالدىرايتتىم.

ئۇنىڭ دېگىنى ئىنچىكە بادىرىدىن ياسالغان، ئەمما خېلى ئۇزۇن شوتا ئىكەن، مەن شوتىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تەرەددۇتلىنىۋاتقاندا، ھېچكىم كۈتمىگەن، مۆجىزىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ۋەقە يۈز بەردى: تاشقىرىقى دەرۋازا گۇمبۇرلەپ قېقىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا سانىنى مۆلچەرلەش قىيىن بىر توپ ئىتلارنىڭ شىددەتلىك ھاۋشۇشلىرى، قاۋاشلىرى، ھۇۋلاشلىرى كېچە ئاسمىنىنى بىر ئالدى، ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى ئارىسىدا ئاللىكىمنىڭ چۈشىنىكسىز بىر نېمىلەرنى دەپ ۋارقىرىشىمۇ ئاڭلىناتتى.

شاۋقۇن - سۈرەنىنىڭ كۈچىيىشى بىلەن مەن ھۇسەنباينىڭ كۈندۈزى ئارام ئالغان ھويلىسىدىكى چاكار ۋە ئۇنىڭ قاپلاندەك تۆت تايغىنىنى ئېسىمگە ئالدىم. ھۇسەنباي دادىسى ياسىن بەگنىڭ ئابلىمىت داموللىدىن ئۆچىنى ئېلىشىغا ياردەملىشىپ يامۇل چېرىكلىرىگە تايىنىشتىن

باش تارتمىغان بولسىمۇ، چېرىكلەرگە پەخەس بولۇشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىغانلىقىغا ئىشەندىم. بۇنى ئۇنىڭ كۈندۈزكى مۇئامىلىسى ۋە چاكارنىڭ گەپ - سۆزلىرىمۇ ئىسپاتلايتتى.

شۇ ئارىدا هويلىغا سىرتتىن ئېتىلغان تاش، كېسەك پارچىلىرى چۈشۈشكە باشلىدى، هويلا ئىچىدىكى قايسىبىر ئۆينىڭ دېرىزىسىدىكى ئەينەك چېقىلدى. مەن هاسىرىغان، بەلۋېغىنى باغلىيالمايۋاتقان مايماقنى كۆرۈپ قالدىم. ئارقىدىنلا بۇرۇت ئارا هويلىدىن يۈگۈرۈپ چىقتى. ئۇنىڭ مۈرىسىدە ئىككى مىلتىق بار ئىدى.

— مىلتىقنى ئال، دەرۋازا تېشىدا كىم بولۇشىدىن، قانچىلىك ئىكەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، بوسۇپ چىقىپ كېتىمىز، — دېدى بۇرۇت.

— زادى نەس باسىدىغانلىقى كۆڭلۈمگە ئايان ئىدى، يېمىگەن مانتىغا پۇل تۆلەيدىغان بولدۇق...

— هېلىقى ساقاللىق قەلەندەر نەدە قالدى؟ — توساتتىن مېنى ئەسلەپ قالدى بۇرۇت، — ئۇنى بۇ يەرگە تاشلاپ قويۇپ كەتكىلى بولمايدۇ...

— قېچىپ كەتتى دېمەيمىزمۇ؟ — مايماق ئېتىنى يەشكەچ دېدى.

— بولمايدۇ، ئۇنى تۇتۇۋالسا چوڭ پاكىت قىلىۋالىدۇ، ئۇمۇ هەممىنى ئېيتىماي - تېمىتماي دەپ بەرگىلى تۇرىدۇ.

— ئىزدەپ باق بولمىسا...

— هازىر ماڭامدۇق؟ — هېچنېمىنى ئۇقمىغان كىشى بولۇپ ئاتلارنىڭ يېنىغا كەلدىم.

— بولە دىۋانە، ئېتىڭغا مىن! — بۇيرۇدى بۇرۇت، — دەرۋازا ئېچىلىشى بىلەنلا كەينىمدە قالماي تەك چاپ!

— بىزنى قورشىۋالغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى مايماق، — ئۇرۇپ ئۆلتۈرىدۇ...

ئۈچىلىمىز ئاتقا مىنگەندىن كېيىن بۇرۇت پەس ئاۋاز بىلەن:

— خوتۇنلاردىن قايسىڭ بار؟ — دەپ توۋلىدى.

خىزمەتچى ئايال شۇ يېقىن بىر يەردە بولسا كېرەك، گەپنىڭ



ئاخىرى چۈشۈپ بولغۇچە يېتىپ كەلدى.

— دەرۋازىنى يوغان ئېچىۋېتىپ، ئۆزۈڭنى دالدىغا ئال! — دەپ بۇيرۇدى بۇرۇت ۋە ئاچقۇچلارنى تاشلاپ بەردى.

— ئاسمانغا ئاتارمىز؟

— شۇنداق بولماي ئەمسە...

ئىككىسى مىلتىقنى ئېلىپ شاراقشىتىپ ئوقلىدى. تېپىچەكلەپ تۇرغان ئاتلار ئۈستىدە ئۇلارنىڭ هەيۋە قىلغانلىرىدىن باشقىچە بىر هالدا تىترەپ، تىنچ ئولتۇرالمايۋاتقىنىغا كۈلگۈم كېلىپ، كەينىدە تۇراتتىم.

خىزمەتچى ئايال دەرۋازىنىڭ ئىككى قانىتىنى ئاۋۋال تەڭلا، بىر ئادەم پاتقۇدەك ئېچىۋېتىپ، ئاندىن سول تەرەپتىكىسىنى تولۇق ئاچتى. قالغان يېرىمى ئېچىلىپ بولغۇچە مايماق ئالدىن ئات سېلىپ، دەرۋازىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى. خىزمەتچى ئايال ئۆزىنى تامغا چاپلىۋېلىشقا ئاران ئۈلگۈردى. مايماقنىڭ كەينىدىن بۇرۇتمۇ چىپىپ چىقىپ كەتتى.

ئاستىمدىكى ئات تىزگىنىنى هەرقانچە تارتقىنىم بىلەنمۇ بويۇن بەرمەي، ئالدىدىكى جىنىسداشلىرىنى بىردەمدىلا قوغلاپ يەتتى. ئىككى چېرىك هاسىراپ - هۆمۈدەپ ئۇزاققىچە گەپ - سۆز قىلىشماي قېچىشتى. قاراڭغۇدا پەم ئېتىپ يېزىدىن چىقتۇق بولغاي دەۋاتقىنىمدا، مايماق تېز - تېز نەپەس ئېلىپ:

— دەرۋازىنىڭ تېشىدا ئادەم باردەك قىلمايدىغۇ؟ — دېدى.

— مىلتىقلارنى كۆرۈپ يوشۇرۇنۇشتى بولغاي، مەنمۇ كۆرمىدىم. ئوق چىقىرىپ يۈرمەي بىزمۇ هايان ئالدۇق، — دېدى بۇرۇتمۇ ئېتىنى ئاستىلىتىپ ۋە بۇرۇلۇپ مەندىن سورىدى، — سەن هەممىنىڭ كەينىدىن چىقتىڭ. ئادەم - پادەم كۆردۈڭمۇ؟

— ئاياغ تەرەپكە بەش - ئالتىدەك ئادەم يۈگۈرۈشۈپ كەتكەندەك قىلدىغۇ دەيمەن. مەنغۇ ئات بىلەن بولۇپ قېلىپ...

— شۇ، مىلتىقتىن قورقۇپ قاچقان گەپ، — بۇرۇت ئۆز پەرىزىنىڭ توغرىلىقىدىن خۇشال بولۇپ، مىلتىقنى شاراقشىتىپ ئوقنى

ئېلىشۋەتكەندىن كېيىن دۈمبىسىگە ئېسىۋالدى، — ئەينەكلەرنىڭ جاراڭ-جۇرۇڭىدىن كېيىنلا دەرۋازىنىڭ ئۇرۇلغانلىقىنى ئېنىق ئاڭلىغان تۇرسام...

— مەن ھېلىقى دېدەكنىڭ چىرقىرىشىدىن كېيىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئۇقتۇم... قايتىپ چىقارىمدا قولغا چىققۇدەك بىر نېمىسىنى ئېلىۋالاي دېسەم تاپالمىدىم، ئاران بىر روملىنى بېلىمگە باغلاپ چىقتىم.

مايماق شۇنداق دېگەچ مىلتىقىنى دۈمبىسىگە ئېسىۋالدى.

— يىغلاپ تۇرۇپ يادىغا ئالدىكەن-دە؟ — دېدى بۇرۇت.

— سەنچۇ؟ سەنمۇ بوش كەلمىگەنسەن ھېلى؟

— چىڭ كەلگىنىم بىلەن رومالغا ئېرىشەلمىدىم-دە؟

بۇرۇتنىڭ تەمكىن سۆزلىشى مايماقنىڭ ھەستىنى قوزغىدى بولغاي:

— چوڭراق بىر نېمە يۇلۇپ چىقمىساڭ پوتلاڭنى ئېقىتىشىڭ ئورنىغا ھېجىيىپ ئولتۇرىدىغان نېمىمۇ سەن؟ — دېدى ئاچچىق بىلەن، — تاڭ ئاتقاندا بىر مۇنچە غوۋغا بولىدۇ، بۇزۇق خوتۇنلار ئېرىگە دادلاپ ئىككى چېرىك بۇلاپ كەتتى دېسە بىزدىن كۆرمەي قالمايدۇ. يەڭگىلرەك بىر نېمە ئالساڭ بوپتىكەن...

— سەن ئۆزۈڭنىڭ غېمىڭنى قىلغىنا، — بۇرۇتمۇ ئاۋازىنى كۆتۈردى، — ئىچىڭ ئېچىشقۇدەك بىر نېمە ئالغىنىم يوق.

— بۇلتۇرمۇ گۆرۈكەشنىڭ ئۆيىدىن چىققاندا شۇنداق دېگەنىدىڭ. باشلىق يېڭىڭنى ئاختۇرغاندا قۇيما ئۈزۈك تېپىلغان...

مايماقنىڭ پاش قىلىشى بۇرۇتنىڭ يېغىرىغا تەگدى. ئۇ كۈلۈپ تۇرغاندەك قىلىپ مايماققا تەنە قىلدى:

— ئابىتجان ئۆزبېكنىڭ ئۆيىدىن ئالغاندەك بىر نېمىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقتى، دەيدىكەنسەن-دە!

مايماق ئېتىنى توختىتىپ:

— ئىت ئەمگەن خۇمسا، ئاغزىڭغا بېقىپ گەپ قىل! — دەپ ۋارقىرىدى.



— توڭگۇزدىن يانمايدىغان بۇزۇق خوتۇننىڭ بالىسى، — بۇرۇتمۇ ئېتىنى توختىتىپ تىل سالدى، — يالغانمىدى ئەمىسە؟ ئابىتجان ئۆزبېكنىڭ ئالدىدا مەن ناماقۇل دەپ تىزلىنىپ يىغلىغىنىڭنى دېمىسەممۇ پۈتۈن شەھەر بىلىدىغۇ؟

— جېنىڭدىن تويغان بولساڭ چۈشە ئاتتىن! مەردمۇ سەن؟

— ئاتتىن چۈشۈشنىڭ كېرىكى يوق، تۇرغان-پۈتكىنىڭ نامەرد تۇرۇپ، يەنە مەندىن مەردلىكنى سوراپ يۈرىسەنا؟ ئابىتجان ئۆز...

بۇرۇتنىڭ دولىسىغا تەگكەن قامچا بىلەن ئۇنىڭ سۆزى بۆلۈندى، بۇرۇتمۇ مايماققا قامچا سېلىۋىدى، قامچا مايماققا تەگمەي، ئۇنىڭ ئېتىنىڭ بېشىغا تەگدى. ئات بىر پىرقىراش بىلەنلا مايماق غۇلاپ چۈشتى. بۇرۇت ئۇنىڭ ئۈستىگە ئات بىلەن باستۇرۇپ بېرىپ، قامچىلاشقا تەييارلىنىۋاتقاندا، مايماق قېچىپ يۈرۈپ مىلتىقىنى ئالدى ۋە ئوق سالدى.

— ئىتنى ئاتقاندەك ئېتىپ تاشلايمەن خۇمسا!

مەن ئېتىمنى دىسلاپ بىر چەتكە ئۆتۈپ تۇردۇم. ئىككى ئىت، ئىككى نامەرد، ئىككى قاراقچى بىر-بىرىنى ئەيىبلەپ، بىر-بىرىنىڭ يېغىرىنى كولاپ سوقۇشۇۋەرسە، ماڭا پايدىسى تېگەتتىكى، زىيان بولمايتتى. قېنى قىزىق مايماق ئاشۇ ئاچچىقىدا ئوق چىقىرىۋېتىشىمۇ مۇمكىن ئىدىيۇ، ئۈچىلىمىز كۈتمىگەن بىر ئىش سادىر بولۇپ، مايماقمۇ ئاتالمىدى، بۇرۇتمۇ ئۆلەلمىدى.

— قايسىڭ سەن ئاۋۇ تۇرۇشقان؟ — دەپ تۇۋلىغىنىچە نېرىدىن ئىككى ئادەمنىڭ قارىسى يېقىنلاپ كەلدى.

مايماق ھاپىلا-شاپىلا ئېتىغا مىندى. «ھۆكۈمەت كىشىسى بىز»نى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان چېرىكلەرنىڭ يۈرىكىگە قورقۇنچ چۈشكەندەك جىمىپ كېتىشتى.

— قايسىڭ سەن دەيمەن؟ — يەنە تۇۋلىدى ئۇلار. ئەمدى ئارىلىق يىگىرمە-ئوتتۇز قەدەمچە قالغانىدى. ئىككىيلەننىڭ يېنىدا بىردىن ئىككى ئىت بولۇپ، ئاتلار ئۇلارنىڭ شەپىسى بىلەن ھەدەپ چاپچىيتتى.

— ھە، بىز... يامۇلدىن چىققان... ئاياغقا كېتىۋاتىمىز، —

دېدى بۇرۇت.

ئىككىلەن قاۋۇل دېھقانلاردىن ئىدى. ئۇلار يېقىن كېلىپ مىلتىقلارنى كۆرۈپ، سەل چۆچۈگەندەك قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئېگىزرەك، ئۆزىنى توختاتقانراق بىرى:

— بىز ياسىن بەگنىڭ جىسەكچىلىرى، پىشقان بۇغدايلارنى خەق ئورۇۋالمىسۇن دەپ ئايلىنىپ يۈرىمىز، — دېدى.

— ئايلىنىپ يۈرۈۋەر — دېدى يۈرىكى جايىغا چۈشكەن مايماق ئەمدى كۆرەڭلىك بىلەن.

— ھاردۇقىمىزمۇ چىقتى، ماڭايلى، — دېدى بۇرۇت ۋە باشلاپ ئېتىغا قامچا سېلىپ يولغا چۈشتى.

بىز غەلىتە كېيىنگەن قوراللىق «يامۇلدىن چىققان» لارغا ھەيران بولۇپ قاراپ قالغان جىسەكچىلەردىن تېزلا ئۇزاپ كەتتۇق.

— مەن باياتىن دىرۋازا قاققان ھۇسەكنىڭ جىسەكچىسىمكىن دەپ ئەنسىرەپتىمەن، — دېدى بۇرۇت.

— تۆپىسىدە ئېسىلىۋالمىغاندىكىن بىكار، نېمىدىن قورقۇش؟

— تونۇۋالسا چاتاق، — بۇرۇت شۇنداق دەپ تۇرۇپ مايماق بىلەن ئاداۋەتلەشمەيدىغان ئاۋازدا، — ئوقنى چىقىرىۋەت، ئەمدى داموللىنىڭ يېزىسى تەۋەسىگە كېلىپ قالدۇق، — دېدى.

مايماقمۇ ئوتتۇردا ھېچقانداق گەپ-سۆز ئۆتۈلمىگەندەك، كېتىۋېتىپلا ئوقنى چىقىرىۋېتىپ:

— داموللىنىڭمۇ ئۆزى بولماي خوتۇنلىرىلا قالغان بىر ئىش بولغىنىدا تولىمۇ ئوبدان بولاتتى، — دېدى.

— بىز قىزى ئۈچۈن كېتىۋاتقان تۇرساق، ئايالى بولسىمۇ قىرىدۇ ھېلى؟ — بۇرۇت نېمىشقا كېتىۋاتقىنىمىزنى ئالدىمدا تۇنجى قېتىم تاسادىپ ئېغىزىدىن چىقىرىپ تاشلىغىنىغا ئۆكۈنگەندەك ماڭا قاراپ قويدى. بۇنى بىلىدىغانلىقىمنى ياكى ھەيران قالغىنىمنى بىلىندۈرمەي ئالدىمغا قاراپ كېتىۋەردىم، — تاڭ ئېتىپ قالمىسىلا بولاتتى.

— قېرى دامولا، ئىمالارنىڭ قىز ئالدىغان مىجەزى بار، —



مايماقنىڭ ئەس-يادى خەقنىڭ خوتۇنىدا ئىدى، — تۇنجى خوتۇنى قېرىغىنى بىلەن توقاللىرى ياشتۇ؟

— ياش بولسىمۇ ھۇسەكنىڭكىدەك، بىزگە ئوڭچە قويۇپ، ئۆزى «تاغىسى» نىڭكىگە كەتمەيدۇ-دە!

— قىزنى ساق ئەكىلىڭلار دېگىنى نېمىسى؟

بۇرۇت مايماقنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەي ماڭا بىر قاراپ قويدى. سەل ماڭغاندىن كېيىن ئۇ ماڭا:

— ساقال، ئانچە-مۇنچە گەپنىڭ پارچىلىرىنى ئاڭلاپ قالدىڭ. ئەمدى نېمە ئىش قىلىدىغىنىمىزنىمۇ ئۇقۇپ قال، — دېدى ۋە ئېتىنى ئاستىلىتىپ مەن بىلەن قاتارلىشىپ ماڭدى، — تاپشۇرۇققا ئاساسەن، بىز ئالدىمىزدىكى چۈشكۈندە ئابلىمىت دامولا ئىسىملىك بىر قېرى جوھۇتنىڭ قىزىنى ئېلىپ قاچىمىز. تاڭ ئاتقۇچە ئېلىپ چىقالىساق، ياندۇرۇپ ھۇسەنبايىنىڭ ئۆيىدە بىر كۈن ساقلاپ، كېچىلەپ شەھەرگە ئېلىپ كېتەتتۇق. قارىغاندا، شۇنداق قىلالايدىغاندەكمۇ تۇرىمىز. بۇ ئىشنى بېجىرەلمىسەك بېشىمىز بويىنىمىزدا تۇرالمايدۇ. سەن بىز نېمە دېسەك شۇنى قىلىشىڭ كېرەك. ئەگەر ئىشقا چاتاق سالساڭ بىزدىن يامانلىما!

— بىز بىلەن يۈرۈپ، باھانىمىزدا كۆرگەن ھۇزۇر-ھالاۋىتىڭنى بۇرنۇڭدىن چىقىرىمىز! — دەپ قوشۇمچە قىلدى مايماق.

مەن ئۈندىمىدىم. كۆزۈم يولدا، خىيالىم موغالغا تېزرەك يېتىپ بېرىش-بارالماسلىقتا ئىدى. ئۇ ئىككىسىنىڭ ھۇسەنبايىنىڭكىگە قايسى يۈز بىلەن قايتىپ بېرىشىغا ئىشەنگۈم كەلمەيتتى.

بىر ئەسكى كۆۋرۈكتىن ئۆتكەندىن كېيىن ئىككى چېرىك ئېتىنى ئوڭغا بۇرىدى. مەن نېملا بولسۇن، بۇ كۆۋرۈكنى ئەستە تۇتۇشۇم كېرەك دەپ ئويلاپ قويدۇم. يەنە بىر ئاش پىشىمدەك يول ماڭغاندىن كېيىن، قاراڭغۇ بولسىمۇ يۇلتۇزلارنىڭ يورۇقىدا پومزەك-پومزەك يېزا ئۆيلىرىنى پەرق قىلىشقا باشلىدىم. «ئالدىمىزدىكى يېزا، دەۋاتاتتى يېقىنلاشتۇق بولغاي...» دېدىم ئىچىمدە.

— ئاتلارنىڭ تۇۋىقىنى بىر نەرسە قىلايلى، — دېدى بۇرۇت ۋە

توختاپ ئاتتىن چۈشتى، — لاتا-پىتىلەر بىلەن ئات تۇۋىقىنى چىگىۋېتىڭلار، — دەپ بۇيرۇدى ئۇ يەنە.

مەندە لاتا-پىتە دەيدىغان نەرسىلەر بولمىغانلىقتىن، ئىككى چېرىكنى دورىدىم. ئۇلار بېلىدىكى بەلۋېغىنى ئۇزۇنسىغا يىرتىپ، شۇنى پارچىلاپ، ئاتنىڭ تۇۋاقلىرىنى ئوراپ باغلاۋاتاتتى. مەنمۇ شۇنداق قىلدىم. بۇرۇت ئېتىمنىڭ تۇۋاقلىرىنى بىر تەكشۈرۈپ چىقىپ ماختاپ قويدى:

— يارايسەن، ئانچە كالامپاي نېمە ئەمەستەكمۇ قىلامسەن نېمە؟

— بۇ، شەپە چىقارماي مېڭىش ئۈچۈن، ئۇقۇۋال، — مايماقمۇ لوقما سالدى.

— ئۇدۇل ماڭساق جىبەكچىلەرگە ئۇچراپ قالمايلى يەنە، سىلەر مەن قانداق ماڭسام ئىزىمدىن چىقماي مېڭىڭلار، — دېدى بۇرۇت.

بۇرۇت ئالدىدا ئات سالدى، مايماق مېنىڭ مېڭىشىمنى ئىشارەت قىلىپ، ئۆزى ئارقىدىن ئەگەشتى. ئىش شۇ يەرگە كەلگەندىمۇ چېرىكلەر مېنى كۆزىدىن نېرى قىلماسلىقنىڭ چارىسىنى قىلىۋاتاتتى. بۇ مېنى قايمۇقتۇرۇپ قويدى. چۈنكى، بۇرۇت يولدىن چەتلەپ، نېمىشقىدۇر تېرىلماي تاشلىنىپ قالغان بىر ئېتىز ئىچىدە كېتىۋاتاتتى. سەل ئۆتۈپ ئۇ پىشىپ قالاي دېگەن بۇغدايلىقنىڭ ئىچى بىلەنلا مېڭىۋەردى ۋە كەينىگە سەل بۇرۇلۇپ:

— تېزگىننى بەكرەك تارتىڭلار، ئات بۇغداي يەيمەن دەپ ئاۋارە قىلىدۇ، — دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ قويدى.

يول بولمىغانلىقتىن، «سول قولنى بېسىپ مېڭىۋېرىش» نىڭ ئەھمىيىتى يوقىلىۋاتقىنىغا ئىچىم پۇشاتتى. شۇنداقتىمۇ «داموللىنىڭ ئۆيى ھەر ھالدا يول بويىدىدۇ» دەپ ئۆزۈمنى بەزلەشكە تىرىشاتتىم.

ئاتقا بۇغدايلارنى دەسسىتىپ-چەيلەپ بىر ئېرىق بويىغا چىقتۇق. ئېرىقتا سۇ يوق ئىدى. نېرىسى كىمنىڭدۇر بېغىنىڭ ئارقا تېمى بولۇپ، شورىداپ كەتكەن يەرلىرىگە تىكەن، شوخىلارنى بېسىپ قويغانلىقى بىلىنەتتى، بۇرۇت ئېرىقتىن ئۆتۈپ ئوڭغا بۇرۇلدى. بىردەم ماڭغاندىن



كېيىن بىر تەرىپى ئۆيلەر، بىر تەرىپى ئۇزۇن ئەنجان تاملىق بىر تارچۇققا كىردى. ئۇ يەردىن چىققاندىن كېيىنلا ئادەتتىكى يوللاردىن تار، ئەگرى-بۈگرى بىر ئارىلىق بىلەن يۈردۇق. ئاتلار توغرى سەپ بولۇپ ماڭالمىغانلىقتىن، يەنە ئۇزۇنسىغا قاتارلىشىپ مېڭىشقا توغرا كەلدى. «بۇرۇت بۇ يەرنىڭ ئىچى-تېشىنى ئەجەب پۇختا بىلىدىكەن...» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

ئەگرى-بۈگرى ئارىلىقلاردىن يەنە بىر مۇنچىسىنى كەينىمىزدە قالدۇردۇق. مېنى بۇ يېزىنىڭ چوڭلۇقى، ئۆيلىرىنىڭ زىچلىقى بىلەن جىمجىتلىقى ناھايىتى ھەيران قالدۇردى. بۇنداق چوڭ يېزىدا ئىت بولماسلىقى تازىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىدى.

ئەجەبلىنىشىم ئۇزاققا سوزۇلمىدى. يەنە بىر چۆگۈن قايىنىتىم ۋاقىت ئۆتۈپ، بىز چوڭ بىر كۆل بويىغا چىقتۇق. شۇ يەرگە يېتىشىمىز بىلەنلا ئىشىكى ئالدىدا بىر ئادەمنىڭ قۇچىقى يەتمەيدىغان قاپاق تېرەك بار بىر ھويلىنىڭ دوقمۇشىدىن ئىككى ئىت چىقىپ بىزگە خىرس قىلىپ ئەمەس، كەلگىنىمىزنى ئەتراپقا مەلۇم قىلىپ، سوزۇپ-سوزۇپ قاۋاشقا باشلىدى. ھايال ئۆتمەيلا تەرەپ-تەرەپتىن ئۇلارنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقاندەك ئىتلارنىڭ قاۋىشى ئاڭلانغىلى تۇردى.

— تېز! — دېدى بۇرۇت ۋە كۆلنى ياقىلاپ سول تەرەپكە ئات سالدى.

مايماق بىلەن ئىككىمىز ئەمدى قاتارلىشىپ چېپىپ كەتتۇق. ئات تۇياقلىرى باغلانغىنى بىلەنمۇ، بەربىر ئاۋاز چىقىراتتى. لېكىن، ئانچە قاتتىق ئەمەس ئىدى. بىزنى يېڭىدىن يېڭى ئىتلارنىڭ ھۇجۇملا تازا ۋەھىمىگە سالاتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن قانداق ماڭغانلىقىمىزنى يادىمدا تۇتالمىدىم. بىردەم ئوڭغا، بىردەم سولغا بۇرۇلۇپ، بەزىدە يول بىلەن، بەزىدە ئۆي-ھويلىلارنىڭ ئارىلىقى بىلەن چېپىپ ئۆتۈپ، ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ ئېگىز، كۆرۈنۈشى ھەيۋەتلىك بىر دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە توختىدۇق. بۇرۇت ئاتتىن چۈشۈپ ئىلگىرىلەپ بېرىپ، دەرۋازا قاناتلىرىنىڭ ئارىلى-

قىدىن ئېچكىرىگە قاراپ باقتى. كېيىن كەينىگە ئۆرۈلۈپ، بىزنىمۇ ئاتتىن چۈشۈشكە ئىشارەت قىلدى. ئۇ ئېتىنىڭ يۈگىنىنى مايماققا تۇتقۇزۇپ قويۇپ:

— كۈتۈپ تۇرۇڭلار، — دېگىنىچە يان تەرەپكە ئۆتۈپ غايىب بولدى.

ئىتلار نېرىدا قالغانىدى. كېچىنىڭ جىمجىتلىقىنى شۇلارنىڭ قاۋاشلىرىلا بۇزۇپ تۇراتتى. مەن بۇ هويلا ئابلىمىت دامولللىنىڭ ئىكەنلىكىنى قىياس قىلدىم ۋە يېقىن ئەتراپتا ئۆيلەر زىچ بولسىمۇ، ئىت يوقلۇقىغا دىققەت قىلدىم «هۇسەنبايدەك تۆت-بەش ئىت باققان بولساڭچۇ؟ — دېدىم ئىچىمدە، — ياكى سېنىڭمۇ ئىتلىرىڭ نەدىكى بىر قۇرۇق هويلاڭنى بېقىپ ياتامدىغاندۇ؟ مانا ئەمدى قىزىڭنىڭ هالىغا ۋاي، شورۇڭ قۇرغۇر داموللا...»

بۇرۇت تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ دەرۋازا ئاچقىلى غايىب بولدى، دېگەن پەرىزىم توغرا بولۇپ چىقتى. دەرۋازىنىڭ ئىچىدىن شەپە ئاڭلاندى ۋە بۇ شەپە تېز، جىددىي، رىتىمسىز ئىدى. بۇنىڭدىن بۇرۇت لوكا، قۇلۇپلار بىلەن هەپىلىشىۋاتىدۇ، دەپ خۇلاسە قىلىش مۇمكىن ئىدى. لوكىنىغۇ بىر تەرەپ قىلىش ئاسان، قۇلۇپ بولسا ئۇنى قانداق ئاچالايدىغانلىقىلا ماڭا سىر ئىدى.

بۇرۇت بىلەن مايماقنىڭ مەن ئويلىغاندىنمۇ ۋەهشىي، ياۋۇز ئوغرىلار ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇراتتىم. ئۇلارنىڭ يولدا كەلگۈچە بىر-بىرىنى پاش قىلىشلىرىغا قارىغاندا، ئۇلار ئوغرىلىققا ئادەتلىنىپ خوردا بولۇپ كەتكەنلەردىن بولۇپ، چېرىك باشلىقىنىڭ ئۇلارنى بۇ قېتىمقى بۇلاڭچىلىققا بۇيرۇشىدىمۇ ئاشۇنداق سەۋەبلەر رول ئوينىغانلىقى شۈبهىسىز ئىدى. مەنچۇ؟ مېنى نېمىشقا بۇ ئىشلارغا ئارىلاشتۇرۇپ يۈرگەندۇ؟ بۇنى «ئالىمادىس ئىش ئاقماي قالسا...» دېگەن مۆلچەرگىلا ئارتقىلى بولمايدىغاندەك تۇراتتى. چېرىكلەرنىڭ بىر كېچىلىك هەرىكەتلىرىدىن قارىغاندا، ئۇلار قىلغان ئىشنى ئاقتۇرۇپ قىلىدىغاندەكلا تۇيۇلاتتى.

ئاقىۋەت زەنجىر شاراقلاپ پەسكە چۈشتى. دەرۋازىنىڭ بىر قانىتى



ئىككى ئادەم قاتارلىشىپ كىرگۈدەك كەڭلىكتە ئېچىلدى.

— كىرىڭلار، — دېدى پەس ئاۋاز بىلەن بۇرۇت.

ئاۋۋال مەن كىردىم. بۇرۇتنىڭ بىر قولىدا يوغان شادا قۇلۇپ، بىر قولىدا ئىنچىكە چىۋىقتەك بىر نېمە تۇراتتى. ئۇ ئاشۇ نېمىلەر بىلەن قۇلۇپنى ئاچقانلىقى ئېنىق ئىدى. ئۇ تامدىن ئارتىلىپ چۈشكەندە ئۇستىۋېشىغا يۇققان چاڭ-توپىنى قېقىشتۇرغۇدەكمۇ بولمىغانىدى.

دەرۋازىنىڭ ئىچ تەرىپىنىڭ ئۇستى ئون-ئون بەش قەدەمچە باستۇرما قىلىنغانلىقتىن قاراڭغۇ ئىدى. بىز كىرىپ شۇ يەردە توختاپ تۇردۇق. بۇرۇت دەرۋازىنى ياپتى، لېكىن ئەتمىدى. يېنىمىزغا كېلىپ تامنى كۆرسىتىپ:

— ئارىلىق قويۇپ باغلاڭلار، — دېدى.

ئۆي ئىگىسى بۇلاڭچىلارغا ئوڭاي بولسۇن دېگەندەك ئىككى تەرەپتىكى تامغا ئات باغلايدىغان چوڭ ئىلمەكلىك قوزۇقلارنى قېقىۋەتكەنىدى. ئاتلار بىر-بىرى بىلەن چىشلىشىپ كىشنىمەسلىكى ئۈچۈن بىز ئاتلارنى نېرى-نېرى باغلىدۇق.

بۇرۇت مايماق بىلەن مېنىڭ مۇرەمدىن تۇتۇپ يېقىنلاشتۇردى. ئۆزىمۇ يۈزىنى ئىككىمىزنىڭ يۈزىگە چاپلاپ دېگۈدەك يېقىنلاشتۇرۇپ، پىچىرلاپ تۇرۇپ:

— ئەمدى باشلايمىز، تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن يېزىدىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن چەبدەس بولمىساق بولمايدۇ، — دېدى ۋە مايماقنىڭ مۈرىسىنى قويۇۋېتىپ ماڭا ئايرىم تاپىلىدى، — ئاۋۋال داموللىنى يىغىشتۇرىمىز، ئاندىن قىزىنى باغلايمىز. ئىش ئېپىدە كېلىپ بەرسە بىللە ماڭىمىز، داموللىنىڭ غالچىلىرى تۇيۇپ قېلىپ ئارىلىشىدىغان بولسا سەن قىزنى ئېلىپ ئالدىمىزدا كېتىۋېرىسەن، بىز ئىشنىڭ قۇيرۇقىنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ كەينىڭدىن يېتىمىز...

— ماڭىدىغان يولنىمۇ ئېيتىپ بەر، — دېدى مايماق.

— تاڭ ئاتقۇچە هۇسەنباينىڭ ئىككى هويلىسىنىڭ بىرىگە بېرىۋېلىش كېرەك ئىدى، ئەمدى بولمايدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى بۇ-

رۇت ، — بىز كېچىكىپ يولغا چىقىپ قالدۇق . . . سەن قىزنى ئېلىپ ئۇڭ تەرەپتىكى يول بىلەن ماڭسەن . ئۈچ تۈپ تاغ تېرىكى بار دۆمبەگە يەتسەڭ سول تەرەپتىكى جاڭگالغا بارىدىغان چىغىر يول بار . شۇ يولنى يىتتۈرمەي تېز چاپساڭ زەيكەشلىككە چىقىسەن . زەيكەشنىڭ ئاغزىدا قاغا جىگدىلىك ئۇچرايدۇ . شۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ ، بىر خادا قاداقلىق دۆڭنىڭ باغرىدا بىزنى ساقلايسەن . بىزمۇ هايال بولماي شۇ يەرگە يېتىپ بارىمىز . باشقا ئىش يۈز بەرمىسە ئاز - تولا نان - پان قىلىۋېلىش ئۈچۈن هايالشارمىز . . . كۈندۈزنى جىگدىلىكتە ئۆتكۈزۈپ ، كۆز باغلانغاندا رەببىم سەن ، دەپ شەهەرگىلا ئات سالىمىز . . .

— قىز بىلەن هەپىلىشىپ يۈرمە ، — مايماق دوق قىلدى ، — ئۇنىڭ دەردىنى ئۆلۈپمۇ تارتىپ بولالمايسەن !

مەن ئۇلارنىڭ غەرىزىنى چۈشىنىپ بولدۇم . ئۇلار ئاساسىي ۋەزىپە بولغان « قىز بۇلاش » نى ماڭا يۈكلەپ قويۇپ ، ئۆزلىرى « نان - پان قىلىۋېلىش ئۈچۈن هايالىشماقچى » ئىدى . بۇلاڭچىلىقى جايىدىن چىقسا ئاندىن جىگدىلىككە بېرىپ مېنى تاپماقچى ، جايىدىن چىقمىسىچۇ ؟ « ۋاقتى كەلگەندە كۆرەرمىز . . . » دېدىم ئىچىمدە .

— گېپىمنى ئۇقتۇڭمۇ ؟ — سورىدى بۇرۇت .

— ئۇقتۇم . . .

ئۇ ماڭا قانداق ماڭىدىغانلىقىم هەققىدە باياتىن دېگەن گېپىنى تەكرارلاتقۇزدى . قانائەت هاسىل قىلغاندىن كېيىن :

— جىگدىلىككە بېرىپلا قىزنىڭ ئاغزىدىكى لاتىنى ئېلىۋەت ، تىنالماي بىر نېمە بولۇپ يۈرمىسۇن ! — دەپ تاپىلىدى ، — شۇ يەردە پۇت - قولىنىمۇ يېشىۋەت !

بۇرۇت قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ بىزنى باشلاپ ماڭدى . تار ، ئۇزۇنىسىغا كەتكەن سەيناغا چىقىپ سولغا بۇرۇلدۇق . ئۇ يەردىن ئۈستى يېپىقلىق بىر دالانغا كىردۇق . دالاننىڭ نېرىسى ئەپچىلگىنە بىر هويلا ئىدى . هويلىدا ئۇڭ تەرەپتە ئىككى ، سول تەرەپتە ئىككى ، ئۇدۇلدا بىر ئۆي بارلىقى ئىشىكلەردىنلا مەلۇملۇق ئىدى . بۇرۇت بۇ هويلىنىڭ ئۆز ئا-



دىمىدەك بەخۇدۇك ، خاتىرجەم ماڭاتتى . ئۇ هويلىنىڭ هېچ يېرىگە نەزەرنى سالماي ، بىزنى يان تەرەپتىكى بىر تارچۇق بىلەن باشلاپ ، يەنە بىر كىچىكرەك دەرۋازىدىن ئىچكىرى بىر هويلىغا ئېلىپ كىردى . هويلا پېشايۋانلىق ، دېرىزىلىك تۆت ئۆيگە ئىگە بولۇپ ، ياكى يېنىدا گۈللۈك باغ ، ياكى قاراڭغۇ كۆرسەتمەيۋاتقان تام تۈۋىدە تەشتەكلىك گۈللەر بولسا كېرەك ، خۇش بۇي پۇراقتا تولغانىدى .

بۇرۇت قولى بىلەن پۇتىنى كۆرسىتىپ ، بىزنىمۇ ئۆزىدەك پۇتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىشقا بۇيرۇدى . ئۈچىمىز ئارقا - ئارقىدىن پېشايۋان ئاستىغا يېتىپ باردۇق . پېشايۋان تېگىدىكى سۇپىغا گىلەم سېلىنغان ، گىلەم ئۈستىدە ئورۇن - چۈشەكلەر بار ئىدى . ئەمما ، ياتقان ئادەم كۆرۈنمەيتتى . ئىككى سۇپىنىڭ ئارىسىدىكى ياپپاڭ ئېگىزلىكتىن مېڭىپ كىرگىلى بولىدىغان ئىككى قاناتلىق ئىشىك هاڭيادەك ئوچۇق ئىدى . بۇرۇت قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ ئاشۇ ئىشىكتىن باشلاپ كىردى .

دەهلىزنىڭ ئوڭ - سول تەرىپىدە بىردىن ئىشىك بولۇپ ، ئوڭدىكىسى يېپىقلىق ، سولدىكىسى ئوچۇق ئىدى . بۇرۇت بىردەم تىڭشاپ تۇرۇپ ئوچۇق ئىشىكتىن كىردى ، بىزمۇ ئەگەشتۇق . يازنىڭ ئىسسىقىدىن قېچىپ ئېچىۋېتىلگەن ئىشىكلەر ئەمدى ئوغرىلارنىڭ شەپىسىز هەرىكىتىگە ئوڭايلىق يارىتىپ بېرىۋاتاتتى .

ئۆي ئىچىدە ، پەستىلا ئىككى ئادەم ياتاتتى . بۇرۇت پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ بېرىپ تىزلاندى ۋە ئېڭىشىپ قاراپ بېقىپ ، خاتىرجەم ئاهاڭدا بىزگە :

— ئىشىك - دېرىزىلەرنى يېپىڭلار ! — دەپ بۇيرۇدى پەس ئاۋازدا .

مايماق تېزلىكتە دېرىزە تەرەپكە ماڭدى . مەن ئىشىكنى ياپتىم . شۇ چاغدا ئۇخلاۋاتقانلاردىن بىر ئايالنىڭ :

— كىم ؟ — دېگەن ئاۋازى چىقتى .

— ئۈنۈڭنى چىقارما قانجۇق ، بوغۇپ تاشلايمەن ! — دېدى بۇرۇت پەس ، چۈس ئاۋازدا ، — گۇگۇت قېنى ، چىراغ نەدە ؟

ئايال گەپ قىلالمىدى. ھەرىكىتىدىن كۆزەتكەندە، ئۇ تەكىنىڭ تېگىدىن گۇگۇت ئېلىپ بەردى ۋە تام تەرەپنى كۆرسەتتى. بۇرۇت گۇگۇتنى يېقىپ، تامغا ئويۇپ چىقىرىلغان مورا بېشىدىكى شامنى ياندۇردى.

ياتقانلارنىڭ ئىككىلىسى ئايال بولۇپ، بىرى قىرىق ـ قىرىق بەش ياشلاردا، يەنە بىرى يىگىرمىگە كىرمىگەن قىز ئىدى. شۇ تاپتا ئىككىلىسى ئويغانغان بولۇپ، ئۆي ئىچىدە ئۇلارغا قاراپ تۇرغان يات ئۈچ ئەر كىشىگە ئېسىنى يوقاتقان ھالدا تىكىلىپ قېتىپ قالغانىدى.

— داموللا نەدە؟ — سورىدى بۇرۇت ھەيۋە بىلەن.

— ئۆگزىدە، كېچىك كۈندەش بىلەن ئۆگزىگە چىقىپ كەتكەنىدى...

— قىزنىڭ مۇشۇمۇ؟ — سورىدى مايماق ئاغزىنى يېرىم ئېچىپ، چەكچىيىپ قاراپلا قالغان، ئېچىلىپ قالغان يوتقاننى يالىڭاچ بەدىنى ئۈستىگە تارتىشنىمۇ ئۇنتۇغان قىزنى كۆرسىتىپ.

— ھە... ئە...

— ئېرى نەدە؟ — دېدى بۇرۇت.

قورقۇپ كەتكەن ئايال دۇدۇقلاپ تىترەپ:

— ئۇ تېخى ياتلىق بولمىغان، — دېدى.

چېرىكلەرنىڭ سوئال ـ سورىقى قىز داموللىنىڭ بولاشقا تېگىشلىك قىزىمۇ، ئەمەسمۇ ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئىدى. ئۇلار قىزنىڭ شۇ ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، بۇرۇت قىزغا:

— قوپ ئورنۇڭدىن، سېنى ئېلىپ كەتكىلى كەلدۇق، — دېدى.

ئۆيدە يۈز بېرىۋاتقان سۆز ـ ھەرىكەتلەرنى ئەقلىگە سىغدۇرالمايۋاتقان قىز شۇ يەردە ئېسىگە كەلدى ـ دە، تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك چىرقىرىغىنىچە ئانىسىغا يېپىشتى. ئۇنى بۇرۇت ئاخىرىغىچە چىرقىرىغىلى قويماي، مولۇندەك چاققانلىق بىلەن ئېتىلىپ بېرىپلا يەرگە بېسىپ گېلىنى بوغدى.

— بوغۇپ ئۆلتۈرمەن قانجۇق، ئۈنۈڭنى چىقارما!



مايماقمۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ ئايالنىڭ يۈزىگە بىرنى تەپتى. ئايال «ئىھ...» دېدى ـ دە، ھوشىدىن كەتتى بولغاي، تەكىيگە دۈم چۈشتى. ئىككى چېرىك بىرلىشىپ يوتقاننى ئېلىۋېتىپ، ئاندىن تۇغما ياتقان قىزنى تارتقۇشلاشقا باشلىدى:

— قوپ، ئېگىنىڭنى كىي يۈزى قېلىن...

— چىشىمىزغا تېگىشۋەرسەڭ تىرىك قالىمەن دېمە!

تاياق يېمىگەن بولسىمۇ، كۆزى ئوچۇق ھوشىدىن كەتكەن قىز ئۇلارنىڭ قولىدا لاتا قورچاقتەك سالپىيىپ، قايسى تەرەپكە سىلكىسە شۇ ياققا ئۆزىنى تاشلاپلا ياتاتتى.

— كەل، ھەي ساقال ياردەملىشىۋەت، ـ دېدى بۇرۇت ماڭا قارىماي تۇرۇپلا، ـ بۇتتەك تۇرما...

مەن ئىختىيارسىز يېقىنلىشىپ بېرىپ، قىزنىڭ قورقۇنچ ئىچىدە سىيىپ تاشلىغانلىقىنى كۆردۇم. ياردەملىشىشىم ئۇنىڭغا كىيىم كىيگۈزۈش ئىدى، قىزنى تۇتۇپ تۇردۇم. بۇرۇت بىلەن مايماق ئۇنىڭ قوللىرىنى قايرىپ، نىقتاپ، بىر نىمىلەرنى قىلىپ كۆڭلەك كىيگۈزدى. قىزنىڭ تۆۋەن تەرىپى بۇلغىنىپ كەتكەنلىكتىن ئۇلار ئىشتاننى ماڭا تۇتقۇزدى:

— ئال، ئېسىگە كەلگەندە بەر، ئۆزى كىيىۋالسۇن!

شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىسى قىزنىڭ ئاغزىغا لاتا تىقتى. يوتقاننىڭ تېشىنى ۋەرتىلدىتىپ تارتىپ سۆكۈپ، قولىنى بەدىنىگە چاپلاپ تاڭدى. قىز كۆزىنى پارقىرىتىپ، بۇ ئىشلار ئۆزى ئۈستىدە ئەمەس، باشقا بىرلىرى بىلەن بولۇۋاتقاندەك قاراپلا تۇراتتى.

— ئەمدى بۇنى كۆتۈرۈپ سەن كېتىۋەر، ـ دېدى مايماق ماڭا.

مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئۆي ئىچىنى تەكشۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇراتتىم. بۇ ئۆيدە تەكچىلەر يوق بولسىمۇ، تەكچىلەرگە تەڭ كېلىپ ئاشقۇدەك ساندۇق، كاتلار ئاز ئەمەس ئىدى.

— بۇ ئۆزى يالغۇز ئەپلىيەلمەيدۇ، — دېدى بۇرۇت مايماققا، — ئات ئۈستىگە ئېلىشىپ بەرمىسەك قانداق بولىدۇ؟ ماۋۇ قانجۇق بىر تەڭنە تاپ بولۇپ ياتسا....ئاتقىمۇ تېڭىۋېتىش كېرەك تېخى...

— سەن چىققىن، مەن بۇ يەردە تۇرۇپ تۇراي...

بۇرۇت مايماقنى ئايرىم چىقىرالمايدىغىنىغا كۆزى يېتىپ، ئىككىيلەن تەڭ چىقىشتا چىڭ تۇراتتى، مايماق ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ چىقىشنى تەلەپ قىلاتتى. بۇرۇت مايماقنىڭ ئۆيدە يالغۇز قېلىشىغىمۇ خاتىرجەم بولالمايتتى. ئۇلارنىڭ تالىشىشنى توختىتىپ، ياتقان ئايال ئىڭراپ كەتتى.

— سەن چىقىۋەر، مەن ماۋۇ قىرى قانجۇققا ئاگاھ بولۇپ تۇرمىسام بولامدۇ؟ — دېدى مايماق.

بۇرۇت كۆندى، ئۇ يوتقاننىڭ ئەستىرىنىمۇ سۆكۈپ، ماڭا:

— ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ ئاستا كەينىمدىن ماڭ! — دەپ بۇيرۇدى.

قىز مەن كۈتكەندىنمۇ ئېغىر بولۇپ چىقتى. ئۇنى ياغاچنى كۆتۈرگەندەك دولامغا ئېلىپ كۆتۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇم. ئۇنىڭ بېشى كەينىمدە، پۇتى ئالدىمدا ساڭگىلاپ تۇراتتى. لېكىن، ماڭا خېلى ئوڭاي بولغانىدى.

بۇرۇت كىرگەن يول بىلەن مېڭىپ، ناھايىتى تېزلىكتە دەرۋازا يېنىغا باشلاپ چىقتى. ئۇ مايماقنىڭ ئۆيدە ئوڭچە قېلىپ، كات - ساندۇقلارغا خوجايىنلىق قىلىۋاتقىنىغا ھەر قانچە كۆزى قىزارغان بولسىمۇ، يوتقاننىڭ ئەستىرىنى بويىغا تۆت يىرتىپ، قىزنى ئېگەرنىڭ ئارقىسىغا پۇختا تېڭىشتا ئالدىراپ كەتمىدى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى يەنە بىر پىلانىمنى يوققا چىقىرىۋاتاتتى. باياتىن بېرى قىزنى ھويلىسى ئالدىغا تاشلاپ قويۇپ، پۇت - قولىنى يېشىۋېتىپلا تىكىۋېتەي، دېگەنىدىم. قىز ئەمدى بېلى بىلەن ئېگەرگە، پۇتى ئاتنىڭ قورسىقىغا تېڭىلغان ھالدا بىردەم ئالدىغا، بىردەم كەينىگە لىڭشىپ ئولتۇراتتى.

— مېنى ئېتىڭغا، ئۇنى سېنىڭ بېلىڭگە قوشۇپ تېڭىۋەتمىسەك بولمايدىغان ئوخشايدۇ.

مەن بۇرۇتنىڭ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلدىم. قۇۋ قاراقچى بۇ يەردىمۇ پۇختىلىق ئىشلىتىپ، تېڭىقنىڭ تۈگۈچىنى قىزنىڭ بېلىگە، مەن قولۇمنى يەتكۈزۈپ يېشەلمەيدىغان يەرگە ئاپىرىپ مەھكەم چىگدى. قىز ئەمدى



دۈمبەمگە چاپلىشىپ تېڭىۋېتىلگەنىدى.

بۇرۇت ئاتنى ئۆزى دەرۋازىدىن يېتىلەپ چىقىپ، ئالدىنى بىر تەرەپكە قاراتتى ۋە:

— داموللا بىلەن غالچىلىرى تۇيمايدىغاندەكمۇ قىلىدۇ. بىزمۇ ھايال قالماي يېتىشىمىز. مەن دېگەننى ئۇنتۇما، ئۈچ توپ تاغ تېرىكىگە يەتسەڭلا سول تەرەپتىكى چىغىر يولغا بۇرۇل، — دېدى. ئاتنىڭ يۈگىنىنى قويۇپ بەرمەي تۇرۇپ يەنە ئەسكەرتتى، — ئۆز بېشىڭچە ئىش قىلىپ، دېگەن گەپنى ئىجرا قىلمىساڭ «قىزنى بۇلاپ قاچقان» جىنايەتچىگە ئايلىنىسەن. بىزگە «سېنى تاپالمىدۇق» دېيىشلا قالىدۇ. چىڭ ئولتۇر! — ئۇ يۈگەننى ماڭا بەردى - دە، ئۆزۈمنى جايلاپ بولغۇچە ئاتقا بىر قامچا سېلىۋەتتى.

مەن ئاغدۇرۇلۇپ چۈشۈشكە قىل - قىل قالدىم، مېنى ماڭا چىڭ تېڭىۋېتىلگەن قىز تۇتۇپ قالدى. شۇنىڭدىمۇ يۈگەننى قولۇمغا ئېلىپ، ئۆزۈمنى جايلاپ ئولتۇرۇۋالغۇچە خېلى ۋاقىت ئۆتتى. ئىككى كېچىلىك سەپەر جەريانىدا قامچا تۈگۈل، شاپىلاق كۆرمىگەن ئات قورقۇنچلۇق تېزلىكتە شامالدەك چېپىپ بارماقتا ئىدى. مەن بۇنداق تېزلىكتە ئاتتا ئولتۇرۇپ باقمىغاچقا، يۈرىكىم ئەنسىزلىككە تولغانىدى. ئەگەر قىزنىڭ پۇتىدىكى چېتىق بوشاپ كېتىدىغانلا بولسا ئىككىمىز تەڭ يىقىلساق، ھېچ بولمىغاندا بىرەر ئەزالىرىمىز ناكا بولۇشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

توخۇلارنىڭ چىللىشى، ئىتلارنىڭ قاۋىشى بىلەن قاپلانغان يېزا ئارقىمىزدا قالدى. ئاشۇ ئارقا تەرەپتىكى ئۇپۇق ئاقىرىپ كېلىۋاتاتتى. بۇرۇت بىزنى يولغا سېلىپ قويغان بۇ سەپەرنىڭ مەنزىلى بىز كەلگەن تەرەپنىڭ ئۆزى بولمىسىمۇ، بىر يۆنىلىشتە ئىكەنلىكىنى سەزدىم. بۇ پىلانىمنىڭ تەتۈرىچە مېڭىش ئىدى. مەن كېتىۋېرسەم، قېچىپ كەتمەككە راسلانغىنىمنىڭ بوشقا كېتىدىغانلىقىنى چۈشىنەتتىم. كەينىمگە يېنىش ئۈچۈن ئاتنى توختىتىش كېرەك ئىدى. بىراق، ئات تېزلىكىنى زادىلا ئاستىلاتمايۋاتاتتى. «كەينىمگە يانسامۇ يەنە شۇ چېرىكلەرگە ئۇچرىشارمەن ھېلى، — ئويلىدىم ئىچىمدە، — ھەر نېمە بولسا ئۇلار مەن بىلەن

تەڭ يولغا چىقمىدى. بۇلاڭچىلىق قىلىدىغان نەپسىنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ، مەن بىلەن بىللە مېنى قىزغا مۇشۇنداق تېڭىپ قويۇپ يولغا چىققان بولسا، ئىككىمىزنى قەپەزدە ئاپارغاندەك ئاپارمامدىغان ئۇ دەيۈزلەر...»

ئۈچ تۈپ تاغ تېرىكى بار دۆمبەگە بارغۇچە تولا تىزگىن تارتىپ يۈرۈپ ئاتنى ئاستىلاتتىم. تاڭمۇ ئېتىپ قالغان بولۇپ، خېلى ئۇزۇن يەرلەرنىمۇ ئىلغا قىلغىلى بولاتتى. مەن بۇرۇت دېگەن سول تەرەپتىكى چىغىر يولنى كۆردۈم، ئەمما ئۇ تەرەپكە مېڭىشقا ئالدىرىماي، ئاۋۋال دۆمبە ئۈستىگە چىقىپ كەينىمگە قارىدىم. يېزا كۆرۈنمەيتتى، يولدىمۇ ئىنس ـ جىن يوق ئىدى. مەن يولدىن چىقىپ، ئادەم كۆرۈنمەيدىغانراق بىر يەردە قىزنى چۈشۈرۈپ قويۇپ، ئەگىپ ماڭسامۇ ئۆزۈمگە كېرەكلىك بىر يوللارنى تاپارمەن، دېگەن ئۈمىدتە ئوڭ تەرەپكە — چىغىر يولمۇ يوق، پەقەت مال پادىلىرى ماڭغان ئىز قالغان شورلۇق تەرەپكە قاراپ كەتتىم. چېرىكلەر كېلىپ قالغاندىمۇ مال ئىزى ئارىسىدىن ئېتىمنىڭ ئىزىنى ئايرىۋالىشى قىيىن ئىدى.

ئەمدىكى گەپ قىزنى نەدە چۈشۈرۈپ قويۇشتا قالغانىدى. تۆت ئەتراپ غىلاڭ تۈزلەڭ بولۇپ، دەل ـ دەرەخ، ئېقىن دېگەندەك نەرسىلەر يوق ئىدى. مەن كۆز يېتىم ئارىلىقىچە ئۇدۇل مېڭىپ، ئاندىن كۈن چىقىش تەرەپكە — يېزا تەرەپكە قايرىلىپ ماڭدىم. پات ـ پات ئوڭ تەرىپىمگە بويۇنداپ قاراپ، يىراقتىن بولسىمۇ يېزىنى كۆرۈشكە ئۇرۇناتتىم. تاڭ قاراڭغۇسىدا ئات چاپقان يول بىلىنمىگەنلىكتىنمۇ ياكى ھازىر كۈن بارغانسېرى ئۆرلەپ شورلۇقتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان نۇر ئەكسى كۆز چاققانلىقتىنمۇ، يېزا تۈگۈل، يېزىنىڭ بەلگىسى بولغان دەل ـ دەرەخلەرمۇ كۆرۈنمەيتتى.

مەن قىزغا گەپ قىلىپ باقتىم. مەندىن قورقماسلىقىنى، مەجبۇرىيەت ئاستىدا چېرىكلەرگە قوشۇلۇپ قالغىنىم بىلەن يامان نىيىتىمنىڭ يوقلۇقىنى، ئۇنى شۇ ئەتراپلاردا قويۇپ قويىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ ئۇنى خاتىرجەم قىلماقچى بولدۇم. ئۇنىڭ ئاغزىدا لاتا بولغىنى بىلەن، قۇلىقى ئاڭلىيالايدۇ، بىرەر ئىپادە ئارقىلىق گېپىمنى ئۇققانلىقىنى



بىلدۈرەلەيدۇ، دەپ ئۈمىدلەنگەنىدىم. ئەمما، ئۇنىڭ دۈمبەمگە چاپلاقلىق بەدىنى ئاۋۋالقىدەكلا جانسىز، ئېغىر پېتى تۇرىۋەردى. مەن ئۇنى بىر ئامال قىلىپ يېشىۋېتەي دەپ ئويلىدىم.

ئىككىمىزنى قوشۇپ تېڭىۋەتكەن يوتقاننىڭ ئەستىرىنىڭ چېگىكى قىزنىڭ دۈمبە تەرىپىدە بولغانلىقتىن، ئۇ يەرگە قولۇم يەتمەيتتى. تەلىيىمگە قىزنىڭ يۈزىگە قولۇمنى مۈرەم ئارقىلىق ئارتىلدۇرۇپ تەگكۈزۈپ ئاۋۋال ئۇنىڭ ئاغزىدىكى لاتىنى ئېلىۋەتتىم. ئاندىن قوللىرىمنى بىقىنىمدىن چىقىرىپ ئۇنىڭ ئىككى بىقىنىغا چاپلاپ تېڭىۋەتكەن تۈگۈچلەرنى تېپىپ، بىر ـ ئىككىسىنى يېشىۋېتەلىدىم. قىزنىڭ قولى بىكار بولغان ۋە ھالسىز ساڭگىلاپ قالغانىدى.

— قوللىرىنى دۈمبىلىرىگە ئۇزىتىپ، چېگىكنى يەشسىلە، — دېدىم.

قىز دەماللىققا ئۆزىگە كېلەلمىگەنلىكى ئۈچۈنمىكىن، گېپىم بىر نەچچە قېتىم تەكرارلانغان بولسىمۇ ئۇ مىدىرلاپ قويمىدى.

— سىلىنى ئۆيلىرىگە قايتۇرۇپ ئاپىرىپ قويىمەن، — دېدىم ئاخىر بولالماي، — مۇنداق ئولتۇرىۋەرسەك كېچىدىن سىلىنى باغلاپ ئاتقا ئارتقان بۇلاڭچىلار قوغلاپ كېلىپ تۇتۇۋالىدۇ...

بۇ گەپ قىزغا تەسىر قىلدى بولغاي، مىشىلداپ يىغلىغىلى تۇردى. مەن ئاستا كېتىۋاتقان ئاتنى توختىتىپ، ھېلىقى سۆزۈمنى يەنە تەكرارلىدىم. قىز شۇنىڭدىن كېيىن يىغىدىن توختىمىغان بولسىمۇ ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. مەن ئاخىر ئىككىمىزنى قوشۇپ باغلىۋەتكەن تېڭىقنىڭ بوشىغىنىنى سەزدىم. ئەمدى ئۇنىڭ پۇتىدىكى چېتىقلا قالغانىدى.

— چىڭ ئولتۇرۇپ تۇرسىلا، پۇتلىرىنى يېشىۋېتەي، — دېگىنىمچە ئاۋايلاپ ئاتتىن چۈشتۈم. ئۇنىڭ پۇتىدىكى چېتىقلارنى يەشكۈچە چىڭ ئولتۇرۇش، ئېگەرنى مەھكەم تۇتۇش ھەققىدە نەچچە قېتىم تاپىلىغان بولسامۇ، چېتىق يېشىلىپ بولۇشىغىلا ئۇ ئاغدۇرۇلۇپ چۈشتى. بەدىنىدىكى ئاغرىق ئۇنى ھايات قېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قىلىش دەرىجىسىگە

ئەكەلگەندى . مەن قوينۇمدىن ئىشتىننى ئېلىپ تاشلاپ بېرىپ ، تەتۈر قارىۋالدىم .

— ئىشتانلىرىنى كىيىۋالسىلا ، يىغلاۋەرمىسىلە ئەمدى . . .

ئۇ ئىشتىننى كىيدى . لېكىن ، سۇنايلىنىپ ياتقىنىچە ئۆرە بولالمىدى . ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىش ، چېچىلىش ، ۋارقىراشلار كارغا كەلمىدى . ئۇ يېزا قاياقتا ، بۇ جاڭگالنىڭ ئاخىرى نەگە بارىدۇ ، دېگەندەك سوئاللىرىمغىمۇ يىغلاشتىن باشقا جاۋاب بەرمەيتتى .

— يىغلاۋەرسەڭ ئاغزىڭغا لاتا تىقىپ قويىمەن يەنە ، — دەپ قورقۇتتۇم ئاخىر .

ئۇ كۆزىنى چەكچەيتىپ مۆلۈلدەپ قارىدى . ئۇنىنى چىقارمىغىنى بىلەن كۆز يېشى بىلەن ئىسەدەش توختىمىدى . ئۇ قورقۇپ تۇرۇپ پۇتى بىلەن قولىنىڭ بېغىشنى كۆرسەتتى . ئۇنى ئارغامچا ياكى تانا بىلەن باغلىمىغان بولسىمۇ ، كۆرسەتكەن يەرلەر كۆكىرىپ ، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەندى . ئۇنىڭ سىڭايان يېتىپ ئۆرە بولالمايۋاتقىنىدىنمۇ تارتىۋاتقان ئازابىنى بىلگىلى بولاتتى .

مەن ئۇنى شۇ پېتى تاشلاپ كېتىش پىكرىدىن ياندىم . ئۇ ئۆزى ماڭالمايتتى . ماڭالىدى دېگەندىمۇ يالاڭ ئاياغ هالى بىلەن قاتتىق شورلۇقتىن چىقالمايتتى .

— مەن سىلنى يېزىغا ئاپىرىپ قوياي ، يېزا قايسى تەرەپتە ؟ — دەپ سورىدىم .

قىز « بىلمەيمەن » دەپ بېشىنى ئىرغىتتى . ئەتراپقا بىر قارىۋېتىپ يىغلامسىرىغان ئاۋازدا :

— مەن بۇ يەرلەرگە كېلىپ باقمىغان ، — دېدى .

ئۇنىڭ تۇرقى ئېچىنىشلىق ئىدى . چاچلىرى چۇۋۇلغان ، سېمىزرەك يۈزى ياش ۋە توپا بىلەن غەلىتە تۈسكە كىرگەن بولۇپ ، ئەقلىنى يوقاتقان ساراڭنى ئەسلىتەتتى . قوي كۆزلىرىدىن بولسا توختىماي ياش قۇيۇلاتتى .

— سىلنى يېزىنىڭ ئېتىزلىرى بار يەرگە ئاپىرىپ قويۇپ



كېتەي ، — دېدىم يەنە بىر قېتىم ، — گېپىمگە كىرىپ يىغلىمىسىلا ، قىينالسىلىمۇ چىداشلىق بېرىپ ئولتۇرسىلا .

— هېلىقى بۇرۇتلۇق ئادەم كەتكەنمىدۇ ؟ — سورىدى ئۇ قورقۇمسىراپ .

— كەتكەندۇ ، كەتمىسىمۇ كۇندۇزى ئادەم جىق ، هېچنېمە قىلالمايدۇ .

ئۇ ماقۇل بولدى . مەن يوتقاننىڭ تېشى ۋە ئەستەرلىرىنىڭ يىرتىقىنى ئېچىپ قاتلاپ ، تونۇمنى سېلىپ ئۇنىڭ ئۇچىگە يۆگەپ ، كۆرپىسىمان بىر نېمە قىلىپ ئېگەرنىڭ كەينىگە قويدۇم . قىز ياردىمىمدە سەل سىڭايان بولسىمۇ هەر هالدا ئولتۇردى . مەن ئات تۇيىقىدىكى لاتىنى ئېلىۋېتىپ ، يېزا دەپ قىياس قىلغان تەرەپكە مېڭىپ كەتتىم .

مەن ناهايىتى تېزلا بېرىپ قالىمىز دېگەن يېزا ئۇنداق يېقىن بولۇپ چىقمىدى . بىز يېزىغا ئەمەس ، توپا يولغا چىقىپ قالدۇق . يېزا يولنىڭ سول تەرىپىدە كۆرۈندى . ئاتتىن چۈشمەيلا قىزغا :

— يېزا كۆرۈندى ، يولمۇ توپا ئىكەن ، ئالدىرىماي مېڭىپ بولسىمۇ بېرىۋالارلا ياكى بىرەر ئادەم ئۇچراپ قالار ، — دېدىم .

— خۇش بولاي ، ئۆيگە ئاپىرىپ قويسىلا ، — دەپ تۇرۇۋالدى قىز بىلىمگە چىڭ ئېسىلىۋېلىپ ، — مەندىن يانمىسا خۇدايىمدىن يانار . خۇش بولاي . . .

ئۇنىڭغا ئۇنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويالمايدىغانلىقىمنى ئىزاهلىماقچى بولۇپ ، كەينىمگە قاراپلا هەيران بولۇپ قالدىم . كۆز يېتىم نېرىدا يېگىرمىدىن كۆپرەك ئاتلىق چېپىپ كېلىۋاتاتتى . ئۇلارنىڭ قولىدا كالتەك ، ئارا ، گۈرجەك دېگەندەك بىر نېمىلەر بار ئىدى . ئۇلارنىڭ يېزىدىن چىققان ئادەملەر ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردۈم . ئۇلار يېقىنلاپ كەلگەنسېرى ، ئۇلارنىڭ ئىككى چېرىك بىلەن مېنى قوغلاپ چىققان دامولىنىڭ ئادەملىرى ئىكەنلىكىگە بولغان گۇمانىم ئېشىپ باردى . ئاما ، ئۇلارنىڭ قاتارىدا چېرىكلەر يوقتەك قىلاتتى .

ئۇلار مېنى كۆردى ۋە هۇقىيتىپ تۇۋلاپ ، يەلپۈگۈچتەك يېيىلىپ

قورشاشقا تۇتۇندى. ئەگەر قىز بولمىسا، بولغاندىمۇ بېلىمگە چىڭ ئېسلىۋالمىغان بولسا، مەن ئۇنى ئاتتىن چۈشۈرۈۋېتىپ قاچسام، قۇتۇلۇپ كېتەلىشىمگە كۆزۈم يېتەتتى. چۈنكى، كۆزىتىشىمچە، ئۇلارنىڭ ئاتلىرى ئىچىدە مېنىڭكىگە يېتەلىگۈدەكلىرى يوقتەك قىلاتتى.

ئەمدى ھېچ يەرگە قاچالمايدىغانلىقىمنى چۈشەندىم ۋە پايدىسىز خىياللارنى قىلىش، ئورۇنسىز ھەرىكەتلەردىن ئىش چىقىرىش ئۇرۇنۇشلىرىنى تاشلاپ، تەقدىردە پېشانەمگە يېزىلغاننى كۆرەرمەن دەپ ئويلىدىم.

كەينىمىزدىن كېلىۋاتقانلاردىن بەشتىن، ئون ئاتلىق ئىككى تەرىپىمىزگە ئۆتتى. ئۇلارنى قىزمۇ كۆردىمۇ نېمە، ماڭا تېخىمۇ چىڭ چاپلىشىپ، تىترىگەن ئاۋازدا:

— بىزنىڭ مەدىكارلار، قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ، — دېدى.

— قورقمىسىلا، ئۇلار مېنى قوغلاپ كەلگەنلەر، سىلىنى قايتۇرۇپ كېتىش ئۈچۈن چىققان ئوخشايدۇ — دېدىم.

قىز گېپىمگە ئىشەنگەندەك قىلدى، ئەمما چاپلىشىۋالغان بەدىنىنى تارتمىدى. بېلىمدىكى قوللىرىمۇ بوشىمىدى. قوغلاپ كەلگۈچىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئىككى ئاتلىق يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئەللىك قەدەمچە ئالدىغا ئۆزۈپ چىقىپ، ئاندىن يولدا ئۇچراشتى ۋە قوللىرىدىكى قىسقا كالتەكنى شىلتىپ، ماڭا روبىرو تۇرغىنىچە:

— ساقاللىق قاراقچى، ئاتتىن چۈش! — دەپ بۇيرۇدى.

ئېتىم يەنە ئون - يىگىرمە قەدەم مېڭىپ ئاندىن توختىدى. مەن ئۇ ئىككىيلەن مىنگەن ئاتنىڭ بۇرۇتلۇق چېرىك بىلەن ئاغزى مايماق چېرىكنىڭ ئېتى ئىكەنلىكىنى تونۇپ ناھايىتى ھەيران قالدىم. ئاڭغۇچە يېتىشىپ كەلگەن باشقا ئاتلىقلارنىڭ ئاتلىرى ئېگەرسىز، بەزىسى ياۋداق، بەزىسى توقۇم بىلەنلا ئىدى. ھەممىنىڭ ئەلپازىدىن قەھرى غەزەپ يېغىپ تۇراتتى. جىمىسى ماڭا ھومىيىپ قارايتتى.

— ئاتتىن چۈش دەيمەن!

ۋارقىرىدى ئالدى تەرىپىمدىن توسقان، بۇرۇتلۇق چېرىكنىڭ ئېتىنى مىنىۋالغان دېھقان سىياق كىشى. ئۇ ئات ئۈستىدە ئەركىن، قەد-



دىنى كېرىپ ئولتۇراتتى. بېشىغا كىيىۋالغان كىرلەشكەن ئاق تۇمىقىنى قىرلاپ، يانتۇ قىلىپ بىر قېشىغىچە باستۇرۇۋالغان. ئوچۇق بەدىنىگە كىيىۋالغان ئۇزۇن خام كۆڭلەكنىڭ بىر يېڭىنى جەينىكىگىچە تۈرۈۋالغاندى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قىسىلغان، قارامتۇل چوقۇر يۈزىنىڭ مۇسكۇللىرى لىپىلداپ تۇراتتى. بۇلاردىنلا ئۇنىڭ مېنى چايناپ يۇتقۇدەك ئاچچىقى بارلىقىنى بىلگىلى بولاتتى.

مەن ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئەگەر ئەگەشكۈچىلىرىگە مېنى بىر نېمە قىلىش توغرىسىدا يەنە بىر بۇيرۇق بېرىدىغان بولسا، مەن كالتەكلەرنىڭ تېگىدە قېلىشىم مۇمكىن ئىدى.

— بېلىمنى قويۇۋېتىپ چىڭ ئولتۇرسىلا، — بۇيرۇدۇم مەن قىزغا، — ئاۋۇلار مېنى پەسكە چۈش دەۋاتىدۇ...

— ياق، ياق، — ئۇ ماڭا تېخىمۇ چىڭ چاپلاشتى. كېچىچە قورقۇپ، ئەقلىنى ئالدۇرۇپ قويغان قىز تېخىچە ئېسىگە كېلەلمەيۋاتاتتى، — خۇش بولاي، مېنى ئۆيگە ئۆزلىرى ئاپىرىپ قويسىلا!

ئۇنىڭ گېپىنى مېنى قورشاپ تۇرغانلارمۇ ئاڭلاشتى. ماڭا بۇيرۇق بەرگەن ئاق تۇماقلىق كىشى ئېتىنى ئالدىغا سەل دېۋىتىپ كېلىپ:

— خېنىمنى نەگە ئېلىپ ماڭغانىدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۆزىنىڭ ئۆيىگە بولمامدۇ؟ — دېدىم خاتىرجەملىك بىلەن، — ئۆزىدىن سوراپ بېقىشسىلا.

ئاق تۇماقلىق بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھى — بېشىغا ئاق شاپاق دوپپا، ئۈستىگە كىرلەشكەن خام كالتا كۆڭلەك كىيگەن يىگىت يېقىنلاپ كېلىپ قىزنى كۆرۈپ چىقتى ۋە مەندىن:

— باغلاقلىرىنىمۇ سەن يېشىۋەتتىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

مەن جاۋاب بېرىپ بولغۇچە قىز ئەسەبىيلەشكەن ھالدا ۋارقىرىدى:

— يولنى توسماڭلار ئوغرىلار، مېنى تېزرەك ئاپىرىپ قويسۇن!

ئاق تۇماقلىق بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھى ئىككى تەرەپكە ئۆتۈپ، بىر ـ بىرىگە ئەجەبلىنىپ قاراشتى ۋە ماڭغا:

— ماڭ، — دېدى.

مەن ئاتنى دىسلىدىم. ئىككى تەرەپىمدە ۋە كەينىمدە ئۇلار مېڭىشتى. مەن ئۇلار ئۆزئارا گەپ قىلىشسا ئىكەن، شۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئىككى چېرىككە تەۋە خەۋەرلەرنى ئاڭلارمەن دەپ ئۈمىدلەنگەنىدىم. ئەمما، ئۇلار جىمجىت مېڭىشاتتى. ئاخىر مەن ئوڭ تەرەپىمدە ئۈچ ـ تۆت قەدەم ئارىلىق تاشلاپ كېلىۋاتقان ئاق تۇماقلىق كىشىگە قىيا بۇرۇلۇپ:

— سىلە چېرىكنىڭ ئېتىنى مىنىۋاپلا، ئۇنىڭ ئۆزى قېنى؟ — دەپ سورىدىم.

— بارغاندا بىلىسەن، — دېدى ئۇ قوپاللىق بىلەن. شۇنىڭ بىلەن يەنە ئۈن چىقارماي قويدى.

مەن نەپسى ئاۋارىسى چېرىكلەرنىڭ بۇلاپ ـ تالاش ھەلەكچىلىكىدە تۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى پەرەز قىلدىم. قىزنى ئېلىپ كەتكەنلىكىم ۋە نەدە ساقلاپ تۇرىدىغانلىقىمنى شۇلار ئېيتىپ بەرگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئەمدى تەقدىرىم قانداق بولۇشىنى قىياس قىلىشمۇ قىيىن ئىدى.

بىز يېزىغا كىردۇق. دوقمۇشتىن باشلاپلا يولنىڭ ئىككى قاسنىقىغا دېھقانلار توشۇپ كەتكەنىدى. ئۆگزىدە باللار ۋە ئاياللارمۇ بار ئىدى. ئۇلار يىراقتىن نېمىلەرنىدۇر دەپ چۇرقىرىشاتتى. ئەمما، مەن ئۇدۇلىغا كەلگەندە جىمجىت بولۇپ قېلىشاتتى. ماڭا ۋە كەينىمدە چاپلىشىپ ئولتۇرغان قىزغا قارىشاتتى.

كېچىسى كۆرگەن ئابلىمىت داموللىنىڭ دەرۋازىسىنى تونۇدۇم. دەرۋازا ئۈستىدىكى مەنزىردە بىر نەچچە ئاياللار قارىشىپ تۇراتتى. دەرۋازا ئالدىدا يېشى ئەللىكلەردىن ئاشقان، چۇپۇر قاش، كەتمەن ساقاللىغا ئاق سانجىغان ئېگىز بويلۇق بىر كىشى قاراپ تۇراتتى. ئۇ بېشىغا ئاق شاپاق دوپپا، ئۈچىسىغا ئاق يەكتەك، پۇتىغا كۆندىن تىكىلگەن سەندەل كىيگەنىدى. مەن ئۇنى ئابلىمىت دامولla بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلغانـ



دىم. قىز ئۇنى كۆرۈپلا:

— دادا، — دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

ئابلىمىت دامولla تېز كېلىپ قىزنى تۇتۇۋالدى ۋە ئۇنى يىقىلىپ چۈشۈشتىن ساقلاپ ئاستا يەرگە دەسسەتتى. قىز دەسسەپ تۇرالمىغانلىقتىن، دادىسى ئۇنى يۆلەپ تۇرغىنىچە ماڭا تېشىپ ئۆتكۈدەك قادىلىپ، غەزەپ ـ نەپرەت بىلەن قارىدى. ئاتتىن چۈشۈپ مېنى نېمە قىلاركىن دەپ قاراپ تۇردۇم.

— ئۇردىمۇ قىزىم، ئازار بەردىمۇ، قىينالدىڭىزمۇ بالام؟ — دەپ سوراشقا باشلىدى دامولla قىزىدىن.

قىز نېمىلىكى بولسا راست گەپ قىلدى:

— بۇ كىشى ئاغزىمدىكى لاتىلارنى ئېلىۋەتتى. باغلاقنى يېشىۋېتىپ ئۆيگە ئەكىلىپ قويۇش ئۈچۈن ئەكىلىۋاتاتتى...

— بىز قايتىپ كېلىۋاتساق ئۇچرىدى، — دېدى ئاق تۇماقلىق كىشى بىر نېمىدىن قىسىلغاندەك بولۇپ، — خېنىم، مېنى ئاشۇ قاراقچى ئۆزى ئاپىرىپ قويىدۇ دەپ تۇرۇۋالدى. بىزگە ماقۇل بولماي ئامال بولمىدى...

ئابلىمىت دامولla باشتىن ـ ئايىغىمغا بىر قارىۋېتىپ:

— سولاپ قويۇپ تۇرۇڭلار، كېيىن...، — دېدى.

مەن ئات ئېگىرىنىڭ كەينىدىكى تونۇمنى ئېلىۋېلىشقا ئاران ئۈلگۈردۈم. ئىككى چېرىكنىڭ ئېتىنى مىنگەن ئىككىيلەن مېنى ئالدىغا سېلىپ ھويلىنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىردى. ئاخشام ماڭغان يولنىڭ قارشى تەرەپىدىكى بىر تارچۇقتىن ئۆتكۈزۈپ، بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. ئاق تۇماقلىق:

— كىرە، ھەمراھلىرىڭ بىلەن دىدار كۆرۈشۈۋال، — دېدى.

ئىشىك يېپىلىپ تېشىدىن قۇلۇپ سېلىندى. بىر توخۇ ئاران پاتقۇدەك تۆڭلۈكتىن چۈشكەن يورۇقتا كىچىككىنە، دىمىق ئۆينىڭ ئىككى بۇلۇڭىدا چىرايى تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن بۇرۇت بىلەن مايماق ئىڭراپ ياتاتتى. ئۇلارنىڭ ئۈستىدە تون يوق، كۆڭلەكلىرىنىڭ دولىلىـ

رىدا ، مەيدىلىرىدە قان ئۇيۇپ قالغانىدى . ئىككىيلەننىڭ كۆزلىرى ، قاپاقلىرى ئىششىپ كۆكەرگەن ، زىناقلىرى يېرىلغان ، ئاغزى ، بۇرنىنىڭ قانلىرى جاۋغىيىدا قېتىپ قالغانىدى .

بۇرۇت قاپىقىنى تەستە كۆتۈرۈپ :

— ۋاي خۇدايىمەي ، بارمۇ سەن ؟ — دەپ سورىدى ۋە ئىڭراپ كەتتى ، — سېنىمۇ تۇتۇۋاپتۇ - دە ؟ ھېلىقى جومبىقى ساقتۇر ؟

— ئەجەب سېنى ئۇرۇپ جۇلۇقۇڭنى چىقارماي ئەكەپتىغۇ ؟ — مايماق شۇ ھالدىمۇ پىتنە قىلىۋىلىشنى ئۇنتۇمىدى ، — قارا ، بىزنى ئۇرۇپ شۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويۇشتى . سىنى چېكىپمۇ قويمىغاندەك تۇرىدۇ . . . شۇنداقمۇ ناھەقچىلىك بولامدۇ ؟

— مەن سىلىنى ساقلاپ ھېرىپ ، ئۆزۈم قايتىپ كەلدىم .

— جومبىقى ساقتۇر ، - سورىدى بۇرۇت .

— ساق بولغاچ بەگ بالىسىدەك پەپىلەپ ئەكىرىپ قويغاندۇ ؟ — مايماقنىڭ تاياق يېمىگەنلىكىمگە قەتئىي رازىلىقى يوق ئىدى ، - ئادەملەردە ئىنساب قالمىدى . ئادەمدىن مال - مۈلۈكنى ئەلا كۆرىدۇ ، لاتا - پىتە ، تۆمۈر - تەسەكلەر ئۈچۈن بىزنى ئۇرۇپ - دۇمبالاپ ، مۇشۇ ھالغا ئەكىلىپ قويۇشىدۇ يۇ ، يۈزى ئېچىلمىغان قىزنى باغرىغا تېڭىپ جاڭگالمۇ جاڭگال تاماشا قىلدۇرسا ھېچ گەپ يوق .

— شۇ تاماشىغا سەن بېرىشىڭ كېرەك ئىدى ، - دېدىم بىر بۇلۇڭدا ئۇلتۇرىدىغان جاي تېپىپ ، — تاياق - توقماق تىلىڭ بىلەن كۆڭلۈڭنى ھېچنېمە قىلالمايدىغىنى چاتاق - دە ؟

— بولدى ئىنى ، ئەمدى تەگەشمەيلى ، بالدۇر ئېگىز - پەسلىكىمىز بار ئىدى ، ئەمدى ئۈچىلىمىز تۇتقۇن بولدۇق ، — دېدى بۇرۇت بىر يېنىدىن يەنە بىر يېنىغا ئۆرۈلۈپ ، — ئۆزىمىزدىن ئۆلەيلى ، ئەمدى جانىنى قانداق قىلىشنىڭ كويىدا خۇداغا نالە قىلايلى .

ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ، قايسىبىر ساندۇقنى ئېچىلغان خاڭدەن چاپانىنىڭ كۈمۈش تەڭگىدىن قىلىنغان ئۈگىمىلىرى سۇغۇرۇۋېلىش ئۈستىدە ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا نىزا چىققان ، گەپ تالىشىش تىللىشىشقا ،



تىللىشىش مۇشتلىشىشقا ئايلانغان . ئۆگزىدە ياتقان ئابلىمىت داموللا ئېھتىمال تېگىدىكى ئۆي ئىچىدە بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەرگە دىققەت قىلغان بولسا كېرەك ، چاكارلىرىنى ئويغىتىپ تەييار قىلغان . ئىككى چېرىك بىر - بىرىنى كەچۈرۈم قىلىپ ، ئالدىغىنىنى ئېلىپ ، بوغچىسىنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ تەييار بولغاندا ھويلىنىڭ قورشىۋېلىنغانلىقىنى سەزگەن . ئۇلار بىرەر پايدىن ئوق چىقىرىپ باققان بولسىمۇ ، قورشىۋالغۇچىلار چېكىنمىگەن . تاڭ ئاتقاندا ئۇلارنىڭ قورال تاپشۇرۇشى تەلەپ قىلىنغان . ئەكس ھالدا ئابلىمىت داموللا ھويلىغا سىرتىدىن ئوت قويۇپ بېرىدىغانلىقىنى چاكارلىغان . بۇ چاغدا ئۇلار ئەڭ ئىچكىرىدىكى كىچىك ھويلىنىڭ ئىچىگە قامىلىپ قالغان بولۇپ ، تاشقىرىقى ھويلىلار ئابلىمىت داموللىنىڭ ئادەملىرىگە تولۇپ كەتكەن . ئۇلارنىڭ ئېتىمۇ ئاللىقاچان ئولجىغا چۈشۈپ كەتكەن . ئىككى چېرىك مىلتىقلىرىنى سىرتقا تاشلاپ ئەل بولغان . قورشىۋالغانلار ئەل بولغان ئىككى چېرىكنى تۇتۇۋېلىپ بولۇشىغا دۇمبالىغان . قىزنىڭ نەدە ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى سوئالغا چېرىكلەر راستىنى ئېيتىپ جاۋاب بەرگەن .

— داموللا شەھەرگە ئېپادەم ئەۋەتتى ، — دېدى بۇرۇت ئاخىرىدا ، — بىزنى يامۇلدىن ئادەم چىقىپ ئەكىرىپ كېتەرمىش . ئەگەر بىزنى بۇ ئىشقا بۇيرۇغانلار جازاغا تارتىلمىسا داموللا بىزنى ئۆزى دارغا ئېسىپ ياكى چالما - كېسەك قىلىپ جازالايمىش .

— بىز تۇتۇلمىساق ھېچ گەپ بولمايتتى . ئەمدى بىزنى ھېچكىم تونۇمايدۇ ، — دېدى مايماق يىغلاپ ، — يولغا چىقماستىلا كۆڭلۈم تارتمىغان بۇ ئىشقا . چالما - كېسەك بولۇپ ھارام ئۆلىدىغان بولدۇم . . .

ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاساسسىز دېگىلى بولمايتتى . ئىش ئاقماي قالسا ، بۇ ئىشقا بۇيرۇغۇچىلارنىڭ ھېچنېمىنى ئۇقماس بولۇۋالىدىغانلىقى توغرىسىدا ھۆسەن باينىڭ خىزمەتكارىمۇ ئەسكەرتكەنىدى . بۇ ئىككى چېرىككە ئىگە بولىدىغان ئادەم چىقسۇن - چىقمىسۇن ، ئۇلارنىڭ قولىدىكى مىلتىقى ئۇلارنىڭ كىملىكىنى ئېنىقلاشقا كۇپايە قىلاتتى . ئۇلار بەربىر ھۆكۈمەتنىڭ چېرىكلىرى بولۇپ ، ئابلىمىت داموللا ئۆز ئالدىغا

جازالاپ كېتەلىشى ناتايىن ئىدى. مېنى بولسا، كىم قانداق قىلىشنى خالىسا شۇنداق قىلالايتتى، مېنىڭ خوجايىنىممۇ، ئىگە ـ چاقاممۇ يوق مۇساپىر هاشارچى ئىدىم، بازار بېگى مېنى ئۆزىنىڭ ئەۋەتكەنلىكىگە ئابايلا تېنۋالالايتتى. بۇنى ئىسپاتلايدىغانمۇ، رەت قىلىدىغانمۇ پاكىت يوق ئىدى.

مەن ئابلىمىت داموللا راستتىنلا ئۆزى جازالماقچى بولغاندىمۇ ماڭا ئېتىبار بېرەر، دەپ تەمە قىلاتتىم. چۈنكى، مەن ئۇنىڭ قىزىنى بۇلاشقا قاتناشقان بولساممۇ، ئۇنى باغلاش، ئاتقا تېڭىشلارغا ئارىلاشمىغانىدىم. ئۇ ئۆزى ماڭىلا قالغاندا ئۇنى خورلىمىغان بەلكى ئۇنى يېشىۋەتكەن، بەزلىگەن، قايتۇرۇپ ئەكىلىپ قويۇش ئۈچۈن يولغا چىققانىدىم. ئەگەر بىزنى قوغلىغۇچىلار تۇتتۇۋالمىغىنىدا مەن ئېهتىمال قىزنى يېزا ئىچىگە ئەكىرىپ قويۇپلا ئۆزۈمنىڭ يولىغا مېڭىپ باقاتتىم. مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقامدۇ، چىقمامدۇ؟ بىر بولسا مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقماسلىقىمۇ، مەن قىزسىزلا هېلقىلارغا ئۇچراپ قېلىشىممۇ مۇمكىن ئىدى. ئۇ هالدا نېمە نەتىجە يۈز بېرەر؟ بۇنى بۇ تار، دىمىق ئۆيدە ئولتۇرۇپ خالىغانچە مۆلاهىزە قىلىش مۇمكىن ئىدى.

ئۇيقۇ غالىب كەلدى. ئۇ قورساقنىڭ ئاچلىقىنىمۇ، ئەندىشىلىك، ئەنسىز خىياللارنىمۇ، ئارام بەرمەيۋاتقان چىۋىنلەرنىڭ غۇژۇلدىشىنىمۇ ۋە قاتتىق دىمىقنىمۇ يەڭگەنىدى.

هېسابسىز نۇرغۇن ئادەملەر، شۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر شولا ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتۈپ تۇرىدۇ. بۇ شولىغا شۇنچە دىققەت قىلىپ قارايمەن. ئەمما، ئۇنىڭ رەڭگىنى ئايرىيالمايمەن. سېرىق دېگۈم كېلىدۇ، لېكىن ئۇ ماڭا نىل رەڭ بولۇپ كۆرۈنىدۇ. نىل رەڭ ئىكەن، دېگەن خۇلاسىگە كېلىشىم هامان نامەلۇم بىر ئاۋاز: «ئاۋارە بولما، ئۇ يېشىل» دېگەندەك بولىدۇ. «بەرىبىر ئەمەسمۇ، — دەيمەن ئىچىمدە، — سېرىق بولدى نېمە، نىل رەڭ بولدى نېمە، يېشىل بولدى نېمە... بىراق بۇ شولا نېمىشقا شۇنچىۋالا كۆپ ئادەملەرنىڭ ئارىسىنى ئارىلاپ يۈرىدۇ؟ شولىنىڭ ئۆزى بىرمۇ ياكى بىر نەچچە رەڭلىك شولىنىڭ قوشۇلۇشىدىن هاسىل بولغان ئارىلاش شولىمۇ؟ كۆزۈمگە ئۇ رەڭگىنى ئۆزگەرتىپ تۇرغان بىر شولا



بولۇپ كۆرۈنىدۇ. مانا ئۇ ئۇزۇن ۋە كەڭ، قاپقارا ساقىلى بار بىر كىشىنىڭ قولتۇقلىرى ئارىسىدىن ئۆتۈپ، ئالدىمغا كېلىپ توختاپ قالدى. كۆزۈمنى مەست قىلماي ئۇنىڭغا قادالدىم. ئۇ قىپقىزىل ئىكەن. «سەن قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن كەلگەن قىزىل شولا، كەلگىن» دەپلا ئۇنى تۇتۇۋالدىم. مانا قىزىق، شولا دېگەننىمۇ تۇتقىلى بولامدۇ؟ مەن بولسام ئۇنى تۇتۇۋالدىم. ئۇنى كۆزۈمگە يېقىنلاشتۇردۇم ۋە هەيران قالدىم. ئۇ قىزىل، سېرىق، يېشىل، نىل رەڭ يىپەكتىن توقۇلغان ئەتلەس ئىكەن. ئۇ ئەن ئەتلەس ئەمەس، تىكىلگەن ئەتلەس كۆڭلەك ئىكەن. «مەن نېمە بولۇپ ئاياللارنىڭ ئەتلەس كۆڭلىكىگە ئېسىلىپ يۈرىدىغاندىمەن؟...» دەيمەن ئىچىمدە. «ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈم...» دېگەن ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. بۇ ئاۋاز شۇنچىلىك يېقىملىق، جاراڭلىق ۋە ئۆزۈمنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاشلا تونۇش. مەن بۇ ئاۋاز ئىگىسىنىڭ ئۆزىنى ئاشكارا قىلىشى ئۈچۈن، «بۇ كۆڭلەك ئەمەستەك، رەڭگا رەڭ نۇرلارنىڭ شولىسىدەك تۇرىدۇ...» دەيمەن ئۇنۇمنى چىقىرىپ، «ئۇبدانراق قارىسىلا، كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىسىلا» دەيدۇ ئاۋاز. مەن هەيران بولىمەن ۋە قورقىمەن. بۇ ئاۋاز بۇۋىسارىنىڭ ئاۋازى. خاتالىشىشىم مۇمكىن ئەمەس، بۇ دەل بۇۋىسارەمنىڭ ئاۋازى. ئۇ نېمىشقا سۆزلەيدىيۇ، ئۆزىنى كۆرسەتمەيدۇ؟ ئەتراپقا قارايمەن، مىغىلدىغان ئادەملەر بىر ئىزىدا توختاپ مىدىرلاۋاتقاندەكلا كۆرۈنىدۇ. بۇۋىسارەم بولسا هېچ يەردە يوق. «بۇۋىسارەم» دەپ ئۈنۈمنى قويۇپ بېرىپ توۋلايمەن. چاقىرىشلىرىمغا بۇۋىسارىنىڭ ئاۋازى ئەمەس، بەكمۇ يىراقلاردىن كېلىۋاتقان كۈلكە ئاۋازى جاۋاب بېرىدۇ. مەن تېخىمۇ چىڭ توۋلايمەن. بۇنىڭغا ئەمدى بىر يەرلەردىن چىقىۋاتقان يىغا ئاۋازى جاۋاب بولۇپ ئاڭلىنىدۇ. شۇ چاغدىلا توۋلىغاندەك قىلغىنىم بىلەن ئاۋازىم چىقمىغىنىنى سېزىمەن، تېرىكىمەن، سەكرەيمەن، هەممە تەرىپىمنى ساقاللىق، سەللىلىك ئادەملەر قورشىۋالغان. «مېنىڭ بۇۋىسارەمنى يوشۇرۇپ قويدۇڭلار، ئۇنى چىقىرىپ بېرىڭلار، تېخى هازىرلا ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغانمەن...» دەيمەن. ماڭا هېچكىم جاۋاب بەرمەيدۇ. ئۇلار ماڭا هومىيىدۇ، چىشلىرىنى

غۇچۇرلىتىدۇ. «سىلەرنىڭ ھەممىڭلار ئوغرى، كاززاپ، ھىيلىگەرسىلەر! سىلەر سەللە يۆگەپ ساقال قويۇۋالغان مەجۇسىلەر! مۇسۇلمانلار بىر-بىرىنىڭ بەختىنى خاراب قىلمايدۇ، سىلەر بولساڭلار بىرىڭلا ئەمەس، ھەممە مۇسۇلمانلارنىڭ بەختسىز بولۇپ قېلىشىنى خالايسىلەر، يەر يۇتسۇن سىلەرنى!» دەپ تووۋلايمەن...

مەن گېلىمنى بىرى بوغۇۋالغاندەك تىنالماي ئويغىنىپ كەتتىم. بۇرۇت بىلەن مايماق ئىششىغان، كۆكىرىپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن ماڭا قاراپ ئولتۇرۇشاتتى.

— سېنى قارا باستى ساقال، — دېدى بۇرۇت، — بەك جۆيلۈپ كەتتىڭ.

— قارىغاندا، سېنىڭ ئەھۋالىڭمۇ ئانچە ياخشى بولمايدۇ، ھېلىغىچە تاياق يېمىگەن بولساڭ ئەمدى يەيدىغاندەك تۇرىسەن، — دېدى مايماق، — سولاقتىكى ئادەمنى قارا باسسا، ئاخىرى خەيرلىك بولمايدۇ.

كۆڭۈلسىز چۈشنىڭ تەسىرىدىنمۇ ياكى تار ئۆينىڭ دىمىقلىقىدىنمۇ، پۈتۈن بەدىنىمنى سوغۇق تەر بېسىپ كەتكەنىدى. كىچىككىنە تۆڭلۈك ۋە ئىشىك شاللىرىنىڭ ئارىلىقىدىن قارىغاندا، كۈن ئولتۇرۇپ كەتكەندەك قىلاتتى. چۈشۈم ماڭا يامان تەسىر بېرىپ، مايماق دېگەندەك ئاخىرىم خەيرلىك بولمايدىغاندەك بىر خىل ئەنسىز سېزىم ۋۇجۇدۇمنى ئىگىلىۋالغانىدى. بۆۋىسارىگە ئېرىشىش يولىدىكى بۇ تىرىشچانلىقىممۇ نەتىجىسىز تاماملىنىپ، يەنە بىر قېتىم تۇتقۇنلۇققا مەھكۇم بولۇپ ئولتۇرغىنىمدا، ئۈمىد قىلغۇدەك ھېچنېمەم قالمىغانلىقىنى سېزەتتىم. كەلگۈسىدىكى ئەركىنلىكىمگە بەدەل قىلىپ بېرىدىغان پۇلۇم، ماڭا ئىگە بولىدىغان ئادىمىم يوق ئىدى. ئەگەر مېنى ئۆلۈم بىلەن جازالىمىسا شۇنداق تېخى. ئەگەر ياسىن بەگ، ھۇسەن باي، بازار بېگى، چېرىك باشلىقلىرى بىرلىشىپ ئابلىمىت دامولla بىلەن بولغان قورساق سوقۇشنى يېپىۋەتمەكچى بولسا، مېنى «قۇربانلىق» قىلىۋېتىشى تۇرغاپ گەپ ئىدى.

كەچ بولدى، قاراڭغۇ چۈشتى. ئەتىگەندىن بېرى ئاچ ئىدىم ۋە



ئۇسساپ گېلىم قۇرۇپ كەتكەنىدى. ئابلىمىت دامولla بىزنى سولاپ قويۇپلا ئۇنتۇپ قالغاندەك تۇيۇلاتتى. ئىككى چېرىكنىڭ ۋايساشلىرىدىن ئۇلارنىڭمۇ ئەھۋالى ماڭا ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدىم. ئۇلار ئەھۋالى ياخشى بولغان بولسا قېچىپ بېقىشقا ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئولتۇرۇشتى. كۆزىتىشىمچە، بۇ ئۆيدىن قېچىپ چىقىپ كېتەلىگۈدەك جۈرئەت بولغىنى بىلەن ئەسۋاب-ئۈسكۈنە بولمىسا چىقىپ كەتكىلى بولمايتتى.

— سەن بىر ئامال قىلىپ باقمامسەن ساقال؟ — دېدى بۇرۇت قاراڭغۇلۇقتىن.

— قانداق ئامال قىلىمەن؟

— ئىشىكنىڭ مۇجۇقىنى مىدىرلىتىپ باق، تامنىڭ ئۇ يەر-بۇ يەرلىرىنى تاتىلاپ باق. بۇ دەيۈز موللا دارغا ئېسىپ ياكى چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرمىگەندىمۇ ئاچ قويۇپ، ئۇسسۇز قالدۇرۇپ ئۆلتۈرىدىغاندەك تۇرىدۇ.

مەن ئەسكى چۈش كۆرۈپ ئويغانغاندىن كېيىنلا بۇرۇت تەكلىپ قىلغان ئىشنى ئويلاپ باققان، شۇ دېگەن ئىشىك، تۆڭلۈك تاملارنى كۆزىتىپ باققانىدىم. ئىشىك مۇستەھكەم، قېلىن شاللاردىن ياسالغان بولۇپ، ئىشىك يېپىق، بولۇپمۇ سىرتتىن ئېتىك ھالەتتە ئۇنىڭ مۇجۇقىنى چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. تام قېلىن، سۇۋاقلىرى زەيلىمىگەن ئەھۋالدا قۇرۇق قول بىلەن ئۇنى تاتىلاپ بېقىشنىڭ پايدىسى يوق ئىدى.

مەن بۇرۇتنىڭ سۆزىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ ئولتۇرىۋەردىم.

— ھاجەت قىلامسىلەر، دەپمۇ سورىمايدا بۇ زالىملار، — دېدى مايماق ۋە ماڭا قارىتىپ، — ساقال، سەن بىزدىن بېجىرىم بولغاندىكىن ئىشىكنى قېقىپ باققىن، بىرەرى يالغۇز كېلىپ، ئىشىكنى ئېچىپ قالسا گەجگىسىدىن تۇتۇپ ئۆيگە ئەكىرىۋالامسەن؟

— شۇنداق قىلغاندىمۇ سىلەر چىقىپ كېتەلمەيسىلەر-دە؟ — دېدىم ئۇلارنىڭ نېمىشقا مېنىلا بۇ ئىشقا قىزىقتۇرۇۋاتقىنىدىن گۇمانلىنىپ، — سىلەر يۈگۈرۈش تۈگۈل ئۆزۈڭلارنى ئەپلەپ ماڭالىشىڭلارمۇ

تەس.

— سەنمۇ بولساڭ قۇتۇلۇپ قاچقىن - دە! بېرىپ بازار بېگىگە خەۋەر قىلساڭ، باشلىقىمىز چېرىك ئەۋەتىپ بىزنى قۇتقۇزۇپ كېتەتتى...، — بۇرۇتنىڭ بۇ گېپىگە مايماقمۇ قوشۇمچە قىلدى:

— شەھەرگە بارالمىساڭمۇ ھۆسەن باينىڭ ئۆيىگە يېتىۋېلىپ، ئىش چاتاق بولدى دېسەڭ، ئۇلار بىر ئامالىنى قىلاتتى.

— مەن يول بىلمەيمەن. شەھەر بۇ ياقتا تۇرسۇن، ھۆسەن باينىڭ ئۆيىنىمۇ تاپالمايمەن، — دېدىم تەييار جاۋابىمنى بېرىپ.

بۇرۇت بىلەن مايماق مەن بىلەن ئىش چىقىرالماسلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۆزلىرى ھەرىكەت قىلىپ باقماقچى بولۇشتى. بۇرۇت ئىنجىقلاپ - ئىڭراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنى قېقىشقا باشلىدى. ئۇ ئۇزاق قاقتى. ناھايەت ئىشىكنىڭ قېشىغا ئادەم كەلدى:

— ھە، نېمە بولدى، ئىچىڭ پۇشۇۋاتامدۇ قاراقچىلار؟

— ھاجىتىمىز قىستاپ قېلىۋاتىدۇ تەقسىر، — دېدى بۇرۇت.

— ئۆي كەگرى قاراقچىلار...

— بىرەر يېرىمتە نان، بىرەر چۆچەك سۇ - پۇ ئىلتىپات قىلغان بولسىلىرى، دۇئا قىلساق.

— پوقۇڭنى يېيىش قاراقچىلار، — دېدى سىرتتىكى ئاۋاز ۋە ئىشىكنىڭ يېنىدىن نېرى كەتتى.

بۇرۇت بىلەن مايماق ئىشىكنىڭ يېنىدىن نېرى كەتكەن ئادەمنى، ئۇنىڭ خوجايىنى ئابلىمىت داموللىنى، ئاندىن بەگ، باي دېگەنلەرنىڭ ئەللامىسىنى تىللاپ چىقتى.

— مىلتىقنى تاپشۇرمايدىغان ئىش ئىدى. ئوت قويساڭ قوي دەپ يېقىنلاشقىنىنى ئېتىپ، بۆسۈپ چىقىپ كېتىش كېرەك ئىدى، — دېدى مايماق.

— شۇنچىۋالا جىق دېۋانىلەرگە ئىككىمىزدىكى ئالتە پاي ئوق بەۋا كېلەمدۇ؟

— بەۋا كېلەلمىسىمۇ ئۆزىمىزنى تۇتۇپ بەرگەندىن ياخشى ئىدى.



— بۇنداق مۇئامىلە قىلار دېمىگەنىكەنمەن، — دېدى بۇرۇت ۋە جاۋابكارلىقنى ئالدىراپ ئۈستىگە ئېلىپ تاشلىغىنىدىن ئەپسۇسلانغاندەك بولۇپ، مايماقنىڭ ئەيىبىنى ئاچتى، — سەن ئاشۇ كۈمۈش تەڭگىگە كالىندەك چاپلىشىۋالمىغان بولساڭ مۇشۇ بالا يوق ئىدى.

— مەن تەڭ سۆكۈۋالايلى، دېگەن...

ئىككى چېرىك بىر - بىرىنى سۆكۈپ، بىر - بىرىنى ئەيىبلەپ تىللىشىشقا ئۆتتى. يازنىڭ قىسقا كېچىسى ناھايىتى تېز ئۆتمەكتە. ئۇيقۇ دېسە ئۇيقۇغا، خىيال دېسە خىيالغا تەۋە بولمىغان خۇدبىنلىق مېنى گەرەخ قىلىپ قىيناماقتا ئىدى.

تاڭ ئاتقاندىن كېيىنمۇ ئىشىك ئېچىلمىدى. تاماق ياكى سۇمۇ بېرىلمىدى. سىرتتا نېمە ئىش يۈز بېرىۋاتقىنىنى، داموللىنىڭ بىزنى نېمىشقا ئۇنتۇپ قالغىنىنى بىلگىلى بولمايتتى. بۇرۇت بىلەن مايماق بۇنى ئابلىمىت داموللىنىڭ شەھەرگە ئەۋەتكەن ئادەملىرىنىڭ قايتىپ چىقمىغانلىقىغا باغلاپ چۈشىنەتتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ تاشلىۋېتىلگەنلىكى، يامۇل ئۇلارنى تونۇماسلىققا تىرىشىدىغانلىقى، باشلىقى ھەتتا بۇ چېرىكلىرىم قېچىپ كەتكەن دېيىشتىن يانمايدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلىشەتتى. ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا مەن نېمە دەيمەن؟

ئىككىيلەن بىر تەرەپ، مەن بىر تەرەپ بولۇپ ئۆز تەقدىرىمىز ئۈستىدە قايغۇرۇپ ئولتۇرۇشتىن باشقا ئىلاجىمىز يوق ئىدى. ئىككى چېرىك ئەلۋەتتە ئاۋازلىق مۇلاھىزە قىلىشاتتى. مەن پەقەت ئىچىمدىلا ئويلايتتىم.

چۈشتىن قايرىلغان چاغدا ئىشىكنىڭ تېشىدا شەپە پەيدا بولدى. كەلگەن ئادەمنىڭ يالغۇز ئەمەسلىكىمۇ قىلىشقان پارىڭىدىن مەلۇم ئىدى. قۇلۇپ ئېچىلىپ، سىياقىدىن ئابلىمىت داموللىنىڭ خىزمەتچىلىرىدىن ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرغان بىر دېھقان ئىشىكنى پۇتى بىلەن تېپىپ ئېچىپ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ مۇنداق كىرىشىنىڭ سەۋەبىمۇ مەلۇم بولدى. ئۇنىڭ بىر قولىدا داستىخان، بىر قولىدا ئۈچ تاۋاق بار ئىدى.

— چاي ئىچىڭلار، تاۋاققا نان چىلاپ تەييار قىلغاچ تۇرساڭلار چاي ئەكىرىپ بېرىمەن، — دەپلا ئۇ چىقىپ كەتتى.

داستىخاندا كۆممىقوناق زاغرىسىدىن ئۇچىلا بار ئىدى. ئۇنى ئۇچىمىز بىردىن ئالدۇق، تاۋاققا چىلاۋاتقاندا بايىقى دېھقان خېلى يوغان بىر چۆگۈن بىلەن ئۈچ ياغاچ قوشۇقنى كۆتۈرۈپ يەنە كىردى.

— شەھەردىن بىرەر خەۋەر بارمۇ؟ — سورىدى بۇرۇت.

— گېپىڭنى بېقىشنى بىل قاراقچى، — دېدى ئۇ ۋە ئۇچىمىزگە نۆۋەت بىلەن ئالىيپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

نان بىلەن چاينىڭ بېرىلىشنى چېرىكلەر شەھەردىن بىرەر خەۋەرنىڭ چىقىشى بىلەن باغلاپ چۈشىنەتتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ تاشلىۋېتىلمىگەنلىكىگە بۇنى ئىسپات قىلىشاتتى. بۇ توغرىدا پاراڭلىشىش ئۇلارنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ خېلى تېتىكلەشتۈرۈپ قويىدى.

— بىزنىڭ قىلغان چوڭ گۇناھىمىز لاتا-پىتىلەرنى ئېلىپ قويغىنىمىز. ئۇلارنى ئەينى بويىچە تارتىپمۇ ئېلىشتى، — دېدى مايماق ھىجىيىپ، ئۇنىڭ ئاغزى-بۇرنى ئىششىغانىدى. زاڭاق سۆڭىكى يېرىلغانلىقتىن، ھىجىيىشى ھىجىيىشقا ئوخشىماي يىغلاۋاتقاندەك كۆرۈندى، — داموللىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرگىنى، ئېھتىمال، قىزنىڭ بۇلاپ كېتىلگەنلىكى بولسا كېرەك. بۇ ئىش بىلەن بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز يوق، قىزنى كۆرگىنىمىزمۇ يوق. شۇنداقمۇ بۇرادەر؟ — ئۇ بۇرۇتقا مەنىلىك قاراپ قويىدى.

— شۇنداق، — بۇرۇت ماڭا قاراپ قويىدى، — بىز ئەسلى نان ئىزدەش بىلەن بولۇپ قالغاندا قىز بۇلاپ كېتىلگەن بولسا كېرەك...

ئىككى كاززاپ، ئەگەر سوئال-سوراققا تارتىلىپ قالسا دەيدىغان جاۋابقا تەييارلىق قىلماقتا ئىدى. ئۇلار قىز بۇلاشنىڭ ئەيىبىنى ماڭا ئارتىپ قويۇپلا ئۆزلىرىنى ساقلاپ قالالارمۇ؟

كەچ بولغۇچە ئۇلار ئاشۇ گەپلەرنىلا دېيىشىپ ئولتۇردى ۋە مېنىڭمۇ سوئال-سوراققا تارتىلىپ قالسام شۇنداق گۇۋاھلىق بېرىشىمنى ئۆگىتىشتى. قىسقىسى، ئۇلار نان-پان تاپىمىز دەۋاتقىنىدا، مەن «ياش-



لىق قىلىپ» ياكى «ئىنسانچىلىق قىلىپ» قىزنى ئېلىپ قاچقان، كېيىن خۇدادىن قورقۇپ قايتىپ كەلگەن، دېيىشىم كېرەك ئىدى.

— ھويلىمۇ ھويلا ئاتلاپ ئىچكىرىگە كىرىشنىمۇ «نان-پان ئىزدەپ» دەيدىكەنسىلەر-دە؟ — دېدىم.

— بىزگە ئىشەنمىلىك قىلما، — دېدى مايماق، — بىز ئىككىمىزلا ئامان قالساق، سېنىڭ ئىشىڭنىمۇ يەڭگىللىتىش ئۈچۈن باش قاتۇرىمىز.

خېلى بەك قاراڭغۇ چۈشكەندە ئىشىك تۈيۈقسىز ئېچىلىپ، قولىدا شام كۆتۈرگەن بىرەيلەن كىرىپ كەلدى. ئۇ بېشىغا قاسقانلىق ساقچى شەپكىسى، ئۈستىگە يانچۇقلۇق قىسقا چاپان كىيگەنىدى. شەپكىسى ۋە چاپىنىدا ساقچى ياكى چېرىكلىك بەلگىسى يوق ئىدى. ئىشتىنىنىڭ بويالغان چەكمەندىن تىكىلگەنلىكىگە، ئايىغىدىكى سەندەلگە قارىغاندا، ئۇ يامۇلنىڭ مۇلكىي ئەمەلدارلىرىدەك قىلاتتى.

— مەن ئامبالنىڭ تۇڭچىسى، — دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى ئۇ ئاۋۋال، — ئابلىمىت داموللام ئىشنى يوغىنىتىۋەتتى. يامۇل، قازىخانىمۇ سىلەرنىڭ ئەخمىقانە ئىشىڭلار تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان ئالتوپىلاڭغا ئارىلىشىپ قالدى. ئەمدى گەپنى ئۇڭشاپ دېيەلمىسەڭلار بېشىڭلارغا ئاگاھ بولساڭلار بولىدۇ.

— نېمە دېسەك بولار تەقسىر؟ يول كۆرسەتسىلە، — دېدى بۇرۇت تىزلىنىپ تۇرۇپ، — قارىسىلا، بىزنى مۇشۇنداق قىلىۋەتتى ئۇرۇپ...

— ئۇ ئۆزۈڭنىڭ شورى، — تۇڭچى بۇرۇت بىلەن مايماققا نەپرەتلىك قاراپ ئۆگىتىشكە باشلىدى، — «گۇسوزا بىلەن ياسىن بەگنىڭ بىز تونۇمايدىغان بىر ئادىمى جىق پۇل ۋەدە قىلىپ قىز بۇلاشقا ئەۋەتكەن...» دەيسىلەر. پۇلنى دەپ باشلىقىمىزدىن رۇخسەت سورىماي، پۇقراچە كىيىم كىيىپ يولغا چىققان، دەيسىلەر...

— «بىز تونۇمايدىغان بىر ئادىمى» كىم دەپ تۇرۇۋالسا...

— شۇڭا تونۇمايمىز، دېمەمسەن؟ — تۇڭچى چېچىلدى، — ئۇچىلىگىنىڭ گېپى بىر يەردىن چىقسۇن. قايسىڭ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن

پەلە-پەتىش گەپ قىلىشساڭ، باشقا كاتتا زاتلارنىڭ ئىسمىنى ئارىلاشتۇرۇپ يۈرۈشسەڭ، ھالىڭغا ۋاي!

— شۇنداق بولغاندىمۇ بىزگە جازا كېلەمدۇ تەقسىر؟

— كەلمەي قانداق بولماقچى؟ — تۇگچى بۇرۇتقا ھومىيىپ قويدى، — تەختىراۋانغا سېلىپ كۆتۈرۈپ ئەكىتىدۇ، دەپمىدىڭ؟ ئىشنى غاچ-غۇچ پۈتتۈرۈپ يولغا چىقىشقان بولۇشساڭ بۇنچە خاپىلىقلارمۇ بولماس ئىدى. ئەمدى ئاز-تولا دەرد تارتىشساڭمۇ، دېگەن بويىچە گەپ قىلىشساڭ جانلىرىڭ ئامان قالىدۇ. مەن مۇسۇلمانچىلىق يولىنى دەپ خالىسانە گەپ قىلىپ قويدۇم. بولمىسا سەن چۈپرەندىلەر تۇغقىنىممىتىڭ؟

ئۇ تېز بۇرۇلۇپلا چىقىپ كەتتى. ئىككى چېرىك گۇسوزىنى بىلىدىكەن، ئەمما، بۇ ئىشقا ئۇنى نېمىشقا ئارىلاشتۇرۇپ يۈرگىنىنى تەھلىل قىلىپ تاپالمىدى. ئۇلارنىڭ گېپى ئۆزلىرىگە قانداق جازا كېلىدىغانلىقى ئۈستىدىلا قالدى. مەن ھۇسەن باينىڭ خىزمەتكارىدىنلا گۇسوزىنىڭ بۇ «قىز بۇلاش»قا چېتىلغانلىقىنى چۈشەنگەندىم. ئۆزۈمنىڭ بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ قېلىشىمنىڭ، ئەسلىدە مەن شۇ گۇسوزىنىڭ ھويلىسىدىن «ھاشار»غا تۇتۇلغانلىقىمدىن ئىكەنلىكىنى ئەمدى رەسمىي بىلدىم. «داموللىنىڭ شۇ قىزىنىڭ يالاڭ ئاياغ پۇتى جاڭگالدىكى شورلۇقتا ئازابلىنىپ يۈرمىسۇن، دەپ تارتىۋاتىمەنا بۇ مۇشەققەتنى، — دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە، — ئۇ قۇتۇلدى، ئۆيىگىمۇ يەتتى. مەن تۇتۇلدۇم، تارتىدىغان ئازابىم تېخى بۇنىڭدىن كېيىنگە ئامانەت قالدى...»

چېرىكلەر خاتىرجەم ئىدى. ئۇلار تۇگچى چىققىنىغا قارىغاندا، ئامبالمۇ ئابلىمىت داموللىنىڭ ئۆيىدە، دەپ پەرەز قىلىشتى. تۇگچىنىڭ بۇ يەرگە كىرىپ قانداق جاۋاب بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىشى ئۆزىچە قىلغان ئىشى ئەمەس، مۇنداقراق ئېيتقاندا، ئۇ چېرىك باشلىقى، بازار بېگى بىلەن مەسلىھەتنى پىشۇرغان، چوڭقۇرراق ئويلىغاندا، ئامبالنىڭ ئۆزى بەلكىم بەگلىرى ئىچىدىكى ئاساسلىقلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، گۇسوزا ۋە «تونۇمايدىغان بىر ئادەم»نى ئالدىغا چىقىرىپ قويۇش ئۈچۈن تۇگچىنى كىرگۈزگەن دەپ تەھلىل قىلىشتى.



— ئىش بىز دېگەندەك بولىدۇ، ساقال، — دېدى مايماق قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن مەن تەرەپكە خىتاب قىلىپ، — سېنىڭ گۇسوزىنىڭ چاكىرى ئىكەنلىكىڭ سوئال-سوراقسىزلا مەلۇملۇق. ئەمدىكى گەپ، گۇسوزىنىڭ ھىممىتىگە باغلىق. ئۇ جىقراق پۇل-پۇچەك خەجلىسە جېنىڭ بەلكىم ئامان قالار...

مەنمۇ ئۇنىڭ مۇلاھىزىسىگە قوشۇلاتتىم. گۇسوزىنىڭ «ھىممىتى»گە بولسا ئىشەنگىلى بولمايتتى. شۇنداق بولغاندا، جېنىم ئامان قالامسۇ؟ «قۇدرىتىڭ ئۇلۇغ خۇدا، ئۆز پاناھىڭدا ئاسرىغايسەن» دېدىم ئىچىمدە.

ئەتىسى ئەتىگەنلىك تامىقىمىزغا ئۈچ لىگەن پولۇ ئەكىرىپ بەردى. سوۋۇپ ۋە سەل پۇرىقى ئۆزگىرىپ قالغىنىغا قارىغاندا، بۇ پولۇنىڭ ئاخشامقى زىياپەتنىڭ ئېشىندىسى ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى. پولۇنى ئابلىمىت داموللىنىڭ چاكارلىرى ئەمەس، ساقچىلار ئېلىپ كىردى. ئۇلاردىن بىرى چىقىپ كېتىۋېتىپ:

— تۇگچى مېنىڭ گېپىمنى ئۇنتۇپ قالمىسۇن دەيدۇ، — دەپ تاپىلىدى.

دېمەك پولۇمۇ غەمخورلۇق قىلىپ بېرىلگەن بولماستىن، ئۈچىمىزنىڭ ئاغزىنى مايلايدىغان «پارا» ئىكەنلىكىمۇ مەلۇم بولدى.

— بىزگە گەپ كەتمەيدۇ، — دېدى بۇرۇت ماڭا سىڭگايان قاراپ، — ھەممە جاۋاب ساڭا قاراشلىق ساقال، سەن ئۇنتۇپ قالمىساڭلا بولىدۇ.

— قىزىنى دۈمبەڭگە تېڭىپ، بىر جاڭگالنى ئايلىنىپ چىققانىغا چۈشلۇق جاۋاب بېرەرسەن، — دەپ تولۇقلىدى مايماق، — سېنىڭ ئامىتىڭ كەلدى شۇم گاداي...

— ئۆمرۈڭدە يەپ باقمىغان پولۇنىمۇ باھانىمىزدا يەۋالدىڭ، — دەپ قوشۇپ قويدى بۇرۇتمۇ ئىنجىقلاپ.

ئۇ ئىككىسى تاياقنى بولۇشىغا يېگەنلىكتىن، پولۇنى ئوبدان چايناپ يېيەلمىگەنىدى. چىشلىرى ئۇرۇپ چۈشۈرۈلگەن مايماق

ۋە ئاغزى ـ بۇرنى ئىششىپ كەتكەن بۇرۇتنىڭ ھەسەت قىلىشنى چۈشىنىشكە بولاتتى.

— شۇنداقمۇ بولۇپ قالىدۇ، — دېدىم مەنمۇ مەسخىرە قىلىش ئاھاڭدا، — بەزىلەر تاياق يەپلا ئۆتمەيدۇ، يەنە بەزىلەرمۇ پولۇ يەپلا ئۆتنۇۋەرمەيدۇ.

گېپىم ئۇلارغا تەسىر قىلدى بولغاي، ئىككىلىسى غەزەپلىنىپ كېتىشتى.

— ھېلى ئوبدان يەيسەن، — دېدى بىرى.

— ئاغزىڭ گەجگەڭگە چىقىپ قالغىنىنى تۇيمايمۇ قالىسەن، — دېدى ئىككىنچىسى، — ھېلى بىكار گەپ ياندۇرغان تىلىڭنى سۇغۇرۇۋالىمەن...

بۇ ئۆيدە ئۇچىلىمىز تۇتقۇن بولغاندىكىن، مېنىڭمۇ ئۆتكۈزۈۋېتىشكە رايىم بارمىدى:

— ئابلىمىت داموللامنىڭ غالچىلىرىدىن ئېشىپ قالغان تاياقنى مەندىن يېيىشسەن ھايۋانلار، — پوپوزا قىلدىم ئۈنۈمىنى چىڭ چىقىرىپ، — سەن ئىتلارنىڭ چىرىكلىكى نەدە قالغىنىنى بىلىشمەسەن؟ بۇ يەردە ھېچكىم خوجايىن ئەمەس...

مايماق بىلەن بۇرۇت جىمىپ قالدى. ئۇلارنىڭ شۇ زامات قوپۇپ مېنى «ئەدەپ» لىگۈدەك ماغدۇرى يوق ئىدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ چىشلىرىنىڭ غۇچۇرلىشى كۆڭلىدىكىنى ئاشكارىلاپ تۇراتتى.

كېچە ئادەتتە قىسقا بولۇشقا تېگىشلىك بولسىمۇ مەن ئۇچۇن ناھايىتى ئۇزاق بىلىندى. قاچان، قانداق ئۇخلاپ قالغىنىمنىمۇ بىلمەيمەن، ئەتىسى مۇرەمنىڭ ئاغرىقىدىن چۆچۈپ ئويغاندىم. يامۇل ساقچىلىرىنىڭ كىيىمىنى كىيگەن بىرى مىلتىقنىڭ پاينىكى بىلەن مۇرەمگە تۇرتۇۋاتاتتى. ئۇ ئويغانغانلىقىمنى كۆرۈپ، بېشى بىلەن تۇرۇشۇمنى، تالاغا چىقىشىمنى ئىشارەت قىلدى. مەن بۇرۇت بىلەن مايماققا قارىدىم. ئۇ ئىككىسىمۇ ھېچنەرسە چۈشەنمىگىنىنى ئىپادىلەپ، كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئولتۇراتتى. ساقچى سىرتقا چىقىشىمنى يەنە بىر قېتىم ئىشارەت قىلىپ تەرىنى تۇردى.

سىرتتا مېنى يەنە بىر ساقچى ساقلاپ تۇراتتى. ئىككى ساقچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ماڭدىم. ھېلىقى كېچىسى ئابلىمىت داموللامنىڭ قىزىنى بۇلىغان ئىچكىرى ھويلىغا يېتىپ بارغۇچە ئابلىمىت داموللامنىڭ خىزمەتچىلىرى، چاكارلىرى ۋە بىرمۇنچە شەھەرلىك سىياقىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەر خىل كۆز قاراشلىرى ئارىسىدىن ئۆتتۇم. ئەمما، مېنى ئەمدىكى تەقدىرىم قىزىقتۇراتتى ۋە ئەنسىرىتەتتى. ھويلىغا كىرىپلا كۆزۈم پېشايۋان ئاستىدىكى سۇپىغا سېلىنغان گىلەم ئۈستىدىكى كۆرپىلەردە پۈتىنى پەسكە ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان بىر مۇنچە كىشىلەرگە چۈشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە باشقىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان، بېشىغا چوققىسىدا تۈگمىسى بار قارا دوپپا كىيگەن ئورۇق، ئۆچكە ساقال، ئەللىك ياشلاردا بار بىر كىشىنىڭ ئەمىلى چوڭ ئىكەنلىكى باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا تىكىلگەن كۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ سول تەرىپىدە بىزگە گەپ تاپىلاپ قويغان تۈگچى ئولتۇراتتى. تۈگمىلىك قارا دوپپا كىيگەن ئۆچكە ساقال كىشىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە چاشقان بۇرۇت، سېمىز يۈزى ياغلاپ قويغاندەك پارقىراپ تۇرىدىغان بىر ساقچى ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئەپتىدىن قارىغاندا ساقچىلارنىڭ باشلىقىدەك قىلاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئۆلچەمگە لايىق كىيىم كىيگەن، قاردەك ئاق سەللە يۆگىگەن ئابلىمىت داموللا ئولتۇراتتى. باشقىلارنىڭ ئىچىدىكى شەھەرلىك سىياق كۆرۈنىدىغان كىشىلەر تۈگمىلىك قارا دوپپا كىيگەن كىشىگىلا قاراپ ئولتۇراتتى. مېنىڭ كىرىپ خىش ياتقۇزۇلغان سەينانىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇشۇممۇ ئۇلارنىڭ نەزەرىنى ماڭا يۆتكىيەلمىدى.

تۈگمىلىك قارا دوپپا كىيگەن كىشى بېشىمدىن ـ ئايىغىمغىچە قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئاياللارنىڭكىدەك ئىنچىكە ئەمما چىرايلىق ئاۋاز بىلەن ناھايىتى تېز سۆزلەپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ئاچچىقلاپ سۆزلەۋاتقانلىقىنى ياكى باشقىچە بىر ھېسسىياتتا قايناپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

ماڭا ناھايىتى جىقتەك بىلىنگەن سۆزنى تۈگچى ئاددىيلا گەپ قى-

لىپ ئۆرۈپ بەردى .

— ئامبال دارىن دەيدۇكى ، سەن قوڭالتاق گاداي ، نېمە ئىش قىلىدىغان بىر نېمە ، قايسى سەۋەب بىلەن بۇلاڭچىلىققا ئارىلىشىپ يۈردسەن ؟ جاۋاب بەر !

مەن نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم . تۇڭچى ئۆزى ئۆگەتكىنى بويىچە گۇسوزىنىڭ ئادىمى ، مېنى شۇ بۇيرۇغان دەپ جاۋاب بېرىشىمنى كۈتۈپ ، كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قادىلىپ قاراپلا تۇراتتى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە سۆزلىمىسەممۇ ئۇ ئۆزى بىلىپ ، ئۆز ئىختىيارىچە ئامبالغا چۈشەندۈرىدىغانلىقىنىمۇ بىلىپ تۇراتتىم .

— بۇتتەك تۇرماي ئاغزىڭغا سېلىپ بەرگىنى بويىچە بىر نېمە دېمەمسەن ؟ — ئۇ ئەمدى ئوچۇقلا ئالدىراتتى .

مەن ئۇ « ئاغزىمغا سېلىپ بەرگىنى بويىچە » جاۋاب بەردىم :

— مەن شەھەردىكى گۇسوزا ئىسىملىك بىر ئايالنىڭ چاكىرى ئىدىم . ئۇ بىر ئاخشىمى مېنى ھېلىقى ئىككى پۇقراچە كىيىنگەن چېرىككە قوشۇپ قويدى . نېمە قىلىدىغانلىقىمنى ئېيتمىدى . . .

تۇڭچى سۆزلىرىمدىن رازى بولۇپ بېشىنى لىڭشىتتى ۋە تەرجىمە قىلىش ئۈچۈن ئامبالغا يېرىم بۇرۇلدى . ئەمما ، شۇ ۋاقىتتا ئابلىمىت داموللا چاڭىلداق ئاۋازى بىلەن ھەممەيلەننىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى .

— سەن راست گەپ قىلمىدىڭغۇ دەيمەن ؟ — دېدى ئۇ ماڭا ئانچە دوستانە بولمىسىمۇ بەكلا دۈشمەنلىك بىلىنمەيدىغان ئاھاڭدا ، — گۇسوزا دېگىنىڭنى مەن بىلمەيمەن ، لېكىن سەن ئۈچىڭنىڭ ھۇسەن شاللاقنىڭ ئۆيىدە بىر كېچە قونۇشقىنىڭنى بىلىمەن . « ھۇسەن باي » ئاتىلىپ قالغان ئۇ شاللاقنى ئاڭلىغانمىدىڭ ؟

— ماڭا ئىشەنسىلە تەقسىر ، مەن كىمنىڭ ئۆيىدە قونغىنىمنىمۇ بىلمەيمەن ، — دېدىم ئابلىمىت داموللىنىڭ سۆزىدىن گاڭگىرىغان بولسامۇ ، ھۇسەن باينىڭ ئىسمىدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ .

— چىراي تۇرقۇڭدىن ۋە يەنە قىزىمنى زىيان - زەخمەتسىز قايتۇرۇپ ئەكىلىپ قويغانلىقىڭدىنلا سېنىڭ ئاۋۇ ئىككى قاراقچىغا



ئوخشىمايدىغانلىقىڭنى بىلگەنىدىم . سەن قورقما ، — دېدى ئابلىمىت داموللا تېخىمۇ مۇلايىملىق بىلەن ، — مەن شەپقەتلىك ئامبال دارىندىن سېنى سوراپ ئېلىۋالدىم . سەن ئەمدى مېنىڭ چاكىرىم بولۇپ قالدىڭ . شەھەرگە قايتقاندا دەرد تارتىپ قالمەنمىكىن ، دەپ ئەندىشە قىلمىساڭمۇ بولىدۇ . . . — ئۇ ساقچى باشلىقىغا بۇرۇلۇپ ، — گېپىمنى ئامبال دارىنغا ئۆرۈپ بەرگەن بولسىلا ، — دېدى .

ساقچى باشلىقى ئامبال تەرەپكە ئېگىلىشىپ ، تېز - تېز سۆزلەشكە باشلىدى . ئامبال بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا بېشىنى لىڭشىتىپ ئولتۇردى . تۇڭچىنىڭ چىرايى ئۆزگەرگەن ، گەۋدىسى سولاشقانىدى . مەن بۇ ھالەتلەردىن ئامبالنىڭ ئابلىمىت داموللا تەرەپ ئىكەنلىكىنى پەم ئەتتىم .

مەن بۇ بايلار ، بەگلەر ئارىسىغا قىستىلىپ قالغانىدىم . ئەسلىدىن ئېيتقاندا مەن ئۈچۈن گۇسوزا ، ياسىن بەگ ( گەرچە مەن ئۇنى كۆرمىگەن بولسامۇ ) ، بازار بېگى ، چېرىك باشلىقى ، ساقچى باشلىقى ، ھۇسەن باي ۋە مۇنۇ ئابلىمىت داموللا دېگەنلەرنىڭ ھەممىۋاسى ئوخشاش زالىم ، ئالدامچى نېمىلەر ئىدى . مېنى شۇ تاپتا ھەيران قالدۇرغىنى ئابلىمىت داموللىنىڭ ئۈستىلىق بىلەن مېنى چاكار قىلىپ بولغىنى ئىدى . مەن شەھەرگە ئېلىپ كەتسە خوۋلۇق كۆرمەيدىغانلىقىمنىمۇ ئېنىق بىلەتتىم . بىراق ، بۇ يېزىدا قېلىپ ، ئابلىمىت داموللىنىڭ چاكارلىقىنى قىلسام قەشقەرگە كېتىش پىلانىمنىڭ ئىشقا ئېشىشى تېزلىشەمدۇ ياكى يەنە بىر قاپقانغا چۈشەمدىمەن ؟ دېگەن ئوي - پىكىرلەر يۈرىكىمنى قىستىماقتا ئىدى . ماڭا بۇ قاپقان ھەممىلا يەردە تەييار ئىدى . ئەگەر شەھەرگە ئېلىپ كەتسە زەھەرلىك بەگ ۋە باشقىلارنىڭ قولىدىن قانداق چىقىشىمنى بىلمەيتتىم . ئۇنداق ئەھۋالغا قالغۇچە ئابلىمىت داموللىغا چاكار بولسام تەقدىرىم ياخشىراق بولىدىغاندەك تۇيۇلاتتى . چۈنكى ، مەيلى نېمىلا بولمىسۇن ئابلىمىت داموللىنىڭ قىزىنى مەن بايا تىن ئابلىمىت داموللا دېگەندەك « زىيان - زەخمەتسىز ئەكىلىپ قويغانىدىم » يەنە بىر جەھەتتىن ، بۇ يەر ھۇسەن باينىڭ چاكىرى تەرىپلىگەندەك موغالغا يېقىن ئىدى ، ئاز - تولا ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋالسام ، قانداق مېڭىش يوللىرىنىمۇ بى-

لىۋالىشىم مۇمكىن ئىدى.

خىيالىمنى ئامبالنىڭ خوتۇنلارنىڭكىدەك ئاۋازى بۆلدى. ئۇنىڭ سۆزىنى ئەلپازىدىن پەرىشانلىقى چىقىپ تۇرغان تۇڭچى تەرجىمە قىلدى:

— ئابلىمىت دامولىنىڭ ئېيتقانلىرى راست گەپ. ئەھۋال قانداق بولسا ئەينىنى دېسۇن، دەيدۇ ئامبال دارىن.

گۇسوزىنىڭ چاكارلىقىغا ياللانغىنىمنى، ئۇ يەردىن بازار بېگىنىڭ ھاشار تۇتۇپ كەتكىنىنى، ئىش ئورنىدىلا مېنى ئىككى چېرىككە قوشۇپ قويغىنىنى، باشقا ئىشلاردىن خەۋىرىم يوقلۇقىنى ئېيتتىم. بۇ قېتىمقى جاۋابىم بىلەن ئالدىنقى جاۋابىم ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بازار بېگىنىڭ «ھاشار» نى قىستۇرغىنىم بولدى. كۈتكىنىمگە قارشى ھالدا ئابلىمىت دامولا خۇش بولۇپ كەتتى. ئۇ تۇڭچىنى ئارىلاشتۇرماي مېنىڭ سۆزۈمنى تەرجىمە قىلىشقا ساقچى باشلىقىنى تەكلىپ قىلدى. ئاندىن ماڭا ھېجىيىپ قاراپ:

— سەن مۇساپىر يېتىمچى بولغانلىقىڭدىن، باشقىلارنى بىلمەسلىكىڭنىڭ ئورنى بار، لېكىن كېرەك يوق، بازار بېگىنى بىلگىنىڭنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك، — دېدى.

ئۇنىڭ سۆزىدىن بازار بېگىنىلا بىلىۋالسا ئۇنىڭغا چېتىلىدىغان ھەمتاۋاقلارنى ياكى پاكىتلار ئارقىلىق ياكى مۇناسىۋەت يىپى ئارقىلىق تاپىدىغانلىقىنى چۈشەندىم. تۇڭچى ماڭا كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ ئالىيىپ قارىدى. ئەمدى دىققىتىمنى ئامبالنىڭ يېڭى سوئالى جەلپ قىلدى:

— سەن نېمىشقا قىزنى قايتۇرۇپ ئەكىلىپ قويغانلىقىڭنى، بۇنىڭدىكى مۇددىئايىڭنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېيتىدىكەنسەن، — دېدى تۇڭچى تەرجىمە قىلىپ.

— مەن خۇدا يولىدا ئۆزۈمنى دەرۋىشلىككە بېغىشلىغان ئادەم ئىدىم. بۇلاڭچىلىق، ئوغرىلىق دېگەن ئىشلار ئەقىدەمگە ماس كەلمەيدۇ...

ئولتۇرغانلار سۆزۈمگە ئىشەندىمۇ يوق، بۇنى بىلگىلى بولمايتتى.



كولاپ سورىسا بىر مۇنچە ئېنىقسىزلىقلارنى تاپقىلى بولىدىغان بۇ سۆزۈم ئۇلارنى قايمۇقتۇرۇپ قويىدى بولغاي، بىر - بىرىگە قارىشىپ قويۇشتىيۇ، يېڭى سوئال قويۇشمىدى. ئامبال ئىككى تەرىپىدە ئولتۇرغانلارغا بىر نېمىلەرنى دېدى. ساقچى باشلىقى ئابلىمىت دامولىنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى دەپ كۇسۇرلىدى. ئابلىمىت دامولا مەندىن كۆزىنى ئۈزمەي ئاڭلىدى ۋە كېيىن ماڭا:

— ئامبال دارىنغا ھەشقاللا ئېيت، ئۇ سېنى شەھەرگە ئاپىرىپ سولاقتا ئېلىشتىن كەچۈرۈم قىلدى. ئەمدى ھۇزۇرۇمدا چاكارلىقتا قالىسەن، — دېدى.

ئۇلار ئاڭلىغۇدەك ئاۋازدا: «رەھمەت» دەپ قويدۇم.

— قايسىڭلار بار؟ — دەپ توۋلىدى ئابلىمىت دامولا سىرتقا بۇيۇنداپ قاراپ، — ماۋۇنى باشلاپ چىقىپ، قورسىقىغا بىر نېمە بېرىڭلار! — ئۇ ماڭا بۇرۇلۇپ قاراپ قولىنى سىلكىدى، — بولدى چىقىپ قورسىقىڭنى تويغۇزۇپ، ئىشنى قولۇڭغا ئال.

مېنى ئىككى ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقتا بېشىغا ئاق شاپاق دوپپا، ئۈستىگە ئالدى ئوچۇق، پېشى تىزىغا يېتىدىغان كىرلەشكەن بوز يەكتەك كىيگەن، يالاڭ ئاياغ پۇتلىرى يېرىلغان، شاپ بۇرۇت، ئاق يۈز، ئېگىز بويلۇق بىرى ئىشارەت بىلەن كەينىدىن مېڭىشقا بۇيرۇدى. مەن ئۈچۈن ناتونۇش بىر ئارىلىقتىن ئۆتۈپ، ئىككى موچە كەڭلىكتىكى بىر ھويلىغا چىقتۇق. ھويلىنىڭ چۆرىسىنى بويلاپ سوقما تاملىق پاكار ئۆيلەر سېلىنغانىدى. بىر تەرەپتە ئېگىز يېپىلغان ئاتخانا كۆزگە چېلىقاتتى. ئاتخانىنىڭ ئۈستىدىكى لاپاسقا ئۆتكەن يىلقى كونا بېدىلەر پەۋەس بېسىۋېتىلگەنىدى.

— مەن مەدىكار، چاكارلارنىڭ باشلىقى، — دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى ئاق يۈزلۈك، ئېگىز بويى پەخىرلىك ئاڭدا، — ئەمدى سېنى مەن باشقۇرىمەن، سىزىقىمدىن چىقماي ئوبدان ئىشلىسەڭ پايدىسىنى كۆرىسەن.

ئۇ مېنى بىر ئۆينىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ، تۇرۇپ تۇرۇشۇمنى ئىشارەت قىلدى. ئۆزى ئۆيگە كىرىپ كېتىپ، بىر ھېجىر ۋە بىر زاغرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ماڭا تۇتقۇزدى ۋە «كەينىمدىن ماڭ» دېگەندەك قىلىپ ھويلىنىڭ باشقا بىر بۇرجىكىگە باشلاپ باردى.

— مۇشۇ ئۆيدە يېتىپ، قوپىسەن، — ئۇ ئىشىكنىڭ پەسلىكىدىن ئېڭىشىپ كىرىشكە توغرا كېلىدىغان بىر ئۆينى كۆرسەتتى، — ھېجىر ئەمدى ساڭا تەئەللۇق، كۈن بۇ چاغقا كەلگەندە چاي نەدە؟ ھېجىرىڭنى ئەكىرىپ قويۇپ چىق. ئېتىزلىققا بارىمىز، قورسىقىڭنى كۆل بويىدا بىر نېمە قىلارسەن.

مەن ئېڭىشىپ ئۆيگە كىردىم. ئۆينىڭ تورۇسىمۇ ئىشىككە لايىق پەس يېپىلغان، بادىرلار ۋە قومۇشلار قاپقارا ئىس، تورلار بىلەن قاپلانغانىدى. قوپال، چالا سۇۋالغان تاملىرىمۇ قارا ئىدى. ئۆينىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىغا سۇپا باغلانغان بولۇپ، ئۈستىگە رەڭگىنى ئايرىۋالغىلى بولمايدىغان، توپا تۆكۈۋەتكەندەك بىلىنىدىغان يىرتىق كىگىز سېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا بىسات يوق ئىدى. ئىشىكنىڭ بىر تەرىپىدىكى تامنىڭ بۇلۇڭىغا قېقىلغان ئىككى قوزۇقنىڭ ئۈستىدىكى نېپىز شالغا ئالتە ھېجىر قويۇلغانىدى. مەنمۇ ھېجىرنى شۇلارنىڭ قاتارىغا قويدۇم ۋە ئىچىمدە: «دېمەك، بۇ ئۆيدە مەندىن باشقا يەنە ئالتە چاكار بار ئىكەن-دە» دەپ ئويلىدىم.

سىرتقا قايتىپ چىققىنىمدا، چاكارلارنىڭ باشلىقى ھېچنېمە دېمەيلا باشلاپ ئاتخانا تەرەپكە ماڭدى. ئاتخانىنىڭ ئۇدۇلىدىكى كىچىك بىر سەيناچاقنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئىككى ئات ھارۋىسى قاتارلىشىپ ئۆتەلىگۇدەك ئېگىز بىر دەرۋازا تۇراتتى. دەرۋازىنىڭ كەڭ ۋە ئېگىزلىكىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ قىغ ئۇسۇلغان ھارۋىلارنىڭ چىقىشى، بېدە ۋە باشقا نەرسىلەر بېسىلغان ھارۋىلارنىڭ كىرىشىگە ماسلاشتۇرۇلغانلىقىنى بىلىش مۇمكىن ئىدى. پىيادە كىشىلەرنىڭ كىرىپ - چىقىشى ئۈچۈن دەرۋازا قانىتىنىڭ بىرىگە بىر قاناتلىق كىچىك ئىشىكمۇ ئېچىلغان بولۇپ، شۇ تاپتا بۇ ئىشىك ئىچىدىن زەنجىرلەكلىك ئىدى. چاكارلار باشلىقى ئۆزى كىچىك ئىشىك-



نىڭ يېنىغا بېرىپ تۇرۇپ:

— ئاۋۇ ئۆيدە سايمان بار، ياخشىراق كەتمەندىن بىرنى ئېلىپ چىق، — دەپ بۇيرۇدى.

ئۇ كۆرسەتكەن ئۆي ئىشىكى يوق، ئۈستى ئوچۇق ئۆي بولۇپ، ئىچىدە دېھقانچىلىققا لازىمەتلىك جىمى سايمانلار بار ئىدى. بەش قوللۇق، تۆت قوللۇق ئارىلار، چالما چوقۇيدىغان توقماقلار، ساپان چىشلىرى، سۆرەم ۋە كەتمەن، كۈرجەكلەر قالايمىقان دۆۋىلەكلىك تۇراتتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ھەممىسى كونا، بۇزۇلغان - سۇنغان ياكى پەقەت ئىشلەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئىدى. مەن «ياخشىراق كەتمەن» تېپىش ئۈچۈن خېلى ھەرىكەت قىلىپ، تەرلەپ - پىشىپ دېگۈدەك سايمانلارنى ئۇياقتىن - بۇياققا يۆتكەپ چىقتىم. ئاخىر «ياخشىراق» كۆرۈنگەن بىر كەتمەننى تاللىدىم. بۇ كەتمەنمۇ بىسى يېتىپ كەتكەن، يۈزىنى دات باسقان، سېپى قوپال بولۇپ، ئىشلەتمىگىلى كەم بولغاندىمۇ ئۈچ - تۆت يىل بولغاندەك كۆرۈنەتتى.

چاكارلار باشلىقى تاللىغان كەتمىنىمگە مەنسىتمەسلىك بىلەن قاراپ قويغاندىن كېيىن:

— بۇنىڭدىن كېيىن تېز - تېز ھەرىكەت قىلىشنى ئۆگەن، — دېدى قورغاق، قوپال ئاھاڭدا، — بۇ يەردە مېھمانلايدىغان ئىش يوق، ھەممە چاكارلارنىڭ ۋەزىپە - چېمى بار. ئورۇنلاپ بولالمساڭ كالتەك يەيسەن.

ئۇنىڭ ئادەتلىنىپ كەتكەن قوپاللىقىغا بىر نېمە دەپ رەددىيە بېرىشنى ئويلىغان بولسامۇ، گەپ قىلىشتىن ئۆزۈمنى تارتتىم. شۇنداقتىمۇ، ياۋاش كۆرۈپ، بوزەك ئېتىۋەرمەسلىككە ئاگاھلاندۇرۇش تەرىقىسىدە ھومىيىپ قويدۇم. بۇ ھومىيىشىم ئۇنىڭ دىققىتىدىن چەتتە قالمىدى. ئۇ ماڭا خېلى ئەجەبلىنىپ قارىدى. ئەمما دەرھاللا گەپ - سۆز ياكى ھەرىكەت بىلەن ئىنكاس قايتۇرماي قاپىقىنى تۈردى.

ئۇ مېنى دائىرىسى خېلى كەڭرى بىر قورۇنىڭ كەينىدىكى توپىلىق يول بىلەن باشلاپ مېڭىپ، بەش - ئالتىدەك ئادەم ئىشلەۋاتقان قوغۇنلۇققا

ئېلىپ كەلدى.

— قوغۇنلۇقنىڭ چۆنىكىنى ئويسەن، — دېدى ئۇ ئارقاقلىرى كەڭ ئېلىنغان، سويما سالغان كۆزلۈك قوغۇن پەلەكلىرى يەر بېتىنى پۈتۈنلەي يېپىپ كەتكەن قوغۇنلۇقنىڭ چۆنىكىنى كۆرسىتىپ، — بىر كۈنلۈك چام ئون ئالتە چۆنەك، بىر يېرىم گەز چوڭقۇرلۇقتا ئويسەن...

ئۇ دېگەن «چۆنەكلىك چام» ماڭا ئورۇنلىغىلى بولمايدىغاندەك كۆرۈندى. چۈنكى، بىر چۆنەكنىڭ ئۇزۇنلۇقى مۆلچەرلىگەندىمۇ يۈز قەدەمچە ئۇزۇنلۇقتا كېلەتتى. قوغۇنلۇقتا چۆنەك چېپىۋاتقان ئالتە كىشىنىڭ بىر-بىرى بىلەن بولغان ئارىلىقىنىڭ خېلى يىراق ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلدىم. بۇ ئۇلارنىڭ «چام» نى ئورۇنلاش ئۈچۈن دائىرە بۆلۈشۈۋالغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى. ماڭا، بۇ ئىشنى مەن قىلالمايدىغاندەك تۇيۇلدى. مەن ئون يىلدىن ئارتۇق سەرسانچىلىق ھاياتىمدا قىلمىغان ئىشلىرىم ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، دېھقانچىلىق قىلىپ باقمىغان، يەنە كېلىپ چۆنەك چېپىشتەك بۇنداق ئېغىر ئىشنى قىلىپ باقمىغانىدىم. بۇ ئىش ماڭا شۇ سەۋەبتىن ئېغىر تۇيۇلاتتىكى، مەندە ئەمدى بىر چېتى كۆرۈنمەس ئېتىزلارنىڭ قىرىدىن ھالقىپ ئۆز ئەركىنلىكىمگە ئېرىشىشىنىڭ ئىمكانىيىتى قالمىغاندەك بىلىنمەكتە ئىدى. ئۈمىدسىزلىك قورساق ئاچلىقىنى تېخىمۇ بىلدۈرۈپ مېنى ھالسىزلىتىپ قويۇۋاتاتتى.

— قېنى، ئىشقا چۈش! چۆنەكنىڭ لېۋىنى ئارقاقتىكى پەلەك ياپمىغان يەرگە ئالسەن، — دەپ بۇيرۇدى چاكارلار باشلىقى.

— قورساقنى نەدە تويغۇزغىلى بولىدىغانلىقىنى بىر كۆرسەم بولامدىكىن؟ — دېدىم مەن تەنە بىلەن، — مۇنۇ زاغرىنى ئەمدىگۈدەك سۇ نەدە بار؟

نان بىلەن سۇدا قورساق تويغۇزۇش چاكارلار باشلىقىنىڭ ئۆز تەكلىپى بولغاچقىمۇ، ئۇ سۆزلىرىمدىن خۇشال بولمىغان بولسىمۇ خاپا بولۇپ كەتمىدى ۋە بىز تۇرغان قىرنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن بىرەر-ئىككى يۈز غۇلاچچە يىراقلىقتىكى بىرنەچچە توپ غۇژمەك ئۆسكەن پاكار سېرىق



سۆگەتنى كۆرسىتىپ:

— ئاشۇ يەردە كۆل بار، قورساقنىمۇ تويغۇز، چامنىمۇ ئۇنتۇپ قالما! — دېدى.

كەتمەننى مۈرەمگە ئېلىپ سۆگەت بار جايدىكى كۆل بويىغا كەتتىم. كۆل چوڭقۇر، سۈيى سۈزۈك لېكىن كىچىك ئىدى. سۇ بېتىدە ئوت-خەشەكلەر، لەشلەر ۋە قىر بويىدا قومۇشلار لەيلەپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئارىلىرىدا كىچىك پاقىلار غەمسىز سەكرىشىپ يۈرەتتى. ئەمما، چۆرىسىدىكى سۆگەتلەرنىڭ سايىسىدە تۇرغان كۆل بارغانسېرى ئىسسىۋاتقان دالادا مۇزدەك سالقىنلىق تارقىتىۋاتقان بىردىنبىر مەنبە بولۇپمۇ بىلىنەتتى. مەن تېخى بىر كەتمەننىمۇ سالمىغىنىمغا قارىماي، ئۆزۈمدە ناھايىتى ھارغىنلىق سەزدىم ۋە كۆل بويىغا ئۆزۈمنى تاشلاپ بىرنەچچە ئوچۇم سۇ ئىچتىم. سۇ ئۆزىنىڭ رەڭگى ۋە تەسىرىگە ئوخشىمايدىغان بىر ھالدا ئىلمان ئىدى. قورسىقىم ئاچ بولغاچقا ئۇ يەنە بېشىمنى قايدۇردى. مەن زاغرىنى قاساپ يېيىشكە كىرىشتىم.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

مەن بۇرۇلۇپ، قىرىق ياشلاردىن ئاشقان، كۆڭلەك-ئىشتىنىنىڭ كونىلىقىدىن بەدەنلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، ساقال-بۇرۇتلىرى ئۆسۈك پاكار بىر كىشىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ ئۈستىۋېشىنىڭ تۆكۈلۈپ تۇرغىنىغا، يۈزىنىڭ توپا تەردىن مەينەتلىشىپ كەتكىنىگە قارشى ھالدا ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرى مېھرىبانلارچە كۈلۈمسىرەپ تىكىلەتتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — جاۋاب سالامدىن كېيىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈردۈم.

ئۇ ئاۋۋال ئېگىلىشىپ، ئوچۇمىنى تولدۇرۇپ-تولدۇرۇپ سۇ ئىچتى. ئاندىن چاچلىرى ئۆسۈك بېشىدىن قاپقارا ياغلىشىپ كەتكەن شاپاق دوپپىسىنى ئېلىپ پېشانىسىنى سۈرتتى. ئېغىز-بۇرنىنى بولسا دوپپا تۇتقان قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەنلا ئېرتىۋېتىپ، كۈلۈمسىرىگىنىچە:

— ئۆزلىرىنى نەدىن سورايمىزكىن؟ — دېدى.

مەن بۇ مۈرەككەپ جاۋاب بېرىشكە قىستايدىغان سوئالدىن

ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ :

— بازار بېگىنىڭ ھاشىرىغا تۇتۇلغانىدىم ، ئەمدى قوغۇنلۇقتا ئۆزۈمنى كۆرۈۋاتىمەنغۇ - تاڭ ! — دېدىم .

جاۋابىم ئۇنى قانائەتلەندۈرەلمەيدىغانلىقى ئېنىق ئىدى . لېكىن ، ئۇ بۇنىڭغا ئېتىبار بەرمەيدىغاندەك قىلاتتى .

— مېنىڭ ئېتىم ياقۇپ ، ئۆزۈم ئەسلى ئاقسۇ ئاۋاتتىن ، — دېدى ئۇ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ ، — قورساقنىڭ غېمىدە ئېشەكچىلەرگە قوشۇلۇپ بۇ تەرەپلەرگە كېلىپ قالغىلى ئىككى يىل بولدى . . .

ئۇنىڭ ئاھاڭىدا چوڭقۇر ھەسرەت ۋە مۇڭ بارلىقىغا دىققەت قىلدىم . ئۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن « ئېشەكچىلىك » قىلىۋەرمەي ئابلىمىت داموللىنىڭ قوغۇنلۇقىدا يۇرگەنلىكىنى سورىماقچى بولدۇمۇ يەنە تىلىمنى تىيىدىم . ئەگەر ئۇ بېشىغا كەلگەنلىرىنى سۆزلەپ بولۇپ ، سوئالىمنى ئۆزۈمگە قايتۇرسا جاۋاب بەرمىكىم مۇشكۇللىشەتتى . بەختكە يارىشا ئۇ سۆز ماۋزۇسىنى يۆتكىدى :

— ساۋۇت قوتۇرنىڭ قورقىتىشلىرىغا « ھە » دەپ قويسىلىلا بولىدۇ ، — دېدى ئۇ . ئۇنىڭ « ساۋۇت قوتۇر » دېگىنى چاكارلار باشلىقى — باياتىن ماڭا ئىش بۇيرۇغان ئات يۈز ئىكەنلىكىنى پەملىدىم ، — ئۇمۇ بىر چاكار ، ئىش بۇيرۇغان ، بىزنى باشقۇرغان بولۇپ ، جان بېقىشنىڭ كويىدا يۈرىدىغان لامزەللە . . . ئىش قىلغان بولۇپ چۆنەك ئىچىدىن چىقماي ، ئۆزىمىزنى بەك ئۇپرىتىۋەتمەي ، جاھانغا بېقىپ ئىش تۇتساق ھېچنەرسە قىلالمايدۇ . يېتىۋالمىساقلا چېقىشتۇرىدىغان دەسمىگە ئېرىشەلمەيدۇ . . .

ئۇنىڭ « سالام ئەلەيكۇم » دېيىشە - دېيىشمەيلا ماڭا بۇنداق تەرغىبات يۈرگۈزۈۋاتقىنىغا خېلىلا ئەجەبلىنىپ كۆزىگە قارىدىم . ئۇ ماڭا قارىمايتتى . ئەمما ، مېنىڭ پىكىرلىرىم ئىچىگە شۇڭغۇپ كىردى .

— سىلىنىڭ بۇ يەرگە قانداق بولۇپ كېلىپ قالغانلىقلىرىنى بىلىپ بولدۇق ، — دېدى ئۇ بەخىرامان ھالدا ، — بىز سىلىنى چېقىشتۇرۇپ قويىدۇ دەپ ئەنسىرىمەيمىز . . . مېنىڭ گەپلىرىم ئۆزلىرىگە پايدىلىق ،



ئۆزىنى ئالدۇرۇپ قويمىسۇن دېگەن گەپ . . .

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا ئورنىدىن تۇرۇپ ، ماڭا ئاچچىق تەر پۇرىقى بىلەن قوپقان چاغدا كۆتۈرۈلگەن چاڭنى قالدۇرۇپ كېتىپ قالدى . پىشمىغان زاغرىنى قاساپ يېگىنىمچە ئۇنىڭ سۆزلىرى ئۈستىدە ئەمەس ، ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىپ قالدىم . ئۇنىڭ سۆزى مەيلى قايسى نۇقتىدىن ، قانداق نىيەتتە دېگەن بولسۇن ، ماڭا زىيانلىق ئەمەس ئىدى . لېكىن ئۇنىڭ ئۆزىچۇ ؟ ئۇنىڭ ئۆزى بۇ يەردىن بىر ئامال قىلىپ قۇتۇلۇپ كېتىشىمگە ياردەم بېرىش جۈرئىتىگە ئىگىمىدۇ ياكى مېنى « ئۆزىنى ئۇپراتماي » ، بەرگەنگە شۈكۈر قىلىپ ، مۇشۇ يەردە ئەبەدىي ئىشلەپ قالسۇن دەمدىغاندۇ ؟ ئەگەر مەن بۇ يەردىن قېچىپ كېتىشنى باشلاپ ئوتتۇرىغا قويسام ئۇ ھەيران بولۇپ ، كۆزىنى چەكچەيتەمدىغاندۇ ياكى قورقۇپ ئاغزىنى ئېچىپ قالامدىغاندۇ ؟

مەن بۇ سوئاللارغا دەماللىققا جاۋاب بەرگىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنەتتىم . نېمىلا بولمىسۇن ھازىرچە بۇ ئىشداشلىرىمغا ياخشى مۇناسىۋەتتە بولۇش ، ئۇلارغا ھېسسىي جەھەتتىن يېقىنلىشىش قارارىغا كەلدىم .

ئىش ئۈستىدە پاراڭلىشىش ، ھال - ئەھۋال سورىشىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . چۈنكى ، قەستەن قىلغاندەك بىزنىڭ بىر - بىرىمىز بىلەن بولغان ئارىلىقىمىز يىراق ، گەپلىشىش ئۈچۈن ۋارقىراشقا توغرا كېلەتتى . مېنىڭ باشقا بەش ھەمراھىممۇ گويا مەن بۇ يەردە يوقتەك ماڭا قاراپ قويۇشمايتتى .

كەچقۇرۇن ئىشتىن چۈشۈش ئالدىدا ئاقسۇ ئاۋاتلىقمەن دېگەن ياقۇپ « ساۋۇت قوتۇر » دەپ تونۇشتۇرغان چاكارلار باشلىقى ھەممەيلەننىڭ ئىشىنى تەكشۈرۈپ چىقتى . ماڭا كەلگەندە :

— بۈگۈن بىر نەنچىدىن ئىشقا كېچىكىپ چۈشتۈڭ ساقال . ئىككىنەنچىدىن ، يېڭىياچىلىقنىڭ ھۆرمىتى ، ئۈچىنەنچىدىن ، كەتمەننىڭ سېپىنى تۇتۇپ باقمىغان ئۇماچ بەندىسىدەك قىلىسەن ، شۇڭا كەچۈردۈم ، — دېدى قاپىقىنى تۈرۈپ .

باشقىلار ماڭا يەر ئاستىدىن قارىشىپ قويۇپ كېتىۋەردى. مەنمۇ ھېچقانداق گەپ - سۆزسىزلا ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگەشتىم. ساۋۇت قوتۇر ھەممىمىزنىڭ كەينىدىن ماڭدى. قورۇغا قايتىپ كېلىپ، ياتاق ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدا تۇرغان سوغىنى كۆردۈم. ئۇنىڭدا سوۋۇپ قالغان سۇيۇق ئۇماچ بار ئىدى.

ساۋۇت قوتۇر ياغاچ چۆمۈچنى ئالدى. تاماق تەقسىم قىلىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى زور ئابرويدەك سالاپەت بىلەن ئۈنىنى توم چىقىرىپ:

— قېنى، بىر - بىرلەپ كېلىڭلار، — دېدى.

بۇ ئۇماچ بۈگۈنكى ئىككىنچى ۋە ئاخىرقى قېتىملىق تاماق ئىدى. يازنىڭ بۇنداق ئۇزۇن كۈنىدە، مەن جېنىمدا ھەممىدىن كېيىن يېگەن زاغرىنى ئۇنتۇپ قالايلا دېگەنىدىم. ئاچلىقتىن ماغدۇرۇم قالمىغانىدى. باشقا ھەمراھلىرىم ھېجىر تاۋاقلىرىنى سوغا ئەتراپىدا تۇتۇپ تۇرۇشتى. سوۋۇپ قالغان ئۇماچ ئۈچۈن قوشۇق كەتمەيتتى، سۇيۇق بولغانلىقتىن سۇ ئوتلىغاندەكلا ئىچكىلى بولاتتى. ھەر بىرىمىز ئىككى ھېجىردىن ئۇماچ ئىچكەن بولساقمۇ، شەخسەن ماڭا پۇچۇق زاغرا يېگەنچىلىك تەسىر قىلمىدى. باشقا ھەمراھلىرىمنىڭ چىرايىدىنمۇ قانائەتسىزلىك، ئاچلىق ۋە ئۈمىدسىزلەنگەندە ئىپادىلىنىدىغان مەيۈسلۈك چىقىپ تۇراتتى. مەن ياقۇپنىڭ ماڭا دېگەن سۆزلىرىنى ئەسلىدىم ۋە: «ئاگاھلاندۇرۇشسىزمۇ كۆچەپ ئىشلىگىلى بولمايدىغۇ؟» دەپ ئويلىدىم.

— ياقۇپ، سوغا بىلەن قاچىلارنى يۇيۇش نۆۋىتى ساڭا كەلدىغۇ دەيمەن؟ — دېدى ساۋۇت قوتۇر ياقۇپقا قاراپ.

— شۇنداق تەقسىر، — دېدى ياقۇپ سەل ئېگىلىپ.

ساۋۇتنىڭ ئۆزىمۇ ئالاھىدە زات بولماي، چاكارلار قاتارىدىكى ئادەم بولغانلىقتىن ھەم ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى ئۆزى بىلگەنلىكتىن بولسا كېرەك، ياقۇپنىڭ «تەقسىر» دەپ ئاتىشىدىن كىنايە سەزدى بولغاي، قاتاڭغۇ چىرايىنى ئاچچىق بىلەن پۈرۈشتۈردى. ئەمما ياقۇپقا ئالىيىپ قويۇش بىلەن كۇپايىلەندى.



— ئەتە كەچلىك نۆۋەت سېنىڭ، — دېدى ساۋۇت ماڭا قىيا قاراپ، — سوغا بىلەن ھېجىر تاۋاقلارنى يۇيۇش تالىشىدىغان ئىش. قورساقنىڭ كەم قالغان بۇلۇڭلىرىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولىدۇ.

مەن گەپ قىلمىدىم. شۇ تاپتا ياقۇپ سوغىنىڭ چۆرىلىرىنى، ئىچىنى ياغاچ چۆمۈچ بىلەن قىرىپ يالىماقتا ئىدى. باشقا چاكارلار بوۋايلاردەك مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ ياقۇپقا تىكىلىشكەنىدى.

— چاچ - ساقاللىرىڭنى ئالدۇرۇۋەتسەڭمىكىن، — ساۋۇت ماڭا ئەمدى ئۈنىنى سىپايە چىقىرىپ مۇراجىئەت قىلدى، — ئۆزۈم چۈشۈرۈپ قوياي...

— تۇرۇۋەرسۇن، — مەقسەتسىزلا رەت قىلدىم ئۇنىڭ تەكلىپىنى.

ساۋۇت ماڭا بىر ئالىيىپ قويۇپ:

— ئۇنداقتا گۆرۈڭگە ئېلىپ كەت! — دېدى.

مەن گەپ - سۆز قىلمىدىم. تام تۈۋىدە ئولتۇرۇشقان چاكارلار ماڭا ئەمەس، ساۋۇتقا قاراپ قويۇشتى.

جىملىق ئۇزاققا سوزۇلمىدى. قاراڭغۇ چۈشۈۋاتاتتى. چاكارلارنىڭ بەزىسى ھارغىنلىقتىن تامغا يۆلەنگىنىچە ئۇيقۇغا چۆككەنىدى. ئۇخلىمىغانلارمۇ يا پاراڭ قىلىشمايتتى ياكى ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشمايتتى. ئېغىر تىنىش ۋە چىۋىنلەرنىڭ گىژىلدىغان ئاۋازىدىن باشقا جىملىقنى بۇزىدىغان تاۋۇش يوق ئىدى. بۇنداق بۇرۇقتۇرمىلىقنىڭ سەۋەبى ئەمگەكتىن چېقىلىپ كەتكەنلىكتىنمۇ ياكى بۇ يەردە ساۋۇت قوتۇرنىڭ مىختەك ئولتۇرۇۋالغانلىقىدىنمۇ، بىلگىلى بولمايتتى.

— ئۇخلاڭلار، ئەتە سەھەر تۇرىدىغان گەپ، — دېدى بىر ھازادىن كېيىن ساۋۇت.

ئۇنىڭ بۇ بۇيرۇقى ياقۇپ سوغا بىلەن ھېجىرلارنى ھويلىنىڭ بىر بۇرجىكىدىكى قۇدۇق بېشىدا يۇيۇپ بولۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بېرىلگەنلىكىگە دىققەت قىلدىم. ئۇنىڭ ئاۋازى ئاياغلىشىشىغىلا چاكارلار كەينى - كەينىدىن ئۆيگە كىرىپ كېتىشتى. ساۋۇت ماڭا ئاتايىن بۇيرۇق بەرمىگەن بولسىمۇ كۆزۈمگە قادىلىپ قاراپ قويدى. مەنمۇ ئۆيگە كىردىم.

ئۆي ئىچى قاراڭغۇلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئىشىكتىن كىرىۋاتقان غۇۋا يورۇقتا چاكارلارنىڭ توپىلىق يەردىن پەرقى يوق كىگىز ئۈستىدە كىيىملىرى بىلەنلا سۇنايلىنىپ يېتىشقىنىنى كۆرگىلى بولاتتى. ئاياغ تەرەپ بىلەن مېڭىپ، تام تەرەپكە بېرىپ ئۆزۈمنى تاشلىدىم ۋە شۇ ئارىلىقتا ساۋۇت قوتۇرنىڭمۇ ئىشىك ئالدىدا داق يەرگە سۇنايلىنىپ سوزۇلغىنىنى كۆرۈپ قالدىم.

«گۇسوزىنىڭ ئىپلاس ھويلىسى، بازار بېگىنىڭ ھاشارخانىسىدىنمۇ دەھشەتلىكۇ بۇ، — دەپ ئويلايتتىم ئىچىمدە، — بۇ يەر تۈرمىدىنمۇ بەتتەر، تىرىك تۇرۇپ كىرىدىغان گۆر ئىكەنغۇ؟...»

بۇ خىيال مېڭەمدە ئۇزاققىچە تەكرارلىنىپ تۇردى. ئۇيقۇم كېلىپ، كۆزۈمنى ئاچالمايتتىم. ئەمما ھېچ ئۇخلىغاندەك تۇيۇلمايتتى. تورۇستىن، تاملاردىن يامغۇر چۈشۈۋاتقاندەك تەسىر قىلىپ، پۈتۈن بەدىنىمنى بۈرگىلەر چېقىپ قىينايتتى. ساۋۇت قوتۇر پاشىلارغا قارشى ياققان سامانىدىن چىققان تۈتۈن تار، پاكار ئۆينىڭ ئىچىگە توشۇپ كەتكەن بولۇپ، دىماغنى ئېچىشتۇرۇپ، نەپەسنى بوغاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنى شۇ قەدەر بىزار قىلىپ قىيىنغىنى بىلەن ھەمراھلىرىم خورەك تارتىپ بەھۇزۇر ئۇخلىشىۋاتاتتى. ئۇلار ئېغىر ئىشقىمۇ، كۈندە بېرىلىدىغان زاغرا بىلەن سۇيۇق ئۇماچقىمۇ، بىر-بىرى بىلەن سۆزلەشمەي گاچىدەك ياشاشقىمۇ، بۈرگە، چىۋىن، پاشىلارنىڭ قىيناشلىرى ۋە ئىس-تۈتەككىمۇ كۆنۈپ كېتىشكەنىدى. مېنى ھەيران قالدۇرغان يەنە بىر ئەھۋال شۇ ئىدىكى، داموللا نامى بار كىشىنىڭ چاكارلىرى تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھېچ قايسىسى ئۇماچتىن ئىلگىرى قول يۇيۇشمىدى، «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم» دېمىدى، غىزادىن كېيىن دۇئا قىلىشمىدى، ناماز توغرىسىدا بولسا بىرەر ئېغىز گەپ-سۆزنى چاكارلارنىڭ باشلىقى بولغان ساۋۇت قوتۇرمۇ ئېيتمىغانىدى.

ئەتىسى كەچكىچە يەنە چۈنەك چېپىش بىلەن ئۆتتى. بىز يەتتە چاكارنىڭ ئەھۋالى تۈنۈگۈنكىدەكلا بولدى. كەچلىك ئۇماچ ئالدىدا مەن چىدىيالماي ئادەتنى بۇزدۇم.



— بىز ئەھلى مۇسۇلمانلاردىن يارانلار، تائامدىن ئاۋۋال قول يۇيۇش، تائامدىن كېيىن دۇئا قىلماق نەبىلەردىن قالغان سۈننەت...

— بۇ يەر خانىقا ئەمەس سوپۇم، — سۆزۈمنى قوپاللىق بىلەن بۆلدى ساۋۇت قوتۇر، — جانابلىرىمۇ ئىماملىققا كەلمىگەن، بۇ يەردىكى ئىشلارنى دۇئا-تىلاۋەت بىلەن ئەمەس، ئەمگەك بىلەن تۈگەتكىلى بولىدۇ.

بۇ كىچىككىنە «توپىلاك» نى نېمىشقا قوزغىغانلىقىمنى بىلمەيتتىم. ئەمما، ئىككى كۈندۈز، بىر كېچىلىك قىسقا ئارىلىقتا بۇ مۇھىتقا كۆنۈش مۇمكىن ئەمەسلىكى، قەشقەرگە قايتىش، بۇۋىسارەمنى تېپىش ئۈستىدە تېخىمۇ سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەسلىكىلا يۈرىكىمنى چايان چاققاندەك ئېچىشتۇراتتى. مۇشۇنداق ئۆتتۈرسەم جىسمانىي جەھەتتىن خاراب بولۇشتىن ئاۋۋال روھىي جەھەتتىن تۈگىشىپ كېتىدىغانلىقىمنى، سارڭ بولمىغاندىمۇ ئەقلىمدىن ئادىشىپ قالىدىغانلىقىمنى تۇيغانىدىم. مەن ئۈچۈن نېمە بولسا بولسۇن بىر ۋەقە بولۇشى، ئىش تېرىلىشى، مۆجىزە خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش يۈز بېرىشى كېرەك ئىدى. مۇنداق ئۆزگىرىش، مەيلى ئۇ ماڭا زىيانلىق ئاقىۋەت ئېلىپ كەلگەندىمۇ يۈز بەرسىلا بولاتتى.

— سەن مۇسۇلمانمۇ، ئەمەسمۇ؟ — ساۋۇت قوتۇرنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ باردىم، — ئاللاھنىڭ بىر ۋە بارلىقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرھەق پەيغەمبەرلىكىگە ئىشىنەمسەن، يوق؟

ئاتلاپ ئۆتكىلى بولمايدىغان بۇ پاسىلدىن ساۋۇت قوتۇرمۇ ئۆتەلمەي تېپىچەكلىدى. ئۇ:

— سەن... سەن... — دېگىنىچە دۇدۇقلاپ كەتتى.

ئۇمۇ، مەنمۇ ئەتراپتا تۇرغان چاكارلارغا «مەن تەرەپ بولۇڭلار» مەنىسىدە قارىدۇق. چاكارلار بۇ تاسادىپىيلىقتىن نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالغانىدى. ئۇلارنىڭ ئەلۋەتتە مەن تەرەپ بولغۇسى كېلەتتى. بىر كۈندە بەش قېتىم ناماز ئوقۇش، ئۇلار ئۈچۈن ئېيتقاندا مۇقەددەس مۇسۇلمانچىلىقنى ساقلاشنىڭ بەلگىسىلا ئەمەس، ئىش ئارىلىقىدا ئارام ئې-

لىشنىڭمۇ ئوبدان پۇرسىتى ئىدى. ئەمما، ساۋۇت قوتۇر ھۆكۈمرانلىقنىڭ بەلگىسى ئىدى. ئۇ قوللىمىغان، رازى بولمىغانىكەن، دېمەك خوجايىنمۇ رازى بولماسلىقى تۇرغان گەپ ئىدى. مەن ھۇجۇمنى داۋاملاشتۇردۇم:

— ئابلىمىت داموللامنىڭ ئۆزى دىنىي ئىسلامنىڭ مۆتىۋەر ئۆلىماسى، ئۇ ئەھلى مۇسۇلمانلارنى ئاللاھنىڭ پەرزىنى، رۇسۇلىللانىڭ سۈننىتىنى ئادا قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلسا قىلدۇكى، توسمايدۇ...

— ۋەز خانلىق قىلما ئۇماچ قەلەندەرى، — ساۋۇت قوتۇر بوش كەلمەيتتى، — مېنىڭ سەنلەرگە بۇيرۇۋاتقانلىرىمنىڭ ھەممىسى داموللامنىڭ ئەمرى. «پەرىز» بىلەن «سۈننەت» نى ئۇ زات سەندىن ياخشى بىلىدۇ. چاكار ئۈچۈن ئىشلەشنىڭ ئۆزى مۇسۇلمانچىلىق، دېگەن ئۇ...

— يالغان، — خوجايىنىنىڭ شۇنداق دېيىشى مۇمكىنلىكىگە ئىشەنگەن بولسامۇ يان بەرگۈم كەلمەيتتى، — ئورنىدىن تۇرالمىغۇدەك دەرىجىگە يەتكەن مۇسۇلمانلار نامازدىن پارۇق. «سىيەر شېرىف» دېگەن كىتابتا رۇسۇلىللانىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلەمسەن؟

«سىيەر شېرىف» نى قەشقەردە، مەدرىستە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا كۆرگەنىدىم. شۇ تاپتا سۆزلەۋاتقانلىرىم «سىيەر شېرىف» تا بار-يوقلۇقى يادىمدا يوق، ئەمما ساۋۇت قوتۇر «كىتاب ھۆكمى» دىن چۆچۈدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ «ھۆكۈمران» لىقىنى تەۋرەتمەكچى بولغان ماڭا تەسلىم بولغۇسى يوق ئىدى.

— سەن جۇلدۇر كېپەن سارالىڭ، غەلىيان كۆتۈرمەكچىمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ۋە ئەتراپقا قاراپ، بىر بۇلۇڭدا ياتقان كەتمەن سېپىنى كۆتۈرۈپ كەلدى.

— دىنىي ئىسلام يولىدا تۆمەنلىگەن غازىلار شېھىت بولغان، — مەنمۇ چېكىنمىدىم، — ئۇۋۇد جېڭىدە رۇسۇلىللانىڭ مۇبارەك ئىككى چىشىمۇ شېھىت بولغان. ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسەڭ مەنمۇ شېھىتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالىمەن. قىيامەتتە خۇدا قازى بولۇپ، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام شاپائەت تەختىگە چىققاندا تىرىنقىم ياقاڭدا بولىدۇ. رۇسۇلىللانىڭ ئۆزى «ناماز ئوقۇيلى» دېگەن بىر مۇسۇلماننى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن سەن-



دەك مەلئۇندىن قىساسىمنى ئېلىپ بېرىدۇ...

ساۋۇت قوتۇرنىڭ رەڭگى ئۆڭدى. كەتمەن سېپى تۇتقان قولى بوشىشىپ، بارا-بارا كۈچسىزلىنىپ ساڭگىلاپ چۈشتى. روھىي ھۇجۇم ئۇنىڭ دىلىغا مىسلىسىز ئەنسىزلىك ۋە قورقۇنچ سالغانىدى. ئۇ ئىسلام ئىلمىدىن خەۋىرىم بارلىقىنى، خەۋىرىم بولغاندىمۇ ئۇنىڭ ياشىغان مۇھىتىدا كۆرگەن، بىلگەن موللا، ئىماملاردىن تۆۋەن ئەمەسلىكىنى، ئۆزىنىڭ بىلگەنلىرى بىلەن ماڭا روبىرو تۇرالمايدىغانلىقىنى چۈشەندى. بىرەر مىنۇتچە شۇ تەقلىدتە دېۋەيلىشىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۇ كەتمەن سېپىنى چۆرۈۋەتتى. چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىر نېمىلەرنى دەپ غودۇڭشىدى ۋە ھېچ كىمگە قارىماي ئىچكىرى ھويلا تەرەپكە مېڭىپ كەتتى.

— چىقىمغا ماڭدى، — دېدى ياقۇپ ئۇنىڭ قارىسى دوقمۇشتا يوقالغاندىن كېيىن،

— ئۆزۈڭلار ئۇسۇپ ئىچىڭلار، — دېدىم سوغىنى كۆرسىتىپ ۋە بۇ چاكارلاردىن رايىم يانغان ھالدا تامنىڭ تۈۋىدە ئولتۇردۇم.

مۇشۇ كىشىلەرنى دەپ ساۋۇت بىلەن تاقاراشقىنىمنى ئۇلار كۆرۈپ، ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ ئۇلارنىڭ بىرەرىنىڭمۇ تەرىپىمنى ئېلىپ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويمىغىنى جەھلىمنى قاتۇرغانىدى. ئەمما، بىردەمدىن كېيىن ياقۇپ ھېجىر قاچامغا لىق ئۇسۇلغان ئۇماچنى ئالدىمغا ئەكىلىپ، ئىككى قوللاپ سۇنۇپ تۇرۇپ:

— ئاشلىرىنى ئىچىۋالسىلا، — دېدى ھۆرمەت بىلەن، — ھېلىمۇ سوۋۇپ بىر نېمە بوپتۇ...

ھېجىرنى قولۇمغا ئالدىم.

ئۇماچنى ئاغزىمغا ئىچتىممۇ، بۇرنۇمغا ئىچتىممۇ، ھېچ نېمىنى ئاڭقىرالمىدىم. چاكار ھەمراھلىرىممۇ ئۈن-تىنسىز ئىدى. جىمجىتلىقنى ئۇماچ سۈمۈرگەندە چىققان تاۋۇشلار بىلەن چىۋىنلەرنىڭ گىژىلدىشى بۇزۇپ تۇراتتى. راستىنى ئېيتقاندا، مەن بىر ۋەقە بولۇشىنى كۆزلىگەن بولسامۇ ئەندىشە ئىچىدە ئىدىم. ساۋۇت قوتۇرنىڭ چىقىمى بىلەن خوجايىن داموللام ياكى چاقىرتىپ ياكى ئادەم ئەۋەتىپ ئەدىپىمنى بېر-

دىغان بولسا قانداق ئامال قىلالىشىمغا كۆزۈم يەتمەيتتى. ھەمراھلىرىمنىڭ گەپ قىلماي ئولتۇرىشىدىمۇ ئاشۇنداق بىر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىشىنى كۈتەتتى. ئۇلارنىڭ مەن «تەرەپ» بولۇپ قېلىپ، ئازار يېيىشتىن ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقى تەبىئىي ئىدى.

ئۇماچ ئىچىلىپ بولدى. سوغا، چۆمۈچ، ھېجىرلارنى قۇدۇق بېشىغا ئاپىرىپ يۇيۇپمۇ بولدۇم. شۇڭغىچە ساۋۇت قوتۇر كۆرۈنمىدى ياكى باشقا ئادەممۇ كىرمىدى. قاراڭغۇلىشىۋاتقان ئاسماندىن ئىسسىق يېغىۋاتقاندەك ھاۋا تېخىمۇ دىمىق ۋە تىنجىق بولۇپ كەتكەنىدى. ئەمدى چىۋىنلەرنىڭ ئورنىنى سانسىزلىغان پاشىلار ئىگىلىگەن، چىۋىنلەر پەقەت بىئارام قىلىپلا بولدى قىلسىمۇ، پاشىلار ھەم بىئارام قىلاتتى، ھەم چېقىپ قىينايتتى.

بۈگۈنكى دەۋايىمنىڭ «غەلىبان» ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ناماز ئوقۇش قارارىغا كەلدىم. تاھارەت ئالىدىغانغا ئىشىق تېپىلمىدى. گۈگۈم قويندا كەڭ ھويلىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىنى ئىزدەپ يۈرۈپ، سايىمان قويىدىغان ئۆينىڭ بۇلۇڭىدىن يېرىمى يېرىلغان بىر قاپاق تاپتىم. قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ ئۇنى يۇيۇپ تازىلاپ، شۇنىڭغا ئېلىنغان سۇدا تاھارەت ئالدىم. چاكار ھەمراھلىرىم تۈنۈگۈنكى ئادىتىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ئۆيگە كىرىپ كەتمەي ياكى ئىشىك ئالدىدىكى تامغا يۆلەنگىنىچە ئۇيقۇغا كىرىشمەي، ھەرىكىتىمگە سەپسېلىپ قاراپ ئولتۇرۇشتى.

نامازنى ئۇزاق ئوقۇدۇم. ھەر قېتىملىقى ئۈچۈن بىر ئەزەن ئېيتىپ ئاۋازىمنى چاكار ھەمراھلىرىم ئاڭلىغۇدەك قويۇپ بېرىپ، تۈنۈگۈنكى ۋە بۈگۈنكى بەش ۋاخ نامازنى بىر - بىرلەپ ئوقۇپ تۈگەتتىم. شۇ چاغقىچە ساۋۇت قوتۇر قايتىپ كىرمىدى.

— ئۇخلايلى يارانلار، — دېدى ئاخىر ياقۇپ ھەممىدىن ئىلگىرى ئورنىدىن تۇرۇپ، — ساۋۇتنىڭ چېقىمى ئاقمىدى بولغاي...

— داموللام يوقتۇر بەلكىم، — دېدى كىمدۇر بىرى ئۆيگە كىرىپ كېتىۋېتىپ پەس ئاۋاز بىلەن.



ھەممىنىڭ كەينىدىن كىردىم ۋە ئۇلارنىمۇ، ئۆزۈمنىمۇ بەزلەپ:

— يۇرت مۆتىۋىرى بولغان داموللام قول ئاستىدىكى چاكارلىرىنى نامازدىن توسسا ئەل - جامائەت نېمە دەر؟ — دېدىم.

تەرغىباتىمنىڭ رولى بولمىدى. چاكارلارنىڭ بەزىلىرى ئۇھ تارتىپ قويدى. بەزىلىرى سۇنايلىنىپ ياتقىنىچە خورۇلداپ ئۇيقۇغا كەتتى. خېلى بىر ھازادىن كېيىن ياقۇپ بوش ئاۋازدا:

— ساق - سالامەت تاڭغا ئۇلىشىشنى نېسىپ قىلغايسەن خۇدا... — دەپ پىچىرلىدى.

ئۇنىڭ ئەندىشىسىنى چۈشەندىم. ساۋۇت قوتۇر ياكى ئۆزى يالغۇز، ياكى خوجايىنىنىڭ غالچىلىرى بىلەن بىرلىكتە كېچىسى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما، ئۇنى كۈتۈپ ئۆرە ئولتۇرالمايتتىم. كەچكىچە ئىشلەپ ھارغان، قورساققا تويغۇدەك بىر نېمە يېمىگەنلىكتىن ھالسىزلىق پۈتۈن بەدىنىمنى قىمىر قىلالماس قىلىپ قويغانىدى. مەن ئۇخلاپ كەتتىم.

ئەتىگەنكى سالقىندا ساۋۇت قوتۇرنىڭ ئاۋازىمۇ جاراڭلىق چىقتى.

— قوپۇڭلار، ئىشقا مېڭىڭلار!...

ئۇ ئىشىك تېشىدا — ئۆز ئورنىدا ياتقانىدى. قاچان قايتىپ، قايسى ۋاقىتتا ئۇخلىغانلىقى مەلۇم بولمىسىمۇ، ئاخشام ياققان سامان قالدۇقلىرىدىن ھېلىغىچە ئىس چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قىزىرىپ ئىششىپ چىققان قاپاقلىرىغا دىققەت قىلدىم. ئۇ ھېچكىمگە قارىماي ساماندىكى ئوتلارنى دەسسەپ ئۆچۈرمەكتە ئىدى.

چاكار ھەمراھلىرىم بىر - بىرىگە قارىشىپ قويۇشتى. ياقۇپ ماڭا مەنىلىك كۆز قىسىپ قويدى. ھېچقايسىسىغا ئېتىبار بەرمەي ئالدىرىغان پېتىم قۇدۇق بېشىغا باردىم ۋە ئاخشامقى قاپاقتا سۇ تارتىپ ئېلىپ، تاھارەت ئېلىپ، بامدات نامىزى ئۈچۈن ئۈنلۈمنى قويۇپ بېرىپ ئەزەن چىللىدىم. چاكار ھەمراھلىرىم كەتمەنلىرىنى تۇتقىنىچە توختاپ قېلىشتى ۋە يەر ئاستىدىن ساۋۇت قوتۇرغا قاراشتى.

— ئەزەن ئاۋازى ئاڭلانغاندا ماڭغان بولسۇن، تۇرغان بولسۇن،

هەرقانداق كىشى ئۆلتۈرۈپ دۇرۇت ئوقۇشى كېرەك ، — دەپ ۋەز ئېيتتىم
ئۇلارغا يېقىنلىشىپ كېلىپ .

ھېچقايسىسى ئىنكاس قايتۇرمىدى . ھەممەيلەننىڭ كۆزى ساۋۇت
قوتۇردا ئىدى . ئۇ بولسا بۇتتەك قېتىپ تۇراتتى . ئۆزۈمنىڭكىنى راست
قىلىش ، ئۇنىمۇ ئارتۇقچە قىيىنماسلىق ئۈچۈن بامداتنىڭ پەرزىنى ئەڭ
قىسقا ئايەتلەر بىلەن تېزلا تاماملاپ ئورنۇمدىن تۇردۇم - دە ، كەتمىنىمنى
مۈرەمگە ئېلىپ تۇرۇپ :

— ئەنە شۇنداق ، ئىككى - ئۈچ تىنىق ئىچىدىلا تۈگەيدۇ .
رۇسۇلىللا ئىسلام دىنىدا ھەرەج تارتىش يوق ، دېگەن ، — دېدىم ئۆلـ
مالارنىڭ تەلەپپۇزى بىلەن گېلىمنى قىرىپ قويۇپ ۋە يولغا چۈشكەندىن
كېيىن سۆزۈمنى يەنە داۋاملاشتۇردۇم ، — ئۇن يېتىم يەردە سۇ بولمىسا
تەيەممۇم قىلىپ ئوقۇسىمۇ ، ئات ، ھارۋا ئۈستىدە بولۇپ قېلىپ پەسكە
چۈشۈش ئىمكانىيىتى بولمىسا ئولتۇرغان پېتى ئوقۇسىمۇ بولىۋېرىدۇ . ناماز
ئوقۇغان كىشىنىڭ روھى تېتىك ، بەدەنلىرى يەڭگىل بولىدۇ ، قىلغان
ئىشىغا بەرىكەت چاپلىشىپلا تۇرىدۇ . . .

— تەلىيىڭگە موللام يوق ئىكەن ئەبگا ، — دېدى ساۋۇت قوتۇر
بىز قوغۇنلۇققا يېتىپ بارغاندا تۇنجى قېتىم ئېغىز ئېچىپ ، — پەرز ، سۈنـ
نەت قانداقلىقىنى ، بەرىكەت نەدىلىكىنى داموللام شەھەردىن چىققاندا
بىلىپ قالىسەن ، بەدىنىڭ يەڭگىللەپ قالامدۇ ، ئېغىرلاپ قالامدۇ شۇ چاغدا
كۆرىمىز . . .

— خۇدايىم بۇيرۇسا دېگىن ، — دېدىم مەنمۇ بوش كەلمەي ، ئەمما
يۈرىكىم ئاغقاندەك بولدى ، — داموللام ئۆلىما ئادەم ، نامازنىڭ ساۋابىنى
سەن نەدىن بىلىسەن ؟

ئۇ گەپ قىلماي نېرى كەتتى . ھەممەيلەن ئۇنىڭغا قارىشىپلا
قالدۇق . چاكار ھەمراھلىرىم ئۇنى ھۆكۈمدارنىڭ ، خوجايىنىنىڭ ۋەكىلى
دەپ تونۇغانلىقى ئۈچۈن ماڭا ئاۋاز قوشمىدى . ساۋۇت بىرەر يۈز قەدەمچە
نېرى بارغاندىن كېيىن ئارقىغا بۇرۇلۇپ :

— ئەتىگەنلىك ناشتىغىچە ھەر قايسىڭ ئىككىدىن چۆنەكنى چې



پىپ بولۇشسەن ! — دەپ بۇيرۇدى ۋە كېتىپ قالدى .

مېنىڭ ئىسيانىم مەغلۇپ بولغانىدى . بىراق مەغلۇبىيەتتىن ئۆزۈمنى
قۇتۇلدۇرۇش ۋەسۋەسىسى مېنى تېز ئىشلەشكە ، ساۋۇتنىڭ قىساس
ئېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئالدىراشقا ، شۇنداقلا ئىچ سىقىلىش
ھەم دەھشەتلىك يالغۇزلۇقتىن قۇتۇلۇشقا ئېلىپ كەلدى . بۇ كۈن
بارماقلىرىم قاپىرىپ ، قولۇم ، بېلىم زىڭىلداپ ئاغرىپ كەتتى . ساۋۇت
مېنى نامازدىن توسىمىغىنى ئۈچۈن ماڭا يەنە ناماز ئوقۇشقا توغرا كەلدى .

ئاۋازسىز جېدەل بىر ھەپتە داۋاملاشتى . مەن ۋە چاكارلار ئابلىمىت
داموللامنىڭ « شەھەرگە كىرىپ كەتكەن » لىكىگە گۇمان قىلىشقا
باشلىغان ، ساۋۇت قوتۇرنىڭ يېڭىلگەنلىكىگە ئىشىنىپ قالاي دېگەن بىر
چاغدا كۈتمىگەن ۋەقە يۈز بەردى : ئەتىگەنلىك ناشتا دېيىلگەن زاغرا
بىلەن قايناق داغ سۇنى ئىچىپ بولۇپ ، ئارىدىن بىر چۆگۈن چاي قايىنىتىم
ۋاقىت ئۆتكەن چاغدا ساۋۇت قوتۇر پايپاسلاپ ئېتىزلىققا كەلدى - دە ،
ماڭا غالىبلارچە ھەيۋە بىلەن :

— ماڭ بۇياققا ساقاللىق ئەبگا ، داموللام
چاقىرىۋاتىدۇ ، — دېدى . . .

ئۇ ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ، مېنى چاقىرغانلىق
توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش گويا دارغا ئېسىلىشىمنى ئۇقتۇرغانغا ئوخشاشلا
تەسىر بەردى . چاكارلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كەتمىنىگە تايىنىپ ئولـ
تۇرۇپ قالدى ، ياقۇپ ھەتتا قولىنى دۇئاغا ئېچىشتىنمۇ يانمىدى .

نېمىشقىدۇر خاتىرجەملىك ھېس قىلاتتىم . ئابلىمىت داموللام مېنى
پەلەققە تارتىشى ، كالتەككە بېسىشى مۇمكىن ئىدى . لېكىن ، ئۇ ئاللاھنىڭ
پەرزىنى ئىجرا قىلىش ، رۇسۇلىللانىڭ سۈننەتلىرىنى ئادا قىلىش توغرىـ
سىدىكى ئېتىقادىمغا قارشى چىقىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى . چۈنكى ، ئۇمۇ
ماڭا ئوخشاشلا مۇسۇلمان ، يەنە كېلىپ مەندەك كالتە - ساياقلارغا مۇـ
سۇلمانچىلىق توغرىسىدا تەلىم بېرىشى كېرەك بولغان مۇسۇلمان ئىدى .
كاللامدا پەقەت : « قۇرئان » ۋە « ھەدىس شېرىف » بىلەن تاقابىل
تۇرالايمەن ، دېگەن پىكىرلا ھۆكۈمران ئىدى .

ساۋۇت قوتۇرنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ، ئاۋۋال بىز يېتىپ قوپقان كەڭ، لېكىن كۆرۈمسىز ھويلىغا، ئاندىن ئابلىمىت داموللىنىڭ تاشقىرىقى ھويلىسىغا، كېيىن ئىچكىرىكى ھويلىسىغا كىردۇق. شاپاق دوپپا، شايى يەكتەك كىيگەن داموللا مېغىز چايناپ، ھەمەك نان پارچىسىنى داستىخاندىكى پىيالىگە قۇيۇلغان ھەسەلگە تۇگۇرۇپ غىزالانماقتا ئىدى. ئۇنىڭ بۇ غىزالىنىشى كەم بولغاندا بىرەر ھەپتە ئاچ قالغان ئادەملەرگىلا ئوخشايتتى.

ئۇ ساۋۇت قوتۇر بىلەن ماڭا نەزەر ـ گۆزىرىنىمۇ سالمىدى. ساۋۇت مېنى ئېلىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدا گەپ قىلىشقا تەمشىلىۋىدى، ئۇ بېشىنى داستىخاندىن كۆتۈرمەيلا:

ــ بولدى، سەن ئۆز ئىشىڭنى قىلىۋەر، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىدىغان ئايرىم گەپ بار، ــ دېدى.

داموللىنىڭ بۇ گېپىدىن ساۋۇت قوتۇرغا قارىغاندا، مەن بەكرەك ئەجەبلەندىم. قارىغاندا ساۋۇت قوتۇر مېنى چېقىشتۇرغان، داموللام بۇنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغان ۋە مېنى چاقىرىشنى بۇيرۇغان. ئەمما، ئۇنىڭ مېنى چاقىرىشى «توپىلاڭ» كۆتۈرۈشۈم بىلەن مۇناسىۋەتسىزدەك كۆرۈنەتتى. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇ ساۋۇت قوتۇرنى چىقىرىۋېتىپ ماڭا ئايرىم گەپ قىلمىغان بولاتتى ياكى مېنى ئىسلام دىنى توغرىسىدا تەرغىبات قىلىشتىن توسماقچىمىكىن يا؟...

ساۋۇت قوتۇرمۇ ئەجەبلەنگەن ھەم ساراسىمىگە چۈشكەن پېتى كۆزدىن غايىب بولدى. ئابلىمىت داموللام ھەسەل يۇقى، نان ئۇۋاقلىرى چاپلاشقان ساقال ـ بۇرۇتى بىلەن كالپۇكلىرىنى قولىنىڭ كەينىدە سۈرتكەندىن كېيىن بىر پىيالە چاينىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك سۈمۈرۈپ ئىچىپ بولۇپ، ماڭا تىكىلدى ۋە مۇنداق دېدى:

ــ سېنىڭ تەقۋادار مۇسۇلمان ئىكەنلىكىڭ ماڭا مەلۇم. سەن ئاللاھ يولىدا ھەق گەپ قىلىشنى رەسۇلۇللانىڭ پەزىلىتى دەپ بىلىدىغانسەن؟

ــ خۇدايىم بۇيرۇسا شۇنداق تەقسىر، ــ دېدىم گەپنىڭ داۋامىنى



كۈتۈپ.

ئابلىمىت داموللام مېنى كۆپ تەقەززا قىلمىدى:

ــ دۈشمەنلىرىم ئاسىيلىقتا چېكىگە يەتكەن مەلئۇنلار، مېنىڭ دەۋايىمغا ئۇلار تۆھمەت ـ يالا چاپلاش بىلەن جاۋاب بېرىۋاتىدۇ. سەن ئەرزىمەس ئەخلەت ئورنىدىكى بىر نېمە بولغىنىڭ بىلەن، ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن دېگەن بىر نېمىسى ئالدىدا گۇۋاھچى بولمىساڭ بولمايدىغان ئەھۋال يۈز بەردى. مېنىڭ شەھەردە بىرنەچچە كۈنلەپ چېپىپ يۈرگەنلىرىمنى سېنىڭ بىر ئېغىز ئىسپات گېپىڭ «ئاق» ياكى «قارا» قىلىۋېتىدىغاندەك تۇرىدۇ...، ــ ئۇ ئېغىر تىنىپ قويۇپ ماڭا يېلىنغاندەك قارىدى، ــ ئۇلار ھويلامنى، مال ـ مۈلكۈمنى، قىزىمنى بۇلاپ قېچىشنى تەن ئالمايۋاتىدۇ. سەن يامۇلغا بېرىپ ھەق گەپ قىلىشتىن قاچمايدىغانسەن؟

ــ خۇدايىم بۇيرۇسا، ــ دېدىم باش ـ ئايىغى يوق گەپلەردىن تولۇق خەۋىرىم بولمىسىمۇ.

ــ سېنىڭ قىزىمغا قەست قىلماي، بەدنىيەتلىك قىلماي يېنىمغا ئەكىلىپ قويغىنىڭغا قاراپلا مۆمىن مۇسۇلمان ئىكەنلىكىڭگە ئاپىرىن ئوقۇغانىدىم...

ــ مۆمىن مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمگە خۇدايىم بۇيرۇسا ياراتقان ئىگەم ئۆزى گۇۋاھ، ــ دېدىم تېخىمۇ گاڭگىراپ.

ئابلىمىت داموللام بىر پىيالە چاي ئىچكۈدەك ئارىلىقتا جىمجىت ئولتۇرۇپ قېلىپ، ئاندىن ماڭا كۆتۈرۈلۈپ قارىغىنىچە:

ــ ئامبال دارىنىڭ ئەمرى بويىچە سېنى شەھەرگە چاقىرىشىۋاتىدۇ، گۇۋاھچىلىققا...، ــ دېدى ۋە ئۆزىچە غەزەپلىنىپ ئاۋازىنى كۆتۈردى، ــ سەن بارمىساڭ بولمىدى. بار، گۇۋاھلىقتىن ئۆت... راست گەپنى قىل. سېنى كىملەرنىڭ قانداق ئىشقا بۇيرۇغىنىنى، يول بويى نېمىلەرنى كۆرگەنلىكىڭنى قالدۇرماي ئېيتىپ بەر. سېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشۇڭ ئۈچۈن كېپىللىك قىلىمەن. شۇنداق قىلالامسەن؟

ئۇنىڭ سۆزىنىڭ تېگىگە چۈشەنمىسەممۇ خېلى چوڭ ۋەقەنىڭ يۈز

بەرگەنلىكىگە، بۇ ۋەقەنىڭ بۇرۇت، مايماق ۋە مېنىڭ ھەرىكىتىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىگە، بۇ ئويۇننىڭ كەينىدىكى ئەربابلار كاللا سوقۇشتۇرۇش نەتىجىسىدە بىرەرى موللاق ئاتىدىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتتى بارلىقىغا گۇمانىم قالمىدى. شۇ تاپتا مەن ئۈچۈن مۆلاھىزە - تەھلىللەر، پەرەز - مۆلچەرلەر ئوشۇقچە ئىدى. ئارزۇيۇمدىن ئاشقىرى ھالدا ئابلىمىت داموللامنىڭ چاڭگىلىدىن مەن كۈتكەندىن ئىلگىرىكىرەك بوشاپ چىقىدىغىنىمغا گۇمانىم قالمىغانىدى. ئويلانمايلا جاۋاب بېرىۋەردىم :

— ئۆزلىرى كۈتكەندىن ئارتۇق كېپىللىك قىلالايمەن تەقسىر . . .

— قورسىقىڭنى بەگ بالىسىدەك تويغۇز، قانغۇدەك ئىچ، يە! ئاندىن يامۇلدىن چىققان ساقچىلار بىلەن شەھەرگە كىرىسەن ... — دېدى ئۇ ۋە سالاپىتىنى بۇزماي ئورنىدىن تۇرغىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ئۇنىڭ شۇ ھەرىكىتىنى پايلاپ تۇرغاندەكلا ئىككى ساقچى سىرتتىن كىرىپ كەلدى.

— ماڭامدۇق ؟ — دېدى ئۇلاردىن بىرى، پاكار، ئورۇق، يېشى ھەمراھىدىن چوڭراق، قىرىق ياشلاردىن ھالقىغان كوسا ساقچى ماڭا قاراپ.

مەن ئىنكاس قايتۇرغۇچە ئارىلىقتا ئىچكىرىكى ھويلىنىڭ كەينىدىكى تارچۇقتىن يېشى بىر يەرگە بارغان بىر ئايال بىلەن ئون ئۈچ - ئون تۆت ياشلاردا بار بىر قىز كىرىپ كەلدى. ياشانغان ئايالنىڭ قولىدا داستىخان، قىزنىڭ قولىدا پولۇ ئۇسۇلغان لىگەن بار ئىدى. خوجايىننىڭ تېخى ھازىرلا : « قورسىقىڭنى بەگ بالىسىدەك تويغۇز، قانغۇدەك ئىچ » دېگەن سۆزلىرىنى يادىمغا ئالدىم. داستىخان بىلەن پولۇنىڭ ماڭا ئاتاپ چىقىرىلغانلىقىدا شەك يوق ئىدى. ساقچىغا ھېيىقماي قاراپ :

— قورساقنى ئەستەرلىۋېلىپ ماڭارمەن، — دېدىم ۋە بۇنى داموللامنىڭ ئۆزىنىڭ ئورۇنلاشتۇرغىنىنى ئەسكەرتىپ قويدۇم، — خوجايىن بايىلا شۇنداق دېگەن . . .

ساقچىلار قىزنىڭ قولىدىكى لىگەنگە ئېچىرقىغان كۆزلىرىنى تىكتى. بىر - بىرىگە قارىشىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئايال داستىخانىنى



بایاتىن داموللام ئولتۇرغان داستىخاننىڭ بېرىگىرەك داق يەرگىلا سالدى. شۇنىڭغىچە مەن بىر چەتتىكى ئاپتۇۋىدا ئۆزۈمنى ئۆزۈم سوراپ، قولۇمنى يۇيۇپ بولۇپ، ئىككى قولتۇقۇمغا سۇرتۇپ تەييار بولۇپ تۇردۇم. ئۇلار چىقىپ كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا قىز قايتا كىردى ۋە تەگنىدىن كىچىكىرەك بىر ھېجىر چاينى داستىخاندا قويۇپ قويۇپ غايىب بولدى. « بەگ بالىسىدەك يەپ - ئىچىپ » گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈشۈم ئۈچۈن بېرىلگەن « پارا » بىر لىگەن پولۇ بىلەن بىر ھېجىر چاي ئىدى.

قولۇم بىلەن ئاغزىم ئاشتا بولغىنى بىلەن پىكىر - خىياللىرىم داموللامنىڭ سۆزلىرىنى ھەزىم قىلىش بىلەن بەند ئىدى. بۇ تىرىكلەر گۆرىدىن قۇتۇلغانلىقىم مۇئەييەنلىشىپ قالغانىدى. ئەمما، شەھەردە مېنى نېمىلەر، قانداق تەقدىر ۋە قىسمەتلەر كۈتۈۋاتقانلىقى نامەلۇم ئىدى. داموللام ماڭا پۇراتقان گۇۋاھلىق قايسىدۇر بىر بايلارنىڭ زىيىنى ياكى پايدىسى ئۈچۈن ئىكەنلىكى ئېنىق. ئەمما، بۇنىڭ ئاقىۋىتى مەن ئۈچۈن پايدىلىقمۇ ياكى زىيانلىقمۇ ؟ « خۇپتەندىن قېچىپ تەرەۋىگە ئۇچرايدىغان » ئىش بولامدۇ، قانداق ؟ . . . بۇلارنى بىلمەيتتىم ۋە بېشىم قاتماقتا ئىدى.

ئاشنى ئاغزىمغا يېدىممۇ، بۇرنۇمغىمۇ، ئىشقىلىپ لېگەننى بىكار قىلىپ بىر ھېجىر چاينى « قانغۇدەك » ئىچىپ، قىسقىلا دۇئا قىلدىم - دە، كېيىنكى ئىشلار توغرىسىدا ئاخىرى چىقمايدىغان خىياللارنى تاشلاش ئۈچۈن « ئاللاھ ئىگەم ئۆزۈڭ پادىشاھ » دەپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. ساقچىلار ئۈچىنچى قېتىم بويۇنداپ قاراۋاتاتتى. ئۇلارغا :

— ماڭساق بولىدۇ، — دېدىم.

سىرتتىكى چوڭ دەرۋازا تېشىدا ئېگەرلەنگەن ئۈچ ئات باغلاقلىق تۇراتتى. ساقچىلار ئىككى ئاتنىڭ يۈگىنىنى تۇتۇپ باغلاقتىن بوشاتتى. شۇ ئەسنادا يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەكلا داموللام پەيدا بولدى - دە، مېنىڭ مىنىشىم كېرەك بولغان ئاتقا قاراپ تۇرۇپ، ماڭا :

— بۇلار سېنى ئالدىغا سېلىپ ماڭدۇرۇپ ئەكىرىپ كەتمەكچى بولۇشۇپتىكەن، مەن بۇ ئاتنى ئېگەرلىتىپ قويدۇم. مىنىپ كىر.

شەھەرگە بارغاندىن كېيىن مۇشۇ ساقچىلارغا تاپشۇرۇپ بەرسەڭلا بولىدۇ، — دېدى ۋە ساقچىلارغا قاراپ، — سىلەر ئاتنى سارىيىمغا تاپشۇرۇپ بېرىسىلەر، باياتىن ئېيتىپ بەرگەنلىرىم يادىڭلاردىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— يادىمىزدا تەقسىر، ھىممەتلىرىگە رەھمەت، — دېيىشتى ساقچىلار، — ئاتنى سارايلىرىغا يەتكۈزىمىز...

— ئىككى-ئۈچ تەڭگە دېگەنگىمۇ رەھمەت دېيىش كېتەمدۇ؟ — داموللا مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ ماڭا يەنە ئەسكەرتتى، — باياتىن دېگەنلىرىمنى ئۇنتۇپ قالما!

— خوپ تەقسىر...

— ھە، ئەمدى مېڭىڭلار!

داموللام بىزنىڭ يولغا چىقىشىمىزنى كۈتمەيلا ھويلىسىغا كىرىپ كەتتى. مەن ئاتقا مىنىۋالغاندىن كېيىن ئىككى ساقچى ئىككى تەرىپىمگە ئۆتتى. بىز بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان ئىسسىقتا توپىلىق يېزا يولىدىن يۈرۈپ كەتتۇق.

داموللىنىڭ گۇۋاھچىلىقىمغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىۋاتقىنىنى تېخىمۇ چۈشەندىم. ئۇنىڭ دېگىنىدەك بولۇپ، ئىككى ئاتلىقنىڭ ئالدىدا سوكۇلداپ ماڭىدىغان ئىش بولسا قانداقمۇ قىلار ئىدىم؟ ئۇ ماڭا ئات تەييارلىغان، ئاتنى شەھەردىكى سارىيىغا ئاپىرىپ بېرىشى ئۈچۈن ساقچىلارغا پۇلمۇ خەجلىگەنىدى. بۇنداق مەردلىك ۋە سېخىيلىقتا ئۆزۈم داخىل بولمىغىنىمدا ھەرگىزمۇ ئىشەنمىگەن بولاتتىم. چۈنكى، بىر ھەپتە ئىچىدە ئۇنىڭ ئارقا ھويلىسىدا چاكار بولۇپ باققان، ئۇ يەردىكى تۇرمۇش، ئەمگەك ۋە مۇئامىلىنى «تويغۇدەك» ھەم «قانغۇدەك» كۆرگەن، ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزۈپ باققانىدىم. مۇشۇلارنى ئويلىغىنىمدا ئاشۇ چاكارلار بىلەن يىراقتىن بولسىمۇ «خوش» دەپ قويۇش ئىمكانىيىتى چىقمىغىنىغا ناھايىتى بەك ئەپسۇسلاندىم. شۇ تاپتا ساۋۇت قوتۇر مەن توغرۇلۇق نېمىلەرنى دەپ تەشۋىق قىلىۋاتىدىكىن؟ ياقۇپلار نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدىكىن؟ تەقۋادار مۇسۇلمان سۈپىتىدە ئابلىمىت داموللا ئۆز چاكارلىرىنىڭ



نەدە يېتىپ-قوپۇپ، نېمىلەرنى يەپ-ئىچىپ، قانداق ئەمگەك قىلىۋاتقىنىنى بىلەمدىكىن، ياكى؟...

ئوي-خىياللار بىلەن يېزىدىن يىراقلاپ كەتكىنىمىزنى بىلمەي قاپتىمەن. ئەتراپقا قارىغىنىمدا، كىشىنى جەلپ قىلغۇدەك مەنزىرە يوقلۇقىغا دىققەت قىلدىم. بىز شورلۇق، كاتاڭلىشىپ كەتكەن ئەگرى-بۈگرى يول بىلەن ناھايىتى تېز كېتىۋاتاتتۇق. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە كۆز يېتىم يەرگىچە يا زىرائەت، يا دەل-دەرەخ كۆرۈنمەيتتى. قۇرۇپ كەتكەن چاكاندا، شۇۋاق ۋە چىغلارنىڭ غوللىرى ئۇ يەر-بۇيەردە چوقچىيىپ تۇرغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىز قىپيالىڭاچ شورتاڭ چۆلدە كېتىۋاتاتتۇق. يىراقتا قارىغاندا پۈتۈن زېمىن كۆيۈۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، يەر بېتىدىن تۈتۈنسىز لاۋا ئوخچۇپ ئۆرلەۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

ساقچىلارمۇ بولسا پاراڭ قىلىشىپ ماڭمايتتى. بۇنداق جىمجىتلىق كىشىگە ئەنسىزلىك ۋە ۋەھىمە بېغىشلايتتى. «مېنى قانداق يەرگە ئاپىرار؟ — دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە، — ئەركىنىرەك قويۇپ بېرىپ گۇۋاھلىققا تارتارمۇ ياكى سولاپ قويۇپ قىينارمۇ؟ گۇۋاھلىقىم ئاياغلاشقاندىن كېيىن يەنە مۇشۇنداق يالاپ ئەكىلىپ قويارمۇ ياكى ئۆزۈڭ كېتىۋەر دەرمۇ؟ داموللام نېمە ئۈچۈن بۇلار توغرىسىدا ئېغىز ئېچىپ، نېمە قىلىشىم كېرەكلىكىنى ئەسكەرتمىدى؟...» بۇ سوئاللارغا جاۋاب تېپىش شۇ پەيتتە مەن ئۈچۈن قىيىن ئىدى. لېكىن، ماڭا بىر نەرسە روشەن بولۇپ قالدىكى، بولۇۋاتقان دەۋا-ماجىرادا ئابلىمىت داموللامنى ئامبال قوللاۋاتقىنى بىلەن ئۇنىڭ رەقىبلىرىمۇ بوش كەلمىگەن ئەلۋەتتە!

— قانچىلىك ۋاقىت ماڭىمىز؟ — سورىدىم ساقچىلارنىڭ ئاغزىنى تاتىلاپ.

ئۇلار جاۋاب بەرمىدى. بۇمۇ غەلىتىلىك ئىدى. بىردەم ماڭغاندىن كېيىن يەنە ئېغىز ئاچتىم:

— ئىككىلىرى بۈگۈنلەتىن كەلگەنمۇ ياكى تۈنۈگۈنلەتىن چىققانمۇ؟

ئۇلاردىن يەنىلا ئۈن چىقمىدى. بۇنداق پوزىتسىيە چۈشىنىكسىز

ئىدى . بۇ ساقچىلارغا شۇنداق بۇيرۇق بېرىلگەنمۇ ياكى بولمىسا ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ، مىجەزى شۇنداقمۇ ، ئۇققىلى بولمايتتى .

بىر ئاش پىشىم يول ماڭغاندىن كېيىن كۆز يېتىم يەردە شالاڭ دەرەخلەر ، ئۇنىڭ نېرىسىدا بىر مەھەللە كۆرۈندى . ئالدىنقى قېتىم مەن بۇرۇت ۋە مايماق بىلەن كەلگەندە كېچىسى يول ماڭغانلىقتىن ھېچنېمىنى ئىلغا قىلالمىغانىدىم . ئۇ چاغدا بىز كەلگەن يول ھازىر بىز كېتىۋاتقان يولمۇ ـ ئەمەسمۇ ، شۇ تاپتا بىلگىلى بولمايتتى . لېكىن ، سېزىشىمچە بۇ يول ئەمەستەك قىلاتتى .

بىزگە يىراقتىن مەھەللىدەك كۆرۈنگىنى خېلى كۆجۇم يېزا بازىرى بولۇپ چىقتى . لېكىن ، بازاردا ئادەم يوق دېيەرلىك ئىدى . قۇمساڭغۇ توپا يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تېرەكلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى توپا ـ چاڭ قونۇپ قىلىنلاپ ، ئىسسىقتا قورۇلۇپ قالاي دەپ قالغانىدى . قايسىبىر ئەنجان تېمىنىڭ يېنىغا دۆۋىلەنگەن قىغ ئەتراپىدا تىلىنى بىر غېرىچ ئۇزۇن ساڭگىلىتىپ ، ئىغىر ـ ئىغىر تىنىپ بىر ئىت ياتاتتى . تۆت يولنىڭ ئارىشىغا جايلاشقان ناۋايخانا ، تۆمۈرچىلىك دۇكىنى ئالدىدا يېرىم يالىڭاچ ھالەتتە ئىككى ـ ئۈچ ئوغۇل بالا بىر يەرگە ئولىشىۋېلىپ ، بىر نېمىلەرنى دېيىشمەكتە ئىدى . ناۋايخانىنىڭ سايىۋىنى ئاستىدا تەۋەگىنىڭ گىرۋىكىگە بېشىنى قويۇپ بىر بوۋاي ئۇخلاۋاتاتتى . تۆمۈرچىلىك دۇكىنى ئىچىدە ئادەم كۆرۈنمەيتتى .

يولنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ئىككى سايىۋەن كۆرۈندى . يېقىنلاپ بارغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ بىرى لەگمۈك ساتىدىغان ، يەنە بىرى دوغچىنىڭ دۇكىنىنىڭ سايىۋىنى ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى . لەگمۈكچى ئوتتۇرا بوي ، سېمىز ، قىرىق ـ قىرىق بەش ياشلار ئارىسىدىكى كىشى بولۇپ ، تۇرقىدىن قاسساپقا بەكرەك ئوخشايتتى . دوغچى بولسا تېخى بۇرۇتى خەت تارتمىغان ياپياشلا يىگىت ئىدى .

بىز ئۇلارغا يېقىنلاپ كەلگەندە ساقچىلار ئېتىنى توختاتتى . كوسا ساقچى ئېگىز بويلۇق ، ئۆزىدىن ياشراق كەلگەن ھەمراھىغا :

— بىرەر قاچىدىن دوغ ئىچىپ ماڭمايلىمۇ ؟ — دەپ تەكلىپ



بەردى .

ئۇزۇنتۇرا باش ئۇستىگە تىكلىشىپ قالغان كۇنگە قارىدى ، كۆزىنى ھايالسىز پەسكە تىكتى ۋە :

— مەيلى بولمىسا ، — دەپ قوشۇلدى .

ئۈچ ئاتلىقنىڭ توختاپ قالغىنىنى كۆرگەن لەگمۈكچى بىلەن دوغچى ئولتۇرغان يېرىك ، رەندىلەنمىگەن قوپال شالدىن نېرى ـ بېرى ياسالغان ئورۇندۇقلىرىدىن چاچراپ تۇرۇپ ۋارقىراشقا چۈشتى :

— ئاچچىق ـ چۈچۈك تۇرۇپ ، تەمى ئۆتكۈر ئاچچىقسۇ ، ئون يېتىم يەردە تۇرۇپ تارتساڭمۇ ئۈزۈلمەيدىغان لەگمۈك . . . بىرقاچا يېسەڭ تەمى بىر يىل تىلىڭدىن كەتمەيدىغان لەگمۈك ...

— مۇز دەرياسىغا ئۆزۈگنى ئات ئوغۇل بالا . قېتىقى يېگى ، مۇزى خوجامنىڭ كۆلىنىڭ . . . ئىچىپ مۇزلاپ قالساڭ كارىم يوق ، يېيىپ قويىدىغان يوتقىنىم ، كىيدۇرەرگە جۇۋام يوق . . .

ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ، ئۇدۇلدىكى ناۋايخانىنىڭ بوۋىيى بېشىنى كۆتۈردى . ئويناۋاتقان باللارمۇ ئۆرۈلۈپ بىز تەرەپكە قارىدى . ناۋاي بوۋاي خىرىلدىغان ئاۋاز بىلەن :

— كۇنجۇت سېپىپ ، جىگدە سۈيى يالتىلغان نان بار . . ، — دېدى ۋە بىز تەرەپكە ئۈمىدلىنىپ بويۇندىدى .

ساقچىلار ئۆزلىرى تۇپەيلىدىن پەيدا بولغان بۇ ۋاقتلىق ، قىسقا ۋە ئەرزىمەس « ئالىتوپىلاڭ » غا ئېتىبار بەرمەيلا ئاتلىرىنى دوغچىنىڭ دۇكىنىنىڭ يېنىغا دېۋىتىپ باردى . ئاتتىن چۈشۈپ ئاتلارنى تېرەككە قاڭتۇردى . مەنمۇ ئۇلارنى دورىدىم . ئۇزۇنتۇرا ساقچى دوغچىغا :

— لاپىنى جىق ئېيتىپ كەتتىڭ . قېنى ئېتە دوغىڭدىن ئىككى قاچا ، — دېدى . كوسا ساقچى ماڭا قاراپ :

— پۇلۇڭ بولسا سەنمۇ دوغ ئىچ ، يا لەگمۈك يە ، — دېدى .

پۇلۇم يوق ئىدى . راستىنى ئېيتقاندا ، پۇلۇم بولغاندىمۇ دوغ ئىچكۈممۇ ، لەگمۈك يېگۈممۇ يوق ئىدى . مەن :

— قورسىقىم توق ، ئۇسساپمۇ كەتمىدىم ، — دېدىم ۋە ئارقا تە-

رەپتىكى تامنىڭ سايىسى چۈشكەن ئىككى تۈپ تېرەكنىڭ ئارىلىقىدا ئولتۇردۇم.

ساقچىلارنىڭ دوغ ئىچمەكچى ئىكەنلىكىنى كۆرگەن لەگپۇگچى باياتىنقى جۇشقۇن ھالىدىن يېنىپ، مۇكچىيىپ ئولتۇرۇپ مۇگدەشكە باشلىدى. ناۋاينى ئۇزۇنتۇرا ساقچى چاقىردى:

— ناندىن ئىككىنى ئەكەل قېرى!

ناۋاي ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى بېجىردى. مەن ناۋاينىڭ يېشىغا مۇناسىپ بولمىغان تېتىكلىكىنى كۆردۈم. ئۇ يالاڭ ئاياغ پۇتلىرى بىلەن يولنى كېسىپ ئۆتكەن ۋە پۇلنى ئېلىپ قايتقاندا پۇتلىرى ئاستىدىكى قۇمساڭغۇ توپىلىق يەر تىترىگەندەك بىلىنەتتى.

دوغنى ئېتىپ بولغان دوغچى ياشلاردا بولىدىغان قىزىقسىنىش بىلەن مېنى بىر ھازا كۆزەتتى. كېيىن ئۆزىگە مەلۇم بولمىغان نېمىلەرنىدۇر ئۇقماقچى بولدى بولغاي، يېنىمغا ئاستا كېلىپ:

— دوغ - پوغ ئىچمىسىلە، بىرەرقاچا سۇ - پۇ ئىچىپمۇ بولسا تەشنالىقلىرىنى باسسىلىمىكىن، — دېدى.

ئۇزۇن يىللىق تەجرىبىلىرىمدىن بىلەتتىمكى، بۇنداق ئىسسىقتا ئىچىپ قويغان سۇ دەماللىققا ئۇسسۇزلۇقنى باسقاندەك قىلغىنى بىلەن، ماغدۇرنى قۇرۇتۇپ، تېخىمۇ ئۇسسىتىپ، بەدەننى بوشاشتۇرۇۋېتەتتى. ئۇنىڭغا ھەشقاللا ئېيتتىم. ئۇ ساقچىلارغا بىر، مېنىڭ باشتىن - ئايىغىمغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ئاتلارنى دەگسەپ چىقتى ۋە سورىدى:

— سىلەكىم بولىلا؟ گۇناھكارمىكىن دېسەم قوللىرى بوش، ئاتلىرىمۇ بەگنىڭ ئېتىدەك ئىكەن، ئەمەسمىكىن دېسەم...

— بىرەر قوشۇقتىن قېتىق سېلىپ، سۇ قۇيۇپ بەر دوغچى! — دەپ توۋلىدى ئۇزۇنتۇرا ساقچى.

دوغچى يىگىت گېپى بۆلۈنگىنىگە، «سىر» نى ئىگىلىيەلمىگىنىگە ئەپسۇسلانغاندەك بولۇپ مەندىن يىراقلاشتى. ئۇزۇنتۇرا ساقچى ئۇنى مەن بىلەن پاراڭلىشىشتىن توسۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندىم. بۇمۇ بىر غەلىتىلىك ئىدى. چۈنكى، ئابلىمىت داموللامنىڭ «گۇۋاھچىلىققا بارىسەن» دېگىنى



بويىچە ئەركىن پۇقرا سالاھىيىتىدىكى ئادەم ئىدىم. يول بويى گەپ قىلىسام، سوئال سورىسام جاۋاب بەرمىگەن ساقچىلارنىڭ شۇ تاپتا باشقىلار بىلەن گەپلىشىشتىنمۇ چەكلەۋاتقىنى بويىچە قارىغاندا، گۇناھكار ئىدىم. «بولغىنىچە بولار، — دېدىم ئىچىمدە، — باشقا كەلگەننى كۆرەرمەن...»

ساقچىلار قورسىقىنى تويغۇزۇپ بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇشتى. ئاتلارنىڭ قېشىغا بارغاندا ئۇزۇنتۇرا ساقچى تەرەت قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، بىر كونا تامنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى. شۇ چاغدا كوسا ساقچى ماڭا پەس ئاۋاز بىلەن:

— گەپنى ئاز قىل سوپى، ئاۋۇ دارازا بىز تەرەپتىكى ئادەم ئەمەس، — دېدى ئۇزۇنتۇرا كەتكەن تەرەپنى بېشى بىلەن ئىشارەت قىلىپ.

ئەمدى چۈشەندىم. باي، بەگلەرنىڭ تەرەپبازلىق جېدەل - ماجىراسىغا ساقچىلارنىمۇ ئارىلاشتۇرغان، مېنى يالاپ ئەكىلىشكىمۇ ئىككى تەرەپتىن تەڭ ساقچى چىقىرىشقان...

شەھەرگە بارغاندىن كېيىن قانداق قىلىشىم، «گۇۋاھ» لىقتىن قانداق ئۆتۈشۈم توغرىسىدا سورىۋالاي، دەپ ئاغزىمنى ئۆمەللەۋاتقاندا ئۇزۇنتۇرا قايتىپ كېلىپ قالدى. ئېتىمنى يەشتىم ۋە ئىككىسىدىن ئاۋۋالراق مىنىپ تەييار بولدۇم. يەنە بىر قېتىم: «باشقا كەلگەننى كۆرەرمەن» دېدىم ئىچىمدە.

بىز يېزىدىن چىقىپ كېتىۋاتقۇچە ئانچە چوڭقۇر ئەمەس، لايقىلىنىپ سۇ ئېقىۋاتقان بىر ئۆستەڭدىن كېچىپ ئۆتتۇق. ئاتلار سۇ ئىچتى ۋە ئاندىن تېخىمۇ جېدەللەپ مېڭىپ كەتتۇق. شۇنىڭدىن كېيىن يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە پىشىپ كەتكەن بۇغدايلىقلارنىڭ (بەزى بىرەر پارچە ئېتىزنىڭ بۇغدايلىرى ئورۇۋېلىنغان)، قوناقلىقلار ۋە كېۋەزلىكلەر ئۇچراپ تۇردى. بۇ ئېتىزلاردىكى زىرائەتلەرنىڭ ھېچبىرى ئوبدان ھوسۇل بېرىدىغاندەك قىلمايتتى. بۇغدايلارنىڭ غوللىرى ئىنچىكە، ئېتىزلارنىڭ كۆپ يېرى شالاڭ، قوناقلار بوي تارتىپ ئۆسمىگەنىدى. ماڭغانسېرى بىزگە مەھەللىلەر، كەنتلەر ۋە كۆجۈم ئاۋات يېزىلارمۇ كۆپلەپ ئۇچراشقا

باشلىدى. «مايماق، بۇرۇت بىلەن كەلگەن يول بۇ ئەمەس، بىز باشقا بىر يول بىلەن كېتىۋاتىمىز...» دەپ خىيال سۈردۈم. چۈنكى، ئۇ چاغدا كېچىسى ماڭغان بولسامۇ ئېسىمدە ساقلىنىپ قالغان ئانچە-مۇنچە بەلگىلەر ئەمدى زادى ئۇچرىمايۋاتاتتى.

بىز يازنىڭ ئۇزۇن تىنجىق كۈنىدە توختىماي ماڭماقتا ئىدۇق. ئاتلار جىنىدا تەرگە پىشىپ، خارتىلداپ ئاران-ئاران قەدەم تاشلاۋاتاتتى. ساقچىلارنىڭ ھالىغا ۋاي، ئۇلارنىڭ شەپكىلىرىنىڭ ئىچىدىن سۇ ساقىۋاتقاندەك تەر ئاقاتتى. چاپانلىرىنىڭ غولى، ئىككى بىقىنى سۇغا چىلاپ قويغاندەك تەرلىگەن، تەرلەر قۇرۇپ، يەنە تەرلەپ ھەر خىل شورلۇق شەكىللەرنى ھاسىل قىلغانىدى. ئۆزۈم ئۈستىدە شۇنى ئېيتالايتىمكى، ئەمدى پەقەت سىڭايان ئولتۇرالايتتىم. ئۆزۈمنى ئات ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك ئەمەس، ئاللىقانداق بىر كۈچ كۆتۈرۈپ ئەكېتىۋاتقاندەك سېزەتتىم. چۈنكى، بېلىمنىڭ ئاستى مېنىڭ ئەمەستەك ھېچنېمىنى سەزمەيتتى.

— بەرىبىر ئۆلگۈرۈپ بارالمىدۇق. ئاتلار كېرەكتىن چىقىدىغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى كوسا ساقچى ھاسىرىغان ھالدا، — بىر ئاز ئارام ئالايلى...

ئۇزۇنتۇرا گەپ-سۆز قىلمايلا ماقۇل بولدى. بىز بىر ئاۋات مەھەللە ئاغزىدا ئىدۇق. مەھەللە ئىچىگە كىرىپ ئارام ئالىدىغان بولدۇق دەپ ئويلىۋىدىم، ساقچىلار يول چېتىدىكى تازا باراقسان ئۆسكەن ئۈچ تۈپ ئۈجمە يېنىغا بىرىپلا ئاتتىن چۈشتى. ئاتلارنى ئايرىم-ئايرىم قاڭتۇرۇپ باغلاپ، بىر ياقتىكى سۈيى يوق ئېرىق قىرىغا ئۆزىنى تاشلىدى. ناھايىتى تەستە، تولىمۇ قىينىلىپ مەنمۇ ئۇلارنى دورىدىم. ئۇزۇنتۇرا ساقچى بۈگۈن تارتقان جىمى كۈلپەتلىرىگە مەن ئەيىبلىكتەك ماڭا كۆزلىرى تېشىپ ئۆتكۈدەك ھومىيىپ قاراپ ياتاتتى.

ئۇلار «بەرىبىر ئۆلگۈرۈپ بارالمىغان» لىقىنى باھانە قىلىپ قاراڭغۇ چۈشكۈچە يېتىشتى. شۇڭغۇچە مەن قانغۇدەك بولمىسىمۇ بىر پەس ئۇخلىۋېلىشقا ئۈلگۈردۈم. بىز يولغا چىققاندا ئادەم ئادەمنى تونۇمى-



غۇدەك كەچ بولغانىدى. ئەمدى ئاتتا ئولتۇرۇش تېخىمۇ قىيىنلاشقان، قورساقنىڭ ئاچلىقى يەنىمۇ بىلىنىشكە باشلىغانىدى. ئەھۋالى مەندىن ئوبدان دېيىشكە بولمايدىغان ساقچىلارمۇ پۈتۈنلەي تۈگىشىپ، سالپىيىپ قېلىشقانىدى. ئۇلار ئەمدى قامچىلىرىنى ئېگەرنىڭ قۇشبېشىغا ئىلىپ قويۇپ، ئاتلىرىنى ئۆز خاھىشىغا قويۇۋەتكەنىدى. ئەمما، ھارغان، ئاچ ئاتلار ئۆز ئوقۇرى تەرەپكە كېتىۋاتقىنىنى بىلسە كېرەك، ئانچە تېز بولمىسىمۇ يورغا يۈرۈشتىن ئاستىراق قەدەم بىلەن كېتىۋاتاتتى. مەن مىنگەن ئات، ئەلۋەتتە ساقچىلار ئىتتىدىن قېلىشماي ئەگىشەتتى.

— ۋاقتىدا بارالماسلىقنىڭ سەۋەبىنى سورىسا نېمە دەيمىز؟ — دەپ سورىدى ئۇزۇنتۇرا ساقچى خېلىدىن كېيىن.

كوسا ساقچى بىر ھازا ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن شۇنداق دەپ جاۋاب بەردى.

— داموللامنىڭ چاكىرى يىراق جايدىكى ئىشتا ئىكەن، ئۇنى چاقىرتىپ كېلىپ يولغا چىققاندا چۈشتىن قايرىلىپ قالدى، دېسەك...

— شۇنداق دەيلى، — دېدى ئۇزۇنتۇرا.

بىر كۈنلۈك ئۇزاق سەپەر جەريانىدا ئىككى ساقچىنىڭ مەن ئاڭلىغان سۆھبىتى شۇنچىلىكلا بولدى.

بىز شەھەرگە كەلگەندە يېرىم كېچە بولۇپ قالغانىدى. ساقچىلار نۆۋەت بىلەن ۋارقىرىشىپ — توۋلاپ، سېپىل ئۈستىدىكى كېچىلىك جېسەكچىنى ئويغىتىشتى. يامۇلنىڭ مۇھىم ئىشىنى ئورۇنلاپ قايتقىنىنى تەكرارلاپ ئېيتىپ، خەندەكنىڭ كۆۋرۈكىنى چۈشۈرگۈزدى. سوئال-سوراق، دوق، پوپوزىلار دەرۋازىۋەن بىلەنمۇ داۋاملاشتى. ئاخىر سوراقچىلار ۋەزىپە ئورۇنلانغانلىق توغرىسىدىكى دوكلاتنى ساقچىلار باشلىقىغا مەلۇم قىلىش ۋاقتىنىڭ كېچىككەنلىك جاۋابكارلىقىنى دەرۋازىۋەن بويىنىغا ئېلىشى لازىم، دەپ تەھدىت سالغاندىن كېيىنلا دەرۋازا ئېچىلدى. چۈنكى، دەرۋازىۋەن يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، دەرۋازا ئېچىشقا بولمايدۇ دەپ تۇرىۋالغان، ئۇ سىرتتا قونۇپ ئەزەندىن كېيىن كېلىشنى تەۋسىيە قىلغانىدى. ماڭا ئۇنىڭ تەكلىپى ياققانىدى. شۇنداق كېچىدە

مېنى گۇۋاھچىلىقتا چاقىرىدىغان ئىش بولمايدىغانلىقى، ھەرقانداق دەرىجىدىكى باشلىقنىڭ شۇ تاپتا ئۇيقۇغا غەرق بولىدىغانلىقى ئايان ئىدى. ئەڭ مۇھىمى، ھارغان - چارچىغان ساقچىلار ئۇخلاپ كەتكەندە، مەن ئۇچۇن غىپپىدە قەشقەر تەرەپكە تىكىۋېتىش ئىمكانىيىتى چىقاتتى. بۇ ئىمكانىيەتنى ئاستىمدىكى ئات بىلەن سىرتتا قونغاندىلا يارىتىشلى بولاتتى. بىراق، قۇۋ ساقچىلار مەندىن ئۇستا ۋە پەملىكرەك بولۇپ، مېنى شەھەرگە ئەكىردى. سېپىل ياقىسىدىكى ئۆزىگە تونۇش بىر يوللار بىلەن بىرئاش پىشىم ماڭدۇرۇپ، يوغان، ئېگىز قارا دەرۋازا ئالدىغا ئەكەلدى.

بۇ يەردىكى گەپ - سۆزلەر قىسقا بولدى. دوق - تەھدىتلەر سېپىل دەرۋازىسى ئالدىدىكىدەك شىددەتلىك بولمىدى. دەرۋازا باقىدىغان ساقچى قولىدىكى پەنەرنى بېشىمدىن - ئايىغىمغىچە تۇتۇپ مېنى كۆزىتىپ چىققاندىن كېيىن:

— ئىزدەپلا تاپقىلى بولمايدىغان بىر يەرلىرىڭگە يوشۇرۇپ قويغان پىچاق، مىخ قاتارىدىكى تىغلىق نەرسىلەر بارمۇ - يوق؟ — دەپ سورىدى ئۇيقۇسىرىغان ئاھاڭ بىلەن خۇشياقمايلا.

— يوق! — دېدىم.

— ئىچكىرى كىر!

مەن دەرۋازىنىڭ كىچىك ئىشىكىدىن كىرە - كىرمەيلا ئىشىك ئېتىلىپ قۇلۇپ سېلىندى. مېنى ئېلىپ كەلگەن ئىككى ساقچى بىلەن ئات تالادا قالغانىدى.

مەن يۈز بەرگەن بۇ تاسادىپىيلىقتىن ئۆزۈمنى قولغا ئېلىپ ئۈلگۈرمەيلا:

— كەينىمدىن ماڭ! — دەپ بۇيرۇدى دەرۋازىۋەن ساقچى.

ئۇ مېنى كەڭ سەينادىن باشلاپ ئۆتۈپ بىر تارچۇققا كىردى. ئون قەدەملەرچە ماڭغاندىن كېيىن يەنە بىر دەرۋازا ئالدىغا كەلدۇق. بۇ دەرۋازا تارراق، پەسرەك ئىدى. ئەمما، كەڭلىكى يەنىلا بىر يېرىم غۇلاچچە كېلەتتى. دەرۋازىۋەن ساقچى ھىم يېپىلغان دەرۋازىنى مۇشتلىغاچ توۋلاشقا باشلىدى:



— گۇندىپاي، ھاي گۇندىپاي، ئىشىكنى ئاچ!

مەن تۇرمىگە كېلىپ قالغىنىمنى سەزدىم. چۈنكى، گۇندىپاي پەقەت تۈرمىلەردىلا بولىدۇ - دە!

— ئۆلدۈڭمۇ قېرى، ئىشىكنى ئاچ، دەيمەن!

نىھايەت ئىچكىرى تەرەپتىن يۆتەلگەن، خىرقىرىغان ۋە پۈتىنى سۆرەپ ماڭغان ئاۋاز كەلدى. گۇندىپاي ئىشىكنىڭ بىر قانىتىنى ئېچىپ:

— نېمە گەپ؟ — دەپ سورىدى.

دەرۋازىۋەن ساقچى مېنى كۆرسىتىپ دېدى:

— يېڭى مېھمان، بۈگۈن چۈشتە گېپى بولغان ھېلىقى... «مېھمانخانىسى» تەييار قىلىنغانمۇ؟

گۇندىپاي ئۆسكىلەڭ قاشلىرى تېگىدىكى نۇرى قاچقان، ئېقى پۈتۈنلەي قىپقىزىل يېپچىلار بىلەن توشقان كۆزلىرى بىلەن ماڭا ياۋۇزلارچە تىكىلدى. دەرۋازىۋەن ساقچىنىڭ قولىدىكى پەنەرنىڭ يورۇقىدا ئۇنىڭ چىگىشلىشىپ كەتكەن ئېقى جىق ساقاللىرى كاللەكلىشىپ قالغان يىڭنىدەك كۆرۈنەتتى.

— كىر! — دېدى ئۇ ماڭا ۋە ئىچكىرى كىرىشىم بىلەنلا ئىشىكنى تاقاپ لوكىنى سالدى.

بۇ تەرەپ قاراڭغۇ ئىدى. شۇنداقتىمۇ قاتار - قاتار پەس ئىشىكلەرنى ئىلغا قىلغىلى بولاتتى.

— ئالدىڭغا مېڭىۋەر! — يەنە بۇيرۇدى گۇندىپاي.

ئالدى تەرەپكە مېڭىۋەردىم. ھىم يېپىلغان ئۈچ ئىشىكتىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ:

— توختا! — دېدى.

ئۇنىڭ يېتىشىپ كېلىشىنى كۈتۈپ توختاپ قالدىم. ئۇ ئالدىمغا ئۆتۈپ، تۆتىنچى ئىشىكنى پۇتى بىلەن تېپىپلا ئاچتى ۋە:

— كىر! — دېدى.

دەۋرازىۋەن ساقچىنىڭ باياتىن «چۈشتە گېپى بولغان»، «مېھمانخانا» دېگەنلىرىدىن ۋە بۇ ئۆينىڭ ئېتىك ئەمەس-

لىكىدىن قارىغاندا، بۇ ماڭا ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان ئۆي ئىدى. مەن ئىچكىرى كىرىپ بولا - بولماي ئىشىك «گۈپ» قىلىپ يېپىلدى. تېشىدىن قۇلۇپ سېلىنغانلىقى ئاڭلاندى، سەل ئۆتۈپ گۈندىپاينىڭ قەدەم ئاۋازىمۇ بېسىقتى.

ئۆينىڭ ئىچى گۆردەك قاپقاراڭغۇ، نۇر كىرىدىغان ياكى شامال ئۆتۈشىدىغان بارماق پاتقۇدەك تۆشۈك بارلىقى بىلىنمەيتتى. زەي ئارىلاشقان ئاللىقانداق سېسىقچىلىق ۋە تىنجىق ھاۋادىن نەپەس ئېلىشمۇ قىيىن ئىدى. ئىشىكنىڭ مەن كىرىشتىن ئىلگىرى ئېتىك ئەمەسلىكى بۇ ئۆيدە ئادەم يوقلۇقىنى بىلدۈرەتتى. شۇڭا، ماڭا ئۆيدە بىرەر ئادەم بولسا گەپ - سۆز سوراش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. لېكىن، قاراڭغۇغا كۆزۈم كۆنسە ئۈنى - بۇنى ئىلغا قىلارمەن دېگەن تەمەيىممۇ يوققا چىقتى. بىر كۈنلۈك مۇشەققەتلىك سەپەردە تېلىپ، سىرقىراپ ئاغرىپ ماغدۇرسىزلانغان بەدىنىمنى ئىشىككە تىرەپ خېلى ۋاقىت تۇرۇپ باقتىم. كۆز ئالدىم يەنىلا قاپقاراڭغۇ ئىدى.

مەن تامنى ياقىلاپ پۇتۇم بىلەن يەرنى سىيپىلاپ ئايلىنىپ مېڭىشقا باشلىدىم. ياتسا ياكى ئولتۇرسا بولغۇدەك سۇپا، ئوت - خەشەك بولسىمۇ مەيلى ئىدى. قايسى بۇلۇڭ، قايسى تەرەپ، قايسى تام تۈۋىكىن، پۇتۇمغا پاخالدەك بىر نېمە ئۇرۇلدى، مەن شۇ يەردە ئولتۇردۇم. بۇ دەھشەتلىك قاراڭغۇلۇق، يالغۇزلۇق، ئېچىرقاش ۋە چاڭقاشلاردىن ئۇخلىسام قۇتۇلارمەن دەپ ئويلىۋىدىم، ئۇيقۇمۇ مەندىن قاچقاندەك تۇيۇلدى.

ئابلىمىت داموللامنىڭ توپىغا مىلەنگەن كىگىزلىك چاكارلار ئۆيى بۇ يەردىن مىڭ ھەسسە ياخشى ئىكەنلىكى ئايان بولدى. ئۇ ئۆي ئىشىكى ئوچۇق، ھاۋا كىرىدىغان، بۈرگىسى كۆپ بولسىمۇ ئۇيقۇغا سۆرەيدىغان ئۆي ئىدى. بۇنىسى بىر دەھشەت ئىدى. ھاۋا يوق، ھەممە تەرىپى ھىم بولغانلىقتىن نەپەس سىقىلاتتى. پۈتۈن بەدىنىمدىن تەر قۇيۇلاتتى. ئولتۇرۇپلا پۇتۇمدىن باشلانغان قىچىق بارا - بارا ئۈستىگە ئۆرلەشكە باشلىدى. مېنى قانداقتۇر ھاشارات چاققىلى تۇرغانىدى. ئۇنىڭ چېقىشى بۈرگىگە ئوخشىمايتتى. مەن پاقالچىقىمنى سىلاپ چوڭلۇقى قوناقتەك كې-



لىدىغان بىر نېمىلەردىن بىر يولى ئىككىنى تۇتتۇم، ئۇلار بارماقلىرىم ئارىسىدىلا ئۆلدى ۋە بارماقلىرىم ھۆلنى سەزدى. بۇ مەلئۇن ھاشاراتنىڭ چۇچۇن ئىكەنلىكىنى سەزدىم. پاخالنى تاشلاپ، يەرنى سىلاپ يۇرۇپ داق يەر ئۈستىدىلا ئولتۇردۇم. بۇنىڭمۇ ھېچقانداق پايدىسى بولمىدى. چۇچۇنلەر مېنى نەگە قاچقىنىم بىلەنمۇ بوش قويۇۋەتمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

مەن «گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈش» ئۈچۈنلا ئېلىپ كېلىنمىگەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. گۇۋاھچىلار، ئادەتتە ياخشىراق مۇئامىلىگە ئۇچرىشى كېرەك ئىدى. مەن سولانغان بۇ ئۆي بولسا قاتىللار ۋە ئەڭ ۋەھشىي جىنايەتچىلەر ئۈچۈنمۇ ئېغىر كېلىدىغان جازالاش مەيدانى ئىدى. ئاھ ھايات، ئاھ ئادەملەر! كىشىلەر بىر - بىرى ئۈچۈن نېمىدىگەن زور دۈشمەن ھە؟ ئىنسانىيەت ۋۇجۇدقا كەلگەندىن تارتىپ تەبىئەتنىڭ دۈشمەنلىكىدىن كۆرە، بىر - بىرىگە قىلغان دۈشمەنلىكتىن كۆپرەك ئازاب چېكىپ كەلمەكتە. نۇرغۇن كىشىلەر ھاياتنى چەكسىز ياخشى كۆرگىنى بىلەن قانداق ياشاشنى بىلمىگىنى ئۈچۈن ۋاقىتسىز ياكى بىھۇدە ھالدا بۇ دۇنيادىن غىپپىدە غايىب بولدى. ئۇلارنىڭ جىسمانىيىتى يەر تەكتىگە توپىلار قاتلىمىنى ئاۋۇتقۇچى سۈپەتتە ئارىلىشىپ ياشاۋاتقان نام - دېرەكسىز كىشىلەرنىڭ قاتارىغا قوشۇلدى. ھايات ياشاۋاتقان كىشىلەر ئىچىدە ھەممە نەرسىگە ئېرىشىش، ھەممە نەرسىنى قولغا كەلتۈرۈش، ھەممە نەرسىنى ئۇياق - بۇياق قىلىۋېتىش ئىستىكىدە ياشىغان كىشىلەرمۇ؛ ھېچ نەرسىگە ئىگە بولماسلىق، ھېچ نەرسىنى خالىماسلىق ئىستىكىدە ياشىغان كىشىلەرمۇ بولدى. بىراق، بۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ئەينى ۋاقىتتا بىر خىل نەرسىگە ئېرىشىشنى ئىستىسە، تەبىئىيكى، يەنە بىر خىل نەرسىنى، ئېرىشىش يولىدا ئۇچرايدىغان توسقۇن نەرسىنى چەتكە قېقىشنى ئالدىنقى شەرت قىلدى: بايلىقنى ئىزدىگۈچىلەر يوقسۇللۇقنى، زوراۋانلىق قىلغۇچىلار ئەركىنلىكنى، ھىيلىگەر - قۇۋلار ساددىلىقنى چەتكە قاقتى. ئەمما، ھەممە ئىنسانلارنى ھەرقانداق بايلىقتىنمۇ، ھەتتا ئاللاھنىڭ جەننىتى بىلەن ئۇنىڭ جامالىدىنمۇ بەكرەك قىزىقتۇرغۇچى ھايات نەچچە مىڭ،

نەچچە ئون مىڭ يىللاردىن بۇيان ئۆز يولىدا ئالغا باسماقتا. كىشىلەرنىڭ بۇ ھاياتتا تىرىشىپ - تىرمىشىپ، بىر - بىرىنى ئالداپ، بىر - بىرىگە زۇلۇم سېلىپ، بىر - بىرىنى يىغلىتىپ ياشاشلىرىدىن كېيىنكىلەرگە قالىدىغان بىردىنبىر نەرسە — باھاردا ياغقان قارغا ياكى بوران چىقىۋاتقان چاغدىكى قۇمغا چۈشكەن ئىزغا ئوخشاش خاتىرىدىن باشقا نەرسە بولمىدى. بۇ شۇنداق ئەلۋەتتە. سانسىزلىغان كىشىلەرنىڭ قانداق ياشىغانلىقلىرى ھەققىدىكى سانسىز خاتىرىلەر كېيىنكىلەرنىڭ ئېسىدە ساقلىنىشى ئۈچۈن بىر تالاي تەجرىبە - ساۋاقلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئېسىدە ساقلىغانلار ئاز، ئەمەل قىلغانلار تېخىمۇ ئاز بولدى. كۆپلىرى بولسا ئۆزى بىلگىنىچە، باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان يېڭىچە ياشاش يولى بىلەن ھاياتقا قەدەم قويۇپ، تا كۆز قارىچۇقلىرى ئىچىگە تارتىلىپ كەتمىگۈچە ھاياتنى يۈگەنلىيەلمىدى. ھاياتتىن قالىدىغان ئەڭ چوڭ، ئەڭ كۆپ مىراس غەم - ئەندىشىلەر ئەمەس، بايلىق ۋە توقلۇق ئەمەس، بەلكى ساۋاتسىزلىقتۇر. مىڭلىغان دانىشمەن، ئالىملارنىڭ ئۆمۈر بويى كۈچ سەرپ قىلىپ، كېيىنكىلەرنى ئۆگىتىشكە بېغىشلىغان توم - توم كىتابلىرىمۇ پەقەت بىر خاتىرە سۈپىتىدىلا قالدىكى، ئۇمۇ دەرسلىك بولالمىدى. ھايات يۈز ۋە پېشانىلەرگە ئۆز يولى بويىچە ئۆچمەس قورۇقلارنى سىزىۋەردى؛ ئەمەلگە ئاشمىغان ئارزۇلار ۋە كېيىنكى خاپىلىقلارنىڭ ئالدىنقى زاكالەتلىرى چېكە چاچلارنى ئاققا بوياۋەردى؛ ئاخىرىدا، ئادەملەر ئۆمۈر بويى جاپا - مۇشەققەتلەر بىلەن يۇلۇۋالغان، تارتىۋالغان، ۋارقىراپ - جارقىراپ، يىغلاپ - قاقشاپ، ئەنت - قەسەم ئىچىپ، ئەگەر پۇرسەت تاپسا ياشاشنى ئۇنچىۋالا چوڭقۇر بىلمىگەن ھاڭۋاقتىلارنى بوغۇپ تاشلاپ، تاپقان جىمى نەرسىلەرگە تارتىشىپ، كۆزى قىيمىغانلىقتىن ئۇلارغا قاراپ كۆز قارىقى تارتىلىپ، بىر تالاي ئەندىشە، ۋەھىمىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا بىر نەچچە گەز ماتاغا پۈركىنىپ كېتىۋەردى. ھاياتقا نېمە؟ ئۇ ھېچقاچان ھېچكىمگە ئىچ ئاغرىتماي، ئەپسۇسلانماي ئۇزىتىپ قويىۋەردى. بۇلار ھەققىدە كېيىنكى كىشىلەر نېمىلەرنى بىلىدۇ؟ ھېچ نەرسىنى! ھايات كېيىنكىلەرنى باشقىدىن جەلپ



قىلىشقا، قىزىقتۇرۇشقا، ئۆگىتىشكە باشلايدۇ. مېنىڭ چۈشەنچەمدىكى ھاياتنىڭ سىرى شۇنداق ئىدى.

ھاياتنىڭ بۇ ئالتوپىلاڭلىق مەيدانىغا ھېچكىم ھەممىنى ئالدىن بىلىپ كىرمەيدۇ. بۇ مەيداننىڭ ئىچى ناھايىتى سىرلىقتەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەسلىدە ھەممىگە ھەممە نەرسە ئېنىق ۋە روشەن. كىشىلەر بۇ مەيداندا قاڭقىپ، چۆرگىلەپ يۈرۈپ، ھاياتنىڭ ئەڭ چوڭ زىيان سالغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىنمۇ يەنىلا ئۇنى جەلپدار، قىزىقتۇرغۇچى ۋە ئەڭ ئاجايىپ گۈزەل دەپ تونۇشىدۇ.

بۇ پىكىرلىرىمنى يەنە رەت قىلماقچى بولاتتىم. بۇ ھەققىي دەرۋىشنىڭ، جېنىدىن تويغان، دۇنيادىنمۇ تويغان بىر ئادەمنىڭ پىكرى، ئۆز - ئۆزىنى بەزلىشى دەپ مۇنازىرە قىلاتتىم. سەن نېمىشقا يەنە نېمىلەرنىدۇر ئىزدەيسەن، نېمىلەرگىدۇر ئېرىشىشنى كۆزلەيسەن؟ دەپ سوئال قوياتتىم ئۆزۈمگە ئۆزۈم.

بۇ سوئاللارغا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن بۇۋىسارەمنى تېپىش كېرەك ئىدى. ئۇ قەشقەردە نېمە قىلىپ يۈرىدىكىن؟ مېنى ئەسلەمدىكىن ياكى ئۇنتۇپ قالامدىكىن.

بۇلار توغرىسىدا ئويلىغاندىن ئويلىمىغىنىم ياخشىراق ئىدى. ئويلىساملا يۈرىكىمنى بىرى ئامبۇردا قىسىپ پەسكە تارتقاندەك بولاتتى. بېشىم قېيىپ، ئىككى چېكەمگە ئاغرىق كىرىپ كېتەتتى. ھېلىمۇ شۇنداق بولدى. مىڭ تەسلىكتە ئورنۇمدىن تۇرۇپ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا يۈرۈشكە باشلىدىم. قەشقەردىن چىقىپ كەتكەندىن بۇيانقى يادىمدا قالغان ئىشلارنى ئەسلەشكە ئۇرۇنۇپ باقتىم، پايدىسى بولمىدى. ھامان كۆز ئالدىمدا بۇۋىسارە، پىكىر - خىياللىرىمدىمۇ بۇۋىسارە ئىدى...

كىمدۇر بىرى مۈرەمنى ئاغرىتىپ سىلكىگەندە ئۆزۈمگە كەلدىم. ئوچۇق ئىشىكتىن ساپ ھاۋا، قۇياش نۇرى كىرىۋاتاتتى. يېنىمدا مۈرەمنى قاماپ تۇتۇپ يوچۇنلا بىر ساقچى ئۆرە تۇراتتى. قاچان خىيال سۈرۈشتىن توختاپ، تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قالغىنىمنى ئەسلىيەلمىدىم، ساقچى گەپ - سۆز قىلماي ئۆرە تۇرۇشۇمنى، تالاغا چىقىشىمنى ئىشارەت

قىلىۋاتاتتى .

تـالاغا چىقتىم . كۈن نۇرىدىن كۆزۈمنى ئاچالماي بىر پەس تۇرۇپ
قـالـدىم . ۋاقىت چۈشتىن قايرىلغانىدى . مۇشۇ پەيتتە ئىككى قاتار گۈندـ
خـانـا ئۆيـلـەرنـىـڭ ئوتـتـۇرىسىدىكى ئات هارۋىسى بەخۇدۇك ماڭالايدىغان
سەيناغا كۈن نۇرى تولۇق چۈشكەنىدى .

ـــ قـارنـىـڭـغـا يەيدىغاننى يەپ تەييار بول ! ـــ دېدى ساقچى تام
تۆۋىنى كۆرسىتىپ .

بـۇ ساقچى ئوتتۇز بەش ياشلارغا كىرگەن ، ئوتتۇرا بويى ، تۇگگان
قـاپـاق ، كـۆزلىرىدىن ۋەھشىيلىك چىقىپ تۇرىدىغان ئادەم ئىدى . ئۇنىڭ
سىيمىز كالپۇكىنىڭ ئۈستىدە ئىنچىكە چاشقان بۇرۇتى پەقەت ياراشمىغان ،
چـاپلاپ قـويـغـانـدەكلا كـۆرۈنـەتـتـى . مـەن ئۇ كۆرسەتكەن تام تۆۋىگە
قـارىدىم . تام تۆۋىدە ئارىراق ساپال تاۋاقتا سۇمۇ ياكى سوۋۇپ قالغان قايـ
نـاق سـۇمـۇ ، ئـېـشـقـىلـىـپ لىق بىر تاۋاق سۇ بىلەن داق توپا يەر ئۈستىدە
كۆممىقوناقتىن چالا تارتىلىپ كېپىكى تاسقالمىغان ئۇندا پىشۇرۇلغان قوش
مۇش چوڭلۇقىدىكى جىگموما تۇراتتى .

ئۇنـىـڭ دېـۋەيلەپ تۇرۇپ نازارەت قىلىشى ئاستىدا جىگموما بىلەن
سـوۋۇپ قـالـغـان قـايناق سۇنى ئىچىپ تۈگەتتىم . تاۋاقنى يەرگە قويار ـ
قويماي ، ساقچى :

ـــ ئالدىمغا چۈشۈپ ماڭ ! ـــ دەپ بۇيرۇدى .

ئالـلىقانداق دوقمۇشلاردىن ، ئىككى ـ ئۈچ قېتىم ئۆي ئارىلىقىدىكى
بـوشـلـۇقلاردىـن كېسىپ ئۆتۈپ ، بىر سەينانىڭ تېمىنى ياقىلاپ مېڭىپ ،
ئـىـشـىـكـى قاناتلىق بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدۇق . دوقـ
مـۇشلاردىـن قـايـرىـلـغاندا ، بوشلۇقلاردىن كېسىپ ئۆتكەندە ساقچى ماڭا
قـىـسقا ، ئاگاھلاندۇرۇش خاراكتېرىدىكى بۇيرۇقلارنى بېرىپ قاياققا مېڭىـ
شـىـمـنـى كۆرسىتەتتى . بىز ئۆينىڭ ئالدىدا توختىغاندا ساقچى ئىشىكنىڭ
بـىـر قانىتىنى ئېچىپ ، بويىنىنى ئۆي ئىچىگە سوزۇپ كىرگۈزدى . ھايالسىز
تارتىۋالدى ۋە مېنىڭ گەجگەمگە قوپاللىق بىلەن بىرنى ئۇرۇپ :

ـــ كىرە ئوغرى ! ـــ دەپ توۋلىدى .



ئۇنـىـڭ ئـېـيـتـقـىـنـى ۋە قىلغىنى ماڭا ھەيۋە كۆرسىتىش ئۈچۈن
ئەمـەس ، ئۆيـنـىڭ ئىچىدىكى كىشىلەرگە يېقىش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى چۈـ
شـەنـگـەن ھالـدا بوسۇغىدىن ئاتلىدىم . تاپباستى قىلىپ كىرگەن ساقچى
ئىككى قەدەم بېسىشىمغىلا شىللەمدىن قاماپ تۇتۇپ :

ـــ توختا ! ـــ دەپ بۇيرۇدى .

ئۆي نـاھايـىتى كەڭ ۋە بەكمۇ ئېگىز ييپىلغانىدى . تورۇستا ئىككى
يـەردىـن تـۇگلۈك ئېچىلغان بولۇپ ، ئۆي ئىچىگە يېتەرلىك يورۇق كىرىپ
تـۇراتـتـى . تـۆت تـام بولسا سىدام ـ تەكچىسىز ، دېرىزىسىمۇ يوق ئىدى .
مـېـنـى ئـېـلـىـپ كـىـرگـەن ساقچىدىن باشقا ، قىسقا كالتەك تۇتقان ئىككى
سـاقچى ئىككى تەرەپتە بۇتتەك قېتىپ تۇراتتى . ئۇدۇلدا ـــ ئىشىكنىڭ روـ
بـىـرىـدا تـوغـرى قـويـۇلـغـان ئۇزۇن ئۈستەل بار ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە
ھاۋارەڭ رەخـت يـېـپـىـلـغـان ، ئۈستەلنىڭ نېرىقى تەرىپىدە ماڭا تىكىلىپ
قـاراپ تـۆت ئادەم سۈر چـىـقـىـرىـپ تۇراتتى . ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى
سـاقـچـى كـىـيـىـمـدە ، قالغانلىرى ئەمەلدار سىياقىدا كىيىنگەن ، بىرىنىڭ
ئۇيـغـۇر تـۇگـچـى ئـىـكـەنـلـىـكـى بـىـلـىـنـەتـتـى . ئۆيـنىڭ سوراقخانا ،
ئولتۇرغانلارنىڭ سوراقچىلار ئىكەنلىكىنى سەزدىم .

سـاقـچى كىيىمىدىكى ئەمەلدار بوغۇق ، بوم ئاۋاز بىلەن خۇش ياقـ
ـمىغاندەك سۆزلەشكە باشلىدى . ئۇ سۆزگە كىرىشىشى بىلەنلا ئالدىغا سەل
ئېـگـىـشـىـپ ، ئۈستەلدىكى قەغەزگە قارىۋالدى . ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرـ
غـان يـېـشـى ئەلـلـىـكـلـەردىـن ئاشقان ، ئۆچكە ساقال بىرى ئۆزىگە زادى
ياراشمىغان بۇرۇتىنى سىلاپ قويۇپ يۇڭ قەلەمنى قولىغا ئالدى . قارىغاندا ،
ئۇ سـوراق خـاتـىرىسىنى يازىدىغاندەك تۇراتتى . تۇگچى ئەمەلدارنىڭ سۆـ
زىنى ئۆرۈپ بەردى :

ـــ شـەپـقـەتلىك ئامبال دارىننىڭ ئەمرى بىلەن ئېچىلغان بۇ داتاڭ
سـوراقـتـا راسـتـىنى راستلىقى بىلەن سۆزلىمىسەڭ پۇت ـ قولۇڭدىن ئايرىـ
لـىـپ ، مـاڭـالـمـاس ـ تـۇتـالماس بولۇپ قالىسەن . يالغاننى راست قىلىپ
سۆزلىسەڭ تىلىڭدىن ئايرىلىپ كېكەچكە ئايلىنىسەن . . .

مـەن بـۇ ئەزمـىـلىك بىلەن بېرىلىۋاتقان تەنبىھگە قاراپ تۇرماقتىن

باشقا ئىلاجىم يوق ئىدى. چۈنكى، مەندىن سوئال سورالمىغانىدى. بىر هازادىن كېيىن ئىسمىم، مىللىتىم، دىنىي ئېتىقادىم ۋە يۇرتۇمنىڭ قەيەر ئىكەنلىكى سورالدى.

— ئىسمىم ئاللاهبەردى، مىللىتىم ئۇيغۇر، دىنىم ئىسلام، يۇرتۇم قەشقەرنىڭ قاقۇللا يېزىسى، — دېدىم ئالدىرىماي ـ تېنىمەي.

تۇگچى ئۆرۈپ، ئۆچكە ساقال يېزىپ بولغاندىن كېيىن ساقچى ئەمەلدار مۇنداق دەپ سورىدى:

— يۇرتۇڭنى تاشلاپ چىققىلى قانچە ۋاقىت بولدى؟ قاچاندىن تارتىپ ئوغرى ـ قاراقچىلىق قىلىپ يۈردۈڭ؟

— يوقسۇ دارىن... مەن ئۆمرۈمگە كېلىپ خەقنىڭ نەرسىسىگە كۆز ئالايتقان بەندە ئەمەس...

تۇگچى سۆزۈمنى قانداق ئۆرۈدى، قانچىلىك ئۆرۈدى، بىلمىدىم. ئۇنىڭ گېپى تۈگىمەيلا ساقچى ئەمەلدارى ئۈستەلگە «پاق» قىلدا بىرنى ئۇرۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى پاكار ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. تۇگچىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاۋازىغا سۈنئىي غەزەپ تۈسىنى بېرىپ:

— يالغان سۆزلىمە، قەشقەردىن جىنايەت سادىر قىلىپ، قېچىپ كەتكەنلىكىڭ توغرىسىدا گۇگسى كەلدى! — دېدى.

تۇگچىنىڭ سۆزى ئاياغلىشىشى بىلەن تەڭ ساقچى ئەمەلدارى ئۈستەل ئۈستىدىكى قەغەزلەرنى ئېلىپ پۇلاڭشىتىپ قويۇپ، ئۆزىنى ئورۇندۇققا تاشلاپ ئولتۇردى ـ دە، ماڭا غەزەپ بىلەن هومىيىپ قويىدى.

ئىككى چېكەمگە «زىڭگىدە» ئاغرىق كىرىپ كەتتى. «قەشقەر تەرەپتىن راستىنلا خەت ـ پەت كېلىپ يۈرگەنمىدۇ؟ — دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە، — ئون يىلدىن ئىلگىرىكى ئىشلارنىڭ دەۋاسى هېلىغىچە سۈرۈشتۈرۈلۈۋاتسا ـ هە؟...» ئەمما، هېچنېمىگە ئىقرار قىلماسلىق نىيىتىگە كەلدىم. «بۇ پوپوزا، مېنى سىناپ بېقىۋاتسا كېرەك... — دېگەن پىكىرلەر كەچتى خىيالىمدىن، — ئەگەر قەشقەردىن راستىنلا خەت كەلگەندىمۇ، ئۇ خەتتە بىلال ئىسىملىك ئادەمنىڭ ئىشلىرى يېزىلغان بولىدۇ. مەن ئىسمىمنى ئاللاهبەردى دەۋاتسام، بۇلار نېمىشقا بۇ ئىسىم يالغان، قاقۇللا يېزىسىدىن دېگىنىڭ يالغان، دېمەيلا جىق جىنايەت هەققىدە ئېغىز ئاچىدۇ؟...»



— جاۋاب بەر! — دېدى پاكار ساقچى ئەمەلدارى ئۈستەلنى مۇشتلاپ، — بىزدە سېنى ئىقرار قىلدۇرىدىغان چارە ـ تەدبىرلەر جىق! — ئۇ سەل ئارىسالدى بولۇپ قالغىنىمنى كۆرۈپ قىستاپ بېقىۋاتاتتى.

— مەن قەشقەردىن كىچىك چېغىمدىلا چىقىپ كەتكەن تەقسىر، مەن كارۋانلارغا قوشۇلۇپ...

تۇگچى گېپىمنى ئۇدۇللۇق ئۆرۈپ بېرىۋاتاتتى. ساقچى ئەمەلدارى گېپىمنى بۆلۈپ ۋارقىرىدى.

— يالغان گەپ قىلىۋاتىسەن، كىچىكلىكىڭدە يانچۇقچىلىق قىلغان، سەل چوڭايغىنىڭدا ئوچار ئوغرىغا ئايلانغانسەن... هەممىنى بىر باشتىن ئىقرار قىلمىساڭ، ساڭا ئۆلۈم!

يۈرىكىم جايىغا چۈشۈپ، بەدىنىمدە بىلىنەرلىك يەڭگىللىك سەزدىم. سوراقچى پۈتۈنلەي قارىسىغا سۆزلەۋاتاتتى. يالغان گەپ قىلىۋاتقىنى مەن ئەمەس، دەل ئۇنىڭ ئۆزى ئىدى.

— خۇدانىڭ نامى بىلەن ئۆزۈمنىڭ ئوغرى ئەمەسلىكىمنى تەكرارلاشقا رۇخسەت قىلسىلا تەقسىر، — دېدىم.

تۇگچى گېپىمنى ئۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ساقچى ئەمەلدارى يەنىلا هۆرپىيىپ ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ماڭا ئۆرۈپ بەرمىدى. كەينىمدە تۇرغان ساقچى يان تەرىپىمگە ئۆتۈپ توساتتىنلا يۈزۈمگە مۇشت ئاتتى. تەييارلىقسىز تۇرغانلىقىمدىن ئۆزۈمنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ ئارقامغا يىقىلىپ چۈشتۈم. مەڭزىم قېتىش بۇرنۇمغا تەگكەن مۇشتتىن بۇرنۇمدىن ئوقتەك قان كەتتى. پىششىق خىش يېيىتىلغان يەرگە تەگكەن ئارقا مېڭەم قاتتىق ئاغرىۋاتاتتى. مېنى ئۇرغان ساقچى ياقامدىن قاماپ تۇتۇپ، سۆرەپ دېگۈدەك تۇرغۇزدى. قۇلىقىمغا:

— يەنە راست گەپ قىلمىساڭ گاڭزىغا بېسىپ بۇرنۇڭغا لازا سۈيى

قۇيمىز . . . — دېگەن پوپوزا ئاڭلاندى .

— مەن قەلەندەر دەرۋىش تەقسىر ، — دېدىم ئاغزىمغا توشۇپ قالغان قاننى تۈكۈرۈۋېتىشكە جۈرئەت قىلالماي شۆلگەيگە ئوخشاش جاۋغىيىمدىن ئېقىتىپ تۇرۇپ ، — بۇنى گۇسوزا دېگەن جاڭگۇيدى ئايال ، بازار بېگى ۋە مېنى شۇ يەرگە ئېلىپ بارغان ، ئىشقا بۇيرۇغان چېرىك باشلىقىدىن سوراپ بېقىشسىلىمۇ بولىدۇ . . .

تۆگچى سۆزۈمنى ئۆرۈپ بەرگەندىن كېيىن سوراقچى ساقچى ئەمەلدارى بىر نېمىلەرنى دېدى ، ماڭا ئالايدى ۋە تامنىڭ تۈۋىدە تۇرغان بىر ساقچىغا ئاللىنېمىلەرنى بۇيرۇدى . ساقچى چىقىپ كېتىپ ھايالسىزلا گۇسوزىنىڭ ھويلىسىدىن مېنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن چېرىك باشلىقىنى ئېلىپ كىردى . چېرىك باشلىقىنىڭ ئۈستىدە بەلگىلىرى ئېلىپ تاشلانغان ، كونىراپ مەينەتلىشىپ كەتكەن چېرىكچە كىيىم بار ئىدى . ئۇنىڭ شۇ تاپتا بىر چاغلاردىكى ھەيۋىتى قالمىغان ، ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ ، بويۇن ۋە گەدىنىنى بىر ئىلىك كىر باسقانىدى . ئۇ ماڭا قارىدى ۋە شۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدە نەزىرىنى مەندىن يۆتكەپ ، سوراقچى ساقچى ئەمەلدارىغا تىكىلدى . ئۇ مېنى تونۇمىدى .

— تونۇمسەن بۇ ئەبلەخنى ؟ — دەپ سورىدى سوراقچى ساقچى ئەمەلدارى مەندىن ، بۇرۇنقى چېرىك باشلىقىنى تۇمشۇقىدا ئىشارەت قىلىپ .

— تونۇيمەن ، — ھايالسىز جاۋاب بەردىم ، — مۇشۇ كىشى مېنى گۇسوزىنىڭ ھويلىسىدىن ئاچىقىپ ، بازار بېگىنىڭ ھاشىرىغا تۇتۇپ بەرگەن . كېيىن مېنى ئىككى چېرىككە قوشۇپ ئابلىمىت داموللامنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتتى . . .

تۆگچى دېگەنلىرىمنى ئۆرۈپ بولغۇچە مەھبۇسقا ئايلىنىپ قالغان كونا چېرىك باشلىقى باشتىن - ئايىغىمغىچە قاراپ چىقتى . ئۇنىڭ قارىشىدىن ھەيران بولغانلىقى ياكى ئىقرارىمغا ئېتىراز بىلدۈرگىنىنى بىلگىلى بولمايتتى .

سوراقچى ساقچى ئەمەلدارى ئۇنىڭدىن مېنى تونۇيدىغان - تونۇ-



مايدىغانلىقىنى سورىغاندا ئۇ :

— دېگەنلىرى توغرا ، ئۆزىنى يادىمغا ئالالمىدىم ، — دېدى كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ ۋە ئالدىراپ قوشۇپ قويدى ، — مەن مۇشۇنداق بىر كېپەن ئوغرىسىنى گۇسوزىنىڭ شوپاڭخانىسىدىن ئاچىقىپ ، بەگكە تاپشۇرغىنىم ، داموللامنىڭكىگە بېرىشقا بۇيرۇغىنىمنى ئاللىبۇرۇن ئىقرار قىلغانىدىم . دارىن . . . ئەمما بۇ شۇمۇ - ئەمەسمۇ ؟ — ئۇ ماڭا قارىمايلا قولى بىلەن مېنى ئىشارەت قىلدى ، — كۆزۈمدىن چىقىپ قاپتۇ . . .

سوراقچى ساقچى ئەمەلدارىنىڭ ئىشارىتى بىلەن بۇرۇنقى چېرىك باشلىقىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپ ، بازار بېگىنى ئېلىپ كىرىشتى . بازار بېگىنىڭ تەقى - تۇرقى چېرىك باشلىقىنىڭكىدىنمۇ رەسۋالىشىپ كەتكەن ، ئۇ خۇددى گۈلەخكە ئوت قالايدىغان ياكى دىۋانىچىلىقنىمۇ ئەپلەشتۈرەلمەي ئېچىرقاپ كەتكەن تېجىمەلگە ئوخشاپ قالغانىدى . ئۇ كىرىپلا مېنى تونۇدى ۋە ئەسەبىيلەرچە :

— سوراقچى ، دارىن ، تۆگچى غوجام ، مەن خېلى بۇرۇنلا ھەر بىرلىرىگە ئىقرار قىلىپ ، مەلۇم قىلىپ بولغان كېپەن ئوغرىسى مۇشۇ . . . — دەپ مېنى كۆرسەتتى .

ئۇنىڭ قىزغىنلىقى بويۇن قېتىش ئارقا مېڭىسىگە تەگكەن كالتەكنىڭ زەربىسى بىلەن مۇكاپاتلاندى . ئۇنىڭ گېپى تۆگمىگەنلىكتىن تىلىنى چىشلەپ تاشلىدى . كۆزلىرى غەلىتە ئالايدى . لېكىن ، ئۇنى ئۇرغان ساقچى ئۇنىڭ يىقىلىپ چۈشمەسلىكى ئۈچۈن يۆلەپ تۇراتتى .

— كىم سېنى سوراقسىز ۋالاقشىسۇن دەپتۇ ؟ — دېدى تۆگچى سوراقچى ساقچى ئەمەلدارىنىڭ سۆزىنى ئۆرۈپ . ئەمما ، ئۇنىڭ سۆزىنى بەگ ئاڭلىيالمايتتى .

ساقچى ئۆزىگە قىلىنغان ئىشارەت بىلەن بەگنى يۆلەپ دېگۈدەك ئېلىپ چىقىپ كېتىپ ، خېلى ئۇزاقتىن كېيىن گۇسوزىنى ئالدىغا سېلىپ كىردى . گۇسوزا تاياقنى خېلى يېگەن بولسا كېرەك ، كۆزلىرىنىڭ چۆرىسى كۆكەرگەن ، ياڭاقلىرى ئىششىغان ، ئاستىنقى كالپۇكىدا قان ئۇيۇپ قالغانىدى . ئۇنىڭ ئۈستىۋېشىمۇ كىشىنىڭ ئىچىنى ئېلىشتۇرغۇدەك

يىرتىق ۋە مەينەت ئىدى، چاچلىرىمۇ بوياپ قويغاندەك ئاقىرىپ كەتكەنىدى.

بۇ ئالامەتلەردىن ئابلىمىت داموللام ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىسىنىڭ نەقەدەر زورلۇقىنى كۆرگىلى بولاتتى. قولىدا چېرىكى بارلارنىڭمۇ مەھبۇسقا ئايلانغانلىقى بۇ جېدەلنىڭ مۇرەككەپ، ئۆتكۈر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايتتى.

گۇسوزىنى تونۇش - تونۇماسلىقىم ھەققىدىكى سوراق - جاۋاب چېرىك باشلىقى بىلەن بولغان سوراق - جاۋابقا ئوخشاش بولدى. گۇسوزا مېنى تونۇيدىغانلىقىنى ئېيتتى. لېكىن، مېنىڭ قەرزدارلىقىمنى ئەسكەرتىپ قويدى:

— بۇ ئىت قەلەندىرى ئاش - تۈزۈمنى يېگەن، ئېكىن - ئاياغلىرىمنى كىيگەن، ئادالەتلىك سوراقچى دارىنىڭ ھەققىمنى ئېلىپ بېرىشىنى ئۆتۈنىمەن...

ئۇنىڭ ئاغزىدىكى ئالتۇن چىشلىرىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ ھەيران بولدۇم. ئۇ كوماك مومايغا ئايلىنىپ قالغان، بۇ چىشلارنى ئۇ ئۆزى ئېلىۋەتكەن ياكى تارتىپ ئېلىنغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

گۇسوزىنىڭ سۆزلىرى توغرىسىدا مەندىن ھېچنەرسە سورالمىغانلىقتىن مەنمۇ تۇرىۋەردىم.

گۇسوزىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىشىكنىڭ تېشىدىكى مىشىلداشلىرىمۇ ئاڭلانماي قالغاندىن كېيىن سوراقچى ساقچى ئەمەلدارى مېنى ئالدىغا چاقىردى ۋە مەن تۇڭچىنىڭ ئۆرۈپ بېرىشى ئارقىلىق باياتىندىن بېرى بولۇنغان سوراق - جاۋابلارنىڭ خاتىرىسىگە قول بېسىشىم كېرەكلىكىنى چۈشەندىم. ئۆزۈممۇ تونۇمايدىغان خەتلەر يېزىلغان بىر نەچچە ۋاراق قەغەزنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە سۇرۇقتا تەگكۈزۈلگەن بارمىقىمنى باستىم. ماڭا مۇشت ئاتقان ساقچى مەندىن بىر غېرىچمۇ يىراقلاشماي يېنىمدىلا تۇراتتى.

سوراقچى ساقچى ئەمەلدارى قولىنى سىلكىدى. ساقچى تالاغا چىقىشىمنى ئىشارەت قىلدى. سوراق تۈگىگەنلىكىنى ھېس قىلىپ تالاغا



چىقتىم.

سەينا مەن كىرگەن چاغدىكىدەك جىمجىت، ئادەمسىز ئىدى. مېنى ساقچى باشقا بىر تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى. بۇ قېتىم كەينىمدە ئەمەس، يېنىمدا ماڭدى. ئىككى دوقمۇشتىن قايرىلىپ بىر ئىشىكتىن ئۆتكەندىن كېيىن مېنى بىر ئۆيگە سولاپ قويدى.

بۇ ئۆي ئىچىدە ئالتە - يەتتە ئادەم بار ئىدى. ئۆينىڭ ھەجمىمۇ خېلى چوڭ بولۇپ، ئۈستىدە تۈڭلۈك، ئىشىككە ئۇدۇل تامدا بىر ئادەمنىڭ بېشىمۇ پاتمايدىغان كۆزنەكتىن قاتار تۆتى بار ئىدى. ھەر كۆزنەكنىڭ ئارىلىقى ئىككى گەزچە كېلەتتى. شۇ تاپتا شۇ كۆزنەكلەردىن كىملەرنىڭدۇر كۈلكىسى، كىملەرنىڭدۇر يىغىسى ۋە يەنە ئاللىكىملەرنىڭ بىرلىرىنى تىللاۋاتقانلىقى ئاڭلىناتتى.

مېنىڭ كىرىشىم بىلەنلا بۇ گۇندىدىكى كىشىلەر كېلىشىۋالغاندەكلا تەقى - تۇرقۇم، ئۈستىۋېشىمغا سىنچىلاپ قاراپ چىقىشتى. ئۇلارنىڭ كۆز قارىشىدا دوستانىلىك، ھېسداشلىقتىن ئەسەر يوق، گويا ئۇلارنىڭ قامىلىپ يېتىشىغا مەن سەۋەبچى بولغاندەك ھەممىسى ھومىيىپ قارايتتى. ئۇلارنىڭ چاچ - ساقاللىرىنىڭ ئۆسۈپ كەتكەنلىكى، كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ ئۈستىدىن تۆكۈلۈپ چۈشكۈدەك دەرىجىدە يىرتىقلىقى، رەڭگىرويىدىكى كىر - قاسماقلاردىن قارىغاندا ياكى بۇ يەردە يېتىۋاتقىنىغا ناھايىتى ئۇزاق يىللار بولغان ياكى توپتوغرا گۇلەخ، زاسۇپپەزخانىدىن ئېلىپ كېلىنگەن، دەپ پەرەز قىلىشقا بولاتتى.

ماڭا دوستانىلىكنى ئاياۋاتقان بۇ كىچىك كوللېكتىپقا سالام بېرىپ چىقىشىۋېلىشنى لايىق تاپتىم. ئارقا مېڭەم ۋە باياتىن بىلىنمىگەندەك تۇرغىنى بىلەن شۇ تاپتا ئېچىشىپ ئاغرىۋاتقان زاڭاقلىرىم كۈلگىلى قويمايۋاتقان بولسىمۇ، ئۈنۈمنى سىپايە چىقىرىشقا تىرىشىپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم مۆمىنلەر، — دېدىم.

سالىمىمنى ھېچكىم ئىلىك ئېلىپ جاۋاب بېرەي دېمىدى. سوراقخانىدا ئۆرە تۇرىۋېرىپ پۇت - قوللىرىم تېلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئىشىكتىن سەل يانغا سۈرۈلۈپ، داق يەر ئۈستىدىلا ئولتۇردۇم. باشقىلار

بۇ ھەرىكىتىمگىمۇ سوغۇق نەزەرىنى سېلىشىپ ئۈنچىقماي ئولتۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ بۇ مۇئامىلىسى كۆڭلۈمگە ۋەھىمە ھەم تەشۋىش سالدى. باياتىن سوراقخانىدا ئالدىمدىمۇ، ئىككى تەرىپىمدىمۇ، ھەتتا يېنىمدىمۇ ساقچى تۇرغان، ئۇلار خالىسا ئۇرىدىغان - تېپىدىغان، خالىسا گاڭزىغا باسىدىغان بەلكى خالىسا ئۆزلىرى دېيىشكىنىدەك بۇرنۇمغا لازا سۇيى قۇيىدىغان شەرت - شارائىت ۋە ھوقۇققا ئىگە مۇھىتتىمۇ ھازىرقىدەك ۋەھىمە ھېس قىلمىغانىدىم. چۈنكى، ئۇ يەردە شۇنداق ئىش راستتىنلا يۈز بەرسە قۇتۇلغىلى بولمايتتى. ئۇلار ماڭا، مەن ئۇلارغا دۈشمەن ئىدىم. شۇ تاپتىكى ئەھۋال ئۇنىڭغا ئوخشىمايتتى، بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ماڭا ئوخشاشلا تۇتقۇن ئىدى. ئېھتىمال، ئۇلارنىڭ بەزىسى، ھەتتا ھەننىۋاسى گۇناھسىز بولۇشىمۇ مۇمكىن، مېنىڭمۇ گۇناھسىزلىقىمنى نېمىشقا يادىغا ئېلىپ قويمايدۇ؟ ئۇلارنىڭ بۇنداق پوزىتسىيىسىنى قانداق چۈشىنىش مۇمكىن؟ بۇنىڭغا دەماللىققا بىر نەرسە دېيەلمەسلىكىمنى چۈشىنەتتىم.

كۆز قىرىم بىلەن بۇ گۇندىدا مەندىن باشقا يەتتە ئادەم بارلىقىنى ساناپ چىقتىم. ئەڭ كىچىكى يىگىرمە بەش - يىگىرمە ئالتە ياشلارغا كىرگەن بولۇپ، ئۇ ماڭا ھەممىدىن يېقىن يەردە ئىدى. ئەڭ چوڭى ئەللىك ياشلاردىن ھالقىغان دەپ پەرەز قىلىشقا بولاتتى.

بۇ گۇندىمۇ ھەرقانداق گۇندىلارغا ئوخشاش ئىدى. ئولتۇرغانلارنىڭ ئاستىدا قىش - ياز ئېلىنمايدىغان، يەڭگۈشلەنمەيدىغان، تىتىلىپ سامانغا ئايلانغان ۋە پىت بېسىپ كەتكەن شال ھەم تېرىق پاخلى بار ئىدى. تاملار ئۆلتۈرۈشتىن قېنى چاپلىشىپ كەتكەن چۈچۈن ئىزلىرى بىلەن توشقانىدى. ھازىر كۈندۈز بولسىمۇ، كۆممىقوناق چوڭلۇقىدىكى چۈچۈنلەرنىڭ قىمىرلىشىپ يۈرگىنىنى سەزگىلى بولاتتى. ياغاچ ئۈستىگە بادرا تىزىپ، بورا سالمايلا پاخال بىلەن يېپىلغان تورۇستىن كېچىسى چۈچۈن ياغىدىغانلىقى ھېلىتىنلا تۇيغۇلىرىمغا تەسىر قىلىپ، ئېغىزمانلىرىم قىچىشىشقا باشلىدى. بىراق، سولىنىپ قالغان كىشىگە ئىلاج قانچە؟

خىيالىمغا « ئەمدى مېنى نېمە قىلار ؟ » دېگەن قورقۇنچلۇق سوئال



كىرىۋالدى. ئابلىمىت داموللا مېنى پەقەت گۇۋاھلىقتىن ئۆتىسەن، دېگەنىدى. كېچىچە قىينىلىپ جېنىم قاقشىغان، ئەتىگەندىن بۇيان سوراققا تارتىلىپ مۇشت يېگەن بولسامۇ، مەن بىلەن بولغان سوئال - جاۋابلار بەرىبىر گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈشۈم زۆرۈر بولۇپ قالغانلىقىنىلا بىلدۈرەتتى. ئۇنداق ئىكەن، مەن گۇۋاھ بولىدىغان ئادەملەرمۇ گۇۋاھلىقىمنى تەن ئېلىپ تۇرۇۋاتقاندا مېنى داۋاملىق سولاپ قويۇشنىڭ سەۋەب - ۋەجىنى چۈشەنگىلى بولمايتتى. ئەگەر ئىز - دېرىكىمنى قىلىدىغان ئادىمى يوق مەندەك بىر ئادەم توغرىسىدا گۇندىخانا تەرەپ يادىغا ئالمىسا، چۈچۈن ۋە پىتلارغا يەم بولۇپ ياتقىنىم ياتقانىدى. بۇنداق مىساللار ئازمۇ؟

« بۇرۇن - قۇلىقىڭغىچە توي، — دېدىم ئىچىمدە ئۆزۈمنى ئەيىبلەپ، — مازار، گۇمبەز، ئوچۇق گۆر بولسىمۇ چۈچۈنسىز، ئەركىنلىكىڭ بار ئادەم ئىدىڭ... ھەپتىدە بىر توغرام نان تىلەپ يېسەڭمۇ بارغان - تۇرغانلىرىڭدا سوئال - سوراقسىز ئىدىڭ... ئات - ئۇلاغسىز، پۇل - پۇچەكسىز بولساڭمۇ، مەيلى خوتەن ياكى قەشقەرگە بېرىشقا يولۇڭ ئوچۇق تېجىمەل ئىدىڭ... پۇل تاپىمەن، باي بولۇپ قايتىمەن، دېگەنلىرىڭگە توي! »

تالادىن بىرنېمىنىڭ تاقىلدىغان ئاۋازى كەلدى. كېيىن ئىشىكنىڭ قۇلۇپى ئېچىلغاندەك قىلدى، ئارقىدىنلا ئىشىك ئىچىگە ئۇلۇغ ئېچىلدى. ئىشىكنى ئاچقان ساقچى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ، ئاياغ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. مەن بۇ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرىپ ئۈلگۈرمەيلا مېنىڭ تۇتقۇن ھەمراھلىرىم ئورنىدىن ئىرغىپ قوپۇشۇپ تالاغا قاراپ مېڭىشتى.

— قېنى، تەرەت قاچىسىنى تۆكۈش نۆۋىتى كىمنىڭ؟ — دېدى يېشى ھەممىدىن چوڭ بويى ئېگىز، چوقۇر كىشى.

ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى لام - جىم دېمەيلا ئىشىكنىڭ يېنە بىر تەرىپىدىكى بۇلۇڭدا تۇرغان ئاغزى كىچىك، بىرەر چېلەك سۇ پاتىدىغان بىر كومزەكنىڭ سۇنماي ساق قالغان بىر تەرەپتىكى تۇتقۇچىدىن كۆتۈرۈپ، تۆتىنچى بولۇپ ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى.

— بۈگۈن شامال يېگۈزۈش ئەجەب كەچكە قالدى، — دېدى

ئۆيدىن ھەممىنىڭ كەينىدىن چىققان يىگىت بوسۇغىدىن ئاتلاۋېتىپ.

مەن گۈندىخانىدا «شامالدىتىش» دەيدىغان دەم ئېلىش بولىدىغانلىقىنى چۈشەندىم. ئورنۇمدىن تۇرغۇم بولمىسىمۇ بۇ پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن ھەممىنىڭ كەينىدىن سەيناغا چىقتىم.

«شامالدىتىش» نۆۋەت بىلەن بولسا كېرەك، باش تەرەپتىكى ئۈچ ئۆينىڭ ئىشىكى ئوچۇق، ئاياغ تەرەپتىكى ئۆيلەرنىڭ ئىچىدە ۋارقىرىشىۋاتقان، تىللىشىۋاتقانلارنىڭ ئاۋازى بولسىمۇ، ئىشىكلىرى ھەم تاقاقلىق ئىدى. سەينانىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى ساقچى بىر - بىرىگە دۈمبىسىنى قىلىپ «شامالداش» قا چىققانلارنى نازارەت قىلىپ تۇراتتى. گۈندىخانا ئۆگزىسىدە ۋە ھويلىنىڭ سېپىلغا ئوخشاش قېلىن، ئېگىز تېمى ئۈستىدە قوراللىق ساقچىلار مىلتىقلىرىنى ئېتىشقا تەييار ھالدا تۇتۇپ، قېتىپ تۇرۇشاتتى.

مەن «شامالداش» قا چىققانلار ئىچىدە بۇرۇتلۇق چېرىك بىلەن ئاغزى مايماق چېرىكنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇلارمۇ ئايلىنىپ يۈرگەچ پات - پات ماڭا قاراپ قويۇشاتتى. بىز بىر ھەپتىدىن ئارتۇقراق ۋاقىت كۆرۈشمىگەن بولساقمۇ، ئۇلارنىڭ تەقى - تۇرقى تونۇغۇسىز دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. ھەر ئىككىلىسى ئورۇقلاپ، قارىداپ، چاچلىرى ئۆسكەن ھالدا دىۋانىگە ئوخشاپ قالغانىدى. بۇرۇت چاندۇرمىغانىدەك بولۇپ، ئىككى - ئۈچ قېتىم ئۆزىنىڭ زىناقلىرىنى سىلاپ، مېنىڭكىنى ئىشارەت قىلىپ قويدى. مەن بىر تەرىپى ئىششىپ كەتكەن يۈزۈمنى تۇتۇپ قويدۇم ۋە ئىچىمدە: «قانخور، زالىم چېرىكلەر بولسىمۇ، مېنى ئاشۇلار بار ئۆيگە سولىغان بولسا بوپتىكەن. دەپ ئويلىدىم، نېمىلىكى بولسا تونۇش بولغانلىقتىن تىللىشىپ، دېۋەيلىشىپ بولسىمۇ زېرىكمەي ئولتۇرار ئىدۇق. مەنمۇ ئۇلارنىڭ تۇتۇلۇپ قالغاندىن كېيىنكى تەقدىرىنى ۋە خوجايىنلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاش بىلەن كۆپ ئۆتكۈزەر ئىدىم. شۇ باھانىدە بېشىمغا بۇنىڭدىن كېيىن نېمە كۈلپەتلەر كېلىشى مۇمكىنلىكىنى پەرەز قىلىۋالالايتتىم...»

ساقچىلاردىن بىرى:



— ھەممىڭ ئۆز گۆرلىرىڭگە تىقىلىش! — دەپ ۋارقىرىدى توڭلۇق بىلەن. «شامالداش» ئاخىرلاشقانىدى.

ھەممىنىڭ كەينىدىن كىردىم. دۈمبەمدىلا ئىشىك زەرب بىلەن يېپىلدى، قۇلۇپ سېلىندى. يەنە بايىقىدەك تامنىڭ تۈۋىگە بېرىپ ئولتۇردۇم. باشقىلار ئۈن - تىنسىز پىت بېقىشقا چۈشتى. ئارىمىزدىكى جىمجىتلىق كەچلىك تاماق — ئەسىردىن كېيىن بېرىلگەن بىر چۆمۈچ ئوماچنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ئاياغلاشتى. ئوماچتىن ئىلگىرى گۈندىخانا ئاشپىزى ماڭا بىر چۆچەك بەرگەنىدى. شۇ چۆچەكنى نەدە قويۇشۇمنى بىلمەيۋاتقىنىمدا يېشى چوڭ چوقۇر كىشى باشلاپ گەپ ئاچتى:

— گۈندىپاينى چاقىرىپ يوتقان - كۆرپە تەلەپ قىلىڭلا ھېجىرنى تەكىيىڭلارنىڭ تېگىگە قويۇپ ياتسىلە...

ئۇنىڭ مەسخىرە قىلىۋاتقىنىنى سەزدىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھېجىرلىرىنى بېشىغا قويۇۋېلىشقانىدى. ماڭا ئورۇن بەرمىگەنلىكتىن نەگە قويۇشنى بىلەلمىگەنىدىم.

— نېمانچە قاتتىق تېگىلا تاغا؟ — دېدىم ئۆزۈمنى ئېغىر - بېسىق تۇتۇشقا تىرىشىپ، — مەنمۇ ھەر بىرلىرىدەك ئەھلى مۇسۇلمان، بېشىغا كۈن چۈشمەيدىغان كىم بار؟

— گېپىم تۈگىمەي تۇرۇپلا بىرنەچچەيلەن خىرقىرىشىپ كۈلۈشتى. ئىچىدىن بىرى:

— مۇسۇلماننىڭ جايى بۇ دۇنيادا مەسچىت، ئۇ دۇنيادا جەننەت. بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى گۇناھكار، دەپ ئاتىلىدۇ، — دېدى.

— نەپ چىقىرامدىمەنكى دېگىنى، — دېدى ئىككىنچىسى.

ئۇلارنىڭ گېپى تىكەنلىك، سىرلىق، چۈشىنىكسىز ئىدى. نېمە دېيىشمىنى بىلمەيتتىم. «سىر» ئاخىر يېشىلدى. ئاشۇ ئولتۇرغان پېتىم ئۇخلاۋاتقىنىمدا كىملەردۇر ئۈستۈمگە تاشلاندى. ئاللىقانداق كۈچلۈك، قاتمال - يىرىك قوللار ئاغزىمنى ئاچقىلى قويماي، كالپۇكۇمنى جاۋغايلىرىم ئارىلاش قاماپ تۇتتى. ئۈستۈمىشىم، دۈمبە، بەللىرىمگە

مۇشت ۋە تېپىك چۈشۈشكە باشلىدى. ئاغرىق دەستىدىن ئۆزۈمنى ھەريان ئۇرۇپ تېپچەكلەيتتىم. ۋارقىراش ئۈچۈن تىرىشاتتىم. لېكىن، بۇ ئۇرۇنۇشلىرىمنىڭ ھەممىسى بىكار ئىدى. مەن گويا سانىڭ چاڭگىلىدىكى چۆجە، شىرنىڭ ئالقىنىدىكى ئوغلاق ئىدىم. «گۇناھكارلار» كۆپ بولغانلىقتىن ماڭا بوشانغۇدەك ئارام بەرمەيتتى. ئۇلار خىرقىرىغان بوغۇق ئاۋۇشتا:

— ھۇ ئىپلاس جاسۇس!

— مۇسۇلمان دەپ تۇرۇپ مۇسۇلمانلارنى ئوتقا ئىتتىرىدىغان يۇندىخور غالچا... — دەپ تىللايتتى. قايسى ۋاقىتتا ھوشۇمدىن كەتتىم، بىلمەيمەن. ئەتىسى ئەتىگەنلىك ناشتىدا گۇندىپاي مېنى تۇرتۇپ ئويغاتقاندا ئېسىمگە كەلدىم. پۇت - قول، ئېغىزمانلىرىم ئۆزۈمنىڭ ئەمەستەك قاتتىق سىرقىراپ ئاغرىيتتى. كۆز ئالدىم گىلدە بوياپ قويغاندەك قىپقىزىل كۆرۈنەتتى. قۇلىقىم تۈۋىدە غوڭقاپاق چېلىنىۋاتقاندەك بوغۇق ئاۋاز غۇڭۇلدايتتى.

يېگەن تايىقىم كەم بولۇپ قالغاندەك گۇندىپايمۇ مېنى بىر نەچچىنى مۇشتلىدى. بۇ ئۇنىڭ سۆزىگە دەرھال جاۋاب بەرمىگەنلىكىم ئۈچۈنلىكىنى بىلگىنىمدە، ئۇمۇ قۇلىقىمنىڭ ئاڭلىماس بولۇپ قالغانلىقىنى بىلگەنىدى.

— قاچانغىچە ساراڭ بولۇپ قالدىڭ؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ۋە باشقىلارنى كۆرسىتىپ ئېخىمۇ بەك تۇۋلىدى، — بۇ گۇناھكارلار سېنى كېچىچە ئۆزىنى تامغا ئۇرۇپ، يەرگە ئېتىپ ئۇخلاتمىدى، دەيدىغۇ؟

گەپ قىلماي تۇرىۋەردىم. بۇ بىر چاغلاردا بۇۋىسارەم بىلەن قېچىپ، يايى ۋە قازىخانىدىكىلەرگە تۇتۇلغاندىن كېيىن ئۇچرىغان ئىككىنچى قېتىملىق جىسمانىي ئازاب ئىدى. ئۇ چاغدا يېگەن تايىقىمنى ناھەق دېگىلى بولمايتتى. مەن «قىز ئېلىپ قاچقان، قوغلاپ كەلگەنلەرگە قارشىلىق قىلغان» ۋە ئۇلار تۇتۇۋالغاندا «قول ياندۇرغان» ئىدىم. ئەمدىكىسىچۇ؟ بۇ قېتىمقىسىنى چۈشەنگىلى بولمايتتى. گۇندىپاي بىر نېمىلەرنى دەپ تىللىدى، ماڭا مۇشتۇمىنى شىلتىپ پوپوزا قىلدى. گۇ-



ناھكارلارغىمۇ شۈبھە بىلەن سەپسېلىپ ئاللىنېمىلەرنى دېدى ۋە چىقىپ كەتتى.

مەن ئورنۇمغا ئاران ئولتۇرۇۋالدىم. ئۆزۈمنىڭ ئەمەستەك بولۇپ قالغان گەۋدەمنى تامغا يۆلەپ باشقىلارغا قارىدىم. ئۇلار تۈنۈگۈنكىدەك ئېنىق كۆرۈنمىسىمۇ بەربىر ئىلغا قىلالايتتىم، ھەممىسى ماڭا قاراپ ئولتۇرۇشاتتى. ناھەق، بىكاردىن بىكار يېگەن تاياق جىسمانىي ئازاب بولۇپلا قالماي، روھىمغا شۇنداق يامان تەسىر بەردىكى، مەن چىشىمنى چىشىمغا بېسىپ، قەشقەردىن چىقىپ كەتكەندىن بۇيان شاجۇمەدىن باشقا ھېچكىمگە دېمىگەن سىرىمنى ئېيتىۋەتتىم:

— مەن نەچچە گاڭگۇڭلارنىمۇ، ھۆكۈمەتنىڭ چېرىكلىرىنىمۇ قوشقاچنى ئۆلتۈرگەندەك جېنىنى ئالغان ئادەممەن. بىلىشەمسەن ئىپلاسلار؟ — غەزىپىم ئۆرلىگەنلىكتىن قالغان گەپنىمۇ دەۋەتتىم، — سەن مۇناپىقلارنىڭ بىكاردىن بىكار ئۇرغانلىرىڭ ئۈچۈن بىر - ئىككىڭنىڭ جېنىنى ئالمايدىغان بولسام، خەپ...

ئۇلار گېپىمدىن قورقۇپ كەتكىنىنىمۇ بىلدۈرمىدى، زاڭلىق قىلىپمۇ كۈلۈشمىدى، ھەيران قالغىنىنىمۇ ئىپادىلەشمىدى، يەنىلا تۈنۈگۈنكىدەك جىمجىت ئولتۇرۇشۇۋەردى. غەزەپ قېنىمنى قىزىتتىمۇ نېمە، ئاغرىققا چىداپ قوناقنىڭ جىگمومىسى بىلەن قايناق سۇنى ئىچتىم. يېتىپ ئۇخلىدىم ۋە قوپقاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ مېنى ئۇرغان چېغىدا دېگەن «جاسۇس»، «يۇندىخور غالچا» دېگەن سۆزلىرى ئۈستىدە ئويلىنىپ قالدىم. بۇ كىمدىن، قانداق بولۇپ چىققان گەپ؟

سىرنى بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇقتۇم. ئىككى تەرەپ بەگلەرنىڭ جېدىلىگە ئارىلاشماي قالمايدىغان چېرىك ۋە ساقچى ئەمەلدارلىرى ئىچىدە ئابلىمىت داموللامنىڭ قارشى تەرەپتە تۇرىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەسكەن. شۇلارنىڭ سېپىگە تەۋە گۇندىخانا ساقچىلىرىنىڭ باشلىقى «ئەدىپىمنى بېرىش» ئۈچۈن «گۇناھكارلار»نى كۈشكۈرتۈپ تاياققا قويۇپتۇ. بۇ ئەلۋەتتە مېنىڭ خۇلاسەم ئىدى. ئىسمىنى مەخسۇت، دەپ تونۇشتۇرغان چوڭ ياشلىق كىشى مەندىن كەچۈرۈم سورىغاندا مۇنداق دېدى:

— سىلە گۇندىغا كىرىشتىن بىر ئاش پىشىمدەك ئىلگىرى گۇندىخانا ساقچىلىرىنىڭ باشلىقى كىرىپ: « ئەمدى قوينىڭ قوزىسىدەك شۈك ئولتۇرۇش، ياسىن بەگ، بازار بېگى، ھۇسەن بايدەك كاتتىلارنى پايلاپ يۈرۈپ، ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلىپ تۇرىدىغان پايلاقچىمىز ۋاقتىنچە بۇ گۇندىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرىدۇ . . . » دېدى. بىز ئۇ بەگ، بايلارنى بىلمىسەكمۇ، بىر جاسۇسنىڭ ئارىمىزغا كىرىدىغانلىقىنى بىلدۇق . . .

— ئەمدى نېمە بولۇپ ماڭا ئىشىنىپ قالدىڭلار؟ — دەپ سورىدىم غەزەپ بىلەن. چۈنكى، ئاغرىقلىرىم تېخىچە پەسەيمىگەن، ئاچچىقىممۇ تېخى يانمىغانىدى.

— تاياق يېگەندىن كېيىن، گەرچە بىز سىلىنى « ئۆزىنى ئۆزى تامغا ئۇرۇپ، يەرگە ئېتىپ ساراڭلىق قىلدى . . . » دېگەن بولساقمۇ، گۇندىخانا سىلە بىلەن كارى بولمىدى، گۇندىپاي تۆپىلەپ ئۇردى. بۇنى يەتمىدى دېگەندەك، بىر ھەپتىدىن بۇيان سىلىنىڭ نەدە يېتىپ، تۇرۇۋاتقانلىقلىرىغا ئىگە بولمىدى . . . ساقچى باشلىقى دېگەندەك ھۆكۈمەتنىڭ كاتتا پايلاقچىسى بولسىلىرى بۇ چاغقىچە شەپىسى چىقاتتى . . .

— يەنە بار، — قوشۇلدى قىرىق ياشلاردىكى بىر « گۇناھكار »، — سىلە ھۆكۈمەتنىڭ چېرىكلىرىنى جايلىغانلىقلىرىنى ئېيتىۋاتىلا . . .

— ئۇ ئاچچىقتا شۇنداق دەپ قويغان گەپ، — دېدىم ئالدىراپ ئىزاھات بېرىپ.

ئۇلار شۇنداقلىقىغا ئىشەندىمۇ - يوق، ئىشقىلىپ مەندىن كەچۈرۈم سوراشتى. ئۆزلىرى ئۈستىدە بولسا نېرى - بېرى سۆزلەپ بېرىشتى. بەزىسى ھاشاردىن قاچقان، بەزىسى غەللە - پاراق تاپشۇرالمىغان، بىرى خوجايىنىنىڭ ئېشىكىنى ئۆلتۈرۈپ قويغان . . . دېگەندەك « گۇناھ » لىرى ئۈچۈن قامالغان بۇ يەتتەيلەن كېسىمنى ساقلاپ، ئالدى يەتتە ئاي، كەينى ئۈچ ئايدىن بېرى مۇشۇ گۇندىدا يېتىشىپتۇ. كېسىمدىن كېيىن ئاندىن ئۇلارنى ئىشقا سالىدىكەن. گۇناھكارلارنىڭ بەزىسى تاغار توقۇيدىغان، بەزىسى كېسەك قۇيىدىغان، بەزىسى كاندا ئىشلەيدىغان ئىشلارغا سېلىنى-



دىكەن. بەزىلىرىنى پۇل تۆلەيدىغان ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا « كۆكنى سېتىپ » گۇندىخانا پۇل تاپىدىكەن.

— مەن بۇلاڭچىلىق قىلغان، — دېدىم ئۆزۈم توغرىسىدىكى سوئالغا يوشۇرۇپ يۈرمەيلا ئوچۇق قىلىپ، — بىر چوڭ بەگنىڭ قىزىنى بۇلاپ قېچىشقا قاتناشقان، ھەمراھلىرىم كۈمۈش تۈگمە تالىشىپ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن تۇتۇلۇپ قالدۇق.

ھەمراھلىرىم چۆچۈپ كېتىشتى. ئۇلار مېنىڭ « ئادەم ئۆلتۈرگەن »، « ھۆكۈمەت چېرىكلىرىنى بوغۇپ تاشلىغان » لىقىمغا ئىشەنمىگەن ھالدىمۇ، قولۇمدىن ئاشۇنداق قىلىشنىڭمۇ كېلىدىغانلىقىغا قول قويدى بولغاي، ئېغىر تىنىشىپ، مەندىن نېرى بولۇشتى. بۇنىڭ يەنە بىر تەرىپىمۇ بار ئىدىكى، مەن دېگەندەك گۇناھ ئۆتكۈزگەن كىشىنىڭ كېسىمى يەڭگىل، قىسمىتى خەيرلىك بولمايتتى.

ئۆزۈممۇ كۈتمىگەن ھالدا ھۆرمەتلىك مۆتىۋەر « گۇناھكار » غا ئايلىنىپ قالدىم. ھەمراھلىرىم قول بارماقلىرىنى ئارا قىلىپ، زىغىر ۋە شال پاخاللىرىنى ئۈگىدەپ، يېرىك پاخالدىن ماڭا چۈشەك تەييارلىدى ۋە باشقىراق ياتسۇن دەپ جاي راسلىدى. مەيلى ئەتىگەنلىك ياكى كەچلىك تاماق ۋاقتىدا مەن قاچىنى قولۇمغا ئالمىغۇچە ئۇلار قول ئۇزاتمايدىغان بولدى. « شامالداش » قا چىقىش ۋە كىرىشتە قاتارنىڭ ئالدى مېنىڭ بولدى، مەن قوپۇپ چىقمىغۇچە باشقىلار ماڭا قاراپ تۇرۇشاتتى. بۇلار ئەشەددىي « كاللا كېسەر » لەردىن ئىكەنلىكىمدىن قورقۇش ۋە تەپ تارتىشمۇ؟ شۇنداق دېيىشكىمۇ بولار. لېكىن، مەن ئۇلارنىڭ باي - بەگلەردىن ئالالمىغان ئۆچىنى « ئاجايىپ » يول ۋە ئۇسۇل بىلەن ئالغانلىقىمغا ( گەرچە مۇۋەپپەقىيەتسىز چىققان بولسىمۇ ) بېغىشلانغان ھۆرمەت بار ئىدى. ئەمەلىي ئەھۋالنىڭ ئەينى، ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بولسا ئۇلارغا ئېيتىپ بېرەلمەيتتىم.

بىزنىڭ گۇندىدىكى « گۇناھكار » لارنىڭ مۇناسىۋىتىدە يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىشكە گۇندىپايلارمۇ دىققەت قىلدى بولغاي، ئون بەش كۈنلەرچە ۋاقىت ئۆتكەندە مېنى باشقا بىر ھويلىغا يۆتكىۋەتتى. مەن بۇ

يۈتكەشنىڭ ياخشىلىق ياكى يامانلىقىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە ئۈچ كۈن ئۆتتى. تۆتىنچى كۈنى مېنى ئىككى ساقچى يالاپ، مېنى دەسلەپ سوراق قىلغان تورۇسى ئېگىز، چوڭ ئۆيگە ئېلىپ كىردى. بۇ قېتىم سوراق ئۆيىدە بۇرۇن مەن كۆرگەندىن باشقا يەنە سەللىلىك ئۈچ كىشى، ئاق شاپاق دوپپا، تىزىغا يەتكۈدەك بۆز يەكتەك، بۆز ئىشتان ۋە سەندەل كىيگەن ياش، ئوتتۇرا ياشلىق ئۈچ كىشى بار ئىدى. بۇ ئۈچەيلەن بېلىنى كۆك سەگەز بەلۋاغدا باغلىغان بولۇپ، ئۈچىلىسىنىڭ قولىدا قىسقا ساپلىق قامچا بار ئىدى.

يۈرىكىم ئېچىپ، ئۈستۈمگە سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك ئەندىكىپ كەتتىم. «مېنى قامچىلايدىغان ئوخشايدۇ» دېگەن ناھايىتى يامان بىر سېزىم پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى ئىگىلىۋالغانىدى.

مېنى يالاپ ئېلىپ كىرگەن ئىككى ساقچى ئۇدۇلدىكى بىرلىرىنىڭ ئىشارىتى بىلەن گەپ ـ سۆزسىزلا پاچىقىمغا تىزلاپ، مۈرەمدىن بېسىپ تىزلاندۇردى. ئارقىدىن مەن دەسلەپ كۆرگەن پاكار سوراقچى ساقچى ئەمەلدارىنىڭ بوغۇق، چۈشىنىكسىز ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. ئۇ قولىدىكى بىر قەغەزنى ئوقۇۋاتاتتى.

ئۇنىڭ ئوقۇشى ئۇزاق داۋام قىلمىدى. تۇڭچى باشقا بىر قەغەزنى ئېلىپ ئورنىدىن تۇردى، گېلىنى قىرىپ قويۇپ: «ھۆكۈم» دەپ توۋلىدى. مەن چۆچۈپ بېشىمنى كۆتۈردۈم. ئۇنىڭ ئوقۇيدىغىنى ئۈستۈمدىن چىقىرىلىدىغان ھۆكۈم — بۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىرىمنى بەلگىلەيدىغان خىتاب ئىدى.

«ھۆكۈم» دەپ توۋلىغاندىن كېيىن تۇڭچىنىڭ ئاۋازى پەسكويغا چۈشۈپ، بىر خىل، تەمكىن داۋام قىلدى. ئۇ مېنى دۆت، ئەقلىدىن ئاداشقان سەۋدايى، يۇرتىدىن كىچىك تۇرۇپلا قاڭقىپ چىقىپ كەتكەن تېجىمەل، قەلەندەر، كىم بىرنان بەرسە شۇنىڭ كەينىدىن مېڭىپ، بۇيرۇسا ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ يانمايدىغان ياۋۇز» دەپ قارىلىدى. ئەمەلىي جىنايىتىم سۈپىتىدە ئابلىمىت داموللامنىڭ قىزىنى بۇلاشقا قاتناشقانلىقىمنىڭ جەريانى ناھايىتى تەپسىلىي ئوقۇلدى. ھەر بىر تەپسىلات ۋە



جۈملىلەر ئىچىدىكى ماڭا تەئەللۇق قىسىملاردا مېنى دۇنيادىكى ئەڭ ئەسكى تىل ـ ھاقارەتلەر بىلەن سۈپەتلىدى. ئاخىر «مۇنداق چارە كۆرۈلدى» دەپ باشقا بىر ۋاراق قەغەز ئالدى. قۇلىقىمنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاپ تۇردۇم:

— ۋەھشىيلەرچە قىلىنغان بۇ ئادەم بۇلاڭچىلىقىغا جىنايەتچى ئاللاھبەردى رەت قىلماي قاتناشقان. ئەمما، ئۇ ھۆكۈمەتكە سادىق، ئىززەتكە لايىق، مۆتىۋەرلەرنىڭ مۇنەۋۋىرى بولغان ئابلىمىت داموللا بەگنىڭ سۈتتەك ئاق، گۆھەردەك پاك پەرزەنتىنى ئېلىپ قېچىپ بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ دانا، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەر بىلەن ھامان بۇ ياۋۇزلۇقنىڭ شەرمەندىسىنى چىقىرىدىغانلىقىدىن چۆچۈپ، قورقۇپ، قىزنى ساق ـ سالامەت پېتى ئۆز ئۆيىگە ئەكىلىپ تاپشۇرۇپ بەرگەن. ئەسلىدە بۇ مۇناپىق جىنايەتچىگە ناھايىتى ئېغىر جازا كېسىلىشى كېرەك بولسىمۇ، شەپقەتلىك ئابلىمىت داموللا بەگنىڭ ئۆزى ۋە يۇرت نامىدىن تىلىۋېلىشى، مۇرۇۋۋەتلىك ئامبال دارىنىڭ تەڭداشسىز شاپائەت قىلىپ تەستىقلىشى بىلەن، مەزكۇر ياۋۇز جىنايەتچىنىڭ كەچۈرگۈسىز گۇناھى بىر ئىپپەتلىك قىزنىڭ بىباھا نام ۋە نومۇسىنى ساقلاپ قالغانلىقى بەدىلىگە كەچۈرۈم قىلىنىدىغان ھۆكۈم چىقىرىلدى...

تۇڭچىنىڭ تېخىمۇ ئۇزۇن، تېخىمۇ مۇرەككەپ سۆزلىرىگە دىققەت قىلالمىدىم. يېنىك تىن ئالدىم. شۇ تىن بىلەن تەڭ ئۈستۈمدىن ئېغىر يۈك چۈشۈپ كەتكەندەك يەڭگىللەپ قالدىم. نېمىلا بولمىسۇن، بۇ ھەقىقىي ياۋۇزلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئورا كولاش جېدىلى ئىچىگە قىستۇرۇلۇپ قېلىپ يەنە قۇتۇلغانىدىم...

مېنى ساقچىلار يەرگە ئۇستۇرۇشكە باشلىدى. بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئورنۇمدىن تۇرغۇزۇۋاتقاندا ئاندىن ئۇقتۇم. ماڭا قىلىنغان شەپقەتلىك ھۆكۈم ئۈچۈن ھەشقاللا ئېيتماي ھاڭۋېقىپ قالغانىكەنمەن.

شىللەمدىن دۈشكەللەپ ـ ئىتتىرىپ سىرتقا چىقارغاندىن كېيىن، ئىككى تەرىپىمگە ئەمدى باياتىن كۆرگەن قامچىلىقلاردىن ئىككىسى كېلىپ، بىرى ئارقامغا ئۆتتى.

— ماڭ ! — دېدى ئۇلاردىن بىرى توگلۇق بىلەن نەگە، قانداق مېڭىشىمنى بىلەلمەي ئۇلارغا قارىدىم.

— ئالدىڭغا ماڭ ! — سول تەرىپىمدىكى قامچا تۇتقان كۆتمەك بۇرۇت ئېڭىكى بىلەن ئالدىمىز تەرەپنى ئىشارەت قىلدى.

ئۇ ئېڭىكى ئارقىلىق ئىشارەت قىلغان تەرەپكە قەدەم تاشلىدىم. ناھايەت مەن ناھايىتى سېغىنغان ئەركىن ھاۋاغا — سىرتقا چىقتۇق. گۈندىخانىنىڭ ئالدىدا بىر تالاي ئەرلەر، ئاياللار نېمىگىدۇر تەلمۈرۈپ، نېمىگىدۇر ئۈمىدلىنىپ تۇرۇشاتتى. ئۇلار قانداقتۇر بالىلىرى، تۇغقانلىرى ھەققىدە خەۋەر ئاڭلاش تەقەززاسىدا تۇرغانلىقى ئېنىق ئىدى. بۇنىڭدىن مېنىڭ ئۇستۇمدە بولىدىغان « ھۆكۈم » سىرت ئۈچۈن مەخپىي ئەمەسلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. « ھۆكۈم » پەقەت مەن بىر ئادەم بىلەنلا ئاياغلاشقانلىقى ئۇلارنىڭ تەقەززاسىنى يوققا چىقىراتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مەندىن بىر نېمىلەرنى سورىماقچى بولۇشاتتى، بەزىلىرى مېنى قارغاپ، تىللايتتى. ئىككى يېنىم ۋە ئارقامدىكى قامچىلىقلار ھېچكىمنى يېقىن يولاتماي مېنى ئىتتىرگەندەك ئېلىپ ماڭدى ۋە ئۇلاردىن نېرىراق ئېلىپ بېرىپ قويۇپ بەردى.

— بولدى بار، ئىنساپ - تەۋپىقلىق، ھالال مۇسۇلمان بولۇپ ياشا. ئاللاھنىڭ پەرزى، رەسۇلۇللانىڭ سۈننەتلىرى، ئادالەتلىك ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى تەرك ئەتمە ! — دېدى كۆتمەك بۇرۇت.

ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئېنىق ئاڭلىغان، ياخشى چۈشەنگەن بولسامۇ، ئۇمۇ مېنى ئالداۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، ئەركىنلىككە چىققىنىمغا ئىشىنەلمەي ئورنۇمدا بىر ھازا تۇرۇپ قالدىم. ئەمما مېنى يالاپ چىققان قامچىلىقلارنىڭ قارىسى يىتكەندىن كېيىن قاماقتىن تولۇق قۇتۇلغانلىقىمغا ئىشەندىم - دە، پۇتلىرىمنى تەستە يۆتكەپ مېڭىپ كەتتىم. مەن ئەركىنلىككە چىققانىدىم. يوللار ئەركىن، ئۆيلەر ئەركىن، دەل - دەرەخلەر ئەركىن، نەپەس ئالىدىغان ھاۋامۇ ئەركىن تۇيۇلاتتى. خۇشاللىقىمدىنمۇ ياكى نەچچە ۋاقىتتىن بېرىكى ئازابتىنمۇ، پۇت - قولۇمدا جان يوق، بەدىنىم بوشاپ، يۇمشاپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى.



خىلۋەت كوچىلار ئارىلىقىدىكى بىر كىچىك كۆل بويىدا ئولتۇرۇپ، ئەمدى نېمە قىلىشىم، نەگە بېرىشىمنى ئويلىدىم. شۇ يەردە ئابلىمىت داموللامنىڭ قورۇسىدىكى ياقۇپقا ئوخشاش كىشىلەر يادىمغا كەلدى. ئاشۇلارمۇ بارارغا يېرى يوق، قىلىدىغانغا ئىشى يوق، ئامالسىزلىقتىن ئۆزىنى زۇلۇمغا تۇتۇپ بەرگەن ساناقسىز كىشىلەرنىڭ ۋەكىللىرى ئەمەسمۇ ؟ ئەلۋەتتە، مەن ئۇلارغا ئوخشىمايمەن. مېنىڭ « كەسپىم » بار، ئون يىل جەريانىدا شۇغۇللىنىپ كۆنگەن، ئادەتلەنگەن ئىشىم بار، ئۇ بولسىمۇ تىلەمچىلىك !

توغرا ! تىلەمچىلىك قىلىش كېرەك. شاجۇمەنى تېپىپ، بېشىمغا كەلگەن كۈنلەرنى دېيەمەن، دەرۋىش - قەلەندەر بولۇپ تىلەمچىلىك قىلىپ قەشقەرگە كېتىمەن. بۇۋىسارەمنى نەدىن بولسىمۇ تاپىمەن ! ئۇ ھازىرقى ئەپتىمنى كۆرۈپ قورقسىمۇ، قوغلىسىمۇ بەرىبىر، بىر كۆرمىسەم ئارماندا كېتىمەن.

ئاشۇ پىكىرلەر ئاتا قىلغان غايىبانە كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە ئورنۇمدىن شاققىدە تۇرۇپ، ھازىرلا بارمىسام بولمايدىغان بىر يەرگە ئالدىرىغاندەك تېز مېڭىپ كەتتىم.

پىژغىرىم ئىسسىق سەل يانغىنىغا قارىماي، دىمىق بوشاشمىغان كۈنلەر ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ كوچىلاردا مىغ - مىغ ئادەم، بازار قىزىپ كەتكەنىدى. بۇ مەن يەتتە - سەككىز ئايدىن ئىلگىرى بىلىدىغان بازارنىڭ نەق ئۆزى، ھېچنەرسە ئۆزگەرمىگەنىدى. مەن شۇ تاپتىلا شەھەردىن چىقىپ، شاجۇمەنى ئىزدىسەم تاپالماسلىقىمغا كۆزۈم يەتتى. ئەگەر شاجۇمە شۇ بۇرۇنقى ئەسكى گۈمبەزدە بولغان تەقدىردىمۇ، كۈپكۈندۈزدە گۈمبەز ساقلاپ ياتالمايتتى. يەنە تىرىكچىلىك يولىدا ئاللىقانداق بىر كوچا ياكى دوقمۇشلاردا بىر توغرام نان ئۈچۈن تەمتىرەپ يۈرگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

بازار ئارىلاپ ئۇزاق يۈردۈم. قاسساپلار قاتارىدا، چاي، مۇچ، دورا - دەرمەك يايمىلىرىنىڭ ئەتراپىدا، باققاللارنىڭ غالتەكلىرىنىڭ يېنىدا بولدۇم. ئاشخانا، ناۋايخانا، چايخانا، زاسۇيپەزخانا . . . ئالدىدا ئايلاندىم.

قەلەندەرلەر، دەرۋىشلەر، تىجىمەللەر ئۈچۈن مۇشۇنداق جايلار يۈرىدىغان، تۇرىدىغان، ئايلىنىدىغان، قورسىقىنى باقىدىغان ئورۇن بولۇپ، زىننەت بۇيۇملىرى، گەزماللار، ئات - ئۇلاغلارنىڭ ئىگەر - جابدۇقلىرى ۋە باشقا نەرسىلەر ساتىدىغان جايلاردىن نەپ چىقمايتتى. مەن يۈرگەن، ئايلانغان جايلاردا شاجۇمەمۇ، ماڭا تونۇش ھۇسيىن پوكانچىمۇ ئۇچرىمىدى. شاجۇمە باشقا شەھەرلەرگە كەتكەن، ھۇسيىن پوكانچى تاپقان - تەرگىنىنى بىر تۇغقان ئىنىسىگە بەرگىلى سەھراغا كەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەيلى ئۇلار بولسۇن - بولمىسۇن، ماڭا نان كېرەك ئىدى. قورسىقىم ئېچىپ، ئۈچەيلىرىم تارتىشقىلى تۇردى. مەن ئاۋۋال قورساق بېقىش، بولسا ئەتە ئەتىگەن يەيدىغانغىمۇ ئېشىنىش، شەھەر دەرۋازىسى ئېتىلىشتىن ئىلگىرى شەھەردىن چىقىپ كېتىپ، كەچكە ئۈلگۈرۈپ گۈمبەزگە قايتىش قارارىغا كەلدىم ۋە تاشلىۋەتكەن تىلەمچىلىك يولىغا قايتا قەدەم تاشلىدىم.

تىلەمچىلىكتىن قول ئۈزۈپ، قايتا كىرىشىش بۇرۇنقىدىنمۇ ئېغىر كەلدى. ئۆز - ئۆزۈمچە خورلىنىش ھېسلىرى بىلەن ئازابلىناتتىم. ئۇستىۋېشىمنىڭ كىر - قاسماقلىقى، چاچ - ساقاللىرىمنىڭ ئۆسۈكلۈكى دەرۋىش، تىجىمەل ئىكەنلىكىمگە ئاساس بولالىسىمۇ، كىشىلەر مېنى «ئىشتىن تاشقىرى» دىۋانە كۆردىمۇ نېمە، بىر نەرسە بەرمەي تىللاپ، سەتلەپ قوغلايتتى. بەزىلىرى تىللاشقىمۇ ئېرىنىپ، نىجاسەتتىن يىرگەنگەندەك تەتۈر قارايتتى. ھەممىدىن قەبىھ، يامان ئەلەم قىلىدىغىنى كەسىپداشلىرىمنىڭ تىلى ۋە تەنىسى ئىدى. ئۇلار ئۆز سېپىگە قوشۇلۇشۇمنى گويا بىر چوڭ ئاپەتكە ئۇچرىغاندەك بىلىشەتتى.

چۈش پېشىندىن تارتىپ ناماز ئەسىردىن يانغۇچىلىك ئارىلىقتىكى تىرىشچانلىقىم كۆپ ئۈنۈم بەرمىدى. پۇچۇق نان، بىرەر كاپام ئاشمۇ تىلىيەلمىدىم. ئاخىر زاسۇيپەز ۋارقىراۋاتقان تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. ئۇ يەردە نان تىلىيەلمىگىنىمدىمۇ تاشلىۋەتكەن كاللا - پاقالچاقلارنى كولاشتۇرۇپ، قورساق مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولار، دەپ ئويلىۋىدىم. كۆتۈلمىگەندە بىرى جەينىكىمگە نوقۇدى. بۇرۇلۇپ قاراپ ھەيران قال-



دىم. يېنىمدا ھىجىيىپ دىگۈدەك چولپانخان تۇراتتى، بۇ گۇسوزىنىڭ قورۇسىدىكى ھېلىقى چولپانخانىنىڭ نەق ئۆزى ئىدى. ئۇنىڭ پېشانىسىدە بادام چوڭلۇقىدا تاتۇق پەيدا بولغانىدى. بۇ گۇسوزىنىڭ تايىقىنىڭ يالدامىسى ئىكەنلىكىنى ئەسلىدىم. باشقا جەھەتلەردىن ئۇ يەنىلا مەن كۆرگەن چاغدىكىدەك «تەتەي» چە كىيىنگەن بولۇپ، چاچلىرىلا ئىككى ئۆرۈم ئىدى. شۇ تاپتا ئۇ ماڭا خېلى قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈندى. كۆز چۆرىلىرى ۋە جاۋغىيىدىكى قورۇقلار كۆپەيگەن، چىرايىمۇ بىلىنەرلىك سولغانىدى.

— چولپانخان؟ — دېدىم ئۇنى تونۇغانلىقىمنى ئىپادىلەپ.

— قارايمەن، قارايمەن، شۇمۇ، ئەمەسمۇ دەيمەن. بىر قارىسام سىلە شۇ ئاللاھبەردى، بىر قارىسام ئەمەستەكمۇ قىلىلا، سىلىنىڭ كەينىلىرىدىن يۈرگىلى ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىت بولدى... قانداق، سالامەت تۇرىلىمۇ؟

مەنمۇ ئۇنىڭدىن ھال ئەھۋال سورىدىم ۋە:

— بۇ بازاردا نېمە ئىش قىلىپ يۈرىلا؟ — دېدىم.

— گەپ قىلىپ بەرسەم گەپ جىق، — دېدى ئۇ ئېغىر خورسىنىپ، — يۈرسىلە بۇ يەردىن كېتەيلى. بۇ تەرەپلەردە قازىخانىنىڭ يالاقچىلىرى كۆپ. ئىككىمىزنى بىر يەردە كۆرسە «نامەھرەم» دەپ تۇتۇۋالىدۇ. باشقا ئىشلىرىمۇ يوقتەك تۇرىدىغۇ؟

«ئىككى ئاش پىشىم» ۋاقىت مېنى كۆزەتكەن ئايال بىكارچى ئىكەنلىكىمنى بىلىپ بولىدۇ - دە! ئۇنىڭ كەينىدىن ئۇن - ئۇن بەش قەدەمچە ئارىلىق تاشلاپ ئەگەشتىم. ئۇنىڭ باشلاپ بارغان جايى چېرىكلەر چۇشكۇنى ئەتراپىدىكى مەھەللە بولۇپ، بۇ يەردە چېرىكلەر ۋە ئۇلارنىڭ بالا - چاقىلىرى كۆپ بولغانلىقتىن، «تەتەي» لەرمۇ بەھۇزۇر يۈرۈۋېرەتتى. شوپاڭخانا، مۇسەللەسخانا، بوزىخانا، گۆرۈخانا، قىمارخانا... دېگەنگە ئوخشاش ئىسلام دىنىغا مۇخالىپ جايلار ۋە شۇنداق ئىشلارنى قىلىدىغان جاڭگۇيدىلەرمۇ كۆپ ئىدى. قازىخانىنىڭ ھۆكۈمى، پەرمانلىرى شەھەرنىڭ بۇ رايونىغا ئاساسەن ئۆتمەيتتى. چولپانخان بىر

كۆل بويىغا كېلىپ توختىدى، مېنى يېقىنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن «جىندەك ئولتۇرۇپ تۇرسىلا» دەپ يوقاپ كېتىپ، ئىككى نان كۆتۈرۈپ قايتىپ كەلدى.

— قورساقلىرى ئاچتۇ بەلكىم، — دېدى ئۇ ناننى ماڭا تەڭلەپ.

«ئىككى ئاش پىشىم كۆزەتكەن - دە، مېنى، — دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە، — شۇڭا قورسىقىمنىڭ ئاچ - توقلۇقىنى بىلىدۇ...»

ناننى ئېلىپ سۇغا چىلاپ يېيىشكە باشلىدىم. ئۇ باياتىن سورىغان سوئالىمغا ئەمدى جاۋاب بەردى: گۇسوزىنىڭ ئۆزىنى ھۆكۈمەت قاماققا ئالغاندىن كېيىنلا ھويلا، ئۆي، دۇكان قاتارلىق ھەممە تەئەللۇقاتىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئىشلەمچى ئائىلىلەرگە ئاز - تولىدىن پۇل بېرىپ قوغلاپ چىقىرىپتۇ. نامدا قوغلاپ چىقاردۇق دېسىمۇ، تۇرمۇشتا قىيىنىلىپ قالسىلەر دېگەننى باھانە قىلىپ، بويتاق چېرىكلەرگە خوتۇنلۇققا تېگىسىلەر، دەپ چېرىك چۇشكۇنىگە ئاپىرىپتۇ. ئۆمەراخۇنمۇ «ئازاد» بوپتىيۇ، يەنە چېرىك چۇشكۇنىدىكىلەرگە مۇسەللەس ياساشقا بۇيرۇلۇپتۇ. گۇسوزىنىڭ بۇرۇنقى قورۇ - جايىنى ھۆكۈمەت ئىگە بولۇپ، ئىككى گۆرۈكەش جاڭگۇيدىگە بۆلۈپ سېتىپتۇ.

— گۇسوزا ئۆلۈپ بېرىدىكەن - دە؟ — دەپ سورىدىم.

— ئۇنى بەش يىللىق كەستى، — دېدى چولپانخان چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادە يوقلا، — يىگىرمە كۈنچە ئىلگىرى بەش يىللىق كەستى. ئۇنىڭ ئىشلەمچىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاپىرىپ كېسىم ئېلان قىلغانىنى ئاڭلاتتى. ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتتۇپلا ئۇ بىر شوپاڭخانا ئاچتى «قالماق كۆلى» مەھەللىسىنىڭ يېنىدا... مېنى ئۇ چېرىك چۇشكۇنىدىن دۇكىنىغا ئاپىرىۋالغانىدى، قېچىپ چىقتىم.

ئۇنىڭ باتۇرلۇقىغا ھەيران بولسامۇ خاۋاتىرلىنىپ سورىدىم:

— تۇتۇۋېلىپ ئازار بېرىپ يۈرمەس؟

— بېشىمغا كەلگەنى كۆرەرمەن، — دېدى ئۇ ئېغىر تىنىپ، — ماڭا ئوخشاش مەزلۇم - ئاجىزلار توپ - توپ يۈرۈپتىغۇ ئەنە...

جەننەتخاننى سورىدىم. ئۇ جەننەتخاننىڭ مەن تۇتۇلغان ھېلىقى كېچىدىكى تاياقتىن ئۆرە بولالماي يېتىپ قالغانلىقىنى، بىر ھەپتىدىن كېيىن گۇسوزىنىڭ ئۇنى ھەيدەپ چىقارغانلىقىنى، كېيىن قانداق كۈنگە قالغانلىقىدىن خەۋىرى يوقلۇقىنى ئېيتىپ بولۇپ:

— دېسەم - دېمىسەم بەندىچىلىكنى ئادا قىلدى بولغاي، — دەپ يەرگە قاراپ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.

مېنىڭمۇ كۆڭلۈم بۇزۇلدى. جەننەتخان بىلەن چولپانخاننىڭ شۇ چاغدا تاياق يېيىشكە ئاساسەن مەن سەۋەبچى ئىدىم. ئەمما، ھازىر بۇ يەردە بۇلارنى سۆزلەشمۇ بىئەپ ھەم پايدىسىمۇ يوق ئىدى. ئىككىمىز بىر ھازا كۆز يېشى قىلىشقاندىن كېيىن چولپانخان يەتتە - سەككىز ئايدىن بېرى نەدە يۈرگەنلىكىم، نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىم بىلەن قىزىقتى. شۇ چاغدا ماڭا ھەمراھ ھەم مۇڭداش بولۇپ قالغان بۇ ئېزىلگەن ئائىلىغا ھەممىنى قالدۇرماي سۆزلەپ بەردىم. سۆزلىگەنسېرى بىر تەرەپتىن يەڭگىللەپ قالغاندەك بولسامۇ، يەنە دەرھاللا ئىچىم ئېچىشىپ، كىملەرنىدۇر ۋارقىراپ - جارقىراپ تىللىغۇم، كىملەرنىدۇر بوغۇپ تاشلىغۇم كېلەتتى.

— بۇگۈن چۈش بىلەن بوشاپ چىقىشىم، — دەپ تۈگەتتىم گېپىمنى.

— تۇرغان - پۈتكىنى گۇناھ، قىلغان - ئەتكىنى جىنايەت تۇرۇپ ياخشى ياشايدىغان، غەمسىز كۈن ئۆتكۈزىدىغانلار قانداق ئادەملەردۇ، سىلە بىلەن بىزنىڭ دۇنياغا تۆرۈلۈپ قېلىشتىن باشقا نېمە گۇناھىمىز بار؟ — دېدى ئۇ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ.

گەپ قىلماي سۇ يۈزىگە قاراپ ئولتۇردۇم. شامالسىز دىمىقتا كۆل بېتىمۇ تىپتىنچ، ئەينەكتەك پارقىراپ تۇراتتى. ئۇششاق پاقىلار ۋە سۇ ئۆمۈچۈكلىرىلا ئۇنىڭ چەتلىرىدە سەكرىشىپ، ئۈزۈپ يۈرۈپ، يېنىك، سۇس دولقۇن چىقىراتتى.

— بارىدىغان، تۇرىدىغان يەرلىرىمۇ يوق ئىكەن، كەچتە نەدە تۈنەيلا؟ — دەپ سورىدى چولپانخان ئۇزاق جىمىلىقتىن كېيىن.

— بارار جايىممۇ، تۇرار جايىممۇ ئەسكى گۈمبەز، كونا قەبرىس-

تانلىق ، — جاۋاب بەردىم هايالسىز ، — مەن كۆنۈپ كەتكەن .
ئۇ ماڭا كۆتۈرۈلۈپ بىر قارىۋېتىپ ، يەنە سۇغا تىكىلدى - دە ، ئۆز - ئۆزىگە دەۋاتقاندەك :
— گۈسوزىنىڭ شوپاڭخانىسىدىن قېچىپ چىققىلى بىر هەپتە بولدى . قاچقان كۈنى كېچىسى ماڭا تونۇش بولغانلىقتىن چېرىكلەرنىڭ كۆكتات ئېتىزلىقىدا تۈنىدىم . كېيىن سېپىل تۈۋىدە بىر كەمىگە ئوخشاش بىر ئۆيىنى تاپتىم . كۈندۈزلىرى بۆرىدىن قاچقان ئوغلاقتەك تىنەپ - تەمترەپ يۈرۈپ ، ئاخشىمى شۇ ئورىدا قوندۇم ، — دېدى .
— شەهەردىن چىقىپ كەتسلە بولمامدۇ ؟ شەهەر ئىچىدە هامان گۈسوزا بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالمايمەن دېگىلى بولمايدۇ — دېدىم ، شۇنداق دېگىنىم بىلەن شەهەر سىرتىدا نېمە قىلالىشىنى بىلمەيتتىم .
— مەنمۇ شۇنى ئويلىغان ، — دېدى ئۇ ئېغىر تىنىپ ، — لېكىن ، شەهەر تېشىدا مۇشۇ كىيىم ۋە ئەپتىم بىلەن نېمە ئىش قىلىمەن ؟ كىم ماڭا بىر بۇردا نان بېرىدۇ ؟ شەهەردە يۈرسەم بىلمىگەنلەر « چېرىكلەرنىڭ خوتۇنى ئوخشايدۇ . . . » دەپ كارى بولمايدۇ . قاڭقىپ يۈرسەم هال - كۈنى ياخشىراق بىرەرتە ئائىلە خىزمەتكە سالارمىكىن دەپ تەمە قىلىپمۇ يۈرۈۋاتىمەن . لەڭپۇڭ ساتىدىغان بىر خوتۇن بىلەن ناسۋالچى بىر مومايغا ئەهۋال ئېيتىۋىدىم . ئۇلار ئۈقۇشۇپ باقماقچى بولۇشتى . . .
ئۇنىڭ ئەمدى نېمە ئىش قىلماقچى بولغانلىقىنى بىلگۈسى كەلگىنىگە قارىتا :
— مەن قەشقەرگە كېتىمەن ! — جاۋاب بەردىم ، — پۇل تېپىپ كېتەي دەپ تاس - تاماس قالدىم جاندىن ئايرىلغىلى ، تىلەمچىلىك قىلىپ بولسىمۇ كېتىمەن .
— مېنى بىللە ئېلىپ كەتمەملا ؟ — ئىلتىماس قىلدى ئۇ خېلىدىن كېيىن ، ئۇ بۇ سۆزلەرنى دېگەندە بېشىنى يەردىن كۆتۈرەلمىدى . ئۈنىمۇ ناهايىتى پەس ۋە تىترەپ چىقتى .
چۆچۈپ كەتتىم . هېچقانداق كاپالەتكە ئىگە بولمىغان تۇرمۇشۇم ئۆزۈمگىمۇ ۋەهىمە سېلىپ تۇرغان چاغدا ، يەنە بىر ئايالنى



ئەگەشتۈرۈۋېلىش ماڭا يەڭگىلى بولمايدىغان قىيىنچىلىق تۇغدۇراتتى . يەنە بىر جەهەتتىن — بۇ تېخى هەممىدىن مۇهىم — قەشقەردە مېنى قانداق تەقدىر ، قايسى قىسمەت كۈتىدىغانلىقىمۇ نامەلۇم ئىدى . ئىزدەيدىغىنىم بۇۋىسارە ، ماڭا توسقۇنلۇق قىلىدىغانلار بولسا ناهايىتى كۆپ ، كۈچلۈك ۋە ياۋۇز ئىدى . بۇلارنى چولپانخان بىلمەيتتى ، چۈشەنمەيتتى ، ئۇنىڭغا بىلدۈرۈش ، چۈشەندۈرۈشكىمۇ بولمايتتى .
— بۇ سىلىگە قىيىنمۇ - هە ؟ — سورىدى ئۇ يېلىنغان ئاهاڭدا .
— قىيىن ، بەكمۇ قىيىن چولپانخان ، — دېدىم راستىنى ئېيتىپ ، — يول بەك يىراق ، ئۇنىڭ ئۈستىگە هەر ئىككىمىزنىڭ ئىگە - چاقىسى يوق ، پۇلىمىز يوق شارائىتتا بۇ يولنى ماڭالمايمىز ، نېمە يەپ ، نېمە ئىچىمىز ؟
— بۇ يەردىمۇ ماڭا ئاسان دەملا ؟ — ياش تۆكتى ئۇ ئۆكسۈپ ، — مەن قىشقىچە ئۆلۈپ قالىمەن ، هېچ بولمىسا قىشىچە ئۆلۈپ كېتىمەن . مەن سىلى بىلەن ئوخشاش تىلەمچىلىك قىلىپ قەشقەرگە ، ئاندىن سىرىقبۇيىغا — يۇرتۇمغا بېرىۋالسام دەپتىم . . .
— بوپتۇ ئەمىسە ، — دېدىم ئاخىر ئۇنىڭ بىچارە هالىتىگە ئېچىنىپ ، — تىلەمچىلىك قىلايلى ، مەن قىلاي . . . تاپقاننى تەڭ كۆرەرمىز . . .
ئۇنىڭ ياش يۇقى كۆزلىرىدە غەلىتە ، هاياجانلانغان ۋە ئەسەبىيلىككە تەڭ ياتىدىغان نۇر ئەكسلەندى . ئۇ قولۇمغا ئېسىلىپ يىغلىۋەتتى . ئەگەر بۇ تالا بولمىغاندا ، كۆل بويىدا يەنە بىر مۇنچىلىگەن ئادەملەر بولمىغاندا ئۆزىنى ماڭا ئاتىدىغاندەك قىلاتتى .
— سىلىگە ئاساندەك بىلىنىۋاتامدۇ ؟ — ئەسكەرتىپ قويدۇم ، — راستىمنى دېسەم ، بۇ يولدا ماڭغاندىن كۆرە ئۆلۈم يولىغا مېڭىش يەڭگىلرەك ئىدى . ئەمما ، مېنى چىداشقا مەجبۇر قىلىۋاتقان بىرلا سەۋەب بار . يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇرلۇقىدا بىر ئارمىنىم بار . . . شۇنىڭغا يېتىمەنمىكىن دەپ . . .
— مېنىڭمۇ يۇرتۇمغا يېتىۋېلىش ئارمىنىم بار ئەمەسمۇ ؟ يۇرتۇمنى بىر كۆرۈپ غىققىدە جېنىم چىقىپ كەتسە مەيلىدى . . .

بىز شۇنداق پۈتۈشتۇق. ئۇ گۇسوزىنىڭ هويلىسىدىكىلەرنى تارقىتىۋەتكەندە بېرىلگەن پۇلنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر نەچچە داچىنىگە ماڭا نان ئالغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۆزى نەچچە كۈنلەردىن بېرى كۈنىگە بىر نان بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئىچىم سىيرىلدى. قىشتا ئۇنىڭ مېنى پاش قىلماسلىق ئۈچۈن تاياق يېيىشكە رازى بولغانلىقى كۆز ئالدىمغا كەلدى. مانا بۇگۈنمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ ئىككى كۈن يەيدىغان روزانىسىنى ماڭا بېرىۋەتكەنىدى. مەن ئۇنىڭ بۇ ئىككى ناننى نەدىن ئالغانلىقى، نېمىگە ئالغانلىقىنى سۈرۈشتۈرمەيلا يېۋەتكەنىدىم. خىجىلچىلىق ۋۇجۇدۇمنى كۆيدۈرۈپ ئۆتكەندەك بىلىندى.

— يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى ئاز - تولا بىر نېمە جۇغلىۋالمىساق بولماس، — دېدىم ئورنۇمدىن تۇرۇپ، — سىلى رەنجىمەي مۇشۇ كۆلنىڭ بويىدىن قوزغالماي ئولتۇرۇپ تۇرسىلا، مەن ئازدۇر - كۆپتۇر بىر نېمە تىلەپ كېلەي.

— مەنمۇ بارىمەن، — ئۇمۇ ئورنىدىن تۇردى، — مەن سىلىدىن نېرىراق يۈرەي، بۇ يەردە يالغۇز ئولتۇرسام قورقىمەن...

مانا قىزىق! شۇنچە ۋاقىتلاردىن بېرى يالغۇز يۈرۈپ قورقمىغان چولپانخان ئەمدى نېمىدىن قورقىدۇ؟ غايىب بولۇپ كېتىشىمدىن قورقامدۇ، ئۇنى تاشلىۋېتىپ قېچىپ كېتىشىمدىن قورقامدۇ؟ بۇنى ئۇنداق چۈشىنىشكە بولمايتتى. ئۇنىڭ هېسسىياتىنى بىلىشكە بولاتتى. ئىنساننىڭ ئىنسانغا ئېجىللىقى بىر - بىرىنى تونۇمىغان ۋاقىتتا باشقىچە، تونۇغاندىن كېيىن باشقىچە بولىدۇ - دە!

ماقۇل بولدۇم. ئەمدى ئۆزۈم ئۈچۈن ۋە چولپانخان ئۈچۈنمۇ تىلەش جۈرئەت تەلەپ قىلاتتى. ئۇنىڭ ئىككى كۈنلۈك رىزقىنى يېۋالغانلىقىمدىن پەيدا بولغان ئىزا - ئەلەم مەندىن تۆلەم بېرىشنى بۇيرۇيتتى. مەن هېچنېمىگە پەرۋا قىلماي، هېچ كىمگە قارىماي چولپانخان بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدىغان بىر قىزغىنلىق بىلەن سازا قىلىپ تىلەشكە چۈشتۈم. قېلىنلىق، جاهىللىق، تەرسالىق بىلەن تىلىگىلى تۇردۇم. كىشىلەر مېنى تىللىدى، سىلكىدى، ئازار بې-



رىپ، سېسىق گەپلەرنى قىلدى، بىر - ئىككىسى يۈزۈمگە تۈكۈردى. بىر بايۋەچچە هەتتا بىر شاپىلاق سالدى. ئەمما، بۇلارنىڭ هېچقايسىسى كۆزۈمگە كۆرۈنمەيتتى. نېمە قىلساڭ قىل، بىرنەرسە بەر، دەيتتىم ئىچىمدە. يىگىرمە - ئوتتۇز قەدەمچە كەينىمدە يۈرگەن چولپانخان بۇلارنىڭ هەممىسىنى كۆرۈپ يۈردى. «كۆرگىنى ياخشى، — دەيتتىم ئىچىمدە، — تىلەمچىلىكنىڭمۇ مۈشكۈل ئىش ئىكەنلىكىنى كۆرسۇن، مېنىڭ نەپسى ئاۋارىسى بولۇپ، ئىككى نېنىنى يېۋالغان گۇناهىمنى قانداق يۇغىنىمنىمۇ كۆرسۇن...»

ئىشقىلىپ، كۆز باغلانغان ۋاقىتقىچە توپا - لايغا بۇلغانغان يەكتەكىمنىڭ بىر پېشى پارچە - پۇچۇق زاغرا، گىردە، يېرىمى چىشلەنگەن ئىككى - ئۈچ مانتا، بەش - ئالتە شاپتۇل، ئىككى تىلىم قوغۇن، بىرنەچچە باش سەۋزە... دېگەندەك يېمەكلىكلەرگە توشقانىدى. بۇلار هەر خىل، هەر تۈرلۈك، بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان تەمدىكى يېمەكلىكلەر بولسىمۇ، ئىككىمىز ئۈچۈن راسا كېكىر گۈدەك بىر ۋاخلىق غىزاغا يارايتتى. شۇ خۇشلۇق بىلەن چولپانخاننىڭ ئالدىغا كەلگىنىمدە ئۇنىڭ سولغۇن ئىككى مەڭزىدە ياش دەريا بولۇپ ئاقماقتا ئىدى. ئىككى قولۇم پېشىمدا بولغانلىقتىن، ئۇ شاپىلاق تەگكەن مەڭزىمنى سىلىدى، ساقىلىمدىكى تۈكۈرۈكلەرنى ئېرتتى، لېكىن، گەپ قىلماي ئېسەدەيتتى.

— نېمە بولدى، نېمىشقا يىغلايلا؟ — ئۇنىڭ نېمىشقا يىغلاپ، كۆڭلىنى بۇزۇۋاتقانلىقىنى چۈشەنسەممۇ چاندۇرماسلىققا تىرىشاتتىم، — قارىسىلا، ئاللاه ئىگەمنىڭ بەرگەن رىزقىغا! تېجىسەك، ئىككى ۋاخ، بولمىسا كەڭ - كۇشادە بىر ۋاخ يەپ - ئىچىمىز ئەمەسمۇ؟

ئۇ مېنى چۈشەنگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپلا قويدى ۋە مېنى ئەگەشتۈرۈپ بىر ئارقا كوچىغا باشلىدى. كوچىدىن چىقىپ، خىلۋەت بىر بوشلۇقتىن ئۆتۈپ، ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بىر كونا تاملىققا باردۇق. ئۇ يەردىن ئۆتكەندىن كېيىن چولپانخان ئەتراپقا بىر قارىۋېلىپ پەسلەپ ماڭغىلى تۇردى. ئەللىك قەدەمچە ماڭغاندا يەردىن بىر غۇلاچچە پەس ئويۇلغان بىر ئورا ئالدىغا كەلدۇق.

چولپانخان تونەپ يۈرگەن ئورىنىڭ مۇشۇ ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

ئورا خېلى قۇرۇق، تاملىرى سىلىق، قاچاندۇر بىر چاغلاردا ئۈستى يېپىق گەمە ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدىغان، چولپانخان ۋە ماڭا ئوخشاش مۇساپىرلار ئۈچۈن كۆڭۈلدىكىدەك تۇرالغۇ بولالايدىغان ئورۇن ئىدى. مەن ئورىغا چۈشكەندىن كېيىن ئېتىكىمدىكى نەرسىلەرنى ئېلىشنى بۇيرۇدۇم، چولپانخان ئۇلارنى يەرگە ئالدى. كېيىن بىز ئولتۇرۇپ غىزالىنىشقا چۈشتۇق. يەكتىكىمنى سېلىپ داستىخان قىلايلى، دەپ ئويلىغانىدىم. ئىچىمدە كۆڭلەك يوقلۇقىنى يادىمغا ئېلىپ يالتايدىم. پەملىشىمچە، چولپانخاننىڭ ئەرلەرچە كالتە چاپىنىنىڭ ئىچىدىمۇ ئىچ كۆڭلىكى يوق ئىدى. بۇنى چاپاننىڭ قولتۇقىنىڭ تېگىدىن پەسرەك، بىقىنىنىڭ يۇقىرىسىدىراق تۇرغان يىرتىقىدىن بىلگىلى بولاتتى. ئۇ نانلاردىن يەيتتى، يېگەندىمۇ زاغرىسىنى يېپىشكە ئۇرۇناتتى، ئۇ قوغۇندىن يەيتتى، تەمسىزرەكىنى ئىزدەيتتى. مەن ئۇنىڭ توختىماي ياش ئېقىۋاتقان كۆزىگە قاراپ خۇشالراق ئولتۇرۇشقا ئۇندەيتتىم:

— نېمىشقا يىغلاۋېرىلا؟ بۇ ھەررەك-سەررەك نەرسىلەرنى تىلىدى دېگەنلىرىمۇ ياكى تېتىغۇدەك تاماق تېپىپ كېلەلمەپتۇ، دېگەنلىرىمۇ؟ — ئۇ بېشىنى «ئۇنداق ئەمەس» ئىشارىتىگە لىڭشىتىپ ياش تۆكەتتى، — تاماق دېگەننى خۇشال-خۇرام ئولتۇرۇپ يېگۈلۈك...

غىزا يەپ بولغىنىمىزدا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى. سېپىل ئۈستىدىكى جېسەكچى چېرىكلەرنىڭ پانۇس كۆتۈرۈپ مېڭىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگىلى بولاتتى. شۇ چاغدا بىردىن شاجۇمەنى ئىزدەپ، گۇمبەزگە بېرىش كېرەكلىكىنى يادىمغا ئالدىم. ئەمما، ھازىر ۋاقىت ئۆتكەن، شەھەر دەرۋازىلىرى تاقىلىپ بولغانىدى. نەدە تونەيدىغانلىقىمۇ بىر مەسىلە ئىدى. تار، كىچىك ئورىدا چولپانخان بىلەن بىللە كېچىنى ئۆتكۈزۈش ماڭا غەلىتە بىلىنمەكتە ئىدى. بۇلار نېمىشقا بالدۇرراق ئېسىمگە كەلمىدىكىن؟ نېمىشقا بايىلا تىلىگەن نەرسىلەرنى چولپانغا بېرىۋېتىپ، ئەتە كۆرۈشۈشنى ئېيتىپ شەھەردىن چىقىپ كەتمىدىم؟ ئەمدى بۇلار توغرىسىدا سۆزلەش بىئەپ!



شۇ خىياللىرىم بىلەن ئۇزاقتىن ئۇزاق ئولتۇردۇم. چولپانخاننىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقى مەلۇم ئەمەس، لېكىن ئۇ ئېسەدەشنى توختىتىپ جىمىپ قالغانىدى. يەنە بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن:

— ئەمدى سىلى ئۇخلىسىلا، مەن ئورىنىڭ ئۈستىدىن بىرەر جاي تاپاي، — دەپ ئورنۇمدىن تۇردۇم.

— ئۇنداق قىلمىسىلا، — كۈتۈلمىگەندە تېزلا ئىنكاس قايتۇردى ئۇ ۋە قولۇمنى تۇتۇۋالدى، — مەن قورقىمەن، ھېلىمۇ ھەر كېچىسى قارا بېسىپ، ئەسكى چۈش كۆرۈپ ئۇخلىيالمايلا كېلىۋاتىمەن.

ماڭا ئورىدا قېلىشقا توغرا كەلدى. مۇنداق خىلۋەت يالغۇزلۇقتا ئورىدا بىللە تونىسە نېمە بولدى، ئۇ ئورىدا قېلىپ، مەن ئورىنىڭ ئۈستىدە تونىسام نېمە بولدى؟ پەرقىسىز ئەمەسمۇ؟

ھېرىش-چارچاش، بىر كۈنلۈك جىددىيلىك مېنى ھايالسىز ئۇيقۇ قايىنىمىغا ئىتتەردى، ئورىنىڭ تېمىغا يۆلىنىپ ئۇخلاپ كېتىۋاتقىنىمنىلا سېزەتتىم. ئەتىسى قوپقىنىمدا چاقاڭدا ياتقىنىمنى كۆردۈم. كۈن چىقىپ بولغانىدى، ئۇ كۆزلىرىمنى چاقاتتى. چولپانخان بىر تەرىپىمدە — ئورىنىڭ چىقىش ئېغىزى تەرەپتە ماڭا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى تېخىمۇ ئولتۇرۇشقان، رەڭگى يەنىمۇ سولغۇن ئىدى.

— دىۋىدەك ئۇخلىدىلا، — دېدى ئۇ كۈلۈشكە تىرىشىپ، ئەمما، بۇ كۈلكە كۈلكىگە ئوخشىماي، ئۇنىڭ چىرايى ئىرجىيىپ تۇرغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

— شۇنى دېمەملا، نېمانچە ئۇخلىغاندىمەن؟ كۈنمۇ نەيزە بويى ئۆرلەپ كېتىپتۇ...

— ئالدىرايدىغان ئىش بولمىغاندىكىن، ئۇيقۇ كەلسىلا ئۇخلىغۇلۇق، — ئۇ يەنە كۈلدى. بۇ قېتىمقى كۈلكىسى خېلى يېقىملىق كۆرۈندى.

— ئۆزلىرىچۇ؟ ئۆزلىرى ئۇخلىمىغاندەك كۆرۈنىلىغۇ؟

— بۇگۈن كېچە ئارامخۇدا قانغۇدەك ئۇخلاپتىمەن، — دېدى ئۇ كەينىمدىن ئورنىدىن تۇرۇپ.

بۇگۈن قىلىدىغان ئىشىمىزنى ئېيتتىم: ئاۋۋال بازارنى بىر ئايلىنىپ، يەيدىغان ـ ئىچىدىغانىنىڭ غېمىنى قىلىمىز، ئاندىن شاجۇمەنى ياكى ھۈسىين پوكانچىنى ئىزدەيمىز. ئۇلار بۇ يەردە بولسىلا گۇمبەزلىرى ئىچىدە ئىزناسى قالىدۇ. تاپالمىساق، كەچتە بالدۇرراق شەھەردىن چىقىپ كېتىپ يەنە ئىزدەيمىز. تېپىلسۇن ـ تېپىلمىسۇن، قەبرىستانلىقتا تۈنەيمىز. قەشقەرگە مېڭىش توغرىسىدا، شاجۇمە تېپىلسا بىللە مەسلىھەت قىلىشىمىز، تېپىلمىسا ئۆزىمىز كېتىۋېرىمىز. «تېپىلمىسا مەن گۇمبەزگە خەت يېزىپ، قەشقەرگە كەتكىنىمنى ئۇقتۇرۇپ قويسىملا بولىدۇ...» دېمەكچىدىم، چولپانخاننىڭ مېنىڭ خەت يېزىشنى قانداق بولۇپ بىلىدىغانلىقىم توغرىسىدىكى شۈبھە ۋە سوئاللىرىدىن قېچىپ دېمەيلا قويدۇم.

چولپانخان بېشىنى لىڭشىتىپلا تۇردى. ئۇ ئۇنداق قىلماي، مۇنداق قىلايلى، دېيەلمەيدىغىنىمۇ ماڭا ئايان ئىدى. بىز ئاخشام كەلگەن يول بىلەن ماڭماي، باشقا بىر يول بىلەن سېپىل سىرتىدىن شەھەر ئىچىگە سۇ كىرىدىغان ئېرىق بويىغا كەلدۇق. بۇمۇ چولپانخاننىڭ تەشەببۇسى ۋە باشلىشى بىلەن بولدى. توختاپ سۇزۇلۇپ قالغان، شۇنداقلا ئىسسىپ قالغان سۇدا يۈز ـ كۆزلىرىمىزنى يۇيۇپ، بازار ئىچىگە قاراپ كەتتۇق. چولپانخان يەنىلا مەندىن ئەللىك ـ ئاتمىش قەدەم نېرى يەردە ئەگىشىپ يۈرۈشى كېرەك ئىدى. مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلىۋېتىپ، مۇڭغا تولغان كۆزلىرىگە، مەيۈس چىرايىغا قاراپ قويدۇم. ئۇ ئۈستۈمدە يۈز بېرىدىغان تۈنۈگۈنكى خورلۇقلارنىڭ تەكرارلىنىشىدىن ئەنسىرەيدىغاندەك بىر ھالەتنى ئىپادە قىلاتتى. لېكىن، بىزنىڭ تۈنۈگۈنكى پۈتۈشكىنىمىز بويىچە ھەر ئىككىلىمىز بۇنىڭغا كۆنۈشىمىز كېرەك ئىدى. كەلگۈسىنىڭ بىزگە قايغۇ ياكى خۇشاللىقلاردىن سوۋغات تەييارلىشىدىن قەتئىينەزەر، قەشقەر سەپىرىدىن ۋاز كەچمەسلىكىمىز زۆرۈر ئىدى.

تىلەشكە كىرىشتىم. ئاشپۇزۇلدىن ئاشپۇزۇللارغا قاترايتتىم. ناۋايخانىلار ئالدىدا سازا قىلىپ توختايتتىم، چايخانىلارنى ئارىلايتتىم. لېكىن ئۈنۈم ئاز ئىدى. بازارنىڭ غاز ـ غۇژ قىزىق پەيتى ئەمدىلەتىن باشلىنىۋاتاتتى. گەرچە مۇشۇنداق ۋاقىت تىلەمچىلەرنىڭ سانى كۆپ



بولمايدىغان ۋاقىت بولسىمۇ، بەرگۈچىلەرنىڭمۇ پىخسىقلىق قىلىدىغان پەيتلىرى ئىدى.

چۈشكە يېقىن بىر مانتىخانىغا كىردىم. مانتىخانىدا ئادەم تېخى كۆپ ئەمەس ئىدى. شۇڭا كۆزۈم دەرھاللا ئۇزۇن بەندىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ زوڭ ئولتۇرۇپ پېتىر مانتا يەۋاتقان سودىگەرسىمان بىر كىشىگە چۈشتى. ئۇنىڭ ئولتۇرۇشى ۋە مانتا چايناشلىرىدىن قارىغاندا قورسىقى تويغان، زورلىنىپلا يەۋاتاتتى. مانتىلارغا قارىماستىنلا:

— ھەق! — دەپ خىتاب قىلدىم.

كۈتكىنىمگە قارشى ئۇ كۆزلىرىنى ئالايتىپ:

— يوقال، ئىپلاس ھارامزادە! — دەپ تىللىدى.

كەسپىم بويىچە ئىزا تارتىش كېرەك ئەمەس ئىدى. ئىككىنچى بىر كىشىنىڭ ئالدىغا باردىم. ئۇ سوزغان ئالقىنىمغا چوڭراق توغرىلىپ قالغان پىيازنى تاشلىدى. ئۈچىنچى كىشى گۆشىنى يەۋالغان مانتا خېمىرىنىڭ يېرىمىنى بەردى، مانتىخانىدا ئاخىرقى بىر كىشى قالغانىدى. ئۇ بېشىغا بادام دوپپا، ئۈچىسىغا ماتا يەكتەك كىيگەن، بۇرۇتلىرى قوۋۇزىغىچە يېتىپ بارغان گەۋدىلىك كىشى ئىدى. ئۇ بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ، ئالدىغا ئىككى ساپال تەخسە مانتا قويۇۋالغانىدى. ئۇنىڭغا يان تەرەپتىن قارىغاندا چىرايى ماڭا تونۇشتەك، نەدىدۇر كۆرگەندەك بىلىندى. لېكىن، ھازىر ئۇنى ئەسلەپ ئاۋارە بولۇش كېرەك ئەمەس ئىدى. تېخى ناشتىسىز يۈرگەن چولپانخان بىلەن ماڭا ئوزۇق كېرەك ئىدى، مەن ئۇنىڭغا يانداپ بېرىپ:

— ھەق شەھىدۇللاھ، — دېدىم.

ئۇ ماڭا پەرۋا قىلماي ئون كۈن ئاچ قالغاندەك مانتىسىنى يەۋەردى. مەن بايىقى سۆزۈمنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدىم. ئۇ ماڭا مۇنداقلا بىر قاراپ قويۇپ، ئالىقىنىمغا بىر پۈتۈن مانتا سېلىپ قويدى ۋە يەنە ئۆز تەخسىلىرىگە ئېڭىشتى. لېكىن، ئۇنىڭ ئاشۇنداق بىر قاراپ قويۇشىدىن يۈرىكىم ئەنسىز سوقۇشقا باشلىدى. ئۇ ماڭا تونۇش ئىدى. تونۇش بولغاندىمۇ خېلى بەك تونۇش ئىدى. ئۇ كىم؟ مەن شۇنچە يىللاردىن

بېرى ھەر يەر ـ ھەر يەرلەردە يۇرۇپ ناھايىتى جىق دەرۋىشلەر، تىلەمچىلەر، ئالدامچىلارنى ئۇچراتقان، ئۇلارنىڭ كۆزۈمگە سىڭىشىپ قالغانلىرىمۇ بار، ئېسىمدە يوقلىرىمۇ بار. ماۋۇ مانتا يەۋاتقان كىشى بۇ ساھەدىكى ئادەم ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ تەقى ـ تۇرقى، قاراشلىرىدىن شۇ قەدەر يېقىنلىقنى سېزەتتىمكى، تۇيغۇلىرىمنىڭ مېنى ئالدىمايۋاتقىنىنى ئېنىق بىلەتتىم. ئۇ كىم؟ ئۇنى نەدە كۆرگەن بولغىيدىم؟ كۆرگەنلا ئەمەس، ئۇنىڭ بىلەن يېقىن ئۆتكەندەكمۇ تۇراتتىم. نەدە؟ قاچان؟...

ئەسلىمىلىرىم بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرىۋەرگەنىدىم، ئۇ مانتىسىنى يەپ بولۇپ، يەكتىكىنىڭ پېشى بىلەن ئاغزىنى سۇرتتى. پۇتۇن بىر مانتىنى ئېلىپمۇ كەتمەي تۇرغان بىر تىلەمچىگە ئۇدۇل قارىدى. پەرۋاسىزلىق بىلەن ئورنىدىن تۇردى ۋە چىقىپ كېتىش ئۇچۇن بۇرۇلدى.

ئۇنى تونۇدۇم. ئۇ قەشقەردە، مەن قازىخانىنىڭ ئارقا ھويلىسىغا قامالغاندا مەن بىلەن بىللە ياتقان، مېنى باققان، مېنى قاچۇرۇش ئۇچۇن كۆپ باش قاتۇرغان، ئەمەلىيەتتىمۇ نېمەتۇللا قارىي بىلەن ئىككى چېرىكنى توسۇپ، مېنى دەريا تەرەپكە يولغا سېلىپ قويغان مۇھەممەت ئاقچى ئىدى. ئۇ ھېلىمۇ ئېگىز بويلۇق، قاۋۇل، چىرايى سېرىققا مايىل ئىدى. ئۇنىڭدا ئۆزگىرىش بار دېيىلسە پېشانىسىدىكى قورۇقلار كۆپەيگەن، كۆز چۆرىلىرىدىكى قورۇقلار چوڭقۇرلىغانىدى. ئۇستىدىكى كىيىملىرى يېڭى، ئۆزى سەل ـ پەل سەمرىپ قالغانىدى.

شۇنداق، بۇ دەل مۇھەممەت ئاقچى! مۇھەممەت ئاقچى مېنى زادى تونۇمىدى. ئۇ قادىلىپ قاراپ قالغىنىمدىن شەكلەنگەندەك بولۇپ، ماڭا يامان كۆزى بىلەن قادىلىپ بىر قاراپ ئالدىمدىن ئۆتتى. شۇ چاغدا ھاياجىنىمنى باسالماي «مۇھەممەت ئاقچى» دەپ سۇس پىچىرلىدىم. قەلبىم دولقۇن ئۇرغاندەك، يۇرىكىم شۇررىدە ئېرىگەندەك تۇيۇلدى. كۆز ئالدىمدا مانتىخانىمۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە مانتا يەۋاتقان ئىككى ـ ئۇچ خېرىدارمۇ ئېرىپ غايىب بولغاندەك، پەقەت ئاشۇ مۇھەممەت ئاقچىلا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغاندەك بىر كۆرۈنۈشنى نامايان قىلاتتى.



ئۇنىڭ ئىسمىنى بوشلا ئېيتىپ پىچىرلىغانىدىم، بىراق، مۇھەممەت ئاقچى ئالدىغا تاشلىغان قەدىمىنى جايىغا بېسىپ ئارقا پۇتىنى يۆتكىمەي تۇرۇپلا قالدى. بىر ـ ئىككى تىنىق شۇ پېتى تۇردى ـ دە، ئېگىز قەددىنى يېرىم بۇراپ، مەن تەرەپكە سىڭايان ئېگىشىپ ئاغزىدىن پىياز پۇرىقىنى تارقىتىپ:

— لەنىتى قەلەندەر، نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسەن؟ — دەپ پىچىرلىدى.

ئەمدىغۇ گۇمانلانغۇدەك يېرى قالمىدى. يەنە بىر قېتىم «مۇھەممەت ئاقچى» دەپ پىچىرلىدىم.

ئۇ ئەتراپقا ئەنسىز بىر قارىۋالدى. مانتىخانىدا بىرلا خېرىدار قالغان، ئۇمۇ ئىشىككە يېقىن ئولتۇرۇپ مانتا يەۋاتقان، بىز تۇرغان يەر بىلەن بولغان ئارىلىقى ئون قەدەمچە كېلىدىغان بولسىمۇ، مۇھەممەت ئاقچى مېنى باياتىن ئۆزى ئولتۇرغان بەندىڭگە بېسىپ ئولتۇرغۇزۇپ تېخىمۇ ئېگىشىپ پەس ئاۋازدا:

— سەن ئۆزۈڭ كىم شۇم قەلەندەر؟ — دەپ سورىدى.

— بۇنىڭدىن ئون يىل ئاۋۋالقى قەشقەر قازىخانىسىنىڭ سولاقخانىسىنى ئەسلىسىلە، — دېدىم ئالدىراپ ھودۇقۇپ، تېز ـ تېز نەپەس ئېلىپ، — سىلە بېقىپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ ساقايتقان، كېيىن دەريا بويىدا چېرىكلەر بىلەن ئېلىشىپ قاچۇرۇۋەتكەن بىر يىگىتنى يادىلىرىغا ئالسىلا...

— سەن نېمىلەرنى جۆيلۈۋاتىسەن؟ — ئۇ ماڭا بىردەم تىكىلىپ قارىدى. مانتىخانىنى سەگەكلىك بىلەن چاندۇرماي كۆزەتتى، — قانداق قازىخانا؟ كىم كىمنى ساقايتتى، قايسى چېرىك؟

ئۇ ھەممىنى چۈشەنگەن، يادىغا ئالغانىدى، بىراق، نېمىشقىدۇر ئىشەنمەيۋاتقاندەك قىلاتتى.

— ئاخشامدا... نېمەتۇللا قارىي ئىسىملىك بىر كىشى بىلەن قارا ئېشەككە قۇرۇق سۆكەنىنى ئارتىپ... قاچۇرۇۋەتمەكچى بولغان يىگىت...

— سەن كىم ؟ ئۇ يىگىت نېمە بولدى ؟ — مۇھەممەت ئاقچى ئىشىك تەرەپكە كەينىنى قىلىپ، باشقىلارغا چاندۇرماي كېكىردىكىنى بوغۇشقا قول سوزۇپ كەلدى.

— مەن شۇ ئەمەسمۇ ؟ سىلى تېخىچە تونۇمايۋاتامىلا ؟

مۇھەممەت ئاقچى قولىنى تارتىۋالدى. ماڭا ئۇزاققىچە ھاڭۋېقىپ قارىدى. كېيىن نەرىمدىن تونۇدى، ئىشقىلىپ بىلىمدىن دەس كۆتۈرۈپ قۇچاقلىدى ـ دە، ئېقىۋاتقان يېشىنىمۇ سۈرتمەستىن:

— جېنىم ئۇكام، بۇ سىلىمۇ، سىلە شۇنچىلا ئۆزگىرىپ كەتتىلىمۇ ؟ سىلى نەلەردە يۈرىلا، مۇشۇنداق كۈن كۆچۈرۈپ كەللىمۇ ؟ — دەپ ئۇزىمەي سوراشقا باشلىدى. ئۇ ھەر سوئالى ئاخىرلاشقاندا مېنى بىر قېتىم قىسىراق قۇچاقلايتتى.

ئۇنىڭ سوئالىغا بۇ مانتىخانىدا جاۋاب بېرىپ بولالمايتتىم. ئۇنىڭمۇ سورىغىنىنى بىلەن ھازىرلا جاۋاب ئېلىش ئويى يوقلۇقىنى بىلەتتىم. كۆز ياشلىرىمنىڭ يۈزۈمنى ھۆل قىلىۋاتقىنىنىلا ھېس قىلاتتىم.

— مەن سىلىنى ئون يىلدىن بۇيان ئىزدىدىم ئۇكام، ئوچۇق سۈرۈشتە قىلغىلى بولمىغاندىكىن، يوشۇرۇنچە كۆزەتتىم. ئوغرى، يانچۇقچى، بوشاپ چىققان مەھبۇسلاردىن سۈرۈشتۈردۈم، — دەيتتى ئۇ تىترەك تاۋۇش بىلەن ئېسەدەپ تۇرۇپ، — مانا قارىسىلا، سىلى بار ئىكەنلا، يەنە كېلىپ مۇنداق ھالدا... مېنى كەچۈرسىلە ئىنىم، مەن كۆزى ئوچۇق كور بولمىسام سىلىنى تونۇماي قالاتتىممۇ ؟ تونۇشلۇق بېرىۋاتسىلا يەنە بىلمىگىنىمنى كۆرمەمدىغان... مەن تېخى سىلىنى تىلەمچى سىياقىغا كىرىۋالغان...

مۇھەممەت ئاقچى ئۆزىنى قولىغا ئالغۇچە بىر مۇنچە ۋاقىت ئۆتتى. ئۇ سورايتتى، جاۋاب قايتۇرمايۋاتقىنىمنى، جاۋاب قايتۇرۇشقىمۇ ئىقتىدارىم يەتمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە سورايتتى. كۆزىدىن ياش تۆكەتتى ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى ئەيىبلەپ مەندىن كەچۈرۈم سورايتتى.

— ۋاي مېنى كەچۈرسىلە ئىنىم، — دېدى ئۇ ئاخىرىدا، — مەن ئۆزۈمنىڭ ئەيىبىنى ياپىدىغان بىمەنە سوئاللىرىم بىلەن سىلىنىڭ جانلى-



رىنى قىينىۋەتتىمغۇ ؟ — مېنى قۇچىقىدىن بوشىتىپ ئۆزى ئۈستەلنىڭ نېرىقى تەرىپىدە ئولتۇردى، — خوش، مەن سىلىنى نېمىشقا دەرھاللا تونۇيالماي قالدىم ـ ھە ؟ راستىنى دېسەم، شۇ تاپتىمۇ كۆزلىرىدىنلا تونۇۋاتىمەن... مېنى كەچۈرسىلە ئەزىز ئىنىم...

— مەنمۇ سىلىنى تەستە تونۇدۇم ئاكا، — دېدىم ئۆزۈمنى تەستە قولغا ئېلىپ، — ئارىدىن ئون يىلدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتتى ئەمەسمۇ ؟ جاننى ساقلاش ئۈچۈن، ئۆلمەسلىك ئۈچۈن، سىلى بىلىدىغان ھېلىقى مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن نۇرغۇن ـ نۇرغۇن كويلارنى بېشىمدىن كەچۈردۈم...

— بولدى ئۇكام، بۇلارنىمۇ سۆزلىشەرمىز، بىخەستەلىكىمنى قارىسىلا، قورساقلىرىنى سورىماپتىمەن ئەمەسمۇ ؟ ئۇ قوللىرىمغا قاراپ قويدى. مۇھەممەت ئاقچى مېنى قۇچاقلىغاندىلا قولۇمدىكى تىلىگەن نەرسىلەر يەرگە چۇشۇپ كەتكەنىدى، — ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام دەپتىكەن، سىلىنى گەپكە تۇتۇپ... ھاي مانتىپەز ئۇستام !

سىرتتا چولپانخان بارلىقىنى يادىمغا ئېلىپ، سەل خىجىلچىلىق تارتىۋاتقىنىمغا قارىماي، مۇھەممەت ئاقچىغا بۇنى ئېيتىشنى لايىق تاپتىم:

— تالادا يەنە بىر ھەمراھىم بار ئىدى...

— ئون ھەمراھلىرى بولسىمۇ چاقىرسىلا ئۇكام، ياق، ئۆزۈم چاقىراي... قانداقراق سىياقتىكى زاتلار ئۇ ؟

— مەن چاقىراي ئاكا...

ئورنۇمدىن تېز قوپۇپ تالاغا چىقتىم. چولپانخان مانتىخانىغا بىر كىرىپ كەتكەنچە چىقالمايۋاتقىنىمدىن ئەنسىرىگەنمۇ قانداق، ئىشىكنىڭ سىرتىدىن ئىچىگە بويۇنداۋاتاتتى. تەقى ـ تۇرقۇمغا قاراپ ئۆزگىرىپ قالغىنىمنىڭ سەۋەبىنى تېپىشقا ئۇرۇنغاندەك كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قارىدى. ئارتۇق گەپ قىلمايلا ئۇنى ئىشارەت بىلەن چاقىرىپ مانتىخانىغا ئەكىردىم. مۇھەممەت ئاقچى چولپانخاننى كۆرۈپ سەل ھەيران بولدى. لېكىن، ھېچنېمە دېمىدى.

— تونۇشسىلا، بۇياق بىزگە ئاكا بولىدۇ، — دېدىم چولپانخانغا

مۇھەممەت ئاقچىنى كۆرسىتىپ. چولپانخاننى مۇھەممەت ئاقچىغا تونۇشتۇردۇم، — بۇياقمۇ زۇلۇم چەككەن ئاجىزە، تونۇشقۇندىن باشلاپ ماڭا سىڭىل ئورنىدا ھەمراھ بولۇپ يۈردى. قەشقەرگە كەتمەكچى...

ھەر ئىككىيلەن بىر-بىرى بىلەن ساملاشتى. «سىڭىل» دەپ تەرىپلىشىم چولپانخان ئۈچۈنمۇ، مۇھەممەت ئاقچى ئۈچۈنمۇ ئېلان قىلغان باياناتىم بولۇپ، مۇناسىۋەت چېگرىسىنى ئېنىق چۈشەندۈرەتتى. بولۇپمۇ مۇھەممەت ئاقچى بۇرۇنقى ماجىرالىرىمدىن خەۋىرى بولغاچقا، بايىقىدەك تونۇشتۇرۇش ئۇنىڭغا يېتەرلىك ئىدى.

مۇھەممەت ئاقچى ئالغان ئوتتۇز مانتىنى چولپانخان بىلەن ئىككىمىز قانداق قىلساقمۇ يەپ بولالمىدۇق.

— بىرەر تىلەمچىمۇ يوق-ھە؟ — دېدى مۇھەممەت ئاقچى ئەتراپقا بىر قارىۋېتىپ، — بوپتۇ قويۇپ چىقىپ كېتەيلى.

بىر پەسنىڭ ئىچىدە تىلەمچىدىن تىلەمچىگە مانتا بېرىدىغان ئادەملەرگە ئايلىنىپ قېلىۋاتقىنىمىزنى چولپانخان ئەقلىگە سىغدۇرالماي پات-پات ماڭا ۋە مۇھەممەت ئاقچىغا نۆۋەت بىلەن قارايتتى.

مۇھەممەت ئاقچى رەت قىلغىنىمغىمۇ ئۇنىماي، باشقا بىر ئاشخانىغا باشلاپ چىقىپ ئۈگرە ئاش ئىچۈردى. مەيلى مانتا، مەيلى ئۈگرە مەن ئۈچۈن ئۇزاقتىن بۇيان كۆرمىگەن تائاملار بولۇشىغا قارىماي غىققىدە تويغۇزۇپ قويغانىدى. مانتا ئېشىپ قالغىنىدەك، سۇيقاشىنىمۇ تۈگىتىپ ئىچەلمىدۇق. بەكمۇ ھاياجانلانغان مۇھەممەت ئاقچى ماڭا خۇددى كىچىك بالىغا قارىغاندەك مېھرىبانلارچە قاراپ ئولتۇردى. ئۈگرىدىن كېيىن يا لەغمەن، يا پولو يەيمىز، دەپ تۇرۇۋالدى.

— سىلى بىلەن بىرلا بار ئىكەنمىز، قورساقمۇ بىللە بولىدۇ ئاكا، — دەپ قەتئىي رەت قىلىپ تۇرۇۋالدىم، — كەچقۇرۇن يەنە يەيمىز ئەمەسمۇ؟

— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن..، — دېدى ئۇ بېشىنى ئىرغىتىپ ۋە چولپانخانغا ئاڭلاتماي قۇلىقىمغا بوش پىچىرلىدى، — ئۈچ كۈن ئىلگىرى بازار باجگىرىنىڭ ئۆيىگە تەگكەن ئۈكام، ساندۇقىنىڭ تېگىدىن



قومۇرۇپ چىققان نەق پۇل ئاز ئەمەس...

كۈلۈپ قويدۇم. ئۇ ھېلىمۇ شۇ كەسىپ بىلەن ئىكەن، بۇلارنى بۇ يەردە سۆزلىشىش ئۈچۈن شارائىت ئەپ ئەمەس ئىدى. مۇھەممەت ئاقچى بىزنى ئېگىن-ئاياغ ساتىدىغان رەستىگە باشلاپ باردى.

— بەك ئېسىل كىيىۋالساڭلار خەقنىڭ كۆزى چۈشىدۇ، بەك كونا ئېگىن بىلەن يۈرسە ئېسىلزادىلەر بوزەك ئېتىپ كۆزىگە ئىلمايدۇ، ئۆزى ئوبدان، يارىشىملىق ئېگىندىن بىر قۇر ئېلىپ كىيىڭلار، — دېدى ئۇ، — ماۋۇ ئۇستۇڭلاردىكى جالدىرۋاقلارنى بولسا كۆيدۈرۈۋېتەيلى، بولمىسا تاشلىۋېتىڭلار...

چولپانخان ئۈچۈن بېشىغا گۈللۈك مەخمەل دوپپا ھەم چىت ياغلىق، ئۈچىسىغا گۈللۈك سەگەدىن كۆڭلەك-ئىشتان، پۇتىغا سەندەل ئالدۇق. مەن بادام دوپپا، بۆز يەكتەك-ئىشتان، كۆك شاتىۋا بەلۋاغ، ياغاچ تاپانلىق سەندەل تاللىدىم. مۇھەممەت ئاقچى ھەر ئىككىمىز ئۈچۈن بۇنىڭدىن ياخشىراق، ئېسىلرەك بولسۇن، دەپ تۇرۇۋالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ سۆزىنى نەقىل ئېلىپ قايىل قىلدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن ھامامغا باردۇق، «جالدىرۋاق» لارنى ھامامغىلا تاشلىۋېتىپ، يېڭىسىنى كىيىپ، «ئادەمگە ئوخشاپ» چىققاندا، ۋاقىت ناماز ئەسىردىن ئۆتكەنىدى. مۇھەممەت ئاقچى «ھامامدىن چىققاندا قورساق ئاچىدۇ، ئاچ قورساق يۈرسە ئىسسىق ئۆتىدۇ» نى تەكرارلاپ پولو يېگۈزدى. چولپانخان بىر نەچچە سائەت ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەن ئۆزگىرىشلەرگە ھەيران بولاتتى، ھاياجانلىناتتى ۋە پات-پات كۆز يېشىنى سۈرتەتتى. ئۇ مۇھەممەت ئاقچىنىڭ كىملىكىنى، ئىككىمىزنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بارلىقىنى بىلگۈسى كېلىپ، سوئال سوراشقا ئۇمتۇلۇپ كالپۇكلىرىنى سوزاتتى. مېنىڭ بولسا بىردەمدىلا يەڭگۈشلىنىپ قالغان بۇ تەقدىرىمگە ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. مۇھەممەت ئاقچى بولسا «ئىست، ئىست...» لا دەپ قوياتتى.

— ھەر بىرلىرى نېمە قىلىشماقچىدىلە؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئۈچىمىز بىر تاۋۇزنى كۆل بويىدا يەپ ئولتۇرغاندا، — نەدە تونۇشۋا-

تىلا ؟

سولاقتىن تۈنۈگۈن چىققانلىقىمنى، ئاخشام بىر ئورۇندا تۈنىگىنىمنى، بۈگۈن كەچ قەبرىستانلىقتا كەتمەكچى، شاجۇمەنى ئىزدەپ بېقىپ، قەشقەرگە يولغا چىقماقچى بولغان پىلانىمىزنى ئېيتىپ بەردىم. مۇھەممەت ئاقچى شۇنچىلىك سۆزلىرىمدىنلا قانداق كۈن كۆچۈرگەنلىكىمنى پەرەز قىلىپ بولدى بولغاي، ئېغىر خورسىنىپ، چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ، بىردەم ئويلىنىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن شۇنداق دېدى:

— پىلانىڭ سەپەر قىسمى ماڭىمۇ باب ئىكەن. قەشقەرگە مەنمۇ بارسام ئالغاچ كېتىشەملا ؟

— نېمە دېگەنلىرى بۇ ؟ — كۈلۈپ كەتتىم، — سىلىدەك ھىمات بىلەن بىللە بارساق خۇدانىڭ بەرگىنى - دە !

— ئۇنداق بولسا پىلانلىرىغا سەل تۈزىتىش كىرگۈزەيلى، — دېدى ئۇ، — ئەتىلا ئەمەس، ئۈچ - تۆت كۈندىن كېيىن يولغا چىقساق . . .

نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىدىغانلىقىمىزنى سورىيالمىدىم. شۇنداقتىمۇ ماقۇل بولۇپ رازىلىق بەردىم ۋە چولپانخانىغا قارىدىم. ئۇ ماڭا بەرىبىر دېگەندەك ئىپادە بىلدۈردى.

— شاجۇمە ئىسىملىك دوستلىرىنىمۇ ئەتە - ئۆگۈن ئىزدەيلى، — ئۇ يەنە يېڭى مەسلىھەتىنى ئېيتتى، — بۈگۈن ھەممەيلەن ئارام ئالايلى، باشقا گەپلەرنى ئەتە دېيىشەيمىزمۇ ؟

بۇنىڭمۇ سەۋەبلىرىنى سۈرۈشتۈرمەي ماقۇل بولدۇم. بىز نامازشام ۋاقتى بىلەن مۇھەممەت ئاقچىنىڭ باشلىشىدا شەھەردىن چىقىپ، خەندەك بويىدىكى قاتار كەتكەن سارايلارنىڭ بىرىگە كىردۇق. مۇھەممەت ئاقچى تونۇش بولسا كېرەك، بۇرنى پاناق سارايۋەندىن چۈچۈن، بۈرگىسى يوق، يوتقان - كۆرپىسى پاكىز ئىككى ئۆي ئالدى. بىرىگە چولپانخانىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، يەنە بىرىگە مېنى باشلاپ كىردى. سارايۋەندىن گۆش گىردە ئالدۇرۇپ، چولپانخانىغا بەشىنى كىرگۈزگەندىن كېيىن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا سېلىنغان داستىخاننىڭ ئۈستىدىلا:



— قېنى ئۇكام، نېمە ئۈي - نېمە كويلار بىلەن نەدىن نەلەرگىچە يۈرۈپلا، سۆزلەپ بەرسىلە، — دېدى ئۆكۈنۈپ، — بايىلا بىلىپ باقماقچىدىم، ئاۋۇ ئايال . . .

ئۇنىڭ ۋاقتىنى كەينىگە سۈرۈشى كەچمىشلىرىمنى سوراپ بىلگۈسى بارلىقىدىن بولسا كېرەك دەپ ھۆددە قىلالمىساممۇ، بۇنى بىلىش ئۇنىڭ تەقەززاسى ئىكەنلىكى ئايدىڭ بولۇپ قالغانىدى. ئىككىمىز ئايرىلغاندىن بۇيانقى ھەممە ئىشلارنى — دەريادىن ئۆتكەن، مالچىغا ئۇچرىغان، دەرۋىشلەر توپى بىلەن ئوردىخان پادىشاھىمغا بارغاندىن باشلاپ شاجۇمەنى يولۇقتۇرغانغىچە، يۇرتمۇ يۇرت، شەھەرمۇ شەھەر تىلەمچىلىك قىلغاندىن تارتىپ گوسوزا، بازار بېگى، ئابلىمىت داموللىغا قەدەر بولغان ماجىرالارنىڭ ھەنىۋاسىنى سۆزلەپ بەردىم. گۆش گىردە شۇ پېتى قالدى، چايمۇ ئىچكۈسىز سوۋۇپ كەتتى. مۇھەممەت ئاقچى كىچىك بالىدەك مىشىلداپ يىغلاپ ئولتۇردى. ئۇ بېشىنى چايقايتتى، پېشانىسىنى مۇجۇيتتى، بۇرۇتىنى تولغاپ - يالماپ تارتىپ قوياتتى. بۇلاردىن ئۇنىڭ قانچىلىك ھاياجانغا چۈشكەنلىكىنى، ئىچكى ئىزتىراپ تارتىۋاتقىنىنى بىلگىلى بولاتتى.

ئۆزۈمنىڭمۇ بېشىمدىن كەچۈرگەن بۇ ئىشلارنى ئۆز ۋاقتىدا مەن بىلەن سادىر بولغىنىغا قارىماي، شۇ تاپتا ئەسلەپ سۆزلىسەم ئۆزۈمگىمۇ غەلىتە، يېڭى ۋە باشقا كىشىلەرنىڭ ئۈستىدە سادىر بولغان ئىشلارنى ئاڭلاۋاتقاندەك تەسىر قىلىپ، ئىچ - ئىچىمدىن يىغا يامىشىپ چىقاتتى.

— سىلىنى قەشقەردىكى چاغدا قاچۇرۇۋېتەلمىگىنىمگە پۇشايمان قىلاتتىم، — دېدى ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ، — كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۇچرىشىپ قالساق، شۇ گۇناھىمنى بىر يۇيۇۋالسام بولاتتى دەپ تىلەيتتىم. خۇدايىم سىلىنى بۈگۈن ئۇچراشتۇردى ئىنىم. ئۇچراشتۇرغاندىمۇ، تەلىيىم بار ئىكەن. يېنىم تولۇم، ئالىقىنىمدا پۇل - پۇچەك بار چاغدا ئۇچراشتۇردى . . . شۇڭا ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالمايۋاتىمەن ئۇكام . . .

ئۇنىڭ ھاياجانلىنىشى ماڭىمۇ يۇقتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئەسلى

ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولسام، ئۇنىڭغا دۇپىنىن كۆپ ھەشقاللا ئېيتسام، بولسا تېخى بىرەر ئىش قىلىپ ياردەم بەرسەم ئەرزىيتتى. ئۇ مېنى قازىخانىنىڭ سولاقخانىسىدا ئوبدان بېقىپ، ھالىمدىن خەۋەر ئېلىپ جان بېغىشلىغانىدى، قېچىپ كېتىشىمگە شارائىت يارىتىپ بەرگەنىدى. ئەمدىلىكتە نېمىشقا يەنە ئۆزىنى ئەيىبدار ھېس قىلىدۇ؟ بۇنى ئۇنىڭ ئادەمگەرچىلىكى، مەردلىكىدىن باشقا سەۋەب ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشكە بولمايتتى.

ئۆزى ئۈستىدە ئۇ شۇنداق دېدى:

— نېغمەتۇللا قارى دېگەن دوستلىرى بىلەن ئۇ ئېلىشماقچى بولغان چېرىكنىڭ ئارىلىقى يىراقراق بولۇپ قالغانلىقتىن ئۇنىڭغا ئوق تېگىپ كەتتى. ئۇنىڭ يىقىلغىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم ھەم سىلىنى يىراقراق كېتىۋالسۇن ھەم نېغمەتۇللا قارى چېرىكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمىسۇن، دەپ خېلى تىرىشتىم. ئامال بولمىدى، پاچىقىمغا ئوق تېگىپ مېنىڭمۇ ئەھۋالىم خەتەرگە يۈزلەندى، — ئۇ سول پۇتىنىڭ پاقالچىقىنى ئېچىپ كۆرسەتتى. پاقالچاقنىڭ لوق گۆشى بار جايىدا داچەن پۇلى چوڭلۇقىدا تاتۇق كۆرۈنەتتى، — پۇتۇمنى سۆرەپ نېغمەتۇللا قارىنى ئېشەككە ئارتىپ قويدۇم، ئۇ ئولتۇرالمىدى، ماڭا ئۆزۈمنى قۇتۇلدۇرۇپ تۇرۇپ، كېيىنچە ئۇنى قۇتۇلدۇراي، دېگەن نىيەت كەلدى. مەن قۇتۇلدۇم، كېيىن ئاڭلىسام ئۇ شېھىت بولۇپ كېتىپتۇ...

بۇ ئىش شاجۇمەنىڭ ئاخباراتى ئارقىلىق ماڭا مەلۇم ئىدى. لېكىن، ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى ئاڭلاپ، مۇھەممەت ئاقچىغا قوشۇلۇپ يىغلاپ تاشلىدىم. ئىككىمىز ئۇنىڭ روھىغا ئاتاپ قىسقىچە دۇئا قىلدۇق.

— ئۇنى قۇتۇلدۇرالمىغان بولسامۇ، — دېدى ئۇ ئېسەدەپ، — جاكارچىلارنىڭ جاكارسى ئارقىلىق سىلىنىڭ بىر چېرىكنى سۇغا غەرق قىلىپ قۇتۇلۇپ كەتكەنلىكلىرىنى ئاڭلىدىم. نېغمەتۇللا قارىينىڭ خۇنى تۆلىنىپتۇ، ئۆزىمۇ قۇتۇلۇپتۇ، دەپ كۆڭلۈمگە تەسكىن بەردىم. لېكىن... لېكىن... ئېچىمنى ھېلىغىچە بىر ھەسرەت غاجايدۇ ئۇكام...

ئۆزۈم تەسەللىگە موھتاج بولسامۇ، مۇھەممەت ئاقچىغا تەسەللى



بەردىم. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىنكى كەچۈرمىشلىرىنى تۆت ئېغىز گەپ بىلەن تامام قىلدى: نېغمەتۇللا قارىينىڭ تۇل خوتۇنى ئەرگە تەگمەي قېينانىسى بىلەن بىللە ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن قولىغا پۇل - پۈچەك چۈشكەندە ئاتايىن ئۇ ئىككى مەزلۇمنىڭ يېنىغا بېرىپ، يوقلاپ تۇرۇپتۇ. قېرى ئانا ۋاپات بولغاندىن كېيىنلا تۇل ئايال ئەرگە تېگىپ ئۈچتۇرپانغا كېتىپتۇ.

بۇ مەن ئۈچۈن يېڭىلىق ئىدى. نېغمەتۇللا قارىنىڭ ئانىسىنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلدىم، مۇھەممەت ئاقچى ئىختىيارسىز قوشۇلدى.

— ئىككى قېتىم تۇتۇلۇپ، بىر قېتىمدا بىر يىل ياتتىم. يەنە بىر قېتىم ئۈچ يىل كەسكەن، ئالتە ئايدىن كېيىن قېچىپ كەتتىم، — دېدى ئۇ ئون يىلدىن بۇيانقى تۇرمۇشى ھەققىدە سورىغان سوئالىمغا جاۋابەن، — تۆت ئاي ئىلگىرى قاغىلىق ئامبىلىنىڭ مېھمانخانىسىدا تۇتۇلۇپ قالدىم. كېيىن چىقىپ بولغۇچە قېچىپ كەتتىم. ھازىرغىچە بەخىرامان يۈرۈۋاتىمەن...

مەنمۇ سولىنىپ باققانلىقىمدىن، ئوغرىلار تۇتۇلۇپ قالسا قاتتىق تاياق يەيدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. ئەمما، ئۇ قانداق تاياق يېگەنلىكىنى دەپ بەرمىدى.

— سىلىنىڭ سەپەرگە كېچىكىپرەك چىقىشنى تەۋسىيە قىلىشلىرىنىڭ سەۋەبىنى سورىسام بولارمۇ ئاكا؟ — دېدىم.

مۇھەممەت ئاقچى ماڭا بىر قاراپ قويۇپ قايتۇرۇپ سورىدى:

— سىلىگە ھەمراھ بولغۇچى ئاۋۇ ئايالغا ئىشىنەملا، ئۇ قانچىلىك ئىشەنچلىك؟

چولپانخان ھەققىدە، ئۇنىڭ بىلەن قانداق تونۇشقىنىم، قانداق غەۋغالار بولغانلىقى، تۈنۈگۈن قانداقلارچە كۆرۈشۈپ قالغىنىم ۋە ئۇنىڭ ئىلتىماسى، يېلىنىشلىرى ھەققىدە تەپسىلىي سۆزلەپ بەردىم. ئۇنىڭ ئۆتمۈشۈمدىن خەۋىرى يوقلۇقىنى، مېنى ئاللاھبەردى ۋە كارۋانغا ئەگىشىپ كېلىپ ئادىشىپ قالغان، كېيىن تىلەمچىلىك قىلغان، دەپلا تونۇيدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردىم.

— مۇنداق قارىغاندا ئىشەنچلىكتەكمۇ تۇرىدۇ، — دېدى ئۇ. شۇنداق دېسىمۇ يەنە كۆڭۈل توختىتالمايۋاتقاندەك قىلاتتى، — ئەگەر سىلە ئىشەنچلىك دېسىلە، بىز بىلەن بىللە يۈرۈۋەرسۇن، بولمىسا قولىغا پۇل - پۇچەك بېرىپ سېرىقبۇيىغا يولغا سېلىپ قويارمىز...

— ئۇ سەپەرگە كېچىكىپ چىقىشىمىز بىلەن شۇنچە مۇناسىۋەتلىكمۇ؟ — ئۇ باشقىچە ئويلاپ يۈرمىسۇن دەپ ئىزاھات بەردىم، — مەن قەشقەرگىچە بىللە ئېلىپ بېرىشقا ۋەدە بېرىپ قويۇپتىمەن...

— سىلى بىلەن بىز تۇتۇلۇپ قالساقلا جاندىن ئايرىلىدىغان ئادەملەر، — دېدى ئۇ مۇلاھىزە قىلىپ، — ئىككىمىز بىللە يۈرسەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە شاجۇمەدەك دوستلىرى قوشۇلسا، سىلىنىڭ ئىسمىلىرىنى ئاللاھبەردى دەۋەرگىلى بولمايدۇ. بىلال قارىي ئىكەنلىكلىرى بىلەن مۇھەممەت ئاقچى ئۇنىڭغا مەلۇم بولىدۇ. شاجۇمەغۇ تەرىپلىرىچە چاتاق يوق، بۇ ئايال نېمىلا قىلغان بىلەن خوتۇن كىشى...

— خوتۇن كىشى بولسىمۇ زاماندىن جاق تويغان، زۇلۇمدىن باشقىنى كۆرمىگەن دىلى ساپ خوتۇن، — دېدىم ئۇنى ئاقلاپ. لېكىن، مۇھەممەت ئاقچىنىڭ تەشۋىشتىن خالاس بولۇشى ئۈچۈن، — قېنى، ئەتىگىچە سۆزلىشىپ كۆرەرمىز، — دەپ قوشۇپ قويدۇم.

— سىلىگە ئىشەنچلىك بولسا مەيلى، — دېدى ئۇ ۋە سەل تۇرۇۋېلىپ، «سىر» نى مەلۇم قىلدى، — مېنى بىر يىل قاماتقان بىر ئەبلەخ بار، بىر يىلغۇ يېتىپ كەتمەيتتىم، قاتتىق تاياقتىن تۆت يېرىم ئاي قوپالماي قالغانمەن... — مۇھەممەت ئاقچىنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ، كۆزلىرىدىن ئوت يانغاندەك بولۇپ كەتتى، — شۇ ئەبلەخ يېقىندا ئىت بىلەن ئىتنىڭ تالىششى بىلەن ھەپسىگە كىرىپ قاپتۇ دەپ ئاڭلاپ، ئۆچ ئالىدىغان پۇرسەت كەپتۇ دەپ ئويلىۋىدىم. ئۈچ - تۆت كۈن ئىلگىرى ئۇنى يەنە كۆرۈپ قالدىم. سۈرۈشتۈرسەم پارا بىلەن قۇتۇلۇپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن دەردىمنى ئېلىۋېلىپ ئاندىن يولغا چىقساق...

— كىم ئۇ؟ — مەن سەگەكلەشتىم.



— سىلىنى بۇلاڭچىلىققا ئەۋەتكەن، نەچچە ئايلاپ قولدەك ئىشلىتىپ، ھارۋا ياسىغىلى سالغان بازار بېگى!

چۆچۈپ كەتتىم. ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىش مېنىڭمۇ ئارزۇيۇم ئىدى. لېكىن، مۇھەممەت ئاقچى قانداق ئۆچ ئالماقچى، قانداق قىلىپ؟

— قانداق ئاللا ئۆچلىرىنى؟

— مەن ئۇنىڭ ئۆي چاكىرى بىلەن دوست بولۇۋالغىلى ئۈچ يېرىم يىل بولدى. ئاقىۋەت ۋەجىنىڭ نەدىلىكىنى بىلىۋالدىم. ئەسلى - ۋەسلىنى قۇرۇتۇۋېتىمەن، ئاتخانىسىغا ئوت قويۇۋېتىمەن تېخى...

ئۇ مۇشۇ سۆزلەرنى دېگەندە ھازىرلا شۇنداق قىلىدىغاندەك لەۋلىرىنى چىشلەپ، مۇشتۇمىنى قاتتىق تۈگدى، بۇ تۈگۈشتىن بارماق سۆڭەكلىرىمۇ غاراسلاپ كەتتى.

— ئەگەر تۇتۇلۇپ قالسىلىرىچۇ؟

— شۇڭا مەن ئاۋۇ ئايال ئىشەنچلىكمۇ دەپ سورىغىنىم، — ئۇ ماڭا دىندىل قاراپ داۋام قىلدى، — بۈگۈننى مۇشۇنداق تونۇشماي ئۆتكۈزدۇق، ئەتە، ئۆگۈنمۇ شۇنداق ئۆتكىلى بولماس. مەن تۇتۇلۇپ قالسام، «تونجى قېتىم» دېيىشنى بىلىمەن. ئەمما، ئۇ مېنى ياكى سىلىنى قورقۇنچلۇقتا پاش قىلىپ قويسا تۈگىشىمىز، — شۇنداق دەۋېتىپ تۇرۇپ ئالدىراپ ئەسكەرتتى، — بۇنداق دېيىش بىلەن مەن بۇ ئىشقا سىلەرمۇ بىللە قاتنىشىسىلەر دېمەكچى ئەمەس. گەپ ئارىلىقىدا ئىشتىن بۇرۇن ياكى كېيىن تىۋىشىنى ئېلىپ قالسا... دېگىنىم - دە، ئەمدى...

مەن ئۆچ - قىساس ئېلىشقا ھەرقانچە ھېرىس بولسامۇ، بۇنى ئوغرىلىق قىلىش يولى بىلەن ئىشقا ئاشۇرغۇم كەلمەيتتى. شۇنداقتىمۇ ھازىر مۇھەممەت ئاقچىنى رەنجىتمەسلىك ئۈچۈن:

— ئەگەر بىزنىڭ ئارىلىشىشىمىز زۆرۈر بولسا چوقۇم ئارىلىشىمىز، — دېدىم قەتئىي تۈردە، — بەگلەردىن، زالىملاردىن ئۆچ ئالىدىغان ئىشقا كەلگەندە چولپانخان پاش قىلىپ قويمايدۇ...

— رەھمەت، مەن ئۆزۈم جايلىيالايمەن، — مۇھەممەت ئاقچى ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا كۈلۈپ قويدى، — مەن بۇ ئىشنى ئۇزاقتىن بۇيان

پىلانلاپ كېلىۋاتىمەن. راست ئىكەن دەپ قالارلا، ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن ئىشنى جايلايمەن، شۇ كۈنىلا قەشقەرگە تىكىۋېتىمىز.

بىز ئۈچىنچى توخۇ چىللىغاندا ئۇخلاشقا ياتتۇق. چىراغ ئۆچۈرۈلۈپ، ئۇخلاشقا ياتقاندىن كېيىنمۇ يەنە ئۆتكەن خامانلارنى سورۇپ ئۇزاق مۇڭداشتۇق. شۇنچە يىللار يېقىن يولاپ باقمىغان يۇمشاق يوتقان – كۆرپىلەر، يۇمشاق تەكىيلەرمۇ مېنى مۇھەممەت ئاقچى بىلەن تەڭ ئۇخلاشقا قويماي ھاياجانلاندۇرۇپ چىقتى.

ئەتىسى كېچىكىپ ئويغاندىم. مۇھەممەت ئاقچى چولپانخان بىلەن ئىشىك ئالدىدا پاراڭلاشقاچ چاي ئىچىشىپ ئولتۇراتتى. چولپانخاننىڭ خۇشلۇقى تېشىغا تەپكەن، بىر كېچىدىلا ئۇ ياشىرىپ، چىرايلىقلىشىپ، ھۆسنى ئالماشتۇرغاندى. ئۇنىڭ بۇ «سىر» لارنىڭ تەكتىگە يەتمەكچى بولغان ئىنتىزارلىقى ئېشىپ كەتكەنىدى. قارىغاندا، مۇھەممەت ئاقچى ئۇنىڭغا ھېچنەرسە دەپ بەرمىگەن بولسا كېرەك. ئۇ ماڭا تەمە بىلەن تىكىلدى. مەن بىر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك ئۇنىڭ نەزەرىدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ يۈردۈم.

مۇھەممەت ئاقچى يوق بولۇپ كېتىپ چۈش بىلەن پەيدا بولدى ۋە مېنى ئۆيگە چاقىرىپ بىر تۇگۈنچەكنى تۇتقۇزدى:

— بۇ كۆمۈكلۈك ئىدى، ئېچىپ قايتۇرۇپ كەلدىم. سىلىدە تۇرسۇن، قانداق؟ — دېدى.

تۇگۈنچەكتىكى نەرسىنىڭ پۇل ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇم. ئۇنىڭ چولپانخاننىڭ ئىشەنچلىك ياكى ئەمەسلىكىنى سوراۋېرىشىدىكى سەۋەبمۇ ئايدىڭلىشىپ قالدى. ئىككى كۈندىن بۇيانقى باياشاتچىلىقنىڭ مەنبەسىگە قىزىققان ئايالنىڭ پۇلنىڭ مەنبەسىگە، مۇھەممەت ئاقچى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنىڭ ماھىيىتىگە بولغان قىزىقىشى تەبىئىي ئىدى. بۇلارغا قارىتا مۇھەممەت ئاقچى:

— بەك سورىسا مۇنداقراق جاۋاب بېرەلا، — دېدى تەبىئىيلىك بىلەن ھىجىيىپ، — سورىمىسا مەيلى، مەن بىر – ئىككى كۈن يوقاپ كېتىمەن...



— ھېلىقى ئىشقىمۇ؟

— شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك، — دېدى ئۇ سىرلىق قىلىپ، — ئاۋۋال ئايغاقچىلىق قىلىپ تەكشۈرۈپ باقىمەن، رەسمىي ئىشنى قىلىدىغان چاغدا دەپ قويۇپ كېتىمەن. مەن كەلگۈچە تالا – تۈزگە چىقىشارلايۇ، يىراققا كېتىپ قېلىشمىسىلا...

ئۇ كەتتى. ئۇ كەتكەندىن كېيىن چولپانخان بىلەن قالدىم. كۈتكىنىمگە قارشى ئۇ ھېچنەرسە سورىمىدى. ئۆزىچە ئامەت كېلىپ قالغانلىقى، مۇھەممەت ئاقچىنىڭ تېپىلغۇسىز ئادەم ئىكەنلىكى، ئىككىمىزنى غۇربەتچىلىك، موھتاجلىق، تىلەمچىلىكتىن قۇتقۇزغانلىقى ھەققىدە تەكرار سۆزلىدى. لېكىن، ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى، بىز خەجلەۋاتقان پۇلنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى، مۇھەممەت ئاقچى نېمە ئۈچۈن بىزگە بۇنداق سېخىيلارچە پۇل خەجلەپ بېرىۋاتقانلىقىنى سورىمىدى.

شاجۇمەنى بەكمۇ ئىزدىگۈم بار ئىدى. مۇھەممەت ئاقچى يىراققا كەتمەڭلار، دەپ بىرمۇنچە پۇل قويۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئىزدەشكە جۈرئەت قىلالمىدىم. چولپانخاننى سارايدا تۇرۇپ تۇرسىلا، مەن ئىزدەپ باقاي، پاتلا كېلىمەن دېسەم ئۇنىمىدى. ئۇ مەن بىلەن بۇ قېتىم ئۇچراشقاندىن بۇيان قورقۇنچاق بولۇپ قالغانىدى. كۈندۈزىمۇ يالغۇز قېلىشتىن قاچاتتى. مۇشۇ ماۋزۇدا مەن ئۇنىڭدىن سورىدىم.

— مەن يەنە كوچىدا قالىمەنمىكىن، دەپ قورقىمەن، — دېدى ئۇ كىچىك بالىدەك ساراسىمە بىلەن، — كوچىدا قالسامۇ تىلەمچىلىك قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالدىم. گۇسوزىغا ئۇچرىشىپ قالسام ياكى چېرىك چۈشكۈنىگە كىرىپ قالسام قانداق قىلىمەن؟ ئەمدى ئىككىلىرىنىڭ دېدىكى بولسام بولاي، چېچىمدا ئاياغلىرىنى سۈپۈرۈپ يۈرەيكى، ئىككىلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقىمەن.

— قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن بەربىر ئايرىلىمىز ئەمەسمۇ؟

— ئۇ چاغدا مەيلى، ئۇ يەردە گۇسوزا يوق، چېرىكلەر بولسىمۇ باردۇيۇ، بۇ يەردىكىدەك ۋەھشىي، يالماۋۇز ئەمەستۇ؟

بۇ سادىدا ئايالغا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم. گۇسوزىدەك جادۇ-

گەرلەرنىڭ قەشقەردە تېخىمۇ جىقلىقىنى، قەشقەردىكى چېرىكلەرنىڭ تېخىمۇ ياۋۇز، تېخىمۇ يالماۋۇزلۇقىنى قانداقمۇ چۈشەندۈرەي؟ بۇلارنى تېخى بىلمەيدىغان ئايالغا دەپ، ئالدىنئالا ۋەھىمە سېلىشنىڭ نېمە كېرىكى بار؟

ئۈچ كۈن ئۆتكەندە مۇھەممەت ئاقچى بىر ئات ھارۋىسى بىلەن قايتىپ كەلدى. ئۇ نامازشام ۋاقتى بىلەن كەلدى. ئارتۇقچە گەپ - سۆز قىلمايلا سامسا بىلەن چاي ئىچتى ۋە شۇ تاپتا يولغا چىقىدىغانلىقىمىزنى ئېلان قىلدى.

— شاجۇمەنى ئىزدىسىلە — دېدى ئۇ تەئەججۇپلەنگەن چىرايىمغا تەبئىي قاراپ، — تاپالمىساق ئەتە بىر كۈن داۋاملىق ئىزدەيلى، ئەتە كەچكىچىمۇ بولمىسا، دېمەك ئۇ بۇ يەردە يوق..

— شۇنداق، — دېدىم تەستىقلاپ ۋە «ھېلىقى ئىش قانداق بولدى» دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلدىم.

— ئاساسىي قىسمى پۈتتى، — يوشۇرمايلا ئېيتتى ئۇ، — چالىسىنى ھېلى پۈتتۈرۈپ كېلىمەن.

ئۇنىڭ قىساس ئېلىشقا، يەنى بازار بېگىنىڭ «ئەسلى - ۋەسلى»نى قۇرۇتۇۋېتىش ئۈچۈن كەتكەنلىكىگە بولغان گۇمانىم توغرا چىققاندى. ئەمما، «ئاساسىي قىسمى» قايسى، «چالىسى» قايسى، ئاڭقىرالمىدىم. سوراش ئەپسىز بولغانلىقتىن مۇھەممەت ئاقچى بىلەن چولپانخاننىڭ كەينىدىن ھارۋىغا چىقتىم. كىگىز ئۈستىگە كۆرپە سېلىنىپ ياخشى جابدۇلغان ھارۋا مەن كۆرسەتكەن يول بىلەن شاجۇمە يېتىشى مۇمكىن بولغان قەبرىستانلىق تەرەپكە قاراپ مېڭىپ كەتتى. ھارۋىدا، مۇھەممەت ئاقچىنىڭ يېنىدا قولۇمدىكى تۈگۈنچەكتىنمۇ چوڭراق بىر تۈگۈن تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىدىن تۇتۇپ بېقىپ قاتتىق، ئۇيۇل نەرسىلەرنى سەزدىم. دېمەك، بازار بېگىنىڭ «ئەسلى - ۋەسلى»نىڭ «ئاساسىي قىسمى قۇرۇتۇۋېتىلگەن» ئىدى. چالىسى «ئوت قويۇش» ئىدى. مۇھەممەت ئاقچى بۇنى قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلەرمىكىن؟

ھارۋا چوڭ يول بىلەن قەبرىستانلىققا قايرىلىدىغان يول ئاراشىغا



كەلگەندە قەبرىستانلىقنى كۆرسەتتىم. مۇھەممەت ئاقچى ئىككى تۈگۈنچەكنى ماڭا تۇتقۇزدى. ھارۋىكەشنىڭ ئېتىنى شوتىدىن چىقارتقۇزۇپ يايداق مىندى ۋە ھارۋىكەشكە:

— يېرىم كېچىگىچە كەلمىسەم تاڭ ئاتقۇچە كېلىمەن. تاڭ ئاتقاندىمۇ كېلەلمىسەم بىلال قارىي ساڭا ياخشى ئىككى ئاتنىڭ پۇلىنى تۆلەيدۇ، — دېدى ۋە ماڭا قاراپ تاپىلىدى، — ئىنىم بىلال قارىي، تاڭ ئاتقۇچە قايتالمىسام باشقا ئات ئېلىپ يولغا چىقىۋېرىڭلار، مەن ھامان كەينىڭلاردىن يېتىمەن، — دېدى.

مەن ئۇنىڭغا گەپ قىلىپ بولغۇچە ئۇ ئاتنى چاپتۇرۇپ كېتىپ قالدى. «پىلان تۈزۈپ» بولغان مۇھەممەت ئاقچى قانداق ئېتى بار ھارۋا ياللاشنىمۇ يادىدا تۇتقانىدى. بىز ئۈچەيلەن «نېمە گەپ» دەپ بىر - بىرىمىزگە قاراپ بولغۇچە مۇھەممەت ئاقچى كۆزدىن غايىب بولدى.

ھارۋىكەشكە قەبرىستانلىققا كىرىپ چىقىدىغانلىقىمىزنى ئېيتتىم. چولپانخان ئۇنىمىغان بولسىمىغۇ، ئۇ ساقلاپ تۇرۇشقا رازى بولارمىدىكىنتاڭ، چولپانخان مەن بىلەن تەڭ بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ھارۋىدا ساقلاپ تۇرۇشقا ئۇنىمىغانلىقتىن، مەن ھارۋىكەشكە ئىككى ئاتنىڭ پۇلىنى بېرىشكە مەجبۇر بولدۇم. ھارۋىنى ياللىغان ئۈچ ئادەم شوتىدىكى ئاتنى مىنىپ ئۈچى ئۈچ تەرەپكە كەتسە، ھارۋىكەشنىڭ ئالداپ كېتىۋاتامدۇ نېمە؟ دەپ ئەنسىرىشى تۇرغان گەپ ئىدى. ھارۋىكەش پۇلنى ئالدى، تاڭ ئاتقۇچە ساقلايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

بىراق، چولپانخان قەبرىستانلىق ئىچىدە كېتىۋېتىپ مەندىن ئەيمەنگەندەك سورىدى:

— نېمە، سىلىنىڭ ئاتلىرى ئاللاھبەردى ئەمەس، بىلال قارىيمۇ؟

باياتىن مۇھەممەت ئاقچىنىڭ مېنى «پاش قىلىپ» قويغىنىنى يادىمغا ئالدىم. ئۇ ئۆزى ئېھتىيات قىلدى، چولپانخاندىن شۈبھىلەندى، مانا ئەمدى بىر ئەپلىكلا پاش قىلىپ قويغانىدى.

— ھە، ئۇ كىچىكلىكىمدە قويۇلغان ئەركىلەتمە ئىسمىم، — دېدىم خىجالەت بولۇپ.

— بۇ گەپچە سىلى مۇھەممەت ئاقچى ئاكام بىلەن كىچىكلىرىدە تونۇشۇپ، دوست بولۇشۇپتىكەنلا - دە؟ — سورىدى ئۇ بىرنەچچە قەدەم ماڭا - ماڭماي.

— شۇنداق دېسەكمۇ بولار...

مۇجمەل جاۋابىم چولپانخاننى قانائەتلەندۈرەلمىدى. ئۇ تېخىمۇ ئاسماقچىلاپ سورىدى:

— سىلى قارىي قۇرئانمۇ؟ جىق ئوقۇغان ئادەمنى «قارىي» دەپ ئاتايدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىم، راستمۇ؟

— ھەممىسى قارىي قۇرئان بولۇشىمۇ ناتايىن، ئاتا - ئانىسى شۇنداق بولسىكەن دەپ ئارزۇلىغان بالىلىرىنىمۇ «قارىي» دەپ ئات قويىدۇ، قەشقەر تەرەپلەردىمۇ شۇنداق...

— كۆڭلۈمنىڭ بىر يېرىدە زادى بىر گۇمان بار ئىدى، — ئۇ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك بوش دەيتتى، — سىلىنىڭ تەگلىرى ئېسىلزادە، باي ئائىلىدىن بولسا كېرەك... سىلى قارا تۇرۇك، توم تۇۋاقلاردىن ئەمەس...

ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىغا دەخلى قىلمىدىم. ئاڭغۇچە ماڭا تونۇش گۇمبەزگە يېقىنلىشىپ كەلگەنىدۇق. ۋاقىت بىلىنەرلىك گۇگۇم قويىنىنى ئېچىۋاتقان بولسىمۇ، كۆز ئالدىدىكى ۋە ئەتراپتىكى نەرسىلەرنى ئىلغا قىلىشقا توسقۇن بولالمايتتى. گۇمبەزنىڭ تېشىدا، ئەتراپىدا ھېچنەرسە ئۆزگەرمىگەن، ھەممىسى مەن كەتكەن چاغدىكىدەكلا ئىدى. گەرچە ئۇ قىش پەسلى بولسىمۇ، مەن گۇمبەز ئەتراپىنىڭ ياز پەسلى ھالىتىنىمۇ ئوبدان بىلەتتىم. گۇمبەزنىڭ ئىچىچۇ؟ ئىچىدە نېمە ئۆزگىرىشلەر بولغاندۇ؟ شاجۇمە بارمىكىن - يوقمىكىن؟ ئۇ مېنى قانداق قارشى ئالاركىن؟

گۇمبەز ئىشىكىگە يېقىنلاشتىم. ئىشىكتىكى پاخال پەردە ھازىر يوق، گۇمبەزنىڭ ئوچۇق ئىشىكىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئىچىدە ئادەم بارلىقىنى بىلدۈرىدىغان ھېچقانداق ئالامەت سېزىلمەيتتى، شۇنداق بولسىمۇ قاراڭغۇلۇققا قاراپ خىتاب قىلدىم:



— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمىدى. يەنە بىر قېتىم توۋلاپ باقاي، بولمىسا ھۇسەيىن پوكانچىنىڭ گۇمبىزىگە بېرىپ باقارمەن، دەپ ئويلاپ، ئۈنۈمنى كۆتۈرۈپرەك توۋلىدىم:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم شاجۇمە ئاتا!

بۇ قېتىم بوغۇق، خىرىلدىغان ۋە ئاران ئاڭلىنىدىغان يۆتەل تىۋىشى كەلدى. يۈرىكىم ئويناپ كەتتى. دېمەك، شاجۇمە گۇمبەز ئىچىدە ئىدى. مەن قاراڭغۇ گۇمبەزگە كىردىم - دە.

— شاجۇمە ئاتا، سىلى بارمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

ماڭا بوغۇق، ئۇھ تارتىشقا ئوخشاپ كېتىدىغان بوش ئاۋاز ئاڭلاندى.

— كىم ئۇ مەن تاشلاندۇق دەرۋىشنى چاقىرىۋاتقان؟

— مەن بىلال، بىلال قارىي، ئاتا، — دېدىم قاراڭغۇغا كۆنگەن كۆزلىرىم بىلەن پاخال پەردە ئۈستىدە ياتقان گەۋدىنى چەنلەپ، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ.

— بىلال؟ خوش، بىلال بولساڭ بولىۋەر، ماڭا نېمە كېپىڭ بار ئىدى؟

— مېنى تونۇمايۋاتاملا؟ — ھاياجانلىنىپ بوۋايغا ئېڭىشتىم، — سىلى شاجۇمە ئەمەسمۇ؟

— ھە، مەن شاجۇمە، قېنى سۆزلە مېھمان، مەندە نېمە ئىشىڭ بار؟ — ئۇنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ پەسلەپ كەتتى ۋە تىترىدى، — مېنى بۇ ھالىمدا پەقەت ئەزرائىل ئەلەيھىسسالاملا يوقلىشى مۇمكىن ئىدىغۇ؟

ئۇنىڭ سۆزلىرى ماڭا جۆيلۈۋاتقاندەك ئاڭلاندى. ئەجەب ئۇ مېنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا - ھە؟

— مەن مىر بىلال قارىي ئاتا، قىشتا يانلىرىدىن چىقىپ كەتكەن ھېلىقى قەشقەرلىك ئاشىق...

ياتقان گەۋدە مىدىرلاپ، كۆتۈرۈلۈشكە ئىنتىلدى. نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولۇپ خىرىلدىدى. تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇنى يۆلەشكە تىرىش-

تىنىم ۋە كاۋاپتەك قىزىپ كەتكەن بەدەنگە قولۇم تەگكەندە ئۇنىڭ ئېغىر ئاغرىق ئىكەنلىكىنى سەزدىم.

— سىلى بار ئىكەنلا ئوغلۇم، — شاجۇمە ئورنىدىن كۆتۈرۈلۈپ ماڭا ئۇدۇل قاراپ ئولتۇرۇپ سۆزلىدى. ئىككىمىزنىڭ ئارىلىقى بىر جەينەكچە يىراق بولسىمۇ، ئۇنىڭ نەپسىدىن ئۇرۇلۇۋاتقان ئوتتەك هارارەتنى بايقىغىلى، سەزگىلى بولاتتى، — قانداق بولۇپ يېنىمغا كەپقالىلا؟ — ئۇنىڭ ئۈنى تىترەپ كەتتى، — ئاللاھ ئىگەم دىلىرىغا ساپتىكەن ـ دە؟... مەن ئۆلۈۋاتاتتىم ئوغلۇم...

ئۇنىڭدىن لايىقىدا تېگىشلىك هال سوراپ، كۆڭلىنى ياسىدىم. ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈدىلا دەپ جۇۋۇتتۇم. ئەمەلىيەتتە ئۆزۈمنى جۇۋۇتۇۋاتاتتىم. ئۇ بېشىنى چايقىدى، ئىنجىقلىدى، بىلىنەرلىك ئىڭىرىدى.

— ياخشى سۆزلىرى ئۈچۈن رەھمەت. لېكىن، مەن ئۆلۈپ كېتىۋاتىمەن، — دەيتتى، ئۇ خۇددى «تاماق يەۋاتىمەن» ياكى «ئۇخلاۋاتىمەن» دېگەندەك بىر خىل خاتىرجەملىك بىلەن، — مەن هازىر سىلىنى ئۆزۈمنىڭ قايغۇلۇق پىكىرلىرىم بىلەن مېهمان قىلالمايمەن. ئۆزلىرى ئۈستىدە سۆزلىسىلە، ئىشلىرى قانداق؟ قەشقەردىكى مەشۇقلىرى توغرىسىدا خەۋەر ئالالىلىمۇ؟ پۇل تاپالىلىمۇ؟

گەپنى بىر باشتىن سۆزلىسەم ۋاقىت زىق ئىدى. بوۋاينىڭمۇ سوئال سورىغىنى بىلەن جاۋابنى ئاڭلاشقا قانچىلىك هەۋىسى بارلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. جېنى قىينىلىپ تۇرغان بوۋاينى گەپ بىلەن يەنە قىينىماسلىق ئۈچۈن ئەڭ ئاساسىي مەسىلىگە جاۋاب بەردىم:

— پۇل تاپتىم ئاتا، قەشقەرگە بېرىۋالىغۇدەك پۇلمۇ، هەمراهمۇ تېپىلدى...

شاجۇمە ئېغىر تىنىدى، قاراڭغۇدا ئۇنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايتتى. ئەمما، ئۇنىڭ خۇشلۇقۇمغا ئورتاق بولغۇسى بارلىقىنى سەزگىلى بولاتتى.



— ئەمدى قەشقەرگە كېتەي دىلىمۇ؟ خېنىملىرىنىمۇ خۇش قىلاي دەپلا ـ دە؟

— قەشقەرگە يولغا چىقتىم، — جاۋاب بەردىم، — خېنىم توغرىسىدا هېچقانداق خەۋەر يوق، ئىزدەرمەن. بېشىمغا يەنە قانداق قىسمەتلەر چۈشىدۇ، ئۇنىمۇ نامەلۇم...

بوۋاينىڭ بىر نېمىلەرنى دېگۈسى بار ئىدى، يۆتەل ئۇنى سۆزلەتكۈزمىدى، يۆتىلى بېسىققاندىن كېيىن خېلىغىچە هاسىرىدى، ئاندىن:

— هەي ئىسىت، تېنىم ساق بولغان بولسىمۇ قەشقەرگە بىللە بېرىپ، ئون يىل جۇدالىق دەردىنى تارتقان مەشۇقلىرىنى ئىزدىشىپ بېرەر ئىدىم، — دېدى.

كاللامغا دەررۇ يېڭى بىر پىكىر كەلدى. شاجۇمەنىڭ قەشقەرگە بارغۇسى بولسا ئۇنى نېمە ئۈچۈن ئېلىپ كېتىشكە بولمايدىكەن؟ بىزدە هازىر پۇل بار چاغدا ئۇنى داۋالىتىشمۇ مۇمكىنغۇ؟ ئۇنى هازىرقى ئەهۋالى بىلەن بۇ قۇرۇق گۈمبەزدە تاشلاپ كەتسەك، يېمەك ـ ئىچمەكسىز قالغان بوۋاينىڭ ئۆزى هۆكۈم قىلغىنىدەك كۆرىدىغىنى ئەجەل بولىدىغۇ؟

— شاجۇمە ئاتا، قەشقەرگە بىللە ئاتلىنايلى، — دېدىم ئالدىراپ.

شاجۇمە بېشىنى ئىرغىتتى:

— كۆرۈۋاتىدىلا ئەهۋالىمنى، مېڭىش تۈگۈل ئورنۇمدىن تۇرالمايمەنغۇ...

— بىزدە ياخشى ئات هارۋىسى بار، جان كۆيدۈرىدىغان هەمراهلارمۇ بار، — ئالدىراپ ئىزاهات بەردىم ۋە ئىنكاسىنى كۈتمەيلا قەتئىي نىيىتىمنى ئىپادىلىدىم، — سىلىنى بىللە ئېلىپ كېتىمىز... سىلىنى بۇ ئەهۋاللىرى بىلەن يەككە ـ يېگانە تاشلاپ قويالمايمەن!

— نېمە ئاۋارىچىلىك تارتماق؟ مەن هامان...

— بولدى كەلسىلە، ماڭا هاپاش بولسىلا، — ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ ئوتتەك قىزىق، قوناق شېخىدەك بولۇپ قالغان گۆشسىز بىلەكلىرىنى تۇتتۇم.

شاجۇمەنىڭ قارشىلىق قىلغۇسى بار ئىدى، ماڭا كۈچى يەتمىدى.

ئۇنىڭ گەپ قىلىشىغا يۆتىلى توسقۇنلۇق قىلدى. مەن ئۇنى ھاپاش قىلىپ گۈمبەزدىن چىقتىم ۋە باياتىن كەلگەن يول بىلەن ھارۋا قىپقالغان دوقمۇشقا قاراپ سەنتىرەكلەپ مېڭىپ كەتتىم. پۇل بار تۈگۈنچەكنى تۇتقان چولپانخان كەينىمىزدىن ئەگىشىپ كېلەتتى.

شاجۇمە يەڭگىل، مېنىڭمۇ غەيرىتىمگە كېلىپ قالغان پەيت بولغاچقا ئۇنى ھارۋا يېنىغا ئاپىرىش قىيىنغا چۈشمىدى. مۇھەممەت ئاقچى تېخى كەلمىگەنلىكتىن، ھارۋىكەش يول بويىدا ئولتۇراتتى. شاجۇمەنى ھارۋىغا چىقىرىپ ياتقۇزۇشقا ئۇمۇ ياردەم بەردى. بىز شاجۇمەگە يول ئۈچۈن دەپ ئېلىۋالغان يېمەكلىكلەردىن يېگۈزەلمىگەن بولساقمۇ، ئىككى تىلىم تاۋۇزنى زورلاپ يېگۈزدۇق. ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق ۋە ئىسسىقتىن جېنى قىينالغان بوۋاي سەل ئۆتمەيلا ھوشسىز ھالەتتە ئۇخلاپ كەتتى. ئۇ ئۆزى بىلەن يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئۆزگىرىشلەرنى ئاڭقىرىنغۇدەكمۇ سېزىمگە ئېرىشەلمىگەن، شۇڭا ھېچنەرسىگە سەپسالمىغان، ھېچنېمىنى سورىمىغانىدى.

مۇھەممەت ئاقچىنى كۈتۈپ ئولتۇردۇق. چولپانخاننىڭ توساتتىن ماڭا بولغان مۇئامىلىسى ئۆزگىرىپ قالدى. بىز يولنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ئولتۇرغىنىمىزدا، ئۇ بىر گەزچە ئارىلىق قالدۇرۇپ نېرى ئولتۇردى ۋە ئۆز - ئۆزىگە گەپ قىلىۋاتقاندەك ئۇرغۇ بىلەن:

— سىلىنىڭ ئىسىملىرى مىربىلال قارىي ئىكەن، مەشۇقە خېنىملىرى بار ئىكەن، ئۇن يىلدىن بۇيان جۇدا بولۇشۇپ ياشاپسىلەر - دە؟ — دېدى.

دەماللىققا جاۋاب بېرەلمەي قالدىم. مۇھەممەت ئاقچىنىڭ ئالدىن قىلغان پەرىزى يەنە بىر قېتىم توغرا چىققانىدى. باياتىن گۈمبەز ئىچىدە مەن شاجۇمە بىلەن پاراڭلاشقاندا، ئۇ گۈمبەز تېشىدا بولسىمۇ ھەممە گەپ - سۆزنى ئاڭلىغانىدى. خوش، ئاڭلىسا نېمە بوپتۇ؟ ئەمدى يوشۇرىدىغان نېمە بار؟

— شۇنداق، ئىسمىم مىربىلال قارىي، — دېدىم، — قەشقەردە نىكاھلىق مەشۇقۇم قالغان. بىز بەزى ماجىرالار سەۋەبىدىن ئۇن يىلدىن



ئارتۇق ۋاقىت ئايرىلىپ ئۆتىۋاتىمىز. ھەممە يەردە، ھەممىلا ئادەمگە دېگىلى بولمايدىغان بەزى نازۇك ئىشلار تۇپەيلىدىن، شۇ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان مازار - گۆرىستانلىقلارنى ماكان قىلىپ، تىلەمچىلىك بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈپ، ئىسمىمنىمۇ ئاللاھبەردىگە ئۆزگەرتىۋالغانىدىم...

— خېنىملىرىچۇ؟ — سورىدى ئۇ ماڭا ياندىن قاراپ.

— بىلمەيمەن، — ئېغىر تىندىم، — خەۋىرىنى ئاڭلىمىغىلى ئۇن يىلدىن ئاشتى...

خېلى ئۇزاققىچە جىمجىت ئولتۇرۇپ قالدۇق. ئۆز خىياللىرىم، بۇرۇنقى كۆرۈنۈشلەر ۋە بۇنىڭدىن كېيىن سادىر بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلغان ھالەتلەرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈش بىلەن بەند بولدۇم. خىيالىمنى چولپانخاننىڭ سوئالى ئۈزۈپ قويدى:

— سىلى خېنىملىرىنىڭمۇ ئۇن يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان ئەقىدىسىنى ئۆزگەرتمەي، سىلىنى ساقلاۋاتقىنىغا ئىشىنەمىلا؟

بۇ مەن ئۈچۈن تۇنجى قېتىملىق سوئال ئىدى. مەن باشقىچە بولۇشىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈش تۈگۈل، خىيال قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتىم. چولپانخانغا توساتتىن ئاچچىقىم كەلدى. ئۇ نەدىن تاپتى بۇ ئىغۋا خاراكتېرلىك ۋەھىمىنى؟ نېمىشقا جۆيلۈگەندەك بىر نېمىلەرنى سۆزلەپ يۈرىدۇ؟

— ئىشىنىمەن! — دېدىم زەردە بىلەن. چولپانخان مەنۋىيىتىمدە يۈز بەرگەن بۇ تاسادىپ قوزغىلاڭنى بايقىيالماي قالدى. ئىچىمدە بولسا: «شۇنداق، قەتئىي، ئۇزۇل - كېسىل ئىشىنىمەن...» دەپ توختىماي تەكرارلايتتىم.

ئارىدىكى جىمجىتلىق، كۆڭلۈمدىكى پاراكەندىچىلىك مۇھەممەت ئاقچى كەلگۈچە داۋاملاشتى. ئۇ تەرگە چۆمگەن ئاتنى ھارۋىكەشكە بېرىپ ئۆزى مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇردى. ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ تۇرۇپ بېشىنى «ئىش ئەپلەشمىدى» ئىشارىتىگە ئىرغىتىپ قويدى. سەل ئۆتۈپ تىنىقى جايىغا چۈشكەندىن كېيىن قۇلىقىمغا:

— ۋەجىنى كۆتۈرۈپ ماڭغان ئوغرىنى ئىزدىتىش ئۈچۈن

چىرىكلەرنىڭ، ساقچىلارنىڭ باشلىقلىرىنى مېھمانغا چاقىرىپتۇ ئۇ خۇمپەر. ياسىداق مەيلەرنىڭ كۆپلۈكىگە قارىغاندا، ئامبال ۋە باشقا يامۇل كاتتىلىرىمۇ باردەك قىلىدۇ. ئاتخانىدا چېرىكلەر بىلەن ئاتباقارلار، ھارۋىكەشلەرمۇ كۆپ ئىكەن. تۇيۇق چۇشۇپ قېلىپ، قېچىپ كېتىشكە توغرا كەلدى، — دەپ پىچىرلىدى ۋە ھەسرەتلىك ئېغىر تىندى، — بولمىسا ئەللامىسنى جايلايدىغان ياخشى پۇرسەت ئىدى - دە!

— يەنە كېلىدۇ بۇنداق پۇرسەت، — دېدىم ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ.

— شۇنداق، — ئاچچىق بىلەن چىشىنى غۇچۇرلاتتى ئۇ، — بۇنداق پۇرسەت يەنە كېلىدۇ. قوغلىغانلار ئىزىمغا چۇشۇۋالمىسۇن دەپ بىرمۇنچە يوللارنى ئەگىپ چىپىپ ئاندىن بۇياققا بۇرۇلدۇم. تۇيۇق چۇشۇپ قالغاندىكىن تاڭ ئاتقۇچە ياتسامۇ پايدىسى يوق ئىدى...

ئۇ گويا مەن تاپشۇرغان ئىشنى بېجىرەلمىگەندەك ھەدەپ ئۇھ تارتىپ لەۋلىرىنى چىشلەيتتى. ئۇنىڭ خىيالىنى بۇراش ئۇچۇن شاجۇمەنى تاپقانلىقىمنى، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ھارۋىغا ياتقۇزۇپ قويغانلىقىمىزنى سۆزلەپ بەردىم. گەپ باشقا ماۋزۇغا يۆتكەلگەنلىكتىن، پىچىرلىشىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇنۇمنى كۆتۈرۈپ سۆزلەۋەردىم.

— سىلىدىن بىسوراق ئىش قىلىۋەردىم ئاكا، — دېدىم ئاخىر.

ئۇ رەنجىگىنىنى يوشۇرماي ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

— نېمە دېگەنلىرى بۇ؟ مەن چولپانخان توغرۇلۇق گەپ قىلغانلىرىدا ھېلىغۇ بىر ھەمراھ ئىكەن، ئون ھەمراھلىرى بولسىمۇ قولۇم كۆكسۇمدە دېمەيمەندىم؟ ھازىر تېخى قول - ئىلكىمىز كەڭ - كۇشادە تۇرسا...

— ھە، ئەمدى، شۇنداق بىر دېگىنىم - دە...

ئۇ ئىتتىك ھارۋا تەرەپكە كەتتى، مەن ئەگىشىپ بارغاندا ئۇ ھوشسىز جۆيلۈپ ياتقان شاجۇمەنىڭ پېشانىسىنى تۇتۇپ، بېغىشىدىكى تومۇرلارنى سىلاپ تۇراتتى.

— بولماپتۇ، — دېدى ئۇ تېۋىپلارچە بېشىنى چايقاپ، — ئاكىمىز



بۇ ھالدا تۇرسا يولغا چىقىشقا بولمايدۇ. سېپىل تېشىدىكى بىرەر سارايىنى تاپايلى.

ئۇ ھارۋىكەشنىڭ نارازىلىقىغا قارىماي شەھەرگە قايتىمىز دەپ ئېلان قىلدى. ھارۋىكەشكە:

— ئىككى ئات ئۇچۇن ئالغان پۇلنىڭ يېرىمىنى قايتۇر بۇرادەر، يېرىمى ئاۋارە بولغىنىڭ ئۇچۇن تۆلەم بولسۇن، — دېدى.

ھارۋىكەشنىڭ كۆڭلى جايىغا چۇشتى. ئۇ مۇھەممەت ئاقچى دېگەن يول بىلەن مېڭىپ، شەھەرنىڭ باشقا بىر دەرۋازىسى تەرەپكە ئاپاردى. مۇھەممەت ئاقچى ساراي تاپتى. ئۆيلەرگە ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن سارايۋەننى چاقىرىپ، بىز تۆت كىشىنىڭ شۇ تاپتا مەكتىتىن كەلگەنلىكىمىزنى سارايۋەنلەر باشلىقىغا خەۋەر قىلىپ قويۇشنى، كېچىلەپ بولسىمۇ تېۋىپ تېپىپ بېرىشنى، تاپان ھەققى، تېۋىپ ھەققى ئۇچۇن يېتەرلىك پۇل بېرىدىغانلىقنى ئېيتتى. ئۇنىڭ «ئۆچ ئېلىش» خىيالى ھازىرچە شاجۇمەگە بۇرالغانلىقىنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولدۇم. ئۇنىڭ ھارۋىكەشنى يولغا سېلىۋېتىشى، ساراي ئالماشتۇرۇشى، نەدىن نېمىشقا كەلگەنلىكىمىز توغرىسىدا داۋراڭ كۆتۈرۈپ تەشۋىق قىلىشى — بازار بېگىنىڭ «ۋەج ئوغرىسى» نى تېپىشىغا مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بىز ۋەج يوقىلىپ بولغاندىن كېيىن كېسەل كۆرسىتىشكە كەلگەن مەكتىلىكلەرگە ئايلانغانىدۇق.

سارايۋەن يېتەرلىك پۇل ئالغانلىقى ئۇچۇن سارايۋەنلەر باشلىقىغا خەۋەر قىلغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمما، تېۋىپ تاپالمىغانىدى. شەھەرنىڭ سىرتىدا ئۇستىراق تېۋىپ يوق ئىكەن، سېپىل دەرۋازىسى ئېتىلىپ قالغانلىقتىن، شەھەر ئىچىگە كىرگىلى بولمايدىكەن. ئۇ بۇلارنى گويا بىز بىلمەيدىغاندەك تەپسىلىي تونۇشتۇردى. ئاخىر كۆڭلىمىزنى ياساپ:

— تاڭ ئاتقۇچە سەۋر قىلىشسىلا، دەرۋازا ئېچىلىشى بىلەنلا شەھەرگە مەيە ئېلىپ كىرىپ، ئالاۋىدىن ھېكىمنىڭ ئۆزىنى ئېلىپ چىقىمەن، — دېدى.

مۇھەممەت ئاقچى ئۇنىڭغا يەنە يېرىم سەرلىك كۈمۈش تەڭگىدىن

بىرنى بەردى ۋە ئۇنتۇپ قالماسلىقنى جېكىدى. پۇلنى كۆرگەن سارايۋەن ئالدىدا تۇرغانلارنى مەكتىنىڭ ئەڭ باي، مۆتىۋەر، سېخىي بەگلىرى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىمۇ نېمە، ئۆز ۋەدىسىنى قەسەم بىلەن تەكرارلىدى.

ئەتىسى كۈن بىلەن تەڭ ئالاۋىدىن ھېكىم يېتىپ كەلدى. ئۇ شاجۇمەنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ تەقى - تۇرقىدىن سارايۋەن غايىبانە تونۇشتۇرغان بەگلەرنى تاپالمىدى بولغاي، تەرىنى تۈرۈپ، گۆشلۈك، ياغلىشاڭغۇ كالپۇكلىرىنى زورىغا مىدىرلىتىپ:

— بىتابقا ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىپتۇ، قورۇمىغان سۇيۇق - سەلەڭ ئاش، ئۇسسۇزلۇققا جۇلاپ بېرىڭلار، — دەپلا كەينىگە ياندى. مۇھەممەت ئاقچى تەڭلىگەن بىر سەرلىك كۈمۈش تەڭگىنى كۆرۈپ چىرايى ئېچىلىپ قوشۇپ قويدى، — قورۇغان تائام يېمىسۇن، گۆشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار، بولمىسا كېزىككە ئۆرۈلىدۇ، ئەزبىرايى...

ئۇ كەتكەندىن كېيىن مۇھەممەت ئاقچى شۇنداق دېدى:

— ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىپتۇ، دېيىش كىمنىڭلا بولسا قولىدىن كەلمەمدۇ؟ ئاچ - زېرىنلىقتا كىمگە ئىسسىق ئۆتمەيدۇ؟ بۈگۈن كەچ يولغا چىقىۋېرەيلى...

مەنمۇ ئۇنىڭ مەسلىھىتىگە قوشۇلدۇم. شاجۇمەنى بۇ يەردە ساقلاپ داۋالىتىشنىڭمۇ ئەھمىيىتى چوڭ ئەمەس ئىدى. مېنى يەنە بازار بېگىنىڭ يېتكەن ۋەجىنى ئىزدەش باشلانغاندىن كېيىنكى ئاۋارىچىلىكمۇ ئەنسىرىتەتتى. ئاخشام شاجۇمەنى تاپقاندىن كېيىن قارا بۇلۇتتەك تۇتۇلۇپ يۈرگەن چولپانخان: «ھەر بىرلىرى نېمە مەسلىھەت قىلىشسىلا ماقۇل شۇ...» دەپلا گەپنى ئۈزدى.

مۇھەممەت ئاقچى ھارۋا ئۇقۇشىدىغان بولۇپ چىقىپ كەتتى. چولپانخان بىلەن مەن شاجۇمەنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ سارايدا قالدۇق. يېيىلگەن تاۋۇز، ئىچىلگەن جۇلاپ ۋە ئىككى قېتىم بېرىلگەن ئۆگرە بىلەن شاجۇمە ئۇزاققىچە تەرلەپ چىقتى ۋە پېشىندىن ئۆتكەندە خېلى ئۆزىگە كەلدى. ئەسىر ۋاقتىدا يەنە بىر تەرلەپ تەكىيىگە يۆلىنىپ ئولتۇردى:



— مېنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قېلىپ نېمىمۇ قىلاتتىلە؟ — دېدى ئۇ ماڭا كايىش نەزەرى بىلەن قاراپ، — شۇ يېشىمدا، مۇشۇنچىلىك ۋاقتىمدا ئاللاھنىڭ ئامانىتىنى تاپشۇرسام بولاتتى...

— نېمە دېگەنلىرى بۇ؟ — قارشى چىقتىم، — سىلى تېخى ئۇزۇن ياشايلا، ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ - ئارمىنى ئىشقا ئاشقانىنى كۆرەلمىگەندىمۇ ئۇ ئارمانلارنىڭ يېپىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگۈچە ياشاشلىرى لازىم...

ئىككىمىز ھايات ۋە ممات، ياشاش - تۇرمۇش توغرىسىدىكى دەرۋىشلەرچە پەلسەپىگە بېرىلىپ كەتتۇق. بۇ پاراڭلارنى ئۆزىگە يات دەپ بىلگەن ۋە ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەن چولپانخان بىر شاجۇمەنىڭ، بىر مېنىڭ ئاغزىمغا قاراپ ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ قالدى. شاجۇمەنىڭ نەزەرىيىلىرى ئۆزگەرمىگەن، يېڭىلانمىغانىدى. مەنمۇ كېيىنكى كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردىن ھاسىل قىلغان چۈشەنچىلىرىم بىلەن سۆھبەتكە ھېچقانداق يېڭى مەنە قوشالمايتتىم، شاجۇمە قايىل بولمايتتى، ئۇنى قايىل قىلماق مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

شاجۇمە يەنە بىر قاچا ئۆگرە ئىچىپ ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ ھېرىپ قالغانىدى. چولپانخان بىلەن ئىككىمىز تامنىڭ سايىسى چۈشكەن ئىشىك ئالدىدىكى كىچىك سۇپىچاقتا ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئاخشامدىن بېرى ماڭا دومسايغاندەك بولۇپ يۈرگەن چولپانخان:

— ئىككىلىرىنىڭ سۆزلەشكەنلىرىگە ئەقلىم يەتمەيدىكەن، ئۇ كىتابتا بار گەپلەرمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئانچە - مۇنچە مەزمۇنلىرى كىتابتا بار، — جاۋاب بەردىم، — كۆپى تۇرمۇشتا بار گەپلەر، ھايات پەلسەپىسى.

ئۇ «پەلسەپە» دېگەننى بىلمەيتتى. مەن ئىتتىكارى دەپ تاشلىغان بۇ سۆزنى چۈشەندۈرەي دەۋاتقۇچە يەنە سورىدى:

— سىلى جىق ئوقۇغان ئۆلىما ئوخشايلا - ھە؟

— ياقەي، — رەت قىلدىم، — ئوقۇشنىغۇ ئوقۇغان، ئۆلىمالىق دەرىجىسىگە يېتەلمەيمەن. ئۆلىما دېسە شاجۇمەكامنى دېسە بولىدۇ.

شاجۇمەنىڭ ماڭا مەلۇم بولغان ئۆتمۈشىنى قالدۇرماي سۆزلەپ

بەردىم. شاجۇمەنىڭ ھايات تارىخى مۇھەممەت ئاقچىغىمۇ، ماڭىمۇ ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە يوشۇرغۇدەك ھېچنەرسە يوق، ئۇنى باشقىلار ئاڭلىسا، بىلسە، شاجۇمە بىر ياندا قېلىپ، جاھالەت ۋەكىللىرىگە نىسبەتەن غەزەپ - نەپرەتنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشى مۇمكىن ئىدى. چولپانخان بىلەنمۇ دەل شۇنداق بولدى. ئۇنىڭ بىلىش دائىرىسى بويىچە ھېسسىياتى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش دەرىجىسىگە بارالمىسىمۇ، غەزىپى ئۆركەشلەپ كەتتى.

— ياخشى نىيەتلىك ئاق كۆڭۈل كىشىلەرگە نېمانچە تارلىق قىلىدىغاندۇ بۇ زامان؟ — دېدى ئۇ ئاخىرىدا، — ھەممە ياخشىلىق شۇلاردىن چىقىدىكەن، بېرىپ - بېرىپ ھەممە خاپىلىقنى شۇلار تارتىدىكەن...

ئۇنىڭغا ئۆزۈمچە بىر نېمىلەرنى دەي دېۋىدىم، شاجۇمەنىڭ يۆتىلى ئاڭلاندى. ھەر ئىككىمىز ئۆيگە كىرىپ ئۇنىڭ تەكىيگە يۆلىنىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۇق. رەڭگىرويىدىن قارىغاندا ئۇ خېلىلا تۈزۈلۈپ قالغان، كۆزلىرىدىمۇ جۇشقۇنلۇق ئىپادىسى بار ئىدى. بىزنىڭ ھال سورىغىنىمىزغا ئۇ:

— يەڭگىللەپ قاپتىمەن، ئىغىزمانلىرىم پاختىدەك بولۇپ قاپتۇ. ئاللاغا شۈكرى، ئەمدى ئاز - تولا ماغدۇرلىنىۋالسالا مېڭىپ كېتەلەيدىغاندەك تۇرىمەن، — دېدى.

ئۇنىڭ كۆڭلى قانداق غىزا تارتىدىغانلىقىنى، مېۋە - چېۋىلەرنىڭ قايسىسىنى يېگۈسى بارلىقىنى سورىدىم. ئۇ شۇ سۆزلەر ئارىلىقىدا چولپانخانغا بىر قاراپ قويىدى، ئاستىدىكى كۆرپە، ئۈستىدىكى يوتقان، يۆلىنىپ ئولتۇرغان ئىككى تەكىيگىمۇ سەپسالدى. ئاندىن، سوئاللىرىمغا جاۋاب بەرمەي، مەندىن سورىدى:

— بۇ ئايىم قىز كىم بولىدۇ؟

مەن بالدۇرراق تونۇشتۇرۇپ قويمىغىنىمغا ئەپسۇسلىنىپ ئۇنى تونۇشتۇردۇم. شاجۇمەنىڭ كۆڭلىدە قانداقتۇر چىگىش سوئاللار قېپقالمىسۇن دەپ، چولپانخاننىڭ مەن بىلىدىغان تەرجىمھالىنى، ئىككى-



مىزنىڭ قانداق تونۇشقىنىمىزنى، كېيىن قانداق ئايرىلىپ، يەنە كوچىدا قانداق ئۇچرىشىپ قالغانلىقىمىزنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردىم. چولپانخان سۆزلىرىمگە ئۆز بىساتىدىن بىرەر ئېغىزمۇ سۆز قوشماي، بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئاڭلاپ ئولتۇردى.

— بۇ گەپچە سىلى مەندىن ئايرىلىپ، ھېلىقى بىر نېمە سوزا دېگەننىڭ چاكارلىقىنى قىلىپمۇ پۇل تاپالمىغان، كېيىن ئىشلىگەن جايلاردىمۇ ھەتتا «ئىلاھە ئامىن» غىمۇ ئېرىشەلمىگەن بوللا - دە؟ — دەپ سورىدى شاجۇمە بىر پەس جىملىقتىن كېيىن.

— ئەلۋەتتە شۇنداق، بۇ جاھاننى سىلى مەندىن ئوبدان بىلىلا، مەن تېخى ئىشلىسە بىر نېمە ئېشىنغىلى بولامدىكىن دەپ...

— پۇل نەدىن كەلدى؟ — توساتتىن گېپىمنى بۆلدى شاجۇمە. ئۇنىڭ ئاۋازىدا جاراڭلىقلىق يوق، ئۇنى يەنىلا بوش ئىدى. ئەمما، بىلىنەر - بىلىنمەس شۈبھە بار ئىدى، — مەن چۈش كۆرۈۋاتىمەنمىكىن دەيمەن. قارىسام يېمەك - ئىچمەك، يوتقان - كۆرپە ھەممىسى تەل... بۇلار نەدىن كەلگەن؟

بىر ھازا جاۋاب بېرەلمىدىم. راستىنى ئېيتاي دېسەم چولپانخان بار ئىدى. دېمەسلىككە تېخى بولمايتتى. شاجۇمە بىلەن چولپانخاننىڭ گۇمانى چوڭقۇرلىشىپ كەتمىسۇن دەپ، مەن مۇھەممەت ئاقچىنى ئوتتۇرىغا چىقاردىم:

— بىزگە مۇھەممەت ئاقچى غەمخورلۇق قىلىۋاتىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنىڭ پۇلىغا كەلگەن...

شاجۇمەنىڭ تېشىپ ئۆتكۈدەك قاراپ، مۇھەممەت ئاقچى توغرىسىدا بىلمەكچى بولغىنىغا قارىتا مەن ئۇنىڭ ئېسىگە سالدىم:

— يادىلىرىدا بارمىكىن، مېنى قەشقەر قازىخانىسىنىڭ ئارقىسىدىكى سولاقخانىدا بىر كىشى بېقىپ، ئاسراپ ساقايتىپ قويغان، دېگەنىدىم، — شاجۇمە بېشىنى «ھەئە» ئىشارىتىگە لىڭشىتتى، — مېنى سازايى قىلىپ بولۇپ، ئىككى چېرىك يامۇلنىڭ گۇندىخانىسىغا ئېلىپ ماڭغان چاغدا سىلى قەشقەرگە بېرىپ ئېتىلىپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئېلىپ كەلگەن

دوستۇم بىلەن يەنە بىر كىشى چىرىكلەرنى توسۇپ تۇرۇپ مېنى قاچۇرۇۋەتكەندى، — شاجۇمە «يادىمدا بار» ئىشارىتىگە باش لىڭشىتتى، — مۇھەممەت ئاقچى دېگەن كىشى دەل شۇ... چولپانخان بىلەن بۇ قېتىم ئۇچرىشىپ ئەتىسىلا مەن مانتىخانىغا تىلەمچىلىك قىلغىلى كىرىپ، مۇھەممەت ئاقچىنى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇ بىزنى باقتى، كىيىندۈردى، قەشقەرگە ئېلىپ بارماقچى بولدى. سىلىنىمۇ ئۇ داۋالاتتى، باقتى ۋە ئەتىگەن ھەممىمىزگە ماس كەلگۈدەك ھارۋا تاپقىلى چىقىپ كەتتى...

شاجۇمە گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ياكى كۆز قارىشىدىن مىننەتدارلىق بەلگىسىنىمۇ، نارازىلىق كەيپىياتىنىمۇ ئۇققىلى بولمايتتى. بۇرۇن ئۇنىڭغا مۇھەممەت ئاقچىنى تەرىپلەپ بەرگەندە ئۇنىڭ ماھىر ئوغرى ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە ئېيتقانىدىم. ئۇ مۇھەممەت ئاقچىنى ئېسىگە ئالغىنىدا ئۇنىڭ كەسپىنىمۇ تەڭ ئەسلىشى تۇرغان گەپ. ئوغرىلانغان پۇل ھېسابىغا كۈن ئۆتكۈزۈشنى ئۇ ئۆز «نەزەرىيىسى» گە خىلاپ دەپ قارامدىكىن يا؟ شۇنداق گېپى بولسا دېسىلا، مەن مۇھەممەت ئاقچىنىڭ ئوغرىلىقىنىڭ «ئالىيجاناب ئوغرىلىق» «ساۋاب بولىدىغان ئوغرىلىق» ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئۆز «نەزەرىيە» منى ئوتتۇرىغا قوياي، دېگەنىدىم. بىراق، ئۇ گەپ ـ سۆز قىلماي جىمىپ قالدى. مېنىڭ مۇھەممەت ئاقچى بىلەن بولغان ئۆتمۈشتىكى مۇناسىۋەت تارىخىم ۋە قانداقتۇر «سولاقخانا»، «ئېتىلىپ كېتىش» لەر ھەققىدە يېڭى گەپلەرنى ئاڭلاۋاتقان چولپانخان پۈتۈنلەي گاڭگىراپ، ئاغزىنى ئاچقىنىچە ماڭا تىكىلىپلا قالغانىدى. ئەمدى يوشۇرغۇچىلىكى قالمىدى دەپ ئويلاپ، مۇھەممەت ئاقچىنىڭ ئائىلە ئەزالىرى ئۈستىدە يۈز بەرگەن پاجىئە، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ «قىساس ئېلىش ئۈچۈن ئوغرىلىق قىلىش» يولىغا چۈشكەنلىكىدەك كەچمىش ھەم ئۇنىڭ ماڭا مەلۇم بولغان «نەزەرىيە» سىنى سۆزلەشكە باشلىدىم. شاجۇمە سۆزلىرىمدىكى مۇنازىرە پۇرىقىنى سەزگەن بولسىمۇ لام ـ جىم دېمەي ئولتۇرۇۋەردى. چولپانخان بولسا يېڭىدىن يېڭى «سىر» لاردىن ئەقلىنى ئالدۇرۇپ قويۇۋاتقاندەك داڭ قېتىپ قالغانىدى.



شاجۇمە بەرىبىر ئېغىز ئاچتى. ئۆزى ماقۇللايدىغان بولسۇن ياكى رەت قىلىدىغان بولسۇن، ھەرقانداق بىر چۈشەنچىگە سۈكۈت قىلىش ئۇنىڭ ئادىتى ئەمەس ئىدى.

— دۇنيادا «ساۋابلىق ئوغرىلىق» بولمايدۇ ئوغلۇم، — دېدى ئۇ مۇھەممەت ئاقچىنى ئاقلاشلىرىمغا قارىمۇ قارشى ھالدا، — ئاللىقانداق بىر بەگ ياكى باي سىلىنىڭ ئون پۇللىرىنى تارتىۋالغان بولسا، سىلىنىڭ قىساس ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ پەقەت ئون پۇلىنى ئوغرىلىۋېلىشلىرىنىلا كەچۈرۈشكە بولار. ئەمما، سىلى ئۇنىڭ ئون بىر ياكى ئون ئىككى پۇلىنى ئوغرىلىۋالسىلا، ئوندىن ئاشقىنى خەقنىڭ ھەققى، دېيىلىشى كېرەك. دېمەك، بۇنىسى ھارام...

— ئۇ مەندىن ئون پۇل تارتىۋالغانىكەن، قانداقتۇر باشقا بىر بىچارىنىڭ ئىككى پۇلىنى بۇلىۋالمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ ـ دە؟

ئۇ ئېتىرازىمغا پىسەنت قىلمىدى:

— سىلى ئارتۇق ئوغرىلىغان ئىككى پۇلنى ئاشۇ بۇلانغۇچىغا قايتۇرۇپ بېرىشلىرى كېرەك!

— ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلمىسەمچۇ؟

ھەممەيلەن چۆچۈپ كەينىمىزگە بۇرۇلدۇق. ئىشىكنىڭ تۈۋىدە دەل بوسۇغىنىڭ ئۈستىدە مۇھەممەت ئاقچى ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن قارىغاندا، ئۇ خېلىدىن بۇيان ئاشۇ يېتى ئولتۇرۇپ شاجۇمە بىلەن مېنىڭ مۇنازىرەمنى — سۆھبىتىمىزنى ئاڭلىغانىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ چىرايىدا ئەكسلەنگەن ھاياجانلىق ھالەتنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ قىيىن ئىدى. ئۇنىڭ تاتىرىپ، سەتلىشىپ كەتكەن يۈزىدە ئاچچىقمۇ، غەزەپمۇ، تېرىكىشمۇ بار ئىدى.

— ئۇنى ئىزدەپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى نېمە؟ — شاجۇمە ئەمدىلەتىن تونۇشىدىغان بۇ يېڭى ھەمراھىغا يۈز قاراپ ئولتۇرمىدى، — ئۇ پۇل بۇ كەمبەغەلنىڭ بولمىسا ئۇ كەمبەغەلنىڭ. قىسقىسى، ئۇ يوقسۇلغا تەئەللۇق. ئۇنى كەمبەغەل ـ يوقسۇللارغا تارقىتىپ بېرىش كېرەك...

مۇھەممەت ئاقچىنىڭ چىرايى ئەسلىگە كەلمىگەنىدى. ئەپتىدىن

يەنە بىر نېمە دەيدىغاندەك ئەلپازى بىلىنىپ تۇراتتى. مەن ياكى كۆڭلى نازۇك شاجۇمە ياكى مىجەزى چۇس مۇھەممەت ئاقچىنىڭ بۇ پايدىسىز مۇنازىرە ئارقىلىق رەنجىپ قېلىشىنى خالىمايتتىم. ئۆزۈمنىڭمۇ شۇ تاپتىلا: «مۇھەممەت ئاقچى ئاكىمىزنىڭ پۇلىنى بىز تۆت كەمبەغەل، يوقسۇل خەجلەۋاتىمىزغۇ مانا...» دېگۈممۇ بار ئىدى. ئەمما، بۇنداق سۆز شاجۇمەگە ياقماسلىقى تەبىئىي. ئۇ بۇنى مىننەت، ئۆزى ئۈچۈن خورلۇق، دەرۋىشلىك پەلسەپىسىدىكى كۆڭلۈك روزانىسىدىن ئاشقىنىنى ساقلاش ھارام... دېگەن قېلىپلارغا سېلىپ چۈشىنىۋېلىشتىن يانمايتتى. شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئۇ بىز بىلەن قەشقەرگە بېرىشتىنمۇ باش تارتىشى، ئەسكى گۇمبەزدە ئىگە - چاقىسىز ئۆلۈشنى ئەۋزەل كۆرۈشى مۇمكىن ئىدى.

— بۇ كىشى مەن سىلىگە گېپىنى قىلىپ بەرگەن مۇھەممەت ئاقچى، — دەپ ئۇنى كۆرسىتىپ شاجۇمەگە تونۇشتۇردۇم. مۇھەممەت ئاقچىغا بولسا ماۋزۇنى بۇراپ سوئال قويدۇم، — شاجۇمەكام خېلى تۇزدلىپ قالدى، ھارۋىكەشنىڭ ئىشى قانداق بولدى؟

مۇھەممەت ئاقچى سوئالغا جاۋاب بېرەي دەپ بولغۇچە شاجۇمە ئۇنىڭ بىلەن سالاملاشتى. ھارۋىدا بۇ سارايغا ئېلىپ كەلگىنى، تېۋىپ چاقىرتىپ كۆرسەتكىنى، يېمەك - ئىچمەك بىلەن ھالىدىن خەۋەر ئالغىنى ئۈچۈن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ ھەشقاللا ئېيتتى. ياخشى كۆڭلىگە ۋە ئەجرى ئۈچۈن رەھمەتكە ئېرىشكەن مۇھەممەت ئاقچى بىراقلا ئېچىلىپ، شاجۇمەدىن قىزغىن ھال سورىدى. ئۇنىڭ تەرىپىنى مەندىن كۆپ ئاڭلىغانلىقى، كۆرۈشۈش نىيىتىنىڭ ئىشقا ئېشىپ، خىزمىتىنى قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكىنى ئۈچۈن خۇشال بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شاجۇمە يەنە بىر قېتىم رەھمەت، دېدى. ئۇلارنىڭ بۇ پوزىتسىيىسىدىن خۇشال بولدۇم. شۇنىڭدىن كېيىن مۇھەممەت ئاقچى سوئالىمغا جاۋاب بەردى:

— سايىۋەنلىك، كەڭ ھارۋىدىن بىرنى تاپتىم، ئەتە تاڭ سەھەردە يولغا چىقىمىز. ئۇقۇشۇمچە، كېچىسى يول ماڭغۇچىلارنى



سۈرۈشتۈرىدىغانغا، گۇمانلىق يولۇچىلارنى ئاختۇرىدىغانغا ئامبالدىن يارلىق چۈشكەنمىش... چېرىك ۋە ساقچىلار دوقمۇش - ئۆتەڭلەرگە جىسەكچىلىككە قويۇلۇپتىمىش... شاجۇمە ئاكىمىزنى ئايىدىم - دە...

ئۇ ماڭا مەنىلىك قاراپ قويدى. مەن بازار بېگىنىڭ ۋەجى ئوغرىلانغاندىن كېيىن تەدبىر كۆرۈلگەنلىكىنى، مۇھەممەت ئاقچى «ئىمىش» دېگەن ئىشلارنىڭ شۇ تەدبىر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇم.

كەچلىك تاماق ئۈچۈن ئۈچىمىز ئاشمانتا يېدۇق، شاجۇمە شورپا ئىچتى. مۇھەممەت ئاقچى «ھېچ ئىش چىقمايدۇ، قورۇغاننى يېمىسىلا بولىدۇ...» دەپ ئۇنىڭغا تويغۇدەك گۆشمۇ يېگۈزدى. بىردەمدىن كېيىن «قوقاقنى ئېلىپ ئىسسىقنى كېسىدۇ...» دەپ تاۋۇز يېگۈزدى. تاۋۇزنى بىزمۇ تويغۇدەك يېدۇق.

چولپانخان ئۇخلاش ئۈچۈن ئۆز ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئۈچىمىزمۇ ئورۇن ئۈستىگە يانپاشلىدۇق. شۇ يەردە مەن بولمىسكەن، دەپ تىلىگەن مۇنازىرە يەنە باشلاندى. شاجۇمەنى ئارام ئېلىشقا ئۈندەشلىرىم، مۇھەممەت ئاقچىغا شاجۇمەنى ئۈزۈلۈپ قېلىشتىن ساقلاشقا قىلغان رىغبەتلىرىمنىڭ رولى بولمىدى. شاجۇمە قىزىشماي، ئالدىرىماي، تېرىكمەي مۇھەممەت ئاقچىنىڭ قىزىپ كۆپۈشلىرىنى قاپتىلىغا ئالماي ئوغرىلىقنى ھارام، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئوغرىلانغان مۈلكىنى قايتۇرۇپ ئوغرىلاشمۇ «ھارام» دەپ ئىسپات قىلاتتى. مۇھەممەت ئاقچىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە شاجۇمەنىڭ «نەزەرىيە» لىرىنى ساددا تىل بىلەن رەت قىلاتتى. ئۇنىڭ دەرۋىشلىك پەلسەپىسىنى «تىرىكتاپىلىق»، «ھارام كۈن ئۆتكۈزۈش»، «پېشانىسىدىن تەر ئېقىتماي خەقنىڭ قولىدىن رىزقىنى تەمە قىلىپ ھايات كەچۈرۈش» دەپ ئەيىبلەيتتى. شاجۇمە ئوغرىلارنىڭ بېغىشىدىن كېسىش لازىم، ئۇلار ھەمىشە زالىملارنىڭ مۈلكىنىلا ئوغرىلىمايدۇ، بەزىدە ھالال مۈلۈكنىمۇ ئوغرىلايدۇ... دەيتتى. مۇھەممەت ئاقچىمۇ يان بەرمەي، بارلىق دەرۋىش، تىلەمچى، تېجىمەللەرنى تۇتاش قىرىپ تاشلاش كېرەك، ئۇلار ئىشلىمەي سالجىدەك ياشايدۇ. بۇنداق ياشىغاندىن كۆرە ئوغرىلىق قىلىش ياخشىراق، ئوغرى ھەر ھالدا تەر ئاققۇزۇپ ئەمگەك قىلىدۇ...

دەيتتى .

شاجۇمە ئوغرىنى ئەيىبلەپ ، بېغىشنى كېسىش كېرەك دېگىنى بىلەن ، ئۆزى بىر كىچە - كۈندۈزدىن بۇيان ئوغرى بىلەن ئۈلپەت بولۇۋاتاتتى . ئوغرىنىڭ نېنىنى يەپ ، چېيىنى ئىچىپ ، تۆشۈكىدە يېتىپ ، داۋالىشىنى قوبۇل قىلىۋاتاتتى . بۇنى ئۇنىڭ بىلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى . مۇھەممەت ئاقچىمۇ دەرۋىش ، تىلەمچىلەرنى تۇتاش قىرىش كېرەك دەپ تۇرۇپ ، ئۈچ دەرۋىش ، تىلەمچىنى ئۆز ئىختىيارى بويىچە كۆكۈل قويۇپ باقماقتا ئىدى . تېخى ئۇ ئاخىرغىچە غەمخورلۇق قىلىش شارائىتلا بولسا غەمخورلۇق قىلىشقا ۋەدە بەرگەنىدى .

ئۇلار بىر - بىرىگە چاقچاق قىلىشماي ۋاتقىنىنى بىلەتتىم . ئۇلار نەزەرىيە سۆزلەيتتى . لېكىن ، نەزەرىيىسىگە خىلاپ ئەمەلىيەت بىلەن شۇغۇللىناتتى . بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۇزاق ئويلىنىپ ، تۇرمۇش — ھاياتنىڭ نەزەرىيىگە بېقىنماي ، ئايرىم مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم . ئىنسانىيەت ئاپىرىدە بولغان شۇنچە ئۇزاق ئەسىرلەر ، نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن نەزەرىيە يەكۈنلىگەن نى - نى ئۇلۇغ دانىشمەنلەرنىڭ قايسىبىرىنىڭ نەزەرىيىسى رىقابەتچىسىز داۋاملاشتى ؟ رەت قىلىنىشسىز ئۆمۈر سۈردى ؟ تۇرمۇش ، ھايات ھېچقانداق نەزەرىيىگە بويسۇنماي ، يۈگەنسىز توسۇن ئاتتەك شاپاشلاپ ئۆز يولىنى بېسىپ كەلمەكتە . ھاياتنىڭ ئۇ تەرىپىگە ماس كەلگەن بىر خىل نەزەرىيە بۇ تەرىپىگە ماس كەلمىدى . بۇ تەرىپىگە ماسلاشتۇرۇلۇپ ، يېڭىدىن يارىتىلغان يەنە بىر نەزەرىيە باشقا بىر تەرىپىگە ماس كەلمىدى ، بۇنىڭدىن يۈز - ئىككى يۈز يىل ئىلگىرى ھاياتقا ماس كەلگەن نەزەرىيە بۈگۈنكى كۈنگە ئەسقاتمىدى ، بۈگۈن يارىتىلغانلىرى ئەتە - ئۆگۈنگە يېتىپ بارالامدۇ - يوق ؟ بۇنى كىممۇ ئالدىن بىلەلەيدۇ ؟

ئۆزۈمگە كەلسەم ، ئوغرىلىقتىن ھېلىمۇ سەسكىنىمەن ، ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالسامۇ مەندىن ئوغرى چىقماسلىقى تەبىئىي . لېكىن ، مۇھەممەت ئاقچىدەك بىر ئوغرى مېنى ئون يىل ئاۋۋال قەشقەردىكى قازىخانىنىڭ



سولاقخانىسىدا ئوغرىلىق ماھارىتىگە تايىنىپ بېقىپ ئاسراپ ، ھاياتىمنى ساقلاپ قالغانىدى . ئەگەر ئۇ بولمىسا يېگەن تاياق ئازابىدىن ئۆلۈپ كەتكەن بولاتتىم . بۇ يەردە « مۇھەممەت ئاقچىدەك ئادەمدىن مىننەتدارمەن ، ئۇنىڭ ئوغرىلىق قىلمىشىغا ئۆچ » دەپلا كېسىپ ئېيتالمايتتىم . چۈنكى ، مېنى قۇتقۇزغىنى ئۆزى بولغىنى بىلەن ، « ئۇنىڭ ئۆزى » نىڭ تايانغىنى ئوغرىلىق ھۈنىرى ئىدى . ئۇنىڭ شۇ ھۈنىرى مېنى ئۇزۇقلاندۇرغان ، ماغدۇرغا كىرگۈزگەن ۋە كۈچ ئاتا قىلغانىدى . ئاخىرىدا شۇ ھۈنىرى — ماھارىتى مېنى دەريا بويىغا قېچىپ بېرىشقا ، دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتۈپ كېتىشكە شەرت - شارائىت ياراتقانىدى . « ئۇنىڭ ئۆزى » ئاشۇ ماھارىتى بىلەن ئۆزىنى ساقلاپ قالالىغان بولسا ، نېغمەتۇللا قارىي ، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئاشۇنداق ھۈنەر ماھارىتى بولمىغانلىقتىن قازاغا ئۇچرىغانىدى . مەن بۇ ئارقىلىق ئوغرىلىقنى ئاقلىماقچى ، ئوغرىلىقمۇ ياخشى پەزىلەت ، دېمەكچى ئەمەس ، ئۇنى تەشەببۇس قىلماقچى ، رىغبەتلەندۈرمەكچى ئەمەس ئىكەنلىكىمنى چۈشىنىپ تۇراتتىم . پەقەت مۇھەممەت ئاقچىنىڭ — پەقەت شۇ بىر ئوغرىنىڭ قىلىقىنىلا ئاقلىماقچىدىم . بۇ ئۇنىڭ ماڭا بىلدۈرگەن ۋە بىلدۈرۈۋاتقان ھىممىتى ئۈچۈنلىما ؟ ئۇنىڭ مەنلا ئەمەس ، چولپانخان ۋە شاجۇمەدەك ، مۇبادا لازىم تېپىلسا ئونلىغان مەندەك ، چولپانخاندەك ، شاجۇمەدەك يوقسۇللارغا ئوغرىلىغان پۇلى ئارقىلىق ياردەم بېرىشتىن باش تارتمايدىغانلىقى ئۈچۈنلىما ؟ . . . بۇنى نېمە دەي ؟ شۇنداق دەپ جاۋاب بەرمەكتىن باشقا چارەم يوق ئىدى . بۇرۇن ئېنىق بىلگىنىمدەك ، شۇ تاپتىمۇ ئېنىق بىلەتتىمكى ، مەن ۋە مېنىڭ مۇھەممەت ئاقچىغا ئەمدىلەتىن ھەمراھ بولۇۋاتقان ئىككى يېقىن ئادىمىم ئوغرىلاپ كېلىنگەن پۇل ھېسابىغا ياشاۋاتاتتۇق . مەنمۇ ، چولپانخانمۇ ( گەرچە ئۇ مەندەك چوڭقۇر ، ئەستايىدىل ئويلىمىغان بولسىمۇ ) خۇددى مۇھەممەت ئاقچىدەك : « بىزنىڭ خەجلىگىنىمىز مەلئۇن باجگىر ، زالىم بەگ پۇقرالاردىن ھارام شىلىۋالغان پۇللار » دەپ ئۆزىمىزنى ئاقلايتتۇق . بۇنداق دېيىش شاجۇمەنىڭ « دەرۋىشلىك مۇقامى » نىڭ پەدىسىگە چۈشمەيتتى . مەن شاجۇمەنى ناھايىتى چوڭقۇر ، ياخشى

چۇشىنەتتىم. ئۇ خەقنىڭ هالال ياكى هارام پۇلىنى ئەمەس، ئۆزىنىڭ پۇلىنىمۇ خەجلىمەي يۇرتقا تارقىتىۋەتكەن، هېلىغىچە ئەقىدىسىگە خىلاپلىق قىلماي ياشىغان ئادەم ئەمەسمىدى؟ ئۇنداقتا مۇهەممەت ئاقچىنىڭ «تىرىكتاپ» دەپ بەرگەن باهاسىنى نېمە دېگۈلۈك؟ مەن بۇنىمۇ مۇتلەق فورما بىلەن چۈشىنىشكە قوشۇلمايتتىم. مەجبۇرىيەتتىن، مېڭىشقا يول تاپالمىغانلىقتىن ئوغرىلىق قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدىغانلار بولغىنىدەك، ماڭا ئوخشاش ئامالسىزلىقتىن دەرۋىش، تىلەمچى بولىدىغانلارمۇ كۆرمىڭ. ئەگەر مۇهەممەت ئاقچىغا ئۇچراپ قالمىغان بولسام، تىلەمچىلەر قوشۇنىغا چولپانخانمۇ قوشۇلاتتى تېخى...

ئىككىيلەننىڭ مۇنازىرىسى بىلەن خىيالىمنى توختىتىپ، ئىشىك قېقىلدى، ئۇچىلىمىز چۆچۈپ ئىشىككە قارىدۇق. سارايۋەننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— سارايۋەنلەر باشلىقى كېپىللىك قىلغان هېلىقى كېسەل بوۋاي مۇشۇ ئۆيدە تەقسىرلەر، — دەيتتى ئۇ كىملەرگىدۇر خۇشامەت بىلەن، — بوۋاينىڭ كېسىلى ئېغىر، بىزاۋىتە قىلمىساق...

يەنە بىر هۆكۈمرانلارچە ئاۋاز:

— يادىمىغا كەلدى، بۇلار كېپىللىك قىلىدىغان هىماتى بارلار، يۇرۇڭلار، — دېدى ۋە ئوپۇر - توپۇر ئاۋازلاردىن كېيىن باشقا ئىشىكلەرنى قېقىشقا باشلىدى.

— ئەمدى بولدى قىلىپ ئارام ئېلىشسىلا، — دېدىم ئىككىيلەنگە، — تەكشۈرگۈچى چېرىكلەر كىملىكىمىزنى بىلىپ قالسا بېغىشمىزنىمۇ كېسىدۇ، كاللىمىزنىمۇ ئالىدۇ.

مۇهەممەت ئاقچى كۈلۈپ قويدى - دە، چىراغنىڭ پىلىكىنى تىرنىقى بىلەن چېكىپ قويۇپ:

— مەن چىقىپ باقاي، چولپانخانىنىمۇ ئاۋارە قىلمىسۇن، — دېدى.

ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن شاجۇمە:



— بۇ ئوغرىلىرىدىن رەنجىگەنلىكىم ئۈچۈن ئەمەس ئوغلۇم، راستىنى دېسەم، بۇ بىر كۈنلۈك تۇرمۇشۇم مېنى ئىزىمدىن چىقىرىۋەتتى. سىلىگە ۋەدە بەرمىگەن بولسام شۇ تاپتىلا گۇمبىزىمگە كېتەتتىم، — دېدى.

— هېچ ۋەقەسى يوق ئاتا، — ئۇنى كىچىك بالىنى بەزلىگەندەك بەزلەپ قويدۇم، — دۇنيانىڭ سىرلىرىنى ئاختۇرىدىغان ئۆزلىرىدەك كىشىگە هەممىنى كۆرۈپ قويۇشنىڭ زىيىنى يوق... قەشقەرگە بىللە بېرىشىپ بەرسىلە...

شاجۇمە گەپ قىلماي ئېغىر تىندى ۋە ئورنىغا سوزۇلدى. مۇهەممەت ئاقچىمۇ قايتىپ كىردى. «ئۇخلايلى» دېگىنىچە چىراغنى ئۆچۈرۈپ يېتىپ قالدى.

ئەتىگىنى بىزنى سارايۋەن ئويغاتتى. ئۇ مۇهەممەت ئاقچىدىن كۆرسەتمە ئالغان بولسا كېرەك، شۇنچە سەهەر بولۇشىغا قارىماي قايماق چاي تەييارلىغان، ئىسسىق نان ئەكىرگەنىدى. داستىخانىنى سېلىۋېتىپ، هارۋىمۇ تەييار قىلىپ قويۇلغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

تۆتىمىز ئىشتىها بىلەن ناشتا قىلدۇق. يۆتكەيدىغان، تاڭىدىغان، باغلايدىغان يۈكىمىز بولمىغانلىقتىن، هارۋىغا چىقساقلا ئىش پۈتەتتى. هارۋا هەقىقەتەن كەڭ، شادىسى ئېگىز بولۇپ، تېگىگە كىگىز، قېلىن كۆرپە سېلىنغانىدى. شاجۇمە ئۈچۈن يوغان، قېلىن، يۇمشاق سامان تىقىپ كۆپتۈرۈلگەن ئىككى تەكىيمۇ هازىرلانغانىدى. هارۋا شادىسىنىڭ تۆت بۇرجىكىگە بىلەكتەك توملۇقتا كالتەك، ئۇنىڭ ئۇچىغا سەگەز داستىخان باغلىنىپ سايىۋەن قىلىنغانىدى. ئۇ يىراقتىن قارىغاندا مۇنداقراق سەهرا بەگلىرىنىڭ مەپىسىنى ئەسلىتەتتى. شاجۇمە بۇلارغا كۆزىنى قىسىپ بىر قاراپ قويغاندىن كېيىن، مۇهەممەت ئاقچى بىلەن مېنىڭ ياردىمىمدە هارۋىغا چىقىپ تەكىيگە يۆلەندى. ئۇ تازا بىر ئۇھ تارتىۋەتكەندىن كېيىن «خۇدا...» دەپ قويۇشتىن باشقا گەپ قىلمىدى. چولپانخان ئۆزى چىقىپ، شاجۇمەنىڭ ئۇدۇلىغا جايلاشتى.

يولدا يېيىشكە ئالغان نان - توقاچ، پىششىق گۆش، قوغۇن -

تاۋۇزلارنى ھارۋىغا بېسىش ئۈچۈن مۇھەممەت ئاقچى بىلەن ئىككىمىز ئۆيگە كىرگەندە:

— يول ئۈستىدە بوۋاي بىلەن بەس-مۇنازىرە قىلىشمىسىلا قانداق؟ — دەپ مەسلىھەت بەردىم، — بىر-بىرىڭلارنى بەربىر قايىل قىلالمايسىلەر، ئۇنىڭ ئۈستىگە...

— شاجۇمەكام ئالىم ئادەم ئىكەن، — گېپىمنى بۆلدى مۇھەممەت ئاقچى، — ئۇنى قايىل قىلاي دەيدىغان نىيىتىم يوق، قۇربىمۇ يەتمەيدىكەن. لېكىن سىلىگە دېسەم ئۇكام، — ئۇ ئاۋازىغا سىرلىق تۈس بېرىپ داۋام قىلدى، — بازار بېگىنىڭ «ئەسلى-ۋەسلى» ئاشۇ كىچىككىنە تۈگۈنچەككە سىغىپ كېتىپتۇ دەپ قالمىسىلا. سىلىنىڭ كۆرگەنلىرى ئۇندىن بىرى. قالغىنىنى مەن شاجۇمە ئارزۇ قىلغاندەك ئاللىقاچان كەمبەغەل-يوقسۇل، يېتىم-يېسىرلارغا تارقىتىپ بېرىۋەتكەنمەن. ئۇلار ئۇخلاپ قوپۇشقانلىرىدا بېشىدا، قولتۇقىدا، قوينىدا، دوپپىسىنىڭ ئىچىدە تۇرغان كۈمۈش تەڭگە ۋە يامبۇلارنى كۆرۈپ نېمە دېيىشىۋاتىدىكىن؟ مەن كۆزچەن بىلەن ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بەزىسىگە ئاز، بەزىسىگە كۆپ ئۈلەشتۈردۈم. تۈنۈگۈن، ئالدىنقى كۈنى شەھەر ئايلىنىپ، قەلەندەر، تىلەمچىلەرنىڭ يەنىلا شۇنداق كۆپلۈكىنى كۆردۈم...

ھۈسىين پوكانچىنى يادىمغا ئالدىم. قەلەندەر-تىلەمچىلەر ئىچىدە ئۇنىڭدەك تاپقان پۇلىغا مال ئېلىپ «تاشلاپ قويىدىغان» لارنىڭ سانىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. كۈمۈش بىلەن يامبۇنى قانداق خەجلەشنى بىلمەيدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس، ئەلۋەتتە.

— شاجۇمە بۇ سېخىيلىقلىرىنى ئاڭلىسا خۇشال بولۇپ كېتىدۇ-دە؟ — دېدىم مۇھەممەت ئاقچىنىڭ ئىشىدىن سۆيۈنۈپ. ئۇ بۇ ھەقتە ماڭا ھېچنېمە دېمەي يۈرۈپ، ئەمدى پاش قىلىۋاتاتتى.

— ئۇنىڭغا دېيىشنىڭ ھاجىتى يوق، سىلىمۇ دەپ يۈرمىسىلە، — دېدى مۇھەممەت ئاقچى. ئۇنىڭ چىرايىغا ئىپادىلەش قىيىن بولغان ئاللىقانداق بىر ئوڭايسىزلىنىش بەلگىسى يېيىلغانىدى، — خۇدا يولىدا قى-



لىنغان ئىشنى داۋراڭ سېلىشنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، كۈمۈش-يامبۇلار ئېھتىياجىمدىن ئۇشۇق نەرسىلەر... بۇنداق قىلىشنى ساۋاب دېسىمۇ، دېمىسىمۇ بولىدۇ...

ئىچكى ھېسسىياتى مۇرەككەپ بۇ كىشى بىلەن يەنە شۇ ماۋزۇدا سۆزلىشىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى سەزدىم. ئۇنىڭ كەينىدىن يېمەكلىكلەر، تۈگۈنچەكلەرنى كۆتۈرۈپ ھارۋىغا چىقتىم. شاجۇمەنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ئولتۇرۇپ، مەندىن بۇرۇنراق ھارۋىغا چىقىپ چولپانخاننىڭ يېنىغا جايلاشقان مۇھەممەت ئاقچىغا چاندۇرماي سەپسالدىم. ئۇنىڭ چىرايى ھارغىن، سولاشقان ۋە بىلىنەرلىك تاتىرىپ كەتكەنىدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىش قىيىن ئىدى.

ھارۋىكەش ھارۋىنىڭ ئەتراپىنى بىر چۆرگىلىۋەتكەندىن كېيىن:

— ماڭامدۇق؟ — دەپ سورىدى مۇھەممەت ئاقچىغا قاراپ.

— ماڭساق بولار، — سورىدى مۇھەممەت ئاقچى باياتىن بىز يېنىپ چىققان ئۆيگە بويىنىنى سوزۇپ بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن.

ھارۋا سارايدىن چىقتى. بىزنى سارايۋەن ئۇزىتىپ چىقتى ۋە دەرۋازىنىڭ تېشىدا «خۇدايىمغا ئامانەت، سەپىرىڭلار ئوڭۇشلۇق بولغاي...» دەپ دۇئا قىلدى.

شاجۇمە قولىنى دۇئاغا ئاچتى، ئۇنى كۆرۈپ مەن، ئاندىن چولپانخانمۇ قولىمىزنى دۇئاغا ئاچتۇق. مۇھەممەت ئاقچى كۆزىنى يۇمۇپلا ئولتۇراتتى. شاجۇمە نېمە دەپ دۇئا قىلىۋاتىدۇ، بىلگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ بۇرۇتى يېپىپ تۇرغان، گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرى نېمىلەرنىدۇر دەپ پىچىرلايتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ ئالقانلىرىنى يۈزىگە سۈردى، چولپانخان ئىككىمىز ئۇنى دورىدۇق.

ھارۋا قۇم ئارىلاش توپا يول بىلەن بىرئاز يۈرگەندىن كېيىن چوڭ يولغا چىقتى. بۇ چاغدا قۇياش كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتاتتى. ئارقامغا قارىدىم. چوڭ يولدىن شەھەرنىڭ دەرۋازىسى ئۇدۇل بولغاچقا ھەممە نەرسە ئېنىق كۆرۈنەتتى. شۇ تاپتا يىراق-يېقىندىن كەلگەنلەر، ئاخشام دەرۋازا ئېتىلىشتىن بۇرۇن شەھەرگە كىرىشكە ئۈلگۈرەلمىگەنلەر دەرۋازا

ئالدىغا دۈۋىلىنىشىۋالغانىدى. بىلىشىمچە، مەيلى ياز ياكى قىش پەسلى بولسۇن، شەھەر دەرۋازىسى كۈن بىلەن تەڭ ئېچىۋېتىلەتتى. ھازىر دەرۋازا ئېچىلىشى كېرەك بولۇپ، نېمىشقا بۈگۈن كەينىگە تارتىپ ئېچىلىشنى چۈشەنگىلى بولمايتتى. ئالاھىدە ۋەقە بولمىسا كېچىكمەي ئېچىلىدىغان دەرۋازىنىڭ دەرھال ئېچىلماسلىقىغا تەسىر كۆرسەتكەن «ئالاھىدە ۋەقە» پەقەت بازار بېگىنىڭ ۋەجىنىڭ ئوغرىلانغانلىقى بولۇشى مۇمكىن ئىدى. مەن دەرۋازىغا قارىغانسېرى كۆز ئالدىمغا دەرۋازىنىڭ ئۆزىلا ئەمەس، ئۇنىڭ ئىچى كۆرۈنگەندەك بولدى. شەھەرنىڭ قىڭغىر — قىيسىق، ئۈچەيدەك تار كوچىلىرىمۇ، تاش ۋە خىش يېيىتىلغان ئاساسلىق يوللىرىمۇ نامايان بولدى. نېمىشقىدۇر كۆڭلۈم لاسىسىدا بولۇپ، بەدىنىم يۇمشاپ، ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىۋاتقاندەك سەزدىم ئۆزۈمنى.

قەشقەرگە كېتىۋاتاتتىم. ئون يىلدىن ئارتۇق ئايرىلغان، كۆرمىگەن بولساممۇ ئىشقى يادىمدىن كۆتۈرۈلمىگەن ئانا يۇرتۇمغا قاراپ ئاتلانغانىدىم. يۇرتۇمدا يەنە يۇرتۇم بىلەن ئوخشاش قىممەتتە مېنى ئۆزىگە تارتىۋاتقان مەھبۇبەم بۇۋىسارە مېنى غايىبانە چاقىرماقتا ئىدى. ئۇنىڭ چاقىرىشلىرى بىرەر مىنۇتمۇ قۇلاق تۈۋىمدىن نېرى كەتمەيتتى. مۇشۇ سەپىرىمنىڭ ئاخىرى نەتىجىلىك بولامدۇ — يوق؟ كۈتكىنىمگە ئېرىشەلەمدىمەن — يوق؟ تونۇشلۇق بەرگەن تۇرۇقلۇق تونۇيالمىغان مۇھەممەت ئاقچىغا ئوخشاش، بۇۋىسارەم مېنى ھازىرقى ئەپتىم، تۇرقۇم بىلەن تونۇيالامدۇ — يوق؟... بۇلار كېچىلىك تۇتۇق ئاسماندەك قاراڭغۇ ئىدى. قەشقەرلىكلەرنىڭ مېنى تونۇيالماسلىقى تەبىئىي. مەنمۇ ئۇلارنىڭ مېنى تونۇپ قالماسلىقىنى تىلەيتتىم. بۇۋىسارەمچۇ؟ ئۇنى تاپالمىسام، كۆرەلمىسەم، مېنى تونۇيالمىسا تونۇشلۇق بەرسەمچۇ؟ ئۇ مېنى بىر چاغلاردىكىدەك يەنىلا ياخشى كۆرەرمۇ ياكى «نەدىن كەلگەن دىۋانىسەن؟ بۇرۇن مىربىلال بولساڭ نېمە بوپتۇ؟ خوش، ھازىر كىمسەن؟...» دېسىچۇ؟

بىرى بېشىمدىن سوغۇق سۇ قۇيغاندەك ئەندىكىپ كەتتىم. يارماس، كۆڭۈلسىز خىياللاردىن ئازاد بولۇش ئۈچۈن يەنە شەھەر دەرۋازىسى



تەرەپكە تىكىلدىم. دەرۋازا ئۇلۇغ ئېچىۋېتىلگەن بولۇپ، كىرىۋاتقان — چىقىۋاتقان پىيادىلەر، ئات — ئېشەكلىكلەر، ھارۋىلىقلار تۇتۇق كۆرۈنەتتى. بىز شەھەردىن ئۇزاقلاپ كېتىۋاتاتتۇق. خېلىدىن كېيىن ھارۋا پەسلەپ، يان تەرەپكە بۇرۇلدى. دەرۋازىمۇ كۆرۈنمەي قالدى. شەھەر كۆرۈنمەي قېلىۋىدى، بۇ شەھەر خىيالىمنى ئىلكىگە ئېلىۋالدى. ئون بىر يىلغا يېقىن ئۆتكۈزگەن ئاققۇنلۇق ھاياتىمدا نۇرغۇن شەھەرلەرگە بارغان بولساممۇ، ئاساسلىق ۋاقتىم مۇشۇ شەھەردە ئۆتكەنىدى. ئۇ ماڭا نان بەرگەن، سۇ بەرگەن، ياتاق، ئېگىن بەرگەنىدى. بىراق، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ مېنى بىرەر قېتىممۇ ئەركىلىتىپ باقمىغان، كېيىنكى يەتتە — سەككىز ئاي ئىچىدە تېخى ئۇنتۇلغۇسىز ئازار بېرىپ، جېنىمنى ئالغىلى تاس قالغانىدى. «خەير — خوش، قالغىن نامرات شەھەر، — دېدىم ئىچىمدە پىچىرلاپ، — سەن ھەرقانچە نەپرەتلىك، ھەرقانچە يىرگىنچلىك بولساڭمۇ ياخشى قال، دۇرۇس، پۈتكۈل ۋەزنىڭدىن، ھەجمىڭدىن ئالغاندا سەن نەپرەتلىكمۇ، يىرگىنچلىكمۇ ئەمەسسەن. سېنىڭ قوينۇڭدا، ئېتەكلىرىڭدە ياشاۋاتقان يۈز مىڭلاپ كىشىلەرنىڭ قان — ياشلىرى كەلكۈنى ئىچىدە ئەگەر ھېس — تۇيغۇغا ئىگە بولغىنىڭدا ئىدى، چاك — چاك يېرىلىپ كەتكەن بولاتتىڭ. سەندە شۇ قەدەر مەلئۇن، ياۋۇز ئادەملەرمۇ باركى، ئۇلارنىڭ ئىپلاسلىقلىرى بېتىڭگە يىرگىنچلىك بوياقتىن داغ چۈشۈرگەن، ئۇلار قان — ياش كەلكۈنىگە مەنبە بولغان... شۇنداقتىمۇ سەن قۇچىقىڭ كەڭرى زېمىنسەن. سەندە سانسىز يېتىم — يېسىر، قەلەندەر — تىلەمچىلەر پاناھلىق تاپىدۇ. ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ساڭا نامراتلىق، موھتاجلىق چاپىنىنى ياپىدۇ... سەن مېنى ئالىقىنىڭدا تۇرغۇزدۇڭ، ئېتىكىڭگە يوشۇردۇڭ. ياخشى كىشىلىرىڭ بىلەنمۇ، ئەڭ ۋەھشىي — ئىپلاس مەلئۇنلىرىڭ بىلەنمۇ ئۇچراشتۇردۇڭ... مەن سەندە كۆرگەن شەپقەت — مۇرەۋۋەتلىرىڭنىمۇ، ماڭا سالغان دەرد — ئەلەملىرىڭنىمۇ ئۇنتۇمايمەن. شۇ تاپتا كېتىۋاتىمەن. نىشانەمگە يېتەلىسەم، ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە خەير — خوش! مېنى باشقىچە قىسمەتلەر كۈتۈپ تۇرغان بولسا يا بالدۇر، يا كېيىن يەنە سېنى تاپامدىمەن تېخى! بىراق،

قايسىلا هالدا بولماي، سەن هامان مېنىڭ خىيالىمدا، مەن بىلەن بىللە ياشايسەن. ئىشىم ئوڭغا تارتسا، مەھبۇبەمگە سەن توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىمەن. ئۇ چاغدا سەن ئىككى ئاشىق-مەشۇقنىڭ زىكرىسىدە ياشايسەن...»

بۇرنۇم ئېچىشىپ يىغلىغۇم كېلىۋاتاتتى. لېكىن، ھەمراھلىرىمنىڭ ئالدىدا يىغلاشنى لايىق كۆرمىدىم. ئۇلارغا ئويلىغانلىرىمنى چۈشەندۈرەلمەيتتىم-دە، ئۇلار باشقىچە تونۇشقا كېلىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. خېلى كۈچ سەرپ قىلىپ، تېشىپ كېتەي دەۋاتقان ياشلىرىمنى سىڭدۈرۈۋەتتىم. كۆزۈمنى سەل-پەل ئېچىپ، شاجۇمەگە، ئاندىن چولپانخانغا، ئاخىرىدا مۇھەممەت ئاقچىغا قارىدىم. ئۇلارمۇ ماڭا ئوخشاش ھېسسىياتتىمۇ ياكى بىر-بىرىنى دورىدىمۇ ھەممىسى كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئولتۇراتتى.

كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە بىز بىر كۆجۇم يېزا بازىرىغا كەلدۇق. ھەممەيلەن بازارنى كۆزىتىپ چىقتى. ئادەم يوق، دۇكانلىرى ئېتىك، بازارنىڭ كۆرگۈچىلىكى يوق ئىدى. هارۋىكەش سالقىندا يول ئاۋۇتۇۋېلىش، ئالدىمىزدا ئۇچرايدىغان يەنە بىر يېزىغا چۈشكىچە بېرىۋېلىپ، شۇ يەردە ئۇزاقراق ئارام ئېلىش تەكلىپىنى بەردى. بىز ئۇنىڭ مەسلىھىتىگە كۆنۈپ، توختىماي ئۆتۈپ كەتتۇق.

ھەممەيلەننى ھەر خىل خىياللار ئېزىۋەرمەسلىكى ئۈچۈن دىققەتنى سەل جەم قىلىش، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەممەيلەننى قىزىقتۇرىدىغان بىر ئىش قىلىش كېرەك، دەپ ئويلىدىم. خېلى ئويلاپمۇ قانداق قىلسا ياخشى بولىدىغانلىقىنى تاپالماي چولپانخانغا تەكلىپ بەردىم:

— چولپانخان، يولنى قىسقارتساق، بىر ناخشا ئېيتىپ بەرسىلە قانداق؟

— ۋىيەي، — دېدى ئۇ ئۆپكىدەك ئېسىلىپ، — مەن قانداق ناخشا ئېيتالايمەن؟

— ئېيتالايلا، — دېدىم كۈلۈپ ۋە كۆزۈم ئارقىلىق نېمىندۇر ئەسلىتىش ئىپادىسىنى كۆرسەتتىم. ئەسلىدە گۇسوزىنىڭ ئاشخانىسى بى-



لەن ئاياللارنىڭ ياتاقخانىسىنى ئىشارەت قىلغانىدىم.

چولپانخان نېمىنى ئىشارەت قىلىۋاتقانلىقىمنى چۈشەندى. لېكىن، قىپقىزىل بولۇپ بېشىنى يەرگە سالدى. ماڭا، مەن زادى كۈتمىگەن بىر تەرزدە شاجۇمەمۇ ياردەمگە چىقتى:

— ئېيتسىلا، ئېيتىۋەرسىلە، ئايال كىشىنىڭ ناخشا ئېيتالمايدىغىنى بولمايدۇ.

شاجۇمەدەك دەرۋىشنىڭ ئۇنى ناخشا ئېيتىشقا دەۋەت قىلىشى مۇھەممەت ئاقچىنىمۇ ھەيران قالدۇردى بولغاي، ئۇمۇ بىزگە بولۇشتى:

— ھەممەيلەن ئۆز، ئېيتىۋەرمەملا!

چولپانخان بېشىنى دەرھال كۆتۈرمىگەن بولسىمۇ يەنە رەت قىلىپ تۇرۇۋالمىدى. ئۇ يەر ئاستىدىن ماڭا نارازى بولغاندەك قارىدى. مەن كۆز ئىشارىتى ئارقىلىق ئېيتىشقا ھەيدەكچىلىك قىلدىم. بىردەمدىن كېيىن ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ھېچقايسىمىزغا قارىماي ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭغا قادىلىپ قاراپ خىجىل قىلماسلىق ئۈچۈن، مەنمۇ شاجۇمە بىلەن مۇھەممەت ئاقچىدەك كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم.

يانىدىن بەزى ئۇدۇلدىن،
قاراپ تېنىمگە ئوت سالدىڭ.
مەن كۆيگەندە ئۇزىتىپ،
ئۆزۈڭ ماڭماي قېپقالدىڭ.

ئۆيۈڭگە باراي دېسەم،
يول يىراقى توسىدى.
يول يىراقى بولسىمۇ،
كۆڭلۈڭ مەندە بولسىدى.

تۈن-كېچىنى يورۇتقان،
ئون بەش كۈنلۈك ئاي ئىكەن.
يارىمنىڭ مىنگەن ئېتى،
كۆندۈرمىگەن تاي ئىكەن.

كېمە سېلىپ ئۆتۈڭلار ،
كۆزدىن ئاققان يېشىمغا .
ئەجەب كەلدى دەرد ـ ئەلەم ،
كىچىك تۇرۇپ بېشىمغا .

چولپانخاننىڭ ئاۋازىنى ساز ، جاراڭلىق دېيىشكە بولمايتتى . ئۇمۇ تارتىنىدىمۇ نېمە ، ئۈننى قويۇپ بېرىپ ئېيتمايتتى . لېكىن ، ناخشىسىنىڭ سۆزىدىنمۇ كۆرە ، ناخشىنىڭ ئاھاڭى ناھايىتى مۇڭلۇق بولۇپ ، كىشىنىڭ كۆڭلىگە ھەسرەت ۋەسۋەسىسىنى قۇياتتى . ئۇ ناخشىدىن توختىغاندا مەن كۆزۈمنى سەل ئاچتىم . شاجۇمە بىلەن مۇھەممەت ئاقچى يەنىلا كۆزىنى يۇمۇپ جىم ئولتۇراتتى . ناخشا ھەممىدىن بەك چولپانخاننىڭ ئۆزىگە تەسىر قىلغان بولسا كېرەك ، ئۇ ئېغىر ۋە كىشىنىڭ ۋۇجۇدىنى تىترىتىدىغان ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇھ تارتتى . ئاندىن ماڭا خىجىللىق ئارىلاش قاراپ ، بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلۈپ قويدى . مەن ئۇنىڭ ناخشىسىنىڭ بەلەن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ ، بېشىمنى ماقۇللاش ئىشارىتىگە لىڭشىتتىم . ئىچىمدە بولسا : « ناخشا ئوبدان ئىكەن ، ئۆزىنى ئەركىن ، ئازادە تۇتۇپ ئېيتقان بولسىمىغۇ . . . » دەپ ئويلىدىم .

چولپانخان خېلى ئۇزاق جىمىپ كەتكەنلىكتىن شاجۇمە بىلەن مۇھەممەت ئاقچى كۆزلىرىنى ئاچتى . ناخشا تۈگىگەنلىكىنى بىلدى بولغاي ، شاجۇمە :

— ناخشىنى ياخشى ئېيتىدىكەنلا قىزىم ، — دېدى .

— راست ، ياخشى ئېيتىدىكەنلا ، — ئىزا تارتىپ يەرگە قارىۋالغان چولپانخانغا مۇھەممەت ئاقچىمۇ رىغبەت بەردى ، — بالدۇرراق بىلگەن بولساق دەڭ ـ سارايلارنىڭ ئاخشىمىنى زېرىكىپ ئۆتكۈزەرمىدۇق ؟

— زاڭلىق قىلىشمىسىلا ، — دېدى چولپانخان قىزىرىپ ، — يولنىڭ ئازابى ئازايسۇن دەپ مۇنداقلا ئېيتقىنىم بۇ .



— مۇنداقلا ئېيتماي ، كۆڭۈل توختىتىپ ، ئەستايىدىل ئېيتسىلا قېنى ، — شاجۇمە ئۆزىگە ياراشمايدىغان قىزغىنلىق بىلەن تەكلىپ قىلدى .

چولپانخان ئۈچ تەرەپلەپ قىلىنغان « ھۇجۇم » غا تەن بېرىپ ، يەنە ناخشىغا كىرىشكەنمۇ بولارمىدىكىنتاڭ ، ھارۋىكەشنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى :

— ماۋۇ بازاردا توختىساق قانداق ؟ ئاۋات ئىكەن ، ئاندىن ئاز ـ تولا ئاراممۇ ئالساق ، ھاۋا ئىسسىپ كەتتى .

بىز بىر يېزا بازىرىغا كىرگەنىدۇق . ھارۋىكەشنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ دەم ئالماقچى بولدۇق . ھارۋا دوغچىلار ، باققاللار ، ناۋايخانا ، ئاشپۇزۇل ۋە تۆمۈرچىلىك ، ھارۋا قاقىدىغان دۇكانلار ئىككى تەرىپىگە خېلىلا زىچ جايلاشقان تېرەكلىك يولدىن ئاستا مېڭىپ ، تاۋاق ، كوزا ، تەشتەك ، ئۆرىق ساتىدىغان دۇكان بىلەن گەج ۋە ئاھاك ساتىدىغان يەنە بىر دۇكاننىڭ ئارىلىقىدىكى يوغان ، شالاقشىپ كەتكەن دەرۋازا قانىتى ئۇلۇغ ئېچىۋېتىلگەن بىر سارايغا كىردى . پۇت ۋە باش ـ قوللىرى چاپلاپ ياسالغان كۆپنى ئەسلىتىدىغان دىقماق ، پاكار ، ھەددىدىن ئارتۇق سېمىز ئايال سارايۋەن ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ بىر ئۆيدىن چىقتى ـ دە ، ئەرلەرنىڭكىدەك غودۇرۇڭ ، خىرقىراق ئاۋازدا :

— خۇش كېلىشىپلا مېھمانلار ! — دەپ قارشى ئالدى .

بىزمۇ ئۇنىڭغا مۇناسىپ سالام قايتۇرۇپ ھارۋىدىن چۈشتۇق . مۇھەممەت ئاقچى ئۇنىڭ باشلىشى بىلەن بوش ئۆيلەرنى كۆرۈپ چىققۇچە بىزمۇ ھارۋىدىكى تۈگۈنچەك ، قوغۇن ، تاۋۇزلارنى چۈشۈرۈپ بولدۇق .

— ھاۋا يانغۇچە تۇرۇپلا يولغا چىقىمىز ، شۇنداقتىمۇ بىر كۈنلۈك ھەق تۆلەيمەن ، — دەپ خاتىرجەم قىلدى مۇھەممەت ئاقچى سارايۋەن ئايالنى ۋە بىزنى دەرۋازىغا يېقىن بىر ئۆيگە باشلاپ كىرىپ ، — تۈزۈكرەك ئۆي مۇشۇ ئىكەن ، — دېدى .

ئۆي ئازراق پاكار يېپىلغان ، تام ـ تورۇسلىرىنىڭ تىرناقچىلىك ئاق يېرى يوق — قاپقارا كۆيە بېسىپ كەتكەن ئۆي ئىدى . چەتلىرى

بۇزۇلۇپ كەتكەن پەس سۇپىغا قاپقارا بورا تاشلانغان بولۇپ، ئۈستىگە سېلىنغان كىگىزنىڭ يەردىن پەرقى يوق دېگۈدەك توپا ئىدى. ئۆينىڭ ئىشككە يېقىن تېمىغا چىقىرىلغان مورىنىڭمۇ يېرىمى ئۆرۈلگەن، ساق تە-رىپىنىڭ ئۈستىدە ئەسلى ھالىتى بىلەن رەڭگىنى كۆيە بىلەن قۇياق قاپلاپ، پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىگە كەلگەن قارا چىراغ تۇراتتى.

— ئوبدانىراق ئۆيى مۇشۇ بولسا ناچارراقى قانداقتۇ؟ — دېدىم زەيلەپ كەتكەن تام تۈۋىلىرىگە سەپسېلىۋېتىپ.

— بازار كۈنلىرى ئېشەك، كالا دېگەندەك ئۇلاغلارنى ئەكىرىپ باغلايدىغان ساراي - دە بۇ، — چۈشەندۈردى مۇھەممەت ئاقچى.

— نېمىلا دېگەن بىلەن بىزنىڭ گۇمبەزدىن ياخشى، — شا جۇمە سۇپىغا چىقىۋېتىپ شۇنداق دېدى.

نەرسە - كېرەكلىرىمىزنى ئەكىرىپ قويغاندىن كېيىن مۇھەممەت ئاقچى بىلەن چولپانخان يېزا بازىرىنى ئايلىنىپ قاراپ باقماقچى، سەپىرىمىزگە لايىق كېلىدىغان نەرسىلەر بولسا ئېلىپ ياناماقچى بولۇپ چىقىپ كېتىشتى. مەن شاجۇمەنىڭ يېنىدا قالدىم. بىردەم ئۆتكەندىن كېيىن مۇھەممەت ئاقچىنىڭ «دېمە» دەپ تاپىلىشىغا قارىماي، ئۇنىڭ بىر مۇنچە پۇللارنى يېتىم - يېسىرلار، يوقسۇللارغا تارقىتىپ بەرگىنىنى ۋە كېيىنكى تەسراتىنى سۆزلەپ بەردىم. شاجۇمە مەن كۈتكەندەك ھەيران بولۇپ كەتمىدى:

— مېنىڭ كامالەتكە يەتمىگەن ئەقلىمنىڭ باھالىشىچە، ئۇ ئا-شۇنداق قىلىدىغان ئادەم، مەن بۇنى باشتىلا سەزگەن، — دېدى ئۇ ئالاھىدە بىر مەسىلىنى چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىۋاتقاندەك ھالەت بىلەن، — بىر تىيىنسىز ئۈچ دىۋانىنى ھىمايىسىگە ئالغانلىقى، بۇنىڭ بەدىلىگە ھەتتا دۇئامۇ تەلەپ قىلمايدىغانلىقى بۇنىڭغا بىر ئىسپات. لېكىن، بىز ئۇنىڭغا تۇغ-قانمىدۇق ياكى ياخشىلىق قىلغانمىدۇق؟ — ئۇ سەل تۇرۇۋېلىپ يەنە قوشۇپ قويدى، — ئۇنىڭ تەسراتى ناھايىتى توغرا، ئۇنىڭدەك يۈز مىڭ، ئون مىڭ ئوغرىمۇ يەر يۈزىدىكى كەمبەغەللەرنى، يوقسۇللارنى باي



قىلىپ بولالمايدۇ. دىۋانىگە بەرگەن ھەربىر سەدىقە دىۋانىنىڭ بۇ كە-سەھكە بولغان ئىشتىياقىنى ئاشۇرىدۇكى، ئۇنىڭ نەپسىنى قاندۇرالمايدۇ... باي - كەمبەغەللىكنىڭ ئۆزى بىر سىر ئوغلۇم...

بىز داۋاملىق سۆھبەتلەشمىدۇق. ئۆيدە بۆرگە شۇنچىلىك كۆپ ئىدىكى، خېلىدىن بۇيان ئادەم قېنىنى كۆرمىگەن بۇ جانىۋارلار تەپ قارىماي ھۇجۇمغا ئۆتكىلى تۇردى. ئۇلار تاملاردىن، تورۇستىن سەكرەپ چۈشەتتى، كىگىزنىڭ يۇڭ ئاراشلىرى بۆرگە ئامبىرىدەك قىمىرلايتتى.

— بولمىدى، چىقىپ كېتەيلى، — دېدى شاجۇمە چىدىيالماي،

— بۇ يەرلەرگە كەلگەندە نېمىلا دېگەن بىلەن بىزنىڭ گۇمبىزىمىز ياخ-شىراق ئىكەن...

بىز ساراي ھويلىسىغا چىقتۇق. تېرەك، چىلە پۇراپ تۇرىدىغان ھويلىدا چىۋىنلەر غوڭگاپاق غوڭگۇلدىغاندەك ئاۋاز چىقىرىپ، توپ - توپ ئۇچۇپ يۈرۈشەتتى. ئۆيلەرنىڭ سايىسىدە ئولتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. نەدە سايە بولسا شۇ يەردە يا تېزەك، يا ئەخلەت بولۇپ، مىڭلارچە چىۋىن، چۈمۈلە، قوڭغۇزلارنىڭ ئارامگاھى ئىدى.

— سىرتقا چىقىپ كېتەيلى، — تەكلىپ بەردىم، — بىرەر تېرەكنىڭ سايىسى سارايىنىڭ ھەرقانداق يېرىدىن ياخشىدەك تۇرىدۇ...

بىز كوزا، قاچا، ئۆرۈق ساتىدىغان دۇكاننىڭ ئۇدۇلىدىكى ئېرىق بويىغا كېلىپ ئولتۇردۇق. ئېرىقتا سۇ يوق، قۇم بىلەن تىنىپ قالاي دېگەن، لېكىن ئىككى تەرىپىدىكى تېرەكلەرنىڭ سايىسى چۈشۈپ تۇرغاچ خېلى سالقىن ئىدى. شۇ يەردە شاجۇمە يەنە:

— مۇھەممەت ئاقچىغا نەسىھەت قىلىپ، قولىدا بار ۋەج بىلەن باشقا بىر مۇۋاپىق كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يولغا باشلاپ قويۇش كېرەك ئىدى، قانداق دەيلا؟ — دېدى.

— نەسىھىتىمىزنى ئاڭلامدىكىن؟ — ئويلىنىپ جاۋاب بەردىم، — يادىمدا قېلىشىچە، بىر چاغلاردا ئۇنىڭغا ئۆزۈمچە خېلى ئۇستازلىق قىلىپ باققان...

— سىلى بىلەن مەن گەپ قىلساق ئاڭلىمايدۇ، بۇنىسى راست، — دېدى شاجۇمە، — ئەمما، باشقا بىر ھەمراھىمىز گەپ قىلسا ئاڭلايدۇ!

«باشقا بىر ھەمراھىمىز» كىم بولدى؟

— چولپانخان؟ — ئەجەبلىنىپ سورىدىم.

— شۇنداق، چولپانخان! — شاجۇمە كۆزلىرىنى يېرىم يۇمدى.

چولپانخان گەپ قىلسا مۇھەممەت ئاقچى ماقۇل بولغۇدەك ئالاھىدە بىر مۇناسىۋەت شەكىللەنگەنلىكىنى تېخى تۇيمىغانىدىم. باياتىن ئىككىيلەننىڭ بازارغا بىللە چىقىپ كەتكىنى بۇنداق خۇلاسىگە ئاساس بولالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

— سىلە شۇنداقلىقىغا چوقۇم ئىشىنەملا؟ — سورىدىم.

— كامالەتكە يەتمىگەن ئەقلىم ماڭا شۇنداق بېشارەت بېرىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ ھالىتىنى بۇزماي.

— شۇنداق بولسا تېخى ياخشى ئىكەن. شۇنداق بولمىسا، بىز بۇنى ئىلگىرى سۈرگۈچىلەردىن بولايلى، — دېدىم خۇشال بولۇپ.

شاجۇمە گەپ قىلمىدى. بىر ھازادىن كېيىن ئۇ ئېغىز ئاچقاندا باشقا بىر مەزمۇندا سۆزلىدى:

— سىلىگە كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن ئوغلۇم. مېنى قەشقەرگە ئېلىپ كېتىۋاتىسىلا. سىلىنى يېنىمدا تۇتۇپ قالالمايدىغانلىقىم ئۈچۈن سىلى بىلەن بىرگە كېتەي دېدىم... سىلىنى يېنىمدا تۇتۇپ قېلىشنىڭ سەۋەبى، مېنى كۆمۈپ قويىسىلىكىن دېگەن، ھېلىمۇ ھەم يول ئۈستىدە ئۆلسەم ئادەم ئايىغى تەگمەيدىغانراق خىلۋەتكە، قەشقەرگە بېرىپ بولۇپ ئۆلسەم يۇسۇپ قادىرخان پادىشاھىمنىڭ ئايىغىغا شاۋ - شۇۋىسىز كۆمۈپ قويارلا...

— ئاغزىلىرىنى ئۇششۇتمىسىلە ئاتا، — دېدىم ئېسەنكىرەپ، — نېمىلەرنى سۆزلەپ يۈرىلا؟... سىلى ساقىيىپ تۇزىلىپ قاللىغۇ؟

— بۇ سىلىگە شۇنداق تۇيۇلىدۇ، — ئۇ جېنى ھەلقۇمغا كېلىپ قالغان كىشىلەرنىڭ تەلەپپۇزى بىلەن سۆزلەيتتى، ئۆلۈمۈمنىڭ يېقىنلىقىنى تۇيۇپ تۇرۇۋاتىمەن. خۇدادىن تىلىكىم شۇكى، سىلى خېنىملىرى بىلەن



ئۇچراشقان پەيتلەرنى كۆرۈپ جان تەسلىم قىلسام... بۇ دۇنيادا كىم ئۆز ئارزۇسىغا ئېرىشىپتىكەن؟ ئىلتىماسىمنى ئۇنتۇمىسىلا...

— سىلى ھەمىشە ھايات ھەققىدە ئۈمىد - ئارزۇ ۋە ئىشەنچ تولۇپ تاشقان پىكىرلەرنى قىلاتتىلە، — ئۇنىڭ يادىدىن «ئۆلۈم» نى چىقىرىپ باشلاشقا ئۇرۇندۇم، — سىلى ھېلىھەم ئۈمىدلىك بولۇشلىرى كېرەك!

شاجۇمە ماقۇللىمىدى، ئېتىرازمۇ بىلدۈرمىدى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇۋالغان بولسىمۇ چىرايىغا كۈلۈمسىرەش يېيىلغانىدى. ئەگەر ئۇ ئاشۇنداق كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرمىغىنىدا ئۇنى شۇ تاپتىلا ئۆلۈپ كېتىۋاتامدۇ نېمە، — دەپ ئويلىغان بولاتتىم.

— سىلى ئۇزاق ياشايلا، بۇنىڭغا ئىشىنىمەن، — دېدىم بوشلا.

— يېتەرلىك، يەتتى، شۇنچىلىك ياشىغىنىم كۇپايە، — دېدى ئۇ كۆزىنى ئېچىپ، خۇددى تاماق ياكى ئۇيقۇ ئۈستىدە سۆزلەۋاتقاندەك خاتىرجەم، بەخىرامان سۆزلەيتتى، — يەنە ياشىسام، يەنە شۇنداق ياشايمەن. ھەممىنى كۆردۈم، بىلدىم، ئاڭلىدىم. بۇنىڭدىن كېيىن كۆرىدىغىنىم، بىلىدىغىنىم، ئاڭلايدىغىنىممۇ چاغلىق! ئاز ياشىسىمۇ ساز ياشىغۇلۇق. مېنىڭ بولسا ئۆمرۈم ئۇزىراپ كەتتى تېخى...

يەنە تەسەللى سۆزلەرنى ئويلاۋاتاتتىم، خۇشال كۈلكە، قىزغىن پاراڭ بىلەن مۇھەممەت ئاقچى، چولپانخانلار يېتىپ كەلدى. چولپانخاننىڭ قولىدا بىر كومو بىلەن ئۈچ ئاق نان، مۇھەممەت ئاقچىنىڭ قولىدا قوغۇن بىلەن تاۋۇز تۇراتتى.

— سىلەر ئۆيدىن چىقىۋاپسىلەر، ھەقىچان بۇرگە بىلەن چىۋىن ئارام ئالدۇرمىدى بولغاي، — دېدى مۇھەممەت ئاقچى.

ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلىدىم. ئۇلار يېزا بازىرىنىڭ كىچىك، چۈپچىل ئىكەنلىكى، ئاشپۇزۇلدىكى لەگمەن ئۇنىڭ ناچارلىقى، سېيىنىڭ گۆشسىزلىكى، پولۇسىغا ياغنى ئاز قۇيىدىغانلىقى، سامسىسى كالا گۆشىدە تۈگۈلگەن بولسىمۇ پىيىزىنىڭ جىقلىقى ھەققىدە نۆۋەتلىشىپ سۆزلەشتى. بىز قېتىق بىلەن نان ئۈستىگە قوغۇن، تاۋۇز پىچىپ يەپ قورساقنى تويغۇزدۇق. بۇرگە بىلەن چىۋىننىڭ كۆپلۈكىدىن ۋايساپ،

مۇشۇ ئېرىق بويىدىلا ئارام ئېلىشنى ئېيتتۇق. مۇھەممەت ئاقچى بىلەن چولپانخان تۈگۈنچەكلەرنى ئوغرىغا ئالدۇرماسلىق ئۈچۈن نۆۋەت بىلەن ھېزى بولىدىغان بولۇشتى. ئاۋۋال شاجۇمە، ئاندىن مەن سىڭايان يېتىپلا ئۇيقۇغا كەتتۇق.

ئۇخلاپ ئويغانغان چېغىمىزدا كۈن قايرىلىپ، ۋاقىت ئەسىردىن ئۆتكەنىدى. ھارۋىكەش ھارۋىسىنى سارايدىن ئاچىقىپ تەييار بولغان، تۈگۈنچەكلەرمۇ ھارۋىغا ئېلىنغان بولۇپ، باشقىلار شاجۇمە بىلەن ئىككىمىزنى ساقلاپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. بىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ يەنە قېتىق بىلەن نان يېدۇق-دە، ھارۋىغا چىقتۇق. ئىسسىق دەستىدىن جىمىپ كەتكەن يېزا بىزنى جىمجىت ئۇزىتىپ قويدى.

يولمۇ ئىسسىق ۋە دىمىق ئىدى. ئازراقمۇ شامال يوق. ھارۋا چاقلىرىنىڭ ئاستىدىن چىققان توپا-چاڭ توپتوغرا ئۈستىمىزگە چۈشەتتى، بۇرۇتلارغا چاپلىشىپ قىچىشتۇراتتى، چىش ئارىلىقلىرىدا غىچىرلايتتى. شوتىدىكى ئاتنى چىۋىن بىلەن كۆكۈيۈن تالىمىسا ئۇمۇ ئۆز جايىدىن مىدىرلىمايدىغاندەك ئاستا، ئېرىنچەكلىك بىلەن قەدەم تاشلايتتى.

— بەكمۇ كۆڭۈلسىز ئولتۇرۇپ كەتتۇق، — دېدى شاجۇمە بىر چاغدا، — ھاۋانىڭ يانىدىغان تەلەتى يوق. كۈن قايرىلسىمۇ دىمىق جاننى قىيناپ كەتتى، — ئۇ ئېغىزمىنىدىكى تەكيىنى بېلىگىرەك چۈشۈرۈپ كۆتۈرۈلۈپ ئولتۇردى، — گۆر ئازابى بىلەن تەڭلەشتۈرۈلگەن يول ئازابىنى ئۇنتۇيلىچۇ...

ئۇنىڭ بىزگە بىر نەرسە سۆزلەپ بەرمەكچى ئىكەنلىكىنى سەزدۇق ۋە ھەممەيلەن كۆتۈرۈلۈپرەك ئولتۇرۇپ شاجۇمەگە تىكىلدۇق. لېكىن، ئۇ ئەمدى گېلىنى قىرىپ تەييار بولغاندا ئۇدۇلىمىزدىن ئىككى ئاتلىق چېپىپ كەلدى. ئاتلارنىڭ تەرلەپ، ئۈستىدىكى يىگىتلەرنىڭ ھاسىراشلىرىغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ خېلى يىراقتىن ئالدىراپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. ئۇلار ھارۋىنى توستى. ئالدىدىراق تۇرغىنى ۋەھىمىلىك ئاۋازدا:

— توپۇقخان تۆرەم كېلىۋاتىدۇ، ئۆتۈپ كەتكۈچە يولنىڭ چېتىگە



چىقىپ كۆرۈنمەي تۇرۇڭلار! — دەپ بۇيرۇدى.

ئىككىنچىسى ئات ئۈستىدە تۇرۇپلا ھارۋىنىڭ ئېتىنىڭ بوجىسىدىن تۇتۇپ تارتىپ، يولنىڭ چېتىگە باشلاپ ماڭدى. ئىككى يۈز قەدەمچە يولدىن چەتلەپ، قېلىن جىگدىزارلىق ياقىسىغا كەلگەندە بوجىنى قويۇۋېتىپ، تەھدىتلىك ئاۋازدا:

— توپۇقخان تۆرەم ئۆتۈپ كەتمىگۈچە يولغا چىقساڭلار قالغىنىنى ئۆزۈڭلار بىلىڭلار، — دېدى ۋە ھەمراھى تۇرغان تەرەپكە چېپىپ كەتتى.

مەن بۇ ھەيۋەتلىك توپۇقخان تۆرەمنىڭ كىملىكىنى سوراي دەپ تەمشىلىۋىدىم، شاجۇمە ھارۋا شادىسىدىن سىرتقا بىرنى تۈكۈرۈپ تىللاپ كەتتى:

— بىر تىرىكتاپ، ئىككى پۇتلۇق چايان، ئادەملەرنىڭ ئەسكىسى ئۈچۈن يول بىكار قىلىش كېرەك بولۇۋاتىدۇ. نېمە، ئۇنىڭ سالەكلىرى ئۇدۇللاپلا ماڭماي، ھارۋىنى سەل ئەگىپ ماڭسا بولمامدىكەن؟ شۇڭا ئۇنىڭ ئىسمى توپۇق-دە! توپۇق دېگەن ساق تېرىگە چىقمايدۇ، چىققانىكەن، دېمەك ئۇ مەلئۇننىڭ قېنى بۇزۇلغان... توپۇقخان تۆرەم دېگىنى ئۆتۈپ كەتكەن مۇتتەھەم، ياۋۇز ئىشان، ئېشەك گۆشىنى بىكارغا بەرسە ئىككىلەنمەي ھالال دەپ گۆشىنى تۇزلىۋېلىشتىن يانمايدىغان ئاچكۆز مۇناپىق، ئىسلامىيەتنىڭ يۈزىگە چىققان سۇلۇق توپۇق...

شاجۇمە باشلاپ بەرگەندىن كېيىن باشقىلىرىمىزمۇ توپۇقخان تۆرەم دېيىلگەن كىشىنى ئۈنىمىزنى قويۇپ بېرىپ تىللىغىلى تۇردۇق. ھەتتا، ھارۋىكەشمۇ ئۇنىڭ چاپارمەنلىرى ھارۋىنى چىۋىن، كۆكۈيۈنلەر تازا كۆپ يىغىلىدىغان دىمىق يەرگە ئەكىلىپ قويغىنى ئۈچۈن، ئىشانغا ئۇنىڭ سوپىلىرىنى قوشۇپ تىللاشقا باشلىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي چوڭ يولنى تۇتاش ئىگىلەپ كېلىۋاتقان بىر توپ ئالامان پەيدا بولدى. بىزگە پەقەت «ياھۇ، يامەنھۇ» دېگەن كوللېكتىپ خور ئاۋازى ئاڭلىناتتى. يەكتەكلىرىنىڭ يېڭىنى ساپماي، يالىڭاچ مەيدىسىگە مۇشتلاپ جار سېلىپ كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا

بېشىدىن ـ ئايىغىغىچە كېپەن كىيگەن ئېگىز بويلۇق بىرى سالماق قەدەم بىلەن ماڭاتتى. توپۇقخان تۆرەم دېگىنى ئاشۇ تىرىك تۇرۇپ كېپەنلىنىۋالغان يالماۋۇز بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلدىم. ئۇنىڭ چىراي شەكلىنى بولسا كۆرگىلى بولمايتتى.

— ئۇ كىشىلەر ئۆزىنىڭ بەتبەشىرىسىنى كۆرۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئاشۇنداق كېپەن كىيىۋالىدۇ، — دېدى شاجۇمە هارۋا چوڭ يول تەرەپكە بۇرۇلغاندىن كېيىن، — خۇداغا مىڭ شۈكرى، خۇدا ئۇنىڭ دىدارىنى بەندىلىرىم كۆرۈپ گۇناھكار بولمىسۇن دەپ، ئۇنىڭغا ئاشۇ كويىنى سالغان...

چوڭ يولغا چىققاندىن كېيىن هارۋا بىرخىل ئىلداملىقتا مېڭىپ كەتتى. ئېشانىڭ سوپىلىرى توزۇتقان چاڭ ـ توپا بېسىققان يەرگە كەلگەندە مۇھەممەت ئاقچى:

— باياتىن بىزگە بىرەر هېكمەت سۆزلەپ بەرمەكچىدەك قىلغانتىڭلە، — دېدى.

— هېكمەت ئەمەس، ياشلارغا تەئەللۇق بىر ۋەقە ئىدى، — دېدى شاجۇمە ۋە جىددىي قىلىپ قوشۇپ قويدى، — ئالدىن ئەسكەرتىپ قوياي، خۇلاسىسى كىشىنى ئانچە خۇش قىلالمايدۇ.

— مەيلى، ئاڭلايلى، — دېيىشتۇق باشقىلىرىمىز ئالدى ـ كەينى بولۇپ.

## شاجۇمەنىڭ هېكايىسى:

### گۆهەر

بۇ ۋەقە بومبايدا بولۇپ ئۆتكەن.

بىز ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلار هىندىستاندا ئىنگلىزلارنىڭ مۇستەملىكە زۇلمىغا قارشى بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىپ تۇرىدىغان، لېكىن زادىلا بېسىقىغا چۈشمەيدىغان خەلق هەرىكىتى سەل يوشۇرۇن تۈس ئالغان



چاغلار ئىدى. يوشۇرۇن هەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار بىزنىڭ مەكتەپتىمۇ بار بولۇپ، ساۋاقدىشىم مۇھەممەتئىمىن ئاشۇلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ مەن بىلىدىغان ئاساسلىق پائالىيەتلىرىدىن بىرى، ئىنگلىزلارنى هىندىستاندىن قوغلاپ چىقىرىش چاقىرىقى قىلىنغان تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى يوشۇرۇن تارقىتىش ئىدى. بۇ ۋەرەقىلەر هەرخىل تىل ۋە تۈرلۈك يېزىقلاردا بېسىلىپ تارقىتىلاتتى. مەن مۇھەممەتئىمىندىن ئېلىپ ئوقۇيدىغىنىم ئوردۇ تىلىدا يېزىلغىنى ئىدى.

مۇھەممەتئىمىن ئەسلى قەشقەرلىك يىپەك سودىگىرىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئون ئۈچ يېشىدا دادىسىغا ئەگىشىپ بومبايغا كەلگەن، دادىسى نېمە سەۋەبتىندۇر يۇرتىغا كېتەلمىگەنلىكتىن، ئۇمۇ بومبايدا قالغان ۋە شۇ يەردە ئۆسۈپ چوڭ بولغانىكەن. بۇلارنى ئۇ بىز تونۇشۇپ ئۈچ ـ تۆت ئايدىن كېيىن ئېيتىپ بەرگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىز بىر شەهەرلىك بولمىساقمۇ، ۋەتەنداشلىقىمىز سەۋەبىدىن ئىجىل ـ ئىناق ئۆتەتتۇق. تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى كۆپ چاغلاردا مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغاندا ئوقۇيتتىم.

ئۇنىڭ ئۆيى شەهەر مەركىزىدىكى كۆز دوختۇرى بولغان بىر ئىنگلىزنىڭ داڭلىق ئامبۇلاتورىيىسىنىڭ يېنىدىلا ئىدى. ئۇ ئىنگلىزلارغا ئۆچ، ئۇلارنى هىندىستاندىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن هەرىكەت قىلاتتى. ئەمما، كۆز دوختۇرى ئىنگلىز مۇھەممەتئىمىندەك يوشۇرۇن هەرىكەتچىلەرنىڭ ئۇچرىشىشى، تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى يوشۇرۇشى ئۈچۈن ئامبۇلاتورىيىسىنى ئۆتنۈپ بېرەتتى. بۇ لىتىلىكنى مۇھەممەتئىمىندىن سورىغىنىمدا، ئۇ كۈلۈپ قويۇپ:

— هېچقانداق غەلىتىلىك يوق. بىز ئىسمى ئىنگلىز بولغانلارنىڭ هەممىسىگە ئەمەس، هىندىستان خەلقىنى بوزەك قىلىۋاتقان ئىنگلىزلارغا قارشى. دوختۇر بىزنىڭ هەرىكىتىمىزنى قوللايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئەمگەكچى ئىنگلىز، دېگەنىدى.

ئۆزى هىندىستانلىق ئەمەس تۇرۇپ، نېمە سەۋەبتىن هىندىستانلىقلار بىلەن بىللە ئىنگلىزلارغا قارشى تۇرۇشقا بەل باغلىغانلى-

قىنى سورىغىنىمدا ئۇ قىسقا، ئاددىي قىلىپ:
— نەدە زۇلۇم بولسا مەن شۇنىڭغا قارشى، — دەپلا جاۋاب بەرگەنىدى، — يەر يۈزىدىن زۇلۇم ۋە ئېزىلىشنى يوقاتماقچى بولغان كىشىگە ھەممىلا جاي ئوخشاش ۋەتەن!
ئۇنىڭ ئۆيىگە پات - پات بېرىپ تۇراتتىم. مۇھەممەتئىمىن ئۆزىنىڭ مېھماندوستلۇقى، خۇش مۇئامىلىلىكى بىلەن مېنى تەسىرلەندۈرەتتى. بەزىدە مەن ئۇنىڭ ئۆيىدە ھىندىلار، بېنگاللار، سىكلەر بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالاتتىم. مۇھەممەتئىمىن بەزى چاغلاردا مېنى ئۇلارغا، ئۇلارنى ماڭا تونۇشتۇراتتى، بەزىدە تونۇشتۇرمايتتى. تونۇشتۇرۇلمىغانلارنىڭ «ئىنگلىزلارنى قوغلىغۇچىلار» ئىكەنلىكىگە گۇمان قىلمايتتىم ۋە سۈرۈشتۈرمەيتتىم. دىنىي ئېتىقادتا قانداق كېلىشەلەيدىغىنىنى سورىغىنىمدا ئۇ:
— خۇدالىرىمىز ھەرخىل بولغىنى بىلەن دۈشمىنىمىز بىرلا — مۇستەملىكىچى ئىنگلىزلار، — دەيتتى.
مۇستەملىكىچى دائىرىلەر پات - پات ئەنە شۇنداق «ئىنگلىزلارنى قوغلىغۇچىلار» نى ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەت ئىدارىلىرىگە ھۇجۇم قىلغىنى، قانداقتۇر ئورۇنلارغا ئوت قويغىنى ياكى پارتلاتقىنى، ساقچىلارغا ياكى ئەسكەرلەرگە ئىغۋاگەرچىلىك قىلغىنى، ئۆلتۈرگىنى، قوراللىرىنى بۇلاپ كەتكىنى... ۋە باشقا ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن ئوچۇق مەيداندا ھەممىنىڭ كۆزىچە دارغا ئېسىپ، ئېغىر جازا ھۆكۈم قىلىپ، قىساس ئېلىپ تۇراتتى. مۇشۇنداق ئىشلار ھەققىدە گەپ - سۆز بولۇپ قالسا مۇھەممەتئىمىن:
— قۇل بولۇپ ياشاشتىن دارغا ئېسىلىپ كەتكەنمۇ ياخشى. ئۇلار بىرنى دارغا ئاسسا ئېزىلگەنلەردىن يۈزى، مىڭى ئورنىدىن تۇرىدۇ، — دەيتتى.
بىر - ئىككى يىل قويۇق ئارىلىشىپ ئۆتتۇق. ئۇنىڭ ھېلىقىدەك يوشۇرۇن ھەرىكىتىدىن يەنە بىرنى بايقاپ قالدىم. مۇھەممەتئىمىن خۇپىيانە ھالدا شېئىرلار يازاتتى. ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرى مۇھەببەت ھەققىدە بولۇپ، مىسرالىرىنىڭ ھەر بىرىنى يالقۇنلاپ تۇرغان گۈلخانغا



ـەگىلەشتۈرۈش مۇمكىن ئىدى، ھەرسۆزىدىن قىزىق چوغنىڭ ھارارىتى بىلىنەتتى.
— بۇ نېمە بولغىنى بۇرادەر؟ — سوراشقا جۈرئەت قىلدىم بىر كۈلى، — مەكتەپتە ئوقۇش بىر كەسىپ، ئىنگلىزلار بىلەن ھەپىلىشىش يەنە بىر كەسىپ، مۇنۇسى ئۈچىنچى كەسىپقۇ؟
— ھەممە كەسىپ ئۆز يولى بىلەن يۈرىشىۋېرىدۇ، بىر - بىرىگە توسقۇنلۇق قىلمايدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ كۈلۈپ قويۇپ، — خۇدا ئۆزى ئۈچ كەسىپنىڭ ئىشقىنى تەڭ سالغان تۇرسا قايسى بىرىدىن كېچىش مېنىڭ ھەددىمۇ؟
— ئىشقىڭىنى بەرگەن ئۇ گۈزەل مۇشۇ شەھەردىنمۇ؟ ئۇمۇ ھىندىستانلىقمۇ ياكى باشقا بىر مىللەتتىنمۇ؟ — سورىدىم قىزىقسىنىپ.
— قىز بىلەن مەن بىر مىللەت ۋە ۋەتەنداش، — قىزىق ھاياجان ئىچىدە سۆزلەپ بەردى ئۇ، — ئۇ ھامىمىسى بىلەن بىزنىڭ قورۇدا ئولتۇراقلىق سەككىز ئاي بولدى. ھامىمىسىنىڭ كۆزىنى دوختۇر ئىنگلىز داۋالاۋاتىدۇ. ئۇلار بىزگە ۋەتەنداش بولغانلىقتىن، دادام مۇساپىرچىلىق يارىتىپ قالمىسۇن دەپ بىزنىڭ ھويلىدا تۇرۇشقا تەكلىپ قىلغانىدى...
ۋەتەنداش قىزلىرىمىزنىڭ بۇ قەدەر بەرنا، گۈزەل بولىدىغانلىقىنى پەقەت خىيال قىلماپتىكەنمەن... بىر - ئىككى ئايغىچە چىرايلىق - ئۆز بولىدىكەن، دەپلا يۈردۈم. كېيىنكى بىر - ئىككى ئايدىن بېرى قارىسام ئۇيقۇمۇ يوق، كۆڭلۈمنىڭ ئارامىمۇ يوق، ئوڭۇمدىمۇ شۇ، چۈشۈمدىمۇ شۇ...
— مەن ھويلاڭغا ھەپتىدە بىر كېلىپ تۇرىمەن، ئەجەب مەن كۆرمەپتىمىنا؟ — دېدىم ھەيران بولۇپ.
— ئادەتتە ھويلىدا يۈرىدىغان... سەندىن قاچقان بولۇشى مۇمكىن، مەنمۇ ئۇلار توغرۇلۇق بالدۇرراق ئېيتىپ بەرمەپتىمەن.
— ئۇ قىزنىڭ ھامىمىسى ساقايسا قايتىپ كېتەمدۇ ياكى تۇرىۋېرەمدۇ؟
— بىلمىدىم. قايتسا كېرەك، — ئۇ قىينالغاندەك پېشانىسىنى تاتىلىدى، — بۇنى دادامدىن سورىيالمايمەن، ئۆزىدىن سوراش تېخى بى-

ئەپ . . .

ئويلىنىپ قالدىم . مېنىڭ بېشىمدىمۇ ئاشۇنداق بىر مۇھەببەت ۋەسۋەسىسى بار ئىدى . مەنمۇ بىر يىلدىن بېرى كەشمىرلىك بىر ئايالنى ياخشى كۆرۈپ يۈرگەن ، ئەمما ، بۇ سىرىمنى ھېچكىمگە ئېيتمىغانىدىم . ئىنگلىز مۇستەملىكە دائىرىلىرىگە ھۇجۇم قىلالايدىغان ، ھۆكۈمەت ئىدارىلىرىگە بومبا ئاتالايدىغان ، مەكتەپ ، كوچا ، رەستىلەرگە تەشۋىق ۋەرەقىسى چاپلىيالايدىغان دوستۇمنىڭ بىر قىز ئالدىدا يۈرەكزادە بولۇپ ، ئىككى ئېغىز گەپنى ئەپلەپ قىلالماسلىقى ، ئۇنىڭ بۇ مۇھەببەتتىن نېمىگە ئېرىشەلەيدىغىنىنى گۇمان ئاستىغا قوياتتى . ئۇ ھىندىچە ، ئوردۇچە يازغان تەشۋىق ۋەرەقىلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنى قانداق ھاياجانغا سالسا ، ئۇيغۇرچە يازغان ئىشقىي شېئىرلىرى ئارقىلىق ھېلىقى گۈزەل ۋەتەنداش قىزنىمۇ ساراسىمىگە سالالىشى مۇمكىن ئىدى . ئەمما ، نېمە ئۈچۈن ئۇ بۇ ئىشتا جۈرئەتسىزلىك قىلىدىكىن ؟

بارا ـ بارا مۇھەممەتئىمىندە جىمغۇرلۇق ھالەت كۆچىيىپ بېرىۋاتقىنىنى سەزدىم . ئۇنىڭدىكى قىزغىنلىق سۇسلىشىپ بارماقتا ئىدى . بۇنى مۇھەببەت كەلتۈرۈپ بېرىۋاتقان سەۋدالىق دەپ چۈشەندىم . ئۇن كۈنلەرچە ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن بىۋاستە سورىدىم :

ــ قىينىلىۋاتسەنغۇ ـ ھە ، مۇھەممەتئىمىن ؟

ــ شۇنداق دوستۇم ، ــ دېدى ئۇ ، ــ ماڭا بەك قىيىن بولۇۋاتىدۇ . مەن يا ئۆز ھويلامغا بارمىسام ، يا ئۇ قىز باشقا يەرگە كۆچۈپ كەتسە بولىدىغاندەك تۇرىدۇ .

ــ ئۇنىڭدا قانداق بولىدۇ ؟ سەن پۈتۈنلەي سەۋدايىغا ئايلىنىپ قېلىشىڭ مۇمكىنغۇ ؟ كۆرگۈڭ كېلىپ كەتسە قانداق قىلىسەن ؟

ــ ئوتنىڭ تېشىدا كۆيگۈچە ئىچىدە كۆيەيمىكىن دەيمەن . دىدارىنى كۆرۈپ دەرد تارتقۇچە ، كۆرمەيلا بىرلىگۈچە ئازابلانمايمۇ ؟

ــ ئوتنىڭ ئىچىدە كۆيۈش ئۇنداق بولمايدۇ ، ــ دېدىم ئۇنىڭ سۆزلىرىگە كۈلگۈم كېلىپ ، ــ سەن ئىشقىڭنى مەخپىي ساقلاپ ئازاب تارتقۇچە ، ئۇنىڭغا مۇھەببىتىڭنى ئېنىق بىلدۈر . قوشۇلسا ئارمىنىڭغا يەت-



تىڭ ، رەت قىلسا ئۇنى كۆرمەمسەن ؟

ــ ئۇنى ئەللىك قەدەم نېرىدىن كۆرسەملا تىلىم تۇتۇلۇپ قالىدۇ . ئۆزۈمنى يوقىتىپ ، دالدا يەرگە قېچىشقا ئالدىرايمەن . . .

بىردەم ئويلىنىپ ئۆز پىكرىمنى ئېيتتىم :

ــ مەن ياردەم قىلاي ، خەت يازغىن ، ئۆز قولىغا تاپشۇرۇپ بېرەمەن .

ئۇ بۇ چارىدىن رازى بولدى . خۇشلۇقىدىن سەكرەپ ـ سەكرەپ ئۆي ئىچىنى بىر نەچچە ئايلاندى . كېيىن ئۆزىنىڭمۇ مۇشۇنداق پىكىرگە كەلگەنلىكىنى ، ماڭا بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىشقا ئوڭايسىزلانغىنىنى ئېيتىپ ، ماڭا رەھمەت دېدى .

ئىككىمىز بۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتى ئۈستىدە پىلان تۈزدۇق . مەن مۇھەممەتئىمىننىڭ دادىسى ئابدۇرۇسۇل ئاخۇننى ئىزدەپ كەلگەنلىكىمنى باھانە قىلىپ ، ئابدۇرۇسۇل ئاخۇن يوق ۋاقىتتا تۇيۇقسىز ئۇلارنىڭ مېھمانخانىسىغا كىرىدىغان ، ئىزدەيغان ئادىمىم بولمىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ، كەچۈرۈم سوراپ كەينىمگە يانىدىغان ، شۇ پەيتتە قىزغا مۇھەممەتئىمىننىڭ خېتىنى بېرىدىغان بولدۇم . قىزنىڭ خەت ساۋاتى توغرۇلۇق سورىغان سوئالىمغا مۇھەممەتئىمىن قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بەردى . قىز بىكارلا بولسا ھويلىدىن ئۇلارغا ئايرىپ بەرگەن ئۆينىڭ پېشايۋىنى ئاستىدىكى سۇپىدا ئولتۇرۇپ قېلىن ـ قېلىن كىتابلارنى ئوقۇيدىكەن . مۇھەممەتئىمىن جۈرئەتسىزلىكىدىن قىزغا يېقىنلىشىپ ، قانداق كىتابلارنى ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئېنىقلىيالماپتۇ .

مەسلىھەتىمىز پىشقىنى بىلەن بىر ھەپتىدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى ، مۇھەممەتئىمىن خېتىنى يېزىپ بولالمىدى . بىر يازغىلى تۇرسا بەش ـ ئون بەت يېزىۋېتەتتى ، كېيىن ئۆزىچە « ئەپلەشمەپتۇ » دەپ يىرتىۋېتەتتى . بەزىدە كۈنلەپ ئولتۇرۇپ بىرەر بەت يازاتتى . بۇنىمۇ « بەك ئاددىي بولۇپ قاپتۇ » دەپ يىرتىۋېتەتتى .

ــ شېئىرلىرىڭنى بەرگىن ، ــ دېدىم ئۇنىڭ خەت يېزىپ بىر باشقا چىقالمايدىغانلىقىغا كۆزۈم يېتىپ ، ــ مەن شېئىرلارنى تۇتقۇزاي ،

ئۇ شېئىرلاردىن بىر مەنە ئۇقۇۋالدۇ .
مۇھەممەتئىمىنگە بۇ تەكلىپىمۇ يېقىپ كەتتى . ئۇ باللارچە كۈلكە
بىلەن مەمنۇنلۇقنى ئىزھار قىلدى . بىرمۇنچە شېئىرلىرى ئارىسىدىن ئالتە ـ
يەتتە غەزەل ۋە مۇخەممەسنى ئايرىپ ، ئىككى كۈن ئولتۇرۇپ ئىنشا بىلەن
كۆچۈرۈپ چىقتى . ئۆزى بىر ئوقۇپ بېقىپ ، يەنە بىريەرلىرى بىر قانداق
تۇرىدۇ دېگىلى تۇرغاندا ئۇنى تارتىۋالدىم .
— ھېچنېمىسى ھېچقانداق تۇرمايدۇ . ئۇنىڭغا مۇھەببىتىڭنى ئۇق-
تۇرساڭلا بولمىدىمۇ ؟ — دېدىم .
ئابدۇرۇسۇل ئاخۇن ئۆيدە بولمايدىغان ، قىزنىڭ ھاممىسىمۇ
نۆۋەتتىكى داۋالىنىشنى دەپ ئامبۇلاتورىيىگە چىقىپ كېتىپ ، ئۇنىڭ ئۆزى
يالغۇز قالىدىغان پۇرسەتنى كۈتۈپ ، ئۈچ كۈننى ناھايىتى تەستە
توشقۇزدۇق . مۇشۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە مىسىردىكى ئەزھەر دارىلفۇنۇنىنىڭ
ئاتاقلىق ئىككى ئۆلىماسى تەكلىپ بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتى ھەققىدە
لېكسىيە سۆزلىدى . بۇنى چوقۇم ئاڭلاش كېرەك بولسىمۇ ، مۇھەممەتئىمىن
بىلەن ئىككىمىز قىزنىڭ يالغۇز قېلىشىنى مارىلاپ ، شو ھويلا ئەتراپىدا
يۈردۇق . توغرا ، مۇشۇ ئىككى كۈن ئىچىدە قىز ئىككى قېتىم يالغۇز
قالدى . بىراق ، يالغۇز قالغىنى بىلەن ، ئۇ ئىشىكى يېپىق ئۆي ئىچىدىن
چىقمىدى . بۇنداق شارائىتتا مەن ئۇ ئۆيگە « ئادىشىپ » كىرىپ
قالالمايتتىم . « ئاداشقان » ئادەممۇ باشقا ئىشىككە ئەمەس ، ئۇنىڭ ئىشى-
كىگە كېلىپ ، ئاۋۋال كىرىشكە رۇخسەت سوراش كېرەك ـ دە ؟
قىسقىسى ، ئەپسىز بولدى .
تۆتىنچى كۈنى ئەپلىك شارائىت يۈزلەندى . بۇنى ھويلا دەرۋاز-
سىدىن ھودۇقۇپ چىقىپ كەلگەن مۇھەممەتئىمىنىنىڭ چىرايىدىنلا
بىلىۋالغىلى بولاتتى . ئۇ ئۇدۇللاپ مەن ساقلاپ ئولتۇرغان يولنىڭ بېرىقى
چېتىدىكى سائەت دۇكىنىغا كىرىپ كەلدى . سائەت دۇكىنى يەرلەشكەن
بىر ئەرەبنىڭ بولۇپ ، بۇ ئەرەبمۇ « ئىنگلىزلارنى قوغلىغۇچىلار » سېپىدە
ئىدى . مۇھەممەتئىمىن دۇكانغا كىرىپ بولغۇچە ئۆزۈملا ئالدىغا چىقتىم .
— ئۇ يالغۇز . . . ، — دېدى ئۇ ھاسىراپ ۋە كارىدوردىن كەينىگە



يېنىپ سىرتقا چىقىۋاتقۇچە قوشۇپ قويدى ، — پېشايۋان ئاستىدا كەشتە
تىكىپ ئولتۇرىدۇ . . .
ئۇنى خاتىرجەم قىلىشقا تىرىشىپ كۈلۈپ قويدۇم . لېكىن ، ھويلا
دەرۋازىسىدىن كىرىپلا پۇت ـ قولۇمدا جان قالمىغىلى تۇردى . باشتا ئاسان
كۆرۈنگەن بۇ ئىش ئەمدى غايەت مۈشكۈل سېزىلمەكتە ئىدى . ئىچكىرىگە
قەدەم ئالغانسېرى يۈرىكىم قۇلاق ئاڭلىغۇدەك سوقاتتى . ئىچكىرى ھويلىغا
ئاپىرىدىغان تۈپتۈز ئاسفالت يول ماڭا ئاختارمىلىقتەك سېزىلىپ ھەدەپ
پۇتلىشاتتىم . . .
ئىچكىرى ھويلىغىمۇ كىردىم . ئادەمسىز قۇرۇق ھويلىنىڭ
ئوتتۇرىسىدىكى گۈل تېرىلغان يۇملاق دائىرىدىن ئايلىنىپ ئۆتتۈم . سول
تەرەپكە بۇرۇلۇپ ، قىز ۋە ئۇنىڭ ھاممىسى ئۇچۇن ئاجرىتىلغان
كىچىكرەك ھويلىچاققا ئاياغ باستىم ـ دە ، پېشايۋان ئاستىدىكى سۇپىغا
سېلىنغان گىلەم ئۈستىدە ئولتۇرۇپ كەشتە تىكىۋاتقان قىزنى كۆردۈم .
قىز مەن تەرەپكە ئوڭ يېنىنى قىلىپ ئولتۇراتتى . ئۈستىگە ئاق ، نېپىز ،
مەن ئىسمىنى بىلمەيدىغان بىر خىل رەختتە ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەن ،
بوينىغا كافىرون يېشىل ياغلىق ئارتىۋالغان ، پۇتىغا ئۆي ئىچىدە كىيىدى-
غان چەمى يۇمشاق پۇپۇش كىيىۋالغانىدى . شۇ تاپتا قولى ئىشتا بولسىمۇ ،
كۆزلىرى ، كۆزىتىشىمچە سۇپىنىڭ پەس تەرىپىگە بىر مېتىرچە ئارىلىق
قالدۇرۇلۇپ تېرىلغان گۈللۈكتە ئىدى .
شۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ماڭا يېنىنى قىلىپ ئولتۇرغان بولسىمۇ ،
قىزنىڭ جامالىنى كۆزەتتىم . ئۇنىڭ چىرايى ئاق سېرىق ، چېچى ئىككى
ئۆرۈم ئۆرۈلگەن ، سارغۇچ چاچلار ، ئاق سېرىق بەدەن ۋە
ئاق ئۇزۇن كۆڭلەك قوشۇلۇپ ، ئۇ كىشىگە گىپستىن ئىشلەنگەن
ھەيكەلنى ئەسلىتەتتى . مۇشۇ ھەممە ئاقلىقىغا بوينىغا چۆشۈرۈپ ئارتىۋال-
غان يېشىل باش ياغلىقى ئاجايىپ ھۆسن قوشقانىدى .
نېمە قىلىشىمنى بىلمەي خېلى ۋاقىت تۇرۇپ قالدىم . قىز مېنى
تېخىچە كۆرمىگەنلىكتىن ، ئۇنىڭغا باشلاپ سالام قىلسام چۆچۈپ كېتىشى-
دىن ، يامىنىغا تارتسا « نامەھرەم » دىن قېچىپ ئۆيگە كىرىۋېلىشىدىنمۇ

ئەنسىرەيتتىم . ئەمما ، تۇرۇۋەرگىلىمۇ بولمايتتى . ئابدۇرۇسۇل ئاخۇن دۇكىنىدىن قايتىپ كىرىشى ياكى قىزنىڭ ھاممىسى ئامبۇلاتورىيىدىن يېنىپ كىرىشى مۇمكىن ئىدى .

ئاخىر جۈرئەتىمگە ئالدىم ـ دە ، شۇ تاپتىلا تالادىن كىرگەن كىشىلەردەك پەسكە ئېڭىشىپ ، ناھاللىق بەتىنكەمنى يەرگە ئاۋاز چىقىرىپ سۈركەپ قويدۇم . شۇنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلدى . قىز چۆچۈپ مەن تەرەپكە قاراپلا ئورنىدىن لىككىدە تۇردى ، ئۇ قېچىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ ، ئۆزىنى كۆرۈپ بولغىنىمنى ، « نامەھرەم » نىڭ كۆزى ئۆزىگە ئاللىبۇرۇن چۈشۈپ بولغىنىنى تۇيۇپ ، كەچ قالغىنىنى چۈشەندى . ئالدىراپ ـ سالدىراپ بويىندىكى باش ياغلىقىنى تۈزەپ ، شۇنىڭ بىلەن يۈزىنى ياپقانمۇ بولدى . ئەمما ، بۇ باش ياغلىقى ئۇنىڭ ئاق سېرىق چىرايىغا بىر خىل قىزغۇچ رەڭ بېرىپ ، ئۇنى تېخىمۇ چىرايلىقلاشتۇرۇۋەتكەنىدى . بۇلارنى ، تەبىئىيكى قىز ئۆزى بايقىمايتتى .

— بۇ يەردىكى كىشىلەر زەپمۇ ئەدەپسىز بولىدىكەن ، رۇخسەت سوراپ كىرىشنىمۇ بىلمەيدۇ ، — دېدى ئۇ ئۆزىچە ئۇيغۇر شىۋىسىدە غودۇڭشىپ . كېيىن كىچىككىنە سەللەمگە ، تونۇمغا ۋە تۇرقۇمغا بىر قارىۋېلىپ مۇسۇلمان ئىكەن ، دەپ پەرەز قىلدىمۇ نېمە ، ھىندىستانغا كەلگەندىن كېيىن ئۆگەنگەنلىكى مانا مەن ، دەپ چىقىپ تۇرىدىغان ئوردۇ تىلىدا سورىدى ، — كىم كېرەك سىزگە ؟

بەك كېچىككەن بولسامۇ ئاۋۋال « ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم » دەپ سالام قىلدىم . ئاندىن ئۇيغۇر تىلىدا تولۇق توشقۇزۇپ :

— ئابدۇرۇسۇل ئاخۇن ئاكىنى ئىزدەپ كىرگەنىدىم ، ئۆزلىرىگە يولۇقۇپ قېلىشىمنى ئويلىماپتىمەن ، — دېدىم .

ئەگەر قىز « يوق » دەپلا تەتۈر ئۆرۈلۈپ كىرىپ كەتسە ئىشىم ۋۇجۇدقا چىقمايتتى . ئۇ ئۇنداق دېمىدى ۋە ئۇنداقمۇ قىلمىدى . ئۆزىگە تونۇش تىلنى ئاڭلىغان ، ئۆزىنىڭ ۋەتەندىشىنى كۆرگەن قىزنىڭ چىرايى خېلىلا ئېچىلدى ، زىناقلىرىدا تەبەسسۇم پەيدا بولدى . شۇنداقتىمۇ ئىككىمىز بۇرۇن بىر ـ بىرىمىزنى كۆرمىگەن ، تونۇش بولمىغانلىقىمىز ئۈچۈن ،



ئۇ ماڭا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ يېقىنچىلىق قىلالمايتتى . شۇڭا :

— باياتىنقى گېپىمدىن خاپا بولمىسلا ، — دەپ بېشىنى سەل ئەگدى . ئاندىن كېيىن ، — ئابدۇرۇسۇل ئاخۇن تاغام ئۆيدە يوق ئىدى ، مۇھىم ئىشلىرى بارمىكىن ؟ — دېدى .

دەماللىقتا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي قالدىم . « ئاز گەپ قىلسامۇ ، جىق گەپ قىلسامۇ ھامىنى ئۆتەيدىغان ۋەزىپەم مۇھەممەتئىمىننىڭ شېئىرلىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىش بولغاندىكىن ، قولىغا تۇتقۇزۇپلا ماڭمايمەنمۇ ؟ » دەپ ئويلىدىم ـ دە :

— بۇ يەردە ئۆزلىرىگە تەئەللۇق بىر ئامانەت بار ئىدى ، كۆرۈپ باقارلا ، — دېگىنىمچە ئالدىغا تېز بېرىپ شېئىر يېزىلغان قەغەزنى تەڭلىدىم .

قەغەزنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدۇممۇ ، يا ئۇ قولۇمدىن ئالدىمۇ ، شۇنىڭغىمۇ تۇزۇك كىرەك سەپسېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي ، پۇت ـ قولۇم كالۋالاشقان ، يۈرىكىم دۈپۈلدىگەن ھالدا كەينىمگە يېنىپ ، ھويلىغا كىرىش ئىشىكىدىن چىقىۋالدىم . گۈللۈكنىڭ يېنىغا بارغاندىن كېيىنلا ئۆزۈمنى سەل توختىتىپ كەينىمگە قارىدىم . قەغەزلەر قىزنىڭ قولىدا ئىدى . شېئىرلارغا تىكىلگەن قىزنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ كەتكەن بولۇپ ، ئۇ پۈتۈن زېھنى بىلەن ئوقۇۋاتاتتى .

ھويلا ئىچىدە — يولنىڭ بويىدا تۇرغان مۇھەممەتئىمىن ماڭا تەقەززالىق بىلەن قاراپ تۇراتتى . ئۇ مەندىن بىر ئېغىزمۇ گەپ سورىمىدى . ئەمما ، ئۇنىڭ قاراشلىرى مىڭ سوئالغا باراۋەر كېلەتتى .

— ئۆز قولىغا ساق ـ سالامەت تاپشۇردۇم . ئوقۇشنى رەسمىي باشلىغاندىن كېيىن قايتىپ چىقتىم ، — دەپ مەلۇم قىلدىم .

مەلۇماتىم ئىزاھات ۋە چۈشەندۈرۈشلەرگە ھاجەتسىز ئىدى . بىراق ، مۇھەممەتئىمىنگە ئىككى جۈملە سۆز كۇپايە قىلمىدى . ھويلىغا قانداق كىرگەن ، قانداق ماڭغان ، ئۇنى قايسى ھالدا كۆرگەنلىرىمدىن تارتىپ قانداق گەپلەشكەن ، نېمىلەرنى دېيىشكەنلىرىمگىچە سۈرۈشتۈردى . قىزنىڭ تەلەپپۇزى ، گەپ قىلغان چاغدىكى چىرايى ، ئا-

هالىڭ، ھەرىكەت... ھەممىسىنى ئۇقۇقۇسى كەلدى. بىز گەپلىشە ـ گەپلىشە مەكتەپكە قايتىپ كەلدۇق. ئۇ تىپىرلايتتى، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي ئۇ تامدىن بۇ تامغىچە ماڭاتتى. شېئىرلارنى قانداقراق ھالەتتە ئالغانلىقى، ئوقۇغاندا كۈلۈپ ئوقۇغانلىقى ياكى ئاچچىق قىلىپ ئوقۇغانلىقى توغرىسىدا ياندۇرمىلاپ سورايتتى.

شۇ كۈنى ئۇ ئۆيگە قايتمايدىغانلىقىنى، قارشى بولمىسام ياتىقىمدا قونۇپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. قارشى بولمايتتىم. ياتاق مەكتەپنىڭ ئارقىسىدىكى يول بويىدا، ئىجارىگە ئالغان ئۆي بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۆزۈم يالغۇز تۇراتتىم. مۇھەممەتئىمىندەك بىر ئاغىنە ھەمراھ بولسا ماڭا ھېچ زىيىنى تەگمەيتتى.

ئۇ ئەتىسى چۈشكىچە دەرستە بولدى. چۈشتىن كېيىن «ئاغىنىلىرى» بىلەن مۇقۇلدىشىپ غايىب بولدى. گۇمانىمچە، ئۆزىنىڭ مەخپىي پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. شۇ كۈنى بومبايدىكى خوتەنلىك بىر نەچچە سودىگەرلەرنىڭ سارىيىغا بېرىپ كەچ قايتتىم. مېنى ھەيران قالدۇرغىنى مۇھەممەتئىمىن يەنە ياتىقىمدا ئولتۇراتتى. ئۆيىنى ماڭا ئىجارىگە بەرگەن ھىندى ئىككىمىزنىڭ يېقىنلىقىنى بىلگەچكە، ئۇنىڭغا ئىشىكنى ئېچىپ بېرىۋەرگەنىدى.

— نېمە بولدى؟ — سورىدىم ئەجەبلىنىپ، — بىرەر كۆڭۈلسىزلىك بولمىغاندۇ؟

— ئۆيگە قايتقۇم كەلمەيۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ بېشىنى گۇناھكارلاردەك ئېگىپ، — ئۇنىڭدىن ئىزا تارتىۋاتىمەن...

— بەللى يىگىت، — كۈلۈۋەتتىم، — يىگىت ئۇ، قىز سەن بولغاندىمۇ ئىزا تارتقۇلۇق ئەمەسقۇ؟

— بولدى، مېنى قوغلىمىساڭ، ئەگەر ئۇ رەت قىلسا ئۆزۈمنى نەگە قويۇشۇمنىمۇ بىلمەيمەن...

— سەن يېنىمدا قانچىلىك تۇرۇشنى خالىساڭ شۇنچىلىك تۇر، — چۈشەندۈرۈشكە ئالدىرىدىم، — يېنىمدا تۇرغىنىڭ ماڭا پايدا تېخى! سەن مەن ئۈچۈن سۆھبەتداش، ساۋاقداش ھەم ياخشى ھەمراھ. ئەمما،



سەن قىزنىڭ جاۋابىنى تېزرەك ئاڭلىشىڭ كېرەك ـ دە؟ ئىشقىڭنى بىلدۈردۈڭ، ئەمدىلىكتە ئۇمۇ ئىشقىنى بىلدۈرەي دېسە ئاشىقى قېچىپ كەتكەن... بۇ قانداق گەپ بۇرادىرىم؟

— ئۇنىڭ ماڭا ئىشقىنى بىلدۈرىدىغىنىنى سەن نەدىن بىلىسەن؟ — سورىدى ئۇ سويۇشقا ئېلىپ كېتىۋاتقان قوزىدەك بىچارىلەرچە قاراپ، — ئوڭايسىزلىنىدىكەن كىشى...

— ئۇنىڭ ئىشقىڭنى رەت قىلىدىغىنىنى قانداق بىلىسەن؟ — قايتۇرۇپ سورىدىم.

— ئىشقىلىپ، ئوڭايسىز تۇيۇلۇۋاتىدۇ، خىجىل بولىدىكەنمەن...

ئارتۇقچە گەپ قىلمىدىم ـ دە، جاۋابىنى يەنىلا مەن ئالمىسام، بۇ ئاغىنەم بىلەن ئىش تاڭ ئاتمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يېتىپ قالدىم.

ئۇنىڭ ھويلىسىغا مۇھەممەتئىمىنگە ئۇقتۇرماي ئۆزلۈكۈمدىنلا مەيلى ئابدۇرۇسۇل ئاخۇن ئاكا، مەيلى ھامىمىسى بولسۇن، قىزغا ئايرىم گېپىم بار ئىدى، دەپ كۆرۈشۈشۈۋېرەي دەپ باردىم. تەلىيىمگە ئۇ يالغۇز ئىدى. تەشتەكتىكى گۈللەرگە سۇدانىدىن سۇ سېپىۋاتاتتى. سالىمىمغا جاۋاب قايتۇرۇپ سالام قىلدى. ئالدىنقى قېتىمقىدەك غودۇڭشىمىدى، سۇپىغا باشلاپ كۆرپە سالدى. چاي، مەزە قويماقچى ئىدى، ئۇنىمىدىم. بىر دەم ئولتۇرۇپلا قايتىمەن، دەپ تۇرۇۋالدىم. قىزمۇ داستىخان سېلىشتا چىڭ تۇرمىدى. كۆزىتىشىمچە، بۈگۈنكى مۇئامىلىسىنى ئىللىق دېگىلىمۇ، سوغۇق دېگىلىمۇ بولمايتتى. ئۆزۈمچە بۇنىڭغا قانداق مەنە، قانداق تەرىپ بېرىشنىمۇ بىلمەيتتىم.

ئولتۇرىۋەردىم. قىز ئۆرە تۇرىۋەردى. ۋاقىت ئۆتىۋەردى. ئەگەر مەن باشلاپ ئېغىز ئاچمىسام قىز شۇ پېتى مەڭگۈ تۇرىۋېرىدىغاندەك قىلاتتى. ئاخىر يىگىتلىكىمگە ئېلىپ، قېلىنلىق بىلەن سۆزگە كىرىشتىم:

— مەن يات ئادەم بولغاندىكىن ئارىلاشمىسام بولاتتى. ئارىلاشسامۇ بىر قېتىم بىلەن توختاپ قېلىشىم كېرەك ئىدى... بىراق، مۇھەممەتئىمىن بەك تارتىنچاق، جۈرئىتى يوق يىگىت ئىكەن، دەيدىغ

ـنىنى دېيەلمەي يازدى. يازغىنىنى بىرەلمەي ئۆز گۆشىنى ئۆزى يەپ يۈردى. مەن ئەكىلىپ بەرگەن كۈندىن تارتىپ سىلىگە كۆرۈنۈشتىن ئىزا تارتىپ يۈرىدۇ. شۇڭا، يەنە كەلدىم...

— ئاشۇنچىۋالا گەپ ـ سۆزنى يازغان، ئوقۇشۇمغا بەرگەن ئادەم ئۆز ۋاقتىدا تارتمىغان ئىزانى ئەمدى خەقنى ئىزا تارتقۇزۇپ بولۇپ تارتىدىغان بولۇپ قاپتىغۇ؟

قىزغا قارىدىم. ئۇنىڭ چىرايىدىن خاپىلىق ياكى چاقچاق قىلىۋاتقىنىنىڭ ئىپادىسىنى پەرق قىلغىلى بولمايتتى.

— ئەمدى... مۇھەببەت، — كېكەچلەپ قالدىم، — ھە، بۇ ئىش توغرىسىدا گەپ ئېچىش قىيىن ئەمەسمۇ؟

— گەپنى ئېچىپ بولغاندا نېمىسى قىيىن؟

بۇ ئىككى بىسلىق گەپنى نېمدەپ چۈشىنىشنى بىلەلمەي سەل ئولتۇرۇپ قالدىم. كېيىن «نېمە بولسا بولسۇن» دەپ چورتلا سورىدىم:

— مۇھەممەتئىمىنگە نېمە دەپ جاۋاب بەرسەم بولار؟

— جاۋابنى ئۆزىگە دەيمەن، — دېدى ئۇ.

قىزنىڭ ماڭا نەپ بەرمەيدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتتى ـ دە، ئورنۇمدىن تۇرۇپ، «خوش، مەن قايتاي» دەپ ماڭدىم. تاشقىرىقى ھويلىغا چىقىش ئىشىكىگە كەلگەندە مېنى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئەگىشىپ كېلىۋاتقان قىزغا بۇرۇلۇپ:

— كۆزۈمگە كىرىۋالدى، دەپ خاپا بولمىسىلا، ئۇنىڭغا ئېنىقراق گەپ ئېلىپ بارمىسام بىر ئىلىك ئېتىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. جاۋابلىرىنى قاچانراق بېرىشلىرىنى بىلگىلى بولارمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

ئۇ ئويلانمايلا:

— ئۆگۈنلۈككە، — دېدى، — ئۆگۈنلۈككە چۈشتىن ئاۋۋال مەن يالغۇز ۋە بوش...

چىقىپ كېتەي دەپ يېرىم بۇرۇلۇپ بولۇپ يەنە قېلىنلىق قىلدىم:

— جاۋاب ئىجابىي بولىدۇ، دەپ يەتكۈزسەم بولار ـ ھە؟

قىز ماڭا «خوش» مۇ دېمەي كەينىگە بۇرۇلدى ـ دە، يۈگۈر-



گەندەك تېزلىكتە مېڭىپ، ئىچكىرى ھويلىغا ئۆزىنى يوشۇردى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى «ھەئە» دېگەندىنمۇ ئارتۇق ئىجابىي جاۋاب ئىدى. ئۇستۇمدىن ئېغىر بىر يۈكنى چۈشۈرۈۋەتكەندەك خۇشال بولۇپ ھەم يەڭگىللەپ چوڭ يولغا چىقتىم. كوچىلار جانلىنىپ، ئاۋاتلىشىپ قالغاندەك، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر خۇشال ـ خۇراملىقتا چۆمۈپ سەيلە قىلىشىۋاتقاندەك، ماشىنىلار، ھارۋىلارنىڭ تېزلىكى ئېشىپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى. پىيادە مېڭىشنى ئاستا بولۇپ قالدۇ دەپ ئويلاپ، رىكشا كىرا قىلىپ ياتىقىمغا باردىم. مۇھەممەتئىمىن كۆرۈنمەيتتى. مەكتەپكە كىردىم، ئۇ يەردىمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ مەن بىلىدىغان بىر مەخپىي ئورنى بار ئىدى. مەن مەكتەپ مەسچىتىنىڭ مۇنارىسىغا چىقتىم. مۇھەممەتئىمىن ئاشۇ مۇنارنىڭ ئۈستىدىكى تار، شامال گۈركىرەپ ئۇرۇپ تۇرىدىغان ھۇجرىدا تەشۋىق ۋەرەقىسى يېزىۋاتاتتى.

— سەن بۇ يەرگە چىقمىساڭ بولاتتى، — دېدى ئۇ بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي، — سېنىڭ مۇنارنىڭ پەستىكى ئىشىكىگە كەلگىنىڭدىلا مۇشۇ يەرگە چىقىدىغىنىڭنى بىلىپ بولغانمەن. بۇ يەردىن بىر يۈز ئەللىك مېتىر نېرىدىكى ساقچىنى دۇربۇندا كۆرگەندەك پەرق ئەتكىلى بولىدۇ.

— سېنى تۇتقۇن قىلغىلى كەلدىم، — چاقچاق بىلەن باشلىدىم گەپنى.

— شۇنداقمۇ؟ — كۈلۈپ قويدى ئۇ، — ئەنگلىيە تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ، لورد ياكى بىكونت دەرىجىسىنى ئالمىغانسەن؟

— ئۇيغۇر پېتىم تۇتقۇنلۇققا ئېلىپ بارىمەن سەن تەلەيلىكنى!

ئۇ ئۇرغۇمدىكى ئۆزگىرىشنى ئەمدى سەزدى بولغاي، قەغەزلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئۈستىنى تاشنا باسۇرۇپ قويدى، ماڭا كۆتۈرۈلۈپ قارىدى. چىرايىمدىكى شادلىقتىن دەماللىققا بىرەر مەنە تاپالماي سەل تۇرۇپ:

— نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدى.

— سەن ئۈچ كەسىپ بىلەن تەڭ شۇغۇللانماقچىدىڭغۇ؟ — ئۇنىڭ خۇشلۇقۇمنىڭ قىزغا مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىنلىكىگە بىپەرۋا-

لىق قىلىۋاتقىنىدىن خۇيۇم تۇتقانىدى .

— بىرىنى تاشلايمىكىن ، دەپ بىرىگە بېھىشتىم مانا . . .

— تاشلىيالمايسەن ، ئۆزۈڭ دېگەندەك خۇدا سالغان كوي بۇ !

پەقەت شۇ چاغدىلا ئۇ بىر نېمىنى تۇيدى ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىمغا يېقىن كەلدى ۋە :

— قىينىماي چاپسانراق سۆزلىگىنە ، — دېدى .

— سەندىن بىسوراق قىزنىڭ يېنىغا بېرىپ كۆرۈشۈپ قايتتىم . . .

ئۇ جىددىيلەشكىنىمگە ، خۇشاللىقىمغا ، ھاياجانلىنىشىمغا قاراپلا ھەممىنى چۈشىنىشى كېرەك ئىدى . لېكىن ، ئالدىنقى قېتىمقىدەك قانداق كۆرۈشكەن ، نېمە دېيىشكەنلىكىمنى سورىمىدى . ئۇ باشقىچە ، ئۆزگىچە پايدىسىز جاۋاب چىقىپ قېلىشتىن قورقاتتى . ئۇنى ئارتۇقچە تەقەززا قىلماي ، ئەسلىدە ئولتۇرغان جايىغا ئولتۇر غۇزدۇم . ئۇنىڭ روبىرىغا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ، قىزنىڭ ئالدىغا قانداق بارغانلىقىم ، ئۇنىڭ مۇئامىلىسى ، نېمىلەرنى دېيىشكىنىمىز ، قانداق قايتقانلىقىم توغرىسىدا بىرمۇ بىر سۆزلەپ بەردىم .

مۇھەممەتئىمىن خۇشلۇقىدا يەنە ئۇيان - بۇيان مېڭىپ ، ئۆزىچە بىر ئاھاڭلارنى غىڭشىپ ئېيتقىلى تۇردى .

— قانداق ، سېنى مۇھەببەتكە ئەسىر قىلىپ بېرىمەن ، ئىشقىنىڭ تۇتقۇنى قىلىمەن ، ئىشەنگەنسەن ؟ — دەپ سورىدىم .

— ئىشەندىم ، ئىشەندىم ، — دېدى ئۇ كۈلۈپ ، — كىشەن - كويزىلاردىن تارتىپ ئېلىپ كەپسەن !

— ئەمدى ئۇنى ئىككىڭلار بىرلىكتە چېقىپ تاشلىشىڭلار كېرەك !

بەلگىلەنگەن قەرەلدە ئۇلار كۆرۈشتى . بۇ كۆرۈشۈش ، ئەلۋەتتە ئىشتىراكىمسىز بولمىدى . چۈنكى ، مۇھەممەتئىمىن ئۆزى يالغۇز قىزنىڭ ئالدىغا كىرىشتىن قەتئىي باش تارتقانلىقتىن ، ئىككىمىز بىللە بارغاندۇق . قىز كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى يوشۇرۇپمۇ يۇرمىدى . ئۇ ناھايىتى ئەدەپلىك ، خۇشال قارشى ئالدى . مۇھەممەتئىمىن بىلەن كۆزلىرى ئۇچراشقان چېغىدىلا ئاق يۈزىدە شەپەقنى ئەسلەتكىدىغان رەڭلەر نۇرلاندى .



مۇھەممەتئىمىن بولسا پۇتۇنلەي تۇگىشىپ ، يەرگە كىرىۋالغۇلىرى كېلىپ ، بۇلۇڭلارغا قارايتتى . مەن ئۇلار بىلەن يېرىم سائەتچە داستىخاندا بىللە بولۇپ ، « ئەدەپ » نى باھانە قىلىپ قايتىپ كەتتىم . ئەتىسى بۇ ئۇچرىشىشنىڭ نەتىجىسىنى سورىغىنىمدا ، مۇھەممەتئىمىن :

— كىشەن - زەنجىرلەرنى ئۈزۈپ تاشلىدۇق ، — دەپ جاۋاب بەردى . شادلىقتىن ئۇنىڭ ئاغزى يۇمۇلماي قالغانىدى .

شۇنىڭدىن كېيىن ، تەسىراتىم بويىچە ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى كۈچىيىپ باردى . شۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا قىزنىڭ ھاممىسىنىڭ كۆزى ساقايدى . ئابدۇرۇسۇل ئاخۇن توساتتىن شۇ ئايالنى بىللە ئېلىپ قەشقەرگە كېتىدىغان ، بومبايدىكى سودا - سېتىق ئىشلىرىنى مۇھەممەتئىمىن باشقۇرۇپ تۇرىدىغان قارارىنى ئېلان قىلدى . شۇ چاغدا قىز ئۆزىنىڭ ھاممىسى بىلەن قەشقەرگە قايتىشتىن باش تارتتى . ئۇ مۇھەممەتئىمىننىڭ ئۆزىگە ئۆيلىنىش توغرىسىدىكى تەكلىپىگە ماقۇل بولغانلىقىنى ئۇچۇق ئېيتتى . يېشى بىر يەرگە بارغان ھاممىسى ئابدۇرۇسۇل ئاخۇننىڭ پېشكە ئېسىلىشىنى غەيرىي ئىش ، دەپ قارىمىغان تۇرۇقلۇق ، قىزنىڭ مۇھەممەتئىمىنگە بولغان ئىشقىنى قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىنى ئاشكارىلىدى . قىز بىلەن ھاممىسى ئوتتۇرىسىدا قاتتىق نىزا پەيدا بولدى . باشقىلارنىڭ بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى « جېدەل » گە ئارىلىششى ئەپسىز بولدى . ھەممىدىن بەك ئوڭايسىزلانغىنى ئابدۇرۇسۇل ئاخۇن بىلەن مۇھەممەتئىمىن بولدى . ئالدىنقىسى ، ئوغلىنى دېسە قىزنىڭ قېلىشىغا رازى بولغۇسى كېلەتتى . ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغان ، لېكىن ئاشۇ ياشتىكى كىشىلەرنىڭ ئىنتىلىشىنى دېسە ، قىزنىڭ قەشقەرگە قايتىپ كېتىشىنى دەۋەت قىلغۇسى كېلەتتى . مۇھەممەتئىمىن بولسا دادىسى بىلەنمۇ ، قىزنىڭ ھاممىسى بىلەنمۇ ئوچۇق - ئاشكارا توقۇنۇشمىدى . ئۇ نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى قىزنىڭ ئىختىيارىغا تاشلاپ قويغانىدى .

قىز ھاممىسىنىڭ دوق - پوپوزىلىرىغىمۇ ، تۇغقانچىلىق ھۆرمىتىگە رىئايە قىلىش توغرىسىدىكى نەسىھەتلىرىگىمۇ ، قەشقەر قىزلىرى ئەمەل قىلىشى كېرەكلىكى توغرىسىدىكى ئەخلاق ، ھايا ئۆلچەملىرىنى

ئەسلىتىشلىرىگىمۇ پىسەنت قىلماي بومبايدا قېلىپ مۇھەممەتئىمىنگە ياتلىق بولىدىغانلىقىدا چىڭ تۇردى. ھاممىسى يىغلىدى، قاقشىدى، قارغىدى، ئاخىر ئاچچىقىنى تويغا قاتناشمايدىغانلىقىنى ئېلان قىلىش بىلەن چىقىرىپ كېتىپ قالدى. ئابدۇرۇسۇل ئاخۇنمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن، يەنى ئەمدىكى جۈپتىنى دەپ ئوغلىنىڭ تويىنى باش بولۇپ ئۆتكۈزۈپ بەرمەيلا يولغا چىقتى.

ئىككى «قىرى» كېتىپ بىر ئايدىن كېيىن ئىككى ياش توي قىلدى. ئۇلارنىڭ تويى خۇشال ـ خۇرام، داغدۇغىلىق ئۆتتى. «چوڭلار» نىڭ يوقلۇقى، ئۇلار بىلەن بولغان نىزالار گويا ھېچقاچان بولمىغاندەك، ھېچكىمنىڭ يادىغا كەلمىدى. بۇ تويغا بومبايدىكى قەشقەرلىكلەر، خوتەنلىكلەر، ئاقسۇ، كۇچارلىقلار ئىشقىلىپ ئېتى ۋە مىللىتى ئۇيغۇر بولغانلارنىڭ ھەممىسى قاتناشتى. يىگىت ۋە قىز ئۈچۈن «قولداش»، «يەڭگە» ئىزدەپمۇ يۈرمىدۇق. ئىنگلىزلارنىڭ ئادىتىگە ئاز ـ تولا ئوخشاپ كېتىدىغان ياۋروپالىقلارچە ئۇيۇشتۇرۇلغان بۇ تويىنى مەن باشقۇردۇم. توي بولىدىغان ئورۇن بومبايدىكى بىر مېھمانخانىنىڭ ھەشەمەتلىك رېستورانى ئىدى.

تويدىن كېيىن ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى سۇسايمىدى. ئىككىنچى يىلى بىزنىڭ ئوقۇشىمىز ئاخىرلاشقانىدى. مەن ئىسلام دىنىنىڭ ھىندىستاندىكى ئەھۋالى توغرىسىدا تەتقىقات بىلەن بولۇۋاتقاچقا، ئۇلارنى ھەپتە ـ ئون كۈندە بىرقېتىم يوقلاپ تۇراتتىم. «ئىنگلىزلارنى قوغلاش» تىن ۋاز كەچمىگەن مۇھەممەتئىمىن ئاشۇ پائالىيىتى بولمىسىلا ماگىزىن ـ دۇكانلىرىنى بىرەر بىر يوقلاپ قويۇشتىن باشقا چاغلاردا خوتۇنى بىلەن بىرگە بولاتتى. ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان مۇھەببىتى مېنىمۇ خۇشال قىلاتتى. بىرىيىلدىن سەل ئاشقاندا ئۇلار ئۆز مۇھەببىتىنىڭ مېۋىسىنى كۆرۈپ، بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈشكەندە، مەنمۇ ئۇلاردىن ئارتۇقراق سۆيۈنگەنىدىم. مۇھەممەتئىمىن بۇ ئوغۇلغا پارۇق ئەلى دەپ ئىسىم قويغانىدى.

ئىككىنچى يىلى ئەتىيازدا دوستلىرىم، يۇرتداشلىرىم، مەكتىپىم



ھەم بومباي بىلەن خوشلىشىپ، قاھىرە سەپىرىگە ئاتلاندىم. مۇھەممەتئىمىن، ئۇنىڭ ئايالى ۋە مېنىڭ كىملىكىمنى تېخى بىلىپ ئۈلگۈرمىگەن كىچىككىنە پارۇق ئەلى باشقىلار بىلەن بىرگە پورتقا چىقىپ ئۇزاتتى. مەن يېقىن يولنى تاللىغان، بومبايدىن ئادىن ئارقىلىق پورت سەئىدكە بارماقچىدىم. بۇ يول 2060 مىل ① كېلەتتى. خىيالىمدا كەشمىرلىك ئايالنىڭ خىرە ـ شىرە شولىسى كۆك نۇرىنىڭ سۇدىكى شولىسىغا ئوخشاش جىلۋە قىلىپ تۇراتتى.

قاھىرەدە بىر مەزگىل تۇرۇپ مۇقەددەس مەككە، مەدىنىنى زىيارەت قىلدىم. كېيىن باغدات ۋە باشقا شەھەرلەرنى ئايلىنىپ، دانىشمەنلەر بىلەن سۆھبەتلەردە بولۇپ، ئۇلۇغ سەئىدى ۋە خوجاھافىزلارنىڭ يۇرتى شىرازلاردا ئىستىقامەت قىلىپ بەش يىلنى ئۆتكۈزدۈم. چەت ئەللەردە مېنى ئۆزىگە تارتىدىغان ھەممە نەرسە تۈگىگەندەك، ئەمدى ئۆز يۇرتۇمغا قايتمىسام بولمايدىغاندەك بىر تەسىرات ئىلكىدە يولغا چىققىنىمدا، بىردىنلا مۇھەممەتئىمىن، ئۇنىڭ ئايالى ۋە ئوغلى ئېسىمگە كېلىپ قالدى. قايتىش يولىنى بومباي ئارقىلىق بېسىش سەل ئارتۇقچە ئاۋارىچىلىك بولسىمۇ، ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈش ئىستىكى ئۈستۈن كەلدى. يەنە بىر جەھەتتىن، مېنى كەشمىرلىك ئايالنىڭ زادىلا ئۇنتۇپ كېتەلمىگەن ئىشقىمۇ بومبايغا دەۋەت قىلىپ تۇراتتى.

ھەرخىل ھېسسىياتلارنىڭ ئارىلاشمىسىدىن پەيدا بولغان گاڭگىراش ۋە ھودۇقۇش بىلەن بومبايغا كەلدىم. پورتتىن چىقىپ، ئاۋۋال ئۆيى يول ئۈستىدە بولغان كەشمىرلىك ئايالنىڭ وبۇلغا بارماقچى بولدۇم. باردىم، لېكىن ئۇ مېنى قوبۇل قىلمىدى. خىزمەتچىسى ئۇنىڭ سەۋەبىنى ئاددىي، قىسقىچىلا چۈشەندۈرۈپ، ئۇنىڭ ئېرى بارلىقى، بۇ ئېرىگە تەگكىلى ئۈچ يىل بولغانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويدى. كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرى غەش، يەنە بىر يەرلىرى يېنىكلەشكەندەك قايتىپ چىقتىم. غەشلىكى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن بولسا، يېنىكلەشكەنلىكى ئۇ مەن ئۈچۈن مەنىۋى يۈك، روھىي ئازاب بولۇپ، ئىككىمىز

① 2060 مىل 3660 كىلومېتىرغا تەڭ.

بىر ـ بىرىمىزگە مەڭگۈلۈك ھەمراھ بولالمايتتۇق .

مۇھەممەتئىمىننىڭ ھويلىسىغا باردىم . ئۇلارنىڭ قەشقەرگە كېتىپ قالمىغان ، بار بولۇشىنى تىلەيتتىم . تىلىكىمدىكىدەك بولدى . ئۇلار بار ئىدى . مۇھەممەتئىمىننىڭ ئۆزى ئۆيدە بولمىسىمۇ بومبايدا بار ئىكەن . مېنى بولسا ئايالى قارشى ئالدى . ئۇ دەماللىققا تونۇيالمىدى . مەن تونۇشلۇق بەرگەندىن كېيىن خۇشال ئىكەنلىكىنى يوشۇرۇپمۇ ئولتۇرمىدى . ئۇنىڭ چىرايىنىڭ سولغۇنلۇقىغا ، كۆلگەندەك تۇرغىنى بىلەن كۆزلىرىگە يوشۇرۇنغان غەم ، ئەلەم ، ھەسرەتلەرنىڭ ئەبجەش ئىپادىسىگە خېلىلا ھەيران بولدۇم . بۇ مەزكۇر ئائىلىدە ئېغىزغا ئالغۇدەك ، كۆزگە چۈشكۈدەك كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈتتى .

ئايال ئۆزىگە دىققەت بىلەن سەپسېلىشىمدىن خىجىل بولۇپ ، بۇ قىلىقىمنى ياقتۇرمىغاندەك چەتكە قارىدى . بۇ ھەرىكىتىدىنمۇ مەن روھىي ھالىتىنىڭ جايىدا ئەمەسلىكىنى سېزىپ قالدىم . ئۇ ماڭا ئۇدۇل قارىماي :

ــ شۇنچە يىللاردىن بېرى نەلەردە يۈردىلە ؟ ــ دەپ سورىدى .

مەن بارغان ـ تۇرغان جايلارنى ، سۆزلەپ بەرسە ئەرزىيدۇ دەپ قارىغان ۋەقە ـ ئىشلارنى ھېكايە قىلىپ بەردىم . كۆزىتىشىمچە ، ئايال زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن سوراپ قويغاندەك تۇراتتى . ئاغزىمنى ئۈپرىتىپ سۆزلىگەنلىرىمگە ئۇ ئەدەپ يۈزىسىدىن جىمجىت قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغاندەك قىلسىمۇ قىزىقىپ ئاڭلاش ئىپادىسىنى كۆرسىتەلمىدى . ئۇنىڭ كۆڭلى بىر يەردە ئەمەستەك قىلاتتى .

پارىڭىمىز قولاشمىدى . خېلىلا كەچ كىرگەنىدى . ئەمما مۇھەممەتئىمىن قايتىپ كەلمەيۋاتاتتى . كېيىنچە يەنە كېلىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم .

ــ بۇ مۇمكىن ئەمەس ، نەگە باراتتىلە ؟ ــ ئايال تەبىئىي بىر ھەرىكەت بىلەن ئالدىمنى توستى ، ــ مۇھەممەتئىمىن سىلىنى كۆرسە چوقۇم خۇشال بولىدۇ . . .

ــ مەن يەنە كېلىمەن ئەمەسمۇ ؟

ــ نېمىشقا قويۇپ بەردىڭ دېسە نېمە دەيمەن ؟ مەن كەلگۈچە



تۇتۇپ تۇرماپسەن ، دەپ خاپا بولسىچۇ ؟

ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەلمىدىم . قەدىناس دوستلۇقىمىزنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن مۇھەممەتئىمىن ئاشۇ سوئالنى ماڭا قويسا ، مەنمۇ نومۇس قامچىسى تېگىشتىن ئۆزۈمنى قاچۇرالمايتتىم . ماڭا قېلىشقا ، ئولتۇرۇپ مۇھەممەتئىمىننى كۈتۈشكە توغرا كەلدى .

كەچلىك تاماقنى مۇھەممەتئىمىنسىز يېدۇق . ئېيتىش كېرەككى ، ئۆزۈم يالغۇز يېدىم ، ئايال چوپچوڭلا بولۇپ قالغان پارۇق ئەلىگە تاماق يېگۈزۈش بىلەن ئاۋارە بولۇپ يۈردى . شۇنىڭدىن كېيىنمۇ بىرەر سائەتچە ۋاقىت ئۆتتى . مۇھەممەتئىمىن يەنىلا قايتىپ كەلمىدى . ئايال مېنى قونۇپ قېلىشقا دەۋەت قىلىپ ئىچكىرى ئۆيگە جاي راسلاپ بەردى . بومباي مېھمانخانىلىرى ، قەشقەرلىكلەرنىڭ سارايلىرى كېچىلەپ مېھمان قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلسەممۇ ، باياتىن بولۇپ ئۆتكەن سۆھبەتنى يادىمغا كەلتۈرۈپ ، ئايال بىلەن تارتىنىپ يۈرمەسلىك ئۈچۈن ئۇنىڭ تەكلىپىگە ماقۇل بولدۇم . ماڭا راسلانغان ئۆيگە كىرىش ئالدىدا كۆڭلۈمگە كىرىۋالغان بىر تالاي شۈبھىلىك سوئاللارنىڭ بىرىنى ئوتتۇرىغا چىقاردىم :

ــ ئىككىڭلارنىڭ مۇھەببىتى بۇرۇنقىدەكلا كۈچلۈك بولسا كېرەك ـ ھە ؟

ئايال ماڭا « بۇنى سوراش نېمىگە كېرەك ؟ » دېگەندەك بىر قاراپ قويدى . بىر نەرسىنى يەردىن ئالماقچى بولغاندەك گىلەم سېلىنغان پولغا ئېگىشىپ تۇرۇپ پەس ئاۋاز بىلەن :

ــ مەن ئۇنى ھازىرمۇ قىز چېغىمدىكىدەك ياخشى كۆرىمەن ! ــ دېدى .

چۈشەندىم . ئايال يوپيۇتۇپ جاۋاب بەرگەنىدى . « شۇنداق ، ھېلىمۇ بۇرۇنقىدەك كۈچلۈك ! » دېيەلمىگەنىدى ، دېمەك ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر يوچۇق بار ، دېگەن گەپ . ئايال ئۇنى قىز چېغىدىكىدەك ياخشى كۆرىدىكەن . مۇھەممەتئىمىنچۇ ؟ ئايال ئېرىنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرۈش دەرىجىسىنى بىلمەيدىكەن ـ دە ، بۇ توغرۇلۇق مۇھەممەتئىمىنلا جاۋاب بېرەلىشى مۇمكىن . . .

يېتىپ قالدىم . تېخى ئۇخلاپ ئۈلگۈرمەيلا ھويلا دەرۋازىسى تاقىلدىدى . ئايال چىقىپ كەتتى . مۇھەممەتئىمىن قايتىپ كەلگەن بولسا كېرەك ، دەپ پەرەز قىلغانىدىم . دېگەندەكلا بىر نەچچە مىنۇت ئۆتەر ـ ئۆتمەي مۇھەممەتئىمىننىڭ بەش يىل ئاڭلىمىغان بولسامۇ ئۆزگەرمىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى . ئورنۇمدىن تۇرۇپ كىيىنىشكە ، چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە ئالدىرىدىم . ئەمما ، سىرتقا تاشلاش ئۈچۈن تەمشەلگەن قەدىمىم قەھرلىك ، غەزەپلىك ئاۋازدىن توختاپ قالدى .

— سەن مەرەز ، مەن دېگەن سۆزلەر توغرىسىدا نېمە دەپ جاۋاب بەرمەكچى ؟ — بۇ مۇھەممەتئىمىننىڭ ئاۋازى ئىدى .

— جاۋاب بېرىپ بولغانمەن ، — دېدى ئايال ، ئۇنىڭ ئاۋازى مەردانە ، جاراڭلىق ئىدى ، — مەن سېنى ياخشى كۆرۈپ ، كۆڭۈل بېرىپ تەگكەنمەن . سەنسىز ھېچقانداق يەرگە بارمايمەن . . .

— مەن ساڭا يەتتە ئايدىن بېرى ئېيتىپ كېلىۋاتىمەن . . .

— مەنمۇ ساڭا يەتتە ئايدىن بېرى جاۋاب بېرىپ كېلىۋاتىمەن !

— ئىتتىنمۇ « چاغ » دېسە كېتىدۇ ، — مۇھەممەتئىمىن ئەمدى ھاقارەتكە ئۆتتى ، — قوغلىغاندىن كېيىن كېتىشىڭ كېرەك ئىدى . شۇنچە تاياق ، تىل ـ دەشناملار ساڭا يەتمەمدۇ ؟ سېنى بىرەر ئەخمەق ھايۋاننى ياخشى كۆرگەنچىلىكمۇ كۆرمەيمەن ، قانجۇق . . .

— سەن مەرد ئەركەك بولغاندىكىن ، ئەلۋەتتە ئۇرالايسەن ، تىللايسەن . لېكىن ، مېنى يېنىڭدىن كەتكۈزەلمەيسەن . . .

قانداقتۇر ھەرىكەت ئاۋازى چىقتى . نېمىدۇر بىر نەرسە قوپال تاراقلاپ كەتتى . ئايال ئېچىنىشلىق تەرزدە :

— يالۋۇرىمەن ، ئۇرما ! ئۆيدە مېھمان بار . ھەرقانداق ئىش بولسا كېيىن بىر نەرسە دېگىن ، — دەپ يالۋۇردى .

— قانداق مېھمان ، نەدىن كەلگەن مېھمان ؟ — مۇھەممەتئىمىن قوپاللىق بىلەن سورىدى .

— جۇمەقارىي . . . جۇمەقارىي كەلدى ئۆيگە . . .

— كىم ئۇ جۇمەقارىي ، دېگەن ؟



ئايال مېنى ئۇنىڭ ئېسىگە سېلىشقا باشلىدى . مۇھەممەتئىمىننىڭ پەقەت :

— ھە ، مۇنداق دېگىن ، ئۇخلاپ قالغاندۇ ؟ — دېگەن پەرۋاسىز ئاۋازى ئاڭلاندى .

تاشقىرىقى ئۆيگە چىقتىم . چىرايى قارىداپ ، ئورۇقلاپ ، ئىككى مەڭزى تومپىيىپ چىقىپ قالغان مۇھەممەتئىمىن دەسلەپ ماڭا ھەيران بولۇپ قارىدى ، بىر مىنۇتتىن كېيىن خۇش ياقمىغان ، پەرۋايى پەلەك ئاھاڭدا :

— ساياھىتىڭ كۆڭۈللۈك ئۆتتىمۇ ؟ — دەپ سوراپ قويدى ۋە خېلىدىن بۇيانقى سۇنۇقلۇق قولۇمنى بوشلا تۇتۇپ قويدى .

ئۇنىڭ مېنى بۇنداق كۈتۈشىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەچكە ناھايىتى ئىزا تارتتىم . شۇنداقتىمۇ چاندۇرماي :

— ئەھۋالىڭ ياخشىمۇ ، سالامەتلىكىڭ جايىدىمۇ ؟ — دەپ سورىدىم .

— كۆرۈۋاتقىنىڭدەك ، — دەپ قويدى ئۇ رەسمىيەت ئۈچۈن .

— يۇرتقا قايتىپ كېتىۋاتاتتىم . يول ئۈستىدىن كۆرۈشۈپ ئۆتۈپ كېتەي دەپ كەلگەن . . .

— بىكار ئاۋارە بوپسەن ، — دېدى ئۇ تېخىمۇ سوغۇقلۇق بىلەن . ماڭا سۆزلىشىش ئۈچۈن يول قالمىغانىدى .

— خەير ـ خوش . كۆرۈشكىنىمگە خۇشالمەن ، — دېدىم ئاخىر بولالماي ۋە ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىگىمۇ ھېچقانداق ئىنكاس بىلدۈرمىگىنىگە رەنجىپ تالاغا چىقىپ كەتتىم . بىر چاغلاردا گۈل تېرىلغان ، ئەمدى ئۆزلۈكىدىن ئوت ـ چۆپ ئۈنۈپ كەتكەن دائىرىگە بارغاندا ئايال يۈگۈرگەندەك كېلىپ ئالدىمنى توستى .

— بەك كەچ بولۇپ كەتتى . قايتىسلا ، يېتىپ قالسىلا . . .

— رەھمەت سىڭلىم ، — دېدىم زەردە بىلەن ، — كېچىلىك پويىز بىلەن بىر يەرگە بارماقچىدىم . . .

— ئۇنىڭدىن رەنجىمىسىلە ، ئۇنى كەچۈرسىلە . . . ئۆتۈنۈپ قالاي

كەتمىسلە . . . خۇدا ھەققى . . .

لامپوچكا نۇرى ئايالىنىڭ كۆزىگە پاتمايۋاتقان ياشلىرىدا يالتىرايتتى . ئۇ شۇنچىلىك ئايانچلىق بىلەن يالۋۇرۇپ تەلمۈرەتتىكى ، تەڭلىك بولۇپ قالدىم .

— مۇھەممەتئىمىن ماڭا ئاشۇنداق مۇئامىلە قىلىۋاتسا . . .

— ئۇنى كەچۈرسىلە قارىم ، ئۇنىڭ بېشىدا غەم بار . ئۆزى خەۋپ ئاستىدا قالدى . . . بىز ئەتە سۆزلەشسەك بولامدۇ - ھە ؟

ئامالسىز قايتىپ كىردىم . مۇھەممەتئىمىن ئالدىراپ ، شالاپلىتىپ تاماق يەيمەكتە ئىدى . ئۇ ماڭا بايىقىدەك سوغۇق ، پەرۋاسىزلىق بىلەن قاراپ قويدى ۋە :

— كەلگىن ، — دېدى . ئاندىن ئايالىغا كۆز تاشلاپ يەپ بولالمىغان تامىقىنى قاچىسى بىلەنلا ئايالىغا ئاتتى ، — ئىچ قانجۇق ، ئۇزۇڭلا ئىچكىن . بۇ تاماق ئاتلىق يۇنداڭ ئاللىقاچان مۇزلاپ قاپتۇ . . .

قاچا ئايالىغا تەگمىدى . ئۇنىڭ بېشىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئىشىككە تەگدى - دە ، قاچا سۇنۇپ ، ئاش پولغا تىرىلىپ كەتتى . ئايال ھېچنەرسە دېمەي ئېچىنىشلىق نەزەرىنى مۇھەممەتئىمىنگە تىكەتتى . شۇ تاپتا مۇھەممەتئىمىن بىر چەتكە قاراپ تاماكا چەكمەكتە ئىدى . ماڭا تۇرۇشمۇ ، ئولتۇرۇشمۇ بىئەپ بولۇۋاتاتتى . ئۆي ئىگىسى بولغان ئەر - خوتۇنلارنىڭ ، بولۇپمۇ مۇھەممەتئىمىننىڭ « مېنى كۆرسۇن » دېگەندەك خوتۇنىنى ئۇرۇپ ، تىللاشلىرى ئالدىدا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيتتىم ، بۇ مىنۇتتا ئايالغا تەسەللى سۆزلەرنى قىلىشمۇ قولۇمدىن كەلمەيتتى . ماڭا راسلانغان ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتىم . كارىۋاتقا ئولتۇرۇپ ، بولۇپ ئۆتكەن ۋە بولۇۋاتقان ، چۈشىنىكسىز بۇ ئىشلار ئۈستىدە خىيال سۈرگەچ ئارام ئالماقچى بولدۇم . ماڭا ئارام ئېلىشمۇ نېسىپ بولمىدى : مۇھەممەتئىمىننىڭ ۋەھشىي ، ياۋۇزلارچە ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى :

— مەن ساڭا ۋە بالاڭغا ئۆمۈرۋايەت يەتكۈدەك پۇل بېرەي ، مۇشۇ ئۆي ۋە ھويلىنىمۇ سېنىڭ نامىڭغا يازدۇرۇپ تىل خەت قىلىپ بېرەي ، سەن مەندىن ئايرىلىپ كۆزۈمدىن يوقال ! چۈشەندىڭمۇ ؟ مەن ساڭا



سۆزلەۋاتىمەن ، كەتكىن . . .

ئايالنىڭ سوغۇققان ئاۋازى باشقىچىلا يېقىملىق ئىدى :

— ماڭا سېنىڭ پۇللىرىڭ ، ماللىرىڭ كېرەك ئەمەس . مەن بۇ ياقا يۇرتتا پۇل ئۈچۈن ، ئۆي - ھويلا ئۈچۈن ئەمەس ، سېنى دەپ ، سېنىڭ مۇھەببىتىڭنى دەپ قېپقالغان . كېتىدىغان ئىش بولسا ساڭا تەگمەستىن ئىلگىرىلا ھامامىم بىلەن كېتىۋېرەتتىم .

— ھاماڭمۇ داداڭ بىلەن ئاناڭغا ئوخشاش شەرم - ھايالىق قىزنى ئەمەس ، ئىتنىڭ كۈچۈكىنى — سېنى باققانىكەن . . .

— تىللىشىڭ ، ھاقارەتلىشىڭ مۇمكىن . . . ، — ئايال چىداش قىيىن بولغان سەۋر - تاقەت بىلەن سۆزلەيتتى ، - سېنىڭ مېنى غەزەپلەندۈرۈش ئۈچۈن مېنى ھاقارەتلەۋاتقىنىڭنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن . لېكىن ، مەن غەزەپلەنمەيمەن ، ئاچچىقىممۇ كەلمەيدۇ . . . مەن مۇھەببىتىمىزنى ئاسراپ قالىمەن ، سېنىڭمۇ مۇھەببىتىمىزنى كۆزدە تۇتۇشۇڭنى ئىلتىماس قىلىمەن . . .

— مەندە كۆزدە تۇتقۇدەك مۇھەببەت يوق ، — دەيتتى مۇھەممەتئىمىن رەھىمسىزلىك بىلەن ، — مەن ساڭا قارىغاندا پاھىشە ئاياللىرىغا كۆپرەك قىزىقىمەن . ئۇلار تۇرمۇشۇمغا ، روھىمغا ئالاھىدە لەززەت بېرىدۇ . . .

— سەن شۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ لەززەتلىنىۋەر ، ئۇقتۇڭمۇ ؟ — ئايال يۇقىرى ئاۋازدا يىغلامسىراپ ۋارقىرىدى ، — قانداق قىلساڭ قىل ، لېكىن مېنى قوغلىما ! سەن تىللاش ، ئۇرۇش بىلەن مېنى ھېچنېمە قىلالمايسەن . . .

— سەن ماڭا نەگە بېرىش - بارماسلىقىم توغرىسىدا ئۆگىتىپ ئاۋارە بولما . مەن بايىلا شۇلارنىڭ يېنىدىن كەلدىم . . .

— يالغان ! — يەنە ۋارقىرىدى ئايال ، — يالغان ئېيتىۋاتىسەن . مېنى خورلاش ئۈچۈن شۇنداق دەۋاتىسەن . . . ، — بىردىن ئۇ ئۈنىنى پەسەيتىپ ، مۇلايىم ئاۋازدا داۋام قىلدى ، - مۇھەممەتئىمىن ، بېشىڭدا قايغۇ ، ئەتراپىڭدا خەۋپ - خەتەر بارلىقىنى سېزىپ كېلىۋاتىمەن . بەلكى ،

ئۇلار سەزگىنىمدىن ئېغىرراقتۇ ، نېمىشقا ماڭا — ئايالىڭغا بۇلار توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرمەيسەن ؟ مەن ئۇلارنى يوق قىلالماسلىقىم مۇمكىن ، ئەمما ، نېمىلا بولمىسۇن ، روھىي يۈكۈڭنىڭ ئاز - تولىسىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرەلەيدىغىنىمنى نېمىشقا يادىڭغا ئالمايسەن ؟ نېمىشقا ئۆزۈڭنىمۇ ، مېنىمۇ قىيناشنىڭلا كويىدا يۈرىسەن ؟ بىر نەچچە ئايدىن ئىلگىرى بىز قانداق ياخشى ئىدۇق - ھە ؟ . . . بىر - بىرىمىزنى قانداق ياخشى كۆرەتتۇق ؟ . . .

— سېنى ئەزەلدىن ياخشى كۆرۈپ باقمىغانمەن ، سەندىن قاتتىق نەپرەتلىنىمەن ! خۇددى ياۋۇز ھايۋاندىن ، مىسال ئۈچۈن ئېيتقاندا ، چوشقىدىن نەپرەتلەنگەندەك سەسكىنىپ نەپرەتلىنىمەن !

— يالغان ، پۈتۈنلەي يالغان سۆزلەۋاتىسەن ! سەن مېنى ياخشى كۆرەتتىڭ ، ھازىرمۇ ياخشى كۆرىسەن . سەن مېنى ، بالاڭنى ، ھەممىدىن ئاۋۋال ئۆزۈڭنى ئايىغىن . مېنى تىللاش ، ھاقارەتلەش ، ئۇرۇش بىلەن خاپىلىقىڭ يەڭگىللەپ قالسا تىللا ، ھاقارەتلە ، خورلا ، ئۇر . . .

— ماڭا تولا نەسىھەت قىلىۋەرمە . سېنى ياخشى كۆرگەن ئەمەسمەن ، ھازىر تېخىمۇ شۇنداق . بالا ھەققىدە سۆزلەۋېرىشىڭ ، ئۇنى قالقان قىلىشىڭ ئورنى يوق ، مېنىڭ ئۇنداق بالىلىرىم كۆپ . . .

بىر ئاز جىمىپ كېتىشتى . ئايالىڭ ھەرىكىتى ۋە ئاڭلىنىۋاتقان تىۋىشكە قارىغاندا ، ئۇ باياتىن ئۇخلاپ قالغان سافادىكى پارۇق ئەلى بىلەن ھەپىلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى . بۇ بەختسىز بالا ئاتا - ئانىسىنىڭ باياتىنقى جېدەللىرىدىن خەۋەرسىز ئىدى . بۇگۈن كېلىپلا ئۇچراشقان بۇ كۆڭۈلسىزلىك دىلىمنى ئېزەتتى . ھەيرانلىقىم ئېشىش بىلەن بىرگە « كەلمىسەممۇ بولغانىكەن » دەيدىغان پۇشايمىنىم ئەۋجىگە چىقماقتا ئىدى .

— كىرىپ ياتقىن ، ھېرىپ كەتكەنسەن ھېلى ! — ئايالىڭ مېھرگە تولغان مۇلايىم ئاۋازى ئاڭلاندى

— كېتەمسەن ، يوق ؟ — مۇھەممەتئىمىننىڭ ھۆر كىرىگەن ئاۋازى چىقتى .

جاۋاب قىسقا ، كەسكىن ۋە قەتئىي چىقتى :



— كەتمەيمەن !

بىر نەرسە سۆرەلدى ، ئورۇندۇقمۇ ، ئۈستەلمۇ ، ئەيتاۋۇر ئېغىر بىر نېمە تاراقلىدى ، ئاندىن مۇھەممەتئىمىن :

— مانا كەتمىسەڭ . . . — دەپ بوغۇق ئاۋازدا تووۋلىدى .

« ئۇھ » تارتقاندەك بىر تاۋۇش بىلەن تەڭ ئايالىڭ ئېچىنىشلىق نالىسى ئاڭلاندى . نېمىدۇر ئېغىر بىر نەرسە ئاغدۇرۇلۇپ چۈشتى . تاقەت قىلالماي يۈگۈرۈپ تاشقىرىقى ئۆيگە چىقتىم . ئايال قوللىرىنى كەڭ كېرىپ ئوڭدىسىغا ياتاتتى . ئۇنىڭ يۇقىرى پېشانىسىدىن چىقىۋاتقان قان سول چېكىسىنى بويلاپ ئېقىپ ، قۇلىقىنىڭ كەينىگە چۈشمەكتە ئىدى . پول ئۈستىدە قوش ئالىقان چوڭلۇقىدىكى يەر قانغا بويالغانىدى . ئويغىنىپ كەتكەن پارۇق ئەلى قاتتىق چىرقىراپ يىغلاشقا باشلىدى .

— نېمە قىلغىنىڭ بۇ ساراڭ ؟ — دەپ تووۋلىۋەتتىم ، — ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپسەنغۇ ؟

مۇھەممەتئىمىن بىردىن شۈمشىيىپ قالدى . ئۇ ئىختىيارسىز لاسسىدە ئولتۇرۇپ خوتۇنىغا ئۆزىنى ئاتتى ۋە ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى .

— تۇرغىن جېنىم ، كەچۈر مېنى ، تۇرغىن . . .

— سەن تۇرغىن ، دەرھال دوختۇر چاقىر . . . ، — دېدىم .

مۇھەممەتئىمىن ئۇچقاندەك سىرتقا چىقىپ كەتتى . مەن نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم . ئايالىڭ پېشانىسىدىن ھېلىمۇ قان چىقىپ تۇراتتى . ئەنسىزلىك ھەم ۋەھىمىنى ئاۋۇتۇپ پارۇق ئەلى جېنىنىڭ بارىچە يىغلاپ « ئانا » دەپ تووۋلايتتى . تەخمىنەن بەش مىنۇتچە ئۆتۈپ كوچا ئىشىكىدە ئاپتوموبىل ئاۋازى ئاڭلاندى . مەن بەلۋېغىمنى يىرتىپ ، ئايالىڭ چېكىسىنى تاڭغانىدىم ، ئاپتوموبىل سىگنالى بىلەن تەڭ ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىقتىم . مۇھەممەتئىمىن ئالدىدا پالاقشىپ كىرىپ كەلدى ، ئارقىدىن ئىككى كىشى بىر نوسۇلكىنى كۆتۈرۈپ كىرمەكتە ئىدى .

دەل شۇ چاغدا كوچا ئىشىكى ئالدىغا يەنە بىر ماشىنا — ساقچى ئاپتوموبىلى يېتىپ كەلدى . كۆڭلۈم شۇررىدە ئاغدى ، مۇھەممەتئىمىنگە قارىدىم . ئۇ دوختۇرلارنىڭ خوتۇنىنى نوسۇلكىغا ئېلىۋاتقىنىغا بەخىرامان

قاراپ تۇراتتى.

— قاچ! — پىچىرلىدىم ئۇنىڭغا، — ئائىلەڭگە مەن ئىگە بولغاچ تۇرىمەن...

مۇھەممەتئىمىن ماڭا لاپپىدە بىر قاراپ قويۇپ نوسىلكىغا تىكىلدى. دوختۇرلارنىڭ چىقىشى ئۈچۈن ئىشىكنى كەڭ ئېچىپ بەردى. مەن يىغلاۋاتقان پارۇق ئەلىنى كۆتۈرۈپ، نوسىلكىنىڭ ئارقىسىدىن ھويلىغا چىقتىم. ھويلا ئىچىنى ساقچىلار بېسىپ كەتكەنىدى.

ئىشىك يېپىلىشى بىلەن تەڭ مۇھەممەتئىمىن ئۆي ئىچىدە قالدى. ئۇنىڭ قېچىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشەندىم. بىردىنبىر ئۈمىد يارىدار ئايال بىلەن مەن ساقچىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىپ يولغا بىللە چىقساق مۇھەممەتئىمىن ھويلىغا چىقالايتتى. ئەمما، ساقچىلار نوسىلكىدىكى ئايال بىلەن ماڭا ئەستايىدىل نەزەر سېلىپ چىقتى. ئېگىز بويلۇق بىر ئىنگلىز ساقچى يېنىدىكىسىگە پەس ئاۋاز بىلەن ئىنگلىزچە:

— يارىدار ياتقۇزۇلىدىغان ئاپتوموبىلنىڭ نومۇرى بىلەن بارىدىغان دوختۇرخانىنى يېزىۋېلىڭلار، يارىدارغا ھەمراھ بولۇپ بىر ساقچى بىللە بارسۇن، — دېدى ۋە مېنى ئىشارەت قىلىپ، — مۇنۇ ناتونۇش كەلگەندى ھازىرلا تۈرمىگە ئېلىپ بېرىلسۇن، — دەپ بۇيرۇدى.

ھويلا ئىچىدە ئوتتۇزدەك ساقچى بار ئىدى. دوختۇرلار بىلەن مېنىڭ ئىككى يېنىمغا تۆت ساقچى كەلدى. چاراقلاپ يېنىپ تۇرغان كوچا چىراغلىرىنىڭ نۇرى ئاستىدا نوسىلكا ئاپتوموبىلغا ئېلىندى. بىر ساقچى قىسقا مىلتىقنى دېۋەيلىگەن پېتى بىللە چىقتى. نېمە ۋەقە بولۇۋاتقىنىنى چۈشەنمىگەن دوختۇرلار بىر - بىرىگە قاراشتىيۇ، گەپ - سۆزسىزلا قول ئىشارىتى ئارقىلىق شوپۇرغا مېڭىش كېرەكلىكىنى ئۇقتۇردى.

پارۇق ئەلى مېنى تېخى تونۇمىغىنىغا قارىماي، يۇمشاق بىلەكلىرى بىلەن بوينۇمغا گىرە سېلىپ، ئەتراپقا گۆدەكلەرچە قارايتتى. ئۇنىڭ يىغىسى ئاللىبۇرۇن توختىغان، شۇ تاپتا ئۇ ئانىسىنى ئېلىپ كەتكەن ئاپتوموبىلغىمۇ ئىنتىلەتتى ۋە يىغلىمايتتى. ماڭا بىر ساقچى ئوردۇ تىلىدا:

— ماشىنىغا چىق! — دەپ بۇيرۇدى قاتار تۇرغان ئۈچ ئاپتومو-



بىلىنىڭ چەتتىكىسىنى كۆرسىتىپ.

— نېمىشقا؟ — قارشىلىق قىلماقچى بولدۇم، — مەن چەت ئەللىك. بۇ شەھەرگە مېھمان بولۇپ كەلگىلى ئۈچ - تۆت سائەتلا بولدى...

— بىلىمىز، بىلىمىز، — دېدى ساقچى قىسقا مىلتىقنىڭ قوندىقى بىلەن بىقىنىمغا تۈرتۈپ، — چىق دەرھال، بولمىسا مەجبۇر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. سۆز قىلىشقا كەلسەك، ساڭا سۆزلەش پۇرسىتى كۆپ...

تىرەجەپ تۇرۇۋالسام پارۇق ئەلىنىڭ ھىمايىچىسىز قالىدىغانلىقىنى چۈشەندىم. چۈنكى، ساقچىلار «جاھىل» لىقىمغا مىلتىق قوندىقى بىلەن «تاقابىل» تۇرىدىغاندەك قىلاتتى. ئانىسى ئېلىپ كېتىلگەن، دادىسى قامالدا قالغان ئۆسمۈر مەن يېتىپ - تارتىپ قالسام ئىگىسىز قالاتتى. ئۇنى كۆتۈرۈپ ئاپتوموبىلغا چىقىشىم بىلەنلا ھويلا ئىچىدىن قاتتىق چاۋاك چالغاندەك چۇس، قىسقا ئوق ئاۋازى چىقتى. ئارقىدىن كىمدۇر بىرى:

— جىنايەتچى بىر ساقچىمىزنى ئېتىپ ئۆلتۈردى...، — دېدى ئۈنلۈك ئاۋازدا، — يىغىلىۋالماي، نېرى - نېرى تۇرۇپ ئىلگىرىلەڭلار!

ئاپتوموبىل قوزغىلاي دەۋاتقاندا يەنە بىر قېتىم بايىقىغا ئوخشاش ئوق ئاۋازى چىقتى. كېيىن نېمە بولغىنىنى بىلەلمىدىم. ئاپتوموبىل ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.

شۇنچە تۇيۇقسىز، قورقۇنچلۇق ۋەقە يۈز بەرگىنىگە قارىماي پارۇق ئەلى قايتا يىغلىمىدى. تۈرمىنىڭ يالغۇز كىشىلىك كامېرىغا قامىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ قۇچىقىمدا ئۇخلاپ كەتتى. زادىلا ئۇيقۇم كەلمەي تاڭ ئاتقۇزدۇم. خىيالىمدا مۇھەممەتئىمىن ئوق چىقىرىپ قارشىلىق قىلماي تەسلىم بولسا ياخشىراقمىدىكىن، چۈنكى، شۇ ھالدا ئۇ بەربىر قولغا چۈشكەنىدىمۇ ئايالى ۋە بالىسى ئۈچۈن يېنىكرەك جازاغا ئۇچرايتتى. ئەمدىلىكتە ئۇ ساقچىنى ئېتىپ قويدى. ئېغىر جازا كۆرۈشكە دۇچار بولسا ئايالى بىلەن بالىسىغا قىيىن بولىدۇ، دەپ ئويلايتتىم.

مېنى ئۈچ كۈندىن كېيىن سوراق قىلىشتى. مۇشۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە پارۇق ئەلى كېچىلىرى جۆيلۈپ، يىغلاپ «ئانا»، «دادا» دەپ

ۋارقىرىدى. ئەمما، كۈندۈزى ئۇ ئۆزىنى توختاتقان چوڭ كىشىلەردەك جىمجىت، ئېغىر ـ بېسىق ئولتۇردى. ئۇنىڭ تار، ئېگىز تورۇسقا، يېتەرلىك كۈن نۇرى ۋە ھاۋا ئۆتكۈزمەيدىغان تۆمۈر پەنجىرىلىك دېرىزىگە قارىغان كۆزلىرىلا ئەنسىرەش، تېڭىرقاش، قورقۇش بىلەن تولغانىدى. ئۇنى چۆچەك، لەتىپە بىلەن ئاۋۇندۇرۇپ تۇرسامۇ، بۇنىڭ ئۈنۈمىنىڭ چوڭ ئەمەسلىكىنى سېزەتتىم.

سوراقخانا سۈرلۈك ئىدى. پارۇق ئەلى ماڭا چىڭ چاپلىشىۋېلىپ، سوراقخانىنىڭ تۆرىدىكى ئۈستەلنىڭ نېرىقى يېقىدا ئولتۇرۇشقان سوراقچى ۋە كاتىپ ئىنگلىزغا، تەرجىمان ھىندىغا ۋە ئىككى تەرەپتە دېۋەيلەپ قېتىپ تۇرۇشقان تۆت ساقچىغا ئەيمىنىپ قورقۇپ قارايتتى.

سوئال ـ سوراقلارنىڭ تەپسىلىي ئېيتىپ بەرگۈچىلىكى يوق. ئىشقىلىپ، كىملىكىم، ھىندىستانغا نېمىشقا كەلگەنلىكىم، مۇھەممەتئىمىننى قانداق تونۇيدىغانلىقىم توغرىسىدىكى سوئال ـ جاۋابلار ئىدى. ئۇلار مېنى يوشۇرۇن ھەرىكەتچىلەرنىڭ چەت ئەلدىكى شېرىكىمۇ ـ قانداق، دەپ شۈبھىلىنىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. مەن ئۆزۈمنى ئارتۇقچە ئاقلاپمۇ، ئۇلار بىلەن دە ـ تالاش قىلىپمۇ يۈرمىدىم. يېنىمدىن ئاختۇرغاندا چىققان ھۆججەتلەرنىڭ ئىسپاتى ئاقلايدۇ، دەپ قاتتىق تۇردۇم.

بۇنداق سوراق بىر ھەپتىچە داۋاملاشتى. مەن سولىنىپ ئون بىر كۈن ئۆتكەندە ئۇلار مېنى چېگرىدىن بىرئاي ئىچىدە چىقىپ كېتىش شەرتى بىلەن قويۇپ بەردى. مەن پارۇق ئەلىنى كۆتۈرۈپ تۈرمىدىن چىقتىم ۋە شۇئان مۇھەممەتئىمىننىڭ ئايالى، پارۇق ئەلىنىڭ ئانىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ تۈرمە دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا بىر ساقچىغا كىيىم ـ كېچەك بېرىۋاتاتتى. ساقچى كىيىملەرنىڭ يانچۇقلىرى، تىكىشلىرىنى سىنچىلاپ تەكشۈرۈۋاتاتتى.

پارۇق ئەلى ئانىسىنى كۆرۈپ شۇنداق تېپىچەكلەپ، ۋارقىراپ تۇۋلىدىكى، قولۇمدىن چىقىپ كەتكىلى تاس قالدى. ئانا ـ بالا ئۇزاق، قېنىشماي كۆرۈشتى، ماڭا نۆۋەت كەلگەندە، ئايالغا تەسەللى ئېيتىشنىمۇ،



كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ قويۇشنىمۇ يادىمدىن چىقىرىپ قويغانىدىم. چۈنكى، ئۇ مېنى كۆرۈپ بەكلا خۇشال بولۇپ كەتكەندەك، شۇ تاپتا ئېرىدىن ئايرىلىش ئەلىمى ۋە بالىسىغا يەنە ئېرىشىش خۇشلۇقىمۇ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ، بوشاپ چىققىنىم ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ۋەقەدەك بىر خىل ھالەتنى ئىپادىلىمەكچى بولاتتى. ئۇنىڭ قەلب دۇنياسىدا ئۆركەشلەۋاتقان ھەر تۈرلۈك مەنە بېرىشكە بەھۇزۇر يېتىدىغان ھېسسىياتىنى چۈشىنىپ تۇراتتىم، ئۇ مەندىن مىننەتدار ئىدى ۋە بۇ مىننەتدارلىقىنى قانداق بىلدۈرۈشنى بىلمەيتتى.

بىز تۈرمە ئالدىدىن بىللە قايتتۇق. ماڭلىيى تېخى ساقايمىغان بولسا كېرەك، تېخىچە بىنت بىلەن تېڭىقلىق ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئادەتتىكى ئەھۋالىنىلا سورىدىم، كۆڭۈلسىزلىك پەيدا قىلىدىغان، مۇھەممەتئىمىننى ئەسكە چۈشۈرىدىغان بۇ يارا ھەققىدە ئېغىز ئاچمىدىم. بىر دوقمۇشقا كەلگەندە ئۇ مېنى ئۆز قورۇسىدا تۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، راستىنى ئېيتقاندا، زورلاپ تۇرۇۋالدى. ئۇ بۇنىڭغا مەملىكەتتىن ئايرىلىش ئالدىدا كۆپرەك بىللە بولۇشنىڭ ئۆزى ئۈچۈنمۇ، مۇھەممەتئىمىن ئۈچۈنمۇ ئاز ـ تولا تەسەللىي بېرىش رولىنى ئويناش ئېھتىمالى بارلىقىنى، ماڭا نىسبەتەن مۇنداق قىلىشنىڭ زىيىنى بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ تۇرۇۋالدى. ماڭا ئالاھىدە باھانە بولمىغانلىقتىن رازى بولۇشقا توغرا كەلدى ۋە ئۇلارنىڭ قورۇسىدا تۇرۇپ قالدىم.

ئۇ ئىككى ـ ئۈچ كۈندە بىر قېتىم تۈرمىگە قاتنايتتى، مۇھەممەتئىمىنگە كىيىم ـ كېچەك ۋە يېمەكلىكلەرنى ئاپىراتتى، ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كېلەتتى. مەن بىلەن سۆھبەتلەشكەندە مۇھەممەتئىمىننى قەدىرلەپ تىلغا ئالاتتى. بۇلارغا ھەيران بولۇپ ئۇھ تارتاتتىم.

يىگىرمە كۈنلەرچە ئۆتكەندە مۇھەممەتئىمىن ئۈستىدىن سوت ئېچىلدى. ئايالى، بالىسى بىلەن مەنمۇ بىرگە باردىم. سۈرلۈك سوت زالى ئىچىدە ئادەم ئانچە كۆپ ئەمەس بولسىمۇ، كىشى ناھايىتى تىنجىق مۇھىت ئىچىدە تۇرغاندەك بولاتتى. مۇھەممەتئىمىن ئەيىبكار مۇنبىرىدە تۇرۇپ ئۆز ـ ئۆزىنى ئاقلىدى. ئۇ بۇ يەردە باشقىچە بىر مۇھەممەتئىمىنگە

ئايلىنىپ قالغاندەك، مەن بۇ قېتىم كېلىپ كۆرگەن بىشەم، ئۇششۇق، خوتۇنىغا بىكاردىن بىكار ئازار بېرىۋاتقان لۈكچەك مۇھەممەتئىمىندىن ئاسمان ـ زېمىن ئۆزگەرگەن، بۆلەكچە بىر مۇھەممەتئىمىندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئەيىبكار مۇنبىرىدە ئەمەس، بەلكى ئالىي مەكتەپنىڭ دەرس مۇنبىرىدە تۇرغاندەك قىزغىن، جاراڭلىق، تەسىرلىك نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇنىڭ چىرايى كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. قوللىرىنى پات ـ پات سىلكىپ، ھاۋادا دائىرە چىقىراتتى.

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ، سودىيە ۋە ئاڭلىغۇچىلارغا رەھمەت ئېيتتى. بىر ئىستاكان سۇ ئىچتى، زالنىڭ تورۇسىغا قادىلىپ بىر پەس قارىغاندىن كېيىن، يىغىن ئالدىدا قىردۇرغان بولسا كېرەك، پاكىز ئېڭىكىنى سىلاپ قويدى. ئاشۇ مۇھەممەتئىمىننىڭ نېمە سەۋەبتىن سۆيۈملۈك خوتۇنىنى خورلاپ ئازابلايدىغانلىقىنى زادىلا چۈشىنەلمەي قالدىم. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ كۆزلىرى بىزگە چۈشۈپ قالدى. ماڭلىيىغا چۈشۈۋالغان قويۇق، ئۆسۈك چاچلىرىنى بېشىنى سىلكىش ئارقىلىق ئارقىسىغا تاشلىدى ـ دە، سەل كۈلۈمسىرەپ باش لىڭشىتىپ بىز بىلەن سالاملاشتى. كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا ئۇنىڭ ئايالىغا قارىدىم. ئايال ئۆزىنى بېسىۋالالماي قالغان بولۇپ، ھەدەپ ئېرى تۇرغان تەرەپكە تەلپۈنەتتى...

شۇ پەيتتە سودىيەنىڭ بوغۇق، يوغان ئۈنى ئاڭلاندى:

— ئەيىبكار ئۈچۈن ئاخىرقى سوئال، — دېدى ئۇ قوپاللىق بىلەن، — نېمىشقا سەن يات ئەلنىڭ مۇھاجىر پۇقراسى تۇرۇپ، كورۇللۇق ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرۇشنى توختاتمايسەن؟

— مەن نەدە زۇلۇم بولسا، شۇ يەردە زۇلۇم سالغۇچىلارغا قارشى كۈرەش قىلىمەن. ۋەھشىي كورۇللۇق ھۆكۈمەت نەچچە مىڭ مىل يىراقتىن كېلىپ، ھىندىستان ئاھالىسىنى تالان ـ تاراج قىلىشقا ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىيالامدۇ؟...

سىرتتىن ئاڭلىغۇچىلار ئىچىدە جانلىنىش پەيدا بولدى، پىچىر ـ پىچىر ئاۋۇپ كەتتى. سودىيە بولقىسى بىلەن ئۈستەلگە ئۇردى ـ دە، مۇھەممەتئىمىننى سۆزلەشتىن توستى:



— قۇترىتىش خاراكتېرىدىكى سۆزلەرنى قىلىشىڭغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، — سودىيە تىنىچلانغان زالغا ھومىيىپ بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، مۇھەممەتئىمىنگە نەزەر سالمايلا داۋام قىلدى، — ئاخىرقى ئۈچ مىنۇت ئويلىنىشقا پۇرسەت بېرىمەن. ئويدان ئويلىنىپ توۋا قىلغىن، رەزىل شېرىكلىرىڭنى ئېيتىپ بەرگىن. شېرىكلىرىڭنى ئېيتىپ بەرسەڭ، توۋا قىلغىنىڭغا ئىسپات بولالايدۇ. بۇ ئۈستۈڭدىن چىقىرىلىدىغان جازا ھۆكۈمىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ...

مۇھەممەتئىمىن سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ، شۇنداق دېدى:

— مەن ئاۋۋال ئويلاپ ئاندىن ئىشلەيمەن. مەن ئويلىنىپ بولغانمەن، ھېچبىر گۇناھىم يوق. شېرىكلىرىم توغرىسىدىمۇ ئىزاھ بېرىپ بولغانمەن. ئۇلار ھەممە يەردە بار ۋە بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. بىراق، ئۇلارنى پاش قىلالمايمەن. تەشكىلىمىزنىڭ نىزامنامىسىدە بىر ـ بىرىمىزنى پاش قىلىش چەكلەنگەن. يەنە بىر مۇھىم سەۋەبىمۇ باركى، ئۇلار بۇ سورۇندا ساڭا ئوخشاش يۇندىخور غالچىلار بىلەن خوجايىنىڭ ئىنگلىزلارنى سوراققا تارتىش شارائىتىغا، ھازىرچە ئېرىشەلمەيۋاتىدۇ...

ئۇنىڭ يەنە نۇتۇق سۆزلەشكە باشلىغىنىنى كۆرگەن سودىيە بولقىسى بىلەن ئۈستەلنى كۈچەپ ئۇردى. ئاندىن قوڭغۇرىقىنى چېلىپ، سوتلاشنىڭ تامام بولغانلىقىنى، سوتچىلار بىلەن زاسېداتېللار كېڭىشىپ بولغۇچە ئارىلىقتا دەم ئېلىش بولىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. بىز ئولتۇرغان قاتارنىڭ كەينىدىكى ئورۇندۇقتىن بىرى كۈچەپ توۋلىدى:

— سۆز ئەركىنلىكى بېرىلسۇن!

تىڭشىغۇچىلار گۇدۇڭلىشىپ كېتىشتى. سوتچىلار، زاسېداتېللار كەينى ئىشىكتىن چىقىپ كېتىشكەنىدى. شۇڭا، زالدىكىلەرنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرىنى تىڭشايدىغانغىمۇ بىرى چىقمىدى. مۇھەممەتئىمىننى بولسا ساقچىلار ئېلىپ چىقىپ كېتىشكەنىدى.

يېرىم سائەتلەرچە ئۆتكەندىن كېيىن سوتچىلار، زاسېداتېللار، ئەيىبلىگۈچى ۋە ئادۋوكاتلار ئۆز ئورۇنلىرىنى ئىگىلەشتى. ساقچىلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا مۇھەممەتئىمىنمۇ ئەيىبكار تۇرىدىغان رىشاتكىلىق مۇنبەر

ئىچىگە كىردى. دەم ئېلىشقا چىقىپ كەتكەنلەر قايتىپ كىرىشتى. سوت زالى جىمجىتلىق تۈسكە كىردى. كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا يېنىمدىكى ئايالغا قارىدىم، ئۇ مۇھەممەتئىمىندىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى. پارۇق ئەلى بولسا بىر نېمىنى كۆڭلى تۇيغاندەك بىردە دادىسىغا، بىردە سودىيەگە ئەجەبلىنىپ، باللارچە قىزىقىش ئىچىدە تەلمۈرۈپ قارايتتى. يەنە بىر مۇنچە رەسمىيەتلەردىن كېيىن سودىيە ھۆكۈم ئېلان قىلدى. مۇھەممەتئىمىن ئەڭ ئېغىر جازاغا — ئۆمۈرۋايەتلىك قاماققا ھۆكۈم قىلىنغانىدى. زال ئىچىدە ھەر-خىل-ھەر تۈرلۈك ھېسسىياتتىن چىققان ئۇھ تارتىشلار ئاڭلىناتتى. يۈرىكىم ئۇرۇشتىن توختاپ قالغاندەك تۇيۇلدى. جازانىڭ ئېغىرلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇ گويا ناھايىتى ئېغىر تاشتەك ئىككى مۈرەمنى كۆتۈرەلمىگۈدەك دەرىجىدە ھالسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتىم. يېنىمدىكى ئايال بولسا گويا ھازىر بۇ زالدا ئولتۇرمايۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئوچۇقتەك تۇرغىنى بىلەن، ئىشەنچ قىلىپ ئېيتالايتتىمكى، ئۇ ھېچنېمىنى كۆرمەيتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ نېمىلەرنى خىيال قىلىۋاتقانلىقى ماڭا بىر سىر ئىدى. لېكىن، بىر نەرسىگە ھۆددە قىلالايتتىمكى، ئېرىگە بېرىلگەن جازا ئۇنىڭمۇ كۆتۈرۈش تۇيغۇسىدىن ھالقىپ كەتكەنىدى.

ياردەمچى سوتچىلاردىن بىرى مۇھەممەتئىمىندىن مال-مۈلۈكلىرى توغرىسىدا پىكىر سورىدى.

— بالامغا ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولىدۇ، — دېدى ئۇ.

— بۇ يەردە ئۇنىڭ ئايالى بارمۇ؟ — توۋلىدى سوتچى زالغا قاراپ.

تېڭىرقاپ قالغان، ئەقلى خىرەلەشكەن ئايال دەماللىققا جاۋاب بەرمىدى. جەينىكىم بىلەن ئۇنى نوقۇپ قويدۇم. سوئال ئىككىنچى قېتىم تەكرارلانغاندا ئۇ ئورنىدىن تۇردى.

— ئېرىڭىز ئۈستىدىن چىقىرىلغان ھۆكۈمنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى باش سوتچى ئۇنىڭدىن.

— ئاڭلىدىم.



— سىز قانداق قىلماقچى؟

— نېمىنى قانداق قىلماقچى؟ — قايتۇرۇپ سورىدى ئايال. ئۇنىڭ سوئالىنى چۈشىنەلمەي قايتۇرۇپ سورىغىنىنى ياكى سودىيەگە زەردە قىلىپ سورىغىنىنى بىلگىلى بولمايتتى.

سودىيە رەنجىگەندەك قاپىقىنى تۈردى ۋە:

— ئەيىبنامىدە جاۋابكارنىڭ سىزنى ئىزچىل خورلاپ كەلگەنلىكىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغان، — دېدى نېمىشقىدۇر يۆتىلىپ قويۇپ، — ئۇ باشقا ئاساسىي جىنايەتلىرى، شۇنداقلا سىزگە قارىتىلغان غەيرىي ئادەمگەرچىلىك قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ، تارتقاندىمۇ ئۆمۈرۋايەت تارتىدۇ...

— سىلەرنىڭ ھۆكۈمىڭلارغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرىمەن! — دېدى ئايال ھاياجىنىنى باسالماي تىترەپ، — تۇتۇرۇقسىز ئەيىبنامىدە ئايالىنى ھەمىشە خارلىغان، ئۇرغان... دەپ يېزىلىپتۇ. لېكىن، ھېچكىم مەندىن ھېچنېمە سورىغىنى يوق. ئەگەر ئەيىبنامىگە ئۇنىڭ ئەيىبى دېگۈدەك نەرسىلەر يېزىلغان بولسا ياخشى بولاتتىغۇ. ئەمەلىيەتتە پۈتۈنلەي تۆھمەتلەر يېزىلىپتۇ. مەن ئۇنى... ئۇنى ياخشى كۆرەتتىم، ئۇمۇ شۇنداق ئەلۋەتتە. قايسىبىر ئائىلىدە ئۇنداق ياكى مۇنداق غاژ-غۇژ، جېدەل-ماجىرا بولماي كەپتىكەن؟ ئەگەر سىلەر ئائىلە ئىشىنى راستىنلا تىلغا ئالماقچى بولساڭلار، بىزنىڭ ھەمىشە ئىناق ئۆتكىنىمىز مەدھىيىلىنىشى كېرەك.

— بىز سىزدىن نېمە قىلىشىمىز كېرەكلىكى توغرىسىدا يوليورۇق سوراۋاتقىنىمىز يوق، — سودىيە ئاچچىقلىنىپ داۋام قىلدى، — ئېرىڭىز ئۆمۈرۋايەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى، سىز ئاجرىشىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق. بۇ ھالدا تەلىپىڭىز ھازىرلا ئورۇندىلىدۇ...

— ياق، مەن ئاجراشمايمەن!

سودىيە، تەپتىش، ئادۋوكاتلار ۋە زالدا ئولتۇرغان ھەممەيلەننىڭ كۆزى ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدى. باش سودىيە ھەتتا ھاياجىنىنى يوشۇرالماي زۆرۈرىيەتسىز يۆتىلىپ قويدى-دە:

— « ئۆمۆرۋايەتلىك قاماق » دېگەن سۆزگە دىققەت قىلىڭ ، — دېدى .

ئايال باشقىلار ياقىسىنى تۇتۇپ شائادەت ئېيتقۇدەك كۆلدى ۋە :

— كىم بىلىدۇ ، ئۆمۆرۋايەت قاماقتا ياتىدىغىنى مۇھەممەتئىمىن بولامدۇ ياكى بىر كۈنلەر كېلىپ سىلەر ئورنىغا ئالمىشىپ قالامسىلەر تېخى ، — دېگىنىچە بوشىشىپ ئولتۇرۇپ قالدى .

سوت مەجلىسى ئاخىرلاشقان ھېساب بولدى . بىز قايتىپ كەلدۇق . ئايال تاماق يېمەي ، ئۇسسۇلۇقمۇ ئىچمەي نەق بىر سوتكا يىغلىدى .

— ئۆزىڭىزنى ئالدۇرۇپ قويىسىز ، — دېدىم ئۇنى قانداق بەزلىشىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ ، — مۇھەممەتئىمىننى ، بالىڭىزنى ئاسرىشىڭىز ، شۇلار ئۈچۈن بېجىرىم تۇرۇپ بېرىشىڭىز كېرەككۇ ؟

ئايال بېشىنى كۆتۈرمىدى . ئېسەدىگىنىچە شۇنداق دېدى :

— ئاھ جۇمەقارىي ، بۇلار ماڭا مەلۇملۇق ، مەن ئۇنىڭغىمۇ ، ئۆزۈمگىمۇ ئىچ ئاغرىتىپ كەتمەيمەن ، ئۇ ئۆز ئىشىنى توغرا ، ھەق دەپ قىلغان . بۇلار توغرىسىدا ئۆلۈم سىرتمىقى بېشى ئۈستىدە پۇلاڭلاپ تۇرغان سورۇندىمۇ چىرايى ئۆڭمەي سۆزلىدىغۇ ؟ لېكىن ، لېكىن . . . بىز نېمىشقا بىر - بىرىمىزدىن ئۆمۆرۋايەت جۇدا بولۇپ ياشايدىكەنمىز ؟

— تەقدىر پېشانە . . . ، — دەپ غودۇڭشىپ قويدۇم ، نېمە دېسەم مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەي .

— قۇرۇپ كەتسۇن شۇنداق تەقدىر ، — ئەسەبىيلەرچە تولغىنىپ ۋەتتى ئۇ ۋە شارتتىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ ، گويا مەن ئەيىبلىكتەك ماڭا دېۋەيلەپ تۇرۇپ داۋام قىلدى ، — ئۇ ئۆزىنى ئويلىغىنى يوق ، باشقىلار ياخشى ياشىسۇن ، ئېزىلمىسۇن ، جاپا تارتمىسۇن ، دېدى . ئۆزىنى ، ئائىلىسىنى باشقىلار ئۈچۈن قۇربان قىلدى . . . مانا شۇنداق ئادەملەرنى ئۆلۈغلاش ، باشقا ئېلىپ كۆتۈرۈش كېرەك ئىدى . ھالا بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۇنىڭ تەتۈرىسى بولۇۋاتىدۇ . . .

— خۇدا ئاسان قىلار . . .

— ئەمدى نېمىنى ئاسان قىلىدۇ ؟ — ئۇ گەپ خۇدا ئۈستىدە



كېتىۋاتقانلىقىنى ئەمدى يادىغا كەلتۈرگەندەك چىپپىدە توختاپ قالدى ۋە لېۋىنى چىشلىدى .

ئىچىمدە كەلمى شائادەت ئوقۇدۇم ، لېكىن ئۇنۇمنى چىقىرىپ ھېچنېمە دېمىدىم . ئۇمۇ تۇرغىنىچە تۇرۇپ كەتتى .

ئايال چۈشتىن كېيىن خەت كۆتۈرۈپ كىردى . مېھمانخانا ئۆيدە بىرنەچچە قېتىم ئوقۇدى ، ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كېتىپمۇ كەچكىچە چىقمىدى . پەمىمچە ئاشۇ خەتنى ئوقۇش بىلەن بولدى . ئۇنى بېسىقىغا چۈشۈرۈپ قويغان ، يىغىسىنى پەسلەتكەن بۇ خەتنىڭ كىمدىن كەلگەنلىكى ، نېمە مەزمۇندا يېزىلغانلىقى مېنى شۇنچە قىزىقتۇرسىمۇ ، سوراشنى بىئەپ كۆرۈپ ئېغىز ئاچالمىغانىدىم . ناماز خۇپتەندىن يېنىپ كىرگەن چېغىمدا ئۇ خەتنى ئۆزلۈكىدىنلا ماڭا بەردى :

— ئوقۇپ بېقىڭ ، مۇھەممەتئىمىننىڭ خېتى ئىكەن !

خەتنى تېز قولۇمغا ئالدىم . ئۇنىڭدا شۇنداق يېزىلغانىدى .

« قەدىرلىكىم :

ياۋۇزلۇق بىزدىكى ئادالەتنى بېسىپ كېتىدىغان كۈچ - قۇۋۋەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلەتتۇق ، بۇنى بىلسەكمۇ ، بىز بۇ ياۋۇزلۇقنىڭ ياقىسىنى يىرتماقچى ، يۈزىگە تۈكۈرۈپ شەرمەندە قىلماقچى بولۇپ ئاتلانغاندۇق . مەن بۇ جەڭدە ھەرىكىتىمىزنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈپ ، ياۋۇزلۇق بابىنىڭ ئاخىرقى قۇرىنى يېزىپ بولالايمەن دەپ ئويلاپمۇ كەتمىگەن . چۈنكى ، ئاخىرقى قۇرنى مىليونلىغان كىشىلەرلا يېزىپ پۈتتۈرەلىشى مۇمكىن ئىدى . ھالبۇكى ، مىليونلىغان كىشىلەر بولسا تېخى تامامەن ئويغىنىپ بولالمىغانلىقى مەلۇم . شۇڭا ، يېزىلىپ تۈگىمىگەن بەتلەر ئۈستىگە قېنىمىز تۆكۈلۈشىمۇ كۈتۈلمىگەن ئىش بولمايتتى . مەن بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىسمەتلەر ئويلىغىنىمدىن تاشقىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ، تۇتۇلۇشۇمنىمۇ ، دارغا ئېسىلىشىمنىمۇ ھەيران قالارلىق ئىش دەپ قارىمايمەن . ئەمەلىيەتتە ، مەن دارغا ئېسىلمىدىم . دېمەك ، مەن تېخى سەپ ئىچىدە . شۇڭا ئۆتۈپ كەتكەنلەر ئۈچۈن ھەسرەت چەكمەيمەن ، پۇشايمان قىلمايمەن . شۇنداقلا ئۆلمىدىم دەپ مەمنۇنمۇ بولمايمەن . ماڭا

بىرلىگەن پۇرسەت ئۈمىد قىلىشنىڭ يولى ئىتىلىپ كەتمىگەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە . مەن قەپەسكە سولىنىپ قالغان بولسامۇ ، باشقىلار سەپەردىن توختىمايدۇ . قولۇمدىن قەلەم تارتىۋېلىنغان بولسىمۇ ھېلىقى بابىنىڭ ئاخىرقى قۇرىنى باشقىلار يېزىپ پۈتتۈرەلەيدۇ . مەيلى ياخشى ياكى يامان ئىشنى ئىنسانلار ئارىسىغا چاچقان كىشىنىڭ ئارقىسىدىن مەيلى سانى كۆپ ياكى ئاز بولسۇن ، ھامان داۋاملاشتۇرغۇچىلار ماڭماي قالمايدۇ . ياخشى ئىش ، ئېزگۈ ئىشلارنى باشلىغانلار ئاز بولسىمۇ ئەگەشكۈچىلىرى جەزمەن ئاستا ـ ئاستا كۆپىيىدۇ . يامان ئىش ، قەبىھلىكلەرنى پەيدا قىلغۇچىلار ھامان بىر كۈنى ئازىيىدۇ ، تۈگەيدۇ . . . بۇلارنى سېنى بىلمەيتتى ، ئەمدى بىلىۋالسۇن دەپ تەكرارلاۋاتقىنىم يوق . بەلكى ، شۇ تاپتا قانداق ئوي ـ پىكىردە ئىكەنلىكىم مەلۇم بولۇپ قالسۇن ، دەپ يېزىۋاتىمەن . مېنى توغرا چۈشىنەرسەن . ئەمدى ئىككىمىزگە مۇناسىۋەتلىك گەپنى يازاي :

ئاخىرقى سوت مەجلىسىدە سەن ئاجرىشىشنى رەت قىلدىڭ . مېنىڭچە ، رەت قىلماسلىقىڭ كېرەك ئىدى . بىز بىللە ياشىغان شۇ يىللار جەريانىدا بىر ـ بىرىمىزنى بىلەلمەيدىغان ھالەتتە ياشىمىغانلىقىمىز ماڭا مەلۇملۇق . ئەسلىدە بىز ياخشى ئۆتكەن ئامراق ئەر ـ خوتۇنلار سۈپىتىدە ئانا يۇرتىمىزغا بارغان بولساق بەكمۇ ياخشى بولاتتى . سەن مېنى دەپ ئۆز ئائىلەڭدىن ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭدىن ۋاز كەچكەنىدىڭ . سېنىڭ ماڭا بولغان بۇ ئەقىدەڭگە قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي كۆپ ۋاقىتلارنى زايە قىلىۋەتتىم . سېنى ئېلىپ يۇرتىمىزغا بېرىپ كېلىش ئەقلى كاللامغا كەلگەندە بولسا ، مۇستەملىكىچى دائىرىلەر دۆلەت چېگرىسىدىن ئەمەس ، مۇشۇ شەھەردىن سىرتقا چىقىشىمىنىمۇ چەكلەپ قويدى . شۇنداق ئەھۋالدا باشقىسىنى يازمىسامىمۇ ساڭا چۈشىنىشلىك . ئۇلارنىڭ كۆزىگە چۈشكۈدەك ھەرىكەت ئەمەس ، يېغىرىغا تەگكۈدەك گەپ قىلىپ قويسامىمۇ سولاققا ئېلىنىش خەۋپىدە قالغانىدىم . . . ئەمما ، ھېچپەرگە بارغۇزماسلىق مەن بىلەن چەكلىنەتتىكى ، ئۇلارنىڭ بۇيرۇقى ساڭا تەئەللۇق ئەمەس ئىدى . شۇڭا ، سېنى كېتىشكە قىستىدىم . ماڭا يۈزلەنگەن خەتەر سېنى بىئارام



قىلمىسۇن ، دەپ ئويلىغانىدىم ، سېنى ماڭا چېتىلىپ جاپا چېكىپ قالمىسۇن دەپ غەم قىلغانىدىم . بۇلار توغرىسىدا ساڭا سۆزلەپ بېرىشىمنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار ئىدى ؟ سېنىڭ دىلىڭنىمۇ ئەنسىزلىككە سېلىش ھاجەتمىدى ؟ ئاخىر بېرىپ ، سېنى مەندىن خاپا بولسۇن ، ئاچچىقلانسۇن ، دېدىم . بۇ ئۇرۇنۇشۇم مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقمىغانسېرى ماڭا بولغان نەپرىتىڭنى ، غەزىپىڭنى قوزغاشقا تىرىشتىم . سەندە « مۇشۇنداق ياۋۇز ئەر بىلەنمۇ ياشاپتىمەن ، داۋاملىق ياشايمەنمۇ ؟ » دېگەن چۈشەنچە تۇغۇلسۇن ، دەپ ھەرىكەتكە ــ ئەمدى ئويلىسام ، ئىنتايىن يارىماس ھەرىكەتكە ئۆتتۈم . . . ھەممە ئۇرۇنۇشۇم نەتىجىسىز بولدى . ئەمدى مۇمكىنچىلىكى بارمۇ سېنىڭ ئاشۇ تاياق تەگكەن بەدەنلىرىڭگە يۈزۈمنى سۈۋايدىغان ؟ ئەمدى شارائىت بارمۇ ياش قۇيۇلغان كۆزلىرىڭگە قېنىپ سۆيىدىغان ؟ ! دۇنيادا ياخشى كۆرۈش بار دېيىلسە ، ئۇ مېنىڭ سېنى ياخشى كۆرۈشۈم ئىدى . لېكىن ، نەدە مۇشۇنداق ياخشى كۆرۈش بولسۇن ! قىلىقلىرىمغا ، ھەرىكەتلىرىمگە ، پەسكەشلىكلىرىمگە يۈكسەك سەۋر بىلەن ئالىيجاناب مۇئامىلە قىلىپ تۇرۇۋالدىڭ . كېيىنكى يېرىم يىل ئىچىدە مېنى نېمە دېسەڭ دە ، مەن سېنى تىللىغان ، خورلىغان ، ئۇرغاندىن كېيىن قانچىلىك يىغلىغىنىمنى ، ئازابلانغانلىقىمنى ئۆزۈمدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ . . .

مەن تۇتۇلغان ئاخشىمى سېنى قاتتىق ئازار يېيىشكە گىرىپتار قىلدىم . سېنىڭ مېنى قانداق تۇتىدىغانلىقى ، قانداق باغلايدىغانلىقى ، قانداق خورلايدىغانلىقىنى كۆرمەي قالسۇن ، دېگەنىدىم . مەن ئۇ كۈنى مېنى تۇتىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا بىلگەن بولغاچقا ، باشقىلارنى چاتماسلىق ئۈچۈن كەچكىچە تالادا يۈرۈپ ، بىرمۇ تونۇشنىڭكىدە بولمىدىم . ئەمما ، ئۇلار مېنى كوچىدا تۇتمىدى . كۆرۈنمەيلا تۇرمىگە بېرىۋېلىشىمغا بولمىدى . شۇڭا ئۆيگە بەك كەچ كىرگەنىدىم . ئۇلار بەرىبىر مېنى ئۆيدە تۇتتى . بۇنداق قىلىشىمنىڭ سەۋەبى ، سېنى مەن بىلەن ئەر ـ خوتۇن بولغانغا پۇشايمان قىلىپ ئازابلانمىسكەن ، دېۋىدىم . شۇڭا ، ھېسسىياتىمدا ھەم سېنى ماڭا نەپرەتلەندۈرۈش ، ھەم نەپرەتلەندۈرۈپ قويۇشتىن ساقلاش

ئارزۇسى قاتتىق كۈرەش قىلىپ تۇراتتى... يەنە دېسەم يەنە شۇ گەپ، بۇلارنى يازماي ئەمدى!

سەن ھەققىدە ئويلىغانلىرىمدا خاتالاشمىغىنىم ئۈچۈن خۇشالمەن، ئۆزۈمنىڭ قىلىقلىرىم ئۈچۈن خىجالەتلا ئەمەس، قاتتىق پۇشايمان ئىلكىدە ئۆز گۆشۈمنى يەيمەن. سېنى مەندىن نەپرەتلەنسۇن دەپ، ئاخىر ئۆزۈمدىن ئۆزۈم نەپرەتلىنىدىغان ئاقىۋەتكە قالدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن سەندىن خۇشالمەن، سەن بىلەن پەخىرلىنىمەن. مەن ئۆلۈمگە تەييارلانغانىدىم. بىراق، بۇ ئۆمۈرۋايەتلىك زىنداندا ئولتۇرۇش بىلەن ئالماشتى. خەيرىيەت، مەندە يەنە ياشىشىمغا، ۋاقتى - سائىتى كەلگەندە ياۋۇزلۇقنى جازالاش مۇمكىنچىلىكىگە ئۈمىد پەيدا بولدى.

مەن سەندىن خاتىرجەممەن، بىزنىڭ ئورتاق خاتىرىمىز بولغان پارۇق ئەلنى ياخشى تەربىيىلەيسەن. سەندە بىر ئارتۇقچە شارائىت ۋە شادلىق باركى، ئورتاق خاتىرىمىز سېنىڭ باغرىڭدا!

تۇرمۇشتا قىيىنچىلىق تارتىپ قالساڭ مۈلكىمىزنى سېتىپ خىراجەت قىلغىن. دۇكانلاردىن تاپشۇرۇلىدىغان، تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك كىرىملەر ھەققىدىكى ھۆججەتلەر ئىشكاپىمنىڭ ئاستىنقى كۆزىدە. شۇ يەردە يەنە بىزنىڭ ھېچكىمگە ۋە ھېچقانداق ئورۇنغا قەرزدار ئەمەسلىكىمىز توغرىسىدىكى ھۆججەتلەرمۇ بار. خېلى ۋاقىتلاردىن بۇيان ھېساب - كىتابلارنى ئېنىق قىلىپ قويۇشقا قول تىققانىدىم.

سەن ۋە ئوغلىمىزنىڭ يۇرتقا بارغۇسى كېلىپ قالسا دەپ، بانكىغا سېلىپ قويغان پۇلنىڭ چېكى چامادانىنىڭ ئىچىدىكى لاتا خالتىنىڭ ئاستىدا. ئەمدى مېنى مەجبۇر قىلىۋاتىدۇ دەپ چۆچۈمەي، پۇلنى ئېلىپ يۇرتىمىزغا بار، كۆڭلۈڭ چۈشۈپ قالىدۇ. مېنى يوقلاپ كەلگۈڭ بولسا كەلسەڭمۇ بولىدۇ. بۇلار مېنىڭ ئۆتۈنۈشۈم ۋە ئىلتىماسىم، ھەرگىز بۇيرۇق ئەمەس. مەن سېنى ئەبەدىي يادىمدا تۇتىمەن ۋە ئۇلۇغلايمەن.

جۇمە قارىيھاجى كېتىپ قالمىغان بولسا، ماڭا ۋەكالىتەن ئەپۇ قىلىشىنى سورارسەن. ئۇ سەپەردىن كەلگەن ئاخشىمى مەن ئۇنىڭغا ياخشى قارىيالمىدىم. ئاشۇنداق قىلسام ئۇمۇ مەندىن رەنجىيدۇ، چىقىپ



كېتىدۇ ۋە مېنىڭ كاشىلامغا قالمايدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. قارىغاندا، بۇ ئورۇنۇشىمدا خاتا قىپتىمەن: سوت ئالدىدا مەن ئۇنى سېنىڭ يېنىڭدا كۆردۈم...

ساڭا ئەڭ يۈكسەك ھۆرمىتىمنى ئىپادە قىلىمەن!

مۇھەممەتئىمىن كامېردا يازدى.»

خەتنى ئوقۇپ كۆزۈمگە ياش كەلدى. ئالدىمدا ئايال كىشى بولمىسا ئۈنئۈمنى قويۇپ بېرىپ يىغلىۋەتكەن بولاتتىم. شۇنداقتىمۇ ئايال يوشۇرغىلى بولمايدىغان ئىچكى كەچۈرمىلىرىمنى بىلىپ بولغان بولسا كېرەك، تېخىچە مېنى رىغبەتلەندۈرۈپ كەتتى. كۆڭلۈمنىڭ ئارامى بولمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ سۆزلىرى قۇلىقىمغا تازا كىرمىدى. ئۇ خەتنى قايتا ئوقۇش بىلەن بەند بولۇپ كەتكەچكە بىئەدەپلىكىمنى تۇيماي قالدى.

ئەتىسى قايتىشقا تەرەددۇت قىلىپ بازارغا چىقتىم. يەرلىك مەمۇرىي دائىرىلەرنىڭ ھىندىستاندىن چىقىپ كېتىشىم توغرىسىدا بەلگىلەپ بەرگەن سۈرۈكىمۇ توشۇپ قالاي دېگەنىدى. يەنە بىر جەھەتتىن، يۈرىكىمدىمۇ ئاجايىپ ئۇلۇغ ئىستەكلەر مەۋج ئۇرۇپ، ئۆركەشلەپ مېنى ئولتۇرغىلى قويماۋاتاتتى. يەنى مەن تېزرەك يۇرتۇمغا بېرىپ، ئۇلۇغ، ساۋابلىق ئېزگۇ ئىشلار بىلەن ئۇخلاپ ياتقان خەلقىمنى ئويغىتىش، دىلىنى ئاقارتىشقا ئالدىرايتتىم. ئايال كەتمەكچى ئىكەنلىكىم توغرىسىدىكى گەپلىرىمگە جىمجىت قۇلاق سالدى. كۈتكىنىمنىڭ ئەكسىچە، ئالدىرىماسلىقىمغا زورلاپمۇ كەتمىدى. پەقەت ئۆزىدىن رەنجىمەسلىكىمنى، مۇھەممەتئىمىن ۋە ئۆزىنى ئەپۇ قىلىشىمنى ئۆتۈندى. سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ئىمكانىيەت تېپىپ قالسام كېلىشىمنى تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭدىن:

— بۇ گەپلەرچە سىلى يۇرتقا بېرىپ - كېلىش ئويىدا ئەمەسكەنلا - دە؟ — دەپ سورىدىم.

— مۇھەممەتئىمىنسىز يالغۇز بارغىنىمنىڭ نېمە پايدىسى؟ — دېدى ئۇ ئويچان كۆزلىرىنى يەرگە تىكىپ.

— ئۇنىڭ ئۆزى شۇنداق تەكلىپ قىلىۋاتىدىغۇ؟ — دېدىم يەنە.

ئايال بىر مىنۇتچە جىمىپ كەتتى. كېيىن ئۆز - ئۆزىگە

سۆزلەۋاتقاندەك دېدى :

— بۇ ئۇنىڭ ياخشى كۆڭلى . بۇنىڭدىن پايدىلانسام بولاتتى ۋە كېيىنچە قايتىپ كەلسەممۇ ئىككىلىمىز خىجالەت تارتمايتتۇق . لېكىن ، ئۇنىڭ يېنىدا بولۇشۇم لازىم . تۇرمىدىكىلەر رۇخسەت قىلسىلا ھەر كۈنى بېرىپ يوقلاپ تۇرىمەن . شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ مەنىۋى ئازابىنىڭ بىر قىسمىنى كۆتۈرۈۋەتكىلى بولار ، دەپ ئويلايمەن . . . سىلىنىڭچە بۇنداق قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقمۇ ؟

ماڭا ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىشتىن باشقا يول قالمىغانىدى . قەتئىي ئىرادىگە كەلگەن بۇ ئايالنىڭ پەزىلىتىنى ماختىدىم ۋە شۇنداق قىلىشقا رىغبەتلەندۈردۈم . ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن ماڭا رەھمەت ئېيتىپ ، سۈس كۈلۈمسىرەپ قويدى .

چۈشتىن كېيىن بىز تۇرمىگە بېرىپ مۇھەممەتئىمىننى يوقلىماقچى بولدۇق . بۇنىڭغا ھىندىستاندىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىمنى باھانە قىلماقچى بولدۇق . تۇرمە دائىرىلىرىنىڭ يۈز تۇرا كۆرۈشتۈرمەي قېلىشىنى كۆزدە تۇتۇپ ، ئىككىمىز ئايرىم خەت يازدۇق . مەن خەتتە قايتىپ كېتىش بۇيرۇقى ئالغىنىمنى ، قايتمىسام بولمايدىغانلىقىنى ، ئۇنىڭدىن رەنجىمىگىنىم ۋە شۇ سەۋەبتىن ئەپۇ قىلىش مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ، كەلگۈسىدە شارائىت ۋە ئىمكانىيەت بولسا بومبايغا كېلىپ قېلىشىم مۇمكىنلىكىنى ، شۇ چاغدا يەنە ئۇچرىشىپ قېلىشقا تەشنا ئىكەنلىكىمنى . . . يازدىم . ئايال نۇرغۇن ئويلاپ ئولتۇردىيۇ ، قىسقىلا خەت يازدى . ئۇ مېنى ئوقۇپ بېقىشقا تەكلىپ قىلدى . خەتتە شۇنداق يېزىلغانىدى :

« قەدىرلىكىم :

يازغان بىباھا خېتىڭنى ياندۇرۇپ ـ ياندۇرۇپ ئوقۇدۇم . خۇشال قىلدىڭ مېنى ، سەن تەسەللى ، بەزلەشلىرىڭگە موھتاج ئەمەس . شۇنداقتىمۇ سېنىڭ ھەممە ئىشلىرىڭنى توغرا ، ھەققانىي دەپ قاراپ كەلگەنلىكىمنى ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق قاراشتىن ۋاز كەچمەيدىغانلىقىمنى بىلدۈرگۈم كېلىدۇ . بۇرۇندىن تارتىپ سېنى ھېچقاچان ، ھېچقانداق نەرسىگە زورلىمىغانىدىم . سېنىڭمۇ مەيلى قانداق ۋاقىتتىن



تۇرۇپ دېيىشكىدىن قەتئىينەزەر ، مېنى ئۇنداق ياكى مۇنداق قىلىشقا زورلىماسلىقىڭنى ئۆتۈنىمەن . بۇلارنى سېنىڭ ياخشى نىيەت بىلەن مېنى يۇرتقا كېتىش توغرىسىدىكى يازمىشلىرىڭغا قارىتىپ ئېيتىۋاتىمەن . مېنىڭ سەنسىز قايتىشىم مۇمكىن ئەمەس . بۇنى ئەخلاق نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرۈشكىمۇ بولىدۇ ، مىللىتىمىزنىڭ ئادەمگەرچىلىكىگە تەۋە پسىخىكىسى ئارقىلىق ئىزاھلاشقىمۇ بولىدۇ . قىسقىسى ، مۇشۇ شەھەردە سېنىڭ قېشىڭدا تۇرۇشۇم كېرەك . تۇرمە دائىرىلىرى يول قويسىلا بالىمىز بىلەن سېنى ھەركۈنى كۆرۈپ تۇرۇشىمىز ساڭىلا ئەمەس ، بىزگىمۇ تەسەللى بولىدۇ .

جۇمە قارىيھاجى قايتماقچى ئىدى . ئۇ سەن بىلەن خوشلاشقىلى بارساق ئالىمادىس كۆرۈشتۈرمەي قالسا بېرەرمىز دەپ خەت يازدۇق . دەل شۇ سەۋەبتىن كۆپرەك يازالمىدىم . سەنمۇ قانداق ياشاۋاتقانلىقىڭ ، خىياللىرىڭ ، ھېس ـ تۇيغۇلىرىڭ ھەققىدە پات ـ پات ، ئۆزۈڭدىن ئۇزۇن يېزىپ تۇر . ئۆزۈڭ بولمىغاندىمۇ خېتىڭنى مەن بىلەن بىرگە بولۇش شەرىپىگە يەتكۈزگىن .

سېنى ئۇلۇغلاپ : گۆھەر يازدىم »

تۇرمە دائىرىلىرى بىزنى دەرۋازىدىنلا قايتۇرۇۋەتتى . نېمىلا بولمىسۇن ئېلىپ بارغان كىيىم ـ كېچەك ، يېمەكلىكلەرنى ، شۇ قاتاردا ئىككىمىز يازغان خەتنى تاپشۇرۇپ بېرىشكە ماقۇل بولدى .

مەن گۆھەردەك ئايال گۆھەر بىلەن خوشلىشىپ شۇ ئاخشىملا بومبايدىن چىقىپ كەتتىم . شۇنىڭدىن كېيىن بومبايغا يەنە بېرىش ، مۇھەممەتئىمىن ۋە ئۇنىڭ ئايالىنى قايتا كۆرۈش نېسىپ بولمىدى . . .

شاجۇمەنىڭ ھېكايىسى تۈگىدى . بۇ ھېكايە ھەممەيلەننىڭ دىلىنى ئېزىپ قويىدى بولغاي ، ھېچكىم ھېچنەرسە دېمەي ئېغىر تىنىپ ، پۇشۇلدىشىپ ئولتۇرۇشتۇق . شاجۇمە ئۆزىنىڭ خىيالىدا ياشلىق دەۋرگە قايتتى . ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ ، قورۇلغان ، دات باسقان تۆمۈرگە ئوخشاپ قالغان چىرايىدا ئاللىقانداق بىر ئىپادىنى پات ـ پات ئالماشتۇرۇپ ، دەم بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلۈمسىرەيتتى ، دەم ئاچچىقلانغاندەك قاپىقىنى

تۇرەتتى. لېكىن، ئۇنىڭ چىرايىدىكى بۇخىل ئىپادە ئالمىشىش ئالامىتىنى ئۇنىڭ بىلەن شۇنچە ئۇزاق يىللار بىرگە بولغان مەنلا سېزەلەيتتىم. ئەمەلىيەتتە، بىرلا قارىماققا ئۇ ھېرىپ ھالىدىن كېتىپ، ئۇخلاپ ياتقاندەكلا كۆرۈنەتتى. مۇھەممەت ئاقچى بولسا نېمىشقىدۇر توختىماي بارماقلىرىنى قارسىلدىتىپ ئولتۇراتتى. ئۇ پۈكلىۋالغان ئىككى تىزىنىڭ ئارىسىغا ئېگىشىۋالغانلىقتىن، چىرايىدىكى ئىپادىنى بىلگىلى بولمايتتى. چولپانخان بولسا ھارۋا شادىسىغا يېتىپ يۆلىنىپ، يىراقتىكى نامەلۇم بوشلۇققا قارايتتى. ئۇنىڭ قارىغان تەرىپى تۈپتۈز كەتكەن غىلاڭ سايلىق بولۇپ، كۆز يېتىم نېرىدىن ئىسسىز يالقۇندەك سەرەپ لاۋۇلدايتتى.

ھارۋىنىڭ چوڭ، كېلەڭسىز چاقى توپا پۇرقىرىتىپ ئايلانماقتا. ئەتىگەن سەھەردە يېتەرلىك چىڭىت يېغى قۇيۇلغىنىغا قارىماي ئۇقتىن بوغۇق غىچىلداش ئاۋازى چىقاتتى. ھارۋىكەش تىزىغا بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ قالغانلىقتىن، ئات ئۆز - ئۆزىنى سوراپلا ماڭماقتا ئىدى.

بىز يەنە بىر كۈن شۇنداق زېرىكىشلىك يول ماڭدۇق ۋە يېڭىسارغا كەلدۇق. مۇھەممەت ئاقچى يېڭىسارلىق بولسىمۇ بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرماسلىقنى، ئىمكانىيەت بولسا توختىماي مېڭىپ كېتىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ بۇ يەردە توختىغۇسى يوقلۇقىنىڭ سىرى ماڭا چۈشىنىشلىك ئىدى. ئۇ ئۆز يۇرتىدا قانداقتۇر بىرلىرىنىڭ تونۇپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلاتتى. باشقىلار بۇنىڭ تېگىگە يەتمىگەنلىكتىن مۇشۇنداق كاتتا ناھىيە بازىرىدا توختىماي ئۆتۈپ كېتىشكە تازا قوشۇلغۇسى كەلمەيتتى. شۇنداقتىمۇ ھېچكىم مۇھەممەت ئاقچىنىڭ قارارىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنمىدى، چۈنكى، بازار كۆرۈش، سەيلە - تاماشا قىلىش سەپەرداشلىرىمىزنىڭ ماھىيىتىگە ماس كەلمەيتتى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇلار ئۈچۈن بازار بىلەن مازارنىڭ پەرقى يوق، بەلكى تېخى مازار بازاردىن بىخەتەررەك، تىنچراق تۇيۇلاتتى. ھارۋىكەش ناھىيە بازىرىدىن يانداپ ئۆتۈپ، سېپىل تېشىدىكى توپىلىق يول بىلەن ئايلىنىپ، بىر ئۆتەڭ نېرىدىكى كۆجۈمغىنا بىر يېزىغا بارغاندا تۈنەشنى تەكلىپ قىلدى.

— ئاتنى ئارام ئالدۇرۇش لازىم. ھارۋىنى جۆندەپ، ئوقنى



ياغلاشمۇ مۇھىم يارانلار، — دېدى ئۇ.

ئۇنىڭغا ھېچكىم قارشى چىقمىدى. ئەمما، مۇھەممەت ئاقچى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ئوقنى ياغلىساڭ ياغلا بۇرادەر، بىزمۇ ئاز - تولا قورساق باقايلى، شۇنىڭدىن كېيىن كېچىلەپ يولغا چىقايلى، بۇ يەردە تۈنەشكە بولمايدۇ.

— نېمىشقا؟ — سورىدى ھارۋىكەش.

مۇھەممەت ئاقچى بۇرۇتىنى تاتىلاپ قويۇپ، شۇئان باھانىسىنى ئېيتتى:

— يېڭىساردا چېرىك كۆپ. بۇ يەر ئاتام زامانىدىن تارتىپ چېرىكلەرنىڭ ئۇۋىسى. چېرىكلەرنىڭ پۇقراغا ئامراقلىقىنى چۈشىنىڭ تائامغا ئامراقلىقى بىلەن تەڭلەشتۈرگىلى بولىدۇ.

ھارۋىكەشنىڭ ئېتىراز بىلدۈرگۈسى بولسىمۇ ئاغزىنى ئاچمىدى. توختاش، ئۇزۇۇقلىنىش ۋە سەپەرگە چىقىش بەرىبىر مۇھەممەت ئاقچىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بولاتتى. بىز ئۆملىگەندەك ئاستا مېڭىپ، باش توخۇ بىلەن « سەئىدلەر » دېگەن يېزىغا كەلدۇق. ئەمدى مۇھەممەت ئاقچى:

— مانا بۇ يەردە ھەپتىلەپ قوزغالماي يېتىشقىمۇ بولىدۇ، — دەپ ئېلان قىلدى ۋە بىرىنچى بولۇپ ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، قونالغۇ ئىزدەشكە ماڭدى.

« سەئىدلەر » دە ھەپتە ئەمەس، بىر كۈنلا توختىدۇق. كېچىكتىنە، چۆلسىرەپ تۇرغان يېزىدا شۇ بىر كۈنمۇ ناھايىتى تەستە ئۆتتى. توختاش پەقەت ئاتقا ئارام بېرىش يۈزىسىدىن ئىدى. ئەتىسى بامداتقا ئەزەن چىققاندا بىزمۇ يولغا چىقتۇق.

كۈن ئارغامچا بويى ئۆرلىگەندە چولپانخان جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، كۆزىنى يۇمۇپ، ساقىلىنىڭ ئۇچىنى يالماپ ئولتۇرغان شاجۇمەگە ئىلتىماس قىلدى.

— يەنە بىر نەرسە ئېيتىپ بەرسىلە ئاتا، يولنى قىسقارتىپ

تۇرمىسىلا بولمىغۇدەك . . .

شاجۇمە ھەممىمىزنىڭ تەقەززاسىغا دەمال ئىنكاس قايتۇرمىدى . بىر ھازادىن كېيىن ئۇ كۆزىنى ئېچىپ كۈلۈمسىرىدى :

— يادىمغا قىزىققۇدەك بىر نەرسە چۈشمەيۋاتىدۇ . . . قېنى باشقىلار دېگەچ تۇرمامسىلەر ؟

سەل جىملىقتىن كېيىن مۇھەممەت ئاقچى ئېغىز ئاچتى :

مەن قايسى بىر يىلى مارالبېشى تۇرمىسىدە بىر يىگىت بىلەن بىللە ھەپسىداش بولغانىدىم . مېنىڭ سورىغان سوئالىمغا ئۇ ھەپسىگە كىرىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى . شۇنى سۆزلىسەم ھەربىرلىرىگە مالاللىق يەتمەس ؟

— قېنى ئېيتىپ بەرسىلە ، — دېدىم ئالدىراپ .

شاجۇمە بىلەن چولپانخانىمۇ مېنى قوللاپ چىقتى ، ھەتتا ھارۋىكەشمۇ بىزگە يېنىچە ئولتۇرۇپ ، ھېكايە ئاڭلىغۇسى بارلىقىنى بىلدۈرۈپ كۈلۈمسىرەپ قويدى .

مۇھەممەت ئاقچى گېلىنى قىرىپ قويۇپ ، ئېگىزدىن پەسكە سەكرەيدىغاندەك سەل تۇتۇلۇپ ئاندىن قەددىنى رۇسلىدى ۋە گېپىنى باشلىدى .

## مۇھەممەت ئاقچىنىڭ ھېكايىسى :

### رىزۋانگۈل — مۇرات

ئەقلىمگە كەلسەم ئاتا - ئانام يوق ئىكەن . شۇڭا ، ئۇلارنىڭ قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى ، نېمە ئىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى ، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىسمىنىمۇ بىلمەيتتىم . يېزىنىڭ كېسەكتىن ياسالغان بىر مەسچىتى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئەزەن توۋلايدىغان مۇنارىسىنىڭ تېگىدە تام بىلەن بولغان ئارىلىقى ئۈچ بۇرجەك چىقىپ قالغان ئارىلىقىدا توخۇ كاتىكىگە ئوخشايدىغان ، ئېگىزلىكىلا كاتەكتىن چوڭراق كۆرۈنىدىغان بىر ھۇجرىسى بار ئىدى . بۇ ھۇجرا يېتىپ - قوپىدىغان ماكانىم ئىدى . ھەر-



كۈنى ئەتىگەندە بامداتقا كەلگەن كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى پارچە - پۇرات نان ياكى نەزىر تائاملىرى بولغان قۇيماق - پوشكال دېگەندەك يېمەكلىكلەرنى ئالغاچ كېلەتتى . بۇلار مېنىڭ ئوزۇقۇم ئىدى ۋە شۇلار تۈپەيلىدىن ئۆسۈپ چوڭ بولغانىدىم .

كىچىكلىكىمدە نامازدىن بوشىغان مەسچىت ئىچىدە ، بەزىدە مەسچىت ئۆگزىسىدە ، ئاندا - ساندا مەسچىت ئەتراپىدا ئۆزۈم يالغۇز ئوينايتتىم . مېنىڭ ئويۇنلىرىم ئاددىيلا ئىدى : سەكرەيتتىم ، يۈگۈرەيتتىم ، موللاق ئاتاتتىم . يېزا باللىرى مېنى ئارىغا ئالمايتتى ، يېنىغا بارسام ئۇراتتى ۋە « ئاتا - ئانىسىز ، تامنىڭ تۆشۈكىدىن تۆرەلگەن ئالۋاستى » دەپ تىللايتتى . مېنى تاياقتىن قۇتقۇزىدىغان ھىمايىچىم ، تىللاشتىن ساقلايدىغان ئىزاھچىم يوق ئىدى . ئەمدى ئويلىسام ، ھەممىدىن بەك غەلىتە يېرى شۇكى ، مەن ئاغرىپ قالمىغان ، يا ئۆلۈپ كەتمىگەن ، ئاشۇنداق مۇھىت - شارائىتتا ياشاپ ، ئون ئىككى يىلنى ئۆتكۈزگەنىدىم .

شۇنداق بىر كۈن كەلدىكى ، توختام سۇدەك تۇرغۇن ، بىر خىل ھاياتىمدا ئۆزگىرىش يۈز بەردى . بىر جۈمە كۈنى يېزىلىقلار جۈمەدىن ياناي دەۋاتقىنىدا ، ئىمام جامائەتنى كەتمەي تۇرۇشقا ئۈندىدى ۋە يېزا ئاقساقىلىنىڭ سۆزى بارلىقىنى ئۇقتۇردى . بىرىنچى سەپتە ئولتۇرغان يېزا ئاقساقىلى جامائەتكە مۇنداق دېدى :

— قېنى ئەھلى جامائەت ، بىزنىڭ مۇراتنى نېمە قىلىمىز ئەمدى ؟ ئۇ مەسچىتنىڭ بالىسى بولۇپ ئۆستى . ھەممەيلەننىڭ ئاز - تولىدىن بولسىمۇ تۇز - تائامىنى يەپ چوڭ بولدى . ئەمدى ئۇ ئون ئىككى ياشقا كىرىپ ، خۇدانىڭ پەرزىنى ، رەسۇلۇللانىڭ سۈننىتىنى ئادا قىلمىسا بولمايدىغان دەۋرگە قەدەم قويدى . مۇنداق ئىكەن ، ئۇنى جامائەت ھېسابىغا بېقىۋەرگىلىمۇ بولماس . . .

شۇنىڭدىن كېيىن ئەمگەك قىلىشىنىڭمۇ پەرز بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈردى . بىرەر مۇسۇلمانى مۆمىننىڭ قورسىقىمغا ئاش - نان ، ئۇچامغا كىيىم - كېچەك بېرىپ ، يېتىپ - قوپىدىغان تۇرالغۇ بىلەن تەمىنلەش ھېسابىغا مېنى ھىمايىسىگە ئېلىپ ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلدى .

لېكىن، ئۇنىڭ سۆزى دە ـ تالاشقا سەۋەب بولدى. ئەگەر مەن ھەرقانداق بىرەر كىشىنىڭ ئىلكىگە ئۆتىدىغان بولسام، جامائەتنىڭ ئون ئىككى يىللىق بېقىپ چوڭ قىلغان ئەجرىگە دەسسىگەنلىك بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەشتى. مۇبادا مۇشۇ ئون ئىككى يىللىق جامائەت ئەجرى ئۈچۈن بېرىدىن پۇل ياكى مۈلۈك چىقىرىشنى خالايدىغانلار بولسا، بۇ ھەق مەسچىتكە تاپشۇرۇلۇشى لازىملىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بىراق، ئون ئىككى يىللىق جامائەت ئەجرىنى قانداق ھېسابلاشمۇ يېڭى تالاش ـ تارتىشنى قوزغىدى...

قىسقىسى، ھېچكىم مېنى ئۆز ھىمايىسىگە ئالمىدى، جامائەت ئەجرىمۇ ھېساب ـ كىتاب قىلىنمىدى، يەنىلا جامائەتنىڭ ئورتاق مۈلكى ھېسابىدا تۇرىۋېرىدىغان بولدۇم. بۇنىڭ بەدىلىگە جامائەتنىڭ قويلىرىنى بېقىشىم بەلگىلەندى. مېنىڭ ھەققىم ھېسابلىنىپ مەسچىتكە تاپشۇرۇلىدىغان، يېمەك ـ ئىچمەك، كېيىم ـ كېچەكىم مەسچىت تەرىپىدىن بېرىلىدىغان، جامائەت تاپشۇرىدىغان ھەق ئېشىپ قالسا، ئۇنىڭغا مەسچىت ئۈچۈن بورا، چىراغ يېغى سېتىۋېلىنىدىغان بولدى. چۈنكى، جامائەت تۆلىمەكچى بولغان ھەق ماڭا بېقىش ئۈچۈن تاپشۇرۇلىدىغان قوينىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ بەلگىلىنەتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ھەرقانچە ئاز ھەق تاپشۇردى دېيىلگەندىمۇ، يىغىلغان ھەممە ھەقنى يەپ بولۇشۇم، كىيىپ بولالىشىمنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولمايتتى. پۈتۈن بىر چۈشتىن كېيىن داۋاملاشقان تالاش ـ تارتىش سورۇنى تەقدىرىمگە مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، ھېچكىم مەندىن رازى ياكى ئەمەسلىكىمنى سورىمىدى. ئۇ چاغدا كىچىك بولغانلىقىمدىن بۇ ئاللىچۇقانلار گويا باشقا بىرلىرىنىڭ ئۈستىدە بولۇۋاتقاندەك قىزىقسىنىپ ئاڭلاپ ئولتۇردۇم.

شۇنداق قىلىپ، ئىككىنچى كۈندىن باشلاپ ئالدىمغا ئىككى يۈز يەتمىش ئالتە قوينى سېلىپ، بۆك توغراقزارلىقنىڭ نېرىسىدىكى جاڭگالدا قويلارنىڭ ھەمراھى بولۇپ ياشايدىغان يېڭى ھاياتىمنى باشلىدىم. سەھەر ئورنۇمدىن تۇرىمەن، ھەربىر ئائىلىنىڭ بوسۇغىسىغا بىر دوقۇرۇپ ئۆتىمەن، قويلارنىڭ سانى كۆپىيىۋېرىدۇ، يېزىدىن چىقىشىمغا قويلارنىڭ



سانىمۇ تولۇقلىنىپ بولىدۇ. كىر، ماتا بەلۋېغىمدا چۈشلۈك يەيدىغان بىر زاغرا تۆگۈكلۈك.

يەتتە يىلنى ئاشۇنداق ئۆتكۈزدۈم. قويلار قوزىلىدى، كۆپەيدى، سويۇلدى، سېتىلدى؛ سانى بەزىدە ئاۋۇدى، بەزىدە ئازايدى. تۇرمۇشۇمدا بولسا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى. مەن ئالەم مۇشۇنداق، ھايات مۇشۇنداق، ياشاش مۇشۇنداق، دەپ ئويلايتتىم. باشقىچە بولۇشى تەسەۋۋۇرۇمغا سىغمايتتى ۋە بۇ توغرىدا ئارزۇ ـ ئارمىنىممۇ يوق ئىدى.

لېكىن، ھاياتىمدا شۇنداق بىر ئۆزگىرىش يۈز بەردىكى، ئالەم مۇشۇنداق، ھايات مۇشۇنداق، ياشاش مۇشۇنداق، دەيدىغان تەسەۋۋۇرلىرىمنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتى. بۇ ئۆزگىرىش ئوچۇق ھاۋا بىردەمدىلا تۇتۇلغاندەك ۋە يەنە كۈتۈلمىگەندە قاتتىق چاقماق چاقىغاندەك تەسىر پەيدا قىلىپ، ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويۇش دەرىجىسىگە ئاپارغانىدى. بۇ ئۆزگىرىشنى يېزىمىزنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى قۇملۇققا يېقىن جايدا ئۆيى بار بىر كەمبەغەل ئائىلىنىڭ قىزى رىزۋانگۈل پەيدا قىلغانىدى.

رىزۋانگۈلنىغۇ بۇرۇنىمۇ كۆرەتتىم. لېكىن ئۇنىڭغا بولغان مۇئامىلىدە ھېچقانداق ئالاھىدە ھېسسىيات سەزمەيتتىم. رىزۋانگۈلنىڭ ئۆيىدىن شىمال تەرەپكە كۆز يېتىم ماڭغاندا كىچىككىنە بىر ئۆستەڭ سۇ ئاقاتتى. بۇ ئۆستەڭنىڭ بېشىدا، ئەلۋەتتە بىر ـ بىرىگە يېقىن ئۈچ بۇلاق بار ئىدى. بۇ بۇلاقلار ۋە ئۇنىڭدىن باشلانغان ئۆستەڭ يېزىمىزنىڭ سۇ مەنبەسى ئىدى. رىزۋانگۈلمۇ ئۆز ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۆستەڭ سۈيىدىن ھەركۈنى ئىككى قېتىم ئۆيىگە سۇ توشۇيتتى. ئەتىگەنكى پەيتتە ئىككىمىز ئۇچرىشالمايتتۇق. ئەمما، كەچقۇرۇنلۇقى پادىنى سۇغىرىشقا كېلىشىم ئۇنىڭ كوزا تۇتۇپ سۇغا كېلىشى بىلەن تەڭ كېلىپ قالاتتى.

مەندە بولغان ئۆزگىرىشنىڭ ئۆزىنى سۆزلەي: بىر كۈنى مەن نەي چېلىپ ئولتۇرغاندا رىزۋانگۈل سۇغا كەلدى. ئۇ ئادەتتىمۇ شۇنداق قىلاتتىمىكىن، يا تۇنجى قېتىملىقىمىكىن، ئىشقىلىپ ماڭا يېقىنلاپ كېلىپ تولىمۇ تاتلىق بىر كۈلدى. ئاندىن ئۇزۇن ۋە توم چاچ ئۆرۈمىسىنى ئەپ-

چىل ھەرىكەت بىلەن مورىسىدىن ئارقىسىغا تاشلىغىنىچە ئۆستەڭگە ئېگىشتى. ئۇنىڭ زىلۋا قامىتى، قارىمۇتۇق يۈزى ۋە شۇ يۈزلەرگە مۇناسىپ ياراشقان قويۇق قاش، ئۇزۇن كىرپىكلىرى، چوڭ - چوڭ نۇرلۇق كۆزى، بىلىنەر - بىلىنمەس ئۆستىگىرەك قارايدىغان بۇرنى بىلەن كۈلۈمسىرىگەندە چوڭقۇر بىلىنىدىغان زىناقلىرى، نېپىز لەۋ ۋە تولۇق يېتىلگەن چىشلىق ئاغزى مېنى ئۇنىڭغا ئەستايىدىل دىققەت قىلىشقا ئۈندەيتتى. شۇ تاپتا پېتىۋاتقان قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى ئۇنىڭ قامىتىگە، بولۇپمۇ يۈزىگە بۆلەكچە ئۇماق تۈس بەرگەنىدى. ئۆمرۈمگە كەلگەندىن بېرى تۇنجى قېتىم ۋۇجۇدۇمدا زادىلا ئۇچرىتىپ باقمىغان ئاجايىپ بىر خىل يېقىملىقلىقنى سەزدىم. يۈرىكىممۇ بىرىنچى قېتىم غەلىتە، ماڭا يات دەرىجىدە ئاسقىپ كەتتى. پۇت - قوللىرىم ئۆزۈمنىڭ ئەمەستەك بوشىشىپ، پۈتۈن بەدىنىم ماغدۇرسىزلىنىپ كەتتى.

رىزۋانگۈل كوزىسىنى سۇغا توشقۇزۇپ بولۇپ قەددىنى كۆتۈردى. سول قولىنىڭ ئالىقىنى بىلەن چاچلىرى توزۇپ يېپىقان پېشانىسىنى سۈرتتى ۋە سەل - پەل قىيا بۇرۇلۇپ، ماڭا بىرىنچى قېتىمقىدەك بەختىيار كۈلۈمسىرىشىنى سوۋغا قىلدى. مېنى ئۇنىڭ سۆزلىرى ھوشۇمغا كەلتۈردى:

— مۇرات، نەي چېلىشنى توختىتىپ قويىلىغۇ؟

گەپ قىلىشقا شۇنچە تەمشەلسەممۇ تىلىم تامىقىمغا چاپلىشىپ قالغاندەك تۇيۇلۇپ دۇدۇقلاپ كەتتىم:

— ئە... ھە... رىزۋانگۈل...

نېمىشقىدۇر خىجالەتچىلىك ئىچىدە بەدىنىم، بولۇپمۇ يۈزۈم ئوت ئىچىدە قالغاندەك قىزىپ كەتتى. قىز مېنى چۈشەندى بولغاي، قېيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇۋالدى:

— سىلىنىڭ چالغان نەيلىرى ناھايىتى مۇڭلۇق، يېقىشلىق، مەن ھەمىشە زوقلىنىپ ئاڭلايمەن، چالسىلا...

گەپ قىلالمىغانلىقىمدىن باش ئىشارىتى ئارقىلىق ماقۇل ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرۈپ، ئۆزۈم ياسىۋالغان قومۇش نەيىنىڭ تۆشۈكلىرىگە



لېۋىمنى باستىم. بۇ كىچىككىنە قومۇش نەيدىن قانداق ئاھاڭلار چىقىۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرگۈدەكمۇ ھالىم يوق، پۈتۈن ئەس - يادىم رىزۋانگۈلگىلا بەند بولۇپ قالغانىدى. ئۇ نەيىنى تىڭشاپ، سۇغا قارىغىنىچە ئولتۇراتتى. ئۇزۇن چاچلىرى مورىسىدىن ئارتىلىپ ئالدىغا چۈشكەن بولۇپ، ماتا ئىشتان يېپىپ تۇرغان تىزى ئۈستىدە يۆگىشىپ ياتاتتى.

بىردەمدىن كېيىن ئۇ بىرى بۇيرۇغاندەك ئۇزۇن كىرپىكلىك كۆزلىرىنى يەردىن ئېلىپ ماڭا لەپپىدە قارىدى. زىناقلىرى ئۈستىدە قۇياش نۇرىنىڭ ئاخىرقى ئەكسى يالتىرىدى. مەن داۋاملىق چالغۇدەك جۈرئەتتىن مەھرۇم بولۇپ نەيىنى لېۋىمدىن ئاجراتتىم ۋە ئۇنىڭدىن قامىشىپ كەتكەن كۆزلىرىمنى قايسى تەرەپكە قاچۇرۇشنى بىلەلمەي قالدىم.

— رەھمەت سىلىگە، — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ.

— بۇنىڭ نېمىسى رەھمەتكە ئەرزىر...؟ — دېدىم مەن گاڭگىرىغىنىمچە دۇدۇقلاپ، — ئە... ئەگەر... سىلىلا خالىسىلا ھەمىشە... چالسام دەيمەن...

رىزۋانگۈل ۋىللىدە قىزاردى. ئۇ كۈلۈمسىرىگەندە ھېلىقى قىزىللىق چىرايىغا تېخىمۇ گۈزەللىك بەرگەنىدى:

— ئۇنداقتا، سىلىگە تېخىمۇ رەھمەت...

ئۇ كوزىسىنى ئەپىلىككىنە كۆتۈرۈپ، يېنىك دەسسەپ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قارىغىنىمچە قالدىم. ئەنە، ئۇ بارغانسېرى يىراقلاشماقتا ۋە كىچىكلىمەكتە. لېكىن، ئۇ نېرىسىغا كېتىۋاتماي، مەن تەرەپكە كېلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى...

مانا شۇ كۈندىن باشلاپ مەن نەيىنى يەنىمۇ كۆپ، ئىشتىياق ۋە مۇھەببەت بىلەن چالىدىغان بولدۇم. بۇرۇنلاردا ئەتىگىنى چالمايتتىم. ئەمدى پۈتۈن يېزىنى نەي ئاۋازى ئويغىتىدىغان بولدى. بۇرۇنلاردا قوي ھەيدەپ جاڭگاللىققا بېرىش ياشاش زۆرۈرىيىتى ئۈچۈنلا كېرەكتەك تۇيۇلسا، ئەمدىلىكتە، جاڭگاللىقتىمۇ ئۆزگىچە بىر مەنە باردەك، ئۇ مېنى چاقىرىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. رىزۋانگۈل سۇ ئالغان ئۆستەڭ بويىدا ئولتۇرۇپ نەي چېلىش مەن ئۈچۈن تېخىمۇ كۆڭۈللۈك ئىدى. سۇلار

پىچىرلىشىپ ئۇن قوشۇۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئەتىدىن - ئاخشامغىچە كۈننى بەكمۇ تەسلىكتە كەچ قىلاتتىم. كۈن ئولتۇرۇپ، شەپىقى قالغاندا بولسا يېزا تەرەپكە بويۇنداپ قاراپ، نەيىنى تىخىمۇ چىڭ پۈۋلەپ، رىزۋانگۈلنى چاقىراتتىم.

ئۇ ھەركۈنى ئۆز ۋاقتىدا، ئۆز قەرەلىدە بىر خىل قەدەم تاشلاپ، شەپەق نۇرىغا كۆمۈلۈپ، ئۆستەڭ بويىغا كېلەتتى. بىز گەپ - سۆزسىز سالاملىشاتتۇق ۋە بىر - بىرىمىزگە غۇلاچچە ئارىلىق قالدۇرۇپ ئولتۇراتتۇق. مەن نەي چالاتتىم، ئۇ ئاڭلايتتى. بۇنداق ئولتۇرۇش ماڭا ئىككىمىز سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغاندەك، سۆزلىرىمىز تۈگىمەي داۋامنى ئەتە كەچتە يەنە سۆزلىششكە ۋەدىلىشىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

كۈنلەر مەرۋايىتتەك ھەپتە - ئايلار يىپىغا تىزىلىۋەردى. ئىككىمىز يەنىلا گەپ - سۆز قىلىشماي، بىقىپ - قارىشىپ ئۆتتۈۋەردۇق. بىراق، گەپ - سۆزسىزمۇ بىر - بىرىمىزنى چۈشىنىدىغان بولۇپ كەتكەنىدۇق. ياز ئاخىرىغا بارغاندا رىزۋانگۈل مۇرىسىنى مۇرەمگە تەگكۈزۈپ ئولتۇرىدىغان بولدى، ئاندىن بېشىنى قويۇپ ئولتۇرۇش ئۆتكىلىدىن ئۆتتى. مەن ھامان قەدىردان نېيىمنى چالغىنىم چالغانىدى. قويلار سۇ ئىچىپ بولىدۇ، مەرىشىپ قويۇشىدۇ، ئاندىن بىر نەرسىنى چۈشىنەلەيدىغاندەك، چۈشىنىپ مەنىسىنى يېشىپ بولغاندەك، بۇ مەنە قىممىتىنىڭ تەسىرى بىلەن مەست بولغاندەك ماڭا ۋە رىزۋانگۈلگە قاراپ تۇرۇشقىنىچە جىمىپ كېتىدۇ... سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىۋېرىدۇ، ئۇلار بىزگە زوقى كېلىپ، زوقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي پىچىرلىشىۋاتقاندەك، ئىككىمىز توغرىسىدا ناخشا توقۇپ، بۇنى سۇنىڭ ئايىغىدىكىلەرگە ئېيتىپ بېرىشكە ئالدىراۋاتقاندەك چېپىشىدۇ... كەچكى شەپەقنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى بىزنىڭ بىللە ئىكەنلىكىمىزدىن ھەسەت قىلىپمۇ ياكى ئىزا تارتىپمۇ، ئېشقىلىپ، غايىب بولۇشىدۇ. بىرىنچى يۇلتۇزلار كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ تۈنۈگۈن كۆرگەن بىز بىر جۈپنى قايتا كۆرگىنىدىن خۇشال بولغاندەك چاراقلىشىدۇ ۋە باشقا يۇلتۇزلارنىمۇ چاقىرغاندەك بولۇشىدۇ، كۆكتە نۇرغۇن يۇلتۇزلار سەپكە تىزىلىدۇ... مەن پەقەت شۇ چاغدىلا كۆزۈمدىن



ئەگىگەن ياشلارنى سىرتقا چىقىپ كەتمەسلىكىدىن توسۇپ، قىممەتلىك ھەمراھىمنى قىيماسلىق ئىلكىدە ئۈزۈتۈپ قويىمەن. ئۇمۇ ئايرىلغۇسى كەلمىگەنىدەك ھەر ئون - ئون بەش قەدەم مېڭىپ كەينىگە بۇرۇلۇپ قارايدۇ ۋە ئاستا - ئاستا مەندىن يىراقلاپ، گۇگۇم بوشلۇقى ئىچىدە ئېرىپ كېتىدۇ.

رىزۋانگۈل ئىككىمىز ئۇزاق ۋاقىتلار ئاشۇنداق ئۆتتۇق. مەن بىر - بىرىدىن پەرقسىز، مەنىسىز كۈنلىرىمنىڭ ئورنىغا مەزمۇنلۇق، مەنىلىك ۋە شۇ سەۋەبتىن قىممىتى مۆلچەرلىگۈسىز ئېشىپ بېرىۋاتقان شادلىق تولۇپ تاشقان كۈنلەرنى تېپىۋالغانىدىم. ھەركۈنى تاڭ بىلەن تەڭ جاڭگالغا مېڭىۋېتىپ، پاتراق كەچ بولۇشىنى زارىقىپ كۈتەتتىم. كەچ بولغاندا بولسا ۋاقىتنىڭ توختاپ قېلىشىنى، شەپەقنىڭ غايىب بولماسلىقىنى، يۇلتۇزلارنىڭ كۆرۈنمەيرەك تۇرۇشىنى تىلەيتتىم. شۇنداق بىر كۈن كەلدىكى، رىزۋانگۈل بىلەن مېنىڭ يېڭىچە ھاياتىمىزدا ئاچچىق يۇتۇشقا، كۆرۈشۈش، مۇڭدىشىش، ئايرىلىش تەرتىپلىرىنى بۇزۇۋېتىشكە توغرا كەلدى. ئۆزگىرىش بىز كۈتمىگەن شارائىتتا تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇنداق ئۇشتۇمتۇتلۇقنى قانداق قوبۇل قىلالىغىنىمنى ئەقلىمگىمۇ سىغدۇرالمايمەن: بىر ئاخشىمى بىز ھەر كۈندىكىدەك چاپلىشىپ ئولتۇراتتۇق، بىر - بىرىمىزگە تويماي قارايتتۇق. مەن شۇ ھالدىمۇ ئۇنى ئۆزۈمگە تېخىمۇ يېقىن تارتماقچى، گويا ئۇنىڭ بەدىنىنى ئۆزۈمگە قوشۇپلا بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇۋەتمەكچى بولاتتىم. ئۇنىڭ لەۋلىرىدىن تۈگىمەس - پۈتمەس شېرىن لەززەت سۈمۈرەتتىم...

— رىزۋان! — دېگەن قوپال، شىددەتلىك، ۋەھشىي ئاۋاز كەلدى كەينى تەرىپىمىزدىن.

ھەر ئىككىمىز چۆچۈپ كەتتۇق. قىز چايان چاققاندەك قاتتىق بىر سىلكىنىپ قۇچىقىمدىن بوشاندى ۋە دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، تىترەك ئاۋۇش بىلەن:

— دادا...، — دەپ پىچىرلىغىنىچە يەرگە قارىدى.

مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئۆستەڭ بويىدىن ئون قەدەمچە نېرىدا،

قوم دۆۋىسى ئۈستىدە رىزۋانگۇلنىڭ دادىسى هاشىم ئاخۇن تۇراتتى. ئۇ ئۆسكىلەڭ قاشلىرى ئاستىدىكى قالماقنىڭكىدەك قىسىق كۆزلىرىنى تېخىمۇ قىسىپ، مەزگىلدىن بالدۇر ئاقارغان كەكە ساقىلىنى توختىماي سىلاپ تارتىپ، بىر قىزىغا ۋە بىر ماڭا غەزەپ بىلەن قارايتتى.

— ماڭ، سۆيۈگىنى ئېلىپ ئۆيگە كەت هاياسىز! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ قىزى رىزۋانگۇلگە.

رىزۋانگۇل ئېڭىشىپ كوزىنى ئالدى. قەددىنى كۆتۈرگىچە بولغان ئارىلىقتا ماڭا لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ، دادىسىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن يولنى سەل يان تەرەپتىن ئېلىپ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ بايىتىنقى لەپپىدە بىر قارىشى هېچقانداق مەنىنى ئىپادە قىلمىسىمۇ، ئۇنىڭدىن ماڭا بولغان مۇهەببىتىنى، بۇ مۇهەببەتتە چىڭ تۇرىدىغان ئىرادىسىنى سەزدىم. هاشىم ئاخۇن كۆزلىرى بىلەن قىزىنى نازارەت قىلىپ يىراقلىتىۋەتكەندىن كېيىن ماڭا بۇرۇلدى، غەزەپ بىلەن بۇرنىنى تارتتى ۋە چاڭىلداپ تۇرىدىغان ئۈن بىلەن:

— مۇرات، ئېشەك ئەمگەن هارىمى، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

ئۈنچىقمىدىم. ئۇنىڭ تىللىشى، سوئالى تەسىر قىلمايتتى، كاللامدا بولسا سادىر بولغان ئۆزگىرىشكە ماسلىشالىغۇدەك پىكىرمۇ يوق ئىدى.

— سەن پاك قىزىمنى يولدىن چىقىرىپ نېمە قىلماقچى؟ — دەپ سورىدى ئۇ يەنە ئاچچىق بىلەن.

نېمە قىلغانلىقىمنى، نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىمنى بىلمەيتتىم. رىزۋانگۇل بىلەنمۇ بۇ ماۋزۇ ئۈستىدە سۆهبەتلىشىپ باقمىغانىدىم. ئەمدىلىكتە هاشىم ئاخۇن بۇنى سورىغاندا، مەنمۇ ئۆز-ئۆزۈمدىن سورىدىم: «نەچچە ۋاقىتتىن بېرى نېمىلەرنى قىلىپ يۈردۈڭ. كېيىن نېمە قىلماقچىدىڭ، ئەمدى نېمە قىلىسەن؟...» تەبىئىيكى، بۇلارنىڭ بىرەرىگىمۇ جاۋاب بېرەلمەيتتىم.

هاشىم ئاخۇن خېلىغىچە جىمجىت تۇرۇپ كەتتى. مەندىن جاۋاب چىقمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ سەل پەسكارىغا چۈشتى-دە، ئۈنىنى



پەسرەك، مۇلايىمراق چىقىرىپ سورىدى:

— سىلەرگە قانچىلىك ۋاقىت بولدى تۇزكورلار؟

— بىر يىلغا يېقىن...، — دەپ جاۋاب بەردىم ئۇ ئاڭلىيالىغۇدەكلا ئاۋازدا.

— هىم، — ئۇ ساقىلىنى يالماپ-يالماپ پۇركۈپ چىقىرىۋەتتى. ئاتتەك ئېغىر پۇشۇلدىدى ۋە ئاچچىق بىلەن تەهدىت سېلىپ بۇيرۇق بەردى، — سەن يېتىم ئوغلاق، ئۇنىڭ بېشىنى يەنە ئايلاندۇرىمەن دەيدىغان بولساڭ، پۇت-قولۇڭنى چېقىپ، كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن، يوقال كۆزۈمدىن!

ئۇ شىددەت بىلەن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئېگىز بويىنى سەل مۈكچەيتكىنىچە يېزا تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. «ئاشۇ ئاچچىقى بىلەن ئۆيگە قايتىپ بېرىپ رىزۋانگۇلگە ئازار بېرەرمۇ؟» دېگەن ۋەسۋەسە كۆڭلۈمنى پاراكەندە قىلىپ، كېچىچىمۇ ئۇيقۇ بەرمىدى.

مەن كۈتكەن كۆڭۈلسىزلىك ئەتىسى ئاخشىملا سادىر بولدى: رىزۋانگۇل ئۆستەڭ بويىغا كەلمىدى. ئۇلار ئىچىدىغان سۇنى مەسچىت ئالدىدىكى كۆلدىن توشۇيدىغان بولغانلىقى ئېنىق ئىدى. شۇ كۈنى پادىنى ناهايىتى كەچ قايتۇردۇم. نۇرغۇن كىشىلەر قويلىرىنىڭ تويمىغانلىقى، شۇنداق تۇرۇپ ۋاقتىدا قايتمىغانلىقى ئۈچۈن مېنى يېتىمدىن يېتىمگە، هاراملىقتىن هاراملىققا سېلىپ تىللاپ كەتتى. بىراق، ماڭا بۇلارنىڭ بىرىمۇ تەسىر قىلغىنى يوق، ئەس-يادىم رىزۋانگۇلدە ئىدى. ئۇنىڭغا شۇ قەدەر كۆنۈپ كەتكەنىدىمكى، ئەمدى ئۇنىڭسىز ئۆتكۈزىدىغان ئاخشامنىڭ مەن ئۈچۈن زەررىچە قىممىتى قالمىغانىدى.

رىزۋانگۇل هامان كەلمەيتتى. ئارىدىن هەپتە ئۆتتى، ئون كۈن ئۆتتى، ئۇ يەنىلا قارىسىنى كۆرسەتمىدى. كۆز ئالدىمدىكى يېزا يېزىلىقتىن قالدى، قويلار قوي هالىتىدە كۆرۈنمەيتتى. گېلىمدىن تاماق ئۆتمەيتتى، كېچىلىرى ئۇيقۇ يېقىن كەلمەيتتى... ئارىدىن ئىككى هەپتە ئۆتەي دېگەندە بولالمىدىم. كەچۈرۈۋاتقان كۈنلەردىن جاق تويدۇم. بىر كۈنى پادىنى بۇلاق بېشىغا ئوتلاشقا قويۇۋېتىپ، چىڭ چۈش مەهەلدە

يېزىغا قايتتىم ۋە قوناقلىقلار ئارىسىدىن رىزۋانگۇلنىڭ چالما بىلەن قوپۇرۇلغان ئۆيىگە يېقىنلاپ باردىم. ئۆينىڭ ئەتراپى باراقسان ئۆسكەن سۆپۈرگىلىك بولغانلىقتىن، مېنى قارشى تەرەپتىكى كۆزلەردىن ساقلايتتى. سۆپۈرگىلەرنىڭ كەينىدىن رىزۋانگۇلنىڭ ئۆيى ئالدىنى بىمالال، ئوچۇق كۆرەلەيتتىم. ئۆينىڭ ئالدى ئىككى كىگىز ئورنى چوڭلۇقىدا بوش، بىكار ئىدى. توغراق بادرىلىرى نېرى - بېرىلا ياسالغان چەللىگە ئارتىلغان ئاپتاپپەرەس، قوناق شاخلىرى ئارىسىدىن چۈشكەن كۈن نۇرى ئۆي ئالدىدىكى ھېلىقى بوش يەردە ئالىقاندەك - ئالىقاندەك گۈل ھاسىل قىلغانىدى. شۇ تاپتا ئۆي ئالدىدا ھېچكىم يوق ئىدى. ئىشىكنىڭ ئوچۇق تۇرغانلىقىدىن قارىغاندا ئۆيدە ئادەم بار ئىدى. مەن دىمىق، ئىسسىق، چىۋىن، كۆكۈيۈنلەرنىڭ چېقىشى كەلتۈرگەن ئازابتىن كۆرە، ئۆي ئىچىدىكىسى ئۇنىڭ دادىسىمدۇ، ئانىسىمدۇ، ئۆزىمىدۇ، يا بولمىسا ئۇلارنىڭ ھەممىسىمدۇ، ياكى ئۇ باشقا بىر ياققا كېتىپمۇ قالغانمىدۇ؟... دېگەن ۋەسۋەسىنىڭ ئازابىدىن قىينىلاتتىم.

ماڭا ئۇزاق كۈتۈشكە توغرا كەلدى. ناھايەت، ئۆي ئىچىدىن يېنىك قەدەم ئاۋازى كەلدى، كېيىن يالاڭ ئاياغ رىزۋانگۇل قاتتىق يەرنى گۈس - گۈس دەسسەپ چىقىپ كەلدى. يۈرىكىم ئورۇشتىن توختاپ قالغاندەك بولۇپ، دېمىمنىمۇ ئالالماي قالدىم... ئۇنىڭ قولىدا جوغىسى سۇنغان بىر ئورىق بولۇپ، سىرتقا نېمىشقا چىققانلىقىنى ئۇققىلى بولمايتتى. مەنمۇ بۇ تەرەپلەر بىلەن ھېسابلىشىپ يۈرمەيلا پۇتۇم ئاستىدىن قاتتىق ياڭاچلىك بىر چالما ئېلىپ ئۇنىڭغا قارىتىپ ئاتتىم. تەلىيىمگە، چالما ئۇنىڭ تىزىغا تەگدى. رىزۋانگۇل چۆچۈپ توختاپ، سەگەز كۆڭلىكنىڭ ئېتىكىگە بىر قارىدىيۇ، دەرھال نەزەرىنى مەن يوشۇرۇنۇپ تۇرغان سۆپۈرگىلىككە يۆتكىدى. تەقەززالىقىم ئېشىپ كەتكەنىدى. مەن سۆپۈرگىلەرنى ئىككى تەرەپكە قايرىپ ئۇنىڭغا كۆرۈنۈش قىلدىم. شۇ چاغدىكى ئېڭىمدا، ئۇ مېنى كۆرگەندىن كېيىن كەينىگە بۇرۇلۇپلا ئۆي ئىچىگە قاچىدۇ ياكى ئادەم بارمۇ؟ ئوغرى كەلدى! دەپ توۋلايدۇ، دېگەندەك ماڭا زىيانلىق تەسەۋۋۇرمۇ بار ئىدى. ماڭا ئوخشاشلا



ئۇچرىشىشقا بولغان تەقەززالىقنى بىلدۈرۈپ، ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلىدۇ ياكى ئۆيىدە دادىسى بىلەن ئانىسى بولمىسا مېنى چاقىرىشىمۇ مۇمكىن، دەيدىغان ئارزۇيۇمدىكىدەك تەسەۋۋۇرۇممۇ بار ئىدى. ئۇ ئۇنداقنىمۇ، بۇنداقنىمۇ قىلمىدى. مېنى مۇشۇ پەيتتە، مۇشۇنداق ئەھۋالدا كۆرۈشنى ئويلىمىغانلىقتىن بولسا كېرەك، چۆچۈپ «ۋاي» دېگىنىچە قىسقا پىغان چىقاردى ۋە دەرھال كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى چىشلەپ، ئەتراپقا ئالاقزادىلىك بىلەن قاراپ قويدى. ئاندىن ئۆينىڭ ئوچۇق ئىشىكىگە بۇرۇلۇپ بىر قارىۋېلىپ، مەن تەرەپكە چاققان، ئاۋاز چىقارماسلىققا تىرىشىپ يېتىپ كەلدى. سۆپۈرگىلەرنىڭ چېكىنى ھەممە يېرىگە يۇقتۇرۇپ، قۇچىقىمغا تاشلاندى.

— رىزۋانگۇل...، — دېدىم تىترەپ. كۆڭلۈمدە جىق گەپلەر بولسىمۇ بىر - بىرلەپ ئېيتىشقا قۇربىم يەتمەيتتى.

— يۈر مۇرات، قوناقلىقنىڭ ئىچكىرىسىگىرەك كېتەيلى، — دېدى ئۇ مەندىن سالماق، جۈرئەتلىك ھالەتتە.

سۇ يېتىشمىگەنلىكتىن باراقسان ئۆسەلمىگەن شالاڭ قوناقلىقتا يۈز قەدەمچە مېڭىپ توختىدۇق، ئېگىزرەك، قۇرۇق بىر يەردە ئولتۇردۇق. ئاۋۋال تىنىق ئالالمىغۇدەك سۆيۈشتۇق. كېيىن ئۇ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. «نېمە بولدۇڭ؟» دەپ سورىيالمىدىم، مۇۋاپىق سۆز بىلەن تەسەللىمۇ بېرەلمىدىم. بۇلارنىڭ ئورنىغا ئۇنى باغرىمغا تېخىمۇ چىڭ بېسىپ توختىماي سۆيەتتىم. ئۇنىڭ لەۋلىرىگە، ئۈزۈلمەي ياش قۇيۇلۇپ تۇرغان كۆزلىرىگە، توپا باسقان مەڭزىگە، ياش ئېقىنى تالا - تالا چىقارغان ئىزلارغا قانماي سۆيەتتىم...

خېلىدىن كېيىن ئۇ ئېسەدەپ تۇرۇپ:

— مۇرات، بىز نېمىشقا مۇشۇنداق بەختسىز؟ — دېدى.

— نېمە بولدۇڭ گۈلۈم؟ — سورىدىم كۆڭلۈم بىر پېشكەللىكنىڭ يۈز بېرىشىنى سەزگەندەك بىئارام بولۇپ، — بىز نېمىشقا بەختسىز بولىدىكەنمىز؟

— دادام ئالدىنقى قېتىم سەن بىلەن بىللە ئولتۇرغىنىمنى كۆرگەن

ئاخشىمى مېنى يېرىم كېچىگىچە قاتتىق ئۇردى. مەن ئۈچ كۈنگىچە قوپالماي ياتتىم...

شۇ تاپتا بىرى مېنى دۇمبالاۋاتقاندەك پۈتۈن بەدىنىمگە ئاغرىق كىرىپ كەتتى. ئەمما، ئۇنىڭ بويۇن، يەلكە، دۈمبىلىرىنى سىلاپ:

— تاياق يېگەن يەرلىرىڭدىن جەننەتتە گۈل ئۈنۈپ چىقىدۇ، گۈلۈم، — دەپ تەكرارلىدىم.

— ئۇ مېنىڭ سەن بىلەن ئۇچرىشىشىمنى چەكلىدى، — ئۇ يېڭىباشتىن ياش تۆككىلى تۇردى، — يەنە كۆرۈشىدىغان بولساڭ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، دەيدۇ...

ھاشىم ئاخۇن مېنىمۇ قورقۇتقانىدى. ئۆز قىزىغا ئاشۇنداق دېيىشى تېخىمۇ تەبىئىي، دەپ ھېس قىلاتتىم. شۇڭا، ئۇنى، شۇ قاتاردا ئۆزۈمنىمۇ بەزلىمەكچى ھەم ئۆزۈمگە، شۇ قاتاردا ئۇنىڭغىمۇ جۈرئەت بېرىش ئۈچۈن:

— ئۇ دېسە دەۋېرىدۇ، سەنلا خالىساڭ بىز يەنە كۆرۈشۈۋېرىمىز، قارا، مانا ھازىر كۆرۈشتۇققۇ؟ — دېدىم.

رىزۋانگۈل:

— ئۇغۇ شۇنداق...، — دېدى ۋە ئۆزىنى بىلىنەر - بىلىنمەس نېرىغا تارتىپ، پەس ئاۋازدا خورسىنىپ داۋام قىلدى، — ئانامنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتىشىغا قارىغاندا مېنى توختى توقامغا توقاللىققا بېرەرمىش...، — ئۇ ئەمدى ئۆزىنى قويۇپ بېرىپ يىغلاپ كەتتى، — دادام سېنى بىر ياقلىق قىلىۋەتمىسەم بالا تېرىيدىكەنسەن، دەۋاتىدۇ...

پۈتۈن ئەزايى بەدىنىمنى تىترەك قاپلاپ كەتتى. توختى توقام دېگىنى يېزا ئاقساقىلىنىڭ ئىنىسى بولۇپ، شۇ كۈنلەردە ئۈچ خوتۇنلۇق ئىدى. ئۇنىڭ تۇنجى ئوغلىنىڭمۇ ئىككى خوتۇنى بار ئىدى، ئۇلار يېزىدا ئەڭ باي ئادەملەر بولۇپ، رىزۋانگۈلنى ئۇنىڭغا چېتىش ئەقلىمگە زادى سىغمايتتى.

— بۇ... بۇ نېمە ئۈچۈن؟ — دېيەلىدىم ئاخىر.

— بىز توختى توقامغا قەرزدار ئىكەنمىز... مېنى ئۇنىڭغا



بەرسە... ئۇ قەرزىمىزنى كۆتۈرۈۋېتەرمىش، — قىز يەنىلا يىغلاپ كەتتى.

ئاستا - ئاستا بېشىمغا تەپكەن قان جايىغا چۈشتى. رىزۋانگۈل بىلەن بىر يىلغا يېقىن ئىچەكىشىپ يۈرگەن بولساممۇ، قىز - يىگىتلەرنىڭ توي قىلىپ قوشۇلۇشى تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئادەت، ھاياتنىكى قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان قانۇنىيەت ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئىككىمىزنىڭ كەلگۈسىدە شۇنداق ياشىشىمىز مۇمكىن ياكى ئەمەسلىكى توغرىسىدا پاراڭلىشىپ باقمىغانىدۇق. توختى توقام قىزنى سورىغان بولسا مەندە ئۇنىڭغا تەڭ كەلگۈدەك بايلىق يوق، تاقابىل تۇرغۇدەك كۈچ تېپىلمايتتى.

قانچىلىك ئولتۇردۇم، بىلمىدىم. رىزۋانگۈلنىڭ سوئالى ئېسىمگە كەلتۈردى:

— سەن قانداق ئويلاۋاتىسەن مۇرات؟

— مەن قانداق ئويلاي؟ — يەنە بىر مۇنچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئىچ - ئىچىمنى ئۆرتەۋاتقان پىغاننى باسالماي ئۇھ تارتىپ جاۋاب بەردىم، — مەندە پەقەت سېنى جېنىم بىلەن تەڭ ياخشى كۆرىدىغان يۈرەكلا بار، ئەمدىلىكتە بۇ يۈرەكنىڭمۇ پارە - پارە بولۇشتىن باشقا چارىسى يوق. مېنىڭ ئۆيۈم يوق، مال - مۈلكۈم يوق، كىيىم - كېچەك، ھەتتا بىردەم - يېرىمدەم ئارام ئالىدىغان سايەممۇ يوق...

— سەن مەندىن خاپا بولمىغانسەن مۇرات؟

— مەن ساڭا كۆڭلۈمگە كەچكىنىنى دېدىم رىزۋانگۈل، سەندە مېنى خاپا قىلىدىغان سۆز ياكى ھەرىكەت سەزمىگەن تۇرسام...

قىز ھامان يىغلايتتى. ئۇنىڭ پالاكەت توغرۇلۇق يەتكۈزگەن خەۋىرى مېنىمۇ ئۇنىڭغا ئارىلىق ساقلاپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر قىلماقتا ئىدى. مېنىمۇ يىغا تۇتتى، يىغلىسام ئاۋازىمنى توسۇيالىغۇدەك كۈچ تېپىلمايدىغانلىقىنى سېزەتتىم.

— يۈرىكىمنى ئەزمىگىن رىزۋانگۈل، — نېمە دېسەم مۇۋاپىق بولۇشىنى بىلمەيتتىم، — سېنى مەندىن تارتىۋالسا قانداق قىلارمەن؟

سىنىڭ ئاشۇ قىرى ئىپلاسنىڭ ئۆيىگە بارىدىغانلىقىڭنى قىياسمۇ قىلالمايمەن . . .

— ئەمدى قانداق قىلىمەن ، بۇ بالا - قازادىن قانداق قۇتۇلىمەن مۇرات ؟

قىزنىڭ نالىسى يۈرىكىمنى ئېزىۋەتتى . ئۇ مەندىن ئۈمىد كۈتەتتى . لېكىن ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىغۇدەك سۆزۈممۇ يوق ئىدى . . . شۇ ئارىدا خۇددى يېنىمىزدىنلا چىققاندەك ئۇنىڭ دادىسىنىڭ خىرقىرىغان ، ئەمما چاڭىلداق ئاۋاز بىلەن :

— رىز . . . ۋا . . . ا ن ! — دەپ توۋلىغان ئۈنى ئاڭلاندى .

قىز دىڭگىدە چۆچۈپ ، دەسسىدە تۇرۇپ كەتتى . مەنمۇ ئۇنى ئەگىشىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم . هاشىم ئاخۇننىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى . قىز ئالدىراپ قول بېغىشمدىن تۇتۇپ :

— سەن يەنە كېلەمسەن مۇرات ، مېنى تاشلىۋەتمەيدىغانسەن ؟ — دەپ سورىدى يىلىنغاندەك ئاهاڭ بىلەن .

— سەن سۇغا بارمامسەنا ؟

رىزۋانگۈل ئۆي تەرەپكە بويۇنداپ بىر قارىۋېتىپ ، ئالدىراپ جاۋاب بەردى :

— مېنى ئۇ تەرەپكە بارغۇزمايدۇ ، سۇنى ئەمدى كۆلدىن ئەكىلىۋاتىمەن . . . ئەگەر ساڭا ئەپلىك بولسا چۈشتىن سەل بۇرۇن ياكى پېشىندىن يېنىپ كېلەرسەن ، بۇنداق چاغلاردا ئاتا - ئانامغا ئاش - تاماق هازىرلايمەن ، دەپ مەن ئۆيگە قايتىپ كېلىمەن ، ئۇلار ئېتىزدا قالىدۇ . . . ،

— ئۇ مەندىن ئىككى قەدەمچە يىراقلىشىپ قوشۇپ قويدى ، — بىز هېچبولمىسا دىدار كۆرۈشۈۋالالايمىز . . .

قىزنىڭ دادىسى يەنە ۋارقىرىغىلى تۇردى . رىزۋانگۈل يۈگۈرۈپ دېگۈدەك يېنىمغا كېلىپ مېنى قۇچاقلاپ سۆيدى - دە ، « خۇدايىمغا ئامانەت » دېگىنىچە قوناق شاخلىرى ئارىسىدىن ئاۋايلاپ ئۆتۈپ ، كۆزدىن غايىب بولدى . قوناق شاخلىرىنىڭ شاراق - شۇرۇقى تۇگىگۈچە مىدىرلىماي تۇرۇپ قالدىم . كېيىن كەينىمگە بۇرۇلۇپ ، قوناقلىقنىڭ ئىك-



كىنچى تەرىپىدىن چىقىپ قويلىرىم تەرەپكە كەتتىم . ئىسسىقتىن قاچقان قويلار ئۆزىگە دالدا بولالىغۇدەك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەرزىمەس سايىسى تۈۋىگە بۇرنىنى تىقىپ ، دىمىق هاۋادىن هاسىرىشىپ يېتىشاتتى . ئەس - يادىم رىزۋانگۈل ۋە ئۇ ئېيتقان شۇم خەۋەردە قالغاچقا ، قويلار بىلەن ھەپىلەشكۈممۇ كەلمەيتتى . ئىچىمنى چايان چېقىۋاتقاندەك يۈرىكىم چىداپ بولمايدىغان دەرىجىدە ئېچىشاتتى . بېشىم قېيىپ ، پۇت - قولۇم ماغدۇرسىزلانغان هالدا ئۆستەڭنىڭ باش تەرىپىگە باردىم . سايىسى يوق پاكار ، شالاڭ چۆپلەر ئارىسىغا ئاران ئۆلگۈردۇم . نەم قۇم ئۈستىگە ئۆزۈمنى تاشلىۋەتتىم .

بىقىنىمغا بەلۋېغىمغا قىستۇرۇقلۇق نەي پاتتى . مەن جىمى ئەيىبمۇشۇ نەيدىكىدەك ، ئۇنى بەلۋېغىمدىن سۇغۇرۇپ چىقىرىپ دەسسەشكە باشلىدىم ، نەي نەم ، بوش قۇمغا پېتىۋېلىپ سۇنمىدى . تىزىم ئۈستىگە قويۇپ ئىككى پارە قىلىۋەتمەكچى بولدۇم . ئۇ قىسقا بولغانلىقتىن سۇندۇرۇشقا ئىشلەتكەن كۈچۈم زايە بولۇپ كەتتى . ئاخىر چىدىيالماي تۆشۈككىگە قۇم تىنىپ قالغان بۇ قومۇشنى چىشلەشكە كىرىشتىم . نەي پارچىلاندى . ئۇنى سۇغا تاشلىدىم . لېكىن ، ئاچچىقىم بېسىلمىدى ، دەردىم يېنىكلىمىدى . خىيالىمغا بولسا : « توختى توقام ، هۇ پىت يەپ كەتكەن ئىتنىڭ بالىسى . ساڭا رىزۋانگۈلدىن باشقا ئۇلجا يوقمىدى ؟ » دېگەن ئېچىنقۇ پىكىرلەر كېلىۋالدى . ئاندىن رىزۋانگۈلنىڭ دادىسى هاشىم ئاخۇن ئاكىغىمۇ غايىبانە قورساق كۆپۈكى قىلاتتىم : « قىزىڭنى ئۆزۈڭدىنمۇ چوڭ ئادەمگە ياتلىق قىلىشقا ماقۇل دېگىنىڭ نېمىسى ؟ قىزىڭنى قەرزگە ھېسابلاپ بېرىپ قەرزدارلىقتىنغۇ قۇتۇلارسەن ، قىزىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئاشىقىنىڭ كۆڭۈل قەرزىنى ئىككى دۇنيا قايتۇرالمايدىغانلىقىڭنى نېمىشقا يادىڭغا ئالمايسەن . . . ؟ » ئاۋازىمنى قويۇپ بېرىپ يىغلىۋەتتىم ، هۆل قولۇمنى چىشلەپ ، كاراسلىتىپ چايناپ ، ماڭلىيىمنى يەرگە ئۇردۇم . لېكىن ، ئازابىم ئازراق بولسىمۇ يەڭگىللىشەي دېمەيتتى .

« ئاھ خۇدا ، سەن نېمىشقا مېنى ئاتىسىز - ئانىسىز قىلىپ قويغانسەن ؟ — دەپ نالە قىلاتتىم ، — سەن نېمىشقا توختى توقامنى

باي، مېنى يوقسۇل يارىتىپ قويغانسەن؟ توختى توقام ھەركۈنى ھالۋا، بەتتە، مانتا يېگەندە، مەن كۆل سۈيىگە زاغرا نان چىلاپ يەيمەن، ئۇ كۈنلىرىنى خوتۇنلىرى ئۈچۈن ئېشىنالماي يۈرىدۇ، مېنىڭ بولسا كۆڭلۈم خالىغان رىزۋانگۈلنى كۆرۈشكىمۇ ھوقۇقۇم يوق! ئۇ بايلىقتىن، كۈچىدىن پايدىلىنىپ كىچىككىنە، پەقەت گۈلخان چۆرىسىگە چۈشكەن چاچراندا ئوت ئۇچقۇنىچىلىك بەختىمگىمۇ چاڭ سېلىۋاتسا، سەن بۇنداق ئادالەتسىزلىككە نېمىشقا يول قويىسەن خۇدا؟...»

نالە-نىدالىرىمغا جاۋاب يوق.

— شۇنداق يارالغان دۇنيا بۇ، — دېگەندەك شىلدىرلايدۇ ئۆستەڭ سۇلىرى.

— شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھايات بۇ، — دېگەندەك چاراقلاپ يانىدۇ قۇياش ئاسماندا.

— ئەزەلدىن ئۆزگەرمەي كېلىۋاتقان قائىدە شۇنداق، — دېگەندەك ۋىژىلداپ، غوڭۇلداپ يۈرۈشىدۇ چىۋىن، كۆكۈيۈنلەر.

ئۆستەڭ بويىدا، ھۆل قۇم ئۈستىدە دۈم يېتىم يىغلاپ ياتتىم. قاراڭغۇ چۈشكەندىلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ يېزىغا قايتتىم. ھەركۈنى قايتىدىغان چاغدا قويلارنى سانايتتىم. بۈگۈن كارىممۇ بولمىدى. ئۆزۈملا كېتىۋەردىم. لېكىن، ھايۋان جىنىدا ماڭا ساداقەتمەنلىك قىلىپ، مەن مېڭىشىم بىلەن ئۇلارمۇ كەينىمدىن ئەگىشىپ كېلىشتى. بەختكە يارىشا قويلارنىڭ ئىگىسى مەن كەچ قالغاچقا قويلىرىنىڭ يولىغا قاراپ تالاغا چىققانلىقتىن، ھەركىم ئۆز قويىنى ئۆزى تونۇپ تۇتۇۋالدى. ئۇلار قويلارنىڭ كەينىدىن ھەيدەپ كەلمەي، ئۇلارنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئەگەشتۈرۈپ كەلگىنىمدىن ئۆزلىرىچە بىر مەنە تېپىپ، بىر مۇنچە سوئاللارنى سوراشتى. قۇلىقىمغا گەپ ياقامدىغان؟ بىرىگىمۇ جاۋاب بەرمىدىم. ئۇلار ھەر نېمىلەرنى دەپ تىللاشتى، تىللاشلىرىغىمۇ پەسەنت قىلىپ كەتمىدىم.

شۇ ئاخشىمى مەزىن ئاخۇنۇم مەن ئۈچۈن قويۇپ قويغان بىر كومو يومدانىنىمۇ ئىچمەي، ئۆزۈمنىڭ كاتىكىمگە تىقىلىۋېلىپ، كېچىچە خۇداغا نالە قىلىپ چىقتىم. ئۇيقۇممۇ رىزۋانگۈل، چۈشۈممۇ رىزۋانگۈل ئىدى.



لەۋلىرىم بولسا خۇدادىن ئىككىمىزگە ئەركىنلىك، توختى توقامغا زاۋاللىق، ھاشىم ئاخۇنغا ئىنساپ تىلەش بىلەن يۇمۇلماي تاڭ ئاتقۇزدۇم. يىغلاش، نالە قىلىش بىلەن ئىككىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن ئاپەتنى قاچۇرغىلى، قارغاش، سۆكۈش بىلەنمۇ توختى توقامنىڭ قارا كۆڭلىنى ئاقارتقىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئەمما، بىلگىنىم بىلەن ئۇنداق قىلماي، باشقىچە قىلىدىغانغا نېمە چارەم بولسۇن؟

ئەتىسى ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرالمىدىم. ئادەتتىكى كۈنلەردە بامداتتىن يانغان كىشىلەر قويلىرىنى ئىشىك ئالدىغا ئاچىقىپ، ئېلىپ كېتىشىمنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. بۈگۈن ئۇلار چوپاننىڭ يوقلۇقىنى تۈنجى قېتىم ئەمەلىيەتتە ھېس قىلىشتى بولغاي، ئەجەبلىنىپ مېنى يادىغا ئېلىشىپ مەسچىتكە كېلىشتى. كۈن چىقماي قالغان بۇلۇتلۇق كۈنلەرمۇ بولىدۇ، كىشىلەر بۇنىڭدىن ھەيران قېلىشمايدۇ. ئەمما، مەن ھازىرغىچە مەيلى ئۇچۇق، مەيلى تۇتۇق، مەيلى قار ياكى يامغۇرلۇق كۈنلەردە بولسۇن، ھامان قوي باقىنىم باققان بولغاچقا، بۇنىڭغا شۇقەدەر كۆنۈپ كەتكەن يېزا ئەھلى بىر كۈن ئورنۇمدىن تۇرالمىغىنىمغا ئەجەبلىنىپ ھەيران قېلىشتى. ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ تىللىغانلارمۇ، سىرتتا تۇرۇپ تىللىغانلارمۇ بولدى. بەزىلىرى بولسا غۇدۇراپ تۇرۇپ ھاقارەت قىلاتتى:

— قورسىقى تويىدى بولغاي بۇ يالاڭتۆشنىڭ!

— ئۆيى بولمىغاندىكىن غېمى يوق-دە؟ غەمسىز ئادەمنىڭ كۆڭلى قارا بولىدۇ، كۈندۈز بىلەن كېچىنى پەرق ئەتمەي ئۇخلاۋېرىدۇ...

— بىكارلىق ناندىن سەمرىپ قوپالماي كەتكىنى...

— پۈتۈن بىر يېزىنى يەپ يالمىغان يالماۋۇز بولغاندىكىن گېپى يوغىناپ، گەدىنى قوپۇۋالغان گەپ...

ھېچكىمگە ھېچنېمە دەپ جاۋاب بەرمىدىم. جاۋاب بەرگۈدەك سۆزۈممۇ يوق ئىدى. تەنە-تاپىلارنى ئاڭلاپ ياتقاندىن كۆرە قوپۇپ كېتەي دېسەم ماغدۇرۇم يوق، تۇرالمايتتىم.

مەزىن ئاخۇنۇم كىرىپ ئەھۋال سورىدى. گەپ قىلمىغان بولسامۇ

پېشانەمنى تۇتۇپ بېقىپ، جامائەتنى پەسكويغا چۈشۈرىدىغان گەپلەرنى قىلدى:

— ئۇمۇ ئادەم جامائەت، ئاغرىپ قاپتۇ. تونۇردا ياتقاندەك يېتىپتۇ، بۇگۈنچە قوي، ئۆچكىلىرىڭلارنى ئېغىلىڭلاردا باققاچ تۇرارسىلەر...

ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاچچىق تەنە، مەسخىرە بىلەن كۆمىدىغانلار چىقتى:

— يېتىم ئوغلاق، بالدۇرراق مۆرىشى كېرەك ئىدى!

— تۈنۈگۈندىن خەۋەر بەرگەن بولسا، ماللىرىمىزغا قارايدىغان ئادەم بىلەن يەم-خەشەك تەييارلاپ قويمايتتۇقمۇ؟

— ئۆلەر ھالەتتە بولمىغاندىكىن تاپتەك ياتماي، قوپۇپ قوي باققاچ ھەرىكەت قىلسا ساقىيىپ قالامدۇ؟

باشقا بەزىلەر تەرىپىمنى ئېلىپ مەزىن ئاخۇنۇمنى قوللاپ چىقتى:

— مۇسۇلمانغا لايىق گەپ قىلايلى جامائەت، نېمە، سىلەر ئاغرىپ تارتىپ قالمىغانمىدىڭلار؟

— مۇشۇ كۈنگىچە بۇ بالىنىڭ «ۋاي» دېگىنىنى ئاڭلىمىغانىدۇق. بوپتۇ، تاۋى بولمىسا بىر-ئىككى كۈن يېتىپ ئارام ئالغاي...

— ئۆلسىمەن دەپ ياتقان ئادەمنىڭ بېشىغا تۆپىلەپ تەنە تېشى ياغدۇرماي، مېلىڭلارغا ئىچ ئاغرىتىدىغانلار سۇيۇق-سەلەك بىرەر پىيالە ئاش ئېلىپ كەلسەڭلارچۇ!

كىشىلەر ئاستا-ئاستا تارقاپ كېتىشتى، مەسچىت ئىچىمۇ جىمىپ كەتتى. كاتىكىمدىمۇ سەھەر تۇرۇۋالغان چىۋىنلەرنىڭ غۇژۇلدىشى ئەۋجىگە چىقىشقا باشلىدى. شۇ ئەسنادا ئىشىك ئېچىلدى ۋە ئەمدىلەتىن ئېتىۋاتقان تاڭنىڭ يورۇقىنى توسۇپ بىر گەۋدە بوسۇغىدىلا ئولتۇردى. (مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆيگە كىرەلمەيتتى. چۈنكى، «ئۆي» ئاتالغان بۇ كاتەككە يەنە بىر ئادەم سىغمايتتى.) ئۇ ئېغىر تىنىدى، پۇشۇلداپ كەتتى ۋە نېمىشقىدۇر بىر نەرسە دەپ ئېغىز ئاچمىدى.

مەن ئۇنىڭ ماڭا دەيدىغان گەپلىرى باردەك، قانداقتۇر بىر ئىچكى



سەۋەب تۆپەيلىدىن ئېيتالمايۋاتقاندەك ھالەتنى ھېس قىلدىم. ئېغىرلىشىپ كەتكەن بېشىمنى تەستە بۇراپ ئىشىك تەرەپكە قارىدىم-دە، چۆچۈپ كەتتىم. بوسۇغىدا ئولتۇرغان كىشى ھاشىم ئاخۇن ئاكا ئىدى. ئۇ ئۆزىگە قارىغىنىمنى كۆرۈپ گېلىنى بوش قىردى، خىرقىراق تاۋۇش بىلەن يەرگە قاراپ تۇرۇپ:

— ئاغرىپ قالدىڭمۇ بالام؟ — دەپ سورىدى.

ئاۋازى شۇنچە مۇلايىم، يېقىملىق ئىدى ۋە ئۆمرۈمگە كېلىپ تېخى ئاڭلاپ باقمىغان «بالام» دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەنىدى. قەلبىم چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان بىرخىل ھارارەت تەسىرىدىن ئېرىپ، ئۆزۈمنى زادىلا تۇتۇپ تۇرالماي پىغان سېلىپ يىغلاپ تاشلىدىم.

— يىغلىمىغىن بالام، دىلىمنى ئەزمە، — دېدى ئۇ ئۆزىمۇ كىرلەشىپ كەتكەن بوز يەكتىكىنىڭ يېڭى بىلەن كۆزىنى سۈرتۈپ.

يىغىدىن خالاس بولماقچى بولۇپ ئۆرۈنۈپ باقتىم. بۇ ئۆرۈنۈشۇمدا خېلىدىن كېيىن ئۈنۈمنى ئىچىمگە چىقارماسلىققا ئېرىشتىم. ئەمما، تىنىمسىز ياشلار مەڭزىمنى يۇيۇشنى توختاتمايتتى.

— دادا...، — دېدىم مەنمۇ تېخى ئۆزۈم ئەزەلدىن ئىشلىتىپ باقمىغان سۆزنى ئاغزىمغا ئېلىپ. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، گېلىمنى بىرى بوغۇۋالغاندەك ئۈنۈم ئادەتتىن تاشقىرى تىترەپ چىقتى، — مېنىڭ گۇناھىم نېمە؟ بۇ ئالەمگە تىل-ھاقارەت، دەشنام ئاڭلاش ئۈچۈنلا تۆرەلگەن بولغىيمىدىم؟ مېنىڭمۇ خۇدا ياراتقان جىمى جانلىقلار قاتارىدا ئېرىشەي دېگەن كىچىككىنە بەختىممۇ ماڭا نېسىپ بولغۇسى كەلمىسە، ياشايمەن دەپ جان قىينىشىمنىڭ نېمە پايدىسى بولسۇن؟...

— مېنى خىجىل قىلما بالام، پۇچۇلىنىپ كۆيۈۋاتقان يۈرىكىمنى پارە-پارە قىلما، — ھاشىم ئاخۇن ئاكا دۇدۇقلاپ سۆزلەيتتى. ئۇ سۆزلەۋاتقىنىدا كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلاتتى، — ھەممىنى چۈشىنىمەن بالام. سېنىڭ نېمىشقا ئاغرىپ قالغىنىڭنىمۇ بىلدىم بالام... ئۆيدە رىزۋانگۈل يىغلايدۇ، ئانىسى يىغلايدۇ، مېنى ئۇلارنىڭ يىغىسىنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيدۇ دەمسەن؟ ھەممىنى بىلىپ تۇرىمەن... ھەممىنى بىلگىنىم بىلەن

ماڭا نېمە ئىلاج ؟ . . .

ئۇ سۆزىنى داۋام قىلدۇرالمىدى . يىغا ئۇنىڭ بوغۇزىنى تۇتۇۋالغانىدى . ئەمدى كۈچۈمگە كەلگەندەك بولۇپ قالدىم ۋە سەل كۆتۈرۈلۈپ ، جەينەكلەپ تۇرغىنىمچە :

— قىزلىرىمۇ ، ئۆزلىرىمۇ نارازى ئىشقا نېمە ئۈچۈن بەل باغلايلا دادا ؟ — دەپ سورىدىم .

ھاشىم ئاخۇن ئاكا ماڭا چەكچىيىپ قارىدى . يېڭى بىلەن كۆزلىرىنى ، يۈزىنى سۈرتتى ۋە ئۇمۇ جىددىيلىشىپ :

— بوينۇمغىچە چۆكۈپ كەتكەن قەرزىمنى قانداق تۆلەيمەن ؟ — دېدى ئۈنىنى كۆتۈرۈپ ، — قىزىمنىڭ يىغىسىغا چۆمۈپ تۇنجۇقۇپ ئۆلەي دېدىم ، ئۇنىڭ نالە - پىغانىدىن ئۆزۈمنى سىرتماققا ئاسايمۇ دېدىم . . . ،

— بوۋاينىڭ كۆزلىرى غەلىتە پارقىراپ كەتتى ، — خۇدا بۇ جاننى ئالمىغاندىكىن « يارەببىم » دەپ بىر ياقا يۇرتلارغا قېچىپ كېتەيمۇ يا ، دەپمۇ چەن سوقۇپ باقتىم . لېكىن ، . . . شۇ قەرزلەر ھامىنى رىزۋانگۈلنىڭ گەدىنىگە چۈشىدىغان گەپ ئەمەسمۇ ؟ . . .

ئۇ سۆزىنى ئېيتىپ تۈگەتمەيلا ئورنىدىن تۇردى ، كاتەكنىڭ پەس ئىشىكىنى مۆلچەرلىمىگەنلىكتىن بېشى دوقىدە ئۈستۈنكى كىشەككە تەگدى - دە ، بېشىدىكى رەڭگىنى بىلگىلى بولمايدىغان شاپاق دوپپىسى چۈشۈپ كەتتى . ئۇ دوپپىسىنى ئېلىپ ، قولىدا كۆتۈرگىنىچە گۇرسۇلدەپ دەسسەپ مەسچىتتىن چىقىپ كەتتى .

بىرھازادىن كېيىن مەن سەل ئېسىمنى يىغدىم . ھاشىم ئاخۇن ئاكىنىڭ كاتىكىمگە كېلىشى غەلىتە ، قىزىق تۇيۇلدى ، ئەلۋەتتە ، ئۇ قىزى رىزۋانگۈلدىن ، ھېچبولمىسا خوتۇنى ئارقىلىق قىزىنىڭ ئاغزىدىن مېنى ياقتۇرىدىغانلىقىنى ، توختى توقامغا ياتلىق بولغۇسى يوقلۇقىنى بىلگەنلىكىدە شەك يوق ، بۇلارنى ماڭا خەۋەر قىلىش ئۈچۈن كەلمىگەنلىكىمۇ ئېنىق . ئۇنداقتا ئۇ نېمىشقا كەلگەندۇ ؟ . . . ئويلا - ئويلا ، بىرلا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن دېگەن يەرگە كەلدىم : دادا رىزۋانگۈلنى توختى توقامغا بېرىدۇ ، بەرمىسە ، يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان قەرزدىن قۇتۇلالمايدۇ . ئۇ-



نىڭ بۇ قارارىغا مەنمۇ ھەمدەملىشىپ بېرىشىم كېرەك ! يەنى رىزۋانگۈلنى بۇ تويغا رازىلىق بېرىپ ، تەقدىرگە تەن بېرىشكە ئۈندىشىپ بېرىشىم كېرەك . . .

ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم . ماغدۇرسىزلىقىمنى ، بېشىم ئاز - تولا قېيىۋاتقانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئاغرىپ قالغاندەكمۇ تۇرمايتتىم . كاتەكتىن چىقتىم ، مەسچىت ئىچى جىمجىت ئىدى . ۋاقىت قوزا چۈشكە يېقىنلاپ قالغان بولۇپ ، بۇنداق چاغدا جىمى ئادەم پەقەت ئېتىزدا بولۇشلا مۇمكىن ئىدى .

مەسچىتتە ئۆزۈم يالغۇز قېلىپ كۆنمىگەنىدىم . تالاغا چىقاي دېسەم قىلىدىغان ئىشىم ، بارىدىغان جايىم يوق ئىدى . دۇنيانىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن ، لېكىن بۇ يېزىمۇ كۆز ئالدىمدا مەۋجۇت ئەمەستەك تۇيۇلاتتى . ئىچىمنى ئېچىشتۇرۇۋاتقان پىكىرلەردىن بىردەم بولسىمۇ قۇتۇلۇش ئۈچۈن بەرىبىر تالاغا چىقىپ ، باقاي دەپ ئويلىدىم ۋە مەسچىتنىڭ شاللىرى بىر - بىرىدىن قېچىپ شالاقشىپ كەتكەن ئىككى قاناتلىق ئىشىكىدىن چىقىپلا ھاشىم ئاخۇن ئاكىنى كۆردۈم . ئۇنىڭ باياتىن ئۇسسۇپ تاشلىغان بېشى ياڭاقتەك ھۆررەك بولۇپ ئىششىغان ، قولىدا تېخىچە مايلاشقان ، كىر شاپاق دوپپا تۇراتتى . ئۆزى بولسا مەسچىت سەيناسىدىن يىگىرمە قەدەمچە نېرىدىكى لەش بېسىپ كەتكەن كۆل بويىدا ، بىر تۈپ قېرى سېرىق سۆگەتكە مۈرىسى بىلەن يۆلىنىپ خىيال سۈرگىنىچە ئولتۇراتتى . ئۇ مېنى كۆرمىدى . مەزگىلدىن ناھايىتى بۇرۇن بوۋايغا ئايلىنىپ قالغان بۇ بىچارە كىشىگە ئىچىم ئاغرىپ كەتتى ، ئۇ قىزىنىڭ ئالدىدا ، خوتۇنىنىڭ ئالدىدا ، شۇ قاتاردا قىزى خالىغانلىقتىن كۈيئوغۇل قىلىۋېلىشقا رازى ، ئەمما ، بېقۇۋۇۋللىقىدىن ئىلاجسىز رەت قىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتقان مېنىڭ ئالدىمدا چەكسىز خىجالەتچىلىكتىن ئۆزىنى قويۇشقا يەر تاپالمىغانلىقى شۈبھىسىز ئىدى . ئۇ خىجالەتچىلىكىدىن قىزىنىڭ كۆزىدىن قېچىپ يېنىمغا كەلگەنىدى ، ئۇنىڭ دەردىگە مەلھەم بولىدىغان گەپ - سۆز ۋە ۋەدىلەر ئورنىغا ، دەردىگە دەرد قوشقانىدىم . مەن باشقىچە قىلالمايتتىم . بوۋايمۇ بۇنى چۈشەنگەنىدى .

ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ مەسچىت ئىچىگە يېنىپ كىردىم. كاتىكىمگە كىرگۈم كەلمەيتتى. بوۋاينى كۆزىتىپ ئولتۇرۇش ئۈچۈن ئەزەن ئېيتىدىغان مۇنارغا چىقىدىغان كېسەك پەلەمپەي بىلەن مەسچىت ئۆگزىسىگە چىقتىم. بەختكە قارشى ئۆگزىنىڭ مەن چىققان تەرىپىدىن كۆل بويى كۆرۈنمەيتتى. ئۆگزىنىڭ قىرىدا ئاران – ئاران تۇرغان، ئادەمنىڭ مۈرىسىگە كەلگۈدەك ئېگىزلىكتە سىرەج تام بار ئىدى. سىرەج تام يوق يەنە بىر تەرىپى يېزىنىڭ كۆجۈم مەھەللىسىگە قارايتتى. كۆزۈم ئاشۇ تەرەپتىكى بىر ياسىداق هويلىغا چۈشتى. ئېگىز، رەتلىك ئۆسكەن سۇۋادان تېرەكلەر ئارىسىدا قوش قانات، ئويما ئىشىكلىك بۇ هويلا بىردىنلا كۆزگە تاشلىناتتى. هويلىنىڭ ئەتراپىنى ئۈچ غۇلاچ ئېگىزلىكتىكى توقۇقۇز پاخشىلىق ئەنجان تېمى قورشاپ تۇراتتى. بۇ تاملارنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقى بىزدەك كەمبەغەل – يوقسۇللار ئۈچۈن سىر ئىدى. هويلىنىڭ ئۆگزىسى بولسا باشتىن – ئاخىرىغىچە بېسىلىپ چىڭدىلىپ كەتكەن بېدە ئىدى.

بۇ دەل توختى توقامنىڭ هويلىسى ئىدى. رىزۋانگۈل بىلەن مېنىڭ بەختىمگە چاڭ سالغان، بىز ئىككىمىزنىڭ، ئىككى قېرى قوشۇلۇپ تۆت كىشىنىڭ بىر كۆزىدىن قان، بىر كۆزىدىن ياش ئاقتۇرۇۋاتقان ئاشۇ يالماۋۇزنىڭ ئوردىسى ئىدى. مەن بۇ مەرمەزنىڭ ئوتتۇز قويىنى باقاتتىم. بۇ ئوتتۇز قوي پەقەت ئۇنىڭ ئادەتتىكى يېمىكىگە ئاتاپ ئۆيدە ساقلايدىغان قويلىرى بولۇپ، ئوتتۇزدىن ئاشۇرمايتتى، كېمەيتمەيتتى. سويۇلغانلىرىنىڭ ئورنىغا نەدىن ئەكىلىدىغانلىقى ماڭا نامەلۇم، ئىشقىلىپ، يېڭى قويلار تولۇقلىنىپ تۇراتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ نۇرغۇن قويلىرى تۇمشۇقتىكى جاڭگالدا ئىكەنلىكىنى چاكارلىرى ئېيتىپ بەرگەنىدى. ماڭا بېقىشقا بېرىدىغان ئوتتۇز قويىنى هويلىنىڭ كەينى تەرىپىدىكى ئارقا دەرۋازىدىن تاپشۇرۇۋالاتتىم ۋە كەچتە شۇ دەرۋازىغا ئاپىرىپ تاپشۇرۇپ بېرەتتىم. بۇ ئارقا دەرۋازا توختى توقامنىڭ ئېغىل – مالخانىلىرىغا كىرىپ – چىقىش ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى. بۇ يەردە قويدىن باشقا ئاتلار تۇرىدىغان ئاتخانا، كالىلار ئۈچۈن قوتانلارمۇ بار ئىدى. ئۇستىدىكى لا-



پاسقا هويلىنىڭ ئالدى تەرىپىدىكىدىنمۇ كۆپ ۋە ئېگىز قىلىپ قۇرۇق بېدە بېسىلغانىدى.

توختى توقامنىڭ هويلىسىغا كۆزۈم چۈشۈشى بىلەنلا ئىچىمنى هەرە چاققاندەك يۈرىكىم ئېچىشىپ تۇرالماي كەتتىم. «سەن ئېپلاسنى هۆركىرەتكەن، زورلۇق – زومبىلىق قىلدۇرۇۋاتقان، بىزدەك يوقسۇللارنىڭ كۆزىدىن ياش ئېلىپ، يۈرىكىنى داغماللاۋاتقان ئاشۇ بايلىقلىرىڭ – هە؟» دېگەن پىكىر تۇيغۇلىرىمنى خىرەلەشتۈرۈپ، ئەقلىمنى ئىگىلىۋېلىپ باراتتى. «رىزۋانگۈلنى چاڭگىلىڭدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن مەندە بايلىقىڭنى بويلىغۇدەك ۋەج بولۇشى لازىم – دە!» دەپ ئويلىدىم ۋە يەنە مەندە ئۇنداق ۋەجنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، مەڭگۈ بولمايدىغانلىقىنى يادىمغا ئالدىم.

مەسچىت ئۆزگزىسىدىن قايتىپ چۈشتۈم. شۇ چاغدا ئۇشتۇمتۇت ئېسىمگە: «ئەگەر توختى توقاممۇ بىزدەك بايلىقى يوق، ۋەجى يوق يوقسۇل بولۇپ قالسىچۇ؟...» دېگەن بىر پىكىر كەلدى. بۇ پىكىر بارغانچە خەتەرلىك دولقۇن كۆتۈرۈپ، كەلكۈندەك يامراشقا باشلىدى. «ئەگەر ئۇمۇ يوقسۇلغا ئايلانسا رىزۋانگۈلگە قول سالالمايدۇ. ئېغىز ئاچالمايدۇ...» دېگەن خىيال ۋۇجۇدۇمنى ئىللىتىشقا باشلىدى.

قانداق بولۇپ ئۇمۇ يوقسۇلغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن؟ ئېڭىمدا بىر پىلان قەد كۆتۈرمەكتە ئىدى. لەۋلىرىم توختىماي «يوق قىلىمەن، يوق قىلىمەن» دەپ پىچىرلايتتى. كۆڭلۈم غايىبانە رىزۋانگۈلگە تەلپۈنەتتى: «قارا ئەمدى رىزۋانگۈل، ياخشىلاپ قارا، خۇدا بۇيرۇسا، ئەتە ساڭا ئىچىنى سېلىپ تۇرغان ئۇ چىلبۆرىنىڭ يوغان سۆزلەپ كېرىلىپ يۈرۈشىگە سەۋەبچى بولۇۋاتقان بايلىقى بولمايدۇ، ياراتقان ئىگەمگە ئاهىمىز يېتىپ قالسا، تېخى، ئۆزىمۇ غايىب بولالمايدىغان، تىرىكمۇ بولالمايدىغان قىسمەتكە قالىدۇ. سەن مېنىڭ، مەن سېنىڭ، يېزىمۇ، دۇنيامۇ، ئاسمان – زېمىنمۇ ئىككىمىزنىڭ بولىدىغان يېپيېڭى بىر كۈن تۇغۇلىدۇ...»

كۈننى ناهايىتى تەستە كەچ قىلدىم...

مەسچىت كۈندىكىدەك ناماز شام بىلەن ئاۋاتلىشىشقا باشلىدى. يېزا ئەھلى پېشىن بىلەن ئەسىر نامازلىرىنى ئادەتتە ئۆز ئۆيلىرىدە ياكى ئېتىزلىرىدا ئوقۇشاتتى. ئايرىم كىشىلەرلا نامازشامغا بالدۇرراق كېلىپ قازا نامىزى ئوقۇيتتى. مەسچىتتە ئادەتتە بامدات، شام ۋە خۇپتەن نامىزى ئىمامنىڭ ئىمامەتچىلىكىدە ئوقۇلاتتى. مەن كۆڭلۈمدىكى پىلانىم ئۈچۈن شامدىن ئىلگىرىلا كاتىكىمگە كىرىۋالغانىدىم. ئىچىم سىقىلسىمۇ خۇپتەندىن تارقىمىغۇچە مىدىرلىماي ياتتىم. شۇ چاغدىلا مەزىن ئاخۇنۇم مېنى يادىغا ئالدىمۇ ياكى بىرلىرى ئۇنى كىرگۈزدىمۇ ئىشقىلىپ، ئۇ مەندىن ئەھۋال سورىدى.

— خېلى تۈزۈلۈپ قالغاندەك تۇرىمەن، — دېدىم بوشلا، — پەقەت ماغدۇرۇم يوق ئاخۇنۇم...

مەزىن بىردەم تۇرۇپ كېتىپ يوقاپ كەتتى، بىر چاي قايناتقۇدەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئېچىپ يېپىلغان بىر كاكچا بىلەن ئىككى زاغرىنى بوسۇغىغا قويۇپ:

— قورسىقىڭنى توقلاپ بالدۇرراق ئۇخلا، نانىنىڭ ئاشقىنىنى ئەتە يەرسەن، — دېدى ـ دە، غايىب بولدى.

بۇ ئازىردىن ئەتە كەچكىچە يەيدىغان روزانىم ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. ماغدۇرغا كىرىش ئۈچۈن كاكچىنى ئەتىگە قالدۇرمايلا يەۋەتتىم. ئۇسسۇزلۇقۇمغا ئەلۋەتتە، قىش ـ ياز تەييار تۇرىدىغان كۆل سۈيى بار ئىدى.

مەسچىت ئىچى جىمجىت، تېشىدا بىر نەچچە بوۋايلار كىمدۇر بىرىنىڭ ھەزرىتى ئەلى كەرەمۇللاھۇ ۋەجھۇنىڭ مارالبېشىغا قانداق كەلگەنلىكى ۋە قايسىبىر تاغ ئارىسىدا تاش ئوقۇر بىلەن دۇلدۇلنىڭ تۇۋاق ئىزىنى قالدۇرۇپ كېتىپ قالغانلىقى ھەققىدە سۆزلىگەن ھېكايىنى تىڭشايتتى... ئازابلىق ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتۈپ بوۋايلارمۇ تارقىلىشتى. مەن مەسچىتتىن چىقتىم. ئەمما مەھەللە ئىچىدىن بالىلارنىڭ «ئورغاق ـ مەرەم» دەپ توۋلاپ، مۆكۈ ـ مۆكۈلەك ئويناۋاتقانلىقى ئاڭلىناتتى. بارغانسېرى ئەدەۋاتقان شىمال شامىلى قايسىبىر ھويلىلاردىن نانغا ئا-



رىلاشتۇرۇلغان كۆيۈپ پىشقان پىيازنىڭ، قايسىبىر ئېغىللاردىن چىلىنىڭ پۇرىقىنى ئېلىپ كېلەتتى. موزايلارنىڭ سۇس مۆرەشلىرى، ئېشەكلەرنىڭ ھاڭراشلىرىمۇ تۇرۇپ پەسىيىپ، تۇرۇپ كۈچىيەتتى.

يېزا پۈتۈنلەي ئۇخلىغاندا باش توخۇ چىللايدىغان ۋاقىت بولغانىدى. مەن بىئارام بولۇپ، ئىچىم سىقىلىپ، دەم كاتىكىم ئىچىگە كىرەتتىم، دەم چىقىپ مەسچىت قورۇسىدا ئىشىك بىلەن كاتىكىم ئارىلىقىنى قەدەملەپ سانايتتىم. باش توخۇ چىللىسى پەسەيگەندە مەن مەسچىت ئىشىكىنى ئاۋايلاپ ئاستا ئاچتىم. كۆل بويىغا بېرىپ، ئىستىنجا قىلىپ تاھارەت ئالدىم ۋە يەنە پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ مەسچىتكە قايتىپ كىرىپ، خانىقا تېشىدىكى بورا ئۈستىگە يۈكۈنۈپ، ئاللاھدىن ئىشىمغا نۇسرەت، كۆڭلۈمگە ئىشەنچ تىلەپ، ئۇزۇندىن ئۇزۇن دۇئا قىلدىم. شۇنىڭدىن كېيىنلا سەل ـ پەل يەڭگىللىگەندەك بولۇپ كاتىكىم ئىچىگە كىرىپ ئۆزۈم بىلىدىغان تامنىڭ خېلى چوڭ تۆشۈكى ئىچىدىن چاقماقتېشىنى ئالدىم. بۇ چاقماقتېشىنى قىش كۈنلىرى ئوت قالاپ ئىسسىنىش ئېھتىياجى بىلەن ساقلايتتىم. ئەمدىلىكتە ئۇ كۆڭلۈمدىكى ئارمىنىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى بىردىنبىر قورالىم ئىدى.

سىرتتا يەنىلا شامال ئېسىپ تۇراتتى. شامالدا شور بىلەن چاكاندىنىڭ پۇرىقى قويۇق ئىدى. مەن ئاۋۋال يېزىنىڭ ئالدى تەرەپتىكى يولىدىن يانداپ ئۆتۈپ، بىر تەرىپى ئۆيلەر، يەنە بىر تەرىپى ئېتىزلىق ئارىسىدىكى سۇسىز، قۇم تىنىپ كەتكەن ئېرىق ئىچىگە كىردىم. بۇ يەردىن ئۆزۈمگە تونۇش تەرەپكە تىۋىش چىقارماي بېرىش ئانچە مۈشكۈل ئىش ئەمەس ئىدى. مۇشۇ ئېرىققا سۇ كەلسە ھويلىسىغا سۇ ئەكىرىش ئېھتىياجى ئۈچۈن ئېچىلغان سۆڭگۈچ ئالدىدا قەدىمىمنى توختاتتىم. سۆڭگۈچتە قوزۇقلار بار ئىدى. بىراق، تەلىيىمگە، قۇمغا قېقىلغان، تۈۋى تەرىپىمۇ سېسىپ قالغان قوزۇقلارنى سۇغۇرۇپ چىقىرىش قىيىن چۈشمىدى.

توختى توقامنىڭ ئەسكى ـ تۈسكى قويىدىغان ھويلىسىغا كىرگەندىم. بۇ يەرنىڭ نېرىسىغا يىگىرمە ئوتتۇز قەدەمچە ماڭغاندا ئۇنىڭ

ئېغىل ، ئاتخانا ۋە قوتانلىرى جايلاشقان يەنە بىر ھويلىسىغا يەتكىلى
بولاتتى . مالخانا بىلەن مەن كىرگەن ھويلىنىڭ ئارىسىدىكى رىشاتكىلىق
ئىشىكتە يوغان مىس قۇلۇپ بارلىقى بىلىنەتتى . لېكىن بۇ قۇلۇپ مېنى
تەشۋىشلەندۈرەلمەيتتى . مەن رىشاتكىلىق ئىشىكنىڭ بالداقلىرىنى
شوتىنىڭ ۋاخىنىسى قاتارىدا ئىشلىتىپ ، ئاراتامغا بېلىمگىچە چىقىۋالدىم .
ئەتراپىم يەنىلا جىمجىت ، ئىچكىرى تەرەپتىن ئاتلارنىڭ پۇشقۇرۇشى ،
ماللارنىڭ يەم كۆشەشلىرى ئاڭلىناتتى . قالغان ئىشلار كاللامدا پىشۇ-
رۇۋالغىنىمنى بويىچە تېز ، تەرتىپلىك قىلىندى : چاقماقتېشىنى چېقىپ ،
ئالغاچ كەلگەن مازغا ئوت تۇتاشتۇردۇم ، بىر نەچچە پۇۋلەشتىن كېيىن ماز
ئارىسىدىن سۇس يالقۇن كۆتۈرۈلدى ، مازنى ئۇچى تامدىن بىر سويامدەك
سىرتقا چىقىپ تۇرغان قۇرۇق بېدىلەرنىڭ ئاستىغا تاشلىدىم . شامال مازنى
ئۇچۇرۇپ كەتمىسۇن دەپ تەلۋىلەرچە تەۋەككۈل قىلىپ ، ئوتقا دالدا
بولۇپ بىردەم ئولتۇردۇم . باشتا ياڭاقچىلىك ، ئاندىن ئالىقانچىلىك ، ئا-
خىرىدا دوپپا چوڭلۇقچىلىك دائىرىدىن سۇس ئىس چىقىپ ، بارغانسېرى
يالقۇن كۆتۈرۈلگىلى تۇردى . شۇنىڭدىن كېيىنلا كۆڭلۈم قانائەت تېپىپ ،
رىشاتكىلىق ئىشىكنىڭ ۋاخىنىلىرىغا دەسسەپ پەسكە چۈشتۈم . ئۆزۈممۇ
ھەيران قالغۇدەك تېزلىك بىلەن سۆڭگۈچتىن سىرتقا چىقىۋالدىم . قو-
زۇقلانى جايى - جايىغا بولمىسىمۇ ھەرھالدا ئاۋۋالقىدەك ئىسكەتكە
ئوخشىتىپ قويمغا پاتۇرۇپ بولۇپ ، ئورنۇمدىن تۇرغىنىمدا بېدىگە تۇتاش-
قان ئوت چاپانچىلىك دائىرىگە كېڭەيگەن ، قويۇق قارا ئىس بولسا شامال
يۆنىلىشى بويىچە جەنۇب تەرەپكە تۇتەپ ئاقماقتا ئىدى . مىسلى كۆرۈلمى-
گەن زور ئاپەت دەل ئاشۇ قاپقارا ئىس چىقىۋاتقان بېدىلەرنىڭ ئارىسىدا
ئىدى . ئەمدى بۇ يەردە سادىر بولىدىغان ، بۇ يېزا ئېھتىمال ئەزەلدىن
ئۇچرىتىپ باقمىغان مۆجىزە خاراكتېرلىك ئاپەتنى ياراتقان خۇدا
توسمىسا ، پۈتۈن يېزىنىڭ توسىيالىغۇدەك ئامالىمۇ ، كۈچىمۇ يوق ئىدى .
خۇشلۇقۇمدىن سەكرەپ ، ئۇسسۇل ئوينىغۇدەك ھاياجانغا كېلىپ ،
باشقا تەرەپلەر بىلەن بىر قوناقلىققا كىردىم . ئۇ يەردىن كېسىپ ، يېزا
چېتىگە چىقتىم ، ئاندىن تام دالدىلىرى بىلەن مېڭىپ يولغا چىقىپ



مەسچىت ئىچىگە كىردىم . ئىزچىلارنىڭ ئىزدىشىدىن پەخەس بولۇپ قىلى-
غان بۇ ھەرىكەتلىرىم ئۆزۈمگىمۇ ئوشۇق ئىشتەك تۇيۇلاتتى . شۇنداقتىمۇ ،
رىزۋانگۈلنى مەن گۇمانسىز ، ھەسەتسىز ، شەكلەندۈرمەي قولۇمغا كەلتۈ-
رۈشۈم لازىم دەپ ئويلايتتىم .
مەسچىت ئۆگزىسىگە چىققىنىمدا يېزىنىڭ باشقىچە بىر قىياپەتكە
كىرىپ قالغىنىنى كۆردۈم . مەن ئېسىمنى بىلسەم ، ئاشۇنداق تاغدەك بې-
سىۋېتىلگەن بېدىلەر ھېچبىر كېمەيمەيتتى . ئۇنىڭ كېمەيگەن قىسمى ھەر
يىلى بېدە ئورمىسىدا تولۇقلىنىپ كۆپىيىپ تۇرغانلىقتىن ، ئۇ يىلسېرى
ئېگىزلەۋاتقاندەكلا كۆرۈنەتتى . مانا ئەمدى يېزىنىڭ ئاشۇ بىر قىسمىدا
كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان بىر كۆرۈنۈش مەيدانغا كەلگەن بولۇپ ،
توختى توقامنىڭ بارگاھىدا ئوت دېڭىزى گۈرۈلدەيتتى . ئاي قاراڭغۇسى
بولغاچقا بۇ ئوتنىڭ يۇقىرىسى ئاسمانغىچە تۇتاشقاندەك كۆرۈنەتتى . ئوت-
نىڭ يورۇقى يېزىنىڭ يېرىمىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتكەنىدى ، بىرلا
قارىماققا پۈتۈن يېزا كۆيۈۋاتقاندەك بىلىنەتتى . . .
ئوت شۇنچىۋالا ئەدەپ كەتكىنىگە قارىماي ، يېزىدا ھېچقانداق
ساراسىمىلىك كەيپىيات يوق ئىدى . كىشىلەر نېمە ۋەقە بولغىنىنى تۇيماي
ئۇخلىماقتا ئىدى . « كۆي . ھەممە نەرسىنى كۈل قىلىۋەت ئوت ! ـــ دەيت-
تىم ئۆزۈمگە ئۆزۈم . ئىچ - ئىچىمدىن چىقىۋاتقان خۇشلۇقنى ناھايىتى
تەستە بېسىپ تۇراتتىم ، ـــ توختى توقام ئۇيقۇ ئىچىدىلا دوزاخ يالقۇنىنى
كۆرسۇن ، سەن ئۇ ئويغىنىشتىن ئىلگىرىلا ئىز - دېرىكىدىن تارتىپ
كۆرگەن چۈشىگىچە كۆيدۈرۈۋەتكەيسەن قۇدرەتلىك ئوت . . . »
شامال ئوتنى تېخىمۇ كۈچەيتمەكتە ئىدى . بېدە باغلاملىرى ئوت
تەپتىدىن چۇۋۇلماي تۇرغىنى بىلەن ، باغلاقلىرى كۆيۈپ تۈگىگەندە
شامال بىلەن بىللە ئۇچۇشقا باشلىدى . مانا شۇ ھالەت يېزىنى ئويغىتىشقا
سەۋەبچى بولدى . مەسچىت ئۆگزىسىدە تۇرۇپ توختى توقامنىڭ
قوشنىسى بولغان ئۇنىڭ ئاكىسى ـــ يېزا ئاقساقىلىنىڭ ھويلىسىدىمۇ ئوت
ئۇچقۇنلىرىنى كۆرۈپ قالدىم . شامال كۆيگەن بېدىلەرنى ئۇچۇرتۇپ ،
ئاقساقالنىڭ ھويلىسىغا چۈشۈرمەكتە ئىدى . ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئاق-

ساقالنىڭ ھويلىسىنىڭ ئىشىكىدە يېرىم يالىڭاچ ئادەملەر يۈگۈرۈشكە باشلىدى. يەنە بىر دەمدىن كېيىن شۇ ئەتراپتىكى بىر نەچچە ئۆيلۈك كىشىلەر كوچىغا چىقىشتى. ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆپەيدى، داپ، ئەسكى چېلەك ۋە سۇنايلارنىڭ ھېچقانداق پەدىگە چۈشمەيدىغان، قالايمىقان، پەقەت ئادەملەرنى ئويغىتىش رولىنىلا ئوينايدىغان ئاۋازلىرى ياڭراشقا باشلىدى.

ئادەملەرنىڭ تۇۋلىشىپ، چېپىشىپ يۈگۈرگىنىنى كۆرۈپ تۇراتتىم. ئەندىشە قىلىشىمغا قارشى ھالدا بىرەرىنىڭمۇ توختى توقام ياكى ئاكىسىنىڭ ھويلىسىدىكى ئوتنى ئۆچۈرۈشكە ئۇرۇنغىنىنى كۆرمىدىم. «توختى توقامنىڭ ھويلىسىدىن ھېچكىم چىقالمىسىكەن، ھەممىسى كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتسىكەن...» دەپ تىلەيتتىم.

داۋاملىق ئۆگزىدە تۇرىۋېرەلمىدىم. بەش - ئالتىدەك كىشى پايپاسلاپ مەسچىت تەرەپكە كەلمەكتە ئىدى. ئالدىراپ - سالدىراپ كېسەك پەلەمپەيلەردىن تاقلاپ دېگۈدەك پەسكە چۈشۈپ، كاتىكىمگە كىرە - كىرمەي كىشىلەر مەسچىت ئىچىگە كىرىپ كېلىشتى. مەن ئىشىكىمنى ياپا - ياپماي ئۇلاردىن ئىككىسى پەلەمپەي بىلەن ئۆگزىگە چىقىپ كېتىشتى. يەنە ئۈچ - تۆتەيلەن مەسچىت خانىقاسىنىڭ ئىچىدىكى ئامبارغا كىرىپ كېتىشتى. بۇ ئامباردا مەسچىت مەنغۇلاتلىرى: بورا، چىراغ يېغى، ھېيت - ئايەملەردە چېلىنىدىغان ناغرا... دېگەندەك نەرسىلەر ساقلىناتتى.

مەسچىتكە كەلگەنلەرنىڭ نىيىتى دەرھال ئاشكارىلاندى. ئۆگزىگە چىقىپ كەتكەن ئىككىيلەن ئۈنىنى ئوخشاش، بىرخىل ئېگىزلىكتە چىقىرىپ ئورۇنسىز، مەزگىلسىز ۋە ئەھمىيەتسىز ئەزان ئېيتىشقا باشلىدى. ئەزان توختىشى بىلەنلا پەستىكى كىشىلەر كۆتۈرۈپ چىققان ناغرىلارنى پەدىگە چۈشۈرمەي قالايمىقان چېلىشقا باشلىدى. شۇ ئارىلىقتا مەسچىتكە يەنە بىر مۇنچە كىشىلەر كىرىشتى. بۇلار كىشىلەرنى ئويغىتىپ، ئوت ئۆچۈرۈشكە چاقىرماقچى ئىكەنلىكى شۈبھىسىز، ئەمما، ئۆزلىرى قاراڭغۇلۇقتا ئۇدۇل كەلگەن يەردە ئولتۇرۇپ باشقىچە گەپلەرنى قى-



لىشاتتى:

— قىيامەت قايىم بولدىمىكىن، دەپتىمەن...

— توختى توقام بىلەن ئاكىسى مەڭگۈ توقامغا قايىم بولسىمۇ بولار...

— بۇرۇتى تەۋرىمەيدۇ ئۇلارنىڭ!

— ئۆشرە، زاكات بەرمىگەنىنىڭ سورى يارەنلەر.

— توختى توقامنىڭ نەشە چېكىدىغان مىجەزى باشقا چىققان گەپ!

— ھەي، ناغرىنى پەدىگە چۈشۈرۈپ چېلىڭلار، — كىمدۇر بىرى ئۆگزىگە قاراپ توۋلىدى، ئاندىن ئىككى يېنىدىكىلەرگە قاراپ، — قۇلاق - مېڭىنى يەپ كەتتىغۇ بۇ تاراڭ - تۇرۇڭ، — دەپ غودۇڭشىپ قويدى.

— ھەر نېمە بولسا شامال بىز تەرەپكە ئۇرمىدى. بولمىسا...

— مەن ئۆگزىدە ياتقانىدىم. ماڭسۇر توقامنىڭ ئاقساقاللىقىنى دېمىسەم يېتىۋېرەتتىم...

ناماز بامداتقا ئەزان ئېيتىلغاندا كاتىكىمدىن چىقتىم. مەسچىت ئىچىگە بەزىلەر كىرىپ، بەزىلەر چىقىپ تۇراتتى. لېكىن، بۈگۈن بامدات نامىزى ئوقۇلمىدى. ئەمدى ھېچقانداق شەك - شۈبھە قىلىنمايدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، توختى توقامنىڭ ھويلىسى تەرەپكە باردىم. يولغا يېزىلىقلار توشۇپ كەتكەنىدى، ئالدى تەرەپكە ئۆتكىلى بولمايتتى. ھېيت ياكى نورۇز ئايەمىدىكى يېزا ئويۇنلىرىنى كۆرۈشكە قىزىققاندەك، بىر مۇنچە باللار ئېگىز دەرەخلەرنىڭ ئۇچىغا چىقىۋېلىشقانىدى. بىرلا پەرقى — ئاللىچۇقان، قىقاس - سۈرەن ئاڭلانمايتتى، شۇنداق بولسىمۇ پىچىر - پىچىرلاردىن كىشىلەرنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئۇققىلى بولاتتى:

— بىدە، سامان، ئاشلىقلىرىنىڭ ھەممىسى كۆيۈپ كېتىپتۇ...

— تۆت ئات بىلەن ئالتە كالىسىمۇ كۆيۈپ كېتىپتۇ. شۇلارغا ئۇۋال...

— ئېشەكلىرىنىڭ بىرىمۇ ساق قالماپتۇ، دەيدۇ...
— چۇچۇلا، جىمىسى چۇچۇلا!
— قويلىرىمۇ كۆمەچ بولۇپ كەتكەن گەپ...
— ئېشەكلىرىنىڭ ھارام مال، ھالال ماللىرىغا ئىچى سىيرىلىدۇ كى-
شىنىڭ!
— ھايۋانىنىڭ ئۆزى ھالال بولغىنى بىلەن ھارام يول ئارقىلىق
تېپىلغان - دە!
— خەپشۇك! ئاستىراق...
ئادەملەر غۇژمەكلىشىپ پىچىرلىشاتتى. بولغان ئەھۋالنى باھالى-
شاتتى، مۇلاھىزە قىلىشاتتى. ئەمما، ئوت كېتىشىنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە بىر
خىللا خۇلاسە چىقىرىشاتتى:
— خۇدادىن كەلگەن بالاغا بەندە ئارىچىلىيالمايدۇ...
— خۇدا ئۆزى بەردى، ئۆزى ئالىدۇ...
توختى توقامنىڭ كۆيۈپ كەتكەن ياكى كەتمىگەنلىكىنى شۇنچە
تېز - تېزلاپمۇ بىلەلمىدىم. يېزىلىقلارنىڭ كۆيگەن بېدە، سامان،
ئاشلىق، كېپەك، كۈنجۈرىدىن تارتىپ ئات، ئېشەك، قوي، كالا، تو-
خۇلارغىچە سۆزلىشىپ تۇرۇپ، ئادەم توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىغىنىغا
قارىغاندا، توختى توقامنىڭ كۆيۈپ ئۆلمىگەنلىكىنى قىياس قىلىشقا
بولاتتى. بۇ تازا كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان بولسىمۇ، «نېمىلا قىلغان
بىلەن گاداي قىلىۋەتتىم، ئەمدى رىزۋانگۈلگە ئېغىز ئاچالمايدۇ...» دەپ
ئۆزۈمنى بەزلەشكە كۇپايە قىلاتتى.
تاڭ ئاتتى. يېزا ھېچقاچان ئۆز تارىخىدا بۇنداق ۋاڭ - چۇڭلۇق
سەھەرنى كۆرمىگەن بولغىيدى، ھېچكىشى ئۆز ئىشىغا ئالدىرىمايتتى.
ھەممەيلەن توپلىشىپ، توختى توقامنىڭ قۇرۇق تام ئىچىدە ئىس چىقى-
رىپ تۇرغان ھويلىسىنىڭ ئالدىدا تۇرۇشاتتى. خېلى بىر كەمدە كىشىلەر
ئارىلىقىدىن قىسىلىپ ئالدىغا ئۆتۈپ، ھويلا ئالدىغا بويۇنداپ قاراش ئىم-
كانىيىتىنى تاپتىم. ھويلا ئالدىدا يېرىم مودىن كەڭرەك سەينادا ئادەم يوق
ئىدى. ئاشۇ ئادەمسىز جايغا چوڭ - كىچىك مىخلىما ساندۇقلار، تۇگۇن-



چەكلەر قالايمىقان دۆۋىلەپ قويۇلغانىدى. ساندۇق ۋە تۇگۇنچەكلەرنىڭ
يېنىدا ئەتراپىدا بولۇۋاتقان ھادىسىلەرگە قورقۇمسىراپ ياكى پەرۋاسىز
قاراپ، توختى توقامنىڭ ئۈچ خوتۇنى بىر - بىرىگە ئارقىلىرىنى قىلىپ
ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇشاتتى ۋە ئارىلاپ - ئارىلاپ، تېخىچە تۈتەك ئىس
چىقىۋاتقان، ئېگىز تامنىڭ ئىرىسىدىكى كۈل توشقان بۇرۇنقى ھويلىغا
بويۇنداشىپ قوياتتى. چۇچۇلا بولۇپ كەتكەن ياغاچ پارچىلىرى ھامان
كۆيمەكتە ئىدى.
ياندىكى ئاقساقالنىڭ — توختى توقامنىڭ ئاكىسى مەگسۇر
توقامنىڭ ھويلىسىنىڭ يېرىمى كۆيۈپ كەتكەنىدى. ئاقساقالنىڭ ئائىلى-
سىدىكىلەر (ئۇنىڭمۇ تۆت خوتۇنى ۋە سەككىز بالىسى بار ئىدى)
كۆيمىگەن تەرەپتىكى ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىۋېلىشقانىدى. ئاقساقال-
نىڭ ھويلا ئىچى ۋە تېشىدا ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتى سېزىلەتتى. بۇ مەزكۇر
يېزا ھۆكۈمرانىنىڭ تۇرالغۇسىنى تامامەن كۈل بولۇشتىن ساقلاپ قېلىشقا
تىرىشۋاتقان قۇتقۇزغۇچى كىشىلەر ئىدى.
مەن قىستىلىپ، قىسىلىپ يۈرۈپ شۇ تەرەپكە باردىم. بۇ يەردىمۇ
ھويلا بىلەن ئادەملەر توپى ئارىلىقىدا يىگىرمە قەدەمچە ئارىلىق بار ئىدى.
ئىس، كۆيە پۇراپ كەتكەن ھاۋا كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاينىتاتتى. ھەممە
ئەتراپنى شامال ئۇچۇرغان كۆيە توزانلىرى قاپلاپ كەتكەنىدى.
بىردەمدىلا يوپيۇرماقلىرى قۇرۇپ قارىداپ كەتكەن بىر تۈپ تېرەكنىڭ
تۈۋىدە ئاقساقال، ئىمام، مەزىن ئاخۇنۇم ۋە توختى توقاملار تۇرۇشاتتى.
ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ چىرايى ئۆڭگەن، سارغىيىپ كەتكەنىدى. خۇدا-
دىن ئۆزىگە ھېچكىم بىلمەيدىغان قىساسىمدىن زوقلىنىش ھېسسىياتىم
توختى توقامنى كۆرۈپلا غەزەپ - نەپرەتكە ۋە ئاچچىققا ئۆزگەردى. ئا-
دەملەر ئىچىدە كەمدىن كەم كۆرۈنىدىغان گۆپسە، يوغان گەۋدىلىك بۇ
نائەھلى چىرايى بوزارغان بولسىمۇ ئەپتىدىن چوڭچىلىقىنى نامايان قىلىپ،
ئىستا ئاز - تولا قارايغان ئاق يەكتىكىنىڭ ئۈستىدىن بوش باغلانغان
كۆكۈش بەلۋېغىنى سىقىمداپ، قورسىقىنى دومبايتىپ، ئىمامنىڭ سۆزىگە
قۇلاق سېلىپ تۇراتتى:

— ھېلىھەم بولسا جامائەتنىڭ ئەجرىدىن كەچمىسلىمىكىن تەقسىر، — دەيتتى ئىمام، — كۆيۈشىنىغۇ كۆيدى. چالا قالغانلىرىنى جامائەت ساقلاپ قالسا ئەجەب ئەمەس...

— ھېچكىم يېقىن بارمىسۇن، — دېدى توختى توقام چىشلىرى ئارىسىدىن. ئۇنىڭ كۆزلىرى غەزەپتىن پارقىرايتتى، — بۇلارنىڭ ھەننىۋاسى ئوغرى، نېمىنى قۇتقۇزىدۇ؟ بۇلايدۇ شۇ...

— بۇلىغۇدەك نېمىمۇ قالغاندۇ؟ — مەزىن ئاخۇنۇم سۆز قاتتى.

توختى توقام بەلۋېغىدىكى قولىنى شارتتىدە تارتىۋېلىپ، چالا ئاقارغان ساقىلىنى سىلاپ قويدى - دە، مەزىن ئاخۇنۇم بىلەن ئىمامغا مەسخىرىلىك قاراپ:

— ئېلىپ چىقالىغاننى ئېلىپ چىقتۇق، قالغان ئالتۇن - كۈمۈشلەر ئاشۇ كۈل ئىچىدە قالدى، - دېدى بېشى بىلەنلا ھويلىسى تەرەپنى ئىشارەت قىلىپ، — ئاشۇ ئېرىغ ماللار ئېرىپ كاللەكلىشىپ، تەييار بولۇپ تۇرغاندۇ ھەقىچان... بۇنى بىلىشەملا تەقسىرلىرىم؟

ئۇنىڭغا ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى. ئاكىسى مەگسۇر توقاممۇ قاتاڭغۇر يۈزىنى تاتىلاپ، ئۆز ھويلىسى تەرەپكە ئېرەنسىز قاراپ قويدى. شۇ ئارىدا ئىككى يېنىمدا تۇرغان كىشىلەر پىچىرلىشىپ قېلىشتى:

— خەقىقە بەرسەم ئىسىت ئېشىم، ئۆزۈمدە تۇرۇپ سېسى ئېشىم، دېگەن شۇ - دە! خەق كۈل ئارىسىدىن ئېرىغ مال ئىزدەيتتىمۇ؟

— بۇ خاسىيەتلىك ئوتنىڭ دەل ئۇ ياتقان ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن چىقمىغىنى چاتاق بوپتۇ...

— ياراتقان ئىگەم كۆرسىتىدۇ تېخى. بۇنداق ئىبلىسنىڭ پۇشتىغا دوزاخ ئازابى بولمىسىمۇ، گۆر ئازابىنى تېتىتىپ، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى نۇرغۇن قېتىم بىلدۈرىدۇ، ۋاللاھۇ ئەئلەم...

مەن باشقا ئادەملەر يېنىغىمۇ بېرىپ گەپ تىڭشىدىم. ئوت ئاپىتى تەقدىرىنىڭ جازاسى ئىكەنلىكى مۇقىملاشقانىدى، يېزىدا كىمدۇر بىرىنىڭ ئوت قويۇپ بېرىشى مۇمكىنلىكىنى خىيالىغا كەلتۈرگەن ئادەم يوقتەك قىلاتتى. ئوتتىن ئامان قالغان ئاكا - ئۇكا توقاملارنىڭ بۇ ئىشقا بولغان



كۆز قارىشىنى بىلەلمىگەن بولساممۇ، مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەن گۇمانىي نەزەرنىڭ تېشىدا ئىكەنلىكىم كۆڭلۈمنى خاتىرجەم قىلاتتى. توختى توقام گەرچە ئۆلمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بايلىقى كۆيدى، قانتى سۇندى. ھاشىم ئاخۇن ئاكىدىن قەرزىنى سۈيلىسىمۇ سۈيلەيۇ، رىزۋانگۈلگە سۇنغان قولىنى يىغىشتۇرۇپ، ئۆز كويى بىلەن قالىدۇ دەپ ئويلايتتىم.

توختى توقامنىڭ ھويلىسى ئۈچ - كېچە كۈندۈز كۆيۈپ، بىر ھەپتىگىچە ئىس چىقىپ تۇردى. توختى توقام قانداقتۇر ۋەج، ئېرىغ ماللىرىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە خوتۇنلىرى، خىزمەتكارلىرىنى كۆيگەن ھويلىسىنى چۆرىدىتىپ تۇرغۇزۇپ، تالادىلا يېتىپ قوپۇشتى. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئانچە - مۇنچە ئاكىسىنىڭ ھويلىسغا كىرىپ ئارام ئالغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، خارابىسىنىڭ ئەتراپىدىلا ئايلىنىپ يۈردى.

لېكىن، يېزا ئادەتلەنگەن، بىر قېلىپتىكى كونا ھاياتىنى باشلىدى. ئادەملەر ئىككى - ئۈچ كۈن نامەلۇم ئوت ھەققىدە كۇسۇرلىشىپ، بەزىدە ئاشكارا مۇلاھىزە قىلىشىپ، بۇ «يېگىلىق» تىنىمۇ تويغانىدى. مەن توختى توقامنىڭ چارۋىلىرى تۆپەيلىدىن كېمەيگەن بولسىمۇ ئاۋارىچىلىكى ئازايمىغان چوپانلىق مەشغۇلاتىمغا كىرىشتىم. بۇنىڭسىز قورساق مەسىلەمگە خېرىدار بولىدىغان ئادەم چىقمايتتى.

شۇنداق بىر كۈنى، بەلكىم جۈمە كۈنى بولسا كېرەك، قويلارنى ئۆستەڭنىڭ باش قىسمىدىكى بۇلاقلارنىڭ ئەتراپىغا قويۇۋېتىپ، بىر قېتىم مېگىپ باققان قوناقلىقلار ئارىسىدىن يول چىقىرىپ رىزۋانگۈلنىڭ ئۆيىگە باردىم. ھاشىم ئاخۇن ئاكىنىڭ ئوت كەتكەن كېچىنىڭ ئالدىنقى كۈنى ئەتىگىنى مەن بىلەن سۆزلەشكىنىدىن قارىغاندا، رىزۋانگۈل بىلەن ئوتتۇرامىدىكى سەۋدادىن خەۋىرى بار، قىزنىڭ ئانىسىغىمۇ بۇ ئىش مەخپىي بولمىغاچ، بۇ قېتىم ئۇلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشى، ئۇقۇپ قېلىشلىرىدىنمۇ ئەنسىرەپ يۈرمەي يۈرەكلىك قەدەم ئالدىم. تەلىيىمگە چوڭلار يوق، رىزۋانگۈلنىڭ بىر ئۆزى ئىشىك ئالدىدا ئولتۇرۇپ، كونا چەللىنىڭ تېگىدە پىشمىغان قوناقلاردىن كۆكباش پۇچۇلاپ ئولتۇراتتى. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ

ئۇزۇقلۇقى تۈگىگەنلىكىنى، قوناق پىششىنى كۈتەلمەيۋاتقىنىنى بىلگىلى بولاتتى.

رىزۋانگۈل مېنى كۆرۈپ، ئەتراپقا خۇدۇكسىنىپ قاراپ يۈرمەيلا ئورنىدىن تۇرۇپ خۇشال كۈتۈۋالدى. بۇ ئىككىمىزنىڭ ئوتتىن كېيىنكى دەسلەپكى ئۇچرىشىشىمىز ئىدى. شۇڭا، ئۇمۇ مەندەك ھاياجانلىنىپ، ئۆزىنى قويغۇدەك يەر تاپالماي قالغانىدى. تىنچلىق - سەھەتلىك سورىشىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ ماڭا سېڭىپ پىشقان بىر باش قوناقنى ئۇزاتتى، ئۇ قوناق شېخى بىلەنلا سالغان ھولانى بىر يەرگىرەك يىغىپ، كۈلكە كەتمىگەن چىرايى ئېخىمۇ ئېچىلغان ھالدا:

— توختى توقاملار يەنە تالادا يېتىپ - قوپۇپ يۈرەمدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، خۇددى ئۇۋۇسى يوق ئىتتەك، — دېدىم.

— ئۆزىمۇ كۆيۈپ كەتكەن بولسىچۇ بېشىنى يەيدىغان جۇۋاينىمەكنىڭ، — دېدى ئۇ كۈلۈپ. ئەمما، ئاھاڭدا ھەسرەتلىنىش ئالامىتى بىلىنىپ تۇراتتى.

— ھەممە ئادەم شۇنداق دېيىشىۋاتىدۇ، — دېدىم. شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە يەنە ئۇنىڭ ھويلىسىغا مەن ئوت قويغانلىقىمنى، بۇنى قانداق پىلانلاپ، قانداق ھەرىكەت قىلغانلىقىمنى دېگۈم كېلىپ كەتتىيۇ، ئۆزۈمنى بېسىۋالدىم. «ئۇنىڭ ئۆزىنىمۇ كۆيدۈرۈۋېتەلىگەن بولسام ئىدى، ماختانسام ماختانغۇچىلىكى بار ئىش بولاتتى. ۋۇجۇدقا چىقمىغان نوچىلىقنىڭ ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق...» دېگەنلەرنى ئويلىغاچ، بۇلارنى دەپ ئۆزۈمنىڭمۇ، رىزۋانگۈلنىڭمۇ كۆڭلىنى يېرىم قىلغۇم كەلمىدى. ئەكسىچە، خۇشلۇقى ئۇرغۇپ تۇرغان كىشىلەرنىڭكىدەك ئىشەنچ تولۇق ئاھاڭدا قوشۇپ قويدۇم، — نېمىلا دېگەن بىلەن نوخۇلسى ئېلىنىپتۇ ئۇ ئېشەكنىڭ، ئەمدى سېنى ئۆزىگە تەلەپ قىلمايراق يۈرەر...

— ئىنشائاللا، بولسا شۇنداق قىلار، جاجىسىنى بەرگەن خۇدايىم كۆڭلىگىمۇ ئىنساپ بېرەر، — دېدى رىزۋانگۈل ئېغىر تىنىپ، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ يەنىلا خاتىرجەم ئەمەسلىكىنى، كۆڭۈل توختىتالمايۋاتقىنىنى



ئۇققىلى بولاتتى.

— ئۇ سېنى ئۆزىگە سورىيالمايدۇ ئەمدى، — دېدىم بىردىنلا تەلۋىلىشىپ. خىيالىمغا بولسا، «ئىگەم يول بەرسە ھەممە ئىش ئاسان ئىكەنغۇ، ماڭا پۈتۈن تەئەللۇقاتىنى كۆيدۈرۈپ كۆل قىلىۋېتىدىغان پۇرسەت، قۇدرەت بەرگەن خۇدايىم، ئەگەر ئۇ يەنىلا ھايۋانىي نەپسىدىن كەچمىسە، يەنە بىر قېتىم ئەدەپلەيدىغان پۇرسەت بەرمەي قالارمۇ؟» دېگەن پىكىرلەر كەلدى، — شۇنداق، ئەمدى ئۇ سېنى ئۇنتۇشى كېرەك، ئەگەر يامان نىيىتىدىن يانمىسا، بۇ قېتىمقىدىنمۇ ئارتۇق بالا - قازاغا يۈزلىنىدۇ ئۇ نائەھلى.

ھولانى كۆسەي بىلەن مالتىلاپ، پاراسلاپ ئېتىلىپ پىشۋاتقان قوناقلارنى ئۆرۈپ كۈلۈپ ئولتۇرغان قىز مېنىڭ سۆزۈم بىلەن جانلىنىشىنىڭ ئورنىغا شۈك بولۇپ قالدى. مېنى بۇرۇن كۆرمىگەندەك باش - كۆزۈمگە تەپسىلىي قاراپ چىقتى، ئۆزىچە ھودۇقۇپ:

— مۇرات، بۇ قېتىمقى ئوت كېتىش... سەن... — دېگىنىچە توختاپ قالدى.

— نېمە بولدۇڭ؟ — كۆپ سۆزلەپ سەل چاندۇرۇپ قويغانلىقىمنى تۇيدۇم. كۆكباشنى غاجىلىغان بولۇپ رىزۋانگۈلگە ئاستىرتتىن سەپسالدىم.

ئۇ قورقۇمسىرىغاندەك ۋە سەل خىجالەت بولغاندەك قورۇنۇپ، مۈرىسىنى قىستى - دە:

— ئوت كېتىش مېنى ئۆزىگە تەلەپ قىلغانلىقتىن بولغانمۇ؟ — دەپ سورىدى، — سەن بۇ ئىشنىڭ تېگى - پېيىنى بىلىدىغاندەك گەپ قىلىسىنا...

— يېتىملەرنىڭ باشپاناھى ياراتقان ئاللاھ، — دېدىم ئەمدى چۆچۈتمەسلىك ئۈچۈن گەپ ياساپ، — ھېلىقى قېتىم ئۇنىڭ سېنى قەرزگە ھېسابلاپ، ئۆزىگە سوراتقىنىنى ئاڭلىغاندىن بۇيان كېچەيۇ كۈندۈز خۇدادىن ئۇ مەلئۇنغا بالا تىلەپ نىدا قىلدىم... يوغان سۆزلەتكۈزگەن مال - مۈلۈك، دېپى - دۇنياسىغا ئوت تىلىدىم، ئوت!

قىز شۇنچىۋالا زور كۆلەملىك ئوت كېتىشكە دۇئايىمنى سەۋەبچى بولغان، دەپ قارىشى ناتايىن بولسىمۇ، ئۆزىنى گۇمانلىنىۋېرىشتىن خالاس قىلىشقا ئالدىرىدى:

— يېتىمنىڭ دۇئاسى ئىتتىك ئىجابەت بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سېنى مەسچىت بالىسى، دېسە ئوشۇق كەتمەيدۇ...

ھاشىماخۇن ئاكا جۈمەدىن يانغانلىقىنى ئېيتىپ يېتىپ كەلدى. ئۆزۈمنى دالدىغا ئېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدىم — دە، «كۆرسە كۆرەر» دەپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ سالاملاشتىم. بوۋاي قىزى بىلەن ئايرىم ئولتۇرۇپ، ئازادە پاراڭلىشىۋاتقىنىمنى ئېڭىغا سىغدۇرالمىغان بولسىمۇ، تېڭىرقىشى بىردەملىك بولدى. كالتا يۆتەلدى. دېمىقىنى قاقتى ۋە رىزۋانگۈل پىشقان قوناقلارنى تەڭنىسى بىلەنلا ئۆيگە ئەكىرىپ كەتكەندىن كېيىن سالىمىمنى ئىلىك ئېلىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، كۆكباش يېگەن — يېمىگىنىمنى سۈرۈشتۈردى. قولۇمدىكى مەدەكنى كۆرۈپ كۆكباش يېيىشكە قايتا زورلىمىدى.

ئۇ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن يەنە شۇ ئوت كېتىشتىن ئېغىز ئاچتى. بۈگۈنكى جۈمەدىن كېيىن ئىمامنىڭ جامائەتكە ۋەز ئېيتقىنىنى، ساۋابلىقتىن، ئېزگۈلۈكتىن يىراقلاشقاندا قانداق ئاقىۋەتلەرنىڭ يۈز بېرىشى مۇمكىنلىكىنى، مىسال — پاكىت ئىزدەپ يىراققا بېرىش بىھۇدە ئىش بولۇپ، توختى توقامنىڭ ھويلىسىغا ئوت كېتىشتىن ھەممەيلەننىڭ ئىبرەت ئېلىشى لازىملىقىنى ئۇزۇندىن ئۇزۇن سۆزلىگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى.

— بۇلار توغرىسىدا جامائەتكە ۋەز ئېيتىشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ — دېدىم، — كىم ساۋابتىن يۈز ئۆرۈسە، ئېزگۈلۈككە ئارقىسىنى قىلسا، دىيانەت يولىدىن كېچىپ، مۇسۇلمانلارغا ئازاب — ئوقۇبەتنى تاڭسا بالا — قازا شۇنى تاپىدۇ، دېيىش كېرەك — دە!

— شۇنى دېمەمسەن؟ — ھاشىم ئاخۇن ئاكا چىڭگىشلىشىپ كەتكەن ساقىلىغا يېپىشىۋالغان قوناق دانلىرىنى تىلىنى چىقىرىپ يالاپ، ئاغزىغا كىرگۈزۈپ بولۇپ داۋام قىلدى، — ئەمما، نەپسى توختى توقامنىڭ قوشۇقلۇقىغا چىقىپ قالغان ئىمام ئاخىرىدا نېمدەپ جۆيلۈيدۇ،



دېمەمسەن؟

ئۇ ئۆسۈك قاشلىرى تېگىدىن ماڭا ئاچچىق بىلەن تىكىلدى.

— خوش؟، — دېدىم ئۇنىڭ سۆزى ۋە قارىشىدىكى يوشۇرۇن مەنىگە قىزىقىپ.

— ھەممەيلەننىڭ بېشىغا كەلگەن بالا — قازانى توختى توقام سۈپەر بولۇپ توسۇپ، ئۆزىگە قارىتىپتىمىش... ھەممەيلەن ئەمدى توختى توقامغا ياردەملىشىشىمىز كېرەك ئىمىش... ھېچ بولمىسا، ھە — ھۇ بىلەن ئۇنىڭ ھويلا — ئاراملىرىنى سېلىشىپ بەرمىسەك بولمايمىش...

— جامائەت ماقۇل بولدىمۇ؟ — ئالدىراپ سورىدىم.

— جامائەت نېمە دەيتتى؟ — ھاشىم ئاخۇن ئاكا ئاچچىقىدىن يېنىپ، پەرۋاسىزلىق بىلەن كۆكباش قونىقىنى ئالقىنىغا ئۇۋۋاپ چۇشۇرۇشكە باشلىدى، — باشتا جىم — جىم ئولتۇرۇشتى، كېيىن «بوپتۇ، سېلىشىپ بەرسەك بەردۇق، قولىمىزنىڭ كىرى ئېرىغدىلىپ قالار شۇ...» دېيىشتى.

مەن دەيدىغان گەپ قالمىغانىدى. رىزۋانگۈل ئۆيگە بىر كىرىپ كەتكەنچە قايتىپ چىقمىدى. دېسەم — دېمىسەم، دادىسىنىڭ كۆزىچە مەن بىلەن پاراڭلىشىش ئۇنىڭغا بىئەپ تۇيۇلغانىدى. ھاشىم ئاخۇن ئاكىمۇ ئىشتا چېقىلغان قەددىنى مۈكچەيتىپ، يېنىدا ئولتۇرغىنىمنىمۇ ئۇنتۇپ مۈگدەشكە كىرىشكەنىدى.

ئاستا قوپۇپ، قوناقلىقلار ئارىسىدىكى قىرلاردىن مېڭىپ، قويلىرىمنىڭ يېنىغا كەتتىم. كۆڭلۈم پاراكەندە ھالدا توختى توقامنىڭ ئۆي — جاي سېلىشى بىلەن رىزۋانگۈلنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىنى باغلاپ پۇچۇلىناتتىم. نېمە سەۋەبتىندۇر كۆڭلۈم ئۆيەپ، ئىچىم سىقىلىپ، كۈننى مىڭ تەستە كەچ قىلدىم.

رىزۋانگۈل ئۆستەك بويىغا سۇغا كېلىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنىدى. بىزنىڭ ئۇچرىشىپ تۇرۇشىمىز نورماللاشقانىدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى رىزۋانگۈل چۈشەندۈرگەندە بېشىم ئاسمانغا يەتكەندەك بولدى: قىز ئانىسىغا تولا يىغلاپ، ئۇ ئارقىلىق دادىسىنى كۆندۈرۈپتۇ.. ھاشىم

قىز شۇنچىۋالا زور كۆلەملىك ئوت كېتىشكە دۇئايىمنى سەۋەبچى بولغان، دەپ قارىشى ناتايىن بولسىمۇ، ئۆزىنى گۇمانلىنىۋېرىشتىن خالاس قىلىشقا ئالدىرىدى:

— يېتىمنىڭ دۇئاسى ئىتتىك ئىجابەت بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سېنى مەسچىت بالىسى، دېسە ئوشۇق كەتمەيدۇ...

هاشىماخۇن ئاكا جۈمەدىن يانغانلىقىنى ئېيتىپ يېتىپ كەلدى. ئۆزۈمنى دالدىغا ئېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدىم ـ دە، « كۆرسە كۆرەر » دەپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ سالاملاشتىم. بوۋاي قىزى بىلەن ئايرىم ئولتۇرۇپ، ئازادە پاراڭلىشىۋاتقىنىمنى ئېڭىغا سىغدۇرالمىغان بولسىمۇ، تېڭىرقىشى بىردەملىك بولدى. كالتا يۆتەلدى. دىمىقىنى قاقتى ۋە رىزۋانگۈل پىشقان قوناقلارنى تەگنىسى بىلەنلا ئۆيگە ئەكىرىپ كەتكەندىن كېيىن سالىمىمنى ئىلىك ئېلىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، كۆكباش يېگەن ـ يېمىگىنىمنى سۈرۈشتۈردى. قولۇمدىكى مەدەكنى كۆرۈپ كۆكباش يېيىشكە قايتا زورلىمىدى.

ئۇ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن يەنە شۇ ئوت كېتىشتىن ئېغىز ئاچتى. بۈگۈنكى جۈمەدىن كېيىن ئىمامنىڭ جامائەتكە ۋەز ئېيتقىنىنى، ساۋابلىقتىن، ئېزگۈلۈكتىن يىراقلاشقاندا قانداق ئاقىۋەتلەرنىڭ يۈز بېرىشى مۇمكىنلىكىنى، مىسال ـ پاكىت ئىزدەپ يىراققا بېرىش بىهۇدە ئىش بولۇپ، توختى توقامنىڭ هويلىسىغا ئوت كېتىشتىن ھەممەيلەننىڭ ئىبرەت ئېلىشى لازىملىقىنى ئۇزۇندىن ئۇزۇن سۆزلىگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى.

— بۇلار توغرىسىدا جامائەتكە ۋەز ئېيتىشنىڭ نېمە هاجىتى بار؟ — دېدىم، — كىم ساۋابتىن يۈز ئۆرۈسە، ئېزگۈلۈككە ئارقىسىنى قىلسا، دىيانەت يولىدىن كېچىپ، مۇسۇلمانلارغا ئازاب ـ ئوقۇبەتنى تاڭسا بالا ـ قازا شۇنى تاپىدۇ، دېيىش كېرەك ـ دە!

— شۇنى دېمەمسەن؟ — هاشىم ئاخۇن ئاكا چىڭگىشلىشىپ كەتكەن ساقىلىغا يېپىشىۋالغان قوناق دانلىرىنى تىلىنى چىقىرىپ يالاپ، ئاغزىغا كىرگۈزۈپ بولۇپ داۋام قىلدى، — ئەمما، نەپسى توختى توقامنىڭ قوشۇقلۇقىغا چىقىپ قالغان ئىمام ئاخىرىدا نېمىدەپ جۆيلۈيدۇ، دېمەمسەن؟

ئۇ ئۆسۈك قاشلىرى تېگىدىن ماڭا ئاچچىق بىلەن تىكىلدى.

— خوش؟، — دېدىم ئۇنىڭ سۆزى ۋە قارىشىدىكى يوشۇرۇن مەنىگە قىزىقىپ.

— ھەممەيلەننىڭ بېشىغا كەلگەن بالا ـ قازانى توختى توقام سۈپەر بولۇپ توسۇپ، ئۆزىگە قارىتىپتىمىش... ھەممەيلەن ئەمدى توختى توقامغا ياردەملىشىشىمىز كېرەك ئىمىش... هېچ بولمىسا، هە ـ هۇ بىلەن ئۇنىڭ هويلا ـ ئاراملىرىنى سېلىشىپ بەرمىسەك بولمايمىش...

— جامائەت ماقۇل بولدىمۇ؟ — ئالدىراپ سورىدىم.

— جامائەت نېمە دەيتتى؟ — هاشىم ئاخۇن ئاكا ئاچچىقىدىن يېنىپ، پەرۋاسىزلىق بىلەن كۆكباش قونىقىنى ئالىقىنىغا ئۇۋاپ چۇشۇرۇشكە باشلىدى، — باشتا جىم ـ جىم ئولتۇرۇشتى، كېيىن » بوپتۇ، سېلىشىپ بەرسەك بەردۇق، قولىمىزنىڭ كىرى ئېرىغدىلىپ قالار شۇ... » دېيىشتى.

مەن دەيدىغان گەپ قالمىغانىدى. رىزۋانگۈل ئۆيگە بىر كىرىپ كەتكەنچە قايتىپ چىقمىدى. دېسەم ـ دېمىسەم، دادىسىنىڭ كۆزىچە مەن بىلەن پاراڭلىشىش ئۇنىڭغا بىئەپ تۇيۇلغانىدى. هاشىم ئاخۇن ئاكىمۇ ئىشتا چىقىلغان قەددىنى مۈكچەيتىپ، يېنىدا ئولتۇرغىنىمنىمۇ ئۇنتۇپ مۈگدەشكە كىرىشكەنىدى.

ئاستا قوپۇپ، قوناقلىقلار ئارىسىدىكى قىرلاردىن مېڭىپ، قويلىرىمنىڭ يېنىغا كەتتىم. كۆڭلۈم پاراكەندە ھالدا توختى توقامنىڭ ئۆي ـ جاي سېلىشى بىلەن رىزۋانگۈلنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىنى باغلاپ پۇچۇلىناتتىم. نېمە سەۋەبتىندۇر كۆڭلۈم ئۆيەپ، ئىچىم سىقىلىپ، كۈننى مىڭ تەستە كەچ قىلدىم.

رىزۋانگۈل ئۈستەك بويىغا سۇغا كېلىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنىدى. بىزنىڭ ئۇچرىشىپ تۇرۇشىمىز نورماللاشقانىدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى رىزۋانگۈل چۈشەندۈرگەندە بېشىم ئاسمانغا يەتكەندەك بولدى: قىز ئانىسىغا تولا يىغلاپ، ئۇ ئارقىلىق دادىسىنى كۆندۈرۈپتۇ.. هاشىم

ئاخۇن ئاكا رىزۋانگۈل بىلەن نىكاھلىنىپ توي قىلىشىمغا قارشى ئەمەسكەن. تويدىن كېيىن، ئومۇملۇققا تەئەللۇق، پۈتۈن يېزىغا ئورتاق بولغان مۇراتىنىڭ باش تىققۇدەك يېرى بولمىسا، كۆچۈپ ئۆز ئۆيىگە كېلىشىمگىمۇ قارشى ئەمەس ئىكەن. بۇنىڭغا چوڭ ھەشەم كەتمەيدىكەن، بىرەر ئېتىز چالما بىلەن كەپىسمان بىر ئۆي قوپۇرۇش قىيىنغا توختىمايدىكەن. مۇرات شۇنىڭدىن كېيىن خالىسا «ئىچ كۈيئوغۇل» ھېسابىدا ئىككى ئائىلىنى بىر قىلىپ ياشىسىمۇ ياكى بۆلەك بولۇپ رىزۋانگۈل بىلەن باشقا ئۆي تۇتۇپ ياشىسىمۇ بولىدىكەن. ئەمما، ھازىرچە توختى توقامنىڭ تەلىپىنىمۇ ئەستە تۇتماي بولمايدىكەن. ئۆي - ۋاقى كۆيۈپ كەتكەن، مال - ۋەجى كۈلگە ئايلانغان توختى توقام رىزۋانگۈلنى ئۆزىگە نىكاھلىۋېلىش تەلىپىنى قايتا ئوتتۇرىغا قويمىغىنى بىلەن، بۇ نىكاھتىن ۋاز كەچكەنلىكىنىمۇ بىلدۈرمەپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن پەقەت كارى بولماي، ئۆزىچە ئىش كۆرىۋېرەي دېسە، ھاشىماخۇننىڭ گەدىنىدىكى قەرز ئۇنىڭ بېشىنى كۆتۈرگىلى قويمايدىكەن...

مەن خۇشال ئىدىم. ئەڭ مۇھىمى، رىزۋانگۈل ۋە ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى مېنى كەمبەغەل، يېتىم كۆرمىگەنىدى. مۇبادا خۇدا نېسىپ قىلىپ رىزۋانگۈل بىلەن توي قىلالىسام، بۇ ئائىلىنىڭ بارلىق قەرزىنى ئۈستۈمگە ئېلىشتىن باش تارتمايتتىم ۋە تۆت جان ئادەم ئەمگەك قىلىپ ئۇ قەرزلەرنى تۆلەپ كېتەلەيدىغانلىقىمىزغىمۇ ئىشىنەتتىم.

— ئاقساقالنىڭ ياكى ئىمامنىڭ يېرىدىن بەش - ئون مو ئىجارە ئېلىپ تېرىيمىز، — دەپ كاپالەتلىك قىلدىم رىزۋانگۈلگە، — توختى توقاملارنىڭكىنىلا تېرىمايمىز، بىكارغا بەرسىمۇ تېرىمايمىز، كۈچەپ ئىشلىسەك، بىز ئالەمنى ھاپ قىلىپ يېمىگەندىكىن، بىر يىلدا تۆلەپ بولالمىساق، ئىككى يىلدىغۇ تۆلەپ قۇتۇلارمىز؟

— خۇدايىم تىلىكىمىزگە يەتكۈزەر مۇرات، — دەيتتى قىز.

يەنە بىر قېتىملىق ئۇچرىشىشتا رىزۋانگۈلگە مۇنداق دېدىم:

— بىز توختى توقامنىڭ ئاغزىغا قاراپ، ئۇنىڭ ھۆكۈم كېسىشىنى ساقلاپ يېتىۋېرىمىزمۇ؟ ئۇ ھېچقاچان سېنى نىكاھىغا ئېلىشتىن ۋاز كەچ-



كىنىنى ئېيتمايدۇ. شۇڭا، بىز ئۆزىمىزنىڭ سەنىمگە دەسسەۋېرەيلى... نېمىشقا ئۇنى ساقلاۋېرىدىكەنمىز؟

— قانداق قىلىپ؟

— مەن كاللامدا پىشۇرۇپ قويدۇم، — دېدىم قەتئىي قىلىپ، — ئون ئىككى يېشىمدىن باشلاپ پۈتۈن يېزا ئۈچۈن ئىشلەپتىمەن. ئەمدى پۈتۈن يېزا يىغىش قىلىپ مېنى ئۆيلەپ قويۇشى كېرەك. ماڭا ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس، يېزا ئەھلى نېمە ئاتىغان بولسا ھەممىسى سېنىڭ تويلۇقۇڭ بولسۇن!

— ماڭا ھېچنېمە كېرەك ئەمەس، — دېدى رىزۋانگۈل مەيدەمگە بېشىنى قويۇپ.

— بۇنى مەنمۇ بىلىمەن، — دېدىم تەرسالىق بىلەن، — لېكىن، بۇ يېزا ئەھلىنىڭ ئىككىمىزنىڭ توي قىلىشىغا ماقۇل بولغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولىدۇ. پۈتۈن بىر يېزىنىڭ جامائىتى ئالدىدا توختى توقام نېمىلا دېگەن بىلەن روبىرو تۇرالمايدۇ. ئۇ خالىسىمۇ قوشۇلماي ئامالى يوقلۇقىنى سېزىدۇ. ساڭا چاڭگال سېلىشقا قەست قىلسىمۇ قولىنى ئالدىراپ ئۇزىتالمايدۇ...

قىز رازى بولۇپ كۈلۈپ كەتتى. يۈزى، ئېڭىكىنى بويىنۇمغا سۈركەپ ئەركىلىدى. مېنى ناھايىتى سۆيۈندۈردى. ئەمما، سەل ئۆتۈپ بىر نېمىدىن سەسكەنگەندەك چۆچۈپ ئۆرە بولدى - دە:

— بۇ پىلاننى يېزىلىقلارغا قانداق ئوتتۇرىغا قويۇپ بولىدۇ؟ — دېدى.

مەن بۇ ھەقتىكى پىشىپ تەييار بولۇپ قالغان ئامالنى ئېيتىشقا ئالدىرىدىم:

— مەزىن ئاخۇنۇم مېنى باشقىلارغا قارىغاندا خېلى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنىڭغا ھەممىنى ئېيتىمەن. ئۇ ئۆيمۇ-ئۆيلەرگە ئەلچى بولۇپ كېلىپ، ماڭا سېنى سورايدۇ... يېزىلىقلارغا ئەلچى بولۇپ، مەن ئۈچۈن ھىمات، قوللاش ۋە تويلۇق سورايدۇ، قانداق، بولامدىكەن؟

قىز مەندىنمۇ بەكرەك خۇشال بولدى. ئۇسسۇل ئوينىماقچى

ئىكەنلىكىنى تارتىنماي بىلدۈردى ۋە نىيىتىنى سورىدى. مەن ھېلىقى بىر ئاخشامدىكى ۋەقەنى، نەيىنى شۇ چاغدا ئاچچىق ئەلەمگە ھاي بېرەلمەي سۇندۇرۇپ قويغانلىقىمنى ئېيتىپ بېرىۋېتىپ، تېخىمۇ ياخشى نەي ياسايدىغانلىقىم توغرۇلۇق ۋەدە بەردىم. رىزۋانگۈل كونا نەيگە خېلىلا ئىچ ئاغرىتقان بولسىمۇ، «بوپتۇ، يېڭىسىنى تېزرەك ياسا، ئۇ سېنىڭ ماڭا تۇتقان تويلۇقۇڭ بولسۇن!» دەپ كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇردى.

كۈنلىرىم باشقىچە، مەنىلىك ۋە خۇشال ئۆتۈۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

مەن مەزىن ئاخۇنۇم بىلەن ئايرىم ئۇچرىشىشقا ئالدىرىغانسېرى بۇ ئىمكانىيەت مەندىن يىراق قېچىۋاتقاندەك سېزىلەتتى. شۇ كۈنلەردە پۈتۈن يېزا توختى توقامنىڭ ئۆيىنى سېلىپ بېرىشكە قوزغىتىلغان بولۇپ، بۇ ئىشنىڭ بېشى مەزىن ئاخۇنۇم ئىدى. ئۇ خۇپتەندىن كېيىن ئەتىسى ئىشلىشى كېرەك بولغان ئائىلىلەرگە باراتتى. بىر - بىرلەپ خەۋەر قىلاتتى. ئۇنىمىغانلارغا ۋەز - نەسىھەت قىلاتتى. بامداتتىن كېيىن بولسا ئىش بېشىغا بېرىپ، نامازشامغىچە نازارەت قىلاتتى. ئۇ تامىقىنىمۇ ئىش ئورنىغا بېرىپ يېيىشىنى ئۇقتۇرغانىدى. كۆڭلۈمدىكى گەپلىرىمنى ئىمامغا ئېيتىشتىن ئەنسىرەيتتىم. بۇ ئىمامنىڭ ئەزەلدىن مېنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس ئىدى. ئۇ ئاقساقال مەڭسۇر توقام بىلەن ناھايىتى ئىجىل - ئىناق بولۇپ كۇسۇلدىشىپلا يۈرەتتى. مەن ئۇلارنىڭ پىچىرلىشىشلىرىدىن، شۇ كۈنلەردە جامائەتنى توختى توقامغا ئۆي سېلىپ بېرىشكە قوزغىتىشتىن پايدىلىنىپ، ئاقساقالنىڭ زىيىنىنىمۇ تۆلىتىۋېلىش، «كۆيۈپ كەتكەن ئايۋان - ساراي» دەپ كۆپتۈرۈپ، ئىككى ئامبار سېلىۋېلىش قەستىدە ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم. رىزۋانگۈل بىلەن بولىدىغان ئىشلارنى ئىمامغا دېسەم بۇ ماھىيەتتە توختى توقامنىڭ ئۆزىگە دېگەن بىلەن ئوخشاش ئىش ئىكەنلىكى ئايدىڭ ئىدى. ماڭا كۈتمەكتىن باشقا چارە يوق ئىدى. مەزىن ئاخۇنۇم بىلەن ئۇچرىشىشنىڭ ھەرقانداق بىر پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەسلىك پۈتۈن ئەقلىمنى ئىگىلىۋالغانىدى. ئەمما، مەن كۈندۈزى يېزىدا بولالمايمەن، رىزۋانگۈل بىلەن ئۇچراشقاندەك قويلارنى تاشلاپلا مەزىن ئاخۇنۇمنىڭ يېنىغا



كېلەلمەيمەن... بۇلار مېنى بىسەرەمجان قىلىپ، يۈرىكىمنى سىقاتتى. بۇلار توغرىسىدا ۋاقتى - ۋاقتىدا قىزغىنمۇ خەۋەر بېرىپ تۇراتتىم، تەبىئىيكى، قىز ئارقىلىق ئانىسى، ئۇنىڭ ئاغزىدىن ھاشىم ئاخۇن ئاكىمۇ ھەممىنى بىلىپ تۇراتتى ۋە ئۇلارنىڭمۇ ماڭا ئوخشاش ئالدىراپ، تىت - تىت بولۇپ ئۆتۈۋاتقانلىقى شەكسىز ئىدى.

ھاۋا ئانچە ئوچۇق ئەمەس بىر شەنبە كۈنى ئەتىگەنلىك چاي ئۈچۈن ئۆي قۇرۇلۇشىغا كېرەكلىك چالما توشۇلىدىغان ئېتىزغا كەلدىم. قويلار شۇ يېقىن ئارىلىقتا قوناقلىرى ئورۇۋېلىنغان ئېتىزدا ئوتلاپ يۈرەتتى. بۇ ئېتىزلار توختى توقامنىڭ تەۋەلىكىدە بولۇپ، ئۆي سېلىش ئېھتىياجى ئۈچۈن قوناقلىرى مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇۋېلىنغانىدى.

مەن چاي ئىچىلىدىغان يەرگە كەلدىم - دە، ھاشىم ئاخۇن ئاكىنى كۆردۈم. ئۇ قولىنى كەينىگە قىلىپ بېشىغىچە تىزىۋېتىلگەن چالمىلارنى كۆتۈرگىنىچە مۆكچىيىپ، تەستە قەدەم يۆتكەپ كەلمەكتە ئىدى. تاڭ سەھەردىلا ماغدۇرىدىن كەتكەن بوۋاي پۇتىغا كىشەن سېلىنىپ تاغقا چىقىشقا مەجبۇر بولۇۋاتقاندەك پۇتلىرىنى كىچىك - كىچىك يۆتكەيتتى، ھاسىرايتتى، گۆرەن تومۇرلىرى كۆپكەن بولۇپ، يۈز، بويۇنلىرىدىن تەر قۇيۇلاتتى.

بوۋايغا رەھىم كېلىپ، ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭغا ئىچ كۈيئوغۇل بولۇپ ئۆيىگە كىرمەكچى ئىكەنلىكىم زىممەمگە بىر خىل بۇرچنى يۈكلىگەنىدى. مەن ئالدىراپ بېرىپ، بوۋاينىڭ دۈمبىسىدىكى چالمىلارنى پەسكە ئېلىشقا باشلىدىم. يۈكى يەڭگىللىگەن بوۋاي قېپقالغان ئىككى چالمىنى سىڭايان تۇرۇپلا يەرگە تاشلىدى ۋە توپا لايغا بۇلغانغان قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن پېشانىسىنى سۈرتتى.

— ئازراق كۆتۈرسىلە ئاتا، — دېدىم ئۇنى قايناقسۇ قايىنىتىلىۋاتقان يوغان قازاننى چۆرىدەپ ئولتۇرغان كىشىلەر قاتارىغا باشلاۋېتىپ.

— مىجەزىم يوق بالام...، — ئۇ ئېغىر ھاسىرىدى، دۈمبىسىدە چالما بولمىسىمۇ قەدىمىنى تەستە يۆتكەيتتى، — سەل ئوڭشىلىۋېلىپ كې-

لەي دېسەم ئۇناشمىدى . . .

شۇ پەيتتە كاللامغا كەلگەن ئەقىل بويىچە ئۇنىڭغا تەكلىپ بەردىم :

— سىلىنىڭ ئىشلىرىنى مەن قىلاي ، قويغا سىلى قارىسىلا . . .

— بۇ ، بۇنىڭدا . . . — دۇدۇقلىدى هاشىم ئاخۇن ، — قانداق بولار ؟ . . .

— ئوبدان بولىدۇ ، — يوغان چۆچەككە ئاق قوناق زاغرىسىنى چىلاپ ، قولى بىلەن يەۋاتقان بىرەيلەن لوقما سېلىپ ، مېنى قوللاپ چىقتى ، — مۇرات ياش ، ساغلام ، بىرەر كۈنلۈك ئىش ئالماشتۇرۇشساڭلار هېچ گەپ بولمايدۇ .

— مېنىڭ دېگىنىم ، ئىش بېشىدىكىلەر ئۇنىمىدىكىن - هە ؟ — هاشىم ئاخۇن ئاكا كىمىندۇر ئىزدەپ ئەتراپقا قارىدى .

— ئۇنايدۇ ، كىم ئىشلىگىنى بىلەن ئۆي پۈتسىلا بولمىدىمۇ ؟ — دېدىم . كۆڭلۈمدە بولسا : « بۇ خالىس ئەمگەك ، ئەگەر ئالۋاڭ بولغىنىدىمۇ ، ئۇنىڭ ئورنىغا مەن ، مېنىڭ ئورنۇمغا ئۇ كەلسە نېمە بوپتۇ ؟ » دەپ ئويلايتتىم .

شۇ ئارىدا يەردىن ئۈنگەندەك قازان بېشىدا توختى توقام بىلەن مەزىن ئاخۇنۇم پەيدا بولدى . قازاننى چۆرىدەپ ئولتۇرغانلاردىن بەزىسى ئورنىدىن تۇرۇشتى ، بەزىسى پۇتىنى يىغىشتى .

— ئۆي قانداق پۈتىدۇ ؟ — دەپ سورىدى توختى توقام ماڭا قاراپ . بۇ ئۇنىڭ شۇ يېشىمغىچە ماڭا تۇنجى قېتىم ئېغىز ئېچىپ گەپ قىلىشى ئىدى .

ئۇنىڭغا ئەيمىنىپ قارىدىم . ئۇ مەندىن ئىككى غېرىچچە ئېگىز بولۇپ ، بەستىمۇ مەندەك ئىككى كېلەتتى . ئورا كۆزلىرى ياغ تەپچىپ تۇرغاندەك پارقىرايتتى . ئوچۇق مەيدىسىدىكى چاتقالنى ئەسلىتىدىغان يۇڭلارمۇ ئاللىقانداق ۋەھىمە تۇغدۇرۇپ ، تىك - تىك كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى .

— هە ، هاشىم ئاخۇن ئاكىنىڭ مىجەزى يوق ئىكەن ، — تارتىنىپ ، ئۇنىڭ سەندەل كىيىۋالغان گۆشلۈك پۇتىغا قاراپ تۇرۇپ



چۈشەندۈردۈم ، — مەن ئۇنىڭ ئورنىغا ئىشلىسەم ، ئۇ بۈگۈنچە قويلارغا هېزى بولسا ، دەپتىم . . .

توختى توقام سۆزلىرىمگە ئېتىبارسىز قارىدى . ئۇ نەزەرىنى هاشىم ئاخۇن ئاكىغا يۆتكەپ ، سەل كۈلۈمسىرەپ سورىدى :

— ئۆي ئىچىڭ تىنچلىقمۇ ئاتا ؟

هاشىم ئاخۇن ئاكا تىترەپ كەتتى . توختى توقامنىڭ سوئالىدا هېچبىر غەيرىي گەپ بولمىسىمۇ ، تاۋۇش ئۇرغۇسىدىن باشقىچە بىر مەنە ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى . ئۇ « ئۆي ئىچى » دېگەندە رىزۋانگۈلنى كۆزدە تۇتىۋاتقىنىنى بوۋايمۇ ، مەنمۇ سەزدۇق . هاشىم ئاخۇن ئاكا قەددىنى پۈكۈپ ، ئاران ئاڭلانغۇدەك ئاۋازدا :

— هە ، تىنچلىق ، ئىنشائاللا ، — دېدى .

— بىزنىڭ هېلىقى مەسلىھەتىمىز روياپقا چىقىش ئالدىدا قەستكە ئۈچرىدىم ، — دېدى توختى توقام كۈلۈشكە تىرىشقىنىغا قارىماي غەزىپى ئۆرلىگەن هالدا ، — ئەمما ، ئۇ مەسلىھەتىمىزنى ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق ، ئاز قالدى ، ساڭا سۇنغان مۇرۇۋۋەتلىك قولۇمنى يىغىۋالماقچى ئەمەسمەن . . . ، — ئۇ ماڭا مەنسىتمەسلىك بىلەن ئالىيىپ قاراپ قويۇپ بوۋايغا تۇرۇلدى ، — بارغىن ئاتا ، مىجەزىڭ بولمىسا ئارام ئال ، سەنسىزمۇ پۈتتۈرىدۇ ئۆي . . . قايتىپ هېلىقى مەسلىھەت بويىچە تەييارلىق قىلىۋەر . . .

پۇت - قولۇمدا جان قالمىدى . بوۋايغا يالۋۇرغاندەك قارىدىم . ئۇ بولسا تىرىك مۇردىدەك قېتىپ قالغانىدى . توختى توقام ئۇنىڭ هالىتىنى پەرۋايىغىمۇ ئالماي گۆشلۈك قولىنى كەينىگە تۇتۇپ نېرى كەتتى . گېپى بىز تۇرغان يەرگە ئاڭلانمىغۇدەك يەرگە بارغاندا ، سوڭدىشىپ كېتىۋاتقان مەزىن ئاخۇنۇمغا بىر نېمىلەرنى چۈشەندۈرۈشكە كىرىشتى . مەزىن ئاخۇنۇمنىڭ هەدەپ باش لىڭشىتىپ ، ماقۇللۇق بىلدۈرۈۋاتقىنىنى كۆرگىلى بولاتتى .

قازان ئەتراپىدىكى ئىشلەمچىلەر توختى توقامنىڭ سۆزىدىكى يوشۇرۇن مەنىنى ، ئۇ پۇراتقان « مەسلىھەت » نىڭ نېمىلىكىنى بىلمىگەچكە ،

ھاشىم ئاخۇن ئاكىنى بۈگۈنكى ئىشتىن ئازاد قىلىغىنىغا بەكرەك قىزىقىپ قالغاندى:

— چېيىڭنى ئىچ – دە، ئۆيۈڭگە قايت، — دېدى بىرەيلەن، — توقامنىڭ ئەل ئۆمرىدە ئادەمزاتقا ياخشىلىق قىلىشى مۇشۇ بىرىنچى قېتىم...

— ھېلىلا يېنىۋالمىسۇن يەنە ئۇ؟ بىر ۋاخلىق چاينى بىكارغا بېرىدىغان ئادەممۇ ئۇ؟

— شۇنداق...

ھاشىم ئاخۇن ئاكا ماڭا سويۇشقا ئېلىپ كېتىۋاتقان قوزىچاقتەك ئايانچلىق قاراپ قويۇپ، چاي – پايىنىمۇ ئۇنتۇپ، بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە مۈكچىيىپ مېڭىپ كەتتى. باشقىلار ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قاراشتىيۇ، ئارتۇقچە گەپ قىلماي چاي ئىچىشكە كىرىشىپ كەتتى.

توختى توقامنىڭ ئەدەپسىز، يۈزسىز گەپلىرىدىن غەزەپلىنىپ يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتتىم. ئەمدى بېشىمغا يەنە قارا كۈنلەر كەلگەنلىكى شەكسىز ئىدى. ماڭا مەزىن ئاخۇن بىلەن كۆرۈشۈشمۇ پايدىسىز ئۇرۇنۇش بولۇپ تۇيۇلاتتى. گاڭگىرىغان ھالدا بىردەم تۇرۇپ، باشقىلار ئىشقا ماڭغاندىن كېيىن مەنمۇ قويلىرىم تەرەپكە كەتتىم. بۇنداق ۋاقىتتا گالدىن نان بىلەن چاي ئۆتەمدىغان!

كەچكىچە خام ياغ ئىچىۋالغاندەك خاراموش يۈردۈم. ئازابىمنى ئېغىرلىتىپ رىزۋانگۈل سۇغا كەلمىدى. مەن ئويلىنىپ، ئۇنىڭ كېلىشكە رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقىغا ئىشەندىم. توختى توقامنىڭ كونا خامانىنى سورۇپ، رىزۋانگۈلنى ئۆزىگە سورىتىشنى قايتا ئېغىزغا ئالغىنى بىچارە ھاشىم ئاخۇن ئاكىغا باشقىچە يول تۇتۇش مۇمكىنچىلىكىنى بەرمەيتتى. ئەمدى رىزۋانگۈل ئىككىمىزنىڭ تەقدىرى توختى توقامنىڭ ئارزۇسى بويىچە ھەل قىلىنىدىغاندەك تۇراتتى.

«ئۇنداق بولمايدۇ، سېنىڭ دېگىنىڭدەك بولمايدۇ، — دەيتتىم كېچىدە كاتىكىمدە ئۇخلىيالماي، ئوي – خىياللاردىن ئېغىرلىشىپ كەتكەن بېشىمنى چاڭگاللىغىنىمچە، — سەن رىزۋانگۈلنى ئالالمايسەن. يەنە



كۆيدۈرىمەن ئۆيۈڭنى... نەچچە قېتىم ياسىساڭ شۇنچە قېتىم كۆيدۈرىمەن، تاكى رىزۋانگۈلنى ئېلىشتىن يالتايغىنىڭغا قەدەر، بۇ ئوت بالاسىنىڭ ئاشۇ شۇم خىيالىڭنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ئۇنىڭدىن ۋاز كەچمىگۈچە ئوتتىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىڭنى چۈشىنىپ يەتكىنىڭگە قەدەر كۆيدۈرۈۋېرىمەن...»

شۇنداق قىلىش قارارىغا كەلدىم. شۇنداق قىلماي باشقىچە چارەم يوقلۇقىمۇ ئۆزۈمگە ئايان ئىدى. بۇ قارارىمنى رىزۋانگۈلگىمۇ ئېيتماسلىق، ئۇنى ئىشتىن ئىلگىرى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇپ، تىۋىشىنىڭ سىرتقا چىقىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش نىيىتىگە كەلدىم.

ئەمدى توختى توقامنىڭ ئۆي، ھويلىسى تېزرەك پۈتسىكەن، دەپ ئارزۇ قىلىپ قالدىم. ئۆيلەر پۈتمەكتە ئىدى. لېكىن، ئالدىرىغىنىمغا قارىغاندا سۈرئەت ئاستا ئىدى. چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئىنتىلىشىمگە مۇخالىپ ھالدا رىزۋانگۈلنىمۇ ئىزدىمىدىم. ئىزدىسەممۇ نەگە بېرىپ ئىزدەيتتىم؟ ئۆستەڭ بويىغا ئۇ كەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۆيى تەرەپكە يۈرىكىمنى توق تۇتۇپ مەن بارالمايتتىم، ئوغرىلىقچە بېرىشقا شارائىت يار بەرمەيتتى. مېنى يوشۇرىدىغان قوناقلار ئورىۋېتىلگەن بولۇپ، تاپ – تاقىر تۈزلەڭلىكتە ھېچكىمگە كۆرۈنمەي مېڭىشنىڭ ئىلاجى يوق ئىدى.

توختى توقامنىڭ ئۆيلىرىمۇ پۈتتى. ئۇ يېزىلىقلارنىڭ كۈچى بىلەن ئاۋۋالقىدىنمۇ كەڭ ھويلا چۆرۈپ، بۇرۇنقىدىنمۇ كۆپ، ياسىداق ئۆيلەرنى ۋە مالخانىلارنى ياسىۋالدى. پەرقى بار دېيىلسە، پەرقى شۇ ئىدىكى، يېڭى ياسىغان ئۆيلىرى ئېگىز، مەزمۇت، كۆركەم ئىدى. مالخانىلىرىمۇ كەڭ – كۇشادە، ئازادە ئىدى. ماڭا ياقمايدىغان بىرلا تەرىپى لاپاس – لەمپىلەرگە ئاسان ئوت ئالىدىغان بېدىلەر تېخى بېسىلمىغانىدى. توختى توقام كۆيۈپ ئۆلگەن ئات، كالا، قويلىرىنىڭ ئورنىغا تېخى مال – ئۇلاغ ئەكەلمىگەن، بېدە توشۇشنى باشلىۋەتكەن بولسىمۇ لاپاسقا چىقىرىشقا ئالدىرىمايۋاتاتتى.

ئۇ يۇرتقا ئۆي چېيى بېرىپ ئاش تارتتى. گەرچە پىلانىمنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىدىغان ئوت – سامان، بېدە – خەشەكلەر تولۇق

بولمىسمۇ، ئىرادەمنى سۇسلاشتۇرىدىغان سەۋەب يوق ئىدى. تورۇسى يېپىلغان ئۆيلەرنىڭ خا، جەگە، لىم ياغاچلىرى ۋە ۋاسا، بورىلىرىنى كۆيدۈرۈش ئارقىلىقمۇ مەقسىتىمنى ئىشقا ئاشۇرالايمەن، دەپ ئىشىنەتتىم. چاقماقتېشى، قوي يېغىغا مىلەنگەن ماز پىلىك تەييارلاپ، تۇترۇققا ئىشلىتىدىغان پۇزەك ـ شېشىقلارنىمۇ جۇغلاپ قويغانىدىم. داۋرىڭى ئالدىنقى قېتىمقىدەك زور بولمىسىمۇ، ئەھمىيىتى ئاۋۋالقىسىدىن چوڭقۇرراق بولىدىغان «ئوت كېتىش» ۋەقەسى جۇمە كۈنى سۈبھىدىن بالدۇر سادىر بولۇشى كېرەك، دەپ ۋاقىتنىمۇ بېكىتىپ قويغانىدىم.

بۈگۈن دۈشەنبە ئىدى، ھەرىكەت قىلىشىمغا يەنە ئۈچ ـ تۆت كۈنلا قالغانىدى. ئەمما، بۈگۈن ئەسىردىن يانغاندا ئۆستەڭ بويىدا ھاشىم ئاخۇن ئاكىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ رىزۋانگۈل سۇ توشۇيدىغان كوزىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، سۇ ئالغاندىن كېيىن قۇم ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، سۇغا قاراپ خىيال سۈرمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئەزەلدىن سۇغا كەلمەيدىغانلىقى مەلۇم. سۇغا ئېھتىياجلىق بولسا ئۇ ياكى رىزۋانگۈل مەن بىلەن ئۇچرىشىپ قىلىشتىن قېچىپ، مەسچىت ئالدىدىكى كۆلگە باراتتى. بۈگۈن رىزۋانگۈل كەلمەپتۇ، بوۋاي ئۆزى كەلگەندىمۇ كۆل بويىغا بارماي، يىراق بولسىمۇ ئۆستەڭ بويىغا كەپتۇ، بۇ نېمە بولغىنى؟

كۆڭلۈم ئۆيەپ، بىر پېشكەللىكنىڭ ھىدىنى سەزگەندەك يۈرىكىم قىسىلىپ كەتتى. ئالدىراپ ـ تېنەپ بوۋاينىڭ يېنىغا باردىم. ئۇ كىمدۇر بىرىنىڭ يېنىغا كەلگەنلىكىنى سەزمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق بېشىنى بۇرىمىدى، نەزەرىنى سالمىدى، قىياپىتىنى بۇزمىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئاتا، — دېدىم ئەدەپ بىلەن سالام بېرىپ.

ئۇ شۇندىلا چۆچۈپ بېشىنى بۇرىدى، پىچاقتا تىلىپ تاتۇق قىلىۋەتكەندەك چوڭقۇر قورۇقلار بىلەن تولغان يۈزى نەم ئىدى. كۆز چۆرىسىدە ھېلىمۇ ياش دانىچىلىرى يالتىرايتتى. كۆڭلۈم تېخىمۇ ئۆيىدى، يۈرىكىمنىڭ سوققۇشى تېزلەشكىنىنى سېزىپ تۇردۇم.

— ئۆي ئىچى تىنچلىقمۇ، ئۆزلىرى سالامەت تۇراملا؟ — دېدىم



كۆڭۈلسىزلىك كەلتۈرىدىغان جاۋاب چىقىشى مۇمكىن دېگەن ئەنسىرەش بىلەن.

ھاشىم ئاخۇن ئاكا كۆزىنى مەندىن قاچۇرۇپ ئورنىدىن تۇردى ۋە كوزىنى قولىغا ئېلىپ، پەس ئاۋازدا جاۋاب بەردى:

— تىنچ ـ ئامانلىق مۇرات، ئەلھەمدۇلىللا...

ئادەتتىكىدەك «بالام» دېمىگەنلىكى، كۆزىنى قاچۇرۇشى، ئۆزىنىڭمۇ يوقالماقچى بولۇشقا ئالدىرىشى گۇمانىمنى ئاشۇرۇپ، ۋەسۋەسەمنى كۈچەيتتى.

— رىزۋانگۈل تىنچلىقمۇ؟ — دەپ ئالدىراپ سورىدىم.

— ئۇ يوق، ئۇ كەتتى، — دېدى بوۋاي پىچىرلاپ دېگۈدەك ۋە شۇئان كېتىش ئۈچۈن قوزغالدى.

مەن ھەممىنى چۈشەندىم. رىزۋانگۈل نەگە كېتەلىشى مۇمكىن؟ ئۇ مەن ھەممىنى چۈشەندىم. رىزۋانگۈل نەگە كېتەلىشى مۇمكىن؟ ئۇ پەقەت توختى توقامنىڭ ئۆيىگىلا كېتەتتى. ئۇ مەلئۇن مەندىن ئۇستا كەلگەن، مەندىن چاققان چىققانىدى. كۆزۈمگە قاراڭغۇچىلىق تىقىلىپ، زېمىن پىرقىراۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۆزۈمنى باشقۇرالماي قالدىم، ئېتىلىپ بېرىپ ھاشىم ئاخۇن ئاكىنىڭ يىرتىق، كىر يەكتىكىنىڭ ياقىسىدىن ئالدىم.

— قېنى ئۇ، نەگە كەتتى؟ — دېدىم ئۇنى سىلكىشلەپ، — سەن ئۇنى توختى توقامغا بېرىۋەتتىڭمۇ قېنى؟...

بوۋاينىڭ كوزا تۇتقان قولى جەينىكىگىچە تىترەيتتى. قاداق بېسىپ كەتكەن تارىشىدەك، كىر سول قولى بىلەن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈۋاتقان كۆزلىرىنى سۈرتەتتى. لەۋلىرى توختىماي مىدىرلاپ تۇراتتىيۇ، ئۈن چىقمايتتى.

— جاۋاب بەر، جاۋاب بەر دەيمەن قېنى ئۇبوشقا... كېكىردىكىنى غىققىدە سىقىپ جېنىڭنى ئالىمەن ھېلى... ئۇنى نېمىشقا توختى توقامغا بەردىڭ؟...

— ئۆلتۈرگىن بالام، — بوۋاي جېنى چىقىۋاتقاندەك خىرقىرىدى، — ئۆلۈۋالاي دېسەم مۇسۇلمانچىلىقتىن

چىقىپ كەتكۈدەك ، بولمىسا قىزنىڭ نالە ـ زارىغا قاراپ ئالللىقاچان جان تەسلىم قىلاتتىم . . .

ئۇنىڭ ياقىسىنى قويۇۋەتتىم . گويا بايىدىن بېرى ئۇ يۆلەپ تۇرغاندەك ، قولۇم ئۇنىڭدىن ئايرىلىشى بىلەنلا قۇم ئۈستىگە پالاققىدە يىقىلدىم . ئازاب ، ئەلەم ئىچىمگە سىغماي يىغا بولۇپ تېشىغا تەپتى . مەن قۇملۇق يەرنى غاجىلاپ ، بېشىمنى يەرگە ئۇرۇپ يىغلاپ كەتتىم .

— ئۇنى چۈش ـ پېشىن بىلەن ئېلىپ كەتتى ، — بوۋاينىڭ ئاۋازى ناھايىتى يىراقتىن ، چوڭقۇر يەر قاتلىمى تېگىدىن كېلىۋاتقاندەك سۇس ، بوش ئاڭلىناتتى ، — كىر ـ قاتلىرىمنى يۇيۇپ بەرسۇن ، دەپ چاقىرىپ ئېلىپ كەتتى . . . كىر يۇيۇشنى باھانە قىلىپ بۇلاپ كەتتى . . .

قولىقىمغا شۇنىڭدىن باشقا گەپ كىرمىدى . يىغلايتتىم ، بېشىمنى يەرگە ئۇراتتىم ، چېچىمغا مەيدە قۇم ئارىلاشقان توپا چاچاتتىم . لېكىن ، دەردىم يېنىكلىنەي دېمەيتتى . مۇنداق يېتىۋېرىش بىلەن ئىش تاڭاتماسلىقنى ، ئۆزۈمنى خاراب قىلىپ تۈگىتىشىم مۇمكىنلىكىنى يادىمغا ئېلىپ ئورنۇمدىن تۇرغاندا بوۋاي كۆرۈنمىدى . شەپەق تولۇق ئولتۇرۇپ كەتمىگەن بولسىمۇ ، ئاسماندا دەسلەپكى يۇلتۇزلار چىققان ۋە ئۇلارمۇ ماڭا ھەمدەم بولۇپ يىغلاپ ياش تۆكۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى .

مەن قويلارنى ئالدىمغا سېلىپ يېزىغا قايتتىم . نېمە قىلسام بولىدىغانلىقنى بىلەتتىم . يېزا مەن بىلگەندىن بېرى بىر خىللا تۇرغان يېزا بولسىمۇ ئەمدى ئۇ كىچىكلەپ ، كاتىكىمدىنمۇ تارىيىپ كەتكەندەك بىلىنمەكتە ئىدى . نەپەس ئېلىشىم ئۈچۈن ھاۋا يېتىشمەيۋاتقاندەك ئۆپكەم ئاغدۇرۇلۇپ ، كۆڭلۈم ئايىنىپ تۇراتتى . قويلارنى تارقىتىپ بولۇپ ، مەسچىتكە كىرگەن چېغىمدا كىشىلەرنىڭ خۇپتەن ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم . مېنىڭ چاي ئىچكۈممۇ كەلمەي كاتىكىمگە تەستە كىردىم ـ دە ، ئۆزۈمنى يەرگە تاشلاپ يىغلاشقا باشلىدىم . بۇ ياشلار بەدىنىمنىڭ نەرىدىن چىقىدۇ ، نېمىشقا شۇنچە كۆپ ئېقىپمۇ تۈگەپ كەتمەيدۇ ، بۇنى بىلمەيتتىم . شۇنچە كۆپ يىغا ، شۇنچە جىق ياش چىققاندىكىن ، دىلىمدىكى دەرد ئازايسا ، بەدىنىم يېنىكلىسە بولاتتى . ئەمەلىيەتتە ، بۇنىڭ تەتۈرى



بولۇۋاتاتتى .

رىزۋانگۈلدىن ئايرىلغانىدىم . ئۇ ئەمدى توختى توقامنىڭ مۈلكى ، قولى ، خوتۇنىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى . بۇرۇن نېمىشقا ياشايمەن ، قانداق ياشايمەن ، بۇلارنى بىلمەيتتىم . ماڭا قانداق ياشىغانلىقىم ، ئەمدى قانداق ياشىشىم كېرەكلىكىنى رىزۋانگۈل كۆرسىتىپ بەرگەنىدى . توغرا ئۇ ئاغزاكى ھېچنەرسە دېگىنى يوق ! بۇلارنى رىزۋانگۈلگە بولغان ئىشقىم ئۆگەتكەنىدى . رىزۋانگۈل بولمىغانىكەن ، ئۇنىڭغا قارىتىلغان ئىشقىنىڭ دەردىنى تارتىپلا ياشاشنىڭ نېمە لەززىتى بولسۇن ؟ ئۇنى مۇشۇ يېزىدا دەپ ئاڭلاپ ، ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئۇچرىشىشلارنى ئەسلەپ ، غايىبانە كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپلا ئولتۇرۇشنىڭ قانداق مەنىسى بولسۇن ؟ ئۇنى ئىگىلىگەن توختى توقامنىڭ زورلۇقلىرىنىمۇ كۆز ئالدىمغا كەلتۈرمەي ئۆتكىلى بولامدۇ ؟ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىمدا بىر چاغلاردا يانچۇقۇمدا بولغان ، ئەمدى باشقىلار بۇلاپ كېتىپ شوراپ تەمىنى تېتىۋاتقان ناۋات توغرىسىدا خىيال سۈرۈشنىڭ ئۆزى ھاماقەتلىكقۇ ؟ بۇنداق ھاماقەتلىكنىڭ ئاچچىقى بېرىدىغان ئازاب ئۆلۈمدىنمۇ ئارتۇق جازاغۇ ؟ . . . ئەمدى توختى توقامنىڭ ئۆيىنى كۆيدۈرۈشتىن نېمە پايدا ؟ . . .

شۇنداق ، مەن ئۆلمەكچى بولدۇم . پىكرىم سۈزۈكلىشىپ ، قارارىم بىر يەرگە مۇقىم بولغاندىن كېيىن نېمىشقىدۇر يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدۇم . بىر نەچچە مىنۇت ئىلگىرى يىغلىغان ، قاقشىغان ، نالە قىلىپ ، پەرياد چەككەن ئۆزۈم ئەسلىدە مەن بولماي باشقا بىر ئادەمدەك ، كۈلكىلىك ، زاڭلىق قىلىشقا لايىق يات باش بىر مەخلۇقتەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى . مەن كۈلۈپ قويدۇم . بىردەمدىن كېيىن پۈتۈن بەدىنىمنى قانائەتچانلىق ، مەمنۇنلۇق كۈلكىسى ئۆز ئىلكىگە ئالدى . بۇ ئۆلۈم ئالدىدىكى خاتىرجەملىكىم ئىدى . بۈگۈنۈم بىلەن تۈنۈگۈنۈم ئوخشايدىغان ، ئەتە ، ئۆگۈن ۋە ئىندىنىممۇ ھېچبىر يېڭىلىقسىز ئۆتىدىغان كۈندىن ماڭا كېلىدىغان خوشلۇق يوق ئىدى . بۇنىڭدىن بەش يىل ، ئالتە يىل ئىلگىرى قانداق كۈن كەچۈرگەن بولسام ، بەش يىل ، ئون يىلدىن كېيىن ، ھەتتا ھاياتلا بولسام يۈز يىلدىن كېيىنمۇ مۇشۇنداق ياشىشىم مۇمكىن ئىدى .

تارتىشىدىغان بىرەر نەرسەم، بىرەر ئادىمىم يوق، ھەر قانداق بىر ئادەمگىمۇ لازىمىم يوق ئىدى. رىزۋانگۈلسىز ھايات شۇنچىلىك تېتىقسىز، مەنىسىز، لاۋزا تۇيۇلاتتى.

ماڭا ئەمدى قانداق ئۆلۈش، قانداق قىلىپ ھېچكىمگە ئۇقتۇرماي، بىلىندۇرمەي ئۆلۈپ تۈگەشنىڭ ئۇسۇلىنى تاللاشلا قالغانىدى.

لېكىن، مېنى بوزەك قىلىۋاتقان، زاڭلىق قىلىشنى توختاتمايۋاتقان، ئۆزىنى مۈشۈك، مېنى ئالىقىنىغا چۈشكەن چاشقانغا ئوخشاش كۆرۈۋاتقان تەقدىر ئۆلۈمۈمنىڭ تېز ئەمەسلىكىنى، مەن بىلەن يەنە خېلى سەۋدالار سادىر بولۇپ، يېڭى ماجىرا چىقمىسا بولمايدىغانلىقىنى، بۇلار تۈپەيلىدىن تۆپىلەپ دەرد تارتىشىم كېرەكلىكىنى ئۇقتۇردى.

مەن ئاشۇ ماجىرالارغا باشلايدىغان بىر سۆھبەتنىڭ سىرتتىن ئاڭلىغۇچىسى بولۇپ قالدىم: مەسچىت ھويلىسىدا رىزۋانگۈلنىڭ ئىسمى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار گەپ - سۆزلەر بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم.

جامائەت خۇپتەندىن يانغاندا مەسچىت ھويلىسىدا ئۈچ ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈندى. گەپ - سۆزلىرىدىن ئۇلارنىڭ بىرى ئىمام، يەنە بىرى مەزىن ئاخۇنۇم، ئۈچىنچىسى توختى توقام ئىكەنلىكىنى بىلدىم. توختى توقام شۇنداق دەۋاتاتتى:

— ھەر بىرلىرى دېگەندەك توي چېيى، توي ئېشى تارتسام ئوبدان بولاتتى. ئەمما، بۇنى قىلمىساق ياخشىمىكىن، دەپ ئويلىشىمدا، چىقىمدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇش ۋەسۋەسىسى يوق، ئىللاھ - بىللاھ بۇنداق سەۋەب يوق. مەن ھاشىم يالاڭتۆشنىڭ ماڭا قەرزدار ئىكەنلىكىنىلا كۆزدە تۇتىمەن. قىزى رىزۋان بىزگە دېدەك، مالاي بولۇشقا، ئىلتىپات كۆرسەتسەك توقال بولۇشقىلا لايىقكى، رەسمانىي خوتۇن بولۇش سالاھىيىتىگە توشمايدۇ. توي قىلىدىغان بولساق دادىسىمۇ قازان ئېسىشى لازىم. ئۇ تۆشىنى يالىڭاچلاپ، قوۋۇرغىسىنى ئېگىپ تۇرسا قازان ئاسقۇدەك ماغدۇر نەدە؟

— بۇ تەرەپلىرى ئارى راست، — دېدى ئىمام.

— قازان ئاسسا يەنىلا سىلىنىڭ كىپاتلىرىدىن ياردەم



كېتىدۇ... — دەپ قوشۇق سالدى مەزىن ئاخۇنۇم.

— كاتىنى ئېچىشنىڭ كارايىتى چاغلىق، ناھايىتى كەلسە ئىككى سىقىم گۈرۈچ، قۇشقاچ ھەققى، — دىمىقىنى قېقىپ داۋاملاشتۇردى توختى توقام، — بىزنىڭ مۇددىئايىمىزچە، توي قىلىپ ئەمرىمىزگە ئالدۇق دەپ كايىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. داۋرىڭى ئاۋۇسا قېيناتا قېينانىلىرىمىز، ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - ئاغىنىلىرىمىز شۇنچە كۆپ تۇرسا، ھاشىم ئاخۇن يالاڭتۆشتە داستىخان سېلىش تۈگۈل ئالدىغا چىقىپ «سالامۇ ئەلەيكۇم» دېگۈدەك سالاپەت، پۇتىغا كىيگۈدەك چورۇق، مەيدىسىنى ياپقۇدەك يەكتەك بولمىسا...

— ئارىي، ئارىي، — ئىمام ئۇنى قوللىدى، — ھاشىم يالاڭتۆشلەر بىلەن بىر يېزىلىق بولۇپ قېلىشنىڭ ئۆزى بىر نومۇس، بۇ ئاللاھتائالانىڭ ھەربىرىمىزگە بەرگەن جازاسى...

— شۇ ۋەجىدىن ئىككىلىرىنى غىپپىدە بىرىپ نىكاھ ئوقۇتۇۋەتسەكلا... قازاننىڭ تۈۋىنى يېپىق قىلىۋەرسە دېگىنىمىز - دە، بۇ... شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تامامەن بىزنىڭ...

توختى توقام شۇ سۆزلىرىنى ئاخىرلاشتۇرمايلا مەسچىتتىن چىقتى. ئىمام ئالدىدا، مەزىن ئاخۇنۇم ئۇنىڭ كەينىدىن چىقتى. ئىشىكنىڭ يېپىلغىنى ئاڭلاندى. ئىشىكنىڭ تېشىدىن ئۇلارنىڭ پارىڭىنىڭ داۋاملىشىۋاتقىنىنى پەم ئەتكىلى بولسىمۇ، گەپ ئوچۇق ئاڭلانمايتتى. مەن باياتىن ئاڭلىغان گەپ - سۆزلەردىن، بولۇپمۇ توختى توقامنىڭ سۆزىدىن رىزۋانگۈلگە تېخى يات قول تەگمىگەنلىكىنى، توختى توقامنىڭ ئىمام بىلەن مەزىننى ئاپىرىپ نىكاھ ئوقۇتقاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنىڭغا چاڭ سالىدىغانلىقىنى بىلىۋالدىم. «ھە، رىزۋانگۈل يەنە بىرەر - ئىككى سائەتتىن كېيىن، ھەتتا ئۇ ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ قارشىلىق قىلغاندىمۇ توختى توقام تەرىپىدىن نابۇت قىلىنىدۇ... ئېھتىمال ئۇ شۇ تاپتا يىغلاپ - قاقشاپ ئولتۇرىدىغاندۇ... ياش تۆكۈۋېرىپ ئىششىغان كۆزلىرى بىلەن تۈڭلۈككە ياكى ئۆينىڭ قايسىبىر بۇلۇڭىغا قاراپ، تەلىيىنىڭ تەتۈرلىكىدىن پەرياد چېكىۋاتقاندۇ... ياكى ئېھتىمال مۇرات،

سەن مېنى مۇشۇ ھالغا تاشلاپ قويۇپ ئۆزۈڭنىڭ قانداق ئۆلۈش توغرىسىدىكى خىياللىرىڭ بىلەن ئولتۇرامسەن؟ دەپ پىغان چېكىۋاتقاندۇ...»

ئاشۇ ئوي - پىكىرلەر مېنى ئورنۇمدىن تۇرۇشقا ئۈندىدى. مەن ئۆلۈشۈم كېرەكلىكىنى، ئەمدى ياشاشنىڭ ئەھمىيىتى يوقلۇقىنى ئاللىقاچان قارارلاشتۇرۇپ بولغانىدىمغۇ، لېكىن ئەمدىلىكتە، «نېمىشقا جىم - جىملا ئۆلىدىكەنمەن؟ توختى توقامدەك مەلئۇن يارىم رىزۋانگۈلنى تۇتۇپ كەتسە ھېچ ئىش قىلمايلا ئۆلۈۋالامدىمەن؟» دېگەن خىيالغا كەلدىم. «ئۆلتۈرىمەن سېنى، — دەپ غايىبانە خىتاب قىلدىم توختى توقامغا، — كۆيدۈرۈپ ئالالمىغان ئۆچۈمنى ئۆلتۈرۈش بىلەن ئالىمەن... رىزۋانگۈلنى چاڭگىلىڭدىن قۇتۇلدۇرىمەن! ئەگەر مۇشۇ ئۇرۇنۇشلىرىمنىڭ ھەممىسىدە يېڭىلگەن ھالەتتىمۇ، ئۈن - تىنۋىسىز ئۆلگەندىن ياخشى...»

ئۇنى ھازىرلا ئۆلتۈرىدىغاندەك، ئىپلاس توختى توقام ئالقىنىمغا چۈشۈپ بولغاندەك غەيرەتكە كېلىپ كەتتىم. ئۇزاق يىللاردىن بېرى يېنىمدا ساقلاپ يۈرگەن پىچىقىم بار ئىدى. بۇ پىچاقتا نەي ياسايتتىم، ئەتىيازلىرى سۆگەت چىۋىقلىرىدا پىي - پىي ياسايتتىم، ئادەتتە نان ئۈلىدىكى شورلارنى قىراتتىم. ھاياتىمدا ئۇنىڭدىن باشقىغا ئەسقاتمىغان بۇ كىلتىرىك پىچاق ئەمدى توختى توقامدىن ئۆچ ئېلىشىمغا يارىشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ بىسى، ئۇچى ناھايىتى ئىتتىك ئىدى، چاڭگالدا يۈرگەندە زېرىككىنىمنى بېسىش ئۈچۈن دائىم ئۇنى بىلەپ تۇراتتىم. شۇ تاپتا ئۇ بىردىنبىر قورالىمغا ئايلانغان چاغدا، ئۇنىڭ بىسىنى ۋە ئۇچىنى ئالقىنىمغا تەگكۈزۈپ باقتىم. ئۇ يەنىلا ئىتتىك، ۋاقتى كەلگەندە مېنى ئوسال قىلمايدىغاندەك قىلاتتى.

كۈچۈم تېنىمگە سىغمايۋاتقاندەك تەسىرات بىلەن مەسچىتتىن چىقتىم. يېزا تېخى ئۇخلىمىغان بولسىمۇ يولدا ئادەم كۆرۈنمەيتتى. بەزى ھويلا - ئارامىلارنىڭ ئالدىدا ئىتلار يۈرۈشەتتى. ئەمما، يېزىنىڭ ئىتلىرى ئەزەلدىن تارتىپ ماڭا ئىجىل، مېنى يات كۆرمىگەنلىكتىن، بىرەرىمۇ



قاۋاپ قويمىدى. بۇ ھال توختى توقامنىڭ يېڭى ھويلىسىغا شەپىسىز بېرىۋېلىشىمنى تېزلەتتى.

ھويلىنىڭ كەينى تەرىپىگە ئۆتتۈم، ئارقا ئىشىك ئىككى قانات قىلىپ يېڭى ياغاچتىن مەزمۇت ياسالغان بولۇپ، ئىچى تەرەپتىن ئېتىلگەنىدى، مىدىرلاتقىلىمۇ بولمايتتى. تام ئەسلىدىكى كونا تام، شۇنچە ئېگىز بولسىمۇ، بۇ قېتىم تام ئۈستىگە تۇتاش شوخا قويۇلغانىدى. يەنىلا سۈڭگۈچكە باردىم. تەلىيىمگە سۈڭگۈچتە بۇرۇنقى قوزۇقلار بولۇپ، يەڭگۈشلەنمىگەنىدى. قوزۇقلارنى بوش قۇمدىن سۇغۇرۇۋېلىپ، ئارقا ھويلىغا كىرىۋېلىش تەسكە چۈشمىدى. بىراق، شۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىش بېشىمنى قاتۇردى.

توختى توقامنى ئۆلتۈرۈپ، رىزۋانگۈلنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ نەدىلىكىنى بىلىشىم كېرەك ئىدى. ئارقا ھويلىدىن ئالدى ھويلىغا ئۆتۈشمۇ قىيىن ئىكەنلىكى مەلۇم ئىدى. ئىككى ھويلا ئايرىلىقىدىكى ئىشىكمۇ يېڭىدىن ياسالغان بولۇپ، مەزمۇت، مۇستەھكەم ئىدى. ئايرىلىقتىكى تامغىمۇ قاتار شوخا سانجىلغانىدى. شۇ يەردە ئەقلىم كارامەت بىر يول كۆرسەتتى. ئارقا ھويلىدىكى ئېغىللاردا ھازىر مال - ئۇلاغ بولمىغاچقا، خىزمەتچىلەرمۇ يوق ئىدى (ئۇلار شۇ تاپتا ئىچكىرى ھويلىدىكى «تىنۋىسىز توي» نىڭ خىزمىتىنى قىلىۋاتقانلىقى شۈبھىسىز). شۇڭا ماڭا ئاتخانا ئوقۇرلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆگزىگە چىقىش، بۇ ئۆگزىدىن ئىچكىرى ھويلىنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئۆگزىسىگە ئاتلاپ ئۆتۈش ھەم بىخەتەر، ھەم ئاسان چارە ئىدى.

شۇنداق قىلدىم. يېڭى ئۆينىڭ ئۆگزىلىرىدە ئادەم بويىدىن پەسرەك ئېگىزلىكتىكى مورىلار قارىيىپ كۆرۈنەتتى. تۈم قاراڭغۇ كېچىدە مورىلارنىڭ دالدىسى ماڭا ئوبدان پاناھ بولالايتتى. مۇبادا ھويلا ئىچىگە تۇيۇق چۈشۈپ قالغاندىمۇ، ئۆگزىگە چىققان كىشىلەر مېنى دەرھال كۆرەلمەيتتى. ئۆگزىنىڭ يەنە بىر ئەپلىك يېرى شۇ ئىدىكى، تۈڭلۈكلەردىن قاراپ قايسى ئۆيدە توختى توقام، قايسى ئۆيدە رىزۋانگۈل بارلىقىنى كۆرۈۋالالايتتىم.

هويلىنىڭ ئىچىدە بىر مۇنچە ئادەملەر مېكىپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەرلەرمۇ، ئاياللارمۇ بار ئىدى. هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سەيناغا كېسەكنى تىكلەپلا «يەر ئوچاق» راسلانغان بولۇپ، قازاننىڭ تېگىدىكى ئۇلۇغ ئوت كېسەك ئارىلىقلىرىدىكى كاۋاكتىن سىرتقا ئوخچۇپ تۇراتتى ۋە هويلا ئىچىنى تۇتاش يورۇتۇۋەتكەنىدى. بۇ قازاننىڭ «توي» مۇناسىۋىتى بىلەن ئېسىلغانلىقىنى پەرەز قىلدىم. توختى توقام هېچكىمگە ئۇقتۇرماي نىكاھ ئوقۇتماقچى بولغان بولسىمۇ، ئائىلىسى ئىچىدە ۋە ئىمام، مەزىن، ئاقساقاللار ئالدىدا قازان ئاسماسلىقنىڭ باهانىسىنى تاپالمىغان بولسا كېرەك، بەربىر «تىۋىشسىز توي» قىلالمىغانىدى. ئوچاق ئالدىغا قاتار - قاتار قويۇلغان مىس چۆگۈنلەرنىڭ قاينىغىنىنى خىزمەتچىلەر توشۇپ ئەكىرىپ كېتىپ باراتتى.

چۆگۈن كۆتۈرگەنلەر كىرىپ - چىقىپ تۇرغان ئۆيلەر قاتارىنىڭ ئۆگزىسىگە ئۆتتۇم. هويلىنىڭ كۈنپېتىش ۋە كۈنچىقىش تەرەپلىرىگە ئۈدۇل قىلىپ، قاتارلاشتۇرۇپ سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ كۈنپېتىش تەرەپتىكى بىر چوڭ ئىشىكتىن كىرىپ - چىقىۋاتقانلار كۆپرەك ئىدى. شۇ تەرەپتىكى تۈڭلۈكلەردىنمۇ يورۇق چىقىپ تۇراتتى.

مەن بىر تۈڭلۈكتىن قارىدىم، بۇ دالان بولۇپ، دالانغا ئۈچ ئۆينىڭ ئىشىكى قارايتتى. يەنە بىر تۈڭلۈكتىن ئۆتكەندىن كېيىن ئىمام بىلەن ئاقساقالنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرغان تۈڭلۈكتىن قارىدىم. ئۆينىڭ ئىچىدىكى هەممەيلەن ئېنىق كۆرۈندى. توختى توقام «يىگىت» بولسىمۇ تۆردە — ئاكىسى ئاقساقال مەڭسۇر توقامنىڭ سول تەرىپىدە گىدىيىپ، ئۇلارنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ئىمام بىلەن مەزىن ئاخۇنۇم مۆكچىيىپ ئولتۇراتتى. داستىخاندىكى گۆشلەر، تاۋاقلاردىكى مانتىلار، لىگەنلەردە تۇرغان قوغۇن - تاۋۇزلار هېچقانچە يېيىلمىگەن، شۇ پېتى تۇراتتى.

— هاشىم يالاڭتۆش قىزنىڭ بۇ ئالەمدىكى جەننەتكە ئۇلاشقىنىدىن خۇشال بولىدۇ - دە... ئەمدى... — دېمەكتە ئىدى ئاقساقال قولىدىكى چاي پىيالىسىنى پىرقىرىتىپ كۈلۈپ.

— نېمىلا دېگەن بىلەن سەمىگە سېلىۋېتىدىغان ئىشمىدى-



كىن... — مەزىن ئاخۇنۇم ئىككى قېتىم كالتا يۆتىلىپ داۋام قىلدى، — قىزنى كىر - قات يۇيۇپ بەرسۇن دەپ ئەكىلىپ نىكاھ ئوقۇتۇۋالساق...

— بولىۋېرىدۇ ئاخۇنۇم، بولمايدىغان پەتىۋا يوق، — ئىمام توختى توقام تەرەپكە بىلىنەرلىك پۈكۈلۈپ، مەزىن ئاخۇنۇمنىڭ گېپىنىڭ شېخىغا ئۇردى، — هاشىم يالاڭتۆش «كۆيئوغۇل يىگىت» كە قەرزدار. توختى ئاخۇن مۇسۇلمانچىلىقنى ئادا قىلىپ، نىكاھ بىلەن ئەمرىگە ئالماقچى بولۇۋاتىدۇ تېخى... بۇ ساۋابلىق نىكاھ ئەلۋەتتە...

— كىر يۇيۇپ بەرسۇن، دەپ تەكلىپ قىلغىنىمىز راست تەقسىرلەر، — توختى توقامۇ هىجىيىپ سۆزگە كىرىشتى، — قىزنىڭ ئۆزى «قايتمايمەن، مۇشۇ هويلىنىڭ قۇلى بولۇپ كېتەي...» دەپ يېتىۋېلىۋاتسا بىزدە نېمە ئىلاج؟ «قۇل بولۇڭ بوپتۇ» دەمدۇق؟ «خان ئاغىچا بولۇڭ ماقۇل...» دېدۇق...

ئۇلار هاياسىزلارچە كۈلۈشتى. مەن رىزۋانگۈلنىڭ قايسى ئۆيدە ئىكەنلىكىنى ئاختۇردۇم. يورۇقى بارلىكى تۈڭلۈكلەردىن مارىلاپ باقتىم. ئۇلارنىڭ هېچبىرىدە قىز كۆرۈنمەيتتى. يورۇقى يوق تۈڭلۈكلەرنىمۇ بىر - بىرلەپ يوقلاپ تىڭشاپ باقتىم.

ئاخىر مەن دەسلەپ چىققان ئۆگزىگە ياندىم. كۈنپېتىش تەرەپتىكى بۇ قاتار ئۆيلەرنىڭ بىرىنىڭ مىشمىشى تۈڭلۈكىدىن سۇس نۇر كۆرۈنەتتى. ئاشۇ ئۆي ئىچىگە بويۇنداپ قاراپلا رىزۋانگۈلنى كۆردۈم. ئۇ بۇرۇنقىدەكلا ئىدى. ئۆزگەردى دېيىلسە، پەقەت چېچىغا يىلىم سۈرۈپ تارىلىپ، قىرىق كوكۇل ئۆرۈلگەن، ئۇچىسىدا توختى توقامنىڭ «ئىلتىپاتى» بولسا كېرەك، ئاق گۈللۈك، تېگى كۆك سەگەز كۆڭلەك بار ئىدى. گىلەم سېلىنغان سۇپىدا لەمبۇق تاشلىق كۆرپىدە ئولتۇراتتى. مانا بۇ «كېلىن ئۆيى» ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە ياشانغان بىر ئايال بىلەن ئوتتۇرا ياشلىق بىر جۇۋان ئولتۇراتتى. ئۇلار «يەڭگە» هېسابىدا «كېلىن» نى «كۆيئوغۇل» ئۈچۈن تەييارلاۋاتقانلىقى شۈبھىسىز ئىدى. قارىغاندا، ئۇلار توختى توقامنىڭ ئايال خىزمەتكارلىرى ئىدى.

رىزۋانگۈل يەردىن ئۈستۈن قارىماي ئولتۇراتتى. بەدىنىنىڭ پات-پات سىلكىنىشىدىن ئىسەدەۋاتقانلىقى، مۈرىلىرىنىڭ تىترىشىدىن يىغلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى.

— تەقدىرگە تەن بېرىپ، مەزلۇمچىلىقنى ئادا قىلىشقا رازى بولسىلا بالام، — دەيتتى ياشانغان ئايال، — قىز بالىغا مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىك، مەيلى باي، مەيلى گاداي بولسۇن، بىر ئەرنىڭ پېشىنى تۇتۇپ، تاھارىتىگە سۇ بەرمەكتىن باشقا بەندىچىلىك بولمايدۇ. بۇ، ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاۋا ئانىمىزدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۇدۇم...

— ئېشىمىز پاتىمەمۇ جانابىي رەسۇلۇللانىڭ قىزى تۇرۇقلۇق، ئېرى ئەلى كەرىمۇللاھۇ ۋەجھۇنىڭ ئۆزى ئۈستىگە ئوتتۇز توققۇز كۈندەش ئالغىنىغا رازىلىق بىلدۈرۈپتىكەن. ۋاپاتى ئالدىدا ئەلى شاھىمەردانغا: «مەن سىلىدىن ئىككىلا دۇنيا رازى...» دەپتىكەن...، — دېدى ئوتتۇرا ياشلىق جۇۋان رىزۋانگۈلگە ئېگىشىپ، — باي ئۆيىگە كەللە، نېمىلا دېگەن بىلەن خېنىمغا ئايلانىلا، دادىلىرىنىڭ قەرزىمۇ تۈگىدى، ئۆزلىرىمۇ مەينەتچىلىكتىن قۇتۇللا...

— ماڭا پەند-نەسىھەت قىلىشىۋېرىشمىسىلە...، — رىزۋانگۈل خىرىلداپ، بوش سۆزلىدى. ئەمما، بۇنىڭلىق بىلەن گېپىدىكى قەتئىيەتنىڭ ۋەزنى يېنىكلىمىگەنىدى، — توختى توقام تىرىكلىكىمدە يېنىمغا كېلەلمەيدۇ...

«ياشاپ كەت رىزۋانگۈل، — دېدىم ئىچىمدە ئۇنىڭدىن سۆيۈنۈپ، — توختى توقام سېنىڭ ئۆلۈكۈڭگە ئەمەس، سەن بىلەن مەن ئۇنىڭ ئۆلۈكىگە تەقەززامىز... سەنلا ماڭا ھەمدەم بولۇپ بەرسەڭ، گەپ-سۆزۈڭ بىلەن بولسىمۇ مەزمۇت تۇرۇپ بەرسەڭ بولغىنى...»

ئۆز خىياللىرىم بىلەن بولۇپ، ئاياللارنىڭ رىزۋانگۈلگە يەنە نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى ئۇقالمىدىم. ئەمما، رىزۋانگۈل ئەمدى تۇساتتىن يۇمشىغاندەك بولۇپ، مۇنداق دەۋاتقىنىنى ئاڭلىدىم:

— ھېچ بولمىسا ئۇ بۈگۈن يېنىمغا كىرمىسۇن. مەن بۇ شورلۇق بېشىمغا كەلگەن مالامەتلەر ئۈستىدە ئويلىنىۋالاي...



چوڭ ياشلىق ئايال ئۇنىڭغا ۋەدە بېرىشكە قادىر ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولاتتى:

— بۇنىڭغا بىزنى قىستىمىسىلا خېنىم، نىكاھلىرى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن سىلى باينىڭ ئەمرىگە ئۆتىلا، ئۇ قاچان خالىسا شۇ چاغدا...

— مەن قانداق بولۇپ نىكاھىغا ئۆتكەن بولىدىكەنمەن؟ — رىزۋانگۈل ئىتتىك بېشىنى كۆتۈردى. سۇس چىراغ يورۇقى ئۇنىڭ ئاچچىقتىن قىزارغان يۈزىنى سۇسايتالمايتتى، — ھېچكىم مەندىن رازىلىق سورىغىنى يوق...

— سىلىنىڭ ۋەكالىتەن ئىمامنىڭ ئۆزى رازىلىق بېرىپ بولدى. بۇرۇندىن تارتىپ قائىدە-رەسىم شۇنداق...، — دېدى ئوتتۇرا ياشلىق ئايال.

رىزۋانگۈلنىڭ نېمە دېيىشىگە دىققەت قىلدىم. ئۇ مېڭىسى جايىدا ئەمەس كىشىلەردەك مىيىقىدا كۈلدى ۋە پۈتۈن بەدىنىنى سىرقىرىتىپ:

— شۇنداقمۇ، ئەمىسە مەندە باشقا ئىلاج قالماپتۇ-دە؟ — دېدى.

— شۇنداق... شۇنداق...، — دېيىشتى ئاياللار.

رىزۋانگۈل بىر ھازا تىلسىز ئولتۇرۇپ، ئۆز-ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك بوش ئاۋاز بىلەن:

— بوپتۇ ئەمىسە، ھەربىرلىرى چىقىپ تۇرۇشسىلا، مەن ئىككى رەكئەت تەلەپ نامىزى ئوقۇۋالاي...، — دېدى.

ئەگەر ئۇنىڭ مەن كۆرگەن ئاشۇ بىر جۈپ كۆزىدىكى غەلىتە ئۇچقۇن بولمىسا (بۇ ئۇچقۇننى چىراغ نۇرى خىرەلەشتۈرەلمىگەنىدى) مەنمۇ «يەڭگە» ئاياللاردەك ئۇنىڭ سۆزىگە چىنپۈتۈپ قالاتتىم. ئۇنداق ئۇچقۇن ھاياتىدىكى ئەڭ مۈشكۈل خەتەرگە بەل باغلىغان ۋە شۇ خەتەرنى زادى پەسەنتىگە ئالمىغان كىشىلەرنىڭ كۆزىدىلا پارلىشى مۇمكىن ئىدى. ئاياللار ئۇنىڭغا ئىشەندى ۋە كەينى-كەينىدىن چىقىپ كېتىشتى. ئۆزىنى ئورنىغا ئىتتىرىش رولىنى ئويناۋاتقان سۆزلەردىن زېرىككەن رىزۋانگۈل ئاياللارغا ساختا ۋەدىنى بېرىپ يولغا سېلىۋېتىپ، ئۆزى يالغۇز قېلىشنى

ئەۋزەل كۆرگەنىدى . ئەمدى ئۇنىڭغا قانداق قىلىپ ئۆگزىدە ئىكەنلىكىمنى
بىلدۈرۈش ھەلەكچىلىكىدە قالغان دەقىقە ۋاقىت ئىچىدە ، نەدىن
تاپقانلىقىنى پەرەز قىلىپ بولمايدىغان بىر بىگىزنى ئۇنىڭ قولىدا كۆرۈپ
ۋارقىرىۋېتىشكە تاسلا قالدىم .

— رىزۋانگۈل ! — دەپ تووۋلىدىم تۈگۈلۈكتىن بېشىمنى
بوينۇمغىچە ساڭگىلىتىپ .

قىز ئۈنۈمنى ئاڭلىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ، ئاڭلىدى . ئاڭلىغـ
نىنى چۆچۈگىنىدىن ، بىگىز كۆتۈرگەن قولىنىڭ كۈچسىزلىنىپ پەسكە
ساڭگىلاپ چۈشكىنىدىن بىلگىلى بولاتتى . ئەمما ، قۇلاقلىرىغا ئىشەنمىدى ،
شۇنداق ئاڭلىنىۋاتسا كېرەك ، دەپ ئويلىدى . شۇڭا ، تامنىڭ ئۇدۇل يې-
رىگە تىككەن كۆزلىرىنى يۆتكىمەي جىمجىت ئولتۇرىۋەردى .

— رىزۋانگۈل ، بۇ مەن ، — ئەمدى ئۈنۈمنى سەل پەسەيتىپ ،
ئەمما سالماق چىقىرىپ تووۋلىدىم .

بۇ قېتىم ئۇ ئاۋازنىڭ تۈگۈلۈكتىن ئاڭلىنىۋاتقىنىنى بايقاپ ، قول-
دىكى بىگىزنى تاشلىدى - دە ، چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ، تۈگۈلۈككە
ئۇدۇل كەلدى . تېلىققان ، ئالدىرىغان ھالدا :

— بۇ سەنمۇ مۇرات ، سەن بارمۇ بۇ جاھاندا ؟ ، — دېدى .

— مەن بار ، مەن سېنى قۇتۇلدۇرغىلى كەلدىم ، — قوللىرىم تىت-
رەپ كەتتى ، يىغا يامىشىپ ئۈنۈممۇ تەستە چىقاتتى ، — مەن ھەممىنى
ئاڭلىدىم . . .

— مېنى ئېلىپ چىقىپ كەت مۇرات ، بىز قېچىپ كېتەيلى بۇ
دوزاختىن . . .

قىزنىڭ جۈرئىتىدىن تەسىرلەندىم ، ئۆزۈمنى قولغا ئېلىپ ،
گەۋدەمنى تۈگۈلۈكتىن سەل تارتىپ :

— قانداق چىقالايسەن ؟ ھويلىغا چىققىن . . . ، — دېدىم .

قىز سۇپىدىن چۈشۈپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى ، ئىشىكنى تارتتى .
لېكىن ، ئىشىك سىرتىدىن زەنجىرلەنگەنلىكى ياكى تاقاپ قويۇلغانلىقى
مەلۇم بولدى . ئۇ كەينىگە قايتىپ تۈگۈلۈكنىڭ ئۇدۇلىغا كەلدى - دە ، ماڭا



قاراپ :

— ئىشىك بېكىك ئىكەن ، قانداق قىلدۇق ؟ — دېدى .

قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى مەنمۇ بىلمەيتتىم . تۈگۈلۈك خېلى
كەڭرى ، بىر ئادەم چىقىپ - كىرىشتە قىينالمايدىغاندەك تۇراتتى . ئەمما ،
ئارىلىق ئېگىز بولغانلىقتىن ، ئېگىزرەك بىر نەرسىگە دەسسىسە ياكى ئۈس-
تىدىن تارتسا قىزنى ئۆگزىگە چىقىرىۋېلىشقا بولاتتى . دەسسەيدىغان بىر
نەرسە كۆرۈنمەيتتى . قىزنى تارتىپ چىقىرىدىغان ئارغامچا - تانىدەك بىر
نېمىمۇ يوق ئىدى . ئۇنىڭغا ئىككىلەنمەيلا :

— جىندەك توختىغىن ، مەن ئىشىكنى ئاچىمەن ، — دېدىم .

گەپنىڭغۇ شۇنداق دېدىم ، لېكىن ، ئۆگزىدىن ھويلىغا چۈشۈشمۇ
ئاسان بولمىدى . ئۆيلەر قاتارىنىڭ نېرىقى تەرىپىدە تامدىن ئىككى گەز
ئېگىزلىكتە كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان شوتا كۆرۈنەتتى . بۇ شوتىدىن پەسكە
چۈشكەندە ھويلا ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرغان خىزمەت-
كارلارغا دوقۇرۇشۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش قىيىن ئىدى . شۇنداق
بولسىمۇ ، ھازىر كۆمسەم پىشارمۇ ، ياپسام پىشارمۇ ، دەپ ئولتۇرىدىغان
پەيت ئەمەس ئىدى . تەۋەككۈل قىلىپ شوتىغا قاراپ كەتتىم ، شوتىدىنمۇ
چۈشتۈم . تامنىڭ تۈۋىدىكى قاراڭغۇ يەرلەر بىلەن ئاۋايلاپ مېڭىپ ،
رىزۋانگۈل قامىلىپ قالغان ئىشىككە كەلدىم . ھويلىنىڭ نېرىقى تەرىپىدە
ئىككى - ئۈچ ئايال قاچا يۇيۇپ ئولتۇراتتى . ئەمما ، ئۇلار مەن تەرەپكە قا-
رىمىدى .

ئىككى قاناتلىق ئىشىكتىن دەلىزگە كىردىم . ئوڭ - سول
تەرەپلەردىكى ئۆيلەر قاراڭغۇ ، ئۇدۇلدىكى ئىشىكنىڭ ئاراشلىرىدىن يورۇق
چىقىپ تۇراتتى . ئىشىك تېشىدىن زەنجىرلەنگەن بولۇپ ، قاغىتۇمشۇقىغا
ياغاچ ئۆتكۈزۈپ قويۇلغانىدى . ئىشىكتىن توپتوغرا رىزۋانگۈلنىڭ
قۇچىقىغىلا كىردىم . ئۇ ئىشىك قېشىدا تۇراتتى . ئۇ ماڭا ئېسىلغان پېتى
ئۇۋۇلداپ يىغلاپ كەتتى .

— بارمۇ سەن بۇ ئالەمدە ؟ — دەپ تەكرارلايتتى ئۇ .

— مەن ئۇ مۇناپىق توقامنى ئۆلتۈرگىلى ، سېنى ئۇنىڭ قولىدىن

قۇتقۇلدۇرغىلى كەلدىم، — دېدىم ئۇنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ. ئۇنىڭ چېچىدىن يىلىمنىڭ سۇسراق، قىزىلگۈل سۈيىنىڭ قويۇق پۇرىقى كېلەتتى.

— مەن بۇ زالىمنىڭ ئۇۋىسىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتكىنىڭنى بىلەتتىم، — دېدى ئۇ توختىماي ياش تۆكۈپ، — ئۇنىڭ ئاياغ ئاستىدا دەپسەندە قىلغۇزمايدىغانلىقىڭغىمۇ ئىشىنەتتىم... لېكىن، شۇنچە كۈتتۈم، ساقلىدىم... سەن كەلمىگەندىن كېيىن ئۆزۈمنى...، — ئۇ سۇپا ئۈستىدىكى كۆرپىنىڭ ئايىغىدا تۇرغان بىگىزگە قاراپ قويدى.

— ئۇنداقتا بىز چىقىپ كېتەيلى، — دېدىم بۇ يەردە گەپلىشىۋېرىشنىڭ بىئەپلىكىنى تۇيۇپ.

— قانداق چىقىپ كېتىمىز؟ — قىزنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى.

«قانداق چىقىپ كەتكىلى بولار؟» بۇنى ئويلاپ قويمىغىنىم راست ئىدى. ھازىرچە مەن كىرگەن يوللار بىلەن چىقىپ كەتكىلى بولاتتى. لېكىن، ھويلىغا چىققاندا ئىككى كىشىنىڭ شوتا بىلەن ئۆگزىگە چىقىپ، ئۇ يەردىن ئارقا ھويلىغا چۈشۈشى ئەپلىكمۇ، ياكى ھويلا دەرۋازىسىنى ئېچىپ توپتوغرا يولغا چىقىشى مۇۋاپىقمۇ، بۇنى بۇ يەردە بىر نېمە دېگىلى بولمايتتى. ئەگەر ھويلىدا ھېچكىم بولمىسا، ئالدى دەرۋازا قۇلۇپلانمىغان بولسا، كېيىنكى يول ئەپلىك ئىدى، بۇنىڭ شۇنداق بولۇشىنى ئالدىن ھۆكۈم قىلغىلى بولارمۇ؟

— ئاۋۋال ھويلىغا چىقىۋالايلى، — دېدىم ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرەرمىز، دېگەن نىيەت بىلەن، — «يەڭگە» خوتۇنلار چىقىپ كەتكىلى نەۋاخ؟ ھېلى ئۇ لەنىتى توقام ئۇسسۇپ كىرىپ يۈرمىسۇن يەنە!

— شۇنداق قىلايلى، — دېدى قىز، — ماڭايلى ئەمىسە...

— نەگە ماڭىسىلەر؟ — كەينى تەرىپىمدىن چىققان ئاۋازدىن چۆچۈپ بۇرۇلدۇم. دالاندا — بوسۇغىنىڭ تېشىدا دىقماق، گۆشلۈك بىلىكىنى بېقىنىغا تىرەپ توختى توقام تۇراتتى، — سەن نەدىن پەيدا بولغان ئەبگاسەن؟ — ئۇ ماڭا تېشىپ ئۆتكۈدەك قاراپ سورىدى.

گەپ قىلماي كەينىمگە داجىدىم. تاسادىپىيلىقتىن دەماللىققا ئۇ-



زۇمگە كېلەلمەيۋاتاتتىم. رىزۋانگۈل كەينىمگە ئۆتۈپ «يوشۇرۇندى». ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ دەقىقىدە مەن غايەت زور ھىمات، كۈچلۈك قالقان ئىدىم. بۇ پىكىرلەر ئاستا - ئاستا قەلبىمنى ئىگىلىمەكتە ئىدى. پۇت - قولۇمدىكى تىترەكمۇ بېسىلىپ، يۈرىكىمنىڭ سېلىشى توختىدى. مەن ئۆزۈمنى قولغا ئېلىپ ئۈلگۈردۈم. ئاڭغىچە توختى توقام بوسۇغىدىن ئاتلاپ ئۆيگە كىردى. ياغلىشاڭغۇ كۆزلىرىنى قىسىپ غەزەپ بىلەن سورىدى:

— سەن مۇراتقۇ؟ بۇ ئۆيدە نېمە قىلىپ يۈرىسەن ھارىمى؟

قىزىغان قېنىم مېڭەمگە تەپتى. كېيىنلىكىنى ئويلاپ يۈرمەيلا جاۋاب بەردىم:

— رىزۋانگۈل مېنىڭ يارىم، ئۇنى ئېلىپ كەتكىلى كەلدىم!

— ئىتنىڭ بالىسى! — بىقىنىدىكى قوللىرىنى چۈشۈردى توختى توقام، — نېمە دەپ جۆيلۈپ يۈرىسەن؟

مېنىڭ بۇ يەردە كۆرۈنۈشۈم، ئۇنىڭغا بىمالال گەپ قايتۇرغىنىم توختى توقام ئۈچۈن كۈن مەغرىبتىن چىققاندەك تاسادىپ، يېڭىلىق ئىدى. ئۇنىڭ زور بەستى يېتىلمىگەن ئەقلىنى يىغىشتۇرالمايۋاتاتتى. قاتتىق غەزەپ بىلەن مۇشتۇمىنى تۈردى. ماڭا كەينىگە سوزۇش، ۋاقىت ئۆتكۈزۈش بەكمۇ خەتەرلىك ئىدى. توختى توقام پىكىرلىرىنى يىغىۋېلىپ، نېمە قىلىش ھەققىدە بىر قارارغا كېلىپ بولغۇچە ئالدىن ھەرىكەت قىلمىسام بولمايتتى. شۇڭا بەلۋېغىمدىكى پىچاقنى ئالدىم - دە، ئۇ «نېمە ئىش؟» دەپ بولغۇچە يۇڭلۇق مەيدىسىنىڭ سول تەرىپىگىرەك ئۇدۇللاپ زەرب بىلەن تىقتىم.

ئۇ بۇنداق بولۇشىنى كۈتمىگىنىگە قارىماي، قوپال ھەرىكەت بىلەن ئۆزىنى كەينىگە ئېپقاچتى. شۇنداقتىمۇ زەربەم بىكار كەتمىدى. ئۇنىڭ بويىنىڭ مەندىن ئېگىز بولۇشى يۈرىكىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، پىچاق بەربىر يۈرەكتىن بىر غېرىچچە پەسكە، قورسىقىنى سول تەرەپتىكى يۇمشاق يېرىگە سېپىغىچە كىرىپ كەتتى. مەن پىچاقنى ناھايىتى قاتتىق كۈچەپ تارتىۋالدىم. توختى توقام قورسىقىنى چاڭگاللاپ تۇرۇپ قەددىنى

كۆتۈردى. ئۇنىڭ بارماقلىرى ئارىسىدىن قويۇق، قىپقىزىل قان تاراملاپ يامراشقا باشلىدى. قانىنى كۆرۈپ ئۇ ئېچىنىشلىق ئاۋازدا ھۆركىرىدى:

— قاتىل... قاتىلنى تۇتۇڭلار!...

قانىنى كۆرۈپ تەمتىرىگەن بولسامۇ، پىچاقنى ئىككىنچى قېتىم يۈرىكىگە ئۇردۇم. بۇ قېتىم پىچاق يەنىلا يۈرىكىگە تەگمىدى. سول بىقىنىغا ئۈچ - تۆت ئىلىك پاتتى. مەن ئۈچىنچى، تۆتىنچى قېتىم تىقتىم... توختى توقام خىرقىرايتتى، ۋارقىراشقا ئۇرۇناتتى، ئۆزىنى ئۇ چەت - بۇ چەتكە تاشلايتتى. كۆزۈمگە قىزىلچىلىق تىقىلىپ كەتكەن، ھېچنېمىنى سەزمەس بولۇپ قالغان بولسامۇ ئۇنىڭغا پىچاق تىقىشنى توختاتمىدىم. ئاخىر ئۇ بىر كۆلچەك بولۇپ قالغان قېنى ئۈستىگە دۈم يىقىلدى. شۇ ھالدىمۇ بوغۇزىدىن سۇس خىرقىراش چىقىۋەردى. پۇتلىرى بولسا بىر يىغىلىپ، بىر ئۈزىراتتى، ئۇ جان تالىشىۋاتاتتى. ئەمدى ئۇنى ئۆلدى دېمەي بولمايدىغان ئەھۋالدا قالغانىدى.

— يۈر، تېز چىقىپ كېتەيلى، — دېدىم خۇدىنى يوقىتىپ قېتىپ قالغان، كۆزىنى قاندىن ئۈزمەي سۇپا لېۋىدە ئولتۇرغان رىزۋانگۈلنىڭ بېغىشىدىن كۈچەپ تارتىپ.

قىز قولۇمدىكى قاننىڭ بېغىشىغا يۇقۇشىدىن ئەندىكىپ سۇس ئىڭرىۋەتتى. كۆزلىرىنى چۆچەكتەك ئېچىپ بىر ماڭا، بىر خارقىراپ جان تالىشىۋاتقان توختى توقامغا قارايتتى.

— نېمە بولدۇڭ؟ يۈر چىقىپ كېتىمىز!

— ئۇ... ئۇ... ئۇ...، — دېدى قىز نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي.

ئۇنى زورلاپ قوپۇرۇپ، قولىدىن تارتىپ دېگۈدەك دەلىزگە ئېلىپ چىقتىم. شۇندىمۇ ئۇ قورقۇمسىراپ ئۆي ئىچىگە بويۇندايتتى.

— ئۇ ئۆلدى، — ئاچچىق بىلەن پىچىرلىدىم، — ئەمدى بىزگە بۇ ئۆيدە تۇرىۋېرىشكە بولمايدۇ... ئۇقتۇڭمۇ؟

— ئۇ... ئۇ... ئۇ...

مەن قان ھىدىغا تولۇپ كەتكەن ئۆينىڭ ئىشىكىنى زەنجىرلىدىم. قاغىتۇمشۇقتا ياغاچ تىقىپ قويدۇم ۋە ئۇنۇمنى پەسلىتىپ رىزۋانگۈلنى ئال-



دىراتتىم:

— ئۆزۈڭگە كەل، نېمىشقا سۆرىلىۋالىسەن؟ باشقىلار تۇيۇپ قالغۇچە ئارىلىقتا چىقىۋالمىساق بولمايدۇ...

مەن ئۇنى سۆرەشتۈرۈپ دېگۈدەك ھويلىغا ئاچىقتىم. تەلىيىمىزگە ھويلىدا ھېچكىم يوق ئىدى. قازان ئېسىلغان جايدا ھېلىمۇ چوغ يالقۇنلاپ، ئەتراپقا سۇس نۇر چېچىپ تۇراتتى. توختى توقامنىڭ ئۆيدىكىلىرى بىلەن خىزمەتكارلىرى يېڭى «كېلىن بىلەن كۈيئوغۇل» غا ھالاقىت بەرمەسلىك ئۈچۈن ئۆي - ئۆيلىرىگە تىقىلىۋالغاندەك تۇراتتى. چۈنكى، خېلى جىق ئىشىكلەرنىڭ ئاراشلىرىدىن چىراغ يورۇقى كۆرۈنەتتى.

ھويلىنىڭ دەرۋازىسى قۇلۇپلانمىغان، قوش لوكا بىلەن ئېتىلگەنىدى. بىزنىڭ تالاغا چىقىۋېلىشىمىز قىيىنغا چۈشمىدى. ئەمما، رىزۋانگۈلنىڭ مېڭىشى مېڭىش ئەمەس، سۆرىلىۋېلىش بولدى. مەن ئۇنى دەس كۆتۈرۈپ مۈرەمگە ئالدىم - دە، تاكى يېزىدىن چىقىپ باش بۇلاق يېنىغا بارغۇچە كۆتۈرۈپ ئاپاردىم. شۇنىڭغىچىمۇ ئۇ تاغاردەك بولۇشىغا ئۆزىنى تاشلىۋېتىپ، ھەمدەم بولۇشمىدى. بۇلاقنىڭ مۇزدەك سۈيىنى كۆكسى ۋە يۈزىگە پۈركۈۋېرىپ ئۇنى خېلى سەگىتتىم. قان، ئۆلۈك كۆرمىگەن قىز قاتتىق قورقۇپ كەتكەن، خۇدىنى يوقاتقانلىقتىن ئېسىنى يىغالماي قالغانىدى. ئۇنى دېسە، مەنمۇ ئاران - ئاران تۇراتتىم. ئادەتتە «ئۆلتۈرىمەن» دېيىشنىڭ نەقەدەر ئاسان ئىكەنلىكى، ئەمەلىيەتتە ئۆلتۈرگەندە بولسا كۈچتىن كۆرە ئەقىلنىڭ كۆپرەك خورايدىغانلىقى ئەمدى بىلىنمەكتە ئىدى. كۆز ئالدىمغا ھەدەپ كۆزلىرى ئالايغان، ئاغزىنى ئىرجايتقان، گۆشلۈك بارماقلىرى ئارىسىدىن قان تەپچىپ تۇرغان توختى توقامنىڭ يىرگىنىچلىك بەشىرىسى كېلىۋاتاتتى. بەدىنىم قىش پەسلىدە تالادا تۇرغاندەك مۇزلاپ تىترەيتتى.

— توختى تو... قام، — دېدى قىز نېمىشقىدۇر.

چۆچۈپ تۇرۇپ كەتتىم. ئەتراپ جىمجىت ئىدى. ھېچ تەرەپتىن توختى توقامنىڭ سىماسى كۆرۈنمەيتتى. شۇ چاغدىلا توختى توقامنىڭ

ئەمدى بۇ يەرلەرگە كېلەلمەيدىغانلىقىنى، بۇ چاغقىچە جېنى چىقىپ بولغانلىقىغا شەك كەلتۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى يادىمغا كەلتۈردۈم. يىرتىق يەكتەكمىنىڭ ئېتەكلىرىنى باسۇرۇپ ئۈستىدىن باغلىغان بەلۋېغىمنى چىڭىتىپ، جېنىمغا ئەسقاتقان پىچاقنىڭ غىلىپىنى مەھكەمرەك بېكىتىپ، ئۆزۈمنى خاتىرجەم، تەمكىن كۆرسىتىپ:

— يۈرگىن رىزۋانگۈل، بۇ يەردە ئولتۇرىۋەرمەيلى ئەمدى، — دېدىم.

قىز بۇ قېتىم ئورنىدىن خېلى تېز قوپتى. ئۆزلۈكىدىن قولۇمنى تۇتتى:

— بىز قۇتۇلدۇقمۇ مۇرات؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— بىلمەيمەن، ھېلىقى توختى توقامدىن قۇتۇلدۇق، — جاۋاب بەردىم تېزلا، — ئۇنىڭ ئاكىسى مەگسۇر توقام، گۇپپاگچىسى ئىمام ۋە مەزىنلىرى تېخى بار...

— ئەڭ ۋەھشىيسىدىن قۇتۇلۇپتۇق، — قىزنىڭ ئاۋازى ۋەزمىن چىقاتتى، — قالغانلىرىنىڭ كۆڭلىگە خۇدايىم ئىنساپ بېرەر، يىراقراق كېتەيلى مۇرات...

— يىراقراق كېتەيلى...

ئىككىمىز قول تۇتۇشۇپ كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ يول ئالدۇق. كېچە شۇ قەدەر قاراڭغۇ ئىدىكى، بەش قەدەم نېرىدىكى نەرسىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى. مەن بەزىدە قويلارنى مۇشۇ يەرگىچە ھەيدەپ كەلگەنلىكىمدىن بۇ ئەتراپلار ماڭا تونۇش ئىدى. ئىچ-ئىچىمدىن تىترەك چىقىپ تۇرسىمۇ چاندۇرماسلىققا تىرىشاتتىم، چىشلىرىم بىر-بىرىگە تېگىپ كاسىلداپ تۇراتتى. قىزنىڭ پات-پات:

— توختى توقام ئۆلدى-ھە؟ — دەپ سوراشلىرىغا «ھىم» دەپلا جاۋاب بېرەتتىم.

كىچىك-كىچىك يۇلغۇنلار، چاكاندىلار ۋە ھەرخىل چۆل ئۆسۈملۈكلىرى تۇرۇپ-تۇرۇپ پۇتلاشتۇرۇۋېتەتتى. بىراق، بۇلار خىيالىمغىمۇ كىرىپ قويمايتتى. مېڭىش، تېزرەك نېرى كېتىش ھەلەكچى-



لىكىدە يول تاللاشقىمۇ ئېتىبار بەرمەيتتىم. تېرىنىپ قويغان ئىش ۋە ئەمدىلىكتە تۇتۇلۇپ قالماسلىق ئۈچۈن قېچىش ئىستىكى ھەر ئىككىمىزگە ئوخشاشلا كۈچ ۋە مەدەت بېرىۋاتقىنىنى سېزەتتىم.

قانچىلىك ماڭدۇق، قەيەرگىچە كەلدۇق، بىلگىلى بولمايتتى. ئاياغ ئاستىمىزدا ئاللىقانداق تاشلىق يەرلەر قۇچاق ئاچقانىدى. مېنىڭ چوڭلاردىن ئاڭلىشىمغا قارىغاندا، كۈنچىقىشقا سول قولنى بېسىپ مېڭىۋەرسە ئۈچ كۈندە ئاقسۇغا تەۋە يۇرتقا بارغىلى بولاتتى. مەن بۇلاق بېشىدىن قوپقاندا ئاشۇ پىكىر ئېڭىمدا غۇۋا، خىرە-شىرە ئەكس ئەتكەنىدى. شۇ تاپتا مېڭىۋاتقان يولىمىز توغرىمۇ، خاتامۇ، بۇنىسىنى ئويلاشقا رىغبىتىم بولمىسىمۇ، سول قول تەرەپتىنرەك بېسىپ ماڭساق مەنزىلىمىز خاتا كەتمەس، دەپ ئويلاپ، قەدەمنى سولغىراق ئالدىم.

ئىككى ئاش پىشىمدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ماڭغان بولساقمۇ ئاياغ ئاستىمىزدا ئوت-گىياھ بارلىقى بىلىنمىدى. ماڭدامدا بىر پۇتلاشتۇرىدىغان ئېگىز-پەس، چوڭ-كىچىك تاشلىق ئورنىغا قۇم بىلىنىشكە باشلىدى. قۇم — چۆل-باياۋان دېگەن سۆز، ئۇنىڭغا ئىچكىرىلەپ كىرىۋېرىش ئۆز-ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىش بىلەن باراۋەر ئىدى. بىراق، بىز ئۈچۈن ئارقىغا قايتىشقا يول قالمىغان، ئۆلسەكمۇ ئىنس-جىنغا بىلىندۈرمەي ئاشۇ چۆلدە ئۆلۈشىمىز كېرەك ئىدى. ئاشۇنداق ئويلىسامىمۇ قەدىمىمنى بەكرەك سول تەرەپكە بۇرىدىم.

يەنە قانچىلىك ماڭدۇق، بىلگىلى بولمايتتى. رىزۋانگۈل پات-پات پۇتلىشىپ ماڭالماي قالدى. مېنىڭمۇ پۇتۇن ئەتجانىمدىن قاتتىق يامغۇردا قالغاندەك شۇرقىراپ تەر قۇيۇلاتتى. ئۆزۈمنىڭمۇ مېڭىشقا ماجالىم قالمىغانىدى.

— ماڭالمىدىم مۇرات، جىندەك ئولتۇرۇپ ئارام ئالايلى، قانداق دەيسەن-ھە، مۇرات؟ — دېدى قىز ناھايىتى ئۇماق، يېقىملىق ئاۋازدا.

— مەنمۇ تەستە كېتىۋاتىمەن، لېكىن، ئولتۇرۇپ ئارام ئالساقلا تۇرالماي قالارمىزمىكىن...؟ — لەۋلىرىم قورۇپ، سۆزلەر تاڭلىيىمنى تاتىلىغاندەك چىقتى. سۆزۈمنى داۋام قىلدۇرالمىدىم.

چوۋۇلۇپ توزىغانىدى. قىزىل مەڭزىلىرىگە توپا يۇققان، لەۋلىرى قۇرۇپ يېرىلغان، كۆزلىرىدىن نۇر قېچىپ، قاپاقلىرى ئىششىپ قالغانىدى. ئۇ بارغانسېرى پۇتلىشىپ - پۇتلىشىپ كېتەتتى ۋە ھەر قېتىم پۇتلاشقاندا ھازىرلا دۇم يىقىلىدىغاندەك ئالدىغا مۈدۈرەتتى. مەن ئۇنى يۆلەپ مېڭىشقا تەرەددۇتلىنىپ ئېڭىشتىم ۋە ھەيران قالدىم. قېچىش ھەلەكچىلىكىدە ئۆزىمۇ سەزمىدىمۇ ياكى سەزسىمۇ قەيسەرلىكىگە ئېلىپ بەرداشلىق بەرگىنىمۇ، ئۇنىڭ ھەر ئىككى تاپىنىدىن قان چىقىۋاتاتتى. ھەربىر قەدەم يۆتكىگەندە بەدەن ئېغىرلىقى تاپىنىنى بېسىپ، تېخىمۇ كۆپ قان سىقىپ چىقىراتتى.

— مەن سېنى كۆتۈرۈۋالاي، — تەكلىپ قىلدىم.

— ياق، سەل ئولتۇرۇۋالاي . . . جىندەك دېمىمنى ئېلىۋالاي . . . ، — قىز ئىنكاسىمنى كۈتمەيلا قۇمغا ئولتۇردى ۋە قاناپ كەتكەن تاپىنىنى كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن يالاڭ ئاياغ پۇتىنىڭ ئۆكچىسىنى ئۇندەك مەيدە قۇمغا پاتۇردى.

— پۇتۇڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟ — ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگەچ ئېڭىشتىم، — ئولتۇرساق يېڭىباشتىن قوزغىلىش تەس.

رىزۋانگۈل ماڭا كۈلۈمسىرىمەكچى بولغاندەك قارىدى ۋە شۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدە چىرايىغا جىددىيلىك يېيىلىپ، كۆزلىرىدىن ئەنسىزلىك ئۇچقۇنى چاقنىدى. ئۇ قولتۇقۇمنىڭ ئاستىدىن نەگىدۇر قاراپ تىلىققان ئاۋازدا:

— ئادەملەر . . . ، — دەپ پىچىرلىدى.

مەن ھودۇقۇپ قەددىمنى رۇسلىدىم ۋە ئۇ تىكىلگەن تەرەپكە بۇرۇلۇپ قارىدىم. ناھايىتى ئۇزاقتا قىمىرلىشىۋاتقان قارا توچكىلار كۆرۈنەتتى. بىز مۆلچەرلەپ كېتىۋاتقان تەرەپتىمۇ قارا - قۇرا نەرسىلەر ئايان بولغانىدى، ئەمما جىم تۇراتتى.

— ئالدىمىزدىكى قارا نەرسىلەر تايىنلىق توغراقلىق ئورمان، — دېدىم تەشۋىشلىنىپ، — كەينىمىزدىكىلەر يېتىۋالغۇچە ئاشۇ توغراقلىققا بېرىۋالايلى... كەل ماڭا ھاپاش بول!



— ئۆزۈم ماڭاي، — قىز چەبدەسلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى. چاندۇرماسلىققا تىرىشقان بولسىمۇ ئاغرىق ئازابىدىن چىرايىنى پۈرۈشتۈردى.

قولتۇقلىشىپ مېڭىپ كەتتۇق. ھارغىنلىق، ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق نەلەگىدۇر غايىب بولغان، كۆزگە كۆرۈنمەس ياردەمچى كۈچلەر كەينىمىزدىن ئىتتىرىۋاتقاندەك قەدەملىرىمىز تېزلىشىپ قالغانىدى. لېكىن، كەينىمىزگە بۇرۇلۇپ بىر قارىغىنىمىزدا قارا توچكىلار بارغانسېرى يوغىناپ كۆرۈنىدى. ئەللىك - ئاتمىش قەدەمچە مېڭىپ، يەنە بىر قارىغىنىمىزدا قارا توچكىلار ئەمدى ئادەمگە ئايلانغانىدى. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنىڭ تېزلىكى ۋە بارغانسېرى يوغىناۋاتقىنىدىن ئۇلارنىڭ ئاتلىق ئىكەنلىكىنى پەملىگىلى بولاتتى. ئالدىمىزدىكى بىز توغراقزارلىق دەپ پەرەز قىلغان قارىلار بولسا يا يوقاپ كەتمەيتتى، يا ئېنىق شەكىل بولۇپ كۆرۈنمەيتتى. بۇ ھال بىزنىڭ قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىمىزنى، قولغا چۈشۈشىمىزنىڭ گۇمان قىلغۇچەلىكى يوقلۇقىنى ئىسپاتلايتتى. يۈرىكىم ئىختىيارسىز دۈپۈلدەپ، پۇت - قولۇمدا ماغدۇر قالمايۋاتاتتى ۋە پات - پات ئورۇنسىز پۇتلىشىپ كېتىۋاتاتتىم.

— ئەمدى ماڭغانىنىڭ پايدىسى يوق، — دېدى رىزۋانگۈل خاتىرجەم، تەمكىن ھالدا ماڭا قىيا قاراپ. ئۇنىڭ يۈزىدە بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈمسىرەش ئەكس ئەتتى، — مەن توختى توقامنىڭ ئاكىسى ئاقساقالنى تونۇغاندەك قىلىۋاتىمەن...

مەنمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بۇرۇلۇپ قارىدىم. ئاتلىقلار ئىكەنلىكى روشەنلىشىپ قالغان يىگىرمىدەك ئادەم جېدەللەپ، يېيىلىپ چېپىپ كەلمەكتە ئىدى. ئاقساقال مەڭسۇر توقام سەپنىڭ ئوتتۇرىدا، ھەممىنىڭ ئالدىدا كەلمەكتە ئىدى. ئارىلىقنىڭ يىراقلىقىلا ئۇنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرۈشكە توسقۇنلۇق قىلاتتى. ئىككى تەرەپتىكىلەر قوللىرىنى پۇلاڭشىتىپ، بىر نېمىلەرنى دەپ ۋارقىراپ كېلەتتى.

— بىزنى تۇتۇۋېلىشىدۇ، بىر - بىرىمىزدىن ئايرىيدۇ، — دېدى قىز ماڭا ئۈدۈل قاراپ، — شەرىئەتنى بۇزدى، نامەھرەملىكنى دوست

تۇتتى دەپ يۈزىمىزگە قارا سۈرتۈپ ، يۇرتمۇ يۇرت سازايى قىلىشمۇ مۇمكىن . . .

— شۇنداق قىلمايدۇ ، دېگىلىمۇ بولمايدۇ . . . ، — دېدىم . ئەنسىزلىكتىن پۇت - قولۇم بوشىشىپ .

— ئادەم ئۆلتۈردى دەپ چالما - كېسەك قىلارمۇ ؟ — قىز يەنە سورىدى . ئەمما سۆز ئاھاڭىدا قورقۇشتىن ئەسەر يوق ئىدى ، — بىز مۇسۇلمانچىلىقتىن چىقتۇق مۇرات . . .

— بىز ئاشىق - مەشۇقلارمىز ، ئاشىق - مەشۇقلۇق مۇقامىغا مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ كاتتىلىرىلا يېتەلەيدۇ . . .

— بۇنى مەڭسۇر توقاملار قوبۇل قىلمايدۇ ، قىز يەنىلا خاتىرجەم سۆزلەيتتى ، — سەن دېگەن مۇقامغا كىمنىڭ يەتكەنلىكىنى خۇدايىم ئۆزى ئايرىيدۇ . . . بىز خۇدانىڭ دەرگاھىغا ئاشىق - مەشۇق بولۇپ بارىمىز دېسەك ، ئۇلارنىڭ قولىغا تىرىك چۈشمەسلىكىمىز كېرەك . تىرىك تۇتۇۋالسىلا بىر - بىرىمىزدىن ئايرىۋېتىدۇ . خارلايدۇ ، خورلايدۇ . . .

— تەڭ ئۆلۈپ كېتەلمەيمىز - دە ! — يۈرىكىم شۇرۇرىدە ئاققاندەك بولدى .

— ئاۋۋال سەن مېنى ئۆلتۈر - دە ، ئاندىن پىچاقنى ئۆزۈڭگە سال ...

قىزغا ھەيران بولۇپ قاراپ قالدىم ، « ئۆلتۈرۈش » نى خۇددى « ھاردىم » ياكى « ئولتۇرايلى » دېگەندىنمۇ يەڭگىل ، خاتىرجەم تەلەپپۇز قىلاتتى . مەن بۇرۇلۇپ قارىدىم . ئاتلىقلار بارغانسېرى يېقىنلاپ ، ئىككى يۈز قەدەمچە ئارىلىققا كەلگەنىدى . سەپنىڭ ئىچىدە ئاقساقالدىن باشقا ئىمام ، مەزىن ئاخۇنۇم ، توختى توقامنىڭ خىزمەتكارلىرى ۋە مەڭسۇر توقامنىڭ بالىلىرى بارلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى . قامچىلىرى بىلەن شامالدەك تېز ئاتلارنى توختىماي ساۋاپ كېلەتتى . ئارىلاپ - ئارىلاپ : « ھېچيېرىگە زەخىم يەتكۈزمەي تۇتۇڭلار ...» دېگەن خىتاب ۋە قىي - چۇ تۇۋلاشلار ئىشتىلەتتى .

— رىزۋانگۇل . . . ، — بۇرنۇمنىڭ ئىچىدە بىر يېرى ئېچىشتى ،



لەۋلىرىم تۇزلۇق بىر تامچىلارنىڭ تەمىنى سەزدى . مەن بۇنىڭ تەر ياكى ياش ، ياكى ئىككىسىنىڭ ئارىلىشىشىدىن ھاسىل بولغان سۇيۇقلۇق ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمىدىم . ئۈنۈم بوغۇلۇپ تەستە چىقاتتى ، — ئۆلۈشكە تېگىشلىك بولسا ، جان بېرىش ئاۋۋال مەندىن بولسۇن . توختى توقامنى ئۆلتۈرگىنى مەن ، سېنى ئېلىپ قاچقىنىمۇ مەن ... ھەر بالا كەلسە مەن جاۋابكار ! سەن تېخى ياش ، ئون گۈلۈڭنىڭ بىرى ئېچىلماي تۇرۇپ ...

— كىچىك بالىدەك گەپ قىلىۋاتىسەن مۇرات . . . ، — قىزنىڭ كۆزىدىمۇ ياش ئەگىدى . ئۇ بويىنۇمغا گىرە سېلىپ ، يۈزىنى يۈزۈمگە ياقتى ، — سەن مېنى ئاشۇ توڭگۇزلارغا تۇتۇپ بەرمەكچىمۇ ؟ ئېچىلمىغان گۈللىرىمنى دەپسەندە قىلسۇن ، دېگىنىڭمۇ بۇ ؟ شەرىئەتنى قالقان قىلىۋالغان ئاشۇ ئىتلار ئەرلەرگە قارىغاندا قىز - ئاياللارنى ئون ھەسسە ، يۈز ھەسسە ئارتۇق خورلايدىغانلىقىنى كۆرمىگەن بولساڭمۇ ئاڭلىغان بولغىيدىڭ ؟...

— بىراق ، رىزۋانگۇل ...

— بولدى قىل ، — قىز يۈزىنى سەل تارتىپ كۆزۈمگە دىدىل تىكىلدى ، — مەن ئاخشاملا ئۆلمەكچىدىم . قولۇمدىكى بىگىزنى كۆرگەن بولغىيدىڭ ؟ بىگىزنى بىرلا تىقىشتا ئۆلمەي قالاردىمۇ ، كەينى - كەينىدىن تىقىپ ، قانسىراپمۇ بولسا ئۆلەتتىم . شۇ نىيەتكە ، ئىرادىگە كېلىپ بولغانىدىم . بىر كېچە ۋە يەنە ئاز كەم يېرىم كۈن يېنىڭدا بىللە بولۇۋالدىم ... خۇداغا شۈكرى ، مۇرادىمغا يەتتىم . ئەمدى ئارمانسىز ئۆلەمەن ، ئال پىچىقىڭنى ، مۇشۇ يەرنى ئۇدۇللاپ ، قىينالماسلىقىم ئۈچۈن بىرلا سېلىشتا ئىشنى تۈگەت ! — قىز بوينۇمدىكى قولىنى ئېلىپ كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى شارتتىدە يىرتىپ پەسلىتىپ ، كۆكسىنىڭ سول تەرىپىنى ئاچتى .

— ياق ... مەن قانداقمۇ سېنى ...

— پىچاقنى ئەكەل ! — ئۇ ياقىسىنى قويىۋەتتى - دە ، بەلۋېغىمنىڭ پىچاق ئېسىلغان تەرىپىگە ئېڭىشتى ، — سېنىڭ ئۆلۈمدىن قورقىدىغانلىقىڭنى ئويلىماي ئەگىشىپ كەپتىمەن . ياشىغۇڭ بولسا سەن

ياشاۋەر ، ئۇلارنىڭ قولىغا تىرىك چۈشۈپ خارلىنىپ ئۆلگەندىن پاك - پاكىز كەتكىنىم ئەۋزەل ...

ئۇ تارتىشقىنىمغا قارىماي پىچاقنى ئېلىۋالدى . مەن « ئۆلۈمدىن قورقامدىمەن ؟ — دەپ ئويلىدىم جۇدۇنۇم تۇتۇپ ، — ئاز كەم يىگىرمە يىل ياشاپتىمەن ، توختى توقامنى ئۆلتۈرمىگىنىمدىمۇ ، بۇ ھاياتنىڭ قايسىبىر ئەركىلىتىشلىرىگە ئېرىشكەنلىكىم ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئۈمىد ئۈزەلمەيدىكەنمەن ؟ رىزۋانگۈلدىن ئايرىلىپ ، ئۇنىڭ خارلىنىشلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن ياشامدىكەنمەن ؟ ... »

— ئەكە ، پىچاقنى ، ئاۋۋال مەن ئۆلەي ، ئاندىن سەن ئۆزۈڭگە سال !

— مېنى رەنجىتمە مۇرات ، — قىز پىچاقنى ماڭا شەرت بىلەن بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۇزاتتى ، دەرھال قويۇپ بەرمىدى ، — مەن ئاجىز ، ماغدۇرسىزلىنىپ كەتتىم ... بىر تىنىقشتا ئۆلەلمەي قالسام ، ئۇلار يارامنى ساقايتىپ خورلايدۇ . ئەڭ ياخشىسى سەن ... بىر قېتىمدىلا ...

مەن پىچاقنى ئالدىم . ئاتلىقلار بىزنى ئوتتۇز قەدەمدەك يەردىن قورشاشقا باشلىدى . ئاتلاردىكى تەر پۇرىقىمۇ پۇراشقا باشلىدى . ئاتلىقلاردا قامچىدىن باشقا توقماق ، كالتەك ۋە چوماقلار بار ئىدى .

— مۇرات ، پىچاقنى تاشلا ھارىمى ، — دەپ توۋلىدى مەڭسۇر توقام ، — ئىككىلىڭ تىزلىنىپ ، قولۇڭنى كەينىڭگە قىلىپ جىم ئولتۇرۇش !

— نېمىشقا ئالدىرىمايسەن مۇرات ؟

ئاتلىقلارنىڭ باشتىكىلىرى ئاتتىن چۈشمەكتە ئىدى . مەن ئۇلار-دىن كۆزۈمنى ئېلىپ پىچاققا بىر قارىدىم - دە ، يەرگە تىكىلىپ تۇرۇپ :

— مەندىن رازى بول يارىم . . . ، — دېدىم .

— مەن رازى ، كەل ، — دېدى ئۇ ۋە سۇنايلىنىپ ياتتى .

تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ، ئۇنىڭ بېشىنى قۇچىقىمغا ئالدىم . رىزۋانگۈل كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى قايرىدى ۋە :

— كەل ، بىر سۆيۈۋالاي ، — دېدى .



ئۇنىڭ لەۋلىرى قۇرۇق ، قىزىق ئىدى . لېكىن ، مەن ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغان مىسلىسىز شېرىن لەززەتنى بەردى .

— يارىڭنىڭ جېنىنى قىينىما ، بىرلا ھەرىكەت بىلەن تامام قىل مۇرات . . .

قولۇم تىترىدى . رىزۋانگۈلنىڭ كۆز چاناقلىرىنىڭ ھەربىرى بىر-دىن سۈزۈك مەرۋايىتتەك ياش تامچىسىنى ساقلىماقتا ئىدى . مەن تارتىنىپ تۇرمايلا پىچاقنى زەرب بىلەن ئۇ ئېچىپ تۇرغان يەرگە ئۇردۇم ، پىچاق قولۇمدىن چىقىپ كەتكەندەك بولدى .

ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر سويامدىن چوڭقۇر ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى . قىز سىلكىنىشكە تىرىشتى . لەۋلىرىنى تەستە ئېچىپ :

— يەنە بىر قېتىم ، — دەپ پىچىرلىدى .

مەن يەنە بىر قېتىم تىقتىم ۋە :

— ئالدىرىما ، مېنى بىللە ئېلىپ كەت ! — دەپ ۋارقىرىغىنىمچە پىچاقنى ئۆز يۈرىكىمگە تىقتىم . . .

لېكىن ، پىچاقنى مەن يۈرىكىمگە تىقىپ بولغۇچە بېشىمغا تەگكەن توقماقنىڭ زەربى بىلەن ئارزۇيۇمغا يېتىشتىن مەھرۇم قالغانىدىم . ماڭا رىزۋانگۈل بىلەن تەڭ ئۆلۈشمۇ نېسىپ بولمىدى . ئەلۋەتتە ، مەن بۇلارنى شۇ ئان بىلىپ يەتكىنىم يوق . مەن بېشىمغا تەگكەن توقماق زەربىسىدىن ھوشۇمدىن كەتكەن ، ئۇلار مېنى ئاشۇ ھوشسىز ھالىتىمدە باغلاپ موتاپ ئاتقا سۆرەتكەن ، رىزۋانگۈلنى شەقىقى دەپ ئېلان قىلىپ ، نامىزىنىمۇ چۈشۈرمەي قۇمغا كۆمۈۋەتكەن . بۇلارنى كېيىنرەك بىلدىم .

ئۆمرىمنى ئۇزارتىش ھەلەكچىلىكىدە يۈرگەن ، ئۆلۈمدىن قېچىپ ، قورقۇپ سەۋەب قىلىمەن دەپ قىلمايدىغىنى قالمايدىغان تالاي ئادەملەر بار . ئۇلارنى ئۆلۈم ئۆزى قوغلاپ يۈرۈپ كانىيىدىن ئېلىپ ، ئەجەل يوللايدۇ . ماڭا بولسا قانچە تىلىسەممۇ بۇ ئۆلۈم يېقىن يولىمايدۇ . توقماقتىن ئۆلمىسەممۇ ، يېرىم كۈندىن ئارتۇق ئەس - ھوشسىز ئاتقا سۆ-رىتىلىپ يۈرگەن چېغىمدا ئۆلسەم بولاتتى ، يېزىغا كەلتۈرۈپ توختى توقام بىلەن مەڭسۇر توقامنىڭ ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن تېپىشلەنگەن ،

دۇمبالانغان چاغلىرىمدا بولسىمۇ ئۆلسەم بولاتتى . ئۆلمىدىم ، ئۆلەلمىدىم . مېنى يېزىمۇ يېزا ، يۇرتمۇ يۇرت سازايى قىلىشتى . تامغا ئۇسسۇپ ئۆلۈۋالمىسۇن دەپ يالغۇز قويۇشمىدى . يالغۇز قويغان چاغلىرىدا بولسا پۇت ـ قولۇمنى باغلاپ ، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا ياتقۇزۇپ قويۇشتى .

مەگسۇر توقام مېنى ئىنىسىنىڭ ئۆچىنى ئالدىم ، دەپ ئويلىغانغا قەدەر قىيناپ ، ئاخىر ناھىيىدىكى قازىخانىغا تاپشۇرۇپ بەردى . ئۆلۈم جازاسىغا لايىق قاتىللارنى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى قازىخانىدا بولمىغانلىقتىن ، شەرئىي مەھكىمە بىر ئاي ساقلاپ ، ناھىيىلىك يامۇلغا ئۆتكۈزۈپ بەردى . مانا بۇ يەردە پاتراق ئۆلتۈرسىكەن ، دەپ بىر ئايدىن بۇيان يېتىۋاتىمەن . . . خۇدادىن ھەركۈنى تىلەيمەن : « ئىلاھا ، پاك پەرۋەردىگار ، مەن يېتىمەككە رەھىم قىل ، ئامانىتىڭنى تېزرەك ئېلىپ ، يارىم قېشىغا بارىدىغان يولغا سال . تىرىكلىكىمىزدە قوشمىدىڭ بىزنى ، روھىمىزنىڭ بولسىمۇ بىللە بولۇشىغا ئېرىشتۈرگىن . . . ئېمىشقا ئالدىرىمايسەن خۇدا ! . . . »

مۇھەممەت ئاقچى ھېكايىسىنى تۈگەتتى . ھارۋىدىكى ھەممەيلەن ئېغىر ئۇھ تارتتۇق . ھەتتا ھارۋىكەش جېنىدا سىگايان ئولتۇرغان ھالىتىنى بۇزۇپ ئالدىغا بۇرۇلدى ، ئېتىغا زۆرۈرىيەتسىز بىر قامچا سالدى ـ دە ، « ئاھ خۇدا . . . » دېدى . شاجۇمە ئاسمانغا قاراپ يېنىچە ياتاتتى . ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇۋالغان بولسىمۇ ئىچكى ھاياجىنى تېشىغا تېپىپ چىققاندى ، بۇرۇتى يېپىۋالغان كۆكۈش لەۋلىرى ھازىرلا يىغلىۋېتىشكە تەييار تۇرغان كىچىك بالىلارنىڭكىدەك ئۆمچىيىپ ، تىترەيتتى . چولپانخان بولسا كۆز ياشلىرىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنىسىز تىرىشىۋاتاتتى . ئۇ پەسكە ئېگىشىۋالغان بولسىمۇ ، ياشتىن ھۆللەنگەن مەگزىنى ياندىن كۆرۈشكە بولاتتى . مەن مۇھەممەت ئاقچىنىڭ چىرايىدا ئۇچرىتىپ باقمىغان بىر خىل روھىي ئازابىنى كۆردۈم . ئۇ ياگاق ـ مۇسكۇللىرى تارتىشقان ، قاپاقلىرى سېلىنغان ھالدا ئۇدۇلدىكى ھارۋا شادىسىنىڭ قانداقتۇر بىر يېرىگە ئاچچىق بىلەن كۆزىنى قىسىپ قارايتتى . بىر نەرسە يۇتۇۋاتقاندەك بوغدىيىكى بىر كۆتۈرۈلۈپ ، بىر چۈشۈپ تۇراتتى .



— قانداق ، مۇرات ئۆزى ئۆلەلىدىمۇ ياكى ئۆلتۈرۈۋەتتىمۇ ؟ — سورىدىم مەن ئاخىرى چىقمىغان ھېكايىنىڭ يېشىمى ئومۇمىي كەيپىياتنى سەل ـ پەل پەسكارىغا چۈشۈرسۇن ، دەپ .

بۇ سوئالىم باشقىلارنىمۇ قىزىقتۇردى . شاجۇمە كۆزىنى ئاچتى ۋە كۆزىنىڭ قىرىدا مۇھەممەت ئاقچىغا قارىدى . ھارۋىكەش يەنە قىيپاش ئولتۇرۇپ قۇلىقىنى دىڭ تۇتتى ، چولپانخان بېشىنى كۆتۈرۈپ ، مۇھەممەت ئاقچىغا لەپپىدە بىر قارىدىيۇ ، يەنە بېشىنى تۆۋەن سالدى .

مۇھەممەت ئاقچى ھېكايىنىڭ ئاخىرىنى چۈشۈرۈشكە ئالدىرىمىدى . سۇنۇپ ئولتۇرغان پۇتىنى يىغدى ، بۇرۇتىنىڭ ئۇچىنى يالماپ ـ يالماپ پۇرقۇپ چىقىرىۋەتتى ، قەددىنى سەل كۆتۈرۈپ ، ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك پەس ، بېسىق ئاۋازدا شۇنداق دېدى :

— ئۆزىنىڭ ئۆلۈۋېلىشىغا مەن يول قويمىدىم . ئۇنىڭغا ياشاش ، ھېلىقى مەگسۇر توقام دېگەن نېمىدىن قىساس ئېلىشنى تەشەببۇس قىلىپ ، نۇرغۇن ۋەزخانلىق قىلدىم . رىزۋانگۈلنىڭ روھىغا كېيىنرەك قوشۇلساڭمۇ ئۇ رەنجىپ كەتمەيدۇ ، دەپ ئىشەندۈرۈشكە تىرىشتىم . ئەمما ، يىگىت ئۆز دېگىنىدە چىڭ تۇردى . مەن بولغانلىقتىن ئېسىلىپ ئۆلۈۋالالمىدى ، بېشىنى تامغا ئۇرۇپمۇ پايدا ئالالمىدى . ئاخىر بىر شەنبە كۈنى چۈشلۈكى بىكاردىن بىكار تىللىغان گۇندىپاينى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپ ، ئوچۇق ئېشىكتىن ئېتىلىپ چىقىپ پوستا تۇرغان چېرىكنىڭ مىلتىقىنى تارتىپ كاللا قويىۋەردى . باشقا بىر چېرىك يۈگۈرۈپ كېلىپ ، ئىككى قەدەم نېرىدىن ئېتىپ تاشلىدى . ئوق مۇراتنىڭ گەدىنى قېتىش ئارقا مېڭىسىگە تەگكەنلىكتىن قىينالمايلا جان بەردى . . .

ئېمىلا دېگەن بىلەن بۇ يېتىم ھەممىمىزنىڭ كەيپىياتىنى تەگپۇگلاشتۇردى . مۇراتنىڭ شۇنداق ھەرىكىتى ۋە ئاشۇنداق ئۆلۈشى مۇۋاپىقتەك تۇيۇلاتتى ، بۇنداق تۇيۇلۇش بەلكىم بۇ ئۆلۈم ئۇ ئۆزى ئىزدەپ ئېرىشكەنلىكتىن بولۇشىمۇ مۇمكىن . . . مۇھەممەت ئاقچى بولسا ئېچىنغاندەك قىلىپ :

— ئەگەر ئۇ ماقۇل دېگەن بولسا ، مەن ئۇنى ئۆزۈم بىلەن بىللە

قاچۇرۇپ چىقىپ كەتمەكچىدىم . . . ، ــ دېدى .

ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە ھېچكىم خەيرخاھلىق بىلدۈرۈپ بىر نىمە دېمىدى .

بىز ئالدىرىماي ، كەچكىچە يول مېڭىپ خانئېرىق بازىرىغا كەلدۇق . شۇ يەرگە كەلگۈچە ئوتتۇرىمىزدا كۆڭۈلسىز ۋەقە بولۇپ ئۆتكەندەك ياكى بىر ـ بىرىمىز بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغاندەك گەپ ـ سۆزمۇ قىلىشمىدۇق . بۇرگىسى كۆپ ، ئىس ـ كۆيە بىلەن قارىداپ كەتكەن بولۇشىغا قارىماي ، خانئېرىق بازىرىدىكى ئەڭ كاتتا ، دەپ تەرىپلەنگەن سارايغا چۈشۈپ غىزالانغاندىمۇ ، ياتقاندىن كېيىنمۇ ئارىمىزدا گەپ ـ سۆز بولمىدى .

ئېڭىمغا رىزۋانگۈل بىلەن مۇراتنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى قانداق تەسىر بەرگىنىدىن قەتئىينەزەر ، ئەمدىلىكتە پۈتۈن قەلبىمنى ئۆزۈمگە تەۋە بولىدىغان ھېكايىنىڭ يېشىمى ئىگىلىۋالغانىدى . مەن بۇ يېشىمنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ، ۋەقەيىمنىڭ قانداق ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى پەرەز قىلالمايتتىم . شۇڭا ئىچىم تىتىلداپ ، بۇرگىدىن بەكرەك ۋەسۋەسىدىن قىينىلىپ ئۇخلىيالماي چىقتىم .

قەشقەر يېقىنلا قالغانىدى . بىز مۇھەممەت ئاقچىنىڭ « قەشقەرگە يېگەن ـ ئىچكەندەك كىرىش » تەكلىپىگە ئاساسەن خانئېرىقتىن تازغۇنچە كەلدۇق ـ دە ، كۈننىڭ ئەتىگەن بولۇشىغا قارىماي دەم ئالدۇق . تازغۇن بازىرى كىچىك ، نامرات ۋە ئادەملىرى شالاڭ بازار ئىدى . مۇھەممەت ئاقچىنىڭ نېمىشقا خانئېرىق بازىرىدا دەم ئالمىغانلىقىنى ۋە يەنە نېمىشقا ئالدىمىزغا مېڭىۋېرىپ يېڭىشەھەر بازىرىنى چۈشكۈن قىلمىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى . ئۇ ئەنسىرەيدىغان يېڭىسار ئارقىمىزدا قالغان ، قەشقەر تېخى ئالدىمىزدىكى چاغدا توساتتىن سەپەرنى ئاستىلىتىشنىڭ سەۋەبىنى « يېگەن ـ ئىچكەندەك كىرىش » باھانىسى بىلەنلا يېپىشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلسەكمۇ ، ھېچكىم سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈشنى تەلەپ قىلمىدى . دېمىسىمۇ ، مەندىن باشقىلارنىڭ قەشقەرگە ئالدىراپ كىرىپ ، بالدۇرراق ، كېچىكتۈرمەي قىلىۋېتىدىغان ئالاھىدە ئىشى يوق ئىدى .



ئەلۋەتتە مەن ئالدىرايتتىم . ئۆزۈم تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ، ھەممىدىن مۇھىمى ، ئىشق شارابىنى تېتىغان ، ئۇنىڭدىن ئادەملىكىمنى ، يىگىتلىكىمنى ، ياشاشتىكى قىممىتىمنى بىلگەن ، دەل شۇ سەۋەبتىن پاتمىغان ـ سىغمىغان ، پېتىش ـ سىغىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ بىر مۇنچە ئاۋارىچىلىكلەرگە قالغان ، شۇنىڭ بىلەن تەڭ ، بىرمۇنچىلارغا خاتىرجەمسىزلىك كەلتۈرۈپ بەرگەن ، ئاخىر بېرىپ مەشۇقۇمنى تارتتۇرۇپ قويماسلىق يولىدا ئېلىشىپ قېچىپ يۈرگەن ، ئادەم ئۆلتۈرۈشكىمۇ قاتنىشىپ تەرك ئەتكەن بۇ شەھەرگە كىرىشكە ئالدىرايتتىم ؛ مېنى دەپ ئۆلگەن نېغمەتۇللا قارىينىڭ قەبرىسىنى تاپماقتا ، ئۇنىڭ كوچىسىنى ، ئۆيىنى تاۋاپ قىلىشقا ئالدىرايتتىم . مېنىڭ تۈپەيلىمدىن خانىۋەيران بولۇپ ، تۆپىلەپ ھەپسىدە ياتقان موللا بەشىرىنىڭ ئۆيىنى ، ئۇ ياتقان گۇندىنى ، ئەگەر ئۇ ھەپسىدىن چىقىپ كەتكەن بولسا ھازىر تۇرۇۋاتقان جايىنى كۆزۈمگە سۈرتكۈم ، ئۆزىنى نەدە بولسىمۇ تېپىپ ، ئۆزۈمنى ئېتىپ يىغلاپ قۇچاقلاشقا ، بېشىمدىن ئۆتكەنلەرنى ئۇ زېرىككىچە توختىماي ئېيتىپ بېرىشكە ئالدىرايتتىم ؛ ھەممىدىن بۇرۇن سۆيۈملۈك يارىم بۇۋىسارىنىڭ دىدارىغا ئالدىرايتتىم ؛ ئۇنىڭ ئاياغلىرىغا ئۆزۈمنى ئېتىپ ، ماڭىلا خاس ، مەن زادى ئۇنتۇپ كېتەلمىگەن ۋە ئەبەدىي ئۇنتۇلالمايدىغان پۇراقلىرىنى ھىدلاشقا ئالدىرايتتىم . تەشنا ئىدىم ، تەشنالىقىمنى قاندۇرسام دەيتتىم . شۇ ئۇزاق يىللار ئەمدى ناھايىتى قىسقىدەك بىلىنمەكتە ئىدى . مەن يارىمدىن گويا تۈنۈگۈنلا ئايرىلىپ قالغاندەك ، مەن بىلەن سادىر بولغان ماجىرالار ئاخشامدىن بېرى بولۇپ ، مەن كېچىلەپ قەشقەردىن چىقىپ كەتكەندەك ، ئەمدى مەن بۇ يەرگە يېڭىباشتىن قايتىپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى . . .

پەقەت تەقەززا بولغانلىقىمدىن شۇنداق بولۇپ تۇيۇلاتتى . ئەمەلىيەتتە يوللىرى ئۆزگەرمىگەن يېزا ـ كەنتلەردىن ئۆتكەنسېرى ، ھەممىسى بىلەن مۇقەددەس ۋە قىممەتلىك قەشقەر يېقىنلىغانسېرى ، چۈشەنگىلىمۇ ، چۈشەندۈرگىلىمۇ بولمايدىغان غەشلىك قەلبىمنى ئەسىر قىلماقتا ئىدى . مەن ئەگەر بۇۋىسارە بىلەن ئۇچرىشالىدىم دېگەندىمۇ ، ئۇلاق مېنى تونۇش ـ تونۇيالماسلىقىغا ، تونۇغان ھالەتتىمۇ مېنى قانداقراق

قارشى ئېلىش مۇمكىنلىكىگە شەكلەنمەي تۇرالمايتتىم . « خۇش ، مىرىلال بولساڭ بولمامسەن ، ئۇ دېگەن ئۇن يىلنىڭ ئالدىدىكى ئىش . . . دېسە نېمە دەرمەن ؟ — دەپ ئويلايتتىم ئىچىمدە يۈرىكىم ئاسقىپ ، — ئۇن يىلدىن بۇيان ئۆيۈم بار ، خوتۇنۇم بار ، دېمىدىڭ . . . نەمۇ نەلەردە يۈرۈپ ، ئىتتىن ئۆتەررەك دىۋانىچىلىقتا ياشاپ ، ئەمدىزە ئىسسىق ئوچاق نەدىسەن ، دەپ مېنى ئىزدەپ قاپسەن - دە ؟ يوقال كۆزۈمدىن جالدىرۋاق قەلەندەر . . . » كۆڭلۈمدە يەنە دەرھال : « ياق ، ئۇ بۇنداق دېمەيدۇ ، ئۇ بۇنداق دەيدىغان ئاياللاردىن ئەمەس . . . » دەپ ئۆزۈمنى بەزلەيتتىم . « ئاۋۋال تېپىش كېرەك ئۇنى ! نەدىن بولسىمۇ تېپىپ ئايىغىغا ئۆزۈمنى ئېتىشىم كېرەك . . . »

بىز قەشقەرگە كۆز باغلىناي دېگەندە يېتىپ كەلدۇق . سەككىز تاشتىن ئۆتكەندىن كېيىنلا كۆن ئولتۇرۇپ كەتكەن ، « سۆگەللىك مازار » غا كەلگەندە ناماز شامدىن تارقايدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغانىدى . شاجۇمەنىڭ يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاھىمنىڭ مەقبەرىسىدە قالغۇسى بارلىقىنى سېزىپ قالدىم . ئۇ ھەدەپ شۇ تەرەپكە بويۇنداپ ، ھارۋىكەشكە قاراپ بىر نېمىلەرنى دېمەكچى بولاتتى . ئەمما ، مۇھەممەت ئاقچى بۇنى تۇيۇپ قالغاندەك ھارۋىكەشكە :

— تۆشۈك دەرۋازىسى تەرەپكە ھەيدەڭلا بۇرادەر ئەزىز . . . ، — دېدى .

ھارۋا توختىماي مېڭىپ كەتتى . سەئىد جالالىدىن باغدادىنىڭ ھەيۋەتلىك گۈمبىزى كەينىمىزدە قالدى . شۇ تەرەپتىن زىكىر سالغان سوپىلارنىڭ « ياھۇ ، يامەنھۇ . . . » دېگەن ئاۋازى كېلەتتى . قايسىبىر تەرەپكە قارىمايلى ، يېقىلغان گۈلخانلارنىڭ تاكى بۇلۇتلارغىچە يەتكەن قىزىل شولىسى يالتىرايتتى . توپا - چاڭدىن نەپەس ئېلىشمۇ قىيىن ئىدى . ئەمما ، ھارۋا ئىچىدە تىزلىنىپ ، بويۇنداپ ، ئەزىزانە قەشقىرىمنىڭ قاراڭغۇدا ئېنىق كۆرگىلى بولمايدىغان بۇ سىرتقى بوشلۇقىغا تىكىلەتتىم .

قارقى دەرۋازىسىغىمۇ كەلدۇق . خەندەك ئۈستىدىكى ئاسما كۆۋرۈك تارتىۋېتىلگەنلىكتىن بولسا كېرەك ، گۈلخان يېقىۋالغان بىر مۇنچە



كىشىلەرنىڭ قارىسى ۋە ئات - ئۇلاغ ، ھارۋىلىرى كۆرۈنەتتى ، بۇلار شەھەرگە كىرەلمەي قېلىپ شۇ يەردە تۈنەپ تاڭ ئېتىشنى كۈتمەكچى بولغان سەھەرلىقلار ئىكەنلىكى مانا مەن ، دەپ چىقىپ تۇراتتى . خەندەكنىڭ نېرىسىدا سېپىل قارىيىپ كۆرۈنەتتى . سېپىل ئۈستىدە كېچىلىك كۆزەتچى چىرىكلەر ياققان گۈلخانىنىڭ شولىسىنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى . بەزىدە گۈلخانلار ئارىسىدا بىر پارچە دۈگىلەك يالقۇن ئاستا ئۈزۈپ يۈرگەندەك كۆرۈنەتتى . بۇلار جېسەكچى چىرىكلەر مېڭىپ يۈرگەندە كۆتۈرۈۋالغان پانۇس ئىكەنلىكىنى قىياس قىلدىم . خەندەكنى بويلاپ مېڭىش ئېسىمگە بۇۋىسارە بىلەن ئىككىمىزنىڭ سېپىل ئاستىدىكى سۈڭگۈچتىن قېچىپ چىقىش جەريانىمىزنى سالدى . مۇشۇ تاپتا بۇلارنى ئويلاپ يۈرىكىم سىقىلدى . ئاشۇ چاغلاردا قىلغان - ئەتكەن ، باشتىن كەچۈرگەنلەر قانداقمۇ يۈز بەرگەن بولغىيدى ، دېگۈسى كېلەتتى كىشىنىڭ . چۈنكى ئۇ ئىشلار تولىمۇ قىيىن ، خەتەرلىك ۋە دەھشەتلىك ئىدى .

« بۇلار ئېسىمدە ، — دەپ ئويلىدىم ، — سەن قەيەرلەردىسەن بۇۋىسارەم ؟ بۇلار سېنىڭمۇ ئېسىڭدىمىدۇ ؟ . . . »

بىز ئۇدۇللاپ بىردەم مېڭىپ سول تەرەپكە قايرىلدۇق ، — بۇ يەردىن يول پەسلەپ تۆشۈك دەرۋازىسى تەرەپكە كېتەتتى . يول ئايرىشىدا گويا ئاسماندىن چۈشكەندەك ئادەملەر ۋە ئۇلاغلار كۆپىيىپ قالدى . ئېشەك ، كالا ، ئاتلار قوشۇلغان ھەر خىل - ھەر تۈرلۈك ھارۋىلار بىر - بىرىگە يول بەرمەي ، شۇنداق بولسىمۇ تىقىلىشىپ قالماي تۆشۈك دەرۋازىسى تەرەپكە ئاقاتتى . شۇ تەرەپتىن — بىزنىڭ قارشى تەرىپىمىزدىن ھايت - ھۇيت ، قىخ - چۇھ ۋە نېرى تارت - بېرى ماڭ ... لارغا پىسەنت قىلماي ، ئۆزگىچە ئاۋازى بىلەن باشلىنىۋاتقان قاراڭغۇ كېچە بوشلۇقىنى يەڭگىل تۇرتۇپ ، ھەرخىل ئاۋازلىرىنى رىتىملىق بىرلەشتۈرگەن قوڭغۇراقلىرى بىلەن سۆلەتلىك دەسسەپ ، تۆگىلەر قاتارى چىقىپ كەلدى . بويىنىنى تىك تۇتقان ، بىر - بىرىگە قاتار چېتىلغان سالاپەتلىك تۆگىلەر بىرمۇ بىر ، تاسادىپ بولۇپ ئۆتكەندەك بۆكۈرەپ قويۇشاتتى . كارۋاننىڭ بېشىدا قىرغىز قالپىقى كىيگەن بۇرۇتلۇق ، ئېشەككە مىنگەن

كىشى ئاۋلىئاخشامدا بېشىنى ساڭگىلىتىپ مۈگدەپ كېتىپ باراتتى. تۆگىلەرنىڭ ھەممىسى بوش، يۈكسىز، پەقەت چومى بىلەنلا ئىدى. بۇنىڭغا قارىغاندا، كارۋان ئۆزىنىڭ يۈكلىرىنى چۈشۈرۈپ قويۇپ، شەھەر سىرتىدىكى كەڭرەك سارايلاردىن بىرىگە چۈشكۈن قىلىشقا كېتىۋاتاتتى.

تۆشۈك دەرۋازىسىنىڭ سىرتىغىمۇ يېتىپ كەلدۇق. پەس، كەڭرى بوشلۇقتا توپا پۇرقىراپ، قېلىن چاڭ تۇمانى ھاسىل قىلغان، سەينانىڭ بوشلا يېرى بولسا ھەرخىل ھارۋىلار ئىگىلەپ ئالغانىدى. قىيا - چىيا، ۋارقىراش - جارقىراشلارغا ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، قويلارنىڭ مەرەشلىرى، كالىلارنىڭ مۆرەشلىرى قوشۇلغانىدى، ئۇ يەر - بۇ يەردىن ئېشەكلەرنىڭ ھاڭراشلىرىمۇ ئاڭلىنىپ قالاتتى. ئىككى چەتتىكى چايخانىلار، باققاللىق دۇكانلىرى، ئاشپۇزۇللار . . . نىڭ ھەممىسى ئوچۇق، چايچىلار، ئاشپەز، ناۋايلار، دوغچىلار، باققاللار، سامسىپەزلەر . . . خېرىدار چاقىرىپ، بىر - بىرىنى بېسىپ چۈشۈشكە تىرىشىپ، بەس - بەستە تۋۋلىشاتتى: بۇ يەردە كۈندۈزلۈكتىن قىلىشمايدىغان كېچىلىك چاپ - چاپ بازار باشلانغانىدى. مەشئەل، جىنچىراغ، شام، پەنەر، گۈلخانلارنىڭ يورۇقلىرى قوشۇلۇپ، ئارىلىشىپ، ئاجايىپ كېچە مەنزىرىسىنى ياراتقانىدى.

مۇھەممەت ئاقچى ھارۋىكەشكە يېقىن ئەتراپتا چۈشكۈن قىلغۇدەك ساراي تېپىش تەسلىكىنى ئېيتىپ، تاختا كۆۋرۈك تەرەپكە ھەيدەشنى بۇيرۇدى. ھارۋىلارنىڭ كۆپلۈكى، ئادەملەر قاتارىنىڭ زىچلىقىدىن ھارۋىكەش پەسكە چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى ۋە بىر دەمدىن كېيىن ئۇمۇ ئۆپچى قىي - چۇغا قېتىلىپ، پوش - پوشلىرىغا ئارىلاشتۇرۇپ كىملەرنىدۇر تىللاپ، كىملەرنىدۇر قارغاپ، ئاللىكىملەرگە ئۆتۈنۈش بىلەن ۋە يەنە قايسى بىرلىرىگە يالۋۇرۇپ، تەستە ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى.

تاختا كۆۋرۈكتىن ئۆتمەي، تۇمەن دەرياسىنى ياقىلاپ ئوڭ تەرەپكە ماڭدۇق. قاتار - قاتار دەڭ - سارايلارنىڭ بىرەرىمۇ بوش - بىكاردەك كۆرۈنمەيتتى. لېكىن، مۇھەممەت ئاقچىنىڭ بۇ يەرلەردە تونۇش - بىلىش سارايۋەنلىرى بولمىسا قارىسىغىلا تەۋەككۈل



قىلىپ ماڭمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. دېگەندەكلا، ھارۋىكەش ئۇنىڭ كۆرسىتىشى بويىچە ھازىرلا ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك قىڭغىيىپ قالغان دەرۋازىسى بىلەن ناھايىتى كۆرۈمسىزلىكىنى نامايان قىلىپ تۇرغان بىر سارايغا ھارۋىسىنى ھەيدىگىنىچىلا كىردى.

دەرۋازىنىڭ ئىچى ئۈستى باستۇرما، ئىككى تەرىپىدە ئۆيى بار ساراي بولۇپ خېلىلا قاراڭغۇ ئىدى. تاملارنىڭ ئويۇقچىلىرىغا قېقىپ قويۇلغان چىراغپايلىرىدا سۇ يېغى بىلەن يانىدىغان قارا ساپال چىراغلار سۇس يورۇق چىقىرىپ يېنىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئىسى ئۆزىنىڭ يورۇقىنى خىرەلەشتۈرۈپ، ئەتراپقا يېتەرلىك يورۇق بېرەلمەيتتى. پاشىلارغا قارشى يېقىلغان ساماندىن چىققان ئىسمۇ باش ئۈستىدە ئۈزۈپ يۈرەتتى.

سارايغا ھارۋا كىرگەنلىكىنى بىلگەنلىكىدىن بولسا كېرەك، سول تەرەپتىكى پاكار ئىشىكتىن ياغلىشاڭغۇ شاپاق دوپپا كىيگەن، پاكار، سېمىز، قارامتۇل يۈزى تەكشى چېچەك ئىزى بىلەن قاپلانغان، قىرىق ياشلاردىن ئاشقان بىر كىشى چىقىپ، ئىچ مايماق پۇتلىرىنى ئالماپ ئېلىپ ھارۋىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئاڭغىچە مۇھەممەت ئاقچى ھارۋا شادىسىدىن ئارتىلىپ سەكرەپ چۈشۈپ:

— ئوسمان چۆپ، ئەھۋالىڭ ياخشىمۇ؟ — دەپ ھال سورىغاچ ئالدىغا باردى، — سارىيىڭدا نېرىن چۆپ بولمىسىمۇ ماش چۆپى بارمىكىن دەپ، بىر يۇرتنىڭ يېرىمىنى باشلاپ كەلدىم . . .

ئوسمان چۆپ ئىسىملىك («چۆپ» ئۇنىڭ لەقىمىدەك تۇيۇلاتتى) سارايۋەن مۇھەممەت ئاقچىنى تونۇپ، قولىنى ئۇزىتىپ كۆرۈشتى ۋە ئۇمۇ چاقچاق قىلدى:

— باشلاپ كەلمىگەنسەن؟ ئەمدى نەرسە - كېرەكلەردىن ۋاز كېچىپ ئادەملەرگە ئۆتتۈڭمۇ؟ ئۆلۈكلەردىن باشلىماي تىرىكلەر بىلەن ھەپىلىشۋېتىپسەن - دە؟

— گەپنى ئەگىتمە چوقۇر، ياخشى ئۆيدىن ئىككىسى كېرەك! — دېدى مۇھەممەت ئاقچى، — ئاندىن چۆپتىن قاچىساڭ، سۈيۈق - سەلەڭ

بىر نېمە قىل...

ساراي‌ۋەن ئوسمان ھارۋىغا، بىزگە مۇنداقلا بىر قارىۋېتىپ:

— ياخشىسىمۇ، يامىنىمۇ قالمىدى بۇرادەر، — دېدى.

— بىز سېنى پاناھ تارتىپ...

— ئۇنى بىلىمەن، — ئوسمان مۇھەممەت ئاقچىنىڭ سۆزىنى بۆلدى، — ئەتە بازار كۈنى ئىكەنلىكىنى يادىڭدىن چىقىرىۋاتىسەن، خاس ئىككى ئۆيىنى ئىگىلەيدىغان ئادەم چۈش - پېشىن بىلەن كېلىشىڭ كېرەك ئىدى...

مۇھەممەت ئاقچى ئۈچۈن ئۇنىڭ دېگىنىگە كۆنۈشكە توغرا كەلدى. چامغۇر توغرالغان، سۇيى قويۇلۇپ كەتكەن ئۇگرىنى ئىچكەندىن كېيىن چولپانخان ئاياللار ياتىدىغان ئۆيگە باشلاپ كېتىلدى، قالغان ئۈچەيلەننى ساراي‌ۋەن ئوسمان چۆپ دەرۋازىغا يېقىن بىر ئىشىككە بېرىپ:

— بىر ئاخشامغا سىغىلىپراق يېتىپ چىدىۋېتەرسىلەر. خۇدا خالىسا ئەتە بالدۇرراق ھەرىكەت قىلارمىز، — دېدى.

بىز ئىشىكتىن كىرىپ بوسۇغا يېنىدىلا توختاپ قالدۇق. بۇ ئادەتتىكى ئۆي بولماستىن، كىچىكرەك بىر كەنتنىڭ جامائىتى سىغىپ كەتكۈدەك چوڭ ساراي ئىدى. پەس يېپىلغان تورۇسى، تاملىرى تىرناقچىلىك يېرى قالماي قارىداپ، بۇ قارىلار تېخى ۋالىلداپ نۇر قايتۇرغۇدەك دەرىجىدە سىلىقلىشىپ كەتكەنىدى. چالا سۇۋالغان تاملار يېرىلغان، ئاشۇ يېرىقلارغا يېرىندىلار قېقىپ كىرگۈزۈلۈپ، پايە ئورنىدا ئۈستىگە چىراغلار قويۇلغانىدى. چىراغلار يەنە سارايىنىڭ زەمبىلگە ئوخشاش قورساق سالغان تورۇسىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن قويۇلغان رەتسىز، قوپال تۈۋرۈكلەرگە مىخلانغان پايىلەردىمۇ بار ئىدى. بۇ چىراغلاردىن چىقىۋاتقان ئىسلار تۆت بۇلۇڭ ۋە تورۇسنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۈڭلۈكلەردىن چىقىپ بولالماي، تا باش ئۈستىگىچە بىر قەۋەت ئىس قاتلىمى ھاسىل قىلىپ ئېسىلىپ تۇراتتى.

سارايىنىڭ پەس تەرىپىدە سۇپا يوق، زەي ئۆرلەپ تۇرغان قارامتۇل يەر ئۈستىگىلا بورا سېلىنغانىدى. بۇ بورىلارنىڭمۇ شۇ تاپتا رەڭگىنى



بىلگىلى بولمايتتى. تۈڭلۈكلەرنىڭ ئاستىغا توغرا كەلتۈرۈپ ئويۇلغان، قىشتا گۈلخان ياكى ھولا سېلىش ئۈچۈن پىلانلانغان ئورىچەكلەردە شۇ تاپتىمۇ كۆمۈر ۋە كۈل توزۇندىلىرىنى كۆرگىلى بولاتتى.

— ماشائاللا...، — دېدى مۇھەممەت ئاقچى ياقىسىنى تۇتۇپ، — ئوسمان چۆپنىڭ بىزنى باشلىغان يېرىنى قارىمامدىغان... بۇنىڭدىن ئوچۇقچىلىق تالادا تۈنىگەن ياخشىراق ئەمەسمۇ؟ مەن چىقىپ...

— بولدى چىقمىسىلا، — شا جۇمە ئۇنى توستى، — بىزدەك تېجىمەللەر ئۈچۈن ئولتۇرۇپ كۆزنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالغۇدەك يەر بولسىلا بولمىدىمۇ؟

مەنمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇللىدىم. ئۈچىمىز زەي ۋە چىرىگەن، تېرە پۇرىقىغا ئارىلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ نەشە پۇرىقى ئازراق ئۇرىدۇ، دەپ مۆلچەرلەپ، ئىشىكنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى تامنىڭ ئاخىرقى بۇرجىكىگە يېقىنراق جايىنى ئۇدۇللاپ قويۇلغان تۈڭلۈكنىڭ ئاستىدىكى بوشلۇققا بېرىپ ئولتۇردۇق. بۇ بۇلۇڭغا چىراغمۇ قويۇلمىغانلىقتىن خېلىلا گۇڭگا ئىدى. ئەمما، ئۆينىڭ باشقا ھەممە تەرەپلىرىنى كۆرگىلى بولاتتى.

بۇ چوڭ ساراي — ئۆيدە ئالاھەزەل ئەللىككە يېقىن ئادەم بار ئىدى. ھەممىسىنىڭ نامرات، كەمبەغەللەردىن ئىكەنلىكىنى مۇشۇنداق سارايدا ياتقانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، ئۈستىۋېشىدىكى كىيىم دەپ ئاتىلىدىغان جۇل - جۇل لاتىلاردىنمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولاتتى. شۇ تاپتا بىزگە ئوخشاش بۇلۇڭنى ئىگىلەپ سوزۇلۇپ يېتىشقانلارمۇ، تامنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ پىت بېقىۋاتقان ياكى ئۈچ - تۆتى يىغىلىپ ئاللىقانداق ماۋزۇلاردا سۆھبەتلىشىۋاتقانلارمۇ بار ئىدى. ئەمما، ساراي ئۆيگە يىغىلغان ئاساسىي چۈشكۈن توپ ئىككى يەرگە يىغىلىۋېلىپ، خېلى چوڭ سورۇن تۈزۈشكەنىدى. ئۇ يەردىن ئاڭلىنىۋاتقان گەپ - سۆزلەرگە قارىغاندا، ئۇلار ھوشۇق بىلەن قىمار ئويناۋاتاتتى. نېمە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان بۇ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى قىيىن، كۈنى تەس ئىكەنلىكىدە شۈبھە يوق، ئەكس

هالـدا ئۇلار بـۇنداق سارايغا يىغىلمىغان بولار ئىدى. ئەمما، ئۇلار ئۆزىنىڭ
كـەلگۈسىنى تۇۋى يوق هاڭغا ئوخشايدىغان تەۋەككۇلچىلىككە بېغىشلاپ،
تـېخىمۇ نامراتلىشىشقا رازى بولۇپ، ئاخىرقى داچەنلىرىنى تاۋاكاغا تاشلـ
ماقتا ئىدى.

شۇ ئارىـدا سارايـۋەن ئوسـمان چۆپ ئىككى ئادەم بىلەن كىرىپ
كەلدى. ئوسمان چۆپ دىمىغىدا خىڭشىلداپ:

— ئاش - پاش، نان - پان، چاي - پايغا مەيلى بار مېهمانلىرىمىز
بـولسا هايت دېيىشسىلە، قولىمىز كۆكسىمىزدە! — دېگىنىچە ئاياغ تەرەپكە
ئۆتۈپ كەتتى.

ئۇنىـڭ بىلەن بىللە كىرگەن ئورۇق، ئېگىز، ئېڭىكىدە بىر نەچچە
تـاللا ساقىلى بار، كىرلەشكەن بوز يەكتىكىنىڭ ئىككى پېشىنى بەلۋېغىغا
قىستۇرۇۋالغان بىرىنچى كىشى ئوڭ قولىدا ئۈچ ياشلىق بالا چوڭلۇقىدىكى
قاپاق، سول قولىدا بىر ياغاچ چۆچەكنى تۇتقىنىچە ياتقان، ئولتۇرغان
ياكى تاۋاكا ئەتراپىدا تۇرغان كىشىلەرنىڭ ئالدىغا بىرمۇ بىر بېرىپ:

— يېڭـى بـوزا، ئورازقـان قىـرغىـز ئۆز قـولى بىـلەن
تەييارلىغان بوزا، — دەپ توۋلاشقا باشلىدى.

ئىككىنچى كىشىمۇ ئېگىز ئىدى. ئەمما، بەستلىك، گىرۋى، سا-
قىلى مەيدىسىگە چۈشكەن، ئوچۇق مەيدىسىدىكى يۇڭلارمۇ يەنە بىر
كىشىگە ساقال بولۇپ ئاشقۇدەك قېلىن ۋە ئۇزۇن ئىدى. ئۇنىڭ بىر قولىدا
سەيخانىسىغا ئوت تۇتاشتۇرۇلغان چىلىم، يەنە بىر قولىدا تاماكا، تارىشا
گۈگۈت قاچىلانغان بوز خالتا بار ئىدى. بۇنىسىمۇ چىلىمگە بەڭگى
چاقىرىپ ئۆي كېزىشكە چۈشتى.

شا جۇمە كۆزلىرىنى يۇمۇپ سىڭايان ياتاتتى. مۇهەممەت ئاقچى
ئىككى تىزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېشىنى قويۇپ، يەردىن ئۈستۈن قارىماي
ئولتۇراتتى. هەر ئىككىيلەننىڭ هالىتىدىنلا بۇ ساراي، بۇ ئۆي، بۇ سو-
رۇننىڭ ياقمىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئۇنداق بولمىغىنىدا ئۇلارنىڭ
قايسىبىرى بولمىسۇن بىرەر گەپ - سۆز قىلغان بولاتتى. راستىنى ئېيت-
قاندا، ئۇن يىلچە ۋاقىت تېجمەل بولۇپ يۈرۈپ، ئادەملەر ئارىسىدىكى



تۇرغۇن سورۇنلارنى كۆرگەن بولسامۇ، پۇل تۆلەپ چۈشكۈن قىلىدىغان
بۇنـداق سارايـىنى ئۇچـراتـمىغانىدىم. بۇ يەردىن ئەڭ قەبىه، مەينەت ۋە
ئەسكى بولغانـدىمۇ دىۋانىلـەرنىـڭ چۈشـكۈنى بولغان گۇمبەز -
كۆرىستانلىقلار ياخشىراق ئىدى. چۈنكى ئۇ يەردە پۇل تۆلەش تەلەپ قى-
لىنمايتتى.

ئوسمان چۆپ بىز ئولتۇرغان بۇلۇڭغا كەلدى، ئۇ ئېغىزىنى ئېچىپ
بولغۇچە مۇهەممەت ئاقچى ئاچچىق قىلدى:

— بۇرادەر، ئوغرى، يانچۇقچى، بەڭگى، قىمارۋازلىرىڭدىن
سەسكەنگىنىم ئەمەس، راستىنى دېسەم بىز مۇشۇ شىلىپ - شىلىپ زەي
يورىنىڭ ئۈستىدە تۈنەمدۇق؟

— مەن باشتىلا دەپ قويۇۋىدىمغۇ؟ — ئوسمان چۆپ چوقۇر
يۈزىنى سىلاپ كۈلدى.

— مۇنداق قىلايلى، — مۇهەممەت ئاقچى كۆتۈرۈلۈپرەك ئول-
تۇردى، — بىزگە كىگىز بىلەن تەكيي بەر، يەنە بىر ئايال
هەمراهىمىزغىمۇ شۇنداق قىل. ئەگەر ئۇنىمۇ يوق دېسەڭ، بىز چىقىپ
دەريا بويىدا تۈنەيلى...

ئوسمان چۆپ خىجالەت بولغاندەك كۈلۈپ:

— بالدۇرراق دېسەڭ بولماسمىدى؟ كىگىز، تەكيي دېگەنگە
كۆمۈۋەتمەمدىم. هازىرلا ئەكىرەي...، — دېدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ
چىقىپ كېتىۋېتىپ ئەسكەرتىپ قويدى، — ئايال هەمراهىڭلار ياخشى
جايلاشتى. شاھ مەلىكىلىرىدەك بولمىسىمۇ بەگ خېنىملىرىدىن قېلىشماي-
دۇ...

مۇهەممەت ئاقچى بىر نەرسىلەرنى دەپ غودۇڭشىدى. ئەمما، نېمە
دېگىنىنى بىلگىلى بولمايتتى. كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي ئوسمان چۆپ كىگىز
ۋە تەكيىلەرنى ئېلىپ كىردى. بورا ئۈستىگە كىگىز سېلىۋېتىپ ئۆز -
ئۆزىنى ماختاشنى ئۇنتۇمىدى. لېكىن، بۇ كىگىز ۋە تەكيىلەر ئۇ ماختى-
غاندەك «پۇزۇر»، «چالا - بۇلا ئىشلىتىلگەن» ئەمەس ئىدى، كىگىزلەر
تويا، بۇرگىسى كۆپ، تەكيىمۇ ئىچىدىكى سامىنى ئېزىلىپ توپىغا

ئايلىناي دەپ قالغان، بىر قەۋەت ياغ ئورناپ كەتكەن تەكچى ئىدى.

ئۆيدىكى ۋاراڭ-چۇرۇڭ، قىيا-چىيالار بېسىقمىغان بولسىمۇ ئىككى ھەمراھىم — شا جۇمە بىلەن مۇھەممەت ئاقچى ئۇخلاپ كېتىشتى. ئېيتىش كېرەككى، تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىغان-ئۇخلىمىغانلىقىمنىڭ ئارىسىدا قىينىلىپ چىقتىم. ئۇخلىدىممىكىن دېسەم، قۇلىقىمدا قىمارۋازلارنىڭ «چۇچۇشتى»، «سىيا كەلدى» دېگەن ئاۋازلىرى، بوزىكەش، چىلىمچىنىڭ قىچقىرىشلىرى، ئۇتتۇۋالغانلارنىڭ بوزا تەلەپ قىلىپ، چىلىمچى چاقىرىشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇخلىمىدىممىكىن دېسەم، كۆز ئالدىمدا ئون يىلدىن ئىلگىرىكى چارسۇ، بۇۋىسارىنىڭ ئىچكىرى ھويلىسى، قىزىنىڭ لاتاپەتلىك يۈزى، بوينۇمغا چىرماشقان ئاپئاق بىلەكلىرى نامايان بولاتتى. ھەتتا ئۇنىڭ قىزلارغىلا خاس پۇرىقى بۇرنۇمغا پۇرىغاندەكمۇ قىلاتتى. «ئەتە... ئەتە...، — دەپ چۇشەككەندەك تەكرارلايتتىم ئىچىمدە، — ئەتە ئىزدەيمەن، ئەتە ئۇنى تاپىمەن...» بۇ «ئەتە» دېگەن سۆز ھەتتا يۈرىكىمنىڭ ئۇرۇشى بىلەن رىتىمداش بولۇپ تەكرارلىنىپ، بۇ سۆزنى ئاغزىم ئەمەس، يۈرىكىم دەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى...

ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ تالادا ناشتا قىلدۇق. چولپانخان يا راستتىنلا ياخشى ئۇخلىغان ياكى كۆڭۈل ئاياپ دەپ قويغان تەرزدە رازىمەنلىكىنى ئېيتتى. شاجۇمە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. ئەمما، مۇھەممەت ئاقچى سارايدىن، سارايۋەندىن نارازى ئىكەنلىكىنى يوشۇرمايلا، ئوسمان چۆپنىڭ ساراي ئىچىدە ناشتا قىلىش تەكلىپىنى رەت قىلدى. ئۇ ھارۋىكەشنى رازى قىلىپ، ھەققىنى بەرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتۇق. بىز ناشتا قىلغان چايخانا تاختا كۆۋرۈكنىڭ بېشىغا جايلاشقان، ئوتتۇرىچە چايخانا ئىدى. شۇ يەردە شا جۇمە:

— ئەمدى نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىمىزنى دېيىشىۋالايلى يارانلار...، — دېدى.

شۇنداق، ئەمدى ھەرقايسىمىز ئۈچۈن نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىمىزنى بېكىتىدىغان ۋاقىتمۇ كېلىپ قالغانىدى.



— قىلىدىغان نېمە ئىش بار ئىدى مويسىپىت؟ — سورىدى مۇھەممەت ئاقچى خۇپسەنلىك بىلەن.

— ئىنىمىز بىلال قارىي يۇرتىغا يەتتى، — ماڭا قارىمايلا داۋام قىلدى شاجۇمە، — ئەمدى ئۇ ئۆز يارىنى ئىزدەپ تېپىشتەك ئالدىراش ئىشقا كىرىشمىسە بولماس... پېقىرنىڭ يۇسۇپ قادىرخان غازى پادىشاھىمدا ئاز-تولا ئىش-كۈشلىرىم بار، سىلەر ئىككىڭلارغىمۇ، — ئۇ مۇھەممەت ئاقچى بىلەن چولپانخانغا قارىدى، — قانات-قۇيرۇقىڭلارنى تۈزەشتۈرىدىغان پەيت كەلدى.

چولپانخان ھۇپپىدە قىزىرىپ يەرگە قارىدى. مۇھەممەت ئاقچى كۆلمەي تۇرۇپ ئېغىز ئاچتى:

— ھەممەيلەن ھەر تەرەپكە تارايدىكەنمىز-دە؟

— ئەلۋەتتە، مەڭگۈ تۆت كىشىلىك جامائەت بولۇپ يۈرەلمەيمىز-دە؟

بىز خېلى ۋاقىت ئۈن چىقارماي ئولتۇردۇق. ئايرىلىش ئېغىر بولسىمۇ، شا جۇمە ئېيتقاندەك ھەمىشە بىللە يۈرۈۋېرىشنىڭ ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ھېچكىم بىرىنچى بولۇپ: «ماقۇل، تارقىلايلى، خۇداغا ئامانەت!» دېگۈسى كەلمەيۋاتاتتى. بىر چەينەك چاينى ئۈنچىقماي ئىچىپ بولغاندىن كېيىن مۇھەممەت ئاقچى مۇنداق دېدى:

— تارقالساق تارقىلايلى، كۆڭلىمىز قىيىمىسىمۇ شۇنداق قىلماي بولمايدىغانلىقى راست. ئەمما، بىر مەسلىھەتىم بار، ھەر بىرلىرىگە ماقۇل كېلەرمىكىن؟ — ئۇ شا جۇمە بىلەن ماڭا قارىدى.

— قېنى، نېمە مەسلىھەت؟ — سورىدى شاجۇمە.

— ئىنىمىز ئون يىل ئۆتكەندە كەلدى، — مۇھەممەت ئاقچى ئالدىرىماي سۆزگە كىرىشتى، — ئۇنىڭ قەشقەردىن كېتىشى قالتىس داغدۇغىلىق بولغان، — ئۇ مېيىقىدا بىلىنەر-بىلىنمەس كۈلۈپ قويدى، — شۇڭا ھازىر ئۇياقتىن كېلىپلا بۇياقتىن كىرىدىغان ئۆيى، تاپىدىغان يارى يوق. بۇ يارى نەدە، قايسى كوچا، قايسى ھويلىدا، ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە داغدۇغىلىق كېتىشكە سەۋەبچى بولغان

بەزى ئىشلار ئىنىمىزنىڭ ئەركىن، بىمالال ھەرىكەت قىلىشىغىمۇ قولايلىق شارائىتتىن مەھرۇم قىلىدۇ. شۇڭا، مەسلىھىتىمچە بۇ يېقىن ئارىدا تارقالماي تۇرساق...

— ئۇ يارنى تېپىۋېلىشتىن ئىلگىرى دېمەكچىمۇ؟

— شۇنداق، — مۇھەممەت ئاقچى كەسكىن جاۋاب بەردى، — ئىنىمىز شۇ جۈپتى روزىگاھىنى تېپىۋېلىشتىن ئىلگىرى بىز بىلەن بىللە بولسا ياخشىراق، ئېھتىمال، بىزنىڭ ياردەملىشىدىغان ئىشىمىز چىقىپمۇ قالار... ئۇ ھازىرقى ئەپتى بىلەن گۇلەختىن چىققان دىۋانە، خېنىمى بولسا... كىم بىلىدۇ قايسى مەخپىي ھويلىلاردا؟ ھەممىمىزگە ئايانكى، بىز كوچىمۇ كوچا «پالانىنى ئىزدەيمىز» دەپ جاكار سېلىش ھوقۇقى يوق ئادەملەر...

مۇھەممەت ئاقچىنىڭ تەكلىپى دەرھال ماقۇللاشقا ئېرىشتى. مەن بىلەن بولغان ۋەقەلەرمۇ بۇ يەردە چولپانخانىغىلا تازا ئېنىق بولمىغىنى بىلەن، بىۋۇسارىنى ئىزدەپ تېپىشنىڭ ئۇنداق ئاسان ئەمەسلىكى قالغان ئۈچىلىمىزگە ئايان ئىدى. مۇھەممەت ئاقچىنىڭ مەسلىھىتى ھەممىدىن تولىراق ماڭا ياغدەك ياققانىدى. مەن ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن:

— ھەر بىرلىرىنى ئاۋارە قىلىدىكەنمەن-دە؟ — دېدىم.

— كىم بىلىدۇ تېخى، بالانىمۇ باشقا ئالامدۇق...! — دېدى مۇھەممەت ئاقچى. ئۇنىڭ نېمىشقا شۇنداق دېگەنلىكىنىمۇ چۈشىنىشكە بولاتتى.

— بولىدۇ، ھازىرچە تارقالمايلى ئەمىسە، — دېدى شاجۇمە.

شۇنىڭدىن كېيىن بىز نەدە تۇرۇشىمىزنى سۆزلەشتۇق. مۇھەممەت ئاقچى:

— خانئېرىقتىن باشلاپ مۇشۇ مەسىلىنى ئويلانغانىدىم، — دېدى ئويچانلىق بىلەن، — بىز بۇ گۇنگە — يەنى قەشقەرنىڭ ئادەم مىڭ-مىڭ بازار كۈنىگە ئۇلگۇرۇپ كەلسەك كۆزگە ئانچە چۈشمەيمىز دەپ مۆلچەرلىگەن، ئوسمان چۆپنىڭ سارىيىغا چۈشسەك بىخەتەر تۇرىمىز دەپ



ئويلىغان. نېمىشقا دېيىشسىلىرى، ئۇنىڭ سارىيىغا ھۆكۈمەت تەرەپ ئەمەس، شەرئىي مەھكىمە تۈگۈل، بازار-مەھەللە باشقۇرغۇچىلىرىمۇ يېقىن يولاشتىن قاچىدۇ، كۆزلىرى كۆرۈشكەندۇ ئەنە...

— ئەمىسە، شۇ يەردە تۇرىۋېرەيلى، — دېدى شاجۇمە ماقۇللاپ، — ئۇ سارايۋەنمۇ ئۆزرىخاھلىقنى بولۇشچە بىلدۈردىغۇ؟

— لېكىن، ئۇنىڭ شارائىتى...

— بىزگە بىخەتەرلىك، تىنچ مۇھىت كېرەك، يوتقان-كۆرپە دېگەننى ئۇنتۇپ قالغانلاردىن بىز...

بۇ مەسىلە ھەل بولغان ھېساب بولدى. ئەمدى نېمە ئىش قىلىشىم ھەققىدىكى پاراڭغا كۆچتۇق. مېنىڭ ئۇچۇق، مۇئەييەن پىلانىم يوق ئىدى. ھازىرچە تەۋەككۇل قىلىپ قارىسىغىلا ئىزدەشتىن باشقا ئامالىمۇ يوق ئىدى. مەن بۇلارنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن شا جۇمە:

— بوپتۇ، بىر-ئىككى كۈن شۇ بويىچە ئىزدەپ باقسۇن، — دەپ قوشۇلدى.

بىز ئوسمان چۆپنىڭ سارىيىغا قايتتۇق. چوقۇر ۋەدىسىدە تۇرۇپ، بىكار بولغان ئىچكىرى-تاشقىرى ئىككى ئۆينى بەردى. ئىچكىرىسىدە چولپانخان، تاشقىرىسىدا ئۈچىمىز تۇرىدىغان بولۇپ بۆلۈشۈۋالدۇق. بۇ ئۆينىڭ ئىچكىرى-تاشقىرى ئىكەنلىكى، بىزنىڭ «يات» ئادەملەرنىڭ غەلۋىسىگە قالمايدىغانلىقىمىزنى دېمىسە ئارزۇلىغۇدەك ئارتۇقچىلىقى يوق ئىدى. تام-تورۇسلىرى ئاخشام چۈشكەن ئۆيگىلا ئوخشايتتى. يەردىن ئىككى غېرىچچە كۆتۈرۈپ باغلانغان سۇپا بۇزۇلغان، قىرلىرى ئوپۇرۇلۇپ چۈشكەن، ئۈستىدىكى بورىمۇ تىتىلىپ كەتكەنىدى. بورا ئۈستىدىكى كىگىزنىڭ توپىلىق يەردىن پەرقى يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۆيگە رازى بولۇشتۇق. مۇھەممەت ئاقچى ئوسمان چۆپكە يېڭىراق كىگىز بولسا ئۈستىگە سېلىشنى بۇيرۇدى. ئۇنىسى بۇ تەلەپنى ھايالسىز ئورۇندىدى. ئەمدى مەن مۇقەددەس، ئەزىزانە قەشقەرگە ئاتلىنىشىم كېرەك ئىدى.

— ئېزىپ قالماي چىقالايلىغۇ؟ — چاقچاق قىلدى مۇھەممەت ئاقچى، — ئەڭ كېچىككەندە خۇپتەن بىلەن بىر-بىرىمىزگە كۆرۈنۈش

قىلايلى...

ھەمراھلىرىمنىڭ ياخشى تىلەك، دۇئالىرىنى ئېلىپ، ئۆزۈم يالغۇز تۆشۈك دەرۋازىسى تەرەپكە قاراپ يول ئالدىم.

كۆۋرۈكتىن سېپىل تۈۋىگىچە، سېپىل تۈۋىدىن دەرۋازىغىچە ئات، كالا، ئېشەك ھارۋىلىرى تىقىلىپ كەتكەنىدى. ھېچكىم ھېچكىمگە يول بەرمەيتتى. مىڭلىغان ھارۋىلارنىڭ قايسىسى قايسى تەرەپكە ماڭىدىغانلىقىنىمۇ ئۇققىلى بولمايتتى. ھەممەيلەننىڭ ئاغزىدىن «پوش - پوش» تىن باشقا سۆز چىقمايتتى، باشقا سۆز چىقسىمۇ تىللاشلاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇ تىللاشلارنىمۇ باشقا بىرلىرىنىڭ ئاڭلىشى ناتايىن ئىدى. چۈنكى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، كالىلارنىڭ مۆرەشلىرى، ئېشەكلەرنىڭ ھاڭراشلىرى، توخۇلارنىڭ مەزگىلسىز قىچقىرىشلىرى بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ، غەلىتە، چۈشىنىپ بولمايدىغان گادىرماش ئاۋاز قاينىمىنى ھاسىل قىلغانىدى. ئاشۇ ھارۋىلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ تار دەرىجىدىكى بوشلۇقلارغىمۇ پىيادە ئادەملەر قىستۇرۇلۇپ كىرىۋېلىپ، ئالدىغا، پەقەت ئالدىغىلا ئىنتىلىشەتتى. بۇ ھارۋىلارنىڭ ئىچىدە ئوتۇن، تۇز، بېدە، ھەرخىل قاپ - تاغارلار بېسىلغىنىمۇ، تېرە - كۆن، پاختا، سامان بېسىلغىنىمۇ، كۆكتات، مېۋە - چېۋە سۇكەنلىرى بېسىلغىنىمۇ بار ئىدى. ھارۋىغا قوشۇلماي ھەيدەپ كېلىنگەن يەككە ئۇلاغلار ۋە بىر - بىرىگە چېتىلغان ئۇلاغلارمۇ، ئېگەرلەنگەن، توقۇملانغان مىنىكتىكى ئۇلاغلارمۇ بار ئىدى. مۇشۇنچىۋالا زور ئالاماننىڭ ئايىغى ئاستىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توپا چىشلار ئارىلىقىدا غىچىرلايتتى، كۆزلەرنى ئاچتۇرمايتتى. ئەتىگەنكى ساپ ھاۋادىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. باش ئۈستىدىن تارتىپ ناھايىتى قېلىن بۇلۇتتەك چاڭ قاتلىمى كۆتۈرۈلمەي، بىر ياقلارغا ئۇچۇپ كەتمەي ئېسىلىپ تۇراتتى. ئاشۇ چاڭ بۇلۇتلىرى ئارىسىدىن يۈزى خىرەلەشكەن، شەكلى ياپىلاققا مايىلراق بولۇپ قالغان قۇياش بارغانسېرى تىك كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. شۇ زامانلاردا قەشقەردىكىدەك تىقما - تىقماق كەڭ دائىرىلىك بازار خوتەندىمۇ، يەكەندىمۇ، ئاقسۇ، كۇچادىمۇ يوق ئىدى.



مەن بۇنداق بازارلارغا كۆنۈك ئىدىم. قەلەندەرلىك بىلەن ئۆتكەن ئون يىل ئىچىدە مۇنداق قالايمىقان، ھەيۋەتلىك بازارنى كۆپ كۆرگەن، ئۇنىڭ ئىچىدىن قانداق ئۆتۈش، قانداق كىرىش ۋە چىقىشنى ئۆگەنگەنىدىم. باشقا شەھەر - يۇرتلارنىڭ بازىرى تارقاق، كۆلىمى كىچىكرەك بولغىنى بىلەن شەكلى ئوخشاش ئىدى. شۇ يەرلەردىمۇ ئادەملەر ئالدىراپلا ئۆتۈشەتتى، كىرىشتە تېخى، چىقىشتا ئۇنىڭدىن بەك ئالدىرىشاتتى. مەن تىللاشلار، نىقتاش - ئىتتىرىشلەر، بىقىنداش - تېپىكلەشلەرگە پىسەنت قىلماي بەزىدە ئېگىشىپ، بەزىدە ئىتتىرىپ ئۆتۈپ دەرۋازىغا كەلدىم.

تۆشۈك دەرۋازىسىنىڭ ئىچ تەرىپى تېخىمۇ سانجاق ئىدى. يول خېلى كەڭ بولسىمۇ كىرىپ - چىقىۋاتقان ئادەم ئېقىمى ئۇنىڭغا پاتمايدىغاندەك تۇيۇلاتتى. مۇشۇنداق سىقىنچىلىقنى كۈچەيتىپ، يولنىڭ ئىككى چېتىدە باققاللار، دوغچىلار، ئىشتانباغ - قۇ ساتقۇچىلار، يىكچىلەر، بېدىچىلەر... يايما ئېچىشقانىدى. دەرۋازىنىڭ ئىچ تەرىپىدىن قازانچىلار مەھەللىسىگە يەتكۈزىدىغان بىر كەڭ يول پەسلەپ سوزۇلغان، ئوڭ تەرەپكە، يۇقىرىغا بولسا كونا دەرۋازا يولى ئۆرلىگەنىدى. مەن ئېگىز تەرەپكە ئۆرىدەپ يۈرۈپ كەتتىم. كۆڭلۈمگە پۈككىنىم بويىچە چارسۇغا چىقماقچى، بۇۋىسارەمنى ئىزدەشنى نەق ئۇنىڭ بۇرۇنقى ھويلىسىدىن باشلىماقچىدىم.

شەھەر كوچىلىرى يەنە شۇ ئاۋۋالقىدەك، ھېچنەرسە ئۆزگەرمىگەنىدى. لېكىن، مەن بۇ شەھەرگە ئون يىلدىن بۇيان كىرمىگەن، كىرىشنى شۇنچە ئۈمىد قىلغان بولسامۇ كىرەلمىگەنىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، ئۇنىڭ تاملىرى، تام ئۈستىدىكى سىرەجلىرى، ئىشىكلەر، دەرۋازىلار، چوڭ يولغا تۇتىشىدىغان ئۈچەيدەك تار، ئەگرى، ئىككى ئادەم قىستىلىشىپ ئاران ئۆتەلەيدىغان كوچا ئېغىزلىرى شۇنچە يېڭى، ناتونۇش سېزىلەتتى. ئەمما، ئېڭىمدا شەھەر مەنزىرىسى ئەمەس، بۇۋىسارەمنى تېپىش ئىستىكى ھۆكۈمران ئىدى. قەلبىمنى خۇشاللىق، ئەنسىرەش، ئالدىراش، ئەندىكىش... لەرنىڭ ئارىلاش تۇيغۇسى ئېگىلىۋالغانىدى. يارىمغا — ئۇنىڭ ۋەسلىگە يېتىش پەيتىنىڭ يېقىنلىقـ

دىن خۇشال ئىدىم. ئۇنىڭ مېنى تونۇش - تونۇماسلىقىدىن، تولىراق تونۇيالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتىم. تونۇيالماي قالغاندىمۇ تونۇشلۇق بېرىشكە، شۇنداق قىلسام ئۇنىڭ ماڭا قۇچاق ئاچىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ ئالدىرايتتىم. كۆرۈشۈش پەيتىنىڭ شۇقەدەر يېقىنلىقىدىن ئەندىكەتتىم.

ھەرخىل نۇسخىدا، خىلمۇ خىل شەكىل چىقىرىپ ياسالغان ئەشكىلەر سېتىلىدىغان بازاردىن، ئاياللار بىلەن تولۇپ كەتكەن ھەرخىل، ھەر تۈرلۈك چاچ ساتىدىغان دائىرىدىن قىستىلىپ ئۆتتۇم. ئالدىمدا گۆرۈلدەۋاتقان، قايناۋاتقان ئادەملەر ئېقىمىنىڭ يەنە بىر تۈگۈنى — چارسۇ بازىرى تۇراتتى. چارسۇ ۋاپۇرۇچ بازىرى، دەپمۇ ئاتىلىدىغان، ھېلىھەم تۆت كوچىنىڭ كۆز يېتىدىغان تەرىپىدىكى يۈزلىگەن دۇكانلاردا ئۆتۈكلەر، مەسىلەر، كەش - سەندەللەر، چورۇقلار، تېرە - كۆنلەر سېتىلىۋاتاتتى. دوقمۇش - دوقمۇشلاردا دۇكانلاردىن سىرت بازار بولۇۋاتاتتى. ھاۋانى ئاچچىق چاڭ، تەر ۋە تېرە - يۇڭ ھىدى قاپلاپ كەتكەنىدى. بۇ بازار قايىنمىدىن تەستە چىقىپ توختاپ قالدىم. ئون يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتكەندە تۇساتتىنلا بۇۋىسارەمنىڭ ھويلىسىنى يوقلاش، كىرەلمەي ئىشىك قېقىش... ھازىرقى تەقى - تۇرقۇم ۋە ئەپتىمگە قارىغاندا شۇ كوچىنىڭ ئىچىگە كىرىشىمۇ مۇمكىنچىلىكى يوق ئىش ئىكەنلىكى كۆڭلۈمدىن كەچتى، «ئاۋۋال موللا بەشىرنىڭ ئۆيىنى يوقلاپ باقاي، — دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە، — بەلكىم بۇ چاغقىچە ئۇنى ھەپسىدىن چىقىرىپمۇۋەتكەندۇ... شۇنداق بولغاندا، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشسەم بىر مۇنچە خەۋەر، بۇۋىسارەم توغرۇلۇق ئۇچۇرمۇ ئاڭلىيالايمەن، ئۇنىڭ ئۆگزىسى ئارقىلىق بۇۋىسارەمنىڭ ھويلىسىغا نەزەر سېلىشقىمۇ بولىدۇ...»

موللا بەشىرنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدى ئۆزگەرمىگەن، ئىشىكىمۇ شۇ ئاۋۋالقىدەك، ئۆز پېتى ئىدى. مېنى خۇشال قىلغىنى ئىشىكنىڭ زەنجىرى ساڭگىلاپ تۇراتتى. بۇ ئۆي ئىچىدە ئادەم بارلىقىنىڭ ئىسپاتى ئىدى. يۈرىكىمنى توق تۇتۇپ ئىشىكنى بوش قاقتىم. ئانچە ئۇزۇن ساقلاشقا توغرا كەلمىدى. ئىشىكنىڭ ئىچىدىن ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى چىقتى:



— مېھمان كىمنى ئىزدەيدىكىن؟

«موللا بەشرى ئۆيلەنگەن بولغىيمىدى» دەپ ئويلاشقا ئۈلگۈردۈم ۋە موللا بەشىرىنى سوراپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى چىقىرىشتىن ئەيمىنىپ ئۆزۈمگە ئىشەنچلىك ئۇسۇلدىن پايدىلانماقچى بولدۇم.

— خۇدا مەقسەتلىرىگە يەتكۈزگەي، غېرىب دىۋانىنى يوقلاپ قويسىلا...

— جىندەك توختاڭ دىۋانىخان، — ئايال شۇ گەپلەرنى دەپ جىمىپ كەتتى ۋە ئازراق ۋاقىت ئۆتۈپ، قول پاتقۇدەك ئېچىلغان ئىشىكنىڭ قىسىلچىقىدىن يېرىم ھەمەكنى ئۇزاتتى.

نانىنى ئېلىشقا ئالدىرىمىدىم. نانىنى ئالسام ئىشىك يېپىلىدىغاندەك، موللا بەشىرنى سوراش پۇرسىتى ئاياغلىشىدىغاندەكلا بىلىنەتتى. شۇڭا ئالدىراپ:

— كىمنىڭ ھەققىگە دۇئا قىلىمەن خېنىم؟ ئۆي ئىگىسى موللا بەشرى ئاتلىق بىر زات ئىدى، ئۇنىڭ ئەھلى بەيتى يوق ئىدى...، — دېدىم.

«ئەھلى بەيتى» سۆزى «ئۇنىڭ خوتۇنى» مەنىسىنى ئىپادىلەيتتى. ئايال سوئالىمغا ياكى موللا بەشىرنىڭ ئۇچۇرىنى بېرىشى ياكى ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئاشكارىلىشى كېرەك ئىدى. كۈتكىنىمدەكلا، ئۇ موللا بەشىرنىڭ ئۇچۇرىنى بېرىپ، ئۆزى توغرىسىدا ئېغىز ئاچمىدى:

— دىۋانىخان، كېچىدىن نەشىنى جىق چېكىپ، مېڭىسىنى ئالدۇرۇپ قويغان ئوخشايدۇ. بۇ ئۆيدە موللا بەشرى ئىسىملىك ئادەم يوق. بىز ئۆينى مەسچىت ۋەخپىسى قاتارىدا ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇردۇق.

ئىشىك ئىچىدىن ئېتىلدى. ئۇ ئەمدى ماڭا ئېچىلماس بولۇپ ئېتىلگەنىدى. موللا بەشرى ئۆزى يوق بولۇپلا قالماي، ئۆيىمۇ يوق بولغانىدى. موللا بەشرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا ئۆيى مەسچىتكە ۋەخپە قىلىنغانمۇ ياكى ئۇنىڭ «گۇناھى» ئۈچۈن تارتىۋېلىنىپ ۋەخپە قىلىنغانمۇ؟ بۇنىسىنى سورىغان بىلەنمۇ بايىقى ئايال بىلمەيدىغاندەك تۇراتتى. ئەگەر ئەركىن پۇقرالىق سالاھىيىتىگە ئىگە ئادەم بولسام ئىدىم، بۇنى ئۇق-

قىلىمۇ بولاتتى . مۇشۇ ئەتراپتا خانلىق مەدرىسى ، ساقىيە مەدرىسىدىن بۆلەك ، كوچا ئىچىدە مەھەللە مەسچىتىمۇ بار ئەمەسمىدى ؟ ئۆي شۇ ئۈچ ئورۇندىن بىرىگە ۋەخپە قىلىنغىنى ئېنىق ، بۇنى مەن قانداق ئېنىقلىيالايمەن .

موللا بەشىرىدىن ئۈزۈل ـ كېسىل ئايرىلغانلىقىمغا تەن بەرگۈم كەلمىگەن ھالدا نېرى كەتتىم . ئەمدى نېمە بولسا بولسۇن ، باشقا كەلگەننى كۆرەي دەپ بۇۋىسارىنىڭ ھويلىسىغا قاراپ كەتتىم . بەختكە قارشى ھويلا ئىشىكىنىڭ چوڭ تۆمۈر ھالقىسىغا بىر ئەمەس ، ئىككى قۇلۇپ سېلىنغانىدى .

كوچىنىڭ دوقمۇشىدا ئولتۇرۇپ ، ھويلا ئىگىلىرىنىڭ ، ھېچ بولمىغاندا بىرەر خىزمەتچى ـ چاكارلارنىڭ بولسىمۇ قايتىپ كېلىپ ئىشىك ئېچىشىنى كۈتەي دېگەن نىيەتكە كەلدىم . كوچا دوقمۇشىنىڭ مەن ئولتۇرغان يېرىدە بولمىسىمۇ ، سەل نېرىسىدا بىر مۇنچە ناسۋال ساتىدىغانلار ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئىككى ـ ئۈچ تىلەمچىلەر ئولتۇرۇشاتتى . تەبئىيكى ، مەن سەل ئىچكىرىرەك ئولتۇرۇۋالغان بولسامۇ چېنىپ قالمايتتىم . ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي سول تەرىپىمدىكى دوقمۇشقا دۇكان قۇرۇۋالغان دوغچىنىڭ ئۇزۇن ئورۇندۇقىدىن يىگىرمە ياشلارغا كىرگەن تالىپسىياق بىر بايۋەچچە قوپۇپ ، قولىدىكى قاچىنى ماڭا ئۇزاتتى :

— ماۋۇنى ئىچ دىۋانە ، ئۈچەيىڭ قۇرۇپ قالمايدۇ . . .

دوغچىنىڭ غەزەپلىك نەزىرىدە قاچىنى قولۇمغا ئېلىپ بايىقى يېرىم ھەمەك بىلەن دوغ ئىچىشكە كىرىشتىم . كۆزۈم بولسا قوش قۇلۇپ سېلىنغان دەرۋازىدا ئىدى .

بىراق ، مېنى ئولتۇرغىلى قويمىدى . بازار نازارەتچىسىدىن بىرى كېلىپ ، مېنى چوڭ كوچىلارنىڭ دوقمۇشىغا قوغلىدى . « ئۆزۈڭگە ئوخشاش تېجىمەل جۇلدۇر كېپەنلەرنىڭ قاتارىغا بار . . . » دېدى ئۇ .

مەن دەرۋازىنى كۆزىتىشتىنمۇ ئايرىلىپ قالغانىدىم . بۇ ئەتراپتا لەڭشىپ يۈرۈپ ، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقۇچە باشقىچە بىر ئامال قىلىشىم كېرەك ئىدى . بۇ ئامال نەدە ؟ شۇ ئەسنادا يادىمغا ئاينۇر كېلىپ



قالدى . ئاينۇر بۇۋىسارەمنى تېپىشتا ماڭا تېپىلغۇسىز نامزات ئىدى . ئۇ بىر چاغلاردىمۇ ماڭا چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىر سەۋەب تۈپەيلىدىن ئاجايىپ تەۋەككۈلچىلىك بىلەن ياردەم بەرگەن ئەمەسمىدى ؟ ئاينۇر كېيىن غايىب بولۇپ كەتكەن ، بۇنىسى ماڭا مەلۇملۇق بولسىمۇ ، كېيىنچە ، مېنىڭ يوقۇمدا ياكى ئۆزى قايتىپ كەلگەن ياكى دادام ئۇنى نەدىندۇر بىر يەردىن تېپىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىنمۇ ؟

مەن شۇ تاپتا ھېچنېمىگە قارىماي ئۆستەڭ بويى تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتىم . كۈن ئاللىقاچان چۈشتىن قايرىلغان بولسىمۇ ، يوللار ، گۈزەرلەر ، دوقمۇشلاردا مىغ ـ مىغ ئادەم قاينايتتى . بۇ مىغىلدىغان ئادەملەر توپى ئىچىدە ماڭا ئوخشاش دىۋانىلەر ، دەرۋىشلەرمۇ ساماندەك كۆپ ئىدى . لېكىن ، كۆزۈمگە ھېچكىم كۆرۈنمەي بىرلا ئاينۇرنىڭ قىياپىتى كۆرۈنەتتى . ئۇنىڭ بولۇپ قېلىشىنى تىلەيتتىم . ئون يىلدىن بۇرۇنقى دادامنىڭ ئادىتىدە بازار كۈنى ئۆيدە ئولتۇرىدىغان كۈنتەرتىپ بولمايتتى . ئۇ مەپىسىنى قوشتۇرۇپ ، شەھەر ئىچىدىكى ياكى سىرتىدىكى دۇكانلارنى ئارىلايتتى ، مال ئامبارلىرىنى يوقلايتتى ، كارۋان سارايلىرىغا قاتراپ مال ئالاتتى ياكى مال تارقىتاتتى . مەن ئون يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ كونا ئادىتىنى ئۆزگەرتىۋېتىشى ۋە ئۆيدىن چىقماي ئولتۇرۇشى مۇمكىن ، دەپ قارىمايتتىم . ئەگەر شۇنداق بولغاندىمۇ ، ئىشىك قاققان ساھىلغا دادامنىڭ ئۆزى چىقىپ ئىشىك ئاچمايتتى . مۇبادا ئاينۇر شۇ ھويلىدىلا بولىدىكەن ، ئىشىكنى چوقۇم شۇ ئېچىشى ئېنىق ئىدى ، ئەگەر ئۇ بولغاندا . . .

پەرىزىم توغرا بولۇپ چىقتى . ھويلىنىڭ ئىشىكى ماڭا تونۇش ، ھويلىلا ئەمەس كوچىلارمۇ ئۆزگەرمىگەنىدى . دەرۋازىنىڭ تاختاي ئاراشلىرىدىن ئىچكىرىگە قارىغاندا مەپە ، ئاتلار كۆرۈنمەيتتى . بۇ ئاتباقار ، مەپكەشنىڭمۇ يوقلۇقىنى بىلدۈرەتتى . دەرۋازا ھالقىسىنى چەمبەر تۆمۈرگە كۈچەپ ئۇرۇپ ئۇزاق ۋاقىت تاقىلداتتىم . ئىچىدىن لوكىدان سېلىنىپ ئېتىلگەن دەرۋازا ئىچىدە ئادەم ياشىمايدىغاندەك قىلاتتى . ئەمما ، ئۇ ئىچىدىن ئېتىلگەنىكەن ، ئۇنىڭ ئىچىدە كىمدۇر بىرى بولۇشى كېرەك

ئىدى .

نـاھايەت ئاياغ شەپىسى كەلدى . ئاياغلارنىڭ تېز ئېلىنىشى ، يەرگە بېسىلغان چاغدىكى يەڭگىل ۋەزنى يېقىنلىشىۋاتقۇچىنىڭ ئايال ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايتتى . مەن چوڭراق تىنىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي كۈتۈشكە باشلىدىم . يۈزىگە پەرەنجە ياپمىغان ، سېمىز ، ئېگىز بويلۇق ، ئاق سېرىق بىر چوكان دەرۋازىنى قىيا ئېچىپ ، ماڭا تېشىپ ئۆتكۈدەك قارىغان چاغدا بېشىمدىن بىر قاپاق سۇنى قۇيۇۋەتكەندەك بولدى . ئۇ ئالتۇن چىشلىرى ئارىسىدىن بىرى سۇغۇرۇپ تارتقاندەك تەسلىكتە :

— نېمە دەيسەن بېشىڭنى يەيدىغان ساراڭ ؟ — دېدى زەھەرخەندىلىك بىلەن .

— ھەق ئىلـلـەلـلاھ ، — دېيەلىدىم ئاران قولۇمنى سوزۇپ ۋە شۇئان سوزغان قولۇملا ئەمەس ، پۈتۈممۇ بوشىشىپ كېتىۋاتقاندەك بىلىندى .

— يوقال كۆزۈمدىن ! — ئۇ يۈزۈمگىلا دەرۋازىنى قاتتىق يېپتى ، لوكىدانىنى سالغۇچە ماڭا ئاڭلىتىپ غوتۇلداشنى داۋام قىلدى ، — ئەتىگەندىن - كەچكىچە قول سوزغان نەدە بار ؟ چۈش - پېشىندە بىردەم - يېرىمدەم ئارام ئالغىلىمۇ قويۇشمايدۇ ئەبگاھلار . . .

مەيۈسلىنىپ ، ماغدۇرسىزلىنىپ ، پۈتۈمنى سۆرەپ كەينىمگە ياندىم . چوڭ كوچا يەنىلا بايىقىدەك تىقما - تىقماق بازار ئىدى . ھۆپىگەرلەر ، باققاللار ، گەزلىمىچىلەر ، دوغىچىلار ، سۇ توشۇغۇچىلار ، سەي - كۆكتاتچىلار ، ناۋايلار ، سامسىپەزلەر ، پەرمۇدىپەزلەر ، كاۋاپچىلار . . . ھەممىسى ۋارقىرىشاتتى ، خېرىدار چاقىرىشاتتى ، ماللىرىنى ماختاپ قوشنىلىرىنىڭكىنى سۇندۇرۇشاتتى . ئادەمنىڭ دەستىگە ئۇدۇللاپ ماڭغىلى بولمايتتى . لېكىن ، ماڭا بۇ بازار مەن شۇنچە يىللار كۈن ئۆتكۈزگەن قەبرىستانلىقتىنمۇ خىلۋەت - خالىي تۇيۇلاتتى . گويا ئالدىمدا ھېچكىم يوقتەك ، ئۆزۈم يالغۇز خىلۋەت ، يىگانە چۆللۈكتە مەقسەتسىز ، نىشانسىز مېڭىۋاتقاندەك بىلىنەتتى . قۇلىقىمغا ئاڭلىنىۋاتقان ئاۋازلارمۇ ناھايىتى يىراقتىن ، مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان يەر ئاستىدىن چىقىۋاتقاندەك



سېزىلەتتى .

قۇرۇق تېرەك كوچىسىنىڭ دوقمۇشىدىكى سايىدە ئولتۇرۇپ ئارام ئالغاچ ئويلىنىشقا تۇتۇندۇم . توغرىراقى ، ئارام ئالغاندەك ئەمەس ، مېڭىشقا كۈچ تاپالماي ئولتۇرۇپ قالدىم . ئەمدى نەگە بارىمەن ، نەدىن ئىزدەيمەن ، كىمنى تاپىمەن ، كىم ئارقىلىق سۈرۈشتۈرىمەن ؟ . . . بۇلارنىڭ ھەنىۋاسى چىگىش ، سىرلىق ۋە يەنە ئەندىشىلىك ئىدى . ئادەملەر مىغ - مىغ قەشقەردە بۇ قەدەر يالغۇزلۇق ھېس قىلىشنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانلىقىمدىن تېخىمۇ يېتىم ، باشپاناھسىز قالغاندىم .قەشقەر دېمەك بۇۋىسارە دېمەكتۇر دەپ كۆڭلۈمگە پۈكۈپ كەلگەن پىكىرلىرىمنىڭ سۇنىڭ كۆپۈكلىرىدەك بىر پەستىلا غايىب بولۇپ كېتىشكە زادىلا ئىشەنگۈم كەلمەيتتى . لېكىن ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوڭۇمدا ، كۆزۈمچە سادىر بولۇۋاتاتتى : بۇۋىسارە يوق ئىدى ، موللا بەشىرى يوق ئىدى ، ئاينۇرمۇ يوق ئىدى !

قانچىلىك ئولتۇردۇم ، يادىمدا يوق ، كۈن پەسلەپ ، تېرەكلەرنىڭ ، ئۆيلەرنىڭ سايىلىرى ئۇزىرىۋاتاتتى . بازار بېسىقمىغان بولسىمۇ ، كىشىلەر تولىراق يېمەك - ئىچمەككە ئۆزلىرىنى ئۇرۇشماقتا ئىدى . شەھەرگە سىرتتىن كىرگەنلەر ساتىدىغانلىرىنى سېتىپ ، ئالىدىغىنىنى ئېلىپ ، مۆلچەرلىگەن پۇلىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ قورساق غېمىنى قىلىشماقتا ئىدى . بازاردىن قايتماقچى بولغانلارنىڭ ئەھۋالى ئەتىگەندە كىرىۋاتقان چېغىدىكىدەك ئالدىراش ئىدى . ئادەملەر ، ئۇلاغلار ، قۇرۇق ھارۋىلار كۆزگە كۆرۈنمەس بوشلۇققىچە توپا توزىتىپ بىر - بىرىنى قىستاشماقتا ، سىقىشماقتا ، ئالدىغا ئۆتۈشكە ئۇرۇنماقتا ، بىر - بىرىگە دوق قىلىپ قامچا تەڭلىشىپ ، تىللاشماقتا ئىدى . بۇ ھالەت داۋاملىشىپ ئۇزاققا سوزۇلغانسېرى ئولتۇرۇشۇممۇ مۇمكىن بولماي قالدى . كوچىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى سارايدىن چىقىۋاتقان ئۇلاغلار ، ھارۋىلار بىلەن ئۆستەڭ بويى تەرەپتىن يامۇل ئالدى تەرەپكە ماڭماقچى بولۇۋاتقانلار ئارىسىدا قايىنام ھاسىل بولۇپ ، تۇرۇپ كەتمىسەم بولمايدىغان قىلىپ قويىدى . مەن تەر ، قىغ ، چاڭ ۋە ئاللىقانداق بوياقلارنىڭ پۇرىقى بىلەن قاپلانغان توپنى يې-

رىپ ساندۇق بازىرىغا ، ئاندىن ياگاق سارىيىنىڭ ئالدىغا چىقتىم . قىيا ـ
چىيا ، ۋارقىراش ـ جارقىراشلار ئارىسىدىن مېڭىپ ھېيتگاھ مەيدانىغا كې-
لىپ سەل دېمىمنى ئالدىم .
ھېيتگاھ مەيدانىمۇ شۇ چاغلاردىكىدەكلا ئۆزگەرمىگەنىدى . ئوڭ
تەرەپتىكى دۇكانلار قاتارى بىر چاغلاردىكى زاراتگاھلىقنىڭ خىلۋەتلىكىنى
بۇزۇپ تاشلىغان ، ئوچۇق سەينادا مەدداھلار ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى
دەۋرىدىكى جەڭ - جېدەللەرنى بېرىلىپ سۆزلىمەكتە ئىدى . سول تەرەپتە
كىتابپۇرۇشلار ھەر خىل ھەر تۈرلۈك كىتابلارنى ساتماقتا ، جامەنىڭ پە-
لەمپەيىنى يەلپۈگۈچتەك بېزىگەن خەتچىلەر قومۇش قەلەملىرىنى
غىچىرلىتىپ ، ئالدىدىكى پاكار شىرەگە بۇرنى تېگىپ قالغۇدەك ئېگىشىپ ،
خېرىدارلىرىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئىخلاس بىلەن يېزىشماقتا ئىدى .
ئوردا ئالدىنىڭ دوقمۇشى تېخىمۇ ئاۋات بازار ئىدى . بوياقچىلار ،
سەكسەنخالتا نامى بىلەن مەشھۇر بولغان دورىچىلار قاتارى ئاشۇ يەردىن
باشلىنىپ ، ئۇنىڭ نېرىسى ئوڭ تەرەپكە ــ كەسكەنيار يولىغا ، سول تە-
رىپى تار ، تىقما - تىقماق دوپپا بازىرىغا قەدەر سوزۇلاتتى . قاتارنىڭ
بېشىدىكى ئانچە چوڭ بولمىغان بىر دۇكان ئىچىدە قىزىل شايىدىن سەللە
ئوراپ ، سەللىسىنىڭ ئۇچىنى پېشانىسىنىڭ چوققىسىغا تۈگۈپ ، ئاشۇ
تۈگۈنچەككە ئالتۇندىنمۇ ياكى ئالتۇن سۈيى يالىتىلغان مىستىنمۇ ، ئىشقى-
لىپ پارقىراپ كۆز چېقىپ تۇرىدىغان مېتالدىن نىشانە قادىۋالغان
قاتاگغۇر ، قارامتۇل ھىندى سودىگىرى بىلەن قىياپىتى ئۇنىڭ تەتۈرىچە
سېمىز ، پاكار ، دىقماق بوياق سودىگىرى ــ ئۇيغۇر ئەتراپتىكى مالىماندىن
خەۋىرى يوقتەك پەس ئاۋاز بىلەن يات بىر تىلدا سۆزلىشىپ
ئولتۇرۇشاتتى . دۇكاننىڭ ئۈستىگە ئېسىپ قويۇلغان تۈچ قونداقتا پاچە-
قىدىن زەنجىرلەپ قويۇلغان شاتۇتى گۇرۇلدەپ قايناپ تۇرىدىغان بازارغا
ئەلەڭ - سەلەڭ قارىسىمۇ ، ئاغزىدا توختىماستىن « قۇرئان » سۈرىلىرىنى
قىرائەت قىلاتتى .
مەن ئوردا ئالدى بىلەن چارسۇ بازىرىغا ئۆتكىلى بولمايدىغانلىقىنى
پەملەپ ، خامبازىرى ئارقىلىق مېڭىپ كەتتىم . ئاخىر قانداق نەتىجىلىنىشى



بىلەن كارىم بولمىغان ھالدا ئابلەھەت مىرزامنىڭ ــ بۇۋىسارەمنىڭ ھوي-
لىسىغا ئىككىنچى قېتىم كەلدىم . بۇ قېتىم دەرۋازىدىكى قوش قۇلۇپ يوق
ئىدى . ئۇ ئىچىدىن ھىم تاقالغان بولۇپ ، گويا مەن قاقسامىلا بۇۋىسارە
چىقىپ ئاچىدىغاندەك تۇراتتى .
بىر چۆگۈن چاي قاينىتىم ۋاقىت ئۆتكۈچە دەرۋازا قېقىپ ئاخىر
ئۈنۈمىنى كۆردۈم . بېشىغا ياغلىشىپ كەتكەن بادام دوپپا ، ئۈچىسىغا بوز-
دىن تىكىلگەن خالتا كۆڭلەك ، كۆك بويالغان سەگەزدىن تامبال كىيگەن ،
پۇتى يالاڭ ئاياغ ، كوسا ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئون ئۈچ - ئون تۆت ياشلار
ئۆپچۆرىسىدىكى بالىچىلىك بويى بار ، ئەمەلىيەتتە چېكە چاچلىرىدىكى ئاقا
ۋە كۆز چۆرىسىدىكى قورۇقلارغا قارىغاندا قىرىق - قىرىق بەش ياشلارغا
كىرگەن بىر كىشى دەرۋازىنىڭ ئوڭ قانىتىنى ئېچىپ ، بېشىمدىن ـ
ئايىغىمغىچە بىر نەزەر سېلىۋەتكەندىن كېيىن ئاچچىق بىلەن :
ــ كۈن ئولتۇراي دېگەندىمۇ سەدىقە تىلەپ كېلەمدىكەن ؟ باققال-
نىڭ ئالدىغا ياكى ئاشپۇزۇلغا بار ! ــ دېدى .
ئۇ دەرۋازىنى يېپىۋالاي دەپ بولغۇچە ئالدىراپ ئېغىز ئاچتىم :
ــ مەن ساھىل ئەمەس ، مىرزامغا بىر ئەرزىم بار ئىدى . . .
ــ قانداق مىرزا ؟ ــ ئۇنىڭ خۇنىسىز ، كىچىككىنە كۆزلىرى
چەكچەيدى ، ــ قايسى مىرزامنى دېمەكچى سەن ؟
ــ مۇشۇ قورۇنىڭ ئىگىسىچۇ ؟ قازىخانىنىڭ مىرزىسى ، ئابلەھەت
مىرزام . . .
ــ بۇ قورۇدا ئۇنداق ئادەم يوق . ئېزىپ قاپسىلە سەرايى ، ــ ئۇ
دەرۋازىنى ياپقىلى تۇردى .
مەن بۇ يەردىنمۇ نەتىجىسىز يانغۇم كەلمىدى . نەدىن كەلگەنلىكى
ئۆزۈمگىمۇ ئايان بولمىغان بىر جۈرئەت بىلەن دەرۋازىنىڭ يېپىلىۋاتقان
قانىتىغا ئېسىلىپ ، ئالدىراپ ئىلتىجا قىلدىم :
ــ خۇدا ھەققى ئالدىرىماي تۇرسىلا ، مەن بۇرۇن بىر دەۋا بىلەن
بۇ ھويلىغا نەچچە قېتىم كەلگەنىدىم . ئابلەھەت مىرزام بىلەنمۇ يۈز تۇرا
كۆرۈشكەن . . .

پاكار، كوسا كىشى ماڭا مەنسىتمەسلىك بىلەن يەنە بىر قېتىم نەزەر سېلىۋېتىپ، مېنى دەۋادىن كېيىن ھەپسىگە چۈشۈپ، ئەمدى بوشىنىپ چىققان كىشى كۆردىمۇ نېمە:

— قاچانقى گەپلەر ئۇ؟ — دەپ سورىدى.

مەن ئۆزۈمدىن سەل ئەنسىرىسەممۇ راستىمنى ئېيتتىم:

— ئون يىلنىڭ ئالدىدىكى ئىش ئىدى...

— سىلى ھەپسىدىن چىقىپسىلى-دە؟ — ئۇ جاۋابىمنى كۈتتى.

مەن جاۋاب بەرمەي تۇرىۋەرگىنىمدىن كېيىن، سەل-پەل ئىستىھزالىق ئاھاڭدا شۇنداق دېدى، — سىلى دېگەن ئۇ ئابلەت مىرزا شەرىئەتنى ئۆز رايىغا بېقىپ شەرھلەيدىغان قازىسى بىلەن تەڭ موللاق ئاتقىلى بەش يىل بولدى. بىر-ئىككى يىل كوسۇك ئېتەك غىڭشىپ، ئامبال بىلەن دوتەينىڭ ئايىغىدا يۈرۈپ بېقىپ، باش كۆتۈرۈشكە كۆزى يەتمەي نەگىدۇر يوقالدى. ئۇنىڭ بۇ ھويلىسىنى خوجايىنىم يامۇلدىن سېتىۋالغان... ئەرز شىكايىتىڭلا بولسا يامۇلغا يا قازىخانىغا بېرىڭلا...

— ئۇ نەگە كەتكەندۇ، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ خەۋىرىنى قانداق ئالغىلى بولار؟...

پاكار، كوسا «ھېلىمۇ كېرىكىدىن ئارتۇق سۆزلىۋەتتىم» دېگەندەك قىلىپ، تاتۇقتا ئوخشاپراق كېتىدىغان قانسىز لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرگىنىچە دەرۋازىنى كۈچ بىلەن ياپتى. ئىلتىجايىم جاۋابسىز قالدى.

تېخىمۇ روھىم چۈشكەن، ماغدۇرۇمنى يوقاتقان ھالدا كەينىمگە ياندىم. ئەڭ ئاخىرقى زەررىچىلىك ئۈمىدىممۇ شامالدا ئۇچقان توزاندەك غايىب بولغانىدى. شەھەردىن چىقىپ كېتىۋاتقىنىمدا، ئون يىلدىن بۇيان تارتقان غەم-ئەلەم، جاپا-مۇشەققەتلىرىمنىڭ ھەممىسى بىرتىيىنلىق قىممىتى يوق رىيازەت بولۇپ كۆرۈندى.

كېلىشكىنىمىز بويىچە خۇپتەن مەھەللىدە ئوسمان چۆپنىڭ سارىيىغا بارساممۇ ئۈلگۈرەتتىم. ئەمما، بارغىنىم بىلەن شاجۇمەنىڭ، مۇھەممەت ئاقچىنىڭ، چولپانخاننىڭ يۈزىگە قانداق قارىشىمنى بىلمەيتتىم. چۈنكى، ئاشۇلار مېنى دەپ شۇنچە كۈنلەردىن بېرى مېنىڭ كويۇمدا يۈرۈشەتتى.

تۆشۈك دەرۋازىدىن چىققاندا سول تەرەپتە يارلىقنىڭ ئاستىدا دەريا ساھىلى سۇسىزلىقتىن كەڭ، تۈز كەتكەن مەيدان ھاسىل قىلغانىدى. بۇ مەيدان ئېسىمنى بىلگەندىن تارتىپ چۆرىسىدىكى يىكەن، قومۇش ۋە ئۆزى ئۈنۈپ قالغان ھەر خىل ئوت-چۆپلەردىن تاشقىرى، شور ئۆرلەپ تۇرغان سەينا بولۇپ مال بازىرى، ئىت بازىرى، كەپتەر بازىرى ۋە ئوتۇن-ياغاچ بازىرىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. ئۇ يەر-بۇ يەردە ئۆسۈپ قالغان كۆرۈمسىز سېرىق سۆگەتلەرنىڭ سايىسىگە باققاللار، پۇلى يوق غېرىب-غۇرۋالار ئۈچۈن پىشۇرۇلغان ئەرزان باھالىق كوچا، ئۇماچ قاتارلىق تائاملارنى ساتىدىغان ئاشپەزلەر جايلاشقانىدى. بۇ ھالەت ھازىرمۇ شۇ پېتى تۇراتتى. سەينانىڭ بوش يەرلىرىدە شۇ تاپتا مەدداھلار سورۇن تۈزۈشكەن، ئۇلاردىن باشقا توخۇ سوقۇشتۇرىدىغان، ئىت تالاشتۇرىدىغان، كەكلىك چوقۇشتۇرىدىغانلار تۈزگەن دائىرىمۇ بار ئىدى. بۇنداق تالاشتۇرۇش ۋە سوقۇشتۇرۇشلار ئۈچۈن راسلىنىدىغان سورۇن بۇ يەردىن تاكى يارباغ دەرۋازىسىنىڭ تېشىغىچە سوزۇلغانىدى. ئىت، توخۇ، كەكلىك ۋە قوچقارلارنىڭ ئىگىلىرىدىن باشقا كۆرگۈچىلەر ئىچىدىمۇ ئىككى تەرەپ بولۇپ قىمار ئوينىغۇچىلار كۆپ بولاتتى. ئۇلارنىڭ پۇل تىككەندىن كېيىنكى خىرقىراشلىرى، جارقىراشلىرى، تىللاشلىرى كۆرگۈچىلەرنىڭ قىيا-چىيالىرىنىمۇ بېسىپ كېتەتتى. بۇ يەردە باغرى تاش ئادەملەر ھايۋانلارنىڭ ئازاب-ئوقۇبىتىگە پەرۋاسىزلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ كۆڭلىنى خۇش قىلىدۇ، دەپ ئويلاش خاتا، بۇ پەقەت بىرلا تەرەپ، ئەسلىدە ئۇلار كىشىلەرنىڭ ئىچىدىكى سادىدا، گول، خىيالپەرەسلەرنى بىر ئامال بىلەن باپلاپلا قالماي، ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرىنى بىر قېتىمدا بولمىسا ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى قېتىمدا چوقۇم ھالاكەتلىك يولغا باشلاپ بارىدىغان خەتەرلىك چاقچاق بىلەن مەشغۇل بولۇشاتتى.

مەن بۇرۇنمۇ قىمار خاراكتېرىنى ئالغان ھەرقانداق پۇل تىكىش ئويۇنلىرىغا ھەۋەس قىلمايدىغان، ئەمدىلىكتە، ھازىرقى ھالىتىم، ئەپتىم ۋە يانچۇقۇم بىلەن بۇنداق سورۇنلارغا بارالمايتتىم. شۇ تاپتا كۆڭلۈم پارا-

كەندە، ئىسىم جايىدا ئەمەس چاغدا، مېنى داۋازىنىڭ يۇقىرى ھۈنەر، پەم ۋە ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان ئويۇنىمۇ قىزىقتۇرالمىدى. جىسمانىي ھې-رىشتىن كۆرە روھىي چارچاشنىڭ تەسىرىدىن بوشىشىپ، باشقىلار يىقىن يولىمىغان، شاخ ۋە يوپۇرماقلىرى نېمىشقىدۇر سۇندۇرۇلۇپ چاتالغان، قالدىسىنى ئۇلاغ يەپ كۆتمەك قىلىپ قويۇلغان بىر تۇپ قېرى سۆگەتكە يۆلىنىپ، پۇتلىرىمنى ئۇزۇن سۇندۇم.

كۈن ئولتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. ئاخىرقى شەپەق ئېگىز باغلانغان دارنىڭ ئۈستىدىكى تاختىپەرنىنىڭ تۆت بۇرجىكىگە باغلاپ قويۇلغان قىزىل لاتىلارنىڭ بېتىدە سۇس تەۋرەنمەكتە ئىدى. ئاشۇ تەختىراۋاندا كەكە ساقال، ئېگىز بوي، قاتمال كەلگەن داۋاز قۇياش پېتىپ كېتىۋاتقان تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇماقتا ئىدى. ئۇ لىڭشىپ تۇرغان يالغۇز تانىغا دەسسەپ، يەردىن ئوتتۇز غۇلاچچە ئېگىز تاختىپەرىگە سالامەت چىقىشقا نېسىپ قىلغان ئاللاھقا شۈكرى سانا ئېيتىپ ۋە قايتىپ چۈشكۈچىلىك زەخمەت يېتىشتىن ساقلاش ھەققىدە تىلەك بىلدۈرۈپ، دۇئا قىلماقتا ئىدى. « مەنمۇ ئاشۇ داۋازغا ئوخشاش قىين، خەتەرلىك ھايات يولىنى بېسىپ، مۇشۇ مەزگىلگىچە كەپتىمەن. . . ، — دەپ ئويلايتتىم، — ئەمدى قانداق قىلىپ چۈشەي؟ داۋازغۇ بىر ئامالىنى قىلار، ماھارىتىنى ئىشلىتەر. . مەنچۇ؟ مەن چىقىپ قالغان تاختىپەرىدىن قولۇمغا قانداق بادرا تۇتسام، قايسى ھۈنەرنى ئىشلەتسەم چۈشەلەيمەن؟ . . . » ھايات مۇساپەمدە چىققان چېغىمدىمۇ، چۈشىدىغان ۋاقتىمدىمۇ پەقەت بۇۋىسارىدىن ئىبارەت بىرلا مەھبۇبەم ھەمراھ بولۇشى مۇمكىن ئىدى، ھا-زىر ئۇ يوق ئىدى!

خۇپتەنگە يېقىن ئوسمان چۆپنىڭ سارىيىغا قايتتىم. ئۇ يەردە ئۈچ ھەمراھىمنىڭ ھەممىسى بار ئىدى. چىرايىمغا قاراپلا ئۇلار بۈگۈنكى ھە-رىكىتىمنىڭ نەتىجىسىنى بىلىپ بولدى بولغاي، ھېچقايسىسى گەپ سورىمىدى. باشقا گەپلەردىنمۇ ئېغىز ئاچمىدى. پەقەت مۇھەممەت ئاقچى:

— ھەممەيلەن يىغىلىپ بولدۇق. تاماقلانساق بولار، — دەپ ئور-نىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى.



ئۇلار مېنى كۈتۈپلا ئولتۇرۇشقان بولسا كېرەك، مۇھەممەت ئاقچى قايتىپ كىرىپ ئولتۇرۇشىغىلا دىقماق، پاكار، پۇتلىرى تاشمايماق ياش ئاشپەز ئىككى قولىدا ئىككىدىن تۆت قاچا پېتىر مانتا كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. قورسىقىم ئاچ بولسىمۇ تاماققا زادى كۆڭلۈم تارتمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ چاندۇرماسلىق ئۈچۈنلا زورلىنىپ، بىر نەچچە مانتا يېدىم. دۇئادىن كېيىن شا جۇمە:

— بۈگۈن شەھەر تېشىدىكى بىر نەچچە خانىقالار بىلەن مازايى ـ ماشايىقلارنىڭ چۆرىسىنى ئايلىنىپ باقتىم. ئىشانلار ئۆزىنىڭ ھالقىسى بىلەن زىكرىدە، سوپىلار « ياھۇ ـ يامەنھۇ » لىرى بىلەن مەست ـ ئەلەست يۈرۈشۈپتۇ، گول ئادەملەر كەلگۈسى توغرىسىدا غەم ـ ئەندىشە قىلىپ، ئۇلارنىڭ دۇئاسىغا ئىشىنىپ پايپېتەك بولۇشۇۋېتىپتۇ. . . — دېدى.

— چولپانخان بىلەن ئىككىمىز سودىلىقىمىز بولمىسىمۇ بازار ئارىلىدۇق، — دېدى مۇھەممەت ئاقچى، — بىكاردىن بىكار بازار چۆر-گىلەشنىڭ ئۆزى بىر زۇلۇم ئىكەنغۇ ئادەمگە. . . ھېرىپ مادارىم قالمىدى.

چولپانخان ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئۈنسىز تەستىقلىدى ۋە ماڭا مۇلايىمغىنە قاراپ قويدى. ئىككىيلەننىڭ سۆزلىرى مېنى سۆزلەتكۈزۈش مەقسىتىدە دېيىلگىنىنى چۈشەندىم. ھەمراھلىرىمغا سىر بولمىغان ئىشقىي ماجىرايىمنىڭ بۈگۈنكى نەتىجىسىز قىسمىنى يوشۇرۇپ يۈرمەيلا ئېيتىپ بەردىم. مۇنداق قىلىش ماڭىمۇ ئاز ـ تولا يېنىكلىك بېرىدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

ئۈچەيلەن جىمجىت قۇلاق سېلىپ، مەن سۆزدىن توختىغاندىن كېيىن بىر ـ بىرىگە قاراپ قويۇشتى. سەل ئۆتكەندىن كېيىن مۇھەممەت ئاقچى بىلەن چولپانخان نەزەرىنى يەرگە تىكىلىپ ئولتۇرغان شا جۇمەگە قاراتتى. شا جۇمە ئۈچ كىشىنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇشىنى سەزدى، مەسلىھەت بېرىشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى بولغاي، ماڭا پەستىن قاراپ:

— خېنىملىرىنىڭ شەھەردە بار ـ يوقلۇقىنى بىلىپ باقساق بولارمىكىن؟ — دېدى ئېغىر تىنىپ، پۇشۇلداپ بىردەم ئولتۇرۇپ داۋام

قىلدى، — يادىمدا قېلىشىچە، قېيناتىلىرىنىڭ بۇچى دېگەن يۇرتتا بىر تۇرالغۇسى بار ئىدىغۇ؟

— شۇنداق، — تەستىقلىدىم.

— نەچچە ئون مىڭ ئادەم سىقىلىپ ياشاۋاتقان بۇ شەھەردە قېيناتىلىرىنىڭ، مەھبۇبىلىرىنىڭ دېرىكىنى قىلىش ھەقىقەتەن قىيىن. شۇڭا، بىز بۇچىغا چىقىپ سۈرۈشتۈرۈپ باقساق، — ئۇ يەنە بىر دەم جىمىپ كېتىپ شۇنداق دېدى، — مەن ئۇ يەرگە چىققان، قېيناتىلىرىنىڭ ۋاپات بولغىنىنىمۇ ئۇققانىدىم...

بۇنىڭدىن خەۋىرىم بارلىقىنى بىلدۈرۈپ باش لىڭشىتتىم، شا جۇمە بۇچىغا چىقىشىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندۈردى:

— ھازىر ئابلەت مىرزامنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى، مەھبۇبىلىرىنىڭمۇ نەدە ئىكەنلىكىنى شەھەردىن ئېنىقلاشنىڭ ئىمكانىيىتى بولمىغاندىكىن، بۇچىغا چىقايلى، يېمىش خېنىمنىڭ جەمەتلىرى ئىچىدە خېنىملىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى بىلىدىغانلار چىقىپ قالامسۇ؟

ماڭا بۇ تەكلىپ ياقتى. ئۇنداق قىلماي باشقا ئىلاجىمۇ يوق ئىدى. ئەتىسى سەھەردە شا جۇمە بىلەن مەن بۇچىغا ماڭىدىغان، مۇھەممەت ئاقچى بىلەن چولپانخان شەھەردە قالىدىغان بولۇپ كېلىشتۇق. ئۆزۈمچە بولسا، مەن مۇھەممەت ئاقچى بىلەن چولپانخانغا ئەمدى رەھمەت ئېيتىپ، ئۇلار ئۆز يوللىرىغا مېڭىشى لازىملىقى، مېنى دەپ ئاۋارە بولۇش ئوشۇقچە ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئېيتىپ باقايمىكىن دەپمۇ ئويلىدىم. لېكىن، مۇھەممەت ئاقچىنىڭ ماقۇل بولۇشىدىن ئۈمىد ئاز ئىدى.

يول يېقىن ئەمەس ئىدى، مۇھەممەت ئاقچى ھارۋا كىرا قىلىشنى تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، شا جۇمە رەت قىلدى. «بىز دىۋانە، دەرۋىشلەرمىز، شۇ قىياپەتتىرەك يول يۈرگىنىمىز ياخشى، ھارۋا بىزگە ياراشمايدۇ...» دېدى ئۇ. شاجۇمەنىڭ يېشى ۋە تەن سالامەتلىكىنى كۆزدە تۇتقاندا، ئۇزۇن يولنى پىيادە مېڭىشقا چىداشلىق بەرگەن ھالەتتىمۇ، ئۆزىنى ئالدۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن، ئۇ رەت قىلغانىكەن، قايىل قىلىش قىيىن ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، بوۋىسارىنىڭ



دېرىكىنى ئېلىشتا بىزگە دىۋانىلىك قىياپەت بىلەن پىيادە يۈرۈش ھارۋىدا ئولتۇرۇپ سۈرۈشتە قىلىشتىن ئەپلىكرەك ئىدى. شۇڭا، مەنمۇ شا جۇمەنىڭ پىكرىنى ياقلىدىم.

بىز كۆز قۇياشىنىڭ دەسلەپكى نۇرلىرى بىلەن بېزەلگەن توپىلىق يول بىلەن بۇچى سەپىرىگە ئاتلاندۇق. شا جۇمە ئىمكان بولسا كەچكىچە، بولمىسا كېچىلەپ بولسىمۇ قايتىپ كېلىدىغانلىقىمىزنى ئۇقتۇرۇپ قويۇپ ماڭدى. مۇھەممەت ئاقچى بىلەن چولپانخان شەھەر ئارىلىماقچى بولۇشتى. شا جۇمە بىر قېتىم بارغانلىقى ئۈچۈن يول بىلەتتى. تاڭ بىلەن تەڭ ئىچىۋالغان قايماق چاي ۋە بۇچىدا بوۋىسارىنىڭ دېرىكىنى ئالغىلى بولىدۇ دېگەن ئۈمىد بىزگە كۈچ بەرگەندەك، قەدەملىرىمىز چاققان ۋە تېتىك ئىدى. ئوشۇقچە، بەزىدە ئوشۇقتىنمۇ يۇقىرى كېلىدىغان يۇمشاق، مەيدە توپا ئىچىدە قەدەم بېسىش قانداقتۇر راھەت بىلىنەتتى.

شەھەردىن يىراقلىغانسېرى كەچ قېلىپ قونغان ۋە ئەمدى قايتىۋاتقان بازارچىلارنىڭ ئۇلاغ - ئۇلمەك، ھارۋا - پارۋىلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئاللىقانداق تار يوللىرىغا تاراپ، بارا - بارا بىز يالغۇز قالدۇق. مانا شۇ چاغدا شا جۇمە يولنى گەپ - سۆز بىلەن قىسقارتقۇسى كەلدىمۇ نېمە، ئىلھاملىنىپ پاراڭغا چۈشتى:

— سىلىنىڭ كەچمىشلىرى ئۈستىدە تالاي پىكىر يۈرگۈزدۈم. ئۆز ئەقىدەم ۋە نەزەرىيەمگە ئاساسلانسام، راستىنى ئېيتقاندا، بۇ ئالەمدە ئاللاھنىڭ ئىشقىدىن باشقا ئىشقىي - مۇھەببەت ماڭا غەلىتە، مەنىسىز، ھەتتا ئاۋارىچىلىكتەك تۇيۇلىدۇ. لېكىن، يەنە بىر جەھەتتىن، تىرىك ئىنسانغا بېرىلىش، ئۇنىڭغا سىلىگە ئوخشاش مەجنۇنلارچە ئىنتىلىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئەھمىيەتلىك پائالىيەت ئوخشايدۇ. سىلى كېيىنكى نەتىجە توغرىسىدا دائىم ئۈمىد بىلەن ئۆتتىلە، غەم قىلمىدىلا، مەھبۇبىلىرىنىڭمۇ ئاشۇنداق ئەقىدە بىلەن سىلىنى كۈتۈۋاتقىنىغا شەكلەنمىدىلە، مەن توغرا چۈشەنگەندەك تۇرامدىمەن؟

— توغرا، مەن ئاشۇنداق قارايمەن، — ئىككىلەنمەي جاۋاب بەردىم، — سىلىنىڭ چۈشەنچىلىرىنىمۇ يۈزدە يۈز توغرا دەپ قارايمەن.

— بۇ ئالەمدە مۇتلەقلىق، يۈزدە يۈزلۈك مەۋجۇت بولمايدۇ، — شا جۇمە پىكرىمنى سىلىق رەت قىلدى، — ئاللاھتائالا روھى زېمىننى، يەتتە ئاسمانىنى ياراتقاندا مۇنداق بىر قائىدىگە سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى ئىنساننىڭ مەنۋىيىتىدىن يوشۇرمىغان: ئالەمنىڭ ئۆزى، ئۇنىڭدىكى جىمى جانلىق ۋە جانسىز مەۋجۇداتلار ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدىكى كەمتۈكلۈككە ئىگە، نېمىدۇر يېرىم ۋە چالا، يەنە نېمىدۇر تاكامۇللاشمىغان، يېتىلمىگەن بولىدۇ. ئىنساننىڭ ئۆزىمۇ مۇكەممەللەشمىگەن، ھەتتا ئۇنىڭ ئېڭىمۇ مۇكەممەللىك، تاكامۇللىشىش چېكىگە ئەبەدىي يېتەلمەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى نەدە؟ ئاللاھ بۇنىڭغا قارىمۇ قارشى بىر چۈشەنچىنى ئوتتۇرىغا قويغان. يەنى، بىزنىڭ چۈشەنچىمىزدىكى بۇ دۇنيا ياكى ئۇ دۇنيادا بولسۇن، بىزگە مەلۇم بولغان مۇكەممەللەشمەسلىك، تاكامۇللاشماسلىق، كەمتۈكلۈك، يېتىلمىگەنلىككە قارىمۇ قارشى ھالدا بىر مۇكەممەللىك، تاكامۇللۇق، تولۇقلۇق ۋە يېتىكلىك بار. ئىنسان بۇ مۇكەممەللىك، تاكامۇللۇق، تولۇقلۇق ۋە يېتىكلىككە ھارماي ـ تالماي ئىنتىلىدۇ، ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ئادەم بىنا بولغاندىن تارتىپ شۇنداق ئىدى، تا ئەبەدىي شۇنداق بولۇپ قالىدۇ. ئەمما، ئۇ ئېرىشەلمەيدۇ، يېتەلمەيدۇ، قولغا كەلتۈرەلمەيدۇ. چۈنكى، بۇ مۇكەممەللىك، تاكامۇللۇق، تولۇقلۇق ۋە يېتىكلىك ئۇ بىر ۋە يەككە ـ يېگانە ئاللاھنىڭ ئۆزىدۇر. جىمى مەۋجۇدات ئۆزگىرىدۇ، ئۇ شەكىلدىن بۇ شەكىلگە، ئۇنداق ھالەتتىن بۇنداق ھالەتكە، بىز بىلىدىغان جىسىم تۈرىدىن بەزىسىنى بىز بىلىدىغان، بەزىسىنى بىز بىلمەيدىغان ياكى بىلەلمەيدىغان يەنە بىر جىسىم تۈرىگە ئۆزگىرىدۇ، ئايلىنىدۇ، دەۋر قىلىدۇ. بۇنىڭغا قارىمۇ قارشى ھالدا تۇرىدىغىنى ئۆزگەرمەسلىك، ئايلانماسلىق ۋە مۇئەللەقلىقتۇر. بۇ يەردىكى ئۆزگەرمەيدىغىنى، ئايلانمايدىغىنى ۋە مۇئەللەق تۇرىدىغىنى — ئۇ يەنىلا شۇ ئاللاھتۇر...

شا جۇمەنىڭ پەلسەپىسى ماڭا يېڭىلىق ئەمەس ئىدى. مۇشۇلار ھەققىدە ئۇ بىر چاغلاردا كۆپ سۆزلەيتتى. توغرا، ئۇ سۆزلىگەندە مەلۇم كۆز قارىشىنى بىرلا نۇقتا، بىرلا تەرەپتىن شەرھلەپ، بايانى جەھەتتە



يادۇرمىلاپ تەكرارلىمايتتى. ئۇ ھەر قېتىم سۆزلىگەندە ئۆزىگە يېڭى تېما، يېڭى بايانىي ئۇسۇل ۋە ئوخشىمىغان نۇقتا تاللىۋالاتتى. لېكىن، ئەستايىدىل پىكىر يۈرگۈزۈپ ئويلانغاندا چىقىرىلىدىغان يەكۈن، ئېرىشىلىدىغان خۇلاسىدە بىردەكلىك، ئوخشاشلىق مەيدانغا كېلەتتى. مېنى شۇ تاپتا ئەجەبلەندۈرگىنى، ئۇزاق يىللاردىن بۇيان دېيەرلىك، بىز تونۇشۇپ، مەن ئۇنىڭ نۇتۇقلىرىنى تۈگەل ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ھايات مۇلاھىزىلىرىنى نەزەرىيە جەھەتتىن زىكرى قىلىشنى توختىتىپ، پەقەت ئەمەلىيەتتە ئۇچراتقانلىرىغىلا باھا بېرىدىغان بولۇپ قالغان شا جۇمەنىڭ ئەمدى يېڭىباشتىن پەلسەپىۋى مۇھاكىمىگە كىرىشكەنلىكى ئىدى. ئىچىمدە ئويلىغىنىم بىلەن ئاغزىمدىن: «ماڭا ھازىر كېرىكى، ئېيى ھۆرمەتلىك ئاتا، مۇتلەقلىق ۋە نىسپىيلىك ھەققىدىكى نەزەرىيە ئەمەس، ماڭا قارىمۇ قارشىلىق ۋە ئۇنىڭغا ھەمىشەم ئەبەدىي روبىرو تۇرىدىغان بىردەكلىكمۇ زۆرۈر ئەمەس، مەن بۇۋىسارەمنىڭ ۋەسلىگە يېتەلمەسلىكتەك ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان، ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان دەرد ـ ئەلەمگە قالدىم، ماڭا مۇشۇ ھەقتە كۆڭۈل ئاۋۇتىدىغان گەپ ـ سۆزلەر، پىلانلار، تەسەللىلەر بولسا ئېيتىپ بەرسىلە... ئەگەر ئۇ بولمىسا — ئۇنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەستەكمۇ تۇرىدۇ — جىم ماڭايلى، جىم مېڭىش غەمنى ئاۋۇتىدۇ، كۆڭۈلنى يېرىم قىلىدۇ، دېسىلىرى باشقا گەپ ـ سۆزلەرنى، مەسىلەن، ھاۋا رايى، زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشى ياكى بولمىسا قايسى شەھەرلەرنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكى ۋە پەرقى بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى گەپ ـ سۆزلەرنى قىلىشايلى...» دېگەندەك سۆزلەرنى چىقىرالمايتتىم.

ھېچنېمە دېمىگەن بولسامۇ سەزگۈر شا جۇمە بېرىلىپ قۇلاق سالمايۋاتقانلىقىمنى تۇيۇپ قالدى بولغاي، ئۈنىنى كۆتۈرۈپ، مۇددىئاسىنى بايان قىلىشقا ئۆتتى:

— تۈنۈگۈندىن بېرى ئوي ـ خىياللىرىنىڭ تېگىگە شۇڭغۇپ يەتتىم دېيەلمىسەممۇ، ئاز ـ تولا پەم ئەتتىم، — دېدى ئۇ ۋە ئەمدى سۆزلىرىگە بېرىلىپ قۇلاق سېلىۋاتقىنىمنى كۆرۈپ داۋام قىلدى، — مېنىڭ باياتىندىن بېرى گەپنى تولىمۇ يىراقتىن باشلاپ كېلىشىمنىڭ

سەۋەبى شۇكى، كىشى ھەر سائەت، ھەر مىنۇت كەلگۈسىدە روي بېرىشى مۇمكىن بولىدىغان ئۆزگىرىشكە تەييار ھالەتتە تۇرۇشى لازىم. بۇنداق ئۆزگىرىش خۇشاللىق، ئوڭۇشلۇق قىياپىتىدە كېلىشىمۇ، خاپىلىق دەرد ـ ئەلەم سىياقىدا كېلىشىمۇ، ھەتتا ئىشتىن ئاۋۋال ئەمەس، ئىشتىن كېيىن ئاڭلىغان ياكى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە ئىنسان چىدىشى مۇمكىن بولمايدىغانداك تويۇلىدىغان خاپىلىق، بەختسىزلىك سۈپىتىدە كېلىشىمۇ مۇمكىن. مۇبادا ئىنسان ئىككى ئۇنداققىمۇ، بۇنداققىمۇ تەييارلانغان ھالەتتە ئۆزىنى چېنىقتۇرسا ــ تەكرارلايمەن، تەييارلىنىشلا كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى چېنىقتۇرسا ــ بۇ ئالەمدىكى جىمى خۇشاللىقمۇ، خاپىلىقمۇ، ھەتتا كىشىلەر تەرىپىدىن ھاياتنىڭ ئاخىرلىشىشى، ھەممىنىڭ خۇلاسىلىنىشى دەپ چۈشىنىلىۋاتقان ئۆلۈممۇ ئەرزىمىگەن، كۆڭۈل بېرىپ ئاۋارە بولغۇچىلىكى يوق بىر نەرسە بولۇپ تۇيۇلىدۇ، قورققۇچىلىكىمۇ، خۇشال بولۇپ كەتكۈچىلىكىمۇ ياكى غەم ـ ئەندىشىگە چۆكۈپ كەتكۈچىلىكىمۇ يوق بىلىنىدۇ. مۇتلەقلىق ۋە نىسپىيلىك توغرىسىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشۇمنىڭ مېغىزى شۇ يەردە. قايتا قەيت قىلىشىم مۇمكىنكى، كۆڭۈلنىڭ ئادەم بىلەلەيدىغان ـ بىلەلمەيدىغان تۇيغۇسىدىن تارتىپ، ۋاستىلىك ۋە بىۋاستە سېزىمىغىچە، تۇتقىلى، كۆرگىلى، ئاڭلىغىلى، ھېس قىلغىلى، قىياس قىلغىلى بولىدىغان بارلىقلىقتىن تارتىپ، شۇلارنىڭ بارنىڭ ئەكسى بولغان يوقلۇقلىقىچە بولغان ھەممىنىۋا نەرسە نىسپىيلىكتۇر...

ئۇنىڭ بۇ پەلسەپە ئارقىلىق ئېڭىمغا سىڭدۈرمەكچى بولۇۋاتقان چۈشەنچىلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىپ بولدۇم. ئۇ دېمەكچى بولغىنىنى دېيەلمەي قىينىلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ قەلبى ئۇنىڭغا «دېگىن» دەيتتى، ئاغزى بولسا سىرتقا چىقىرالمايۋاتاتتى. ئۇ مېنى بۆۋىسارىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ئالالمىغان ۋە شۇنىڭدىن كېيىن تاپالماي قالىدىغان ئەھۋال يۈز بېرىپ قالسا، بۇنداق ئەھۋالغا توغرا قاراش ئۈچۈن تەربىيىلەۋاتاتتى. ئۇ توغرا قىلىۋاتاتتى. مۇنداقلا ئاڭلىماققا رېئاللىقتا تۇرۇپ رېئاللىقتىن ئۆزىنى ئېپقېچىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان بۇ نەزەرىيە، ھايات ياشاۋاتقان تۇرۇق-



لۇق ئۆزىنى ھاياتتىن سىرتتا تۇرغۇچى، ئۇنى كۆزەتكۈچى، دەپ قاراشقا ئۆگىتىدىغان بۇ پەلسەپىنى مەندەك ھالەتتە تۇرۇۋاتقان كىشىگە پايدىلىق ئەمەس دېيىشكە بولمايتتى. ئۇنىڭ ھېچ پايدىسى بولمىغاندىمۇ زىيىنى يوق ئىدى. مەن تەييارلىقىم بار دېيەلمەيتتىم، «چېنىقىش» توغرىسىدا سۆز بولۇش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى! مەيلى شا جۇمە بۇنداق تەييارلىق ۋە چېنىقىش ئۈستىدە يىللاپ سۆزلىسۇن، بۆۋىسارىدىن مەھرۇم بولۇشنى ئېڭىم ئۆزىگە سىغدۇرالمايتتى. ۋۇجۇدۇم قوبۇل قىلالمايتتى. «ئىشتىن كېيىن» نەدىكى گەپ؟ شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا، شا جۇمە ناھايىتى ئۇزاقتا تۇرۇپ بۇنىڭ ئىچىدىكى ھەرخىل ئېھتىماللىقنى پۇرىتىشقا ئۇرۇنۇۋاتقىنىدىلا پۇت ـ قولۇمدا ماغدۇرۇم كېمىيىپ، پىكىرلىرىم تۇتۇقلىشىشقا باشلاۋاتاتتى.

شا جۇمە ئۇ ئېيتقان پىكىرلەرنى قانداق قوبۇل قىلغىنىم ۋە قانچىلىك ھەزىم قىلغىنىمنى سورىمىدى. مەنمۇ مەيلى راستتىن ياكى ئۇنىڭ ھۆرمىتى ۋە كۆڭلى ئۈچۈن دەپ يالغان گەپ قىلمىدىم. ئىككىمىز بۇچىغا ئۇ پەرەز قىلغىنىدىن خېلىلا كېچىكىپ، ئۈنچىقماي كىرىپ باردۇق. بۇنىڭغا روھسىزلىقىم تۈپەيلىدىن مېڭىشىمنىڭ ئاستىلاپ كەتكەنلىكى سەۋەب بولدى.

بىر چاغلاردا، قەشقەردە بايۋەچچە بولۇپ يۈرگەنلىرىمدە بۇچى دېگەن يېزا نامى ماڭا مەلۇملۇق ئىدى. باققاللار بۇچىنىڭ قوغۇن ـ تاۋۇز، ئۈزۈم ـ شاپتۇللىرىنى ماختاپ ساتاتتى، كۆكتاتچىلار بۇچىنىڭ چامغۇرىنى قويغان ئۆپكىگە ئوخشىتىپ داڭلايتتى. بۇچى قانچىلىك چوڭلۇقتىكى يېزا، كۆجۈم ياكى ئەمەسلىكى توغرىسىدا بەش ـ ئالتە يىلچە ئىلگىرى شاجۇمە سۆزلەپ بەرگەندىلا ئەستايىدىل قۇلاق بەرگەنىدىم. ئەستايىدىللىقىممۇ بۆۋىسارىغا ئالاقىسى بولغانلىقتىن ئىدى. ھازىر بۇچىغا كەلگىنىمىزدە، شاجۇمە: «مانا مۇشۇ بۇچىنىڭ بازىرى» دېگىنىدە، بۇ يېزا قەشقەردىكى ئاۋات ـ كۆجۈم يېزىلاردىن ھېچنېمىسى بىلەن ئۈستۈن ئەمەسلىكىگە دىققەت قىلدىم. ھۆسنى، كۆجۈملۈكى، باغ ۋە ئېتىزلىرى بەشكېرەم، سەمەن، قوغان، شامالباغ ۋە دۆلەتباغدەك شەھەر ئەتراپىدىكى

يېزىلارغا يەتمەيتتى. بىراق، ماڭا بۇ يېزا بوۋىسارىنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئېلىشقا سەۋەبچى بولغانلىقتىن، مەن بىلىدىغان ھەممە يېزىلاردىن، بەلكى مەن بىلىدىغان، ئىسمىنى ئاڭلىغانلا ئەمەس، بىلمەيدىغان، ئاڭلىمىغان بارلىق يېزىلاردىن قىممەتلىك ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يىغقاندىمۇ بۇچىغا يەتمەيتتى.

بىز نامى بازار دېيىلگىنى بىلەن بازارغا خاس ئالاھىدىلىكى يوق بىر ناۋايخانا، بىر تاقىچىنىڭ دۇكىنى ۋە چايخانا ئورۇنلاشقان تۆت كوچىنىڭ توغىنىدىن ئۆتتۇق. كۈن چۈش بولۇپ قالغاچقىمۇ يوللاردا ئادەم يوق ئىدى. كەچكۈزنىڭ قوناق پىشۇرىدىغان دىمىقى ئۆتۈپ كەتكەن، شۇنداقتىمۇ كۈن ئوبدانلا ئىسسىتىپ، دوللارنى قورۇپ تەر چىقىراتتى. شاجۇمە مېنى باشلاپ يولدىن تار، ئىككى تەرىپى قويۇق جىگدىلىك، قۇمساز بىر ئارىلىقتىن يۈردى. بىرەر يۈز قەدەمدىن ئارتۇقراق مېڭىپ، ئۈچ - تۆت مو كەلگۈدەك، ئۈجمىلا تىكىلگەن بىر دائىرىگە كىردۇق. ئاندىن سولغا بۇرۇلۇپ، ئىككى تەرىپىگە ئېرىق چېپىلىپ، ئۈچ تەرىپىگە تېرەك، تېشىغا جىگدە قويۇلغان، كۈن چۈشمەيدىغان، شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، سۇ سېپىلگەندەك نەمخۇش تۇرغان يولغا چىقتۇق. يولنىڭ نېرىقى چېتى توققۇز پاخشىلىق ئەنجان تام بىلەن ئورالغان بىر ھويلىغا تاقىلاتتى.

— يېمىش خېنىمنىڭ ھويلىسى...، — دېدى شاجۇمە پەس ئاۋازدا.

ھايال ئۆتمەي ئۇ كۆزى بىلەن ئىشارەت قىلغان ھويلىنىڭ ئالدىدىكى بىر مو كەلگۈدەك سەيناغا چىقتۇق. ئەمدى ھويلىنى سىرتتىن ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. ھويلىنىڭ دەرۋازىسى ئىككى قاناتلىق، ئىككى ئاتلىق ھارۋا بىمالال كىرىپ - چىقالىغۇدەك كەڭلىكتە چوڭ ۋە ئېگىز ئىدى. دەرۋازا قېلىن شاللاردىن كىرىشتۇرۇلۇپ ياسالغان، ئىككى يەردىن توغرىسىغا چەمبەر قېقىلىپ، مۇشتۇمدىن كىچىكرەك يۇملاق مىخ گۈلگە ئوخشىتىلىپ قېقىلغان، ئىككى قاناتقا ئۇدۇل تۆمۈر ھالقا بېكىتىلگەنىدى. دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تار، كىچىك سۇپىچاق بار ئىدى. ئەنجان



تېمىنىڭ سىرتىغا شۇ سۇپىچاقتىن باشلاپ، نېرىسىغا قاتارلاشتۇرۇپ تېرەك قويۇلغانىدى. تام ئېگىز بولسىمۇ دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدىن گۈلدار خىشلاردىن نەقىش چىقىرىلىپ ياسالغان مەنزىرىنىڭ يېرىمى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇلارغا قاراپ، بۇ ھويلا بۇچىدىكى خېلىلا ھاللىق باي ئائىلىسىگە مەنسۇپ، دېگەن تونۇشقا كەلگىلى بولاتتى.

— خېنىملىرىنىڭ دېرىكىنى قانداق ئالىمىز؟ — سورىدى شاجۇمە قەدىمىنى توختىتىپ. ئۇ شۇ سۆزلەرنى دېگەندە ماڭا ئەمەس، دەرۋازىغا تىكىلگەنىدى.

ماڭا بوۋىسارە گويا مۇشۇ ھويلىدا، ئاشۇ دەرۋازىنىڭ ئىچىدە باردەكلا تۇيۇلۇپ كەتتى. يۈرىكىم دۈپۈلدەپ ئۇرغان، ئىچىمدە بىر نەرسە تىپىرلاۋاتقاندەك ھاياجانلانغان ھالدا:

— ئۆزىمىزنىڭ يولى بويىچە ئىزدەپ باقارمىز... — دېدىم.

شاجۇمە گەپ - سۆز قىلمايلا دەرۋازىغا قاراپ ماڭدى، مەنمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشتىم ئۇ دەرۋازىنىڭ ئالدىدا توختاپ، گېلىنى قىرىپ قويدى ۋە شۇنداق بولسىمۇ خىرىلداپ چىقىدىغان ئاۋاز بىلەن:

كەلدىم ئىشىكىڭگە، ھەق، شەھىدۇئىللاھ،
سىغىندىم مەدەتكار بولار دەپ ئاللاھ،

دەپ ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئاخىرىغا تىترەك ئاۋازىم بىلەن مەنمۇ قوشۇلۇپ، ئېيتىشقا باشلىدىم:

تىلىمەك ئەمەستۇر مەقسىتىم دۇنيا،
ئەرزىمنى ئاڭلىساڭ بەس، ئىللاھ - بىللاھ.
كۆرسەتكىن جامالىڭ، ئاچقىن پەرەنجە،
قىلغىن مەن غېرىبنى ئالەمگە چوڭ شاھ...

مۇئەللىپى نامەلۇم بولسىمۇ دەرۋىشلەر تىلەمچىلىك قىلغاندا ساپايە سوقۇپ ئېيتىدىغان بۇ بېيتلەرنى ياندۇرمىلاپ تەكرارلىغاندا، يۈرىكىم ئويناپ كې-

تىۋاتقىنىنى سېزەتتىم. چۈنكى، ئۇنىڭ مەزمۇنى شۇ تاپتىكى ئەھۋالىمغا ۋە مەنىۋى ھېسسىياتىمغا ئاجايىپ ماس كەلگەنىدى.

بىرگە ئىتلارنىڭ ھاۋشىشى جاۋاب بولدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا يەرنى قاتتىق باسقان قەدەم ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئارقىدىنلا دەرۋازىنىڭ بىر قانىتى قىيا ئېچىلدى. ئورۇق، ساقاللىق، كۆزلىرىنى قېشى يېپىپ تۇرغان، ئىمكەشرەك كۆك شاپاق دوپپا كىيگەن، ئەللىك ياشلاردىكى بىر كىشىنىڭ بېشىلا كۆرۈنۈپ:

— چۈش - پېشىندە تىلەيدىغان قانداق قائىدىسىز دىۋانىلەر - سىلەر؟ — دېدى زەردە بىلەن. ئۇ «ش» تاۋۇشىنى تەلەپپۇز قىلغاندا كوماك چىشلىرى ئارىسىدىن شامال چىققاندەك تەسىر بېرەتتى، — بازارغا بېرىش ھارامزادىلەر، بولمىسا ئىتلارنى قويۇۋېتىمەن...

گەپ تۈگەر - تۈگىمەيلا دەرۋازا «گۈم» قىلىپ يېپىلدى، لوكىدان سېلىنىغان ئاۋاز ئاڭلاندى، قەدەم ئاۋازى يىراقلاشتى. ئەمما، ئىتلارنىڭ غىڭشىشى بېسىقمىدى. شا جۈمە ئۈن - تىنسىز ماڭا قاراپ بىردەمدىن كېيىن:

— قانداق قىلدۇق؟ — دېدى.

قانداق قىلىشنى مەنمۇ بىلمەيتتىم. باياتىن دەرۋازىنىڭ يېپىلغان چاغدىكى ئاۋازى بىلەن «جىغ» قىلىپ كەتكەن يۈرىكىم ھېلىغىچە ئەنسىز سوقماقتا ئىدى.

— بۇلارنىڭ، — شا جۈمە ھويلىنى بېشى بىلەن ئىشارە قىلدى، — چاكار - خىزمەتكارلىرى ئارقىلىق سۈرۈشتۈرۈپ باقساق قانداق؟ بۇرۇنمۇ مەن ئاشۇنداق چارىنى قوللانغانىدىم...

بېشىمنى لىڭشىتتىم. شا جۈمەمۇ مەندىن باشقا تەكلىپ چىقىشنى كۈتمەيتتى. ئۇ مېنى باشلاپ، ئەنجان تېمىنى ياقىلاپ چېپىلغان سۇسىز ئېرىقنى بويلاپ يول ئالدى. بىز كۈنپېتىش تەرەپكە مېڭىپ، ھويلىنىڭ دوقمۇشىغا كەلدۇق. ئالدىمىز قونىقى ئورۇۋېلىنغان توپتوز ئېتىزلىق ئىدى. ئېتىز قىرىدىن سەل مېڭىۋېدۇق، ئالدىمىزدا باغ كۆرۈندى. باغنىڭ تېمى ھويلىنىڭ تېمى بىلەن تۇتاش، ئەمما، ئۈچ پاخشى كەم، ئالتە



پاخشىلىق ئىدى. تامنىڭ ئۈستىدىن مېۋىسى تۈگىگەن ئۈرۈك، شاپتۇللارنىڭ ئۇچى كۆرۈنەتتى. شۇلارنىڭ قاتارىدا ئەمدىلەتىن شىرە يىغىۋاتقان، كەچ كۈزدە پىشىدىغان ئەتىشاپتۇل بىلەن تولۇپ سارغىيىۋاتقان بېھى ۋە ئالمىلارمۇ كۆرۈنەتتى. بۇ بايىقى ھويلىنىڭ كەيندىكى، شۇلارغا تەۋە باغ ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى. شا جۈمەمۇ:

— يېمىش خېنىمنىڭ بېغى، — دەپ تونۇشتۇردى.

باغنىڭ كەينى ئوتتۇز موچە كەلگۈدەك قوغۇنلۇق ئىدى. پىلەكلەر قۇرۇشقا باشلىغان بولسىمۇ ئۈزۈپ ئېلىنمىغان تەكىيدەك - تەكىيدەك چوڭلۇقتىكى قىشلىق قوغۇنلار سايدىكى تاشلاردەك ئوچۇق كۆرۈنەتتى. قوغۇنلار تولىسى ساپىقىدا تۇرغۇزۇپلا تىكلەپ قويۇلغان بولۇپ، زەي يەپ زىندە بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئاشۇنداق تۈجۈپلەنگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

— ئازراق ئاۋارە بولىدىغان ئوخشايمىز...، — دېدى شاجۈمە قوغۇنلۇق بىلەن ئورۇلغان قوناقلىق ئارىلىقىدىكى ساتمىنى ئىشارەت قىلىپ، — قوغۇن ساقلايدىغانلاردىن سۈرۈشتۈرۈپ باقايلى.

ساتما يەرگە مىختا قېقىلغان تۆت كۆتەكنىڭ ئۈستىگە تاختاي ۋە بادرىلاردىن ياسالغانىدى. قوغۇن ۋە كاۋىنىڭ پىلەكلىرى بىلەن ئورالغان ساتمىدا يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان، ئۈستىگە مازلىرى تىتىلىپ چىقىپ تۇرغان ئۇزۇن پاختىلىق چەكمەن كىيىپ، بېلىنى پىچانلار بىلەن باغلىۋالغان بىر بوۋاي ئولتۇراتتى. ئۇ بىزگە يىراقتىنلا نەزەر سېلىپ تۇرغان بولسا كېرەك، يېقىنلاپ كېلىپ سالام بەرگۈچى ئاۋۋال سوراپ قالدى:

— بۇ يەر يول ئەمەستىغۇ دىۋانىخانىلار، سەپەر قاياققا؟

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — دېدى شا جۈمە ساتمىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — ئۆزلىرىگە خۇدا تەن ساقلىق، قوغۇنلارغا شېكەر تەمى بىلەن مول - ھوسۇل ئاتا قىلغاي!

بوۋاي «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دېدى - دە، شاجۈمەنىڭ تىلىكىنىڭ داۋامىغا پوزىتسىيە بىلدۈرمەيلا ساتمىدىن پەسكە چۈشتى. ئۇنىڭ

يەڭگىل، چاققان ھەرىكىتى يېشىغا ئازراقمۇ مۇناسىپ كەلمەيتتى. يالاڭ ئاياغ پۇتلىرى يەرنى مەزمۇت دەسسەيتتى. ئورۇقلىقىدىن قوناق شېخىغا ئوخشاپ قالغان بارماقلىرى قۇۋۋەتلىك بولۇپ، ساتمىنىڭ بادرىلىرىنى مەھكەم قاماپ تۇتقانىدى.

— قوغۇنلارغا ھوسۇل، بەرىكەت تىلىگەچ كېتەيلى، دەپ كەلدۇق، — دېدى شاجۇمە تەكرارلاپ.

— قۇرۇپ كەتسۇن بۇ قوغۇنلار، ئۇلار خوجايىنىغا تەۋە، — دېدى بوۋاي كىمگىدۇر ئاچچىق قىلىپ، — پېقىر بۇ يەردە قارانچۇق. قوغۇن يەمسىلەر؟ — ئۇ توساتتىن تەكلىپ قىلدى.

— ئىلتىپاتلىرى...

بوۋاي قوناقلىق تەرەپتىن بىر سۇپرا كەڭلىكىدىكى يەرنى يالىڭياغ پۇتلىرى بىلەن سىيلاپ، كىچىك بىر دائىرە ياسىدى. مەن شاجۇمەنىڭ كەينىدىن ئاشۇ دائىرىگە بېرىپ يۈكىنىپ ئولتۇردۇم بوۋاي ساتمىنىڭ ئىچىدىن قۇش ئالىقانچىلىك چوڭلۇقتىكى تۈكلىرى چۈشۈپ كەتكەن بىر تېرىنى ئېلىپ سالدى. بۇنىسىنىڭ داستىخان ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىش مۇمكىن ئىدى. ساتمىنىڭ تېگىدە قوغۇنلار قاتار - قاتار تىزىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ نېمىشقا بالدۇر ئۈزۈلگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى.

بوۋاي تاللىمايلا قولىغا يېقىن قوغۇندىن بىر ئالدى، ساتمىغا قول ئۇزىتىپ ھۆل تۇرغان پىچاقنى ئېلىپ، قوغۇننى پىچىشقا باشلىدى.

— سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردىراق يېرىم زاغرام بار ئىدى، يەپ قويۇپتىمەن، قۇرق قوغۇن بولسىمۇ يېقىڭلار، — دېدى بوۋاي.

سۆزلىرىدىن بوۋاينىڭ كۆڭلى يۇمشاق ئادەم ئىكەنلىكىنى پەملىدىم. قارىغاندا ئۇ ئارقىلىق ئۆزىمىزگە كېرەكلىك خەۋەرگە ئېرىشەلەيدىغاندەك تۇراتتۇق.

— ئۆزلىرى بىر تىلىم ئېلىپ باشلاپ بەرسىلە...، — دېدى شاجۇمە تەكەللۇپ بىلەن.

— بەھۇزۇر يېقىۋېرىڭلار، — بوۋاي ساتمىغا قول ئۇزىتىپ، يېرىمى يونۇپ يېيىلگەن بىر كاسا قوغۇننى ئالدى، — بىمالال يەۋېرىڭلا،



ماڭا مۇنۇ ئۆزۈمنىڭ يېتىدۇ.

قوغۇن سوغۇق، تاتلىق، گۆشى سەل قاتتىقراق ئىدى. قىشلىق قوغۇنلار ئاشۇنداق بولاتتى. كەچكۈزنىڭ ئاپتىپىنى يېسە، ئاندىن مۇۋاپىق ھارارەت بىلەن ساقلانسا، گۆشى تاكى شاپىقى قەغەزچىلىك نېپىزلىغانغا قەدەر يۇمشاپ باراتتى.

قوغۇن يەپ ئولتۇرغۇچە شا جۇمە قوغۇنلارنىڭ كىمگە قاراشلىق ئىكەنلىكى، ھويلا باغنىڭ ئىگىسى توغرىسىدا چاندۇرماي سوراشتۇردى. بوۋاي تارتىنمايلا جاۋاب بەردى: ھويلا، باغ، قوغۇنلۇق ۋە ئەتراپتىكى قوناقلىقلارنىڭ ھەممىسى، يەنە قايسىبىر توقايدىكى يەرلەر، ئالىلىقانداق ئۆستەڭنىڭ ئايىغىدىكى بېدىلىكلەر بىرلا ئادەمنىڭ بولۇپ بۇ خوجايىنىنىڭ ئىسمى ھېكىم ياپسا ئىكەن. «ياپسا» ئادەم ئىسمى بولماي لەقەم ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى. بوۋاي سۆز ئۇرانىدىن ۋە خوجايىنىنىڭ لەقىمىنى قوشۇپ ئاتىغىنىدىن قارىغاندا، ھېكىم ئاتلىق بۇ ئادەمنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلىشكە بولاتتى. ئۇ خوجايىنى توغرۇلۇق گەپ قىلغاندا كىرپىكسىز كۆزلىرىنى ئاچچىق بىلەن قىساتتى، ئورۇق، قىرىلمىغان ئاق ساقاللىق يۈزىنىڭ مۇسكۇللىرى تارتىشىپ، قانسىز نېپىز لىۋىنى ھىمىرىپ - ھىمىرىپ قوياتتى. ئۇ كىملىكىمىزگە قىزىقمىغان بولسىمۇ، شاجۇمە گەپ ئارىلىقىدا ئۆزىمىزنىڭ يۇرت كېزەر دەرۋىشلەردىن ئىكەنلىكىمىزنى، بۇ يۇرتتىن بۇرۇنمۇ ئۆتكەنلىكىمىزنى چاندۇرماي قىستۇرۇپ ئۆتتى. ئۇنىڭ بۇ قىستۇرۇشمۇ ئەسلى مەقسەتكە خىزمەت قىلىدىغان رولنى ئوينىدى.

— قايسى يىلى ئىكەنلىكى ئېسىمدە يوق، بىر يىللىرى مۇشۇ قورۇدا ئاغرىپ ياتقان يېمىش خېنىم ئىسىملىك بىر زاتنىڭ نەزىرىگە داخىل بولغانىدىم، — دېدى شا جۇمە ماڭا بىلىنەر - بىلىنمەس كۆز قىسىپ قويۇپ، — شۇ چاغدا ئەل كېزەر دەرۋىشلەردىن بىر مۇنچىمىز ئۇ خېنىمنىڭ سەدىقىسىگە ئېرىشكەنىدۇق، كېيىن ئاڭلىسام ساقىيالماي ۋاپات بوپتىمىش... ھە، بۇنىڭغا خېلى يىللار بولغان كونا گەپ...

— شۇنداق، كونا گەپ، — تەستىقلىدى بوۋاي، — يېمىش خېنىمنىڭمۇ قولى ئوچۇقلاردىن ئەمەسلىكى ھەممىگە ئايان. ئەمما،

ھەرھالدا مۇنۇ ھېكىم ياپسادىن ئوبدانراق ئىدى ، مەزلۇم كىشى ئەمەسمۇ ؟

— ھېكىم ياپسا دېگەنلىرى ئۇ خېنىمنىڭ كىمى بولىدۇ ؟

— چوڭ ئىنىسى ، ئۇ بىر تۇغقانلار ئىچىدىكى ئەڭ كۆكەمە ، بىر شەم ، ئۇششۇقى . . .

— يېمىش خېنىمنىڭ ۋەجى ئىنىسىغا قاپتىكەن ـ دە ؟ — شاجۇمە مەقسەتكە يەنىمۇ يېقىنلاپ كەلدى ، — پ بالا ـ چاقىلىرى يوق ئىكەن ـ دە ؟

بوۋاي ھېچنېمىنى چۈشەنمەيلا بىزگە كېرەكلىك ئۇچۇردىن مەلۇملۇق بېرىشكە باشلىدى :

— بۇ يەردىكى ھويلا ، باغ ـ ئارام ، يەر ـ زېمىنلەر يېمىش خېنىمنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن قالغان ، ئۇنىڭ ئېرى بىر نەچچە يىل ئىلگىرى يېمىش خېنىمنىڭ ئۆلۈمى بىلەن تەڭلا قەشقەر شەھىرىنىڭ قازىخانا مىرزىلىقىدىن يېقىلدى . ئۇلارنىڭ بىر قىزى بولىدىغان ، باشباشتاقلىق بىلەن تاپتىن چىقىپ بىر جەللىگۇر قىمارۋاز بىلەن ئۆيدىن قېچىپ كېتىپتىكەنمىش ، — بوۋاي شۇلارنى دەۋاتقاندا يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلۇپ ، ئۆزۈمنى تەستە بېسىپ ئولتۇردۇم ، — قىزنىڭ ماجىراسى يېمىش خېنىمنىڭ كېسىلىنى بىر ياقلىق قىلىپ قويدى . خېنىم تۈگەپ ، ئېرى مىرزىلىقتىن چۈشۈپ ، بۇ ئائىلە ھەم نومۇسقا قالدى ، ئابرويى بىر تىيىن بولدى ، ھەم ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئارىسىدا ۋەج تالىشىپ ، جېدەل قۇرۇماي توزۇپ كەتتى . ئاڭلىساق مىرزام تۆت يىل ئىلگىرى ھەج قىلىمەن ، دېگەن باھانە بىلەن ھىندىستانغا چىقىپ كەتكەنمىش ، جىمى تەئەللۇقات ، ھويلا ـ ئارام ، يەر ـ زېمىنلىرىنى ئېرىخ مالغا ئايرىۋاشلاپ ، قىزىغا ھېچ نەرسە بەرمەپتۇ . . . دېگەندەك گەپلەر كۆپ . خەقلەر نېمىلەرنى دېمەيدۇ ، بەلكىم راستتۇر ياكى ئېپقاچتى گەپلەردۇر . . .

— قىزنى بىللە ئەكەتمەپتىكەن ـ دە ؟ — بېشىمدىن سوغۇق سۇ قۇيۇۋەتكەندەك ئەندىكىپ سورىدىم .

— ئەكەتمىگەنمىش ، بەزىلەر : قىزى بارغىلى ئۇنىماپتۇ ، دەيدۇ ؛



بەزىلەر : دادىسى ئۆز ئابرويىنى تۆكۈپ شەرىئەتتىن چەتلىگەن قىزىدىن چېنىپ ئەكەتمەپتۇ ، دەيدۇ . ئىشقىلىپ ، گەپ جىق . بىزنىڭ خوجايىن ئۇ قىزنىڭ تاغىسى بولىسىمۇ كارى يوق . يەنە بىر تاغىسى خەۋەر ئېلىپ تۇرارمىش . ئۇ ئىنىسى مۇنۇ بىزنىڭ خوجايىن بولغان ئاكىسى بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشمايدۇ ، شۇڭا بىزمۇ ئەھۋالنى جىق بىلمەيمىز . . .

ماڭا جىق ئەھۋالنىڭ نېمە كېرىكى ؟ بۇۋىسارىنىڭ دادىسى بىلەن ھىندىستانغا كەتمەي ، شەھەردە قېپقالغانلىقىنىڭ ئۆزىلا ئەڭ چوڭ ئۇچۇر ئىدى . دېمەك ، ئۇ شەھەردە ! شەھەرنىڭ قايسىبىر كوچىسى ۋە قانداقتۇ بىر ھويلىسى ئىچىدە !

— يېمىش خېنىمنىڭ ھېلىقى باشباشتاق قىزى شەھەرنىڭ قايسى تەرىپىدىدۇ ؟ — شاجۇمە كۆڭلۈمدىكىنى تېپىپ سورىدى .

— بىلمىدۇق ، بىز چاكار خەق ، باي بېگىم ، قۇشناچ خېنىملارنىڭ نەدە يۈرۈپ ، نەدە تۇرىدىغىنىنى قانداق بىلەلەيمىز ؟ — دېدى بوۋاي چېكىشلىشىپ كەتكەن ئاپئاق ساقىلىنى بارماقلىرى بىلەن تاراپ تۇرۇپ ۋە بېرىدىن ئۇ شا جۇمە بىلەن ماڭا يېگىۋاشتىن قىزىقىپ نەزەر سېلىشقا باشلىدى . بىزنىڭ ئۇ ياندىن ـ بۇياندىن گەپ سوراپ ، ئاخىر قىزنىڭ ئەھۋالىغا قىزىققانلىقىمىز ئۇنىڭ گۇمانىنى قوزغىدىمۇ قانداق ، ئۆزىچە بىر نېمىدىن قىسىلغاندەك ئىپادىنى كۆرسىتىپ ئورۇنسىز قىمىرلىدى ، مۆكچەيدى ، كېيىن قەددىنى رۇسلاپ ، ئەتراپتا بىر قارىۋېتىپ نەزەرىنى چىرايىمدا توختاتتى .

— مۇنۇ دىۋانىخان ياش تۇرۇپ بۇ كوچىغا كىرىۋاپتىغۇ ؟ — دېدى ئۇ مېنى ئېڭەكى بىلەن ئىشارەت قىلىپ ، شا جۇمەگە قاراپ .

— بۇياق خوتەندىن ، — شاجۇمە ئالدىراپ ئىزاھات بەردى ، — بەلكى سەككىز يېشىدىن تارتىپ يېتىم ۋە دەرۋىشلەر توپى ئىچىدە . شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن ، بېشىدىكى خىياللىرىمۇ ساق ئادەملەرنىڭكىدىن خېلى بەك ھەلىتە . . .

بوۋاي قانچىلىك ئىشەندى ، بىلگىلى بولمايتتى . ئەمما ، شا جۇمەنىڭ بىقىنىنى بىلىنەرلىك جەينەكلەپ قويدۇم . شا جۇمە رۇسلىنىپ

يۈكۈندى ۋە قوللىرىنى دۇئاغا ئاچتى :

— مېھماندارچىلىقلىرى ئۈچۈن ، شېكەردەك قوغۇن ۋە ئۇنىڭدىنمۇ تاتلىق سۆھبەتلىرى ئۈچۈن ھەشقاللا ، قېنى دۇئا قىلىپ بەرسىلە . . .

— قېنى ، قېنى . . . ، — بوۋاي تەكەللۇپ قىلدى ۋە ماڭا يەنە بىر قاراپ قويدى .

شاجۇمە سوزۇپ ئولتۇرمايلا « بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم » دەپ ئۈنلۈك باشلاپ قالغان دۇئانى ئىچىدە ئوقۇپ يۈزىنى سىلىدى ، يەنە بىر قېتىم رەھمەت ئېيتىپ ئورنىدىن تۇردى . مەنمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تۇردۇم . بوۋاي مۈرىسىنى قىسىپ :

— قۇرۇق قوغۇن بولۇپ قالدى ، — دەپ ئۆزۈر سورىدى .

شاجۇمە « ھېچقىسى يوق ، كايىمىسىلا » دېگەندەك رەسمىيەت سۆزلىرى بىلەن خوشلاشتى . بىر كەلگەن يولىمىز بىلەن يانماي ، ئېتىزلارنى ئارىلاپ خېلى ۋاقىت ئۈنچىقماي ماڭدۇق . يېزا بازىرىدىن ئۆتۈپ ، شەھەر يولىغا چۈشكەندىن كېيىنلا ئۇ باشلاپ ئېغىز ئاچتى :

— بوۋاي بىر نېمىدىن شەكلەندى ، دەپ ئويلاملا ؟ — سورىدى ئۇ ماڭا بۇرۇلۇپ قارىمايلا . مەن « شۇنداقراق ئويلىدىم » دېگەندىن كېيىن ئۆزىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزدى ، — بىر قارىماققا شۇنداقتەك تۇيۇلىدۇ . ئەمما ، مەن ئۇنى ئادەتتىكىچىلا ، بىر ياش يىگىتنىڭ دىۋانە بولۇشىغا ئەجەبلىنىپ سورىدى ، دەپ قارايمەن . ئۇ سىلىنى ھەرگىزمۇ يېمىش خېنىمىنىڭ قىزىنى يولدىن چىقارغان « جەللىگۇر » ، « قىمارۋاز » نىڭ ئۆزى ، دەپ ئويلىمايدۇ . . .

ماڭا ئۇنىڭ قانداق ئويلىشى ئەھمىيەتسىز ئىدى . ئەڭ مۇھىمى ، بۇۋىسارەمنىڭ قەشقەر شەھىرىدە بار ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغانلىق بولدى . گەرچە ئۇ شەھەرنىڭ قەيىرىدە تۇرۇۋاتقانلىقى يەنىلا مەلۇم بولمىسىمۇ ، شەھەردە بولسىلا تېپىشقا ئىشەنچىم باردەك غەيرەتكە كەلگەنىدىم . شاجۇمەنىڭ ئۈمىد ۋە ئۈمىدسىزلىكنى تەڭ تارقىتىدىغان ، ياكى ئالماشتۇرۇپ تارقىتىدىغان ئۇزۇندىن ئۇزۇن مۇلاھىزىلىرى توختىغاندىن كېيىن ئۆز پىكرىمنى ئىشەنچ بىلەن قىسقىلا بىلدۈردۈم :



— ماڭا ، ئەڭ مۇھىم مەسىلە ھەل بولدى يەنى بۇۋىسارىنىڭ قەشقەردە بارلىقىنى ئۇقتۇق . تېپىش بولسا قېيىن ئەمەس ، دەيدىغان خىيال كېلىۋالدى .

— بىز بۇرۇنمۇ ئۇنى قەشقەردە بار ، دەپ ئىشەنگەن ئىدۇققۇ ؟ — شاجۇمە تەۋرىنىش ئورۇقىنى چاچاتتى ، — ئاشۇنداق ئىشەنگەنلىكىمىز ئۈچۈنلا قەشقەرگە ھەشەم بىلەن كەلمىدۇقمۇ ؟

— ئەمما ، ئۇ ئۆز ئۆيىدە يوق بولۇپ چىقىپ پەيكارىمىزنى ئۇچۇرغانىدى . . .

— ھازىر ئۆز ئۆيىدە تېخىمۇ يوق ، ھەتتا ئۇنىڭ ئۆز ئۆيىمۇ يوق ، — شاجۇمە مېنى سالپايتىپ - بوشاشتۇرۇپ يېڭى شۈبھىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغىلى تۇردى ، — قەشقەردە ئون ئالتە مىڭ ئۆيلۈك ئادەم بار ، دېيىلىدۇ . ئون ئالتە مىڭ ئۆيدە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئۈچتىن ئادەم بار دېسەك ، تارغىنا شەھەردە قىرىق سەككىز - ئەللىك مىڭ ئادەم بار ، دېگەن گەپ . ئىشىكمۇ ئىشىك تىلەمچىلىك قىلىش ۋاستىسى بىلەن تاپالامدۇق ؟ بىزگە سەدىقە بېرىشكە خېنىمنىڭ ئۆزى چىقسىغۇ تاپارمىز ، چاكارلىرىنى ، دېدەكلىرىنى چىقارسىچۇ ؟ قەشقەرنىڭ بەزى ھويلىلىرى ئۈچ ، ھەتتا تۆت قانات ئەمەسمۇ ؟ سىلىنىڭ خېنىملىرىدەك كاتتا زاتلاردىن تاشقىرىقى ھويلىغا ئاياغ باسماي ئۆمرىنى ئۆتكۈزىدىغانلار تالاي ، دەپمۇ ئاڭلىغانمەن . . .

شاجۇمە توغرا ئويلىغان ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىق مۇلاھىزە قىلىۋاتاتتى . ئۇنىڭ كۆرسەتكەن دەلىللىرىگە قارشى رەت قىلغۇدەك ئاساسىم يوق ئىدى .

— ئۇنداقتا . . .

— ئۇنداقتا ، بىز خېنىملىرىنىڭ ھېچ بولمىغاندا ئولتۇرۇۋاتقان كوچىسىنى ، مەھەللىسىنى بولسىمۇ بىلىشىمىز كېرەك ، — دېدى شاجۇمە ئويچانلىق بىلەن ، — بۇنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ چوڭ تاغىسى ھېكىم باپاسىنىڭ قولۇپىنى ئېچىشىمىز كېرەك . ھازىرچە ، ئىككىمىزنىڭ بۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ چاكارلىرى بىلەنمۇ بەھۇزۇر گەپلەشكىلى بولمايدىكەن . بۇ ئىشنى

پۇختىراق ئويلىشايلى. . . ئالەمدە تۈگۈچنى يەشكىلى بولمايدىغان چىگىش ناھايىتى، ناھايىتى ئاز. . .

شۇنىڭدىن كېيىن شاجۇمە ئالەم ۋە قارىمۇ قارشىلىقلار، چىگىشلەر، ئۇلارغا روبىرو تۇرغان بىرلىك ۋە يېشىملەر توغرىسىدا پەلسەپىلىك نۇتۇقنى باشلىدى. مەن تا شەھەرگە كەلگۈچە لام - جىم دېمەي ئاڭلاپلا ماڭدىم. ئەمەلىيەتتە ئاڭلىغاندەك ماڭدىمۇ، قۇلىقىمغىمۇ گەپ كىرمەي، بۇۋىسارىنى تېپىشنىڭ مۇرەككەپلىشىپ كېتىشى بىلەن ئېغىرلاشقان مەنىۋى يۈكنىڭ ئاستىدا ئېزىلىپ كەلدىم.

مۇھەممەت ئاقچى بىلەن چولپانخان سەپىرىمىزنى مۇۋەپپەقىيەتكىمۇ كىرمەيدىغان، لېكىن مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككىمۇ تەۋە ئەمەس، دېگەن مۇجمەل خۇلاسە بىلەن يەكۈنلىدى. بۇۋىسارىنىڭ خەۋىرىنى ئېلىۋالغانلىق مۇۋەپپەقىيەت ئىكەن، نەدە تۇرۇۋاتقىنىنى بىلەلمەسلىك ھازىرچە كۆڭۈلسىزلىكنى تۈگىتەلمەيدىغان غەشلىكنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقىنى بىلەن كوچىمۇ كوچا، مەھەللىمۇ مەھەللە سۈرۈشتە قىلساق ھامان تاپقىلى بولىدىكەن.

— ئىككىلىرى تىلەمچىلىكنى باھانە قىلىپ كوچىمۇ كوچا سۈرۈشتۈرۈشسىلە، — مۇھەممەت ئاقچى شۇنداق دېدى، — پېقىر ئۆزۈمنىڭ ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئىچكىرى ھويلىلارنى كۆزىتىمەن. . .

— لازىمىم چىقىپ قالسا، خوتۇن كىشى بولغاندىكىن مەنمۇ ئىزدىشىپ بېرىمەن، — چولپانخان سەرگۈزەشتىلىرىمىزدىن خەۋەردار بولۇپ قالغان، شۇ تاپتا ئۇمۇ كۆزىگە ياش ئېلىپ، ياردەم قىلغۇسى بارلىقىنى ئېچىپ ئېيتتى.

شاجۇمە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى يول بويى ماڭا ئېيتقان ئاساسلار بىلەن رەت قىلىۋەتتى ۋە يەنە مۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇردى:

— سەل - پەل ئاشكارا ھالەتتىكى ئىزدەش ھېچ بولمىسا بىر ئىككىلەننىڭ بېشىدا خەۋپ تۈگمىنى چۆرۈيدۇ. مىر بىلال قارىينى قەشقەر دوتىيى تۇتۇشنى بىكار قىلغىنى يوق، — ئۇ ماڭا قاراپ قويدى، — شۇنىڭ بىلەن تەڭلا خېنىم تەرەپ ۋە ئۇنىڭ شەخسى ئىسمىمۇ شەھەرگە



داڭلىق. . . بۇ ئىشنى پۇختا، چاندۇرماي ھەل قىلىش ئۈچۈن باشقا، ئەپلىكرەك چارە تېپىشىمىز كېرەك. . .

مۇھەممەت ئاقچى بىلەن چولپانخان بىر - بىرىگە، ئاندىن ماڭا، ئاخىرىدا شاجۇمەگە قاراپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ قارىشىدا « قېنى، قانداق چارە بار؟ » دېگەن مەنە ئۇچقۇنلايتتى. مەن شاجۇمەنىڭ يول بويى ۋە ھازىر تەكرارلىغان « باشقا چارە » ھەققىدە ئانچە - مۇنچە ئۆز خىيالى بار، دەپ گۇمانلاندىم. ئۇ « باشقا چارە » كاللىسىدا پىشىپ يېتىلمىگەنلىكى ئۈچۈنلا ئاشكارا قىلمايۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

— بۈگۈنچە ئۇخلايلى، ۋاقىت يېرىم كېچە بولۇپ كەتتى. . .، — دېدى شاجۇمە ھېچكىمگە قارىمايلا تەكىيەگە يانپاشلاپ، — ئاللاھ ئىگەم كېچىلەپ ياخشى ئەقىل بېرىپ قالار ياكى قايسىبىرىمىزنىڭ چۈشىدە بېشارەت قىلار. . .

چولپانخان ئىچكىرىگە ئۆز خانىسىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن قالغان ئۈچىمىز يېتىپ قالدۇق. مۇھەممەت ئاقچى پاتلا ئۇيقۇغا غەرق بولۇپ، يېنىك خورەكدىن يەلكەن ياسىدى. بۈگۈن پۈتۈن بىر كۈن يول ماڭغانلىقتىن جىسمانىي جەھەتتىكى ھېرىش ۋە بۇۋىسارىنى ئىزدەشتە كېلىپ چىققان يېڭى مۇرەككەپلىك تەسىرى بىلەن پەيدا بولغان روھىي جەھەتتىكى ئېزىلىش مېنى كېرەكتىن چىقارغان بولسىمۇ تاڭ ئاتقۇچە ئۇيقۇ يېقىن كەلمىدى. بەدەنلىرىم لايدەك بوشاشقان، كۆزۈم ئۇيقۇ تەسىرىدىن ئېچىشىپ ئاچقىلى بولمىغۇدەك يۇمۇلاتتى. ئەمما، خىيالىمدا بولسا چارە - ئامال ئىزدەش ھەلەكچىلىكى تىنىم تاپمايتتى. ھەرخىل خىياللارنى، ئاماللارنى ئويلاپ باقاتتىمۇ، بىر پەستىن كېيىنلا بۇ چارە - ئاماللارنىڭ كاۋىكى چىقىپ قالاتتى. ئاندىن بېرىپ ياقاراملىققا تەۋەككۈلچىلىك قىلىش ياكى ئۆيمۇ ئۆي تىلەمچىلىك قىلىش يولىلا ئېشىپ قالاتتى. شاجۇمەنىڭ ئۇخلىغان - ئۇخلىمىغانلىقىنى ئايرىۋالغىلى بولمايتتى. ئۇ بەزىدە ئوڭدىسىمۇ كېچىسىدىكىدەك يەڭگىل پۇشۇلداپ ئۆرۈلمەي، قىمىرلىماي سائەتلەپ ياتالايتتى.

تاڭغا يېقىن ئۇخلاپ قالغان بولسام كېرەك، ئويغانغان چېغىمدا

چۈش بولۇپ قالاي دېگەندى، قارىداپ كەتكەن تۈگۈلۈكتىن قۇياش تويتوغرا كۆزۈمگە ئۇدۇللاپ نۇر چاچاتتى. ئاۋازى تۈگمەننىڭ ئۇنىدىن قېلىشمايدىغان دەرىجىدە كۈچلۈك بولغان چىۋىنلارنىڭ غاژ - غۇژلىرىمۇ ئۇيقۇمغا تەسىر كۆرسىتەلمىگەنىدى. ئىچكىرىكى ئۆينىڭ بوسۇغىسىدا ماڭا ئارقىسىنى قىلىپ چولپانخان ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ جىمجىت ئولتۇرۇشىغا قارىغاندا نېمىلەرنىدۇر خىيال قىلىپ، شۇ خىياللىرى بىلەن يالغۇزلۇقنى ئاۋۇندۇرۇۋاتقانلىقى شۈبھىسىز ئىدى.

مەن چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ، ئورنۇمدىن كۆتۈرۈلۈپرەك ئولتۇرۇۋالدىم. لېكىن، كىگىز ئاستىدىكى بورا شىرىقشىغىنىدىن چولپانخان قىيا بۇرۇلۇپ ماڭا قارىدى ۋە كۆڭۈلسىز ھىجىيىپ:

— قاتتىق ئۇخلاپ كەتتىلە... — دېدى.

— ئۇلار قېنى؟ — شاجۇمە بىلەن مۇھەممەت ئاقچىنى سورىدىم.

چولپانخان ئورنىدىن تۇرۇپ سۇپىنىڭ تاشقىرىقى ئىشىككە يېقىن گىرۋىكىدە ئولتۇردى ۋە ئاندىن جاۋاب بەردى:

— ئاش ۋاقتىغىچە بىر نېمىلەرنى دەپ مەسلىھەت قىلىشتى. سىلىنى ئويغانسا مەسلىھەتىمىزنى سەمىدىن ئۆتكۈزىمىز، دەپ خېلى ئولتۇرۇشتى. كېيىن «ئۆزىگە تەئەللۇق ئىش، رەت قىلمايدۇ» دېيىشىپ بازارغا چىقىپ كېتىشتى.

ئۇلارنىڭ «ماڭا تەئەللۇق ئىش» توغرىسىدا مەسلىھەت قىلىشى مېنى قىزىقتۇرسىمۇ، ھازىر بۇنى بىلىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغانلىقتىن قاتتىق ئۇخلاپ كەتكىنىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئىچىمدە كايىدىم. چولپانخان ماڭا ئېلىپ قويۇلغان نان - چايلارنىڭ بۇ ئۆيدىكى بىردىنبىر تەكچىدە ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى، يۈزۈمنى يۇيۇشۇم ئۈچۈن سۇمۇ تەييار ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، بۇلۇڭدىكى جوغىسى سۇنۇق ئىۋرىقنى كۆرسەتتى. يۈزۈمنى يۇيۇپ چاي ئىچىپ بولغۇچە ئەس - يادىم شاجۇمە بىلەن مۇھەممەت ئاقچىنىڭ «مەسلىھەتى» بىلەنلا قالدى. ئۇلارنىڭ مېنى ئويغاتماي، ياكى ئويغىنىشىمنى كۈتمەي، ماڭا ھېچ نېمە دېمەيلا چىقىپ كەتكىنىگە قارىغاندا ئەقىلگە مۇۋاپىق بىر پىلان تېپىشقىنىدا گۇمان يوق



ئىدى.

— ئۇلار قاچانراق كېلەر؟ — سورىدىم دۇئادىن كېيىن.

چولپانخان بىلمەيدىغانلىقىنى ئۇلار بۇ ھەقتە ھېچ نېمە دېمىگەنلىكىنى، ئۆزۈم ئويغانغۇچە ئويغاتماسلىقنى ئېيتقانلىقىنى يەتكۈزدى. ئۇلارنىڭ بىردىنبىر تاپىلىغىنى، بىر ياققا چىقىپ كەتمەي ئۇلارنىڭ قايتىشىنى ساقلاپ تۇرۇشۇم ئىكەن.

كۆڭلۈم ئۆيگەن ھەم ئىچىم تىتىلدىغان ھالدا ئۇ تېپىشماققا قىزىققانسېرى ۋاقىت ئۆتمەيۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. بەختكە يارىشا، ئۇ ئىككىلەن پېشىنگە ئەزەن ئېيتىلىۋاتقان مەھەلدە قايتىپ كەلدى. ھەر ئىككىلەننىڭ قولتۇقىدا بىردىن بوخچا بار ئىدى. چىرايىغا قارىغاندا ئۆز ئىشلىرىدىن قانائەتلەنگەنلىك ۋە كېيىنكىسىگە ئۈمىدۋارلىق بەلگىسى چىقىپ تۇراتتى.

— بىز سىلىدىن روخسەتسىزلا بىر تەۋەككۈلچىلىككە بەل باغلاپ، ئۇنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ بولدۇق. پىسەنتلىرىگە سىغامدىكىن... — دېدى شاجۇمە ئولتۇرغاندىن كېيىن.

ئۇنىڭ كۆزىدىن مۇغەممىرانە كۈلكە ياغاتتى. خۇددى شۇنداق كۈلكە مۇھەممەت ئاقچىنىڭ كۆزىدىمۇ بار ئىدى. قىزىقىشىم ئەۋجىگە چىقىپ، شۇنداق دېدىم:

— سىلىنىڭ پىلان - مەسلىھەتلىرى ماڭا پايدىدىن باشقا نېمە بېرەر؟ قېنى، مېنى تەقەززا قىلماي ئېيتىۋەرسىلە...

شاجۇمە بۇ «تەۋەككۈلچىلىك» نى ئېيتقىنىدا ھەيران بولغىنىمدىن نېمە دېيىشىمنىمۇ بىلەلمەي قالدىم. ئۇنىڭ پىلان مۇنداق ئىدى:

ھىندىستانغا چىقىپ كەتكەن ئابلەھەت مىرزام يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قېرىپ، ھالسىزلىنىپ يالغۇزلۇقنىڭ، مۇساپىرچىلىقنىڭ ۋە يەنە باغرى تاشلىق قىلغانلىقنىڭ دەردىنى تارتىپ، ۋەتەنپەرۋەر، تۇغقانپەرۋەر بولۇپ قالىدۇ. قايتىپ كېلەي دېسە تەن - سالامەتلىكى يول قويمايدۇ: قېرىپ، ئاجىزلاپ كەتكەن بەدىنى ئۇزاق يولنىڭ جاپاسىغا بەرداشلىق بېرەلمەسلىكتىن ئەنسىرەيدۇ. ئىككى ئوتنىڭ ئارىسىدا قالغان مىرزام خو-

تۇنى تەرەپ بولسمۇ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بار ھېكىم ياپسانى يادىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا خەت يازىدۇ. مىرزامنىڭ ھېكىم ياپسانى ئەسكە چۈشۈرۈشى يەنە بىر مەقسەت ئۈچۈن، يەنى قىزى بۇۋىسارىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن ئەنسىرگىنى، ئۇچۇرىنى ئالالمىغىنى، بىللە ئېلىپ چىقىپ كەتمىگەنلىكىنىڭ پۇشايمىنى دىلىنى ئەزگىنى ئۈچۈن، ھېكىم ياپسا بۇۋىسارە خېنىمنىڭ تۇرغان يېرى، ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيىنى بىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋىرى بار، ئابلەت مىرزامنىڭ خېتىنى ئالغاندىن كېيىن، شۇ خەتنى ئېلىپ كەلگۈچى ئىككى كىشىگە بۇ يەردىكى تۇغقانلارنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرىشى، بولۇپمۇ بۇۋىسارە خېنىمنىڭ ئۇچۇرىنى، ھال - كۈنىنى، ئادرېسىنى ئېيتىپ بېرىشى كېرەك. سودا ئىشى بىلەن ھىندىستانغا يەنە بارماقچى بولغان بۇ ئىككىيلەن ئىگىلىگەن ئەھۋاللىرىنى ئۇ يەردە خەۋەر كۈتۈپ تەقەززا بولۇۋاتقان ئابلەھەت مىرزامنغا يەتكۈزۈپ، ئۇ زاتنى خاتىرجەم قىلىدۇ ۋە خۇدا يولىدا ساۋابقا ئېرىشىدۇ...

شۇ تاپتىكى روھى ھالىتىمگە ماس كەلمىسىمۇ كۈلۈپ تاشلىدىم. شاجۇمە بىلەن مۇھەممەت ئاقچىمۇ كۈلۈۋېتىشتى. چولپانخانلا ئىشنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىدىن تەپسىلىي خەۋىرى بولمىغاچقا ئەجەبلىنىش ئارىلاش كۈلۈمسىرەپ قويىدى.

— ھىندىستاندىن كەلگەن ۋە پات يېقىندا قايتماقچى بولغان ئىككى سودىگەرنىڭ رولىنى بىز ئىككىمىز ئالىمىز، — دېدى شاجۇمە ئىشەنچ بىلەن كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ، — سودىگەرلەرگە ئوخشىشىمىز ئۈچۈن كىيىم - كېچەك، سەللە ۋە بوياق، زىبۇزىننەتلەرنىمۇ سېتىۋېلىپ كەلدۇق. قانداق تەۋەككۈلچىلىك قىلىپ باقامدۇق؟ مەخسۇس خەتتاتلارغا خەتمۇ يازدۇردۇق...

ئۇنىڭ سۆزلىرى مېنى ھاياجانغا سېلىپ قويىدى. ئۇ دېگەن پىلاننى ئورۇنداش ھەقىقەتەن تەۋەككۈلچىلىك قىلىش ئىدى. لېكىن، ھازىرقى ئەھۋالدا بۇۋىسارىنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئېلىش ئۈچۈن ئاشۇنداق قىلىشلا ھەم ئوبدان، ھەم ئىشەنچلىك چارە ئىدى. ھەر ئىككىلىمىز



سودىگەرچىلىك قىلىپ باقمىغان بولساقمۇ، شا جۇمە ھىندىستان دېگەن يەرلەرنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە بىلەتتى. مېنىڭ زاتىم سودا ئەھلى بولغانلىقتىن سودا - سېتىققا دائىر ئاتالغۇلارنى يامىدىيالايتتىم. ھەم چەتئەلدىن، ھەم سودا - سېتىقتىن خەۋىرى يوق ھېكىم ياپسانىڭ ئالدىدا چاندۇرۇپ قويۇشتىن خەۋپسىرەپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىز سودا مۇئامىلىسى بىلەن ئۇچراشماي، بەلكى بۇۋىسارىنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئېلىش ئۈچۈنلا كۆرۈشىدىغان بولغاچقا، گۇمان پەيدا قىلىدىغان ئالدىراقسانلىقتىن ۋە گەپ - سۆزدىن ساقلانساقلا چاتاق چىقمايدىغاندەك كۆرۈنەتتى. لېكىن، بۇ پىلاننى ئىنچىكىلەپ تەكشۈرگەندە بىرلا خەتەرلىك نۇقتا بار ئىدى. يەنە كېلىپ، بۇ نۇقتا بىرلا بولغىنى بىلەن ھەممىنى ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋېتىدىغان قۇربەتكە ئىگە ئىدى. مەن بۇنى ئېيتىشنىڭ زىيىنى يوق دەپ ئويلىدىم:

— مىرزام قەشقەردىن چىقىپ كەتكىلى تۆت يىل بوپتۇ. ئۇ تۆت يىل بۇرۇن ياكى ئۈچ يىل، ئىككى يىل بۇرۇن، يا بولمىسا ئۆتكەن يىلى ئۆلۈپ كەتكەن، بۇ توغرۇلۇق ھېكىم ياپسا خەۋەر ئېلىپ بولغان بولسىچۇ؟

مۇھەممەت ئاقچى، چولپانخان لەپپىدە شا جۇمەگە قارىدى. شا جۇمەنىڭ قىزىل يىپچىلار بىلەن توشقان كۆزلىرىدىن كۆلكە ئۇچقۇنى غايىب بولۇپ ئويچانلىق ئەكس ئەتتى. ئۇ سەل جىمجىتلىقتىن كېيىن:

— شۇ ئائىلىنىڭ ئادىمى بولمىسىمۇ خېلى كۆپ ئەھۋالدىن خەۋىرى باردەك گەپلەرنى قىلىپ بەرگەن قوغۇن باققۇچى بۇ توغرىدا بىر نەرسە دېمىگەنلىكىگە قارىغاندا، ئابلەھەت مىرزام ئۆلمىگەن، — دېدى ۋە جانلىنىپ داۋام قىلدى، — ئابلەھەت مىرزام ئۆلگەن بولسا خىزمەتكارلار ھوقۇم بىلگەن بولاتتى. چۈنكى كاتتا نەزىر ئۆتكۈزمىگەندىمۇ گەپ - سۆزى بولماي قالمايدۇ...

— ئۆلگەن ھالەتتىمۇ بۇ سەپەردىن سىلەرگە زىيان - زەخمەت يوق، — دېدى مۇھەممەت ئاقچى، — خەتنى ئۆلۈشتىن ئىلگىرى يېزىپ بەرگەن دېمەمسىلەر؟

ھەممىمىز كۈلۈۋەتتۇق. شا جۇمە قوغۇن باققۇچىنىڭ سۆھبىتىنى تەھلىل قىلىپ، ئابلەھەت مىرزامنىڭ ئۆلمىگەنلىكىنى خېلى بىر ھازا ئىسپاتلىدى. ئاخىر مەنمۇ مۇھەممەت ئاقچىنىڭ سۆزىنى تەكرارلىدىم:

— بىزگە مۇشۇ پىلاندىن باشقا ياخشىراق چارە يوق، خەتنى ئۆلۈشتىن ئىلگىرى يازغان، بىز سودىگەرلىك بىلەن مىسىر، ئىراق، رۇم، پەرەڭلەرنى ئايلىنىپ ئەمدى كەلدۇق، دەرمىز...

يەنە بىر قېتىم كۈلۈشتۇق — دە، مۇھەممەت ئاقچىنىڭ تۇرتكۇسى بىلەن تەييارلىق قىلىشقا چۈشتۇق. تەييارلىقنىڭ كىيىم ئالماشتۇرۇش قىسمى كېيىنگە قالدۇرۇلدى. چۈنكى، جۇل - جۇل كىيىم بىلەن كىرىپ، سودىگەرلەرچە كىيىنىپ چىقىپ كېتىش بۇ سارايدىكىلەرگە غەلىتە تۇيۇلۇپ گۇمان پەيدا قىلىشى كۆزدە تۇتۇلدى. «ھۆكۈمەتنىڭ جاسۇسلىرى كۆپ، — دەپ ئەسكەرتتى مۇھەممەت ئاقچى، — ئوغرىلار، قىمارۋازلار، نەشىكەشلەر، ھەتتا تىلەمچىلەر ئىچىدىمۇ جاسۇسلار بار. كىيىمنى مەيىنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپلا ئالماشتۇرۇۋالغىلى بولىدۇ...»

كىشىنىڭ ئىچىنى پۇشۇرىدىغان ۋە غەلىتە بىلىنىدىغان تەييارلىق چاچ - ساقاللار بىلەن ھەپىلىشىش بولدى. شا جۇمە چېچىنى تاراپ قارا بويىدى، ساقىلىنى قىزغۇچ بوياپ، ئازراق گىنجەك ھالەتكە كىرگۈزدى. ماڭا بوياق ئىشلەتمەي، تاراشقا ۋە گىنجەك قىلىشقا توغرا كەلدى. بوياق ۋە گىنجەك قىلىدىغان نەرسىلەرنى شا جۇمە ئالدۇرغانلىقى شۈبھىسىز ئىدى. دېمىسىمۇ، قەشقەردىكى چەت ئەل سودىگەرلىرىلا ئەمەس، يەرلىك سودىگەرلەرنىڭمۇ كاتتىراقلىرى ساقال - بۇرۇتلىرىنى قىزغۇچ بوياپ، گىنجەكلەشتۈرۈۋالاتتى.

— يەنىلا كىيىم بىرىنچى ئىكەن، — دېدى مۇھەممەت ئاقچى، — چاچ - ساقال بىلەن ھەر قانچە ھەپىلەشكەن بىلەنمۇ قىياپەت ئۆزگەرمەيدىكەن.

— شۇنداق، ناھايىتى كەلسە چاڭگا باش، چىم ساقاللىق دىۋانىلەردىن قىزىل ساقال، گىنجەك چاچلىق دىۋانىلەرگە ئايلاندۇق شۇ، — كۈلۈپ قويدى شا جۇمە.



شۇنىڭدىن كېيىن بولار - بولماس كۈلۈشۈپ مانتا بىلەن قورساق تويغۇزدۇق. بۇ چېغا كۆز باغلانغاندا چىقىش ئۈچۈن ئەسىر مەھەللى بىلەن ئورنىمىزدىن قوزغالدۇق. چولپانخان ئىشىمىزغا نۇسرەت تىلەپ قېپقالدى. مۇھەممەت ئاقچى مەپە تېپىپ بېرىش ئۈچۈن بىز بىلەن تەڭ چىقتى.

مەپە تېپىش قىيىن ئەمەس ئىدى. تاختا كۆۋرۈكنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ھەر خىل تەبىقىدىكى كىشىلەر ئۈچۈن ھەرخىل نۇسخا ۋە ھەرخىل دەرىجىدىكى مەپىلەر رەت - رېتى بىلەن تۇراتتى. شۇ يەردە بىز تازىلىنىش ئېھتىياجى بىلەن ئەمەس، كىيىم يۆتكەش زۆرۈرىيىتى بىلەن ھامامغا كىردۇق. سەپەردىن كېيىن سېتىۋالاي دېسىمۇ تاپقىلى بولمايدىغان جۇل - جۇل كىيىملىرىمىزنى بوغچا قىلىپ مۇھەممەت ئاقچىغا بەردۇق. ياسىداق، ئىچىگە گىلەم تاشلانغان ئىككى ئارغىماقلىق مەپىگە چىقىۋىنىمىزدا، شا جۇمە بىلەن ئىككىمىز ھىندى سودىگەرلىرىگە ياكى ھىندىستاندا كۆپ تۇرغان، قەشقەرگە ئەمدىلەتىن كەلگەن كاتتا بايلارغا ئوخشاپ قالدۇق. بىزنىڭ ھەيۋىمىزنى رەڭلىك كەشمىرچە سەللە بىلەن بارماقلىرىمىزنى قىسىۋاتقان مىس ئۈزۈكلەر ھەسسىلەپ ئاشۇرۇۋەتكەنىدى. ئەرزان باھالىق بۇ مىس ئۈزۈكلەر ئالتۇندەك پارقىراپ تۇراتتى. بىرەرتە كۆزى ئۆتكۈر، مال تونۇيدىغان كىشىمۇ شۇنداق ئالپتە كىيىنگەن چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ ئۈزۈكىنىڭ مىس بولۇشىغا شەكلەنمىگەن بولار ئىدى.

مۇھەممەت ئاقچى مەپىكەشكە بارىدىغان يەرنى ئېيتقان، بېرىش - كېلىش ھەققىنى تۆلىۋەتكەنلىكتىن، بىزنىڭ مەپىكەش بىلەن سالىدىغان پارىڭىمىزمۇ يوق ئىدى. ئەسلىمىزنى، سەپىرىمىزنىڭ مەقسىتىنى بىلدۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۆز ئارىمۇ سۆزلەشمىدۇق. ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بېرى كىيىپ باقمىغان مەسە - كالاچ پۇتىمىزنى قىزىتىپ سىقىۋاتقانلىقى ھەققىدە بىر نەچچە ئېغىزدىن گەپ قىلغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ چېغا چىققۇچە ئۈنچىقماي ئولتۇردۇق.

بازاردىن ئۆتكەندىن كېيىن ھېكىم ياپساننىڭ ئۆيى قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈنلا شا جۇمە ھارۋىكەشكە گەپ قىلدى.

ئۇنىڭ سۆزىدىمۇ كەشمىر ، ھىندىستاندا كۆپ ۋاقىت تۇرغان كىشىلەرنىڭ ئۇرغۇسى بار ئىدى . شا جۇمە مەيكەش ئۈچۈن ئەتەي شۇنداق سۆزلەۋاتاتتى . « شۇ ئۇرغۇ بىلەن سۆزلىسە ، ھېكىم ياپسا بىلەن پاراڭلاشقاندىمۇ چانمىغۇدەك . . . » دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە .

نامازشامدىن ئۆتكەنىدى . كەچكۈزنىڭ قىسقا كۈنى ئاياغلىشىپ قاراڭغۇلۇق يېيىلىۋاتاتتى . بىز ئۈچۈن كۈندۈزىمۇ تەستە ئېچىلغان يوغان دەرۋازا ئالىي دەرىجىلىك مەيىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە قوڭغۇرىقىنىڭ سۈرى بىلەن بولسا كېرەك دەرھاللا ئېچىلدى . شا جۇمە بىلەن ئىككىمىز مەيدىن بوسۇغىغىلا دەسسىدۇق دېسەكمۇ بولىدۇ ، بىز ھويلا ئىچىگە كىرىشىمىز بىلەنلا كىملەرنىڭدۇر ھال سورىغان ئاۋازى ئىتلارنىڭ ئۈنىنىڭ ئورنىنى ئالدى . قارىماققا بۇ ھويلىغا ئۇزۇندىن بۇيان ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە كاتتىلار كەلمەي قويغان ، ئۆي خىزمەتچىلىرى بىزنى ئاشۇنداق كىشىلەردىن بولسا كېرەك دەپ تونۇپ قالغان ، دەپ پەرەز قىلىشقا بولاتتى . بولمىسا ، بىز ئۆزىمىز توغرۇلۇق خەۋەر قىلمىغان ئىدۇق ـ دە !

بىزنى كىمدۇر بىرى باشلاپ ، تۇم قاراڭغۇ تۈسنى ئالغان بىدىش ئاستىدىكى يولدىن غۇۋا پەرق ئەتكىلى بولىدىغان ئۆي تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى . ئۇ كېتىۋاتقۇچە توختىماي :

— خوجايىن ھازىرلا يېتىپ كېلىدۇ ، ھازىرلا كېلىدۇ ، — دەپ تەكرارلىدى .

بىز تۆت باسقۇچلۇق پەلەمپەيدىن قوش قاناتلىق ئىشىكى بار ئۆيگە كىردۇق . بىزنى باشلاپ كىرگەن خىزمەتكار ئۆزىمىزنى قولغا ئېلىپ بولغۇچە شام يېقىپ بولدى ، بىر شام بىلەن تامدىكى شامدانلارنى ئارىلاپ شام يېقىپ چىقتى . ئۆي ئىچى تۇتاش يورۇپ كەتتى . شام يورۇقىدا مەن بۇ خىزمەتكارنىڭ قەلەندەر ھالەتتىكى بىزنى دەرۋازىدىن قوغلىغان ھېلىقى كىشى ئىكەنلىكىنى تونۇدۇم . شۇ تاپتىكى خىزمەتكار باشقىچىلا بىر كىشى بولۇپ ، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن بىچارىلىك ، مېھرىبانلىق ، دىلكەشلىك چىقىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىدىمۇ رەھىمسىزلىك ئەمەس ، قۇللۇق ـ



ئىتائەتمەنلىكى گەۋدىلىنەتتى .

— خوجايىن نامازشامغا كېتىۋىدى ، — ئۇ بىزنى گىلەم ئۈستىگە تام ياقىلىتىپ سېلىنغان كۆرپىلەرگە باشلاۋېتىپ ئۆزرە سورىدى ، — كېلىدىغان ۋاقتى ئۆتتۈپمۇ كەتتى ، نېمىگە ھايالشىدىكىن ؟ جىندەك تەخىر قىلىشسىلا ، مەن بالا ئەۋەتەي ، — ئۇ ئىشىكتىن چىقىپ بولۇپ يەنە قايتىپ كىردى ۋە ، — مەيە ھەر بىرلىرىگە خاس مەيىمۇ ياكى بازار مەيىسىمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— بازارنىڭ ، — دېدى شا جۇمە .

خىزمەتكار « ھە » دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى . مەن بازار مەيىلىرىگە ئۆي ئىگىسى يەم ـ خەشەك بەرمەيدىغانلىقىنى پەملىدىم . شا جۇمە قۇلىقىمغا :

— خاس مەيە دېسەم بولارمىدى يا ؟ — دېدى .

مەن سەل ئويلىنىپ :

— بازارنىڭ دېگەنلىرى مۇۋاپىق بولدى ، — دېدىم ، — خاس مەيە دېسەك ، مەيكەش چاندۇرۇپ سۆزلەپ يۈرسە ، تېگىمىز كۆرۈنۈپ يۈرمىسۇن !

ئىككىمىز بوش كۈلۈشتۇق . قىلىشىدىغان باشقا گەپ بولمىغانلىقتىن ئۆي ئىچىگە سەپسالدۇق . چوڭ ، ۋاسا جۈپ قىلىپ سېلىنغان ئۆينىڭ ھەشەمەتى نەقىشلىرىنىڭ كۆپ ۋە رەڭدارلىقى بىلەن تېخىمۇ كۆز چاقناتتى . تەكچىلىرى بوش بولسىمۇ نەقىشلىرىنىڭ نەپىسلىكى تۈپەيلىدىن قىلچە چانمايتتى . تاملىرى پۈتۈنلەي گەجلەنگەن ۋە ئۈستى ئوخشۇم ئېقى بىلەن سۇۋالغانلىقتىن ۋالىداپ پارقىرايتتى . ئۆلچەپ توقۇلغان بولسا كېرەك ، يەرگە سېلىنغان كەلكۈن نۇسخىلىق گىلەم ئۆي ئىچىگە ئاشماي ـ كەمىمەي تولۇق كەلگەنىدى .

تالادا گۇدۇڭ ـ گۇدۇڭ ئاۋازلار ئاڭلاندى . بىز ئۆزىمىزنى رۇسلاپ ئولتۇرا ـ ئولتۇرمايلا بوسۇغىدا تەسەۋۋۇرغا تەستە سىغىدىغان بىر كىشىنىڭ گەۋدىسى كۆرۈندى . ئۇنىڭ بويى ئالاھەزەل ئۈچ يېرىم گەزچە كېلەتتى ۋە بەستى ھەددىدىن ئارتۇق يوغان بولۇپ ، نورمال ئادەمدىن

ئىككىسىگە تەڭ كېلەتتى. بەستىگە ساڭگىلىغان قورسىقىنى سىقىپ باغلىغان كۆك بەلبېغىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئىككىلەنمەي بىر غۇلاچتىن ئۇزۇن دېيىشكە بولاتتى. غەلىتە يېرى، ئۇنىڭ بويىنى گەۋدىسىگە ماسلاشمىغان تەرىزدە ئىنچىكە ۋە بېشىمۇ كىچىك ئىدى. بۇلارنى سېلىشتۇرمايمۇ بويىندىن يۇقىرىسى بىلەن تۆۋىنى بىر ئادەمنىڭ ئەمەس دېيىشكە بولاتتى. ئۆز ئورنىغا جايلاشمىغان كۆزلىرىنىڭ ئارىلىقى كەڭ بولۇپ، ئىككى كۆزى ئىككى خىل نۇقتىدىن قاراۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. پاناق بۇرنى بىلەن سېمىز كالپۇكىنىڭ ئارىلىقىدا بۇرۇت يوق، زىناقلىرى ئۈستىدە چاپلاپ قويغاندەك تۇرغان ئىنچىكە بۇرۇتى ئۇنىڭ تەلەتىنى تېخىمۇ كۆرۈمسىز تۇسكە كىرگۈزۈپ قويغانىدى.

ئۇ تېزىغا چۈشىدىغان ئۇزۇن قوللىرىنىڭ بىرىدە بەلبېغىدىكى مىسۋاكنى، يەنە بىرىدە يوغان پىچاق غىلىپىنى سىلىكىپ قويۇپ، ئېگىز-پەس، شالاڭ، سارغايغان چىشلىرى ئارىسىدىن:

— خۇش كېلىشىپلا، — دەپ قويدى.

شا جۇمە بىلەن ئىككىمىز ئۇ كۆرۈنۈشى بىلەنلا ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرگەنىدۇق. ئۇ «خۇش كېلىشىپلا...» دەپ قويۇپ ئولتۇرۇشقىمۇ تەكلىپ قىلمىدى. قارىغاندا، ئۇنىڭغا يەتكۈزۈلگەن خەۋەر بىلەن ئۇ ئۆزى كۆرگەندىن كېيىنكى تەسىرات ئوتتۇرىسىدا پەرق بارلىقى مەلۇم ئىدى. بىز ھەرقانچە ياسانغان بولساقمۇ ئەمەلدارلار، يۇرت كاتتىلىرى ۋە چوڭ بايلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىپ باققان ھېكىم ياپسا بىزنىڭ چاچلىرىمىزغا قاراپلا قانچىلىك ھۆرمەت قىلسا مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى بەلگىلەپ بولغاندەك تۇراتتى. شا جۇمەمۇ ۋاقىتنى كەينىگە سوزماسلىق قارارىغا كەلدى بولغاي:

— بىز جاھانكەشتى سودىگەرلەردىن بولىمىز، — دەپ ئىزاھات بەردى ۋە تېزلا، — جانابلىرى ھېكىم ئاخۇن باي بولامدىكىن؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق.

چىشلىرى ئارىلىقىدىن بىرى سۇغۇرۇپ تارتقاندەك ئەزمىلىك بى-



لەن جاۋاب بەردى ھېكىم ياپسا ۋە تەلەپپۇزى قەشقەر شىۋىسىدە بولمىغان گەپلەرگە قىزىقىپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بەلبېغىدىن مىسۋاك بىلەن پىچاق غىلىپىنى يېشىشكە تۇتۇندى.

شا جۇمە بىزنىڭ ھىندىستاندىن سودا ئىشى بىلەن چىققانلىقىمىزنى، ئۇ يەردە قەشقەرلىك ئابلەھەت مىرزام بىلەن كۆرۈشكەنلىكىمىزنى، ئۇنىڭ مۇنۇ ھېكىم ئاخۇن باي بىلەن قىزى بۇۋىسارەخېنىمغا سالام يوللاپ خەت ئەۋەتكەنلىكىنى، سېغىنىپ دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ھېكىم ياپسا ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئابلەھەت مىرزام توغرۇلۇق بايان قىلىنغان نۇتۇققا بىر ئالدىن پەرەز قىلغاندەك ئانچە ئېتىبار بېرىپ كەتمىدى. شا جۇمە ئېھتىيات بىلەن ۋاقىتقا ئائىت سۆزلەرنى مۇجمەللەشتۈرۈپ دېگەنىدى. ئۇ بۇنىڭغىمۇ قىزىقمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ تۇردى. ئەمما، ئۇ شا جۇمە سۆزىدىن توختىمىغۇچە قوشۇق سالماي ئولتۇردى.

— خوش، گەپ تۈگىدىمۇ؟ — سورىدى ئۇ شا جۇمە سۆزىدىن توختىغاندىن كېيىن.

— شۇنداق، بىزنىڭ دەيدىغىنىمىز بىر يەرگە بېرىپ قالدى...

— قۇرۇق دۇئايى سالام ئۈچۈن ئىككىلىرىنى ئاۋارە قىلغاننى ئاز دەپ، مېنىمۇ بىسەرەمجان قىلغانلىقىنى قايتقاندا يۈزىگە سېلىشىپ قويارلا، — دېدى ھېكىم ياپسا زەھەرخەندىلىك بىلەن مىيىقىدا كۈلۈپ، — ئاچام ئۇنىڭ زۇلمىدىن قان يۇتۇپ ئالەمدىن ئۆتكەن، ئۇ ئاچامنىڭمۇ ھېسابسىز تەئەللۇقاتىنى يەپ كەتكەن. شۇ چاغلاردا ئۇرۇق-تۇغقانچىلىقنى ئويلىمىغان، زاتى پەسلىكىنى، پىخسىقلىقىنى ئىككىلىرىمۇ كۆرۈشۈپلا مانا. مەن ئابلەھەت مىرزا ئىسىملىك ئادەمنى تونۇمايمەن، ھەر بىرلىرىگە يول بولسۇن...

— بىز خالىس ئەلچى، مۇنۇ خەتنى...

ھېكىم ياپسا شا جۇمە تەڭلىگەن خەتكە كۆز قىرىنىمۇ سالماي ئورنىدىن تۇرۇۋالدى:

— مەن دېدىمغۇ؟ مەن ئۇنداق ئادەمنى تونۇمايمەن، تونۇمىغان

ئادەمنىڭ خېتىنىڭ ماڭا نېمە كېرىكى بار ؟

ئۇنىڭ غەزىپىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم . كونا ئاداۋەتلەر ئۈستىگە سوۋغاتسىز قۇرۇق سالام خەت ئېلىپ كېلىش ئۇنىڭ جۇدۇنىنى ئۆرلىتىۋەتكەنىدى . ئەمدىكى ھەربىر سېكۇنت بىزنىڭ ھەيدەپ چىقىرىلىشىمىزنى تېزلىتەتتىكى ، پايدا بەرمەيتتى . مەن ئالدىراپ :

— بىزدە ئۇ زاتنىڭ قىزىغا يازغان خېتىمۇ بار ئىدى ، — دېدىم ئەندىككەن ھالدا ، — بۇ خەتنى قانداق يەتكۈزسەككىن ؟ . . .

— گەپ ـ سۆز قىلىقلىرىڭلاردا سودا ئەھلىگە خاس بىرمۇ سۈپەت يوق ، — دەپ كايىدى ئۇ تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ ، — سودا ئەھلى بۇنداق ئۇششاق ـ چۈششەك ، قۇرۇق گەپلەرگە ئارىلىشىپ يۈرەمدۇ ؟

— خۇدا يولىدا ساۋاب تاپايلى دەپ . . . خالىس خىزمەت ، — شا جۇمە دەرۋىشلەرچە نىدا قىلدى .

— ياغ بازىرىغا بېرىڭلار ، ئۇ قىزى ئىككەنلىكىدىن كەچكەن تۇرۇقلۇق ، ئەمدى قۇرۇق خەت يازغىنىنى قارىمامدىغان ! — ھېكىم ياپسا بىزنى كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن ئالدىراپ ، بىزگە كېرەكلىك ئۇچۇرنى ئېيتىپ قويىدى ، — شەھەرنىڭ ياغ بازىرىغا بېرىپ تۇردى ھاجىنىڭ ھويلىسىنى سوراپ تاپساڭلار ، ئۇنىڭ قىزى شۇ يەردىن چىقىدۇ . بۇ گەپنىمۇ مەن ئىككى يىلدىن ئاۋۋال چالا ـ پۇچۇق ئاڭلىغاندەك قىلىۋىدىم . . . خۇدا يولىدا ساۋاب ئىزدىگەنلەر ئۈچۈن جاپا تارتىش دېگەن ھېچ گەپ ئەمەس !

يۈرىكىم ئاغزىمغا كەپلىشىپ قالغاندەك تۇيۇلدى . ھېكىم ياپسا ھەرقانچە قوپال ، ھەرقانچە كۆرۈمسىز بولسىمۇ ماڭا ناھايىتى يېقىملىق كىشى بولۇپ كۆرۈنمەكتە ئىدى . ئۇ خىزمەتچىسىگە بىزنى دەرۋازىدىن چىقىرىپ قويۇش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىپ قويۇپ غايىب بولدى .

— خۇداغا شۈكرى ، — دېدى شا جۇمە تالاغا چىقىۋېتىپ .

ئۇنىڭ ھاياجانلىنىۋاتقىنىنى ، بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىپ تۇراتتىم . ئۆزۈممۇ ئاران ـ ئاران تۇراتتىم . دەرۋازىدىن چىقىپ ، خىزمەتكار غايىب بولۇشى بىلەنلا مەن شا جۇمەنى قۇچاقلىدىم :



— تاپتۇق ئاكا ، ئۇنىڭ دېرىكىنى ئالدۇق . ياغ بازىرى ، تۇردى ھاجىنىڭ ھويلىسى . . .

شا جۇمە مۇرەمگە بوش ئۇرۇپ قويۇپ ، مەپىگە چىقىشنى ئىشارەت قىلدى . مەپە ئىچىدە جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۇ :

— بۇ ياپسا بىزنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن يالغان گەپ قىلىپ قويغان بولۇشىمۇ مۇمكىن ، — دېدى پەس ئاۋاز بىلەن ، — ئىككى يىلدىن بېرى نېمە ئۆزگىرىش بولغىنىنى بىلمەيمىز . خېنىم كۆچۈپ كەتكەن بولىسىچۇ ؟

مەن : « يالغان بولۇشى ناتايىن ، كۆچۈپ كەتكەن بولسا شۇ ھويلىدا ئولتۇرغانلاردىن ياكى قوشنىلاردىن سورايمەن ، ئىشقىلىپ يىپ ئۇچى تېپىلىدى » دەپ ئويلىدىم . ئەمما ، بۇ ئويۇمنى شا جۇمەگە ئېيتمىدىم . مەپىكەش خەۋەردار بولۇپ قالمىسۇن دەپ ئەنسىرەيتتىم . گەرچە تۇرمۇشتا بىراۋلار يەنە بىراۋلارنى ئىزدەيدىغان ئىشلار ناھايىتى كۆپ ۋە بۇنداق ئىشلارغا مەپىكەش ئۇچراپ تۇرۇشى مۇمكىن بولسىمۇ .

بىزنىڭ قايتىشىمىز ناھايىتى ئۇزاققا سوزۇلدى . بۇ ھېسسىي جەھەتتىن قايتىشقا ئالدىراشتىن كېلىپ چىققان تۇيغۇنىڭ خۇلاسىسى بولماستىن ، مەپىكەشنىڭ ئۆيىگە ئالدىراپ ، يېقىن يول تاللاپ ماڭىمەن ، دەپ تېخىمۇ ئۇزاق يولغا كىرىپ قالغانلىقىدىن بولغانىدى . مەپىكەش يولدىن ئېزىپ قالغانلىقىنى دەرھال بايقىيالمىدىمۇ ياكى بىزگە دېگۈسى كەلمىدىمۇ ، ئىشقىلىپ ، بىز تاختا كۆۋرۈككە كەلگەندە زو ۋاقتى بولۇپ قالاي دېگەنىدى . شا جۇمە ھەرقانداق شارائىت ۋە ئەھۋالغا ئەجەبلەنمەيدىغان ، ئارتۇقچە ھاياجانلانمايدىغان مىجەزى بويىچە ئۇخلاپ كەلدى . مەن ياغ بازىرى ، تۇردى ھاجىنىڭ ھويلىسىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈش ، بۇۋىسارەم بىلەن كۆرۈشۈش كۆرۈنۈشلىرى ئىچىدە ھاياجانلىنىپ كەلدىم . شۇ سەۋەبتىن ۋاقتىمۇ ، يولدىن ئېزىپ كېتىپ ئۇزاق مېڭىشلارمۇ بىلىنمەي قالدى . ئوسمان چۆپىنىڭ سارىيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندىلا ، مەپىكەش ئۆز ئەيىبىنى ئىقرار قىلدى ۋە كەچۈرۈم سورىدى . شا جۇمە بىلەن ئىككىمىز باشقىچە ھېسسىي كەچۈرۈم ئىچىدە تۇرغانلىقىمىزدىن ، مەپىكەشنى ئەيىب-

لىك دەپمۇ قارىمدۇق ۋە ئۇنىڭ تېزرەك كۆزدىن يوقىلىشىنى تىلەپ، دۇئا قىلدۇق.

كېچىسىمۇ شاۋقۇن - سۈرەنلىرى بېسىلمايدىغان ساراي ئىچىدە بىزگە دىققەت قىلىدىغان ئادەم يوق ئىدى. ئۆز ھۇجرىمىزغا كىرىپ كىيىملىرىمىزنى ئالماشتۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، مۇھەممەت ئاقچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە سوزۇلۇپ يېتىپ ئۇيقۇغا غەرق بولدۇق. مۇھەممەت ئاقچى بىلەن چولپانخان بىزنىڭ قانداق خەۋەر بىلەن قايتقانلىقىمىزنى بىلىش ئۈچۈن تەقەززا بولۇپ، ئەتىگەنلىك ۋە چۈشلۈك تاماقنىمۇ چىقماي ئولتۇرغانىكەن. بىزنىڭ خەۋىرىمىز ئۇلارنىمۇ خۇشال قىلدى. تۆتىمىز تالاغا چىقماي، تاماقنى ئۆيگە ئەكەلدۈرۈپ يېگەچ بۇۋىسارە بىلەن قانداق كۆرۈشۈش توغرىسىدا مەسلىھەت قىلىشتۇق. ھەرقايسىمىز ھەر خىل پىلانلارنى ئوتتۇرىغا قويدۇقۇ، شا جۇمەنىڭ سۆزى ئاخىرقى ھېسابتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى.

— قۇيماق يەيدىغانغا ھەمىشە ھېيت ئەمەس دېگەن گەپ بار، — دېدى ئۇ، — ھېكىم ياپسا ھەر قانچە باي بولغىنى بىلەن مىجەزىدە سەھرايى ساددىلىق بار. ئۇ بىزنىڭ نېمىشقا كۈندۈزى چىقماي كېچىسى چىققانلىقىمىزغا، نېمە سەۋەبتىن شۇنچە ئۇزاق يول ۋە ۋاقىت ئىچىدە بىر پارچە خەتنى كۆتۈرۈپ يۈرگەنلىكىمىزگە، مىللىتىمىز، دىنىي مەزھىپىمىز... دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە بىرەر قىزىقىش ئىپادىسىدە بولماي ئىشەندى ۋە جىمىسىگە ئابلەت مىرزىغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى ئاساس قىلىپ، ئۆزىگە كېرەكلىك خەۋەر ئىزدىمەي، بىزگە لازىملىق خەۋەرنى يەتكۈزۈپ بەردى. ماھىيەتتە، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقانداق خەۋەرنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى يوق دېيىشكە بولىدۇ. ئەمدى مۇنۇ تۇردى ھاجى دېگىنى شەھەر ئادىمى، ئۇ چەت ئەللىكلەرنى كۆرگەن، مۇناسىۋەت قىلىپ باققان بولۇشى ئېنىق. «ھاجى» دېيىلگىنىگە قارىغاندا مەككىگە بارغان، ھەج - تاۋاپ قىلغان كىشى، ئۇ بىزنىڭ قانداق «سودىگەر» لىكىمىزنى بىر پەستە بىلىۋېلىشى مۇمكىن. ھەممىدىن مۇھىمى، ئۇ بۇۋىسارە خېنىمغا ئۆز ھويلىسىدىن پاناھلىق بەرگىنىگە قارىغاندا، ئابلەت مىرزاملار بى-



لەن يىراق - يېقىنلىق مۇناسىۋىتى، بەلكى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بولۇشى مۇمكىن. ئۇ يەرگە ھېكىم ياپسانىڭكىگە چىققان قىياپەت ۋە سالاھىيەت بىلەن چىقىشقا بولماس.

— خېتىڭلارنى ماڭا بېرىڭلار، مەن يەتكۈزۈپ قويىمەن، دېسىچۇ؟ — دېدى چولپانخان.

— توغرا، — ماقۇللاپ باش لىڭشىتتى شا جۇمە، ھەممىلەن چولپانخاننىڭ ئەقلىگە بارىكاللا ئېيتىپ كۈلۈمسىرىدۇق. شا جۇمە داۋام قىلدى، — بىز بۇۋىسارە خېنىم ئۈچۈن نامەھرەم، بىزنى كۆرۈشتۈرمەي قورۇق خەت ئەكەلگىنىگە مېھمان قىلىش ئادىتىمۇ يوق. شۇڭا ياخشى چارە ئابلەھەت مىرزامنىڭ يازغان خېتى دېيىلگەن خەت ئورنىغا مىربىلال قارىي ئۆزى بىر خەت يېزىپ كىرگۈزۈشى كېرەك.

— خەتنى كىم ئەۋەتكەن دەيمىز، ئۇنى كىم يەتكۈزىدۇ؟ — سورىدى مۇھەممەت ئاقچى.

— شا جۇمە سەل ئويلىنىپ، ئاندىن:

— بۇۋىسارە خېنىمغا ئابلەھەت مىرزامدىن باشقا ئادەم خەت يازامامتى؟ — دېدى ھەممىلەننى كۈلدۈرۈپ، — ھېكىم ئاخۇن باي يازغان خەت دەپ، ئىنىمىز مۇھەممەت ئاقچى يەتكۈزىدۇ. خەتنى تۇردى ھاجى دېگىنى ئېچىپ كۆرۈپ بېقىشى مۇمكىنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، بىلال قارىي خەتنى يازغاندا ھەم ئۆزى توغرىسىدا خەۋەر بېرىدۇ. ھەم بۇ خەتتىن تۇردى ھاجى دېگىنى باشقا مەزمۇن چىقىرالمايدىغان بولىدۇ.

بىز ھېكىم ياپسانىڭ يېنىغا ئېلىپ چىققان خەتلەرنى بازارنىڭ خەتچىلىرى يازغاچقا، قەغەز - قەلەم زۆرۈرىيىتى بولمىغان، ماڭا قەغەز - قەلەم، سىياھ كېرەك ئىدى. شۇ ھەقتە ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ، يادىمغا ھېكىم ياپسانىڭ: «ياغ بازىرىغا بېرىپ تۇردى ھاجىنىڭ ھويلىسىنى سوراپ تاپساڭلار، ئۇنىڭ قىزى شۇ يەردىن چىقىدۇ. بۇ گەپنىمۇ مەن ئىككى يىلدىن ئاۋۋال چالا - پۇچۇق ئاڭلىغاندەك قىلىۋىدىم...» دېگەن گېپى كېلىپ قالدى. ھېكىم ياپسا مەيلى راست دېسۇن ياكى يالغاندىن دەپ قويسۇن، بۇۋىسارىنىڭ شۇ تۇردى ھاجىنىڭ ھويلىسىدا بار - يوقلۇقىنى

ئىنقىلاپ بېقىش كېرەك ئىدى. ئەگەر ھېكىم ياپسا راست دېگەندىمۇ ئۇنىڭ ئاڭلىغىنى ئىككى يىلنىڭ ئالدىدىكى ئىش بولۇپ چىقىدۇ. ئىككى يىلدىن بېرى بۇۋىسارەم نېمە كۈنلەرنى كۆردى؟ شۇ يەردە ئولتۇرىۋەردىمۇ ياكى كۆچۈپ كەتتىمۇ؟ بۇلارنى بىلمەي تۇرۇپ، خەقنىڭ قولىغا تۇتقۇزىدىغان خەت بۇۋىسارەمگە تەگكۈزۈلمەيلا قالماستىن، يامىنى كەلسە بېشىمغا بالا بولۇپ، ئۆزۈمنى ئۆزۈم تۇتۇپ بېرىدىغان پاكىت بولۇپ قالاتتى.

شا جۇمە بىلەن مۇھەممەت ئاقچى قەغەز، قەلەم، سىياھ ئالغىلى بازارغا كەتكەن، ئۆيدە چولپانخان بىلەن ئىككىمىز قالغانىدۇق. مەن باياتىن يادىمغا كەلگەنلىرىنى چولپانخانغا ئېيتىپ بەردىم. ئۇمۇ ماڭا ئوخشاشلا جىددىيلەشتى ۋە خەت يازماي تۇرۇشۇمنى تەۋسىيە قىلدى.

— ئاۋۋال خېنىمنىڭ جەزمەن شۇ يەردە ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈپ ئىنقىلاپ بېقىپ ئاندىن خەت يازسىلا، — دېدى ئۇ.

— قانداق ئىنقىلارمىز؟ — بېشىم قاتتى ۋە ئادەتلىنىپ قالغىنىمىز بويىچە ئىش كۆرمەكچى بولدۇم، — ئىككىيلەن كەلسە مەسلىھەت قىلىشىپ باقايلى...

— ھەممە ئىشنى مەسلىھەتلىشىۋېرىدىكەنلا، مەن بىرىپ سوراپ كەلمەيمۇ؟ — چولپانخاننىڭ جۈرئىتى چىرايىدىنلا ئەمەس، سۆز ئۇرغۇسىدىن بىلىنىپ تۇراتتى، — مېنىڭچە، بۇنى ئىنقىلاشقا كۆپ كۈچ، چوڭقۇر ئەقىل - پاراسەت كەتمەيدۇ. «تۇردى ھاجىمنىڭ ھويلىسى شۇمۇ؟»، «بۇ ھويلىدا بۇۋىسارە خېنىم ئاتلىق كىشى بارمۇ؟» دېگەندەك سوئالنى سوراش ۋە ئۇنىڭ جاۋابىنى ئېلىپ، سىلىگە يەتكۈزۈپ قويۇشقا كۈچۈم يەتمەسمۇ؟

بۇ بولىدىغان گەپ ئىدى. چولپانخان ئايال كىشى بولغاچقا كىرچى سىياقىدا، سۈتچى قىياپىتىدە، كەشتە - رەشلىيە ئىشلەيدىغان يۈزلىگەن ئاياللارنىڭ بىرى سۈپىتىدىمۇ سۈرۈشتە قىلالايتتى. ئۇنى بۇ ئىشقا ئەۋەتىش قالغان ئۈچىمىزنىڭ قايسى بىرىمىزنىڭ بارغىنىمىزدىن كۆرە ئەۋزەللىككە ئىگە بولۇپلا قالماي، خەتەرسىز، ئىشەنچلىك ئىدى. مۇنداق



ئەقىل نېمىشقا بالدۇرراق كەلمىدىكىن؟

— كىرچى ئاياللارنىڭ سىياقىدا باراي، — دېدى چولپانخان قانداق قىياپەتتە بېرىشنى تاللاش توغرىسىدىكى مەسلىھەتىمگە، — كىر سوراپ بارسام ئۆزۈمنىڭ تەقى - تۇرقۇممۇ يارىشىدۇ. ئەگەر يۇدۇرۇشقا سالسا، بۇ ئىش قولۇمدىن كەلگەچكە چاندۇرۇپمۇ يۈرمەيمەن. كىر يۇغاچ ئولتۇرۇپ بىر مۇنچە خەۋەر ئۇقۇشقىمۇ بولار تېخى...

مەن سۆيۈنگىنىمدىن ئېچىلىپ رەھمەت ئېيتتىم:

— سىلىنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم. كۆڭۈللىرى ئۈچۈنمۇ، ئەقىللىرى ئۈچۈنمۇ كۆپ رەھمەت...

— نېمە دېگەنلىرى بۇ؟ — دېدى ئۇ كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ، — سىلىنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقلىرىنى بىر ئۆمۈر خىزمەتلىرىنى قىلسامىمۇ ياندۇرۇپ بولالمايمەن. كونا خامىنىنى سورۇپ يۈرمەي... دېيىدىغىنىم: مېنى ئەسلى ئادەمگە قايتۇرغانلىقلىرى ئۈچۈن...

ئۇ يىغلىۋەتتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ بۇنچىۋالا چوڭقۇر، نازۇك ھېسسىيات بىلەن ماڭا مىننەتدار ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقمىغانىدىم، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالاھىدە بىر ئىش قىلىپ بەردىم دەپمۇ قارىمايتتىم. قىلغان - ئەتكەنلىرىم ھايات يولۇمدا دوقۇرۇشۇپ قالغان نورمال، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار بولۇپ تۇيۇلاتتى، خالاس! بىراق، ھازىر بۇنى ئىزھارلايدىغان ۋاقىت ئەمەسلىكىنى سەزدىم. ئەگەر ئويلىغىنىمدەك ئىزاھات بەرسەم، چولپانخاننىڭ ھېسسىياتى زەربە يېگەن، غۇرۇرى يەرگە ئۇرۇلغاندەك تۇيۇلۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ مېنى ئاتايىتەن شۇنداق قىلغان دەپ ئويلاۋەرسۇن، بۇنىڭ ھەر ئىككىمىزگە نېمە زىيىنى بېكەر؟ زۆرۈر تېپىلغاندا كەلگۈسىدە سۆزلىشىشكە پۇرسەت چىقىپ قالار...

— ئۇ ئىككىيلەن كېلىپ بولغۇچە مېنى ياغ بازىرىغا باشلاپ ئاپىرىپ ئورۇننى كۆرسىتىپ قويسىلا، — دېدى ئۇ يەنە ئىككىيلەن قايتقاندىن كېيىن ئۇلارنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇپ يولغا چىقايلى، دېگەن تەكلىپىمگە قارشى ھالدا، — ئۆزۈم بېرىۋېرەي دېسەم، شەھەر ئىچىنى

بىلمەيمەن، تاپالماسلىق تۇگۇل، ئۇچەيگە ئوخشاش كوچىلاردا ئېزىپ قالامدىمەنكىن، دەپ ئەنسىرەيمەن.

ماڭا ماقۇل بولۇشقا توغرا كەلدى. «خىزمەت قىلىش» قا ئالدىراپ تۇرغان چولپانخاننى باشلاپ شەھەرگە كىردىم. كىشىلەرنىڭ بىر دىۋانە بىلەن ئوتتۇرىھال كىيىنگەن بىر ئايالنىڭ تەڭ مېڭىۋاتقىنىغا ئەجەبلەنمەسلىكى ئۈچۈن كېلىشكىنىمىز بويىچە ئون قەدەمچە ئارىلىق قالدۇرۇپ ماڭدىم.

ياغ بازىرى ئۈچ كوچا دوقمۇشىدىكى ئاۋات بازار بولۇپ، بىر تەرىپى ئارا يار، بىر تەرىپى قازانچىلار مەھەللىسىگە كېتىدىغان چوڭ يولنىڭ ياقىسىدا ئىدى. يولنىڭ جەنۇبىي ياقىسىغا جايلاشقان بۇ بازاردىن يۇقىرىلاپ ماڭسا قوناق بازىرىغا بارغىلى بولاتتى. مۇنداق كۆجۈم - ئاۋات بازارنىڭ ئەتراپىدا بىر مۇنچە كوچىلار بار، تۇردى ھاجىنىڭ ھويلىسى قايسى كوچىدا؟

توختاپ قالغىنىمنى كۆرگەن چولپانخانمۇ توختىدى. ۋاقىت پېشىندىن ئۆتكەن بولۇپ، بازارمۇ بېسىقىشقا چۈشكەن، ئانچە كۆپ ئادەممۇ يوق ئىدى. چولپانخاننى يولنىڭ يارلىق تەرىپىدىكى بىر ئېتىك دۇكاننىڭ يېنىغا ئىشارەت بىلەن چاقىرىپ، ئۇنىڭدىن بىر نەرسە تىلەۋاتقاندەك قىياپەتتە يېڭى قىيىنچىلىقنى خەۋەر قىلدىم:

— ياغ بازىرى دېگەن مۇشۇ يەر شۇ! سىلە نامەھرەملەرنى كۆزدىتىدىغانلار گۇمان قىلماسلىقى ئۈچۈن يانچۇقلىرىنى كولىغان بولۇپ تۇرسىلا، — دېدىم چاندۇرماي تۆت تەرەپنى كۆزەتكەچ، — تۇردى ھاجىنىڭ ھويلىسىنى نەدىن تاپىمىز؟

چولپانخان ئەنسىرەپ كەتمىدى:

— مەن ئاياللار ئۇچرىسا سوراۋېرىمەن. سىلى سارايغا قايتىپ، ئاۋۇ ئىككىيلەننى خەۋەردار قىلغاچ مەندىن خۇش خەۋەر كۈتسىلە...

— قايتاشىلىرىدا...

— ئەمدى ئېزىپ قالمايمەن، — دېدى ئۇ ئىشەنچ بىلەن، — كەلگۈچە يولنى كۆرۈۋالدىم. ياغ بازىرى دېگەن چوڭ يول ئۈستىدە



ئىكەنغۇ؟

ئۇنىڭغا مۇۋەپپەقىيەت تىلەپ يانغا بۇرۇلدۇم. چۈنكى، دوقمۇشتىكى بىر نەچچەيلەن ئىككىمىزگە سەپسالغىلى تۇرغانلىقىنى سېزىپ قالغانىدىم. لېكىن، شۇئان قايتىپ كەتمەي چولپانخاننى نېرىدىن كۆزىتىش ئۈچۈن يولنىڭ جەنۇب قاسنىقىدىكى ئېرىق بويىغا بېرىپ ئولتۇردۇم. چولپانخان ئۆزى دېگەندەك ياغ ساتىدىغان دۇكانلار قاتارىغا قاراپ كەتتى. ياغ ئالىدىغان خېرىدارلار بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا بىر - ئىككىدىن، كېلىپ - كېتىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى. ئاشۇنداق خېرىدارلار ئىچىدە يۈزىنى ئات قىلىدىن ياسالغان چۈمبەل بىلەن ياپقان ئېسىلزادە ئاياللار بىلەن بوز، سەگەز ياغلىقلار بىلەن ياپقان تۆۋەن تەبىقە ئاياللىرىمۇ بار ئىدى. چولپانخان، تەبىئىيكى، دەرھاللا بىرەرىگە مۇراجىئەت قىلالمىدى، ئۇ تارتىناتتى. پەملىشىمچە، ئۇ كەمبەغەلرەك ئاياللارنى ئىزدىمەكتە ئىدى. مەن ئۇنى ئۆز ھالىغا قويۇپ ئاياغ تەرەپكە قارىدىم...

قارىدىم ۋە ھەيرانلىقتىن قېتىپ قالدىم. يول بويىدىكى ئېرىق ياقىسىدا سەككىز - توققۇز ياشلاردا بار بىر قىزچاق بىر سىقىم سۇيى قاچقان لايىنى كىچىككىنە، ئۇماق قوللىرى بىلەن پاقىشتىپ ئۇرۇپ ياپىلاق قىلىپ «نان» ئېچىپ ئويناۋاتاتتى. قىز سېمىز، پۇت - قوللىرى كۈچلۈك ئىدى. چوڭلارنىڭ كىيىمىدىن بۇزۇپ تىكىپ بەرگەن ئەتلەس كۆڭلىكى بەدىنىگە ھىم كەلگەن ۋە سەل كىچىكلىك قىلغانىدى. قىزىل تاۋار ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقى ھوشۇقىغىچە كەلگەن، پۇتىدا لاي يېپىشقان سەندەل بار ئىدى. قىزنىڭ بېشىغا كىيىۋالغىنىمۇ رەڭگى ئۆڭگەن، گۈللىرىنىڭ يېپى قىرچىلغان كونىراق تەتىللا دوپپا ئىدى. بۇلاردىن قىزنىڭ باي ئائىلىلەرنىڭ نەزىرىدىن چەتتە قالغانراق ئەۋلادىغا تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. ئەمما، مېنى ھەيران قالدۇرغىنى ئۇنىڭ ئۇستىۋاشلىرى بولماستىن چىرايى ئىدى. ئۇنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس سېرىققا مايىل ئاق يۈزىدە قىپقىزىل مەڭزى ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇراتتى. لېۋى، ئېڭىكى، كىچىككىنە بولسىمۇ پەرق ئەتكىلى بولىدىغان زىناقلىرى

مەن ئۇچۇن ناھايىتى تونۇشلۇق ئىدى. شۇ ئەسنادا ئۇ ئۆزىگە قاراپ قالغىنىمنى تۇيدىمۇ قانداق، «نان» غا قاراتقان كۆزىنى ماڭا تىكتى ۋە بىر-ئىككى سېكۇنت شۇ پېتى تۇرۇپ قالدى. ماڭا شۇ ۋاقىت تولۇق يەتتى: كۆرۈۋاتقىنىم بۇۋىسارەمنىڭ كىچىكلىگەن سىماسى ئىدى. قىلچە گۇمانسىز، شەك-شۈبھىسىز، قۇيۇپ قويغاندەك بۇۋىسارە ئىدى، ئون يىل كۆرمىگەن بولسامۇ، ھېچقاچان يادىمدىن چىقمىغان، كىچە-كۈندۈز كۆز ئالدىمدا تۇرغان بۇۋىسارەمنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. ئادەم زاتىنىڭ بىر-بىرىگە مۇنچىۋالا ئوخشايدىغانلىقى ئەقلىمنى لال قىلاتتى. بۇ نېمە گەپ؟ بۇۋىسارەمنىڭ بۇنداق ياشتىكى سىڭلىسى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى! بۇ ئۇنىڭ...

مەن قىز تەرەپكە سىيپلاپ سىلجىپ باردىم. قىز قولىدىكى «نان» نى تاشلىۋېتىپ ماڭا ئەجەبلىنىپ قارىدى، كۆزلىرى چەكچىيىپ، قوشۇمىلىرى تۈرۈلدى. قوشۇمىسىنى تۈرۈشلىرىمۇ بۇۋىسارىگە ئەينەن ئوخشايتتى. لېكىن، قىزنىڭ ئەجەبلىنىشى مەن يېقىنلاپ بارغانسېرى قورقۇشقا ئۆزگەردى، ئۇنىڭ چەكچەيگەن كۆزلىرىدە ئاللىقانداق ۋەھىمە يالتىراپ ئۆچتى. مەن ئالدىراپ:

— قىزىم، ئاتىلىرىڭنىڭ ئىسمى كىم؟ — دەپ سورىدىم.

قىز جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇپ كۆتۈرۈلدى ۋە قاچمەن، دەپ پۇتلىشىپ ئېرىققا چۈشۈپ كېتىشكە تاس قالدى. ئۇنىڭ لاي قوللىرىنى بېغىشىدىن تۇتۇۋالدىم-دە:

— قىزىم، قورقمىسىلا، كىمنىڭ قىزى سىلى؟ — دېدىم.

قىز تۇساتتىن «ۋار» قىلىپ يىغلىۋەتتى. ئۇنى «يىغلىمىسىلا جان قىزىم...» دەپ بەزلەشكە ئۇرۇنسامۇ، ئۇ پەس بولۇشنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ كۈچىنىپ يىغلىغىلى تۇردى. ئۇنىڭ يىغلىغان چاغدىكى چىراي كۆرۈنۈشلىرىمۇ پۈتۈنلەي بۇۋىسارەمنىڭ قىياپىتىنى ئەسلىتەتتى. بۇ قىزنىڭ بۇۋىسارەمدىن تۇغۇلغانلىقىنى قانداق بىلمەي قالاي؟ ساراڭغا ئوخشاش دەم كۈلۈپ، دەم يىغلاپ، قىزنى باغرىمغا تارتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلاتتىم ۋە:



— تاپتىم، تاپتىم سېنى بۇۋىسارەم! — دەپ خىتاب قىلاتتىم ئۆز-ئۆزۈمگە ۋە يەنە قىزدىن سورايتتىم، — ئاتىلىرىڭنىڭ ئىسمى بۇۋىسارە خېنىم، شۇنداقمۇ قىزىم، ئاتىلىرى نەدە قىزىم؟

قىزنىمۇ يىغلىتىپ، ئۆزۈممۇ يىغلاپ، قانچىلىك ئولتۇراردىمكىن، بىقىنىمغا تەگكەن زەربىلىك كۈچىنىڭ تەسىرىدىن ئېرىققا يۇملاپ چۈشۈپ، ئېسىمگە كەلدىم. ئېگىز بويلۇق، قىسقا بۇرۇت، كالتا ساقال قويغان، ئوتتۇز بەش-ئوتتۇز يەتتە ياشلار ئارىسىدىكى شايى تون، كۆن ئۆتۈك كىيگەن بىر كىشى قىزنىڭ بېشىنى سىلىغاچ، ماڭا يەپ كەتكۈدەك قادىلىپ قاراپ تىللاپ تۇراتتى:

— ئەقىل-ھوشىنى ئىت يەپ كەتكەن ساراڭ، يوقال بۇ يەردىن! دەرھال كۆزدىن يىتمىسەڭ، تېپىك ئورنىغا كالتەك يەيسەن...

مېنى ئۇ تېپىپ يىقىتقانلىقىنى، قىزنى تارتىپ ئالغىنىنى سەزدىم. مەندە كېتىش خىيالى يوق ئىدى. قىزغا ئىنتىلگىنىمچە ئانچە چوڭقۇر بولمىغان ئېرىقتىن چىقىشقا تىرىشىپ تۇرۇپ:

— قىزىم، ئۆيلىرى قايسى، ئاتىلىرى قېنى؟ — دەپ تەكرارلىدىم.

ئەتراپقا ئولىشىۋالغان كىشىلەر، باللار چۇقۇرۇشۇپ، مېنى زاڭلىق قىلىشقىلى تۇردى:

— ساراڭ ئىكەن ياللاڭتۆش ئەبگا!

— نەشىنى كۆپ چېكىپ، گۆلەختە يېتىپ، كاللىسىنى ئالدۇرۇپ قويغان گەپ!

— خۇپسەن ساراڭ، جاھان سارىڭى... ساقلىغا قاراڭلار، ياپياش تۇرۇپ يالغان ساراڭ بولۇۋېلىپ، ئاسان نان نەدىكىن دەپ يۈرگەن ئەينۇلاردىن بىرى ئوخشايدۇ...

— كىچىك باللارنىڭ ئانىسىنى سوراپ يۈرگىنىنى قارىمامدىغان...

— بۇنداق رودىپايلارغا دەررە لازىم، ئۇرۇڭلار ئۇنى...

بۇ چاقىرىق رول ئويناپ، باللار ماڭا تاش، داڭگال، لاي ئاتقىلى

تۇردى. مەن ھېلىقى قىزدىن كۆزۈمنى ئۈزمەيتتىم. ئۇنى مەندىن تارتىۋالغان كىشى جامائەتنىڭ مېنى تىللاۋاتقانلىقىدىن ۋە بالىلارنىڭ «چالما - كېسەك» قىلىۋاتقانلىقىدىن قانائەت ھاسىل قىلدى بولغاي، قىزنى يېتىلەپ توپ ئىچىدىن چىقىپ كەتتى. باش - كۆزۈمنى ئىككى قولۇم بىلەن چالما - داڭگاللاردىن ھىمايە قىلىپ تۇرغاچ ئۇلارنى كۆزەتتىم، تام بىلەن ئېرىق ئارىلىقى تار بولغانلىقتىن ئادەم شالاڭ ئىدى. مەن ھېلىقى كىشى بىلەن قىزنىڭ دوقمۇشتىن سانىغاندا ئۈچىنچى ئىشىك ئىچىگە كىرىپ كەتكىنىنى كۆرۈۋالدىم. «ئۈچىنچى ئىشىك» دەپ ئەسلىۋالدىم يەنە.

— جېنىڭ تېنىڭدىكى چاغدا يوقال بۇ يەردىن دىۋانە، — دېدى مويسىپىتراق بىر كىشى ماڭا، — چالمىدا ئۆلمىسەڭمۇ دورغىلار كېلىپ قالسا، ئەھۋالىڭ چاتاق بولىدۇ...

— توۋا دېگۈلۈك مۆمىنلەر، — دېدى يەنە بىر كىشى يىغىلىۋالغانلارغا مۇراجىئەت قىلىپ، — بۇ بەندە گۇناھىغا لايىق چالما يەۋالدى. ئەمدى ئۇمۇ يولىغا ماڭسۇن، سىلەر تارقىلىڭلار...

— بۇ مەھەللىگە ئاياغ باسمايدىغان بولدى ئەمدى...

تارقىلىدىغانلارمۇ بولدى، لېكىن، ئۆتكۈنچىلەر تارقالغانلارنىڭ ئورنىنى تولۇقلاپ تۇراتتى. مويسىپىت مەسلىھەت بەرگەندەك، كۆزدىن يوقالمىسام بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم ۋە ئۆمىلەپ دېگۈدەك ئېرىقتىن چىقىپ، قازانچىلار مەھەللىسى تەرەپكە مېڭىپ كەتتىم. قۇلىقىمغا قارغىشلار، تىللاشلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىقىنىم، باش، دولا ۋە بىلەكلىرىم ئاغرىيتتى. ئەمما، روھىمدا بىلىنەرلىك شادلىق بار ئىدى. ئىچىمدە بولسا: «تاپتىم، ئاخىر تاپتىم. ئۇ قىزنىڭ بۇۋىسارەمنىڭ قىزى ئىكەنلىكىدە شەك يوق... ئۈچىنچى ئىشىك...» دەپ ئويلايتتىم. تۆشۈك دەرۋازىسىدىن چىققاندا ھەتتا، راستتىنلا كۈلۈۋەتتىم: «شۇنداق ئاسانلا تېپىۋالدىم - ھە!»

سارايغا قايتىپ كەلگەندە شا جۇمە بىلەن مۇھەممەت ئاقچى ماڭا كايىش نەزەرىدە قارىدى:



— نېمە بولدى؟ — سورىدى شا جۇمە پۈتۈنلەي لاي - توپا بىلەن بۇلغانغان ئۈستىۋېشىمنى ئىشارەت قىلىپ.

— تاياق يېدىم، چالما - كېسەك قىلىندىم، — دېدىم كۈلۈپ كېتىپ. ئىككىيلەن تېخىمۇ ھەيران قالدى. مۇھەممەت ئاقچى:

— خۇشال قىلىدىغان تاياقمۇ بولىدىكەن - دە؟ چولپانخان قېنى، سىلەرگە نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سورىدى.

ئۇلارنى تەقەززا قىلماسلىق ھەم ئىچىمگە پاتمايۋاتقان يېڭىلىقنى تېزرەك ئېيتىش ئۈچۈن چولپانخان بىلەن قىلىشقان مەسلىھەتتىن باشلاپ ھەممە ئىشنى دەپ بەردىم.

— بۇۋىسارە خېنىمغا ئوخشايدىغان قىز بولۇپ يۈرمىسۇن يەنە؟ — دېدى شا جۇمە شۈبھە بىلەن، — ئۇ قىز كىمدىن بولغان قىز، سىلى پەرزەنت كېپىنى قىلمىغانغۇ؟

— بىلال قارىم سولاق - ھەپسىلەردە يۈرۈپ، كېيىن قېچىپ سەرسان بولۇپ يۈرگەن چاغلاردا تۇغۇلغان بولسا بىلمەي قالىدۇ - دە؟ — دېدى مۇھەممەت ئاقچى.

مەن بۇلار توغرىسىدا ئويلاپ باقمىغانلىقىمغا ئۆكۈندۈم. لېكىن، قىز بۇۋىسارىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى.

— شۇنداق، ئۇ مېنىڭ قىزىم، يېشىمۇ توغرا كېلىدۇ، — دېدىم.

شۇنداق دېدىمۇ، ئىچىمگە باشقىچە بىر مۇزلۇق ئېقىم باستۇرۇپ كىرىۋاتقاندەك ئەندىكىپ كەتتىم. شۈبھىلىك، ئۆزگىچە ئېھتىماللارنى ئويلاش تۈگۈل، مۇمكىنچىلىكىنىمۇ ئەسكە ئالغۇم كەلمەيتتى. مۇھەممەت ئاقچى ماڭا ياردەمگە كەلدى.

— قېنى چولپانخان كەلسۇن، نەتىجىسىز قايتسا بۈگۈن كەچقۇرۇن ئۆردىكىنى ئۆردەك، غېزىنى غاز قىلىۋېتىپ ئازاد بولايلى!

— قانداق قىلىپ؟ — نېمىدۇر بىر نېمىدىن شۈبھىلىنىشتىن قۇتۇلالمايۋاتقان شا جۇمە كۆڭۈلسىز ماۋزۇنى باشلاپ قويغىنىغا پۇشايمان قىلغاندەك سورىدى.

— بىلال قارىي كۆرۈۋالغان ھويلىغا ئوغرىلىقچە كىرىمىز، — دېدى

مۇھەممەت ئاقچى بىرگە ئاچچىق قىلغاندەك زەردە بىلەن، — ھېلىقى قىزنىڭ ئانىسى زادى بۇۋىسارە خېنىممۇ، ئەمەسمۇ، بىلىپ يانىمىز . . .

— شۇنداق قىلىش ياخشىدەك تۇرىدۇ، — دەپ قويدى شا جۇمە.

ئۇنىڭ دەيدىغان گېپى بارلىقىنى، كەيپىياتىمنى ۋە مۇھەممەت ئاقچىنىڭ ئەلپازىنى كۆزدە تۇتۇپ دېيەلمەيۋاتقىنىنى تۇيدۇم. كەيپىم ئۇچتى. قىز بۇۋىسارىگە يۈزدە يۈز ئوخشىغىنى ئۇنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتى بولالىغىنىدىمۇ قىزنىڭ دادىسى مەن ئىكەنلىكىمگە ئىسپات بولالامدۇ؟ قىز ئەگەر توققۇز ياشقا توشمىغانلا بولسا، بۇ يەردىكى ھەممە گەپ - سۆزلەرنىڭ مەن بىلەن مۇناسىۋىتى قالمايتتى. بۇنداق بولۇشنى خىيال قىلىشمۇ مەن ئۈچۈن ئۆلۈمگە تەڭ ئىدى. بۇ ھەقتە بىرىنچى قېتىم چولپانخان سەمىمگە سالغانىدى. ئۇ شا جۇمەنى گۇمبەزدىن ئاچىقىپ ھارۋىغا ياتقۇزۇپ قويۇپ، مۇھەممەت ئاقچىنىڭ «قىساس» ئېلىپ قايتىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرغان ھېلىقى بىر كېچىسى مەندىن: «سىلى خېنىملىرىنىڭمۇ ئون يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان ئەقىدىسىنى ئۆزگەرتمەي، سىلىنى ساقلاۋاتقانلىقىغا ئىشىنەملا؟» دەپ سورىغانىدى. شۇ چاغدا ئاغزىمدا: «ئىشىنىمەن!» دەپ جاۋاب بەرگەن، كۆڭلۈمدە بولسا: «شۇنداق، قەتئىي، ئۆزۈل - كېسىل ئىشىنىمەن . . .» دەپ تەكرار - تەكرار ئويلىغانىدىم. بۇ جاۋاب بۇۋىسارىنى كۆرمىگەن، مېنى بولسا تېخى كۆرگەن بولسىمۇ چۈشەنمەيدىغان بىر ئايالغا بەرگەن جاۋابلا ئەمەس، ئۆز - ئۆزۈمگە بەرگەن جاۋاب، كۆڭلۈمگە لىقلىغان ئىشەنچ ئىدى. ئەمدىكىسىنى نېمە دەپ ئىزاھلاي؟ قىزنى قولۇمدىن تارتىۋالغان، مېنى تېپىپ ئېرىققا ئىتتىرىۋەتكەن ھېلىقى ئېگىز بويلۇق، بۇرۇتلۇق كىشى كىم؟ قىزنىڭ دادىسى كىم، دېگەن شۈبھىگە ئەمدى بۇ ھېلىقى ئەركىشى كىم دېگەن يېڭى تەشۋىش قوشۇلدىغۇ؟

ئۈچىلىمىزنىڭ كۆڭلى پاراكەندە ئىكەنلىكى جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتكەنلىكىمىزدىنلا چىقىپ تۇراتتى. بىز ھەرىكەت قىلماي، پاراڭمۇ سېلىشماي ئۇزاق ئولتۇردۇق. شامغا يېقىن چولپانخان سولاشقان ھالدا قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن تۇردى ھاجىنىڭ ھويلىسىنى تاپالمىغانلىقىنى



بىلگىلى بولاتتى. شۇنداقتىمۇ شا جۇمە سوراپ قويدى:

— تاپالمىغان ئوخشىماملا قىزىم؟

چولپانخان ئۈچىمىزنىڭ كەيپى بوشلۇقىنى قانداق چۈشەندى، ئۆزىچە يىغلىۋەتتى ۋە نۇرغۇن خوتۇنلاردىن سوراپمۇ بۇۋىسارە خېنىم تۇرۇۋاتقان تۇردى ھاجى ئىسىملىك ئادەمنىڭ ھويلىسىنى تاپالمىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ ماڭا خىجالەت بولغاندەك قاراپ قويۇپ:

— ئەتە چوڭ يولدىكى ھويلىلارنى سۈرۈشتە قىلاي، — دېدى.

— ھازىرچە قورساق باقىدىغان ئىشنى قىلايلى، — دېدى مۇھەممەت ئاقچى گەپنى باشقا ياققا بۇراپ ۋە تاماق بۇيرۇتۇش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى.

شا جۇمە چولپانخانغا بۈگۈن مەن بىلەن بولغان ماجىرالارنى سۆزلەپ بەردى. گەپ تۈگىگەندە «شۇنداقمۇ؟» دېگەن سوئال نەزىرىدە قارىغان چولپانخانغا «ھەممىسى راست» دەپ تەستىق ئىشارىتى بىلەن بېشىمنى لىڭشىتتىم.

— ئاخشاملىقتا بۇلار شۇ قىزنىڭ ھويلىسىغا بېرىپ كۆرۈپ باقماقچى بولۇۋاتىدۇ، — دېدى شا جۇمە.

گەپ ئۈستىگە مۇھەممەت ئاقچى كىردى ۋە شا جۇمەنىڭ سۆزىنى تولۇقلاپ شۇنداق دېدى:

— ئاتىمىزنىڭ ۋاقىت ھەققىدىكى سۆزى ئورۇنلۇق. بەك كېچىكىپ قالساق شەھەرگە كىرەلمەيمىز، كىرەلىگەندىمۇ خېنىمنىڭ ھويلىسىغا چۈشۈپ، ئۇنىڭ راست شۇ ياكى ئەمەسلىكىنى پەرق قىلىش ئۈچۈن چىراغ يېقىشقا توغرا كېلىدىكەن . . .

— ئەڭ ياخشى پەيت خۇپتەننىڭ ئالدى - كەينى، — دېدى شا جۇمە يەنە.

ئۈچەيلەن تەڭلا ماڭا قارىدى.

— تاماقنى يەپلا ئاتلىنايلى، — دېدىم قارار قىلىپ.

مۇھەممەت ئاقچى پولۇ بۇيرۇتقانىدى. بىز جىنچىراغ يورۇقىدا دۇئا قىلىشتۇق، چايمۇ ئىچمەي مۇھەممەت ئاقچى بىلەن ئىككىمىز شەھەرگە

كىرىپ كەتتۇق. خۇپتەن ۋاقتىنى كۈتۈش ئۈچۈن ئالدىرىماي، گەپ ـ سۆزسىز ياغ بازىرى تەرەپكە قاراپ كەتتۇق. قاراڭغۇلاشقان كوچا جىمجىت ئىدى. بىرەر بىر ئۇچراپ قالىدىغان ئادەملەر بىزگە دىققەتمۇ قىلمايتتى. توپىلىق يولغا بولۇق سېپىلگەن سۇ يولدىكى چاڭنى بېسىپ كەتكەن بولسىمۇ، مېڭىشنى قىيىنلاشتۇرۇپ لاي قىلىپ قويغانىدى. بۇ هال مىرشاپ، دورغىلار ئۇچرىغاندىمۇ پۈتى ئاستىغا قاراپ، بىزگە سەپسېلىپ يۈرەلمەيدىغان شارائىت ياراتقانىدى.

دەل ياغ بازىرىغا كەلگىنىمىزدە، دوقمۇشتىكى مەسچىتتىن خۇپتەنگە ئەزەن چىقتى. مەن دوقمۇشتىن سانىغاندا ئۈچىنچى رەتتىكى قوش قاناتلىق ئىشىكنى كۆرسىتىپ:

– مۇشۇ ئۆي، — دېدىم پەس ئاۋازدا.

— هىم، — دەپ قويدى مۇهەممەت ئاقچى ۋە جەينىكى بىلەن مېنى تۈرتۈپ، يولنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى ياغاچ لەمپىلىك تۆمۈرچىلىك دۇكىنى تەرەپكە باشلاپ كەتتى. دۇكان ئېتىك بولسىمۇ ئىشىك ئالدىدا سەندەل قويىدىغان كۆتەك،ساندۇق، كۆيەك بار ئىدى. لەمپە بولغانلىقتىن، دۇكان ئالدى تېخىمۇ قاراڭغۇ ئىدى.

— مۇشۇ يەردە كۆزىتەيلى، — دەپ پىچىرلاپ زوڭزايدى مۇهەممەت ئاقچى ساندۇق دالدىسىدا، — ئۆيدىكى ئەركىشى نامازغا چىقىپ كەتكەندە كىرىمىز...

— ئايال ـ قىزلار قورقۇپ كەتمەس ـ هە ؟

مۇهەممەت ئاقچىنىڭ سۇس كۈلكىسى ئاڭلاندى :

— دېرىزىدىن ياكى دېرىزە بولمىسا ئىشىك قىسىلچىقىدىن ئىچىگە قاراپ بېقىشقا تىرىشارمىز. بىزنىڭ مەقسىتىمىز بۈۋىسارە خېنىم شۇمۇ، ئەمەسمۇ ئىكەنلىكىنى بىلىش ئەمەسمۇ ؟ قالغان گەپ ـ سۆزلەرنى ئەتە...

خۇپتەنگە مېڭىۋاتقانلار كۆپىيىپ قالغانلىقتىن، مۇهەممەت ئاقچى پىچىرلاپ قىلىۋاتقان گېپىدىنمۇ توختىدى. هەر ئىككىلىمىز هېلىقى قىممەتلىك ئىشىكتىن كۆز ئۈزمەي ئولتۇرۇپ كۈتۈشكە باشلىدۇق.

شۇ ئۆينىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئىككى ئىشىكتىن ئادەم چىقتى ۋە



ئىشىك ئىچىدىكىلەرگە بىر نېمىلەرنى دەپ قويۇپ مەسچىت تەرەپكە كەتتى. سول تەرەپتىكى ئىشىكتىن ئۈنى چىڭ، ئوتتۇرا ياشلاردا بار دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدىغان بىر كىشى چىقتى ۋە گېپىمنى بىرى ئاڭلاپ قالار دېمەمۇ ئەنسىرىمەي، خۇپتەندىن كېيىن ئۆيگە قايتمايدىغانلىقىنى، ۋەدە قىلىپ قويغان باراۋەتكە كېتىپ، ئەتىسى بامداتتىن يېنىپ ئۇدۇل دۇكانغا بارىدىغانلىقىنى، شۇڭا ئىشىكنى تاقاپ، ئەتە چۈشكۈچە ئاچماسلىقنى تاپىلاپ مېڭىپ كەتتى. بىز كۈتكەن ئىشىكتىن بولسا هېچكىم چىقمايتتى. مۇهەممەت ئاقچى تېپىرلايتتى ۋە ئېغىر ـ ئېغىر تىناتتى.

خۇپتەنگە بارىدىغانلارمۇ قالمىدى. يول جىمجىتلىشىپ كەتتى. بىز قاراپ تۇرغان ئىشىكتىن ئەمدى ئادەم چىقىشنى كۈتۈشمۇ ئاۋارىچىلىك. مۇهەممەت ئاقچى كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلدى :

— شۇ تاپتا هويلىدا ئەركىشى يوق بولسا كېرەك...

جاۋاب ئورنىغا بېشىمنى « شۇنداق » ئىشارىتىگە لىڭشىتتىم.

مۇهەممەت ئاقچى ئۈنىنى پەس چىقىرىپ :

— ئىشىكنىڭ لوكىسىنى ئېچىپ بېقىشقا ئۇرۇنۇپ باقاي. ئاچالىسام كېيىنىمدىنلا كىرسىلە، — دېدى ۋە ماقۇللۇقۇمنى ئالغاندىن كېيىن يەنە داۋام قىلدى، — ئەگەر ئاچالمىسام، تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ، ئىشىكنى ئىچىدىن ئاچىمەن. خۇدا ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە سېلىپ، قۇلۇپ سالغۇزمىغانلا بولسا... ئەگەر قۇلۇپ سېلىنىغان بولسا، سىلىگىمۇ تامدىن ئارتىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

— مەيلى، — دېدىم مەنمۇ پىچىرلاپ. ئىچىمدە بولسا : « بۈۋىسارە بىلەن كۆرۈشۈشلا نېسىپ بولسا تام ئارتىلىش ئەزەلدىن ئادەت بولۇپ قالغان ئۇدۇم... » دەپ ئويلىدىم.

مۇهەممەت ئاقچى بېرىپ ئىشىك بىلەن هەپىلىشىدىغان، مەن ئولتۇرۇپ نەتىجىسىنى كۈتىدىغان بولۇپ كېلىشىپ، ئۇ ئەمدى ئورنىدىن تۇرۇشىغا نېرىدىن سەندەل كىيگەن بىر كىشىنىڭ سىماسى پەيدا بولدى. ئاپامنى يۆتكىگەندە سەندەلنىڭ تاپانغا تېگىپ چىقىرىدىغان « شاق ـ شاق » ئاۋازى ئۇ كىشىنىڭ ئالدىراش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. مۇهەممەت

ئاقچى دەرھال ئولتۇرۇۋالدى . « شاق ـ شاق » ئاۋازىنىڭ ئىگىسى ئەمدى خېلى ئېنىق كۆرۈندى . ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى ئاق يەكتىكى ۋە بېشىدىكى سەللىسى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە پەرقلىق كۆرۈنەتتى . غەلىتە يېرى ، ئاق يەكتەك كىيگەن بۇ سەللىلىك بىز كۈتكەندەك يول بويلاپ كېتىۋەرمەي ، دەل بىزگە كېرەكلىك ئىشككە قاراپ ماڭدى . بىر پەس تۇردى ۋە ئىشكنى ئېچىپ كىرىپ كەتتى . كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئىشىك تاقالدى ۋە جىمجىتلىق ئەسلىگە كەلدى . مەن ئىشىك ئېشىدىن تاقالغان بولسا ئۇ ئېچىپ كىردى ياكى ئۇنىڭ ئىچىدىن تاقالغان ئىشكنى ئاچالايدىغان ئۆزىگە مەلۇملۇق چارىسى بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم . مۇھەممەت ئاقچىمۇ :

— باياتىن ئىشىك ئوچۇق ئىكەن . ئەمدى ئىچىدىن قۇلۇپلىۋالدى بولغاي ، — دېدى ۋە ئازراقلا ئويلىنىپ داۋام قىلدى ، — بىر يولى تامدىن ئارتىلىپلا كىرەيلى ، ھەم ئاسان ، ھەم تېز . . .

بېشىمنى لىڭشىتىپ ماقۇل بولدۇم . ئىككىمىز تەڭلا ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ، تېز ، ئۈنسىز قەدەملەر بىلەن يولنى كېسىپ ئۆتتۇق ۋە ھايالسىزلا ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلدۇق . مۇھەممەت ئاقچى ئىشىكنىڭ ئىككى قانىتىنى ئىككى قولى بىلەن ئىتتىرىپ باقتى . ئىشىك ئىچىدىن تاقالغانىدى .

— زەنجىرلىك ئىشىك ئىكەن . تامدىن ئارتىلايلى ، قېنى ، چىقىسىلا ، — دېدى ئۇ قۇلىقىمغا ۋە سەل ئېڭىشىپ تىزىنى رۇسلاپ ، مېنى تىزىغا دەسسەپ كۆتۈرۈلۈشكە ئىشارەت قىلدى .

مەن تارتىنىشىپ تۇرمايلا ئۇنىڭ تىزىغا دەسسەپ كۆتۈرۈلدۈم . ئاندىن ئۇ سول دولىسىنى بوش ئۇرۇپ قويدى . ئۇنىڭ ئىماسىغا چۈشىنىپ دولىسىغا دەسسەپ كۆتۈرۈلدۈم ، تام بىلەن تەڭلەشتىم . ئۈستىگە بىرلا ئىرغىپ قورسىقىمنى ئالدىم . قالغان ئىشلار ماڭا قىيىن ئەمەس ئىدى . تامنىڭ ئۈستىدە جايلىشىپ ئولتۇرۇۋېلىپ ، مۇھەممەت ئاقچىغا قانداق ياردەم قىلىش ھەققىدە باش قاتۇرۇپ بۇرۇلۇپ قارىغىنىمدا ، ئۇ ئىككى ئادەم بويى ئېگىزلىكتىكى تامنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىگە چىقىپ بولغانىدى . ئۇ ئىككى قولىدىكى ئىككى پىچاقنى ئېسىلىپ كۆتۈرۈلەتتى ۋە چاقماق تېزلىكىدە بىر پىچاقنى تامدىن سۇغۇرۇۋېلىپ ، يەنىمۇ ئۈستۈنـ



رەككە قادايتتى . بۇنداق چارە بىلەن تامدىن ئارتىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان بولسامۇ كۆرمىگەنىدىم ۋە ھەرىكەتنىڭ بۇنداق تېز بولىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈشكىمۇ جۈرئەت قىلالمىغان بولاتتىم . كۆپتۈرۈشسىز ئېيتىشقا بولاتتىكى ، مۇھەممەت ئاقچىنىڭ تامغا چىقىشى مەندىنمۇ تېز بولدى .

ھويلىغا مۇھەممەت ئاقچى ئالدىن چۈشتى . ئۇنىڭ قانداق قىلىپ شەپىسىز ، شۇنداق تېز چۈشكەنلىكىنى كۆرۈش تۈگۈل پەرەز قىلىپمۇ ئۈلگۈرگىلى بولمايتتى . مەن تەۋەككۈلىسىگە سىيرىلىپ چۈشتۈم . ئايىغىم يۇمشاق نەرسىگە تەگدى . بۇ نەرسىنىڭ مۇھەممەت ئاقچىنىڭ ئالىقىنى ياكى دولىسى ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمايتتىم . قالغان ھەرىكەت مەن تامنى تۇتۇپ ، بەدىنىمنى لىڭشىتماي پەسلەش بىلەن ئاياغلاشتى . ئەمدى ئىككىمىز قاتارلىشىپ ھويلا ئىچىدە تۇراتتۇق . مۇھەممەت ئاقچى يۈزىنى يۈزۈمگە يېقىن ئەكىلىپ ھىجىيىپ قويدى ۋە ئاران ئاڭلانغۇدەك پىچىرلاپ :

— ئىشكنى ئېچىپ قوياي ، — دېدى .

ئۇنىڭ چىقىپ كېتىشكە ئاسان بولۇشنى كۆزدە تۇتۇۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى . لېكىن ئۇ ئۇزاق ۋاقىت جىمىپ كەتكەندەك بىلىندى . شۇ ۋاقىت ئىچىدە مەن ھويلا ئىچىنى كۆزەتتىم . ھويلا ئىچىدە كۆزەتكۈدەك ھېچنېمە يوق ئىدى ، تۆپە تەرەپنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھەممەياق قاپقاراڭغۇ ئىدى . بۇنىڭدىن ، بۇ تاشقىرىقى ھويلا ئىكەنلىكىنى پەملەشكە بولاتتى . ئادەتتە بۇنداق تاشقىرىقى ھويلىلاردا ئامبار ، كونا ـ ئەسكى نەرسىلەر قويۇلىدىغان ئۆيلەرلا بولۇپ ، ئادەم سانى كۆپ ئائىلىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئادەم ئولتۇرمايتتى .

مۇھەممەت ئاقچى جەينىكىمگە بوش تېگىپ قويۇپ :

— مەن كۆرۈپ باقمىغانلا قۇلۇپ ئىكەن كاساپەت ، ئاسانغا چۈشمىدى ، — دېدى ۋە مېنى باشلاپ ، خۇددى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە باشلىغاندەك ئۇدۇللاپ مېڭىپ كەتتى .

بىز بىر تارچۇقتىن تار ، گەمىگە ئوخشاش باستۇرمىنىڭ ئاستىغا

كىردۇق. ئۇن قەدەملەرچە مېڭىپ خېلىلا كەڭ ھويلىغا كىردۇق. ئۇدۇلدىكى ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن كۈچلۈك چىراغ يورۇقى چىقىپ تۇراتتى. يورۇق ھويلىنىڭ كەڭ بىر قىسمىنى يورۇتقانىدى. يورۇق چۈشكەن ئاشۇ دائىرىدە گۈللۈك بارلىقى كۆرۈنەتتى. ھازىر گۈللەرنىڭ باشقا تۈرلىرى قۇرۇپ كەتكەن ياكى سولاشقان. ئەمما، كەچكۈزنىڭ ئەتىۋارلىق گۈلى رەيھان باراقسان ئۆسكەنىدى ۋە دىماغنى قىسىدىغان خۇش پۇراق تارقىتىپ تۇراتتى. يورۇق چۈشۈپ تۇرغان دېرىزىنىڭ ئاستىدا ئادەم بويى ئۆسكەن، ئۈچ چوڭ يامغا تىكىلگەن سۆگەتگۈل گويا دەرەختەك شاخ يايغانىدى.

بىز دېرىزە ئالدىغا بىمالال باردۇق. كۆزۈم دەرھال باياتىن كىرىپ كەتكەن يەكتەك ۋە سەللىلىك ئەركىشىگە چۈشتى. ئۇ ھازىرمۇ يەكتەك بىلەن ئۆرە تۇراتتى. ئەمما، بېشىدا سەللىسى يوق، شاپاق دوپپا كىيىۋالغانىدى. ئۇنىڭ چىرايى، قىياپىتى ماڭا ناھايىتى تونۇش بولۇپ، دەل مۇشۇ كىشى بىقىنىمغا تېپىپ ئېرىقتا چۈشۈرۈۋېتىپ، بۇۋىسارىگە ئوپئوخشايدىغان قىزنى تارتىۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا كىمدۇر بىرى بولسا كېرەك، ئۆزى كۆرۈنمەي، سايىسى تامدا مىدىرلايتتى. دېرىزە خېلى ئېگىز بولۇپ، ئۆي ئىچىدىكى دارازا كىشىنىڭمۇ بېلىدىن تۆۋەن قىسمىنى كۆرگىلى بولمايتتى. بويى مەندىن خېلىلا ئېگىز بولغان مۇھەممەت ئاقچىمۇ ئۆي ئىچىنى تولۇق كۆرەلمىگەن بولسا كېرەك، مېنى سۆگەتگۈل تىكىلگەن يام ئۈستىگە چىقىشقا ئىشارە قىلدى. ئۇنىڭ دولىسىغا تايىنىپ، ئىككى يامغا ئىككى پۇتۇمنى ئېلىپ ئۆرە بولدۇم. ئەمدى ئۆي ئىچى تار بۇلۇڭلىرىغىچە كۆز ئالدىمدا ئېنىق كۆرۈندى.

ئۆي خېلىلا چوڭ ئىدى. قەشقەرنىڭ ئېسىل، ياسىداق ئۆيلىرىدىن پەرقلەنمەيتتى. ئۆينىڭ يېرىمىغا سۇپا باغلانغان، ئۈستىگە گىلەم تاشلانغانىدى. ئاشۇ گىلەمنى ھېسابقا ئالمىغاندا تۈزۈكرەك بىسات يوق، تام تەكچىلىرى بوش تۇراتتى. مېھراب مەن تۇرغان يەردىن كۆرۈنمەيتتى. سۇپىنىڭ بىر تەرىپىدە كىيىمى بىلەنلا بىر بالا ياتقۇزۇلغان ۋە ئۇ ئۇخلاپ قالغانىدى. مەن ئۇنى، بۇۋىسارىگە ئەينەن ئوخشايدىغان ھېلىقى قىز،



دەپ پەرەز قىلدىم.

ئۆيدە دارازا كىشىگە يېنىنى، دېرىزىگە — يەنى مەن تەرەپكە كەينىنى قىلىپ بىر ئايال تۇراتتى. ئۆينى يورۇتۇپ تۇرغان شام دېرىزە تەرەپتىكى تامغا ياكى مۇشۇ تەرەپتىكى شامدانغا قويۇلغان بولسا كېرەك، ئۆي ئىچىدىكى ئىككى كىشىنىڭ سايىسى نېرىقى تامغا چۈشۈپ تۇراتتى. ئەر كىشى دېرىزە تەرەپكە يۈزلىنىپ تۇرغانلىقتىن ئۇنى ئوچۇق كۆرگىلى بولاتتى. ئايال دېرىزە تەرەپكە كەينىنى قىلىپ تۇرغانلىقتىن، ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرگىلى بولمايتتى. شۇ تاپتا ئەر كىشى بىر نېمىلەرنى دېمەكتە، ئايال جىمجىت تۇرۇپ ئاڭلىماقتا ئىدى. ئۇ گەپنى بوش ئاۋازدا قىلىۋاتامدۇ ياكى دېرىزە سىرتىغا ئاڭلانمايۋاتامدۇ ياكى پۈتۈن ئەس - يادىم تەتۈر قاراپ تۇرغان ھېلىقى ئايالدا بولۇپ، قۇلىقىمغا گەپ كىرمەيۋاتامدۇ، ئىشقىلىپ، ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقىنى مەلۇم ئەمەس ئىدى. مەن چوڭراق نەپەس ئېلىشقىمۇ پېتىنالماي تۇرغىنىم تۇرغانىدى. ئىككى پۇتۇم ئىككى ياندا تۇرسىمۇ گەۋدەم مۇھەممەت ئاقچىغا تايىنىپ تۇراتتى. قوللىرىم بىلەن تايىنىشىمنى كۆتۈرەلمەيدىغان سۆگەتگۈلنىڭ غولىنى تۇتۇۋالغانىدىم. شۇ سەۋەبتىن كۆرە، ئىچكى ھاياجان تۇپەيلىدىن بىلىنگۈدەك تىترەيتتىم.

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتى مەلۇم ئەمەس، ئېھتىمال بىر نەچچە مىنۇتتۇر ياكى بىر نەچچە سېكۇنتتۇر، ئايالنىڭ گەۋدىسى بۇرۇلدى، دېرىزە — مەن تەرەپكە يېرىم يۈزلەندى... كېيىن پۈتۈن يۈزلىنىپ، گېپى تۈگىگەن ئەركىشىگە كۆتۈرۈلۈپ قارىدى... ئاھ! قۇدرەتلىك ئاللاھ... كۆزۈمنى مىت قىلىشقىمۇ جۈرئىتىم يەتمىدى. بۇ ئايال... مەن قانداق قىلاي... بۇ ئايال... مېنىڭ بۇۋىسارەم ئىدى. مەن تەشنا بولۇپ يۈرگەن، ئون يىل دەردىدە يىغلىغان، ئون يىل مۇھەببىتىدىن ھاياتىي كۈچ، مەنىۋى ئوزۇق ئالغان سۆيۈملۈكۈم ئىدى، ئون يىلدىن بۇيان كۆز ئالدىمدىن سىماسى، پىكىر - خىيالىمدىن ئىشق - مۇھەببىتى نېرى قىلىنمىغان مەھبۇبەم ئىدى، ئون يىلدىن بۇيان كۆرۈشكە تەشنا بولغان، دىدارىغا زارىققان يارىم ئىدى...

— ئاستىراق . . . شۇمىكەن ؟ — دەپ پىچىرلىدى مۇھەممەت ئاقچى .

— شۇ . . . شۇ . . . ، — دېدىم دۇدۇقلاپ ، تىترەپ ، — دەل ئۆزى شۇ ئەمەسمۇ . . . جىنىم . . .

— ئاستىراق ، — يەنە ئەسكەرتتى ئۇ ، — سىلى بۇنداق بوزلاپ يىغلىسىلا تۇيۇپ قالىدۇ . . .

يىغلىغىنىمنى بىلمەيتتىم . ئەمما ئۆزۈمنى باشقۇرۇش كۈچىدىن مەھرۇم بولۇۋاتقىنىمنى تۇياتتىم . بۇۋىسارەم شۇ قىسقا ۋاقىت دىدارىنى كۆرسەتتىيۇ ، كېيىن يەنە مەن تەرەپكە ئارقىسىنى قىلىپ سۇپا تەرەپكە ماڭدى . ئۇنىڭ مەن كۆرگەن بىر نەچچە تىنىق ۋاقىت ئىچىدىكى يۈز - چىرايى ئون يىلدىن ئىلگىرى قانداق بولسا هازىرمۇ شۇ پېتى ئىدى . شام يورۇقىنىڭ تەسىرىدىنمۇ ياكى كۆزلىرىم پەرق قىلىش ئىقتىدارىنى ۋايىدىن ئاشۇرۇۋەتتىمۇ ، مەن ئۇنىڭ چىرايىنىڭ ئون يىلدىن ئىلگىرىكىدىن بىلىنەرلىك سولغۇنلۇققا تەۋە بولۇپ قالغانلىقىنى ، كۆزلىرى شۇ پېتى بولسىمۇ ، غەمكىنلىكنى يوشۇرالمىغىنىنى كۆرگەندىم . ئۇنىڭ قامىتى يەنە شۇ ، لېكىن ، سەل ئورۇقلىغاندەك ، ئاز - تولا ئۆسكەندەك بىلىنەتتى . كىيىۋالغان ئەتلەس كۆڭلىكى ئۇنىڭغا ھەسسە - ھەسسىلەپ ياراشقان . . . يەنىچۇ ؟ ھە ، يەنە ئۇ لەۋلەر . . . ئۇ لەۋلەر پەقەتمۇ ئۆزگەرمىگەن ، ئون يىلدىن ئىلگىرى قانداق بولسا ھېلىھەم شۇ پېتى . . .

نېمە بولدۇمكىن ، مۇھەممەت ئاقچى يۆلەپ تۇرغان بولسىمۇ ئاغدۇرۇلۇپ چۈشكەندەك يەرگە يىقىلدىم . مۇھەممەت ئاقچى « جىم » دېگىنىچە مېنى كۈچ بىلەن يەرگە باستى . نېمىنىڭدۇر تاراقشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . قىسقىلا جىملىقتىن كېيىن دېرىزە ئېچىلغانلىقىنى ئاڭقىرىدىم . مۇھەممەت ئاقچى ئۈستۈمدىن ئېسىپ تۇرغاچقا سۆگەتگۈل ، دېرىزە ۋە ئۆي دېگەنلەر كۆز ئالدىمدىن يوقالدى . ئەمما ، ماڭا تونۇش ئاۋازلار قۇلىقىمغا توسالغۇسىز كىرەتتى :

— نېمىكەن ئۇ تاراقشىغان ؟ — بۇ بۇۋىسارەمنىڭ ئاۋازى ، ماڭا مەلۇملۇق ، قوڭغۇراقتەك زىل ، ئاجايىپ يېقىملىق ئاۋاز ئىدى .



— ھېچنېمە يوققۇ ؟ قوشنىلارنىڭكىدىن كىرگەن مۈشۈكمىكىن ، — بۇ ئاۋازمۇ ماڭا تونۇش . لېكىن ، ئۇ نەپرەتلىك ئاۋاز مېنى قوغلىغان ، بۇۋىسارەمگە ئوخشايدىغان قىزنى قولۇمدىن تارتىۋېلىپ : « ئەقىل - ھوشىنى ئىت يەپ كەتكەن ساراڭ ، يوقال بۇ يەردىن ! » دەپ تىللىغان ئاۋاز ئىدى .

يەنە بىر نەچچە تىنىق ۋاقىت ئۆتتى . جىمجىتلىق ئۇزاققا سوزۇلمىدى . ئۆي ئىچىدىكى سۆھبەت ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى . مەن مۇھەممەت ئاقچىنى ئۈستۈمدىن ئىرغىتىۋېتىپ كۆتۈرۈلدۈم . ئەمدى ئۈچۈق دېرىزىدىن ئۆينىڭ ئىچى باياتىنقىدەك تۇگەل كۆرۈنمىسىمۇ ، سۆھبەتلىشىۋاتقان ئەر بىلەن ئايالنىڭ بېلىنىڭ يۇقىرىسى بىمالال كۆرۈنەتتى . تېخىمۇ مۇھىمى ، ئېچىپ بولۇپ ئېتىپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالغان ياكى قەستەن ئوچۇق قالدۇرۇلغان دېرىزىدىن ئۇ ئىككىيلەننىڭ سۆزلىرىنى بىمالال ئاڭلىغىلى بولاتتى :

— مەن ئەتە كۇچاغا ماڭىمەن ، — دېدى ئەر كىشىنىڭ ئاۋازى ، — سەن يەنە بىر - ئىككى ئاي يالغۇز قالىدىغان بولدۇڭ ، تۇنىساخان قىزى بىلەن ئەتىگەندە كىرمەكچى بولدى . . .

— ئوشۇقچە چىقىم ، بىر ئەمەس ، ئىككى ھەمراھنىڭ نېمە ھاجىتى بار ماڭا ؟ — دېدى بۇۋىسارەم . لېكىن ، سۆزنىڭ ئۇرغۇسىدا رەت قىلىش بەلگىسى كۆرۈنمەيتتى .

— نېمىلا دېگەن بىلەن جاھان تەكشى ئەمەس ، سېنى يالغۇز تاشلاپ قويۇشقا كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ . چىقىم قانچىلىك نېمىتى ؟ — دېدى نەپرەتلىك ئاۋاز .

— قانداق بولمىسۇن ، تېزرەك قايتىپ كېلەرسەن ، — بۇۋىسارەم شۇنداق دېدى . ئۇنىڭ ئاۋازىدا ھەسرەت ، مۇڭ پەۋەس ئىدى .

— تېز كېلىمەن ، دۇكانلارنى بىر تەرەپ قىلىۋەتسەم ، ھېسابلارنى توغرىلىۋەتسەم ، قالدى ئېلىم - بېرىمگە ۋەكالەتچى توختىتىپ قويۇپلا يانىمەن . ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار نەچچە كۈندىن بۇيان دېيىشكىنىمىزدەك ، — نەپرەتلىك ئاۋازنىڭ ئىگىسى شۇنداق دېدى ۋە بۇۋىسارەمنىڭ

مۇرىسىنى تۇتتى.

بۇۋىسارەم بېشىنى نەپرەتلىكنىڭ مۇرىسىگە قويۇپ:

— ئانا - بالا ئىككىمىزنى ئۇزاق تاشلىۋەتمە، سەندىن باشقا يېقىنىم يوق، تەقەززا قىلما، — دېدى.

نەپرەتلىك بىر نەرسىلەرنى دەپ، بۇۋىسارەمنىڭ بېشىنى سىلىدى. كۆزۈمگە قاراڭغۇچىلىق تىقىلىپ، ئۇنىڭ نېمە دېگىنىنى پەرق ئېتەلمىدىم. بۇ نېمە گەپ؟ «بۇۋىسارەم» ئەمدى خەقنىڭ بولۇپ كەتتىمۇ؟ ئۇ نېمىشقا بىر نەپرەتلىك ئەرنىڭ مۇرىسىگە بېشىنى قويۇپ، ئۇنىڭ سىلىشىنى بەھۇزۇر قوبۇل قىلىدۇ؟ ئۇ بۇ نەپرەتلىك ئەرنىڭ تېزرەك قايتىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنى زارىقىپ كۈتىدۇ. ئۇنى «سەندىن باشقا يېقىنىم يوق» دەپ ئۇلۇغلايدۇ... ؟ دېمەك، مەن يات ئادەم، ئۇنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەت رويخېتىدىنمۇ ئۆچكەن ئادەم... ھېلىقى قىزمۇ ئاشۇ نەپرەتلىكتىن بولغان قىز...

ئېخ بۇۋىسارە، سەن شۇنچىلىك ئىكەنسەن - دە! سەن ئۈچۈن ھەممىنى بەرگەن، ھاياتىي بەدىلىگە مۇھەببىتىڭنى قەدىرلىگەن بىر ئەرنىڭ ئۆلۈك - تىرىكلىك خەۋىرىنى بىلمەيلا، ئۇنىڭ نىكاھىنى پايتىما ئورنىدا تاشلىۋېتىپ، ئاشۇ نەپرەتلىككە تەگكەن ئىكەنسەن - دە؟! ئىشقىڭدىن مەجنۇن بولغان ساراڭ ئەقلىم ساڭا ئوخشايدىغان قىزنى كۆرگەندە بۇ توغرىدا نېمىشقا ئويلىمىدى، ھېلىقى نەپرەتلىك ئەر مېنى قوغلىغاندا، ئۇ قىزنى تارتىپ ئالغاندا نېمىشقا ئۇنىڭ كىملىكى ئۈستىدە مۇلاھىزە قىلىپ باقمىدى؟...

«ئېي بۇۋىسارە! — دەپ تووۋلىغۇم كېلەتتى، — ئەمدى ماڭا سەن، ساڭا مەن نامەھرەم بوپتۇق. نامەھرەم يۈزۈڭ، نامەھرەم بەدىنىڭ، نامەھرەم سۆزۈڭ ھېلىقى نەپرەتلىك ئادەمگە تەئەللۇق، ئۇنىڭغا ئۆز بوپتۇ...» لېكىن ئۈنۈم سىرتقا چىقمايتتى.

ئاچچىق غەزەپ، چوڭقۇر ئەلەم يۈرىكىمنى ئامبۇردەك قىسىپ ئاغرىتاتتى. «بىۋاپا» دەپ ۋارقىراي دەيتتىمۇ، ئاغزىمدىن تاۋۇش چىقمايتتى، يۈرىكىم گېلىمغا قاپلىشىپ قالغاندەك تۇيۇلاتتى. شۇ ئۇزۇن



يىللاردا تارتقان ئەلەملىرىم، دەردلىرىم، جاپا - مۇشەققەتلىرىم يار ئۈچۈن، بۇۋىسارىگە قايتا ئېرىشىش ئۈچۈن، شۇ يولدا شۇنداق مۇشكۈلاتلارغا چىداش ھەقلىق دەپ تونۇغانلىقىم ئۈچۈن ئىدى. نەچچە - نەچچە قېتىم ھاياتتىن بىزار بولۇش دەرىجىسىگە يەتكەن بولسامۇ، يەنە نېمىسى بىلەندۇر لەززىتى باردەك بىلىنىپ، بۇۋىسارىگە تەلپۈندۈرۈپ تۇراتتى. ئەمدى بۇۋىسارە — مەن تەلپۈنگەن ئاشۇ بۇۋىسارە ماڭا تەئەللۇق ئەمەسلىكى ئېنىق بولۇپ قالغاندا، ئۆتكەن ھاياتىمنىڭ ھەممىسى بىر تىيىنلىك قىممىتى يوق، ئەسلەشكىمۇ ئەرزىمەيدىغان، چالا - بۇلا كۆرگەن چۈشچىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئەمەس تۇتۇق خىيالغا ئوخشاش تۇيۇلدى. ۋەھالەنكى، ئون نەچچە يىللىق ھاياتىم پۈتۈن ئۆمرۈمدىكى ئەڭ ئېغىر ھايات بولغانىدى. ئۇ خىيال ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ھەر يىلى، ھەر ئېيى، ھەر كۈنى، ھەر سائىتى ئۆمرۈمنىڭ ئىككى بولۇپ مەۋجۇدىيىتىدىن مەنىۋىيىتىمگىچە ئېكەپ، ئۇپرىتىپ، مەن بەرداشلىق بېرەلەيدىغان سەۋىيىدىن ھالقىتىۋەتكەنىدى.

بەرداشلىق بېرىش قۇربىمدىن مەھرۇم قالغانىدىم. رېئاللىق، كۆز ئالدىمدىكى ئەمەلىيەت سالغان ئېغىرلىقنى كۆتۈرەلمىدىم. ئۆزۈمنى باسالمىدىم ۋە قايسى ۋاقىتتا، قانداق يەردە تۇرۇۋاتقىنىمنىمۇ ئۇنتۇپ، ئۆزۈمنى كاچاتلاپ تۇرۇپ چىرقىرىۋەتتىم:

— ئېي خۇدا، نېمە بولغان بەندەڭمەن؟!

مەن يىقىلىپ چۈشتۈممۇ ياكى مۇھەممەت ئاقچى مېنى يىقتىمۇ، بىلمىدىم. بېشىم پەستە، پۇتۇم ھاۋادا تۇرغاندەك بولدى. ھېچنېمىنى كۆرمەي، ھېچقانداق ئاۋازنى ئاڭلىيالماي قالدىم. ھوشۇمغا كەلگەندە پۇتۇمنىڭ سۇغا چىلىشىپ تۇرغىنىنى، بىر تەرىپىمدە زەي سوغۇق تام بارلىقىنى غۇۋا سەزدىم. پېشانەمدە، بۇرنۇمنىڭ ئاستىدا كىمنىڭدۇر بارماقلىرى مىدىرلايتتى، كالپۇكۇمنىڭ ئۈستىگە ئۆتكۈر - ئۆتكۈر تىرناقلار پېتىپ كېتەتتى. بىرىنىڭ مېنى ھوشۇمغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقىنىنى تۇيدۇم. ئېڭىمدا بولسا بۇۋىسارە توغرىسىدىكى پىكىرلەر كېزىپ يۈرەتتى. يۈرىكىمنى بېسىۋالغان قىزىق چوغدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تىپىر-

لىماقچى، « ۋاپاسىز » دەپ تووۋلىماقچى بولاتتىم. ئاۋازىم چىقتىمۇ، چىقمىدىمۇ، بىلەلمەيتتىم.

— هوشلىرىغا كەلسىلە، تىنچلانسىلا . . . ، — دېدى بىرى. بۇ ئاۋاز مۇھەممەت ئاقچىغا تەئەللۇق دەپ ھېس قىلدىم.

— ۋاپاسىز . . . ۋاپاسىز قېنى ؟ . . . — دېدىم ئاران تەستە.

— بىز ھازىر سېپىل ئاستىدىكى سۇ چىقىرىۋېتىدىغان خەندەكتە، — دېدى مۇھەممەت ئاقچى خىرقىراپ، ھاسىراپ، — ۋاقىتمۇ يېرىم كېچىدىن ئاشتى. هوشلىرىغا كەلگەن بولسىلا، بىز ماڭايلى . . .

— ۋاپاسىز . . .

— بولدى، ئۇ هويلىنى ئەسلىرىدىن چىقىرىۋەتسىلە، — دېدى يەنە مۇھەممەت ئاقچى، — كەلسىلە، ماڭا يۆلەنسىلە . . .

نېمىنى ئەستىن چىقىرىمەن ؟ ئۇ هويلىنى، ئۇ هويلىدىكى بۇۋىسارە ۋە ھېلىقى نەپرەتلىك ئەرنى ئەستىن چىقىرامدىمەن ؟ قىزىق گەپ، ياشاپ كەت مۇھەممەت ئاقچى !

مېگىپ ئەمەس، ئۆمىلەپ، مۇھەممەت ئاقچىغا يۆلىنىپ ئەمەس، ئۇنىڭغا ئارتىلىپ دېگۈدەك خەندەكنىڭ بويىغا كەلدىم. كەينىمىزدىكى سېپىل قاپقارا تامدەك، قاپقارا تام سىرلىق، قورقۇنچلۇق بىر مەخلۇقتەك كۆرۈنەتتى. سېپىل ئۈستىدىكى كۈڭگۈرىلار كېچىلىك جېسەكچى چېرىكلەر ياققان مەشئەل ـ ئوتقاشلارنىڭ يورۇقىدا ھېلىقى قورقۇنچلۇق مەخلۇقنىڭ چىشلىرىدەك، بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنى زاڭلىق قىلىپ ھىجيىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

— سىلى غەلتە ۋارقىرىۋەتتىلە، — دېدى مۇھەممەت ئاقچى بىز خەندەكتىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئەسلىتىپ، — كېيىن ئۇچۇق تەگكەندەكلا گۈپپىدە يىقىلىپ چۈشلە. ئۆي ئىچىدىكىلەر ئوپۇر ـ توپۇر قىلىشىپ قالدى. ئۇلار « ۋاي ئوغرى » دەپ ئىشىكنى ئېچىپ چىقىپ بولغۇچە، مەنمۇ سىلىنى ھاپاش ئەتكەنچە دەرۋازىدىن چىقىپ بولدۇم. نېمىشقىدۇر ئۇلار دەرۋازىدىن چىققاندىن كېيىن ۋارقىراپ ـ جارقىراشمىدى ياكى قوغلىمىدى. بولمىسا، ئىشىمىز چاتاق ئىدى. شەھەر دەرۋازىسىدىن



سىلىنى ھاپاش ئېتىپ ئاچىقىشتىن ئەنسىرەپ، خەندەككە سۇ چىقىرىدىغان زەيكەشكە ئېلىپ كەلدىم . . .

— مېنى ئاشۇ هويلىدا قالدۇرۇپ قويغان بولسىلا ياخشى بولاتتى، — دېدىم ئىچىم ئۆرتىنىپ، — مېنى ئۇ ۋاپاسىز كۆرگەن بولسا، ئوغرى دەپ ھۆكۈمەتكە ئۆز قولى بىلەن تۇتۇپ بەرگەن بولسا، ھۆكۈمەت مېنى كونا گۇناھىم ۋە يېڭى ئىشلىرىم ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆزىچە ئېتىپ تاشلىغان بولسا، ئارمانسىز ئۆلگەن بولاتتىم . . .

— يەڭگىل ئويلىمىسىلا قارىم، ياشلىق قىلمىسىلا . . . خوتۇن كىشى دېگەننى دەپ . . .

ئۇنىڭ نەسىھەتلىرى قۇلىقىمغا كىرمەيتتى. ئۇ مېنى يۆلەپ، بەزىدە ھاپاش قىلىپ، ئىككىنچى توخۇ چىللىغان مەھەلدە سارايغا قايتىپ كەلدۇق. شا جۇمە بىلەن چولپانخان ئۇخلىمىغانمۇ ياكى ئۇخلىغان بولسا بىز كىرىپ ئويغىنىپ كەتتىمۇ، دەرھال ئەتراپىمغا يىغىلدى ۋە ھەيران بولۇپ قاراشتى. مەن « ۋاپاسىز . . . » دەپ تەكرارلاپ سوزۇلۇپ ياتقىنىمچە ھېچنېمىنى تۇيماي هوشۇمدىن كەتتىم.

كۆزۈمنى ئاچقىنىمدا يەنە شۇ ئۆي ئىچىنى، شا جۇمە، مۇھەممەت ئاقچى ۋە چولپانخاننى كۆردۈم. شا جۇمە ئىككى چېكەمنى ئۇۋۇلاپ ئولتۇراتتى.

— شۈكرى، هوشلىرىغا كەللە، — دېدى شا جۇمە ئېغىر تىنىپ. ئۇ ۋەقەنى مۇھەممەت ئاقچىدىن ئاڭلىغان بولسا كېرەك، مېنى ئاۋۇندۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ، — ئاچچىق ئەقىلنى كېسىدۇ ئوغلۇم، كۆڭۈلنى كەك تۇتقۇلۇق، — دەپ قوشۇپ قويدى.

ئەمدى ماڭا كۆڭۈلنى كەڭ ـ تار تۇتۇشنىڭ، كىمگە كەڭ، كىمگە تار تۇتۇشنىڭ ئەھمىيىتى يوقتەك بىلىنەتتى. ئورنۇمدىن كۆتۈرۈلۈپ ئولتۇرۇپ، شا جۇمە، مۇھەممەت ئاقچى، چولپانخانلارغا نۆۋەت بىلەن قاراپ چىقتىم ۋە نېمىشقىدۇر كۈلۈۋەتتىم ـ دە :

— تۈگىدى، ھەممىسى تۈگىدى، — دېدىم. ئاۋازىمغا ئۆزۈممۇ ھەيران قالدىم : ئۇ ماڭا باشقا بىر كىشىنىڭ، يەنە كېلىپ، ئېغىر زۇكام

تېگىپ قالغان كىشىنىڭ ئۈنىدەك خىرقىراق، بوغۇق ئاڭلاندى.

ھېچكىم سۆزۈمگە ئىنكاس قايتۇرمىدى. ئۇلار گويا ئالدىمدا تىل قىسىلىدىغان بىرەر ئەيىبكە شېرىك بولۇپ قالغاندەك يەردىن ئۈستۈن قارىماي جىمجىت ئولتۇرۇشاتتى. مەن بۇ جىمجىتلىقنىڭ سىرىنى خېلىدىن كېيىن چۈشەندىم: ئۇلار ئوڭۇشسىزلىقىمغا ئۆزلىرىنى سەۋەبچى دەپ ھېسابلىمىسىمۇ، مېنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرەلمىگىنىدىن ۋە ئەمدىلىكتە مەڭگۈ ئېرىشتۈرەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەنلىكلىرىدىن كۆڭلى يېرىم بولماقتا ئىدى. بىزنىڭ ئارىمىزدا سۆز بىلەن ئىپادىلىگىلى بولمايدىغان يەنە بىر مۇھىم ھادىسىمۇ باشلانغانىدى. يەنى شۇ چاغقىچە مېنى مۇھەممەت ئاقچىغا باغلىغان، مېنى شا جۇمەگە ھەمراھ قىلغان نەرسە — بۇۋىسارە بىلەن مېنىڭ مۇھەببىتىم ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى كۈچلۈك جاھالەت تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان ماڭا ياردەمدە بولۇپ، مېنى بۇۋىسارىگە ئېرىشتۈرۈپ، جاھالەتنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى كۆرمەكچى، مۇھەببەتنىڭ غەلىبىسىگە تەنتەنە قىلماقچى ئىدى. ئۇلارمۇ جاھالەت تەرىپىدىن ئېزىلگەن كىشىلەر بولغاچقا، مەن يەڭسەم ئۇلارمۇ يەڭگۈچىلەر سېپىدە تۇرۇۋاتقانلىقىدىن پەخىرلەنمەكچى، يېڭىلگۈچى جاھالەتنى مەسخىرە قىلماقچى ئىدى. ئەمما، ئىسيانىم نەتىجىسىز چىقتى. بۇ يەردە مېنىڭ سەۋەنلىكىم بولمىسىمۇ مەغلۇپ بولغانىدىم، تارمار قىلىنغانىدىم، يانجىپ تاشلانغانىدىم. ئەمدى يەنە تىرىشسام ـ تىرىشمىسام غەلىبىگە ئېلىپ بارىدىغان، بۇۋىسارەگە ئېرىشتۈرىدىغان يول قالمىغانىدى. بۇ يولنى بۇۋىسارىنىڭ ئۆزى توسۇپ تاشلىغان شارائىتتا، ئۈمىدلىنىدىغان ھېچنېمە قالمىغانىدى. بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىزنى ئاشۇنداق چۈشەنمىسە باشقىچە چۈشەندۈرىدىغان ئاساسمۇ، قائىدىمۇ يوق ئىدى. ئۇنداق بولمىسىزە، مەن مۇھەممەت ئاقچىنىڭ شېرىكى، كەسپدىشى، تۇغقىنىمىدىم؟ شا جۇمەنىڭ ساۋاقدىشى ياكى كېيىنچە كىشىنى قايىل قىلالايدىغان سەۋەب بىلەن دەرۋىشلىكنى ئۆز ئىختىيارى بويىچە كەسىپ قىلغان تەركىدۇنيالاردىنمىدىم؟ چولپانخان جېنىدا سەرگۈزەشتىلىرىمدىن خەۋەر تاپقاندىن بۇيان ماڭا ھېسداشلىق قىلىش بىلەنلا بولدى قىلماي، ئەمەلىي ياردەمگە كىرىش-



مىڭگەنمىدى؟... ئەمدى ھېسداشلىقلارمۇ بولمايدۇ، قۇرۇقتىن قۇرۇق ھېسداشلىق پەقەت ئىچ ئاغرىتىشلا بولىدۇ، خالاس! مېنىڭ: «تۈگىدى، ھەممىسى تۈگىدى...» دېگەن سۆزۈم بۇۋىسارە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى خۇلاسىلەپلا قالماستىن، بۇ يەردە ئولتۇرغان تۆتەيلەننىڭ مۇناسىۋىتى ئۈچۈنمۇ ۋاقتىدا ۋە جايىدا چىقىرىلغان ھۆكۈم ئىدى.

— ئالدىراپ ـ سالدىراپ «ھەممىسى تۈگىدى» دېيىشكە بولماس... — دېدى شا جۇمە نېمە ئويلاۋاتقىنىمنى بىلگەندەك. ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ زەئىپ، بوغۇق ئىدى. ئۇ گەپ باشلىغاندىلا چىرايىدىكى ئۆزگىرىشكە ھەيران قالدىم. بوۋاي توساتتىن قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى، — ئاللاھنىڭ سىرى، ھېكمەتلىرى كۆپ، بىز بەندىلەر ئۈچۈن سەۋر ـ تاقەتلىك بولۇپ، بۇ ھېكمەتلەرنىڭ سىرى ئايان بولغۇچە شۈكرى قىلماقلىق ناھايىتى كاتتا شەرەپ...

بۇ سۆزلەرگە نېمە دەي؟ بوۋاي ماڭا نەسىھەت قىلماقچىمۇ؟ بەلكىم ئۇ مەقسەتسىزلا سۆزلەۋاتقاندۇ، ئومۇمەن بىر نېمە دېگەچ ئولتۇرۇش شۈك ئولتۇرغاندىن پايدىلىقراق دەپ قارىغاندۇ... ئۇ خىيالىمنى ئۈزۈپ قالغاندەك سۆزىنى توختىتىپ جىم بولدى. بىر پەستىن كېيىن مۇھەممەت ئاقچى ئېغىر تىنىپ مۇنداق دېدى:

— بۇ دۇنياغا كېلىپ كۆرمەيدىغان ئەسكى كۈن، تارتمايدىغان مۇشەققەت يوق ئىكەن. بېشىمغا چۈشكەن كۈنلەر سىلىگە ئايان ئىنىم، بىر خوتۇن كىشىنى دەپ، ھەممىنى «تۈگىدى» گە چىقىرىۋەتمىسىلە...

— ئىت ۋاپا، خوتۇن جاپا دېگەنىكەن كونىلار، — دەپ قويدى چولپانخانمۇ بىر چەتكە قاراپ.

مەن بۇ ئۈچ ھەمراھىمنىڭ ماڭا ئىچ ئاغرىتىۋاتقىنىنى تۇياتتىم. ئۇلارنىڭ نىيىتى ياخشى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئالدى ئون يىل، كەينى بىر نەچچە ئايدىن بۇيان ماڭا خالىس، مىننەتسىز ياردەم قىلىپ كەلگەنىدى. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ مېنى ئاۋۇندۇرۇش، كۆڭلۈمنى كۆتۈرۈپ قويۇشتىن باشقا ئىلاجىمۇ يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ نەسىھىتىنىمۇ رەت قىلغۇدەك ئاساسىم

يوقلۇقىنى سەزدىم. توغرا، مەن زادى ئۇلارنىڭ شۇنچىۋالا نۇرغۇن ياخشىلىقىنى، ھۆرمىتىنى كۆرۈپ ياشايدىغان كىم ئىدىم؟ بۇنىڭغا جاۋاب بولالايدىغىنى تېخى باياتىن ھېس قىلغان يەكۈن: جاھالەتنىڭ مەغلۇبىيىتى ئۈچۈن بىرلىكتە كۈرەش قىلىش يولى بىزنى بىر- بىرىمىزگە باغلىغان. بۇۋىسارە بىلەن مېنىڭ ئىشقىي ماجىرايىم ۋاستە بولۇش رولىنىلا ئوينىغان...

ئۇ يىلدىن بۇيان بۇۋىسارىدىن مەھرۇم بولۇش ھاياتتىن مەھرۇم بولۇش بىلەن تەڭ دەپ تونۇپ كەلگەنىدىم. بۇ تونۇشنىڭ يېرىمى ئەمەلگە ئاشتى، يەنى بۇۋىسارىدىن مەھرۇم بولدۇم. ئەمدى ھاياتتىن مەھرۇم بولۇشتەك يەنە يېرىمى قالدى. قانداق قىلسام ھاياتتىن مەھرۇم قالغان بولىمەن؟ ھاياتتىن مەھرۇم بولۇش — تىرىك ياشىماسلىق، ئۆلۈش، دېگەن بولىدۇ. ئۆلۈش كېرەكمۇ، قانداق ئۆلۈش كېرەك؟ بۇلار ھەققىدە ئۆزۈم يالغۇز ئويلىنىۋېلىشىم لازىم ئىدى.

— ھەر بىرلىرىنىڭ نەسىھىتىنى يادىمدا تۇتىمەن، — دېدىم تەمكىن، ئېغىر تەلەپپۇزدا ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىشقا تىرىشىپ، «— تۈگىدى، ھەممىسى تۈگىدى...» دېيىشىم ئىشقىي ماجىرايىمغا قارىتىلغان خۇلاسە، — مەن ئۇلارنى شۇنداق چۈشەنچىگە كەلسۇن دەپ ئالدىرىدىم، — بۇنىڭدىن باشقىچە ئويلاپ يەتكىنىممۇ يوق. شا جۇمە ئاتىمىز قاششاقلىق، جاھالەت، مۇناپىقلىق بىلەن بىر ئۆمۈر ئېلىشىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئالدىدا بېشىمغا كەلگىنى قانچىلىك كۈن ئىدى؟ مۇھەممەت ئاقچى ئاكىمىزنىڭ دەرد- ئەلىمى ئالدىدا دەردىم ناھايىتى كەلسە ئېغىزغا ئالغىلى بولغۇدەكلا ئىش بولالاركى، تەڭلىشەلمەيدۇ. چولپانخان سىڭلىمىزمۇ شۇنداق، ئۇنىڭ ئايرىلغان، يوقالغانلىرى ئالدىدا مېنىڭ ھېچقانچە ئەمەس، — ئۇلار توساتتىن باشقىچە تەلەپپۇزدا سۆزلەۋاتقىنىمغا ئەجەبلەنگەندەك بولۇشتى. لېكىن، بىرەرىدىمۇ ئىنكاس قايتۇرۇش ئىپادىسى كۆرۈنمىدى. مەن تەلەپپۇزۇمغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزمەي سۆزۈمنى داۋام قىلدىم، — ئۇ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن ئىلگىرى مۇھەممەت ئاقچى ئاكىمىزنى قازىخانى-



نىڭ سولاقخانىسىدا كۆرۈپ، تونۇشۇپ، غەمخورلۇقىغا ئېرىشكەنىدىم. بۇ بىر نەچچە كۈندىن بۇيان بوۋاق بالىدەك بېقىپ- پەپىلىشىنى كۆرمەكتىمەن. رەھمەت- ھەشقاللامدىن باشقا ياندۇرغۇدەك ھېچنېمەم يوق...

— نەدىكى گەپلەرنى قىلىپ يۈرىلا ئىنىم؟ — مۇھەممەت ئاقچى گەپىنى نەگە توغرىلاۋاتقىنىمنى تۇيۇپ قېلىپ ئالدىراپ گېپىمنى بۆلدى، — يەنە مۇشۇنداق گەپ قىلىمەن دەيدىكەنلا، مېنى يۈزسىز ئىكەن دەۋەرسىلە، سىلىدىن قاتتىق رەنجىيمەن... «رەھمەت- ھەشقاللا» غا تەۋە گەپ- سۆزلەرنى ئاغزىمغا ئالمايمەن، دەپ ۋەدە بەرسىلە...

ئۇنىڭ چىرايى جىددىي ئىدى. مەڭزىنىڭ گۆشلىرى لىپىلدايتتى، ماڭلاي ۋە بوينىدىكى تومۇرلار كۆپۈپ چىققان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلگەنلىكتىن دېرەك بېرەتتى. مەن ۋەدە بەردىم. ئۇ پەسكويغا چۈشتى. شا جۇمە ئۆزىگە قارىغىنىمنى كۆرۈپ، مۇھەممەت ئاقچىغا قارىتىلغان سۆزلەرنىڭ تەكرارلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولغاندەك ئالدىراپ ئېغىز ئاچتى:

— ھەممىمىز بىر- بىرىمىزگە ئىقتىدارىمىز يەتكۈچە، قولىمىزدىن كېلىشىچە ھەمدەمدە بولۇشتۇق. بۇنى خۇدا يولىدا، دوستلۇق يولىدا، ۋىجدان يولىدا دەپ تونۇيلى يارەنلەر، ئېغىزغا ئالمايلى...

— ئەلۋەتتە شۇنداق، — قوشۇلدى مۇھەممەت ئاقچى ۋە ماڭا ئاتايىتەن قاراپ قويدى.

مەن بۇ خىتابلارنىڭ چىنلىقىدىن گۇمانلانمىساممۇ ئەمدى تۆتىمىزنىڭ داۋاملىق بىر ئائىلە بولۇپ ياشىيالمايدىغانلىقىمىزغا ئىشىنەتتىم. بىزنى باغلاپ تۇرغان يىپنىڭ بۇۋىسارە بولۇپ قالغانلىقىنى ھەيران قالغان ھالدا بايقىغىنىمدا، بۇۋىسارە بۇ يىپنى ئۈزۈپ بولغانىكەن، ئەمدى چېتىلىپ تۇرىۋېرىشىمىز مۇمكىن ئەمەسلىكىنىمۇ ھېس قىلاتتىم. بۇنى مەندىن باشقا ئۈچەيلەننىڭمۇ ھېس قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. لېكىن بىرلا تۇرتكە، بىرەر باھانە ۋە گەپ- سۆز كەملىك قىلىۋاتاتتى. ئۇلار مەن مۇشۇ ھەقتە سۆزلىمەكچى بولۇپ گەپ باشلىغىنىمدا، مېنى توسۇپ

قويغىنى بىلەن، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۆزلىرىمۇ بىر نەرسىدىن قىسىلىۋاتقاندەك، تۆتىمىز ئۈچۈن ئورتاق بىر نەرسە يېتىشمەيدىغانلىقىنى بىلگەندەك تۇراتتى. ئۆزئارا دېيىشىدىغان گەپ - سۆزلىرىمىز ئازىيىپ بارماقتا، بارا - بارا بىر - بىرىمىزگە تىكىلىپرەك قاراشتىنمۇ قاچىدىغان پەيتلەر ئاۋۇماقتا ئىدى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى مەن شا جۇمە بىلەن كۆپرەك قارىشىپ قويىدىغان، بۇنداق قارىشىپ قويۇشلارنى مۇھەممەت ئاقچى بىلەن چولپانخاندىن يوشۇرىدىغان ھالەت شەكىللەندى. ئايرىم - ئايرىم ياكى ئىككىدىن سىرتقا چىقىدىغان ئەھۋال يوق دېيەرلىك ئىدى. شۇنداق بىر كۈن كەلدىكى، مۇھەممەت ئاقچى بىلەن چولپانخان بازارغا كىرىدىغان بىر جۈپ بولۇپ قېلىشتى. ئاخشىمى دېيىشكەندە شا جۇمە ئۇلار بىلەن بىللە كىرمەكچى، مەن يالغۇز سارايدا قالماقچىدىم ( مەن قەشقەر شەھىرىگە كىرىشتىن باش تارتىپ كېلىۋاتقىنىم ئۈچۈن، بۇ ھەممىگە مەلۇم، نورمال ئىش ئىدى ) ، ئەتىگەندە يولغا چىقىش ئالدىدا شا جۇمە « مىجەزىم يوق، ياتمىسام بولمايدۇ . . . » دەپ ئايرىلىپ قالدى. مۇھەممەت ئاقچى بىلەن چولپانخانغا شەھەرگە كىرمەيدىغانغا باھانە بولمىغانلىقتىن مېڭىپ كېتىشتى.

شا جۇمە مەن بىلەن بىرگە قېلىشنى خالاپ، ئۆزىنى ئاغرىق دەپ ئېلان قىلدى دەپ ئويلىۋىدىم. ئىككىمىز يالغۇز قالغاندا ئۇ مېنى ئەجەبلەندۈرۈپ شۇنداق دېدى:

— مەندە زور ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ ئوغلۇم، سېزىۋاتامىلا ؟

ئۇنىڭ ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە قېرىپ كېتىۋاتقىنىغا دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقان بولساممۇ چاندۇرماي:

— شۇنداق ئوبدان تۇرۇۋاتىدىلىغۇ، — دېدىم.

— ھىم، — دەپ قويدى ئۇ بىردەم جىم ئولتۇرغاندىن كېيىن، — سىلى ئەمدى نېمە قىلاي دەيلا ئوغلۇم ؟ — دەپ سورىدى.

— ماڭا ئەمدى ھايات ياشىغان بىلەن ياشىمىغاننىڭ پەرقى يوق ئاتا، — دېدىم ئويلانمايلا. چۈنكى، بۇ ھەقتە كۆپ ئويلاپمۇ زېرىككەنىدىم، — مەن ئاللىقاچان ئۆلۈپ تۈگەشكە لايىق ئادەم ئىدىم.



قەشقەردىن قېچىپ چىقىپ كېتىشتىن ئىلگىرىلا پەيمانىم توشۇپ قالغان. مېنى ئون يىلدىن ئارتۇق ھايات ياشاشقا ئۈندەپ كەلگەن سەۋەبنى سىلى ياخشى بىلىلا، مېنى شۇ ئايال چاقىرىپ تۇرغانىدى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۇ ۋاپاسىزلىق قىلغانىكەن، ھاياتتىن، مۇھەببەتتىن ئالغان مۇكاپاتىم ئۆلۈم بولۇشىلا مۇمكىن. ھەر بىرلىرىنىڭ باشقىچە چۈشىنىپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈنلا ئۈنچىقماي يۈرمەكتىمەن . . .

— بىزنىڭ بۇ تۇپنىڭ تارقىلىپ كېتىدىغان پەيتى يېتىپ كەلدى. بۇنى ھازىر تۆتىمىزنىڭ ھەممىسى سېزىۋاتىمىزۇ، ئاغزىمىزدىن چىقىرالمايۋاتىمىز، بىر - بىرىمىزنىڭ كۆڭلىنى ئاياۋاتىمىزغۇ ؟

— ئەلۋەتتە شۇنداق، — دەرھال قوشۇلدۇم.

— تۆتىمىزنىڭ ئىچىدىن بىرەيلەن بۇ ھەقتە باشلاپ ئېغىز ئېچىشى لازىم ئىدى، — ئۇ داۋام قىلدى، — بۇ بىرەيلەن مەن بولسام تازا ماس كېلەتتى. چۈنكى، بىر جەھەتتىن يېشىم ھەممىڭلاردىن چوڭ، يەنە بىر جەھەتتىن، ھاياتتا تۇتقان يولۇم يالغۇز ياشاش بولغاچقا، تەكلىپنى مەن بەرسەم ئەقىلگە توغرا كېلەتتى . . .

— شۇنداق، سىلى دېسىلە بولاتتى، — دېدىم ئىلتىجا بىلەن.

شا جۇمە بىرىنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ:

— سىلىنىڭ مېنى كۆمۈپ قويۇپ، ئاندىن ئۆزلىرى ئۈستىدىكى قارارنى باشقىدىن ئويلاپ بېقىشلىرى ھەققىدە ۋەدە ئالغىنىمدىن كېيىن ئۇ ئىككىسىگە ئېيتىدىغان گېپىمنى دەيمەن، — دېدى.

— نېمە دەۋاتىدىغانلا ئاتا ؟ سىلىنى نېمىشقا كۆمۈپ قويىدىكەنمەن ؟

— مەن ئۆلۈۋاتىمەن ئوغلۇم، — ئۇ ھەيران قالغىنىمغا قارشى خاتىرجەم سۆزلەيتتى، — مەن ئۆزۈمنىڭ گۆمبىزىدە سىلى كىرمىگەن بولسىلا جان تاپشۇرۇۋەتكەن بولاتتىم. سىلى ۋە سىلىنىڭ مەھبۇبىلىرى ئۆمرۈمنى سەل - پەل كەينىگە سۈردۈڭلار . . . پىشىپ قالغان مېۋىنى شېخىغا باغلاپ قويۇپمۇ ساقلىغىلى بولمايدۇ ئەمەسمۇ ؟ . . . مەنمۇ ئاللىقاچان پىشىپ قالغانمەن !

— بەھۇدە، ئۇشۇقچە گەپ قىلىۋاتىلا ئاتا... تەنلىرى شۇنداق ساغلام، چىرايلىرىمۇ ئوبدان، ئىشتەيلىرىدىمۇ گەپ يوق...

— بۇلارنىڭ ھەممىسى تاشقى كۆرۈنۈش، — ئۇ گېپىمنى بولدى، — ئۇ سىلىگە شۇنداق كۆرۈنىدۇ. ئەمما، نەچچە ئون يىل ماڭغان دەرۋىشلىك يولۇمنىڭ خاتا بولمىغانلىقىنى سېزىۋاتىمەن. خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۆزۈمنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىم بىلەنمۇ خوشلىشىدىغان پەيتىنىڭ كېلىپ قالغانلىقىنى تۇيۇۋاتىمەن. ۋەدە بەرسىلە، مېنى يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئايىغىغا كۆمۈپ قويالامىلا؟

مەندىن بىر تىرىك ئادەم، كېسىلى يوق، تېمەن بىر ئادەم ئۆزى ئۆلگەندىن كېيىن نەگە كۆمۈلۈشى ۋە بۇ ئىشنى ئورۇنلاش-ئورۇنلىماسلىقىم ھەققىدە ۋەدە ئېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قىزىل يىپچىلار تور تارتقان خۇنسىز كۆزلىرىدە توساتتىن ئۆتكۈر، كىشىنىڭ يۈرىكىنى جىغىلدىتىدىغان پارقىراق نۇر جىلۋە قىلىۋاتاتتى. ئۇ ماڭا: «مەن دەرۋىشلىك مۇقامىنىڭ ئۆزى ئۆلىدىغان ۋاقتىنى ئالدىن بىلەلەيدىغان سەۋىيىسىگە يەتتىم...» دېگەننى پۇراتقان بولسىمۇ، بۇ بىر بىمەنىلىك، ئالجىغانلىق دەپ قارىدىم. «قۇۋ قېرى، — ئويلىدىم ئىچىمدە، — مېنى ھايات بىلەن ئويىنىشىپ ئۆلۈۋالمىسۇن دەپ ھىيلە ئىشلىتىۋاتىسەن-ھە؟ مەن ۋەدە بېرىپلا قويسام، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشىمغا توغرا كېلىدۇ. قاچانىكى سەن ئۆلۈپ قالغاندىن كېيىن، سېنى كۆمۈپ قويۇپ ئاندىن ئۆزۈم ئۈستىدە ئويلامدىمەن؟...»

— كەلگۈسى توغرىسىدا بىر ئاللاھتىن باشقا بەندىنىڭ ئالدىنئالا ھۆكۈم چىقىرىشى ئېغىر گۇناھ بولىدىغانلىقى ھەققىدە كۆپ سۆزلەيتتىلىغۇ ئاتا؟ — دېدىم توغرا جاۋابتىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ.

— دەل شۇ ئاللاھ دىلىمغا سالغاننى ئېيتىۋاتىمەن، — دېدى ئۇ. كىشىنى ئىشىنىشكە ئۈندەيدىغان قاراش ۋە گۇمانغا ئورۇن قالدۇرمايدىغان تەلەپپۇز بىلەن. سەل ئۆتۈپ ئۇ ئاز-تولا رەنجىگەندەك ئاھاڭدا، — بوپتۇ، بۇ ھەقتە سۆزلەۋەرمەي، — دەپ ئېغىر تىندى.

ماڭا ۋەدە بېرىشتىن باشقا چارە قالمىدى:



— خاتىرجەم بولسىلا ئاتا، ئاللاھ سىلىنىڭ بەندىچىلىكلىرىگە خاتىمە بەرگەن بولسا، مەن ئارزۇلىرىغا مۇۋاپىق دەپنە قىلىشقا تىرىشىمەن!

— رەھمەت، — سوغۇقلا دېدى ئۇ، — دەرۋىش ئۈچۈن ئۆلگەندىن كېيىن قانداق دەپنە قىلىنىش، نەگە دەپنە قىلىنىشمۇ مۇھىم ئەمەس ئىدى. مېنىڭ بۇ ئىشنى تىلغا ئېلىشىم ئىككى سەۋەبتىن: بىرى، يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاھىم قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ خان نەسەبى ئىچىدە ئاجايىپ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان كاتتا خاقان، ئۇ قاراخانىلار خان جەمەتىدە ئۆزىگە ئۆزى مۇنارە تىكلىگەن، دەپ ئۇلۇغلىنىشقا ئەرزىيدىغان زات. نېمىشقىدۇر بۇ زاتقا قارىتىلغان كىچىكلىكىمدىكى ھۆرمىتىم پۈتۈن ئۆمرۈم ئۆتكۈچە زورايدىكى، سۇسايمىدى، مېنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن شۇ زاتنىڭ روھى بىلەن بىللە بولغۇم بار. ئەگەر روھلارمۇ تىرىكلەردەك بىللە بولالايدىغانلىقى توغرىسىدىكى رىۋايەت راست بولسا...

— ئاخىرەتتە دەرۋىشلەر ئايرىم تەبىقە بولۇپ يالغۇز يۈرمەيدىكەن-دە؟

ئارىمىزدىكى جىددىيلىك پەسىيىپ ئۆلۈم توغرىسىدىكى كۆڭۈلسىز سۆھبەت باشقا ماۋزۇغا شا جۇمە قىزىشىپ كىرىشىدىغان دەرۋىشلىك توغرىسىدىكى تېمىغا بۇرۇلامدىكى، دەپ قىلغان چاقچىقىم بوشقا كەتتى. شا جۇمە مەن سورىغان سوئالغا ئازراقمۇ قىزىقماي ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى سۆزىنى داۋام قىلدى:

— بۇ زاتنى مولىلا-ئۆلىما، ئىشان-سوپىلار ئەزەلدىن ياخشى كۆرۈپ كەتمەيدۇ، ئۇنى رېمونت قىلمايدۇ، تۇڭشاپ تۇرمايدۇ، تەشۋىق-تەرغىب قىلمايدۇ. مۇشۇ جەھەتتىنمۇ مەن ئۇ زاتنىڭ ئايىغىدا ياتايمىكىن، دېدىم.

— ئوبدان ئويلاپلا، — دەپ قويدۇم باياتىنقى ئەدەپسىز سوئالىم تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان خىجالەتچىلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن.

— ئىككىنچى سەۋەب: بۇ سىلى، — دېدى ئۇ ماڭا جىددىي تى-

كىلىپ ، — ئۆلۈم ئالدىدىن ۋەدە ئېلىشتىكى ئىككىنچى سەۋەب ، يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئايىغىدا يېتىشتىكى ئىككىنچى سەۋەب ئەمەس ، — دەپ ئىزاھلىدى ئۇ يەنە ، — سىلى هايات ھەققىدە كالتا ئويلىماسلىقلىرى كېرەك ئىدى . بۇ مەسىلە ئۈستىدە ھازىر سۆزلەشمەيلى . يېشىم چوڭلۇقى ۋەجىدىن ئەمەس ، پەقەت ئون يىللىق سىرداش ئىكەنلىكىمىزنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈنلا سوراي ، سىلىمۇ ئوخشاش سەۋەبتىن توغرا جاۋاب بەرسىلە : سىلى ئۆلۈۋالماقچىمۇ ؟

ئۇنىڭغا قارىغىنىمچە ئولتۇرۇپ قالدىم . ماڭا ھايات ئەمدى مەنىسىز ، قۇرۇق بىلىنگىنى راست ، ياشاشنىڭمۇ پايدىسى يوقتەك تۇيۇلغىنى راست ! ئەمما « ئۆلۈۋالىمەن » دەپ قەتئىي قارارغا كەلمىگەنىدىم .

— خۇداغا شۈكرى ! — خىتاب قىلدى ئۇ ئۇزاق جىملىقتىن كېيىن ئېغىر ئۇھ تارتىپ ، — سىلىنىڭ جاۋابسىز ئولتۇرۇپ كېتىشلىرىنى : « ياق ، تېخى ئۆلۈۋېلىش دەرىجىسىگە يەتمىگەن . . . » دەپ چۈشەنسەم بولامدۇ ؟

مەن : « ھەئە » دەپ جاۋاب بېرەلمەيتتىم . ئۆلۈۋېلىش توغرىسىدا قەتئىي قارارغا كەلمىگەنلىك ، ئۆلۈۋالماسلىق ھەققىدە بىر قارارغا كەلگەنلىك ئەمەس ! مەن ئۆلۈكمىكىن دېسە مىدىرلاپ يۈرگەن ، تىرىكمىكىن دېسە پۇچۇق نان بىلەن بىر ئوتلام سۇنى دەپ ئادەملىكنى ساقلاپ ، ئەمەلىيەتتە مازار - گۆرىستانلاردا يۈرىدىغان ھاياتنى خالىمايمەن . بۇرۇن شۇنداق يۈرگىنىم ، ئۇنى ياشاشنىڭ يولى دەپ تونۇغانلىقىمدىن بولماي ، مېنى ياشاشقا چاقىرغان بىر ئايالنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن ، ئۇنىڭ ۋىسالىغا ئېرىشەلەيدىغانلىقىمغا ئۈمىد ، ئارزۇ تۈپەيلىدىن بولغانىدى . خوش ، ئۇنداق بولسا ، « ئۆلۈۋېلىش » ياكى « ئۆلۈۋالماسلىق » ئۈستىدە قاچان بىر قارارغا كېلىمەن ؟

راستىمنى ئېيتتىم :

— مېنىڭ ھازىرچە كەلگەن قارارىم : مەن ئۈچۈن ياشاشنىڭ قىممىتىمۇ ، ئەھمىيىتىمۇ يوق . ئۆلۈۋېلىش - ئۆلۈۋالماسلىق ئۈستىدە تېخى ئويلاپ بىر پىكىرگە كەلمىدىم . بۇنى تۆتىمىز تارقىلىپ كەتكەندىن كې-



يىن ، يالغۇز قالغاندا ئويلاپ كۆرمەكچىدىم . . .

— ئەمدى ئۆلەلمەيلا ، — دېدى ئۇ .

— نېمىشقا ؟

— سىلى بۇۋىسارە خېنىمنى ياخشى كۆرىلا ، — شاجۇمە ماڭا قارىماي ، تۆگۈلۈكتىكى بىرى بىلەن گەپلىشىۋاتقاندەك ۋەزمىن داۋام قىلدى ، — بۇۋىسارە خېنىم بۇ ئالەمدە تىرىك بار ئىكەن ، سىلى ئۆزلۈكلىرىدىن ئۆلەلمەيلا . ئۇ سىلىنى ياشاشقا ئىنتىلدۈرۈپ تۇرىدىغان ، ۋىسالىغا چاقىرىشنى توختاتمايدىغان غايەت زور كۈچ . . .

— ئۇ ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلىۋاتسا . . .

— بۇ سىلىنىڭ بىردەملىك تونۇشلىرى . مەلۇم بىر كۆرۈنۈشتىن ئالغان تەسىراتلىرى ! سىلىنىڭ پاكىتلىرى شۇكى ، ئۇ سىلىدىن باشقا يات بىر ئەر كىشى بىلەن بىللە . . . شۇنداقمۇ ؟

جاۋاب بەرمىدىم ، ئۇ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قادىلىپ قاراپ شۇنداق دېدى :

— ئەگەر ئۇ باشقا بىر ئەرگە تەگكەن ھالەتتىمۇ ، ئۇنى ئەيىبلەشنىڭ ، « ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلدى » دەپ خۇلاسە چىقىرىشنىڭ ھاجىتى يوق . ئۆي - پىكىر ، ئۇ بەرىبىر ئۆي - پىكىر ، نەزەرىيىمۇ ئەمەلىيەتنىڭ ئۆزى ئەمەس . مۇھەببەتنى دەپ ، يەنى سىلىنى دەپ ئاتا - ئانىسىنىڭ دەرگاھىدىن قوغلانغان ، تۇرمۇشتا يۆلەك - ھىماتسىز قالغان بىر ئايالنىڭ ئىز - دېرىكى بولمىغان بىر ئەركىشىنى ئون يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ساقلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس . ئۇ ئەركىشى كىم ، ھېلىقى قىز كىم ؟ بۇلار ھەققىدە سىلى چالا - پۇچۇق بولسىمۇ بىرەر چۈشەنچىگە ئىگە ئەمەس ، سىلى پەقەت پەرەزگىلا تايىنىۋاتىدىلا ئوغلۇم . ئەگەر سىلىنىڭ قاراشلىرى بويىچە ئەركىشى بۇۋىسارە خېنىمنىڭ ئېرى ، قىز ئۇلارنىڭ دە. زەنتى بولغاندىمۇ بۇنى ئۇ ئايالنىڭ ۋاپاسىزلىقىغا جورىماي ، زامانغا قارىتىپ ئەيىبلەش كېرەك . مەسىلىنىڭ ئاچقۇچى يەنە مۇنداق بىر يەردىكى ، سىلىنىڭ باخشى كۆرگەنلىرى ھازىرقى ئېرى بار ، قىزى بار بۇۋىسارە خېنىم ئەمەس ، ئون يىلدىن ئىلگىرىكى سىلىگىلا تە-

ئەللۇق بۇۋىسارە خېنىم . . .
— بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا نېمە پەرق بار ؟
— چوڭ پەرق بار ، ناھايىتى چوڭ پەرق بار ، — تەكرارلىرى
شاجۇمە ، — ئەگەر ئۇ مەجبۇرىيەتسىز ، زورلۇقسىز ئۆزلۈكىدىن باشقا
ئەرگە تەگكەن بولسا ، سىلىنىڭ يۈرەكلىرىدە ساقلىنىدىغىنى بۇرۇنقى
بۇۋىسارە بولۇپلا قالىدۇ . سىلى كېيىنكىسى ئۈچۈن خالىسىلا نەپرەت تى-
غىنى ئەۋەتسىلە ، خالىسىلا يادىلىرىغىمۇ ئالماي ئۇنتۇپ كەتسىلە ! ئەگەر ئۇ
ئۆلمەسلىك ئۈچۈن ، ياشاش ئۈچۈن ، يەنى سىلىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ،
كۆنلەرنىڭ بىرىدە سىلى بىلەن ئۇچرىشىپ قايتا بىر ئۆي تۇتۇش ئۈچۈن
ئەرگە تەگكەچ تۇرغان بولسا ، ئۇنىڭ جىسمانىيىتى ئون يىللىق جۇدالىقتا
تەۋە بولغىنى بىلەن ، مەنىۋىيىتى سىلىگە مەنسۇپ بولۇپ قالىۋېرىدۇ . پۈ-
تۈنسۇرۇك بىر ئەركىشى تۇرۇپ ، ئون يىل جەريانىدا سىلى قانداق كۈن
كۆرلە ؟ تالاغا چىقىپ بىرەر مەشغۇلات قىلىشى مۇمكىن بولمايدىغان ئايال
ئاتا - ئانىسى ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمۇ كەچكەن شارائىتتا قانداق كۈن
ئۆتكۈزۈشى مۇمكىن . ئەگەر ئۇ ئۆلۈۋېلىشنى ئويلىغاندىمۇ سىلىنى كۆزدە
تۇتۇپ ، سىلىدىن بىسوراق ئۆلەلمەيدۇ . ئەگەر ئۇنى باشقا ئەرگە تەگكىچە
ئۆلۈۋېلىشى كېرەك ئىدى دەپ قارىسىلا ، بۇ ئۇنى ئۆلۈشكە بۇيرۇپلا
قالماي ، ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ئۆلتۈرگەنلىكمۇ بولار ئىدى . ئەگەر شۇ كۈن-
لەردە سىلى بۇۋىسارە خېنىم مىرىلال ئىسىملىك بىر يىگىتنىڭ ئىشق -
پىراقىدا ئۆلۈپ كەتكەن دەپ ئاڭلىغان بولسىلايۇ ، ئۆلەيمۇ - ئۆلمەيمۇ دەپ
يۈرگەن بولسىلا سىلىنى ھەقىقىي ئاشىق دېگىلى بولمايتتى . . .
ئۇ بېرىلىپ ، قىزىشىپ سۆزلەشكە باشلىدى . ئاۋازىمۇ جاراڭلىق
ئىدى ۋە بالدۇرقى چاغلاردىكىدەك خىرقىراپ قېلىش ، بوغۇلۇپ
قېلىشلاردىن خالىي ئىدى . ئۇنىڭ سۆزلىرى بىردە يىراق مىسىر ، ئەرەبىس-
تانغا كېتەتتى ۋە بىردە تۇرپان ، توقسۇنلارغا كېلەتتى ، توساتتىن يەنە
بۇۋىسارە بىلەن مېنىڭ ئۈستۈمگە مەركەزلىشەتتى . ئۇ نۇرغۇن - نۇرغۇن
مىساللار ئارقىلىق ئىشق - مۇھەببەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ، قانداق
بولۇشى كېرەكلىكىنى ، بۇرۇن قانداق بولغان ، ھازىر قانداق بولۇۋاتقانلى-



قىنى چۈشەندۈرمەكچى بولاتتى . شائىرلارنىڭ « لەيلى - مەجنۇن » ،
« پەرھاد - شېرىن » ، « تاھىر - زۆھرە » ، « رابىيە - سەئىدىن »
قىسسىلىرىنى يازغاندىكى مۇددىئاسى نوقۇل مۇھەببەتلا ئەمەس ، ئۇلار مۇ-
ھەببەتنى باھانە قىلىپ ، ئىجتىمائىيەتنى يازغان . مۇھەببەتنىلا يازغان
دېگەندىمۇ ، شۇ بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ نېمە يەپ ، نېمە كىيگەن-
لىكىنى يازمىغان . ئەگەر ئۇلارنىڭ قايسىبىرىنى بىر ھەپتە ئاش - سۇسىز
قالدۇرسا ، ئۇلار ئاشىق غەزىلىنى كىتابتا يېزىلغاندىن باشقىچىرەك ئوقۇغان
بولاتتى . . . دەپ تەرىپلەيتتى .
شاجۇمە پۈتۈن يېرىم كۈن سۆزلىدى . ئۇنىڭ جىمى سۆزلىرىدىن
شۇنداق خۇلاسە چىقاردىمكى ، بۇۋىسارىنى ھازىرچە « ۋاپاسىز » دەپ
ئەيىبلىمەي تۇرغان تۈزۈك . ئاۋۋال ھېلىقى ئەركىشى ۋە قىزنىڭ كىملى-
كىنى ئېنىقلاش كېرەك ، ئەر ئۇنىڭ ئېرى ، قىز ئۇلارنىڭ پەرزەنتى
ئىكەنلىكى مەلۇم بولغاندىمۇ ، بۇۋىسارىنىڭ قانداق شارائىت ، قانداق
ئەھۋال ئاستىدا باشقا ئەرگە تەگكەنلىكىنى ، « تالاق » قىلماي نىكاھىدا
ساقلاۋاتقىنىمنى بىلىش - بىلمەسلىكىنى سۈرۈشتۈرۈش ، ئەڭ ياخشىسى ،
ئۆزى بىلەن سۆزلىشىپ بېقىش كېرەك . بۇنداق پۇرسەت ھازىرنىڭ ئۆزىدە
بولمىسا ، پۇرسەت يېتىپ كەلگۈچە كۈتۈشنىڭ زىيىنى يوق ، مۇبادا
بۇۋىسارە ھەقىقەتەن ۋاپاسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ : « كۆتۈر ساراڭ ،
قەلەندەر كەشكۈلنى نېرى . . . » دېگەندىمۇ ، بىر چاغلاردىكى — ئون
يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىلگىرىكى بۇۋىسارە خېنىمنىڭ ئىشقىي كۈچىدە
ياشاشقا بولىۋېرىدۇ . تەتۈرىسىچە بولسا تېخى ياخشى بولغىنى . قوشۇلغۇم
كەلسە قوشۇلۇپ ياشايمىز . قوشۇلغۇم كەلمىسە ، مەلۇم مۇددەت ئىددەت
ساقلاپ ، كۆڭلۈمنى كۆزىتىپ بېقىشقا بولىدۇ . پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت
ئەلەيھىسسالاممۇ ئەر كىشىگە يېقىنلاشمىغان قىزلارنىلا ئالغان ئەمەس . . .
نېمىلا دېگەن بىلەن شاجۇمە كۆڭلۈمگە يەنە ياشاش ، بۇۋىسارى-
نىڭ مەن قايسى بىر كۈنى كۆرگەن بۇۋىسارە ياكى ئون يىلدىن
ئىلگىرىكى بۇۋىسارە ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش ۋەسۋەسىسىنى سېلىپ قويدى .
ئۇ شۇنچە كۆپ سۆزلىرىدە ئېغىزغا ئالمىغان بولسىمۇ مەن ئۆز تەرىپىمدىكى

بىر ئەيىبنى كۆرۈپ يەتتىم. ئەگەر بۇۋىسارە قارشى تەرىپىمدە تۇرۇپ: «ئېي مىربىلال! سەن مېنى ۋاپاسىز دېگىنىڭدە، ئۆزۈڭنىڭ قانچىلىق ۋاپادار ئىكەنلىكىڭنى نېمە بىلەن ئىسپاتلايسەن؟ ئون يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە ماڭا بىر چىمدىم تۇز، بىر قوشۇق سۇ چاغلىق ماددىي نەرسە ياكى بىر ئىلىك خەت، بىر ئېغىز گەپ چاغلىق ئۇچۇر بەردىڭمۇ؟ سېنىڭ بۇ دۇنيادا بار ـ يوقلۇقۇڭنى قانداق بىلەلەيمەن»... دېسە نېمىمۇ دەيتتىم؟ توغرا، شۇنداق قىلغۇم بار بولسىمۇ ئىمكانىيىتىم يوق ئىدى. ئەگەر بۇۋىسارىمۇ ئالالىقاندەك بىر ئىمكانىيەت بولمىغان بولسىچۇ؟

پىكرىم خېلى ئېچىلدى. ئۆزۈمنى يەڭگىللەپ قالغاندەك سەزدىم.

— سىلىگە رەھمەت ئاتا، — دېدىم شاجۇمەگە، — سىلى ماڭا ئون يىلنىڭ ئالدىدا ئۇردىخان پادىشاھىمدا قىلغان ياخشىلىقتىن ھالقىپ تۇرىدىغان يەنە بىر ياخشىلىق قىللا...

ئۇ ئىزاھاتىمنى ئاڭلاپ، بېشىنى مەمنۇنلۇق بىلەن لىڭشىتتى. مەن سۆزدىن توختىغاندىن كېيىن بېشىنى سىلاپ، كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ:

— ھايات ئۇلۇغ، ئەڭ تۈۋەن شارائىتتا چۇشۇپ قالغاندىمۇ ياشاشتىن بىزار بولمىسىلا ئوغلۇم. ئەمەلىيەتلىرى بىلەن بولسا تېخى ياخشى، ئۇ بولماي قالغاندا، سۆز ـ ئۆگۈتلەر بىلەن بولسىمۇ باشقىلارنى ھالال ياشاشقا ئۈندەپ تۇرسىلا، — دېدى.

— خۇدا نېسىپ قىلسا...، — دەپ ۋەدە بەردىم.

بىزنىڭ پارىڭىمىز ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ھەرىكەتلەر توغرىسىدا شاجۇمەدىن ئەدەپ بىلەن سورىدىم:

— پىكرىمنى ئېچىپ قويغانلىقلىرى، بۇۋىسارىنى يەنە ئىزدەيدىغانلىقىم ھەققىدە مۇھەممەت ئاقچى بىلەن چولپانخاننى خەۋەردار قىلىش كېرەكمۇ ـ يوق؟

— سىلىنىڭ نىيەتلىرىچە خەۋەر قىلماقچىدەك تۇرىلا ـ ھە؟

سەزگۈر بوۋايغا قايىللىقىمنى بىلدۈرۈپ چۈشەنچە بەردىم:



— تارىلىپ كېتىش ھەققىدە گەپ ـ سۆز بولغاندا، بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇش يولىمىز ئۇۋىستىدە ئېغىز ئاچماي بولمايدىغان ئوخشايدۇ...

— ئىختىيارلىرى ئوغلۇم، — دېدى بوۋاي، — ئەمدى مەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا كۆپ بولسا ئۈچ ـ تۆت كۈنلۈك مېھمان... تارىلىپ كېتىش ھەققىدە، ئەلۋەتتە، باشلاپ ئېغىز ئېچىپ بېرىمەن، ئەمەلىيىتىمدىمۇ ھەممىڭلاردىن ئاۋۋال كېتىمەن...

شاجۇمەنىڭ ئۆلۈم ھەققىدە بۇنداق ئېنىق كېسىپ گەپ قىلىشىنى ئەتىگەندىن بېرى ماڭا نەسىھەت قىلىشىنىڭ باھانىسى دەپلا ئويلىغانىدىم. شاجۇمە راستتىن بىر بېشارەت سەزگەنمىدۇ؟

ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى ئېتىپ يىغلىۋەتتىم. شاجۇمە مېنى بەزلەۋاتقاندا مۇھەممەت ئاقچى بىلەن چولپانخان كىرىپ قالدى. ئۇلار تەكىيگە يۈگۈرۈپ، سايساق ئولتۇرغان شاجۇمە بىلەن ئۇنى قۇچاقلاپ بوزلاپ يىغلاۋاتقان ماڭا ھەيران بولۇپ قاراپ قالدى ـ دە كېيىن:

— نېمە بولدى؟، — دېيىشكىنىچە ئىككى تەرىپىمگە يۈكۈنۈشتى.

شاجۇمەنىڭ باياتىن دېگەن سۆزىنى تەكرارلاپ بەردىم.

— شۇنداق، ھامان مەلۇم بولىدىغان ئىشنى يوشۇرۇۋېرىش دوستلۇق بۇرچىغا خىيانەت بولىدۇ، — دېدى شاجۇمە ئۈچەيلەنگە كۆيۈنۈش نەزىرىدە قاراپ. بۇ كۆز قاراشلاردا ئۆلۈمى ھەققىدە گەپ قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدىغان زەررىچىلىك نۇرمۇ يوق ئىدى، — ماڭا سىلەردىن ئايرىلىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلدى.

شاجۇمەنى مەنچىلىك بىلمەيدىغان مۇھەممەت ئاقچى بىلەن چولپانخانغا ئۇ پەقەت بىر قەلەندەر كۆرۈنگىنى ئۈچۈن گېپىنى تازا ئىناۋەتكە ئالمىدى. ئەمما، يىغام ئۇلارغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى. چولپانخان باشتا ئۇنىنى قويۇپ بەردى. مۇھەممەت ئاقچى بولسا:

— ئاتا، نەلىرى ئاغرىيدۇ؟ مەن تېۋىپ چاقىرىپ كېلەي، — دېدى.

شاجۇمە ئاغرىيدىغان يېرى يوقلۇقىنى، ئۆلۈشنىڭ ئاغرىق بىلەنلا

مۇناسىۋەتلىك بولۇۋەرمەيدىغانلىقىنى بىرھازا چۈشەندۈرۈپ، ئاخىرىدا مۇنداق دېدى:

— مەن بىر ل قارىي بىر كىشىلا بىلسە دېۋىدىم. ئۈچىلىڭلار بىلدىڭلار، بوپتۇ، زىيىنى يوق. مېنى يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاھىمغا يېغا - زارىسىز، جىمجىت ئاپىرىپ، ھېچكىمگە تۇيدۇرماي كۆمۈپ قويۇشقا، نامىزىمنى چۈشۈرمەسلىككە، قەبرە قوپۇرماسلىققا ۋەدە بېرىڭلار...

مۇھەممەت ئاقچىمۇ بىردەم ماڭا ئوخشاش تارتىنىپ باقتى. ئاخىر ئۇمۇ ۋەدە بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

— ئەمدى سىلەرگە ۋەسىيىتىم، — دېدى بوۋاي مۇھەممەت ئاقچى بىلەن چولپانخانغا، — ئاللاھ ئىگەم كەم رىشتىنىمۇ ئۈلايدۇ دېسەڭلار، بىللە ئۆتۈشكە ئىشەنچ قىلالىساڭلار، نىكاھلىق بولۇپ بىللە ياشاڭلار...

— بىز تېخى نىكاھىمىزنى ئۆزلىرىنى ئوقۇپ بېرىدۇ، دەپ يۈرەتتۇق، — دېدى مۇھەممەت ئاقچى. ئۇ شۇلارنى دېگەندە چولپانخان ۋىللىدە قىزاردى ۋە يەرگە قارىۋالدى.

— نىكاھنى كىم ئوقۇسا بولۇۋېرىدۇ. ئىككىيلەن خالىغاندىن كېيىن خۇدانىڭ ئۆزىنى گۇۋاھ قىلىپ ئوقۇسىمۇ بولىدۇ. ئەسلىدىغۇ نىكاھ دېگەن خۇدانىڭ سۆزى بولماي، جامائەتكە ئەر - خوتۇن بولغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويىدىغان ئەرەبچە سۆزلەر...

مۇھەممەت ئاقچى بىلەن چولپانخانغا بۇنداق سۆزلەر يېڭى تۇيۇلغاچقا چەكچىيىپ كېتىشتى ۋە ماڭا قاراپ قويىدى. شاجۇمە بۇلارنى كۆرمىگەنگە سېلىپ مۇھەممەت ئاقچىدىن:

— مەن سىلىدىن كۆپ مىننەتدار ئىنىم، بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلسام، مېنى ئاكا ئورنىدا كۆرۈپ قۇلاق بېرەملا؟ — دەپ سورىدى.

— ئاتا ئورنىدا، ئۇستاز ئورنىدا كۆرۈپ ئاڭلايمەن، ئېيتسىلا، — دېدى مۇھەممەت ئاقچى باشقىدىن يۈكۈنۈپ.

چولپانخان بىلەن مەنمۇ مۇھەممەت ئاقچىدىن كېيىنلا ئۇنى دوراپ يۈكۈنۈپ ئولتۇردۇق. شاجۇمە ھېچقايسىمىزغا قارىمايلا گېپىنى باشلىدى:



— مەن سىلەردىن ياشتا چوڭ، بارغان يېرىم كۆپ، ئوقۇغانلىرىم جىق، ھازىرغىچە مەلۇم بولغان يېزىق ۋە ئاغزاكى مەلۇماتلاردىن ئۇقۇشىمىزچە، زاماننىڭ ۋاپادار بولۇپ باققىنى يوق. زاماننىڭ كىشىلەرگە قالدۇرغان تەسىراتى كىشىنىڭ تىلىكىگە ماس بولمىغانلىقتىن، ئۇ نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان ھامان ئادالەتسىز، بىۋاپا، تۇراقسىز ئاتىلىپ كەلمەكتە. ئولتۇرغان تۆتىمىزنىڭ كۆرگەن مۇشكۈلاتلىرى، تارتقان سەۋدالىرى ھەرخىل بولسىمۇ يىلتىز بىر، مەنبە بىر، يەنى زامان بىزنىڭ ۋە بىز زاماننىڭ رەقىبى بولۇپ كەلدۇق. ئەسلىدە زامان مەۋھۇم چۈشەنچە بولۇپ، بىزنىڭ زۇلۇم چېكىشىمىزگە سەۋەبچى بولغىنى بىزگە شەكلى ئوخشايدىغان ئادەملەر. مەن گەپنى بەك ئەگىتتىۋەتمەي، زۇلۇم سالغۇچىلار ھامان ئاز، زۇلۇم كۆرگۈچىلەر ناھايىتى كۆپ. بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى پاراكەندە قىلىدىغىنى، كۆپ ھاللاردا زۇلۇم سالغۇچىلارنىڭ ئىنساپسىز ئىكەنلىكى، ئەمەلىيەتتە، زۇلۇم كۆرگۈچىلەر ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى، زۇلۇم كۆرۈش ئۈچۈنلا يارىتىلمىغىنىنى بىلگەن بولسا ياخشى بولاتتى. كۆڭۈلنى پاراكەندە قىلىدىغىنى مانا مۇشۇ كېيىنكىلەرنىڭ «تەقدىرگە تەن بېرىش» تەك ياۋاشلىقى بولۇشى لازىم ئىدى. لېكىن، بىز ئۆزىمىزمۇ زۇلۇم كۆرگۈچىلەر بولغانلىقىمىزدىن، بىزگە مەلۇم بولغان ھېلىقى زىندىيەتنى قانداق ھەل قىلىش چارىسىنى بىلمەي سەۋرچانلىق بىلەن ياشاپ، قانائەتچانلىق بىلەن ئۆلۈۋاتىمىز. بۇ زىددىيەتنى مۇۋاپىق ھەل قىلىدىغان نەزەرىيە ھامان بىر كۈنى تۇغۇلىدۇ. ئۇ تۇغۇلۇپ بولغۇچە سىلەرنىمۇ مېنىڭ دەرۋىشلىكىم بويىچە ياشاڭلار دېمەكچى ئەمەسمەن. ئەمما، زاماندىن، شۇ زاماننى شەكىللەندۈرگەن ئادەملەردىن — ئەلۋەتتە زۇلۇم، سىتەم سالغۇچى ئاز سانلىقلاردىن قىساس ئېلىشتا دەرۋىشلەرنىڭ بەزى نەزەرىيىسىدىن، مەسىلەن، باشقىلارنىڭ ھەققىدىن قېچىش توغرىسىدىكى تەرغىباتىدىن پايدىلىنىشنى ئويلىشىشقا بولارمۇ؟

— مەن ئەمدى ئوغرىلىق قىلمايمەن ئاتا، — دېدى مۇھەممەت ئاقچى شاجۇمەنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنىپ، — بۇ قېتىم

ئۇچىلىرى بىلەن جەم بولغاندىن كېيىنلا ئوغرىلىقتىن قول تارتىپ، ئائىلە قۇرۇپ، ئىرىكچىلىك قىلىشنى كۆڭلۈمگە پۈككەنىدىم . . .

شاجۇمە چولپانخانغا بىلىنەر - بىلىنمەس قاراپ قويدى . گەرچە ئۇ گەپ قىلمىغان بولسىمۇ كۆڭلىدىكىنى چۈشەندىم . ئۇ بىز سەپەر ئۈستىدىكى چاغدىلا « چولپانخاننىڭ مۇھەببىتى مۇھەممەت ئاقچىنى ئوغرىلىق قىلماي باشقىچە يول بىلەن ياشاشقا ئۈندەيدۇ . . . » دېگەنىدى . شاجۇمەنىڭ مۇھەممەت ئاقچىغا قارىتىلغان سۆزىدە چولپانخانغا تەۋە مەزمۇن بولمىسىمۇ، چولپانخان ئاللىقانداق بېشارەت خاراكتېرلىك سۆزنى قىياس قىلدى بولغاي :

— شۈكرى قانائەتچان، هالال خوتۇن بولۇپ، ئېرىمنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقمەن ئاتا ! — دەپ بېشىنى سالدى .

شاجۇمە بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى . كېيىن قولىنى دۇئاغا ئاچتى . بىز ئۇچەيلەن ئۇنىڭ ۋە دۇئانىڭ هۆرمىتى ئۈچۈن ئورنىمىزدىن تۇردۇق . بوۋاي ئۇزاق دۇئا قىلدى . ئۇ كۆزىنى يۇمغان بولۇپ، ئاغزىنىڭ مىدىرلىشىدىن باشقا پۈتۈن بەدىنى هەرىكەتسىز ئىدى . ئۇنىڭ نېمە دەپ دۇئا قىلىۋاتقىنى ئېنىق بولمىسىمۇ، ئۇچىمىزنىڭ بەختىنى تىلەۋاتقىنى ئېنىق ئىدى .

دۇئادىن كېيىن بىز تاماق يېدۇق . گەرچە شاجۇمە تارقىلىپ كېتىش توغرىسىدا ئاۋۋال سۆز باشلايمەن دېگەن بولسىمۇ، تېخى بىر نېمە دېمىگەنلىكى ئۈچۈن، تۆتىمىزنىڭ كەچلىك تامىقى ۋە ياتىقىمۇ بۇرۇنقىدەك بىللە بولدى . مەن ئەتە ئەتىگەندە بۇ هەقتە گەپ بولىدۇ، دەپ ئويلىدىم .

ئەمما، ئەتىسى ئەتىگەندە بىز تېخىمۇ جەم بولۇپ قالدۇق . چۈنكى تاڭغا يېقىن شاجۇمە جۆيلۈشكە ۋە قىزىشقا باشلىغانىدى . ناشتا ۋاقتىدا ئۇنىڭ تىلدىن قالغىنى مەلۇم بولدى . ئۇ نېمە يېيىش، كۆڭلى نېمە تارتىش توغرىسىدىكى سوئاللارغا هېچنېمە دەپ جاۋاب بەرمىدى . ئۇنىڭ ئۆلۈم هەققىدىكى سۆزلىرىگە ئەمدى هېچقايسىمىز گۇمان قىلىپمۇ يۈرمىدۇق ۋە شۇ مۇدهش سائەتنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ، بوۋايغا تېخىمۇ يېقىن



ئولتۇردۇق .

شاجۇمە خۇپتەندىن يانغۇچە كۆزىنى ئېچىپ ياتتى . ئۇنىڭ ئاشۇ كۆزلىرىلا هاياتلىقتىن، قانائەتتىن خەۋەر بېرىپ كۈلۈمسىرەپ پارقىرايتتى . ئېغىر ئەل ياتقۇ مەهەلدە ئۇ دەرۋىشلەرچە جان تالىشىپ يۈرمەي، يەڭگىللىگىنە، جان ئۈزدى . تېخى بىر كۈن ئىلگىرىلا يۆتەل، زۇكام چاغلىق كېسىلى يوق، ساپساق بىر ئادەمنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈپ، تىرىكلەر دۇنياسىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتكىنىگە كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى . بىراق، ئەمەلىيەت بىزنى ئىشىنىشكە مەجبۇر قىلاتتى . بىز ئۇ ۋەسىيەت قىلغان ۋە بىزمۇ ۋەدە بەرگەندەك نامىزىنى چۈشۈرمىدۇق، هېچكىمگە، هەتتا سارايۋەنگىمۇ ئۇقتۇرماي، يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاهىم مازىرى ئەتراپىدىكى گۆرىستانلىقتا نۆۋەتلىشىپ هاپاس ئېتىپ ئاپاردۇق ۋە چولپانخان كۆتۈرۈپ كەلگەن كەتمەن بىلەن گۆر كولاپ كۆمۈۋەتتۇق . قايتىش ۋاقتىدا مەن ۋەدەمگە خىلاپ هالدا گۆر ئۈستىگە بەلگە سۈپىتىدە خىش قويۇپ، ئۈچ « ئىلىق » تارتىپ قويدۇم .

ئەمدى ئۈچىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىش ئىشى قالغانىدى . قەبرىستانلىقتىن تۆشۈك دەرۋازىسىغا كەلگۈچە بۇ ئىككىيلەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن قانداق قىلىشىم كېرەكلىكىنى ئويلاپ قويغانىدىم . مەن بۇۋىسارىنى قانداق هالەتتە تاپسام تېپىش، ئۇنىڭ ئەهۋالىنى ئۇقۇشۇش، ئۇنىڭغىچە تىلەمچىلىك قىلغاچ تۇرۇش هەققىدە مۇكەممەل بىر پىلان تۈزۈپ بولغانىدىم . تۆشۈك دەرۋازىسىدىن بىر تەرىپى تاختا كۆۋرۈككە، بىر تەرىپى كوزىچىلار مەهەللىسىگە بارىدىغان يولنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە مەن ئۆز پىكرىمنى ئېيتتىم :

— ئەمدى ماڭىمۇ رۇخسەت بېرىشسىلە ! . . .

مۇهەممەت ئاقچى گېپىمنى ئاڭلىمىغاندەك قاراپ تۇرۇپ قالدى ۋە بېمىشقا توختاپ قالغىنىمغا هەيران بولۇپ، « سەۋەبىنى چۈشەندۈر » دېگەندەك چولپانخانغا تىكىلدى .

— بىلال قارىي كېتىمەن دەۋاتىدۇ ! — دېدى چولپانخان ئېرىككەندەك زەردە بىلەن .

مۇھەممەت ئاقچىنىڭ ھەرقانداق گەپنى ئاڭلىماسلىقى مەلۇم بولدى. ئۇ بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلماي ئالدىغا قاراپ كېتىۋەردى.

— ھەر گەپ بولسا سارايغا بېرىپ دېيىشەيلى، — دېدى چولپانخان مۇلايىملىق بىلەن.

سارايغا قايتىشقا مەجبۇر بولدۇم. جىنچىراغ يورۇتۇلغاندىن كېيىن مۇھەممەت ئاقچى شاجۇمەنى ئەسلەپ، پەس ئاۋازدا يىغلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ يىغىسى باشقا ئىككىمىزنىڭمۇ كۆڭلىنى بۇزۇپ بىزمۇ يىغلىدۇق. يېرىم كېچىگە يېقىنلاشقاندا مۇھەممەت ئاقچى نېمىدىن، كىمدىن رەنجىگىنىمنى سورىدى. مەن بۇ تۇيۇقسىز كەلگەن قارار ئەمەسلىكىنى، شاجۇمە بىلەن تەپسىلىي پاراڭلاشقىنىمىزنى، تارقىلىپ كېتىش ھەققىدە ئۇ سۆزلىمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتىپ بەردىم.

— ئۇ بۇ ھەقتە رەسمىي ئېغىز ئاچمىغانىكەن، دېمەك، مەلۇم بىر سەۋەب بار دېگەن سۆز، — دېدى مۇھەممەت ئاقچى ئۆزىنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى گەۋدىسى بىلەن كۆرسىتىپ قويماقچى بولغاندەك قەددىنى كۆتۈرۈپ، — خوش، كېتىپ نەگە باراتتىلە؟

— بىز ئۈچىمىز مەڭگۈ بىللە ياشىيالمايمىزغۇ؟ — قارشى چىقتىم.

— ھېچ بولمىسا سىلىمۇ بىرەر كەسىپنىڭ بېشىنى تۇتۇپ، قەلەندەرلىكنى تاشلىغانغا قەدەر بىللە ياشايمىز، — دېدى مۇھەممەت ئاقچى، — ياكى بولمىسا بىللىلىشىپ دۇكان ئاچامدۇق، ئىشخانا ئاچامدۇق، بۇلار توغرىسىدا مەسلىھەت قىلىشىمىز. بۇنداق ئىتتىكارى ئايرىلىپ بارىدىغان يەرلىرى، قىلىدىغان ئىشلىرى بارمىدى؟

ماڭا يوشۇرۇشىنىڭ ئورنى يوق ئىدى. شاجۇمەنىڭ مۇلاھىزىسىنى، ئۆزۈمنىڭ كەلگەن قارارىنى ئېيتىپ بەردىم. مۇھەممەت ئاقچى بىلەن چولپانخان كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى. مەن سۆزدىن توختىغاندىن كېيىن مۇھەممەت ئاقچى:

— ياخشى مەسلىھەت قىلىشىپتىكەنلا، كېيىنرەك بولسىمۇ ئاڭلاتقانلىرى ياخشى بولدى، — دېدى ئويلىنىپ، — بۇۋىسارە خېنىم



بىلەن دەرقەمتە كۆرۈشۈشنى مەنمۇ قوللايمەن. ئەلۋەتتە بۇنداق مۇھىم ئىشتا بىزنىڭ ياردىمىمىز كېرەك بولۇپ قالماسمۇ؟

ماڭا ئۇلار بىلەن قېلىشقا توغرا كەلدى.

ئەتىسى كەچلىكى بىز شاجۇمەسىزمۇ شۇنداق مەسلىھەتكە كەلدۇق: چولپانخان كىرچى ئايال سۈپىتىدە بۇۋىسارىنىڭ ھويلىسىغا بارىدۇ، بۇۋىسارىنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈپ، بارلىق ئەھۋالىمنى تونۇشتۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭ ماڭا بولغان مۇئامىلىسىنى ئۇقۇپ باقىدۇ. ئەگەر بۇۋىسارە بىلەن كۆرۈشەلمەي قالغاندىمۇ، ھېلىقى نەپرەتلىك ئەر — مېنى ئۇرغان، قوغلىغان كېيىن بۇۋىسارىنىڭ چېچىنى سىلىغان ئەر بۇۋىسارە بىلەن بىللە تۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇرغان تۇنىساخان بىلەن كۆرۈشكە بولىدۇ. تۇنىساخان ھېچبولمىسا بۇۋىسارىنىڭ ئەھۋالى بىلەن ھېلىقى ئەركىشىنىڭ كىملىكىنى، ئۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى — شۇ قاتاردا بۇۋىسارىگە ئوخشايدىغان قىزنىڭ سالاھىيىتىنى ئېيتىپ بېرىدۇ...

مۇھەممەت ئاقچى چولپانخان يالغۇز بارسۇن دېگەن بولسىمۇ، مەن بىللە بېرىشتا چىڭ تۇردۇم. ھويلىغا يىراقتىن نەزەر تاشلاپلا تۇرىدىغانلىقىمنى، چولپانخاننىڭ پائالىيىتىگە ھالاقىت بەرمەيدىغانلىقىمنى تەكىتلەپ ئورنۇمدىن تۇرۇۋالدىم. مۇھەممەت ئاقچى بىلەن چولپانخان نېمىشقا شۇنداق قىلىدىغانلىقىمنى چۈشەنگەندەك بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ قويۇپ ماقۇل بولۇشتى. بىز ئۈچىمىز گەپ ـ سۆزسىز چاي ئىچىپ ۋاقىت ئۆتكۈزدۇق. ئادەملەر ئۆز ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ كوچا بىرقەدەر تىنىچ قالدى، دەپ ھېسابلىغان ئاشۋاقتى مەھەللىدە، چولپانخان ئالدىدا ۋە مەن يىگىرمە ـ ئوتتۇز قەدەمچە كەينىدىن مېڭىپ ياغبازىرىغا ئاتلاندۇق. قازانچى مەھەللىسىگە بارغاندا مەن چولپانخاننىڭ ئالدىغا ئۆتمەكچى، كېرەكلىك ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، بەلگە بېرىپلا كېتىۋەرمەكچى بولۇپ كېلىشتۇق.

نىشان يېقىنلاشقاندا قەدىمىمنى تېزلىتىپ، چولپانخاندىن ئېشىپ كەتتىم. بەلگىلىك ئىشىك ئۇدۇلىغا كەلگەندە زوڭزىيىپ ئولتۇردۇم ۋە قولۇم يېتىدىغانلا يەردە تۇرغان شاپىلاقچىلىك چوڭلۇقتىكى بىر پارچە

ساپالنى ئىشىك تەرەپكە قارىتىپ تاشلىدىم. ساپال پارچىسى سۇيى يوق ئېرىققا چۈشتى. بۇنىسى ئۇششۇقچە ھەرىكەت ئىدى. ئەمما، ئۇ يولدا پۈتلىشىدىغان ساپال ـ داڭگاللارنى يول چېتىگە چىقىرىۋېتىش ھەققىدىكى مۇسۇلمانچىلىق قائىدىسىگە خىلاپ كەلمىگەچكە، بىرەرى كۆرسىمۇ ئەجەبلەنمەسلىكى تەبىئىي ئىدى. بەختكە يارىشا، يېقىن ئەتراپتا ماڭا ياكى چولپانخانغا دىققەت قىلىپ تۇرغان ئادەملەرمۇ يوق، بار ئادەملەر بولسا يول قاسنىقىدىكى دۇكانلارنىڭ ئالدىدا ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن بەند ئىدى.

ئۆز يولۇمغا كېتىۋەردىم. ئەللىك قەدەمچە مېڭىپ، ئۈچ يولنىڭ دوقمۇشىغا بارغاندا توختاپ كەينىمگە قارىدىم. بۇ يەردە ئادەم كۆپ بولسىمۇ سودا ـ سېتىققا بېرىلگەنىدى، ماڭا ئوخشاش بىكارچىلارمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىسى ساتقۇچىلارغا، بەزىلىرى ئالغۇچىلارغا ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرۇشاتتى. يار ئاستىدىكى بىر بۇلۇڭدا بەش ـ ئالتىدەك جۇلدۇر كېپەن كىشىلەر كۈپكۈندۈزدە، تارتىنماي ھوشۇق ئويناۋاتاتتى.

چولپانخان مەن بەلگە بەرگەن ئىشىك ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ توختاپ قالغىنىنى، يا ئىشىك قاقماي ياكى بىر نېمە دېمەي تۇرۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇراتتىم. ئۇنىڭ ھالىتىدىن «ئىش چىڭىغا كەلگەندە قورقۇپ تۇرۇپ قالغىنى» دەپ ھۆكۈم چىقىرىشتىن باشقا ئىلاج يوق ئىدى. ۋاقىت راستىنلا شۇنداق ئۇزاققا سوزۇلدىمۇ ياكى بۇ خەۋەر ئاڭلاشقا تاقەتسىزلەنگىنىمدىنمۇ، ئىشقىلىپ، ناھايىتى كۆپ ۋاقىت ئۆتكەندەك بىلىنەتتى. ئاخىر مەن سەۋرسىزلىنىپ چولپانخان تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. شۇنداق قىلىپ چولپانخانغا كۆرۈنۈش بەرسەم، ئۇ ھەرىكەتكە چۈشىدۇ دەپ ئويلايتتىم. بىراق، چولپانخان ئۈنىڭسىزمۇ ھەرىكەتكە چۈشتى. ئۇ بەلگە قىلىنغان ئىشىكنىڭ يېنىدىكى باشقا بىر ئىشىكنى قېقىشقا باشلىدى. بۇ ئىش مېنى خېلى ھەيران قالدۇرغان بولسىمۇ، توختاپ قالدىم ۋە چىگىشنىڭ سەۋەبى چولپانخان تەرىپىدىن ئېچىلىدىغانلىقىنى ئىشىنىپ، يار تۈۋىدىكى ئادەمسىز بىر جايغا بېرىپ، ئاپتاپقا قاقلىنىپ كۆن ئۆتكۈزۈۋاتقان دىۋانە سىياقىدا ئولتۇردۇم.

چولپانخان ئىشىكنى ئاچتۇردى. ئىشىك قىيا ئېچىلغاچقا ئىچىدىكى



كىشىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ سىرتقا چىقىپ كۆرۈنۈش بەرمىگەنىگە قارىغاندا ئاياللىقىنى پەرەز قىلغىلى بولاتتى. ئۇلار ئاشۇ ھالەتتە بىرى ئىشىكنىڭ ئىچىدە، بىرى تېشىدا تۇرۇپ بىرئازلا سۆزلىشىشتى. كېيىن ئىشىك يېپىلىپ، چولپانخان بىردەم تۇرۇپ قالدى. يان تەرەپكە چامداپ، ئەسلى بىزگە كېرەكلىك ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە يەنە بىردەم توختىدى، ئاندىن ئېرىقتىن ئاتلاپ چوڭ يولغا چىقتى.

ئۇنىڭ ئاشۇ بارلىق ھەرىكەتلىرىدىن ئىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىغانلىقىنى چۈشەندىم. «بۇۋىسارە ئىشىكنى ئاچمىدى» دەپ ئويلايتتىم ئىچىمدە ۋە ماغدۇرسىز پۇتلىرىمنى سۆرەپ قايتىش يولىغا چۈشكەندىن كېيىنمۇ «نېمىشقا ئاچمىدى، نېمىشقا ئاچمايدۇ؟» دەپ تەكرارلاپ ماڭدىم.

تۆشۈك دەرۋازىسىنىڭ تېشىغا چىققان چاغدا، ئاھاكچىلار دۇكىنى جايلاشقان بازاردا بىر تەرىپىمدە چولپانخان، بىر تەرىپىمدە مۇھەممەت ئاقچى پەيدا بولدى. چولپانخاننىڭ چاقنىماي ئاقان كۆزلىرىگە قاراپلا باياتىنقى خۇلاسەمنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەندىم. ئەمما، «ئىشىكنى نېمىشقا ئاچمايدۇ؟» دەپ ئىنتىكارى سوراشقا جۈرئىتىم يەتمەيۋاتاتتى.

بىز مۇھەممەت ئاقچىنىڭ تەكلىپى بويىچە سارايغا قايتماي، تۇمەن بويىدىكى سۆگەتلىككە چۈشتۇق. پاكار سېرىق سۆگەتلەر بويىدىكى ئېرىق بويىغا ئولتۇردۇق. ئىككىمىزنىڭ كەيپىياتىدىن ئىشنىڭ نەتىجىسىنى بىلىپ ئۈلگۈرگەن بولسىمۇ، تەپسىلاتىنى ئاڭلىغۇسى بارلىقىنى يوشۇرماي:

ـــ قانداق بولدى؟ ـــ دەپ سورىدى مۇھەممەت ئاقچى چولپانخانغا قاراپ.

چولپانخان ماڭا ئىچ ئاغرىتقاندەك قىيا بىر نەزەر بىلەن تىكىلىۋېلىپ:

ـــ خېنىم كۇچاغا كېتىپتۇ! ـــ دېدى.

چۆچۈپ كەتتىم ۋە بۇرۇلۇپ چولپانخانغا قارىدىم. چولپانخان سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ بۇۋىسارە بار ھويلا ئىشىكىگە قولۇپ

سېلىنغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ھويلىدا ئادەم يوق ئىكەن دەپلا كەينىگە يېنىشقا رايى بارماي، ياندىكى ئىشىكنى قېقىپ سۈرۈشتۈرمەكچى بوپتۇ. قوشنا بولغانلىقتىن ئۇلار بىلىدۇ دەپ ئويلىشىغا يارىشا، قوشنا ئايال ھويلىدا ئولتۇرغان ئايالنىڭ كۇچاغا كەتكىنىنىلا بىلىدىكەن. ئۇ ھەتتا بۇۋىسارىنىڭ ئىسمىنىمۇ بىلمەيدىكەن، چۈنكى بۇۋىسارە ھېچقاچان، ھېچقانداق بىر ۋاقىتتا قوشنىلار بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشماپتىكەن، سىرتقىمۇ چىقمايدىكەن. قايسىبىر ئاخشىمى ئۇلارنىڭ ھويلىسىغا ئىككى ئوغرى كىرگەندىن كېيىنكى شاۋ ـ شۇۋلار مەھەللىنىڭ يېرىمىنى ئويغىتىۋېتىپتۇ. ئەتىسى قوزا چۈش ۋاقتىدا بىر ھارۋا كەپتۇ ـ دە، بىر ئەر، بىر ئايال كىچىك بىر قىز بىلەن ھارۋىغا چۈشۈپ كېتىپ قاپتۇ. ھارۋىكەشنىڭ «كۇچا يېقىن يول ئەمەس» دېگىنىگە قاراپ، ئۇلارنىڭ كۇچاغا كەتكىنىنى بىلگىلى بولمىسا، ئۇ خېنىم ئۆز ئاغزىچە قوشنىلارغا ھېچنېمە دېمەپتۇ.

— مەن ئۇ خېنىمنىڭ كىرلىرىنى يۇغانىدىم. ھەققىمنى بۈگۈنكى كۈندە بەرمەكچى بولۇپ كېلىشكەنىدۇق، دەپ گەپ ئالدىم، — دېدى چولپانخان سۆزىنىڭ ئاخىرىدا.

ئۇنىڭ ئاخباراتى ئىچىدە بۇۋىسارىنىڭ كۇچاغا كەتكەنلىكىدىن باشقىسى ماڭا مۇھىم بىلىنمىدى، ئۇنىڭ كۇچاغا كېتىشى «ئىككى ئوغرى» ھويلىغا كىرگەندىن كېيىن چىقىرىلغان قارارنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىدە شەك يوق ئىدى. ھېلىقى نەپرەتلىك ئەر بۇۋىسارىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشىغا ئىشەنچ قىلالمىغانىدى. مەن مۇھەممەت ئاقچىغا قاراپ قويدۇم، نېمىشقا قارىدىم، بۇ قاراش قانداق مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. ئەمما، مۇھەممەت ئاقچى شۇنداق دېدى:

— ھويلىغا كىرىپ قورقىتىۋەتكەن «ئىككى ئوغرى» بىز ئىككىمىز، — ئۇ بېشىنى ئىرغىتىپ ھەسرەت بىلەن تەكرارلىدى، — ئۇلارنى بىز كۇچاغا قوغلىغاندەك بوپتۇق، يۈگۈرۈك ئاتلار قوشۇلغان ھارۋا تېپىپ كۇچاغا ئاتلانمايلىمۇ؟

مەن كۇچاغا بارغىچە يولنىڭ يىراق ـ يېقىنلى-



قىنى بىلەتتىم. شۇڭا:

— ئۇلار تۈنۈگۈن ياكى بۈگۈن كۇچاغا بېرىپ بولىدۇ، — دېدىم قوشۇلمايدىغان تەلەپپۇزدا، — ئاندىن، كۇچاغا بېرىپ نەدىن تاپارمىز؟ تونۇمىغان يەرنىڭ ئۆي ـ چوڭقۇرى تولا دېگەن گەپمۇ بار. بىكار ئاۋارىچىلىك تارتىمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوشۇقچە چىقىم...

مۇھەممەت ئاقچى ئۆز تەكلىپىدە چىڭ تۇرۇۋالمىدى. ئاللىقانداق خىجالەتچىلىك ئىچىدە چولپانخانغا قارىدىيۇ، بېشىنى ئىرغاڭلىتىپ يەرگە قارىدى. چولپانخان بولسا گېپىنى تۈگەتكەندىن تارتىپ يەرگە قاراپلا ئولتۇراتتى.

كەچلىكى سارايغا قايتقاندا، تارقىلىپ كېتىش توغرىسىدا يەنە ئېغىز ئاچتىم. مۇھەممەت ئاقچىنىڭ رەت قىلىشلىرىغىمۇ پىسەنت قىلمىدىم.

— ئۇنىڭ قەشقەرگە قايتىشىنى كۈتىمەن، — دېدىم تەرسالىق بىلەن چىڭ تۇرۇپ، — ھېلىقى كېچىسى بىزگە نامەلۇم بولغان ھېلىقى ئەر بۇۋىسارىگە «بىر ـ ئىككى ئاي يالغۇز قالىدىغان بولدۇڭ» دېگەن. دېمەك، ئۇ كۇچادىكى دۇكانلىرىنى، ھېساب ـ كىتابلىرىنى بىر نېمە قىلىۋەتسىلا قايتىپ كېلىدۇ. تېزلا يولغا چىققىنىغا قارىغاندا، بۇ يەردىكى تۇرالغۇسىنى، نەرسە ـ كېرەكلىرىنىمۇ بىر تەرەپ قىلمىدى، دېگەن سۆز. بۇ ئۇلارنىڭ قايتسا يەنە مۇشۇ ھويلىدا تۇرىدىغانلىقىغا گۇۋاھ...

— ئۇنداقتا بىزمۇ ساقلايلى، — دېدى مۇھەممەت ئاقچى ۋە «قانداق؟» دېگەندەك قىلىپ چولپانخانغا قارىدى.

مەن دەل ئاشۇ نازۇك يوچۇقتا ئېتىلدىم.

— سىلەر سېرىقبۇيىغا بېرىپ كېلىشسىلە، چولپانخانمۇ يۇرتىنى، ئۆيىنى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى پاتراق كۆرۈپ كۆڭلى ئارام ئالسۇن!

سۆزۈم دەل جايىغا تەگكەنىدى. چولپانخان ئۆزىنى تۇتالماي ئۆكسۈپ يىغلاشقا چۈشتى. ئەمما، ئاغزىدا دىلىغا قارشى ھالدا:

— كېيىنرەك بارارمىز، — دەپ ئېسەدىدى.

— ئۈچىمىز ساقلاپ بىر ـ ئىككى ئاينى ئۆتكۈزدۇق نېمە، مەن يالغۇز ساقلىسام، ئىككىڭلارنىڭمۇ ئىشى پۈتسە نېمە؟ — دېدىم چولپان-

خانغا مەدەت بېرىپ.

مۇھەممەت ئاقچىمۇ بىردەم ئۇنى-بۇنى دەپ بېقىپ ماقۇل بولدى، ئۇنىڭ ماڭا كۆڭۈل قويۇپ تارتىشۋاتقىنى ئېنىق ئىدى. چولپانخانمۇ كۆڭلۈمنى ئاياپتۇ، خالاس. ئاخىر ئۇلار سىرتقىبويىغا ماڭىدىغان، مەن قەشقەردە قالىدىغان قارارغا كەلدۇق. مېنى نەدىن تېپىش توغرىسىدىكى سوئالغا ئىككىلەنمەيلا:

— قەشقەرنىڭ ئەتراپىدا مازار-گۈمبەزلەر كۆپقۇ! — دەپ جاۋاب بەردىم.

مۇھەممەت ئاقچى سارايۋەنگە ئۈچ ئايلىق پۇلنى ئالدىن تاپشۇرىدىغانلىقىنى، يېمەك-ئىچمىكىم ئۈچۈن پۇل قويۇپ كېتىدىغانلىقىنى، قايتىدىن تىلەمچى-دەرۋىشلەر توپىغا يېقىن يولىماسلىقىمنى تەكىتلەيتتى. بىراق، مەن شۇنى چۈشىنەتتىمكى، بىزنىڭ بۇ ئايرىلىشىمىز بىر-ئىككى ئايلىقلا بولمايتتى. ئۇ ئىككىيلەن سىرتقىبويىدا قانچىلىق تۇردۇ، بۇنىسى مەلۇم بولمىسىمۇ، ئۆيلۈكلا بولغىنىكەن، داۋاملىق سەرسانچىلىق بىلەن يۈرەلمەسلىكى ئېنىق ئىدى. مەن ئۆزۈمنى دەپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا بىر ئۆلۈش غەم ئاۋۇتۇپ نېمە قىلاي؟ ئۇلار ۋەدىمىزنى ئورۇندايمىز دەپ، توپا-چاڭ كېزىپ يەنە شاپاشلاپ يۈرسۇنمۇ؟ بۇنداق سەپەرلەر ئۈچۈن «تاشلايمەن» دەپ قەسەم قىلغان ھۈنىرىنى يەنە ئىشقا سالسا، بۇنىڭ سەۋەبچىسى مەن بولامدىمەن؟

بۇ سوئاللارغا ئەلۋەتتە «ياق» ياكى «مۇمكىن ئەمەس» دەپ جاۋاب بېرىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭۈلدىكى شۈبھە، پەرەز، قىياسلارنى تاشلىۋېتىپ، ئۇلارنى قايىل قىلىدىغان باھانە كۆرسىتىش كېرەك ئىدى.

— تىلەمچىلىك بىلەن ئون يىل جان باققىنىمغا قارىماي، بۇ كەسىپكە شۇنچە ئۆچ مەن، — دېدىم ئاخىر، — نېمىشقا شۇنداق قىلغانلىقىمنى بىلىشلا، تەكرارلىماي، ئەمدى بۇ ئىشنى قىلمايمەن، مېنىڭ باشقىچە بىر پىلانىممۇ بار، — دېدىم شۇ تاپتا ئېسىمگە كەلگىنى بويىچە قارىسىغا سۆزلەپ، — مېنىڭ قاقۇللا دېگەن يۇرتتا يەنە بىر ھىمايىچىم بار



ئەمەسمىدى؟ شۇلارغا ياردەملىشىپ قوي باقىمەن. ئارىلاپ-ئارىلاپ شەھەرگە كىرىپ، ياغ بازىرىنىمۇ يوقلاپ تۇرىمەن. قاقۇللىغا چىقىپ كېتەلمەي قالسام مازارلاردا تۈنەپ قالارمەن، دېگەن گەپ ئىدى. سارايدا ئايلاپ-ئايلاپ بىكار يەپ يېتىش بىخەتەرلىككىمۇ خەۋپ يەتكۈزەر...

بۇ تاقىقا-تۇقىقا باھانەم مۇھەممەت ئاقچىنى قايىل قىلالىدىمۇ-يوق، بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ بولسىمۇ، ئۇ «بولمايدۇ» دەيدىغانغا ئاساس تاپالمىدى. سۆزۈمدىن شەكلەنسىمۇ، شەكنى ئاچىدىغان ئاچقۇچى يوق ئىدى.

— قىش كېلىۋاتىدۇ. پادىچىنىڭ گەمىسى ھەممىدىن ياخشى ئىللىق جاي، — دەپ قوشۇپ قويدۇم يەنە.

— مەيلى ئەمىسە، — بىر ھازادىن كېيىن بۇرۇتىنى يالماشتىن توختاپ بېشىنى كۆتۈردى مۇھەممەت ئارقچى، — شۇ يولنى تاللىغان بولسىلا، بىز نېمە دەپ توسالغۇ بولايلى؟ لېكىن، قاقۇللىدىكى شۇ چوپاننىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بەرسىلە، سىلىنى گۆرىستانلىقلاردىن تاپالماي قالساق، قاقۇللىغا چىقارمىز...

ئۇنىڭ «ئىزدەش» دېگەن سۆزى بىر ئېھتىماللىق بولسىمۇ، مەن سەل قارىمىدىم. شۇ تاپتا توساتتىن «دېمىسىمۇ شۇ يەرنىڭ، شۇ چوپان بوۋاينىڭ تۇرغىلى قويمايدىغان نېمە سەۋەبى بار؟» دەپ ئويلاپ قىلىۋاتاتتىم ۋە باشقا ئىلاج تاپالمىسام راستىنلا شۇ قاقۇللىغا چىقىپ، بوۋاينى، ئۇ بولمىسا نەۋرىسىنى تېپىپ تۇرۇشقا بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ قېلىۋاتاتتىم. مۇبادا گېلىمنى ۋە ئېگىنىمنى كۆتۈرە قىلمىساملا، ئۇلار ئۆز گەمىسىدىن مېنى قوغلىمايدىغاندەكمۇ تۇيۇلۇۋاتاتتى.

— سەمەر ھاجىنىڭ قويىنى باقىدىغان چوپان، — دېدىم مۇجمەل قىلىپ. ئۆزۈمنىڭمۇ بىلىشى شۇنچىلىك ئىدى.

مۇھەممەت ئاقچى «سەمەر ھاجى» دەپ ئىككى-ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى ۋە ئېسىگە ئېلىۋالغاندەك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

ئۇخلاشقا ياتتۇق. ئۇيقۇم كەلمەيتتى. پەمىمچە، مۇھەممەت ئاقچىمۇ ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالماي قىينالدى. چولپان-

خان ئىچكىرىكى ئۆيدە بولسىمۇ، پات-پات ئېغىر تىنىقى ئاڭلىنىپ قالاتتى، دېمەك ئۇمۇ ئۇخلىيالمىغانىدى. ئېنىق ۋاقتى دېيىلمىگىنى بىلەن، مۇقەررەرلىشىپ قالغان جۇدالىق ھەممىمىزنىڭ يۈرىكىنى سىقاتتى.

ئەتىسى ئەتىگەنلىك چايدا بۈگۈنلا ئايرىلىپ كېتىشىمىز كېرەك دەپ گەپ تەشتىم. ھامىنى ئايرىلىدىغان ئىش بولغاندىكىن، كەينىگە سۆرەشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. ئايرىلىشقا بۇنچىۋالا ئالدىراپ كېتىشتە ئۆز بىساتىمدىن ھېچقانداق سەۋەب كۆرسىتەلمىسەممۇ، نېمىشقىدۇر ئۇ ئىككىيلەننى تېزرەك بىرگە بولۇشقا، مېنى دەپ ۋاقىتلىرىنى، مۇھىمى، ھېسلىرىنى زايا قىلماسلىققا ئۈندىگۈم كېلەتتى. كۆڭلۈم غەش بولغاچقا، ئۆزۈمنىڭمۇ يالغۇز قالغۇم، ئۇ ئىككىيلەننى پايدىسىز كەچۈرمىشلىرىمگە شېرىك قىلىۋەرمىگۈم كېلەتتى.

مىجەزىمنىڭ قوداڭشىپ قېلىشىنى بۇۋىسارىگە باغلاپ چۈشىنىپ ئادەتلەنگەن مۇھەممەت ئاقچى ماقۇل بولدى. بىز يەنە بىر قېتىم «كوناخامان» لارنى سورۇپ، بىر-بىرىمىزگە ھەسرەت-نادامەتلىرىمىزنى بايان قىلىشىپ چىقتۇق. مۇھەممەت ئاقچى يىغلاپ تۇرۇپ، ئەمدى ھۈنىرىنى تاشلايدىغانلىقىنى، مەن يىغلاپ تۇرۇپ، دەرۋىش-قەلەندەرچىلىك يولىغا ماڭمايدىغانلىقىمنى، چولپانخانمۇ ئېسەدەپ، بوزلاپ تۇرۇپ، ئۆمۈرۋايەت مۇھەممەت ئاقچىنىڭ پېشىدە ناماز ئوقۇپ، تاھارىتىگە سۇ بېرىپ ئۆتىدىغان تەقۋادار مۇسۇلمان ئايال بولىدىغانلىقىنى... دېيىشتۇق. شۇنداق قىلالامدۇق-يوق؟ ھايات بىزنى نېمە كويلارغا سالىدۇ، يەنە قايسى يوللارغا باشلايدۇ، ھايات شامالىلىرى ئۇچۇرامدۇ، توزىتامدۇ ياكى سىيپاپ ئۆتەمدۇ؟... بۇلار توغرىسىدا شۇ پەيتتە ئويلانمىدۇق.

چۈشتىن قايرىلغاندا بىز شۇ ئۆيدىن چىقمايلا چۈشلۈك تاماققا ئاشمانتا يېدۇق. مۇھەممەت ئاقچى ماڭا يىگىرمە بەش سەر كۈمۈش تەڭلەپ تۇرۇۋالدى.



— تۆت ئادەم، شاجۇمەدىن كېيىن ئۈچەيلەن بىكار يېتىپ يەۋەردۇق. — سىلىدە شۇنچە كۆپ پۇل قالغانمىدى؟ — سورىدىم مەن رەت قىلىش ئىپادىسى بىلەن.

— دەل شۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاز بولۇپ قالدى، — دېدى ئۇ خىجىل بولغاندەك كۆزىنى قاچۇرۇپ، — چولپانخاننىڭ يۇرتىغا كېتىۋاتقانلىقىمىزدىن سوۋغا-سالام، توي-مەرىكە دېگەنلەرنى ئويلاپ قالدۇق. ئۇنداق بولمىسا...

— كېيىن قەشقەرگە نېمە بىلەن كېلىشلا؟

بۇ ۋەجىممۇ ئاقمىدى:

— خاتىرجەم بولسىلا، يېتىدۇ، — دېدى ئۇ قەتئىي تەلەپپۇزدا، — مەن ھەممىنى ھېسابقا ئالدىم، — ئۇ شۈبھىلىك قارىشىمغا دادىللىق بىلەن ئىزاھات بەردى، — گېپىم گەپ، مەن ئەمدى ئۇ يولدا ماڭمايمەن.

— شۇنداقتىمۇ بۇ پۇل جىق، ساقلايدىغان يېرىممۇ يوق...

— بىر خىلۋەت جايغا كۆمۈپ قويسىلا، — دېدى ئۇ يەنە خاتىرجەملىك بىلەن ۋە شۇنداق دەپ قوشۇپ قويدى، — ئالىمادىس بىز ھايالشىپ قالساق، سىلى خېنىملىرى بىلەن كۆرۈشۈپ قالارمەن بولسىلا، دەمالىلىققا ئەسقاتىدۇ. بولسىغۇ يەنە جىقراق بولسا زىيىنى تەگمەيتتى...

داۋاملىق تارتىشىشتىن نەتىجە چىقماسلىققا كۆزۈم يېتىپ، بولدى قىلدىم ۋە رەھمەت ئېيتتىم.

مۇھەممەت ئاقچى ھارۋا ئۇقۇشقىلى چىقىپ كەتتى. شۇ يەردە چولپانخان ئايىغىمغا ئۆزىنى ئېتىپ يىغلىۋەتتى.

— ماڭا يەنە بىر قېتىم ھايات يول بەرلە خوجام، — دەيتتى ئۇ بوغۇلۇپ، — مېنى گۆردىن قۇتقۇزلا، خورلىنىشتىن ساقلاپ قاللا، ماڭا يەيدىغان، كىيىدىغان ھالال خوتۇن بولىدىغان يول بەرلە، ئەمدى مۇشۇنداق ئايرىلساق، مېنىڭ يۈرىكىم قانداق چىدايدۇ؟

ئۇنى چۈشەندىم. ئۇ توغرا، لىللا گەپ قىلغانىدى، بىزنىڭ قايتا ئۇچرىشىشىمىزغا ئىشەنمىگىنىنى ئوچۇق ئېيتقان بىردىنبىر ھەمراھ ئىدى.

مەن ئۇنى پەقەت بەزلىدىم.

— يىغلىمىسىلا چولپانخان، سىلىگە سىلە دېگەننى بەرگەن مەن ئەمەس، ھەممىگە قادىر ئاللاھ، ئايرىلىشقا كەلسەك، ئىلاج نېمە؟ بىز يەنە ئۇچرىشىمىز ئەمەسمۇ؟

— سىلى بىلەن خېنىم قوشۇلسا، خىزمىتىڭلارنى قىلارمەن دەپتىم...

— دېگەنلىرى كەلگەي ئىلاھىم، — دېدىم كۆزۈمگە ياش ئېلىپ، — خىزمەت گېپىنى قىلمايلا قويسىلا، مەن بولسا سىرىقبۇيىغا بىللە بېرىپ مۇھەممەت ئاقچىكام بىلەن ئىككىڭلارنىڭ خىزمىتىنى قىلسام بولاتتى... تەقدىر شۇنداق ئىكەن، قىسمىتىمىز مۇشۇنداق پۈتۈلۈپتىكەن...

ئۇنىڭ پېشانىسىدىكى تاتۇققا كۆزۈم چۈشتى. ئۇ مېنى دەپ گۇسوزىدىن تاياق يېگەندە قالغان تاتۇق ئىدى. مەن ئۇنىڭ بۇ ياخشىلىقىنى، شۇ چاغدىكى ھىممىتىنى يادىغا سېلىپ، مېنىڭمۇ بىر تالاي مىننەتدارلىقىم بارلىقىنى ئېيتاي دېدىمۇ، تىلىمنى يىغدىم. گۇسوزىنى ئەسلىتىش ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئازابلىق، قارا باسقاندەك ھېسسىي يۈك ئارتىپ قويغانلىق بولاتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا باشقىچە سۆزلەر بىلەن ئۇنى بەزلەپ، ئاۋۇندۇرۇپ قويدۇم.

مۇھەممەت ئاقچى ئەسىر مەھەلدە كەلدى. ھارۋا ئەتە ئەتىگەندە يولغا چىقىدىغان بولۇپ تەييار ھالەتتە سارايغا كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى.

مەن ئۇلارغا ئاق يول تىلەيدىغانلىقىمنى ئېيتىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم.

— ئۆزىتىپ قويمايدىكەنلا - دە! — دېدى مەيۇسانە نەزەر بىلەن كۆزىگە ياش ئېلىپ مۇھەممەت ئاقچى.

— يۈرىكىم چىدىمايدىغان ئوخشايدۇ، — دېدىم راستىنى ئېيتىپ، — سىلەرنىڭ كېتىۋاتقانلىقىڭلارنى كۆرۈش تۇگۇل ئويلاشمۇ بىر ئازاب بولىدىغان ئوخشايدۇ. ھېلىتىن



كۆڭلۈم يىغلاۋاتىدۇ...

ئۇچىمىز قايتىدىن ياش تۆكۈشتۇق. مۇھەممەت ئاقچى:

— سىلىنى يالغۇز قالدۇرغۇم پەقەت يوق ئىدى، — دېدى.

— شاجۇمەكام بار يېنىمدا، — دېدىم. بۇنى ئۇلارنى ئاۋۇندۇرۇش ئۈچۈن دېگەنىدىم. ئەمما، مۇھەممەت ئاقچى ئەمدى يادىغا كەلگەندەك:

— تاس قاپتۇق ئۇنتۇغىلى، روھىناتىغا خوش دەپ قويۇپ كېلەيلى! — دېدى.

ئۇنىڭ تەكلىپى چولپانخانغىمۇ ياقتى. لېكىن، ئۇ:

— تۇپرىقىنى قاتۇرۇپ قويىدىغان ئىش ئىكەنتۇق، تاپالارمىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بىر ئىلاج قىلارمىز، — دېدىم بەلگە قىلىپ قويغىنىم يادىمغا كېلىپ:

ئۇچىمىز ماس كەلمىگەن قەدەم بىلەن ئالدىن - كېيىن مېڭىپ يۇسۇپ قادىرخان مازىرىغا كەلدۇق. كۈن ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقاچقا چوڭ گۇمبەزنىڭ ئۈستىدىكى مۇنارنىڭ ئۇچىدا تۇرغان ئەگىم ئاي بەلگىسىگە شەپەق قونغانىدى. بىز كەلگەن تەرەپتىن — شىمالدىن خېلىلا سوغۇق، دولا قورۇغۇدەك شامال ئەسمەكتە ئىدى. مازارلىقنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىدە سۇ كۆرمىگەنلىكتىن ھېلىتىنلا قۇرۇپ كەتكەن يۇلغۇن، چىغ دېگەندەك ئۆسۈملۈكلەر يېنىك لىڭشىيتتى. يادىمغا ئون بىر يىلدىن ئىلگىرىكى ماجىرايىم چۈشتى. ئۇ چاغدىكى گۇمبەز ۋە قەبرىلەر ئۆزگەرمىگەن بولسىمۇ، گۇمبەز ئەتراپىدىكى كەمبەغەللەرنىڭ، دەرۋىشلەرنىڭ كەپە - گەمىلىرى كۆرۈنمەيتتى. شۇڭا بۇ ئەتراپ تېخىمۇ چۆلدەرەپ كەتكەنىدى. بۇنى يەرلىك مەمۇرىيلار ۋە قازىخانا دورغىلىرىنىڭ ھەرقانداق بىر كىچىك تىپتىكى «ناشايان» ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش توغرىسىدىكى تەدبىرلىرىدىن كۆرۈۋشكە بولاتتى. شۇنداقتىمۇ يۇسۇپ قادىرخان مەقبەرىسى جايلاشقان خانىقادا ئادەم ياشايدىغانلىقىنى ئاڭقىرىغىلى بولاتتى. شۇ تاپتا، ئاشۇ تەرەپتىن سۇس ئىس چىقماقتا ئىدى. شەيخسىز قالغان بۇ مازار بەرىبىر يېتىم ئەمەس ئىدى.

ئەمما، شاجۇمە كۆمۈلگەن جاي غېرىبسىنىپ تۇراتتى. هۆل توپا ئاللىقاچان قۇرۇپ كەتكەن ۋە ئۇ باشقا شورتاڭ يەرلەردىن پەرقسىز ئاقىرىپ ياتاتتى. بەختكە يارىشا، بۇ ئەتراپقا ئادەم كەلمىگەن بولسا كېرەك، مەن قويغان خىش شۇ پېتى تۇراتتى. يامغۇر ياغمىغاچ ۋە قاتتىقراق شامال چىقمىغاچ، تارتىپ قويغان ئۈچ «ئىلىق» مۇ ئۆچۈپ كەتمىگەنىدى.

مېنىڭ خىش ۋە «ئىلىق» لارغا قاراپ قالغىنىمنى سەزگەن مۇھەممەت ئاقچى بىلەن چولپانخان بۇنىڭ بەلگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. مەن يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشۇمغىلا، ئۇلارمۇ هايالشماي يۈكۈندى.

كۆزۈمنى يۇمدۇم. كۆز ئالدىمغا شاجۇمەنىڭ مەن ئوردىدىن پادىشاھىمدا كۆرگەن تۇنجى سىماسىدىن باشلاپ، جان ئۈزگىچە بولغان جەريانىدىكى جىمىكى قىياپىتى بىر - بىرلەپ كېلىشكە باشلىدى. قۇلىقىم تۈۋىدە ئۇنىڭ بارلىق سۆھبەتلىرى بىر - بىرلەپ ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

«ئاتا، ئېي دانىشمەن ئاتا! — دەپ خىتاب قىلىشقا باشلىدىم ئىچىمدە، — سەن ‹ سىلى بۇۋىسارە خېنىمنى ياخشى كۆرىلا، بۇۋىسارە خېنىم بۇ ئالەمدە تىرىكلا بولىدىكەن، سىلى ئۆزلۈكلىرىدىن ئۆلەلمەيلا. ئۇ سىلىنى ياشاشقا ئىنتىلدۈرۈپ تۇرىدىغان، ۋىسالىغا چاقىرىشنى توختاتمايدىغان غايەت زور كۈچ... › دېگەنىدىڭ. ئەمدى مەن مېنى چاقىرىپ قويۇپلا غايىب بولۇپ كېتىدىغان ئاشۇ ئەرۋاھتەك كۈچنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قانداق قۇتۇلىمەن؟...»

«ئويلا ئوغلۇم، چوڭقۇرراق ئويلا...» دەپ جاۋاب بەرگەندەك بولىدۇ تۈپتۈز يەرگىلا ئوخشايدىغان غېرىب قەبرە.

ناهايىتى ئۇزاق ئويلىدىم. شاجۇمەگىمۇ بىر چاغلاردا ئۆز - ئۆزىنى تىرىك دەپنە قىلىشقا باراۋەر تۇرىدىغان دەرۋىشلىكتىن بىزار ئىكەنلىكىمنى ئېيتقانىدىم. بۈگۈن مۇھەممەت ئاقچى بىلەن چولپانخانغىمۇ دەرۋىشلىك يولىدا قايتا ماڭمايدىغانلىقىمنى قەتئىي بىلدۈرگەنىدىم. بۇ گەپنى دېمەك ئوڭاي، بۇۋىسارىنى قايسى يول بىلەن تاپاي؟ تىلەمچىلىك قىلىپ كوچىغا قوغلىشىپ بارايمۇ ياكى قەشقەرنىڭ ئەتراپىنى چۆگىلەپ يۈرۈپ ساقلاپ



ياتايمۇ؟ قايسىبىر يولنى تۇتماي، بەربىر، مەن بۇۋىسارە ئۈچۈن داۋاملىق بەدەل بېرىشىم كېرەك. بۇ بەدەل يەنىلا دەرۋىشلىكمۇ؟

«ئويلا، يەنىمۇ ئويلا...» دېگەندەك بولىدۇ قەبرە.

ئەمدى يەنە قانداق ئويلاي؟ ئون يىل سەرسان بولۇشۇم هايات قېلىشىم ئۈچۈنلا ئىكەنلىكىنى، بۇنى بۇۋىسارىگە چۈشىنىشقا هەرقانچە ئۇرۇنغىنىم بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇنى ئىزدەش، ئۇنىڭغا ئېرىشىش يولىدا ئەمەلىي، قەتئىي، ئۈزۈل - كېسىل هەرىكەتكە ئۆتۈشۈم كېيىنكى ئىش ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭغا تېخى بىر يىلمۇ بولمىغانلىقىنى، بۇنچىلىك قىسقا ۋاقىتتا ئالغان ئۈنۈمنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ دېرىكىنى ئېلىپلا قالماي، ئۆزىنى كۆرۈش پۇرسىتىگىمۇ ئېرىشكىنىمنى، ئەگەر ئۇ قولدىن چىقىپ كېتىپ قالغان بولسا، بۇنىڭ سەۋەنلىكى ئۇنىڭدا ئەمەسلىكىنى... ئويلاپ تاپتىم. ئويلاپ تاپقاندىمۇ ناهايىتى زور كۈچ سەرپ قىلىپ، بەكمۇ ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدە ئويلاپ تاپتىم.

«توغرا، — دەپ تەستىقلاپ كۈلگەندەك بولدى قەبرە ئىچىدىكى شاجۇمە ۋە، — يەنىمۇ چوڭقۇرراق ئويلان...» دەپ ئۈندىدى ئۇ.

مەن يەنە ئويلاشقا تۇتۇندۇم. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتى، يادىمدا يوق. جاۋابقا ئېرىشكىنىمدە بولسا، بىردىنلا يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدۇم. ئىچىمدە ئاجايىپ بىر ئوت كۆيۈۋاتقاندەك بولاتتى. بۇ ئوت مېنى كۆزۈمنى يۇمۇپ ئولتۇرىۋېرىشكە قويمىدى. مەن ئىرغىپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ قولۇمنى دۇئاغا ئاچتىم:

«رەھمەت ئاتا، — دېدىم ئىچىمدە، — مەن ئۇنى تاپاي، نەدىن بولسىمۇ تاپاي... هايات شاماللىرى نەگىلا ئاپىرىپ تاشلىسۇن، مەن ئۇنى تاپماي قويمايمەن!»

ئىككىنچى كىتابنىڭ ئاخىرى

1971 — 1972 - يىللار، قەشقەر.